هاجى مىرزاھىد كېرىمى

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ

1



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

. هاجى مىرزاھىد كېرىمى .

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## 1

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

玉苏甫·哈斯哈吉甫. 上 : 维吾尔文 / 米尔扎依提·克里木著. 一 乌鲁木齐 : 新疆人民出版社, 2014.12
ISBN 978-7-228-17304-4

Ⅰ. ①玉… Ⅱ. ①米… Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第305816号

责任编辑 巴力江·孜帕尔
责任校对 热娜古丽·阿布里米提
封面绘画 克里木·纳斯尔丁
封面设计 艾克拜尔·沙力
出版发行 新疆人民出版总社
新疆人民出版社
电　　话 0991-2827472
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
印　　刷 北京顺诚彩色印刷有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 32开本
印　　张 24.75
版　　次 2015年6月第1版
印　　次 2015年6月第1次印刷
印　　数 1 — 5000
定　　价 67.00 元



. هاجی مرزاهد کبرىمي .

# كىرىش سۆز

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر !

ھاۋا گۇلدۇرلىمىسە چېقىن چېقىلمايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق ۋەقە، ھادىسە سەۋەبسىز بولمايدۇ. دوست ـ يار، بۇرادەرلىرىمنىڭ دەۋىتى، قوللىشى بولمىغان بولسا قەتئىي ئىرادە، كۈچلۈك ئىشەنچ بىلەن «يۇسۇپ خاس ھاجىپ» رومانىنى يېزىشقا كىرىشمىگەن بولاتتىم.

ھەممىمىزگە مەلۇم، تارىخىي تېمىدا رومان يېزىش بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى خىزمەتلەرنىڭ بىرىدۇر. مەن مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ بۈيۈك سىمالارنىڭ بىرسى بولغان ئالىم، شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپقا بولغان كۈچلۈك ئىخلاس ـ ئەقىدەم بىلەن بۇ رومانىنى روياپقا چىقاردىم. ئەلۋەتتە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ «بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي مەنبەسى بارمۇ؟ قانداق يازمىلاردىن پايدىلاندىڭىز؟ بۇ روماندىكى ۋەقەلەر، تەسۋىرلەنگەن ئادەملەر تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇنمۇ؟ يېزىشىڭىزدىكى مەقسەت ـ مۇددىئا نېمە؟» دېگەن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇقەررەر. بۇ قېتىم «يۇسۇپ خاس ھاجىپ» رومانىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قىسمىدىن ئىبارەت تولۇق نۇسخىسى نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، ئۇلاردا قانائەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بۇ كىرىش سۆزنى يېزىشنى زۆرۈر تاپتىم.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيەت تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئۇلۇغ

ئالىم، ئىستىبداتلىق شائىر، ۋەتەنپەرۋەر دۆلەت ئەربابى، ئەينى دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئىسلاھاتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ياد ئېتىلىپ، ھۆرمەتلىنىپ كەلمەكتە. كەلگۈسىدىمۇ ئەۋلادلارنىڭ پەخىرلىنىدىغان مەنىۋى ئۇستازى بولۇپ قالغۇسى.

مەن ئۆزىنىڭ ھايات پائالىيىتىدىن خاتىرە قالدۇرمىغان بۇ كەمتەر، ئالىيجاناب ئالىمنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بىلىش، چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» نى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلدىم. بۇ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمىغا بولغان ھۆرمەت ـ مۇھەببىتىم قەلبىمدە تاشقىن ياسىدى. ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان قاراخانىيلار تارىخىغا ئائىت بولغان: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «سەلجۇقىيلار تەزكىرىسى»، «غەزنەۋىلەر تەزكىرىسى»، «تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمە قوللانمىسى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» قاتارلىق كىتاب، تەزكىرە، رىۋايەتلەرنى توپلاپ، كۈندۈزنى كېچىگە، كېچىنى ـ كۈندۈزگە ئۇلاپ، مۇلاھىزە قىلىپ، پىكىرلەر قاينىمىغا، خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇپ ئۈزدۈم ... شۇ ئۆزگەنچە يىراق ئۆتمۈشتىكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تۇمانلىق قىرغىقىغا بېرىپ توختىدىم. بۇ خاندانلىقنىڭ نەسەبنامىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپ كۆز يۇمغۇچە ئون پادىشاھنى (بۇغرا قاراخاننى) باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلدىم.

نەتىجىدە ئۆمۈربويى خەلق غېمىنى يەپ، ئەل ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ئۆز مەملىكىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ ئۆتكەن بۇ دانا ئۇستازنى بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەندىم. ئۇنىڭ ھارماي ـ تالماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، ئىجاد قىلىش روھىنى، مۇستەبىت

تۇزۇم، قالاق خۇراپىي ئادەت ـ يوسۇن، بولمىغۇر زىيانلىق قىلىقلارنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى پىداكارلىقىنى، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق قىيىن شارائىتتا ئۈمىدسىزلەنمەي، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئايانماي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى ۋە ئۇن بۇغراخان زامانىسىدىكى ئوينىغان رولىنى ئەۋلادلارغا ھېكايە قىلىپ بېرىش ئىستىكى كۆڭلۈمنى ئىگىلەپ، ئىچىمگە بىر ئوت چۈشتى ... شۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» ناملىق بۇ تارىخىي رومانىنىڭ ۋەقە قۇرۇلمىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەينى زامانىدىكى جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەقىقىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ئوتلۇق ئىشتىياق، يۈكسەك ھۆرمىتىم بىلەن بۇ قۇتلۇق ئىشقا تۇتۇنغىنىمدىن روھلاندىمكى، ھېرىش ـ چارچاش ھېس قىلمىدىم.

ھەيھات! يۇلتۇزلۇق كۆڭۈل ئاسمىنىمدا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى. پالىلداپ چېقىن چېقىلىپ لەرزىگە كەلگەن ۋۇجۇد قەلئەيمنى يورۇتتى، تاراسلاپ ياغقان يامغۇر قەلب دېرىزەمنى يۇدى. مەشۇتتەك ئاق بەتلەرگە يۈرەك قېنىم سىرغىپ، بۇ تارىخىي رومان يېزىلىپ تاماملاندى ۋە ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بۇ ئەسەردە قاراخانىيلارنىڭ نەسەبنامىسى بىلەن بىللە مۇتەپەككۇر، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر دانىشمەن بولۇپ يېتىشىپ چىقىش جەريانى ھەممە قارا نىيەت، ئاسىي، سۇيىقەستچى جاھالەت تەرەپدارلىرىنىڭ ھەققانىيەت، ئادالەت، مەرىپەت كۈچلىرى تەرىپىدىن يەر بىلەن يەكسان قىلىنغانلىقى ۋە ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئەۋلادلارغا قىلىنغان بۇ سوۋغىتىم بىلەن 21 ـ ئەسىرگە

قەدىم قويغانلىقىمدىن ئىپتىخارلانغان چېغىمدا، ھەر جەھەتتىن ماڭا ياردەم قىلغان، مەدەت بەرگەن، ساۋاقداش، سەپداش، دوستلىرىمغا، ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلىرىمغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئاي يۈزىدە داغ بار. كۈنمۇ بەزىدە تۇتۇلۇق، بەزىدە ئۇچۇق بولىدۇ. ئىنسانمۇ ئۆز نۇقسانى، ئىللىتى بىلەن ئىنساندۇر. ئەلۋەتتە، پېقىرنىڭ بۇ ئەسىرىمۇ نۇقساندىن خالىي بولماسلىقى مۇمكىن. بولۇپمۇ بىر قىسىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر ھەققىدىكى بىلىنىملەرنى تامامەن توغرا ۋە مۇتلەق دەپ ئېيتالمايمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك، سەممىمىي پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، قولۇم كۆكسۈمدە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

مۇئەللىپ

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب  جەڭگاھتىن كەلگەن خەۋەر ........ 1

ئىككىنچى باب  سەھەر جىمجىتلىقىنى بۇزغان سىھىرلىك ئۈن ........ 24

ئۈچىنچى باب  ئاتا ئۈمىدى ........ 64

تۆتىنچى باب  ئۈشتۈمتۇت كەلگەن ئەجەل ........ 89

بەشىنچى باب  مەنسۇرخان تەختكە چىققاندا ........ 118

ئالتىنچى باب  رەقىبىگە غالىب كەلگەن ئەزىمەت ........ 143

يەتتىنچى باب  قارا سىكىلەكلىك بالا ........ 164

سەككىزىنچى باب  ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇش ........ 194

توققۇزىنچى باب  مۈشۈك بەزدىن يەنە قۇرۇق قالدى ........ 220

ئونىنچى باب  نورۇزدا بولغان قوش توي ........ 246

ئون بىرىنچى باب  بۇغرا قاراخانىنىڭ سوۋغىسى ........ 261

ئون ئىككىنچى باب  بەختى كەلگەن نازىنىن ........ 301

ئون ئۈچىنچى باب  بۆرە تېگىن ........ 333

ئون تۆتىنچى باب  ئاسىيلىق ........ 352

ئون بەشىنچى باب  مەلىكۇل مەشرىق ھۇزۇرىدا ........ 401

ئون ئالتىنچى باب  ئوردۇكەنت ........ 424

ئون يەتتىنچى باب  قان تامچىلىغان يۈرەك ........ 462

ئون سەككىزىنچى باب  باغدىكى قوش قەبرە ........ 491

ئون توققۇزىنچى باب  ئەلنى يىغلاتقان مۇسىبەت ........ 518

يىگىرمىنچى باب  چىن مۇھەببەت ........ 555

يىگىرمە بىرىنچى باب  كەچ كۈز ئاخشىمىدا ئوقۇلغان نىكاھ ........ 583

يىگىرمە ئىككىنچى باب بۇغرا قاراخان نامىدىن يېزىلغان
مەكتۇپ ........................................ 614
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئەل غېمىدە ئۆتكەن ئۆمۈر ......... 647
يىگىرمە تۆتىنچى باب ھەي، ئادەملەرنىڭ نىيىتى ........... 666
يىگىرمە بەشىنچى باب نادامەتلىك پۇشايمان ............... 689
يىگىرمە ئالتىنچى باب ئابىنچۇ خاتۇنىنىڭ قەستى ......... 716
يىگىرمە يەتتىنچى باب قانغا بويالغان دەشت ............... 749

## بىرىنچى باب

# جەڭگاھتىن كەلگەن خەۋەر

### 1

بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيگەن يىگىت مىنىۋالغان قاراگىر ئېگىز تاغ باغرىدىكى چىغىر يولدا ئۇچقاندەك چېپىپ باراتتى. تاشقا تەگكەن ئات تۇيىقىدىن ئۇچقۇن چاچرايتتى. يولنىڭ ئوڭ تەرىپى قىيپاش كەتكەن سايلىق بولۇپ، ياپپېشىل قارىغاي، ئارچا دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغانىدى. بىر تارام سۇ ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇراتتى. سول تەرەپ بولسا تۈزلەڭ — كۆز يەتكۈزسىز يايلاق ئىدى. توڭ ئېرىپ، تۇپراق ئىللىپ، ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن يۇمران گۈل - گىياھلارنى كۆكلەم سەلكىنى يەلپۈندۈرەتتى. قوي، كالا پادىلىرى، توپ - توپ يىلقىلار ئوتلاۋاتاتتى.

ھەر تامانغا كۆز سېلىپ كېتىۋاتقان يىگىتنىڭ دىمىقىغا تۇپراقنىڭ خۇش ھىدى ئۇرۇلاتتى. ئۇ تىزگىنىنى بوش قويۇۋەتتى، قاراگىر يورغىغا چۈشتى. تاغ قاپتىلىدىكى دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا، يايلاقتىن كەلگەن بىر توپ كېيىك شوخلۇق بىلەن سەكرەشكىنىچە چىغىر يولنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاتنى ئۈركۈتۈۋەتتى. قاراگىر قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ، ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈردى - دە، كىشنەپ چاپچىدى. يىگىتنىڭ تېقىمى ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ، يانپىشىغا ئېسىلغان قىلىچ پۇلاڭشىپ كەتتى. يەلكىسىگە ئېسىقلىق تېرە ئوقدانىدىكى قىزىل پۆپۈكلۈك ئوقلار بىر - بىرىگە سوقۇلدى: «بولدى بايقۇش،

يولغۋاس تويىغا ئۆچراپ قالغاندەك نېمانچە قىلىسەن؟ بۇ جانىۋارلار سەن بىلەن ماڭا زىيان يەتكۈزمەيدۇ» دېدى يىگىت تىزگىننى تارتىپ. قاراگىر ئۇياق ـ بۇياققا بويۇنداپ قاراپ تىنچلانغاندا، كېيىكلەر پىتىراپ قېچىپ قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. يىگىت يەلكىسىدىن يانى، ئوقداندىن ئوقنى ئېلىپ قارىغا ئېلىپ ئاتتى. كۆز يېتىم يەردىكى چىنار دەرىخى تۈۋىدە بىر كېيىك يىقىلدى. يىگىت غازاڭ، قۇرۇق شاخلار ئۈست ـ ئۈستىگە بېسىلىپ كەتكەن يەرگە سەكرەپ چۈشتى. تىزگىننى ئېگەرنىڭ قوش بېشىغا ئېلىپ قويۇپ، ئاتنى مەيلىگە قويۇۋەتتى. ئاندىن بېرىپ تېپىرلاپ ياتقان كېيىكنى بوغۇزلىدى، ئىسسىق قان چىنار تۈۋىگە يېيىلدى.

«شۈكۈر، بۇ ئۇزۇن يولدا تاماقسىز قالمىدىم، رىزقىمنى خۇدا ئۆزى يەتكۈزۈپ بەردى» «يىگىت شۇنداق ئويلاپ كېيىكنى تۇلۇمچىلاپ سويدى، گۆشلىرىنى پارچىلىدى، «نېمىدېگەن سېمىز، تېخى يېشىغا يەتمىگەن ئوغلاق ئىكەن جانىۋار، ئەمدى كاۋاپ قىلىپ يەي.»

يىگىت قىرلىق تاش چاقماق بىلەن قۇرۇق شاخلارغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ غولا سالدى، ئاتقا ئارتىلىق قىل خۇرجۇننى ئېلىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىغان ئوتنىڭ يېنىغا كەلدى. خۇرجۇندىن مىس چۆگۈن، چۆچەك①، ئىككى تال زىخ بىلەن بۇغداي ئۇنىنىڭ تالقىنىنى ئالدى. ئېقىندىن مىس چۆگۈندە لىق سۇ ئېلىپ كېلىپ ئوتقا قويدى. زىخقا ئالىقاندەك كېسىلگەن گۆشنى ئۆتكۈزۈپ، ئوتقا قاقلاپ پىشۇردى. كاۋاپ پۇرىقى تاغ باغرىنى بىر ئالدى.

ئۇ قۇرۇتۇلغان يالپۇز، رەيھان ۋە زەپە ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان چاينى ھېلىلا قاينىغان چۆگۈنگە سېلىپ دەملىدى. ياغاچ قوشۇق بىلەن بىرنەچچە كاپام تالقان يەپ چاي ئىچكەندىن كېيىن،

① چۆچەك ــ ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان قاچا.

پىژىلداپ پىشقان كاۋاپقا ئېغىز تەگدى.
قارىغايلىقتىن كېلىۋاتقان تورغايلارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا مەھلىيا بولغاچ مەززىلىك كاۋاپنى يەپ تۈگەتكەن يىگىت زىخقا يەنە گۆش ئۆتكۈزۈپ ئوتقا قاقلاپ قويدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇياقتىن ــ بۇياققا مېڭىپ ئۆزىنى سوۋۇتۇۋاتقان قاراگىرنىڭ يېنىغا بېرىپ يۈگەننى ئالدى ــ دە، بوينىغا تۇۋرانى ئېسىپ قويدى. ئات گاراچلىتىپ بوغۇز يېيىشكە باشلىدى.
ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى، دەل ــ دەرەخلەرنىڭ شىلدىرلىشى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى بەجايىكى ئەللەي ئەتكەندەك بولۇپ، يىگىتنى مۈگدەك باستى.
قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر كەمدە قاراگىرنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئۇنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى. يىگىت كۆزىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ قارىۋىدى، قارىغايلىقتىن چاپچىپ چىققان ئاتقا كۆزى چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تىزگىنىنى تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئات چۆگۈننى ئۆرۈۋەتكەن بولاتتى. ئات بىرنەچچىنى پۇشقۇرۇپ، ئىگىسىگە مۆلدۈرلەپ باقتى. يىگىت بۇ ۋاپادار ئېتىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدىن «بوغۇزنى يەپ بولدۇم، تۇۋرانى بويىنۇمدىن ئېلىۋەت، ئەمدى ئوت يەي» دېگەن مەنىنى چىقاردى. يىگىت تۇۋرانى ئېلىۋېتىپ، ئوتلىۋالسۇن، دەپ ئاتنى قويۇۋەتتى. لېكىن، قاراگىر كەتمەي يەر تېپىپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى. يىگىت «نېمە دەيسەن جانىۋار؟ بىرەر شەپە سەزدىڭمۇ؟ ئەجەب جەڭدە ئۆلگەن ئاق قاشقا ئېتىمدەك ماڭا كۆيۈنۈپ كېتىۋاتىسەنغۇ. تېخى تۇنۇگۇن ئەتىگەن ئۆتەڭدىن مىنىپ چىققان تۇرسام سېنى...» دېگەندەك قىلىپ، قاراگىرنىڭ پېشانىسىدىكى ئاق قاشقىسىغا نوقۇپ قويدى. بۇ ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىن يولغا چىققاندىن بېرى ئۆتەڭلەردە ئالماشتۇرۇپ مىنگەن توققۇزىنچى ئات ئىدى. يىگىت ئۇنى ئىككى كۈندىن بېرى مىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئادەملەرنىڭ مىجەزى ئوخشىمىغاندەك ئاتلارنىڭمۇ مىجەزى بىر ــ بىرىگە ئوخشىمايدۇ،

بىرى چىشلىگەك، بىرى تەپكەك، بىرى ياۋاش، بىرى سوكسوك، بىرى يورغا، يەنە بىرى مۆڭگەك... كېلىدۇ. قاراگىر بولسا شاش، يۇگۇرۈك ئىدى. ئات كىشنەپ يەنە ئارقىسىغا قارىدى. يىگىتمۇ ئۆرۈلۈپ قاراپ، ئىختىيارسىز ھالدا قىلىچىنى قىنىدىن شارت قىلىپ سۇغۇردى. ئۇ تاغ قاپتىلىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئىككى چوڭ ئېيىق بىلەن ئۇلارنىڭ مەردەك[①]لىرىنى كۆرگەنىدى. چوڭ ئېيىقلار خۇددى ئادەمدەك ئىككى پۇتلاپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. يىگىت قىلىچىنىڭ ئۇچىنى تۆۋەن قىلىپ يەرگە ئۇرغانىدى، تىك سانجىلىپ قالدى، ئاندىن قاراگىرنىڭ ئىككى بىقىنىغا تېڭىپ قويغان نەيزە بىلەن ئومۇتنى ئالدى، نەيزىنى چىنار دەرىخىگە يۆلەپ قويدى، نەيزىنىڭ ئۇچىغا قوتاز قۇيرۇقى چىگىپ قويۇلغانىدى. يىگىت ئومۇتنى كۆتۈرۈپ سالماق قەدەم تاشلىدى. ھۆركىرەپ كېلىۋاتقان ئېيىقلار جايىدا شاپپىدە توختاپ قالدى. يىگىت قاچقان بولسا ئۇلار قوغلايتتى. ئۇ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. سۇر رەڭ چوڭ ئېيىق يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا قاراپ قويۇپ، ئالدى پۇتلىرىنى يەرگە قويدى. يىگىتكە يېقىنلاپ كەلگەندە، ئالدى پۇتلىرىنى يەنە ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۆركىرەپ ئېتىلدى. يىگىت چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ياندىن ئايلىنىپ كەلگىنىچە ئېيىقنىڭ بېشىغا ئومۇت ئۇردى. سۇر ئېيىق ھەرىدەلگەن دەرەختەك پۇلاڭشىپ يىقىلدى. يىگىت ئومۇتنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەنە بىر چوڭ ئېيىقنىمۇ ئۇرۇپ يىقىتتى. ئەمدى ئىككى مەردەك قالغانىدى. ئۇلار يىقىلىپ ياتقان ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىشتى. بۇ بالا ئېيىقلار مەڭدەپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئانا ئېيىقنىڭ كۆكسىگە مىنىپ خەنجەر سۇرمەكچى بولغان يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىشتى، ئارقا پۇتلىرى بىلەن تىزلىنىپ، ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتى. گويا يېلىنىپ ئەپۇ سورىغان تەرزدە كۆزلىرىدىن

---

① مەردەك ـــ ئېيىق بالىسى.

يۇم ـ يۇم ياش ئېقىتىپ باشلىرىنى ئېگىشتى. تېپىرلاپ ياتقان ئانا ئېيىق بىلەن ئادەمدەك يۈكۈنگەن هالدا يىغلىشىپ يېلىنىۋاتقان مەردەكلەرگە كۆز يۇگۇرتكەن يىگىت بىردىنلا خەنجەرنى غىلىپىغا سالدى.

— سىلەرمۇ خۇدانىڭ مەخلۇقلىرى، بۇ نۆۋەت بىر قوشۇق قېنىڭلاردىن كېچەي، ئىككىنچى يولۇمنى توسقۇچى بولماڭلار. ئەگەر يولۇمنى يەنە توسۇيدىكەنسىلەر، بېشىڭلارنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلىپ، تېرەڭلەرنى جۇۋا قىلىپ كىيىمەن! — دېدى ئۇ ئومۇتنى ئويىنىتىپ.

قاراگىر ئۇياقتىن ـ بۇياقتا چاپچىپ مېڭىپ ئېيىقلارنى كۆزەتمەكتە ئىدى. يىگىت كۆيۈپ چوغ بولغان ئوتنىڭ يېنىغا كەلدى. قىزىل ياقۇتتەك پارىلداپ تۇرغان چوغلارنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ، بىر سان گۆشنى كۆمدى. «قالغان گۆش كۆك بۆرىگە قالسۇن» دېدى ئۆزىچە پىچىرلاپ. ئۇ قولى بىلەن «كەل ـ كەلگىن» دېگەندەك شەرەتلىۋىدى، قاراگىر يۈگۈرۈپ كەلدى. يىگىت «بايقۇش، سېنى ياقتۇرۇپ قالدىم، بۇنىڭدىن كېيىن چۈشكەن ئۆتەڭلەردە سېنى باشقا ئات بىلەن ئالماشتۇرمايمەن، ماڭا ئۆمۈرلۈك هەمراھ بولۇشنى خالامسەن؟» دېگەندەك قىلىپ ئاتنىڭ باش ـ بويۇنلىرىنى سىلىغۇدى، ئات گويا ماقۇل بولغاندەك كىشنەپ قويدى. يىگىت نەيزە بىلەن ئومۇتنى ئىلگىرىكىدەك ئۇنىڭ بىقىنىغا تاڭدى، پىشقان گۆش بىلەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ ئۇستىگە ئارتتى. قورسىقى تويغان ئات بىر پۇشقۇرۇپ مېڭىپ كەتتى. قاراگىر ئېيىقلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇركۈپ نېرىغا داجىپ، قەدىمىنى تېزلەتتى.

ئۇ يولغا چىققان بىر ئايدىن بېرى سەپىرىنى مانا شۇنداق داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. بەزى كۈنلەر تىپتىنچ ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزى كۈنلىرى بولسا ئۆلجىغىمۇ، يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ هۇجۇمىغىمۇ ئۇچرايتتى... يىگىت قار ـ مۇزلۇق ئالتاي

تاغلىرىدىن، خانتەڭرى، بوغدانىڭ گۈل - گىياھلىق ئېتەكلىرىدىن، يەتتەسۇ بوستانلىقىدىن ئۆتۈپ قۇزئوردۇ① غا يېقىنلاشتى. ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ ئۆتەڭلەردە قاراگىرنى باشقا ئاتقا ئالماشتۇرماي سەپىرىنى داۋام قىلىۋەردى.

## 2

كۈن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ چەكسىز كەتكەن ئېكىنزارلىقتىن ئوڭ تەرەپكە بۇرالدى. ئىككى تەرىپىدە جىگدە دەرەخلىرى ئۆسكەن چىغىر يولدا بىرئاز مېڭىپلا، تىكەن، يانتاق بېسىپ كەتكەن قىيپاش دۆڭگە چىقتى. يىگىتنىڭ ساقال قاپلاپ كەتكەن يۈزلىرى قايغۇلۇق تۈس ئالدى. ئۇ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، قارا تەرگە چۆمگەن ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى، تىزگىننى ئېگەرنىڭ قۇش بېشىغا ئىلىپ قويۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — ئۇ بوم ئاۋاز بىلەن بۇ دۆڭلۈككە دەپنە قىلىنغان بوۋىسىنىڭ، ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ روھىغا سالام بەردى ۋە ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ھالدا، شاخلاپ ئۆسكەن قېرى يۇلغۇن دەرىخى يېنىدىكى توغ شەددە قادالغان بىر دۆۋە تۇپا تۈۋىگە يۈكۈندى، قىلىچىنى تىزىدا توغرا قويۇپ، لەرزان ئاۋازدا قۇرئان تىلاۋەت قىلدى.

ئۇ بالا چېغىدىلا بوۋىسى ۋاپات بولغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان بىر يەرگە بارغاندا، قايتقاندا، بۇ دۆڭگە چىقىپ بوۋىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلماي قالمايتتى، بۇ قېتىم ئۇ ئىككى يىل داۋام قىلغان قانلىق جەڭدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇزاق قىرائەت قىلىپ، ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلدى. ئاتىنىڭ بىقىنىغا ئېسىپ قويغان بىر كىچىك خالتىنى ئېلىپ ئاغزىنى يەشتى، خالتىدا بۇغداي بار ئىدى، يىگىت

① قۇزئوردۇ — قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پايتەخت بالاساغۇن.

ئوچۇملاپ ئالغان بوغداينى توپا دۆۋىسى ئۈستىگە چاچتى.
تىمتاس دۆڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلار بىلەن تولۇپ كەتتى. يىگىت ۋىچىرلىشىپ، قاقىلدىشىپ، چۇۋۇلدىشىپ دانلاشقا كىرىشكەن قۇشلارغا كۆز سالغىنىچە ئاتنى يېتىلەپ ئاستا ماڭدى. سوقۇپ تۇرغان باھار سەلكىنى ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتى. قارا بۇلۇتلار ئىچىدىن كۈن كۆرۈنۈشى بىلەن دۆڭگە ئاپتاپ چۈشتى. «قىيام بولۇشقا ئاز قاپتۇ، ئەمدى ماڭاي» ئۇ ئاتنىڭ تۆشلىكىنى چىڭىتىپ، ساغرىسىغا شاپىلاقلاپ قويدى. قاراگىر بېشىنى بۇراپ، تۇمشۇقىنى ئۇنىڭ قاداقلىشىپ كەتكەن قولىغا تەگكۈزدى. يىگىت ئاتنىڭ بېشىنى سىلىغان ھالدا دۆڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چۇ دەرياسى①غا باقتى. دولقۇنلانغان سۇ كۆۋەجەپ، ئوقچۇپ ئاقماقتا ئىدى. ئىسسىقكۆل تەرەپتىن كەلگەن بىر توپ غاز ـ ئۆردەكلەر دەريا ئۈستىدە پەيدا بولدى ـ دە، پەسلەپ ئۇچۇپ نەمخۇش قىرغاقتا قونۇشتى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن خېلى يىراقتا قارا سىزىقتەك كۆرۈنۈپ تۇرغان سېپىلغا، مورا شەكىللىك قاراۋۇل مۇنارىغا كۆزى چۈشكەن يىگىتنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ، قېنى ئوقچۇپ زادى تۇرالماي قالدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ روھى بىلەن خوشلاشتى، ئاتقا مىنىپ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. قاراگىر دۆڭدىن چۈشۈپلا، قۇلاقلىرىنى يوپۇرغىنىچە چاڭ توزۇتۇپ، چېپىپ كەتتى.
«ئاھ! بالاساغۇن ئانجان شەھەر، ئاخىر بوسۇغاڭغا ئامان يېتىپ كەلدىم...» دېدى ئىچىدە ھاياجانلىنىپ.
يىگىت ئوتلاقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن چىغىر يولدىن سۇۋادان، قارىياغاچ دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ يولغا چىقتى. «شۇ تاپتا جەڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ مەنسۇر ئىلىكخاننىڭ تاقىتى تاق بولۇۋاتقاندۇ. بوغرا قاراخان ئەھمەد بىننى ئەلى توغانخان②نىڭ غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى

① چۇ دەرياسى ــ ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى دەريا.
② ئەھمەد بىننى ئەلى توغانخان ــ سىبىيت ئەلى ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى، بوغرا قاراخان بولغان.

يەتكۈزسەم، خۇشاللىقى تېنىگە پاتماي قالار. شانۇشەۋكەتلىك ئاكىسىنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلاركىن؟» ئۇ ئېتىنى چۇ دەرياسى تەرەپكە بۇراپ، قىرغاقنىڭ دولقۇن يالاپ پەسەيتىۋەتكەن يېرىگە كېلىپ توختىدى. قاراگىر چاڭقىغان چېغى، سۇمۇرۇپ ــ سۇمۇرۇپ سۇ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ خىيالىنى داۋام قىلدى :«ئاتا ــ ئانام مېنى كۆرۈپ سۆيۈنگىنىدىن يىغلىشىپ كېتەرمىكىن. ئاتام يىغلىمىسىمۇ، ئانامنىڭ يىغلىشى تۇرغان گەپ. ئايتولۇنچۇ؟ ئۇ نېمە دەر؟...»

ئۇ بىردىن تىزگىنىنى قاتتىق تارتتى. ئات تۇمشۇقىنى سۇدىن ئېلىپ پۇشقۇرۇۋىدى، ئۇششاق تامچىلار چاچرىدى. يىگىت ئىختىيارسىز قىرغاققا سەكرەپ چۈشۈپ، ئاتنىڭ يەلپۈنۈپ تۇرغان يالىنى قوللىرى بىلەن تاراپ، بوينىنى قاشلاپ ــ قاشلاپ قويدى. «بايقۇش، نەچچە كۈندىن بېرى تويغۇدەك بىر نەرسە يېيەلمەي ئاچ قالدىڭ، هاردىڭ. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئوبدان ئارام ئالدۇرۇپ، بوغۇزغا راسا تويغۇزۇپ قويمىسام سېنى...»

قاراگىر قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ، غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئالدىرىغاندەك، تۇمشۇقى بىلەن يىگىتنى تۈرتتى.

يىگىت غەلىبە خەۋىرى بىلەن بىللە، شۇم خەۋەرمۇ ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ جەڭدە قۇربان بولغان دوستى ــ ياخشى كۆرىدىغان قىزىنىڭ ئاكىسى ــ ئۇستازىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. «بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئۇستاز هاجىپ جانابلىرىغا قانداق يەتكۈزەرمەن؟ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە باشقا ئەشكىنچى① كەلسىمۇ بوپتىكەن...» ئۇ يەنە بىر پەس ئويلاپ تۇردى. قاراگىر ماڭمامسەن، نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ خاندىن تارتىپ پۇقراغىچە سېنىڭ خەۋىرىڭگە ئىنتىزار، دېگەندەك قىلىپ كىشنىدى.

يىگىت ئېتىغا مىندى، كۆڭلىدىن هەممە كۆڭۈلسىز خىياللارنى چىقىرىۋېتىپ، كۆۋەجەپ ئۆركەش ياسىغان چۇ

---

① ئەشكىنچى ــ پادىشاھنىڭ خەت، ئەمر ــ پەرمانلىرىنى توشۇغۇچى.

دەرياسىغا ئات سالدى.

— ھەچ - ھەچ①، — دەپ ئالدىرىتاتتى ئۇ ئۇزۇشكە باشلىغان ئاتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ دېۋىتىپ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بالاساغۇن شەھىرى قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى.

## 3

چۇ دەرياسىنىڭ تۇزلەڭ ۋادىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بالاساغۇن بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنلا گۈزەل، ئاۋات شەھەر ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ قاچان ۋە قانداق بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەت، خاتىرىلەر كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنراق دەپ قارالغان رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن بىرقانچە ئەسىرلەر بۇرۇن، ئورخۇن، ئېدىل بويلىرىدا، قاراقۇرۇم، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە، تارىم، تەكلىماكان تۈزلەڭلىكىدە، سىر، ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرىدا كۆچمەن بولۇپ ياشىغانىكەن. ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ پادىشاھى بۇقا قاغان نەچچە تۈمەنلىگەن قوشۇننى باشلاپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ چۇ دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ: «بۇ زېمىننىڭ ئوت - چۆپ، سۇلىرى ئەلۋەك، مەنزىرىسى گۈزەل ئىكەن، شەھەر بىنا قىلىشقا بۇنىڭدىنمۇ لايىق جاي تېپىلماس» دەپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. چېدىر - بارگاھ تىكتۈرۈپ، ۋەزىر، ئەمىرلىرىگە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە شەھەر بىنا قىلىش ئويىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئاپتۇ. پەرمان جاكارلاپ ھەرقايسى ئايماقلاردىكى ياغاچچى، تامچى، ئويمىكەش، نەقىشكەرلەرنى چۇ دەرياسى ۋادىسىدا شەھەر قۇرۇشقا چاقىرتىپتۇ. شەھەر - شەھەردىن نۇرغۇن ھۈنەرۋەن - كاسىپلار چۇ دەرياسى بويىغا يىغىلىپتۇ. بۇقا قاغان ئۇيغۇرلارنىڭ

① ھەچ - ھەچ — چۇھ - چۇھ.

ئەنئەنىۋى بايرىمى بولغان نورۇز كۈنى بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆزى ئۇل قويۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىش باشلىنىپتۇ. ئۈچ يىلدا شەھەر قۇرۇلۇشى پۈتۈپتۇ. يەنە كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن خاسىيەتلىك نورۇز بايرىمى كۈنى بۇقا قاغان خانىشى بىلەن بۇ يېڭى شەھەرگە كىرىپ، ئوردىنىڭ خاقان سارىيىدىكى ئالتۇن تەختتىن ئورۇن ئاپتۇ. شەھەر قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان بارلىق ھۈنەرۋەن، كاسىپلار، چۇ دەرياسى ۋادىسىدا ياشاۋاتقان چىگىل، قارلۇق، ياغما قاتارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ كىشىلەر بۇ شەھەردىن جاي تۇتۇپتۇ. بۇ يېڭى شەھەرنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان ئالىم ـ ئەدىب، ھۆكۈما ـ تېۋىپ، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەن، تىجارەتچى، ھۆپىگەرلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆچۈپ كېلىشىپ شەھەرنى ئاۋات قىلىپتۇ.

شەھەرنىڭ نامى «بالا ساغۇن» دەپ بۇقا قاغاننىڭ بالا ۋاقتىدىكى ئەركىلەتمە ئىسمى بىلەن ئاتىلىپتۇ. چۈنكى، بۇقا قاغان ئون ئىككى ياش چېغىدىلا جەڭگە قاتنىشىپ «بالا باھادىر» دېگەن نامنى ئالغانىكەن. ئۇ پارسلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق شىددەتلىك جەڭدە، ئوق تېگىپ قازا قىلغان ساغۇننىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرمەي، سىپاھلىرىغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ غەلىبە قازىنىپتۇ ۋە پارس پادىشاھىنى ئەسىر ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بولغان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئاتىسى: «بارىكاللا ئوغلۇم، ئەلنى رازى قىلدىڭ. كىچىككىنە تۇرۇپ پادىشاھنى ئەسىر ئاپسەن، ساغۇن بولۇشقا لايىق ئىكەنسەن» دەپ ئۇنىڭغا «ئالىپ ئەر توڭا» دېگەن نامنى بېرىپتۇ. بۇ پاراسەتلىك، غەيۇر شاھزادە «بالا ساغۇن» دەپ ئاتىلىپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا قاغان بولغانىكەن. شۇڭا، ئۇ يېڭىدىن بىنا قىلدۇرغان بۇ شەھەرنى ئاۋام ياخشى كۆرىدىغان پادىشاھنىڭ، يەنى ئۆزىنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى بىلەن ئاتاپتۇ. كېيىنچە بۇ شەھەر «بالاساغۇن» دېگەن نام بىلەن دۇنياغا تونۇلۇپتۇ.

شۇنىڭدىن مىڭ يىللاردىن كېيىن قۇرۇلغان قاراخانىيلار

خانىدانلىقى بالاساغۇننى يازلىق پايتەخت قىلىپ «قۇزئوردۇ» دەپ ئاتىغانىدى.

بالاساغۇن شەھىرىنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بار ئىدى: شەرق تەرىپىدىكى «قوۋۇقى كاشغەر»①، غەرب تەرىپىدىكى «قوۋۇقى سەمەرقەنت»، شەرقىي شىمالىدىكىسى «قوۋۇقى باشا»②، شىمالدىكىسى «قوۋۇقى قۇت»③، جەنۇبتىكىسى «قوۋۇقى ئالىپ»④، غەربىي جەنۇبتىكىسى «قوۋۇقى قاراخان»، شەرقىي جەنۇبتىكىسى «قوۋۇقى توشقۇرماق»⑤ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ناملار سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا بايتاش قاراخان زامانىسىدا قويۇلغانىدى.

يىگىت «قوۋۇقى كاشغەر» ئالدىدىن چىپىپ ئۆتۈپ ئىتىنى ئوڭغا بۇردى. قاراگىر سىلىق يورغىلاپ، كۆنگۈرىلىك ئېگىز سېپىلنى چۆرىدەپ قېزىلغان خەندەكنى بويلاپ ماڭدى. ئۇ «قوۋۇقى باشا» غا كەلگەندىلا ئاتتىن چۈشتى. ئىككى قانىتى داغدام ئوچۇق چوڭ دەرۋازىغا قاراپ قەدەم تاشلىغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى تېپچەكلەپ سوقۇپ كەتتى. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا قىلىچ ئېسىپ، نەيزە تۇتقان ئىككى قاراۋۇل تىك تۇراتتى.

دەرۋازىنىڭ ئۈستى كېمىر شەكىللىك بولۇپ، يولۋاس، تۆگە، بۇغا، كېيىك، كالا، يىلاننىڭ قاپارتما كۆرۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلگەنىدى. ئوڭ قانىتىغا قولاقلىرىنى يوپۇرۇپ تۇرغان كۆك بۆرىنىڭ، سول قانىتىغا كۆكتىن شۇڭغۇۋاتقان شۇڭقارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى نەقىش قىلىنغانىدى. دەرۋازىنىڭ تۆپىسىدىكى پەشتاقتا قىزىل، هال رەڭ، قارا ئەلەملەر يەلپۈنەتتى. نۆكەرلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان هالدا تۇرۇشاتتى.

---

① «قەشقەر دەرۋازىسى».

② «غەلىبە دەرۋازىسى».

③ «بەخت دەرۋازىسى».

④ «باتۇرلار دەرۋازىسى».

⑤ «هۇجۇم قىلىش دەرۋازىسى».

يىگىت ئېتىنى يېتىلەپ دەرۋازىدىن كىرىپ بالاساغۇن شەھىرىگە قەدەم باستى. ئۇ تۆت كوچا ئېغىزىدىكى گۇزەردە بىردەم تۇرۇپ قالدى. «ھازىر ئوردىغا بارسام ئېلىكخان ئالىيلىرى، ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ دەم ئېلىۋاتقان ۋاقتى، ساقلاپ قالىمەن. ئۆيگە بارسام، ئاتا - ئانام، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن دىدار كۆرۈشىمەن دەپ، خەۋەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزەلمەيمەن. ياخشىسى مۇشۇ يەردىلا قورساقنى توقلاپ، ناماز پېشىننى مەسچىتتە ئوقۇۋېلىپ، ئاندىن ئوردىغا باراي» دەپ ئويلاپ، گۇزەر دوقمۇشىدىكى دەڭگە قاراگىرنى ئەكىرىپ قويۇپ چىقتى. ئۇ دەڭنىڭ قارشىسىدىكى چەللە - باراڭلىق چايخانا ئالدىغا كەلدى. باراقسان ئەرمۇدۇن دەرىخى چايخانىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. يۈگۈرۈپ كەلگەن مۇلازىم ئۇنى گۈللۈك پالاس، كۆرپە سېلىنغان سۇپىغا باشلاپ:

— ئولتۇرسىلا ئالىپ. چاي ئىچەملا، شورپىمۇ؟ كاۋاپ يەملا، سامسىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چاي بىلەن گۆشگىردە يەي.

— مانا ھازىر... ئالىپ.

يىگىت «بۇ گۇزەردە ئىككى يىلدىن بېرى ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، ئېلىپساتارلار كۆپىيىپ قاپتۇ، شەھەر ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى.

— چاي ئىچسىلە، ئالىپ، — مۇلازىم ساپال ھېجىر، چۆگۈن بىلەن بىر لېگەندە گۆشگىردە ئېلىپ كېلىپ داستىخانغا قويدى.

خىيال يىپى ئۈزۈلگەن يىگىت:

— رەھمەت ئۇستام، — دەپ ئىسسىق گۆشگىردىنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى جەڭگاھلاردا يۈرۈپ، بۇنداق ھۇزۇرلىنىپ چاي ئىچىپ باقمىغانىدى.

يىگىت بۇغرا قاراخان نامى چۈشۈرۈلگەن ئىككى كۈمۈش يارماقنى چايخانا غوجايىنىغا بېرىپ، يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى يېشىل گۈمبەزلىك مەسچىتكە قاراپ ماڭدى.

يولدىن ئات ـ ئېشەك مىنگەن، مەپە ـ هارۋىغا چۈشكەن، پىيادە كېتىۋاتقان خىلمۇخىل كىيىنىشكەن ھەر خىل قوۋملارنىڭ ئادەملىرى ئۇزۇلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى.

ئاق سەللە ئورىغان مەزىن مەسچىتنىڭ كۈنگۈرىلىك ئېگىز مۇنارىغا چىقىپ لەرزان ئاۋازدا ئەزان ئېيتتى:

— ئاللاھۇئەكبەر... ئاللاھۇئەكبەر ! ...

يىگىت نامازدىن يېنىپ، دەڭدىن قاراگىرنى ئېلىپ چىقىپ مىندى ـ دە، يولۇچىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى، بىرقانچە كوچا، يوللاردىن، ئاۋات رەستە ـ بازارلاردىن ئۆتتى، چوڭ ـ كىچىك يوللار، كوچىلار رەتلىك، پاكىز ئىدى. يىگىت ئوردا ئالدىدىكى گۈل ـ چىمەنلىك سەينادا ئېتىنى توختىتىپ، ھاياجانلىنىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى.

ئوردىنىڭ سول تەرىپىدە، قارىغاي ياغىچىدىن شالاسون ۋە كۈنگۈرە چىقىرىلىپ ياسالغان كۆزنەتش مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئۆزگىچە كۆركەم ئېگىز مۇنارنىڭ ئۈچىدىكى كۈمۈش ھالقىلىق خادىغا قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ قىزىل ـ ھال رەڭ تۇغى قادالغانىدى. بۇ ئەتراپتا ئېگىزلىكتە بۇ مۇنارغا تەڭلىشىدىغان ئىمارەت يوق ئىدى. ئۇستىدىكى تۆت چاسا تۇرارگاھتا ئۈچ قاراۋۇل كېچە ـ كۈندۈز كۆزەت قىلاتتى. بۇ يەردىن چۇ دەرياسى بويىدىكى ئادەملەرنى كۆرگىلى بولاتتى.

ئوردىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە خىشتىن ياسالغان سۇ مۇنارى بار ئىدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭ، بۇلاقلاردىن مۇشۇ كاتتا مۇنارغا چىقىرىلغان سۇ پاكىز تازىلىنىپ، بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان نورغۇن ساپال نوكەشلەر ئارقىلىق شەھەردىكى ئائىلىلەرگە تارقىتىلاتتى. بۇ ئىككى مۇنارنىڭ كۆلەڭگىسى چۈشۈپ تۇرغان ئوردا بالاساغۇن شەھىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى بوستانلىق تۆپىلىكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

يىگىت ئوردا دەرۋازىسىغا يەتتە قەدەم قالغاندا ئاتتىن چۈشتى. ئوردا دەرۋازىسى شەھەر دەرۋازىسىدىن كىچىك بولسىمۇ

ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىدى. ئىشىككە يېكىتىلگەن تۇچ شارچىلار، كۈمۈش ھالقىلار يىراقتىن ۋالىلداپ كۆرۈنەتتى.

يىگىت داغدام ئوچۇق ئوردا دەرۋازىسىنىڭ بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئوڭ قانىتى يېنىدا تۇرغان قاراۋۇلنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئامان بولغىن تۇرغاق①، — دېدى ئۇ سالاملىشىپ، — بۇغرا قاراخان تۇغانخاندىن غەلىبە خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدىم. مەنسۇر ئېلىكخان بىلەن تېز كۆرۈشمىكىم زۆرۈر.

قاراۋۇل يىگىتنىڭ باشتىن - ئايىغىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئىشىكنىڭ شۇڭقار سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن سول قانىتى تەرەپتە ئۆزىدەك كەمزۇل②، ئۇچلۇق قالپاق كىيىپ، ئاي پالتا تۇتۇپ تۇرغان بۇرادىرىگە:

— تۇرغاقبەگ③كە خەۋەر قىل، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئوتتۇرا بوي، ئات يۈز، بېشىغا بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چەكمە گۈللۈك قالپاق، ئۇچىسىغا كەمزۇل كىيىپ كەمەر باغلىغان تۇرغاقبەگ بېلىگە ئېسىۋالغان ئەگرى قىلىچىنىڭ تۇچ سېپىنى تۇتقان ھالدا چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ شاپ بۇرۇتى قۇلاقلىرىغا تېگىپ قالغانىدى. ئۇ يىگىتكە شۇنداق بىر قاراپلا غولىچىنى كېرىپ توۋلىۋەتتى:

— ئۇدمىش!

— ئەربۇقا!

ئىككىيلەن قۇچاقلاشتى.

— قەيەردىن كېلىۋاتىسەن ئالىپ؟

— ناھايىتى يىراقتىن — ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كېلىۋاتىمەن، تۇرغاقبەگ. قىتان قوشۇنلىرىنىڭ ۋەتۋەرىكىنى

---

① تۇرغاق — كۈندۈزى قاراۋۇللۇق قىلغۇچى نۆكەر.

② كەمزۇل — كالتە چاپان.

③ تۇرغاقبەگ — كۈندۈزدىكى قاراۋۇللار باشلىقى.

چىقىرىپ، ئەلگە ئەمدى پاراكەندىچىلىك سالالماس قىلىۋەتتۇق. كەلگىنىمنى ھاجىپ[1]قا ئېيتىپ، ئېلىكخان[2] ئالىيلىرى بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈشۈمگە ياردەم قىلغىن، — دېدى ئۆدمىش، — بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىدىن پۇتۇك ئېلىپ كەلدىم.

— مۇنداق دېگىن. ئەشكىنچى بولۇپ كەپسەن – دە، ئاغىنە. ھازىرلا ھاجىپنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرەي.

ئەربۇقا بىر قاراۋۇلنى چاقىرىپ، ئۆدمىشنىڭ ئېتىنى ئوردا ئاتخانىسىغا ئاپىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

— ئالدىرىما ئاغىنە، بۇ ئاتنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىمەن، مەشەددە سوۋۇپ تۇرسۇن.

— ئولجا ئات ئىكەن – دە.

— ياق، دوستۇم، بۇ ئولجا ئات ئەمەس، ئەشكىنچىلەر ئۆتەڭلەردە ئالماشتۇرۇپ مىنىدىغان خانلىققا تەۋە ئاتلاردىن. ئېلىكخاندىن سورىۋالماقچىمەن.

— مۇنداق دە، ياخشى ئات ئىكەن، يۈر ئەمىسە.

## 4

ئوردىنىڭ بىر – بىرىدىن ھەيۋەتلىك ئۈچ دەرۋازىسىدىن ئۆتكەن تۇرغاقبەگ بىلەن ئۆدمىش بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ ئالدىدىكى تۆت ئەتراپى گۈلزارلىق كاتتا سەيناغا كەلدى. پاكىز سۇپۇرۇلۇپ سۇ سېپىلگەن سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەينەكتەك تىنىق «ھەۋزەئى بۇغراخان»[3] نىڭ لېۋىنى ئايلىنىپ مېڭىشتى. گۈلزارلىقتىكى تۇۋى يۇمشىتىلغان قىزىلگۈل، ئەتىرگۈللەرنىڭ ئەمدىگىنە غۇنچە باغلىغان شاخلىرى شىلدىرلايتتى. ئۇلار گۈللۈك ئارىسىدىكى خىش يولنى بېسىپ، بۇغرا قاراخان

[1] ھاجىپ — خانغا مەسلىھەت بەرگۈچى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار.
[2] ئېلىكخان — بۇغرا قاراخاندىن كېيىنلا تۇرىدىغان ھۆكۈمدار.
[3] ھەۋزەئى بۇغراخان — بۇغراخان كۆلى.

سارىيىنىڭ مەرمەر پەلەمپىيىگە پۇت قويۇشتى.

بۇغرا قاراخان سارىيى ئوردىنىڭ شىمال تەرىپىدە بولۇپ، خاقان سارىيى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ ئوردا ئىچىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك چىرايلىق بىنا ئىدى. قوش قاناتلىق قاپقاقلىق دېرىزىلىرى چارباغقا قارايتتى. كۈمۈش ھالقىلىق ئىشىكى يېپىق ئىدى. ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەنىدى، قۇش ـ ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلمەي، قاپارتما ۋە ئويما نەقىشلەر چېكىلگەنىدى. ئىشىك بېشىدا «ئاللاھۇئەكبەر» دېگەن خەت پارقىراپ تۇراتتى. قارىغاندا، بۇ ئىشىك يېڭى ياسالغاندەك قىلاتتى. كۈمۈش گۈرزە تۇتقان ئىككى قاراۋۇل ئۇدۇل قارىغىنىچە قېتىپ تۇرۇشاتتى. ئىشىك ئالدىدىكى يەتتە مەرمەر تۇۋرۇك گۈمبەزلىك پېشايۋاننىڭ گۈللۈك نەقىش چېكىلگەن تورۇسىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يېشىل كاھىشلىق گۈمبەز، مەرمەر تۇۋرۇكلەرنىڭ شولىسى «ھەۋزەئى بۇغراخان»دا تېخىمۇ كۆركەم، نەپىس كۆرۈنەتتى. ئەربۇقا ئوڭ ياندا تۇرغان قاراۋۇلغا يېقىنلاپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ دېدى:

— ئامان ۋە بەردەم بولغىن تۇرغاق. بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى ئالدىدىن ئەشكىنچى كەپتۇ. ئۇنىڭدا ئېلىكخان ئالىيلىرىغا تاپشۇرىدىغان پۈتۈك بار ئىكەن.

— مەلۇم قىلاي، تۇرغاقبەگ، بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرغايلا، — دېدى قاراۋۇل بېشىنى سەل ئېگىپ، ئاندىن كۈمۈش گۈرزىنىڭ سېپىنى يەرگە داققىدە ئۇرۇۋېدى، شۇ زامان ئىشىك ئېچىلىپ، مەللە رەختتىن پەشمەت، ئاق بۆك كىيگەن بىر ئادەم چىقتى.

— نېمە گەپ تۇرغاق؟

— بىرۇق① جانابلىرى، ئۇلۇغ خاقان ئالدىدىن ئەشكىنچى كەپتۇ، ھاجىپنى ۋاقىپلاندۇرغان بولسىڭىز، قاپۇغچىباشىغا

① بىرۇق — خاقان سارىيىنىڭ مۇلازىمى.

مەلۇم قىلغان بولسا.

كۈتۈپ تۇرۇڭلار!

— خوپ !

ئىشىك يېپىلىپ، بىرئازدىن كېيىن يەنە ئېچىلدى.

— ئەشكىنچى كىرسۇن، — دېدى بىرۇق.

ئۇدمىش يا بىلەن ئوقلىرىنى ئەربۇقاغا بېرىپ، كۈمۈش رەڭ بوسۇغىدىن ئاتلاپ زالدەك كەڭ ياسىداق ئۆيگە كىردى. بۇ «خانەئى دىۋان»① ئىدى.

ئازادە ئايۋان ئۆينىڭ ئۇدۇلىدا بۇغرا قاراخان سارىيى، ئوڭ تەرىپىدە ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئەمىر - ئۆمەرالارنىڭ، سول تەرىپىدە ئۇلۇغ ھاجىپ، باش پۈتۈكچى، شەيخۇلئىسلام ۋە باش خەزىنىچىنىڭ ئىش بېجىرىدىغان خانىلىرى بار ئىدى.

ئالتۇن ھالقىلىق بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ ئىشىكىگە بۆرە بېشى، ئالتۇن ساپلىق ھال رەڭ تۇغ؛ ۋەزىرلەرنىڭ كۈمۈش ھالقىلىق ئىشىكىگە بۇغا بېشى، كۈمۈش ساپلىق زەڭگەر تۇغ؛ ئەمىرلەرنىڭ مىس ھالقىلىق ئىشىكىگە ئارسلان بېشى، مىس ساپلىق قىزىل تۇغ؛ ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ كۈمۈش ھالقىلىق ئىشىكىگە يولۋاس تېرىسى، كۈمۈش ساپلىق ھال رەڭ تۇغ؛ باش پۈتۈكچىنىڭ مىس ھالقىلىق ئىشىكىگە پەي قەلەم، مىس ساپلىق قىزىل تۇغ؛ شەيخۇلئىسلامنىڭ تۇچ ھالقىلىق ئىشىكىگە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ يېزىلغان ئاي - يۇلتۇزلۇق ھاۋا رەڭ تۇغ؛ باش خەزىنىچىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۇچتىن يول - يول قىلىپ ھەل بېرىلگەن تۆمۈر ھالقىلىق ئىشىكىگە زەر ياقىلىق تون، ياغاچ ساپلىق سېرىق تۇغ ئېسىلغانىدى.

ئۇدمىش ئوردىغا كىرگەن بولسىمۇ، بۇغرا قاراخان سارىيىغا كىرىپ باقمىغانىدى. ئۇ ۋالىلداپ تۇرغان ئىشىكلەرگە ۋەھىمە بىلەن قاراپ، بىرۇقنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، يولۋاس تېرىسى

① خانەئى دىۋان — دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئىشخانىسى.

ئېسىلغان ئىشىك تۈۋىگە كەلدى.

— ئەشكىنچى يىگىت، مەشەدە كۈتۈپ تۇر، مەن ھاجىپنى باشلاپ چىقاي، — دەپ ئىشىكنى يېنىك چەكتى بىرۆق.

— كىرىڭ، — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك ئېچىلدى. بىرۆق كىرىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان، ساقىلى چىرايلىق قىرقىلغان، سوزۇنچاق يۈزىدىن قان تەپچىپ تۇرغان، گەۋدىلىك، يېشىل كىمخاب تون كىيگەن خۇش چىراي كىشى بىلەن چىقتى. ئۆدمىش ئۇنى كۆرۈپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھاجىپ رەيھانىدىن ئاغا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئۇ كىشى كۈلۈمسىرەپ، — ئەشكىنچى كىمكىن دېسەم سەن ئىكەنسەنغۇ، ئۆدمىش. كىچىككىنە يىگىت ئىدىڭ، ئىككى يىلدىن بېرى جەڭدە يۈرۈپ ئالىپ[1] بولۇپ كېتىپسەنغۇ بۇغرام[2].

ھاجىپ رەيھانىدىن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن باغرىغا باستى.

— ئاتاملار ئامان - ئېسەن تۇرغاندۇ؟ — سورىدى ئۆدمىش.

— سالامەت، ئوبدان تۇردى، بالام، ئاۋۋال سېنى ئېلىكخان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرەي. ئاندىن ئۆيگە بېرىپ ئوبدان بىر مۇڭدىشايلى، — دېدى ھاجىپ رەيھانىدىن.

ئۇ ئۆدمىشنى بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا باشلاپ باردى. ئالتۇن گۈرزە تۇتقان ئىككى قاراۋۇل ئالتۇن سۇيىدە ھەل بېرىلگەن ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا تىك تۇراتتى. ئوڭ تەرەپتە يۆلەنچۈكلۈك كۈرسىدا ئولتۇرغان چار ساقال، بۇغداي ئۆڭ ئادەم ھاجىپ رەيھانىدىننى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپتى.

— مەرھەمەت ھاجىپ، كېلىڭ، — دېدى ئۇ قول

① ئالىپ — باتۇر، قەھرىمان.

② بۇغرام — ئەركەك تۆگەم دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە ئەركىلىتىپ ئېيتىلغان سۆز.

ئېلىشىپ، ــ ئېلىكخان ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇ سىز؟

ــ شۇنداق، قاپۇغچى باشى①. بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى ئەشكىنچى ئەۋەتكەنىكەن، باشلاپ كېلىشىم.

ــ ئۇنداق بولسا ئېلىكخان ھەزرەتلىرىنى ۋاقىپلاندۇراي، ئولتۇرۇپ تۇرغايسىز ھاجىپ.

قاپۇغچى باشى ئەشكىنى قىيا ئېچىپ كىرىپ كەتتى.

ــ ھاجىپ ئاغا، قاپۇغچى باشى دوقاقبەگ دېگەن مۇشۇ كىشى ئىكەن ـ دە، ئۇيغۇر قەبىلىسىدىنمۇ، قارلۇق قەبىلىسىدىنمۇ؟

ــ قارلۇق قەبىلىسىنىڭ يابغۇ② لىرىدىن، بالام، ــ دېدى رەيھاندىن، ئاندىن بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ ئۆدمىشتىن سورىدى، ــ ئەجەب غەمكىن كۆرۈنمەسەنغۇ؟

ئۆدمىش جاۋاب بەرگۈچە دوقاقبەگ چىقىپ:

ــ ئېلىكخان ھەزرەتلىرى ئەشكىنچىنى باشلاپ كىرسۇن، دېدى، ــ دەپ ھاجىپقا كۆز ئىشارىتى قىلدى.

رەيھاندىن ئۆدمىش بىلەن ئىرانىنىڭ گۈللۈك گىلىمى سېلىنغان بۇغرا قاراخان سارىيىغا قەدەم قويدى.

ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئەمىر ـ ئۆمەرالار ئالتۇن تەختنىڭ ئىككى يېنىدىكى يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىلاردا ئۆز مەرتىۋىلىرىگە لايىق ئورۇن ئېلىشقانىدى. ھاجىپ يىگىت بىلەن بىللە ئىتتىك قەدەم ئېلىپ، قۇببىسىگە ھال رەڭ توغ قادالغان ئالتۇن تەختكە ئۈچ قەدەم قالغاندا قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تىزلاندى.

ــ مەنسۇر ئېلىكخان نائىب بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىغا ئاللا سالامەتلىك، ئالەمچە ھۆرمەت ـ ئىكرام ئاتا قىلغاي.

ــ ھاجىپ، ئاللا تىلىكىڭىزنى ئىجابەت قىلغاي، ئورۇن ئالغايسىز، ــ مەنسۇر ئېلىكخان رەيھاندىنغا باش ۋەزىر

---

① قاپۇغچى باشى ــ ئىشىكئاغىسى.

② يابغۇ ــ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەل نامى، قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى قوللانغان (بۇغرا قاراخاندىن ئۈچ دەرىجە تۆۋەن).

بولۇنــــبەگــــــنىڭ يېنىدىــن جاي كۆرسـتــىپ، ئۇدمــىشقا كــۆز سالــدى ! ـــ ئالــىپ، ئـۇلۇغ خاقان ئـاغامدىن نـېمە خـۇش خـەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ سۆزلە.

يۆگەكلىـك خەتنى قـوينىدىــن ئالغان ئـۇدمىش بىــر تىزىنــى يەرگە قويۇپ ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى.

رەيھانىدىن خەتنى ئېلىپ ئېلىكخانغا سۇندى.

ئېلىكخان ئاشلانغان قوي تېرىسىگە يېزىلغان خەتنــى ئېلــىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بېشىدىكى چىرايلىـق ئورالغــان يېشىــل سەللىگە ئاق ئالماس قـادالغانــدى. شالاڭ ساقاللـىق ئېلىكخان خەتكە شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ـــ ۋەزىر، بۇغراخان ئاغامنىڭ بۇ پۈتۈكىنى ئۇنلۈك ئوقـۇڭ، ۋەزىر، ئەمىر، سەركەردىلەر ئاڭلاپ روھلانسۇن، دۈشمەنلىرىمىز كۆزىگە قان قۇيۇلسۇن ! ـــ دېدى ئۇ.

ـــ ئى شاھــى دەۋران، ھــاكىمــى جاھان، ھەزرەتلــىرىنــىڭ دۇئالىرى بەركاتىدىن ئاغىلىرى بولمىش بۇغرا قاراخان تۇغانخان ئالــيلــرىنىڭ زەپـەر قـۇچۇشى بـەرھـەقتۇر. ھـەزرەتـلىرىنــى قۇتلۇقلايمەن، ـــ چوڭقـۇر ئېگىـلىپ تەزىم قىلغــان بولۇنبـەگ خــەتنى باش ئـۇستىگـە كۆتۈرۈپ، ئۈچ قــېتىم سـۆيۈپ ئۇنـلۈك ئوقۇدى:

«ئايغۇچى، كۈيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يەرۇ كۆكنىڭ ئىگىسى بولمىش ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز ئالــلا، غەلبىمىز ۋە مەغلۇبىيىتىمىزنى بـەلگىلىگۈچىدۇركى، بىزگـە كاتتا نۇسرەت، شەرەپ ئاتا قىلدى. بۇ نۇسـرەت ۋە شەرەپ بىزنـى ھەق يولغا باشلىغان ئىككى ئالەمــنىڭ پەيغەمبىـرى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپكى، ئۇنىڭ نۇرى پۈتۈن ئالەمنى مۇنەۋۋەر ئەيلىگەي، چاھارىيالارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتى ئىرادىمىزنـى چىڭىتقۇچى ئالتۇن كەمەردۇر.

ئى ئارسلانلار، شاھى ئېلىكخان ئىنىم سىزگــە، ساداقەتمـەن

ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئۆمەرالارغا، دانىشمەن ھاجىپلارغا، شەيخۇلئىسلام باشلىق بالاساغۇن ئەھلىگە مەلۇم بولسۇنكى، بۇيۈك بابالىرىمىزدىن مۇقەددەم ماكان تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن جانجان ئېلىمىزگە بېسىپ كىرىپ قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، ئاۋامنىڭ كۆڭۈللىرىنى زەخىم قىلغان قىتان قوشۇنلىرى بىلەن ئىككى يىل قانلىق جەڭ قىلىپ، ئاخىر شانلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق. قىتان لەشكەرلىرىنى يەتتەسۇدىن سۈرگەنچە، ھايات قالغانلىرىنى ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا قايتىپ كەلمەسكە قوغلىۋەتتۇق. نۇرغۇن ئەسىرلەرنى ئىمانغا كەلتۈرۈپ، ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى ئات ـ تۆگىلەرگە يۈكلەپ زەپەر بىلەن قايتىپ كېلىۋاتىمىز. جەڭگاھلاردا ھايىل باشى① بەگتۇرمىش باشلىق يۈزلىگەن ئالپلىرىمىز جان تەسەددۇق قىلدى، بوزاغۇ قاتارلىق مىڭلىغان ئالپلىرىمىز غازى بولدى. بىلىپ قويۇڭلاركى، رەقىبلەرگە باش ئەگمەي قەتئىي قارشى تۇرغانلار غەلىبە قۇچىدۇ، رەقىبلەرگە تىز پۈكۈپ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلار مەغلۇبىيەت بىلەن خورلىنىدۇ، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ، كۆلپەتلىك كۈنگە قالىدۇ!

غازىلارنىڭ بىرسى بولغان ئالىپ ئۇدمىشنى غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتىم، غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس، شاد ـ خۇرام سەپراس بولۇپ بىزنى كۈتۈۋالغايسىزلەر.

ھەممىمىزگە ئاللا مەدەت قىلغاي.

بۇغرا قاراخان ئەھمەد بىننى ئەلى تۇغانخان.

ھىجرىيە 404 ـ يىلى ماھى شەئبانىنىڭ 19 ـ كۈنى②»

خەتنى ئوقۇپ بولغان بولۇنبەگ ناھايىتى روھلانغان ھالدا تامىقىنى قىرىپ، خىيالچان ئولتۇرغان رەيھانىدىنغا قارىدى:

① ھايىل باشى ـــ ئەللىكتىن كۆپرەك نۆكەرنىڭ باشلىقى.

② مىلادىيە 1013 ـ، 1014 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

«قانتىلىڭ سۇنۇپتۇ ھاجىپ، ئەمدى پەرۋاز قىلغىنىڭنى كۆرەي» دېدى ئۇ ئىچىدە.

«تۇغانخان ئاغام ئۆلگەن بولسا، بۇغرا قاراخانلىق تەختىدە مەن ئولتۇرغان بولاتتىم. ئۇنى يەنە داغدۇغا بىلەن كۇتۇۋالىدىغان بولدۇم، ھەي، كاج تەقدىر...» دەپ ئويلاپ ئىچى ئېچىشىپ كەتكەن مەنسۇرخان ئۆچكەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— ئۇلۇغ خاقان ئاغامنىڭ جەڭگاھتىن ئەۋەتكەن بۇ مۇبارەك پۈتۈكى غەمكىن بېشىمىزنى ئاسمانغا يەتكۈزدى. ئەشكىنچىگە بىر يۈرۈش كەدۇت① سۆيۈنچە بېرىلسۇن. باش ۋەزىر بولۇنبەگكە ئالىپ يىگىتنىڭ ئاتىسى بولغىنى ئۈچۈن زەر تون كىيگۈزۈلسۇن! ھاجىپ رەيھانىدىنغا ھازىلىق قارا مەخمەل تون يېپىلسۇن! — دەپ ئەمر قىلدى.

بولۇنبەگ تىزلىنىپ ئېگىلدى:

— مېنىڭ ئوغۇللىرىم ھەرقاچان ئالىيلىرى ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلىشقا تەيياردۇر.

— قۇللۇق، — يەك تىز بولۇپ يۈكۈندى ئۇدمىش، — پېقىر نۆكەرلىرى مىنىپ كەلگەن قاراگىرنى كەدۇت ئورنىدا سۆيۈنچە قىلىپ بەرسىلە ناھايىتى مىننەتدار بولاتتىم.

— ئەگەر ئۇ ئاتقا مەيلىڭ بولسا، تەلىپىڭ ئورۇنلانسۇن!

— بۇ ئات بىلەن ياۋغا دەھشەت سالىمەن ئالىيلىرى!

نېمە ئۈچۈندۇر مەنسۇر ئېلىكخاننىڭ چىرايى سۆرۈنلەشتى. بولۇنبەگنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

خەزىنىچى ۋەزىر پەتنۇسقا ئېلىنغان تونلارنى خىزمەتچىلەرگە كۆتۈرتۈپ كىرىپ كەلگەندە، رەيھانىدىن ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ دېدى:

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئەل - يۇرت ئۈچۈن جان تەسەددۇق

① كەدۇت — تەقدىم قىلىنىدىغان بىر يۈرۈش كىيىم - كېچەك، يەنە ئات، ساۋۇت، قورال - ياراغ.

قىلغان باھادىر ئوغلۇم ئۈچۈن ھازا تۇتمايمەن. ئۇنىڭ ياۋ بىلەن ئېلىشىپ جەڭگاھتا قۇربان بولغىنى، مەن ئۈچۈن ئەڭ ئالىي مۇكاپات. ھازىلىق تونىنى قايتۇرۇپ ئەكەتسۇن!

ساراي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. چىھرى ئۆڭگەن مەنسۇر ئېلىكخان نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

# ئىككىنچى باب

# سەھەر جىمجىتلىقنى بۇزغان سىھىرلىك ئۈن

## 1

ھاجىب رەيھانىدىن كۈن ئولتۇرۇشقا نەيزە بويى قالغاندا ئوردىدىن قايتتى. ئۇنىڭ ئاق قاشقا ئارغىمىقى كەينىدىن قارا بويۇن جەدىنى مىنىپ كېتىۋاتقان ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلىق بويانقار غوجايىنىنىڭ ھەر كۈنكىدەك خۇشخۇي ئەمەس، خىيالچان بولۇپ قالغىنىدىن ھەيرانلىقتا قالغانىدى. «ھاجىپ ئاغامغا نېمە بولغاندۇ، ئېلىكخان قاتتىق تەگكەنمىدۇ، يا ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ بىرەرسى رەنجىتىپ قويغانمىدۇ؟ بەكلا پەرىشان كۆرۈنىدىغۇ؟...» بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىماقچى بولدى - يۇ، ئەدەپسىزلىك قىلغان بولماي يەنە، دەپ يالتىيىپ قالدى.

بۇلار قۇزئوردۇنىڭ مەركىزىي كوچىسىدا كېتىۋاتاتتى. بۇغرا قاراخان سارىيىدا ئوغلىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى ئۇققان شۇ دەقىقىدىن باشلاپ، ھاجىپنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇسىبەت قايغۇسى چۇلغىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بەش بالىسى بولۇپ، تۇنجىسى يالغۇز ئوغۇل بەگتۇرمىش ئىدى. قالغان تۆتى قىز ئىدى. قانتى سۇنغان، يۆلەنچۈكى ئۆرۈلگەن تۇرسا، ئۇ نېمىشقا ھەسرەتلەنمىسۇن.

مەنسۇر ئېلىكخاننىڭ ھېچقانداق تەسەللى بەرمەيلا ھازىلىق تون تەقدىم قىلىشى، ئوغلى ھېلىمۇ ھايات بولۇشىنى بولۇنبەگنىڭ مەسخىرە كۈلكىسى تەبىئىي خۇش چاقچاق بۇ ئادەمنى ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ يول ئۈستىدە قوللىرىنى

كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەرگەن تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، نۆكەر، ياساۋۇل، چەۋەندازلارغا ھەرقاچانقىدەك ئىللىق جاۋاب سالام قايتۇردى. بەزىلەر بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى، بەزىلەر بىلەن ئېتىنى توختىتىپ پاراڭلاشتى، بەزىلەردىن ھال سورىدى، قايغۇسىنى زادى بىلدۈرمىدى. ئۇ بىرقانچە گۈزەردىن ئۆتتى. يان كوچىغا بۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر، چىگىل، قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ ھاللىق جەمەتلىرى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باغۇبوستانلىق بەگبۇقا مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. بىر ئېرىق سۇ كوچا بويلاپ ئاقماقتا ئىدى. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىشىك بېشىغا بۇغراخان پادىشاھلىقىنىڭ ھال رەڭ تۇغى قاداقلىق تۇراتتى.

رەيھاندىن مانا مۇشۇ مەھەللىدىكى زەردار ئۇيغۇر ئائىلىسىدە، مۇسا بايتاش بۇغراخان[1] زامانىدا ھىجرىيە 369 ـ يىلى[2] تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى بەگتۆمۈر بەگبۇقا ئىسىملىك مەشھۇر سەركەردىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئېيتىلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بەگبۇقا بىر مەزگىل بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولغانىدى. مۇسا بايتاش بۇغراخان مەرھۇم ئىنىسى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ[3] ئوغلى ھارۇن تېگىن بىلەن بەگبۇقانى سامانىيلار خانلىقىغا قارشى جەڭ قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. بەگبۇقا تۇمەنبېگى بولۇپ ئاتلىنىپ، دۈشمەن بېسىۋالغان تالاس شەھىرىنى[4] قورشىۋالغانىدى. جەڭدە ئوڭ قولى چېپىلىپ كەتسىمۇ ئاتتىن چۈشمەي، سول قولىدا قىلىچ ئوينىتىپ، تالاس شەھىرىگە بىرىنچى بولۇپ بېسىپ كىرىپ، سامانىيلار خانلىقىنى پۇتونلەي مەغلۇپ قىلغانىدى. بەگبۇقا زەپەر قۇچۇپ قاراخانىيلارنىڭ باش پايتەختى ئوردۇكەنتكە[5] كەلگەندە، مۇسا

① مۇسا بايتاش بۇغراخان ـــ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى.
② ھىجرىيە 369 ـ يىلى ـــ مىلادىيە 978 ـ، 979 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
③ سۇلايمان ئارسلانخان ـــ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى.
④ تالاس ـــ ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى شەھەر.
⑤ ئوردۇكەنت ـــ قەشقەر، ئوردا شەھىرى (خان تۇرىدىغان شەھەر).

بۇغراخان ئۆزى ئالدىغا چىقىپ بۇ باھادىر ئەزىمەتنى كۇتۇۋالغان ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال - دۇنيا سوۋغا قىلىپ «يابغۇ» ئۇنۋانىنى بەرگەنىدى. ئىسسىقكۆل[1] ئەتراپىدىكى زېمىننى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغانىدى.

ئۇ ئۈچ خوتۇنىدىن سەككىز ئوغۇل، توققۇز قىز پەرزەنت كۆرگەنىدى. بەش ئوغلى ئۆزىگە ئوخشاش خانلىقنىڭ لەشكىرىي قىسىملىرىدا سەردار ئىدى. ئۈچ ئوغلى قەشقەردە ئوقۇۋاتاتتى. بۇلاردىن بىرسى مۇدەررىس، ئىككىسى سودىگەر بولدى. بولۇپمۇ كەنجى ئوغلى بەگتۆمۈر كارۋان بىلەن سەمەرقەنت، باغدات، بەسرە، ئىسكەندىرىيە، كونستانتىنوپول[2]، رىم قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىش جەريانىدا، زامانىسىنىڭ داڭلىق سودىگەرلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قەيەرگە بارسا چوڭ ئوغلى رەيھانىدىننى بىللە ئېلىپ بېرىپ، ئالدى - ساتتى ئىشلىرىدا پىشۇرغانىدى. پاراسەتلىك بۇ نەۋرىسىدىن ئىككى ئەۋرە كۆرگەن بەگبۇقا تولىمۇ خۇشال ئىدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە نۆكەر بولغان بۇ مويسىپىت ئۈچ قاراخان[3] بارگاھىدا خىزمەت قىلىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئۈچىنچى ئەۋرىسى تۇغۇلغاندا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئاكىلىرى ئۆي - ئوچاقلىق، ئاچىلىرى ياتلىق بولۇپ ئۆز قورۇ - جايلىرىدا تۇرۇۋاتقاچقا، بەگتۆمۈر بالىلىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي يېقىپ، چوڭ ئۆينى تېخىمۇ ئاۋات قىلدى.

تۇرمۇش ئىنسان ئارزۇ قىلغاندەك ھەمىشە خاتىرجەم ئۆتۈۋەرمەيدۇ. بەگتۆمۈرنىڭ ھارۇن ئارسلانخانغا نۆكەر بولۇپ كەتكەن ئىككى ئوغلىنىڭ سامانىيلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يارىلىنىپ ئۆلگەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر كېلىپ، ئۇنىڭ ئارامى

---

① ئىسسىقكۆل ــ ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى چوڭ كۆل.
② كونستانتىنوپول ــ ھازىرقى ئىستانبۇل.
③ ئۈچ قاراخان ــ سۇتۇق بۇغراخان، مۇسا بۇغراخان، ھارۇن بۇغراخان.

بۇزۇلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلى رەيھاندىن ۋە ياتلىق قىلىنغان بەش قىزى قالغانىدى. ياشىنىپ قالغان بەگتۆمۈر پۈتۈن سودا ئىشلىرىنى پاراسەتلىك بۇ ئوغلىغا تاپشۇرۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى تائەت ـ ئىبادەتكە بېغىشلىدى.

رەيھاندىنىنىڭ بەشىنچى بالىسى دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ھارۇن بۇغراخان ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەھمەد بىننى ئەلى تۇغانخان بۇغرا قاراخان بولدى. ئەلدە ئاسايىشلىق كۈنلەر باشلاندى. تىجارىتى روناق تېپىۋاتقان بۇ زەردار بالاساغۇنغا كاتتا بىر مەدرىسە، ئىككى چوڭ مەسچىت سالدى. بالاساغۇن بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى يولنى كېڭەيتىپ ياسىتىپ، راۋانلاشتۇردى. چۇ دەرياسىغا كۆۋرۈك سالدۇردى. ئۇنىڭ مەرد ـ مەردانىلىكى تىللاردا داستان بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، بۇغراخانلار جەمەتى ئىچىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلدى. بۇغرا قاراخان ئەھمەد بىننى ئەلى تۇغانخان ئۇنى بارگاھىغا چاقىرتىپ ھاجىپلىققا تەيىنلەپ، ئىلتىپات كۆرسىتىپ يېقىنچىلىق قىلدى. رەيھاندىن بۇ يۇقىرى مەنسەپنى بۇغرا قاراخان بىلەن ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشتا كۆۋرۈك قىلىش ئارزۇسىدا قوبۇل قىلدى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ساداقەتمەن خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق تىجارىتىنىمۇ داۋاملاشتۇردى. ئۇ تۇنجى بالىسى بەگتۇرمىشنىڭ تويىنى قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، مەملىكەت ئاسمىنىدا قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ قۇياش يۈزىنى توستى. بۈيۈك چىننىڭ يىراق شەرقىي شىمالىدىكى قىتان خانلىقى ياللۇغ خۇاگي دېگەن سەركەردىنىڭ باشچىلىقىدا ئون تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بىلەن قاراخانىيلار ئېلىگە ھۇجۇم قىلدى. موڭغۇل يايلاقلىرىنى چەيلەپ، ئورخۇن دەرياسىدىن چاپ ـ چاپ قىلىپ ئۆتتى. ئالتاي تاغلىرىنىڭ گۈزەل باغرىنى قانغا بويىدى، يەتتەسۇ بوستانلىقىغا باستۇرۇپ كىردى. بۇ جايلاردا ياشاۋاتقان يابىرغۇ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ

مۇلكىنى بۇلىدى، ئۆيلىرىگە ئوت قويىدى. بۇغرا قاراخان تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن شۇم خەۋەرلەرنى ئىشىتىپ غەزەپكە كەلدى. ئۇ دەرھال ھەرقايسى يۇرت ـ قەبىلىلەرگە يارلىق چۇشۇرۇپ يىگىرمە تۇمەن قوشۇن توپلىدى. ھاجىپ رەيھاندىن بۇ قوشۇننىڭ راسخوتى ئۇچۇن مىڭ سەر ئالتۇن بەرگەندىن تاشقىرى، ئۆز يىلقىسىدىن تاللانغان مىڭ ئاتنى ياياق ئەسكەرلەرنىڭ مىنىشى ئۇچۇن ئىگەر ـ جابدۇقى، قورال ـ ياراغلىرى بىلەن بەردى. تويى بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئوغلى بەگتۇرمىشنى قىتان قانخورلىرىنى مەغلۇپ قىلمىغۇچە ئارقىغا ياناسلىققا قەسەم قىلدۇرۇپ، پىدائىي ئەسكەرلەر بىلەن بىللە يولغا سالدى...

رەيھاندىن ئىگىز سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يولدا ئويغا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى.

بۇ مەھەللەنىڭ كوچىسى شەرقتىن غەربكە، ئاندىن جەنۇبقا سوزۇلغانىدى. ئۇ دوقمۇشتىكى چوڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا ئاتتىن چۈشتى. ئىشىك بېشىدا قاراخانىيلارنىڭ ھال رەڭ تۇغى لەپىلدەپ تۇراتتى. ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن بويانقار ھاجىپنىڭ قولىدىن ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى ئالدى.

يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان، يەكتەك كىيگەن خىزمەتكار ئىشىكنى ئاچتى.

— ھارمىغايلا ھاجىپ غوجام؟

— رەھمەت ئاشانبۇقا، ئوبدان تۇرغانسەن؟

— دۇئالىرى بەركاتىدىن ئوبدان تۇردۇم، غوجام، ئوغلۇم ھەزرەتلىرىنى خاپا قىلمىغاندۇ؟

— ياق، خاتىرجەم بولغىن، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن رازىمەن.

رەيھاندىن ئاتلارنى ئېغىلغا ئېلىپ ماڭغان بويانقارغا قاراپ قويدى.

ئۇ كۈنگۈرىلىك دەھلىزدىن ئۆتۈپ، ساداقەتمەن دېدىكى بىلەن ئەھۋاللاشقاچ گۈلزارلىق ھويلىغا كىردى. ئۇنىڭغا قامچىنى

بىرىپ، يېڭى ياپراق چىقارغان ئۈزۈم تاللىرى ئارتىلغان بىدىش ئاستىدىكى خىش يول بىلەن خانىغا قاراپ ماڭدى.

نەقىشلىك تۈۋرۈكلىرىگە گۈلدار ئەگمە قويۇلغان پېشايۋاننىڭ سول ياندىكى سۇپىسىدا ئويناۋاتقان ئالتە ياش چامىسىدىكى ئاقۇچ يۈزلۈك قىز قورچىقىنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئېسىلدى.

— ئابا، ئابا ![1] ...

قىزچاقىنىڭ قىزىل ياغلىقى قارا كوكۇللىرى تاشلانغان ئىنچىكە بوينىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

— ئاپپاق قىزىم ئارچۇن، كېلە قوزام، — ئاتىسى ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى.

— ئابا، ماڭا نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟ — كۆمۈتىدەك كۆزلىرىنى ئوينىتىپ سورىدى قىز.

— ساڭا ئوسما، ياڭاق ھالۋىسى ئېلىپ كەلدىم.

رەيھانىدىن ھەر كۈنى بۇ ئوماق قىزىغا بىرەر تاتلىق ـ تۈرۈم، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. بۈگۈن كېلىۋېتىپ سېتىۋالغان نەرسىلەرنى بەردى.

ئارچۇن تاقلاپ ـ سەكرەپ، ئايۋاندا كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان ئاچىلىرىنى چاقىردى:

— ئاپا، ئاپەكە ![2]

رەيھانىدىن ئارچۇننىڭ يېتىلىشى بىلەن پېشايۋاننىڭ ئىككى سۇپىسى ئارىلىقىدىكى يەتتە پايىدىن چىقىپ ئايۋانغا كىردى.

— ئابا، ئابام كەلدى، — دەپ توۋلىدى قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ئارچۇن.

ئون بەش، ئون ئۈچ، توققۇز ياشلاردىكى ئۈچ قىز ئايۋاننىڭ ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك گىلەم سېلىنغان سۇپىسىدىن

---

① ئابا — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئاتا دېگەننى، ھەم ئاپا دېگەننى بىلدۈرىدىغان قوش مەنىلىك سۆز.

② ئاپا، ئاپەكە — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئاچا، ھەدە دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

تەڭلا چۈشۈپ تەزىم قىلىشتى.

— ئەسسالام، ئابا !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قوزىلىرىم.

ئارچۈن ئاچىلىرىنى دوراپ ئېگىلىۋىدى، ياغلىقى سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

— ھۇ شەيتان قىز، ئاتاڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلما، — ئايۋاننىڭ ئوڭ يېنىدىكى ساراي ئۆيدىن چىققان قارا كۆز، بويلۇق جۇۋان ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ نازاكەت بىلەن سالام بەردى ۋە رەيھانىدىننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، زەر ياقىلىق تونىنى سالدۇردى.

— چارچىغاندەك تۇرىدىلا ئاتىسى، ھۇجىرىغا كىرىپ بىر ئاز ئارام ئېلىۋالسىلا.

— چارچىمىدىم، يابىرا، قارا چەكمەن تونۇمنى ئاچىقىپ بېرىڭ.

— بىر يەرگە بارىدىغان ئوخشىمامدىلا؟

— ياق، — رەيھانىدىن بىردىنلا، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، — بالىلارنى ئېلىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىغا بىللە چىقىمىز.

— بالىلار ھېلى كىرىپ چىققانىدى.

— يەنە كىرەيلى، دەيدىغان گەپ بار، ئانىسى.

يابىرانىڭ قوشۇما قاشلىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئېرىنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش، كەچ مەزگىللىرىدە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ ھال سوراپ ئولتۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى، بەزىدە بالىلار بىلەن، بەزىدە ئۆزى بىلەن، بەزىدە يالغۇز كىرەتتى. «ئەجەبا، كىرىپ چىقتۇق دېسەك، دەيدىغان گەپ بار، دەۋاتىدىغۇ، نېمە گەپ بولغىيدى؟ چىرايىدىن پەرىشانلىق چىقىپ تۇرۇپتۇ» ئويلاپ خاس ئۆيىگە كىرگەن يابىرا ھاۋا رەڭ يىپەك كۆڭلىكى ئۈستىدىكى قارا نىمچىسىنى كىيىپ چىقتى. رەيھانىدىن ئۇنىڭغا قاراپ باش لىڭشىتىپ:

— قىزلىرىم، سىلەرمۇ قارا نىمچەڭلەرنى كىيىۋېلىڭلار، —

دېدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ھەسرەتلىك چىقتى.

— نېمىشقا ئابا؟ — چوڭ قىزى ئايتولۇن سوئال نەزىرى بىلەن مۆڭلىنىپ قارىدى.

— بىردەم تەخىر قىلغىن، قىزىم.

رەيھانىدىن ئۇلارنى باشلاپ، تاشقىرىقى ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى گىلاس دەرەخلىرى شىلدىرلاپ تۇرغان باغ يولى بىلەن ئىچكىرىكى ھويلىغا ئۆتتى. بۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈيى لىق كۆل بار ئىدى، كۆل ئەتراپىغا مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇراتتى. ياشىنىپ قالغان بەگتۆمۈر قەدىناس خوتۇنى زەمۇران بىلەن كۆل بويىغا قويۇلغان كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتاتتى.

— مەرھابا بالىلىرىم، مەرھابا! — بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ پۈتۈن بالىچاقىلىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن ئوغلىنى سۆيۈپ كۈتۈۋالدى.

— ئوغلۇم، سىلى كۈندە نەچچە قېتىم يوقلاپ يۈرەكلىرىمىزنى ياشارتىپ تۇرۇۋاتىدىلا، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. ھەممەيلەنگە كۆز يۈگۈرتۈپ، بۈنىڭ ئادەتتىكى يوقلاش ئەمەسلىكىنى بىلدى، — يۈرۈڭلار، ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى ئۇ ئالدىدا مېڭىپ.

رەيھانىدىن ئاق رومال سالغان زەمۇران ئانىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ پايىدىن چىقىرىپ، ئاتىسىنىڭ كەينىدىن ساراي ئۆيگە كىردى. بۇ ئۆينىڭ ئالدى تېمىنىڭ دېرىزىسى ھويلىغا، ئارقا تېمىنىڭ دېرىزىسى باغقا قارىغاچقا يورۇق ئىدى. ۋاسا جۈپ قىلىنغان تورۇسى ئادەتتىكى ئۆيلەرنىڭكىدىن خېلى ئېگىز بولۇپ، گۈللۈك رەختتىن زەدىۋال تۇتۇلغان تاملىرىغا ئەگمە ئويۇق چىقىرىلغانىدى. ئۆيگە ئون ئىككى گەزلىك پارس گىلىمىدىن تۆتى سېلىنغانىدى. قىزلىرى، كۈيۈئوغۇللىرى، ئاكا - ئاچىلىرى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كەلگەندە، بەگتۆمۈر ئۇلارنى مۇشۇ ئۆيگە باشلايتتى. رەيھانىدىننىڭ بالىچاقىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا بۇ ئۆي بوش

تۇراتتى، خىزمەتكارلار ھەر كۈنى سەھەردە بۇ ئۆينى تازىلاپ چىنىدەك قىلىۋېتەتتى.
بەگتۇمۇر زەمۇران ئانا بىلەن ئويما نەقىش چېكىلگەن گۈمبەزلىك ئوچاق يېنىدا — تۆردە ئولتۇراتتى. مەرھۇم بەگبۇقانىڭ ساۋۇت - دۇبۇلغىسى مانا مۇشۇ يەرگە ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭغا ياندىشىلا باتۇر بوۋىسىنىڭ قىلىچ - قالقىنى، ئومۇت - گۈرزىسى، نەيزە - خەنجەرلىرىمۇ ئېسىلغانىدى. بۇ ئۆي شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پۈتۈن جەمەتكە روھ ۋە جاسارەت بېغىشلايدىغان ساراي ھېسابلىناتتى.
— خوش ئوغلۇم، بۈگۈن بۇنداق كىرىشلىرىدە بىزگە ئېيتىدىغان مۇھىم بىر خەۋەر بار ئوخشىمامدۇ؟ — بەگتۇمۇرنىڭ يۈرىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى رەيھانىدىنغا تىكىلدى.
— ھۆرمەتلىك بۇزرۇكۋار، ئىنسانىنىڭ ئىككى سەپەر ئۈستىدە ئىكەنلىكى ئۆزلىرىگە ئايان، مەنزىلىنىڭ بىرى بۇ دۇنيا، بىرى ئۇ دۇنيا.
— ئارى ئوغلۇم، ئارى، — كۆكسىگە چۈشكەن ئاق ساقىلىنى سىيپاپ باش لىڭشىتتى بوۋاي، — ھاياتتا ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن ياشىغان يەنىلا ئەۋزەل.
— توغرا دېدىلە ئاتا، ياشىغان ئەلۋەتتە ئەۋزەل. بىراق، ئوغلىمىز بەگتۇرمىش بىزنىڭ بەخت - سائادىتىمىز، ئەلنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپتۇ. مانا مۇشۇ خەۋەردىن ئانام بىلەن ئۆزلىرىنى، پۈتۈن جەمەتىمىزنى ۋاقىپلاندۇرغىلى كىرگەنىدىم. ئانىسىمۇ، سىڭىللىرىمۇ تېخى ئاڭلىمىغانىدى...
— ئاھ، ياش يوپۇرماق بالام !... — دەپ ھوشسىزلانغان ياشىرانى يۆلىۋالغان رەيھانىدىن ئۇنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى.
— سەۋر قىلىڭ ئانىسى، ئاللا سەۋر قىلغانلار بىلەن بىللە.
قىزلارمۇ ياغلىقىنى كۆزىگە تۇتۇپ يىغلاشقا باشلىدى.
— ئەجەب غەيۇر بالا ئىدى نەۋرەم، يۈرۈش - تۇرۇشى بوۋىسىغا بەك ئوخشايتتى، — زەمۇران ئانا ئوغلىنىڭ يېنىغا

ئۆتۈپ، كۆزىنى ئاستا ئاچقان كېلىنىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى، — بالام، يىغلىماڭ، مىڭ قاقشىساقمۇ تىرىلمەيدۇ. نەۋرەم بەگتۇرمىش ئادەتتىكى ئۆلۈم بىلەن ئەمەس، يۇرتىمىزنى مۇنقەرز بولۇشتىن، ئەلنى قۇل بولۇشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىككى تاغىسىدەك جېنىنى پىدا قىلىپ ئالەمدىن كېتىپتۇ. يىغلىماڭ بالام، يىغلىماڭ. يىغلىماڭلار باللىرىم، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن يۇم - يۇم ياش تۆكۈپ.

— مۇنداق ئۆلۈم جەمەتىمىزنىڭ ئەنئەنىسى، باللىرىم، — كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغان بەگتۆمۈر ياغاق ئالقىنى بىلەن يۈزىنى تۇسۇۋالدى، — قېنى، ھەممىمىز دۇئا قىلىپ ئۇنىڭ روھىنى شاد قىلايلى !

ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن سۈرە «تابارەك»نى قىرائەت قىلدى. ھەممەيلەن يىغىدىن توختاپ جىمجىت بولۇشتى. بەگتۆمۈر دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ئى ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچى ئاللا، ئۆز ئېلى، يۇرتى، جەمەتىنى قۇل بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دۈشمەنگە بوي بەرمەي جان تەسەددۇق قىلغان پەرزەنتىمىزگە جەننەتۇل فىردەۋس[1]تىن ئورۇن بەرگەيسەن. ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ياشلىرىمىزغا، ئەۋلادلىرىمىزغا غەلىبە - نۇسرەتنى يار قىلغايسەن. ئامىن...

رەيھاندىن كۆزلىرىنى بېسىپ تۇرغان قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ دېدى:

— ھۆرمەتلىك ئاتا، مېھرىبان ئانا، قازاغا رىزا بولۇش — ئىمانى كامىل مۆمىن بەندىلەرنىڭ خىسلىتى. مەن بۇ قازاغا رىزامەن. ھازا تۇتۇشنى تەرك ئېتىمەن، جەمەتىمىزنىڭمۇ ھازا تۇتماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى، ئوغلۇم دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتكەندۇر. مۇنداق شەرەپلىك

① جەننەتۇل فىردەۋس — جەننەتلەر ئىچىدىكى ئەتىۋارلىق جەننەت.

ئۆلۈم — ھايات قالغانلار ئۈچۈن خاسىيەتلىك تويدۇر. ئەگەر بىز سەۋر سۈيىنى ئىچمەي يىغا - زار قىلساق، دۈشمەنلىرىمىز كۈلىدۇ، ئوغلىمىزنىڭ روھى ئازابلىنىدۇ.

بەگتۆمۈر ئوغلىنىڭ تىلىكىنى ماقۇللاپ:

— ھازا تۈتمايلى، قارىلىق كىيىمنى سېلىۋېتەيلى. بۈنى پۈتۈن جەمەتىمىزگە بىلدۈرەيلى. پەتىگە كەلگەنلەر بىزنىڭ چىدام - غەيرىتىمىزدىن تەسىرلەنسۇن، — دەپ ئوغلىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

زەمۇران ئانا كېلىنىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى. ئۆينى سۈكۈت باستى.

## 2

ناماز بامداتتىن يېنىپلا ئاتىسى بىلەن بىرىنچى بولۇپ پەتىگە كەلگەن ئۈدمىش ھاجىپ رەيھانىدىن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھازا تۈتۈپ يىغا - زار قىلمىغانلىقىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدى. ئاتىسى مۇسىبەت سۈرىسىنى ئوقۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، مۈكچىيىپ قالغان بەگتۆمۈرگە تەسەللى ئېيتتى. رەيھانىدىن ئۇلارنى مەرھۇم ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ چىقتى. ئۇ كېچىچە قۇرئان ئوقۇپ ئۇخلىمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلىپ، ياڭاق سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققانىدى. لېكىن، ئۆزى مەزمۇت، تىمەن ئىدى.

— چاغرىبەگ① ئادامتوغرۇل جانابلىرى، باقىيغا كەتكەن ئوغلىمىز ئۈچۈن ھازا تۈتمىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن بولۇشلىرى مۇمكىن. مەن بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ پەرزەنتىمىز ئۈدمىشتىن ئەۋەتكەن پۈتۈكىدىن ئوغلۇمنىڭ ئالىپ

① چاغرىبەگ — قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى، ئەل ئۈچۈن زور خىزمەت كۆرسەتكەن سەركەردىلەرگە بېرىلەتتى.

ئۇنۇۋانىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇزاتقان چىغىمدا بەرگەن قەسىمىگە لايىق باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يىغلىشىمىز كېرەكمۇ؟ بىز يىغلىساق دۈشمەن كۈلمەسمۇ؟ شۇڭا، جەمەتىمىز بويىچە قۇرئان ئوقۇتۇپ، هازا تۇتماسلىقنى نىيەت قىلدۇق. ئۇلۇغ تەڭرىمۇ قازاغا رىزا بولۇشىمىزنى خالايدۇ.

— ئاقىلانە ئويلاپلا هاجىپ جانابلىرى. تۇنۇگۇن مەنسۇر ئېلىكخان تەقدىم قىلغان هازىلىق توننى كىيىشنى رەت قىلغانلىرىدىنلا مۇددىئالىرىنى بىلگەنىدىم. يىغا ئادەمنى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئوغلۇم ئۇدمىشتىن بەگتۇرمىشنىڭ قانداق جان تەسەددۇق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ناهايىتى هاياجانلاندىم. ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن كىچىكىدىن ئۆزۈم مەشىق قىلدۇرۇپ، ماهىر چەۋەنداز، مەرگەن قىلىپ يېتىشتۇرگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ، جاسارەتلىك بەستى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئىچىم ئۇۋۇلۇپ كەتتى...

«هە، تۇنۇگۇن مەنسۇر ئېلىكخان ئالدىدىن يېنىپ چىققىنىمدىن كېيىن، ئۇستازىم هازىلىق تونىنى كىيىشنى رەت قىلغانىكەن ـ دە، بۇنداق يۈرەكلىك ئادەم ئاز تېپىلىدۇ» دېدى ئۇدمىش ئىچىدە. ئۇ قاراگىرنى ئېلىپ ئوردىدىن ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن مەرهۇم دوستىنىڭكىگە بارغۇسى كەلگەنىدى. ئاكىسىدىن بۇنداق ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان ئايتولۇننىڭ يىغلىغان چاغدىكى مۇڭلۇق ئۈنىنى بولسىمۇ ئاڭلىغۇسى كېلىپ كەتكەنىدى. مانا، ئەتىگەن كېلىپ ئۈنىنىمۇ ئاڭلىيالمىدى، قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى.

— ئوغلۇم، بەگتۇرمىش توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىنە، — دېدى ئادامتوغرۇل ئورنىدىن تۇرۇپ بوز رەڭ قالپاق كىيىۋالغان بېشىنى سەل ئېگىپ. بەستلىك بۇ ئادەمنىڭ تۇرقىدىن ناهايىتى كۈچتۈڭگۈر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇدمىش ئۇنىڭغا تارتقاندى.

— ماقۇل ئابا. ئېھتىمال، ئېيتقانلىرىم ھاجىپ ئاغامنىڭ دەردىنى بىرئاز يېنىكلىتىپ قالار، — دېدى ئۇ، قايغۇلۇق نەزىرى بىلەن ئۆزىگە سەپسېلىپ ئولتۇرغان رەيھانىدىنغا قاراپ، — ئۇستاز، بەگتۇرمىش ئىككىمىزنى بىللە ئۇزاتقان ئىدىلە. بىز شۇ ماڭغانچە قانغا بويالغان يەتتەسۇ دالاسىغا قەدەم قويدۇق. قىتانلار ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىپتۇ، خوتۇن - قىز ھەمشىرىلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قارشىلىق قىلغان ئەرلەرنىڭ پۇتلىرىنى ئىككى دەرەخنىڭ شېخىنى ئېگىپ باغلاپ، ئازابلاپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئېغىر ئاياغ ئانىلارنىڭ قورسىقىنى قىلىچ بىلەن يېرىپ، تېخى دۇنياغا تۆرەلمىگەن بوۋاقنىمۇ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپتۇ. كىچىك گۆدەكلەرنىڭ يۈرىكىنى ئويۇۋېلىپ كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ. بۇ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئۇدمىشنىڭ كۆز ئالدىغا ئاشۇ پاجىئەلىك مەنزىرە كېلىپ سۆزدىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككى چانىقى ياشقا لىق تولغانىدى.

— سۆزلە بالام، سۆزلە، — دەپ ئالدىراتتى ئاتىسى ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق - ھە، قانداق تاقەت قىلىپ تۇرغانسىلەر؟

— تاقەت قىلىپ تۇرالمىدۇق. بۇغرا قاراخان غەزەپلىنىپ ئەسىر ئالماسلىق توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. بەگتۇرمىش «قىتان قاراقچىلىرى قېرىنداشلىرىمىزنى قانداق ئۆلتۈرگەن بولسا، بىزمۇ ئۇلارنى شۇنداق ئۆلتۈرۈپ قىساس ئالماي قويمايمىز !» دەپ مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ ۋارقىراپ كەتتى. جەڭ باشلاندى. قىتان قانخورلىرى ئۆزى بېسىۋالغان ھەربىر يېزا - شەھەردە جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ بىزنى چېكىندۈرمەكچى بولدى. بەگتۇرمىش: «ئارقىغا يېنىش ئاسىيلىق، دۈشمەن ئۈستىگە ئات سېلىپ ماڭغىنىمىز ماڭغان !» دەپ ھەم-

مىمىزنىڭ ئالدىدا قىلىچ ئوينىتىپ ماڭدى. بىز قىتانلارنى سۈر -
توقاي قىلىپ، تەڭرىتاغ باغرىدىن، ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېتەكلى-
رىدىن قوغلاپ چىقاردۇق. دۈشمەن بۆلاپ ئېلىپ كەتمەكچى بول-
غان تۇمەنلىگەن قوي، كالا، يىلقىلارنى، ئالتۇن، تىللا، يامبۇلارنى
قولىغا چۈشۈرۈپ ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىپ قوغلاپ مې-
ڭىۋەردۇق. ئەنە شۇنداق شىددەتلىك جەڭ بىلەن بىر يىل ئۆتتى.
تۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز جان تەسەددۇق قىلدى. ئىككىنچى يى-
لى دۈشمەننى ئىز بېسىپ قوغلاپ، ئارام بەرمەي ئېرتىش ۋادى-
سى، بالقاش كۆلى ئەتراپىدا جەڭنى داۋاملاشتۇردۇق. بەگتۇرمىش
ھەرقاچان لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، گاھ قىلىچ، گاھ
نەيزە، گاھ ئومۇت بىلەن ئۇرۇپ، قىتان چېرىكلىرىنى يەر چىش-
لەتتى. بىز جەڭ قىلىپ توختىماي ئىلگىرىلەپ، ئورخۇن دەر-
ياسى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا بى-
رىنچى بولۇپ ئات سالغان بەگتۇرمىش بولدى. ئۇ قاتتىكى تۇ-
مەنلىگەن دۈشمەن يادىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى، سالغا، مەنچا-
ناقتىن چوڭ - كىچىك تاشلارنى ئېتىپ «تاش بوران» قىلدى.
ئاتلىق، ئېگىز ھارۋىلىق ئەسكەرلىرىمىز ئارقا - ئارقىدىن دەر-
ياغا چۈشتى. مەن بەگتۇرمىشتىن ئون قەددەملا ئارقىدا كېتىۋا-
تاتتىم. ئۇ ئىككى قولىدا ئومۇت، قىلىچ ئۇرۇپ، توسۇماقچى
بولغان دۈشمەننى يىقىتىپ، قاچۇرۇپ يول ئېچىپ كېتىۋاتاتتى.
بىر چاغدا گۈرزە تېگىپ بەگتۇرمىشنىڭ چىپار تورۇقى يىقىل-
دى. «ئاپلا !...» دەپ ئۈنىڭغا قاراپ ماڭدىم. شۇ ئارىدا ئورنىدىن
تۇرغان بەگتۇرمىش بىر قولى بىلەن ئۈزۈپ، بىر قولىدا قىلىچ
ئوينىتىپ، نەرە تارتقىنىچە قىرغاقا قەدەم قويدى. بىزمۇ كەينى-
دىن قىرغاقا چىقتۇق. قىرىقتەك دۈشمەن نۆكىرى يوپۇرۇلۇپ
كېلىپ، بەگتۇرمىشنى تىرىك تۇتماقچى بولدى. ئۇ بىر قولىغا
قىلىچ، بىر قولىغا ئومۇتنى ئېلىپ پىرقىراپ ئايلانغىنىچە ئۇ-
رۇپ، سانجىپ بىرقانچە دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. بىزمۇ ھەرياق-
دىن كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن قىلىچلىشىپ كەتتۇق. كەينى -

كېيىندىن قىرغاققا چىققان نۆكەرلىرىمىز قىتان لەشكەرلىرىگە
قورشاپ زەربە بەرگىلى تۇردى. مەن ئىختىيارسىز بەگتۇرمىش
ئېلىشىۋاتقان تەرەپكە قارىدىم. يەتتە ـ سەككىز دۈشمەن ئۇنىڭ
ئەتراپىدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئولتۇرۇپ قالغان بەگتۇرمىش قى-
لىچىنى توختىماي شىلتىۋاتاتتى. ئۈچ دۈشمەن ئۇنىڭغا نەيزە
تەڭلەپ كەلدى. ئېتىلىپ بارغىنىمچە دۈشمەننىڭ بىرسىنى چې-
پىپ تاشلىدىم. بەگتۇرمىش بىرسىنىڭ قارنىنى چۇۋۇۋەتتى ۋە
ئورنىدىن تۇرۇپ، قاچقان دۈشمەننى قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ قى-
لىچ ئۇردى، ئۆزىمۇ يىقىلدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ يۆلىدىم. بې-
شىغا ئومۇت تەگكەنىكەن. ئىششىپ بۆرتۈپ چىققان يەردىن قان
ئېقىۋاتاتتى. ئوڭ مۈرىسىگە، يانپېشىغا قىلىچ تەگكەنىدى. بول-
دۇقلاپ قان چىقىۋاتقان كۆكرىكىدە نەيزە ئىزى بار ئىدى. ئۇ
شۇنداق ئېغىر يارىلانغان تۇرۇپ قىلىچنى تاشلىمىغانىدى، ھە
دەپ قىلىچىنى شىلتىپ ئالدىغا ئىنتىلەتتى. شۇ ھالدا بىردىن
جىم بولۇپ قالدى. قارىسام كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قاپتۇ. قۇ-
لىقىمنى قان بىلەن بويالغان مەيدىسىگە ياقتىم، يۈرىكىمۇ سو-
قۇشتىن توختىغانىكەن. «ئاھ، تەڭرىم! نېمىشقا دوستۇمنى بىز
بىلەن بىللە غەلىبە شارابىنى ئىچىشكە بۇيرۇمىدىڭ؟!» دەپ
يىغلاپ كەتتىم. دۈشمەنلەرنىڭ قاچقىنى قېچىپ، بىرقانچە مىڭى
ئەسىر بولۇپ تىز پۈككەنىدى. يايلاقلىرىمىزدىن بۇلاپ كەتكەن
تۈمەنلىگەن مال ـ يىلقىلارنى قايتۇرۇۋېلىپلا قالماي، سان ـ سا-
ناقسىز ئولجا ـ غەنىيمەتكە ئېرىشتۇق. بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى
ھال رەڭ تۇغ بىلەن بەگتۇرمىشنىڭ ئېڭىكىنى چاتتى. «بۇ ئا-
لىپنىڭ جەستىنى قۇزئوردۇغا ئېلىپ كېتىمىز. ئۇبدان
ساقلاڭلار» دەپ ئەمر قىلدى. مېنى ئەشكىنچىلىككە تاللاپ، ئاس-
تانىگە تېز خۇش خەۋەر يەتكۈز، دەپ بۇيرۇدى. مانا كېلىپ ھەر-
بىرلىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپتىمەن. ئەپسۇس، بەگتۇرمىش غە-
لىبە تەنتەنىسىنى كۆرەلمىدى، ئابا، — ئۇدمىش سۆزىنى تۈگى-
تىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، رەيھانىدىننىڭ ئالدىدا تىزلاندى، —

پىقىر شاگىرتلىرىنى ئوغۇللىرى ئورنىدا كۆرگەيلا، ئۆزلىرىنى ھېچقاچان يەرگە قاراتمايمەن.
— جان دوست بۇرادىرىمنىڭ پەرزەنتى بولسىلىمۇ، سىلىنى ئۆز بالامدەك كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن، ئوغلۇم، پىقىرنى ئاتا ئورنىدا كۆرگەن بولسىلىرى، شۇنداق ئىشەنچكە كەلدىمكى، مەن يۆلەنچۈكسىز قالمايدىكەنمەن.
رەيھانىدىن ئۇنى تۇرغۇزۇپ قۇچاقلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى:
— غەلىبە تەنتەنىسىنى ئوغلۇمنىڭ تېنى كۆرمىگەن بىلەن روھى كۆردى، سىلى كۆردىلە بالام. ئۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىپتىخارلىنىمەن، — ھاياجانلانغان ئاتا قىبلىگە قاراپ قوللىرىنى سۇنۇپ دېدى، — رەھمەت تەڭرىم، مېنى ئەل سۆيەر، ۋەتەن سۆيەر باتۇر ئوغلانغا ئاتا قىلغىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت. ئەگەر ئاسىي قاچقۇنغا ئاتا قىلىپ قويغان بولساڭ، بۇ يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەتتىم؟ رەھمەت تەڭرىم، رەھمەت !
ئۇ ئادامتوغرۇلغا قاراپ دېدى:
— رەھمەت چاغرىبەگ، ئوغلۇمنى باتۇر، مەرد ئەزىمەت قىلىپ تەربىيەلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن رەھمەت !
— ئاللادىن مىننەتدار بولسىلا بۇرادىرىم، پىقىر پەقەت بەندىلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم، خالاس. ئۆزلىرىمۇ پەرزەنتىم ئۇدمىشنى تەربىيەلەپ كامال تاپتۇردىلىغۇ. رەھمەتنى سىلىگە ئېيتساق بولىدۇ. ئەلنىڭ ھۆرلۈك ـ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئوغلىنى ئاتلاندۇرغان، مىڭلىغان ئات، قورال ـ جابدۇق، ئالتۇن ـ كۈمۈش ياردەم قىلغان ئۆزلىرىدەك مەرد ئەزىمەتكە پۈتۈن قوۋم رەھمەت ئېيتىدۇ، — ئورنىدىن تۇرغان ئادامتوغرۇل رەيھانىدىننى قۇچاقلىدى. دەھلىزدە باياتىن بېرى ھوجرا ئىشىكىگە يېقىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئايتولۇن ئاستا كەينىگە يېنىپ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشنى سۈرتتى.
رەيھانىدىن ئۇلارنى ئىشىك ئالدىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ

قويدى.

پەتىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈچ كۈنگىچە ئۈزۈلمىدى. تۆتىنچى كۈنى ھاجىپ رەيھانىدىن ئوردىغا بىرىپ خىزمەتتە بولدى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئەمىر ـ ئەركانلار بۇغرا قاراخان ئەھمەد بىننى ئەلى تۇغانخاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىشىۋاتاتتى: بۇغرا قاراخان سارىيىنى زىننەتلەش، قۇزئوردۇ كوچىلىرىنى كۆركەملەشتۈرۈش، چەت ئەل يالۋاچ[①]لىرىنى كۈتۈۋېلىش، مەملىكەت بويىچە غەلىبە تەنتەنىسى كۈنى ئۆتكۈزۈپ ئاۋام بىلەن داستىخاندا بىللە بولۇش، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈش، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشتەك پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

رەيھانىدىن «ئاۋام بىلەن داستىخاندا جەم بولۇپ، غەلىبە شارابىنى ئىچىش» پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىككە بەلگىلەنگەنىدى. بۇ كاتتا سورۇندا بۇغرا قاراخان، ئېلىكخانلار ئاۋام بىلەن يۈز كۆرۈشەتتى. شائىرلار مۇشائىرە ئوقۇيتتى. قىزىقچىلار قىزىقچىلىق قىلاتتى. سەنئەتكارلار ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشاتتى. ئاخىردا جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە باتۇرلۇق كورسەتكەنلەرگە، نام قازانغانلارغا تون كىيدۈرۈلۈپ، ئات مىنگۈزۈلەتتى. بۇ نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مىسلىسىز زور پائالىيەت بولغاچقا، پۇختا تەييارلىق قىلىش زۆرۈر ئىدى. ئەھمەد تۇغانخان تەختكە چىقىپ ئۆتكۈزگەن «ئاۋام بىلەن داستىخاندا جەم بولۇش» سورۇنى كۆڭۈلگە ياقمىغاچقا، رىياسەتچىلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنغانىدى. بۇ ساۋاقنى ئېسىدە تۇتقان رەيھانىدىن بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئېلىكبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ مەسلىھەتلەشتى. ھەرقايسى بازار، كوچا، مەھەللىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ، ئاۋامنى تېز ھەرىكەتكە

① يالۋاچ ــ ئەلچى.

كەلتۈردى.
چارچىغان، ھارغان رەيھاندىن ئۆيگە كەچ قايتتى. يابىرا ئېرىنىڭ ئويچان چىرايىغا زەن قويغاچ تونىنى سالدۇرۇپ، تەرەت ئېلىشقا سۇ قۇيۇپ بەردى. ئۇ بۇنداق ئىشلارغا دېدەكلەرنى بۇيرۇمايتتى. بەلكىم بۇ بەك ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، يۇيۇنۇش سۇيىنىمۇ ئۆزى ئىسسىتاتتى، بولمىسا قول - دېدەكلەر، ھۆر خىزمەتچىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. قىزلار باغ ئىچىدىكى كۆل بويىدا قۇشناچىمدىن ئالغان دەرسلىرىنى تەكرارلىشىۋاتاتتى. رەيھاندىن ئۆز ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇلارغا كۆز سېلىپ، ئوغلىنى ئويلاپ قالدى. «ئۇ ھايات بولسا، ئوردىدىن كەلگەن چېغىمدا ئالدىمغا چىقاتتى، تويىنى قىلغان بولاتتىم...» تاراملاپ ئاققان يېشىنى ياغلىقى بىلەن ئېرتقان ئاتا نامازغا تۇردى.
چاي دەملەپ كىرگەن يابىرا ئېرى جايناماردىن تۇرغاندىن كېيىن يىغلامسىراپ دېدى:
— ئاتىسى، ئوغلۇم كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ يىغىدىن باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنى شۇنچە چىڭ تۇتسامىمۇ، ئىچ - ئىچىمدىن توختىماي ئۆتلۈق ئاھ ئېتىلىپ چىقماقتا. چىدىماي قالدىم... — ئۇ ئېرىنىڭ مۈرىسىگە باش قويۇپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ياش تۆكتى.
— يىغلىماڭ ئەزىزىم. سەۋر قىلماقتىن باشقا نېمە ئىلاجىمىز بار؟ كۆرۈنۈشتە ھازا تۇتمىغان بىلەن، يۈرىكىمىز ھازا تۇتۇۋېتىپتۇ. راست، چىدىماق تەس، لېكىن بۇ قازاغا بەرداشلىق بېرىشىمىز كېرەك، — دېدى رەيھاندىن خوتۇنىنىڭ مۆڭلۈك چىرايىغا زەن سېلىپ.
يابىرا مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە خېلىلا جۈدەپ قالغانىدى. سىپتا قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ماڭلىيىدىكى بىلىنەر - بىلىنمەس قورۇقلار كۆزگە چېلىقىپ قالغانىدى. بۇ نازاكەتلىك، خۇشخۇي جۇۋاننىڭ لەۋەن قامىتى ئۇشتۇمتۇت ئۇششۇك تەگكەن

گۈل شېخىدەك ئېگىلگەنىدى. رەيھانىدىنىڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىچى ئاغرىپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئون تۆت يېشىدا ئەمرىگە ئېلىپ، يىگىرمە يىلنى بىللە ئۆتكۈزگەن بۇ خوتۇنغا ئىچ كۆيەر بولغان مېھرى كۆڭلىدىن ــ كۆڭگە ئۇلغايدىكى، سۇسلاشمىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالماس دەرىجىگە يەتكەنىدى.

قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىمۇ بۇ كېلىنىنى بەك ياقتۇراتتى، ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ ئىززىتىنى قىلاتتى. يابىرامۇ ئۇلارغا كۆيۈنەتتى، چاي ــ تاماقنى ئۆزى ئېلىپ كىرىپ ھالىغا يېتەتتى، خىزمىتىنى ئېرىنمەي قىلاتتى. رەيھانىدىن بۇ مەھبۇبىدىن شۇنچە رازى ئىدى.

يابىرا تونۇلغان ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرسى بولغان بەگتاش مولىنىڭ كەنجى قىزى ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ ئابدۇللا دېگەن ئەرەبچە ئىسمى جامائەتكە مەشھۇر ئىدى. كىشىلەر ئابدۇللا داموللا دەپ ھۆرمىتىنى قىلىشاتتى. ئۇ چاغلاردا ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئىككى ئىسمى بولاتتى. بىرى، ئۇنىڭ مىللىتى، يەرلىك ئادەملىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىرى، مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە شاھىت ئىدى. ئاتىسى يابىراغا «ئامىنە» دەپ ئەرەبچە ئىسىم قويغان، لېكىن رەيھانىدىن «يابىرا» دەپ چاقىرىشنى ياخشى كۆرەتتى.

يابىرا بەگتۇرمىشنى ئون ئالتە يېشىدا تۇغقانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان تۆت قىزى بىر ــ بىرىدىن چىرايلىق بولۇپ، ئۇلار ئائىلىنىڭ بىباھا زىننىتى ئىدى. بۇلار يىلىسېرى بوي تارتىپ ئات مىنەلەيدىغان، ئوقيا ئاتالايدىغان، كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولغانىدى.

بەگتۇرمىش يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا، ھەممەيلەن ئۇنىڭ كۆزىگە قارايتتى. مىجەزى ئوبدان، ئاق كۆڭۈل، قەيسەر بۇ يىگىت ئەمدى يوق ئىدى.

رەيھانىدىن خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەن خوتۇنىنىڭ

ئىككى مۇرىسىدىن تۇتۇپ دېدى:

— يابىرا، ئارتۇقچە ھەسرەتلەنمەڭ، ھەسرەت يۈرەكنى ئېزىدۇ، كىشىنى ئۈمىدسىزلىك دەشتىدە سەرسان قىلىۋېتىدۇ. سىز ماڭا، باللارغا كېرەك، ئاتا ـ ئانامغا كېرەك. بۇنداق قايغۇرۇپ ئاغرىپ قالسىڭىز ھەممىمىز ئازابلىنىمىز. بىزنىڭ ئازابلىنىشىمىزنى خالامسىز؟

— ياق، خالىمايمەن، — پىچىرلىدى يابىرا ئېرىگە مۆلدۈرلەپ بېقىپ.

— خۇدا يەنە بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىپ قالار.

— خۇدا بۇيرۇسا يەنە بىر ئوغۇل تۇغمىسام كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئوغۇل كۆرمىسىلە سىلىنىڭمۇ كۆڭۈللىرى پۈتۈن بولمايدۇ. ئاھ، چاپسانراق بويۇمدا قالسا ئىدى...

بۇ ئۇنىڭ يۈرەك نىداسى ئىدى.

— مانا، مانا، ئەزىزىم، مېنىڭ ئۈمىدىم شۇ. يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىڭ. مەن تەڭرىمدىن بايلىق، ئەمەل تەلەپ قىلمايمەن، بىر ئوغۇل تەلەپ قىلىمەن.

يابىرا قولى بىلەن يېشىنى ئېرتىپ رەيھانىدىنغا يۆلەندى.

— مەن تۈنۈگۈن تاڭغا يېقىن بىر چۈش كۆردۈم.

— قانداق چۈش كۆردۈڭىز، ئەزىزىم.

— چۈشۈمدە ماڭا بىر بۆرە خىرىس قىلىۋاتقۇدەك.

— تەڭرىم بىزگە يەنە بىر ئوغۇل ئاتا قىلىدىكەن...

رەيھانىدىن ئۇنى باغرىغا باستى. ئالتۇندەك چاقنىغان كەچكى شەپەق ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىگە جۇلا تاشلىدى.

## 3

قىتانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، غەلىبە قۇچۇپ كېلىۋاتقان ئەھمەد تۇغانخان — سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى

ئىدى. سېيىت ئەلى ئارسلانخان مەلىكە نۇر ئەلانۇر خېنىمنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. نۇر ئەلانۇر خېنىم قاراخانىيلار مەملىكىتىنى بەرپا قىلغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ قىزى ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان بازىر ئارسلانخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. بازىر ئارسلانخان قاراخانىيلار مەملىكىتىگە ئۇل سالغان بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى.

تۇغانخان بۇغرا قاراخان بولغاندىن كېيىن، خان جەمەتى ۋە ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا نارازىلىق تۇغۇلدى. كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر يۈز بېرىپ، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشلەر سادىر بولدى...

مەنسۇر ئېلىكخاننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ، دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن ئوردا ئالدىدا تۇرغان رەيھاندىن قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، جەينىكىنى بىقىنىغا تىرەپ سەپراس بولغان ياساۋۇللارغا كۆز سالغان ھالدا، قاراخانىيلار تارىخىنى ئەسلەپ چىقتى. ئۇ بامدات نامىزىنى ئۆتەپلا، بالاساغۇندىكى يەتتە يۈز مەسچىت جامائىتىنىڭ رەت ـ رەت سەپ تۈزۈپ، ناغرا ـ كانايلارنى چېلىپ، تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ بۇغرا قاراخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولغىنىدىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ ئوردىغا كەلگەنىدى. ئوردىنىڭ دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلىغان خىشلىق يوللىرى جانان چىنىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى. تۇغ ـ ئەلەملەر قادالغان ئوردا ئىشىكلىرى داغدام ئوچۇق ئىدى. بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ دېرىزىلىرى، تام ـ تورۇسلىرى سۈرتۈلۈپ زىننەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، يېڭىدىن بىنا قىلىنغاندەك تەسىرات بېرەتتى. ئېلىكخاندىن باشلاپ دەرۋازىۋەنگىچە ئۈستىبېشىدىكى لىباسلىرىنى يەڭگۈشلەپ تېخىمۇ سالاپەتلىك تۈس ئېلىشقانىدى.

رەيھاندىن يېشىل بەقەسەم تون كىيىپ، يېشىل شايى سەللە يۆگىۋالغانىدى. ئۇ ھەممەيلەن بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ، مەنسۇر ئېلىكخانى پايتەخت ئاھالىسىنىڭ قارشى ئېلىش تەييارلىقىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، بىر قىسىم دۆلەت

ئەربابلىرى بىلەن ئوردا ئالدىغا چىقىپ تۇرغانىدى. «تۇغانخان
قورقۇمسىز، جاسارەتلىك بولغىنى بىلەن، بەكمۇ ئۆزۇمچىل. ئۇ
قىتانلارنى يېڭىپ دۇنياغا تونۇلدى، ئەل ـ يۇرت ئىچىدە زور
ئابرۇي قازاندى. ئەمدى كۆرەڭلەپ پۇقرانى ئۇنتۇپ قالمىسا
بولاتتى...» ئۇنىڭ خىيالى تۇگىمەي مەنسۇر ئېلىكخان ۋەزىر،
ئەمىرلىرى بىلەن چىقىپ كەلدى. ئۇ تۇم قارا ئارغىماققا
مىنگەنىدى، خاس نۆكەرلىرى ئاق ئات مىنىشكەنىدى. ئۇ
ھېچكىمگە قارىماي، ئىككى ياندا سەپراس بولۇپ تۇرۇشقان ئوردا
نۆكەرلىرىنىڭ قىلىچىنى پەس تۇتۇپ بەرگەن ھۆرمەت
سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالماي مېڭىپ كەتتى. ئاندىن بۇغرا قاراخان
تۇغانخاننىڭ خانىشلىرى، شاھزادىلەر، مەلىكىلەر، ئارسلانخان،
ئېلىكخان جەمەتىگە تەئەللۇق خانزادىلەر، كېنىزەكلەر، غۇلاملار
ھارۋىدا ۋە ئاتتا يۈرۈپ كېتىشتى. دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان دۆلەت
ئەركانلىرىمۇ مۇلازىملىرى بىلەن ئاتلىنىشتى. رەيھاندىن ئۇلار
بىلەن كېتىۋېتىپ «مەنسۇر ئېلىكخاننىڭ كۆڭلى ئارامىدا
ئەمەستەك قىلىدۇ» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۇزدى. ئۇلار ئاجايىپ
سەلتەنەتلىك زىننەتلەنگەن «قوۋۇقى باشا» دىن ئۆتتى. بۇ
دەرۋازىنىڭ پەشتىقىدا توقسان توققۇز نەپەر شادىيانچىلار ئۇزۇن
بۇرغا كانايلىرىنى، نەققارە ـ سۇنايلىرىنى دەرمەھەل چېلىشقا
تەييارلانغان ھالدا يىراقتا كۆز سېلىپ تۇرۇشاتتى. يەتتە چاقىرىم
يەرگىچە يولنىڭ ئىككى قاسنىقى سانجاق ـ سانجاق ئادەملەر
بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. رەيھاندىن ئۇلارغا قاراپ باش
لىڭشىتىپ: «كاشكى، بۇغرا قاراخان ئۆزىنى شۇنچە ھۆرمەتلىگەن
خەلقىنىڭ قەدرىگە يەتسە ئىدى...» دەپ ئويلىدى.

دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ئورنى ئەڭ ئالدىدا بولغاچقا، مەنسۇر
ئېلىكخان قارشى ئېلىشقا چىققان تۈمەنلىگەن ئادەم توپىنى
بېسىپ ئۆتۈپ توختىدى.

رەيھاندىن كېتىۋېتىپ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يۇقىرى
تەبىقىسىگە مەنسۇپ جەمەتلەرنىڭ تارخان، بەگ، باي غوجام،

خىنىملىرى ئارىسىدا ئاپپاق ساقىلى يەلپۈنۈپ تۇرغان قامەتلىك ئاتىسى بەگتۆمۈرنى، ئانىسى زەمۈران ئاغىچا خىنىمنى، خوتۇنى يابىرا خىنىمنى، قىزلىرى ئايتولۇن، ئايسىلىگ، ئايتىمىش، ئارچىن خىنىملارنى، ئاشانبۇقا باشلىق ئۆي خىزمەتچىلىرىنى كۆردى ۋە ئاتتىن چۈشتى. ئۇلار بۇغرا قاراخاننى قارشى ئېلىش بىلەن بىللە ئالىپ بەگتۇرمىشنىڭ قانلىق جەسىتىنىمۇ تاپشۇرۇۋېلىشقا چىقىشقانىدى. رەيھانىدىن ئۇلارنى ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ يىغلىماسلىققا دەۋەت قىلىپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇ مەنسۇر ئېلىكخان ۋەزىر - ۋۇزرالىرى، ھاجىپلار بىلەن تۇرغان يەرگە كەلدى. بۇ يەردە ئادامتوغرۇلمۇ بار ئىدى. ئىككى دوست قول ئېلىشىپ تىنچلىق سوراشتى. باتۇرلۇقنىڭ بەلگىسى بولغان قوتاز قۇيرۇقى قادالغان ئەلەمنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۇدمىش يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە تىزىلىپ سەپراس بولغان باھادىر يىگىتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى يولدا بولۇپ، بۇغرا قاراخاننى ئىنتىزارلىق ئىلكىدە كۈتۈۋاتاتتى.

كۈن بارغانسېرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، پاختىدەك بۇلۇتلار ئاسمان بوشلۇقىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئاق تون كىيگەن مۇلازىم ئالتۇن ساپلىق ھاۋا رەڭ سايىۋەننى مەنسۇر ئېلىكخاننىڭ بېشىغا تۇتۇپ تۇراتتى. ھەممە تاقەتسىزلىنىپ يولغا قارايتتى.

كۈن تىكلىشەي دېگەندە، ئېتىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كەلگەن چاپارمەن:

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك قەدىمى يېقىنلاشتى! — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

قاپىقى سېلىنغان مەنسۇر ئېلىكخان بېشىنى كۆتۈردى:

— شادىيانە چېلىنسۇن، پاياندار سېلىنسۇن!

يەتتە چاقىرىم يولغا قىزىل پاياندار سېلىندى. بالاساغۇننىڭ يەتتە دەرۋازىسى ئۈستىدىكى گۈمبەزلىك، كاھىشلىرى پارقىراپ

تۇرغان پەشتاقلاردا ئۇزۇن كانايلار تەڭلا چېلىنىپ، نەققارە ـ سۇنايلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى پەلەكنى قۇچتى.

قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن رەيھاندىن پۈتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، بويۇن سوزۇپ قارىۋىدى، يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ ـ توزاننى كۆردى. توزان بارا ـ بارا يېقىنلاپ، سۇزۇلۇپ، ئارىسىدىن ئۇچ دۇرباشى①: «يول بوشىتىڭلار، يول ئېچىڭلار، خاقان كەلمەكتە !» دەپ چۇقان سېلىپ چىقىپ كەلدى. كەينىدە هال رەڭ تۇغ كۆتۈرگەن توققۇز تۇغچى بار ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئالتۇن ساپلىق توبۇز (گۇرزە) كۆتۈرگەن توقسان توققۇز جاندار② ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. كەينىدىنلا ئۈچ قىزىل جەدە قوشۇلغان ئۇستى ئوچۇق ئېگىز خاقان هارۋىسىدا مەغرۇر ئولتۇرغان بۇغرا قاراخان ئەهمەد بىننى ئەلى تۇغانخان كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرلۈك رەڭدىكى ئاتلارنى مىنگەن سۇباشى، ئەمىر، ئەسكىري قازى، مۇنەججىم، پالچى، ئەپسۇنچى، تېۋىپ، قىزىقچى قاتارلىق خاقاننىڭ يېقىنلىرى بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن جان تەسەددۇق قىلغان ئالىپلارنىڭ جەسەتلىرى سېلىنغان هارۋىلار كېلىۋاتاتتى. ئىككى ئات قوشۇلغان بۇ هارۋىلارغا، ئاق، قارا شەددە ـ تۇغلار قادىلىپ، ئۇستى مەجنۇنتاللار بىلەن يېپىلغانىدى. هارۋىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاق تونلۇق قارىيلار سۇرە «ياسىن»نى قىرائەت قىلىپ ماڭماقتا. بۇلارنىڭ كەينىدىن هايات ئالىپلار قىلىچلىرىنى ئېگەرنىڭ قۇش بېشى ئۇستىگە تىكلەپ، «ئاللاهۇئەكبەر ! » دەپ تەكبىر ئېيتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ نەيزىلىرىنىڭ ئۇچىغا باتۇرلۇق، نۇسرەت بەلگىسى بولغان قوتاز قۇيرۇقى چىگىپ قويۇلغانىدى.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىنچىكە تاللاپ، تەربىيەلەپ

①دۇر باشى ــ بۇغرا قاراخاننىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭغۇچى.

② بۇغرا قاراخاننىڭ خاس مۇهاپىزەتچىلىرى.

يېتىشتۇرۇلگەن چاپاۋۇل قىسىم ئومۇت، گۈرزىلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇلارنىڭ كەينىدىن ئاق قاشقا، قارا بويۇن تورۇقلارغا مىنگەن ئىككى تۈمەن قىزىل تۇغلۇق ئۇيغۇر مەرگەنلىرى، قاراگىرغا مىنگەن ئىككى تۈمەن قىلىچۋازلىرى، بوز ئاتقا مىنگەن بىر تۈمەن توبۇزچىلىرى، چىپار ئاتلار قوشۇلغان ئېگىز هارۋىلىق چەۋەندازلىرى... هەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن سەپ تارتىپ كېلىشىۋاتاتتى.

ئۇلاردىن كېيىنلا ئەسىر چۈشكەن قىتان سۇباشىلىرى، چېرىكلىرى قوللىرى بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلانغان هالدا دۈشكەللىنىپ كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ روهى چۈشكۈن بولۇپ، باشلىرى سېلىنقلىق ئىدى.

ئەڭ ئاخىرىدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ كۆتۈرۈۋالغان ياساۋۇللار دۈشمەنگە ئەل بولۇپ، كېيىن قولغا چۈشكەن ئۈچ ئاسىينى، جەڭگاهتىن قاچقان توققۇز قاچقۇننى ياياق، يالاڭ باش، قوللىرى باغلانغان، بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنغان هالدا، ئىتتىرىپ، قامچىلاپ ئېلىپ كېلىشىۋاتاتتى. ئاسىي، قاچقۇنلارنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەلگەن بولۇپ، ئاران ـ ئاران دەسسەپ ماڭاتتى.

مەنسۇر ئېلىكخان كۈمۈش نالىلىق ئۆتۈك سىقىپ تۇرغان پۇتلىرىنى يەرگە قويۇش بىلەن تەڭ، هەممەيلەن ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولۇشتى. ئۇ پايانداز ئۈستىدە ئىتتىك مېڭىپ ئەهمەد تۇغانخانغا ئۈچ قەدەم قالغاندا تىزلىنىپ، يەرگە باش قويۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇغرا قاراخان غازى ئاكا. پېقىر ئىنىلىرى نۇسرەت قازىنىپ يانغانلىقلىرىنى مۇبارەكلەپ ئاياغلىرىغا باش قويدۇ!

بارلىق دۆلەت ئەركانلىرىمۇ يەرگە باش تەگكۈزۈپ سالام بەجا كەلتۈرۈشتى:

— ئەمىرۇل مۇئمىنىن (مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى) بۇغرا قاراخان

ئالىيلىرى، شانۇ زەپەر قۇچۇپ كەلگەنلىرىگە مۇبارەك بولسۇن! ئاللادىن ھەزرەتلىرىگە ئامانلىق تىلەيمىز!

— جانابىي ئاللا مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ غەلىبە قىلدۇردى، ئىنىم. سىز بىلەن، دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن، قۇزئوردۇلۇق قېرىنداشلىرىم بىلەن دىدار كۆرۈشتۇرگەن پەرۋەردىگار ئالەمدىن ناھايىتى مىننەتدارمەن، — ئۇ سۆزدىن توختاپ، قول باغلاپ تۇرۇشقان ۋەزىر، ئەمىر، ھاجىپلارغا، ھەرقايسى قەبىلە مۆتىۋەرلىرىگە سەپسىلىۋېتىپ، كۆزى رەيھانىدىنغا چۈشكەندە، چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئۆچۈپ، قايغۇ نامايان بولدى، — ئوغلىڭىز باھادىرلارچە جان تەسەددۇق قىلدى، ھاجىپ. ئۇنىڭ جەڭگاھلاردىكى باتۇرلۇقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈكچىگە پۈتكۈزۈپ قويدۇم. شۇنداق ئالىپ ئوغۇلنىڭ ئاتىسى بولغىنىڭىز ئۈچۈن قانچە پەخىرلەنسىڭىز ئەرزىيدۇ، قايغۇرماڭ!

— قۇللۇق، ئالىيلىرىنىڭ زەپەر قۇچۇپ سالامەت قايتىپ كېلىشى — ئەلنىڭ تىلىكىدىندۇر. ئوغلۇمنىڭ باقىيغا كېتىشى — جان پىدالىقتىندۇر، — رەيھانىدىن بېشىنى تۆۋەن ئەگدى.

— تىلەك بولۇپ، جان پىدالىق بولمىسا نۇسرەت قازانغىلى بولمايدۇ، ھاجىپ. پىداكار ئوغلىڭىز ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولۇشقا مۇناسىپ.

— ئاللادىن مىننەتدارمەن ئالىيلىرى.

ئەھمەد تۇغانخان ئىنىسىغا:

— ئاتىلىنىڭ! — دېدى ۋە ئۆزىمۇ ئېتىغا مىندى. ئۇ بەستلىك، بېشى يوغان، ئات يۈزلۈك ئادەم ئىدى، چار ساقىلى كۆكسىگە يېيىلىپ تۇراتتى، قارچىغا كۆزلىرى بىر قاراشتا كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى، كىيىۋالغان دۇبۇلغا - ساۋۇتى ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىۋەتكەنىدى. تۇغانخان ئىككى يانغا قاراپ ئالتۇن ساپلىق قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاۋامغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ماڭدى.

— بۈيۈك بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ

كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەيمىز !

— ئەمىرۇل مۇئمىنىن بۇغرا قاراخان ئاللىيلىرىنى ئاللا ئامان قىلغاي !

— ئۇلۇغ خاقانىمىزغا شان - شەرەپلەر بولسۇن !

چىنار، قېيىن دەرەخلىرى سايە سالغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ياساۋۇل - نۆكەرلەرنىڭ، ئاۋامنىڭ ساداسى پەلەككە يەتتى.

رەيھانىدىن بۇغرا قاراخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ كەينىدىنلا يېتىپ كەلگەن ھارۋىلارغا قاراپ ماڭدى، ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ھارۋىغا ئوغلى بەگتۇرمىشنىڭ جەسىتى قويۇلۇپ، ئاق يوپۇق يېپىلغانىدى. ئۇ تونۇدى، ئېتىنى بويانقارغا بېرىپ، ئۆزى ھارۋىنىڭ يېنىدا باش سېلىپ ماڭدى.

ئالپىلارنىڭ قاتارىدا كېلىۋاتقان بوزاغۇ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدىكى كۈمۈش ئىدىشتا ئۇسسۇزلۇق سۇنۇپ تۇرغان ئېسىلزادە خېنىملارنى كۆرگەندە، ئاتنى بۇراپ، قارا قاش، ئاقۇچ يۈز ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇ:

— ئى، سەۋىنچلىك پەرى، ئالپلار ئىچىدىكى رۇستەمگە ئۇسسۇزلۇق بەرگۈڭىز كېلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزىنى رۇستەم سانىغان ئالپ قىزدىن سۇ سوراپ كەلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى قىز ھال رەڭ يىپەك رومىلى بىلەن يۈزىنى توسۇپ.

— ئوھو قۇنچۇي[1]، ئالپ ئىكەنلىكىمدىن گۇمانلىنىۋاتامسىز تېخى؟ سىز قانچىلىك ئۇز، كۆرۈپ باقاي، — ئۇ قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن قىزنىڭ رومىلىنى قايرىماقچى بولدى.

— بوزاغۇ، تارت قولۇڭنى !

— نېمە دەيسەن؟ — ساقال باسقان يۈزى قارىداپ، كۆزلىرىگە

---

① قۇنچۇي — مەلىكە.

قان قوْيۇلغان بوزاغۇ يانتۇ قاراپ، غەزەپ ئاچچىقىدىن ئىلىشىشقا تەييار تۇرغان تەمبەل يىگىتنى كۆردى.

— ئۇدمىش ! سەن بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا چىققانىدىم. قايتىپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئەدەپسىزلىك قىلىۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ قالدىم، خۇنپەر. سەن ھەقىقىي ئالىپ ئەمەس ئىكەنسەن، بۇ يەردىن دەرھال كەت !

— ئالجىما ! بۇ يەردىن كېتىدىغان مەن ئەمەس، سەن !

بوزاغۇ قىلىچىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

ئۇدمىش ئوموْت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۇنىڭ قىلىچىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى.

— توختاش ! — ئاچچىقلانغان بەگتۆمۈر ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىردى، — سەن بوزاغۇ، مەن ئالىپ دەپ ئۆكتەملىك قىلماقچى بولۇۋاتامسەن ياكى مەن يۇغرۇش[1]نىڭ ئوغلى، دەپ چوڭچىلىق قىلىۋاتامسەن؟ خاقان قولۇڭدىكى قىلىچنى ياۋنى چاپ، دەپ تۇتقۇزغان. ئۇنى ئۆز قېرىنداشىڭغا تەڭلەۋاتىسىنا ! سەندە ئەقىل بارمۇ؟ قارا، قايسى ئالىپ كىشىلەردىن سۆ سوراپ ئىچىۋاتىدۇ، ھىچقايسىسى ! كىشىلەر ئۆزلىرى سۇنۇپ بېرىۋاتامدۇ؟ كۆرۈۋاتامسەن؟ ماڭ، كەت، بولمىسا ئاتتىن ئىرغىتىپ تاشلايمەن !

بوزاغۇ، شۇنداق قاراپ چار ساقال، غەزەپلىك بوۋاينى كۆرۈپ ھودۇقتى. ئۇ ئەمدى كەتمىسە كۆپچىلىك ئالدىدا يۈزى تۆكۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئېتىنى بۇراپ قامچا ئۇردى. «خەپ توختاپتۇر ئۇدمىش، ئالايغان كۆزلىرىڭنى ئويۇۋالمىسام...» دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتى سېلىنغان ھارۋىلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن ئۇدمىش ئات مىنگەن بەگتۆمۈر ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى بىلەن بىللە ئىتتىك ئۆيگە قايتىشتى.

ئەتىگەن يېتىپ كەلگەن ئاسىي، قاچقۇنلارنى كۆرۈپ

---

[1] يۇغرۇش — ۋەزىر.

غەزەپلەنگەن خالايىق قوزغىلىپ كەتتى. بەزىلەر قوللىرىنى شىلتىپ تۇكۇرۇپ، بەزىلەر تاش ئېتىپ لەنەت قىلىشتى، «چالما ـ كېسەك قىلىش كېرەك!» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

# 4

«ئەجەب كەچ قېلىشتىغۇ؟ ھاجىپ ئاناڭلار ئەنسىرەپ قالمىسۇن، دەپ باللارنىڭ، يا خىزمەتكارلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئەۋەتىپ قويمىدى. يامغۇر ياغمىدىغاندەك تۇرىدۇ، تېزرەك كېلىشسە بولاتتى» شۇلارنى ئويلاپ چاكىرى بىلەن ھويلىغا چىققان يابىرا شەرقتىن تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلارغا كۆز سالدى. دەم ئۆتمەي، گۈلدۈرمامىنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى بىلەن تەڭ، بالاساغۇن كۆكىدە چېقىن چېقىلدى. يامغۇر تاراسلاپ يېغىشقا باشلىدى. ئۇ «ئاھ، خۇدا، ئۇلار يامغۇردا قالدىغۇ، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئۆيگە قېچىپ كىردى.

— ئەنسىرىمىسىلە خېنىم، ئۇلار كاتتا مەرىكىگە كەتكەن تۇرسا، قانداقمۇ بالدۇر كېلەلىسۇن. ئاڭلىشىمچە، بۇ مەرىكە يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشقۇدەك، — دېدى جايناماز ئۈستىدە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان بۇدراچ ئانا ۋە قوشۇپ قويدى، — كېلىپ قالار، ئەنسىرىمىسىلە خېنىم.

ئۇ ئاشۇ كۈنى ئوغلى بەگتۇرمىشنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن جەسىتىنى كۆرۈپلا ھوشىدىن كەتكەنىدى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن رەيھاندىنىڭ ئۇزاق چۇشەندۇرۇشى، تاپىلىشى بىلەن يىغلاپ ئاھ ئۇرۇپ ھازا ئاچمىدى. نەچچە مىڭ ئادەم بىلەن ئالىپ ئوغلىنى يەرلىكىگە قويغان كۈنى، ئېرى بىلەن بىللە قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىنى ماقۇل كەلتۈرۈپ، ئاشانبۇقا، بۇدراچ موماي ۋە ئۇلارنىڭ يالغۇز پەرزەنتى بويانقارنى قۇللۇقتىن ھۆرلۈككە چىقاردى. بوۋاي بىلەن موماي ئالەمچە خۇشال بولۇپ، ئۆمۈرۋايەت بۇ ئائىلىدە قالدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەتكىلى ئۇنىشمىدى.

بويانقارمۇ رەيھانىدىننى ئۇستاز تۇتۇپ، بىر ئۆمۈر خىزمىتىدە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەسەم ئىچىپ تۇرۇۋالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇلار بەگتۆمۈر جەمەتىنىڭ ھۆر خىزمەتچىلىرى بولۇپ قالدى.

يابىرا شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈگرىنى كېسىپ تەييار قىلدى. بۇدراچ موماي پولۇ دەملىدى.

يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. بۇدراچ موماي قەندىللەردىكى شامنى يېقىۋەتتى. نامازشامنى ئۆتەپ دۇئا قىلىپ تۇرۇشىغا رەيھانىدىن ئاتا ـ ئانىسى، قىزلىرى، خىزمەتكارلىرى بىلەن ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

يابىرا قېيىنئاتىسى بىلەن ئېرىنىڭ، بۇدراچ موماي ئاشانبۇقا بىلەن بويانقارنىڭ تونلىرىنى سالدۇرۇپ، قوللىرىغا سۇ قۇيۇپ بەردى، ئايۋاندا ئولتۇرغۇزۇپ داستىخان سالدى. ئايتولۇن ھەممەيلەندىن بەكرەك خۇشال كۆرۈنەتتى، قارا كۆزلىرىدىن سۆيگۈ ئۇچقۇنى چاچراپ تۇراتتى. سىڭىللىرىمۇ خۇشلۇقىدىن تەنلىرىگە پاتماي قېلىشقانىدى. بەگتۆمۈر، زەمۇران ئانا روھلىنىپ قېلىشقانىدى.

يابىرا ئۈگرىنى ئۆزى ئۇستى، لېگەنلەرگە ئۇسۇلغان پولۇنى دېدەكلەرگە كۆتۈرتۈپ داستىخانغا ئېلىپ چىقتى. تاماق يېيىلىپ، داستىخان يىغىلغاندا خۇپتەنگە ئەزان چىقتى. بەگتۆمۈر دۇئادىن كېيىن ياخشى تىلەكنى بىلدۈردى:

ــ بالىلىرىم، ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈم ئىبرەت، تىرىكلىك سىناق. بىر كۈننى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ــ قىلىشقا تېگىشلىك ھەممە ئىشنى ئەتىگە قالدۇرماي قىلىۋېتىش دېگەنلىكتۇر. بىر كۈننى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ــ كۆكسى ـ قارنىنى كەڭ تۇتۇش دېمەكتۇر. بۈگۈنكى كۈن ــ پۈتۈن ئەل بويىچە ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن كۈن بولدى. بۇ كۈننى قەدىرلىشىڭلارنى، ئەل غېمىنى يەپ، ئەل ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ، ئەبەدىي مۇشۇنداق قۇتلۇق

كۆنگە مۇيەسسەر بولۇشۇڭلارنى تىلەيمەن.

— ئاللا بىزنى ياخشى تىلەكلىرىگە يەتكۈزسۇن، ئاتا، — دېدى رەيھاندىن ئايۋان سۇپىسىغا جايناماز سېلىپ.

نامازدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى.

يابىرا كەينىدىنلا ئۆيگە كىرگەن ئېرىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ:

— ھاجىپ، بۈگۈن ئوغۇللىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشىمامىلا، ئەجەب خۇشال بولۇپ، تېرىلىرىگە سىغماي قاپلىغۇ؟ — دېدى مەيدىسىگە چۈشۈپ قالغان بىر ئۆرۈم چېچىنى ئارقىسىغا تاشلاپ.

— يوقسۇ، ئوغلۇمنى ئۇنتۇغىنىم يوق، بۈگۈن ئۇنى كۆپ سېغىندىم، ئوغلۇمنى ئەسلىتىدىغان، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولدى. سىزنى ئۇنىمىغىنىڭىزغا قويماي ئېلىپ بارمىغىنىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىپ قالدىم. بارغان بولسىڭىز مىسكىن كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالاتتى، ئارتۇقچە غەم ـ غۇسسىدىن قۇتۇلغان بولاتتىڭىز، — رەيھاندىن ئورۇن سېلىۋاتقان خوتۇنىغا مەستلىكى كەلگەندەك قاراپ ئولتۇردى. يابىرانىڭ ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چېچى ئېگىشكەندە، رۇسلانغاندا يىلاندەك تولغىنىپ ـ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ساغرىسىغا ئۇرۇلاتتى.

— ئەزىزىم، بۈگۈن بۇغرا قاراخان ئاشۇ كاتتا مەرىكىدە ئوغلىمىز بەگتۇرمىشقا «ئالىپ سانغۇن» ئۇنۋانىنى بېرىپ كەدۈت تەقدىم قىلدى. چۇ دەرياسى بويىدىن بىر پارچە يەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى، ئوغلۇم ئورنىدا قوبۇل قىلدىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى رەيھاندىن خوتۇنىنى قولىدىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، — پېقىرنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاغىچى ئۇلۇغى[①] قىلىپ يارلىق چۈشۈردى. مېنى خۇشال قىلغىنى خاقاننىڭ ئىنئاملىرىلا ئەمەس، بەلكى ئاۋامنىڭ جاپادىمۇ، راھەتتىمۇ بىر ـ بىرىگە ھەمدەم، يار ـ يۆلەك بولۇش

① ئاغىچى ئۇلۇغى — خەزىنە باشقۇرغۇچى ئوردا بېگى.

ئىرادىسىنىڭ نامايان قىلىنىشى بولدى. مەن بۇنداق ئىرادە بىلەن روھنى ئوغلۇمنىڭ جەسىتى ئېلىپ كېلىنگەن كۈنى، دەپنە قىلىنغان كۈنى ئاۋامنىڭ جىنازىنى تالىشىپ كۆتۈرگەنلىكىدىن، سەمىمىي تىلەك ـ ئارزۇلىرىدىن ھېس قىلغان بولسام، بۇگۈن ئالىپلارنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقىدىن، ۋەتەنسۆيەر روھىدىن، بۇغرا قاراخانغا بولغان ساداقىتىدىن كۆردۈم. ئاۋام مېنىمۇ باشلىرىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋالدى. بىر ئوغلۇمدىن ئايرىلغاندىم، مىڭلىغان ئوغۇلغا ئاتا ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئانىسى، بۇلارلا ئەمەس، ئات بەيگىسىدە ئۇدمىش بىرىنچى بولدى، ئوغلاق تارتىشتىمۇ ھېچكىمنى ئۆزىگە يەتكۈزمىدى. چېلىشىشتا ياشلار ئىچىدە بويانقارغا، ياشانغانلار ئىچىدە ئاشانبۇقىغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىدى. نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىقتا چوڭلار ئىچىدە ئادامتوغرۇل، ياشلار ئىچىدە يەنە ئۇدمىش بىرىنچى بولدى. ئومۇت، توبۇز ئۇرۇشتا ياشلاردىن بوزاغۇ، ياشانغانلاردىن دوقاقبەگ بىرىنچى بولدى. سورۇن ئەھلى ئۇلارغا بارىكاللا ئېيتتى. بۇغرا قاراخان ئۇلارغا تون كىيدۈرۈپ ئات مىنگۈزدى. چېلىشىشتا بىرىنچى بولغان ئاشانبۇقا بىلەن بويانقارغا بىر لېگەندىن، ئات چېپىش، ئوغلاق تارتىش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىقتا بىرىنچى بولغان ئۇدمىشقا ئىككى ھېجىر، بەگتۆمۈرگە بىر ھېجىر، ئومۇت، توبۇز ئۇرۇشتا بىرىنچى بولغان بوزاغۇغا بىر ھېجىر، دوقاقبەگكە بىر ھېجىر تىللا تارتۇق قىلغاندا، ئالقىش ساداسى مەيداننى لەرزىگە كەلتۈردى. مەنمۇ ئۇ پالۋان ـ چەۋەندازلارغا بىردىن ئات مىنگۈزۈپ، تىللا كەمەر باغلاپ قويدۇم.

— ھە، بابا ئالتۇن تۇگمىلىك مەخمەل تون كىيىپ، تىللا كەمەر باغلاپ كەلگەن ئاشانبۇقا بىلەن بويانقارغا قاراپ قالغاندىم، ئەسلىي گەپ مۇنداق ئىكەن ـ دە، — دېدى يابىرا.

— «ئادەمگە ئامەت كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەن شۇ، ئەزىزىم. ھەممىدىن قىزىق بولغىنى يۈزلىگەن قىزلارنىڭ ئۇلارغا

ياغلىق تاشلىغىنى بولدى.
— قىزلىرىمىزمۇ تاشلىغاندۇ؟
— ئايتولۇن تاشلىدى.
— كىمگە، ئاتىسى؟
— ئادامتوغرۇلنىڭ ئوغلى ئالىپ ئۇدمىشقا.
— ھېلىقى ئۆيىمىزگە تولا كېلىدىغان شاگىرتلىرىغىمۇ؟
— شۇنداق، ئەزىزىم. ياغلىقنى ئۇدمىش ئالغۇچە، يۇغرۇش بولۇنبەگنىڭ ئوغلى قىلىچنىڭ ئۇچى بىلەن ئىلىپ قاچتى.
— بوزاغۇ دېگەن ئالىپمۇ؟ — ئەپسۇسلانغاندەك بولۇپ سورىدى يابىرا، — ئۇدمىش قاراپ قالدىمۇ؟
— يوقسۇ، ئانىسى. ئۇدمىش كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ يېتىۋالدى - دە، ئۇنىڭ قولىدىن ياغلىقنى تارتىۋالدى. «ياشاپ كەت يىگىت، ھەقىقىي ئالىپ ئىكەنسەن، بەختىڭنى تارتقۇزۇپ قويمىدىڭ!» دەپ چۇقان سالغان سورۇن ئەھلى ئۇدمىش ياغلىقنى قوينىغا سېلىپ، بۇغرا قاراخان بارگاھىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چەۋەندازلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئورۇن ئالغۇچە تىنماي ئالقىش ياغدۇرىتىپ تۇردى.
يابىرانىڭ ھاياجىنى بېسىلىپ سورىدى:
— قىزلار بويانقارغىمۇ ياغلىق تاشلىغاندۇ؟
— تاشلىماي قالاتتىمۇ ئەزىزىم، لېكىن كۆزۈم ئۇدمىش بىلەن بوزاغۇدا بولۇپ قېلىپ كۆرەلمەي قالدىم.
— يەنە قانداق قىزىق ئىشلار بولدى؟
— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى جەڭگاھتىن قايتقان ئالىپلار، بەيگىدە ئۇتقان پالۋانلار، چەۋەندازلار، پېشقەدەم سەركەردىلەر، جامائەت ئەربابلىرى بىلەن داستىخاندا بىللە ئولتۇرۇپ غەلىبە شارابىنى ئىچتى.
— سىلىمۇ ئىچكەنلا؟
رەيھاندىن خوتۇنىغا قاراپ كۈلدى:
— مەنلا ئەمەس، ئاشانبۇقا بىلەن بويانقارمۇ ئىچتى. ئۇلارنى

قۇللۇقتىن ئازاد قىلغىنىمىز قۇتلۇق ئىش بولغانىكەن. ئەگەر ئۇلار ھۆر ئادەم بولمىغان بولسا بەيگىگە قاتنىشالمايتتى، ئۇلۇغ خاقان بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ غەلىبە شارابىنى ئىچىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ياخشى قىلغانىكەنمىز، — يابىرا سۆيۈنگەن ھالدا ئېرىگە ئالدىنى قىلدى، — يەنە نېمە ئىشلار بولدى؟

— ئەمىسە گېپىمنى بۆلمەي ئاڭلاڭ، — رەيھانىدىن ئۇنىڭ شام يورۇقىدا ۋىللىدە قىزارغان يۈزىگە سەپسېلىپ، مەڭزىنى سىلىدى، — تۇمەنلىگەن ئادەملەرگە ئاش تارتىلدى. قىتانلاردىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەل بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر مۇبارەكلەندى، ئۇلار يېڭى ماكان — تۇرار جايلارغا خۇشال - خۇرام يۈرۈپ كېتىشتى. ئەسىر ئېلىنغان بىر تۇمەندىن ئارتۇق قىتان غالىب بولغان ھەرقايسى قەبىلىلەرگە چاكار قىلىپ بېرىلدى. بىزنىڭ پالۋان ئاشانبۇقىغا ئىككى ئەسىر تەگدى. ئۇ قۇل ئىدى، ئەمدى قۇلدار بولدى. بۇ دۇنيادا ئەمەل، بايلىق ھېچكىمگە باقىي ئەمەس، تەقدىر - قىسمەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئانىسى.

— شۇنداق، بىر سىمىز ئايرىلساق، بىر سىمىز ئېرىشىدىكەنمىز، بۇ جاھان ئاجايىپ جاھان ئىكەن.

— مېنى خۇش قىلغان يەنە بىر ئىش شۇكى، — دېدى رەيھانىدىن ھاياجانلىنىپ، — ساتقۇنلار چالما - كېسەك قىلىندى. ئاتا - ئانىلىرى، يارۇدوستلىرىمۇ ئۇلارنى لەنەتلەپ چالما، تاش ئاتتى. ئۇلارنىڭ نىجىس تەنلىرى بىر دۆۋە تاش - كېسەك ئاستىدا قالدى. قاچقۇنلار دارغا ئېسىلدى، ئۇلارغا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمىدى.

— ئاسىيلارغا كىممۇ ئىچ ئاغرىتاتتى. ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنى، يۇرتداشلىرىنى ئىچ ئاغرىتماي سېتىۋەتكەن تۇرسا، — گەپ قىستۇردى يابىرا، — ساتقۇنلارنى جادۇ بىلەن تۇغراپ قىيما - چىيما قىلىۋەتسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

— شۇنداق، ئەزىزىم، بىر ساتقۇن بىر ئادەمگە ئەمەس، مىڭلىغان ئاۋامغا، ھەتتا پۈتۈن ئەلگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن. ئۇلارغا رەھىم قىلغانلىق ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقان بىلەن باراۋەر. بۈگۈن پۈتۈن سورۇن ئەھلى «ساتقۇنلارنى تاش - بوران قىلىپ ئۆلتۈرەيلى !»، «ساتقۇنلار ئادەم ئەمەس، ھاياتلىقنى نابۇت قىلغۇچى مىتە !»، «قاچقۇنلارغا ئارىمىزدا ئورۇن يوق !»، «ياشىسۇن ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان !» دەپ يۈرەك ساداسىنى پەلەككە ياڭراتتى. ئوغلىمىزنىڭ روھمۇ بۇ كاتتا مەرىكىنى كۆردى، ئاۋامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئانىسى.

— ئېيتىسىلا ئانىسى، ئوغلىمىز نېمىنى خالايدۇ؟ — بىللە چىقمىغىنىغا پۇشايمان قىلغان يابىرا ئىنكەك تىرەپ ئېرىگە باقتى.

— سىزنىڭ مەيۈسلەنمەي خۇشال يۈرۈشىڭىزنى، بالىلار بىلەن بىر داستىخاندا ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇشىڭىزنى، يەنە... — رەيھانىدىن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قىلماي رەپىقىسىنى باغرىغا بېسىپ بېشىنى سىلىدى.

— يەنە نېمىنى، دېمەملا ھاجىپ؟ — دېدى يابىرا ئېرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ. ئۇ ناھايىتى سۆيۈنگەن چاغلىرىدا ياكى ئاچچىقلانغان، خۇيلانغان چاغلىرىدا رەيھانىدىننى ھاجىپ دەپ ئاتايتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا «ئانىسى» دەپ قىچقىراتتى.

— يەنە... — رەيھانىدىن خوتۇنىنىڭ ئىنگىكىنى يۆلەپ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، — يەنە ئەزىزىم، سىزنىڭ ئۆزىدەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشىڭىزنى خالايدۇ.

يابىرا ئۇنى چىقماي يىتىۋالدى...

ھەپتە ئۆتتى، ئاي ئۆتتى. ئاغىچى ئۇلۇغى بولغان رەيھانىدىن بۇزۇپ - چېچىۋەتمەي دۆلەت خەزىنىسىنى كۆپەيتىشنى، شۇنىڭ بىلەن ئەلنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى بىلىپ، ھېسابات ئىشلىرىنى ئېدىتلىق، تەرتىپلىك باشقۇردى. ئارسلانخان، ئېلىكخانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى،

ۋەزىر، ئەمىرلەر بۇغرا قاراخاننىڭ بەلگىلىمىسىدىن سىرت بىر تىيىنمۇ ئوشۇق چىقىم قىلالمايدىغان بولدى. باش ۋەزىر بولۇنبەگ بۇنىڭدىن تولىمۇ نارازى ئىدى. جەڭگاھتىن ھايات كەلگەن ئوغلى ئالىپ بوزاغۇنى بۇغرا قاراخانغا تولا ماختاپ خاس نۆكەرلىككە قوبۇل قىلدۇرغاندىن بۇيان، ئۇنىڭ خورىكى ئۆسۈپ قالغانىدى. بۇ يېڭى ئاغىچى ئۇلۇغىنىڭ قەستەن ياكى سەۋەبلىك ھالدا بىرەر ئىشتا كەتكۈزۈپ قويۇشىنى شۇنچە تىلەيتتى. لېكىن، رەيھانىدىن قىلچە يوچۇق قالدۇرماي جان كۆيەرلىك، خالىسلىق بىلەن خىزمىتىنى ئادا قىلىپ، كۈنسېرى قاراخاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىۋاتاتتى. بولۇنبەگ لېۋىنى چىشلەپ قېلىۋەردى. رەيھانىدىننىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن خىيالىغا كەلتۈرمىگەن چارە ـ تەدبىر، ھىيلە ـ مىكىر قالمىدى.

بىر كۈنى، ئۇ خوتۇنىدىن ئوغلىنىڭ رەيھانىدىننىڭ چوڭ قىزىغا مەيلى بارلىقىنى ئۇقۇپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. قىزىنى سوراپ رەيھانىدىننىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزمەكچى بولدى. ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى پەيت تېپىپ يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى.

بولۇنبەگنىڭ نىيىتىدىن خەۋەرسىز بولغان رەيھانىدىننىڭ كۆڭلىدە ئۇدىمىشنى كۈيۇئوغۇل قىلىۋالغۇسى بار ئىدى. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر بۇرادىرى ئادامتوغرۇل ئېغىز ئاچمايۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن ئوردىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، بۇ توغرۇلۇق خىيال سۈرۈپ قالدى: «ئادامتوغرۇلنىڭ ئوغلىغا باشقا بىراۋنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرگۈسى بارمىدۇ ياكى ئۇدىمىشنىڭ باشقا بىر قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟ نېمىشقا ئېغىز ئاچمايدىكىنە. ئايتولۇنغا كۆز تىككەنلەر ئاز ئەمەس...»

رەيھانىدىن ئۆيىگە كېلىپ، خوتۇنىنىڭ ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدەك قارىغاندا ناھايىتى خۇشخۇيلىشىپ كەتكىنىدىن

ھەيران قالدى. تاماق ۋاقتىدىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرگەندىمۇ، قىزلىرى بىللەن بىللە ئولتۇرغاندىمۇ يابىرانىڭ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ، ھەممەيلەننى خۇرسەن قىلغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى. يابىرا خېلى كۆنلەردىن بېرى خۇشخۇي يۇرىدىغان، ئوغلىنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا مەيۇسلەنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇگۈن بولسا بەكرەك خۇش ئىدى.

— ئاغىچى ئۇلۇغى ھەزرەتلىرى، ئەمەللىرى ئۆسكەنسېرى كەمىنە مەزلۇملىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالدىلىغۇ؟ ئەتىگەن كېتىپ، كەچ كېلىلا، ھالىڭ نېمە، دەپ سوراپمۇ قويمايلا، — دېدى ئۇ ياتاق ئۆيىگە كىرگەن ئېرىگە ھەزىل قىلىپ.

— قۇنچۇي ئالىيلىرى، پېقىر مۇلازىملىرىنى كەچۇرسىلە. ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق خاپا بولۇپ كېتىشلىرىنى خىيالىمغا كەلتۇرمەي، ئەل ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن. قانداق جازا بەرسىلە ماقۇل ھەق، — دېدى ئېگىلگەن رەيھانىدىنمۇ ھەزىل بىلەن جاۋاب بېرىپ.

— جازا ئەمەس، مۇكاپات بېرىمەن.

— تونىمۇ، ئاتمۇ؟

— ئىككىلىسى ئەمەس.

— ھەدىيە قىلىدىغانلىرى تىللا ئىكەن ـ دە.

— ياق.

— ئەمىسە، ئۇ نېمە مەلىكەم؟

— كۆك بۆرە.

— نېمە؟

— ئوغۇل پەرزەنت.

— ئېغىرئاياغ بوپسىز ـ دە، ئەزىزىم، ئاخىرى تىلىكىم ئىجابەت بولۇپتۇ، — رەيھانىدىن خۇشاللىقىدا يابىرانى

كۆتۈرگىنىچە ئۆينى ئۈچ قېتىم ئايلاندۇردى، — ئوغۇل ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز ئەزىزىم؟
— ئاۋۇ كۈنى كۆرگەن چۈشۈمدە بېشارەت بولغان ئەمەسمۇ؟
— ھە، ئېسىمگە كەلدى. مەن تەبىر بەرگەنىدىم. ئۇلۇغ شەپقەتلىك ئاللا ئامان ـ ئېسەن يەڭگىلى نېسىپ قىلسۇن...
مانا شۇ ئاخشامدىن باشلاپ، رەيھانىدىن بۆلەكچە جانلىنىپ قالدى. خوتۇنى ئالمىغا سېزىك بولغاچقا، ھەر كۈنى ئالما كۆتۈرۈپ كېلىدىغان بولدى. تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۈنمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى. يابىرانى گۈزەل ياز سەھىرىدە ئاچچىق تولغاق تۇتتى. تولغاقنىڭ قاتتىقلىقىدىن چۈشكىچە نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى.
زەمۇران ئانا بالاساغۇندا نامى بار تۇغۇت ئانىسى زەينەپ ئانا، بۇدراچ موماي بىلەن كېلىنىنىڭ بېشىدا پايپېتەك بولۇشۇپ كەتتى. تولغاق ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن پۈتۈن چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى: ئوت قالاپ، سۇ قايناتتى، بېشىدىن نان ئۆرۈدى، يېڭى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ساھىلغا بەردى. رەيھانىدىنمۇ ئوردىغا بېرىپ، شۇ كۈنكى خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ تېزلا يېنىپ كەلدى. ئىككى ياشلىق قوچقارنى سويۇپ خامتالاش قىلىپ غېرىبلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ياتاق ئۆيىگە كىرىپ قۇرئان ئوقۇپ دېمىدە قىلدى. دېمىدىنى ئۈچ قېتىم ئىچۈردى. يابىرانىڭ ئاغرىقى بىرئاز پەسلەپ يەنە كۈچىيىپ كەتتى.

ياتار ھالسىز ئانا ئاپپاق تۆشەكتە،
گۈل چىرايى گويا تامدەك تاتىرىپ.
تولغاق تۇتۇپ سانجىپ بىگىز يۈرەككە،
ئىڭراپ نالە قىلار تىنماي ئاھ چېكىپ.
گاھى چاچراپ تۇرۇپ كېتەر ئورنىدىن،
قارا چېچى تېقىمىغا ئۇرۇلار.

گاھى كېتەر سەنتۇرۇلۇپ ھوشىدىن،
كىشىگە ئۇ مۇردا كەبى تۇيۇلار.

شائىر تەسۋىرلىگەندەك چىدىغۇسىز ئازاب ئۇنى قاتتىق قىيناۋاتاتتى. بارا ـ بارا كەچ كىردى.

— ئاھ، خۇدا، رەھىم قىلغىن، — دەپ نالە قىلدى يابىرا. تۇن ئۆتۈپ چولپان تۇغدى. تولغاق قاتتىق تۇتتى. رەيھانىدىن ئۇنىڭ تۇغۇتىغا ئاسانلىق تىلەپ دۇئا قىلماقتا ئىدى... بىر كىچىك جان دەھشەتلىك ئاغرىق ئازابىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ ئانا باغرىدىن زېمىنغا تەۋەللۇت قىلىندى.

كىشنەيدۇ ئات، مەرەيدۇ قوي دالادا،
باغدا شاپتۇل، ئالما ـ ئۆرۈك شىلدىرلار.
ۋىچىرلايدۇ قالغاچ قونۇپ ناۋا[①]غا،
بىر جان ئانا ئايىغىدا تېپىرلار...

خوراز چىللاپ يەرگە چۈشتى قونداقتىن،
قۇشلار نەغمە قىلدى تېرەك شېخىدا.
شامال سوقۇپ بۇي كەلدى گۈل ـ قىياقتىن،
چىقار شۇدەم ئۆيدىن مۆڭلۈق بىر سادا.

ساپايىدىن كېلەر ئاۋاز قايغۇلۇق،
ئۆتەر يولدىن كارۋان چېلىپ قوڭغۇراق.
دەريا، ئۆستەڭ ئۆركەشلەيدۇ شاۋقۇنلۇق،
لېكىن، ئۆينى قۇچقان زىل ئۈن بەك ياڭراق.

ھېچ ساداغا ئوخشىماس بىر چىرقىراق —
ئاۋاز تولۇپ شۇ ياش ئانا ئۆيىگە:

① ناۋا — پېشايۋاننىڭ كۈنگۈرىسىگە نەقىش چىقىرىپ ئورنىتىلغان ياغاچ.

«ئىگە...» دېگەن ھەم سېھىرلىك، ھەم ئۇماق
ئۈن قوشۇلدى گۈزەل كۆكلەم كۈيىگە...

...

ئاي كۈلدى، چولپان كۈلدى، يۇلتۇزلار كۈلدى، پۈتۈن ئالەم كۈلدى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان رەيھانىدىن يۈرەكنى ئېرىتىدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاشۇ ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى.

## ئۈچىنچى باب

# ئاتا ئۈمىدى

### 1

تۇغۇلغان بوۋاق ئوغۇل ئىدى ــ كۆن دېسە كۈنىدىن ئوتلۇق كۆزى بار، ئاي دېسە ئايدەك نۇرلۇق يۈزى بار ئوغۇل ئىدى. زەمۇران ئانا بوۋاقنى ئاق يۆگەكتە زاكىلاپ، ھالسىزلىنىپ كەتكەن يابىرانىڭ يېنىدا ياتقۇزۇپ قويدى.

رەيھانىدىن كىرگەندە، بوۋاق تىنچ، بەختەر ئانا قارنىدىن ناتونۇش، ئەنسىز دۇنياغا كەلگىنىگە يېتىرقاپ يىغلاۋاتاتتى، كۆزى يۇمۇق بولۇپ، چېھرىنى تۇرۇۋالغانىدى، مۇشۇ تۇرقى بىلەن ئاق ئەتىرگۈلنىڭ غۇنچە - پورىكىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ــ مۇبارەك بولسۇن ئانىسى! ــ دېدى رەيھانىدىن كۈلۈمسىرەپ ياتقان خوتۇنىغا ئىللىق نەزەر تاشلاپ.

ــ قۇللۇق ئاتىسى.

ئاجىز، ئەمما يېقىملىق تونۇش ئۈننى ئاڭلىغان بوۋاق، كۈمۈتىدەك كۆزلىرىنى پاللىدە ئېچىپ يەنە يۇمۇۋالدى. بۇ جاھان ئۇنىڭغا غەلىتە كۆرۈنگەن بولسا كېرەك، يەنە يىغلاپ ئىككى يېنىغا ئۆمەللەپ نېمىنىدۇر «ئىزدىگىلى» تۇردى.

زەمۇران ئانا ئانار شەربىتىدىن پىيالىگە بىر قوشۇق قۇيۇپ، سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، ئاغزى بىلەن بوۋاققا ئىچۈردى. بوۋاق ئۇنىڭ لەۋلىرىنى ئېمىۋېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ــ مانا، ئادەم دېگەن شۇنداق، كىچىكىدىن قورسىقى تويسىلا تىنچىپ قالىدۇ، ــ دېدى بۇدراچ موماي مەنىلىك قىلىپ.

— ئادەمئاتىمىز بىلەن ھاۋائانىمىزمۇ يېيىش مەنئى قىلىنغان شېرىن مېۋىگە ئېغىز تېگىپ قويۇپ جەننەتتىن قوغلانغان ئەمەسمۇ. بۇ نەۋرەممۇ ئۇلارنىڭ پۇشتى ـ دە، بۇدراچ. قارالىڭ، شۇنداق چىرايلىق ياتقىنىنى، — زەمۇران ئانا بۇدراچ مومايىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ئىنساب ـ ئىمانى بىلەن چوڭ بولغاي، ئىلاھىم. مەنمۇ توققۇز بالا تۇغقانىدىم، ھەممىسى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ ئوبدان ياشاۋاتىدۇ. قورساق كۆتۈرمەك ئاسان، تۇغماق تەس، چوڭ بولماق ئاسان، چوڭ قىلماق تەس ئىكەن. نېمىلا دېگەنبىلەن بالا دېگەن تاتلىق، دۇنيادا بالا ئۇچۇن جاپا تارتمايدىغان ئادەم يوق.

رەيھانىدىن ئىككى مومايىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ، باشقا گەپ قىلماي قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن ئوتۇغات[①]نى تەڭلىدى:

— كىيدۈرۈپ قويسىلا، ئانا.

زەمۇران ئانا بېشىنى مامۇق ياستۇقتىن سەل كۆتۈرگەن كېلىنىگە ئوتۇغاتنى كىيدۈرۈپ قويدى.

— خويمۇ ياراشتى، قىزىم.

— رەھمەت ئانا.

— بىزلەرگىچۇ بالام، سۆيۈنچە بەرمەمسەن؟ — زەمۇران ئانا مېھمانلىك نەزىرىنى ئوغلىغا تىكتى.

— بەرمەمدىغان، — رەيھانىدىن سۇتۇق بۇغراخان نامى چۈشۈرۈلگەن ئۇچ تىللانى ئانىسىنىڭ ئالىقىنىغا قويدى. مۇساباياتاش نامى ئويۇلغان ئىككى كۈمۈش يامبۇنى زەينەپ ئانا بىلەن بۇدراچ مومايىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلىشسىلا.

— رەھمەت بەگ غوجام، خۇدايىم مەرتىۋىلىرىنى ئۇستۈن، پەرزەنتلىرىنى كۆپ قىلسۇن.

---

① ئالتۇن ئوتۇغات — چەمبەرسىمان تاج.

ئايتولۇن باشلىق تۆت قىز باغدىن يوگۇرۇپ چىققىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— قېنى كۆرەيلىچۇ بوۋاقنى...

— بۆرىمىكەن، تۈلكىمىكەن؟ — قىزلار بوۋاقتا بوي سوزۇشتى.

— بالىلىرىم، قولۇڭلاردىكى قىلىچ - نەيزىنى ئەكىرىۋېتىپ، ئاندىن بوۋاقنى كۆرسەڭلەرمۇ بولىدىغۇ، — دېدى زەمۇران ئانا نەۋرىلىرىنىڭ خۇددى جەڭدىن قايتقان نۆكەرلەردەك قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرگىنىگە ئاچچىقلىنىپ.

— مەشىق قىلىۋاتساق دېدەك قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ يابىرا خېنىم تۇغدى، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. مەشىقنى توختىتىپ، ئۇكىمىزغا گۈلدەستە تىزىپ ئېلىپ كىردۇق، — دېدى ئايتولۇن قولىدىكى رەڭگارەڭ گۈلدىن تىزغان خۇشبۇي گۈلدەستىنى بوۋاقنىڭ بېشىغا قويۇپ.

— بولدى قىلىڭ، ئانىسى، بۇلار ئۇكىسىنى كۆرۈۋالسۇن. مەن چېغىمدا ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدىم. يۈگۈرۈڭلار قىزلىرىم، ياراغلىرىڭلارنى ئەكىرىپ قويۇپ، كىيىمىڭلارنى ئالماشتۇرۇپ چىقىڭلار، — دېدى كىرىپ كەلگەن بەگتۆمۈر بوۋاققا ئېڭىشىپ قاراپ، — ۋاھ - ۋاھ ! قارا بۇنى، نېمانداق چىرايلىق ئوغۇل بۇ، قارا چاچ، ئاق يۈز... بۇنداق بوۋاقنى كىمنىڭ كۆرگۈسى كەلمەيدۇ، پەرىشتىلەرمۇ كۆرگىلى ئاسماندىن چۈشكەندۇ ھەرقاچان.

زەمۇران ئانا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى ئېلىپ، كۆتۈرگۈسى كېلىپ كەتكەن ئېرىگە بەردى. بەگتۆمۈر قولىغا ئېلىشىغا بۇ سەبىي جان كۆزىنى يېرىم ئېچىپ يىغلاپ كەتتى.

— ئابام - ئابام، يۇمران تېنىڭنى ئاغرىتىۋەتتىممۇ - ھە؟ ئانىسى، بۇ يىغلاڭغۇنى ياتقۇزۇپ قويۇڭ، — دەپ خوتۇنىغا سۇندى. زەمۇران ئانا ئويماقتەك ئاغزىنى تەمشىگەن چەۋرىسىگە ئاغزى بىلەن كالا سۈتى ئىچۈردى.

— ئىككى كۈن چىدىغىن قوزام. ئاباڭنىڭ كۆكسىگە سۈت كىرسە، تۈگىمەس نېمەتكە ئېرىشىسەن.

بوۋاق ئىككى تەرىپىگە بويۇن تولغاپ قاراپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

ھۆر خىزمەتچىلەر، دېدەكلەر ئارقا - ئارقىدىن بوۋاقنى كۆرگىلى كىرىشتى.

— ئۇكامغا قاچان ئات قويۇپ بېرىسەن بوۋا؟ — دېدى سىڭىللىرى بىلەن كىيىم يۆتكەپ كىرىپ كەلگەن ئايتولۇن. ئۇ ئەمدى ئون بەش ياشقا كىرگەن ساھىبجامال قىزغا ئوخشىغانىدى. ئەتلەس كۆڭلىكى، ئەتىللا جىلىتكىسى بەدىنىگە ياراشقانىدى.

— ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە.

— نېمىشقا بوۋا؟ ئەتە قويۇپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟

— ئەتە ئاباڭلار چەت ئەلدىن كەلگەن ياللۇۋاچلارغا سوۋغا تەقدىم قىلىدىكەن، ئوردىغا بارمىسا بولمايدۇ.

— ئابام قېنى؟ — بوۋاينىڭ ئەڭ كىچىك قىز نەۋرىسى ئارچۇن ئاتىسىنى كۆزلىرى بىلەن ئىزدەپ مومىسىدىن سورىدى.

— ئاباڭ قوي سويدۇرۇۋاتىدۇ، جىگىرىم.

قورۇنىڭ چوڭ ئىشىكىگە بۆرە بېشى ئاستۇرۇپ كىرگەن رەيھاندىن ئېرىق بويىدا قوي سويۇۋاتقان بويانقارنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇچ قوچقارنى سويدۇرۇپ، ئىككىنى خامتالاش قىلىپ، مۇساپىرلارغا چىقارتىپ بەردى. بىر قوينىڭ گۆشىنى ئۆيگە ئېلىپ قالدى. يابىرانى ئىسسىق تېرىگە ئالدى.

ئۈچىنچى كۈنى بامدات نامىزىدىن يانغاندا بەگتۆمۈرنىڭ چوڭ سارىيىدا ئات قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. تېخى تاڭ قاراڭغۇسى بولغاچقا تەكچىلەردىكى شام - چىراغلار ياندۇرۇپ قويۇلدى. شەيخۇلئىسلام، رەيھاندىننىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادىرى ئادامتوغرۇل، ئۇنىڭ ئوغلى ئالىپ ئۇدىمىش، بەگتۆمۈرنىڭ ئىنى - سىڭىللىرى، پەرزەنتلىرى، قۇدىلىرى، ھەقەمسايىلىرى بولۇپ

يۈزدىن ئارتۇق ئادەم كەلدى. ئاياللار سارايغا يانداش ئايۋاندا ئولتۇرۇشتى.

مەرھۇم بەگتۇرمىشنىڭ ئومۇت ـ گۈرزىلىرى، قىلىچ ـ نەيزىلىرى، ئوقيا ـ قالغانلىرى، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرى ئېسىلغان ساراي تېمىغا كۆز سالغان ئۇدمىشنىڭ بۇ ئەل قەھرىمانىغا بولغان ھۆرمىتى يەنىمۇ كۈچەيدى. گەجدىن ئەگمە چىقىرىلىپ چىرايلىق ياسالغان ئويۇقلارغا «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شېرىف»، سوقرات، ئەپلاتون، ئارستوتېل، فارابى، ئىبن سىنا قاتارلىق ئالىملارنىڭ كىتابلىرى تىزىلغانىدى.

سېلىنغان داستىخان يېمەكلىكلەر بىلەن تولدى. رەيھاندىن چاي قۇيۇپ مېھمانلارغا تۇتتى:

ــ جانابلار، پېقىرغا ئاللا كېرىم يەنە بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى، مەن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەربىرلىرى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇش شەرىپىگە سازاۋەر بولدۇم. مەن ناھايىتى خۇشال. بۇ ئوغلۇمنىڭ ئەل خىزمىتىنى قىلىدىغان ئەل ئوغلى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ چاي قۇيدۇم. قېنى، مەرھەمەت قىلىشسىلا!

ــ ئوغلۇم تىلىكىنى ئىزھار قىلدى. يەر سۇ بىلەن، ئادەم ياخشى نام بىلەن كۆكلەيدۇ. چوڭ نەۋرەم بەگتۇرمىش بوۋىسى بەگبۇقانىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ياخشى نام قالدۇردى. ئەمدى ئىنىسى تۇغۇلدى. ئۇنىڭمۇ ئاكىسىدەك ئالىپ بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن، ئالاتائالاغا بىرلىكتە ئىلتىجا قىلايلى، دەپ بۇ داستىخاننى راسلىدۇق. بەھۇزۇر بېقىشسىلا، ــ دەپ بەگتۆمۈرمۇ مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

دەسلەپ گۈللۈك جانان چىنىلەردە شورپا، تەخسىلەردە دۈمبىجىگەر، گۆش تارتىلدى. ئاندىن پۈتۈن پېتى تونۇردا كاۋاپ قىلىنغان ئۆچ قوي، بىر موزاينىڭ گۆشى يوغان تەڭنىلەردە ئېلىپ كىرىلدى. ئاخىرىدا، ئۆلار، غاز، قىرغاۋۇل گۆشلىرى، بېھى، ئالما، قۇرۇق ئۈزۈم سېلىنغان پولۇ لېگەنلەردە تارتىلدى.

جاۋۇر ـ ھىجىرلاردا قىتىق، سوزمە، تەخسىلەردە قوغۇن ـ تاۋۇز كەلتۇرۇلۇپ، مېھمانلارنىڭ قىزىغان تەنلىرى سوۋۇتۇلدى.

رەيھاندىنىڭ قېيىنئاتىسى بولغان شەيخۇلئىسلام قولىنى لۆڭگىگە ئېرتىپ، تۈزلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، تامىقىنى قىرىپ سۆز باشلىدى:

ـــ جانابلار، كۆك بۆرە دەپ ئاتالغان سەركەردىمىز بەگبۇقا ھەزرەتلىرىنىڭ يېگىدىن كۆز ئاچقان نەۋرىسىگە ئات قويۇش ئۈچۈن يىغىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز. ئات قويۇشنىڭ ئۆزى سۈننەت، ئات قويۇش ئۈچۈن بۇنداق يىغىلىپ ئولتۇرۇشىمىز ئادەتتۇر، ـــ ئۇ سۆزىنى توختىتىپ رەيھاندىنىغا قارىدى. بۇ قاراشنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ئاتا دەس قوپۇپ، ئاپپاق زاكىغا يۆگەلگەن بوۋاقنى ئېلىپ كىردى. ئۆي يورۇپ كەتكەندەك بولدى. بەگتۆمۈر بوۋاقنى ئوغلىنىڭ قولىدىن ئېلىپ شەيخۇلئىسلامنىڭ قۇچىقىغا سېلىپ بەردى.

ـــ ئاللا رەھمەت قىلسۇن.

ئولتۇرغانلارنىڭ بوۋاققا مەستلىكى كېلىپ بوي سوزۇپ قاراشتى.

ـــ ئەجەب چىرايلىق ئىكەن، ئېيۋەنسىز، نۇقسانسىز...

ـــ چىرايى ئاتىسىغا تارتىپتۇ.

ـــ يۈزى ئەجەب ئاق، سۈزۈك ئىكەن ـ ھە.

ـــ تەڭرى يامان كۆزدىن ساقلىغاي.

ـــ خەپشۇك !

ھەممە جىم بولدى.

ـــ ھەقتائالا ئادەمنى ئۇلۇغ قىلىپ ياراتقاندۇر، پەرىشتىلەرنى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇشى ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈندۇر. ھالبۇكى، ئادەملەرنى كۆزگە ئىلمىغان كۆرەڭ، تەكەببۇر، ئاچ كۆز، ھەسەتخور، رەھىمسىز، ئالدامچى، سۇيىقەستچىلەر، ھاياتلىق ئېتىزىدا شېرىن مېۋە بېرىۋاتقان نوتىلارنى قۇرۇتقۇچى شۇمبۇيا بولۇپ قالماقتا. ئېيۋەنسىز، پاك تۇغۇلغان

پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق زىيانلىق مەلئۇنغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەربىيەنى كۈچەيتىشىمىز، بىلىم بىلەن قاراڭغۇ دىلىنى يورۇتۇشىمىز زۆرۈر.

شەيخۇلئىسلام مۇلايىم لەۋزى بىلەن نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، بوۋاقنى كۆتۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— رەيھانىدىن بالام، بۇ ئوماق نەۋرەم قايسى قۇتلۇق ۋاقىتتا دۇنياغا كەلدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدىنقى كۈنى، يەنى ھىجرىيە 407 ـ يىلى شەئبانىنىڭ 17 ـ كۈنى[①] سەھەردە.

شەيخۇلئىسلام:

— بالىنىڭ ئىسمىنى نېمە قويساق بولار؟ — دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولدى.

— ئاتا، ئۆزلىرى بىلىپ... — دېدى رەيھانىدىن قول باغلاپ تۇرۇپ.

— شەيخۇلئىسلام جانابلىرى، ئوغلۇم بىلەن تۇنۇگۈن مەسلىھەتلىشىپ، بالىنىڭ ئىسمىنى يۇسۇپ قويساق بولارمىكىن دېيىشكەنىدۇق، — بەگتۆمۈرمۇ ئورنىدىن قوپۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

شەيخۇلئىسلام بوۋاقنى ئىككى قولى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ ئىسىم ئاللانىڭ روسۇلى، پەيغەمبىرى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىسمىدۇر. ئاللا ئىگەم بۇ پەيغەمبىرىنى چىداملىق، پاساھەتلىك قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا ناھايىتى گۈزەل جامال، ئاجايىپ كېلىشكەن تەن ئاتا قىلغانىدى. يەتتە ئەزاسى بېجىرىم، چىرايلىق تۇغۇلغان بۇ ئوغۇلغا «يۇسۇپ» دەپ ئات قويساق، ئاللانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل، ئىنسانلار ئارىسىدا مەشھۇر بولغاي، ئامىن!

---

① تەخمىنەن مىلادىيە 1016 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

— ئامىن!

شەيخۇلئىسلام بالىنى ئېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېڭى تۇغكەن چۆچۈرىدەك ئوك قۇلىقىغا يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ئەزان توۋلىدى. ئاندىن سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ بولۇپ:

— ئى رەيھانىدىن بەگتۆمۈر ئوغلىنىڭ دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان بالىسى، ئاتلىرى يۈسۈپ بولسۇن! — دەپ ئات قويۇپ بەردى.

— مۇبارەك بولسۇن!

— قۇتلۇق بولسۇن! — دەپ قۇتلۇقلاشتى ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ.

رەيھانىدىن شەيخۇلئىسلامغا ئات مىندۈرۈپ، مېھمانلارغا تون كىيدۈرۈپ ئۇزاتتى ۋە شۇ كۈنى يەنە ئىككى قۇلنى ئازاد قىلىۋەتتى.

## 2

بايىلا ئوچۇق كۆرۈنگەن ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ شارىلداپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. دەل - دەرەخلەرنىڭ هارام پۇتىقىنى ئېلىۋاتقان ئاشانبۇقا ئۆيگە قېچىپ كېلىۋالغۇچە سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ قالدى.

— ۋاي ئاتىسى، يامغۇر ياغمىغان بولسا ئۆيگە كىرمەمتىڭلار، قېرىغىنىنى تۇيمايدىغان، — بۇدراچ موماي چالۋاقىغىنىچە لۆڭگە ئەكېلىپ، ئېرىنىڭ قارىيىپ قالغان يۈزى بىلەن ياۋا قوتازنىڭكىدەك تۈرۈلۈپ كەتكەن بويىنىنى ئېرتتى. بېشىدىكى مالىخىيىنى ئېلىپ، ئاق شاپاق دوپپا كىيدۈرۈپ قويدى، — چاپاننى سېلىۋېتىڭلار!

ئاشانبۇقا ھىجىيىپ چاپىنىنى سېلىۋەتتى. يامغۇرمۇ توختاپ قالدى.

— بۆرە تۇغقان چېغى خوتۇن، بۇلۇتسىز ئاسماندىن يامغۇر

يىغىپ دۇنيانى سەگىتىۋەتتى.

— خۇدايىم، سىلىنى بىر ئاز دەم ئېلىۋالسۇن، دەپ شۇنداق قىلغاندۇر، بولمىسا دەل ـ دەرەخلەر يېنىمدىن ئۆيگە كەلمەيتتىڭلا. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىڭلا، چۆچۈرە ئېتىپ بېرىمەن.

— ئوغلۇم كەلگۈچە پىشۇرۇڭلا جۇمۇ !

— قاچان پىشماي قالغان؟ — دېدى ياغاق قوللىرىنى قورۇق باسقان پېشانىسىگە قويۇپ كۆنگە قارىغان موماي.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولۇپ، ئوچۇق ئاسمان يۈزىدە رەڭگارەڭ جۇلالىنىپ ھەسەن ـ ھۈسەن پارلىغانىدى.

ئاشانبۇقا باسمىل قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۆز جەمەتى بىلەن ياغمىلارغا بويسۇنماي قېچىپ يۈرۈپ، قولغا چۈشكەندە قۇل قىلىۋېتىلگەنىدى. بۇ كۈچتۈڭگۈر يىگىتنى بەگبۇقا ئېلىكخاندىن سوراپ ئېلىپ، ئائىلە خىزمەتچىسى قىلىۋالغانىدى. كېيىن قۇل بازىرىدىن سېتىۋالغان قارىقۇمچاق قىز بۇدراچنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى. بۇ قىز توگرا قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۆي ئىشلىرىغا كامىل ئىدى. قېچىپ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ يۈرگەن ئاشانبۇقا بۇدراچنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئائىلىگە بوسۇغىدىن دالجىماس ئىتتەك باغلىنىپ قالدى. بۇدراچ خېلىغىچە تۇغماي يېشى قىرىقتىن ئاشقاندا بويانقارنى تەۋەللۇت قىلدى. بويانقار ئون توققۇزغا كىرگەندە قۇللۇقتىن بىراقلا ئازاد قىلىندى. ئۇلار بۇرۇن باغنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى قۇللارنىڭ ياتاق ئۆيلىرىدە تۇرغان بولسا، ھازىر باغ ئىچىدىكى ھۆر خىزمەتچىلەر قاتارىدا بىر يۇرۇش ئۆيدە تۇراتتى. ئاشانبۇقا بىر قىز پەرزەنت كۆرۈش تىلىكىدىن تېخىچە ۋەز كەچمىگەنىدى. شۇڭا:

— ئەمدى تۇغمايدىغان بولساڭ، تىرناقتا توختىغۇدەك بىر قىز ئالىمەن جۇمۇ، — دەپ بۇدراچنى پات ـ پات تېرىكتۈرۈپ قوياتتى. ئوغلى ھۆر بولغاندىن بېرى ئوردا نۆكىرى ھەم رەيھانىدىننىڭ خاس مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇنى

ئۆيلەپ قويۇشقا بەكرەك باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تال باراڭلىق سۇپىدا چۆچۈرە تۇگۈۋاتقان خوتۇنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بويانقار بىلەن سۆزلىشىپ باقتىڭلىمۇ؟ ئۇنىڭ بىرەر قىزغا مەيلى بارمىكىن؟

— نېمە دەۋاتىدىلا ئاتىسى، ئوغلىمىزنىڭ يۈزى بەك تۆۋەن، بۇ ۋاقىتقىچە بىرەر قىزنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ باقمىدى.

— ئايسىلىڭ خېنىمنىڭ ئۆزگە ياغلىق تاشلىغانلىقىنى دەپ كەلگەنىغۇ، — ئاشانبۇۋقا غەلىبە تەنتەنىسى كۆنى چەۋەنداز پالۋانلارغا تاشلانغان رەڭمۇرەڭ ياغلىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ھىجايدى.

— ئۇنتۇماپتىلا ـ دە، ئاتىسى؟ ئۇنى ئەسلىرىدىن چىقارسىلا، بۇ ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئەمەس، — بۇدراچ موماي يالغان سۆزلىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئايسىلىڭنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، — ئۇلار دېگەن باي، زەردار ئائىلە. بىز دېگەن يېڭىلا قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغان، ئۆز جېنىنى ئاران جان ئېتىۋاتقان كىشىلەر. نە ئاتاق ـ ئابرۇيىمىز بار، نە ئەمەل نىشانىمىز...

— بولدى قىلىڭلار خوتۇن. ۋاتىلداپ كەتتىڭلىغۇ. مال ـ دۇنيايىمىز بولمىغان بىلەن، ئاتاق ـ ئابرۇيىمىز بار بولدى. ئوغلىمىز پالۋان بولۇپ ئاستانىدە داڭق چىقاردى. ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن قىزلارمۇ ئاز ئەمەس. ئايسىلىڭ شۇلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۆزى بەك ئوبدان قىز، «ئاشان بوۋا» دەپ قىچقىرىپ مېنى سۆيۈندۈرۈۋېتىدۇ.

— ئوبدان قىزلىقى ماڭىمۇ ئايان، ئاچىسى ئايتولۇندىن قېلىشمايدۇ. بىراق، ئۇ كاتتا باي ھەم كاتتا ئەمەلدارنىڭ قىزى. بىزنىڭ تېمى ئايرىم قورۇ ـ جايىمىزمۇ يوق، — بۇدراچ موماي تۈگۈپ بولغان بىر پەتنۇس چۆچۈرىنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ يەنە بىر قۇرۇق پەتنۇسنى ئېلىپ چىقتى، — بۇ چاغقىچە

رەيھانىدىن بېگىم قۇل دېمەي بىرگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ كەلدى، نام ـ ئاتاقىمۇ شۇلارنىڭ شاراپىتىدىن ئېرىشتۇق، بۇنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ. ئايسىلىنگ خېنىم بىلەن بويانقار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەن ھالەتتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇن بولۇپ بىر ياستۇقتا باش قويۇشى يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدىكى گەپ.

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭلا خوتۇن، ئوغلۇمنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان بولسا ئەجەب ئەمەس. مەن ھايات چېغىمدا يەر ئېلىپ باغلىق قورۇ قىلايمىكىن، دەيمەن. ھۆر ئادەم ئۈچۈن قورۇ ـ جاينىڭ بولۇشى، پادىشاھ ئۈچۈن بىر مەملىكەت بولمىسا بولمىغىنىدەك زۆرۈر ئىكەن... — ئۇنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى ئېرىق بويلاپ كېلىۋاتقان ئايسىلىڭكە چۈشۈپ سۆزدىن توختاپ قالدى.

— ھە، نېمە بولدى، سۆزۈڭلىنى توختىتىۋالدىڭلىغۇ؟ — دېدى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغان بۇدراچ موماي.

— قاراڭلا خوتۇن، ئاۋۇ كېلىۋاتقان قىزغا، قولىدا بىر نەرسە باردەك قىلىدۇ، — دېدى خۇش بولۇپ كەتكەن ئاشانبۇقا.

— ۋاي، ئۇ ئايسىلىنگ خېنىمغۇ! — دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن موماي سۇپىدىن ئىتتىك چۈشۈپ، رومىلىنى ئوڭلاپ قىزغا قاراپ ماڭدى.

— بۇدراچ موما، — قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىنى تۇتۇپ بەردى، موماي قىزنىڭ ئىككىلا مەڭزىگە سۆيدى.

— ۋاي خېنىم قىزىم، قىرقى توشمىغان بوۋاقنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپىلىغۇ، شامالداپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

— ئەيقىپچىپ چىقتىم، ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى ئايسىلىنگ كۈمۈش ئوتۇغات كىيگەن قونىدۇزدەك قاپقارا چاچلىق بېشىنى يېنىك چايقاپ. ئۇنىڭ ئۇزۇن بىنەپشە رەڭ كۆڭلىكى تاپىنىغا تېگىپ تۇراتتى، شۇ تۇرقىدا ئۇ تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. مەيدىسىگە تېڭىۋالغان بوۋاق قارا كۆزلىرىنى

مۆلدۈرلىتىپ ھەممە ياققا تەلپۈنەتتى، يېقىندىن بىرى كۆكسىگە بولـۇق سۈت كىرگـەن ئانىسـىنى ئېمىپ خـېلـىلا ئـەتـلـىنـىـپ قالغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا زاكىلاقلىق بولـۇپ، توغاچتـەك مەڭزىگـە تېگىپ قالغان ياغلىقنىڭ چۈچىسىنى تۇتۇۋالغانىدى.

— كەلسىلە خان بالام، كەلسىلە، باياتىن ئېسىمنى يوقىتىپ ئۆيگە باشلاي دېمەيتىمەن...

— ئاي بىلەن كۈن كېلىپتىغۇ، ئامىتىمىزمۇ كەلگـۈدەك، — خۇش بولۇپ كەتكەن ئاشانبۇقا سۆيـدىن سەكرەپ چۈشۈپ سـالام بەردى، — خۇش كېلىپلا خان بالام، مۇبارەك قەدەملىرى، يۈسۈپ بېگىمنىـڭ نۇرلۇق جامالى، غېرىپ خانىمىزغا قـۇت ئېلىـپ كەلگەي. مەرھابا، مەرھابا!

— ئـاشان بوۋا، سـۆيـدا ئولـتـۇراي، يۈسۈپ ئـۆيـنى ئانچـە خالـىمايدۇ، تـالاغـا ئامراق، — ئـايىسلـىـگ ئۆيگـە كىـرىشكـە ئۈنىمىدى. موماي ئـىـككى يېـكەنداز ئېلىـپ چىـقىپ، ئۈسـت ـ ئۈستىگە سېلىپ قىزنى ئولتۇرغۇزدى. داستىخان سېلىپ مـەزە ـ گېزەك قويدى. ئاشانبۇقا يۈسۈپنىـى قولـىغـا ئالدى. چاچلىـرىـمـۇ، ئاق كىرگەن ساقاللىرىمۇ بۇدۇر بولۇپ كەتكەن بوۋايغا قارىغـان بوۋاق قىرقىراپ يـىغلىـدى. يەنە چۆچـۈرە تۈگـۈشكـە ئولتۇرغـان موماي:

— ئاتىسى، ماڭا بـەرسىلە بـەگ غوجامنـى، — دەپ قولـىدىـن ئېلىـپ باغرىغا باستى. يۈسۈپ ئۇنىڭ قولتۇقىغا بېشىنى تىقىـپ ئەمچـەك ئـىزدىدى، سـۈت ھـىدىنـى ئـالالماي بـوغـنۇقـۇپ يـەنـە يىغلىدى. ئايسلىگ:

— كـەل ئۇكام، ئەمـگۈڭ كەلگـەن ئوخشايـدۇ، نان يېـگـۈزۈپ قوياي، — دەپ ئايسلـىگ بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ سۆيدى، ئاندىن بىر چىشلەم ناننـى يۇمشاق چـايناپ يېـگۈزۈۋىدى، بالا يـىغىدىـن پەسلەپ، قوللىرىنى ئۇيان ـ بۇيانغا ئۇزىتىپ ئوينىغىلى تۇردى. بۇدراچ موماي چۆچـۈرىنى تۈگـۈپ بولۇپ، پىشۇرۇپ چىقاي دەپ ئاشخانىغا كىرىپ كېتىشىگە، قاراگىرنى يېتىلەپ بويانقار يېتىپ

كەلدى. ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىغان ئايسىلىڭ ۋىللىدە قىزاردى ــ يۇ، كۆرمىگەن بولۇپ يۇسۇپىنىڭ يۈزىگە لىپۇنىي يېقىپ ئولتۇرۇۋەردى. يۈگۈرۈپ كەلگەن قولىدىن بىرسى ئاتىنىڭ تىزگىنىنى ئالدى. بۇ بۇغرا قاراخان قول قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن تەقسىم قىلىپ بەرگەن قىتان ئەسىرلىرىنىڭ بىرسى ئىدى.

ــ ئوغلۇم، ۋاقچە قالدىڭغۇ؟ ــ ئاشانبۇقا يېنىغا كەلگەن ئوغلىنى قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى. بويانقار ئوردا نۆكەرلىرىگە خاس قارا مالىخاي، كالتە كەمزۇل كىيىپ، تۇچ كەمەر ئاسقانىدى. كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدىن ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ــ ئاغىچى ئۇلۇغى بۇغرا قاراخان سارىيىدىن چىققۇچە كۈتۈپ تۇرۇپ قالدىم، ئابا، ــ يىگىت ئايسىلىڭكە بىر قارىۋالدى، ــ كېڭەش بولغان ئوخشايدۇ.

ــ نېمە كېڭەش بولغىنىنى ئۇقمىدىڭمۇ؟

ــ سوراي، دەپ سورىيالمىدىم.

ــ ئابام ئۆزى دەپ بەرمىدىمۇ؟ ــ سۆز قىستۇردى ئايسىلىڭ ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن بېقىپ.

ــ ئاغىچى ئۇلۇغى ھەزرەتلىرى ناھايىتى خاپا كۆرۈنگەچكە سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، خان قىز.

ــ ئابام ئۇنچىلا ئاچچىقى يامان كىشى ئەمەسقۇ. سورىغان بولساڭ خاپا بولغىنىنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرەتتى، ــ ئايسىلىڭ ئىتتىك بويانقارغا قارىدى. ئۇ كىچىكىدە ئۆزىنى كۆتۈرۈپ باققان بۇ يىگىتنى سەنلەپ كۆنۈپ قالغانىدى.

ــ ئوغلۇم رەيھانىدىن ھەزرەتلىرىنى ئاچچىقى يامان دېگىنى يوق، خان قىزىم، ئۇ تارتىنىپ سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى دېمەكچى. بۇ ۋاقىتقىچە ئاتىلىرى بىزگە ئوبدان قاراپ كەلدى، ھەممىمىز بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن.

ــ ئابامدىن سوراپ باققان بولسا دەپ بېرەتتى. مەن سوراپ

ئەته كېلىپ دەپ بېرەي، ئاشان بوۋا، — ئايسىلىڭ ئورنىدىن تۇردى.

— خان قىزىم، نەگە بارىلا، بويانقارنىڭ ئانىسى تاماق ئېلىپ چىقىۋاتىدۇ. كەتسىلە، خاپا بولىدۇ، — دەپ توستى بوۋاي.

— ئاشقا ئېغىز تېگىپ كەتسىلە خان قىز، مەندىن خاپا بولۇپ قالىدىلىمۇ يا؟ — بويانقار يېلىنغان نەزەردە قىزغا كۆز تىكتى، — يۇسۇپ بېگىمنى مەن ئالاي، — ئۇ قول ئۇزىتىپ بوۋاقنى ئالدى.

— سەندىن خاپا بولمىدىم، بويانقار. ئابام مېنى نەگە كەتتىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالىدۇ، — قىز شەھلا كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكتى، — ئانامىۇ يۇسۇپنىڭ يوقلۇقىنى ئۇقسا، مېنىڭ يېنىمدا ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئىزدەپ بىئارام بولۇپ كېتەرمىكىن، — ئايسىلىڭ يۇسۇپنى ئالماقچى بولۇپ قول ئۇزاتتى. بويانقار:

— يەنە بىردەم كۆتۈرەي، — دەپ بەرمىدى.

چوڭ پەتنۇسقا ئېلىنغان تۆت چىنە چۆچۈرىنى دېدەككە كۆتۈرتۈپ ئاشخانىدىن چىققان بۇدراچ موماي ئوغلى بىلەن ئايسىلىڭنىڭ بىر - بىرىگە قارىشىپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىغا زەن قويدى. «ھەي، مۇشۇ باللار ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويمىسا بولاتتى...» دەپ ئويلىغىنىچە بىر چىنە چۆچۈرىنى ئايسىلىڭنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلارنى كۆرمىگەنگە سېلىپ بالىخانىدىكى كەپتەرلەرگە قارىۋالغان ئاشانبۇقا «بۇ ئىككىيلەننىڭ بېشى قوشۇلۇپ قالسا مۇرادىمغا يېتەتتىم. ئىلاھىم، پېقىر قولۇڭنى نائۇمىد قويما» دېدى ئىچىدە. بوۋاي خۇش بولۇۋاتاتتى.

چۆچۈرىنىڭ قىيمىسىغا، يالپۇز، لويلا ئارىلاشتۇرۇپ، سۇيىگە غورا، ئاشكۆكى، زىرە سېلىپ ئەتتىم، خان قىز، ئىچسىلە. ئىچمىسىلە ياراتمىدى، دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، — بۇدراچ موماي ئايسىلىڭنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— ئوخشاپتۇ، بۇدراچ موما، — دېدى ئايسىلىڭ بىر تال

چۆچۈرنى ئاغزىغا سېلىپ،ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بىردىنلا تۇرۇپ كەتتى، — دېمىدىمۇ، ئايتولۇن ئاچام سىڭىللىرىم بىلەن مېنى ئىزدەپ كېلىۋاتىدۇ، ئەنە...

ئاشانبۇقا، بويانقار سۇپىدىن چۈشۈپ قول باغلاپ تۇردى. بۇدراچ موماي بەل پۈرمە كۆڭلەك، تاۋار جىلىتكە كىيگەن ئايتولۇن بىلەن يۈز يىقىپ كۆرۈشتى، بۇدراچ موماي ئايتولۇننىڭ چېكە چاچلىرى چۈشۈپ تۇرغان پېشانىسىگە سۆيدى:

قېنى يۇقىرى چىقىڭلار خان قىزلىرىم.

— سەن بۇ يەردە ئىكەنسەن - ھە، ئايسىلىڭ؟ — دېدى ئايتولۇن ئەگىم قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ. ئۇنىڭ يۇملاق يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى، — ئىزدەپ باغنى قېزىۋەتتۇق. سەن بولساڭ بۇ يەردە بەخىرامان ئولتۇرۇپسەن. ئاتام كېلىپ ئۆزى بوۋام، مومامىلارنىڭ يېنىغا كىرىپ يۇسۇپنى ئىزدەپ چىقتى، ئاندىن «تېپىپ كېلىڭلار» دەپ ئەنسىرەپ قالدى.

بۇدراچ موماي ئالدىراپ بىر - بىرىدىن چىرايلىق بۇ ئاچا - سىڭىللارغا چۆچۈرە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار چۆچۈرنى ئىچىپ خوشلىشىپ مېڭىشتى. بويانقار يۇسۇپنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئايسىلىڭنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان بۇ قىزنىڭ كېلىشكەن يەلكىسىدە رومىلى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بويى ئايتولۇندىن سەللا پەس بولۇپ، زىلۋاراق ئىدى. ئۇلار باغدىن چىقىشىپ، تاشقىرىقى ھويلىنىڭ پېشايۋىنىدا تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ئاتا - ئانىسىنى كۆردى. بوۋىسى بىلەن مومىسىمۇ ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

— يۇسۇپنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن سەنمىدىڭ ئايسىلىڭ؟ دەپ قويساڭ بولماسمىدى؟ ئەجەب ئەنسىرەتتىڭ، — دېدى ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان يابىرا، ئاندىن بالىنى ئېمىتىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تۇغۇتتىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايى ئەسلىگە كېلىپ ئوڭشىلىپ قالغانىدى.

— قىزىم، ئىنىڭ تېخى قىرقىغا توشمىغان تۇرسا، تالا -

تۇزدە كۆتۈرۈپ يۈرسەڭ قانداق بولىدۇ؟ شامالداپ قالسا ياكى يىقىلىپ چۈشسەڭ قانداق قىلاتتۇق؟ ــ ھە ! ئەمدى بۇنداق بەڭباشلىق قىلما، ــ كايىدى رەيھانىدىن يەرگە قاراپ تىرناق تاتىلاپ تۇرغان قىزىغا، ــ باياتىن نەدە ئىدىڭ؟

ــ بۇدراچ موماننىڭ ئۆيىدە، ــ ئايسىلىگ جاۋاب بېرىۋېتىپ ئىزا تارتقىنىدىن پاڭگىدە يىغلاپ تاشلىدى.

ــ بۇ بالىلارنى مەيلىگە قويۇۋەتتىڭلار، ئوغلۇم، بولۇپمۇ ئايسىلىگ باغدا قۇشتەك ئۇچۇپ يۈرىدۇ. قوللارنىڭ ئۆيلىرىدە يۈرگىنىنى قارىمامدىغان ! ئۇچۇقداپ تۇرمىغاننىڭ ئاقىۋىتى بۇ. قىز بالا دېگەننى پات ـ پات ئەدەپلەپ تۇرۇش زۆرۈر، ــ ئاچچىقلىدى بەگتۆمۈر ساقاللىرىنى تىترىتىپ. ئايسىلىگ تېخىمۇ يىغلاپ كەتتى.

ــ ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسىلە ئاتىسى. ئايسىلىگ شوخ بولغان بىلەن بەك ئەدەپلىك، ئايتولۇندىن قېلىشمايدۇ، تېخى كىچىك ـ دە. يىغلىما قىزىم، بوۋاڭ ئۇنداق دېگىنى بىلەن ساڭا ھەممىدىن ئامراق، ــ گەپ ئارىلىدى زەمۇران ئانا ئېتىلىپ كەلگەن قىزنى باغرىغا بېسىپ.

بالىنى ئېمىتىپ چىققان يابىرا جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ قارىسىلا ئوغۇللىرىغا، كۆلىدىغان بوپتۇ.

رەيھانىدىن بۇدرۇق قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تەلپۈنگەن يۈسۈپنى قولىغا ئالدى.

ــ ماشائاللا، ئوغلۇم، ئاتاڭنى تونۇدۇڭمۇ ـ ھە؟ ــ ئۇ بوۋاقنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، كۆلۈمسىرىگەندەك قىلغان بىلەن ئويچان چېھرىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئوغلىنىڭ چىرايىغا سەپسالغان بەگتۆمۈر:

ــ بالام، غەمكىن كۆرۈنىدىلىغۇ، ئوردىدا بىرەر گەپ بولدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ يېقىندىن بۇيان ئوردىدا گەپ ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئاتا. بەزىلەر «ئەھمەد تۇغانخان قورقماس، باتۇر شاھزادە، ساھىبقىران

بۇغرا قاراخان بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ» دېسە، بەزىلەر، «تامغاچ بۇغراخان① — يۇسۇپ قادىرخان تەخت ۋارىسىدۇر. دانىشمەن، تەمكىن ھەم قەيسەر، بۇغرا قاراخان بولۇشقا ھەممىدىن مۇناسىپ» دېيىشىدۇ. بۇ تالاش ـ تارتىش ئەھمەد تۇغانخان تەختكە چىقىپ، يۇسۇپ قادىرخان غازى ئارسلانخان ئۇنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن تۈگىسە ئوبدان بولاتتى. ۋاھالەنكى، پىتنە ـ پاسات ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. مانا شۇنىڭدىن پېقىرغا مالاللىق يەتتى.

مەسلىنىڭ خىلىلا مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى پەملىگەن بوۋاي:

— بالام، بىز ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى، باللار مومىسى بىلەن مەشەدە تاماق يېسۇن، — دەپ پېشايۋان سۇپىسىدىن چۈشتى. رەيھاندىن سوئال نەزىرى بىلەن قارىغان خوتۇنىغا يۇسۇپنى بېرىپ، ئاتىسىنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى.

— بالام، بوۋىلارنىڭ ھاياتى قاراخانىيلارنىڭ تەختىنى مۇستەھكەملەش بىلەن ئۆتكەن. مەن تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتسامۇ، ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىمەن، مەملىكىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇڭا، ئوغلۇم سىلىنىڭ ئوردا خىزمىتىنى ساپ دىللىق بىلەن ئادا قىلىۋاتقانلىقلىرىدىن خۇرسەنمەن. ھالبۇكى، بۇنداق مالاللىققا قېلىشلىرىنى خالىمايمەن. ئېيتسىلا، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەلگۈدەك قانداق گەپ ـ سۆز بولدى؟

رەيھاندىن دەرمەھەل جاۋاب بەرمەي سۈكۈت قىلدى.

## 3

رەيھاندىن كۆپ ئەللەرگە بارغان، پاراسىتى، چىدام ـ غەيرىتى بىلەن نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىپ نام قازانغان سودىگەر ئاتىسىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ جۈرئەت ـ جاسارىتىگە

① تامغاچ بۇغراخان — تامغا تۇتقۇچى بۇغراخان دېگەن مەنىدە.

قايىل ئىدى. سېخىي، مەردانىلىكىنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلغانىدى. مانا شۇنداق كۆكسى ــ قارنى كەڭ، غەيۇر ئاتىنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ ۋاقىتقىچە ئاتامنى ئەندىشىگە سېلىپ قويماي، دەپ ئېيتمىغان بەزى ئەھۋاللارنى ئاشكارىلاشتىن بۇرۇن سورىدى:

ــ ئى بۇزرۇكۋار، تەخت ۋارىسى ئەمەس تۇرۇپ، ئەھمەد تۇغانخاننىڭ بۇغرا قاراخان بولۇپ قېلىشىدىكى سىرنى بىلىدىغانلا؟

ــ يوقسۇ بالام، سودا ئىشى بىلەن بولۇپ كەتكەچكىمۇ، بۇ ئىشتىن تازا خەۋىرىم يوق.

ــ پېقىرمۇ ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن بىلدىم. بالاساغۇننى پايتەخت قىلىپ تۇرغان ھارۇن بۇغراخان ھايات چېغىدا چوڭ ئوغلى يۇسۇپ قادىرخانغا «تامغاچ بۇغراخان» دېگەن نامنى بېرىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەم پامىر تېغىنىڭ باغرىدىكى زېمىنلارنى باشقۇرۇشقا قويغانىكەن. ئۆزى بىلەن بىر تۇغقاننىڭ بالىسى بولغان ناسىر تېگىنگە «ئېلىكخان» دەپ نام بېرىپ ئۇنى ئۆزكەنت شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىنى باشقۇرۇشقا قويغانىكەن. ناسىر ئېلىكخاننىڭ ئاكىسى ئەھمەد تۇغانخانغا «ئارسلانخان» دېگەن نامنى بېرىپ بالاساغۇن دىيارىغا ھاكىم قىلغانىكەن. ھارۇن بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۇسۇپ قادىر خاننىڭ قەشقەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى پايدىلىق پۇرسەت دەپ بىلگەن ئەھمەد تۇغانخان لەشكىرىي كۈچى ۋە قارامىلىقى بىلەن تايانغۇلار كېڭىشى[①]نى ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزىنى «بۇغرا قاراخان» دەپ ئېلان قىلىپ تەختكە چىقىۋاپتۇ.

ــ توختىسىلا بالام، يۇسۇپ قادىرخان تەخت ۋارىسى بولۇپ

---

① تايانغۇلار كېڭىشى ــ ئالىي دۆلەت كېڭىشى.

تۇرۇقلۇق نېمىشقا قارشىلىق قىلماپتۇ؟ — دېدى بوۋاي ئەھمەد توغانخاننىڭ قارا نىيىتىنى ئاڭقىرىپ.

— بىلمىلىك، كەڭ قورساق بولغان يۈسۈپ قادىرخان قېرىنداشلار، يۇرتداشلار ئارا قىرغىنچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىماي، ئۇنىڭ بۇغرا قاراخان بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد توغانخاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ناسىر ئېلىكخان بىللە سامانىيلار خانلىقىنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالغان غەزنەۋىلەر[1] گە قارشى لەشكەر تارتىپ بېرىپتۇ، كەسكىن جەڭ قىلىپ خۇراساننى ئىگىلەپتۇ. ئۇنىڭ بۇ غەلىبىسى ئەھمەد توغانخاننى ئەنسىرىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ تەختتىن ئايرىلىپ قالىمەنمىكىن، دەپ ئەندىشىگە چۈشكەنىكەن.

— ئەجەب ـ ھە، ئوغلۇم. ئەھمەد توغانخان مەمنۇن بولماي، دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى ئەمەسلىكىنى ئاشكارىلاپتۇ. «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن شۇ ـ دە، — دېدى بەگتۆمۈر.

ئايتولۇن داستىخان سېلىپ، دېدەك قىز كۆتۈرۈپ كىرگەن ئىككى تەخسە چۆپنى بوۋىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئالدىدا قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— ئەمدى تاماق يەۋالىلى، قورساق ئاچقاندەك قىلىدۇ، بالام، — بەگتۆمۈر تەخسىدە لىغىرلاپ تۇرغان چۆپنى بىردەمدىلا يەپ تۈگەتتى. ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ، گۆشلۈك يۈزىگە تۇزۇك قورۇق چۈشمىگەنىدى. ئاتىمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز مىنەتتى. رەيھانىدىن ئوردا خىزمىتىدە بولۇۋاتقان بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن سودا ئىشلىرىغا يەنىلا بوۋاي ئۆزى باشچىلىق قىلىۋاتاتتى.

«ئاتامنىڭ ئىشتىھاسى ئوبدان، ھەرىكىتى كۆپ بولغاچقا

---

① غەزنەۋىلەر — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر قۇرغان دۆلەت نامى.

تېمەن تۇردى. يېقىندىن بىرى بىر جايدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشالماي قالدىم. ئادەم ياشانغانسېرى گەپ خۇمارى بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ كۆلۈمسىرىدى رەيھانىدىن ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— يۇسۇپ قادىرخان خۇراساندا تۇرۇۋاتقاندا، خوتەن دىياردىكى ئىسلام دىنىغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى بولغان ئاكا - ئۇكا خانلار — نوقتى رىشىت بىلەن چوقتى رىشىت نۇرغۇن لەشكەر بىلەن يۇرۇش قىلىپ، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان ۋە يېڭىسارغا يېقىنلاپ، قەشقەرگە تەھدىت سالغان. شامالدەك تېز يېتىپ كەلگەن چاپارمەندىن ئەھۋالنى ئۇققان يۇسۇپ قادىرخان ئادەم ئەۋەتىپ ئەھمەد توغانخاننى ۋاقىپلاندۇرغان. ئەمما، بۇ بۇغرا قاراخان ئۇنى قەشقەرگە قايتىشقا بۇيرۇپ، لەشكەر بەرمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

— قارىسىلا بالام، توغانخاننىڭ نامەردلىكىنى. يۇسۇپ قادىرخاننى يولۋاس ئاغزىغا يەمچۈك قىلىپ تاشلاپ بەرمەكچى بوپتۇ - دە، ئۇ دۆيۈز.

— توغرا دېدىلە، ئاتا! يۇسۇپ قادىرخان توغانخاندىن ئۈمىد ئۈزۈپ دەرھال قەشقەرگە قايتىپتۇ. مادايىن[1]دىن كېلىپ، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئىمام نەسىردىن، ئىمام مۇئمىنىدىن، ئىمام زوھۇرىددىن، ئىمام قاۋامىددىن ئەمىرلىكىدىكى تۆت تۇمەن ئەرەب قوشۇنى[2] بىلەن ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

— بۇ تۆت ئىمام قەشقەرگە قاچان كېلىپ قاپتىكەن؟ — سورىدى بەگتۆمۈر سەل ئەجەبلىنىپ.

— ئاڭلىشىمچە، يۇسۇپ بۇغراخاننىڭ ئاتىسى ھارۇن بۇغراخان تېخىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان خوتەن

---

[1] مادايىن — ئىراقتىكى قەدىمىي شەھەر، بىر مەزگىل ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان.

[2] ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ شاھزادىلىرى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن.

ئەھلىنى مۇسۇلمان قىلىش نىيىتىدە مادايىندا تۇرۇۋاتقان ئىسلام خەلىپىسىگە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام يوللاپ، ياردەم سورىغانىكەن. خەلىپە تۆت ئىمامنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ تۆت تۈمەن ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىپتۇ. ئەمما، ھارۇن بۇغراخان سامانىيلار ۋە غەزنەۋىلەرگە قارشى ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، خوتەنگە يۈرۈش قىلالماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆت ئىمام قەشقەر ۋادىسىدا تۇرۇپ قالغانىكەن، ئاتا. يۈسۈپ قادىرخان بۇلار بىلەن بىللە، نوقتى رىشىت، چوقتى رىشىت لەشكەرلىرىنى سۈرگەنچە خوتەنگە يېتىپ بېرىپتۇ. خوتەن پادىشاھى ياغلۇ خالخالنىڭ نەۋرىلىرى بولغان بۇ ئاكا ـ ئۇكا خانلار قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ قىيما ـ چىيما بولۇپ كەتكۈچە قوللىرىدىن قىلىچنى تاشلىماپتۇ. تۆت ئىمامۇ جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. يېڭىلگەن خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىغا كىرىپ ئامانلىق تېپىپتۇ. يۈسۈپ قادىرخان خوتەندە بىر مەزگىل تۇرۇپ، تۆت ئىمام ئۈچۈن مەقبەرە ياسىتىپتۇ.

— مەن خوتەنگە بارغان چېغىمدا بۇ تۆت ئىمامنىڭ مەقبەرىسىگە چىقىپ قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلغانىدىم. ئۇ يەردە ئۈچ ئاي تۇرۇپ قىرىق تۆگىگە گىلەم ئارتىپ قايتىپ كەلگەنىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بېرىشقا نېسىپ بولمىدى. ئەمما، ھەر يىلى خوتەندىن ئالدۇرۇپ كەلگەن گىلەملەرنى ئەرەب ئەللىرىدە سېتىپ پايدىسىنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. سىلىمۇ مەن بىلەن كۆپ ئەللەرگە بارغانىدىلە. سودا ـ سېتىققا تازا پىشقان چاغلىرىدا، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن كاتتا مەنسەپدار بولۇپ قالدىلا. شۇنداقتىمۇ يەنە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ھېساباب ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىۋاتىدىلا. كۆكسىلىرى دەريادەك كەڭ ئىكەن، بالام. شۇنچە كۆپ مىسكىن، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، مەكتەپ سېلىپ، مەسچىت بىنا قىلىپ، يول ياسىتىپ، كۆل كولىتىپمۇ بولدى قىلماي ۋاتىدىلا، سىلىدىن بەك رازىمەن بالام، — بەگتۆمۈرنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى.

— بۇ سىلىنىڭ تەربىيەلىرىنىڭ نەتىجىسى، ئاتا. مەن ئارزۇ قىلغىنىمدەك خىزمەتلىرىدە بولالمىدىم، — دېدى رەيھانىدىن چىن قەلبى بىلەن، — ئاتا بالىنىڭ غېمىدە، بالا بالىسىنىڭ غېمىدە، دېگەندەك، باللىرىمنىڭ غېمىنى يېيىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھەربىرلىرىدىن دېگەندەك خەۋەر ئالالمايۋاتىمەن. قانداق تەلەپلىرى بولسا ئېيتسىلا، بەجانىدىل ئورۇنلايمەن، خىزمەت بولسا بۇيرۇسىلا ئادا قىلىمەن.

— رەھمەت بالام، رەھمەت. دۇنيادا تەلىپى يوق ئاتا مەۋجۇت ئەمەس. مېنىڭ تەلىپىم: ئاللا سىلىگە ئاتا قىلغان خىزمەتنى ساپ دىللىق، خالىسلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ئەلنى رازى، خان - پادىشاھنى مەمنۇن قىلغايلا. ئوغلىنى خىزمەتكە بۇيرۇمايدىغان ئاتىمۇ دۇنيادا يوق. ئوغلۇم، مەن سىلىگە بۇيرۇمايدىغان خىزمەت شۇكى، ئالدىلىرىغا كەلگەن ھاجەتمەننى ھاجىتىدىن چىقارسىلا. دوستلارنى خۇش قىلسىلا، بىزار قىلمىسىلا. يوقسۇلنى يۆلىسىلە، رەنجىتمىسىلە. ئەتىگەن - كەچلەردە يېنىمىزغا كىرىپ ئەھۋال سوراشنى بىز كۆز يۇمغۇچە داۋاملاشتۇرسىلا، تەرك ئەتمىسىلە.

رەيھانىدىن ئاتىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى:

— تەلەپ ۋە بۇيرۇغان خىزمەتلىرىنى بەجانىدىل ئادا قىلىمەن، ئاتا. ياشاشتىكى مەقسىتىممۇ شۇ.

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن، ئوغلۇم، — دېدى بەگتۆمۈر روھلانغان ھالدا، — ئوردىدا كاتتا مەنسەپدار بولغانلىرىدىن ھەم سۆيۈنگەن، ھەم خەۋپسىرىگەنىدىم. سۆيۈنگەن يېرىم: ئەلنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئەلگە تونۇلىدىغانلىقلىرى ئىدى. خەۋپسىرىگەن يېرىم: سۇخەنچى، كاززاپ ئاتىلىپ قېلىشلىرى ئىدى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر خىزمەتلىرىدىن ئەلنىمۇ، پېقىرنىمۇ سۆيۈندۈرۈپ كەلدىلە. سۇخەنچى، كاززاپ ئاتىلىپ قالمىدىلا، بالام. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللادىن ناھايىتى مىننەتدارمەن. جەڭدە قازا قىلغان ئىككى ئاكىلىرىنىڭ يوقلۇقىنىمۇ بىلدۈرمىدىلە.

— ئىشەنچلىرىگە داغ چۈشۈرمەيمەن، ئاتا.
— سىلىدىن خاتىرجەم بولدۇم، بالام.
ئاتا بىلەن بالا بىر ـ بىرىگە مېھرى بىلەن تىكىلىپ سۈكۈت قىلىشتى.
— ئەمدى بالام، بايىقى گېپىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى.
— ئەگەر سىلى ئاڭلاشقا خۇشتار بولسىلا، سۆزۈمنى داۋام ئېتەي، ئاتا. يۈسۈپ قادىرجان خوتەندە غەلىبە تويىنى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ناسىر ئىلىكخان غەزنەۋىلەر بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بوپتۇ. بۇ چاغدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن يۈسۈپ قادىرخان ئەھمەد تۇغانخانغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، بىرلىشىپ غەزنەۋىلەرگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىپتۇ. ئەھمەد تۇغانخان مەنستىمىگەندەك قىلىپ جاۋاب قايتۇرماپتۇ. يۈسۈپ قادىرخان ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن يولغا چىقىپ ناسىر ئىلىكخان بىلەن ئۆزكەنتتە ئۇچرىشىپتۇ. ئۇلار بىرلىشىپ غەزنەۋىلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، قاراخانىيلار زېمىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. بىراق، ناسىر ئىلىكخان كېسەل بولۇپ ئۆزكەنتتە قازا قىپتۇ. ئەھمەد تۇغانخان كەنجى ئىنىسى مەنسۇر ئىلىكخاننى چوڭ ئىنىسى ناسىر ئىلىكخاننىڭ ئورنىغا ماۋەرائۇننەھرگە باش ئەمىر قىلىپ تەيىنلەپتۇ ھەم «ئارسلانخان» ئۇنۋانىنى بېرىپتۇ. ئۇ ئىنىسى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، يۈسۈپ قادىرخاننى چەتكە قاققانىكەن. بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشنى خوپ كۆرمىگەن يۈسۈپ قادىرخان ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قەشقەر دىيارىغا يېنىپ كەپتۇ.
— ھە، ئەمدى ئېسىمگە چۈشتى، بالام. مەرھۇم ناسىر ئىلىكخاننىڭ لەشكەرلىرىگە سۇباشى بولغان بەگبۇقا بۇۋىلىرىمۇ شۇ چاغدا يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەنىكەن. بۇنى ئۆزى دەپ بەرگەنىدى. كېيىن بىزنى دەپ بالاساغۇنغا كېلىۋالغاندا، ئەھمەد تۇغانخان تەكلىپ قىلسىمۇ ئوردىدا ئىشلىگىلى ئۇنىمىغانىدى.
— رەھمەتلىك بوۋام ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى بىلگەنىكەن ـ دە.

— شۇنداق ئوغلۇم، قارا نىيەت كىشىلەردىن ئاخىرقى ھېسابتا ھەممە ئادەم قاچىدۇ.

— قىتانلار دىيارىمىزغا باستۇرۇپ كەلگەندە، يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھىنىڭ ئەھمەد تۇغانخانغا ياردەملەشمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ بولسا كېرەك، ئاتا. ئوردىدىكى خالىس ئەربابلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئەھمەد تۇغانخان لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولغان تەقدىردە، يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ ھەرگىز قاراپ تۇرمايدىكەن.

— شۇنداق بولمامدىغان بالام، ئۇ تەخت ۋارىسى تامغاچ بۇغراخان — دە.

— ئەھمەد تۇغانخان قىتانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۇنياغا سىغماي قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. تۇنۇگۇن ئۇ «يۇسۇپ قادىرخان مېنىڭ مەغلۇپ بولۇشۇمنى كۈتۈپ، ئوردۇكەنتتىن مىدىرلىمىدى. ئۇ مەندىن تەختنى تارتىۋالماقچى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق مەن ھەرىكەت قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچنى تارتىۋېلىشىم كېرەك» دەپ جار سالدى، يۇغرۇش بولۇنبەگ، قاپۇغچى باشى دوقاقبەگ، خاس نۆكەر بوزاغۇ قاتارلىقلار «شان — شەرەپ ئالىيلىرىغا مەنسۇپ. لەشكەر تارتىپ بېرىپ يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك» دەپ يەڭ شىمايلاپ چىقىشتى. مەن يۇسۇپ قادىرخان بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ ئۆتۈشنىڭ — ئەلنىڭ ئامانلىقى، خانىدانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مەملىكەتنىڭ پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى شۇنچە چۈشەندۈرگەن بولسامۇ، بۇغرا قاراخان نىيىتىدىن يانمىدى. «ئۆزۈڭنى بىلىپ سۆزلە، مېنىڭ دېگىنىم دېگەن! ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇنداق مەمەدانلىق قىلساڭ ئاغىچى ئۇلۇغى بولالماي قالىسەن، كاللاڭمۇ كېتىدۇ»، دەپ تەھدىت قىلدى. قاتتىق ئازار يېدىم، ئاتا. مالال بولمىقىمنىڭ سەۋەبى مۇشۇ، — رەيھاندىن سۆزدىن توختاپ ئويغا پاتتى.

— بالام، «پادىشاھنىڭ ئاغزى ئوت، ئېھتىيات قىلمىساڭ

كۆيدۇرۇۋېتىدۇ. پادىشاھنىڭ قولىدا قىلىچ بار، سەگەك بولمىساڭ چېپىپ تاشلايدۇ» دېگەن گەپ بار. بالام، ئېھتىيات قىلىسىلا، — دېدى ئەنسىرەپ قالغان بەگتۆمۈر.

— ئېھتىيات قىلىمەن، ئاتا، تۇغانخان قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ قان تۆكمىگەندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا قېرىنداش شاھزادىلەر بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، يۇرتداشلارمۇ بىر - بىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. بۇ خاندانلىقنى پارچىلايدۇ، گۇمران قىلىۋېتىدۇ، ئەلدە بالايىئاپەت يۈز بېرىدۇ.

— بەرھەق بالام، بەرھەق. ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلارلا.

— شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ، ئاتا.

# تۆتىنچى باب

## ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئەجەل

**1**

بۇغرا قاراخان ئەھمەد بىننى ئەلى تۇغانىخانىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى تۇرىدىغان كاتتا قورۇ ئوردىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق ئىچىدە بولۇپ، ئېگىز خىش تام ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئىشىكى بار ئىدى. غەرب تەرەپتىكى كۈمۈش ھالقىلىق ئىشىكتىن خاقان، خانىشلار، شاھزادە، مەلىكىلەر، مۇلازىم، كېنىزەكلەر، خاس ياساۋۇللار كىرىپ چىقاتتى. شەرق تەرەپتىكى مىس ھالقىلىق ئىشىكتىن ئەر - ئايال خىزمەتكارلار، قۇل - دېدەكلەر، ياساۋۇل، قاراۋۇللار، بۇغرا قاراخان چاقىرتقان دۆلەت ئەربابلىرى قەدەم تەشرىپ قىلاتتى ۋە ياناتتى. گۇرزە - نەيزە تۇتقان قاراۋۇللار كېچە - كۈندۈز كۆزەتچىلىك قىلاتتى. ھارۇن بۇغراخاندىن قالغان بۇ كاتتا قورۇ «ھەرەم» دەپ ئاتىلاتتى. ھەرەمنىڭ ھويلىسى ناھايىتى كەڭتاشا ئىدى. ئوتتۇرىسىدا چوڭ كۆل، ئۇدۇلدا بۇغرا قاراخان قەسرى، ئىككى ياندا ئېلىكخان، ئارسلانخان، تېگىنلەرنىڭ قەسرلىرى بار ئىدى. ھەربىر قەسرنىڭ ھويلىسى، ئاشخانا، ھاماملىرى ئايرىم ئىدى. بۇ قەسردىكى ئۆيلەر ئىچىدە خاقان ھۇجرىسى بىلەن بۇغراخان مېھمانخانىسى ئەڭ كۆركەم ياسالغانىدى. ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئىشىكلىرىگە كۆك بۆرىنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەنىدى. دېرىزە راملىرى كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، سۇس ھاۋا رەڭ يىپەك رەختتىن پەردىلەر تارتىلغانىدى.

تاملىرىدىكى نەقىش چىكىلگەن ئويۇق ـ تەكچىلەر نەپىسلىكى بىلەن ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى.

بۇگۈن كۈن قىزىرىپ قالغان بولسىمۇ، خاقان ھۇجرىسىدىكى كۈمۈش قەندىللەرگە ئېلىنغان شام ـ چىراغلار تېخىچە ئۆچۈرۈلمىگەنىدى. بۇغرا قاراخان خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. يېنىدا سۇنايلىنىپ ياتقان كۈمۈش تارىم ئانانتا يا قوپۇپ شام ـ چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەي، يا خاقاننى ئويغىتالماي، ياغاق جەينىكىنى تەكيىگە، قوڭۇر چاچلىق بېشىنى ئالىقىنىغا تىرەپ ئولتۇراتتى. تۇغانخان ھەر قېتىم خورەك تارتىپ تىنىغاندا تۇكلۇك مەيدىسى بىر كۆتۈرۈلۈپ پەسلەيتتى. قارلىغاچ قانىتىدەك ئەگىمەچ كەلگەن سارغۇچ بۇرۇتى قىرقىلغان ساقىلىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ئانانتا رۇسلىنىپ، قولىنى ئېرىنىڭ مەڭزىگە تەگكۈزمەكچى بولۇپ يەنە تارتىۋالدى. «نېمىشقا ئويغىتىۋېتىسەن مەرەز !» دەپ كۆتۈرگىنىچە ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىشىدىن قورقاتتى. ئۇ خان ئەۋلادى ئەمەس ئىدى. ئۇ قەشقەرلىك باي سودىگەرنىڭ قىزى بولۇپ، ئاتىسى ئۇچ دېدىكى بىلەن تۇغانخانغا تارتۇق قىلغانىدى. بۇ قەلەم قاش، غۇنچە بوي لەۋەن قىزغا كۆزى چۈشكەن تۇغانخان ئۇنى چۈرىلىككە تاللاپ، كېيىن تۆتىنچى خوتۇنى قىلىپ كۈمۈش تارىم، دەپ ئاتاپ خانىشلىققا كۆتۈرگەنىدى. ناز ـ كەرەشمىسى بىلەن تۇغانخاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغاچ، بۇ چاغقىچە ھەرەمدىن ھەيدەلمەي، ئورنى ئالماشتۇرۇلماي كېلىۋاتاتتى، لېكىن مىجەزى چۈس، دېۋەك ئادەمنىڭ تىل ـ تايىقىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنىدى. ياخشى كۆرسىمۇ، ناز ـ كەرەشمىسى خۇمار قىلسىمۇ، تۇغانخان كۆڭلى قانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قوپال تېگەتتى. خۇددى گۆدەك باللار قورچاقلىرىنى ئويناپ ـ ئويناپ تاشلاپ قويغاندەك، ئۇ بەزىدە بىرنەچچە ھەپتە كارى بولمايتتى.

مۇشۇ دەمدە بۇ نازىنىن ئىسسىق پۇتلىرىنى ئاستا يىغىپ شايى تامبىلىنى ئاستا كىيىپ، باغىرداقنى كۆكسىگە تاقىۋالدى.

دەل شۇ چاغدا، جەينىكى تۇغانخانىنىڭ گۆشلۈك ئىڭىكىگە تېگىپ كەتتى.
— قانجۇق! شېرىن ئۇيقۇمنى ئەجەب بۇزۇۋەتتىڭغا! — دېدى ئۇ بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىن قامالالاپ. ئانانتا خۇددى چەۋەنداز قولىدىكى ئوغلاقتەك تېپىرلىدى.
— كەچۈرسىلە خاقانىم، — پىچىرلىدى ئۇستىخانلىرى ئاغرىپ كەتكەن كۈمۈش تارىم. بوتا كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان ئانانتا ئالىيىپ قارىغان خاقانغا شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتىكى، ياتقان هالدا ئۇنى باش ئۇستىگە كۆتۈرۈۋالدى. ئۇ نازلىنىپ پىسىڭگىدە كۈلگەندە، ئالمىدەك مەڭزىنىڭ ئاستىدا غۇنچە پورەكتەك زىنىخ پەيدا بولدى.
— كاساپەت! — تۇغانخان ئۇنى يېنىغا قويۇپ ھەممە كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتتى، باغىرداقىنى بىرلا تارتىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى، قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈپ تۈكلۈك مەيدىسىگە بېسىپ بىر پەس هۇزۇرلاندى، ئاندىن:
— تۇرۇپ سۇ تەييارلات! — دەپ ئۇستىدىن ئىتتىرىپ يۇمىلىتىۋەتتى.
— باش ئۇستىگە خاقانىم، — ئۆمىلەپ قوپۇپ ئىچ كىيىمىنى ئالدىراپ كىيگەن ئانانتا ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.
تۇغانخان ئۈچ نەرسىگە: چاپچىپ تۇرىدىغان ئۇچقۇر ئات، كۈچلۈك شاراب، نازىنىن ئايالغا بىسيار ھېرىس ئىدى.
ئۇ ئاتقا مىنگەندە كۆزلىرى قانغا تولۇپ، ھېچنېمىدىن قورقماس باتۇرغا ئايلىناتتى. لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا قىلىچ ئوينىتىپ ماڭسا، ئۇنى دۈشمەنلەر زادى توسۇپ قالالمايتتى. ئالدىغا كەلگەننى چېپىپ، ئومۇت بىلەن ئۇرۇپ سۇر - توقاي قىلاتتى. بولۇپمۇ، قىتانلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۇنىڭ داڭقى چىقىقانىدى. غەلىبە ئۇستىگە نۇرغۇن ئولجا، ئەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگىنى ئۈچۈن كۆرەڭلەپ كەتكەن تۇغانخان تېرىسىگە پاتماي

قالغانىدى. ئۇنىڭ ئالماشتۇرۇپ مىنىدىغان قىرىق ئېتى بولۇپ، كۆڭلىگە سەللا ياقمىغان ئاتنى دەرھال يەڭگۈشلەيتتى.

شاراب ئىچكەندە، باشقىلار جام بىلەن ئىچسە، ئۇ خۇمرا بىلەن ئىچەتتى. كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ ئادەملىك قىلىقىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۇرۇپ ـ چېقىپ، تـوۋلاپ ئوردىنى بېشىغا كىيەتتى. مانا شۇنداق مەست بولغان چېغىدا، كەچۈرۈشكە بولمايدىغان گۇناھكارلارنى كەچۈرۈپ، ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغان پاراسەت ئىگىلىرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىۋېتەتتى. بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەر ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ ئىنئام ئالاتتى.

ئۇنىڭ خانىش ھېسابلىنىدىغان تۆت خوتۇنىدىن باشقا، يىگىرمىدىن ئارتۇق چۆرىسى بار ئىدى. بۇ چۆرىلەرنى ئايمۇئاي يەڭگۈشلەپ تۇراتتى. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي دەللاللارنى ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتىپ گۈزەل قىز ـ چوكانلارنى ئوۋلايتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق قارام، دېگىنىنى قىلىدىغان كۆرەڭ ئادەم ئىدى.

ئانانتا ھاممامغا ئوت ياقتۇرۇپ كىرگەندە، تۇغانخان چېقىر كۆزلىرىنى گۈلدار تورۇسقا تىكىپ نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ ياتاتتى.

— خاقانىم، ھاممام تەييار بولدى.

— ھەرەمبېگىگە ئېيت، كىيىملىرىمنى تەييار قىلسۇن. ئاشچى باشىغا بۇيرۇغىن، تامغالىق①نى تەييارلاپ ئېلىپ كىرسۇن، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان تۇغانخان ئاق كىرلىككە ئورىلىپ ھاممامغا چىقتى. يوغان داسقا ئېلىنغان ئىسسىق سۇ ئۇنىڭغا خۇش ياقتى.

ئانانتا ئۇنىڭ تۇكلۇك بەدىنىنى يۇمران قوللىرى بىلەن سىلاپ يۇيۇپ راھەتلەندۇردى.

تۇغانخان كىيىنىپ ھاممامدىن چىققاندا چاشكا ۋاقتى بولغانىدى. بويىنىڭ پاكارلىقىدىن غىلدىرلاقتەك پايپاسلاپ

---

① تامغالىق — قاراخان ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان تاماق.

كەلگەن ھەرەمبېگى ئىنالچوق يەر ئۆپۈپ دېدى:
— ئۇلۇغ خاقانىم، مەنسۇر ئېلىكخان ۋە يۇغرۇش ھەزرەتلىرى كەلگەنىكەن، تەكىيىخانا[1]دا قالدى.
— قايسى يۇغرۇش ئىكەن؟
— بولۇنبەگ.
— تۇرۇپ تۇرسۇن، تامغالىق يەپ چىقىمەن.
— خوپ ئالىيلىرى.
تۇغانخان تاماق يەيدىغان خانىغا كىرىپ ئۈچ قات سېلىنغان كىمخاب يېكەندازدا ئولتۇرۇپ، ئۈست ـ ئۈستىگە قويۇلغان ماملۇق ياستۇققا يۆلەندى. ئاشچى باشى ئۆزى كىرىپ داستىخان سالدى. ئېلىپ كىرىلگەن ئىسسىق قاتلىما، ئۇلار گۆشى سېلىنغان شورپا، قوچقارنىڭ سان گۆشى، قېتىق، قايماق، سۇزمە، سېرىق ماي، ھەسەل، يەل ـ يېمىش قاتارلىق يەيدىغان، ئىچىدىغان تائاملار داستىخانغا قويۇلدى.
تۇغانخان تاماقنى ئىتتىك يەيتتى. ئۇ زىياپەتلەردە يەيدىغىنىنى يەپ بولۇپ قولىنى ئېرتىپ ئولتۇرغاندا، باشقىلار داستىخانغا قول ئۇزارتىشقا جۈرئەت قىلالماي ئاچ قورساق قالاتتى. ئۇ ئالدىدىكى نېمەتلەرنى تېز يەپ، تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى سىلاپ ـ سىلاپ ئورنىدىن تۇردى. جامەدار سۇنغان قىزىل گۆھەر قويۇلغان تاج بىلەن مىسىر شايىسىدىن تىكىلگەن زەر چۈچىلىق توننى كىيىپ، ئالتۇن كەمەرنى چىڭ باغلىدى. قىلىچ بىلەن خەنجەرنى ئېسىپ قەسىر ھويلىسىغا چىقتى. گۈلزارلىق ئەتراپىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان خاس نۆكەر، مۇلازىملار تىزلىنىپ سالام بەجا كەلتۈرۈشتى. ئۇ ھېچ تەرەپكە كۆز سالماي، دۆلەت ئەربابلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان يېشىل كاھىشلىق ھەرەم تەكىيىخانىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇغرا قاراخانىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى دېرىزىدىن كۆرۈشكەن مەنسۇر ئېلىكخان، بولۇنبەگ، دوقابەگلەر ئىتتىك ئالدىغا چىقتى.

[1] تەكىيىخانا — مېھمانخانا.

— خاقانىمىز ئامان بولغاي، — تىز پۈكۈپ سالام قىلىشتى ئۇلار.

— ھە، كەلدىڭلارمۇ؟ — دېدى تۇغانخان ئاۋۋال ئىنىسىغا، ئاندىن ۋەزىر بىلەن ئىشىكئاغىسىغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ.

«خاقاننىڭ مەستلىكى تازا بېشىلمىگەن ئوخشايدۇ، ئۇنى قەشقەرگە يۇرۇش قىلىش قارارىدىن ھەرگىز ۋاز كەچتۈرمەسلىك كېرەك» دەپ ئويلىدى بولۇنبەگ تەكىيىخانىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ.

تۇغانخان ئازادە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆينىڭ تۆرىدىكى كۈمۈش پايلىق، ئالتۇن قۇببىلىك تەختتە ئولتۇرماي، دېرىزە ئالدىدىكى تەتلىلا ياپقۇ بېسىلغان سەندەل ئىچىگە پۇتىنى ئۇزىتىپ ياستۇققا يۆلەندى. ئوڭ تەرىپىدىن مەنسۇر ئېلىكخان، سول تەرىپىدىن بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەر ئورۇن ئالدى.

— شاراب كەلتۈرۈلسۇن! — بۇيرۇدى تۇغانخان. ئۇ ئاغرىقتان بېشىغا دورا كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىر ياندا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان تەكىيىخانا باشلىقى ئۇچقاندەك چىقىپ، تەييارلاپ قويغان بىر خۇمرا شاراب بىلەن بۆدۆنە كاۋىپى ئېلىپ كىرىپ داستىخان سېلىنغان سەندەل ئۈستىگە قويدى. تۇغانخان «ھىم!» دەپ بولۇنبەگكە خۇمىرىنى ئىشارەت قىلدى. ۋەزىر دەرھال ئالتۇن قەدەھكە تولدۇرۇپ شاراب قۇيۇپ تۇتتى، كۈمۈش قەدەھلەرگە تولدۇرۇپ مەنسۇر ئېلىكخان، دوقاقبەگلەرگە سۇندى.

— ئاۋۋال شاراب بىلەن مېڭىمىزنى سەگىتەيلى - ھە، قېنى! — دەپ بىرلا كۆتۈرۈشتە قەدەھنى قۇرۇقدىدى تۇغانخان، ئۇنىڭ باش ئاغرىقى پەسەيگەندەك بولۇپ، ساقاللىق يۈزىدە كۈلكە نامايان بولدى. سۆرۈن تەلەت بۇ خاقان شاراب ئىچسىلا خۇشخۇيلىشىپ قالاتتى.

— جانابلار، — دېدى ئۇ ئىككىنچى قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، — تۈنۈگۈن بۇغرا قاراخان سارىيىدا بولغان تايانغۇلار كېڭىشىدە،

كۆپچىلىك مېنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش قارارىمنى قوللىغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم يۇغرۇش، ھاجىپلار قارشى چىقتى. دېمەك، بۇ ماڭا ناقايىل ئەبلەخلەرنىڭ ئوردىمىزدا بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق قوينىدا خەنجەر يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان تۆزكورلارغا ئەمدى سۈكۈت قىلالمايمەن! — ئۇ قەدەھنى يەنە بوشاتتى.

— بەرھەق، ئاغا. ئالىيلىرى قىتانلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندا، بەزى يۇغرۇش، ھاجىپلىرىمىز يۈسۈپ قادىرخانغا چاپان يېپىپ، ئۇنىڭ جەڭگە قاتناشمىغانلىقىنى ئاقلىغانىدى. تۈنۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا تەپ تارتماستىن دانا قارارلىرىغا قارشى چىقتى. سىلى بەك كەڭ قورساق، ئاغا، — دېدى مەنسۇرخان ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ. كۆڭلىدە: «سەن يۈسۈپ قادىرخاننى يېڭەلەمسەن؟ بۇنى خۇدا بىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى يەڭمەكچى بولساڭ غەزنەۋىلەر خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭ زۆرۈر...» دەپ ئويلىدى.

— ئى شاھى جاھان، ھاكىمى دەۋران، ئېلىكخان ئالىيلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەق. دەرھال يۈسۈپ قادىرخانغا جازا يۈرۈشى قىلىش كېرەك. قارلۇق قەبىلىلىرى ھەزرەتلىرىگە جان پىدا قىلىدۇ، — بولۇنبەگ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى ئەگدى.

— يەنىلا ھەممىمىزدىن ئۆزلىرى دانا، خاقان ئالىيلىرى، — باش سېلىپ ئولتۇرغان دوقاقبەگ پۇشۇلداپ تىنىپ ئېغىز ئاچتى، — يۈسۈپ قادىرخان ئۆتەر يوللىرىدىكى يولۋاس. ئۇ بولىدىكەن، تاجۇتەختلىرى بىخەتەر، كۆڭۈللىرى ئەمىن بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغانلار قەشقەر دىيارىدىلا ئەمەس، بارسغان، تاشكەنت، سەمەرقەنت، ئۆزكەنتتىمۇ بار. ئاۋۋال قوزئوردۇدىكى ئادەملىرىنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئاندىن ئاتلىنىش كېرەك.

— سىزنىڭچە بولغاندا قاپۇغچى باشى، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن ـ دە، ناھايەتكى، مەندەك ئۇلۇغ خاقاننىڭ كۈچى يەتمىسە ـ ھە ! ئون تۈمەن لەشكەر بىلەن ھۇجۇم قىلغان قىتانلارنى يەڭگەن يەردە، يۈسۈپ قادىرخاننى يېڭەلمەمدىم؟ — تۇغانخان ئاچچىقى كەلگىنىدىن پوكاندەك ئېسىلىپ، ئالتۇن جامنى بىرلا سىقىپ ماكچايتىپ قويدى. ئاكىسىغا قارىغان ئېلىكخاننىڭ ئاقۇچ يۈزى سارغىيىپ كەتتى. بولۇنبەگنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. دوقاقبەگلا ھېچنېمە بولمىغاندەك بەخىرامان ئولتۇرۇۋەردى.

— خاقانىم، قەشقەرگە ھازىرلا يۈرۈش قىلمىز دېسىلە، مانا مەن تەييار، — ئورنىدىن قوپقان دوقاقبەگ قول باغلاپ تۇردى.

مۇلازىم تىزلىنىپ مېڭىپ كەلگىنىچە يېڭى قەدەھنى قويۇپ، مىجىلغان قەدەھنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ئى شاھى جاھان، ھاكىمى دەۋران، قاپۇغچى باشى ئېيتقاندەك پەرمانلىرىغا مۇنتەزىرمىز، — بولۇنبەگ سۆزۈن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەن تۇغانخانغا قەدەھ تۇتتى، — غەلىبە ئالىيلىرىغا مەنسۇپ.

— بۇغراخان ئاغا، قاپۇغچى باشى ھەقىقەتنى سۆزلىدى. ئۇ ئالغا بېسىشىمىز ئۈچۈن پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان قورام تاشلارنى يولىمىزدىن ئېلىۋېتىشنى تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ، — دېدى مەنسۇر ئېلىكخان شاراب قۇيۇلغان جامغا قول ئۇزارتىپ.

— ئۇ قورام تاشلار زادى كىم؟ — بىر كۆتۈرۈشتە قەدەھنى بوشاتقان تۇغانخان قەھرى بىلەن سورىدى.

— بۇنى يۇغرۇش جانابلىرى ئوبدان بىلىدۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە سەل قارىمايدىغان مەنسۇر ئېلىكخان بولۇنبەگنى سۆزلەشكە قىستىدى.

— ھە، قېنى يۇغرۇش، دەڭ، كىملەر ئۇ؟

— خاقانىم، بۇنى قاپۇغچى باشى مەندىن ئوبدانراق بىلىدۇ، — دەپ دوقاقبەگنى سۆزلىتىپ، باشقىلارغا يامان بولۇشتىن ئۆزىنى

قاچۇرۇشقا ئۇرۇندى بولۇنبەگ.
— يۇغرۇش جانابلىرى، سىزدىن مەن ئوبدانراق بىلەمدىمەن، سىز بىلەمسىز، بۇ گەپ راستمۇ؟ — سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشقا ئۆگەنگەن دوقاقبەگ بوش كەلمەي، جاۋاب بېرىش تەس بولغان سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى، — بۇغرا قاراخان ئاتىمىز قىتانلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندا، يۇسۇپ قادىرخاننى ئاقلاپ، ئۇنىڭغا قانات ياپقان كىشىنى راستلا تونۇمامسىز؟ «تەخت ۋارىسى» بولسىمۇ، بۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇغرا قاراخان تۇغانخاننىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ لەشكەر چىقارمىغانلىقىغا قاراپ ئاسىيلىق قىلدى، دەپ قارىلىساق، ھەقىقەتكە كۆز يۇمغان بولىمىز، دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ بۇ گەپ بولۇنغان تايانغۇلار كېڭىشىگە سىز قاتناشمىغانمۇ؟ مەن ھەممىنى بىلىمەن. لېكىن، جانابلىرى يۇغرۇش باشى تۇرۇقلۇق ئۇندىمەي تۇرۇۋالسىلا، مەن سۆزلىسەم توغرا بولارمۇ؟
— بۇنىڭغا نېمە دەيسىز يۇغرۇش ياكى سۆزلەشنى خالىمامسىز؟ — تۇغانخان دوقاقبەگنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ بولۇنبەگكە قادالدى، — سىزگە ئىشەنگەنلىكىم، ئوردا ئىشلىرىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى بىجىرىشتە ئىنىمگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ياردەم قىلىدۇ، دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈم بىللە ئېلىپ كەتمەي، قالدۇرۇپ قويغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ دەيمەن. ھە، قېنى سۆزلەڭ.
— ئۇلۇغ خاقان ئالىيلىرى، ئىشەنچلىرىگە ھەرگىز داغ چۈشۈرمەيمەن. سۆزلىمەي ھەددىممۇ، — بولۇنبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى، — يۇسۇپ قادىرخاننى ياقلايدىغان ئوردا ئەربابلىرى خېلى بار. تېگىنلەر، يابغۇلار، بەگ ـ سەردارلار ئىچىدىمۇ بار. بۇلار ئىچىدە ئاغىچى ئۇلۇغى رەيھانىدىنبەگ، چاغرىبەگ ئادام توغرۇل، ئۇلۇغ ھاجىپ مۇھەممەد باغدادى، داموللا بەگتاش ئابدۇللا، ئىنالچۇق تېگىن،

يۇغرۇش تىلتۇمۇرلەرنى كۆرسىتىش كۇپايە.

— ئاغىچى ئۇلۇغى قانداق بولۇپ يۇسۇپ قادىرخانغا قانات ياپىدۇ؟ ئۇ مەن تەختكە چىققاندىن بېرى، خانلىقىمىزغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن داۋاملىق ياردەم بېرىپ كەلگەن تۇرسا، — ئىشەنمىگەندەك قىلىپ قولىنى سىلكىدى تۇغانخان، — سىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن زاتلار بۇگۇنگە قەدەر گاھى يوشۇرۇن، گاھى ئاشكارا ھەرىكەتتە بولغىنى يوق، بەلكى خانلىقىمىزغا سادىق بولۇپ كەلمەكتە.

— ئارى خاقانىم، رەيھانىدىنبەگ ناھايىتى بىلىملىك زاتتۇر، خانلىقىمىزغا ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقىنى راست، لېكىن يۇسۇپ قادىرخاننى قوللايدىغىنىمۇ راست. مانا، ئېلىكخان ئالىيلىرى، قاپۇغچى باشى ئولتۇرۇپتۇ، يالغان ئېيتمىدىم، — بولۇنبەگ ئىككىيلەننى گۇۋاھلىققا تارتىپ سۆزىنى توختاتتى.

— ئىنىم، سىزمۇ شۇنداق قارامسىز؟ — تۇغانخان بىر كۆزىنى سەل قىسىپ سىناق نەزىرىدە تىكىلدى.

— خاقان ئاغا، ئاغىچى ئۇلۇغ چۇشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم. ئۇنىڭ يۇسۇپ قادىرخاننى تەخت ۋارىسى دېگىنى راست.

— ئۇنداق بولسا رەيھانىدىنبەگ نېمە ئۇچۇن ماڭا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدۇ؟

— ساداقەتسىزلىك قىلىشقا كۆز ئالدىلىرىدا قانداقمۇ پېتىنالىسۇن؟ — دېدى دوقاقبەگ، — ئاغىچى ئۇلۇغنىڭ خەۋپلىك ئادەم ئىكەنلىكى شۇ ئىكەنكى، ئۇ ناھايىتى قەيسەر، چارە - تەدبىرلىك، ئاتىسى بىلەن يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەممە شەھەرلىرىگە باردى، ھەددى - ھېسابسىز بايلىق توپلىدى، قولى يەتمەيدىغان ئېگىز شاخمۇ قالمىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئۆستەڭ، ئېرىق، كۆل چاپتۇردى، يول ياساتتى، مەكتەپ، مەسچىت بىنا قىلدى. يېتىم - يېسىرلارغا ئاتىدارچىلىق قىلدى. ھەتتا ئالىيلىرى، ئېلىكخان، ئارسلانخان، تېگىنلەر ئالدىدىمۇ مەرد، سېخىيلىقى بىلەن زور ئابرۇي قازاندى. شۇڭا، ئوچۇقتىن -

ئوچۇق يۇسۇپ-قادىرخاننى قوللاپ چىقالىدى. ئۇنىڭغا يول قويۇۋېرىدىغان بولسىلىرى تەختتىن ئايرىلىپ قالىلا، — دېگەن مەنىدە سۆزىنى توختاتقان قاپۇغچى باشى قوشۇپ قويدى، — ئۇ ئەنە شۇنداق سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ قويۇپ بېرىپ، بىلمەسلىككە سېلىپ يۈرىدىغان مەككار.

— نېمە؟ مەككار دېدىڭىزمۇ؟ — تۇغانخاننىڭ چىرايى يەنە سۆرۈن تۇس ئالدى، — ئەمما، مەن رەيھانىدىنبەگنىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلانماي كېلىۋاتىمەن. ئەگەر ئۇ خەلق ئىچىدە شۇنداق زور ئابرۇي قازانمىغان ۋە ئىشەنچىمگە ئېرىشمىگەن بولسا ھاجىتىپ بولالمايتتى. ئاغىچى ئۇلۇغى قىلىپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ كىرىم - چىقىمىنى ئۇنىڭ خالىسلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرمايتتىم. ئۇنى مەككار دېيىش توغرا ئەمەس. سىزدىن باشقا كىشى شۇنداق دېگەن بولسا، چاينىغان تىلىنى كەسكەن بولاتتىم، قاپۇغچى باشى.

— خاقانىم، — دوقاقبەگ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تىزلاندى، — ئەگەر رەيھانىدىنبەگ شۇنچە ئىشەنچلىك بولسا، مېنى جازالىسىلا.

— شاھىنشاھ ئاغا، ئەگەر ئەلدىن ساداقەتمەن كىشىنى ئىزدىسىلە، قاپۇغچى باشىدىن ئۆتەر ساداقەتمەن كىشى تېپىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدا قىلچە يالغان يوق، — دېدى مەنسۇر ئېلىكخان.

— دۇنيادا ئالىيلىرىدەك ئادىل، دانا پادىشاھ يوق، — دېدى بولۇنبەگ مۇغەمبەر كۆلكىسى دىمىقىدا خىرىلداپ، — قاپۇغچى باشى ئۆزلىرى ئۇچۇن جېنىنى بېرىشكە رازىكى، سىلىنىڭ بىر لاتىپۇرۇشىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشلىرىگە رازى ئەمەس.

— شۇنداقمۇ؟ — ئاچچىقىدىن سەل يانغان تۇغانخان دوقاقبەگنى ئورنىدىن تۇرۇشقا قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى، — گېپىڭلارغا قارىغاندا ھەممىڭلار رەيھانىدىنبەگدىن

گۇمانلىنىدىكەنسىلەر. مېنىڭ ئوردۇكەنتكە يۇرۇش قىلىشىمنى قوللايدىكەنسىلەر. ئاغىچى ئۇلۇغىنىڭ ئىشىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، بۇ توغرۇلۇق ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلىپ يۈرمەڭلار. پەخەس بولۇڭلاركى، ھەرقايسى ئايماق ـ قەبىلىلەردىن يۇرۇش قىلىشىمغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلار چىقىپ قالمىسۇن. بەس، قايتساڭلار بولىدۇ!

ـــ خوپ، خاقان ئاغا.

ـــ باش ئۇستىگە، بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى.

مەنسۇر ئېلىكخان دوقاقبەگ، بولۇنبەگلەر بىلەن ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىشتى.

تۇغانخان ئۆزىنىڭ قەتئىي قارارىغا نىسبەتەن، بۇ ئۇچەيلەندىن كۈتكەندەك قوللاشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، رەيھانىدىن توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ يۈز ـ خاتىر قىلماستىن دېگەنلىرى خۇش بولغان كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى. ئۇ يالغۇز قالغاندىن كېيىن بىر يەرگە چىقىۋسى كەلمەي ئولتۇرغىنىچە خىيال سۈردى: «رەيھانىدىنبەگ مەندىن يۈز ئۆرۈپ، يۈسۈپ قادىرخان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەرمۇ ـ ھە؟ ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئوردىدا خىزمەت قىلىشقا رازى بولۇشىدا يامان غەرەزدىن خالىي ئەمەس دېيىشكە بولىدۇ. بىراق، ئەمەلىيەت بۇنىڭ ئەكسىچىغۇ. ئۇ باشقۇرغاندىن بۇيان دۆلەت خەزىنىسى زور دەرىجىدە ئاشتى. ناھايىتى ساپ دىللىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئاۋام ئىچىدىكى ئابرۇيىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا ئۇلار ھەسەت قىلىۋاتامدۇ يا؟ بۇمۇ يوق ئەمەس. رەيھانىدىنبەگ بىلەن بىر سۆزلىشىپ كۆرەي. ئەگەر ئۇنىڭدا ئاسىيلىق قىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ۋە ياكى مېنىڭ ئىرادەمگە مۇخالىپ كېلىدىغان سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ قالسا، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ «قوۋۇقى كاشغەر»گە ئاستۇرۇپ قويىمەن...»

تۇغانخان خاس نۆكىرى قابانقۇناننى ئاغىچى ئۇلۇغىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

## 2

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، ئاغىچى ئۇلۇغى كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى ھەرەمبېگى ئاداقتۇتۇق تىز چۆكۈپ.

— كىرسۇن!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خاقان ئالىيلىرى، — بەرجەس قەدەم بىلەن كىرىپ كەلگەن رەيھانىدىن ۋەزمىن ئاۋاز بىلەن سالام بېرىپ تەخت ئالدىدا يۈكۈندى، — خۇشۋاق بولسۇنلەر، ئەزىزانە دەرگاھلىرىغا چاقىرتقانىكەنلا، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

— ھە، كەلدىڭىزمۇ ئاغىچى ئۇلۇغى، — تۇغانخان ئۇنىڭ باشتىن - ئايىغىغا سەپسېلىپ چىقتى. رەيھانىدىن يوللۇق يىپەك رەختتىن يەكتەك، ئاق دوپپا كىيىپ، يېشىل شايى سەللە ئورىغانىدى. پۇتلىرىدا سىپتا تىكىلگەن يازلىق چورۇق بار ئىدى. چىرايىدىن مەمنۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. تۇغانخان ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى تەختنىڭ سول تەرىپىدىكى يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىتىن ئورۇن ئالدى.

— ناھايىتى خۇش كۆرۈنىسىز، — دېدى تۇغانخان ۋە توغرىدىن - توغرىلا سورىدى، — ئوردۇكەنتتىن چاپارمەن كەلدىمۇيا؟

— يوقسۇ خاقانىم، ئوردۇكەنتتىكى تۇغقان، يار - بۇرادەرلەردىن يېقىندىن بېرى خەت - خەۋەر يوق. تىنچ - ئامانلىق بولسا كېرەك، — رەيھانىدىن خاقانىنىڭ تۇساتتىن بۇنداق سوئال سورىشىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئەجەبسىنگەن ھالدا سۆزىنى توختاتتى.

— ئۇنداق بولسا شۇنچە خۇش بولۇشىڭىزدىكى سەۋەبنى دەپ بېرەلەمسىز، ئاغىچى ئۇلۇغى؟

رەيھانىدىن خاقانىنىڭ بۇ سوئالىدىن تېخىمۇ ئەجەبلەندى. ئىلگىرى چاقىرتىپ كۆرۈشكەندە، بۇنداق غەلىتە سوئاللارنى

سورىمايتتى. يا بىرەر ئىشنى قىلىش ـ قىلماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەتلىشەتتى ياكى باج ـ سېلىقلارنىڭ خەزىنىگە تاپشۇرۇلۇش ئەھۋالى، كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرى توغرۇلۇق سورايتتى ياكى بولمىسا دۆلەت ئىشلىرى ھەققىدە چىرايلىق پاراڭلىشاتتى. ئەمما، بۇنداق سوغۇق كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتسىز، بولمىغۇر سوئاللارنى سوراپ ئولتۇرمايتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە؟ ئويلىنىپ قالغان رەيھانىدىن تۇغانخانىنىڭ سوئالىغا ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— خاقانىم، ھازىر مەن ئۆيدىن كېلىۋاتىمەن، ھەتتا ئالدىراپ قېلىپ، ئوردىغا خاس لىباسلىرىمنى كىيەلمىدىم، تىلى يېڭى چىققان ئوغلۇمنى ئەركىلىتىپ ئولتۇراتتىم. ئۇ مېنى «ئابا !» دەپ تووۋلاپ خۇشاللىقتا چۆمدۈرۈۋەتكەنىدى. مانا شۇ چاغدا قاباتقۇنان كىرىپ كەلدى، شۇڭا ئالدىراپ يولغا چىقتىم.

— ھە، پەرزەنت كۆرۈپسىز ـ دە.

— خۇدا تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ يەنە بىر ئوغۇل پەرزەنت بەردى، ئارماندا قالمىدىم.

— بۇ ئوغلىڭىزنىڭ ئېتى نېمە؟

— يۈسۈپ.

— يۈسۈپ؟ ئۇيغۇرچە ئات قويمىدىڭىزمۇ؟

— قويغان، ئالپىلىرى. مەرھۇم باھادىر ئوغلۇمنىڭ ئورنىنى باسسۇن دەپ بەگتۇرمىش قويغان.

— مەرھۇم ئوغلىڭىز ئاجايىپ قەھرىمان، ماڭا سادىق، ئەر يىگىت ئىدى. بۇ ئوغلىڭىزمۇ ئەنە شۇنداق ئالپ، ساداقەتمەن بولارمۇ؟

— ئىنشائاللا خاقانىم، بۇ ئوغلۇمنىڭمۇ ۋەتەنگە سادىق، ئەلگە پىداكار مەرد ئەزىمەت بولۇپ كامال تېپىشىنى كېچە ـ كۈندۈز بىر ئاللادىن تىلەۋاتىمەن.

— ماڭا سادىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلمامسىز؟

— نېمىشقا خاقانىم؟ ئەل ـ ۋەتەنگە سادىق بولغان ئەر

خاقانغىمۇ سادىق بولىدۇ.
— بىلدىم، نىيىتىڭىز دۇرۇس، تىلىكىڭىز يۈكسەك ئىكەن. شۇنداق بولۇشىدىن ئۈمىدۋارمەن، — تۇغانخان تازا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ مىيىقىدا كۈلدى، — ئېيتىڭا، سىزنىڭ ئوردۇكەنتتە يېقىن تۇغقان - بۇرادەرلىرىڭىز بارمۇ؟
— ئەلۋەتتە بار، ئائىلىلىرى. قېيىنئاتامنىڭ ئىنى - سىڭىللىرى بار، ئۇ يەردە ئاچقان سارايىنى باشقۇرۇۋاتقان خىزمەتچىلىرىم بار.
— ھە، سىزنىڭ قېيىنئاتىڭىز ئوردۇكەنتتىن ئىكەن - دە؟
— شۇنداق ئائىلىلىرى، مەرھۇم ھارۇن بۇغراخان، باغداتتا ئوقۇغان قېيىنئاتامنى قۇزئوردۇغا ئۆزى ئېلىپ كەلگەنىكەن، — جاۋاب بەردى رەيھانىدىن «خاقان ئەجەب ئوردۇكەنتتىكى تۇغقانلىرىمنى سۈرۈشتە قىلىپ قالدىغۇ، ئۇ نېمىنى بىلمەكچى؟» دەپ ئويلاپ.
— ئوردۇكەنتتە سارايمۇ ئېچىۋاپسىز - دە؟
— ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئاتام ئاچقانىكەن.
— ئاتىڭىز دوكار سودىگەر - دە. قايسى شەھەردە قانداق تىجارەت ئاقىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. مەنمۇ تىجارەت ئىشلىرىغا قىزىقىمەن، ئاغىچى ئۇلۇغى. سىزنىڭ ئوردۇكەنتتىكى ئۇ سارىيىڭىز تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنامدۇ ياكى يولۇچىلار چۈشىدىغان ئۆتەڭمۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى تۇغانخان.
— تىللا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇڭا تىللا سارىيى دەپ ئاتالغان. شۇنداقلا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن يولۇچىلارنىمۇ كۈتۈۋالىدۇ.
— ئوھوي، كاتتا زەردار ئىكەنسىلەر. بۇنداق تىللا سارىيىدىن يەنە قايسى شەھەرلەردە بار؟ — تۇغانخان رەيھانىدىن جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن تەختتىن چۈشۈپ، تەكىيىخانا باشلىقىنى چاقىردى. تاماق ئېلىپ كىلىشنى بۇيرۇپ قويۇپ، ئۇنى بىللە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلدى، — چۈش بولاي دەپ قاپتۇ، تاماق

يېگەچ پاراڭلىشايلى، ـــ دەپ بايىقى سەندەل يېنىغا بېرىپ باداشقان قۇردى.

رەيھاندىن تۇغانخاننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ دېدى:

ـــ خاقانىم، ئۇنداق تىللا سارىيىدىن بارسىغان، سەمەرقەنت، شاش، مەرۋى، ئۆزكەنت، بۇخارالاردا بار. ھەممىدىن چوڭراقى قۇزئوردۇدىكى تىللا سارىيى، ئۇدۇن①، ئىدىقۇت دىيارىدىمۇ تىللا سارىيى ئاچماقچى بولۇۋاتىمىز.

تۇغانخاننىڭ بارغانسېرى تۇتۇق چىرايى ئېچىلىپ، گەپ - سۆزلىرى سىلىقلىشىپ قېلىۋاتاتتى.

ـــ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان باجمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن - دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە زاكاتمۇ بېرىدىغانسىز؟

«بۇنى سوراپ قالدىغۇ، زادى ئۇ نېمىنى بىلمەكچىدۇ، بۇنىڭدا نېمە مۇددىئاسى بارئىكىن؟» رەيھاندىن خىيالچان نەزىرىنى تۇغانخانغا تىكتى:

ـــ دۆلەتكە ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بىر تۇمەن تىللا، يۈز ئات، مىڭ ئۆكۈز، مىڭ قوي، قىرىق تۆگە تاپشۇرىمىز. بۇنىڭدىن باشقا، تۆت مىڭ تاغار ئاشلىق، يۈز تاي تاۋار - تىللا سودىسى، زېمىن سودىسى، چارۋا مال سودىسىدىن قىلىنغان تاپاۋەتنىڭ قىرىقتىن بىر قىسمىنى، چارۋا - مال زېمىنىدىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. سودىدا بولغان تاپاۋەتنىڭ قىرىقتىن بىرىنى، زېمىندىن ئالغان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى زاكات - ئۆشرە قىلىپ، يېتىم - يېسىر، مىسكىن - غېرىبلارغا تارقىتىپ بېرىمىز. مەدرىسە، مەسچىت قۇرۇلۇشى، يول ياساش، كۆل، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىشقا، ھەدىيە قىلىشقا بىساتىمىزدىكى پۇل - مېلىمىزدىن ئاجرىتىپ كېلىۋاتىمىز، ئالىيلىرى.

ئاشچى باشى كىرىپ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى.

---

① ئۇدۇن ـــ خوتەن.

كەكلىك، قىرغاۋۇل گۆشى بېسىلغان پولۇ تۇغانخاننىڭ ئالدىغا، قوي گۆشى بېسىلغان پولۇ رەيھاندىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

— تۇتغۇچ[①] ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى مەززىلىك پۇراپ تۇرغان پولۇغا قول ئۇزارتىپ تۇغانخان.

— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى، — ئاشچى باشى چىقىپ تۆت تەخسە ئىشتىها ئاچقۇنى ئېلىپ كىرىپ داستىخانغا قويدى.

— ھە، قېنى ئېلىڭ، — تۇغانخان رەيھاندىنى ئاشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئەمدى پارىڭىمىزغا كېلەيلى. ئېيتىڭا ئاغىچى ئۇلۇغى، قېيىنئاتىڭىز ياغمىمۇ، قارلۇق؟

— قېيىنئاتام ئۇيغۇرلاردىن.

— مۇنداق دەڭ، مەن تېخى ياغما بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇيغۇرلار ياغمىلارنى يامان كۆرىدۇ - ھە، بۇنى بىلىدىغانسىز؟

— ياق، خاقانىم، ئۇيغۇرلار ئۆز قېرىنداشلىرىنى نېمىشقا يامان كۆرسۇن؟ — رەيھاندىن گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى بىلىپ مۇنداق دېدى، — ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ياغمىلارغا ئەمەل - ھوقۇقنى تارتقۇزۇپ قويغان ھاللىق شەخسلەر دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ياغمىلار ئىچىدىكى بەزى ھوقۇقدارلار ئۇيغۇرلارنى پەس كۆرۈپ، ئۇلارنى بوزەك قىلىپ كۆرەڭلەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆچمەنلىك مانا شۇنىڭدىن تۇغۇلغان. ياغمىلار ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىدىن بولغان جەمەتكە مەنسۇپ قېرىنداشلىرىمىز تۇرۇقلۇق، بىر - بىرىمىزگە چوڭچىلىق قىلساق، بىر - بىرىمىزنى بوزەك ئەتسەك ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلىدۇ. ئىتتىپاق بولمىغان قوۋم روناق تاپالمايدۇ، بۇنىسى ئالىيلىرىغا مەلۇملۇق.

تۇغانخاننىڭ ئوڭ كۆزى قىسىلىپ، سول قاپىقى سەل

---

① تۇتغۇچ — كۆكمۇچ، شوخلا، تۇرۇپ، كۇدىدىن قىلىنغان ئىشتىها ئاچقۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئاتىلىشى.

كۆتۈرۈلدى.

— نېمە؟ سىز نىڭچە ياغمىلار ئەيىبلىكمۇ؟

— ياغمىلار ئۇيغۇر قوۋمى ئىچىدىكى بىر قەبىلە، ئالىيلىرى. ئەيىب بۇ قەبىلە كىشىلىرىدە ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەلق غېمىنى يېمەيدىغان بەگ ـ ئاقساقاللاردا. ياغمىلارنىڭ ئىچىدە ھۈنەرۋەن، چارۋىچى، تىجارەتچىلەرمۇ بار.

— سىز ياغمىلارنى كۆپ ئەيىبلىمەڭ، — دېدى تۇغانخان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا كەسكىن ھالدا، — ياغمىلار ئۇيغۇر قوۋمى ئىچىدىكى بىر قەبىلە. ئۇيغۇرلار نەچچە يۈز يىللار ئۆز يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، خارلانماي، بوزەك بولماي ياشاپ يەنە ئۆز دىيارىغا قايتىپ كېلەلىدى. شۇڭا، قارلۇق، چىگىل، باسمىل، ياغما، ئوغراق قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، — دەپ قويدى رەيھانىدىن. تۇغانخان ئىشتىھا بىلەن پولۇ يەۋاتاتتى. ئاشچى باشى ئىككى چىنە ئۆگرە ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. تۇغانخان كىرىلىپ ئولتۇرۇپ ئۆگرىنىمۇ ئىچىپ بولدى. قولىنى مۇلازىم سۇنغان لۆڭگىدە ئېرتتى، دۇئا قىلىپ داستىخاننى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇدى. ھەرەمبېگى قۇيۇپ بەرگەن سۇدا قولىنى يۇيۇپ تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

— ئاڭلىشىمچە، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ نىيىتى بۇزۇلغاندەك قىلىدۇ. ئۇ بېشى چوڭلۇق قىلىپ ئۇستۇمگە لەشكەر تارتىپ كەلمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئاغىچى ئۇلۇغى، بۈگۈن مۇشۇ توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن سىزنى چاقىرتىپ كەلگەنىدىم، — تۇغانخان «بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ قېنى راست گېپىڭنى قىل» دېگەندەك قىلىپ رەيھانىدىنغا قادالدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا ئالتۇن ساپلىق قىلىچىنى تىزىغا توغرىسىغا قويۇپ ئولتۇراتتى.

— خاقانىم، ئەگەر مېنى مۇنداق ئەلنى پاراكەندە قىلىدىغان خەۋەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن چاقىرتقان

بولسىلا، ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەنكى، ئۇ پۇتۇنلەي يالغان خەۋەر، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، باشقىلارنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىشى بىلەن كارى بولمايدىغان رەھىمسىز، قانخور كاززاپلار تارقاتقان ئىغۋادۇر. ئالىيلىرى زىنھار ئىشەنمىسىلە.

— بەس! — دېدى تەختتىن تۇرۇپ كەتكەن تۇغانخان، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قان تىقىلغانىدى. بۇ ئۆسەكنى ئۆزى ئويلاپ تاپقان، يۇغرۇش بىلەن قاپۇغچى باشىغا ئېيتىپ ئۇلارنى ئىشەندۇرگەن، ئۆزىنىڭ قارارىنى ئۇلارغا بىلدۇرۇپ، ماقۇللۇقىنى ئالغان تۇرسا، بۇنىڭدىن قانداقمۇ يانالىسۇن!

ئورنىدىن تۇرغان رەيھانىدىن قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— خاقان ئالىيلىرى، سىلى قاراخانىيلار خاندانلىقىنى بەرپا قىلغان ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چەۋرىسى، تۆتىنچى ئەۋلاد بۇغرا قاراخان بولۇپ دۇنيادا نام قازاندىلا. بۇ چاغقىچە دۇشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھۇجۇملىرىنى تارمار قىلىپ، خاندانلىقىمىزنى مۇستەھكەملەشتە ئۇنتۇلغۇسىز باھادىرلىق كۆرسەتتىلە. بۇنىڭغا قەشقەر دىيارىنىڭ بۇغرا خانى بولۇپ كېلىۋاتقان تەخت ۋارىسى يۇسۇپ قادىرخانمۇ قايىل بولغاچقا، ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ ئۆتۈۋاتىدۇ. بويۇنتاۋلىق قىلغىنى يوق. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بەزى قارا نىيەتلەرنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنى غەزەپ ئوتىغا تاشلىسىلا توغرا بولارمۇ؟

تۇغانخان مەيدىسىنى بېسىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— بولدى سۆزلىمەڭ! — دېدى تىترەك ئاۋاز بىلەن، — ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىش قارارىغا كېلىپ بولغانمەن!

رەيھانىدىن بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك

ئەندىكىپ كەتتى.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى خاقانىم، ئەلنى قان دەرياسىغا غەرق قىلماقچى بولۇۋاتاملا؟

— ئەلنى ئەمەس، يۇسۇپ قادىرخاننى قان دەرياسىغا غەرق قىلماقچىمەن.

— ئالىيلىرى، بەكمۇ يۇزە ئويلاپلا. يۇسۇپ قادىرخان ئارسلان بۇغراخاننى پۈتۈن ئوردۇكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، ئۆزكەنت، بارسغان دىياردىكى خەلقلەر ھىمايە قىلىدۇ. ئۇنىڭ لەشكىرى ھېسابسىز، خاقانىم. ئەگەر ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلسىلا، تىنچ ياتقان شىرنى ئېتىلىشقا مەجبۇر قىلىدىلا. قانلىق جەڭ قىلىشقا، كۆپ قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. قېرىنداش تۇرۇپ، تاجۇتەخت، زېمىن، بايلىقنى دەپ بىر - بىرىگە قىلىچ كۆتۈرگەن شاھلارنى ئالla قانداقمۇ كەچۈرسۇن؟ قارارلىرىدىن يېنىپ، ئەلنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئۈچۈن يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ بىلەن ئىناق ئۆتۈشلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈمىد قىلىدۇ.

— مەن ئۈمىد قىلمايمەن؟ — بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى تۇغانخان.

— ئەمىرۇل مۆئمىنىن، ئەلپاناھى تۇرۇپ قېرىنداشلىرىنىڭ قېنىنى تۆكسىلە، قېرىنداشلارنى قېرىنداشلارغا ئۆلتۈرگۈزسىلە، ئالla راۋا كۆرەرمۇ؟ سىلى ماقۇل بولسىلا، مانا مەن يالۋاچ بولۇپ ئوردۇكەنتكە بېرىپ، قېرىنداشلىق مېھرلىرىنى، دوستلۇق تىلەكلىرىنى يۇسۇپ قادىرخانغا يەتكۈزۈشكە تەييارمەن.

— بولدى بەس! قايتىپ كېتىڭ!

يەنە سۆز قىلىش ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن رەيھاندىن، تەختكە يۈلىنىپ قالغان تۇغانخاننىڭ يېنىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

## 3

بۇ تۇن تۇغانخان ئۇچۇن زۇلمەتلىك بىر كېچە بولدى. ئۇنىڭ سول تەرەپ كۆكرىكى دەسلەپ قاتتىقلىشىپ، كېيىن زىخ سانجىغاندەك ئاچچىق ئاغرىدى. ئۇ ئاغرىق دەستىدىن تىنالماي قالدى. بويۇن ـ بېشىدىن چىپىلداپ تەر ئاقتى. قىلىچ، ئومۇت، نەيزە تېگىپ ئون نەچچە قېتىم ئېغىر يارىلانغان بۇ خاقان تاغىقىغا قادىلىپ قالغان نەيزىنى تارتىۋەتكەندىمۇ «ۋاي...» دېمىگەنىدى. ئۇ بەك چىدامىلىق ئىدى. باش ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقى دېگەننى ئاغرىق ھېسابلىمايتتى. ئۆمرىدە ئاغرىپ يېتىپ قالمىغانىدى. ئەمما، بۇ كېچە ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي قالدى. «ئاللا، ئاللا ئىگەم، مەن نېمە بولغاندىمەن؟ ساپمۇساق ئىدىمغۇ. نەدىن يېپىشتى بۇ مەرەز كېسەل؟» دەپ ئىنجىقلاپ ئارزۇلۇق خوتۇنى بولغان مەلىكە ئادىرانى ئويغىتىۋەتتى.

— خاقانىم، نېمە بولدىلا؟ — بېشىنى كۆتۈردى خانىش، تەكچىگە قويۇلغان كۈمۈش قەندىلدىكى شامنىڭ سۇس يورۇقىدا ئېرىنىڭ ئۆلۈكتەك سارغىيىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ قورقۇپ تۇۋلىۋەتتى، — ۋاي خۇدايىم، چىرايلىرى ئۆلۈكنىڭكىدەك بولۇپ قاپتۇ.

— ئالجىما قانجۇق! مەن تېخى ھايات! — تۇغانخان بارلىق كۈچى بىلەن ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئۇنى ئارانلا چىقتى. ئۇ خوتۇنلىرىنىڭ ئىچىدە مەلىكە، ئالتۇن تارىم دەپ ئاتالغان ئادىرانى بۇ دەمگىچە تىللاپ باقمىغانىدى. چۈنكى، ئۇ مەرھۇم پادىشاھ ھارۇن بۇغراخاننىڭ قىزى ئىدى. بۇ خانىش نازاكەتلىك بولۇپلا قالماي، ئەقىللىك، يۈرەكلىك ئىدى. پەقەت مۇشۇ خانىشلا قارام، گەپ يېمەس خاقاننى بېسىقىغا چۈشۈرەلەيتتى. ئۇنىڭغا بوزەك بولمايتتى.

تۇغانخان بۇ خوتۇنىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ زىيان

تارتمىغانلىقى، ئەل ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىغانلىقى ئۇچۇن ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەت قىلاتتى، ئانانتانى بوزەك قىلغاندەك خارلاپ ئۇرمايتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ئادىرالا ياندۇرالايتتى.

ئادىرا ئېرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۇنىنى ئارانلا ئاڭلىدى.

— خاقانىم، ئىلاھىم يۈز ياشقا كىرسىلە، — پىچىرلىدى مەلىكە، — ھېلى چىرايلىرىغا قاراپ قورقۇپ كەتكەنىدىم.

— يۈرىكىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئالتۇن تارىم، بىگىز تىقىپ قوچۇۋاتقاندەك، — دېدى تۇغانخان مەيدىسىنى ئىككى قولى بىلەن بېسىپ.

— ئەمچىنى چاقىرتايمۇ خاقانىم؟ — ئادىرا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئىسسىق قولى بىلەن سىلىدى.

— ياق، — تۇغانخان ئاغرىق ئارام بەرگەندەك بولۇپ كۆزىنى ئاچتى، — سىز ئاچچىقىمنى ياندۇرالىغاندەك، ئاغرىقنىمۇ توختىتالايدىكەنسىز.

— خاقانىم، سىلى ئاخشام قەسىرگە كەلگەندە، چىرايلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، بىرسى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ دەپ كۆڭۈللىرىنى ئېلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ سورىيالمىغانىدىم. راست، شۇنداق بولغانمۇ؟ — دېدى خانىش ئۇنىڭ تۈكلۈك مەيدىسىگە ئوتلۇق كۆكسىنى يېقىپ.

— مەن جىددىي ئاتلانماقچى، جۇمە كۈنى ئىكەنلىكىگە قارىماي، يۇغرۇش، ھاجىپلارنى ھەرەم تەكىيىخانىسىغا چاقىرتىپ مەسلىھەتلەشكەنىدىم، — تۇغانخان مەلىكىنىڭ سوئالىغا ئۇچۇق جاۋاب بەرمىدى.

— قەسىردە كۆڭۈل ئاچماي نەگە كەتكەندۇ دېسەم، تەكىيىخانىدا ئولتۇرۇپتىكەنلا ـ دە. مەسلىھەت پىشقاندۇ؟

ئاغرىق خېلى پەسلەپ، مېڭىسى سەگەكلىشىپ قالغان تۇغانخان خوتۇنىنى باغرىغا بېسىپ دېدى:

— يۇغرۇش باشى، قاپۇغچى باشىلار قارارىمنى قوللاپ دەرھال

ئىجرا قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۇرۇشتى. ئەمما، يۇغرۇشلاردىن رەيھانىدىنبەگ، ئۇلۇغ ھاجىپ مۇھەممەد باغدادى، شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا داموللا، ئىنالچۇق تېگىن، چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل قاتارلىقلار قارارىمنى ئۆزگەرتىشكە مەسلىھەت بەردى، ئالتۇن تارىم.

— ئېيتسىلا خاقانىم، سىلىنىڭ ئىجرا قىلدۇرماقچى بولغان قارارلىرىنىڭ مەزمۇنى نېمە ئىدى؟ — ئادىرا بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن خاقانىنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا باقتى. قاپقارا چاچلىرى ئېرىنىڭ كەڭ يەلكىسىگە يېيىلدى.

تۇغانخان زۇۋان سۇرمەي جىم بولۇۋالدى. ئۇ بۇ قارارىنى مەلىكىنىڭمۇ قوللىماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. ئادىرا ئۇنىڭ قوينىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى.

— قېنى، دېسىلە شاھىنشاھىم، ئاتلىنىپ قەيەرگە بارماقچى بولۇۋاتىدىلا؟

تۇغانخان رۇسلىنىپ ياستۇققا يۆلەندى:

— بۇ ئاغرىق تۇنۇگۈن جۈمە نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ بۇرۇن، رەيھانىدىنبەگ بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا باشلانغان. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتكىلى بولمايدىغان ئورا قېزىپ قويىدى. ئۇنى بەك ساداقەتمەن، نېمە دېسەم ماقۇل دەيدۇ، يۇغرۇش باشى بولۇشقا مۇناسىپ، دەپ قارىغانىكەنمەن. ئەمما، ئۇ مېنى يېتىلىمەكچى بولغانىكەن. جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئۇلۇغ ھاجىپ، شەيخۇلئىسلاملارمۇ ئۇ قازغان ئورىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىتىۋەتتى. ئالدىمغا ماڭالماس، كەينىمگە يانالماس بولۇپ قېلىپ يۈرىكىمگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى. غەيرەت - شىجائىتىمنىڭ ئۇستۇنلۇكىدىن ئاغرىققا چىداپ يېنىڭىزغا كەلگۈچە تاقىتىم تاق بولدى، مەلىكەم. ئاخشام ئاغرىقنى سىز پەسەيتىپ ماڭا ھاياتلىق بەخش ئەتكەنىدىڭىز. ئازابلىق ئاغرىق

يەنە ئۆيقۇمنى هارام قىلدى. ئەمدى ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، دەپ ياشاشتىن ئۈمىد ئۈزگەن چېغىمدا سىز ئويغىنىپ ئاغرىقىمغا شىپا بولدىڭىز. سىز مەن ئۈچۈن ئابىهايات ئىكەنسىز، ئالتۇن تارىم، — تۇغانخان خانىشنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرغىلى تۇردى.

— سوئالىمغا جاۋاب بەرمىسىلە يانلىرىدىن قوپۇپ كېتىمەن، خاقانىم، — دېدى ئېرىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىۋالغان مەلىكە، يوتقانىنىڭ چېتىگە سۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— توختاڭ ئالتۇن تارىم، هازىر يېنىمدىن تۇرۇپ كەتسىڭىز، ئاغرىق جېنىمنى ئالىدۇ. ئاۋۋال ماڭا ۋەدە بېرىڭ، ئاندىن قارارىمنى دەپ بېرەي، — يېلىنىش نەزىرى بىلەن جاۋاب كۈتۈپ شۈك بولۇپ قالدى تۇغانخان.

— نېمىدەپ ۋەدە بېرىمەن؟

— دېگەنلىرىگە ماقۇل بولىمەن، دەپ.

— ياق، ئۇنداق ۋەدە بېرەلمەيمەن، بولدى، مەن چىقىپ كېتەي، — ئورنىدىن تۇردى ئادىرا.

— توختاڭ، ئالتۇن تارىم، مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىمنى خالىمايدىغانسىز؟ — دېدى تۇغانخان. ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەنىدى. جەڭگاھتا جەڭ ئۈستىدە ئۆلۈشنى خالايدىغان بۇ باتۇر خان ئۆز ئىرادىسىگە مۇخالىپ هالدا نازىنىن ئايالغا يېلىنىۋاتاتتى.

— خالىمايمەن، ئەسلا خالىمايمەن شاهىنشاهىم، مەن سىزنىڭ ياشىشىڭىز ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەننى قىلىمەن، — ئادىرا ئېرىگە ئىچ ئاغرىتىپ تۇرغان يېرىدە تۇرۇپ قالدى.

— مۇشۇ سۆزىڭىز راست بولسا مېنى يالغۇز قويماڭ. مېنى ئاياڭ، مەلىكەم. ماڭا ياماشقان بۇ كېسەل باشقىچىرەك تۇرىدۇ.

— باش ئۈستىگە، خاقانىم! — ئادىرا تۇغانخانىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— مەلىكەم، ئوردۇكەنتنىڭ بۇغراخانى مېنىڭ ئۈستۈمگە

يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇ قوزئوردۇغا باستۇرۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بارماقچى بولۇۋاتىمەن، — دېدى بىردىن قىزىپ سۆزلەپ تۇغانخان، — بىلمەكچى بولىسىز مېنىڭ قارارىم مۇشۇ.

— ئالجىپلا، خاقانىم، — دەۋەتتى ئادىرا، دۆدىن قورققاندەك نېرى سۇرۇلۇپ، — يۇسۇپ قادىرخان ئاغام قوزئوردۇغا ھەرگىز لەشكەر تارتىپ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ شۇنداق مەقسىتى بولسا، سىلى تەختكە يېڭى چىققان چاغلاردا: «ۋەلىئەھدى مەن تۇرسام، نېمىدەپ سەن بۇغرا قاراخان بولۇۋالىسەن؟» دەپ ئۇستىلىرىگە باستۇرۇپ كەلگەن بولاتتى. سىلى ئاسىيالارنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا ئىشىنىپ قاپلا. بۇ قارارلىرىنى ئەمدى ئىككىنچى ئېغىزلىرىغا ئالمىسىلا.

تۇغانخان ئومۇت بىلەن ئۇرغاندەك ئۇجۇقۇپ كەتتى.

— مەن بۇ قارارىمدىن يانمايمەن. مېنى جاھاندا دەۋران سۇرسۇن دېسىڭىز، بۇ قارارىمغا قوشۇلۇشىڭىز كېرەك.

— خاقانىم، ئاغىچى ئۇلۇغى، شەيخۇلئىسلاملار ھەرگىز سىلىگە قارا سانىمايدۇ. ئۇلار سىلىگە توغرا مەسلىھەت بېرىپتۇ. سىلىنى يارنىڭ گىرۋىكىدىن ياندۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن، بولۇنبەگلەر سىلىنى ياردىن ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىشكە ئۇرۇنغان.

— ياق، ياق، مەلىكەم، ئۇنداق ئەمەس، مەن سىزنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى ئالدىنئالا بىلگەن. ئېيتماي دېگەنىدىم، تۇيۇقسىز قوزغالغان كاساپەت كېسەل مەجبۇرلاپ دېگۈزدى. سىز ئوچۇق قارشى چىقتىڭىز.

— مەنلا ئەمەس، ئارامخۇدا كۈن كەچۈرۈۋاتقان پۈتۈن ئەل قارشى چىقىدۇ. سىلىنىڭ بۇ قارارلىرىدىن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بوۋىمىز قانداقمۇ قورۇنماي قەبرىدە تىنچ ياتالىسۇن؟ ئەگىرىم سىلىنى بۇ قارا نىيەتلىرىگە يەتكۈزمەيدۇ، خاقانىم.

— سەن، سەن... — چاچراپ تۇرغان تۇغانخان بارمىقىنى بىگىز قىلىپ تەڭلەپ، گەپ قىلالماي گۇپ قىلىپ دۈم يىقىلدى.

— خاقانىم! — مەلىكە ئادىرا ئۇنىڭ بوكسىز بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى، — نېمە بولدىلا شاھەنشاھىم؟

— ئاغرىق... يەنە... تۇتتى... — دېدى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەپ تۇغانخان، ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ كېتىۋاتاتتى.

— قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتامدۇ؟ — ئەنسىرەپ سورىدى خانىش ئۆلۈك چىراي بولۇپ قالغان ئېرىگە كۆز سېلىپ.

تۇغانخان جاۋاب بەرمەي ئىنجىقلىدى. قول - پۇتى تارتىشىپ، كۆز چاناقلىرى چوڭقىيىپ كەتتى. ئۇ جان تالاشماقتا ئىدى.

ئادىرا ئۇنىڭ مەيدىسىنى يەنە سىلاشقا باشلىدى.

— خاقانىم، سۆزۈمنى ئېغىر ئالمىسىلا، ئەلنىڭ بەختى، سىلىنىڭ شانۇشەۋكەتلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك بولۇشى ئۈچۈن يۈرەك سۆزلىرىمنى دېدىم. ئۇ قارارلىرىدىن يانسىلا. ئاغام خۇرسەن بولىدۇ، ئاۋام ئەمىن تاپىدۇ.

تۇغانخان زۇۋان سۈرمىدى. پەقەت بوغۇزىدىن خىرىلدىغان ئاۋاز كەلدى. ئۇنىڭ تىنىقى ئىتتىكلەپ كەتكەنىدى.

قاتتىق غەزەپلىنىش، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق پەيدا قىلغان يۈرەك كېسىلى تۇغانخانغا بىرنەچچە يىلدىن بېرى ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتىقا قەدەر بۇ تۇتقاقلىقتىن قاتتىق تۇتمىغانىدى. ئۇ ئىلگىرى غەزەپلەنگەن چاغلىرىدا يا جەڭگە كىرىپ ياكى بىرنەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ يۈرەك ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ئۇ شۇنىڭغا ئۆگەنگەنىدى. ئەمما، تۈنۈگۈن قان تۆكۈشكە ئىمكان بولمىغانىدى.

مەلىكە ئادىرا تۇرۇشقا قاراپ قالغان ئېرىگە سەپسېلىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، چۇقان سالدى:

— خاقان بولالماي قالدى! ئاتاساغۇن[①]نى چاقىرىڭلار. ھەرەمبېگىمۇ تېز كەلسۇن.

---

① ئاتاساغۇن — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تېۋىپ.

يۇگۈرۈپ كىرگەن باش كېنىزەك مەلىكىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن غۇلاملارنى دەرھال ماڭدۇردى.

ياندۇرۇلغان شام - چىراغلار قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن قەسىرلەرنى يورۇتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ھەرەمنىڭ ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ھەرەمبېگى بەگتۇتۇق تېگىن پايپاسلاپ كىرىپ ئالتۇن تارىمغا سالام بەردى - دە، تىزلىنىپ تۇرۇپ ئوڭدا ياتقان خاقانغا ئامانلىق تىلىدى. جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن، كەينىچە مېڭىپ قەسىر ھويلىسىغا چىقتى. چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئېلىكخان، تېگىنلەرگە، يۇغرۇش، ھاجىپلارغا، شەيخۇلئىسلام باشلىق دۆلەت ئەركانلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن ياساۋۇللارنى ماڭدۇردى.

تېخى چولپان تۇغمىغانىدى. ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ياقۇت رەڭ يۇلتۇزلار بالاساغۇن كۆكىدە چاقناپ تۇراتتى.

بىرىنچى بولۇپ مەنسۇر ئېلىكخان كەلدى. ئۇ ئاق گۆھەر قادالغان تاج، شاھانە زەر تون كىيىۋالغانىدى. ئۇ يىغلاپ ئولتۇرغان مەلىكە ئادىراغا تەزىم قىلىپ، ئاكىسىنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ تىز چۆكۈپ ئولتۇردى، سىنچىلاپ قاراپ ئۆلگەنلىكىگە جەزم قىلدى.

— ئالتۇن تارىم قۇنچۇي، يان ئۆيگە چىقىپ تۇرسىلا بولارمىكىن. يۇغرۇش، ھاجىپلار كېلىپ قالسا ئالىيلىرىدىن ھېيىقىپ، بۇ خانىغا كىرەلمەي تۇرۇپ قالارمىكىن، — دېدى ئۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلغان تېۋىپقا قاراپمۇ قويماي.

رەيھاندىن چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل بىلەن بىللە كەلدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بولۇنبەگ بىلەن دوقاقبەگلەر كېلىشتى. ھايال ئۆتمەي تېگىنلەر، يۇغرۇشلار، ھاجىپلار، چاغرىبەگلەر، تارخانبەگلەر بىلەن قەسىر ھويلىسى توشۇپ كەتتى.

مەنسۇر ئېلىكخان بولۇنبەگ، دوقاقبەگ، شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا داموللا، رەيھاندىن قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرىنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئىچىدە بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ تۇغانخاننىڭ

يېنىدا ئولتۇرغان تېۋىپ ئورنىدىن تۇرۇپ پەگاھقا ئۆتتى.

— خاقان ئاغامغا نېمە بوپتۇ، ئاتاساغۇن؟ — سورىدى مەنسۇر ئېلىكخان.

— قاتتىق چارچاپ ھالىدىن كەتكەندەك قىلىدۇ، — دېدى تېۋىپ «ئۆلۈپتۇ» دېيىشتىن قورقۇپ.

— خاقان ئاغا، — پەس ئاۋاز بىلەن توۋلىدى مەنسۇر ئېلىكخان. خاقاندىن جاۋاب بولمىدى.

— خاقان ئاغا ! ئالىيلىرىنى يوقلاپ يۇغرۇش، ھاجىپلار كەلدى، — دېدى ئېڭىشىپ چىڭراق ئاۋازدا.

تۇغانخان زۇۋان سۈرمىدى. كۆزلىرى ئوچۇق بولۇپ، نۇرسىز ئىدى.

— خاقان ئاغام نېمىشقا گەپ قىلمايدۇ، ئاتاساغۇن؟ — سورىدى يەنە مەنسۇر ئېلىكخان جىددىيلەشكەندەك بولۇپ.

— بۇنى ئاللا بىلىدۇ، ئالىيلىرى. ھوشىدىن كەتكەن بولسا كېرەك، — تېۋىپ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە كۆزى يەتكەن بولسىمۇ «ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ» دېيىشتىن يەنىلا ئېھتىيات قىلىپ، گويا تۇغانخان چاچراپ تۇرۇپ: «مەن ئۆلمىسەم نېمىشقا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ دەيسەن كاززاپ ؟ جاللات ! ئال بۇنىڭ كاللىسىنى !» دەپ ۋارقىراپ كېتەرمىكىن دېگەن ئوي بىلەن تېۋىپلا ئەمەس، باشقىلارمۇ ئېغىز ئاچماي چۆچۈپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردىڭىزمۇ؟ — مەنسۇر ئېلىكخان تېۋىپتىن يەنە سورىدى.

— تۇتۇپ كۆردۈم، سالمايۋېتىپتۇ.

— يۈرىكىنى تىڭشاپ باقتىڭىزمۇ؟

— تىڭشاپ باقتىم، سوقمايۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— بۇ نېمە ئىش تېۋىپ؟ داۋالىمامسىز؟

— ئەلۋەتتە داۋالايمەن، ئالىيلىرى. شىپالىق بېرىش ئاللادىن. خاقان ئالىيلىرىنىڭ سەپراسى تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كەتكەندەك قىلىدۇ. قان ئېلىپ كۆرەيمۇ؟

— بۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز، تېۋىپ! — مەنسۇر ئېلىكخان تاقەتسىزلەنگەندەك بولۇپ تېۋىپقا قادالدى.

باياتىن بولغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان رەيھاندىن زۇۋان سۈرمەي جىممىدە ياتقان تۇغانخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاۋۋال بېشىنى تۇتۇپ، كۆز چاناقلىرىغا سىنچىلاپ قارىدى. ئاندىن يۈرىكىنى تىڭشاپ، تومۇرىنى تۇتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ دەس تۇردى ـ دە:

— ئەلھۆكمىلىللا، خاقان ئالىيلىرى پانىيدىن باقىيغا سەپەر قىپتۇ، — دېدى، ئۇنىڭ قايغۇلۇق ئۈنى ناھايىتى تەسىرلىك چىقتى.

— ئاھ، خاقان ئاغام، ئاھ بۇغرا قاراخان ئاغام! جاھاننىڭ تۈۋرۈكى ئەمەسمىدىلە، ئەلنىڭ يۈرىكى ئەمەسمىدىلە، سىلىسىز قانداق ھايات كەچۈرىمىز ئاغام؟ ئاھ ئاغام، خاقان ئاغام! — دەپ ئۈن سېلىپ يىغلىغان مەنسۇر ئېلىكخان تۇغانخانىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ھەرەمدىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ يىغا ـ زارى ئوردىنى لەرزىگە كەلتۈردى ...

## بەشىنچى باب

# مەنسۇرخان تەختكە چىققاندا

### 1

دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئادەم يوق. ئۆلمەيمەن دەپ ئۆلمەي قالغان پادىشاھمۇ بولغان ئەمەس. ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ. ھەزرىتى سۇلايمان پەيغەمبەرمۇ ئالەمدىن ئۆتكەن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ ئەجەل شارابىنى ئىچكەن، ئۇلۇغ ئەمچى لوقمان ھېكىممۇ ئۆلۈمگە ئامال قىلالماي جان بەرگەن... قەيەردە، قانداق ۋاقىتتا ئۆلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۆلۈمنىڭ تېگىگە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ.

ئۆزىنى دۇنيادا يېڭىلمەس خاقان، دەپ ھېسابلاپ كەلگەن ئەھمەد بىننى ئەلى تۇغانخاننىڭ مۇنداق تۇيۇقسىز قازا قىلىشى ئوردىنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەم ئۇشتۇمتۇت، ھەم غەلىتە بولغانىدى، ئۇ تېخى قىرىق ئۈچ ياشتا ئىدى.

بۇغرا قاراخانلىق تەختىنى باشقىلارنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەش، يىراق – يېقىندىكى ھوقۇقلۇق شەخسلەردىن گۇمانلىنىش، دۆلەت زېمىنىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كاتتا خاقان بولۇش توغرىسىدىكى شېرىن خىياللار ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەم – ئەندىشە بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ ھەممىلا شاھلارغا ئورتاق خۇسۇسىيەت، ئۇلارنىڭ تەبىقىسىگە ماس كېلىدۇ.

تۇغانخاننىڭ تەبىئىتىدە ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش ئۇستۇن ئورۇندا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئەنە شۇنداق يامان خۇيىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى. بۇنىڭ تېگىگە يەتكەن رەيھانىدىن «تەگرىم، ئۆزۈڭگە رەھمەت، بىر بالانى ئارىمىزدىن كۆتۈرۈۋەتتىڭ، بولمىسا، ئۇ بۇ ئەزىز تۇپراقنى قانغا غەرق قىلغان بولاتتى» دەپ

ئويلاپ، كۆڭلىدە سۆيۈندى. بولۇنبەگ: «ئەجەب يامان بولدى، ئەمدى ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بارالمايدىغان بولدۇق. تۇغانخان هايات بولسا، بۇ قېتىم زور نۇسرەت قازىناتتۇق، مېنى ئوردۇكەنتكە ئېلىكخان قىلىپ قوياتتى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، غەزنەۋىلەر ياكى سەلجۇقىيلار تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ كەلگەن، تاجۇتەختىدىن ئايرىۋەتكەن بولاتتىم...» دەپ نادامەت قىلدى. دوقاقبەگ بولسا: «قارا قورساق بولسىمۇ باهادىر ئىدى، ياخشىلىق قىلغاننى ئۇنتۇمايتتى، ساداقەتمەننى ئەتىۋارلايتتى، بۇرنىدىن يېتىلىگىلى بولاتتى. ئەگەر بۇغرا قاراخانلىق تەختىگە يۈسۈپ قادىرخان چىقىپ قالسا، كۈنىمىزنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ئۇ قۇيرۇقىنى تۇتقۇزمايدىغان بۆرە. ئەگەر مەنسۇر ئېلىكخان تەختكە چىقىپ قالسا، كۈنىمىز يەنە تۇغۇلىدۇ، هېچبولمىسا يۇغرۇش بولىمەن. بۇ تۈلكىنىڭ بۇرنىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقىپ، تۇيدۇرماي قۇيرۇقىنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەك...» دەپ ئويلايتتى. مەنسۇرخان «ئۇنداق ئاغام، مۇنداق خاقان» دەپ ياقا يىرتىپ يىغلاپ تۇرسىمۇ، كۆڭلىدە: «بۇغرا قاراخانلىق تەخت ماڭا قالدى، خاقانلىق تاج ماڭا مەنسۇپ بولدى» دەپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش ئىدى.

ئېلىكخان، ئارسلانخان، تېگىنلەر، يابغۇ، چاغرىبەگ، تارخانبەگلەرنىڭ يىغا ـ زارى ئوردىنى بىر ئالدى. هەربىر ئادەم ئۇخشىمىغان مۇددىئا ـ غەرەز بىلەن يىغلىشىۋاتاتتى. پەقەت خانىش ئادىرالا ئېرىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئېچىنىپ ياش تۆكەتتى.

مېيىت يۇيۇلۇپ كېپەنگە ئېلىندى، ئاندىن جىنازىغا سېلىنىپ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بالاساغۇندىكى ئەڭ چوڭ بولغان ئازنا مەسچىتكە ئېلىپ مېڭىلدى. جىنازىنىڭ ئالدىدا خان جەمەتىدىكىلەر، دۆلەت ئەربابلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك هەربىي سەركەردىلەر ماڭدى. كەينىدە ئوردا ئەمەلدارلىرى، ياساۋۇل، نۆكەرلەر، مۇلازىم ـ غۇلاملار سەپ تۈزگەندى. جىنازىنىڭ

ئىككى يېنىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ كېتىۋاتقان قارىيلارنىڭ ئۈنى يۈرەكنى ئېزەتتى. ئاق رومال سالغان هازىدار مەلىكە ـ خانىشلار، چۆرىلەر، كېنىزەكلەر جىنازا كەينىدىن ئوردا دەرۋازىسىغىچە چىقىپ يىغا ـ زار بىلەن ئۇزىتىپ قېلىشتى.

مەرھۇمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ مەسچىتتىن ئېلىپ چىقىلغاندا، نەچچە مىڭ خالايىق جىنازىنى ئارىغا ئالدى. ئالامانىنىڭ ئىچىدە ئايتولۇن بىلەن ئايسىلىگمۇ بار ئىدى. ئۇلار يول چېتىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇشاتتى.

— ئايتولۇن ! — توۋلىدى ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلگەن ئاھۇ كۆز، غەمكىن چىراي بىر قىز.

ئايتولۇن ئۆرۈلۈپ قاراپ:

— قۇمبا ! — دەپ ئۇ قىز بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشتى، ئايسىلىگمۇ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى.

— سىلەرمۇ چىقىپسىلەر ـ ھە، يىراقتىن كۆرۈپ تونۇۋالدىم، — دېدى قۇمبا. ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىدىن ھەسرەت يامغۇرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— كۆرۈشكىنىمىز ئەجەب ياخشى بولدى، ئاداش، — ئايتولۇن ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — بىزنىڭ ئۆيگىمۇ كىرمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭ، ئىشىڭ بەك كۆپ ئوخشىمامدۇ؟

— دېدەكلەردىن ماڭا ئىش ئاشمايدۇ. مەن تىل ئۆگىنىمەن، ئوقيا ئېتىشنى، قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىمەن، بەزىدە يىڭنە ئىشىمۇ قىلىمەن، بىكار تۇرمايمەن، ئاداش، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ بويۇنداپ قاراپ قويدى، — قارا، ئەنە ئاكاممۇ جىنازا بىلەن كېلىۋاتىدۇ، — دەپ كۆرسەتتى، — قارا، ئادەم نېمىدېگەن جىق.

يۈزلىگەن كىشىلەر ئورىۋالغان، ئاق يوپۇق يېپىلغان جىنازا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئايتولۇن پۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ قاراپ، سەرۋاز[1]لارغا خاس كىيىنگەن ئۇدمىشنى كۆردى. يىگىت

① سەرۋاز — ئاتلىق ئەسكەر، ئوردىنىڭ خاس نۆكىرى.

جىنازا يېنىدا قىلىچىنى تۇۋەن تۇتۇپ ھۆرمەت قەدەم بىلەن كېتىۋاتاتتى.

ئايتولۇن شۇنچە تەلمۈرسىمۇ، يىگىت ئالدىغا تىكىلگىنىچە كېتىۋەردى. قىزغا ئۇ نۆكەر، ياساۋۇللار ئىچىدە ھەممىدىن غەيۇر، مەردانە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ شۇنچىلىك زوقىنى كەلتۈردى.

ئۇدمىشتىن بىرنەچچە قەدەم ئارقىدا كېلىۋاتقان بويانقارغا كۆزى چۈشكەن ئايسىلىگىنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. «ئەجەب سۆلەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ. ماڭا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى» دەپ رەنجىپ تۇرۇۋىدى، ئۇنى كۆرۈپ قالغان بويانقار تەلمۈرۈپ قارىدى. قىز ئۆزىچە يانغا قارىۋالدى.

قۇمبا بۇ ئىككى ئادىشىغا سەپسېلىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى. «ئەگەر بەگتۇرمىش ھايات بولسا، بۇگۈن كۆرەر ئىدىم. تويىمىزمۇ بولار ئىدى، ئاھ، ئىسىت...» دېدى ئۇ ئىچىدە قايغۇرۇپ. ئايتولۇن ئۇدمىشتىن كۆزىنى ئۈزمىدى. ئايسىلىگ ئۆزىگە قارىغانچە كېتىۋاتقان بويانقارنى مۇلايىم نەزىرى بىلەن ئۇزىتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئاق يەلكەندەك چايقىلىپ ئۆتكەن جىنازا بارا ـ بارا يىراقلاپ كەتتى.

ئۈچ قىز ئۆيگە بىللە ياندى.

— ئاداش، كۆكلەم كىرگەندىن بۇيان نېمىنى ئۆگىنىۋاتىسەن؟ — سورىدى ئايتولۇن قۇمبادىن. ئۇنىڭ مەرھۇم ئاكىسى بەگتۇرمىش ياخشى كۆرىدىغان بۇ قىز بىلەن مۇڭداشقۇسى كەلگەنىدى.

— پارس تىلىنى.

— ئەرەب تىلىنى بىللە ئۆگەنگەندەك، پارس تىلىنىمۇ بىللە ئۆگەنسەك بوپتىكەن، ئاداش.

— ئۇنداق بولسىغۇ جان دەپ ماقۇل بولاتتىم، — دېدى قۇمبا ئەرەب تىلىنى بىللە ئۆگەنگەن كۆڭۈللۈك دەملەرنى ئەسلەپ. ئۇ چاغدا مەدرىسەدە ئوقۇپ، ئەرەب تىلىنى پىششىق ئۆگەنگەن بەگتۇرمىش ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى، قۇمبا

ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

— يېقىندىن بېرى قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسەن، ئاداش؟

— ئۇستاز فارابىنىڭ «كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر»[1] دېگەن كىتابنى ئوقۇغانسېرى مۇسىقىغا بولغان ئىشتىياقىم كۈچىيىپ كەتتى، — دېدى قۇمبا بەگتۇرمىشنىڭ نەي چېلىپ ئۆزىنى چاقىرىدىغانلىقى يادىدىن كېچىپ.

— بىزدىن ئۆتۈپ كېتىپسەنغۇ ئاداش؟! — ئايتولۇن، ئاڭلىدىڭمۇ، دېگەندەك قىلىپ سىڭلىسىنى بىقىنداپ قويدى.

— نەدىكىنى. مەن تېخى سىلەردەك كۆپ كىتاب ئوقۇمىدىم.

ئۇلار ئارچا، چىنار دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان كوچىنىڭ چېتى بىلەن ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئايتولۇن قۇمبانىڭ ياۋاشلاپ قالغىنىدىن مەيۈسلەندى. بولمىسا بۇ قىز ناھايىتى شوخ، چېچەن، گەپدان ئىدى، يولدا مۇنداق جىم ماڭمايتتى، تاقلاپ - سەكرەپ، ھەزىل قىلىپ كۈلۈپ ئاداشلىرىنى زېرىكتۈرمەيتتى.

ئايسىلىگ شۇ دەمدە بويانقارنى ئويلاۋاتاتتى: «ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، كۆرسىمۇ كۆرمىگەنگە سالىدىغان بولۇپ قالدى، نېمە بولدىكىنە؟ ئۇنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان بىرەر سۆز قىلىپ قويدۇممۇيا...»

ئايتولۇننىڭ:

— بىر كۈنى شىكارغا چىقساق بولاتتى، قۇمبا، — دېگەن سۆزى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— شىكارغا چىقمىغىلى ئۇزاق بولدى، ئاچا. شىكارغا چىقساق، ئوقيا ئېتىش، نەيزە سانجىش، قىلىچۋازلىق ماھارىتىمىزنى بىر سىناپ كۆرەتتۇق، — ئايسىلىگ ئاچىسىنىڭ سۆزىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى، — ئابامىلار، ئاغامىلار بىللە چىققان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

ئۇنىڭ «ئاغامىلار» دەپ ئۇدىمىش بىلەن بويانقارنى

---

[1] «مۇزىكا ئىلمى توغرىسىدىكى كىتاب».

ئىپتىۋاتقانلىقىنى ئايتولۇن چۈشىنىپ، سىڭلىسىنىڭ بىقىنىنى چىمداپ قويدى.

— ئەجەب ئوبدان گەپ بولدى. ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بىللە چىقىپ سەير قىلىپ كىرسەك كۆڭلىمىز ئېچىلىپ قالاتتى، — دېدى ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالغان قۇمىبا.

— ئاپاملارغا دەپ يۇسۇپ ئۇكامنىڭ قىرىق تويىنى ئۆتكۈزۈپلا شىكارغا چىقايلى. ئاداش، ئۇكامنىڭ قىرىق تويىغا كەلمەي قويما، — دېدى ئايتولۇن قۇمىبا بىلەن خوشلىشىپ.

ئۈچ كۈن ئۆتۈپ تۆتىنچى كۈنى يۇسۇپنىڭ قىرىق تويى بولدى. قۇمىبا ئۈچ سىڭلىسى، ئىككى ئىنىسى بىلەن كەلدى. تۇغقانلارنىڭ، ھەقەمسايىلەرنىڭ يەتتە ياشتىن كىچىك ھەممە بالىلىرى ھويلىغا يىغىلدى. ئۇلار كۆل بويىغا سېلىنغان داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. قىرىق تويىغا ئاتاپ پىشۇرۇلغان ئەنجۈردەك كىچىك توقاچلار پەتنۇس ـ پەتنۇستا ئېلىپ كېلىندى. بادام، ياڭاق، گۈلە ـ قاق، جىگدە، چىلان، ئۈزۈم، مېغىز قاتارلىق قۇرۇق يېمىشلەر بىلەن يېڭى پىشقان شاپتۇل، ئەنجۈر، خۇۋەينەئۆرۈك، ئاق كۆكچى، چىلگە، تاۋۇزلار لېگەن ـ لېگەنلەردە تىزىلدى.

رەيھانىدىن بويانقار قوتاندىن ئېلىپ كەلگەن ئىككى قوچقارنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ئۆزى بوغۇزلاپ بەردى. ئۇ سۇپىدا بوۋاقنى قاراپ ئولتۇرۇشقان بەگتۆمۈر، زەمۇران ئانا، يابىرا ۋە قىزلىرىغا كۆز سېلىپ:

— بالىلار ئۆينىڭ سائادىتى، خۇشاللىقى، بەرىكىتى. بۇ مۇبارەك كۈنگە يەتكۈزگەن ئاللادىن مىننەتدار بولۇپ خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرايلى، بۇزرۇكۋارلىرىم، — دېدى ۋە سۇپىغا چىقىپ يۈكۈنۈپ، ئايتولۇننىڭ يېنىغا ئولتۇرغان قۇمىباغا قارىدى، — قىزىم، قەدەم تەشرىپ قىلىپ بىزنى ناھايىتى خۇرسەن قىلدىڭلا. بالىلار بىلەن گەپلىرىنى تولا قىلىمىز. ئاتىلىرى ئوبدان تۇرغاندۇ؟ بىرنەچچە كۈن بولدى ئوردىغا بارالمىدىغۇ؟

قۇمبا يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى:
— ئاتامنىڭ تازا مىجەزى يوق.
— بۇرادىرىمنى يوقلاپ كەلسەم بولغۇدەك. ئالسىلا بالام، تارتىنمىسىلا، پات ـ پات كېلىپ تۇرسىلا. ئايتولۇن، ئايسىلىڭ ئىككىلىسى سىلىگە ئامراق.
— رەھمەت ئابا، كېلىپ تۇرىمەن، كېلىپ تۇرىمەن، — قۇمبا داستىخانغا قويۇلغان سامسىدىن بىرنى ئالدى.
— قۇمبا ئاچام پارس تىلىنى بىز بىلەن ئۆگىنىدىغان بولدى. ئۇكامىنىڭ قىرىق تويىدىن كېيىن بىز بىلەن شىكارغا چىقماقچى، — دېدى يۇسۇپنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرغان ئايسىلىڭ ئاتىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشۇپلىش ئۈچۈن.
— ئۇنداق بولسا ياخشىغۇ قىزىم، بۇرۇنىمۇ بىللە ئۆگىنەتتىڭلار ئەمەسمۇ. ئۆزۈممۇ بۇرادىرىم ئادامتوغرۇلنى ئائىلە بويىچە شىكارغا چىقىشقا تەكلىپ قىلماقچىدىم. يا سىلەر ئۆزۈڭلار چىقماقچىمۇ؟
ئاتىسىنىڭ بۇ سوئالىغا ئايسىلىڭ جاۋاب بەرگۈچە ئايتولۇن ئېغىز ئاچتى:
— ئىككى ئائىلە شىكارغا بىللە چىقساق تېخى ياخشى، قىزلار ئۆزىمىز چىقساقمۇ بولىدۇ، ئابا.
— ماقۇل، سىلەر شىكار قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بىللە چىقايلى.
رەيھانىدىننىڭ جاۋابى قىزلارنى خۇشال قىلىۋەتتى. قۇمبا كۆڭلى يېرىم، غەمكىن ئولتۇراتتى.
«بىچارە قىز جۇدەپ قاپتۇ، ئوغلۇمغا ئېلىپ بېرەرمەن دېسەم، خۇدايىم نېسىپ قىلماپتىكەن. بەك ئوبدان قىز ئىدى، ۋاي ئىسىت...» دەپ ئويلىدى يۇسۇپنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان يابىرا.
باللار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ بىردەمدىلا داستىخاننى قۇرۇقداپ قويۇشتى. بۇلار بىلەن بىللە بولۇۋاتقان بويانقار سۇپا ئالدىغا كېلىپ قولىنى كۆكسىگە ئالدى:

— بوزرۇكۋار، باللار دۇئا قىلىپ بەرسۇن، دەيدۇ.
بەگتۆمۈر زەمۇران ئانىغا، ئاندىن رەيھانىدىنغا قاراپ:
— ئامىن! — دەپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈردى، — ئاللا، پەرزەنتلىرىمىزنى ئىمانى، ۋىجدانى بىلەن چوڭ بولۇشقا نېسىپ قىلغىن، بىلىم - ھېكمەت ئاتا قىلغىن. ئىلاھا، كۆپىنىڭ پەرزەنتلىرى قاتارىدا ئوغلىمىز يۈسۈپكە بىلىم - ھېكمەت ئاتا قىلغىن، بىغەم، يارىماسلاردىن بولۇپ قالمىسۇن! ئۇنى ياخشىلارغا قوشقىن، قارا نىيەتلەرگە قېتىلىپ قالمىسۇن! كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىنى قالدۇرغىن، ئىزسىز، نىشانسىز، نامى يامانلاردىن بولۇپ قالمىسۇن! ئامىن ئاللاھۇئەكبەر!
— ئامىن! — چۇرقىراشتى گۆدەكلەر.
— ئەمدى يۈيۈندۈرۈپ، بوۋاقنى كىيىم كىيدۈرۈڭلار، — دېدى رەيھانىدىن يابىراغا قاراپ.
— بوۋاقنى كۆرىمىز، يۈسۈپنى كۆرىمىز، — دەپ چۇقان سېلىشتى گۆدەكلەر.
يابىرا يۈسۈپنى باغرىغا باسقان ھالدا قوپۇپ سۈپىدىن چۈشتى. قىز - ئوغۇل گۆدەكلەر قوللىرىنى ئۈزىتىپ ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى. يابىرا:
— باللىرىم، يۈسۈپنى يۈيۈندۈرۈپ، كىيىمىنى كىيدۈرەيلى. ئاندىن باغقا ئېلىپ كىرىپ ئوينىتىپ كېلىڭلار، ماقۇلمۇ؟ — دەپ، ئايتولۇن ئۆيدىن ئېلىپ چىققان گۈلدار تەشتەككە يۆگىكى يېشىۋېتىلگەن بوۋاقنى ياتقۇزۇۋىدى، بوۋاق بوشىغان قول - پۇتلىرىنى پىلتىڭلىتىپ ھەممەيلەننىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرۈۋەتتى.
ئايتولۇن، ئايسىلىق، قۇمبالار ئۈچ پەتنۇستا بالىنى يۇيۇشقا تەييارلىغان نەرسىلەرنى، كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ چىقتى. بويانقار چۇ دەرياسىدىن ئېلىپ كەلگەن مىس چۆگۈندىكى سۇنى تەشتەك يېنىدا قويدى. بەگتۆمۈر بىرىنچى بولۇپ مىس چۆگۈننى

قولىغا ئالدى:

— ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان ئى جان، هايالىق، ۋاپالىق ئادەم بولغىن، — دەپ جان يەرلىرىنى يۈيۈپ مۇستەهەب قىلدۇردى.

تەشتەك يېنىدا دۇمچىيىپ ئولتۇرغان زەمۇران ئانا:

— كۆن، ئايدەك نۇرلۇق بولغىن، — دەپ يۈزىنى يۇدى.

يۇسۇپ يىغلاپ داستىن چىقىپ كېتىش ئۇچۇن قوللىرىنى ئۇزارتتى.

رەيهاندىن يابىرانىڭ يېنىدا يۇكۇنۇپ:

— يىغلىما، يىغلىما بۇغرام، قەلەم تۇتساڭ ئەلگە ئادالەت ئىشكى ئېچىلسۇن. قىلىچ تۇتساڭ دۇشمىنىڭنىڭ بېشى ئۈزۈلسۇن، — دەپ ئىككى قولىنى يۇدى.

بالىنىڭ يىغىسى ئاستا - ئاستا پەسلەپ، سۇنى چاۋاكلاپ ئوينىغىلى تۇردى. ئارچا ياغىچىنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سېلىپ يۇسۇپنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرغان بۇدراچ موماي:

— باسقان قەدىمىڭ ئەلگە سائادەت، دۈشمىنىڭگە ئاپەت يەتكۈزسۇن، — دەپ پۇتلىرىنى يۇدى.

چۆگۈننى يابىرا قولىغا ئالدى. ئۆز ئانىسىنى تونۇغان بوۋاق تەلپۈنۈپ، قوللىرىنى سۇنۇپ كۈلۈمسىرىدى.

— زېمىننى ياشناتقان دەريا سۈيىدەك ئېلىنى كۆكەرتىدىغان ئەقىللىك، بىلىملىك ئادەم بول، — دەپ بېشىغا سۇ قۇيدى.

بىرنەچچە زىخ كاۋاپنى كۆتۈرۈپ پايپاسلاپ كەلگەن ئاشانبۇقا قولىغا چۆگۈننى ئېلىپ:

— ئەل دۈشمىنىنى دۈشمەن بىلگىن، دۈشمەنگە هەرگىز تىز پۈكمە ! مەيلى ئەلەمدار بول، مەيلى قەلەمدار بول، غۇرۇرۇڭنى يوقاتماي، قەدىر - قىممىتىڭنى يەرگە ئۇرماي زەپەر قۇچۇپ ياشايدىغان ئادەم بول ! — دەپ ئۈچىسىغا سۇ قۇيدى. يۇسۇپنىڭ يۇمران تېنىدە مەرۋايىتتەك سۇ دانچىلىرى لىغىرلايتتى.

ئاشانبۇقا چوگۇننى بويانقارغا بەردى:
— ئىنىم، كۆك بۆرىدەك غەيۇر بول، ھەرگىز يەمچۈك قوزا بولۇپ قالمىغىن، — دەپ يەلكىسىگە سۇ قۇيدى.
ئايتولۇن «چاغرىبەگ بولسۇن» دەپ، ئايسىلىگ «كۆك ئىپىق بولسۇن» دەپ، ئايتمىش «ئالىم بولسۇن» دەپ، ئارچۇن «چىرايلىق قىز ئالسۇن» دەپ بويۇن ـ باشلىرىغا سۇ قۇيدى. قۇمبا ئۇزاق ئۆمۈر تىلەپ سۇ قۇيدى.
ئەمدى نۆۋەت سەبىيلەرگە كەلگەنىدى.
رەيھانىدىن گۆدەكلەر ئىچىدىن يەتتە ئەزاسى بېجىرىم، شوخ، چىرايلىق تۆت قىز، ئۈچ ئوغۇلنى تاللاپ، ئۇلارنى تەشتەكنى چۆرىدىگەن ھالدا تۇرغۇزدى.
ئېتىقادلىق، ئىرادىلىك ئادەم بولسۇن، جامائەتتىن ئايرىلمىسۇن دەپ، ئازنا مەسچىت كاكۇلى[1] سېلىنغان ئىدىشتىكى سۇنى؛ قىلغان ئىش ـ ئەمگىكى، توپلىغان بايلىقى ئەلگە پايدىلىق بولسۇن دەپ، يەتتە مېۋىلىك دەرەخنىڭ شاخچىسى سېلىنغان سۇنى؛ نەدە بولسا شۇ يەردە ھاجەتمەنگە نەپ يەتكۈزسۇن دەپ، يەتتە مېۋىسىز دەرەخنىڭ شاخچىسى سېلىنغان سۇنى، سەپىرى بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق بولسۇن دەپ، كۆۋرۈك شىشىقى[2] سېلىنغان سۇنى؛ مېھرى ئىسسىق بولسۇن دەپ، پىشۇرۇلغان بىر زىخ كاۋاپ چىلانغان سۇنى؛ شېرىن سۆخەن بولسۇن دەپ، تىللا، ئالتۇن ـ زىننەت بۇيۇملىرى سېلىنغان سۇنى ئاشۇ يەتتە گۆدەككە بوۋاقنىڭ باش ـ بويۇنلىرىغا، ئۇچىسىغا قۇيغۇزدى.
ئاندىن يابىرا دەريا سۈيى بىلەن بالىنى چايقاپ قۇچىقىغا ئالدى.
ئۇ دەسلەپ زەمۇران ئانا سۇنۇپ بەرگەن ئاق كۆڭلەك بىلەن قارا ئىشتاننى كىيدۈردى، ئاندىن توپا رەڭ يىپەك رەختتىن تىكىلگەن چاپاننى كىيدۈرۈپ، توگمىلىرىنى ئېتىپ قويدى. زەمۇران ئانا قۇمبا ئېلىپ كەلگەن بادام دوپپىنى بېشىغا كىيدۈرۈۋىدى،

---

① مەسچىت كاكۇلى — مەسچىت تېمىغا سۇۋالغان لاي.
② كۆۋرۈك شىشىقى — كۆۋرۈك ياغىچىنىڭ ئۇششاق پارچىسى.

يۇسۇپ پىسسىڭگىدە كۈلدى. ئاشۇنىۋۇقا ئۆزى تىككەن پۆپۈكلۈك كىچىك چورۇقنى پۇتلىرىغا كىيگۈزۈپ يەر دەسسەتتى. بەگتۆمۈر كۈمۈش بەلباغنى بېلىگە باغلىدى. رەيھانىدىن كىچىك كۈمۈش غىلاپلىق خەنجەرنى بېلىگە ئاستى ۋە كەنجى قىزى ئارچۇن ئېلىپ چىققان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر فارابىنىڭ «مەدىنەتۇل فازىلە»[①]دېگەن كىتابىنى باغاشلىتىپ قويدى...

— مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن! — دەپ چۇقان سالغان گۆدەكلەر قوللىرىنى سۇنۇپ يۇسۇپنى باغقا ئېلىپ كىرىپ ئويىنىتىپ چىقماقچى بولۇشتى.

— ماقۇل، ئويىنىتىپ چىقىڭلار باللىرىم، — دېدى يابىرا يۇسۇپنى قىزتۇرمىشقا بېرىپ. بۇ قارا سېكىلەكلىك قىزنى چۆرىدىگەن سەبىيلەر باغقا كىرىپ كېتىشتى.

بۈگۈن بىرەر كىشى بەگتۇرمىشنىڭ گېپىنى قىلمىغان بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرى باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈللىرىدە ياد ئېتىپ سېغىنىپ ئەسلەشتى. غەمكىن قۇمبانىڭ ياشلىق كۆزلىرى بوستانلىق كۆل بويىدىن، گۈزەل باغ ئىچىدىن ئاشىقىنىڭ رۇخسارىنى ئىزدىدى...

سەبىيلەر باغدا بىرەر سائەت ئويناشقاندىن كېيىن يۇسۇپنى بايىقىدەك ئارىغا ئېلىپ هويلىغا يېنىپ چىقىشتى. شورپا ئىچىپ توقاچنى كۆتۈرۈپ ئۆزىغاندا، كۈن ئولتۇرۇشقا نەيزە بويى قالغانىدى.

## 2

يۇسۇپ كۈندىن ـ كۈنگە شوخلىشىپ چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتاتتى. يىغلىغاندا پۇت ئېتىپ چىرقىراپ، كۈلگەندە ۋىلىق ـ ۋىلىق جىلمىيىپ ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۆيدىكى

① «مەدىنەتۇل فازىلە» — فارابىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرى بايان قىلىنغان كىتاب.

ھەممەيلەن ئۈنىڭغا ئامراق ئىدى. بەگتۆمۈر، زەمۈران ئانا ئۈنى كۈنلۈكى بىر قېتىم كۆرمىسە ئۈيقۈسى كەلمەيتتى. ئايتولۈن ياكى ئايسىلىگ ۋە بەزىدە دېدەك قىزتۈرمىش يۈسۈپنى ئىچكىرى ھويلىغا ئېلىپ كىرىپ بوۋىسى بىلەن مومىسىغا كۆرسىتىپ چىقاتتى. يېقىندىن بېرى كۈندە ئەتىگەن كېلىپ، قىزلار بىلەن پارس تىلىنى ئۆگىنىۋاتقان قۈمبامۇ ئۈنى ئۆز ئۈكىسىدىن چارە كۆرەتتى.

پارس تىلىنى يابىرا ئۆگىتەتتى. سۆزلىرى يېقىملىق، خۈشخۈي بۇ ئايال قىز چېغىدا، باغدات، ئىسپاھانلاردا ئوقۇپ موللا بولۇپ كەلگەن ئاتىسىدىن دەسلەپ ئەرەبچىنى، كېيىن پارسچىنى ئۆگەنگەنىدى. قىزلىرىغىمۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئەرەب تىلىنى، ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرىنى، ئايەت، دۇئالارنى ئۆگىتىپ تەلەپچان قۈشناچىم بولۇپ قالغانىدى. پارس تىلىدىكى مۈرەككەپ، ئۆزى تولۇق بىلەلمىگەن سۆز ـ جۈملىلەرنى رەيھانىدىنىدىن سوراپ بالىلارغا يادقا ئالدۇراتتى. دىنىي بىلىمى چوڭقۇر بولغاچقا ناھايىتى تەقۋا، تەلەپچان ئىدى. قىزلار ئۈنىڭ يېقىملىق سۆزلىرىنى، ھېكايە ـ چۆچەكلىرىنى ئاڭلاشقا خۈشتار ئىدى.

قۈمبا بۈگۈن ھەر كۈندىكىدەك ئۈيۈق يۈزىدە قىزلىلىق يوقالغان مەھەلدە، بەگتۆمۈرنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. سايە ـ سالقىن كۆل بويىدا قىزلار كۆرۈنمەيتتى. ئىككى نەپەر ئوردا نۆكىرى پېشايۋان سۇپىسىدا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارغا بويانقار ھەمراھ ئىدى.

«يابىرا ئابام بۈگۈنكى دەرسنى ئايۋاندا ئۆتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ئايتولۈن، ئايسىلىگلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟ قارىغاندا، ئوردىدىن كىشى كەلگەندەك قىلىدۇ. بۈنداق ئەتىگەندە نېمە ئىش بىلەن كەلدىكىنە؟» ئويلىدى قۈمبا رومىلىنى قايرىپ كۆز سېلىپ. ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى سالاسۈنلۈق قىزلار خانىسىغا قاراپ مېڭىشىغا، يۈسۈپنى كۆتۈرگەن قىزتۈرمىش ئۆيدىن چىقتى. ئۇ:

— قۇمبا ئاچا، — دەپ ئالدىغا كەلدى.
— ئايتولۇن ئۆيدىمۇ؟ — سورىدى قۇمبا ئۆزىگە ئىنتىلگەن يۇسۇپنى قولىغا ئېلىپ. ئۆزىگە ئامراق بۇ قىزنى تونۇۋالغان يۇسۇپ ئەركىلەپ ئۇنىڭ رومىلىنى تارتتى.
— ئايتولۇن ئاچام خانىسىدا، — دېدى قىزتۇرمىش كۈلۈمسىرەپ، — دېرىزىدىن سىلىنى كۆرۈپ، باشلاپ كىرگىن، دەپ مېنى چىقارغانىدى.
— هاي، شوخلۇق قىلما ئۇكام. چېچىمنى يۇلۇۋەتتىڭغۇ، قويۇۋەتمىسەڭ يىغلايمەن، — قۇمبا يۇسۇپنىڭ ئوماق قوللىرىنى چاچلىرىدىن تەستە ئاجرىتىپ مەڭزىگە سۆيدى، — سەنزە... نېمانداق تاتلىق سەن؟
يۇسۇپ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئالتۇن چارىغا قول ئۇزارتتى.
— بۇنى ئالساڭ بولمايدۇ، مە، بۇنى ئوينا، — قىز يانچۇقىدىكى ياڭاقتىن ئىككىنى ئېلىپ بېرىۋىدى، يۇسۇپ تۇتالماي تاشلىۋەتتى.
— بولدى، سىز يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، كېيىن چېقىپ يېگۈزۈپ قويارسىز، — دەپ ياڭاقنى قىزتۇرمىشقا بېرىپ، يۇسۇپنى باغرىغا تاڭغان قۇمبا ئۆيگە قاراپ ماڭدى.
ئايسىلىگىنىڭ چاچلىرىنى تاراۋاتقان ئايتولۇن قۇمبانىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ تارغاقنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى:
— كەلدىڭمۇ ئاداش، — قۇمبا بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى، — ئەتىگەندە مېھمان كېلىپ قالدى. شۇڭا، بىز ئۆيگە قامىلىپ قالدۇق. هەيران بولۇۋاتقانسەن؟ ئولتۇرغىن، — ئۇ دوستىنىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىپ بەردى.
ئۆيگە قىزىلگۈللۈك خوتەن گىلىمى سېلىنغانىدى، گەجگە قىلىنغان تاملىرىغا نەقىش چېكىلگەن ئويۇق - تەكچىلەر چىقىرىلغانىدى. قىلىچ، نەيزە، ئوقيالار ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئۆي يورۇق بولۇپ، ئوڭ ياندىكى بۇلۇڭىغا تاش ئەينەك، سول ياندىكى

بۇلۇڭغا چاسۋەكلىك كۈمۈش ھالقىلىق ساندۇق قويۇلغانىدى. قۇمبا ئولتۇرۇپ:

— سىلەر شۇنچە ئەيمەنگۈدەك كىم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— يۇغرۇش ئوخشايدۇ. ئاتام بەگتۇمۇر بوۋامنى چاقىرىپ چىقتى. ئابام ئاشخانىدا ئالدىراش.

ئايتولۇننىڭ جاۋابى قۇمبانى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— قايسى يۇغرۇشتۇ ئۇ؟ رەيھانىدىن ئاتامنىڭ ئوردىغا بارىدىغان چېغىدا كېلىپ قاپتۇيا؟

— بۇنى بىلەلمىدۇق، ئاداش. بۇغرا قاراخان ئەۋەتتىمىكىن ياكى ئۆز ئىشى بىلەن كەلدىمىكىن، باداڭ قورساق، كالانپاي ئادەم ئىكەن، ئۇستىدە زەر باسقان كىمخاب تون.

— كىم بولسا بولمامدۇ، كارىمىز نېمە، — دېدى ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇۋاتقان ئايسىلىڭ، — ھېلى ئاتام مېھماننى ئۇزىتىۋېتىپ دەپ بېرىدۇ. بويانقارنى چاقىرىپ سوراپ باقامدۇق يا؟ — ئۇ باغىرداقىنى تارتىپ باغلاپ ئورنىدىن قوپتى، كۆكسى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

— توختا ئايسىلىڭ، بويانقارنى چاقىرىپ سورىمىساقمۇ ئاتام ئۆزى دەپ بېرىدۇ، — توستى ئايتولۇن سىڭلىسىنىڭ ئۇزۇن ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ پېشىدىن تارتىپ.

مۇشۇ ۋاقىتتا مېھمانخانا ئۆيىدە قىزىق پاراڭ بولۇۋاتاتتى. كەلگەن يۇغرۇش دوقابەگ ئىدى. ئۇ زەپە سېلىنغان چاينى سۇمۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىزگە مەلۇم بەگتۇمۇر ئاغا، بولۇنبەگ خاقانىيە① دىيارىدىكى ئەلۋەك يۇرت ئالتىن ئارتۇچنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن، يۇرت - جامائەتنىڭ پېشۋالىرىدىن ھېسابلىنىدۇ، ھارۇن ئارسلانخانغا مۇھاپىزەتچى نۆكەر بولغان سەركەردە. نەچچە يىللاردىن بېرى مەرھۇم بۇغرا قاراخانغا سۇباشى، يۇغرۇش بولۇپ كەلدى. ھازىر بۇغرا قاراخان مەنسۇرخاننىڭ يۇغرۇش باشى،

① خاقانىيە — پادىشاھلار تۇرىدىغان جاي — قەشقەر.

مەرتىۋىسى ئۈستۈن زات. ھەر جەھەتتىن سىزنىڭ جەمەتىڭىز بىلەن تەڭ تۇرالايدۇ، ئارىم - بارىم كىشى قارا[1] ئۇ، — دوقاقبەگ سۆزدىن توختاپ ئاق يىپەك ياغلىق بىلەن بويۇن - باشلىرىدىكى تەرنى ئېرتىپ، ئاۋۋال بەگتۆمۈرگە، ئاندىن رەيھانىدىنغا سىنچى نەزىرى بىلەن قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى، — بايا دېگىنىمدەك، بولۇنبەگنىڭ رەيھانىدىن جانابلىرى بىلەن قۇدا بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىشۋاتقىنىغا بىرنەچچە يىل بولدى. قىتانلار بىلەن ئۇرۇش بولۇپ، ئوغلى ئالىپ بوزاغۇ جەڭگە كېتىپ قالغاچقا ئېغىز ئاچالمىغانلىقى راست. بۇغرا قاراخان ئالدىدا ھەمىشە رەيھانىدىن جانابلىرىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ كەلدى. ئاغىچى ئۇلۇغى بولۇپ تەيىنلىنىشىگە كۆچ چىقارغانمۇ بولۇنبەگ بىلەن ئىككىمىز. بەگتۆمۈر ئاغا، ئەسلىدە ئۇلۇغ خاقان زەپەر قۇچۇپ كەلگەندىلا توينى قىلىۋەتمەكچىدى. ئالىپ بەگتۇرمىشنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولۇشى بۇ قۇتلۇق توينى ئارقىغا سۈرۈۋەتتى. ھەربىر ئىشنىڭ ئاللا بېكىتكەن ۋاقتى - سائىتى بار. سائىتى كەلمىسە ھەرقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئەنە شۇ قۇتلۇق سائەتنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ كەلدىم.

ئۆينى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. بەگتۆمۈر رەيھانىدىنغا، رەيھانىدىن بەگتۆمۈرگە باقتى. ھەر ئىككىيلەننىڭ ئۇچراشقان كۆزلىرىدە «بوزاغۇنى كۆيئوغۇل قىلالمايمىز» دېگەن مەنە ئەكس ئەتتى.

جاۋابقا مۇنتەزىر بولغان دوقاقبەگ بىرقانچە قېتىم تامىقىنى قىرىپ قويدى، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي بولمايتتى. جاۋاب بەرگەندىمۇ، ئۇ رەنجىمەيدىغان جاۋابنى تېپىپ بېرىش كېرەك ئىدى.

— قاپۇغچى باشى جانابلىرى، قۇتلۇق قەدەملىرى بېشىمىزنى

---

[1] ئارىم - بارىم كىشى قارا — خۇش پېئىل، كاتتا ئۇستاز.

كۆككە يەتكۈزدى.

— قۇللۇق، قۇللۇق، — دوقاقبەگ ھىجىيىپ باش لىڭشىتتى. بەگتۆمۈر گېپىنى داۋام قىلدى:

— جانابلىرى، ئوغلۇم رەيھاندىننىڭ تۆت ئاجىزەسى بار.

— تۆت قىزى بار بەندىسىگە ئاللا دوزاخ ئوتىنى ھارام قىلغان، تەقسىر، — دېدى دوقاقبەگ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئەزىز خانىلىرىغا ئەئشا[1]دەك شائىر قەدەم تەشرىپ قىلغان بولسا ئەجەب ئەمەس، كەينى - كەينىدىن توي ئوينايدىغان ئوخشايمىز، — ئۇ خىرىلداپ كۈلدى.

بەگتۆمۈر «قېنى، سىلى جاۋاب بەرسىلە بالام» دېگەندەك قىلىپ رەيھاندىنغا كۆز ئىشارىتى قىلدى.

— ئاتام ئېيتقاندەك، مۇبارەك قەدەملىرى پېقىرنى غايەت خۇشال قىلدى، قاپۇغچى باشى جانابلىرى. تۆت ئاجىزەمنىڭ ئىككىسى ئەمدى رەسىدە بولدى. ئىككىسى تېخى نارەسىدە، ئەلھەمدۇلىللا، شائىر ئەئشاغا ھاجىتىمىز چۈشمەس.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە. قىزلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق بولغاندىكىن قەسىدە يېزىپ ماختاش ھاجەتسىز، ئاغىچى ئۇلۇغى جانابلىرى، — دوقاقبەگ ئارتۇقچە سۆز قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىپ جىم بولدى.

— نىكاھ غايىب، قاپۇغچى باشى. سىلى دېگەندەك بويىغا يەتكەن ئىككى قىزىمىز توغرۇلۇق باش ئاغرىتىۋاتقانلار خېلى كۆپ. مۇۋاپىق دەپ بىلىپ ئىككىسىلەنگە ماقۇل جاۋابنى بەرمىگەن بولساق، جانابلىرى كەلگەندە ھەرگىزمۇ ياق دېمىگەن، ئىككى قوللاپ سۇنغان بولاتتۇق. بىزنى كەچۈرگەيلا، ئۆزىمىزنى بولۇنبەگ جانابلىرىغا يەتكۈزۈپ قويغايلا. تەقدىر ئەزەلدىن

---

① ئەئشا — ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ياشىغان مەشھۇر ئەرەب شائىرى. قىزلىرىنى ياتلىق قىلالماي چۆلگە چىقىپ كەتكەن بىر ئەرەب يولدىن ئۆتۈۋېتىپ كەپىسىگە كىرىپ ئۆتكەن ئەئشانىڭ ھۆرمىتىگە يالغۇز تۆگىسىنى سويغان، ئەئشا ئۇنىڭ تۆت قىزىنى ماختاپ قەسىدە يازغانىكەن.

شۇنداق پۈتۈلگەن بولسا كېرەك، بىر يىل بۇرۇن كىشى كىرگۈزگەن بولسا، مۇنداق نالايىق جاۋاب بەرمىگەن بولاتتۇق. خەيرىيەت...

رەيھاندىن سۆزىنى توختاتماي تۇرۇپ دوقاقبەگ ئېغىز ئاچتى:

— جانابلىرى، ئەلچى ئەۋەتكەن ئارسلانخانمۇ، ئېلىكخانمۇ؟

— ياق، خان جەمەتىدىكىلەر ئەمەس.

— ئۇلۇغ ھاجىپمۇيا؟

— ئۇمۇ ئەمەس، قاپۇغچى باشى جانابلىرى.

— ئۇنداق بولسا كىم؟ — زەردە بىلەن سورىدى بولۇنبەگ. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزلىرى چىمىلداپ كەتتى.

رەيھاندىن ئاتىسىغا قارىدى. بەگتۆمۈر ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، «سۆزلەۋەرگىن» دېگەندەك باش لىڭشىتتى.

— قاپۇغچى باشى جانابلىرى، بىزگە ئەلچى ئەۋەتكەن ئارسلانخان، ئېلىكخان جەمەتىمۇ، يۇغرۇش ياكى ھاجىپ ئائىلىسىمۇ ئەمەس. ئۇزاق يىللاردىن بېرى بېرىش - كېلىش قىلىپ كېلىۋاتقان دوستىمىز...

— ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن - دە، سىلەردەك زەردار ئائىلىسى ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس. ھەقىقىي دوستلۇقنى، ساداقەتنى زەرگە سېتىۋالغىلى، قىلىچ بىلەن يوق قىلىۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەيلى بىلەن ماقۇل بولغانىدۇق.

رەللە بولغان دوقاقبەگ جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ بۇرۇتلىرى يېپىپ تۇرغان گۆشلۈك كالپۇكلىرى قىمىرلاپ، قىسىلغان كۆزلىرى يۇمۇلدى. ئۇ بىردىنلا:

— ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر! — دەپ قوپۇۋىدى، سەللىسى سىلكىنىپ كۈمۈش ئوتۇغات سىڭار يان بولۇپ قالدى. ئۇ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— قاپۇغچى باشى جانابلىرى، تاماق يەپ ماڭسىلا، — دېدى بەگتۆمۈر پەش قېقىپ ئىشىكتىن چىققان دوقاقبەگكە تونىنى سۇنۇپ.

— ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ يېنىدا بولمىسام بولمايدۇ، يۇغرۇش باشىمۇ مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

دوقاقبەگ قول باغلاپ تۇرغان نۆكەرلەرگىمۇ قارىماي ھويلىدىن تېز چىقىپ كەتتى. خاس مەھرىمى ئۇنىڭغا ئاران يېتىشىۋېلىپ بېشىغا قارا چەترى①نى تۇتتى، يەنە بىر نۆكەر سوۋۇتۇلغان ئارغىماقنى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— كۆردىلىمۇ ئوغلۇم، دوقاقبەگنىڭ ئەلپازىنى، مەن بارسام قىزىنى ئىككى قوللاپ تۇتىدۇ، دەپ ئويلىغان چېغى، — دېدى بەگتۆمۈر مېھماننى ئۇزىتىپ كىرىۋېتىپ، — بالا رەسىدە بولۇپ قالدى، مېنىڭمۇ بۇرادەرلىرى ئادامتوغرۇلنىڭ ئوغلىغا بەرگۈم بار، بولۇنبەگنىڭ كۆرەڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلغۇم يوق.

— مېنىڭمۇ پىكرىم شۇنداق، ئاتا. بولۇنبەگنىڭ ئوغلى بوزاغۇ ئاتىسىدەك ھىيلىگەر، كاززاپ ئادەم بوپتۇ، ئۇ ئوردىغا كەلگەندىن بۇيان، ئەمەلدارلار ئارىسىدا چېقىمچىلىق قىلىپ خېلى كۆپ كىشىلەر ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويدى. ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە مەنسۇر بۇغرا قاراخاننى ماختاپلا يۈرىدۇ. تولا خۇشامەت قىلىپ مېنىمۇ بىزار قىلىۋەتتى ئۇ ھارامزادە. ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىشتىن تەڭرىتائالا ئۆزى ساقلىسۇن.

رەيھاندىن ئاتىسى بىلەن سۆزلەشكەچ مېھمانخانىغا كىردى.

— ئەمدى بالام، دۈشمەنلىرى ئاۋۇيدىغان بولدى، پەخەس بولسىلا، — دېدى بەگتۆمۈر ئولتۇرۇۋېتىپ.

— بۇ دۇنيادا چايان، يىلانلار بولسىمۇ، ئادەملەر يەنىلا ھايات كەچۈرمەكتە، ئاتا. ئاقىللار «خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق» دەپ بىكار ئېيتمىغان. پېقىر، پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ ياخشى نىيەتلىك

① چەترى — كۈنلۈك.

بەندىسىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىغا ئىشىنىمەن.

— ئىشەنچ ئادەمنىڭ يۆلەنچۈكى، ئوغلۇم. «قورقىقانغا قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك، قورققاقلار ئاسان بالا ـ قازاغا ئۇچرايدۇ.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق، ئاتا.

— بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەر كىچىك ئادەملەر ئەمەس، قاراخاننىڭ ئىككى شەمشىرى. ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

— پېقىر ئوغۇللىرىنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ دۇئا قىلىسىلا، ئاتا.

رەيھاندىننىڭ كۆز ئالدىغا مەنسۇر ئېلىكخاننىڭ ئۆزىنى بۇغرا قاراخان دەپ جاكارلاپ تەختكە ئولتۇرغان كۈندىكى ئىشلار كەلدى.

ئەھمەد بىننى ئەلى تۇغانخاننىڭ جەسىتى قەبرىگە قويۇلۇپ، ئەتىسى مەنسۇر ئېلىكخان ئۆزىگە قاراشلىق سىپاھلىرىنى ئوردىنى قورشاشقا يوشۇرۇن بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. ئوردا قورشاۋغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بارلىق دۆلەت ئەركانلىرىنى بۇغرا قاراخان سارىيىغا يىغىپ:

— ئارسلانخان، ئېلىكخانلار، يۇغرۇش، ھاجىپلار! بۇغرا قاراخان تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىمنى جانابىي ئاللا ئىرادە قىلدى. ھەممىڭلارنىڭ قوللايدىغانلىقىڭلارغا ئىشەنچىم كامىلكى، بۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار يوق، ئەلۋەتتە.

— يوق! — چۇقان سالدى كۆپچىلىك.

— تاجۇتەخت، شان ـ شەرەپ بۇغرا قاراخان مەنسۇرخان ئالىيلىرىغا مەنسۇپ! — دېدى قولىنى كۆكسىگە ئالغان بولۇنبەگ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن.

— مەنسۇر بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىغا جان پىدا قىلىمىز، — دوقاقبەگمۇ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ پەرمانبەردار بولۇپ تۇردى.

بىرنەچچە مىنۇت داۋام قىلغان چۇقان ـ سۈرەندىن كېيىن، شەيخۇلئىسلام بەگتاش ئابدۇللا داموللا پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن تاجنى، ئۇلۇغ ھاجىپ مۇھەممەد باغدادى زەر قىياق تۇتقان

شاھانە تونىنى مەنسۇرخانغا كىيگۈزدى.

— قۇتاتسۇن !

— مۇبارەك بولسۇن !

— نامى ئالەمگە يېيىلسۇن !

كۆپچىلىكنىڭ چۇقان - سۈرەنى بېسىلىپ تۇرۇشىغا، تەختكە چىققان مەنسۇرخان يارلىق چۈشۈرۈپ دېدى:

— ئاللا كەرىم بۇغرا قاراخانلىق تەختىنى ماڭا ئاتا قىلغانىكەن، ھېچقاچان شەرقتىكى ۋە غەربتىكى دۈشمەنلىرىم تارتىۋالالمايدۇ، — مەنسۇرخان كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، چىرايىدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىكەنلىكى نامايان بولدى، — ماڭا ساداقەت بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇنبەگنى يۇغرۇش باشى، دوقاقبەگنى قاپۇغچى باشى، مۇھەممەد باغدادىنى ئۇلۇغ ھاجىپ، ئارغۇن جالالىدىننى ئاغىچى ئۇلۇغى، تۆمۈربۇقا نەسرىدىننى سۇباشى قىلىپ تەيىنلەيمەن. ئۇلارغا خىلئەت[1] بېرىلسۇن !

ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان تون، كۈمۈش ئوتۇغات، چەترى، ئېگەرلەنگەن بىردىن ئات ئۇلارغا تارتۇق قىلىندى.

ئاندىن مەنسۇرخان ئون توققۇز نەپەر يۇغرۇش، ئىككى نەپەر ئوردا بېگى، يەتتە نەپەر سۇباشى، ئون بىر نەپەر ھاجىپنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىپ، ئۇلارغىمۇ خىلئەت بېرىشنى ئەمر قىلدى، ھاجىپلار ئىچىدە رەيھانىدىنمۇ بار ئىدى. ئوردىدا ئىشلەشتىن رايى يانغان بۇ ئادەم يەنە ھاجىپلىققا تەيىنلەنگىنىدىن بىئارام بولدى. نېمىشقا ئاغىچى ئۇلۇغلىقتىن قالدۇرۇپ قويىدۇ؟ چوڭقۇر ئويلانغان رەيھانىدىنغا بەزى ئەھۋاللار ئايدىڭ بولدى: تۇغانخان ئۇشتۇمتۇت قازا قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان سۆزلىرى باشقىلارغا ئاشكارىلانماي قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەنسۇرخانمۇ بۇ ئابرۇيلۇق ئەربابنى خىزمەتتىن

---

① خىلئەت — مەنسىپىگە مۇناسىپ كۈمۈش ئوتۇغات، تون، قارا چەترى، قىلىچ، يا، نەيزە، ئېگەرلەنگەن ئاتتىن ئىبارەت تارتۇقنى كۆرسىتىدۇ.

قالدۇرالماي، ھاجىپلىقتا تەيىنلەشكە مەجبۇر بولغان. ئىلگىرىدىن مەنسۇرخانغا يېقىن بولغان بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەر پۇرسەت كەلدى، دەپ بىلىپ، رەيھانىدىننىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ ھەمنەپىسى ئارغۇن جالالىدىننى ئاغىچى ئۇلۇغىلىقتا قويۇشنى مەسلىھەتلىشىۋالغان...

رەيھانىدىن يەنە ھاجىپ بولغاندىن بېرى، خېلى ئارام تېپىپ قالغان بولسىمۇ، روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىپلا يۈردى. ئۇ ئىدىشچى باشى[1] بولۇپ كەلگەن بىر شارابخورنىڭ بىر سەكرەپلا ئاغىچى ئۇلۇغى بولۇپ قالغىنىدىن بەكمۇ ئۆكۈندى. ھەر كۈنى ئوردىدىكى زىياپەتتە بولۇۋاتقان ئىسراپچىلىق، قاقتى ـ سوقتى قىلىشلار، ئۇياق ـ بۇياقتا ئەۋەتىلىۋاتقان سوۋغا ـ تارتۇقلار ئۇنىڭ ئەل غېمى بىلەن زېدە بولغان باغرىنى ئېچىشتۇراتتى. دۆلەت خەزىنىسى كۈنسېرى خوراپ كېتىۋاتاتتى. رەيھانىدىن بۇنى ئۇلۇغ ھاجىپقا ئېيتتى. ئۇ بۇغرا قاراخان مەنسۇرخانغا يەتكۈزۈۋىدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ ئۇلۇغ ھاجىپ، رەيھانىدىنبەگ بۇنىڭغا ئارتۇقچە باش قاتۇرمىسۇن، — دەپ كۈلۈپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان رەيھانىدىن ئاغىچى ئۇلۇغلىقتىن قالدۇرۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندى...

يابىرا كىرىپ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— مېھمان كېتىپ قالدىمۇ؟ تاماقتا رىزقى چۈشمىگەن ئوخشايدۇ.

— شۇنداق، باللارنى چاقىرىڭ، تاماقنى بىللە يەيلى، زەمۇران مومىكىزمۇ مەشەگە چىقسۇن، — دېدى بەگتۇمۇر داستىخان سېلىۋاتقان كېلىنىگە.

— ماقۇل، ئاتا، — يابىرا چىقىپ كەتتى.

رەيھانىدىن ئاتىسىغا قاراپ دېدى:

---

[1] ئىدىشچى باشى — ساقىي.

— ئاتا، ئۇلۇغ سۇتۇق بۇغراخان قۇرغان بۇ دۆلەت ھازىر شۆھرەتپەرەس، نادان بىر خاننىڭ قولىغا قېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاچ كۆز، خۇشامەتچى، نائىنسابلار پايپېتەك بولۇپ، دۆلەت خەزىنىسىنى بۇزۇپ - چاچماقتا. ئاڭلىسام، مەنسۇرخان غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى بىلەن بىرلىشىپ، يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ. ئاكىسىنى خۇدايىم قارا نىيىتىگە يەتكۈزمىگەندى، بۇنىمۇ يەتكۈزمەس.
— ئاللاتائالا دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى تەڭشەپ تۇرغۇچىدۇر، بالام، شۇنداق كۆرەڭ، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدىغان شۆھرەتپەرەس تۇغانخان نېمە بولدى؟ ئۆلدى، تۈگىدى. مەنسۇرخانمۇ خەلقنىڭ ھالىغا يەتمەي، قان تۆكمەكچى بولسا شۇم بېشىنى يەيدۇ.
— دېگەنلىرىدەك بولغاي، ئاتا، — دېدى رەيھانىدىن يەنە بىر گەپ يادىدىن كېچىپ، — مەنسۇرخان غەزنەۋىلەر سۇلتانىغا بولۇنبەگنى يالۋاچ قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ.
— كىمدىن ئاڭلىدىلا بالام؟
— ئۇلۇغ ھاجىپ مۇھەممەد بارسغانىدىن.
— بالام، مەن خېلى يىللار ئىلگىرى، ئەھمەد تۇغانخاننىڭ چوڭ ئىنىسى ناسىر ئىلىكخان سامانىيلار زېمىنىنى بېسىۋېلىپ قاراخانىيلار ئېلىگە قوشۇۋالغانىكەن، دەپ ئىشىتكەنىدىم. ئەمما، غەزنەۋىلەر توغرۇلۇق ئاڭلىمىغانىكەنمەن. ئۇ بىزنىڭ بۇغرا قاراخان ياردەم سورىغۇدەك شۇنداق كاتتا ئەلمۇ؟ — سورىدى بەگتۆمۈر. سودا ئىشلىرىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان بۇ ئادەم ئوغلى ھاجىپ بولغاندىن بېرى خاقاننىڭ نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى، نېمىلەرنى قىلماقچى بولغانلىقى توغرۇلۇق، ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەجەبلىنەرلىك پاراڭلارنى ئاڭلاپ، بارا - بارا دۆلەت تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. رەيھانىدىن مۇنداق دېدى:

— ئەسلىدە غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى سامانىيلار پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىپ چىققان. سامانىيلار سۇلتانلىقىغا ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، جورجان قاتارلىق باياشات كەڭ زېمىنلار قارايتتى. غەزنە شەھىرى خۇراسان تەۋەلىكىدىكى ئاۋات شەھەر ئىدى. ئوغۇزلاردىن بولغان يارقا تېگىن بۇ شەھەرنىڭ باش ئەمىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئالىپ تېگىن نىشاپورغا ھۆكۈمران ئىدى. بۇ ئەقىللىك، باتۇر شاھزادە يۈرەكلىك ئىش ئېلىپ باراتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سامانىيلار پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى جاكارلاپ مۇستەقىل بولۇۋالغانىدى. سامانىيلار پادىشاھى نۇھ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلمۇلۇك بىرقانچە قېتىم لەشكەر تارتىپ بارغان بولسىمۇ مەغلۇپ قىلىنىپ، ئالىپ تېگىن پۈتۈن خۇراساننى ئىلكىگە ئالدى. غەزنە شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، مەملىكىتىنى «غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى» دەپ ئاتىدى. غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى بۈگۈنكى كۆنگە كەلگەندە زېمىنىنى ھىندىستان، ئافغانىستان دىيارىغىچە كېڭەيتىپ قۇدرەت تاپقان ئىسلام مەملىكىتى بولۇپ قالدى.

— بالام، ئۇنىڭ ھازىرقى پادىشاھى كىم؟

— سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى، سۇلتان سايۇق تېگىننىڭ ئوغلى، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنى قۇرغان ئالىپ تېگىننىڭ نەۋرىسى. ئۇ بوۋىسىدەك ناھايىتى باتۇر، چارە - تەدبىرلىك، يىراقنى ئويلاپ ئىش قىلىدىغان بىلىملىك پادىشاھ. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئىكەن. مەنسۇرخاننىڭ غەرىزى بۇ مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ، غەزنەۋىلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتىش بولسا كېرەك.

— بۇنىڭغا قارىتا سىلى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا بالام؟

— يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھقا مەكتۇپ ئەۋەتمەكچىمەن ئاتا، — دېدى رەيھانىدىن قەتئىي ھالدا.

— كىمدىن، بالام؟
— بويانقاردىن.

زەمۇران ئانىنى يېتىلەپ، يۇسۇپنى كۆتۈرۈپ كىرگەن قىزلار ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى.

— ئولتۇرۇڭلار، بالىلىرىم، ئولتۇرۇڭلار، ماۋۇ ئەزىمەتنى ماڭا بېرىڭلار، — بەگتۆمۈر قۇمبانىڭ قولىدىن نەۋرىسىنى ئالدى. يۇسۇپ تەڭدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن ئۇزۇن ساقالىغا قول ئۇزارتتى.

— تاماقنى سەل تەخىر قىلىپ ئېلىپ كىرىڭلار، ئاشانبۇقىنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن چاقىرىپ بىللە غىزالانساقمىكىن دەيمەن. بىر داستىخاندا ئولتۇرمىغىنىمىزغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قاپتۇ، — دېدى رەيھانىدىن قىزلىرىغا قاراپ.

— قىزتۇرمىش بارسۇنمىكىن، — يابىرا داستىخانغا غىزا قويۇۋېتىپ ئېرىدىن سۆز كۈتتى.

— قىزتۇرمىش بىلەن مەن بىللە باراي، — دېدى ئايسىلىگ دەسلەپ ئانىسىغا، ئاندىن ئاتىسىغا بېقىپ.

— ماقۇل، بارغىن قىزىم، — رەيھانىدىن باش لىڭشىتتى.

— بويانقارنىمۇ چاقىرىپ كېلەمدىمەن؟ — بوش ئاۋاز بىلەن سورىدى ئىشىك تۈۋىگە بارغان ئايسىلىگ ئارقىسىغا قايرىلىپ.

— ئاشانبۇقا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى، بالام.

قىزىرىپ كەتكەن ئايسىلىگ قىزتۇرمىش بىلەن ئۆيدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى...

بىر ھەپتە ئۆتتى. بويانقار يولغا چىقىدىغان كۈننىڭ ئاخشىمى ئىدى. ئاشانبۇقىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرگەن ئايسىلىگ قىلىچنى بىلەۋاتقان بويانقارنىڭ يېنىغا ئاستا كەلدى ـ دە، بىر ياغلىق بىلەن غىلاپقا سېلىنغان خەنجەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ھېچنېمە دېمەستىن ئىتتىك كەينىگە ياندى.

گويا پۈتۈن سەزگۈسى تورمۇزلىنىپ قالغاندەك، قاققان

قوزۇق كەبى تۇرۇپ قالغان يىگىت ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە كەلدى. ئەتراپىغا شۇنچە قاراپمۇ ئايسىلىگنى كۆرمىدى. ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىپ كېلىشى شۇنداق ئۇشتۇمتۇت بولغانىدىكى، بۇنى كۈتمىگەن يىگىت ھەيرانۇھەس بولۇپ، ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، سۇپىدا خۇرجۇنغا كىيىم ـ كېچەك، نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپلا، ياغلىق بىلەن خەنجەرنى قوينىغا يوشۇردى. كەينىگە يېنىپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىردى. دېرىزىدىن چۈشكەن ئايىنىڭ كۈمۈش نۇرى قىلىچ بىسىدا ئويناپ، قىزغۇچ ـ ئاق شولا ھاسىل قىلغانىدى. بوياتقار قوينىدىن ياغلىقنى ئېلىپ، بۇرجىكىگە ئاجايىپ چىرايلىق كەشتىلەنگەن بىر جۈپ يۈرەكنى كۆردى ...

## ئالتىنچى باب

# رەقىبگە غالىب كەلگەن ئەزىمەت

### 1

يۇسۇپ ئالتە ئايلىق بولۇپلا ئولتۇردى. قارا كۆز، قارا قاش بۇ سەبىي گۆدەك، يۇيۇلۇپ سۈرتۈلگەن قاشتېشىدەك سۈزۈلۈپ ئوماقلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ كۈلگەندە مەڭزىدىكى كىچىككىنە قىزىللىق ئاستىدا غۇنچە ـ پورەكتەك زىنىخ پەيدا بولۇپ، ئۇنى بەكمۇ يېقىملىق قىلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچىكى كۆپ ئىدى. ئايتولۇن، ئايسىلىڭ بۇ ئۇكىسىغا ھەپتىدە دېگۈدەك كۆڭلەك ـ ئىشتانلارنى تىكىپ تۇراتتى. يابىرا ئۇنى قىرىقى بولغاندا يۇيۇندۇرغان تەشتەكتە كۈندە ئىككى قېتىم يۇياتتى. يۇسۇپ ئەمدى يىغلىماي سۇنى چاۋاكلاپ، پۇت ئېتىپ سۆيۈنۈپ كېتەتتى. بۇدراچ موماي ئوغلاق تېرىسىدە گۈل چىقىرىپ تىككەن چورۇق، كەش، قۇمبا تىكىپ بەرگەن بادام دوپپا، چىمەن دوپپىلار بۇ سەبىي گۆدەككە ئاجايىپ يارىشاتتى.

يۇسۇپنى كۆتۈرۈپ ئوينىتىشقا ئاچىلىرى خۇمار ئىدى. بولۇپمۇ، ئايسىلىڭ پات ـ پات ئۇكىسىنى ئاچىقىپ، ئاشانبۇقىنىڭ ئۆيىدە ئوينىتىپ كېلەتتى. بويانقار قەشقەرگە كەتكەندىن بېرى قىز ئىككى قېتىم باردى. بۇدراچ موماي خۇشال بولۇپ يىغلاپ تاشلىدى.

كۆپ ۋاقىتلاردا يۇسۇپنى قىزتۇرمىش باقاتتى. قىزلار كىتاب ئوقۇپ ئۆگىنىش قىلغاندا، باغ سەيناسىدا ئوقيا ئېتىش، نەيزە سانجىش، قىلىچۋازلىق مەشىقلىرىنى قىلىۋاتقاندا، بۇ ئۆسمۈر

قىز بالىنى باققاچ ئۆلارغا قىزىقىش بىلەن قاراپ قالاتتى.
رەيھانىدىنىڭ قىزتۇرمىشنى قۇل بازىرىدىن سېتىۋالغىنىغا ئۈچ يىل بولغانىدى. ئاتا ـ ئانىسى يوق بۇ قىزغا، ئازار يەپ قالمىسۇن دەپ، ھەممەيلەن سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. قىزمۇ ئۆزۈمگە گەپ كەلتۈرۈۋالماي دەپ، ئىشلارنى ئۆزلۈكىدىن ئادا قىلاتتى. يۈسۈپ تۇغۇلغاندىن بېرى، يابىرا بۇ قىزنى باشقا ئىش قىلدۇرماي، ئوغلىنى بېقىشقا قويغانىدى.
رەيھانىدىن ئۆردىغا ماڭغاندا، كەلگەندە يۈسۈپنى قولىغا ئېلىپ، پېشانىسىگە سۆيمەي تۇرۇپ باشقا ئىشقا قولى بارمايتتى. بۇ گۆدەك ئاتىسىنى كۆرسە ئاجايىپ خۇش بولۇپ كېتەتتى: قوللىرىنى سوزاتتى، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى، تەلپۈنەتتى، ئىنتىلەتتى، زادىلا جىم تۇرمايتتى. ئاتىسىنىڭ ئاپپاق سەللىسىگە قولى يېتىدىغان بولۇپ قالغاچقا، كۆتۈرسىلا پەتىلىسىدىن تارتىپ چۇۋۇۋېتەتتى ياكى ساقىلىنى تارتىپ ئوينايتتى. ئۇ بوۋىسى بەگتۆمۈرگىمۇ ئارام بەرمەيتتى. بوۋاي يۈسۈپ تۇغۇلغاندىن بېرى، بۇ نەۋرىسىنى باقمەن دەپ خېلىلا تېتىكلىشىپ قالغانىدى، زەمۇران ئانىمۇ ياڭاق، بادام مېغىزى بىلەن نان چايناپ يېگۈزۈپ قويمىسا، ئۆزىمۇ تاماق يېگەندەك بولمايتتى. چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن قىلىقى تاتلىق يۈسۈپكە ئەنە شۇنداق زىيادە ھېرىس ئىدى. «باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەن شۇ ـ دە. ھەممە ئىش ئۆز تەرتىپى بىلەن قىلىنىدىغان ۋاڭ ـ چۇڭسىز بۇ ئائىلىنىڭ جىمجىتلىقى يۈسۈپ تۇغۇلغاندىن بۇيان بۇزۇلغاندەك قىلاتتى.
بۈگۈن قىزتۇرمىش يابىرا يۇيۇپ كىيىندۈرۈپ بەرگەن يۈسۈپنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. بىر ئۆستەڭ غول سۇ ئىشىك ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى.
بەگبۇقا مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئۇزۇن كوچا ناھايىتى كۆجۈم ئىدى. مەھەللىدە ياغما، قارلۇق، قىپچاق، چىگىل قەبىلىلىرىنىڭ ھاللىق جەمەتلىرى ئولتۇراقلاشقانىدى.

بەگبوقا ھەممىدىن بۇرۇن قورۇ - جاي قىلىپ يەرلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەھەللە «بەگبوقا مەھەللىسى» دەپ ئاتالغانىدى. مەھەللە ئەللىك - ئاتمىش يىلدىن بېرى كېڭىيىپ ئۆزىراپ، بالاساغۇنىنىڭ غول كوچىلىرىدىن بىرىگە ئايلانغانىدى. ئۆستەڭنىمۇ بەگبوقا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا چاپتۇرۇپ، چۇ دەرياسىدىن سۇ باشلاپ، دەل - دەرەخ قويۇپ، ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان بۇ كوچىنى تېخىمۇ چىرايلىق، خۇش ھاۋا قىلىۋەتكەنىدى.

قىزتۇرمىش ئەگمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئۆستەڭنىڭ بويىغا چۈشتى، قۇم دۆۋىسىدە بالىنى ئولتۇرغۇزدى، ئۆستەڭدىن ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ قۇمغا قويۇپ بېرىۋىدى، يۇسۇپ چاۋاكلاپ ئوينىغىلى تۇردى. بىردەمنىڭ ئىچىدە، ئۇ ئۆي - بۇ ئۆيدىن چىققان گۆدەكلەر يۇسۇپنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، قۇمنى دۆۋىلەپ ئۆي، گۈمبەز ياساشقا كىرىشتى.

ئۈچ ئات قوشۇلغان بىر چوڭ مەپىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغانلىقىنى كۆرگەن قىزتۇرمىش «بۇلار كىمدۇ؟» دېگەندەك قىلىپ قاراپ تۇردى.

ئاق پەرىجە ئارتقان سۆلەتلىك ئىككى ئايال ھارۋىدىن چۈشتى. ئارقىدىن باشلىرىغا رومال سالغان ئىككى ئايالمۇ چۈشۈپ، بىرسى ھارۋىدىن ئۈستى يېپىلغان بىر تەۋەڭ ناننى ئېلىپ باش ئۈستىگە قويدى. بىرسى ئالدىغىراق بېرىپ ئىشىكنىڭ تۈچ ھالقىسىنى قاقتى. ئايىسىلىگ چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ كىرىپ كەتتى.

ئادەتتە بىرەر سائەت ئوينىغاندىن كېيىن، قىزلارنىڭ بىرسى چىقىپ ئۇلارنى ئېلىپ كىرىپ كېتەتتى. بۈگۈن ئۇنداق بولمىدى. يۇسۇپ ھەتتا ئېمىشنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ئويۇنغا بېرىلىپ كەتتى.

كۈن قىيام بولاي دېگەندە، تاراققىدە ئېچىلغان ئىشىكتىن بايىقى مېھمانلار يابىرا، بۇدراچ موماي، ئايال دېدەكلەرنىڭ

ھەمراھلىقىدا ئۇزاپ چىقىپ، مەپىگە ئولتۇرۇپ كېتىشتى.
— قىزتۇرمىش! — چاقىردى ئايسىلىك.
بېشىغا قۇم قۇيۇپ ئويناۋاتقان يۇسۇپ ئاچىسىنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ قوللىرىنى ئۇزارتتى.
ئۆستەڭ بويىغا چۈشكەن ئايسىلىك:
— ۋاي خۇدايىم، قىزتۇرمىش، باللىنى شۇنداق باقامسەن؟ قارا ئۇنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى. قوپە، ئۆيگە كىرىپ كېتىمىز! — دېدى ئاچچىقلاپ.
بۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا رەيھانىدىن ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېشىغا قارا كۇنلۇك تۇتۇپ كەلگەن خىزمەتچى ئادار ئاتنى قولىدىن ئېلىپ ئېغىلغا ئەكىرىۋەتتى.
پېشايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرۇشقان ئاتا ـ ئانىسىغا كۆزى چۈشكەن رەيھانىدىن «ئادەتتە ئۇلار ئىچكىرىكى ھويلىدىن چۈشتە چىقىشمايتتى، مېنى ساقلاپ ئولتۇرۇشقاندەك قىلىدۇ، بىر گەپ بار» دەپ ئويلاپ، ئىتتىك كېلىپ ئۇلارغا سالام بەردى.
بەگتۆمۈر:
— كەلسىلە بالام، يوللىرىغا قاراپ ئولتۇراتتۇق. كېچىكىپ قالدىلىغۇ؟ — دەپ ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.
— مەنسۇر بۇغراخان تايانغۇلار كېڭىشىنى ئۆتكۈزگەنىدى، كېڭەش تۈگىمەي كېچىكىپ قالدىم، ئاتا، — رەيھانىدىن تونىنى سېلىپ يابىراغا بەردى ـ دە، ئوغلىنى قولىغا ئالدى.
— مۇنداق دېسىلە بالام. نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ ئەنسىرەپ قالغاندۇق.
— مەنسۇر بۇغرا قاراخانىنىڭ قورسىقىغا جىن كىرگەندەك قىلىدۇ، ئاتا. غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى توغرىسىدا كۆپ گەپ سېتىپ، ئۇلار بىلەن بىرلەشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇقلا ئېيتتى. قۇدىلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بەردى. يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنى «مېنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇ ئالدىمغا باش ئېگىپ كەلمىسە، مەن

قىلىچ كۆتۈرۈپ ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ بارىمەن» دەپ ھەممەيلەننى چۆچۈتۈۋەتتى. بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەر «ئالىيلىرىنىڭ قارارى ئەلنى سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يارلىق، بىز ئىجرا قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار» دېيىشىپ خۇشامەت قىلىشتى. باشقا يۇغرۇش، ھاجىپلارمۇ پەرمانبەردار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەرنىڭ چىن قەلبىدىن ئەمەس، ئاغزىنىڭ ئۇچىدا دەپ قويغانلىقىنى چىرايلىرىدىكى ۋەھىمىدىن، قاراشلىرىدىكى ئەنسىزلىكتىن بىلدىم، — رەيھانىدىن ساقىلىغا ئېسىلغان يۇسۇپنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن ئۇن چىقماي ئولتۇردۇم، ئاتا، ئېغىز ئاچسام ئىلا، مەنسۇرخاننىڭ زىتىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلىدىغانلىقىم تەبىئىي ئىدى. ئۇ ھالدا ئاززۇ ــ ئارمانلىرىم تۇتەككە ئايلىنىپ كېتەتتى. لېكىن، كېيىننى ئويلاپ ئۆزۈمنى تۇتتۇم. ئەگەر ئۇنى قوللاپ سۆز قىلسام، ۋىجدانىمغا، خەلقنىڭ ئاززۇسىغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىم. بۇنداق قىلىش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. قوللىماي، قارشىمۇ تۇرماي زۇۋان سۈرمەسلىكنى ئەۋزەل بىلدىم. لېكىن، بۇ ماڭا بەك ئېغىر كەلدى.

— ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالغانلىرى ئوبدان بوپتۇ، بالام. غالجىرلاشقان يولۋاس ئالدىدىن ساق چىقىپ كېتىشنىڭ ئۆزى دانالىق. بىكاردىن ــ بىكار يەم بولغاندىن، ساق قېلىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان ئەلا.

— ئاتا، يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنى مەنسۇرخاننىڭ قارا نىيىتىدىن ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن، بويانقارنى ۋاقتىدا ئەۋەتىپ ياخشى قىلغانىكەنمەن. پەقەت شۇلا خۇدا بۇيرۇسا ئەلگە كەلگەن بالا ــ قازانىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ.

— شۇنداق بولۇشقا ئاللا نېسىپ قىلسۇن، بالام. مەن پادىشاھلارنى تازا چۈشىنىپ كەتمىسەممۇ، كېلىپ ــ كېتىپ تۇرغان سودىگەرلەردىن، يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ

ياخشى تەرىپىنى ئاڭلىدىمكى، يامان گېپىنى ئاڭلىمىدىم. ئەل غېمىنى يېمىگەن پادىشاھنىڭ يىرتقۇچ قاۋاندىن پەرقى نېمە؟ !...

رەيھاندىن ئاتىسىنىڭ سۆزىگە سەما بولۇپ ئولتۇرۇپ، ئايتولۇننىڭ بۇ يەردە يوقلۇقىنى بىلدى. «قىزىم نەگە كەتكەندۇ؟» دېگەن نەزەردە مەھبۇبىغا قارىۋىدى، ئۇ قېيىنئاتىسىغا:

— ئاتا، بايا كەلگەن مېھمانلار توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بەرمىدىلىغۇ، — دەپ، يۇسۇپنى تىزىغا دەسسىتىپ ئوينىتىۋاتقان ئېرىگە مەنىلىك باقتى ھەم، — ئەمدى ھۇجراڭلارغا چىقىپ ئارام ئېلىڭلار، — دەپ ئايسىلىڭ، ئايتمىش، ئارچۇنلارنى ئۆيلىرىگە كىرگۈزىۋەتتى.

— بالام، بايا ئوردىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئەتىگەن كۈن ئۆرلىگەن چاغدا، ئادامتوغرۇلنىڭ ئۆيىدىن قىزىمىز ئايتولۇننى سورىتىپ ئەلچى كەلگەنىدى.

— ئادامتوغرۇلنىڭ ئۆيىدىن؟ — تەقەززا بولۇپ سورىدى رەيھاندىن.

— ھەئە، بالام.

— كىمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپتۇ، ئاتا؟

— ئادامتوغرۇل ئۆز ئاچىسى سەمىچە خېنىمنى.

— سەمىچە خېنىم بەك ئوڭلۇق، نازاكەتلىك جۇۋان ئىكەن، بالام، — ئېرىنىڭ ئاغزىدىن سۆزنى تارتىۋالدى زەمۇران ئانا، — ئىنىمىز ئادامتوغرۇلنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئەلچى كىرگۈزگۈسى بار ئىكەن. ئوغلىمىز بەگتۇرمىشنىڭ رىھلەت قىلىشى ئۇلارنىڭ قارارىنى ئارقىغا سۈرۈۋېتىپتۇ، كېيىن «ئەمدى ئەلچى كىرگۈزەيلى» دەپ تۇرغاندا، بولۇنبەگنىڭ ئەلچى كىرگۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىككى خىيال بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئۇدمىش: «سىلەر قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرساڭلار تۇرۇۋېرىڭلار، مەن ئايتولۇننى ئېلىپ قېچىپ، قەشقەرگە ياكى رۇمغا كېتىمەن» دەپ

لەيلىگە ئاشىق بولغان مەجنۇندەك پەرياد چەككەندىن كېيىن، ئادامتوغرۇل ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۈگۈن ئاچىسىنى ئەلچى قىلىپ كىرگۈزۈپتۇ. ئۇدىمىش جاۋابىنى ئاڭلىمىغۇچە ھېچ يەرگە بارمايمەن، دەپ ئۆيدە كۈتۈپ قاپتۇ. بۇنى سەمىچە خېنىم ئۆزى سۆزلەپ بەردى. شۇڭا، سىلىنىڭ كېلىشلىرىنى زارىقىپ كۈتۈپ ئولتۇرۇۋىدۇق.

رەيھانىدىن كۈلۈمسىرىدى.

— نېمىدەپ جاۋاب بېرىشتىلە، ئانا؟ — سورىدى ئۇ بىر چاغلاردا قايچىقۇدا بولۇش ئارزۇسىدا ئادامتوغرۇل بىلەن دوستلاشقانلىقى يادىدىن كېچىپ.

— قىزنىڭ ئاتىسى سىلى، بالام. مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرەيلى دەپ چىرايلىق ئۆزىتىپ قويدۇق، — زەمۇران ئانا يابىراغا ئىللىق نەزىرى بىلەن قارىۋىدى، ئۇ چۈشەنگەندەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ دېدىكىگە بىر تەۋەك ناننى كۆتۈرتۈپ چىقتى. قىزىرىپ پىشقان كۈنجۈتلۈك توقاچنىڭ مەززىلىك ھىدى رەيھانىدىننىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تۇيغۇسىغا خۇشلۇق بەخش ئەتتى.

قىزلىق ئائىلىگە نان كۆتۈرۈپ بېرىش ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئادىتى ئىدى. باي، ھاللىق ئائىلىلەر بىر تەۋەك ياكى بىر داستىخان نان، ئوتتۇرا ھاللىرى بىر تەلەڭگە نان، كەمبەغەل - غېرىبلار بەش نان ئېلىپ باراتتى. قىزلىق تەرەپ ماقۇل بولسا ناننى قوبۇل قىلاتتى، ماقۇل بولمىسا قوبۇل قىلمايتتى.

— ناننى قوبۇل قىلىشقانلىرى ماقۇل بولغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. يەنە مەسلىھەت قىلىشقا ھاجەت قالماپتىغۇ.

يابىرا بۇ گەپكە قېيىنئانىسىنىڭ جاۋاب بەرمەي، ئۆزىگە كۆز ئىشارىتى قىلغىنىنىڭ مەنىسىگە يېتىپ:

— يەنە دېدىم[1]، ئۈزۈكىمۇ بار، — دېدى ئېرىنىڭ ئالدىغا

---

[1] دېدىم — توي كۈنى قىز كىيىدىغان تاج.

كۆمۈش رەڭ پەتنۇسقا ئېلىنغان نەرسىلەرنى قويۇپ.

— ئوھۇي، قىزىمىزنىڭ بېشى باغلىنىپ بوپتۇغۇ، — رەيھانىدىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلار تارقاپ، چېھرى پۇتۇنلەي ئېچىلدى، — بولۇنبەگكە قىزىمىزنىڭ بېشى باغلاقلىق، دەپ جاۋاب بەرگەنىدۇق، ئاغزىمىزدىن سائەت چىقىپتىكەن.

— سىلىنىڭ ماقۇل بولىدىغانلىرىنى بىلەتتۇق، بالام. شۇنداق بولسىمۇ، قىزلىق تەرەپنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن سەل ئارقىغا تارتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشنى يابىرا قىزىم توغرا تاپتى. ئۇلار ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىپ جاۋابىمىزنى ئاڭلايدىغان بولدى.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ئانا. جانابىي ئاللا بۇ توينى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىشىمىزغا مۇيەسسەر قىلسۇن. ئەگەر ئوغلۇم بەگتۇرمىش ھايات بولسا، ئادامتوغرۇل بىلەن قايچاقۇدا بولاتتۇق. خەيرىيەت، ھېلىمۇ ئارزۇيىمىزغا يېتىدىغان بولدۇق.

بەگتۇرمىشنىڭ ئېتىمنى ئاڭلاپ يابىرا ئۈنسىز يىغلىدى. تۇنجى بالىسىنى قانداقمۇ ئۇنتۇسۇن، ئۇنىڭ گېپى بولسىلا كۆز يېشىنى تۇتۇۋالالمايتتى. شۇڭا، رەيھانىدىن ئۇ توغرۇلۇق كەم گەپ قىلاتتى. بەگتۆمۈر، زەمۇران ئانىمۇ تۇنجى ئوغۇل نەۋرىسىنى ئەسلەپ يىغلاپ كېتىشەتتى. رەيھانىدىنىڭ تۇنجى بالىسى بەگتۇرمىشنى ئەسلىمەيدىغان كۈنى يوق ئىدى. قۇمبانى كېلىن قىلىۋېلىش ئارزۇسىنىڭ يوققا چىققىنىدىن كۆپ ئەپسۇسلىناتتى. ئۇ بۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇرادىرى ئادامتوغرۇلنىڭ ئەلچى كىرگۈزمىگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپمۇ قالغانىدى.

قىزى بار ئادەم ياخشى كۈيۈئوغۇلغا ئېرىشىشنى، ئوغلى بار ئادەممۇ ۋاپادار كېلىنىنىڭ ئۆيگە كىرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. رەيھانىدىن ئۇدمىشنى كۈيۈئوغۇل قىلىۋېلىشنى قانچە ئارزۇ قىلسا، ئادامتوغرۇل ئايتولۇننى كېلىن قىلىۋېلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتى. ئۇدمىش ئايتولۇننى قانداق ياخشى كۆرسە، ئايتولۇن ئۇدمىشنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتى.

# 2

بىر ـ بىرىگە خىل كېلىش بەختى ھەممە ئائىلىلەرگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ.

ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئەلچىلەر يەنە كەلدى ۋە رازىلىق بەلگىسى بولغان كۈمۈش بەلباغنى ئېلىپ قايتتى. چوڭلار ئىككى ھەپتە تەييارلىقتىن كېيىن، كۈز ئېيىنىڭ بىرىنچى ھەپتىسى — پەيشەنبە كۈنى باغاق يېزىشقا ئولتۇرۇشتى.

ئەمدىگىنە باش كۆتۈرگەن قۇياشنىڭ شولىسى ئايۋان دېرىزىسىگە جۇلا تاشلىغانىدى. يۈسۈپنى يېنىغا قويۇپ، قولىغا قەلەمتىراچنى ئالغان رەيھانىدىن ئاتىسى بەگتۆمۈرگە:

— مەن تۇغقانلارغا يازاي، سىلى مەھەللىدىكىلەرگە يازسىلا. ئوردىدىكىلەرگە، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارغا بۇرادەرلىرىم كەلگەندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ يازارمىز، — دەپ، تاختىا ـ تاختىا خوتەن قەغىزىنى باغاق يېزىشقا لايىق قىلىپ كېسىپ تىزدى. قەلەمتىراچنى ئويۇققا قويۇپ قومۇش قەلەمنى ئالدى. باياتىن قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، قىزىقسىنىپ ئولتۇرغان يۈسۈپ ئەمدى باغاق يېزىشقا كىرىشكەن ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئېسىلدى.

— بالام، باغاق يازغىلى قويغىن، سېنى ئاناڭ يېنىدىن ئېلىپ كىرمىسەم بوپتىكەن، — رەيھانىدىن ئۇنى تەكچە يېنىغا ئاپىرىپ قويدى.

رەيھانىدىن باغاق يازغىلى تۇرۇۋىدى، بىردىن قولى تارتىلىپ، خەت جىجىلىپ كەتتى.

— ئاپلا، ماۋۇ بالىنى، — رەيھانىدىن قولىغا يېپىشقان يۈسۈپنى تەكچىگە ئېسىلدۇرۇپ قويۇپ يەنە يېزىشقا تۇتۇندى.

ئاستا ئولتۇرۇپ، سىپىلاپ كەلگەن يۈسۈپ بىردىن قەلەمگە ئېسىلىپ تارتتى. باغاق بۇزۇلدى. ئۇ پىخىلداپ:

— ئاتا، — دەپ تىپچەكلىدى.

تەستىكىگە بىرنى سالماقچى بولغان رەيھانىدىن ئۇنىڭ «ئاتا» دېگىنىدىن سۆيۈنۈپ باغرىغا تاڭدى.

— تىلى چىقىپتۇ نەۋرەمنىڭ، «بوۋا» دېگىنە بۇغرام، — دېدى باغاق يېزىۋاتقان بەگتۆمۈر بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— بوۋا، ئاتا! — يۈسۈپ قەلەمنى ئاق قەغەزگە تەگكۈزۈپ ۋىلىقلاپ كۈلدى، — ئاتا، بوۋا...

— ھە، سەن تېخى خەت يازماقچى بولۇۋاتامسەن جىگىرىم. ماڭماي تۇرۇپ بىزگە ئارام بەرمەيۋاتىسەن. ماڭغىنىڭدا گەپ بار ئوخشايدۇ. ماقۇل ئوغلۇم، ساڭا بىرىنچى باغاقنى يازغۇزاي.

رەيھانىدىن يۈسۈپنىڭ قومۇش قەلەمنى چىڭ قامالىلىۋالغان بۇدرۇق قولىنى تۇتۇپ، قېيىنئاتىسى شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا داموللىغا ئەۋەتىلىدىغان باغاقنى يازغۇزدى.

— مانا، توي نىكاھىنى قىلىدىغان بوۋاڭغا باغاق يازدىڭ. بالام. بۇ توي ئائىلىمىزگە قۇت ئېلىپ كەلگۈدەك.

— ئىنشائاللا، — بەگتۆمۈر مەستلىكى كېلىپ يۈسۈپنى قولىغا ئېلىۋالدى، — ئوغلۇم، بۇ نەۋرەمدە بىر خاسىيەت بار. قارىسىلا ئۇنىڭ قەلەمگە ئۇمتۇلۇپ تۇرغىنىنى، قەلەمدار بولغۇدەك.

— مەنمۇ ئۇنىڭ قەلەمدار بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، ئاتا، — رەيھانىدىن ئىللىق نەزىرى بىلەن ئوغلىغا قاراپ قويۇپ باغاق يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

توي كۈنى كەچكىچە مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇغرا قاراخان مەنسۇرخانمۇ دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن يۈزدىن ئارتۇق جاندارنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا كېلىپ تويغا داخىل بولۇپ ياندى. بەگتۆمۈر قۇدىسى ئابدۇللا داموللا شەيخۇلئىسلام بىلەن بىرلىكتە ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ كەلگەنلەرنى ئۆيگە باشلاپ، قايتقانلارنى ئۇزىتىپ ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. رەيھانىدىن ۋە ئادامتوغرۇل توپ ـ توپ بولۇپ ھويلىغا كىرگەن

مېھمانلارنى كۈتۈشكە، ئۇلاردىن دۇئا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قېلىشتى.

قاش قارايغان مەھەلدە، ئوتقاشلارنى كۆتۈرگەن نەچچە يۈز ئاتلىق يىگىت يوللۇق شايى تون كىيىپ، يېشىل سەللە ئورىغان، كۈمۈش بەلباغ باغلاپ خەنجەر ئاسقان ئۆدىمىشنى ئارىغا ئېلىپ، «ئاللا ! ـ ئاللا !» دەپ توۋلاپ يېتىپ كېلىشتى. قىزىل تورۇققا مىنگەن يەتتە نەپەر يىگىت قولداشلىرى قاراگىر ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان ئۆدىمىشنى چۆرىدىۋالغانىدى. ئاق قاشقا جەدىگە مىنگەن ئوتتۇز يىگىت ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا سەپ تارتقانىدى. سەپ ئالدىدىكى تۈغ ـ ئەلەملەر قادالغان ھارۋىدىكى شادىيانچىلار بۇغرا ـ كاناي، ناغرا ـ سۇنايىنى ياڭراتماقتا ئىدى. رەيھانىدىن ئاتتىن چۈشكەن يىگىتلەرنى ھويلىغا باشلىدى. كۆل بويىدا ناغرا ـ سۇناي ياڭراپ يىگىتلەر ساماغا چۈشتى.

ئادامتوغرۇل ساماغا چۈشكەن ئوغلى ئۆدىمىشنىڭ بېشىدىن ئۈچ كۈمۈش يامبۇ ئۆرۈدى. ئۇ ئوغلىنىڭ توينى قىلىۋاتقىنىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشلۇققا چۆمگەنىدى. رەيھانىدىن بولسا كۈيۈئوغلىنىڭ بېشىدىن تىللا ئۆرۈدى. بەگتۇرمىش كۆز ئالدىغا كېلىپ، كۆلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى.

تەكچىلەرگە قويۇلغان، پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكلىرىگە، دەرەخلەرگە ئېسىلغان قەندىللەردىكى شام چىراغلار ھويلىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ، لىق سۇ تولدۇرۇلغان كۆل ئىچىدە ھال رەڭ شولىلارنى پەيدا قىلغانىدى.

مەيىن كۈز شاملى كۆل بويىدىكى مەجنۇنتاللارنى ئۇسسۇلغا سالغانىدى. پەردىسى قايرىقلىق دېرىزىلەردىن، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى كەينىدىن، دەل ـ دەرەخلەر ئاراچلىرىدىن مارىغان يۈزلىگەن كۆزلەر، چۆرىدەپ ساما سېلىۋاتقان يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆدىمىشقا تىكىلگەنىدى.

رەيھانىدىن يىگىتبېشىغا ئېيتىپ، سامادىن توختىغان يىگىتلەرنى ساراي، ئايۋان، پېشايۋانلارغا ئولتۇرغۇزدى. سارايىنىڭ

تۆرىدىن شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا داموللا ئورۇن ئالغانىدى. سارايىنىڭ ئوڭ تەرەپ بولۇڭىدا ئۇدىمىش قولداشلىرى بىلەن يۈكۈنۈشتى. شەيخۇلئىسلام ئاللاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ، چاھارىيالارغا سالام يوللىغاندىن كېيىن دېدى:

— ئوغۇل - قىز پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھلاندۇرۇپ تويىنى قىلىش — ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن پەرزدۇر. تويىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەرزەنتلەرنى بېقىپ، تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇشتىن ئىبارەت ئاتا - ئانىلار زىممىسىدىكى ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپە ئادا بولغان بولىدۇ. ئەگەر شارائىتى، ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق قىزنى ياتلىق قىلمىسا، ئوغلىنى ئۆيلىمىسە ئۇ ۋەزىپە ھەرگىز ئادا بولمايدۇ. نىكاھ بالاغەتكە يەتكەن قىز - ئوغۇلنىڭ رازىلىقى بىلەن قىلىنىدىغان پەرزدۇر. رازىلىق بولمىسا نىكاھ ئاللا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ، پەرزمۇ ئادا بولمايدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنى زۇلۇم بولىدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن تۈزۈلگەن بۇ نىكاھ سورۇنىدا قىزلىق تەرەپنىڭ ۋەكىلى، ئوغۇللۇق تەرەپنىڭ ۋەكىلى ئالدىمىزدا ئولتۇرۇپتۇ. ئالدامچىلىق، مەجبۇرلاش ۋاستىلىرىنىڭ قوللىنىلمىغانلىقىنى ئۇلار ئىسپاتلاپ گۇۋاھلىق بەردى. بۇ كۇپايە قىلمايدۇ. ئەمدى بىز قىزنىڭ رازىلىق لەۋزىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقايلى.

— رەيھانىدىنبەگنىڭ قىزى ئايتولۇن خېنىم، سىلى چاغرىبەگ ئادامتوغرۇلنىڭ ئوغلى ئۇدىمىشبەگكە نىكاھلىنىشنى ئۆز ئىختىيارلىقلىرى بىلەن خالامدىلا؟ — سورىدى شەيخۇلئىسلام.

پېشايۋان ئالدىغا قىز قولداشلىرى بىلەن ئاق پەرجە ئارتىپ كەلگەن ئايتولۇن سىلىق ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:

— خالايمەن.

— چاغرىبەگ ئادامتوغرۇلنىڭ ئوغلى ئۇدىمىشبەگ، سىلى

ھاجىپ رەيھاندىنبەگنىڭ قىزى ئايتولۇن خېنىم بىلەن نىكاھلىنىپ ئۇنى ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟

— ئالدىم.

شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا داموللىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— ئايىغوچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. يىگىت ھەم قىزنىڭ قەلبەن رازىلىقى بىلەن بولغان بۇ نىكاھتا ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رىشتى، سۆيگۈ مېھرى ئۆمۈرلۈك باغلاندى. ئەمدى مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ ئۇلارغا جۈپلەنمەك ئاللا دەرگاھىدا ھالال، ئىنسانلار ئارىسىدا دەخلىسىزدۇر. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ نىكاھقا داغ تەگكۈزىدىغان ئىشنى قىلسا، ئاللا دەرگاھىدا ھارام، ئادەملەر ئالدىدا شەرمەندە بولىدۇ. ئەر بۇ نىكاھنى قەستەن بۇزسا خوتۇندىن خوۋلۇق كۆرمەيدۇ. ئايال قەستەن بۇزسا بەختسىزلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. نىكاھ شۇنداق خاسىيەتلىك ۋە قىممەتلىكى، ئۇنىڭ بىلەن ئائىلە ئاۋات، دۇنيا ئاۋاتتۇر. ئەرنىڭ ساداقىتى — ئائىلىنىڭ سائادىتىدۇر. ئەر ساداقەتسىزلىك قىلسا، ئۇنىڭدىن سائادەتمۇ يۈز ئۆرۈيدۇ، خوتۇننىڭ ۋاپادارلىقى — ئائىلىنىڭ بەرىكىتىدۇر. خوتۇن ۋاپاسىز بولسا ئۆيدىن بەرىكەت كېتىدۇ. مۇشۇ قۇتلۇق سائەتتە ئاللانىڭ خالىشى بىلەن نىكاھى قىلىنىپ ھايات ـ ماماتى چەمبەرچاس باغلانغان يىگىت بىلەن قىزغا ۋاپا، ساداقەت مەڭگۈ يار بولغاي. باللىق بولۇپ ئۆمۈرلىرى پاراغەتتە ئۆتكەي، ئامىن!

— ئامىن! — دېدى كۆپچىلىك قوللىرىنى كۆتۈرۈپ.

مۇشۇ ۋاقىتتا ۋۇجۇد قەلئەسى لەرزىگە كەلگەن ئايتولۇن ئىچكىرىكى ئۆيدە ئانىسى، سىڭىللىرى بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى. ئاق ھىلھىلە رومالنى باسۇرۇپ كىيدۈرۈلگەن دېدىم قارا چاچلىق بېشىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. رەڭگارەڭ يىپەك رەختتىن تىكىلگەن يەڭتە قات كۆڭلەك، مەخمەل جىلىتكە، تاۋار نىمچە ئۇنىڭغا

شۇنداق ياراشقانىدىكى، قارىغانلار كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالاتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن، سىڭىللىرىدىن ئايرىلىشقا قىيماي ياش تۆكۈۋاتاتتى.

ــ يىغلىما قىزىم، كەتسەڭ يەنە كېلىپ تۇرىسەن ئەمەسمۇ، ــ دېدى يابىرا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ. ئايسىلىڭ ئايتمىش، ئارچۇنلارمۇ ئۇنى چۆرىدەپ يىغلىشىۋاتاتتى.

ــ ئۇكام يۇسۇپ قېنى؟ ــ ئەتراپىغا كۆز سېلىپ سورىدى ئايتولۇن، ــ قىزتۇرمىشمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ــ هويلىدىمىكىن، مەن ئېلىپ كىرەي، ــ ئىنىسىنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئايسىلىڭ يۈگۈرۈپ چىققىنىچە، دېرىزىدىن ساراي ئىچىگە قاراپ ئولتۇرغان قىزتۇرمىشنىڭ قۇچىقىدىكى يۇسۇپنى ئېلىپ، ئاچىسىنىڭ يېنىغا يەنە شۇنداق تېز كىردى. ئايتولۇن ئۆزىگە تەلپۈنۈپ قول ئۇزارتقان يۇسۇپنى ئېلىپ باغرىغا باستى.

## 3

تويى يەتتە كۈن داۋام قىلدى. ئىككىنچى كۈنى يۈز ئاچقۇ بولدى. ئۇدمىشنىڭ ئەڭ كىچىك سىڭلىسى گۈلتېگىن ئۇسسۇل ئويناپ ئۆينى بىر ئايلانغاندىن كېيىن، گۈللۈك يىپەك رەخت بىلەن يۈزى يېپىلغان كېلىننىڭ ئالدىدا پىرىلداپ چۆرگۈلىدى ـ دە، قوللىرىنى يايغان هالدا بىر تىزىنى يېكەنداز ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇردى. ئۇ بوستان چاچلىق بېشىنى سەل ئېگىپ، كېلىننىڭ گۈزەل چېھرىنى توسۇپ تۇرغان يىپەك رەختنى نازاكەت بىلەن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۆي باشقىچە يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

ــ ئەجەب چىرايلىق ئىكەن، قاراپ ئولتۇرغۇدەك...

ــ قارىسىلا، مەلىكىدەك كىيىنىۋالغىنىنى، بېشىدىكى دېدىم خانىشلارنىڭ تاجىدىن قېلىشمايدىكەن.

— كاتتا زەردارنىڭ قىزى ـ دە، ئالىپ ئۇدەمىشنىڭ بەختى كەپتۇ. بۇ ئۆيگە بەخت قۇشى قونۇپتۇ.

تۆردىن پەگاھقىچە ئولتۇرۇشقان ئاغىچىلار، خېنىملار ئايتولۇنغا قارىشىپ پىچىرلىشىپ كېتىشتى. كۆز تەگمىسۇن دېدىمۇ، بىر خىزمەتچى ئايال ئارچا ئوتۇنلىرى كۆيۈپ تۇرغان ئىسرىقدانىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئايتولۇننىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇردى. ئۆينىڭ ئىچى ئەتىر چاچقاندەك خۇش پۇراققا تولدى...

ئۈچىنچى كۈنى ئادامتوغرۇل خاس ئاياللارغىلا باغ سەيلىسى قىلىپ بەردى. گۈلدەك ئېچىلغان ئايتولۇننىڭ قورۇنماي يۈرگىنىنى كۆرگەن قېينئاتا، قېينئانىسى بەك مەمنۇن بولۇشتى.

تۆتىنچى كۈنى رەيھاندىن يىگىتلەرگە ئوقيا ئېتىش سورۇنى تۈزۈپ بەردى. ئۇدەمىش ئون قەدەم نېرىدا تۇرۇپ، ئۈزۈكتەك كىچىك چەمبەردىن يا ئوقىنى ئۆتكۈزۈپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

بەشىنچى كۈنى ئايتولۇننىڭ قېينئانىسى ئارازان كېلىن چېچىنى تاراش مەرىكىسى ئۆتكۈزدى. بالاساغۇن بويىچە چاچ تاراپ نام چىقارغان ئايسۇلۇ ئايتولۇننىڭ ئوشۇقىغا چۈشىدىن قويۇق چاچلىرىنى قىرىق بىر ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ قويدى.

ئالتىنچى كۈنى ئادامتوغرۇل چېلىشىش مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بەردى. يار ئۈستىدىكى كەڭ سەينا تاماشىچىلار بىلەن توشقانىدى. پالۋانلار ئارقا ـ ئارقىدىن چېلىشقا چۈشۈشتى. ئېيتىسىمۇ تويغا كەلمىگەن بوزاغۇ بۈگۈن يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك تەڭتۇش يىگىتلەر بىلەن كېلىپ مەيداننىڭ شىمال تەرىپىدىن جاي تۇتۇپ كۆزىتىپ تۇردى.

— بالام، ئالىپ بوزاغۇ كېلىپتۇ. بېرىپ كۆرۈشۈپ قويغىن، — دېدى ئادامتوغرۇل قاپىقى تۈرۈلۈپ قىلىچىنى سىقىملاپ تۇرغان ئوغلىغا.

— كۆردۇم ئاتا، تويغا كەلمىگەن يەردە، بۇگۇن نېمىدەپ كەلدىڭىز، بارمىسامۇ بولار.

— بېرىڭ ئوغلۇم، سىلەر جەڭگاھتىكى سەپداشلار، ئۇ كەلگەنىكەن، ياخشى تىلەك بىلەن كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

يۈسۈپنى قۇچاققا ئېلىپ ئولتۇرغان قېيىنئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئىشىتكەن ئۇدمىش مەيداننى كېسىپ ئۆتتى ـ دە، ئالتاغىل تۈلكە تېرىسىدە ئولتۇرغان بوزاغۇغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تۇغانخاننى قارشى ئېلىشقا چىققان چاغدا، بوزاغۇنىڭ ئايتولۇندىن سۇ سوراپ تۇرۇۋالغانلىقى، مەرىكە بولغان كۈنى ئايتولۇن تاشلىغان ياغلىقنى ئېلىپ قاچقانلىقى كېلىپ، غەزەپ تىترىكى ۋۇجۇدىغا تارىدى.

— كېلىپ بىزنى خۇش قىلدىڭ بوزاغۇ. يۈر، ئاتام، قېيىنئاتاملار بىلەن كۆرۈشتۈرەي، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، لېكىن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول ئۇزارتمىدى.

— رەھمەت، ئالىپ ئۇدمىش. بۇگۇن مەن بۇ مەرىكە سورۇنىغا سەن بىلەن بەل تۇتۇشۇش ئۈچۈن كەلدىم، — مەنسىتمىگەندەك قىلىپ ھىجايدى بوزاغۇ.

— ئاتاڭدىن سوراپ كەلگەنسەن؟ ناۋادا...

— ئاتام غەزنەۋىلەر شاھى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىسپىجاپ[1]قا كەتكەن. بۇنىمۇ بىلمەمسەن؟

— ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ، جاندار. راست، ئاتاڭ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام ئېلىپ غەزنەۋىلەر شاھىغا باش ئەگكىلى كەتكەنىدى. ئۇنداق بولسا ئاناڭدىن سوراپ كەلگەنسەن؟

مەسخىرە قىلىپ ئېيتىلغان بۇ سۆز بوزاغۇغا گۈرزىدەك تەگدى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلارنىڭ بويى تەڭ بولسىمۇ، ئۇدمىش تەمبەلدەك كۆرۈنەتتى.

---

[1] ئىسپىجاپ — شەھەر نامى، بىر مەزگىل غەرنەۋىلەرنىڭ پايتەختى بولغان.

— مەن ئانامدىن سوراپ تاشقىرىغا چىقىدىغان ئەر ئەمەسمەن. قىلماقچى بولغان ئىشىمنى ھېچكىمدىن سورىماي قىلىپ كەلگەن يىگىتمەن. نوچى بولساڭ يۈر !

يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان رەيھانىدىن ئادامتوغرۇلنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئادارنى ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.

ئۆدمىش يېنىغا كەلگەن ئادارغا قىلىچى بىلەن تونىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، مەيداندا كېرىلىپ تۇرغان بوزاغۇغا قاراپ ماڭدى.

بۇ ئىككى يىگىت بىر - بىرى بىلەن بازلىشىپ بىردەم تۇرۇشقاندىن كېيىن بەل تۇتۇشتى. بوزاغۇ ئۆدمىشنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى بولۇپ بىلىدىن تارتىۋىدى، مىدىرلىتالمىدى. ئۇ ئىككى پۇتىنى كېرىپ يەرگە چىڭ دەسسەپ تۇرۇۋالغانىدى. بوزاغۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سىڭار يان بولۇپلا يانپىشىغا ئالدى - دە، ئاتتى. ئۆدمىش يىقىلماي يەرگە دەسسىۋالدى. ئەمدى نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەنىدى. مەيداندا قىيقاس - سۈرەن كۆتۈرۈلدى. يۇسۇپمۇ يۈلقۇنۇپ تۇرۇۋالدى. رەيھانىدىن تازا كۆرۈۋالسۇن دەپ ئۇنى يۇقىرى كۆتۈردى.

ئۆدمىش بوزاغۇنى ئالدىغا تارتىپ بېلىنى بىر قىستى - دە، دەس كۆتۈرۈپ ئاتتى. توپىغا مىلەنگەن بوزاغۇ ئاستا قوپۇپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

— يارايسەن ئالىپ ! — دەپ ۋارقىراشتى كۆپچىلىك. يۇسۇپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تېپچەكلىدى، بۇ گۆدەكمۇ ئۆدمىشنىڭ يەڭگىنىدىن خوش بولۇۋاتاتتى. كېيىنرەك كېلىپ، رەيھانىدىن بىلەن ئادامتوغرۇلنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان دوقاقبەگنىڭ چىرايى سۈرۈنلەشتى. ئۇ:

— يۇغرۇش باشىنىڭ ئوغلىغا رىئايە قىلىشى كېرەك ئىدى، — دەپ غودۇڭشىدى.

— تەقسىر، چېلىش مەيداندا رىئايە قىلغىلى بولمايدۇ. جانابلىرى بۇنى ئوبدان بىلىدىلا، — رەيھانىدىن ھەمراھلىرى

بىلەن كېتىۋاتقان بوزاغۇدىن كۆزىنى ئۈزمەي، قاپۇغچى باشىغا جاۋاب بەردى.

— لېكىن بوزاغۇنىڭ جاندار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماڭ ھاجىپ. ئۇ ھەمىشە بۇغرا قاراخاننىڭ يېنىدا تۇرىدىغان ئالىپ، — دېدى دوقاقبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، — خاقان بۇرۇنراق قايتىپ كېلىشىمنى ئەسكەرتكەنىدى.

رەيھاندىن ئادامتوغرۇل بىلەن بىللە ئۇنى تەكەللۇپ قىلمايلا ئۇزىتىپ قويدى.

يەتتىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن رەيھاندىن چۇ دەرياسى بويىدا ئوغلاق تارتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ كۈنى بوزاغۇمۇ كەلگەنىدى. بىراق، ئۇ ئوغلاق تارتىشقا چۈشمىدى. تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ دوقاقبەگ كەلمىگەنىدى. رەيھاندىن بوزاغۇدىن سورىۋىدى، ئۇ «بىلمىدىم» دەپلا قويدى. ھالبۇكى، ئۇ دوقاقبەگنىڭ مەسلىھەتى ۋە ئۈگىتىشى بىلەن كەلگەنىدى. جەڭگە چىقىدىغاندەك ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىۋالغانىدى.

ئەسلىدە ئۇ چۈشتىن كېيىن بولىدىغان قىلىچۋازلىق مۇسابىقىسىدە، ئۇدىمىشنى ئۆزى بىلەن ئېلىشىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۇنىڭ ھايات چىرىغىنى ئۆچۈرمەكچى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى قىلىچۋازلىقتا تەڭداشسىز، دەپ قارايتتى، ئۇستازى دوقاقبەگ ئۇنىڭغا «ئاۋۋال قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ ئۇدىمىشنىڭ قولىنى ئۈزۈپ تاشلا، ئاندىن يۈرىكىگە تىق. سېنى ھېچكىم قاتىل دەپ ئەيىبلىيەلمەيدۇ، سېنى بۇغرا قاراخان قوغدايدۇ، ئالىپ» دەپ ئۇچۇرغانىدى.

بوزاغۇ ئۇدىمىشنى ئۆلتۈرەلمەي جاندىن ئايرىلىپ قالسا، بولۇنبەگ كەلگەندە جاۋاب بېرەلمەي قالماي دەپ، دوقاقبەگ بۇ مەرىكىگە كەلمىگەنىدى. شۇنداق بولۇپ قالسا «بىخەۋەر بولۇپ قاپتىمەن. ئەگەر بىلگەن بولسام بوزاغۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالاتتىم» دەپ جاۋاب بەرسە كاۋاپمۇ كۆيمىگەن، زىخمۇ كۆيمىگەن بولاتتى.

بوزاغۇ بۇ قېرى تۇلكىنىڭ كۆڭلىدىكىنى قانداقمۇ بىلسۇن. «ئۇدىمىشنى بوگۇن ئۆلتۈرۈپ، ئايتولۇننى داغى ھەسرەتتە قويىمەن. سىڭلىسى ئايسىلىگنى ئەمرىمگە ئېلىپ، ھاجىپ رەيھانىدىنىڭ سان ـ ساناقسىز مال ـ مۈلكىگە ئۆزۈم ئىگىدارلىق قىلىمەن» دەپ، يېنىدا بەخىرامان تۇرغان ئۇدىمىشقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. «ئەگەر ئۆلتۈرەلمىسەمچۇ...» بۇ ئوي كاللىسىغا كېلىش بىلەن بوزاغۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەنسىزلىك چۇلغىۋالدى. شۇنداقتىمۇ شەيتىنى ئۇنى مەيدانغا چۇشۇشكە كۇشكۇرتۇۋاتاتتى.

كۈن غەربكە قايرىلغان، ھاۋا بىر ئاز سۆرۈنلەشكەن چاغدا قىلىچۋازلىق باشلاندى. بوزاغۇ مەيدانغا كىرىپ، ئۇدىمىشنى قىلىچۋازلىق قىلىشقا چاقىردى. كۆڭلى سېزىپ تۇرغان ئۇدىمىش قالقان ـ قىلىچىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— قېنى، نۆۋەتنى ساڭا بەردىم. ھۇنىرىڭنى ئىشقا سال!

بوزاغۇ قىلىچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ چاپماقچى بولغان قىياپەتكە كىرىپ، بىردىن يانغا ئۆتۈپ ئۇدىمىشنىڭ بىقىنىغا سانجىدى. سەگەكلىشىپ قالغان ئۇدىمىش چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى يانغا ئالدى. بوزاغۇنىڭ قىلىچى ھاۋاغا سانجىلدى، ئۆزى دەلدۇگۇنۇپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىم قىلىچىنى تەڭلەپ كەلگەن بوزاغۇ ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ، دوقاقبەگنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئۇدىمىشنىڭ بىلىكىگە قىلىچ چاپتى. قىلىچ كۇتمىگەندە قالقانغا تېگىپ قاڭقىپ كەتتى. بوزاغۇ ئۇچىنچى قېتىم كەينىگە بىرنەچچە قەدەم يېنىپ، شوخشۇپ كەلگىنىچە رەقىبىنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. جان ـ جەھلى بىلەن ئۇرغان قىلىچ قالقاندىن ئۆتۈپ، تۆمۈر دۇبۇلغىغا تېگىپ توختىدى. ئۇدىمىش قالقاننى بىر سىلكىپ بوزاغۇنىڭ قىلىچىنى يەرگە چۇشۇرۇۋەتتى.

— قىلىچنى ئال، ئالىپ، ئەمدى نۆۋەت مېنىڭ! — دېدى ئۇ تاتىرىپ كەتكەن بوزاغۇنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە قالغىنىنى كۆرۈپ.

بوزاغۇ ئۇنىڭغا قارىغىنىچە بىرىپ قىلىچنى ئالدى.
— تولا كۆرەڭلەپ كەتمە!
— ئۆزۈڭگە پەخەس بول!
تەمتىرەپ قالغان بوزاغۇ قالقاننى بېشىغا تۇتماقچى بولۇپ كۆتۈرۈۋىدى، جاق قىلىپ ئۇدمىشنىڭ قىلىچى ئۇرۇلۇپ، قىلىچ قولىدىن يەرگە تاراڭلاپ چۈشۈپ كەتتى.
— ئەمدى بولدىمۇ بوزاغۇ؟ سېنى ئۆلتۈرگۈم يوق.
رەقىبىنىڭ بۇ سۆزى قارا تەرگە چۆمگەن بوزاغۇنىڭ يۈرىكىنى قىلىچ بىلەن چاپقاندىنمۇ بەكرەك يارا قىلىۋەتتى.
— ياق، يەنە بىر قېتىملىق نۆۋىتىڭ بار. ئاندىن يەنە ماڭا نۆۋەت كېلىدۇ، — دېدى ئۇ بوغۇلۇپ.
— ئۇنداق بولسا قىلىچىڭنى ئال!
بوزاغۇ ئىتتىك بىرىپ قىلىچىنى ئالدى. قىلىچۋازلىق يەنە باشلاندى. بوزاغۇ ئارقىغا يانغانسېرى، ئۇدمىش ئالدىغا مېڭىۋەردى. قىلىچ بىر ـ بىرىگە ھەر قېتىم تەگكەندە ئۇچقۇن چاچرايتتى.
قىزتۇرمىش چۈشكە يېقىن ئۆيگە ئاپىرىپ ئېمىتىپ كەلگەن يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ قوچىقىدا قىلىچلىشىۋاتقانلارغا قاراپ تېپىرلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ تۇغۇلغاندىن بېرى بۇنداق كەڭرى دۇنيانى كۆرمىگەن ۋە بۇنداق خۇش بولۇپ باقمىغانىدى.
ئۇدمىش بوزاغۇنىڭ گاھ ئوڭ تەرىپىگە، گاھ سول تەرىپىگە، گاھ ئارقىسىغا، گاھ ئالدىغا ئۆتۈپ قىلىچ ئۇرۇپ، تىركىشىپ خېلى ھالسىراتقان بولسىمۇ، بوزاغۇ بوي بەرمەيۋاتاتتى. قىلىچنى ھە دەپ ئۇدمىشنىڭ كۆكسىگە سانجىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئۇدمىش ئاخىر بوزاغۇنىڭ قىلىچىنى قىلىچ بىلەن قايرىپ، ئۇنى ئوڭدىسىغا يىقىتتى ۋە بوغۇزىغا قىلىچىنى تەڭلىدى.
— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن، ئۇدمىش، — بوغۇزلىنىشتىن قورقۇپ تېپىرلىدى بوزاغۇ.

— مەن سېنى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەس، بوزاغۇ. بىلىپ قويغىن، ئەر يىگىت رەقىبىدىن ئامانلىق تىلىمەيدۇ. سەن ئالىپ ئەمەس ئىكەنسەن بوزاغۇ. تۇر ئورنۇڭدىن!

بوزاغۇ ئۇدمىشنىڭ يېنىدىن كەتكىنىنى كۆرۈپ ئاستا قوپتى: «خەپ! ھايات ئىكەنمەن، سەندىن ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن» دېدى ئىچىدە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

مەيداندىكى كۆپچىلىك دەۋرەپ كەتتى. قىيقاس - سۈرەن ئۇزاققىچە توختىمىدى.

ئۇدمىش كەلگىنىچە كۇلۇمسىرەپ ئولتۇرۇشقان ئاتىسىغا، قېيىنئاتىسىغا ھۆرمەت بىلەن بېشىنى ئەگدى - دە، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئادار ئۇنىڭغا بىر تاۋاق جۇلاپ بەردى. شاتۇتنىڭ بۇ مۇزدەك شەربىتى ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەن تېنىنى سەگىتتى.

بوزاغۇ چەتلەپ مېڭىپ ھەمراھلىرى بىلەن كېتىپ قالدى.

ئۇدمىش سەكرەپ شوخلۇق قىلىۋاتقان يۇسۇپنى رەيھاندىنىڭ قولىدىن ئېلىپ باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ ئوينىتىشقا باشلىدى. ئۇ ھاياتنىڭ ئاجايىپ قىسمەتلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن بۇ گۆدەكنىڭ قېيىنئاغىسى بولغىنىدىن خۇش ئىدى.

## يەتتىنچى باب

# قارا سېكىلەكلىك بالا

### 1

ئاتىسى نورۇز بايرىمىدا ساتىراشقا بىر تىللا بېرىپ سېكىلەك قويدۇرۇپ قويغان يۈسۈپنىڭ ئەمدىلەتىن تىلى چىقىشقا باشلىغاندا، بويانقار قەشقەردىن، بولۇنبەگ غەزنەۋىلەر ئېلىدىن قايتىپ كەلدى.

ئۆكىسىنى كۆل بويىدا ئوينىتىۋاتقان قىز ئاق قاشقا تورۇقنى يېتىلەپ ئىشكتىن كىرىپ كەلگەن بويانقارنى كۆرۈپ، چىنار دەرىخىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنى كۆرگەن يىگىت كۆلگە سايە تاشلىغان چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كەلدى.

— خېنىم، ھاجىپ رەيھانىدىن بېگىم ئۆيدە بارمۇ؟ — سورىدى ئۇ تونۇمىغانغا سېلىپ.

— تېخى ئوردىدىن كەلمىدى، ئالىپ، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — قىز ئۇنىڭغا قارىماي گۆدەكنىڭ قولىنى يۇيۇۋەردى.

— خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدىم.

— نېمە خەۋەر؟

— بۇنى سىزگە ئېيتىشقا بولمايدۇ. سىز بۇ ئۆينىڭ دېدىكىمۇ؟

— ھەئە، بېگىم، — يەر ئاستىدىن قاراپ لەۋلىرىنى چىشلىدى قىز.

— قايسى خېنىمنىڭ دېدىكى سىز؟ ئايتولۇن خېنىمنىڭمۇ، ئايسىلىڭ خېنىمنىڭمۇ؟

— ئايسىلىڭ خېنىمنىڭ، — قىز رومىلىنى قايرىپ يىگىتكە باقتى. قولىنى سوغا چىلاپ ئويناۋاتقان گۆدەكمۇ تەلپۈنۈپ قارىدى.

— ئابا، ئابا! — ئاچىسىنىڭ چىچىغا ئېسىلىپ قوپۇۋالغان يۈسۈپ، بويانقارغا ئىنتىلىپ قولىنى سوندى.

يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى كۆلگە چۈشتى، ئات كىشنەپ قويدى.

— ئوردۇكەنتتىن قاچان كەلدىڭىز، بويانقار؟

— هازىر يېتىپ كېلىشىم، ئايسىلىڭ، — يىگىت قول ئۇزارتىپ يۈسۈپنى ئالدى، — چوڭلا بولۇپ قاپتىغۇ بۇ بالا، — ئۇ يۈسۈپنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، — سىزمۇ بوي تارتىپسىز ئايسىلىڭ.

قىز گەپ قىلماي يەرگە قارىۋالدى.

— ئابامالار ئوبدان تۇرغاندۇ؟

— ئوبدان تۇردى. بويانقار، ئاشانبۇقا بوۋام باغلىق يەر ئېلىپ قورۇ - جاي سېلىۋاتىدۇ. بۇدراچ مومام مۇشۇ كۈنلەردە بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. خېلى كۈنلەر بولدى بىزنىڭكىگە كېلەلمىدى.

— بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ تۇرۇۋېسىز - دە؟

— هەئە، ئۇكامنى ئويناتقاچ كۈندە دېگۈدەك بېرىپ تۇردۇم، — دېدى ئايسىلىڭ ئىزا تارتقاندەك بولۇپ.

ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى بويانقار كەلدىمىكىن دەپ كۈندە بارغىنى راست ئىدى. «قاچان كېلەر، يولدا خەتەرگە ئۇچراپ كېلەلمەي قالارمۇ؟» دەپ ئەنسىرەپ، بويانقارنىڭ دىدارىغا ئىنتىزار بولغان بۇ قىز كۈندە نەچچە قېتىم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يولغا قارىغانىدى. بويانقارنىڭمۇ ئۇنى تېزرەك كۆرۈشكە تاقىتى تاق بولغانىدى. ئۇ هازىر شۇنداق خۇش بولۇپ كەتكەنىدىكى، قىزنى قۇچاقلىۋېلىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. يۈسۈپ تۇمشۇقىنى سوزغان ئاتنىڭ قاشقىسىنى تۇتتى.

— ئايتولۇن كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — ئىختىيارسىز سورىدى بويانقار ئۆي، باغ تەرەپلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ. ئەتراپتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ قىز بىلەن كۆپرەك بىللە تۇرغۇسى بار ئىدى. ئات پۇشقۇرۇۋەتتى. يۇسۇپ قورقۇپ قولىنى تارتىۋالدى.

— ئايتولۇن ئاچامنىڭ تويى بولدى.

— تويى بولدى؟

— ھەئە، ئالىپ ئۇدمىش ئاغام بىلەن.

— ھەي ئىسىت، ئۇلگۇرۇپ كېلەلمەپتىمەن - دە، كەلگەن بولسام يىگىت قولدىشى بولاتتىم. توي كاتتا ئۆتكەندۇ؟

— ناھايىتى كاتتا ئۆتتى. توي يەتتە كۈن بولدى، بويانقار، — ئايسىلىگ پۈتى بىلەن يەرنى جىجاپ تۇرۇپ لەپىدە يىگىتكە قارىدى - يۇ، ۋۇجۇدى ئوت ئالغاندەك بولۇپ چىنارغا يۆلىنىۋالدى.

— چېلىشىش، ئوغلاق تارتىش بولغاندۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى بويانقار. ئۇنىڭ سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە كۈچلۈك ئۈمىد - ئارزۇ ئىزھار بولۇپ تۇراتتى.

— بولدى، — دېدى ئايسىلىگ، — بوزاغۇنى ئۇدمىش ئاغام يەرگە ئاتتى، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىپ يەڭدى. ئۇ كۈنى مەن قىز دوستلىرىم بىلەن كۆرگىلى چىققانىدىم. سىز كەتمىگەن بولسىڭىز چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشتا ئوزۇپ چىقاتتىڭىز. ئابامىلار تون كىيدۇرۇپ، ئات مىندۇرگەن بولاتتى.

— ھەي ئىسىت، — دېدى ئارماندا قالغان بويانقار ئۆزىنىڭ بۇ تويغا قاتنىشالمىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ، — كىملەرگە تون كىيدۇرۇپ، ئات مىندۇردى؟

— چوڭلاردىن ئاشانبۇقا بوۋام باشلىق بىرقانچە مويسىپىتقا، ياشلاردىن ئادار قاتارلىق يەتتە - سەككىز يىگىتكە. نۇرغۇن قىزلار ئۇلارغا ياغلىق تاشلىدى.

— سىز كىمگە تاشلىدىڭىز، ئايسىلىگ؟ — يۈرىكى تارتىشىپ سورىدى بويانقار.

— ھېچكىمگە، — قىز سەل ئاچچىقلىنىپ جاۋاب بەردى.
— بوزاغۇغا تون كىيدۈرمىدىمۇ؟
— ئۇ يېڭىلگەن تۇرسا، مەرىكە ئاخىرلاشماي كېتىپ قالدى.
بويانقار شۇ كۈنكى مەرىكىدە بولغان ئىشلارنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— بىلدىم، بوزاغۇ نامەرد نېمە، چىدالماپتۇ - دە...
— ئايسىلىنگ ئاچا، ئابام چاقىرىدۇ، — دېدى يۈگۈرۈپ كەلگەن قىزتۇرمىش. ئۇ بويانقارنى تونۇپ چىرايىدا خۇش تەبەسسۇم پەيدا بولدى، — ئاغا، قاچان كەلدىڭىز؟
— ھېلى كەلدىم، قىزتۇرمىش. سەنمۇ چوپچوڭلا بولۇپ قاپسەنغۇ، — دېدى بويانقار.
— ئات باقارنى چاقىراي، — قىزتۇرمىش باغقا كىرىپ كەتتى.
— ئايسىلىنگ، مەن سىزنى بەك سېغىندىم، — دېدى بويانقار، يۈرەك قېتىدىكى بۇ گېپىنى ئاغزىدىن تەستە چىقىرىپ، — كۆڭلەرنى سىزنى ئويلاپلا ئۆتكۈزدۈم.
ئايسىلىنگنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم، قىيا باققان كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى.
شۇ ئارىدا كەلگەن ئات باقار يارۇق تىزگىنىنى، قىزتۇرمىش بالىنى ئېلىپ بويانقارنى ئۇچگە قويدى. يۈسۈپ تېپچەكلەپ قىزنىڭ چاچلىرىدىن تارتىپ «ئابا، ئابا» دەپ يۇلقۇنۇپ يىغلىدى.
— كەل، بەگيۈسۈپ، باققان ئاكاڭنى ئۇنتۇماپسەن، — بويانقار بالىنى ئېلىپ تۆگە تايتاڭ قىلىپ بويىنىغا مىندۈرۈۋالدى.
ئايسىلىنگ ئورنىدىن قوزغىلىپ:
— سىز ئابام كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇڭ. قىزتۇرمىش ئۇكامنى ئويناتقاچ بېرىپ، بۇدراچ موماغا كەلگىنىڭىزنى دەپ قويسۇن، — دېدى - دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
ئۇزاق ئۆتمەي يابىرا چىقىپ بويانقار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى

ئايۋانغا باشلىدى. «كېلىشكەن يىگىت بوپتۇ» دېدى ئىچىدە ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا كۆز سېلىپ، «قۇللۇقتىن يېڭى ئازاد قىلىنغان بۇ يىگىت قىزىمىزنىڭ خىلى ئەمەس. قىزىم بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقا ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىدۇ. رەسىدە بولۇپ قالدى، يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا چەك قويىمىساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. قايتىپ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئاتىسى بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقاي...»

ئۇ بويانقارنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېرىشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي ئاشخانىغا چىقىپ، دېدەك ئايالدىن غىزا، چاي كىرگۈزدى.

رەيھانىدىن چۇشتىمۇ كەلمىدى. بۇدراچ موماي بىلەن ئاشانبۇقا كېلىپ، تىزلىنىپ سالام بەرگەن ئوغلىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىشتى.

ــ بەك ئەنسىرىگەنىدىم، بالام. سالامەت كېلىپسەن، خۇداغا شۇكۇر، سېنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۇشتى.

ــ تۇنۇگۇن كېچە نان يېقىپ چۇش كۆرۈۋىدىم. ئاتاڭغا دەپ بەرسەم، ئوغلىمىز كېلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ تەبىر بەرگەنىدى، بالام، ئاسماندىن چۇشكەندەكلا كېلىپ قالدىڭ.

ئاتا بىلەن ئانا ئوغلىنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۇرۇشتى.

ــ ئابا، راست باغلىق يەر ئالدىڭمۇ؟ ــ سورىدى بويانقار، ئاتىسى ئۇزارتقان بىر پىيالە چاينى ئېلىپ.

ــ راست بولمامدىغان، بالام. تويۇڭنى يېڭى قورۇدا قىلاي دەيمەن. ئۇياقتىن كېلىپ، بۇياقتىن ئاڭلاپسەن ـ دە. كىم دەپ بەردى؟

بويانقار نېمەدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي ئارىسالدى بولۇپ قالدى. ئايسىلىگدىن ئاڭلىدىم دېگۇسى كەلمەي:

ــ بايا ئىشىك ئالدىدا سۆزلىشىپ تۇرغانلاردىن ئاڭلىدىم، ــ دەپ قويدى.

ــ ئوردۇكەنت قانداق ئىكەن بالام؟ ــ ئوغلىدىن گەپ

ئاڭلىغۇسى كېلىپ سورىدى ئاشانبۇقا.
— ئوردۇكەنت كاتتا شەھەر ئىكەن، ئاتا. قوزئوردۇدىن قىلىشمايدىكەن، ئىككى تەرىپىدە ئىككى دەريا ئېقىپ تۇرىدىكەن، كوچىلىرى نۇرغۇن، پاكىز، چىرايلىق، خەلقى مېھماندوست ئىكەن.
قىزتۇرمىش يىغلىغىلى تۇرغان يۇسۇپنى ئىمىتكىلى ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.
— بالاساغۇندەك قانداش، قېرىنداش جەمەتلەر توپلاشقان شەھەر ئەزىم ئىكەن - دە، بالام؟
— شۇنداق، ئاتا، ئاۋات، كۆجۇم، مېھرى ئىسسىق شەھەر ئەزىم ئىكەن. بىرنەچچە ئاي تۇرۇپمۇ كوچىلىرىنى كۆرۈپ بولالمىدىم.
— يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنى كۆرگەنسەن، بالام؟
— كۆردۈم، ئاتا. قارا ساقال، بەستلىك، بەھەيۋەت پادىشاھ ئىكەن. ماڭا تېخى خىلئەت بەردى. تەكىيەخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. بىر قېتىم بۇ ئۇلۇغ پادىشاھ بىلەن ئارتۇچ دېگەن يېزىغا شىكارغا بىللە چىقتىم. يادىن ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدىكەن، چەۋەنداز، مەرگەن ئىكەن. ھەممە ئادەم ئادىل، مەرد دەپ ماختىشىدىكەن.
— خۇدا يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنى ئامان قىلسۇن.
ئۇلار پاراڭلاشقاچ چاي ئىچىپ بولۇپ ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىشتى. بەگتۇمۇر، زەمۇران ئانا بىلەن كۆرۈشۈپ، كەچ كىرگۈچە شۇ يەردە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى. رەيھانىدىن كەلگەندە كەچلىك تاماققا داستىخان سېلىنىۋاتاتتى. ئۇ تېز چۈكۈپ تەزىم قىلغان بويانقارنى قۇچاقلىدى، تىنچلىق - ئامانلىق سوراپ ئاشانبۇقىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ھەممەيلەنگە بىر قاچىدىن ھاردۇق ئېشى — ئۈگرە قويۇلدى. ئاش ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، رەيھانىدىننىڭ تەلىپى بىلەن بويانقار كۇندۇزنى كېچىگە، كېچىنى كۇندۇزگە ئۇلاپ قەشقەرگە

ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارغانلىقىنى، دەسلەپ بايتۆمۈر بىلەن كۆرۈشۈپ خەت ـ خالتىلارنى تاپشۇرغانلىقىنى، ئۇ كىشىنىڭ ئوبدان كۈتۈۋالغانلىقىنى، ئۆزى بىلەن ئەھۋاللاشقانلىقىنى، ئايرىمخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئوردىغا باشلاپ بارغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇغراخان غازى پادىشاھ يۈسۈپ قادىرخان ئالىيلىرىغا پۈتۈكنى تاپشۇردۇڭمۇ؟ — سورىدى رەيھانىدىن.

— تاپشۇردۇم، جانابلىرى، — دېدى ھاياجانلانغان بويانقار.

— بالام، ئوردىغا قانداق كىردىڭ، پۈتۈكنى قانداق تاپشۇردۇڭ؟ ئالدىرىماي سۆزلەپ بەرمەمسەن، — دېدى ئاشانبۇقا ئوغلىنىڭ قەشقەر بۇغراخانى بىلەن قانداق كۆرۈشكەنلىكىنى ئېنىق بىلگۈسى كېلىپ. بۇدراچ موماي بولسا ئاغزىنى ئېچىپلا قالغانىدى.

بويانقار بىر پىيالە چاي ئىچىۋېلىپ، ھاياجىنى سەل بېسىلغاندىن كېيىن سۆزلەشكە كىرىشتى.

— مېنى ئوردىغا بايتۆمۈر ئاغام باشلاپ باردى. قوزئوردۇدىن پۈتۈك ئېلىپ كەلگىنىمنى، بۇغراخاننىڭ ئۆزىگىلا تاپشۇرىدىغانلىقىمنى تۇرغاقبەگ ئارقىلىق ھاجىپ ۋە قاپۇغچى باشىغا بىلدۈرۈۋىدى، ئۇلار چىقىپ بىزنى ئوردىغا باشلاپ كىردى. بۇ ئوردا بىزنىڭ بالاساغۇندىكى ئوردىدىن قېلىشمايدىكەن، ئەمما ئىشىك، دەرۋازىلىرىغا بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلمەي، «ئاللاھۇئەكبەر» دېگەن كەلىمەلا يېزىلىپتۇ...

— مۇنداق دېگىن. مەن سەندەك چېغىمدا، ئىدىقۇت لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ قايتقان سىپاھلار بىللە ئوردۇكەنتتىن ئۆتكەنىدىم. ئۇ چاغلاردا ئوردا دەرۋازىلىرىغا، قوزئوردۇدىكىدەك بۆرە، ئارسلان، بۇغرالارنىڭ سۈرىتى نەقىش قىلىنغانىكەن، كېيىن ئۆزگەرتىپتۇ ـ دە. ھە، سۆزلەۋەرگىن.

— مېنى بۇغراخان سارىيىغا قاپۇغچى باشى باشلاپ كىردى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى بويانقار، — مەن يەر ئۆپۈپ پۈتۈكنى

سۇندۇم، ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ پۈتۈكنى دەبىرى[1]گە ئوقۇتماي، ئۆزى كۆرۈپ چىقتى. بارلىق ۋەزىر - ئەمىرلىرىگە رۇخسەت بېرىپ، مېنىلا ئېلىپ قالدى. سىلىنىڭ ئەھۋاللىرىنى، مېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى سورىدى. پۈتۈك ئېلىپ كەلگىنىمنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەسلىكىمنى تاپىلىدى. بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئاندىن قايتارسىز، دەپ تەكىيخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇغۇشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردۇكەنتتە يازنى ئۆتكۈزدۈم. بۇغراخان ئائىلىرى بىلەن باغ سەيلىسى، شىكاردا بىرنەچچە قېتىم بىللە بولدۇم. مېنى جاندارلارغا قوشۇپ قويدى. قايتىپ كېتىشكە بۇغراخان ئائىلىرىدىن يۈزتۇرا رۇخسەت سوراشقا پېتىنالمىدىم. ئۆزى بىلگەن بولسا كېرەك، مېنى ئوردۇكەنتتىن قۇزئوردۇغا بارىدىغان كارۋان بىلەن يولغا سالدى، ماڭا بىر شەمشەر يوللۇق تۇتتى، — بويانقار رەيھانىدىنغا مەنىلىك قاراپ سۆزىنى توختاتتى.

— رەھمەت بالام، مېنى ناھايىتى خۇرسەن قىلدىڭ، ئاللا ساڭا ھەمىشە مەدەتكار بولسۇن! — دېدى سۆيۈنگەن، مىننەتدار بولغان رەيھانىدىن. ئۇنىڭ بويانقارنى «بالام» دەپ ئاتىشىمۇ تۇنجى قېتىم ئىدى. بۇنىڭدىن يىگىتمۇ، ئاشانبۇقىمۇ، بۇدراچ مومايمۇ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى.

## 2

داستىخان يېغىلىپ پولۇ تارتىلدى. ئاش يېيىلىپ، بەگتۈمۈر دۇئا قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. رەيھانىدىن بويانقارنى خاس ئۆيگە باشلاپ چىقىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. بويانقار:

— بۇ پۈتۈكنى ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھىم

[1] دەبىرى — خاقانىڭ خۇسۇسىي خەتلىرىنى يازىدىغان، ئوقۇپ بېرىدىغان كىشى.

ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇشۇمنى بۇيرۇغانىدى، — دەپ بىر مەكتۇپنى بەردى.

رەيھانىدىن مەكتۇپنى ئۈچ قېتىم ئۆپۈپ باش ئۈستىگە كۆتۈردى، ئاندىن ئېچىپ ئوقۇدى.

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ھاجىپ رەيھانىدىن جانابلىرى، جاندىن جۇدا بولۇشتىن قورقماي ئەۋەتكەن پۇتۈكىڭىزنى ئوقۇدۇم، مەملىكىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەھۋالاتلاردىن ۋاقىپ بولدۇم، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم. ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن، ئوردىدىن زىنھار ئايرىلغۇچى بولماڭ. يېڭى ئەھۋال كۆرۈلسە، مېنى ۋاقتىدا ۋاقىپلاندۇرۇپ، چارە ـ تەدبىر كۆرۈشۈمگە ھەيدەكچى بولغايسىز. ئەلنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكىڭىزگە ئاپىرىن. ئېھتىيات قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۆزىنى ئاسراشنى بىلمىگەن بەندىنى ئاللامۇ ئاسرىمايدۇ. ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ!

ئەل بېگى ئەرتوڭا بۇغراخان غازى يۇسۇپ قادىرخان.

«ئوردىدىن زىنھار ئايرىلغۇچى بولماڭ...»

ئاخىرقى بىر جۇملە سۆز رەيھانىدىننىڭ كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىلىپ قالدى.

— بالام، سەن ئەل ـ يۇرتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر ئىشنى ئادا قىلىپ كەلدىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا خىلئەت بەرسەم ئەرزىيتتى، خىلئەتنى يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ بېرىپتۇ. ئەمدى ساڭا نېمە بېرەي، كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتىپ باققىن، تارتىنما.

بويانقار شۇ ئان دەس تۇردى، ئاندىن تىزلاندى:

— ھۆرمەتلىك ئابا، مەن مۇشۇ قورۇدا تۇغۇلغان، ئالدىلىرىدا چوڭ بولغان، ساۋاتىمنى ئۆزلىرى چىقىرىپ بىلىم بەردىلە.

مەدرىسىدە ئوقۇتتىلا. قول ئىدىم، ئازاد قىلىپ، خەلقىئالەم ئالدىدا نامىمنى چىقاردىلا. بۇنىڭ ئۇچۇن جان تىكىپ خىزمەتلىرىنى قىلسام ئەرزىيدۇ. ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس. سىلى بۇيرۇغان ئىشنى ئادا قىلىش ــ سائادىتىم، بۇ ماڭا ھەرقانداق خىلئەتتىن ئارتۇق. پېقىر قۇللىرىنى «بالام» دېگەنلىرى ھەرقانداق مۇكاپاتتىن ئۈستۈن.

ــ توغرىن، بالام، ــ رەيھاندىن ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، يەنە يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، ــ بالام، مەندىن زادى ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمامسەن؟ بۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر ئوي بولماي قالمايدۇ. دېگىن، قورۇق كەتسەڭ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالىدۇ. مېنى ئاتا دېگىنىڭدىن ئالەمچە خۇش بولدۇم، خۇددى ئوغلۇم بەگتۇرمىش ئالدىمدا تۇرغاندەك بىر ئاجايىپ سېزىم مېنى روھلاندۇردى.

ــ ئابا، ھۆرمەتلىك ئابا، ئاستىمدا ئات بار، قەيەرگە بولسا بارالايمەن، قولۇمدا قىلىچ ـ قالقان بار، يولۇمنى توسۇغان دۈشمەنگە بوي بەرمەيمەن. سىلىدەك ئابرۇيلۇق ئاتام بار، قەددىم رۇس، يۈزۈم يورۇق. يەنە ماڭا نېمە كېرەك بولسۇن؟

ــ ياق بالام، مەملىكەتنىڭ شاھى بولغان خاقانىنىڭمۇ كىشىلەردىن تەلەپ قىلىدىغان نەرسىسى، كۆتكەن ئارزۇ ـ ئۈمىدى بولىدۇ. كۆڭلۈڭگە پۈككەن نەرسىنى ئېيتىپ باققىن. رۇمدا بولسىمۇ ئەكەلدۈرۈپ بېرىمەن.

ھاياجان بىلەن رەيھاندىنغا باققان بويانقار «ماڭا ئايسىلىگدىن باشقا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. ئۇ كاھىشلىق تامغا چىقىرىلغان ئاجايىپ كۆركەم تەكچە ئويۇقلارغا تىزىپ قويۇلغان كىتابلارغا قارىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى:

ــ ھۆرمەتلىك ئابا، راست، بىر تەلىپىم بار، لېكىن يۈزتۇرا ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتىمەن. ئابامغا دېسەم، ئۇ ئۆزلىرىگە يەتكۈزسە.

رەيھانىدىن قول باغلاپ تۇرغان بويانقارغا كۆز سالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى:

— ماقۇل، تەلىپىڭنى ئاشانبۇقادىن ئۇقۇپ جاۋابىنى بىرەي، بالام. بارغىن، ئاتا - ئاناڭ ساڭا مۇنتەزىر.

رەيھانىدىن ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى، قايتىپ كىرىپ كىتابخانىسىدا ئولتۇرغىنىچە خىيالغا غەرق بولدى. «سۆزلىرى شۇنچە ئورۇنلۇق، ئۆزى بەك ئەدەپلىك. ئۇنىڭ دىمەكچى بولغىنى ماڭا كۈيئوغۇل بولۇش ئوخشايدۇ. ماقۇل دىسەم ئەل جامائەت نىمەدەپ قالار؟ ماڭا كۆز ئالايتىپ يۈرگەن ئەربابلار مەسخىرە قىلماسمۇ؟ ماقۇل بولمىسام، ماڭا ساداقەتمەن خىزمەتچىلىرىم ئازار يەيدۇ. بويانقار ئۆيدىن چىقىپ يىراقلارغا كىتىپ قىلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئاشانبۇقا، بۇدراچ موماي قانداق قىلار؟ بويانقار ئاجايىپ ئەقىللىك يىگىت، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قىلىشنى مەنمۇ خالىمايمەن...»

رەيھانىدىن پەردىسى قايرىقلىق دىرىزىدىن تاشقىرىغا كۆز سىلىپ، كەچكى شەپەقنىڭ دەرەخ ياپراقلىرىدا ئالتۇن تەڭگىدەك چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شامداندىكى شامنى يىقىۋىدى، ئۆي ۋاللىدە يورۇدى. ئۆينىڭ تۆت تىمىدا تەكچە ئويۇق چىقىرىلغانىدى. رىھىل[1]دىن چوڭ - كىچىك ئىككىسى ھويلىغا قارايدىغان دىرىزە تەكچىسىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. بىرىگە ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ ئەسىرى قويۇلغانىدى. رەيھانىدىن ھەر كۈنى ئەتىگەن - كەچ تەرەپلەردە مۇشۇ كۇتۇپخانىسىدا كىتاب ئوقۇيتتى، پىكىر يۈرگۈزەتتى.

ئۇ دىرىزىدىن يەنە بىر قىتىم كۆز سىلىپ شام بولغانلىقىنى بىلدى، شەپەق ئۆچكەنىدى. شام نامىزىنى ئوقۇۋېلىپ رىھىل ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇ فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا» دىگەن كىتابىنى تۈنۈگۈن كەچ

---

[1] رىھىل — ياغاچتىن سىپتا قىلىپ ياسالغان، كىتابنى قويۇپ ئوقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم.

باشلىغانىدى. ئوقۇشقا شۇنداق بېرىلىپ كەتتىكى، خوتۇنىنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيماي قالدى. يابىرا كۆتۈرۈپ كىرگەن ئوغلىنى رەيھانىدىنىڭ دۈمبىسىگە ئېسىلدۇرۇپ قويدى.

— ئابا، ئابا!

يۇسۇپنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاتىنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى.

— قاچان كىردىڭ ئوغلۇم؟ — دېدى ئۇ يۇسۇپنى قولىغا ئېلىپ. بالا رېھىل ئۈستىدىكى كىتابقا ئىنتىلىپ كۆلۈپ بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتى. رەيھانىدىن ئۇنى رېھىل ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— ئوقۇپ بەر بالام، بىز ئاڭلايلى، — يۇسۇپ ۋىلىقلاپ كۈلدى، لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ ئۆزىچە كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى. رەيھانىدىن كۈلۈمسىرەپ يابىراغا قارىدى:

— بالىغا قاراڭ ئەزىزىم، كىتابقا ئامراقلىقىنى.

— ئاتىسىنى دورىغان - دە. سىلى بۇ ئۆيگە كىرىۋالسىلا ھەممىمىزنى ئۇنتۇپ كېتىدىلا، — دېدى يابىرا قېيىدىغان تەرزدە. ئۇ كېچىلىك ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيىپ، ھاۋا رەڭ رومال سېلىۋالغانىدى. بىتاقەت بولۇپ ئاچچىقلىنىپ قالغانلىقى مۇڭلۇق چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، — ھاجىپ، نېمىشقا گەپ قىلمايلا، ئولتۇرۇپ كەتتىلىغۇ؟

— بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرى كۆتمىگەن يەردىن چىقىدىكەن. باياتىن بېرى ئەنە شۇنداق بىر ئىش مېڭەمنى قوچۇۋەتتى، كىتاب ئوقۇغان بولسامىمۇ ئېسىمدە قالمىدى.

يابىرا خىيالچان بولۇپ قالغان ئېرىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزى كىتاب ۋارىقىنى يىرتماقچى بولۇۋاتقان ئوغلىغا چۈشتى.

— يۇسۇپ، يىرتما، ماڭا بەرگىن، — دېدى قولىدىكى كىتابنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ. بالا بەرگىلى ئۇنىماي چىڭ تۇتۇۋالدى. رەيھانىدىن قومۇش قەلەمنى تەڭلىۋىدى، يۇسۇپ

كىتابنى قويۇپ قەلەمنى ئېلىپ يازماقچى بولۇپ غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كەتتى. يابىرا ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپ سورىدى:

— قانداق كۈتمىگەن ئىشقا دۇچ كەلدىلە ئاتىسى؟

— بويانقار ئىنتايىن مۇھىم بولغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئات مىندۈرسەم، تون كىيدۈرسەم ئەرزىيتتى. لېكىن، ئۇ مەندىن باشقا بىرنەرسىنى تەلەپ قىلمىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— نېمىنى، ئاتىسى؟

— قىزىمىز ئايسىلىگنى.

— ئايسىلىگنى؟ — چۆچۈگەندەك بولۇپ ئېرىگە قارىدى يابىرا، — ئۇ قۇلنىڭ قىزىمىزغا كۆز سېلىپ يۈرگىنىگە خېلى بولدىمىكىن دەيمەن، ئاتىسى.

— ئۇنداق دېمەڭ يابىرا، بويانقار ئەمدى قۇل ئەمەس، قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغان ھۆر ئادەم! — غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن رەيھانىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ بويانقار ياخشى يىگىت، مېنىڭ خىزمەتچىم ھەم شاگىرتىم. ئۇ مېنى رازى قىلىپلا قالماي، ئەلنىڭ تىنچ-ئامانلىقى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئايسىلىگقا كۆزى چۈشكەنلىكىنى بىلمەي كەلگەنىكەنمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يامانلىساق بولمايدۇ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ھاجىپ. ئۇ يامانلاشقا بولمايدىغان شۇنچە كىم ئىدى؟ ئوردۇكەنتكە بىر قېتىم بېرىپ-كېلىپلا گەپ قىلغىلى بولمايدىغان ئالىيجاناب زات بولۇپ كەتتىمۇ ئەمدى؟ قايسى قۇللىرىنى بۇيرۇسىلا بېرىپ كېلەتتىغۇ؟! — زەردە قىلدى يابىرا يىغلامسىراپ.

— ئۇ ئىشقا ھەممىلا قۇلنى بۇيرۇغىلى بولمايتتى. ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، دەپ ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن بويانقارنى ئەۋەتكەنمەن، خوتۇن، — رەيھانىدىنىنىڭ ئاۋازى چىڭراق چىقىپ

كەتتى. يۈسۈپ گاھ ئاتىسىغا، گاھ ئانىسىغا بېقىپ، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ يىغلىۋەتتى.

يابىرا بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بەزلەشكە باشلىدى. يۈسۈپنىڭ يىغىسى توختىدى، ئاتىسىغا قاراپ قول ئۇزارتتى.

— سىلىچە بولغاندا ئايسىلىگنى بوياتقارغا بېرىشىمىز كېرەكمۇ؟ — يابىرانىڭ ئاھۇ كۆزلىرىدىن تامچىلىغان ياش مەڭزىدىن ئېقىپ ئېتىكىگە چۈشتى.

رەيھاندىن يۈسۈپنى قۇچىقىغا ئېلىپ مەڭزىنى - مەڭزىگە ياقتى.

— مەن ئايسىلىگنى بېرىمىز دېمىدىمغۇ. ئەمما، بۇ توغرۇلۇق جىددىي ئويلانمىساق ياخشى بولمايدۇ، ئەزىزىم. مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا ۋەدە بېرىپ قويغانىدىم.

— ۋەدە بېرىپ قويغانىدىم؟ بۇ نېمە دېگەنلىرى ھاجىپ؟ — يابىرانىڭ ئوڭ قېشى سەل كۆتۈرۈلدى، — ئۇ ئايسىلىگكە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويغانمىدى يا؟

— ياق، خوتۇن، — رەيھاندىن قومۇش قەلەمنى مەڭزىگە ئۇرۇۋېلىپ يىغلىغان يۈسۈپنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ كۇلدۇردى، — ئۇ ماڭا ئۇنداق تەلەپنى قويمىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىماقچى بولدۇم، خالاس.

— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا بۇنچە باش قاتۇرۇپ كېتىدىغانلا؟ تەلىپى نېمە بولسا، شۇنى قىلىپ بەرسىلە بولىدىغۇ.

— قەدىرلىكىم، خاپا بولماي مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭ. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانىغا قارىغاندا، بىزگە كۈيۈئوغۇل بولغۇسى باردەك قىلىدۇ، — رەيھاندىن ئېغىر تىنىدى.

— نېمە ! بۇنى ئوچۇق دېگەنمىدى ئۇ قول؟ — يابىرا ئۇن سېلىپ يىغلىدى. يۈسۈپ قول ئۇزارتىپ ئانىسىغا ئېسىلدى.

— ئۇ قۇل ئەمەس، ھۆر ئادەم !

رەيھاندىن خوتۇنىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېكەندازدا

ئولتۇرغۇزدى. يۇسۇپنى ئالماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىماي ئانىسىغا يېپىشىپ تۇرۇۋالدى.

— يىغلىماڭ ئەزىزىم، ئاللا ئىنسانلارنى يارىتىشتا بىرسىنى ھۆر، بىرسىنى قۇل قىلىپ ياراتمىغان، بەلكى ھەممىنى ئوخشاش ياراتقان. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، قەھرى، مېھرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى، مال ــ مۈلكى، بايلىقىنىڭ، ئارزۇ ــ ئارمىنىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى، ئىراده ــ جۈرئىتىنىڭ، غەيرەت ــ جاسارىتىنىڭ، بىلىمىنىڭ يۇقىرى ــ تۆۋەن بولۇشى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ئادەملەر ھۆر، بىر قىسىم ئادەملەر قۇل، يەنە بىر قىسىم ئادەملەر قۇلدار بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە. ياراتقۇچىمىز ئاللانىڭ دەرگاھىدا ھۆر ئادەممۇ، قۇلمۇ باراۋەر. شۇڭا، مەن بىر قىسىم قۇللارنى ئازاد قىلىۋەتتىم، جۈملىدىن بويانقارمۇ ھازىر قۇل ئەمەس، ھۆر ئادەم. بىللە ئويناپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىزىمىزغا كۆزى چۈشكەنلىكى تەبىئىي ئەھۋال.

— سىلىچە بولغاندا قىزىمىزنى بويانقارغا بەرسەك بولغۇدەك، شۇنداقمۇ ئاتىسى؟

— مەن تېخى ئۇنداق دېمىدىمغۇ. ئاشانبۇقا نېمىدەپ كېلىدۇ، ئاڭلاپ مەسلىھەتلەشمەمدۇق.

— مەن، قىزىمىز بەختلىك بولسا ئىكەن، دەيمەن ئاتىسى. كۈيۈئوغلىمىزنىڭ ئۇدمىشتەك ئېسىلزاده بولۇشىنى تىلەيمەن.

— مەن بەختسىز بولسا ئىكەن، دەمدىمەن ئانىسى؟ قىزىمىزنىڭ بەختلىك بولۇشى بىر ئېسىلزاده بىلەن توي قىلىشىغا باغلىق ئەمەس. ياخشى كۆرگىنى بىلەن نىكاھلىنىشىغا ۋە بىزنىڭ كۈيۈئوغلىمىزنى ياقتۇرۇپ قېلىشىمىزغا باغلىق. بۇ توغرۇلۇق چوڭقۇرراق ئويلىنايلى، قەدىرلىكىم، ئالدىراپ كەتمىگىنىڭ ھاجىتى يوق.

يابىرا ماقۇللۇق نەزىرى بىلەن قاراپ ئورنىدىن تۇردى.
— بالىنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ قالدى، ھۇجرىمىزغا چىقايلى.
رەيھانىدىن يۇسۇپنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

## 3

يۇسۇپنىڭ ئايىغى چىققاندا، بويانقار بىلەن ئايسىلىگىنىڭ تويى بولدى. بۇ باش ئەتىياز مەزگىلى ئىدى. غۇر - غۇر شامال ئەمدى يەردىن باش كۆتۈرگەن بۇغداي مايسىلىرىنى يەلپۈندۈرۈپ، يېڭىدىن ياپراق چىقارغان دەل - دەرەخلەرنى ئىرغاڭشىتاتتى. ئەگىز سۈيى بىلەن ئۇلغايغان چۇ دەرياسى شارقىراپ ئاقاتتى. بالاساغۇن شەھىرى كۈندىن - كۈنگە ئىللىپ، باغ - ھويلىلار كۆكىرىپ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. مانا شۇنداق مەزگىلدە تۇغۇلغان يۇسۇپ دەل بىر ياشقا كىرگەنىدى.
بويانقار بىلەن ئايسىلىگىنىڭ تويى بالاساغۇندا ئۆيلىنىۋاتقانلىرىمۇ ئارتۇق سۆز - چۆچەك پەيدا قىلدى. تويغا ئېيتقاندا، بۇ سۆز - چۆچەكنى پەيدا قىلغىنى شاد - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكەن تويىنىڭ ئۆزى بولماستىن، بۇ تويىنىڭ بولۇشىغا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرغان ئادەملەر ئىدى.
ئايتولۇننى ئوغلىغا ئېلىپ بەرگۈسى بار بولۇنبەگ غەزنەۋىلەر ئېلىدىن قايتىپ كېلىپ، بوزاغۇنىڭ ئۆيچان، كەم سۆز بولۇپ قالغىنىدىن ئەجەبلەندى:
— ئوغلۇم، روھىڭ كۆتۈرەڭگۈ، خۇشخۇي ئىدىڭ. نېمىشقا جىمغۇر، خامۇش بولۇپ قالدىڭ؟ قىلىچۋازلىقتا بىرسىدىن يېڭىلىپ قالدىڭمۇ؟ چېلىشىشتا يانپىشىڭ يەرگە تېگىپ ئابرۇيۇڭ تۆكۈلدىمۇ؟ نېمە بولدۇڭ زادى؟
بۇ سوئاللار بوزاغۇنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك سانجىلدى. ئۇ تامدەك تاتىرىپ كېتىپ، ئاتىسىغا كەينىنى قىلىۋالدى.
— ھەزرىتىم، بالىنى ئۆز ھالىغا قويسىلا، ئوغلىمىز

قىلىچۋازلىقتا يېڭىلىپ قالغاندىنمۇ، چېلىشىشتا يىقىلغاندىنمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالدى، ــ دېدى بوزاغۇنىڭ ئانىسى ئايىانۇ يىغلامسىراپ.

ــ زادى نېمە بولدى؟ مەن ھايات تۇرۇپ ئوغلۇمنىڭ بېشى سېلىنىپ قالسا، خەق نېمە دەيدۇ؟ ئېيتىڭ، مەن كەتكەندىن كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟

ــ ھەزرىتىم، سىلى غەزنەۋىلەر ئېلىگە كەتكەندىن كېيىن، ئوغلىمىزغا جاھاندىكى ھەممە دىشۋارلىق بىر يولى كەلدى. ئايتولۇننىڭ تويى بولدى. سىلىنىڭ يوقلۇقلىرى بەكمۇ بىلىندى. بىچارە ئوغلۇم بەكمۇ ئازابلاندى.

ــ نېمىلەرنى دەۋاتىسەن خوتۇن، رەيھاندىن قىزىنى كىمگە بەردى؟

ــ كىمگە بېرەتتى، چاغرىبەگ ئادامتوغرۇلنىڭ ئوغلى ئالىپ ئۆدمىشقا بەردى. يۈزىمىزنى قىلمىدى ئۇ لاتىپۈرۈش، سىلى بولسىلا ئۇنداق قىلالمايتتى.

مامۇق ياستۇقتا يۆلىنىپ يانپاشلاپ ياتقان بولۇنبەگ ئاچچىقىدا رۇسلىنىپ ئولتۇردى. سەمرىپ تاغاردەك تىقىلىپ كەتكەن خوتۇنىنىڭ لىغىلداپ تۇرغان كۆكسىدىن كۆزىنى ئېلىپ، قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ ئولتۇرغان ئوغلىغا قارىدى.

ــ سېنى مەن قوي ـ قوزىلارغا ئارام بەرمەيدىغان چىلبۆرە دەپ بىلەتتىم. ئەجەبا، بىر ئوغلاقنىڭ قارنىنى يېرىۋېتەلمەپسىنا. قىزنى قاراپ تۇرۇپ تارتقۇزۇپ قويغىنىڭنى قارا ! ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ئۆزۈڭلا يەرگە قاراپ قالماي، مېنىڭمۇ يۈزۈمنى تۆكۈپسەن دۆيۈز، ــ بولۇنبەگ قولىنى شىلتىپ خوتۇنىنىڭ قولىدىكى پىيالىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ناۋات سالغان زەپە چاي ئايىانۇنىڭ ئېتىكىگە تۆكۈلدى.

ــ ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، ئەمدى باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. توي بولۇپ بولدى. قۇزئوردۇدا باي زەردارلارنىڭ قىزى ئاز ئەمەس. بۇغراخان، ئىلىكخان

جـەمەتـدىـكـىلـەرنـىـڭ قـىـزلـىرىمۇ بـار، تاللاپ ئـېـلـىـپ بـەرسـەك بولىدىغۇ.

— بولدى، ئۇدمىـش بىلەن ئـايتولۇنـنى ئۆلتـۈرۈۋېتىمـەن ! — چاچراپ تۇرغان بوزاغۇ ئاسقۇدىكى قىلىچىنى ئېلىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— توختا ! ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تـۇتـۇپ بەرمەكچىمۇ سـەن ! — بولۇنبەگ قوپۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى، — ئاتاق - نامى چىققان ئۇيغۇر ئالىپ بىـلـەن ھاجىـپ بولغان كـاتتا زەردارنـىڭ قىـزىـنـى ئۆلتـۈرۈپ ھۆددىسىـدىـن چىقـالامسەن؟ پـەيت كـۈتۈش كـېـرەك، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە بۇغرا قاراخان بىزگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ، رەيھانىدىنبەگنىڭ قىزلىرى، بـايلىقى بىزنىڭ بولىدۇ. شـۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكـى، دۈشمـىـنـىـڭـنـىـڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشقا ئىشەنچ قىلالمىساڭ، قىلىچىڭنى قىنىدىن ھەرگىز سۇغارما.

بولۇنبەگ بۇ سۆزنى بىكار قىلمىغانىدى، راستىنى دېگەندە ئۆزىدە ئىشەنچ يوق ئىدى. باش ۋەزىر بولغان بىلەن پۈتۈن ھوقۇق مەنسۇرخاننىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ پەقەت مەسلىھەت بېرىش، مەلۇم قىلىش، يوليورۇق سوراش بىلـەن چـەكلىـنـەتتى، پـەرمـان - يارلىقلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ غەرىـزى مەنسۇرخاننى چاڭگىلىـغا ئېلىـش ئىدى. بۇ جەھەتتىـن دوقاقبەگ بىـلەن ھەمنەپەس ئىـدى. بۇغرا قاراخان مەرھۇم ئاكىسىغا ئوخشاش ئۇلارغا قۇيرۇقىنى تۇتقۇزمايۋاتاتتى. بولۇنبەگ بولسا سەۋرچانلىق بىلەن پەيت كۈتەتتى. ئۇ مەنسۇرخاننىڭ ھەمىشە يۇسۇپ قادىرخاندىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى، تەختنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چېچىپ ھىيلە - مىكىر ئويلايتتى. مەنسۇرخاننىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقىپ، خېلى ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋالغانىدى. شۇ سەۋەبتىـن بولسـا كېرەك، بۇغـرا قاراخان ئۇنـى غەزنەۋىلـەر

ئېلىگە ئەلچى بولۇپ بېرىشقا بۇيرۇغاندا «باش ئۇستىگە» دەپ يولغا چىققانىدى. توققۇز جۈپ قىز كېنىزەك، توققۇز جۈپ ئەر غۇلام، قىرىق تۆگىگە ئارتىلغان چاشقەن تاۋىرى، قىرىق پارچە خوتەن گىلىمى، مىڭ كۈمۈش يامبۇ، توققۇز كىسەك ئالتۇن، قەشقەر تۆمۈرچىلىرى سوققان ئالتۇن ساپلىق قىلىچ، گۈرزە، توققۇز جۈپ گۆھەر قاتارلىق سوۋغاتلار سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، بولۇنبەگ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئوردا تەكيىخانىسىغا چۈشۈرۈپ ئىلتىپات كۆرسەتتى.

بولۇنبەگ يەرگە باش قويۇپ:

— بۇغرا قاراخان مەنسۇرخان ھەزرەتلىرى قىزى قۇنچۇي دىلسوزبېكەنى ئالىپ ئوغۇللىرى مەسئۇد تېگىنگە ياتلىق قىلىشنى شەرەپ بىلىدۇ، — دېگەندە، ئالتۇن تەختتە بۇرۇت تولغاپ ئولتۇرغان مەھمۇدخان باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرىدى.

— بۇغرا قاراخان مەنسۇرخاننى ئۆز ئىنىمدەك كۆرىمەن. ئۇنىڭغا ھەرقانداق ۋاقىتتا ياردەم بېرىشنى خالايمەن، يالىۋاچ. ئۇزاقتا قالماي، كېلىننى ئېلىپ كېلىشكە ئوغلۇمنى ئەۋەتىمەن، — دەپ بولۇنبەگكە خىلئەت تەقدىم قىلدى. مىسىرنىڭ يوللۇق يىپەك شايىسىدىن تىكىلگەن زەر تۇگمىلىك تون، سەمەرقەنت ئارغىمىقى، گۆھەر كۆزلۈك كۈمۈش كەمەر، كۈمۈش ساپلىق قىلىچ - قالقان بولۇنبەگ ۋەزىرىنى غايەت خۇش قىلىۋەتتى. مەنسۇرخانغا ئالتۇن تاج، خانىش سارا ئالتۇن تارىمغا گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن ئوتۇغات، سەمەرقەنتنىڭ ھىلھىلە رومىلىنى، مەلىكە دىلسوزغا ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك، پەرغانىنىڭ يوللۇق ئەتلىسىدىن تىكىلگەن يەتتە قات كۆڭلەك، ھەرەمنىڭ قارا پۈركەنجىسىنى سوۋغات قىلىپ ئۇنىڭدىن ئەۋەتتى.

غەزنە شەھىرىدىن تىرىسىگە پاتماي كەلگەن بولۇنبەگنىڭ ئۆيگە كىرىپلا ئايتولۇننىڭ تويى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى

ئۇچتى. ئۇ قاتتىق ئاچچىقلاندى. پەيتىنى تېپىپ رەيھاندىن ھاجىپنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدى.

ھالبۇكى، رەيھاندىن يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ: ئوردىدىن زىنھار ئايرىلغۇچى بولماڭ، دېگەن سۆزىنى قايتا ـ قايتا ئويلاندى. بۇ سۆزدە مەنسۇرخانغا يېقىنلىشىڭ، دېگەن مەنە بار ئىدى. يېقىنلىشىڭ دېگىنى، نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈڭ، دېگىنى ئەمەسمۇ. بۇنىڭغا سەل قارىسام بولمىغۇدەك. ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتمەي، كىم خۇشامەت قىلسا شۇنى ئۆزىگە يېقىن بىلىدىغان مەنسۇرخاننى، ئوردۇكەنتكىمۇ لەشكەر تارتىپ بارمايدىغان، غەزنەۋىلەر بىلەنمۇ تىل بىرىكتۈرمەيدىغان قىلىپ قويۇش كېرەك، دېگەن يەرگە كەلگەن رەيھاندىن پۇرسەت تاپسىلا مەنسۇرخانغا كۆرۈنۈش قىلىپ، مۇلايىملىقى، گەپ ـ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق، خىزمىتىنىڭ نۇقسانسىزلىقى بىلەن ئۇنىڭ نەزىرىنى تارتتى. مەنسۇرخان بولۇنىبەگ، دوقاقبەگلەرنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن ئاغىچى ئۇلۇغىلىق ۋەزىپىسىدىن رەيھاندىننى قالدۇرۇۋەتكىنىگە ئەپسۇسلىنىپمۇ قالدى. ئۆزىدىن كۈچلۈك دۇشمەننى تەسىرلەندۇرۇپ، يامان نىيىتىدىن ياندۇرۇش ـ ياخشى نىيەتلىك، جۈرئەتلىك غەيۇر كىشىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئالىيجاناب خىزمەتتۇر. رەيھاندىن ئەنە شۇنداق قىلدى.

ئانار، ئەنجۈر پىشقان باش كۈزنىڭ بىر كۈنى، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوغلى شاھزادە مەسئۇد بىرنەچچە ۋەزىر، ئەمىرنىڭ ھەمراھلىقىدا نەچچە يۈز ياساۋۇل، نۆكەرلەر بىلەن بالاساغۇننىڭ قۇت دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. مەنسۇرخان ئۇلارنى يەتتە چاقىرىم يەرگە بېرىپ كۈتۈۋالغانىدى. ئۇ قىرىق كۈن توي قىلىپ بەردى. تويغا چۈشكەن سوۋغاتلار ئىچىدە رەيھاندىن ئائىلىسىنىڭ ئېلىپ كەلگىنى ھەم كۆپ، ھەم قىممەت باھالىق بولۇپ، بارلىق دۆلەت ئەركانلىرىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بالاساغۇنغا كەلگەن رۇم

سودىگەرلەرىدىن سىتىۋالغان «كاككۇك سائەت»، قەشقەر زەرگەرلىرىگە ياساتقان ئالتۇن تاج، تۆت پەسىلنىڭ مەنزىرىسى نامايان قىلىنغان تۆت پارچە گۈللۈك گىلەم، مەلىكە دىلسوزغا ئاتاپ ياساتقان بىر جۈپ بىلەزۈك بىلەن ئالماس كۆز قويۇلغان ئۈچ دانە ئالتۇن ئۈزۈك، يۈز ئاق قاشقا تورۇقنى ئارتىلغان يۈز تاي كىمخاپ - دۇردۇن قاتارلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

بۇ سوۋغاتلار مەنسۇرخانغا ناھايىتى يېقىپ كېتىپ، رەيھانىدىنغا بولغان قارىشى دەرھال ئۆزگەردى. ئۇ مەرھۇم ئاكىسى تۇغانخاننىڭ جەڭگاھتىن غەلىبە بىلەن كېلىشىنى تەبرىكلەپ ئۆتكۈزگەن كاتتا مەرىكىسىگە رەيھانىدىنىنىڭ باشچىلىق قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، توي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى بولۇنبەگكە ئەمەس، ئۇنىڭغا تاپشۇردى. تويىنىڭ قىرىق بىرىنچى كۈنى شاھزادە مەسئۇد ناھايىتى رازى بولغان ھالدا مەلىكە دىلسوزنى ئېلىپ ئېلىگە قايتتى. مەنسۇرخان شۇ كۈنى كەچتە ھەرەمدىكى خاس ھۇجرىسىغا رەيھانىدىنىنى چاقىرتتى، ئۈچ قات كىمخاپ يېكەنداز ئۈستىدە يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

— ھاجىپ، مەن سىزدىن ناھايىتى مىننەتدار بولدۇم، — دېدى ئۇ سۆز باشلاپ، — قىرىق كۈن داۋاملاشقان توي ئىشلىرىغا ناھايىتى ياخشى يېتەكچىلىك قىلدىڭىز. مېھمانلار زېرىكىپ قالمىدى، يىراق - يېقىندىن كەلگەن ئەر - ئايال مېھمانلار رازى بولۇپ ئۇزىدى. توي جېدەل - ماجىراسىز، خۇشال - خۇرام، ئوبدان ئۆتتى. بۆگۈ بىلگە① ئىكەنسىز. باشقا يۇغرۇشلار، ھاجىپلار، سۇباشى، تارخانبەگلەرمۇ سىزگە يېتەلمەيدىكەن، — مەنسۇرخان سۆزدىن توختاپ، خاس غۇلامى داستىخانغا كەلتۈرگەن ئالتۇن جامدىكى ئانار شەربىتىنى رەيھانىدىنغا تۇتتى، — بەزىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئالدىنىپ سىزنى

---

① بۆگۈ بىلگە — مۇتەپەككۇر، ئالىم، بىلىملىك، دانىشمەن ئۇستاز.

ئىشەنچسىز ساناپ، ئاغىچى ئۇلۇغىلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتقان ئارغۇن جالالىدىن ناقابىل ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىۋاتقىنى توغرىسىدا سىزدىن باشقا ھاجىپلار، يۇغرۇشلار، بەگلەر مېنى ۋاقىپلاندۇرۇپ كەلدى. پەقەت سىزلا بۇ توغرۇلۇق ماڭا ئېغىز ئاچمىدىڭىز. خىزمىتىڭىزنى باشتىن - ئاخىر بەجاندىل، ساپ دىللىق بىلەن ئادا قىلىپ كېلىۋاتقىنىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاغىچى ئۇلۇغلىق كۇرسىغا ئولتۇرۇشىڭىزنى خالاپ قالدىم. شۇنى بىلگۈم كېلىدۇ، ئارغۇن جالالىدىننىڭ خىزمىتىدىكى نۇقسانلارنى راستلا بىلەلمىدىڭىزمۇ ياكى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سالدىڭىزمۇ؟

رەيھاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بەرمەكچى بولۇۋىدى، مەنسۇرخان تونىنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ، دوستۇم، — ئۇ «دوستۇم» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە سۆيۈنۈش بىلەن ئۇنلۇك ئېيتتى. رەيھاندىن سىنچى نەزىرى بىلەن قاراپ سورىدى:

— ئالىيلىرى راستلا ماڭا ئىشىنەمدىلا؟

— ئىشەنمىسەم بۇ خاس ھۇجرامدا سىز بىلەن سىردىشىپ ئولتۇرمىغان بولاتتىم.

— مەنمۇ ئالىيلىرىغا ئىشىنىمەن، شۇڭا ھەمىشە خىزمەتلىرىدە بولۇشنى ئىستەيمەن. ئالدىلىرىدا كۆڭلۈمدىكىنى دەي، مېنىڭ بۇ دۇنيادا ئەڭ يامان كۆرىدىغىنىم چېقىمچىلىق بىلەن جان باقىدىغان سۇخەنچى. شۇڭا، ئارغۇن جالالىدىننىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى بۇزۇپ - چېچىپ خورىتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولساممۇ، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلمىدىم.

— دۆلەتكە، ئاۋامغا زىيان يەتكۈزگۈچىنى ئاشكارىلاش، مەلۇم قىلىشمۇ چېقىمچىلىق بولامدۇ ھاجىپ؟

— ياق، ئالىيلىرى، دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بولسا، بۇنى دەرھال ئەل - يۇرتقا ئاشكارىلاپ، بۇغرا قاراخانغا بىلدۈرۈپ،

گۇناھكارنى جازاغا تارتمىشقا ياردەملەشكەن كىشى ھەرگىز سۇخەنچى ھېسابلانمايدۇ. بەلكى ھەقىقىي ئەل غەمگۇزارى ئىكەنلىكىنى نامايان ئەتكەن بولىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، ھاجىپ، ئەمما سىز نېمىشقا ئارغۇن جالالىدىننىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى بۇزۇپ - چېچىۋاتقانلىقىنى، خانلىقىمىزنىڭ مال - مۈلكىگە خىيانەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ماڭا مەلۇم قىلمىدىڭىز؟

— چۇنكى مېنىڭ ئورنۇمغا ئۇنى ئۆزلىرى تەيىنلىگەن تۇرسىلا.

مەنلىك بۇ جاۋاب مەنسۇرخاننى ئويلاندۇرۇپ قويدى: «بولۇنىمەگ، دوقاقبەگلەرنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن رەيھاندىنبەگكە بولغان ئىشەنچىمنى يوقاتقانلىقىم، ئىدىشچى باشى بولغان بىر شارابخورنى ئاغىچى ئۇلۇغى قىلىپ كۆتۈرگىنىم راست. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەن ئىشەنگەن ئادەم ئۇستىدىن ماڭا مەلۇمات بېرىشكە كىممۇ پېتىنالىسۇن؟...»

— سىز مېنى يامان يەردىن تۇتۇۋالدىڭىز، ھاجىپ. سىزنىڭ نېمە ئۇچۇن مەلۇم قىلمىغانلىقىڭىز چۈشىنىشلىك بولدى. «توغرا قىلمىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغاندەك قىلىدۇ، ئەمدى ئۇنى يامان نىيىتىدىن ياندۇرۇش كېرەك.» كۆڭلىگە بۇ خىيال كەلگەن رەيھاندىن شەربەتنى ئىچىپ تۇرۇپ دېدى:

— غەزنەۋىلەر سۇلتانى بىلەن دوست بولۇپلا قالماي، بەلكى قۇدا — يېقىن تۇغقان بولۇپ قالدىلا. ئەمدى خانلىقىمىز ئەمىن تاپىدىغان، ئەلمۇ روناق تاپىدىغان بولدى، ئالىيلىرى. بۇنىڭدىن يېقىر ناھايىتى خۇرسەن.

مەنسۇرخان نېمىدەپ جاۋاب بەرسەم بولار، دېگەندەك قىلىپ، تىكەندەك يىرىك، سارغۇچ ساقىلىنى سىلاپ، پەردىلىرى قايرىۋېتىلگەن قوش كۆزنەكلىك دېرىزىدىن ھەرەم بېغىغا كۆز سالدى. دەل - دەرەخ، گۇل - گىياھلارنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى پىرىلداپ يەرگە چۈشۈۋاتاتتى. خاس مەھرەم كۈمۈش لېگەندە ئېلىپ كىرگەن ئىككى كاسا قوغۇننى

مەنسۇرخاننىڭ، مىس لىگەندىكى ئىككى كاسا قوغۇننى رەيھاندىننىڭ ئالدىغا قويدى.
— دېگەنلىرىڭىز ياخشى ئارزۇ، ھاجىپ، — مەنسۇرخان سۆزلەۋېتىپ، سېپىغا ئالماس كۆز قويۇلغان خەنجىرى بىلەن يونۇپ بىر پارچە قوغۇننى ئاغزىغا سالدى، شېرىنلىكىدىن تامىقىنى چېكىپ لەززەتلەندى، — مەغرىب تامانغا نىسبەتەن ئەمىنلىكتىن ئۈمىد زور بولسىمۇ، ئەمما مەشرىق تاماندا ئەمىنلىكتىن تېخى ئۈمىد باردەك ئەمەس، — ئۇ بىر تىنىۋېلىپ، بىلىندۇرمەي رەيھاندىنغا زەن قويدى. ھاجىپنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەشرىقتىمۇ ئەمىنلىك بولۇشى زۆرۈر. بۇ ئەمىنلىك بولمىسا مەن تەختتە قانداقمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالايمەن؟
رەيھاندىن دېرىزىدىن كۆزىنى ئېلىپ مەنسۇرخانغا باقتى:
— مېنىڭچە، مەشرىق تاماندىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، ئالىيلىرى، قىتانلارنىڭ باستۇرۇپ كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق خەۋەر ئىشىتمىدۇق.
— مەن قىتانلارنى دېمىدىم ھاجىپ، يۇسۇپ قادىرخاننى دەۋاتىمەن.
— ئوردۇكەنت دىيارىنىڭ بۇغراخانى بولغان بىر نەۋرە ئاكىلىرىدىن نېمىشقا خاتىرجەم بولالمايلا ئالىيلىرى؟
مەنسۇرخان قولىدىكى خەنجەرنى ئوينىتىپ سۆزگە كىرىشتى:
— سىز بىلىسىز، يا بىلمەيسىز ھاجىپ، مەن ئېلىكخان بولۇپ ئۆزكەنتتە تەختتە ئولتۇرغان چېغىمدا، يۇسۇپ قادىرخان دەسلەپ غەزنەۋىلەر بىلەن، كېيىن ئاكام ئەھمەد تۇغانخان بىلەن بىرلىشىپ مېنى يوقاتماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئۇدۇن پادىشاھى ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ كېلىپ، ئۇ بىر نەۋرە ئاكامنى ماۋەرائۇننەھردىن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇ

قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇدۇن پادىشاھىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇدۇن دىيارىنىمۇ ھۆكۈمران بولۇۋالدى. باغداتتىكى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ خەلىپىسى ئۇنىڭغا «مەلىكۇل مەشرىق»[①] دېگەن نامنى بېرىپ تېخىمۇ يوغىنىتىۋەتتى. مەن ئاكام تۇغانخانغا ناماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ ماڭا ئىشىنىپ ئىلتىپات كۆرسىتىدىغان بولدى. قىتانلار باستۇرۇپ كەلگەندە، مېنى ئورنىغا نائىب قاراخان قىلىپ، ئۆزى جەڭگە ماڭغانلىقىنى بىلىسىز. مەنمۇ نۇرغۇن لەشكەرلىرىمنى ئۇنىڭغا قوشۇپ ئاتلاندۇردۇم. ئەمما، يۈسۈپ قادىرخان بىر نۆكەرنى ياردەمگە ئەۋەتمىدى. ئاكام ۋاپات بولۇپ ئورنىغا قاراخان بولغىنىمدىن كېيىنمۇ بەيئەت قىلمىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ھازىر تازا قۇدرەت تاپقان ۋاقتى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى قوزئوردۇغا لەشكەر تارتىپ كەلمەيدۇ، دەپ ئېيتالامسىز؟ مەن شۇڭا خاتىرجەم ئەمەس، ھاجىپ.

— ئېيتالايمەن، ئالىيلىرى. ئەگەر يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ قوزئوردۇغا باستۇرۇپ كېلىش نىيىتى بولسا، ئەھمەد تۇغانخان تەختكە چىققاندىلا لەشكەر تارتىپ كېلەتتى، بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇنداق قىلمىدى. دېمەك، ئوردۇكەنت بۇغراخاننىڭ بۇ يەرگە لەشكەر تارتىپ كېلىش نىيىتى يوق. ئۇنىڭ مانا شۇنداق جىم تۇرۇشى بەيئەت قىلغانلىقى، ئالىيلىرىغا كىمنىڭ ئۇنى بەيئەت قىلمايدۇ، دەپ ئېيتقانلىقىنى بىلمەيمەن. شۇنداق دەپ ئېيتقۇچىنىڭ ئۆزى قارا نىيەت.

— ماڭا ھېچكىم ئۇنداق دېگىنى يوق، — دېدى مەنسۇرخان تاتىرىپ كېتىپ. لېكىن، شۇ ئان ئۆزىنى ئوڭشاپ قوشۇپ قويدى، — يۈسۈپ قادىرجان ئۆزىنى ۋەلىئەھدى ھېسابلايدۇ، ئەمەسمۇ؟ مەن شۇنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتىمەن.

---

① مەلىكۇل مەشرىق — شەرق پادىشاھى دېگەن مەنىدە بولۇپ، باغدات خەلىپىسى يۈسۈپ قادىرخاننى شۇ نام بىلەن ئاتىغان.

— ۋەلىئەھدى ئىكەنلىكى راستقۇ، خاقانىم، ئۇ بۇغرا قاراخان ھارۇن ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى، ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋرىسىغۇ...

— بولدى بەس! — رەيھانىدىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى مەنسۇرخان كەسكىن ھالدا، — مېنىڭ كىمنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكىمنىمۇ بىلىدىغانسىز، ھاجىپ؟

— ئەلۋەتتە، — رەيھانىدىن ئىزاھات بېرىشنى خالىماي جىم بولدى.

— بىلىپ قويۇڭكى، مېنىڭ ئاتام سېيىت ئەلى ئارسلانخان غازى. بوۋام ئالىپ تېگىن ئوبۇل پەتتاھ بىننى ئەبۇنەسىر سامانى. چوڭ بوۋىمىز سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان. ئۇنىڭ قىزى مەلىكە نۇرئەلانۇر خېنىم — مېنىڭ مومام — بۇغرا قاراخان بولغان ئاتامنىڭ ئانىسى. مەن ئاتا تەرەپتىنمۇ، ئانا تەرەپتىنمۇ شاھ ـ سۇلتانلاردىن بولغان پەيغەمبەر ئەۋلادى مەن. شۇڭا، ھەقىقىي ۋەلىئەھدى مەن بولۇشۇم كېرەك، چۈشەندىڭىزمۇ؟

مەنسۇرخان سۆزىنى تۈگەتكىچە چىڭقىلىپ گەدىنىگىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بۇغرا قاراخان بولغاندىن بېرى سەمرىپ، توغرىسىغا يوغىناپ كېتىۋاتاتتى. كۈندىن ـ كۈنگە چېچى چۈشۈپ ئايپاڭ باش بولۇپ قېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئىككى يۈگەم سەللە ئورالغان تاجنى بېشىدىن كېچىسى ئالمىسا كۈندۈزى ئالمايتتى.

ئۇ ئىسسىپ كەتكەن بولسا كېرەك، مىسىرنىڭ ئېسىل يىپەك شايىسىدىن تىكتۈرگەن تونىنىڭ ئۈستىدىن باغلىغان كەمىرىنى بوشىتىۋېتىپ كېرىلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئوردا ئىچىدىمۇ، جامائەت ئارىسىدىمۇ ھۆرمىتى چوڭ، ئورنى ئۈستۈن بولغان ھاجىپ رەيھانىدىنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۆزىنى قوللىشىنى، ئۆزىگە يېقىن تۇرۇشىنى شۇنچە خالايتتىكى، ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىشىگە يول قويغۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئوچۇق سۆزلۈكى، راستچىللىقى مەنسۇرخاننى قايىل قىلغان، شۇنداقلا گۇمانلاندۇرۇپمۇ قويغاندى. قەبىلىلەر ئارا ھەيۋەتتى، تەسىرى بار بولۇنبەگ،

دوقاقبەگلەر كۆندە نەچچە قېتىم سادادىتىنى بىلدۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ سەممىيىتىدىن شەكلىنەتتى، ھىيلە - نەيرەڭلىرىدىن چۆچۈيتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە يېقىن تۇرۇشىغا، ئۆزىنى داۋاملىق قوللىشىغا موھتاج ئىدى.

رەيھانىدىن سۆز باشلاپ مەنسۇرخاننىڭ خىيال قۇشىنى كۆڭۈل دەرىخىدىن ئۇچۇرۇۋەتتى.

— چۈشەندىم، ئالىيلىرى. ئەگەر بۇغرا قاراخانلىق تەختىدە ئەمىن بولۇشنى ئىستىسىلە، يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ بىلەن ئىناق، ئىتتىپاق بولۇپ، ئەلگە تىنچلىق، ئاسايىشلىق بەخش ئېتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. پىتنە - پاساتلارغا ئالدىنىپ يېنىكلىك قىلىنسا، ئاۋامنىڭ، ئەل - يۇرتنىڭ ئارزۇ - تىلىكىگە خىلاپلىق قىلىنسا، مەملىكەتتە تىنچلىق، ئەمىنلىك بولمايدۇ. بۇ ھەممىدىن خەۋپلىك، ئالىيلىرى.

مەنسۇرخان باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ دېدى:

— ھاجىپ، سىز راستىلا يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ماڭا بويۇنتاۋلىق قىلماسلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، سىلى قىلىچ كۆتۈرمىسىلە، يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغارمايدۇ.

— يۇسۇپ قادىرخاننى قۇزئوردۇغا باستۇرۇپ كەلمەيدۇ، دەپ ئويلايدىكەنسىز - دە.

— شۇنداق، يىراقتىن خىرىس قىلىشمايمۇ، ئەھۋالنى چۈشەنگىلى، يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى، بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ سىرداشقىلى، ئاداۋەتنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنسىلە، ئالىيلىرى.

— ماقۇل، مەن بۇنىڭغا ئىشەندىم. ئەمدى سىزنى چاقىرتىشىمدىكى يەنە بىر زۆرۈرىيەتنى ئېيتاي. بۇ ئاۋامغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، ئۆزۈمگە تەئەللۇق خۇسۇسىي ئىش، — دېدى مەنسۇرخان ئاۋازىنى پەسلىتىپ، ئاندىن رەيھانىدىنى خاس

مەھرەملەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلىپ كىرگەن تاماقلارغا تەكلىپ قىلدى.

— ئىپتىسلا ئالىيلىرى، ئەگەر پىقىرنىڭ ياردىمى كېرەك بولسا باش ئۇستىگە، — رەيھانىدىن بىشنى يىنىك ئەگدى.

— ئاكام ئەھمەد تۇغانخان ۋاپات بولۇپ مەشرىقتىن مەغرىبكە سوزۇلغان كاتتا مەملىكەتنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتتى، — مەنسۇرخان بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى ئاستا داۋام قىلدى، — شۇنداقلا تۆت خوتۇنى، يىگىرمىدىن ئارتۇق چۆرىسىمۇ قالدى. خوتۇنلىرىنىڭ ئىچىدە ئالتۇن تارىم قۇنچۇي ئادىرا پاراستى، نازاكىتى، ساھىبجامالى بىلەن ئەلگە تونۇلغاندۇر. بەلكىم ئاڭلىغانسىز. بۇ قۇنچۇي ئوردۇكەنت قاراخانى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئەڭ كىچىك سىڭلىسى، ھارۇن ھەسەن بۇغراخاننىڭ كەنجى قىزىدۇر. ئۇچ يىشىدا ئاتىسى ۋاپات بولۇپ، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغان، ھىجرىيەنىڭ 400 ـ يىلى ئاكام تۇغانخانغا ياتلىق قىلىنغانىدى. يىگىرمە ئۇچ يىشىدا تۇل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ رەھىم قىلماقچى بولۇۋاتىمەن، ھاجىپ، — مەنسۇرخان ھەييارلارچە كۈلۈۋىدى، چىقىر كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ ئالىيلىرى، ئۇ مەزلۇمەنىڭ بىشىنى سىلىسىلا، يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھمۇ خۇشال بولىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق ئاداۋەت يۇيۇلۇپ، مۇناسىۋەتلىرىمۇ ياخشىلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. قايسى تەرىقىدە رەھىم قىلماقچى بولۇۋاتىلا، خاقانىم؟

— ئەمرىمگە ئىلىپ تۇللۇق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرايمىكىن دەيمەن، ھاجىپ. سىز ئەلچى بولۇپ قۇنچۇي ئادىرانىڭ ماقۇللۇقىنى ئىلىپ بەرگەن بولسىڭىز.

— ئالىيلىرى، تەلەپلىرىنى قۇنچۇيغا يەتكۈزەي، — دىدى بۇغرا قاراخاننىڭ بۇنداق نازۇك خىزمەتكە بۇيرۇدىغانلىقى خىيالىغا كەلمىگەن رەيھانىدىن. ئۇنىڭغا بۇ خىزمەت ھار كەلگەن

بولسمۇ چاندۇرمىدى.

— مانا، سىز ماڭا ھەقىقىي دوست ئىكەنسىز، رەيھانىدىنبەگ، رەھمەت سىزگە، ئەتىلا ئاغىچى ئۇلۇغىلىقىقا تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرىمەن، — مەنسۇرخان ھاياجىنىنى باسالماي ئۇنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ قويىدى، — ھېچكىمگە بەرمىگەن خىلئەتنى سىزگە تەقدىم قىلىمەن، بۇ قېتىم قوبۇل قىلمىسىڭىز بولمايدۇ.

— رەھمەت ئالىيلىرى، سىلى تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا تىرىشىمەن، ئەمما قۇنچۇي ئالىيلىرى كۈتكەندەك جاۋاب بەرمەي پېقىرنى تەڭلىكتە قويارمىكىن، دېگەن ئەندىشەممۇ بار.

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، ھاجىپ. ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ، ئەمەسمۇ. شۇڭا، ئەلچىلىككە سىزنى تاللىدىم. سىز ھەرگىزمۇ تەڭلىكتە قالمايسىز، ئۇ تۇسۇن ئاتنى كۆندۈرەلەيسىز.

شەھۋانىي ھەۋىسى غالىب كەلگەن ئادەم ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، كۆزىگە ئايالنىڭ يالىڭاچ تېنىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ، ئەقىل قۇشى كۆڭۈل قەپىسىدىن ئايرىلغان بولىدۇ. مەلىكە ئادىراغا مەپتۇن بولغان مەنسۇرخان ئۆزىنى تۇتالماي ئالدىراپ قالغانىدى. بۇنى سەزگەن رەيھانىدىن ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە ھەيران بولۇپ كەتمەي ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— ماڭا ۋاقىت بەرسىلە، ئالىيلىرى.

— ئۈچ كۈن، — ئۈچ بارمىقىنى كۆرسەتتى مەنسۇرخان ئورنىدىن تۇرۇپ.

رەيھانىدىن ھەرەم قەسىرىدىن ئۇزاپ چىققاندا، كۈزنىڭ غۇر - غۇر شامىلى شايى يەكتىكىنىڭ پەشلىرىنى يەلپۈندۈردى. ئادار يۇگۇرۇپ كېلىپ غوجايىنىنىڭ بېشىغا قارا كۈنلۈكنى تۇتۇپ كەينىدىن ماڭدى. ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ئاسمان يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەنىدى. چاقماق چېقىپ، يامغۇر تامچىلىدى. بىر ئاتنى

مىنىپ، ئىككى ئاتنى يېتىلەپ پادىشاھ ئاتخانىسىدىن چىققان بويانقار ئىتتىك كېلىپ سالام بەردى. ئۇ ھەر كۈنى قايتىدىغان چاغدا ئاتلارنى ئۆزى ئېلىپ چىقىپ، قېيىنئاتىسى بىلەن بىللە قايتاتتى.

رەيھانىدىن ئۆي ئالدىغا كېلىپ، ئۆستەڭ بويىدا قىزتۇرمىش ئوينىتىۋاتقان ئوغلىنى كۆردى.

— بەگيۈسۈپ! — توۋلىدى ئۇ ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ. ئىسمىنى ئاڭلىغان گۆدەك ئۇيان - بۇيانغا قاراپ، ئاتىسىنى كۆرۈپلا يۈگۈردى. ئۇنىڭ بوينىغا چۈشكەن قارا سېكىلىكى ئىككى يانغا تاشلاندى.

— ئابا، ئابا!

رەيھانىدىن تىزگىننى ئادارغا بېرىپ، ئۆزىنى ئاتقان ئوغلىنى كۆتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ قارا سېكىلىكى لاي بولۇپ كەتكەنىدى.

— ھەممە يېرىڭ قۇم - لاي بولۇپ كېتىپتىغۇ بالام.

## سەككىزىنچى باب

# ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇش

### 1

يۈسۈپ تۈن بويى قىزىپ چىقتى. يابىرا پەقەت ئۇخلىمىدى. رەيھاندىن يېرىم كېچىدە ئۆزى بېرىپ، بالاسىغۇندا نامى چىققان تېۋىپ — قۇتابىدىن ھېكىمنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇ بالىنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ، كۆز قارىچۇقلىرىغا قاراپ:

— شامالداپ قاپتۇ، ئەنسىرەپ كەتمەڭ، يەنە چىش چىققىلى تۇرۇپتۇ، — دەپ دورا بېرىپ كەتتى. تاڭ يورۇغاندا بالىنىڭ قىزىتمىسى پەسلەپ ئۇخلاپ قالدى.

رەيھاندىن ئاتىسى بىلەن ناماز بامداتنى ئوقۇپ مەسچىتتىن كىرگەندە، يابىرا ئەتىگەنلىك چاينى تەييار قىلىپ، ئايۋان ئۆيگە داستىخان سېلىپ قويغانىدى.

چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگەن بۇ ئائىلىدە بىرەيلەن يوق بولۇپ قالسا، ئىز ـ دېرىكىنى قىلىشاتتى. بەگتۆمۈر قاراپ:

— ئالىپ نەۋرەم قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇكام ئاغرىپ قالدى، بوۋا. يەنە چىش چىقىپتۇ تېخى، — دېدى ئايتمىش.

— نېمىشقا بىزگە ئېيتمىدىڭىز قىزىم. قىزىپ قالمىغاندۇ؟ چېچەك چىقتىمۇيا؟ — دېدى بەگتۆمۈر يابىراغا. ئۇ نەۋرىسىنى كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن قوپماقچى بولۇۋىدى، زەمۇران ئانا پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— ئانىسى، سەۋر قىلسىلا. بالىنىڭ كېسىلى ئەنسىرىگۇدەك ئەمەستۇ. چاينى ئىچىۋېلىپ كۆرۈپ چىقىلى.

— قىزىتمىسى يېنىپ ئۇخلاپ قالدى. ھېلى ئېلىپ چىقىمەن ئاتا، چايلىرىنى ئىچىۋەرسىلە، — دېدى يابىرا قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىغا چىنىدىكى سۇتلۇك چاينى سۇنۇپ.

رەيھانىدىن خىيالغا غەرق بولغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇ ھالىچە زوۋان سۇرمەي چېيىنى ئىچىپ بولدى.

«ئوغلۇمنى خىيال بېسىۋاپتۇ. ئوردىدا يەنە بىر ئىش چىققان چېغى...» دەپ ئويلىغان بەگتۇمۇر گەپ قىلاي دەپ تۇرۇۋىدى، يۇسۇپنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— بالا يىغلاپ كەتتى، قاراپ ئولتۇرامسىلەر؟! — دەپ كايىدى.

يابىرا ئۆيگە ئىتتىك كىرىپ بۆشۈكتە يىغلاۋاتقان يۇسۇپكە ئەمچەك سالدى. بۆشۈك يېنىدا چاي ئىچىۋاتقان قىزتۇرمىش سەل سورۇلۇپ ئولتۇرۇپ نېمە ئۈچۈندۇر كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتى.

يابىرا بالىنى بۆشۈكتىن ئېلىپ كىيىندۇرۇپ چىقىشىغا، رەيھانىدىن قولىغا ئېلىپ يەرگە دەسسىتىپ قويدى.

— بوۋاڭ ئەنسىرەپ قاپتۇ، ئوغلۇم. مەن ساق، ئاغزىمغا چىش چىقىۋاتىدۇ، مەن چوڭ بولۇۋاتىمەن، مەندىن غەم يېمە دەپ سالام بەرگىن.

يۇسۇپ تايتاڭلاپ مېڭىپ كېلىپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— ئەسسالام، — دېدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. ئۆسۈپ سالام بەرگۇدەك بولۇپ قاپسەنغۇ بالام، — دەپ ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى بەگتۇمۇر. يۇسۇپ سەكرەپ قول ئۇزارتىپ، بوۋىسىنىڭ ساقىلىنى تۇتۇۋالدى.

— يۇلۇۋەتمە بەڭباش، بۇ ساقالنىڭ ھەربىر تېلىدا بىردىن پەرىشتە بار.

— ئەمدى ئوردىغا باراي، — دەپ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ، ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ ماڭغان رەيھانىدىنىنى يابىرا ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سارغىيىشقا باشلىغان يوپۇرماقلىرىدا چاقنايتتى. رەيھانىدىن كەينىگە سەل قايرىلىپ ئۇزىدىن بىرقەدەم ئارقىدا كېلىۋاتقان بويانقاردىن:

— ئاشانبۇقا تىنچلىقمۇ بالام؟ بىرنەچچە كۈن بولدى كۆرمىدىمغۇ؟ — دېدى.

— تىنچلىق، باغقا مېۋىلىك كۆچەت تىكىش بىلەن ئاۋارە، بىردەممۇ بىكار تۇرمايدۇ.

— ئايسىلىگ بۇدراچ ئانىنى خاپا قىلىپ قويمىغاندۇ، بالام. ئۇ قىزىم ئۈزى بىلەرمەن، بەڭباشراق بولىدىغان.

— ياق، ئاتا، ئانام بەك رازى.

ئۇ ئوردىغا كىرىشىگە ئۇدمىش كېلىپ سالام بەردى ۋە ئاتىسىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. رەيھانىدىن بۇ كۈيئوغلىدىنمۇ ئەھۋال سوراپ، ئاتا ـ ئانىسىغا سالام ئېيتىپ ھاجىبۇل ھۇجاپ① ئىشخانىسىغا كىرىشىگە، ئۇلۇغ ھاجىپ مۇھەممەد بارسغانى سۆيۈنگەن ھالدا كۆرسىتىپ:

— بۇغرا قاراخان جانابلىرى ھازىر مانا بۇ يارلىقنى چۈشۈردى، سىزگە ئوقۇپ بېرەي، — دەپ، باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ، ئاندىن يارلىققا كۆز تىكتى. يارلىقتا، رەيھانىدىنىنىڭ ئاغىچى ئۇلۇغى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى، ئارغۇن جالالىدىندىن خىزمەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، خەزىنىنى تەكشۈرۈپ چىقىشى، كىرىم ـ چىقىم ھېساباتىنىمۇ كۆرۈپ چىقىپ، خىيانەتچىلىك ـ ئىسراپچىلىقنىڭ سادىر بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئېنىقلاش بۇيرۇلغانىدى.

① ھاجىبۇل ھۇجاپ — ھاجىپلار باشلىقى (ئۇلۇغ ھاجىپ).

— مۇبارەك بولسۇن، رەيھانىدىنبەگ، — دېدى ئۇلۇغ ھاجىپ يارلىقنى ئوقۇپ بولۇپ، — ئەمدى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرى ئىزىغا چۈشىدىغان بولدى، ئاللا سىزگە مەدەتكار بولسۇن.

رەيھانىدىن بۇ يەردىن چىقىپ ئاغىچى ئۇلۇغنىڭ خانىسىغا كىرگەندە، گۆشىيىپ ئولتۇرغان ئارغۇن جالالىدىن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆزىنى ئوڭلاپ خۇشامەت قىلىپ بېشىنى ئەگدى، يانغا ئۆتۈپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— يارلىقنى كۆرگەنسىز تەقسىر. مەن بۇغرا قاراخاننىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاپ، ھېساباتنى تەكشۈرىمەن. ماڭا بارلىق ھېسابات دەپتەرلىرى ۋە ھۆججەتلەر كېرەك.

— ئۇنى تەخ قىلىپ بېرىمەن جانابلىرى، كۆڭۈللىرىنىڭ يۇمشاقلىقى، كىشىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان شەپقەتلىك زات ئىكەنلىكلىرى ماڭا ئايان، — دېدى رەڭگى سارغايغان ئارغۇن جالالىدىن، — پېقىردىن ھېچقانداق سەۋەبلىك ئۆتۈلمىدى. سەۋەنلىك بار دېيىلسە، ئۇ سەۋەنلىك، ھېسابات ئىشلىرىنى بىۋاستە تۇتىدىغان ئاغىچىلاردىن ئۆتكەن بولىدۇ. ئۇلارنى ئىقرار قىلدۇرۇش زۆرۈر. بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرغايلا.

— قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — رەيھانىدىن باشقا گەپ قىلمايلا، يەنە بىر خانىدىكى ئاغىچىلارنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىپ كۆرۈشتى، ئۇلارنىڭ قۇتلۇق تىلەكلىرىدىن مىننەتدار بولدى.

ئاغىچى ئۇلۇغنىڭ قول ئاستىدا يىگىرمە تۆت ئاغىچى بولۇپ، ھەربىرسى بىر تارماق ئىشقا مەسئۇل ئىدى. ھەرقايسى يۇرت - ۋىلايەتلەر باج - سېلىق ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنى تىزىملاپ خەزىنىگە تاپشۇرۇش؛ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، مۇسا بايتاش بۇغرا قاراخانلارنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن - كۈمۈش پۇللارنى ساناپ ساندۇقلارغا سېلىش؛ تاي - تاي رەختلەرنى، يىڭ - يىپەكلەرنى تىزىملاپ

ئامبارلاشتۇرۇش؛ يىلقا، قوي، كالىلارنى يايلاققا ماڭدۇرۇش؛ ھەر خىل زىرائەتلەردىن ئىلمنغان سىپلىقنى خانلىق ئامبارغا ئەۋەتىش؛ جايلاردىن كەلگەن ھەدىيە ـ تارتۇقلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ سەرەمجانلاشتۇرۇش؛ باشقا ئەللەردىن كەلگەن سوۋغا ـ تارتۇقلارنى تىزىملاپ خەزىنىگە تاپشۇرۇش؛ باشقا ئەللەرگە يوللىنىدىغان سوۋغا ـ تارتۇقلارنى تەييارلاش؛ باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئەربابلارغا بېرىلىدىغان خىلئەت، كىيدۈرۈلىدىغان تون، مىندۈرۈلىدىغان ئات ـ ئىنئاملارنى تەخ قىلىپ بېرىش... ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىدى. يىگىرمە تۆت ئاغىچىنىڭ ھەربىرى ھېساباتت ئىشلىرىغا ماھىر بىرنەچچە خىزمەتچىنى ئىشقا سالاتتى.

رەيھانىدىن چۈشكىچە ئاغىچىلار بىلەن سۆزلىشىپ، كۆڭلىگە پۈككەن يەتتە كىشىنى ھېساباتنى تەكشۈرۈشكە سالماقچى بولدى. باشقىلار ئۆيگە قايتىشقا باشلىغاندا، ئۇلارنى ئېلىپ قېلىپ مۇددىئاسىنى ئېيتتى، ئىشنى بۈگۈندىن باشلىماقچى بولۇشتى.

رەيھانىدىن ئوردا ھويلىسىغا چىقىشىغا، باشتىن ـ ئاياغ قارا پۈركەنجىگە ئورالغان بىر ئايال كېلىپ سالام قىلدى.

— ئەسسالام، ھاجىپ جانابلىرى، ئۆزلىرىنى ئالتۇن تارىم قۇنچۇي ئالىيلىرى، چاقىرىپ كېلىڭ، دەپ ئەۋەتتى. مەن ئۇنىڭ باش كېنىزىكى ئەگىنكىش بولىمەن.

— قايسى ئالتۇن تارىم؟

— ئالتۇن تارىم قۇنچۇي ئادىرا تۈركەن خاتۇن.

— ماقۇل، خىزمىتىگە تەييارمەن.

رەيھانىدىن ئاتلارنى ئېلىپ كەلگەن بويانقار بىلەن ئادارغا كېتىۋېرىشنى ئېيتىپ، ئەگىنكىشنىڭ كەينىدىن ھەرەم قورۇسىدىكى مەلىكە ئادىرانىڭ قەسرىگە كىردى. قورۇپ تۇزۇشقا باشلىغان رەيھانلارنىڭ خۇش پۇرىقى ئازادە قەسىر ھويلىسىنى بىر ئالغاندى.

— جانابلىرى، مەن قۇنچۇيغا كەلگەنلىرىنى ئېيتاي.

ئۇزاق ئۆتمەي قارا يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەك كىيىپ، ئاق ھىلھىلە رومال سالغان قامەتلىك ئايال چىقتى. رەيھاندىن ئۇنىڭ ئالتۇن تارىم ئادىرا ئىكەنلىكىنى پەملەپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى ۋە يەرگە كۆز تىكىپ دېدى:

— ئالىيلىرى چاقىرتىپتىكەنلا، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

— ھاجىپ جانابلىرى، ئۆيگە مەرھەمەت قىلغايلا، — مەلىكە كەينىگە بۇرۇلۇپ، قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن گىلەم سېلىنغان دەھلىزگە، ئاندىن ھاۋا رەڭ پەردىسىنى ئىككى كېنىزەك قايرىپ تۇرغان ئالتۇن ھالقىلىق ئىشىكتىن خانىغا كىردى - دە، تۆرگە قويۇلغان كۈمۈش پايىلىك تەختتە ئولتۇردى. تەخت قۇببىسىگە ئېسىلغان پەردىنى چۈشۈرۈپ ئۈنلۈك:

— مەرھەمەت قىلسىلا، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

رەيھاندىن ئوتقاشتەك گىلەمدىن كۆزىنى ئالماي قول باغلاپ تۇردى.

— ئولتۇرسىلا ھاجىپ، — يېشىل پەردە كەينىدىن مەلىكىنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

رەيھاندىن كىمخاب كۆرپىدە يۈكۈنۈپ تەخت تەرەپكە كۆز سالدى. مەلىكىنى يوشۇرغان پەردە مەيىن يەلپۈنۈپ تۇراتتى. تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئاسقۇدا ئالتۇن ساپلىق ئەگرى قىلىچ ئېسىقلىق ئىدى. سول تەرەپكە ئوقيا، خەنجەر ئېسىلغان بولۇپ، تامغا چىقىرىلغان گۈلدار ئويۇقلارغا كىتاب تىزىلغانىدى. بىر ئويۇقتا ئايالچە دۇبۇلغا - ساۋۇت، يەنە بىر ئويۇقتا ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر قويۇلغان بولۇپ، كۆزگە ئالاھىدە تاشلىناتتى. «بۇ ئۆيدە جەڭ ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. قۇنچۇي ماھىر چەۋەندازدەك قىلىدۇ، نېمىشقا تاج كىيمىدىكىنە؟»

— ھاجىپ جانابلىرى، چاقىرتىشىمنى سىلى ئويلاپ باقمىغان بولغاچقا ئەجەبلىنىۋاتسىلا كېرەك، — دەپ سۆزگە كىرىشتى مەلىكە ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — بۇغرا قاراخان ئەھمەد

تۇغـانخاننـىڭ ۋاپات بولـغىنـىغا بىر يېرىم يىـل بولۇپ قالـدى. مەرھۇمنىـڭ ئورنىغـا ئولتۇرغـان قېيىـنئىنـىم مەنسـۇرخاننىـڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سىلى ئوبدان بىلىدىلا، ـــ مەلىكە سەل تـوختىـۋېلىـپ، ئەھـۋالنى ئوچـۇق بايان قىـلىشقـا ئۆتتى، ـــ بـۇ ئادەم ئـەلنىڭ غـېمىنـى يېمەي كـەيپ ـ ساپا، ئـەيش ـ ئىشـرەت بىلەن بولۇپ كەتتى. كـۇندە كەچتـە زىياپەت، بـەزمە ئۆتكـۈزۈپ، شـاراب ئىچـىـپ ئىمـانـىنى بـۇلـغىدى. ئـاغـىچى ئـۇلـۇغىـلـىـق مەنـسىپـىـدىن سىلـىنـىـمـۇ ئېلىـىپ تاشلاپ، بـىـر شارابخـورنـى ئورۇنلىرىغا دەسسەتتى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت خەزىنىسىنى بـۇزۇپ ـ چېچىپ خالـىغىـنـىنى قىـلىشقـا يول ئاچتـى. بۇنىـڭ ئۈستىگـە قىزىنى غەزنەۋىلەر شاھىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلغاندىن كېيىـن، ھـە دېـسىلا سوۋغا ـ سالام ئـەۋەتىـپ، خەزىـنـىنى خـورىـتىـشـقـا يۈزلەندى. ئـۇ ھازىر يۇغـرۇش باشى بولـۇنبەگ، قاپـۇغچى باشـى دوقاقبەگلەرنـى قانات ئاستىغا ئـېلىپ، ئـۇلارنىڭ قۇتـرىتىشـى بىلـەن ئاكام يۈسـۈپ قادىرخان غـازى پادىشاھقا قارشـى يـۈرۈش قىلماقچى بولـۇۋاتىدۇ. ھەمـمىدىن مـاڭا ئەلەم قـىلغىـنـى، مېنـى ئالماقچى بولۇپ ئېغىز ئاچقىنى، ـــ مەلـىكە ئۆكـسۈدى، ئاندىـن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ يىغلامسىراپ سۆزىـنى داۋاملاشتـۇردى، ـــ ئېرىم ۋاپـات بولۇپ قىـرىقى توشـمايلا مەنـسۇرخان قەسـرىمگـە كىرىپ: «قۇنچۇي، نېمىشقا بۇنچە مالال بولىدىلا؟ ئېچىلىـپ ـ يېيىـلىـپ يـۈرسىلە، سـىلىنـى قـايغـۇلـۇق ھـالدا كـۆرۈشـنى خالىمايمەن» دەپ ئۆزىنىڭ مەيلى بارلـىقىنى سـەزدۈردى. زۇۋان سۈرمەي ئۈزىتىپ قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن پات ـ پات كىرىـپ سوۋغا تەقدىم قىلىدىغان، ھال سورايدىغان بولۇپ قالدى. قۇيرۇق شىپپاڭشىتقان ئىتقا تاياق تەڭلەپ غالجىر قىلىپ قويماي دەپ، يەنىـلا ئۇن چىقماي ئولتـۇرۇۋەردىم. مەنسـۇرخان مېنـى ئېغىـز ئاچۇرالماي، دەسلەپ بولۇنبەگنى، كېيىن دوقاقبەگنى، ئارقىدىن ئۇلۇغ ھاجىپنى قويدى. بۇ ياغلىمىچىلار ياتلىق بولۇشقا مېنـى ئۇنىتىش ئۇچۇن، ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ، قىلمىغان گەپ ـ

سۆزلىرى قالمىدى. «خاقانىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنىگە رەھمەت. مەن ئۆمۈر بويى ئېرىم توغانخاننىڭ تەرىتىدە ئولتۇرماقچىمەن» دەپ جاۋاب بېرىۋىدىم، بىر مەزگىل جىمىپ قالدى. يېقىندىن بېرى مەنسۇرخان ئۆزى نەچچە قېتىم كىرىپ، ئۇيات - نومۇسنىمۇ قايرىپ قويۇپ: «مەن سىزگە ئاشىق. بوغرا قاراخانلىق تەختىدىن كېچىمەنكى، سىزدىن كەچمەيمەن» دەپ ئايىغىمغا يىقىلدى. مەن ناھايىتى سىلىقلىق بىلەن: «ھازىر سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، ئەقىل - ھوشۇمۇ جايىدا ئەمەس، ئالىيلىرىنى كۆتۈشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، سەۋر قىلىپ تۇرسىلا، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم ئالدىلىرىغا چىقىمەن» دەپ ئالداپ يولغا سالدىم، ھاجىپ، ئۇنىڭدىن شۇنداق نەپرەتلەندىمكى، كۆرەر كۆزۈم قالمىدى. ئۇنىڭ يەنە ئالدىمغا كىرىشىدىن بۇرۇن، ئۇنى توسۇش ئۈچۈن چارە ئىزدەپ ئۆزلىرىنى چاقىرغانىدىم. خالىس، سەمىمىي، ئەلگە جان كۆيەر ئەرباب ئىكەنلىكلىرى ماڭا ئۇزاقتىن بۇيان مەلۇم بولغاچقا، ئۆزلىرىنى مەسلىھەت بېرىشكە مۇناسىپ كۆرۈپ دەردىمنى تۆكۈۋاتىمەن. بۇ ئازابلىق ھالەتتىن پېقىرنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولسىلا، — مەلىكە يىغا بىلەن سۆزىنى تۈگەتتى.

رەيھاندىن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ دېدى:

— قۇنچۇي ئالىيلىرى، مەنسۇرخان ناھايىتى دىتسىز ھەم ئاچ كۆز، توخۇ يۈرەك خاقان، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى ماڭا مەلۇم.

— مەنسۇرخاننىڭ ماڭا ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنىمۇ بىلەمدىلا؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ئادىرا.

— بىلىمەن، قۇنچۇي. مېنى تۈنۈگۈن مەنسۇرخان بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈردى. ئۇ ئالىيلىرىغا كۆڭلى بارلىقىنى ئېيتىپ، مېنى ئەلچى بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇغانىدى. مەن يانلىرىغا كەلگۈچە، سىلى چاقىرتتىلا، — رەيھاندىننىڭ سۆزلىرى مەلىكىنى ھەيران قالدۇردى.

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشۇمنى ماقۇل كۆرىدىكەنلا ـ دە.

— يوقسۇ، مەلىكە، سىلى ئالىيجاناب تۈركەن خاتۇن. ئۇنداق ئۆزىنى بىلمىگەن پاراسەتسىز خاقانغا سىلى ھەرگىز مۇناسىپ ئەمەس. مېنىڭ رازىلىق بىلدۈرۈشۈم، ئۇنى رايىمدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن.

— قانداق قىلىپ، ھاجىپ جانابلىرى؟

— بۇ ھەقتە ئەمدى مەسلىھەتلەشسەك بولىدۇ. چاقىرتمىغان بولساممۇ، ئالدىلىرىغا كەلگەن بولاتتىم، ئالىيلىرى.

— مۇنداق دېسىلە، مەن قانداق قىلسام بولار؟

— قۇنچۇي ئالىيلىرى، مەنسۇرخان گۈزەل ئايالنى كۆرسە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ھاياسىز ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغاندىن بېرى مىجەزىنى ئوبدان بىلىۋالدىم. ئۇ بۇغرا قاراخان بولۇۋېلىپلا تېرىسىگە پاتماي قالدى، خۇدىنى بىلمەي كۆرەڭلەپ كەتتى. غەزنەۋىلەر پادىشاھىغا قۇللۇق قىلىشىمۇ، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھقا قىلىچ كۆتۈرمەكچى بولۇشىمۇ، ئالىيلىرىغا كۆز تىككىشىمۇ، ئۇنىڭ كالتە پەملىكىدىن بولۇۋاتىدۇ. ئالىيلىرى ئۇنىڭغا ئوبدان جاۋاب بېرىپ كەپتىلا. مېنىڭچە، بۇ بەتخۇي خاقاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك. جاۋاب بېرىشنى ئارقىغا سۈرۈش ئەڭ ياخشى چارە. مېنىڭچە، ئۇنىڭ قورقۇنچاق مىجەزىدىن پايدىلىنىش كېرەك. ئاكىلىرى يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۈستۈن كۆرسىتىپ، ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ قويساق، ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىشتىن ساقلانغىلى بولار.

رەيھانىدىن مەنسۇرخاننى قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ بېرىشتىن قانداق يالتايتقانلىقى، ئۆزىنىڭ يەنە ئاغىچى ئۇلۇغىلىقىقا تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپ، مەلىكىگە ئۇمىد بېغىشلىدى.

— جانابلىرىنى ھازىرغىچە ھاجىپ دەپ بىلىپ

كەلگەنىدىم، — دېدى مەلىكە ئادىرا كۆڭلى تىنغان هالدا، — ئاللا ياخشى بەندىسىگە ھەرقاچان مەدەتكار ئىكەن. ئەمدى ئاچ كۆز ئەربابلار دۆلەت خەزىنىسىنى خالىغانچە بۇزۇپ - چاچالمايدىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ قانداق نەيرەڭلەرنى چىقىرار كىن؟

— بۇنى خۇدا بىلىدۇ، قۇنچۇي ئالىيلىرى. ئۇلار قانداق ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالسۇن، ناھەق ئۈستىدىن ھەق غەلىبە قىلماي قالمايدۇ. مەن تېخى تۈنۈگۈن ھاجىپ ئىدىم، بۈگۈن ئەتىگەن ئوردىغا كېلىپ، بۇغرا قاراخان چۈشۈرگەن يارلىقتىن يەنە ئاغىچى ئۇلۇغى بولغىنىمنى بىلدىم. ياخشى تىلەكلىرىگە تەشەككۈر، ئالتۇن تارىم قۇنچۇي ئالىيلىرى. مەن خىزمەتلىرىگە ھەرقاچان تەييار، — رەيھانىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدى.

— بىر ئاز تەخىر قىلسىلا، ئاغىچى ئۇلۇغى جانابلىرى. مەنسۇرخانغا نېمە دەيدىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، تاماق يەپ كەتسىلە.

رەيھانىدىن كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، ئەسلىدە ئادىرا قۇنچۇينىڭ ئۆزلىرىگە مەيلى بار ئىكەن، سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، ماقۇل دەپ جاۋاب بېرىشكە پېتىنالماپتۇ. ساقىيىپ قالسىلا، ئۆزلىرى بىلەن نىكاھلىنىشقا قوشۇلدى، — دەيمەن.

— رەھمەت جانابلىرى، ئۆزلىرىدىن كۆپ مىننەتدار بولدۇم. ئەمدى مېھمانخانىغا مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى مەلىكە ئادىرا ئۇنى قەسىرنىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپ.

رەيھانىدىننىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئالتۇن تارىم ئادىرا مەنسۇرخانغا جاۋاب بېرىشنى ئارقىغا سۈرۈپ ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدى. تۆتىنچى يىلغا كەلگەندە ئۈچ كېنىزىكى بىلەن ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. قەيەرگە كەتكەنلىكىنى رەيھانىدىنمۇ بىلمەي قالدى. غەزەپلەنگەن مەنسۇرخان شۇ كۈنى كېچە ۋە

كۈندۈزى قاراۋۇللۇق قىلغان تۆت ياساۋۇلنى ئۆزى چىپىپ تاشلىدى. رەيھانىدىن تۇتۇۋالمىغان بولسا، ھەرەممىگى كۆك ئايىق بەگتۇتۇقنىمۇ چىپىۋەتكەن بولاتتى.

## 2

رەيھانىدىن قارا سىپكىلىكى ئۆسۈپ گەدىنىگە چۈشكەن يۇسۇپنى بەش يىل ئىلگىرى ئۆزى ئېلىپ باردى. قارىيخانىغا ئۆزى ئېلىپ باردى.

بەگبۇقا مەھەللىسىدىكى بۇ قارىيخانا مەسچىت ئىچىدە بولۇپ، ئۆيگە يېقىن ئىدى. مەسچىت ئىمامى ئەبۇ پۇتۇھ ئابدۇغوپۇر بىننى ھۇسەيىن ئەلئەلمائى دەرس بېرەتتى. سەمەرقەنت شەھىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، بالا ئوقۇتۇشقا ئىشتىياق باغلىغان بۇ ئالىم بالاساغۇنغا قايتىپ كېلىپلا ئۆز قورۇسىدا قارىيخانا ئاچقانىدى. «قۇرئان» خەتمىنى تونۇتۇشتىن ئىلگىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتەتتى.

ئۇ پەزىلىتى، پاساھىتى، نۇتقىنىڭ راۋانلىقى، قىرائىتىنىڭ لەرزانلىقى بىلەن جامائەت ئىچىدە تېزلا تونۇلۇپ، شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا دامولللىنىڭ كۆرستىشى بىلەن، بەگبۇقا مەھەللىسىنىڭ ئازنا مەسچىتىگە ئىمام، خاتىپ بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قارىيخانىنى ئۆز قورۇسىدىن مەسچىتكە يۆتكىگەنىدى.

ھۇجرىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم يىشىل كاھىشتىن قوپۇرۇلغان گۈمبەز پەشتاقلىق چوڭ دەرۋازىدىن مەسچىت سەيناسىغا بىر خۇشرۇي گۆدەكنى يېتىلەپ كىرگەن رەيھانىدىننى كۆرۈپ، ئالمان ـ تالمان بەقەسەم تونىنى كىيدى ـ دە، ئىتتىك چىقىپ ئۇلارغا يېقىنلاپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاغىچى ئۇلۇغى جانابلىرى، مۇبارەك قەدەملىرى بىزگە قۇت ئېلىپ كەلگەي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەخدۇم. ئۆزلىرى ئەھيا قىلغان بىلىك باغىنىڭ مېۋىسىدىن ئوغلۇمنى ئوزۇقلاندۇرغىلى كەلدىم، — رەيھانىدىن بۇ دانىشمەن ئۇستاز بىلەن كۆرۈشۈپ، قول باغلاپ تۇرغان يۇسۇپكە قارىدى، — ئوغلۇم، ئۇستازىڭغا سالام بەرگىن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كىشى قارا، كۆڭلىگە ئەقىل كىرمىگەن نارەسىدە گۆدەكنى بوشغۇت① قىلىشنى ماقۇل كۆرەرلىمۇ؟ — دېدى يۇسۇپ ئېگىلىپ.

«نېمىدېگەن پاساھەتلىك، تەۋەززۇلۇق بالا بۇ. ئوبدان تەربىيەلىنىپتۇ، قىلغان سۆزلىرى نېمىدېگەن ئورۇنلۇق - ھە !» دېدى مەخدۇم ئىچىدە زوقى كېلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئالىپ گۆدەك. سەن ماڭا بۈگۈندىن باشلاپ بوشغۇت بولدۇڭ. نېمىنى ئۆگىنىشنى خالايسەن؟ — مەخدۇم بالىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى.

— ئات مىنىشنى ئۆگەندىم، ئەمدى بىلىك ئۆگىنىشنى خالايمەن، — كۈلۈپ جاۋاب بەردى يۇسۇپ.

— نېمە ئۈچۈن بىلىك ئۆگىنىشنى خالاپ قالدىڭ؟

يۇسۇپ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ دېدى:

— ئاللانىڭ دەرگاھىدا گۇناھكار بولماسلىق، بەندە ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماسلىق ئۈچۈن.

— بارىكاللا، بارىكاللا، بالام. پېقىر بىر زېرەك بوشغۇتقا ئېرىشكەن ئوخشايمەن، — ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم ئېگىلىپ، يۇسۇپنىڭ بادام دوپپىسىنى كەينىگە سەل سۈرۈپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، — ئوچۇق چىھرىڭدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، سەن بىلىم تەھسىل قىلىپ كامال تاپالايسەن، — ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان رەيھانىدىنغا قارىدى، — جانابلىرى، ھۇجرىغا مەرھەمەت قىلغايلا، ئۆزلىرىنى تۇرغۇزۇپ قويدۇم.

---

① بوشغۇت — شاگىرت دېگەن مەنىدە.

— يوقسۇ، مەخدۇم، قايتمىسام بولمايدۇ. ماقۇل بولسىلا دەرسخانىنى بىر كۆرسەم، — دېدى رەيھانىدىن مەسچىتنىڭ دەل ـ دەرەخلىك، گۈل ـ گىياھلار قاپلاپ كەتكەن سەيناسىغا، گەجگاك قىلىنىپ خىلمۇخىل نەقىش چىقىرىلغان خانىغا، كايىۋان[1]نىڭ تام ـ تورۇس، تۈۋرۈكلىرىگە كۆز سالغان ھالدا.

— ماقۇل بولمامدىغان جانابلىرى، ئۈزلىرىنىڭ نەزەرلىرى دەرسخانىمىزنى جانلاندۇرۇۋەتسە ئەجەب ئەمەس.

ئۇلارنى گۈلزارلىق ئىچىدىكى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن باشلاپ ماڭغان مەخدۇم مەسچىتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە سېلىنغان پەنجىرىلىك ئۆينىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، ئىشىكنى ئاچتى.

— مەرھەمەت قىلسىلا، ھە، قېنى كىرگىن، بالام.

رەيھانىدىن ئوغلى بىلەن ئىمۇرىق، سۇپۇرگە قويۇلغان دەھلىزگە، ئاندىن ئوڭ ياندىكى دەرسخانىغا كىردى.

— كەڭرى ئىكەن. بۇ دەرسخانىدا قانچە بالا ئۆگىنىدۇ، مەخدۇم؟

— ئىككى دەرسخانىدا يۈزدىن ئارتۇق ئۆسمۈر ئۆگىنىدۇ، جانابلىرى. سول ياندىكى دەرسخانىدا بەزى كۈنلىرى بالىلار قايتقاندىن كېيىن، ئاڭلاشنى خالاپ كەلگەنلەرگە قۇرئان ۋە ھەدىسنى تەپسىر قىلىپ بېرىمەن، بەزىدە تەبلىغ[2]مۇ قىلىمەن، جانابلىرى.

— بۇنى بىلگەن بولسام، كېلىپ ئاڭلاپ قاراڭغۇ دىلىمنى نۇرلاندۇرىدىكەنمەن، مەخدۇم. ۋاقىپلىنىپ قالغىنىم ياخشى بولدى، پېقىر بىلىككە بەك تەشنا.

— رەھمەت جانابلىرى، پېقىرنىڭ بىلگىنىدىن بىلمىگەنلىرى كۆپ، كېلىپ ياردەمدە بولۇشلىرىغا موھتاج مەن.

— ئۇنداق بولامدىغان مەخدۇم. پېقىر بىر تىجارەتچى، ئىلىم ئەھلى ئەمەس. شۇڭا، بۇ ئوغلۇمنى كىچىكىدىن كامال تاپقۇچە

---

① كايىۋان — خانىقانىڭ ئالدى، ئىككى يېنىغا چىقىرىلغان پېشايۋان.

② تەبلىغ — ۋەز ـ نەسىھەت.

ئوقۇتاي دەيمەن، — رەيھانىدىن سۆزىنى توختىتىپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ دىققەتتە تۇرغان يۇسۇپنى ئۆزىگە تارتىپ بېشىنى سىلىدى، — ياخشى ئوقۇغىن ئوغلۇم، كىشى قارانىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمە، سۆزىگە ئوبدان قۇلاق سال، ئۆگەنگىنىڭنى ئېسىڭدە تۇت، خەتنى چىرايلىق يېزىشنى ئۆگەن.

— باش ئۈستىگە، ئابا. ئېيتقانلىرىنى يادىمدا ساقلايمەن، كىشى قارانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ياخشى ئوقۇيمەن، — دېدى يۇسۇپ چاقماقتەك سۆزلەپ.

— بۇ بالا ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن، جانابلىرى، سۆز - ھەرىكەتلىرى تەربىيە كۆرگەن چوڭ ئادەمدەك. ئەگەر ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمەي، باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولسام، بۇنداق زېرەك ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن بولاتتىم، — قايىللىقىنى بىلدۈردى يۇسۇپنىڭ سۆزلىرىدىن زوقلانغان ئەبۇ پۇتۇف مەخدۇم.

— بۇ بالامنىڭ تىلى بىر يېرىم ياشقا كىرىپلا چىققان، — دېدى رەيھانىدىن يۇسۇپنىڭ سەبىي ۋاقتىدىكى قىلىقلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ، — ئىككى ياشقا كىرە - كىرمەيلا ھەممە گەپنى قىلىپ، ئۆيدىكىلەرنىلا ئەمەس، مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىكنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۈچ ياشقا كىرگەندىن كېيىن، تولا سوئال سوراپ جاۋابىغا قانائەتلەنمىسە، بولدى قىلماي سوراپ تۇرۇۋېلىپ، ئادەمنى چارچىتىۋېتىدىغان، ھەتتا زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان بولدى. تاغ - دەريالارنىڭ، يۇلتۇزلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ ناملىرىنىلا ئەمەس، ئۇششاق سۈرە - ئايەتلەرنى، مەندىن، ئانىسىدىن سوراپ، يادقا ئېلىپ بىزنى ئۆزىگە تېخىمۇ ئامراق قىلىۋەتتى. قولۇمغا كىتاب، قەلەم ئالسام، ئوقۇيمەن، يازىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ، بەرمەي قۇتۇلالمايدىغان بولدۇم. تۆتكە كىرىپلا ئۇيغۇرچە، كېيىن ئەرەبچە ھەرپلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ھازىر ئىككى تىلدىكى ھەرپلەرنى تولۇق يازالايدۇ. ئەمدى قوشۇپ يېزىشنى، جۈملە تۈزۈشنى ئۆزلىرىدىن ئۆگىنەر. مەكتەپتە ئوقۇيمەن، دەپ تۇرۇۋالغاچقا بۈگۈن ئېلىپ كەلدىم،

بولمىسا يەنە ئىككى يىلدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولىمەن، — دېدى. ئەگەر خاپا قىلغۇدەك بولسا، ئاياپ ئولتۇرماي ئەدىپىنى بېرىپ قويسىلا.

— مەن ھەرگىز ئەدەپسىزلىك قىلمايمەن، ئابا، — دېدى يۈسۈپ ئاتىسىغا، ئاندىن ئۇستازىغا ھۆرمەت بىلەن باش ئەگدى. ئۇ مەكتەپكە كەلگىنىدىن ناھايىتى خۇش ئىدى.

ئوغلىدىن سۆيۈنگەن رەيھانىدىن دەرسخانىدىن چىققاندا، ئۆسمۈرلەر مەسچىت ئىشىكىدىن ئالدىراپ كىرىشكە باشلىغانىدى. ئۇلار سالام بېرىشىپ يۈسۈپ ئولتۇرغان دەرسخانىغا كىرىپ كېتىشتى.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ يۈسۈپنىڭ مەكتەپ ھاياتى باشلاندى. ئۇ بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغىنى ئۈچۈن ئالدىنقى قاتارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزۇلدى.

ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم بالىلارنى يېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ساۋاتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ بەش سىنىپقا بۆلۈپ دەرس ئۆتەتتى. يېڭى كەلگەنلەرگە ئۆيغۇرچە، ئەرەبچە ھەرپلەر، ھەرپلەرنى قوشۇپ سۆز ياساش، سان، سانلارنى قوشۇش ۋە ئېلىش ئۆتۈلسە، بالىلارنىڭ ساۋاتىنىڭ چىقىشى، دەرسلىكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە قاراپ سىنىپ ئۆرلىتەتتى. سىنىپ ئۆرلىگەنسېرى يېڭى دەرسلەر، مەسىلەن، ھەپتىيەك، قۇرئاننى يادقا ئېلىش، گىرامماتىكا، جۇغراپىيە، سانلارنى كۆپەيتىش ۋە بۆلۈش، پەلسەپە، تارىخ، ئىلمى نۇجۇم، ئەدەبىيات قاتارلىق دەرسلەر قوشۇلۇپ باراتتى. دەرس ئۆتۈشكە ئۆزى ئۈلگۈرەلمىسە، يۇقىرى سىنىپتىكى ئۆگىنىشى ياخشى، يېشى چوڭراق بالىلارنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ، تۆۋەن سىنىپتىكى بالىلارنى باشقۇرۇشقا، بەزىدە دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇراتتى.

مەسچىت ئىچىدىكى بۇ مەكتەپ «قارىيخانا» دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇھىم دەرسلەر ئۆتۈلىدىغان قائىدە - تۈزۈملۈك مەدرىسە ئىدى. بەزى بالىلار ساۋاتىنى چىقىرىۋالغۇچە، بەزىلەر «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئېلىپ بولغۇچە، بەزىلەر ئەرەب تىلىنى

ئۆگىنىۋالغۇچە ئوقۇشاتتى. بەزىلەر بولسا كۆپ يىل ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ يەردىن سەمەرقەنت، بۇخارا، قەشقەر، باغداتلارغا ئىلىم تەھسىل قىلغىلى كېتەتتى. ھەربىر بالا ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئوتۇن، ئۇنىدىن تارتىپ تەڭگە ـ تىللاغا قەدەر نەرسىلەرنى، يەنى تاپقىنىنى ئوقۇتقۇش ھەققى ئۈچۈن ئېلىپ كېلەتتى. ئەبۇ يۇتۇھ مەخدۇم ئاز ـ كۆپ دېمەي قوبۇل قىلاتتى ھەممە بالىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى، كۆيۈنەتتى...

ئەڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان يۇسۇپ قارا كۆزلىرىنى مىت قىلماي ئۇستازىنىڭ ساۋاق بېرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

ئەبۇ يۇتۇھ مەخدۇم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭ ئولتۇرۇپ، ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ھەرپلەرنى يازغۇزۇپ سىناپ كۆرۈۋىدى، يۇسۇپ ھەرپلەرنى يېپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجاندەك رەتلىك، چىرايلىق يېزىپ ۋە ئوقۇپ ئۇنى قايىل قىلدى. مەخدۇم يۇسۇپنىڭ تېخى كىچىكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇرچە ئىككى، ئۈچ، تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن ئالتە سۆزنىڭ، ئەرەبچە ئىككى، ئۈچ، تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن ئۈچ سۆزنىڭ، ئوقۇش، يېزىلىش قائىدىسىنى سۆزلەپ بەردى، بىردىن ئونغىچە سانىنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى ۋە كەچكىچە تەكرار يېزىپ ئوقۇشنى تاپىلاپ بىرىنچى كۈندىكى دەرسنى تۈگەتتى.

ھالبۇكى، يۇسۇپ بىر سائەت ئۆتۈپلا قومۇش قەلىمىنى دەپتەر بىلەن رېھىل ئۈستىگە قويۇپ، بالىلارنىڭ ئوقۇشىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان مەخدۇمنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كىشى قارا، ئۇيغۇرچە ئالتە سۆزنى، ئەرەبچە ئۈچ سۆزنى ئۆزلىرى سۆزلەپ بەرگەن قائىدە بويىچە ئوقۇشنى، يېزىشنى، بىردىن ئونغىچە سانىنى يېزىشنى ئۆگىنىپ بولدۇم. يەنە ئۆگىتىپ قويغان بولسىلا، — دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى.

— دەپتىرىڭنى ئېلىپ كەلگىن، كۆرۈپ باقاي.

يۇسۇپ دەپتىرىنى ئېلىپ كەلدى. مەخدۇم ئۇنچىدەك يېزىلغان

ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە سۆزلەرگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى. ئۇ ھەربىر سۆزنى يىگىرمە ـ ئوتتۇز قېتىمدىن يېزىپ نەچچە بەتنى تولدۇرغانىدى.

— نېمانداق تېز، بۇنداق ئۆگەنگىلى تۇرساڭ، مېنى ئالدىرىتىپ قويىدىغان ئوخشىمامسەن، كىچىك بوشىغۇت. ئۆگىنىپ بولغان بولساڭ تەكرارلا.

— ئۇنداق قىلسام ۋاقىت زايە بولمامدۇ. ئۆگىنىپ بولغىنىم راست. تەكرارلاۋەرگۇم يوق، قاراپ ئولتۇرسام بولماس، يېڭى دەرس بەرسىلە، — دېدى يۇسۇپ مىختەك تۇرۇپ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، بوشىغۇت، يېڭى دەرس بېرەي.

ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم ئۇيغۇرچە ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزدىن ئوننى، ئەرەبچە سۆزدىن بەشنى، قانداق ئوقۇش، يېزىشنى، ساندىن ئوتتۇزغىچە ساناش، يېزىشنى ئۆگەتتى... شۇنداق قىلىپ، يۇسۇپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە بويىنىغا بەرقۇتتىن تىكىلگەن جىلىت ئاسقان يۇسۇپ، كۈن ئۇپۇق يۈزىدىن باش كۆتۈرگەندە قارىيخانىغا بېرىپ بولاتتى.

## 3

يۇسۇپ ناھايىتى ئەقىللىك ئىدى. گەرچە بەش ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلەيتتى، ياخشى ـ يامان سۆز ـ ھەرىكەتنى پەرق ئېتەلەيتتى، بۇ توغرۇلۇق دەرھال مۇلاھىزە قىلىپ پىكرىنى قويالايتتى، ھازىر جاۋاب ئىدى. ئاسان ئاچچىقلانمايتتى، لېكىن ناھەقچىلىككە يولۇققاندا دېمەكچى بولغىنىنى ئوچۇق ئېيتاتتى. ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ باشقىلارنى بىزار قىلماي، تەمكىنلىكى بىلەن ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۆزىگە گەپ كەلتۈرۈشنى، تىل ئىشتىشنى زادى خالىمايتتى. گەپ قىلغاندا، باشقىلارنىڭ زىتىغا

تېگىدىغان سۆزنى قىلمايتتى. باشقىلار خاپا بولىدىغان قىلىقلارغا بېرىلمەيتتى، كۆڭۈل ئاياشنى بىلەتتى. شوخ بولسىمۇ بەڭباش ئەمەس، ئېغىر - بېسىق ئىدى. بۇ مىجەزى كۆرگەنلا ئادەمگە ياقاتتى. ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى بەك ياقتۇرۇپ قالدى. «يۇسۇپنىڭ ئەقلى يېشىدىن ھالقىپ كېتىپتۇ. ئۇ تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىدىغان بولسا، يېقىن كەلگۈسىدە زامانىسىنىڭ بۆگۈ بىلگەسى بولۇپ قېلىشىدا شۇبھە يوق» دەپ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆزى دەرس ئۆتىدىغان بولدى.

بىر يىل شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتى. يۇسۇپنىڭ بويى ئۆسۈپ زېھنى ئۆتكۈرلەشتى. ئۇيغۇرچە خەت يېزىشنى ئۆگىنىۋالدى. كىتابلارنى ئوقۇيدىغان بولدى. ئەرەبچە گىراماتىكىنىڭ ئىنچىكە قائىدىلىرىنى چۈشىنىپ يادلاپ، نۇرغۇن سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىپ، ئۇستازىنى رازى قىلدى. «قارىيخانا» ئۇ ھەمىشە تەلپۈنىدىغان مۇقەددەس جاي بولۇپ قالدى.

قارىيخانىغا ئۇنى ئەتىگەندە ئادار ئەكېلىپ قويۇپ، كەچتە ئېلىپ كېتەتتى. چۈشتە ئۇ موللىسىنىڭ يېنىدا قېلىپ، تاماق يەپ ئارام ئالاتتى. بۇنى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم رەيھانىدىنىغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى. كۆپ چاغلاردا بۇ ئۇستاز بىلەن شاگىرت چۈشتە ئۇخلىماي، ئۆگىتىش - ئۆگىنىش بىلەن بولاتتى.

بىر كۈنى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم يۇسۇپنى مەسچىتكە يېقىنلا يەردە بولغان ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۇلارنى ھاۋاخان قۇشناچىمىم ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن قىزى بىلەن بىللە كۈتۈۋالدى. يۇسۇپ قارا چاچ، قارا كۆز، مەڭزى توغاچتەك چىرايلىق سەبىي قىزنى كۆرۈپلا ئامراق بولۇپ قالدى.

ئىسمىڭ نېمە خان؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئاقبىرا، — قىز قىزىقسىنىپ قاراپ، بىردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئاتىسىنىڭ تونىنىڭ پېشىگە ئورىنىۋالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم چۈشلۈك تاماقنى يۇسۇپ بىلەن

كېلىپ ئۆيىدە يەيدىغان بولدى. يىگىرمە يىل سەمەرقەنتتە ئىلىم تەھسىل قىلغان بۇ ئۇستاز كىچىكىپ ئۆيلەنگەنىدى. تېخى مۇشۇ قىزىدىن باشقا بالا يۈزىنى كۆرمىگەنىدى، قىزىغا زىيادە ئامىراق ئىدى. بەزى كۈنلىرى قىزىنى قارىيخانىغا ئېلىپ كېلىپ يۇسۇپنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى، باشقا باللار باقاي دېسە زادى ئۇنىمايتتى. ئۇ يۇسۇپنىڭ بىردەم قەلىمىنى ئېلىۋېلىپ، بىردەم سېكىلىكىنى تارتىپ ئويناپ ئۆگىنىشىگە كاشىلا قىلاتتى. بىر قېتىم سىياھداننى ئۆرۈۋېتىپ يۇسۇپنىڭ كىيىمىنى رەڭ قىلىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن مەخدۇم ئۇنى قارىيخانىغا ئېلىپ كەلمەيدىغان بولدى. يۇسۇپمۇ ئوقۇشقا دەخلى قىلىدىغان بۇ قىزنىڭ كەلمەيدىغان بولغانلىقىدىن خۇش بولدى. ئەمما، بىرنەچچە كۈن چۈشتە بارمىسا ئاقبىرانى سېغىنىپ قالاتتى.

يۇسۇپ ئالتە يېرىم ياشقا كىرگەندە خەتنە تويى بولدى. رەيھانىدىن ئۇنىڭغا تۆمۈر رەڭ ئەنجان بەقەسەمدە تون، يېشىل شايى سەللە ئورىغان بادام بۆك كىيدۈردى. كۈمۈش كەمەر باغلاپ خەنجەر ئېسىپ قويدى. ئاشانبۇقا تىكىپ بەرگەن پۆپۈچكى بار چورۇقمۇ ئۇنىڭغا ياراشقانىدى، ئۇ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ هويلىغا چىقىۋىدى، ساۋاقداشلىرى، مەھەللىدىكى ئاداشلىرى:

— بەگيۇسۇپ، بەگيۇسۇپ! — دەپ توۋلىشىپ ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى.

توي چۈشكىچە قورۇدا داۋام قىلىپ، چۈشتىن كېيىن چۇ دەرياسى بويىدا داۋام قىلدى. چوڭلار ئوغلاق تارتتى، باللار ئات بەيگىسى قىلدى. يۇسۇپمۇ قارا تايىنى مىنىپ، جامائەت ئالدىدىن ئۆتكەندە، كۆپچىلىك زوقلانغان هالدا غۇلغۇلا قىلىپ كېتىشتى:

— ئەجەب چېچەن ئىكەن، ھەممىدىن كىچىك تۇرۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى.

— ئۆزىمۇ، مىنگەن ئېتىمۇ چىرايلىق ئىكەن.

— ئېتى نېمە ئىكەن بۇ ئۆز بالىنىڭ؟
— بەگيۇسۇپ ئىكەن.
— خۇدا بۇ بالىنى بالا - قازادىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.
— مۇراد - مەقسىتىگە يەتسۇن.

يۇسۇپ بىلەن بىللە بەيگىگە چۈشكەن ئۆسمۈرلەرنىڭ چوڭى ئون تۆت ياش، كىچىكى توققۇز ياش ئىدى. تېخى يەتتە ياشقا كىرمەي تۇرۇپ، مىنگەن ئېتىنىڭ تاي بولۇشىغا قارىماي، يەتتە چاقىرىم يەرگە چېپىپ بېرىپ ھەممىدىن بۇرۇن قايتىپ كەلدى. قىزلار تاشلىغان ياغلىقلار تاينىڭ يالىغا، ئۇنىڭ گەدەن، يەلكىلىرىگە چۈشۈپ، ئۈچ ياغلىقنىلا تۇتۇۋالدى. يۇسۇپ ناھايىتى روھلىنىپ كەتكەندى. قارا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. ئاتتىن چۈشۈشىگە يارۇق ئۇنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ يەرگە دەسسىتىپ قويدى.

يۇسۇپ مەرىكە مەيدانىنىڭ مەركىزىدە قاراپ بىتاقەت بولغان ئۇستازى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى، ئاندىن بوۋىلىرى بەگتاش ئابدۇللا داموللا بىلەن بەگتۆمۈرگە، مېھرى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاتىسىغا، مەرىكە مەيدانىنى چۆرىدەپ تۇرغان ئاۋامغا يېنىشلاپ سالام بېرىپ، ئاستا كەينىگە ياندى. ئۆزىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان يارۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ ئاقۇچ يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا بولغانىدى. تۆت يېشىدىن باشلاپ ئات مىنىشنى ئۆگەتكەن، بولۇپمۇ بىر يىلدىن بۇيان ئات چېپىشنى مەشىق قىلدۇرۇپ «بالا چەۋەنداز» قىلىپ يېتىشتۈرگەن يارۇققا مىننەتدارلىقىنى يۈرەك - باغرىنى يېقىش بىلەن ئۇن - تىنسىز بىلدۈردى. قولىدىكى ئۈچ ياغلىقنىڭ بىرىنى ئۇنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، بىرىنى بويانقارغا بەردى، بىرى ئۆزىگە قالدى.

مەرىكىنىڭ ئاخىرىدا كۆپچىلىككە ئاش تارتىلدى. رەيھانىدىن ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمغا تون كىيدۈرۈپ، ئات مىندۈردى. تىللا

ئىنئام قىلدى. بەيگىگە چۈشكەن ئون تۆت ئۆسمۈرنىڭ ھەممىسىگە ئىككىدىن تىللا بېرىپ ئات مىندۈردى. جامائەت خۇشال ـ خۇرام ئۇزىدى.

باغاق يېزىپ ئېيتقان بولسىمۇ، بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەر ئۆيگىمۇ كېلىشمىدى، مەرىكىگىمۇ قاتناشمىدى. مەنسۇرخان ۋەزىر ـ ئەمىرلەرنى باشلاپ ئۆيگە كەلدى، مەرىكىگە قاتناشماي ئوغلى ئىنال تېگىننى خاس نۆكەرلىرى بىلەن ئەۋەتكەنىدى. رەيھاندىن ئۈنىڭغا سەمەرقەنتنىڭ ئىككى ياشلىق ئارغىمىقىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە جاۋاھىرات بىلەن بېزەلگەن ئېگەر ـ يۈگەنلىرى بىلەن تارتۇق قىلدى. بارلىق مېھمانلارنى ئۇزىتىپ شام ۋاقتىدا ئۆيگە كەلدى. چارچاپ قالغان بەگتۆمۈر بىلەن ئاشانبۇقا پېشايۋاندا يانپاشلىدى. مەرىكىنى كۆرگىلى بارغان زەمۇران ئانا، يابىرالارمۇ كېلىشىپ يۈسۈپنى مۇبارەكلەشتى.

— ئايتولۇن، ئايسىلىگلەرمۇ بارغانىكەن، ئەتە ئەتىگەن كېلىپ، ئۆكىسىنى ياتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن كەچلەپ كەتمەكچى بولدى. قارىغاندا، قېيىنئاتا، قېيىنئانىلىرى بىلەن ئەرلىرىمۇ كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ئابامالارمۇ كېلىمىز دېدى، — يابىرا ئۆزىنى قۇچاقلىۋالغان يۈسۈپنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ رەيھاندىننى خەۋەرلەندۈردى.

— مەرىكە مەيداندىلا ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ قويماقچىدىم، مېھمانلارنى ئۇزىتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى ئۇ قاراڭغۇلۇق باسقان ھويلىغا كۆز سېلىپ تۇرۇپ ۋە بىردىن سورىدى، — قىزىمىز ئايتىمىش، ئارچۇنلار قېنى، قىزتۇرمىشچۇ، ئۇلار كەلمىدىمۇ؟

يابىرامۇ ئىككى ھويلىغا قاراپ چىقىپ ئەنسىرىگەن ھالدا:

— بايا مەھەللە قىزلىرى بىلەن بەيگىنى كۆرىمىز دەپ يېنىمىزدىن كېتىپ قېلىشقانىدى. قايتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئىز ـ دېرىكىنى قىلماي كېلىۋېرىپتۇق، — دەپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇشقان ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. شام ـ چىراغلارنى يېقىشنىمۇ ئۇنتۇپ يۇسۇپ بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىققان رەيھانىدىن ئادار بىلەن يارۇقنى قىزلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى، بۇرۇنلا ئىشىك ئالدىغا چىققان يابىرا:

— ئەجەب بىخەستەلىك قىپتىمەن، ئاتىسى. ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ بىللە ئېلىپ كەلسەك بوپتىكەن، بەكلا ئەنسىرەپ قالدىم، — دەپ يىغلىغىلى تۇردى.

بىتاقەت بولغان يۇسۇپ:

— ئابا، مەن ئالدىغا بېرىپ باقاي، — دەپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى.

— توختا يۇسۇپ، يالغۇز بارساڭ بولمايدۇ، بىللە بارايلى.

رەيھانىدىن يابىرا بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئالدىراپ مېڭىشتى.

يۇسۇپ يۈگۈرۈپ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىشكە، يىغلىشىپ كېلىۋاتقان ئارچۇن، قىزتۇرمىش بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار بىر مەھەللىلىك ئاداشلىرى بىلەن بىللە ئىدى.

— ئارچۇن ئاچا! — يۇسۇپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى، — ئايتمىش ئاچام قېنى، ئۇ نەدە قالدى؟

ئارچۇن يىغلاپ گەپ قىلالماي قالدى. قىزتۇرمىش دېدى:

— بەيگە مەيدانىدىن يېنىپ، ئاداشلىرىمىز بىلەن دەريا بويىدا ئات چېپىشىپ ئويناپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتۇق. ئۆيگە قايتماقچى بولۇۋاتساق، بىر توپ تۇلۇملۇغ ئەر① تۇيۇقسىز كېلىپ، بىزنى ئاتلىرىمىزدىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ئايتمىش خېنىمنى ئېلىپ قاچتى.

يۇسۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ ئارىدا ھاسىرىشىپ يېتىپ كەلگەن رەيھانىدىن بىلەن يابىرا يىغلاۋاتقان ئارچۇن بىلەن

---

① تۇلۇملۇغ ئەر — قوراللىق ئادەم.

قىزتۇرمىشنى كۆردى.
— ۋاي جېنىم قىزلىرىم، نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى يابىرا ئۇلارنى باغرىغا تارتىپ.
— ئابا، تۇلۇملۇغ ئەرلەر ئايتمىش ئاچامنى ئەپقېچىپتۇ، — دېدى يۇسۇپ يىغلامسىراپ.
— نېمە دېدىڭ؟ — يابىرا ئۇياق - بۇياققا سەپسېلىپ ئېسەنگىرىگەن هالدا سورىدى. ئۇ تېخى ئايتمىشنى قىزلارنىڭ ئارىسىدا بار دەپ قالغانىدى.
— ئاچاملار ئاداشلىرى بىلەن دەريا بويىدىن قايتماقچى بولۇۋاتقاندا، تۇلۇملۇغ ئەرلەر ئايتمىشنى ئەپقېچىپتۇ، ئابا، — دېدى يۇسۇپ خورسىنىپ.
— ئاھ، تەڭرىم! بۇ نېمە ئىشتۇر؟! — يابىرا هوشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.
— يۈرۈڭلار باللىرىم، ئۆيگە بېرىپ سۆزلىشەيلى، — دېدى يۈرىكى ئېچىشقان رەيهانىدىن. ئۇ يابىرانى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئاستا ئېلىپ ماڭدى.
ئارچۇنلارنىڭ بەش نەپەر قىز ئاداشلىرى ئىشىك ئالدىدا ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ئاتا - ئانىلىرى بىلەن ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى.
هويلىغا كىرىشىگە بەگتۈمۈر، زەمۇران ئانا باشلىق ھەممەيلەن ئالدىغا دەۋرەپ كېلىشتى. هويلىغا شام - چىراغلار يېقىلغانىدى.
ئائىلىدىكى خاتىرجەملىك بۇزۇلدى. كۆڭۈلدىن خۇشاللىق كۆتۈرۈلۈپ، غەم - ئەندىشە ئورۇن ئالدى. مۇشۇ ئەنسىزلىكتە، ئەتىسى يۇسۇپنى ياتقۇزۇشتى.
يەرگە كىرىپ كەتكەندەك ئايتمىشتىن دېرەك بولمايۋاتاتتى. بىتاقەتچىلىكتە كېچىسى رەيهانىدىنمۇ، يابىرامۇ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. قۇل - دېدەك، خىزمەتچىلەرنى ئايتمىشنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن مەھەللە - كوچىلارغا، بازار -

رەستىلەرگە، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەرگە ئەۋەتتى، لېكىن كۆتكەن خەۋەرگە ئېرىشەلمەي يۈرەكلىرى كاۋاپتەك پىژىلداپ ئېچىشماقتا ئىدى.

رەيھاندىن ئائىلىدىكى ھەممەيلەنگە ئايتمىشنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق داۋراڭ سالماسلىقنى تاپىلىغان، ئۆزىمۇ ھېچكىمگە تىنمىغان بولسىمۇ، بۇ ۋەقە بالاساغۇن شەھىرىگە يېيىلىپ، كىشىلەر بەك قىزىقىپ سۆزلەيدىغان قورقۇنچلۇق ھېكايىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. رەيھاندىنغا بۇ بەك ئەلەم بولدى.

ئۇ خەۋەر بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئوردىدىكى گەپ ـ سۆزلەرگە دىققەت قىلدى. كوچا ـ بازارلارنى ئارىلىدى. كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە زەن قويدى. ئايتمىشنىڭ تىرىكلىكى ياكى ئۆلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەرگە ئىگە بولالمىدى.

رەيھاندىن يۈسۈپتىنمۇ ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا يارۇقنى ھەمراھ قىلىپ قويۇۋىدى، يۈسۈپ:

— ئابا، مەن كىچىك بالا ئەمەس، چوڭ بولدۇم، قورقمايمەن. «قۇرئان كەرىم»نى يادلاۋاتىمەن، ئەرەب تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋاتىمەن، كىتاب ماڭا ھەمراھ. مەندىن ئەنسىرىمىسىلە، يارۇقمۇ ئاچامنى ئىزدىسۇن، — دەپ ئاتىسىنى تەسكىن تاپتۇردى.

بالا ئۆلۈپ كەتسە، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى «ئۆمرى شۇنچىلىك ئىكەن، ئەمدى قانداق قىلىمىز، تەڭرىم جايىنى جەننەتتە قىلغىن، قالغانلىرىمىزنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت بەرگىن» دەپ بىرنەچچە كۈن يىغلىشىپ تىنچلىنىپ قالىدۇ. ئەمما، بالا يوقىلىپ كەتسە بۇنىڭغا چىدىيالمايدۇ، كېچە ـ كۈندۈز پەرياد چېكىدۇ، پىراق ئوتىدا پۇچىلىنىدۇ. «قەيەردىدۇ؟ نېمە قىلىۋاتقاندۇ، ئاچمىدۇ، توقمىدۇ، بىرسى ئازابلاۋاتقانمىدۇ، زۇلۇم قىلىۋاتقانمىدۇ، ھاياتمىدۇ؟!» دەپ بىر كۈننى ئۆتكۈزگىچە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىدۇ، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئېغىر ھەسرەت ـ ئازاب

بولمايدۇ.

يابىرا تولا يىغلاپ، رەيھانىدىن غەم يەپ، ئاش ـ نان گېلىدىن ئۆتمەي يادىپلا كەتتى. يابىرانىڭ ئاتىسى بەگتاش ئابدۇللا داموللا، قۇدىلىرى چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل، ئاشانبۇقا، كۇيۇئوغۇللىرى ئۇدمىش، بويانقارلار ئەتىگەندىمۇ، چۈشتىمۇ كېلىپ ھال سوراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئائىلە بويىچە ئايتمىشنى ئىزدەشكە كىرىشكەنىدى. بولۇپمۇ، بۇغرا قاراخانىنىڭ خاس نۆكىرى بولغان ئۇدمىشنىڭ ئەس ـ يادى يوقىلىپ كەتكەن قېيىنسىڭلىسىدا بولغاچ، كۆزىنى ئىتتىك، قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ئوردىنىمۇ، سىرتنىمۇ كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇ خاس نۆكەرلەر سەردارى بولغان بوزاغۇنىڭ يېقىنىدىن بىرى باشقىچە روھلىنىپ قالغىنىدىن، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى مازاق قىلغان تۇستە ھېجىيىشىدىن سەل گۇمانلىنىپ قالدى. ئايتولۇننى ئىلىۋالدىڭ، دەپ زادى ئوچۇق چىراي ئاچماي كەلگەن بوزاغۇ ئەمدىلىكتە ئۇدمىشقا گەپ قىلىدىغان، چاقچاقمۇ قىلىپ قويىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ھال ئۇدمىشقا تېخىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇ بۈگۈن كەچتە ھەر كۈندىكىدەك ئاتخانىدىن قېيىنئاتىسىنىڭ، ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئېلىپ چىققىلى ماڭغاندا، بىرسىنىڭ تۇۋلىغىنىنى ئىشتىپ كەينىگە قارىۋىدى، ئۆزىگە ئوخشاش خاس نۆكەر سانسارنى كۆردى. ئۇ ھۆمۈدەپ كېلىپ:

— ئالىپ، سىزگە بىر خەۋەرنى يەتكۈزمەكچىدىم، — دېدى.

— نېمە گەپ ئىدى؟

— بوزاغۇنىڭ نامەردلىكى توغرىسىدا، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئەتراپىغا بىر قارىۋالدى، — تۈنۈگۈندىن بېرى سىزنى خالىي يەردە ئۇچرىتالمىدىم. بايا بوزاغۇ ئۆيىگە كەتتى، دەرھال سىزنى ئىزدىدىم. كېتىۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈپ كېلىشىم. مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىققا قەسەم ئىچىڭ، ئاندىن دەپ بېرەي.

— شۇنچە مۇھىم خەۋەرمىدى؟ — دېدى ئۇدمىش

سەگەكلىنىشىپ.

— مۇھىم، مۇھىم بولغاندىمۇ ئادەمنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەر، — دېدى سانسار جىددىيلىشىپ، — بولۇڭ، قەسەم ئىچىڭ، بولمىسا كېتىمەن.

ئۆدمىشنىڭ كۆڭلى تويۇپ دەرھال قەسەم ئىچتى:

— دېگەنلىرىڭىزنى باشقىلارغا ئېيتسام، بۇ ۋەدەمنى ئاڭلاپ تۇرغان تەڭرىم مېنى جازالىسۇن!

— ئاغىچى ئۇلۇغىننىڭ قىزىنى دەريا بويىدىن بوزاغۇ ئېلىپ قاچقان!

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ — كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان ئۆدمىش ئالدىراپ سورىدى.

— ئۇ قىزنى ئېلىپ قېچىشقا بوزاغۇنىڭ باشلىشى بىلەن مەنمۇ بارغان.

— بۇ راستمۇ؟

— راست! يالغان بولسا مېنى قۇرئان ئۇرسۇن!

سانسار گېپىنى دەپ بولۇپلا ئىتتىك كەتتى.

# توققۇزىنچى باب

# مۇشۇك بەزدىن يەنە قورۇق قالدى

## 1

بالاساغۇن شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى «يابغۇ» كوچىسى ئاھالىسى كۆپ، ئاساسەن قارلۇقلار ئولتۇراقلاشقان چوڭ مەھەللە ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىق قىرىدا ئاسمانغا بوي تارتقان سۇۋادان تېرەكلەر يولغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. بۇ مەھەللە «بەگبۇقا كوچىسى»دەك پاكىز، ئاۋات ئەمەس ئىدى. ئائىلىلەرنىڭ كوچىغا قارىغان دەرۋازىلىرى چوڭ ھەم ئىككى قاناتلىق بولۇپ، ئات ھارۋىلىرى بىمالال كىرىپ چىقاتتى. بالاساغۇندا ئىش تېرىلسا مۇشۇ كوچىدىن تېرىلاتتى، خۇشاللىقمۇ مۇشۇ كوچىدىن باشلىناتتى. ئېغىر ـ بېسىق تەمكىن ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا، مىجەزى ئىتتىكرەك، ئىشنى ۋاچ ـ ۋۇچ قىلىۋېتىدىغان قارلۇقلار جېدەل ـ ماجىرادىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيتتى.

ئالتىن ئارتۇچ①تىن كېيىنرەك كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇنبەگنىڭ قورۇسى بۇ كوچىنىڭ ئاخىرىدىراق بولسىمۇ، تۆمۈر ھالقىلىق ئىشىكى باشقىلارنىڭكىدىن چوڭراق، ھەشەمەتلىكرەك ئىدى. ئىشىكتىن ھويلىنىڭ دەل ـ دەرەخلىك كەڭ سەيناسىغا، ئاندىن ئۇدۇلدىكى، ئىككى ياندىكى ئۆيلەرگە كىرگەن كىشى بولۇنبەگنىڭ ھاللىق، باي ئائىلىدىن ئىكەنلىكىگە شۇبھىلەنمەيتتى. ئۇ باش ۋەزىر بولغاندىن بۇيان ھويلا ـ ئۆيلىرىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ ياساۋاتاتتى. ئۇدۇلدىكى

---

① ئالتىن ئارتۇچ ـــ ئاستىن ئاتۇش.

چوڭ خوتۇنى، ئىككى ياندىكى ئۆيلەردە قالغان ئۈچ خوتۇنى ىلەر تۇراتتى. ئارقىدىكى ئۆيلەرگە قۇللار، دېدەكلەر، ھۆر ەتچىلەر، ئات باقارلار ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ ى كاتتا باغ ئىدى. كوچىدىكى ئېرىقتىن تام ئاستىدىكى ۈچ ئارقىلىق كىرگەن بىر تارام سۇ باغنى كۆكەرتىپ . باغ ئىچىدىكى كۆلچەكنىڭ بويىغا ياغاچتىن كۆركەم ىلىنغان بولۇپ، نەچچە قات كىمخاب كۆرپە سېلىقلىق، ە ـ ياستۇقلار قويۇقلۇق ئىدى. كۆكلەمدىن تاكى كۈز ىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، بولۇنبەگ ھەر كۈنى ئوردىدىن ىدىن كېيىن، ئاشۇ خىلۋەتتىكى ياتقۇدا يانپاشلاپ ىنىپ ئارام ئالاتتى. قىز ـ چوكان چۆرىلەر ئۇنىڭ قېتىپ ئۇستىخانلىرىنى سىلاپ تۇتۇپ ھاردۇقىنى چىقىراتتى، دىن خوتۇنلىرى نارازى بولۇپ غودۇڭشىشاتتى. قىش ى ساراي ئۆيگە قويۇلغان چوڭ سەندەلگە پۇتىنى تىقىپ، ىنى تۇتۇۋاتقان چۆرىلەرنىڭ يوتىسىنى سىلايتتى. ئۇنىڭغا وتۇنى، ئونلىغان چۆرىلەر ئازلىق قىلغاندەك، ئۇ قول ـ ەرگىمۇ چېقىلىپ قوياتتى. لېكىن، ئۇ سىرتقا چىققاندا، ا ئۆزىنى ھايالىق، ئەخلاقلىق كۆرسىتىپ، يولدا ئايال زاتى پ قالسا قولى بىلەن كۆزلىرىنى توسۇۋالاتتى. دۆلەت ىرى ئىچىدە پەزىلەتلىك دەپ ئاتالغانىدى.

بۈگۈن كەچقۇرۇن ئۆيگە خاپا قايتىپ كەلدى. چۈنكى، بۇغراخاننى قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ بېرىشقا يەنە بىر ئورۇنۇپ كۆندۈرەلمىگەنىدى. رەيھاندىن تىنچ ـ ئامان ن كەچۈرۈۋاتقان خەلقنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىقتا بۇغرا ىنى ماقۇل قىلىپ قويغان بولسا كېرەك، «تەخىر قىلىڭ، ئەمەس» دەپ بولۇنبەگنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدى.

ۇنبەگ پېشايۋاندا يانپاشلاپ يېتىپ، چوڭ خوتۇنى ئايانۇ چىققان ئۈزۈم شارابىنى ئىچىپ، دۈملەپ پىشۇرۇلغان گۆشنى مالاچىلىتىپ يېگىلى تۇردى.

قۇياش نۇرى ھويلىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى. گۇگۇم چۈشۈپ سايە ئۇزارغانىدى. بولۇنبەگ شارابى ئاز قالغان خۇمرىنى گۇللۇككە چۆرۈۋېتىپ ئۆزىچە غودۇڭشىدى:

ــ بوزاغۇ كەلمەيدىغۇ. مېنىڭ بۇ ئوغلۇم تازىمۇ تونك ئادەم بولدى ـ دە. ھېچكىمگە ئوچۇق چىراي ئاچمايدۇ، ئاياللارغىمۇ كۆلۈپ قارىمايدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن كۆرەڭ. خوتۇن ئالسا بۇ مىجەزى ئۆزگىرەرمىكىن، چاپسانراق ئۆيلەپ قويسام بولاتتى. رەيھانىدىن قىزىنى بەرگەن بولسا، ئۇ بۇنچە بىغەرەز بولۇپ كەتمەيتتى، ئوڭلىنىپ قالاتتى.

ــ كىمگە گەپ قىلىۋاتىدىلا، ۋەزىر ئەزەم؟ سۆزلەپلا كەتتىلىغۇ! ــ دېدى ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرغان ئايبانۇ، ــ بوزاغۇمۇ سىلىنى دورىغان، خوتۇن ئالسا، خوتۇن بولغۇچىغا ماڭا ئوخشاشلا كۈن يوق، تىل ـ دەشنەمدىن قۇتۇلالماي جاھاندىن ئۆتەرمىكىن.

ــ ۋالاقلىماي، كۆزى ئېچىلمىغان چۆرىلەردىن ئىككىنى چاقىر، پۇتۇمنى تۇتۇپ قويسۇن، ئاغرىۋاتىدۇ.

ــ مەن تۇتۇپ قويسام بولمامدۇ؟ ــ ئايبانۇ ئېرىنىڭ تۈكلۈك پۇتىنى تۇتۇشقا باشلىدى.

ــ سېنىڭ يىرىك قوللىرىڭ بەدىنىمگە تەگسە، چاقىقاق ئۈستىدە ياتقۇزۇپ قويغاندەك چىدىيالماي قالىمەن. بىزەڭلىك قىلماي چۆرىلەرنى چاقىر، ــ بولۇنبەگ ئايبانۇنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان كاسىسىغا تەپتى.

ــ ۋايجان، ماقۇل...

سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەن ئايبانۇ ئىرغاڭلاپ مېڭىپ، ئىچكىرىكى ئۆيدە يىگىنە ئىشى قىلىۋاتقان ياش ئىككى چۆرىنى قىچقىرىپ چىقتى.

ــ مانا تۇتقۇزۇۋالسىلا.

بولۇنبەگ خىرىلداپ كۆلۈپ دوم بولدى.

ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ، بوزاغۇ ئاتلىق كىرىپ كەلمىگەن

بولسا، ئوتلۇق قوللارنىڭ سىلىشى بىلەن ۋۇجۇدى سۆيۈنۈپ ياتقان بولۇنبەگ شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولاتتى. ئۇ خۇشىيىقىپ قوپقۇسى كەلمەي سورىدى:

— كىم سەن؟

— ئابا، مەن كەلدىم.

بولۇنبەگ ئوڭدا بولۇپ، ئوغلىنىڭ بىر تاغارنى ئاتتىن ئېلىۋاتقىنىنى كۆردى.

— ئېلىپ كەلگىنىڭ ئالتۇنمۇ، جاۋاھىرمۇ، نېمە ئوغلۇم؟

ھاسىراپ ئۆڭى ئۆچۈپ كەتكەن بوزاغۇ تاغارنى سۇپا ئۈستىدە شامدانغا يېقىنراق قويۇپ ئاغزىنى يەشتى. بولۇنبەگنىڭ كۆزىگە قارا چاچلىق بىر باش كۆرۈنۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— كىمنى ئۆلتۈردۈڭ تەلۋە، نېمىشقا بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىڭ؟

— ھېچكىمنى ئۆلتۈرمىدىم، ئابا، رەيھانىدىنبەگنىڭ كىچىك قىزىنى ئاخىر ئەپقېچىپ كەلدىم.

— نېمە دېدىڭ؟ — ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان بولۇنبەگ سۇپىدىن يەرگە چۈشتى.

— رەيھانىدىنبەگنىڭ كىچىك قىزىنى بەيگە مەيدانىدىن ئەپقېچىپ كەلدىم.

— تىرىكمۇ؟

— ئۆلۈكىنى نېمە قىلاتتىم!

— نېمىشقا مەن بىلەن مەسلىھەتلەشمىدىڭ؟

— قورققاق ئەمەس، باتۇر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، — بوزاغۇ سۆزلەۋېتىپ ئۆكسۈپ ئۈنسىز يىغلاۋاتقان قىزنى تاغاردىن چىقاردى.

— رەيھانىدىنبەگنىڭ تويىنى ھازىغا ئايلاندۇرۇپسەن - دە، بەتبەخت. ئەپقېچىپ كەلمىسەڭمۇ ئۆزى كېلەتتى ئەمەسمۇ. يۈگۈر، سىڭلىڭ قۇمارىنى چاقىر، بۇ خان قىزنى ئۆيگە ئەكىرىپ غىزا بەرسۇن.

بوزاغۇ سىگلىسىنى چاقىرىپ چىقتى.

— بالام، بۇ خان قىز سەن بىلەن ئاداش بولغىلى كەپتۇ، ئۆيگە باشلاپ ئاناڭ بىلەن ئوبدان كۈتۈۋال.

— ماقۇل، ئاپا.

ئون توت ياشقا كىرگەن سېرىق چاچلىق قۇمارى يۇم - يۇم يىغلاۋاتقان قىزنى قولىدىن تارتىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى.

— سەن ئوغلۇم، نېمىلا دېگەنبىلەن بىر قوزىنى تۇتۇپ كېلىپ، چىلبۆرە ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈردۈڭ، — دېدى بولۇنبەگ بوزاغۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ، ئاندىن ئۆيدىن چىقىۋاتقان يىغا ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ چىرايى تۈرۈلگەن هالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن ماڭا باش ئاغرىقى تېپىپ بەردىڭ، بۇ قاراملىقىڭنى باهانە قىلىپ هاجىپ رەيهاندىن بىز قارلۇقلار ئۈستىدىن بۇغرا قاراخانغا ئەرز قىلسا، چوڭ ماجىرا چىقىدۇ، بۇ جېدەلنى يىغىشتۇرماقمۇ تەسكە توختايدۇ، بۇغرا قاراخانمۇ هازىر هاجىپقا مايىل. بۇنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ — بولۇنبەگ گۆشىيىپ تۇرغان بوزاغۇنىڭ قولىدىن تارتىپ پېشايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرغۇزدى. تۇۋرۇكلەرگە ئورنىتىلغان قەندىللەردىكى شامنىڭ يورۇقىدا جەڭ لىباسى كىيىۋالغان بوزاغۇنىڭ ساۋۇت - دۇبۇلغىسى پارقىرايتتى.

— ئاپا، سەن ئالىپ سەركەردىغۇ، نېمىدىن شۇنچە قورقىسەن؟ غەزنەۋىلەر ئېلىدىن قايتىپ كەلگەندە «سار ئالالماس قاغا ئىكەنسەن» دەپ مېنى ئەيىبلىگىنىڭ ئېسىڭدىدۇ؟ زەردار ئائىلىنىڭ پەرىسىنى ئېلىپ كەلسەم يەنە ئەيىبلەۋاتىسەنغۇ؟ ئېيتقىنا، بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ يۈرسەم بولامتى؟ — ئاچچىقلانغان بوزاغۇ ئاتىسىدىن نېرىراق سۈرۈلدى. يىغا ئاۋازى كۈچىيىپ، ئۇنىڭ قارامتۇل چېھرى بۇزۇلۇپ كەتتى، — بۇ قانچۇق ئاغزىنى يۇمسا بولاتتى، ئەستا...

— ئاغزىڭنى يۇم! — بولۇنبەگ ۋارقىرىدى، — مەن سېنى ئەيىبلەۋاتقىنىم يوق، ئاقىۋىتىنى ئويلاۋاتىمەن، ئوغلۇم. راست،

قورقماس ئالىپ ئەر بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، بىر زەردارنىڭ يۈزىنى چۈشۈردۈڭ. يارايسەن! ئەمدى رەيھاننىڭ قىزىنى ساڭا بەرمەي، ئىزا - ئاھانەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن، پەخەس بولمىساق، سىلىقلىق بىلەن دۈشمىنىمىزنى باش ئەگدۈرمىسەك، ئۆزىمىز زىيان تارتىمىز. ئەلپازىڭدىن بۇنداق قار- يامغۇر ياغدۇرۇپ يۈرمەي، چىرايىڭنى ئېچىپراق يۈر.

— مانا ئەمدى ئاتامدەك گەپ قىلدىڭ، بايا ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتكەنىدىڭ، — بوزاغۇ ئاتىسىغا يېقىن سۈرۈلۈپ ھىجايدى، — ئۇ پەرى ناخشىسىنى توختاتسا بولاتتى.

— مەيلى، يىغلىسا يىغلاۋەرسۇن، بۇ چوڭ قورۇدىن ھېچ يەرگە ئاڭلانمايدۇ. سەن ئاغزىڭنى چىڭ تۇت. بۇ قىز بىزنىڭ ئۆيگە كۆنگىچە، ئەپقاچقىنىڭنى ھەم بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە تىنما، — دېدى بولۇنبەگ تاپىلاپ.

— ماقۇل ئابا، ھېچكىمگە تىنمايمەن.

— دەريا بويىغا قانچە يىگىت بىلەن بارغانىدىڭ؟

— تۆت.

— ھەممىسى ئىشەنچلىكمۇ؟

— ناھايىتى ئىشەنچلىك. سۇغا دېسەم سۇغا، ئوتقا دېسەم ئوتقا كىرىدىغان ساداقەتمەن دوستلىرىم.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارلۇقمۇ؟

— بىرسى چىگىل.

— چىگىلنىڭ ئىسمى نېمە؟

— سانسار، مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇراخمان. مەن بىلەن بىللە جەڭ قىلغان ئالىپ يىگىت، خاس نۆكەر.

— ھەرھالدا پەخەس بول. قىز ئۆيىمىزگە كۆنۈۋالغاندىن كېيىن، رەيھاندىنبەگ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن.

بوزاغۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، ۋەھىمىلىك شىلدىرلاپ تۇرغان تام تۈۋىدىكى چىنار دەرىخىگە قاراپ قويدى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يالت قىلىپ چېقىلغان چېقىننىڭ شولىسى چىنار دەرىخىگە

چۇشۇپ بوزاغۇنى چۆچۇتۇۋەتتى.

— ئۆيگە كىرىپ ئاۋۇ پەرىنىڭ ئۇنىنى ئۆچۇرەيلى، ئابا، — بوزاغۇ قوپۇپ، ئاتىسىنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

گۇلدۇرماما گۇدۇرلەپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. هويلىدىكى شام - چىراغلار ئۆچۇپ قالدى. بولۇنبەگ ئوغلى بىلەن ئۆيگە كىردى.

— ئابا، بۇ قىز يىغلاپلا ئولتۇرىدۇ، مەن بىلەن ئاداش بولمىغۇدەك، — دېدى قۇمارى ئاتىسىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپ.

— سەن بىلەن ئاداش بولىدۇ، قىزىم. تاماق يېدىمۇ؟ — بولۇنبەگ بۇلۇڭدا تامغا ئالدىنى قىلىپ يىغلاۋاتقان قىزغا كۆز سېلىپ بېشىنى چايقىدى.

— شۇنچە قىلساممۇ تاماق يېمىدى، — دېدى تەستە قوپقان ئايبانۇ، — قۇمارى دوست بولايلى، دەپ بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك بەرسىمۇ ئالمىدى.

— هىم، — بولۇنبەگ داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەرگە كۆز يۇگۇرتۇپ، ساقىلىنى سىيپاپ قويدى.

— قاراپ تۇرامسەن، بۇ شور پېشانىنىڭ يىغىسىنى شېرىن سۆز، لەززەتلىك تاماق بىلەن توختاتقىلى بولمىغۇدەك. قولۇڭغا قامچا ئال! — بۇيرۇدى ئايبانۇ زەهەرخەندىلىك بىلەن.

بوزاغۇ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— توختا، ئوغلۇم. گۇلنىڭ تىكىنى بولىدۇ، قىلىچ بىلەن چاپسا توزۇپ كېتىدۇ، قول بىلەن ئۈزسە تىكىنى سانجىلىدۇ. تىكىنى سانجىلسىمۇ چىداپ، توزۇتماي ئۈزۈۋېلىش كېرەك، — بولــۇنبەگ ئوغلىنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ ئايبانۇغا دېدى، — خوتۇن، بۇ قىز ساڭا ئوخشىمايدۇ. سېنى قامچىلاپ تۇرمىسام هەددىڭدىن ئېشىپ كېتىسەن، ئۆزۈڭنىڭ بىر ئاجىزە ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالىسەن. بۇ قىز تېخى ئوغلۇمغا ياتلىق بولغىنى يوق، ياتلىق بولغاندىن كېيىن قامچا ئاستىغا ئالسا بولىدۇ. هازىر قامچا بىلەن ئەمەس، ياخشى سۆز بىلەن كۆڭلىنى ئۇتۇش زۆرۈر. ئوغلۇم، خاناڭغا چىقىپ، ئادەمنى ۋەھىمىگە

سالىدىغان جەڭ لىباسىنى سېلىۋەتكىن، بايۋەچچىدەك كىيىنىپ، خۇشخۇي يىگىت بولۇپ چىق. ھەممىمىز بۇ خان قىز بىلەن بىللە تاماق يەيلى. ئانىسى، سىزمۇ چىقىپ ئوغلىمىزنىڭ ئېسىل كىيىملىرىنى ئېلىپ بېرىڭ.

بولۇنبەگ ئوغلى بىلەن خوتۇنى چىقىپ كېتىشىگە، ئاستا كېلىپ ئۇنىسىز يىغلاۋاتقان قىزنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

— خان قىزىم، ئوغلۇم ئەدەپسىزلىك قىلىپ، سىلىنى ئەيقېچىپ كەپتۇ. مەن بۇنىڭدىن كۆپ ئەپسۇسلاندىم، ئاتىلىرى ئالدىدا بەك خىجىلمەن، خاپا بولمىسىلا، ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويىمىز.

قىز ئىتتىك قايرىلىپ چۈمپەردە كەينىدىن تىكىلدى.

— راستىلا مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويامسىلەر؟

— ھەئە خان قىزىم، ئىسىملىرى نېمە؟

— ئايتمىش.

— بەك چىرايلىق ئىسىم ئىكەن، سىلىمۇ ئاجايىپ چىرايلىق ئىكەنلا خان قىزىم، كۆز تەگمىسۇن، — بولۇنبەگ ئايتمىشقا قاراپلا قالدى، «ئوغلۇم مال تونۇيدىكەن، ھۆسنىدە تەڭداشسىز ساھىبجامال قىز ئىكەن...»

— مەن ئۆيگە كەتسەم بولاتتى، — دېدى ئايتمىش بىتاقەت بولغان ھالدا. كۆزىدىن تۆكۈلگەن تامچىلار مەڭزىدىن سىرغىپ ئېتىكىگە قۇيۇلماقتا ئىدى.

— ئايتمىش قىزىم، مەن ئاتىلىرى ئورنىدا، بۇ ئائىلىمۇ سىلىنىڭ ئائىلىدەك چوڭ ئائىلە، قىزىممۇ ئۆزلىرى بىلەن تەڭ دېمەتلىك. ھەرگىز تارتىنمىسىلا، ئۆز ئۆيلىرىدەك ئولتۇرسىلا، بولامدۇ؟

— مەن ئۆيۈمگە كېتىمەن، دەرۋازىدىن چىقىرىپ قويساڭلار، ئۆيۈمنى تېپىپ بارالايمەن، — ئايتمىش ئورنىدىن قوزغالدى.

— ئالدىرىمىسىلا خان قىزىم، تاماق يېسىلە، تاماق يېمەي كەتسىلە ئاتىلىرى رەيھانىدىنبەگمۇ خاپا بولىدۇ. ئاتىلىرى مېنىڭ

يېقىن دوستۇم، ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ تۇرىمەن.

— مەن تاماقنى ئۆيگە بېرىپ يەيمەن، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالسام ئاپاملار ئەنسىرەپ كېتىدۇ.

بولۇنبەگ جاۋاب بەرمەي، كىيىنىپ چىققان ئوغلىنىڭ باش ـ ئايىغىغا كۆز سېلىپ دېدى:

— مانا، مانا، ھەقىقىي بايۋەچچە بوپسەن، بالام. كەل ئولتۇرغىن، ئايتىمىش قىزىم بىلەن بىللە تاماق يەيلى.

— مەن ئۆيگە كېتىمەن، — چىمەن دوپپا، شايى كۆڭلەك كىيگەن بوزاغۇغا كۆز قىرىنى سالمىغان ئايتىمىش يەنە تامغا ئالدىنى قىلىۋالدى.

— بالام، تاماق يەۋالسىلا، — دېدى تونۇر كاۋىپىغا قول ئۇزارتىپ بولۇنبەگ. ئۇ كاۋاپنى يەپ بىر قولىغا پىيالىنى ئالدى، يەنە بىر قولى بىلەن ئايتىمىشنىڭ يېڭىدىن تارتتى. ئايتىمىش قاتتىق يۇلقۇنۇپ نېرى سۇرۇلدى. بولۇنبەگنىڭ قولىدىكى پىيالە داستىخانغا چۈشۈپ كەتتى، چاي تۆكۈلدى.

— نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان قىز بۇ؟! — بولۇنبەگنىڭ سېمىز بويىنى قىزىرىپ، يۈزى تارتىشىپ كەتتى.

— مەن چاينى ئۆيۈمدە ئىچىمەن ! — دېدى ۋارقىراپ ئايتىمىش، — بۇ يەردە ئىچمەيمەن !

بوزاغۇ ئاتىسىنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن ئايتىمىشنىڭ قېشىغا كەلدى.

— چاينى مەشەدە ئىچىدىلا ئايتىمىش خان قىز، بۇ ئۆيدىن ھەرگىز كېتەلمەيدىلا، مەن سىلىنى كەتمەس قىلىۋېتىمەن، — بوزاغۇ ئۇنى كۆتۈرۈپ داستىخان يېنىغا ئولتۇرغۇزماقچى بولدى.

پۈتۈن ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ كەتكەن ئايتىمىش ئۇنىڭ يۈزىگە ئىككى كاچات ئۇردى، تېپىچەكلەپ يۇلقۇنۇپ، زادى بوي بەرمىدى.

— ئامبۇردەك قوللىرىڭدا مەجبۇرەت بۇ شۇمنى ! بۇگۈن تاماق يېمىسە ئەتە يەيدۇ، ئەتە يېمىسە ئۆگۈنلۈككە يەيدۇ ! تاماق يېمەي

بۇ ئۆيدىن كېتەلمەيدۇ. ماڭ، ئېلىپ چىقىپ ئىچكىرىكى ئۆينىڭ قازنىقىغا سولاپ قوي ! — بولۇنبەگ ئاچچىقتىن تىترەپ ئۆز خانىسىغا چىقىپ كەتتى.

بوزاغۇ توشقان ئالغان قارچىغىدەك، قىزنى قامالاپ كۆتۈرۈپ يان تەرەپتىكى ئىچكىرى ئۆينىڭ قازنىقىغا سولاپ قويۇپ چىقتى. ئايتىمىش پەرياد چېكىپ قالدى.

— سولاپ قويدۇڭمۇ؟ — سورىدى بولۇنبەگ.

— ھەئە، قۇلۇپلاپ قويدۇم.

— گەپ قىلمىدىمۇ؟ — بولۇنبەگ ياستۇققا يانپاشلىدى.

— كېتىمەن، دەپ قاقشاپ قالدى، — بوزاغۇ ئاتىسىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى.

— تەقسىرىم، — دېدى چوغدان بىلەن چىلىمنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئايبانۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، — ئوغلۇمنى بۇ قىزغا قوشۇپ قويمىساق ئىش تېرىيدىغاندەك تۇرىدۇ، جۇمۇ.

— قانداق قوشۇپ قويىمىز؟ — بولۇنبەگ ئولتۇرۇپ چىلىمنى قولىغا ئالدى.

— قانداق قوشۇپ قوياتتۇق، ئىچكىرىكى ئۆيدە بوزاغۇ بىلەن ياتسۇن.

— بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا ئوغلىمىز چالما - كېسەك قىلىنىشتىن ساقلىنالمايدۇ. ئويلاپ باشقىراق ئامالىنى قىلىش كېرەك، — بولۇنبەگ چىلىمغا يېلىنجاپ تۇرغان چوغنى سالدى.

— قانداق ئامال بار؟

بولۇنبەگ بارماقتەك نەشىنى يىمىرىپ قىپقىزىل چوغ ئۈستىگە قويۇپ، خورقىرىتىپ ئىچىگە تارتىۋىدى، نەشە كۆيۈپ ئوت ئالدى. قىزىلگۈل ياپرىقىدەك ئوتىنىڭ تىلى گاھ ئۆزىراپ، گاھ قىسقىراپ چىرايلىق كۆيۈشكە باشلىدى. ئۆي ئىچى نەشىنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقىغا تولدى.

ئايبانۇ قېنىق دەملەنگەن زەپە سالغان چايدىن كۈمۈش جامغا قۇيۇپ ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— نەگە بارىسىلە خوتۇن؟
— چىكىپ بولغاندا كىرەي.
— ئولتۇرۇڭلا، گىپىمنى ئاڭلاپ ئاندىن چىقىڭلا، — بولۇنبەگ خوتۇننى ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئايبانۇ ئولتۇردى.
— قىزىم قۇمارى بىلەن ئىككىڭلار ئىچكىرى ئۆيدە ئۇ مەرەزنى ساقلاپ بىرنەچچە كۈن يېتىپ تۇرۇڭلار، ھەرقانداق توسۇن تايمۇ ئادەمنى مىندۇرۇشكە كۆنىدۇ. بۇ تېخى ئانىسىنىڭ سۈتى ئاغزىدا پۇراپ تۇرغان قوزا، ھامان كۆنىدۇ. كۆڭگەندىن كېيىن، ئوغلۇمنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئەپقېچىپ كەلگىنىنى جامائەتكە ئاشكارىلايمەن. رەيھانىدىنبەگكىمۇ ئۆزۈم دەيمەن. قىز ئەپقېچىش ئەر يىگىت ئۈچۈن ئەيىب ئەمەس. بىراق، شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، مەن ئاشكارا قىلمىغۇچە ئاغزىڭلاردىن چىقىرىپ سالماڭلار. ئوغلۇم، سەنمۇ ئۇ قىزنى ئەقىچىشقا بىللە بارغان ئاغىنىلىرىڭگە تاپىلاپ قوي، ھېچكىمگە تىنمىسۇن.
— ماقۇل ئابا، ئەتە ئەتىگەندىلا تاپىلاپ قويىمەن.
بوزاغۇ ئانىسى بىلەن چىقىپ كەتتى. بولۇنبەگ چىلىمنى خورقىرىتىپ، قىزىل تىللىرىنى سوزۇپ كۆيگەن نەشىدىن ھۇزۇرلىنىشقا باشلىدى.
ئايتەمىش ئەتىسىمۇ تاماق يېمىدى، قازناقتىن چىققىلى ئۇنىماي يىغلاپلا كۈننى كەچ قىلدى. بولۇنبەگ، ئايبانۇلار كىرىپ قىلمىغان چىرايلىق گېپى قالمىدى. ئۇلارنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى بىلگەن ئايتەمىش ئۆيگە كېتىش تەلىپىدە چىڭ تۇردى.
— بۇنداق كاجلىق قىلساڭ ئۆيۈڭگە ھەرگىز كېتەلمەيسەن. مۇلايىملىق بىلەن دېگىنىمگە ماقۇل بولساڭ، بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئىززىتىڭنى قىلىمىز، ئاتا - ئاناڭ بىلەن كۆرۈشتۇرىمىز، — دېدى بولۇنبەگ.

ئايتمىش جاۋاب بەرمەي تامدىن كۆزىنى ئالمىدى.
— گەپ قىل! — بولۇنبەگ ئۇنى تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى.
— مەن ئۆز ئۆيۈمگە كېتىمەن، ھەرگىز سىلەرنىڭ دېگىنىڭلاردەك بولمايدۇ، — ئايتمىشنىڭ جاۋابى بولۇنبەگنى ئاچچىقلاندۇردى.
— ئۇنداق بولسا بىرنەرسە يېمەي ئۆلگىنىڭنى كۆرەي.
بولۇنبەگ ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەنچە قايتا يېنىپ كىرمىدى.

## 2

ئۆگۈنى ئايتمىش بەكلا ھالسىزلىنىپ قالدى، قاراڭغۇ قازناقتا خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاپلا ئولتۇردى. قۇمارى، ئايىبانۇلار ئېلىپ كىرگەن تاماق، ئانار شەربىتىگە قول ئۇزارتىپمۇ قويمىدى. ئۇ ئۆز ئۆيىگە بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن دىدار كۆرۈشمىگۈچە تاماق يېمەسلىك ئىرادىسىگە كەلگەنىدى.
كەچقۇرۇن ئوردىدىن قايتقان بولۇنبەگ بىشەكشېرىنىنى پىچىپ كاسا قىلىپ، ئايتمىشنىڭ يېنىغا كىردى.
— قىزىم، ئۇسسىغانىلا، تاماق يېمىسىلىمۇ، بۇ قوغۇندىن ئىككى كېسىم يېسىلە، جانلىرىغا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، — دېدى سىلىق سۆزلەپ.
— يېمەيمەن، ئۆيۈمگە كېتىمەن!
ئايتمىشنىڭ چىرقىراق ئۇنى شاپىلاق بىلەن ئۇرغاندەك بىلىنىپ، بولۇنبەگنىڭ جۇدىنى تۇتتى.
— خەير، ئاتاڭنىڭ يۈزىنى قىلسام بىلمىدىڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ. بۈگۈن كېچە ئوغلۇم بوزاغۇ ساڭا ھەمراھ بولۇپ تاماقمۇ يېگۈزىدۇ، يىغلىتىدۇ، كۈلدۈرىدۇ. بۇنى كاج پەيلىڭدىن كۆر، بەتبەخت!
بولۇنبەگ ئاچچىقىدا قوغۇننى يەرگە ئاتتى، ھويلىغا چىقىپ،

دېدەكلەرگە شام ـ چىراغلارنى يورۇتۇۋېتىشنى بۇيرۇدى. گۈللۈكنى بويلاپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى.

ئايبانۇ ئىرغاڭلاپ چىقىپ دېدەكلەرگە بۇيرۇپ پېشايۋانغا داستىخان سالدۇردى. شۇ چاغدا بۇزاغۇ ئىشىكتىن ئاتلىق كىرىپ كەلدى. ئاتىسىنى كۆرۈپ ئاتتىن ئىتتىك چۈشتى ـ دە، تىزگىنىنى ئات باقارغا تۇتقۇزدى.

ــ كەلدىڭمۇ؟ ــ بولۇنبەگ بوزاغۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ــ بۈگۈن كېچە ئىچكىرى ئۆيدە يېتىپ ئۇ كاساپەتكە تاماق يېگۈز، چاي ئىچۈر، ئەتە بىرنېمە دېسەك ماقۇل دەيدىغان بولۇپ قويسۇن، ئۇقتۇڭمۇ؟

ــ ئۇقتۇم ئابا، تۈنۈگۈنلا شۇنداق قىلىشىم كېرەك ئىدى.

ــ بۈگۈنمۇ كېچىكىپ قالمايسەن، ــ بولۇنبەگ بوزاغۇنىڭ قولىدىن تارتىپ پېشايۋان سۇپىسىدا يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، ــ ماڭا قارا، بۈگۈن بۇغرا قاراخان ساڭا گەپ قىلدىمۇ؟

ــ گەپ قىلدى، ئابا، ــ بوزاغۇ خۇش ياقمىغاندەك جاۋاب بېرىپ دېدى، ــ كۈندە مۇشۇ بىر سوئالنى سوراۋېرىسەنغۇ.

ــ سوراپ تۇرسام يامان بولامدىكەن، ئېيت، نېمە دېدى؟

ــ ئاتاڭ تويۇڭنى قىلمامدىكەن، دېدى، ــ دەپ ھەييارلىق بىلەن كۈلدى بوزاغۇ.

ــ يالغان سۆزلىمە.

ــ راست شۇنداق دېدى، ــ بوزاغۇ يەنە يالغان ئېيتتى.

ــ سېنى ئىشقا بۇيرۇمىدىمۇ؟

ــ بۇيرۇدى، ئاتا.

ــ نېمە ئىشقا بۇيرۇدى؟

ــ ئاق تۇلپارىمنى ئەكېلىپ بەرگىن دېۋىدى، ئەكېلىپ بەردىم.

ــ نەگە بارىدىكەن؟

ــ دەريا بويىغا.

ــ سەن بىللە بارىدىغمۇ؟

— جاندارلار باشلىقى تۇرسام، بىللە بارمامدىمەن.
ئەجەب مەن يۇغرۇش باشى تۇرۇقلۇق بۇنى بىلمەپتىمىنا، — بوزاغۇ دۇدۇقلاپ يەرگە قارىۋالدى.
— ئوغلۇم، تامامەن يالغان سۆزلىدىڭ. بۇلارنى سورىشىمدىكى غەرەز: بۇغرا قاراخانغا قانچىلىك يېقىنلاشقىنىڭنى بىلىپ بېقىش. بۇغرا قاراخانغا قانچە يېقىن تۇرساڭ، ئۇ سەندىن قانچە كۆپ گەپ سورىسا، سېنى ئىشقا دائىم بۇيرۇپ تۇرسا، ھۆرمىتىڭ شۇنچە ئۇستۈن، ھوقۇقۇڭ شۇنچە چوڭ بولىدۇ، بۇنى ئېچىڭدىن چىقارما. بارلىق چارە ـ ئامالارنى ئىشقا سېلىپ بۇغرا قاراخانغا تېخىمۇ يېقىنلاش. ئۇر دېسە چاپ، چاپ دېسە بېشىنى كەس! ئىشەنچىگە چوقۇم ئېرىش!
— باش ئۇستىگە، ئاتا، دېگەنلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن، — ۋەدە بەردى بوزاغۇ.
بىر دېدەك قىز ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى. خىزمەتكارلار كۆتۈرۈپ چىققان ئاش، يەل ـ يېمىش، تاۋۇز ـ قوغۇنلار داستىخانغا قويۇلدى. بولۇنبەگ پولۇغا بېسىلغان ئۇلار گۆشىنى پارچىلاۋاتقاندا، ئىشىك قاتتىق قېقىلدى.
— بۇ كەچتە كەلگەن كىمدۇ؟ — بولۇنبەگ بېشىنى سىگار يان قىلىپ دېرىزىدىن ھويلىغا كۆز سالدى. ئۆزىنىڭ خاس نۆكىرى چاۋاربەگ خىزمەتكارلار بىلەن پېشايۋاندا تاماق يەۋاتاتتى. يەتتە ـ سەككىز كۈنلۈك ئاي ھويلا تېمىنىڭ ئۇستىدە تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئىزغىرىن شامالدا ئەرمۇدۇن دەرىخى يېنىك ئىرغاڭشىپ شىرىلدىغان ئاۋاز چىقىراتتى. پاقا كوركىراۋاتاتتى. ئىشىك يەنە قېقىلدى. بولۇنبەگ توۋلىدى، — ھاي چاۋار، ئاڭلىمىدىڭمۇ، چىقىپ قاراپ باق، كىم ئىكەن، بەگلەردىن بولمىسىلا، مېنى يوق دەپ قويغىن.
بوزاغۇنىڭ يۈرىكى ئاغدى، قوپۇپ ئولتۇردى، يەنە قوپتى، جايىدا ئولتۇرالمايلا قالدى.
— نېمە بولدۇڭ بالام؟ ئولتۇرۇپ ئاشنى يە، بەك ئوخشاپتۇ، —

ئايبانۇ هويلىغا قاراپ نېمە ئۈچۈندۇر بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقان بوزاغۇنى تاماق يېيىشكە دەۋەت قىلدى.

بولۇنبەگ ئۇلارنىڭ مەي بولۇپ پىشقان گۆشىدىن قوشۇپ، ئالىقىنىغا تولدۇرۇپ ئالغان ئاشنى ئاغزىغا سالدى. ھۇزۇرلىنىپ چايناپ يۇتۇۋاتاتتى، ھۆمۈدەپ دېرىزە ئالدىغا كەلگەن چاۋاربەگ بېشىنى ئېگىپ:

— ۋەزىر ئەزەم، ئىشىك ئالدىغا تولۇملۇغ ئادەملەر يىغىپ كېتىپتۇ. ھەممىسىنىڭ قولىدا ئوتقاش، ھەزرەتلىرىگە گېپى بار ئوخشايدۇ، — دېدى. ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— يۇگۇر، يۇغرۇش باشى ئەزىز دەرگاھىدىن كەلمەپتۇ، دەپ ئېيت، — ئىچىگە قورقۇنچ چۈشكەن بولۇنبەگ ئاش يەۋاتقان بوزاغۇغا ئالىيىپ قويدى. «كىملەردۇ ئۇ؟ تايىنلىق رەيھاندىنبەگنىڭ ئادەملىرى بولسا كېرەك. ئوغلۇم ھېچكىمگە تىنمىدىم دەۋاتاتتى، قانداق ئۇققاندۇ؟ قايتىپ كەتسە بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى. ئەتە ئۆزۈم بېرىپ، ئەپۇ سوراپ، قولدا چۈشۈپ كېلىمەن. ئەگەر قايتىپ كېتىشمىسە...» ئۇنىڭ خىيالى تۈگىمەي ئوتقاش كۆتۈرگەن بىر توپ ئادەم ھويلىغا بېسىپ كىردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭ لىباسى كىيىشكەن يىگىتلەر ئىدى. ئاشانبۇقا بېشىغا ئورىغان سەللىسى، ئۇزۇن ساقىلى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا بوياتقار بىلەن ئۇدمىش بىر قولىدا ئوتقاش كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ پېشايۋان ئالدىغا كەلدى ۋە قىيا ئوچۇق دېرىزىدىن بولۇنبەگ بىلەن بوزاغۇنى كۆرۈپ قېلىشتى.

— يۇغرۇش باشى جانابلىرى، بار ئىكەنسىز، مېھمان بولۇپ كەلدۇق، ئالدىمىزغا چىقىشقىمۇ جۈرئىتىڭىز يوقمۇ؟ — دېدى ئاشانبۇقا مەسخىرە قىلغان ھالدا، — چاپسانراق چىقىڭ،

بولمىسا ئۆيگە كىرىۋېرىمىز، بىر تارتىنمايدىغان مېھمانلار.

— يۇغرۇش باشى چىقسۇن! جاندار باشى چىقسۇن! — دەپ تووۋلاشتى ئاشانبۇقىنىڭ كەينىدە تۇرۇشقان يىگىتلەر. ئۇدمىش بىلەن بويانقار قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغىرىشتى.

— بۇلاڭچى چىقسۇن! ئايتمىشبىكەنى تاپشۇرسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى ئادار. بولۇنبەگ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۆينىڭ بولۇڭىدا ئولتۇرۇۋالغان ئوغلىغا بىر قارىۋېتىپ ھويلىغا ئاستا چىقتى ۋە ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— كېلىڭلار، كېلىڭلار ئالىپ يىگىتلەر، يورۇقتىراق كەلمەي كېچىدە كېلىپ، مېنى ھودۇقتۇرۇپ قويدۇڭلار. قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، چىرايلىقچە سۆزلىشەيلى.

— خۇپسەنلىك قىلماڭ يۇغرۇش باشى جانابلىرى، بىز ئوغلىڭىزنىڭ ئاغىچى ئۇلۇغنىڭ قىزىنى بۇلاپ كەتكىنىنى بايراق بىلدۇق. بۇ يەردە سۆزلىشىدىغان ئىش يوق، خان قىزنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدۇق، — دېدى ئۇدمىش.

ئاشانبۇقا باشچىلىقىدىكى بۇ يىگىتلەر رەيھانىدىن، ئادامتوغرۇل، شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا داموللا جەمەتىدىكىلەر ئىدى. بۇنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغان بولۇنبەگ يالغاندىن كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— ھەرقايسىڭلار ھويلىغا كىرگەندىلا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكلارنى بىلىپ خىجىلچىلىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. ئەته ئەتىگەندە خان قىزنى ئېلىپ بېرىپ ئاغىچى ئۇلۇغى جانابلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئەپۇ سوراپ كەلمەكچىدىم. بەك بىخەستەلىك قىپتىمەن، بۇگۇن ئەتىگەندىلا بېرىشىم زۆرۈر ئىدى. ھەرقايسىلىرى كېلىپ ئوسال بولدۇم، — بولۇنبەگ يىغلامسىراپ كۆپچىلىككە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئوغلۇم بەڭباشلىق قىلىپ قويۇپتۇ، قاتتىق خاپا بولدۇم، قامچا بىلەن ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇردۇم. «مەن ئايتمىش قىزغا ئاشىق.

ئۇنى بىر كۆرۈۋالاي دەپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ دەريا بويىغا بارسام، قىزلار بىلەن ئات چېپىشىۋېتىپتىكەن، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالماي ئەيقىچىپ كەلدىم» دەپ قار- يامغۇر يىغلاپ تۇرۇۋالدى. بالا ئىد- كەن، ئۆلتۈرۈۋېتىشىنىڭ ئورنى بولمىدى، خان قىزنى بالىنىڭ ئانىسىغا تاپشۇردۇم. قورقۇپ كېتىپتىكەن، ئەسلىگە كېلىۋال- سۇن، دەپ ۋاقتىدا ئاپىرىپ بېرەلمىدىم. خاپا بولۇشمىسىلا، كې- لىشىلە. ئوغلاق گۆشىدە كاۋاپ قىلدۇرۇپ بېرەي.

قورقۇپ كەتكەن بولۇنبەگ راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ، كەينى - كەينىدىن كەچۈرۈم سوراپ ياغلىما گەپلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— خان قىزنى ئېلىپ كېتىمىز !

— خان قىزغا زىيان - زەخمەت يەتكەن بولسا، بۇلاڭچىنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويىمىز ! — دەپ چوقان سالدى يىگىتلەر.

ئالاقزەدە بولغان بولۇنبەگ ئىچكىرى ئۆيگە ئالدىراپ كىردى. ئۇنىڭ خوتۇن - چۆرىلىرى، قول - دېدەكلىرى مۆكۈنۇۋېلىشقانىدى. ئايبانۇ قازناقنى ئاچتى.

— خان قىزىم يۇرسىلە، سىلىنى ئاتا - ئانىلىرى يېنىغا ئېلىپ كەتكىلى كىشى كەپتۇ.

بولۇنبەگنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆز چىقىش بىلەن تەڭ ئايتىمىش ئورنىدىن قوپتى، سەنتۈرۈلۈپ مېڭىپ قازناقتىن چىقتى.

— ئوغلۇم، سەن قازناقتا تۇرۇپ تۇرغىن، رەيھانىدىنبەگنىڭ ئادەملىرىنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، — دېدى بولۇنبەگ بوزاغۇنى قازناققا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ.

ئايتىمىش ھويلىغا چىقىپ ئاشانبۇقا، ئۇدمىش، بويانقار، ئادارلارنى كۆردى. ئاشانبۇقا قىزنى ئاتقا مىندۈردى، تىزگىنىنى ئۆزى تۇتۇپ ئىشىكتىن چىقتى.

بولۇنبەگ قىزنى ئارىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان ئادەملەر توپى كۆزدىن يوقالغۇچە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قاراپ تۇردى.

# 3

بىرقانچە كۈندىن بۇيان پەرىشان، ئويچان بولۇپ قالغان يۈسۈپ ئاچىسىنىڭ تېپىلغانلىقىدىن شۇنداق خۇش بولدىكى، نەچچە كۈنگىچە ئىللىق چېھرىدىن كۈلكە كەتمىدى. ئۇ قارىيخانىغا بارىدىغان ئەتىگەنلىكىمۇ، يانغان كەچقۇرۇنلۇقىمۇ ئايتىمىشنىڭ يېنىغا كىرمەي قويمايتتى. شوخ ـ ئەركە ئارچۇنغا تاشقىرىغا يالغۇز چىقماسلىق توغرىسىدا جېكىلەپ تۇراتتى. ئۇ گويا قىزلارنىڭ ئۆكىسى ئەمەس، ئاكىسىدەك، ئۆزىنى شۇنداق تۇتىدىغان بولۇپ قالدى.

ئايتىمىش بىر ئايغىچە ئۆزىگە كېلەلمىدى. كېچىسى چۆشەكەپ جۆيلۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. كۈندۈزى ئۆيدىن چىقماي كىتاب ئوقۇيتتى. «بوزاغۇ ئەپىقاچقان» دېگەن بەتنام ئۇنىڭ نازۇك قەلبىگە داغ چۈشۈرگەنىدى، شۇنى ئويلىسىلا بەدىنى تىكەنلىشەتتى. يابىرا قىزىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ھالىتىدىن، سۆز ـ ھەرىكىتىدىن بىلىپ چىدىماي يىغلاپ كېتەتتى، سائەتلەپ يېنىدا ئولتۇرۇپ روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى. پارسچە ئۆگىنىشكە ياردەم قىلاتتى، ھېكايە، چۆچەك ئېيتىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى، ئايتىمىش يەنىلا يامغۇردا قالغان گۈلدەك ئېچىلمايۋاتاتتى. رەيھانىدىنمۇ كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى، قىزىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن جەمەتىگە داغ تەگكۈزگەن بوزاغۇدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەنىدى. ئۇ بولۇنبەگ كەلگەن شۇ ئەتىگىنى:

— يۇغرۇش جانابلىرى، بولدى، كۆڭۈل ئېيتماي قويۇڭ. ئۇنداق بولاپ كەتمەي، ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىڭىز، ماقۇل بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى. ئەمدى ماقۇل بولالمايمەن، ئارتۇقچە گەپ قىلىش ھاجەتسىز، ئوغلىڭىز قىزىمغا لايىق ئەمەس، — دەپ يولغا سېلىپ قويغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئولتۇرسا ـ قوپسا

قىزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى توغرىسىدا كۆپرەك باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. كېچىسى قورۇغا قارايدىغان قاراۋۇللارنى كۆپەيتتى. قىزتۇرمىشنى ئىككى قىزىنىڭ يېنىدىن ئايرىمايدىغان بولدى.

بىر ئاي ئەنە شۇنداق ئۆتتى. ئاق لىباسىنى يېپىنىپ قىش كىردى. يۇسۇپنىڭ ئوقۇشى كۇنسېرى چوڭقۇرلاشتى. ماڭسا - تۇرسا كىتاب ئوقۇيتتى، ئاچىلىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ دەرس تەكرارلايتتى، ئەتىگەن - كەچلەردە باغقا ئاچىلىرى بىلەن كىرىپ قىلىچۋازلىق - نەيزىۋازلىقنى مەشىق قىلاتتى، ئەرەبچە سۆزلىشەتتى.

رەيھاندىن بۇگۇن ئەتىگەن ئوردىغا كېلىپ ئاغىچى ئۇلۇغى خانىسىدىكى جايىغا ئولتۇرۇشىغا قاپۇغچى باشى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى:

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى ئۆزلىرىنى چاقىرىۋاتىدۇ، ئىتتىك بولسىلا.

دوقاقبەگنىڭ سالامىلاشمايلا خاقانىنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشىدىن، مۇھىم بىر ئىش توغرىسىدا مەسلىھەتمنى ئالماقچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان رەيھاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

مەنسۇر بۇغرا قاراخان تەختكە يۆلىنىپ يانتۇ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئالىيلىرى، ئەزىز دەرگاھلىرىغا كېلىپ، ھەزرەتلىرى بىلەن دىدار مۇلاقات بولغىنىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇشالمەن، — رەيھاندىن ئوردا ئادىتى بويىچە تىزلىنىپ يەر ئۆپتى.

— مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ ئاغىچى ئۇلۇغى، — مەنسۇرخان بىرىلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈك سالغان قولى بىلەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى. چىقىپ كېتىڭ دېگەن مەنىدە يەنە شۇ قولىنى شىلتىپ قويدى. رەيھاندىن ئولتۇرۇشىغا دوقاقبەگ چىقىپ كەتتى.

— رەيھانىدىنبەگ، ئارغۇن جاالالىدىن ئاغىچى ئۇلۇغى بولغان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى بۇزۇپ ـ چاچقانلىقى، ئىلكىمىزدىكى جايلاردىن ئەۋەتىلگەن باج ـ سېلىق، تارتۇق ـ سوۋغاتلارنى كەم مەلۇم قىلىپ خىيانەت قىلغانلىقى توغرۇلۇق يازغان مەلۇماتىڭىزنى كۆرۈپ چىقتىم. ئون تۈمەن سەر ئالتۇن قىممىتىدىكى بايلىقنىڭ خەزىنىمىزدىن كەملەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى دەلىللەر تولۇق ئىكەن. سىز خالىسلىق بىلەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئادىللىق بىلەن خۇلاسە چىقىرىپسىز، بارىكالالا سىزگە، — دېدى مەنسۇرخان ئالدىرىماي سۆزلەپ.

— ئالىيلىرىغا رەھمەت، — رەيھانىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— بۇ ئاچ كۆز نائىنسابقا دارغا ئېسىش جازاسىمۇ يېنىكلىك قىلىدۇ. سىزنىڭچە قانداق جازا بەرسەك بولار؟ — مەنسۇرخان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— خاقانىم، ئاچ كۆزلۈك ئادەمنى باغرى تاش، تەمەخور قىلىۋېتىدۇ. تەمەخور ئادەم پۇل ـ مالنى دەپ پادىشاھتىنمۇ، خەلقتىنمۇ، دوستىدىنمۇ يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلىدۇ. خۇشامەت قىلىش — ئاچ كۆزلەرنىڭ ئادىتى، خىيانەت قىلىش — ئۇلارنىڭ كارامىتى، تەمەخورلۇق — تەبىئىتى. ئارغۇن جاالالىدىن مانا شۇنداق ئادەم. ئۇنى ئاۋام ئالدىدا ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىپ، ئوڭ قولىنى جەينەكتىن، سول پۇتىنى تىزىدىن كېسىپ تاشلاپ، ئاستانىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىش لازىم. پۈتۈن ئادەم بۇ مەلئۇندىن ئىبرەت ئالغاي !

مەنسۇرخان قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. رەيھانىدىن تۇرۇپ قالدى.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق جازا بەرسەك ھەق بولاتتى. ئەمما، ئارغۇن جاالالىدىن ئۇزاق يىللاردىن بېرى ماڭا ساداقەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئالىپلاردىن. ھېسابات ئىشلىرىنى بىلمىگەنلىكى، خىزمىتىگە سەل قارىغانلىقى تۈپەيلىدىن شۇنچە

كۆپ بايلىقنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىگە يول قويغان. شۇنداق بىر ئىقتىدارسىز ئادەمنى مۇھىم خىزمەتكە قويغانلىقىمنى مەندىن ئۆتكەن سەۋەبلىك دېسەم، بۇ توغرا چىقىرىلغان خۇلاسە بولىدۇ. خەيرىيەت، ئۇنى بۇ كاتتا ئەمەلدىن قالدۇرغىنىم ئارغۇن جالالىدىنغا بېرىلگەن جازا. ئۇ يەنە ئىدىشچى باشى بولسۇن. ئۆزى كۆچتۈڭگۈر، ھەزىلكەش ئادەم، ھەم مېنى قوغدىيالايدۇ، ھەم خۇش قىلالايدۇ. ئۇ قارلۇق ۋە چىگىل ئەمەس، باسمىل. بۇ ھەقتىكى گەپنى مۇشۇ يەردە تامام قىلايلى. سۆزىمىز ئەلگە يېيىلىپ كەتمىسۇن. ئەگەر ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلىماي يەنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدىكەن، سىز دېگەندىنمۇ ئېغىرراق جازاغا تارتىلىدۇ.

مەنسۇرخان كۈلۈپ تۇرۇپ ئارغۇن جالالىدىن توغرىسىدىكى گەپنى تۈگەتتى. چۈنكى، بۇزۇپ - چېچىلغان، خىيانەت قىلىنغان ئون تۈمەن سەر ئالتۇن قىممىتىدىكى بايلىقنىڭ يېرىمى مەنسۇرخاننىڭ چۆنتىكىگە چۈشكەنىدى.

شۇنداق بولۇشىنى كۆڭلى تۇيغان رەيھانىدىن خاننىڭ قارارىدىن ئەجەبلىنىپ كەتمىدى، خان ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئارغۇن جالالىدىننى قانات ئاستىغا ئالدى. زىيانلىق قىلمىشتى يوشۇرۇش زالىملارنىڭ تەبىئىتىدۇر. ئەلنىڭ قىلچە غېمىنى يېمەيدىغان بۇنداق پادىشاھتىن ھەر بالا كېلىدۇ. بۇ رەيھانىدىننى چۆچۈتتى. ئۇ يۇسۇپ قادىرخاننىڭ «ئوردىدىن ئايرىلماڭ» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— ئالىيلىرى دانا، ئەلگە پايدىلىق ھۆكۈم چىقىرىش ئۆزلىرىنىڭ شان - شەرىپىدۇر، — دېدى.

— سىزنىڭ مېنى قوللايدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەرمۇ قارارىمنى بىردەك قوللاشتى. ئەمدى ئىككىنچى گەپكە — سىزنىڭ قىزىڭىز توغرىسىدىكى گەپكە كېلەيلى.

رەيھانىدىن سەگەكلەشتى، نېمە دەيدىكىن دەپ سىلىنغان بېشىنى كۆتۈرۈپ خاقانغا قارىدى. ئۇ چوغدەك قىزىل گۆھەر

قادالغان ئالتۇن تاجنى چۆكۈرۈپ كىيگەن هالدا تەخت ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇراتتى. تۇرقىدىن مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، قىلغىنىم قىلغان، دېگەن مەنە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— بولۇنبەگنىڭ ئوغلى ئالىپ بوزاغۇ جاندارلىرىمىنىڭ باشى، ماڭا چەكسىز سادىق، غەيۇر يىگىت. ئۇ سىزنىڭ قىزىڭىزغا ئاشىق ئىكەن.

— ئاشىق ئىكەنلىكى يالغان، ئالىيلىرى، — رەيھانىدىن خاقاننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئۇ مەرھۇم ئەھمەد تۇغانخان جەڭگاھتىن قايتىپ كەلگەندە، چوڭ قىزىمغا سۆز ئېچىپ باققان، ئاتىسى ئائىلىمىزگە ئەلچىمۇ ئەۋەتكەن. چوڭ قىزىمنىڭ تويى بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئىككىنچى قىزىمغا قىزىقتى. ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ قىزىممۇ باشقا بىر يىگىتكە ياتلىق بولدى.

— ھە، ھېلىقى سىز ھۆر قىلىۋەتكەن قۇلغىمۇ؟

— شۇنداق ئالىيلىرى، — رەيھانىدىن ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى، — ئۇ قۇل ئەمەس، ئاللا نەزىرىدىكى مەرد يىگىت، ئەركىن ئادەم!

— بىلدىم، ئەمدى ئالىپ بوزاغۇنىڭ ئۈچىنچى قىزىڭىزغا كۆزى چۈشۈپتۇ.

— بۇ ماڭا مەلۇم. بوزاغۇ يامان نىيەتتە نامەردلىك قىلىپ، دەريا بويىدا ئات مىنىپ ئويناۋاتقان بۇ نارەسىدە قىزىمنى بۇلاپ كەتكەندى.

— قىز ئەپقېچىش بار گەپقۇ، رەيھانىدىنبەگ.

— ياق، بۇ ئادەتتىكى ئەپقېچىش ئەمەس، كۈچ كۆرسىتىپ، پېقىرنى نائىلاج ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن قىلىنغان سۇيىقەست، ئالىيلىرى. مەن قىزىمنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، بولۇنبەگكە ئېنىق جاۋاب بەرگەنىدىم.

— خەۋىرىم بار. بوزاغۇغا قىزىڭىزنى ياتلىق قىلغۇڭىز زادى يوقمۇ؟

— يوق، ئالىيلىرى، — كېسىپ ئېيتتى رەيھاندىن.
— مەن ئەلچى بولۇپ سورىسامچۇ؟
— قىزىمنى بەختسىز قىلىپ قويالمايمەن، ئالىيلىرى. پېقىرنى كەچۈرگەيلا.

مەنسۇرخان ئولتۇرۇك دېگەن مەنىدە قول ئىشارىتى قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىش بىلەن رەيھاندىننى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرغۇسى يوق ئىدى.

— بولدى، بۇ گەپمۇ مۇشۇ يەردە قالسۇن، ئەمدى يەنە بىر مۇھىم ئىش بار، — ئۇنىڭ چېقىر كۆزى قىسىلىپ، سارغۇچ ساقىلى تىكەنلەشتى، — مەن ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتىمەن، بۇ قارارىمغا ئەمدى قوشۇلىسىزغۇ دەيمەن.

— ئالالنىڭ كۆڭلۈمگە سېلىشى بىلەن، مەن بۇرۇنلا قوشۇلمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرگەنىدىم، ئالىيلىرى. يەنە نېمىشقا يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ قالدىلا؟

— مەن قۇدرەت تاپتىم، رەيھاندىنبەگ. غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقىدەك كۈچلۈك ئارقا تىرىكىم بار، ئەمدى يەنە نېمىدىن قورقۇپ يۈسۈپ قادىرخانغا يول قويىمەن؟ ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بارغىنىم بارغان! سۇباشىلارغا يارلىق چۈشۈردۈم، مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە ئۈچ تۇمەن لەشكەر سەپراس قىلىنىدۇ، بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەر قارلۇقلاردىن بىر تۇمەن لەشكەر ئاتلاندۇرماقچى. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئېلىكخانى — ئۆزكەنتتىكى ئىنىم مۇھەممەدخان بىر تۇمەن لەشكەر ئەۋەتمەكچى. جەمئىي بەش تۇمەن لەشكەر بىلەن ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ بارىمەن. قوشۇلمىسىڭىز مەيلى، ئاغىچى ئۇلۇغى جانابلىرى.

رەيھاندىننىڭ بېشىغا ئاغرىق كىرىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپ، بويۇن - بېشىنى تەر باستى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ، بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ دېدى:

— خاقانىم، ئالىيلىرىنىڭ قارارىغا قوشۇلماي ھەددىم ئەمەس. مەن ئالدىراڭغۇلۇق قىلىنىپ، ئۆزلىرىگە زىيان - زەخمەت يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

— بۇ قارارىمغا قوشۇلدىڭىزمۇ زادى؟

— قوشۇلدۇم، ئالىيلىرى.

— سىز قوشۇلىسىڭىزلا، قوزئوردۇ، بارسغان، يەتتەسۇ دىيارىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ قوشۇلىدۇ، رەيھانىدىنبەگ. قېرىنداش تۇرۇپ بىر - بىرىمىزگە تىغ كۆتۈرەمدۇق، دەپ قارارىمغا بويسۇنمايدىغان قەبىلە چوڭلىرىنى سىزلا ئۇندەككە كەلتۈرەلەيسىز. بۇگۈندىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنى سىز ھەرىكەتكە كەلتۈرۈڭ. ئوردۇكەنتنى ئالغاندىن كېيىن، سىزنى يۇغرۇش باشى قىلىپ كۆتۈرىمەن.

مەنسۇرخان رازى بولغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ تەختتىن چۈشتى.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، خاقانىم. ئوردۇكەنتكە زادى قاچان يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ — رەيھانىدىن ۋاقىتنى ئېنىق بىلىۋېلىش ئۈچۈن سورىدى.

— خۇدا خالىسا قىش چىقىپ، گۈل - گىياھلار يەردىن باش كۆتۈرگەندە سىز بىلەن بىللە ئاتلىنىمەن.

مەنسۇرخان رەيھانىدىن بىلەن بۇغرا قاراخان سارىيىدىن چىقىپ، ھەرەم قەسرىگە كىرىپ كەتتى. رەيھانىدىن ئىشخانىسىغا كىرىپ، خاقان بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىنى بىرمۇبىر مۇلاھىزە قىلدى، قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تازا ئويلاندى. ئاندىن قېيىنئاتىسى شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا داموللىنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە بۇغرا قاراخاننىڭ قارارىنى سۆزلەپ بەردى. داموللا:

— بىرنەچچە يىلدىن بېرى تىنچ - ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەلنى يەنە يىغا باسىدىغان بوپتۇ، بالام. بۇ يۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولماسمۇ؟ — دېدى ئۇزۇن ساقىلىنى سىيپاپ.

بۇ سوئالنى ئادامتوغرۇلمۇ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بەزى ئاقساقاللىرىمۇ سورىدى. رەيھاندىن ئۇلار بىلەن ئەتراپلىق سۆزلىشىپ مەسلىھەتلەشتى. قانداق قىلىش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. كەچ كىرىپ كەتكەنىدى. بۇلۇتلۇق ئاسماندا يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. ئىزغىرىن شامال هويلىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى ئىرغاڭشىتىپ، ساپىقى قۇرۇپ قالغان غازاڭلارنى تۆكمەكتە ئىدى.

رەيھاندىن ئۆزىنىڭ يولىغا قاراپ ئايۋاندا ئولتۇرۇشقان ئاتا ـ ئانىسىغا سالام قىلدى، يابىرا كېلىپ تونىنى سالدۇرۇپ قولىغا سۇ بەردى، داستىخان سېلىپ تاماق ئېلىپ كەلدى. ئايتمىش بىلەن ئارچۇن ئاتىسىنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېيدى. يۇسۇپ بوۋىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى.

رەيھاندىن ئاتىسىغا بۇغرا قاراخانىنىڭ قارارىنى سۆزلەپ بەردى. بەگتۆمۈرمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا:

— بالام، بۇ يۇرۇشنى توسۇپ قالغىلى بولماسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇغرا قاراخاننى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرالمىدىم، ئاتا. ئۇ سۇباشى، يۇغرۇشلارغا يارلىق چۈشۈرۈپ بوپتۇ. ئۆزكەنتتىكى ئىنىسى مۇھەممەد ئېلىكخان بىلەنمۇ تىل بىرىكتۈرۈپ بوپتۇ. غەزنەۋىلەر پادىشاھى ياردەم بەرمەكچى بوپتۇ. مەنسۇرخان ئۆزىنى قالتىس ھېسابلاپ ئۈچۈشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ تىلىمىنىڭ ئۇچىدا قارارىغا قوشۇلغان بولدۇم، ئەمما كۆڭلۈمدە قانداق قىلىش توغرىسىدا مۇپەسسەل بىر پىلان تۈزۈپ قويدۇم. خۇدا بۇيرۇسا، مەنسۇرخانىنىڭ بۇ يۇرۇشى نەتىجىسىز، مەغلۇبىيەت بىلەن تاماملىنىدۇ.

— ئاللا تىلەكلىرىگە يەتكۈزسۇن، بالام، — دېدى بەگتۆمۈر چىن قەلبىدىن.

بوۋىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ ئولتۇرغان يۇسۇپ ئولتۇرۇپ كېتىپ، بىردىنلا:

— ئابا، بۇغرا قاراخان ئادەملەر بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىدىغان جەڭگە نېمىشقا ئامراق؟ — دەپ سورىدى.
— تېخىمۇ كەڭ زېمىننى ئىگىلەپ، ئاۋامغا بولغان زۇلۇمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئوغلۇم!
رەيھانىدىن ئۈچ كۈن پۇختا تەييارلىق قىلىپ، ئادار بىلەن يارۇقنى مەكتۇپ بىلەن تاڭ يورۇماستا قەشقەرگە يولغا سالدى. ئەتىسى ئادارنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن قىزتۇرمىش باغقا كىرىپ ئۆزاققىچە يىغلىدى.

## ئونىنچى باب

# نورۇزدا بولغان قوش توي

### 1

هىجرىيە 415 ـ يىلى[①]نىڭ كۆكلىمى خىلىلا كېچىكىپ كەلدى. بۇنىڭغا جۇدۇن ـ چاپقۇن كۆپرەك بولۇپ، كۈندە دېگۈدەك سىرىق قارنىڭ يېغىشى سەۋەب بولدى. سىرىق قار توختىسا بوران چىقىپ كوچا ـ كويلاردا قۇيۇنتاز پىرقىراپ، ئاسمان ـ زېمىننى چاڭ ـ توزان قاپلاپ كېتەتتى. قار ـ مۇزلارمۇ ئېرىپ بولالماي، ئەگىز سۇيى كېيىنرەك كەلگەچكە، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ كۆكىرىشىمۇ بىر ـ ئىككى ھەپتە ئارقىغا سۈرۈلدى. ئەمما، ئىسسىق ياقلارغا كەتكەن تۇرنا، غاز ـ ئۆردەكلەر ئۆز ۋاقتىدا كېلىپ، ئىسسىقكۆل، چۇ دەرياسىنىڭ بويلىرى ھەر خىل قۇشلارنىڭ نەغمە ـ ناۋاسى بىلەن جانلىنىپ كەتتى.

بەگتۆمۈر ئائىلىسىدە بالاۋېشىغا ئۇۋۋا سالغان قارلىغاچلار ۋىچىرلاپ ناۋا قىلغان نورۇز سەھىرىدە، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن يۇيۇنۇپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيىشتى. ئاتىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن، قويغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش، ساتىراشقا بىر تىللا، ئىككى نان بېرىپ سېكىلىكىنى ئالدۇرۇۋەتكەن يۇسۇپ نورۇز بايرىمىنى خۇشال كۈتۈۋالدى. ئۇ پاكىز يۇيۇنۇپ، قەشقەرنىڭ يۇڭ چەكمىنىدە تىكىلگەن شىم ـ پەشمەت ئۈستىگە يېشىل شايى تونىنى، بېشىغا بادام بۆكنى كىيدى. بېلىنى كۈمۈش

① مىلادىيە 1024 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

كەمەر بىلەن باغلاپ، خەنجەر ئاستى. ئايغىغا پۆپۈكسىز، نەپىس تىكىلگەن چورۇقنى ساپتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا بايۋەچچە يىگىت بولۇپ قالغانىدى. يوغان قارا كۆزلىرىدە چاقنىغان نۇر، ئاقۇچ قىزىل، سەل سوزۇنچاق يۈزىنى ئاپتاپتەك خۇش چىراي قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئادار، يارۇقلار بىلەن كۆل بويىدا قىلچۋازلىقنى مەشىق قىلىشقا كىرىشتى.

ئايتىمىش، ئارچۇن ئاچا ــ سىڭىل قىزتۇرمىش ۋە باشقا دىدەك قىزلار بىلەن هامامدىن چىقىپ، خاس ئۆيدە ياخشى دەزماللانغان يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشتى، چۇرقىرىشىپ خۇشال هويلىغا چىقىشتى، ئايتىمىش ئەسلىگە كېلىپ خىيالىلا ئېچىلىپ قالغانىدى. بۇ يىل ئون تۆتكە كىرىپ رەسىدە بولغان بۇ قىز تېخىمۇ بوي تارتىپ زىلۋالىشىپ ئۇياتچان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بېلىگە چۇشىدىغان بىنەپشە رەڭ هىلهىلە رومال بىلەن گۈزەل قامىتىنى يوشۇرغان هالدا كۆل بويىغا يېقىنلاشتى. ئارچۇن سەكرەپ ئويناپ كېلىۋاتاتتى. قىزتۇرمىش گۈللۈك رومىلىنى سەل قايرىپ، بويانقار بىلەن قىلچۋازلىق قىلىۋاتقان ئادارغا سىغىنىش نەزىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قەدەم باسماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆك ئاسماندەك تىنىق كۆزلىرىدىن زىبا بەستىگە سۆيگۈ چېقىنلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

يۇسۇپ قىلچىنى كۆل بويىدىكى ئارچا دەرىخىگە يۆلەپ قويۇپ ئاچىلىرىغا سالام بەردى، بىر ــ بىرىنىڭ نورۇز بايرىمىنى مۇبارەكلەشتى. ئايتىمىش بويلۇق، تۇرقىدىن كەم سۆز، ئېغىر ــ بېسىقلىقى بىلىنىپ تۇرغان يارۇقتا رومال ئىچىدىن قاراپ ئېغىر تىنىدى. نېمە ئۇچۇندۇر يىگىتنىڭ يۈرىكى سىلىپ، ۋۇجۇدى ئوت ئالغاندەك بولدى. ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن، دەپ قىزغا تىكىلىپ قارىمىدى. ئادار بولسا ئۆزىگە ئوخشاش قۇل ــ دىدەك قىزتۇرمىشقا ئاشىقانە نەزىرى بىلەن تىكىلدى. قىز كۆزىنى ئېلىپ قاچماي، يىگىتنىڭ باشتىن ــ ئايىغىغا سەپسېلىپ كۆڭلىنى بىلدۈردى.

ئادار بىلەن ياروۇق قەشقەردىن باش ئەتىيازدىلا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئىلىپ كەلگەن مەكتۇپتا: «رەيھانىدىنبەگ، يازغانلىرىڭىزدىن ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى چۈشەندىم. مەنسۇرخان ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، قوزئوردۇغا لەشكەر تارتىپ بېرىش قارارىغا كەلدىم. جىددىي تەييارلىق بىلەن بولۇۋاتىمەن. ئۇ ئاسىيغا ئەمدى يول قويمايمەن! مېنى قوللايدىغان ياغما، قارلۇق، چىگىل، ئوغراق، باسمىل قاتارلىق قەبىلە ئەھلىگە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويغايسىز...» دەپ يېزىلغانىدى. كۆڭلى تەسكىن تاپقان رەيھانىدىن بالاساغۇندىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن مەسلەكداش، ئىشەنچلىك باشلىقلىرىغا بۇ سالامنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇرخاننىڭ ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىشىغا قارشى بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر — رەيھانىدىنبەگ، شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا داموللا، چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل، ئۇلۇغ ھاجىپ مۇھەممەد بارسغانى، ھەرەمبېگى بەگتۇتۇق، چىگىل ئارسلانخانى ئىنالچۇق تېگىن، ۋەزىر ئىلتۆمۈر باشلىق ئابرۇيلۇق كىشىلەر يوشۇرۇن ھالدا ئۇيۇشۇۋاتاتتى. ئۇدىمىش، بويانقارلار ياشلار ئىچىدە كۈچ توپلاۋاتاتتى. بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغان مەنسۇرخان ئىنىسى مۇھەممەد ئىلىكخان ئەۋەتمەكچى بولغان بىر تۈمەن لەشكەرنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەر بولسا تېخى بىر تۈمەن لەشكەرنى تەييار قىلالمىغانىدى. شۇڭا، ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىشنىڭ ۋاقتى ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتكەنىدى...

ئادار بىلەن ياروۇق قىزلارغا قەشقەردىن ئۈزۈك، تارغاق قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ ئېلىپ كەلگەنىدى. ئادار قىزتۇرمىشقا ئۆزى بەردى. ياروۇق ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ ئادارغا ئۆزىنىڭ ئايتمىشنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى، لېكىن بۇ چاغقىچە قىزغا گەپ قىلىپ باقمىغىنىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

— سەندە يولۋاسنى باش ئەگدۈرگۈدەك جاسارەت بولغان بىلەن، ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنى ئۆزۈڭگە مايىل قىلغۇدەك جۈرئەت يوق ئىكەن. بويانقارمۇ قۇل ئىدىڭمۇ؟ جۈرئەتلىك بولغاچ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىپ ئايسىلىگنى ئالدى. سەن نېمىشقا جۈرئەت قىلالمايسەن؟ بوپتۇ، جۈرئەت قىلالمىساڭ، سوۋغىنى قىزتۇرمىش ئارقىلىق بەر. ئۇ ئايتمىش بىلەن سىردىشالايدۇ، — دېدى ئادار ئۆزۈك بىلەن تارغاقنى يارۇقنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ.

سوۋغات قىزتۇرمىش ئارقىلىق بېرىلدى. يارۇق بىرنەچچە كۈنگىچە قاتتىق تىل ئىشتىشتىن ئەنسىرەپلا يۈردى. يەنىلا ھېچكىمدىن قاتتىق ـ يىرىك گەپ چىقمىدى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈن ئۇ ئايتمىشنى كۆرگەندە ئۇنىڭ سالىمىغا بېشىنى ئېگىپ جاۋاب قايتۇردى، قىزمۇ نازاكەت بىلەن ئېگىلىپ، رومال ئىچىدىن مېھىر بىلەن تىكىلدى...

يۇسۇپ ئاچىلىرى بىلەن ئىچكىرىكى ھويلىغا قاراپ ماڭدى. كۆڭلى تىنغان ئادار يارۇقنىڭ قولىدىن تارتىپ باغقا كىرىپ كەتتى.

يۇسۇپ ئىككى ئاچىسى، قىزتۇرمىش بىلەن بىللە كىرىپ، سارايدا خۇشال ئولتۇرۇشقان بوۋىسى، مومىسى، ئاتا ـ ئانىسىغا سالام بەردى. ھەممەيلەن ئۇلارنىڭ نورۇز بايرىمىنى مۇبارەكلىدى. رەيھانىدىن يۇسۇپكە ئەبۇنەسىر فارابىنىڭ «ئەقىل ھەققىدە» دېگەن كۆچۈرۈلمە كىتابىنى تەقدىم قىلدى.

— ئوغلۇم، بۈگۈ بىلگە فارابى ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ كىتابى دىلىڭنى يورۇتۇپ، ئىنسانلىق بۈرچۈڭنى ئۆزۈڭگە تونۇتقاي، كىشى قارا فارابى ھەزرەتلىرى ۋاپات بولۇپ قاراڭغۇ يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىتابلىرى ھاياتلىق ئالىمىنىڭ ئۆچمەس مەشئەللىرىگە ئايلىنىپ، ئىنسانلارنى نادانلىق زۇلمىتىدىن قۇتۇلدۇرماقتا. ئوغلۇم، سېنىڭمۇ ئەنە شۇنداق بىر بىلىك پۈتۈپ چىقىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى رەيھانىدىن

ئۆمىدلىك نەزەردە ئوغلىغا قاراپ.
— رەھمەت ئاتا، مەرھۇم بوۋىڭىز بىلگە فارابى ھەززەتلىرىنى غايىبانە ئۇستاز تۇتۇپ بىلىم ئېگىلەيمەن، — يۈسۈپ قەسەم قىلغان تەرزدە كىتابنى باش ئۈستىگە كۆتۈردى.
زەمۇران ئانىسىنىڭ نورۇز شەربىتى ئۇچۇن ئەرۋاھلارغا ياغ پۇرىتىپ پىشۇرغان قۇيمىقى تەلەڭگىلەرگە ئېلىنىپ داستىخانغا قويۇلدى. يابىرا قىششچە ئىدىشلاردا يېتىشتۈرگەن بۇغداي ئۈندۈرمىسىدە، توشقان گۆشى، قوينىڭ قۇيرۇق مېيى، چامغۇر، سەۋزە سېلىپ ئەتكەن چوڭ بىر قازان نورۇز ئېشى ھېجىرلاردا داستىخانغا كەلتۈرۈلدى.
— مېنىڭ يەنە ئىككى بالام يوقتۇ، ئۇلار مەرىكە مەيدانىغا كەتتىمۇيا؟ — دەپ سورىدى رەيھانىدىن ھويلىغا سەپسېلىپ.
— ئاتا، ئىككى بالام دېگەنلىرى كىملەر ئۇ؟ — سورىدى ئورنىدىن تۇرغان يۈسۈپ.
— ئادار بىلەن يارۇق بولمامدۇ، ئوغلۇم، ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟
— بىلىمەن، ئاتا، چاقىرىپ كېلەي.
يۈسۈپ ئۇلارنى باغدىن تېپىپ باشلاپ كىردى.
— كېلىڭلار، بالىلىرىم، — رەيھانىدىن ئۇلارنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، — سىلەر گۆدەك چېغىڭلاردىن باشلاپ بىزنىڭ ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇڭلار، — رەيھانىدىن بىر لېگەن قۇيماق بىلەن ئىككى ھېجىردىكى نورۇز ئېشىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. كىچىك چېغىدا قول بازىرىدىن سېتىۋالغىنىنى ئېيتىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىشنى خالىماي، بۇ ۋاقىتقىچە بەجانىدىل خىزمەت قىلىشىپ كەلگىنىدىن ناھايىتى رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، — سىلەر قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولۇپ كەلدىڭلار، ئات چاپتۇرۇش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىقتا ياساۋۇل - نۆكەرلەردىن قېلىشمايسىلەر، ئائىلىمىزنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلدىڭلار، رەھمەت بالىلىرىم!

رەھمەت! — رەيھاندىن كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئادار بىلەن يارۇقنىڭ باشلىرىنى سىلىدى، — سىلەر ماڭا بالا بولۇشنى خالامسىلەر؟

ئىككى يىگىت دەس تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى:

— جانابلىرى، بۇ چاغقىچە ئۆزلىرىنى ئاتىمىز دەپ بىلىپ كېلىۋاتىمىز.

— ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار بالىلىرىم، — رەيھاندىن، ئۇلار يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، باشلىرىدىكى قۇل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان قارا بۆكلەرنى ئېلىپ، كۆرپىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ يابىراغا قارىۋىدى، ئۇ ئاللىبۇرۇن تەييار قىلىپ قويغان يېڭى كىيىم-كېچەكلەرنى پەتنۇستا ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. زېرەكلىك بىلەن كۆز سېلىپ ئولتۇرغان يۈسۈپ دەرھال تۇرۇپ پەتنۇستىكى ئىككى بادام دوپپىنى ئادار بىلەن يارۇققا كىيدۈردى. بۇ ئۇلارنىڭ ھۆر ئادەم بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئادار بىلەن يارۇق تويۇقسىز ھۆرلۈككە ئېرىشكەنلىكىدىن ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كېتىشتى، رەيھاندىننىڭ «بالىلىرىم» دېگەنلىكىنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەنگەندى. ئادارغا قارىغان قىزتۇرمىشنىڭ قوي كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئايتمىش بادام دوپپا كىيىپ چوغدەك قىزىرىپ ئولتۇرغان يارۇققا يەر ئاستىدىن كۆز سېلىپ، ئۆزىنىڭمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقىنىدىن ئىزا تارتىپ قالدىمىكىن، يېنىدا ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى تىرەپ ئۇياتچان كۆزلىرىنى يوشۇردى. ئۇ قاشلىق، خۇددى ئاشۇ قېشىدەكلا سەل ئەگىم قارا بۇرۇتلۇق، ئات يۈز، تەمبەل يىگىتكە شۇدەم بۆلەكچە مەپتۇن بولۇپ قېلىۋاتاتتى. «ئابام، نېمىشقا ئۇنى بالام دەيدىغاندۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار» دەپ ئويلاپ قىزتۇرمىشتەكلا شېرىن تۇيغۇغا چۆمۈلدى.

ئايتمىش ئويلىغاندەك، رەيھاندىننىڭ بۇ نورۇز بايرىمىدا ئىككى قۇل يىگىتنى «بالام» دەپ ئاتىشىدا ھەقىقەتەن گەپ بار

ئىدى. ياروۇقتا ئايتەمشىنى بىرىپ ئۆنى ئۆزىگە بويانقاردەك كۆيۈئوغۇل قىلىۋالماقچى، ئۆز قىزىدەك بولۇپ قالغان قىزتۇرمىشنى ئادارغا ئېلىپ بەرمەكچى ۋە بۇ ئىككىيلەننىڭ تويىنى بىر كۈندە قىلماقچىدى. بۇ نىيەتنى بولۇنبەگنىڭ ئۆيىدىن ئايتەمشىنى قايتۇرۇپ كەلگەن ئاشۇ ئاخشىمىلا كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئاتا ـ ئانىسى، يابىرا بىلەن بۇ توغرۇلۇق مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، تويىنى نورۇز بايرىمىدا قىلماقچى بولغانىدى. ھالبۇكى، قىز ـ يىگىتلەر باشلىرىغا قونماقچى بولۇۋاتقان تەلەي قۇشىدىن خەۋەرسىز ئىدى. يابىرا بىر پەتنۇستا قىزىل ھىلھىلە رومال، ئەتلەس كۆڭلەك، ئەتىللا جىلىتكە ئېلىپ چىقىپ قىزتۇرمىشنىڭ ئالدىغا قويدى، ئايتەمىش قىزتۇرمىشنىڭ بېشىدىكى قارا سارىغۇچنى ئېلىۋەتتى ۋە رومالنى ئارتىپ، ئۇنىڭ ۋىلىلدە قىزىللىق يۈگۈرگەن مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى. بۇ قىزتۇرمىشنىڭمۇ ھۆرلۈككە چىققانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

— باللىرىم، چۇ دەرياسى بويىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز مەرىكىسى باشلىنىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. كۈن بىلەن تۈن تەڭلىشىدىغان بۇ خاسىيەتلىك كۈننى ئاۋام ئالدىدا جاسارەت ـ جۈرئەتلىرىڭلارنى نامايان قىلىپ كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقىنىڭلارنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ماقۇل، سىلەرگە رۇخسەت، قىزلارنى بىللە ئېلىپ مېڭىڭلار. سىلەرگە ئالاھىدە كەدۇت تەييارلىتىپ قويدۇق. ئاتلىرىمىز ياخشى، سىلەرنى يەرگە قارىتىپ قويمايدۇ. مەنمۇ ئابالارنى ئېلىپ كەينىڭلاردىن بارىمەن.

رەيھاندىننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن بەگتۆمۈر دۇئاغا قول كۆتۈردى.

2

رەيھاندىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن چۇ دەرياسى بويىغا

كەلگەندە، نورۇز مەرىكىسىگە يىغىلغان خالايىق مەرىكە مەيدانىنى چۆرىدەپ سەپراس بولۇپ تۇرۇشقانىدى. ئەمدىلا ئاتتىن چۈشكەن مەنسۇرخانمۇ ئۆزىگە ئاتاپ ياسالغان ھەيۋەتلىك بارگاھتا تەخت ئۈستىگە چىققانىدى. ئارسلانخان، ئېلىكخانلار، يۇغرۇش، يابغۇلار، چاغرىبەگلەر، تارخانبەگلەر ئۇنى چۆرىدەپ تۇرۇشتى.

رەيھانىدىن ئاتا ــ ئانىسىنى قىزلىرى بىلەن يۇسۇپلەر تۇرغان يەردە قويۇپ، مەنسۇرخاننىڭ توققۇز تۇغلۇق بارگاھى ئالدىدا سالام بەجا كەلتۇرۇپ تىز چۆكتى:

ــ بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، قۇتلۇق نورۇز مەرىكىسىنى باشلاشقا ئەمر قىلغايلا.

مەنسۇرخان ئۇنىڭغا قىزىل تۇغنى ئۇزارتتى. رەيھانىدىن نورۇز مەرىكىسىنى باشلاش بەلگىسى بولغان، توتېم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۆمۈش ساپلىق بۇ تۇغنى قولىغا ئالغاندا، بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، تاتىرىپ كېتىشتى. بۇغرا قاراخاننىڭ كەينىدە جاندارلار بىلەن تۇرغان بوزاغۇنىڭمۇ ئىچ ــ قارنى مۇچ يىگەندەك ئېچىشىپ كەتتى.

تورۇق ئارغىماققا مىنگەن رەيھانىدىننىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇدمىش بىلەن بوياتقار قۇيرۇقىغا قىزىل لېنتا، ئېگەرنىڭ قۇش بېشىغا قوتاز قۇيرۇقى چىگىلگەن ئاتلىرىنى دېۋىتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن مەيدانغا كىردى. رەيھانىدىن قولىدىكى تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ لەپىلدىتىپ، نورۇز مەرىكىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئۇنسىز جاكارلىدى. تۇغقا كەشتىلەنگەن توتېم گويا ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، ئادەملەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى. بۇ ئۇنسىز جاكار بىلەن تەڭ چەۋەندازلار، مەرگەنلەر، پالۋانلار مەيدانغا كىرىشتى. بەسلەشكۈچى باتۇر يىگىتلەر قىلىچ ــ نەيزىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشتى. سوقۇشتۇرۇلىدىغان قوچقارلارنىڭ بويۇنلىرىغا قىزىل لېنتا باغلاندى، خوراز، كەكلىك، بۆدۈنىلەر بىر ــ بىرىگە خىرىس قىلىشىپ، بازلىشىپ كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلدى...

ئاق ئات مىنگەن ئادار ئىتنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ، بەلگىلەنگەن جايدىن بىرىنچى بولۇپ بارگاھ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇنلىغان قىز تاشلىغان ياغلىقتىن قىزتۇرمىشنىڭ ياغلىقىنىلا تۇتۇۋالدى. مەنسۇرخان ئۇنىڭغا كەدۇت تەقدىم قىلىشنى رەيھانىدىنغا بۇيرۇپ سورىدى:

— ئاغىچى ئۇلۇغى، بۇ يىگىت قايسى قەبىلىدىن، كىم بولىدۇ؟

— ئالىيلىرى، بۇ ئالىپ يىگىتنىڭ ئىتى ئادار، ئوغراق قەبىلىسىدىن، ماڭا كۈيئوغۇل بولىدۇ، — رەيھانىدىن ئۇنى تونۇشتۇرۇپ، بەقەسەم تونىنىڭ يانچۇقىدىن سەمەرقەنت قەغىزىگە خۇش خەت بىلەن يېزىلغان توي باغىقىنى ئېلىپ مەنسۇرخانغا سۇندى، خان باغاقنى ئېلىپ ئوقۇدى:

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەزىز مۇكەررەم ئەل بېگى خاقان — بۇغرا قاراخان شاھىنشاھ مەنسۇرخان بىننى ئەلى ئارسلانخان ئالىيلىرى: ھىجرىيە 415 - يىلى① رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 11 - كۈنى دۇشەنبە، مەرھۇم ئوغراقبەگ كۆك ئايىق ئارسلانبەگ ئوغلى ۋە رەيھانىدىن بەگتۆمۈر ئوغلى پەرزەنتلىرىنىڭ توي مەرىكىسىگە قاتنىشىپ، ھۆرمەتلىك ئاتا، مېھمانلارغا باشپاناھ بولۇپ بەرگەيلا.

كامالىي ئېھتىرام، ئالىي سالام ئىلە:

رەيھانىدىن بىننى بەگتۆمۈر بىننى كۆك ئايىق بەگبۇقا»

— ئوھۇ، بۇ تويىنى نورۇز بايرىمىنىڭ قۇتلۇق كۈنلىرىدە قىلماقچى بوپسىز - دە، ئاغىچى ئۇلۇغى؟! مۇبارەك، مۇبارەك،

— باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى مەنسۇرخان چىلىشىۋاتقانلارغا كۆز سالغان ھالدا، — كۈيئوغۇللارنى ياخشى

---

① مىلادىيە 1024 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ.

تاللاپسىز. بۇ كۆيۈئوغلىڭىزنىمۇ جاندار قىلىۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ. قاراڭ، قاراڭ، ئاۋۇ چېلىشىۋاتقانلارغا، — مەنسۇرخان قولى بىلەن بەل تۇتۇشۇپ بىر - بىرىنى يىقىتماقچى بولۇۋاتقان ئىككى يىگىتنى كۆرسەتتى، — ئاتتى، كۆتۈرۈپ ئاتتى. ئەجەب چەبدەس يىگىت ئىكەن. ئۇ يىگىتنى ئاتقان بويلۇق پالۋان كىم بولىدۇ؟

— بۇمۇ كۆيۈئوغلۇم بولىدۇ، ئالىيلىرى. ئىپتى يارۇق، قىپچاقلاردىن، ئۆز تەربىيەمدە چوڭ بولغان. ئاللا خالىسا ئەتە ئۇنىڭمۇ نىكاھى بولىدۇ، — رەيھانىدىن قويۇن يانچۇقىدىن يەنە بىر باغاقنى چىقىرىپ سۇندى.

— مانا، مانا، قوش توي قىلىدىكەنسىز - دە، بۇ توي قانچە كۈن داۋاملاشماقچى؟

— بۇگۈن خاسىيەتلىك يېڭى يىل باشلانغان قۇتلۇق كۈن. بۇ مۇبارەك كۈندىكى كاتتا مەرىكىگە پېقىرنى رىياسەتچى قىلىپ قويدىلا، شۇڭا بۇ يېڭى يىل كۈننى ئاۋامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمدىن ناھايىتى خۇرسەنمەن. توي ئاللا بۇيرۇسا ئەتىدىن باشلاپ يەتتە كۈن بولىدۇ، — رەيھانىدىن قىزلار تاشلىغان ياغلىق بويۇن - باشلىرىغا يۆگىلىپ قالغان يارۇققا پەخىرلەنگەن ھالدا قاراپ جاۋاب بەردى.

— سىز ئاغىچى ئۇلۇغى، مېنىڭ ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىدىغان كۈنۈمنىڭ يېقىنلاشقىنىنى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ. ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تەييارلىقىنىڭ قانداق بولۇۋاتقىنىنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ تەھقىقلەپ چىقىڭ. بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەرمۇ مۇشۇ ئىش بىلەن ئالدىراش. قىلچە بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ. تويىنىمۇ ئوبدان ئۆتكۈزۈڭ، بۇ كاتتا يۈرۈشكە تەييارلىقىمۇ نۇقسانسىز قىلىنسۇن! — مەنسۇرخان قول باغلاپ تۇرغان رەيھانىدىنىدىن جاۋاب كۈتۈپ تىكىلدى.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى. خاتىرجەم بولسىلا، دوقاقبەگ، بولۇنبەگلەرگە ياردەملىشىپ، بۇ يۈرۈشنىڭ ئوتۇقلۇق بولۇشى

ئۇچۇن يالغۇز جىنىمنى ئايىمايمەن.
— بىرلىك، يىگىت چىققان ئالىپلارغا، پالۋانلارغا كەدۈت ۋە بىر تاۋاقتىن تىللا ئىنئام بىرىلىك.
— خوپ، ئالىيلىرى.

رەيھاندىن كەچكىچە يىگىت چىققان پالۋان، بىرىنچى بولغان مەرگەن، قىلىچۋاز ـ نەيزىۋازلارغا، قوچقار، كەكلىك، خوراز ئىگىلىرىگە بوغرا قاراخان نامىدىن خىلئەت، ئىنئام تەقدىم قىلدى. ھەر يىلى بىرىنچى بولۇپ مۇكاپاتلىنىپ كەلگەن ئۇدىمىش، بويانقارلار بۇ نورۇزدا رەيھانىدىنغا ياردەملىشىپ بەسلىشىشكە چۈشمىدى. رەيھاندىن بۇ ئىككى كۈيئوغلىغا مەرىكىنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش كەبى مەسئۇلىيەتنى ئىغىر ئىشلارنى ئۆگەتمەكچى بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇلارنى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا زورلىمىغانىدى. بويانقار، ئۇدمىشلار پائالىيەت ئاخىرلىشىپ قالاي دىگەندە، توي باغاقلىرىنى ئاتلىق چىپىپ يۈرۈپ تارقىتىپ بولدى.

يۇسۇپ دوستلىرى بىلەن گاھ مەيداننىڭ بۇ بىشىغا، گاھ مەيداننىڭ ئۇ بىشىغا يۈگۈرۈپ بىرىپ چەۋەنداز، مەرگەن، پالۋانلارنىڭ ماھارەتلىرىنى قىزىقىپ كۆردى. ئۇنىڭغا ئەڭ تەسىر قىلغىنى شائىرلارنىڭ نەزملىرى ئىچىدە ئۇستازى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم ئوقۇغان «نورۇزنامە» بولدى.

نورۇز كەلدى، زىمىن يىشىل تون كىيدى،
بۇلۇت يىرىپ چىقى كۈن، قىلدى سەيرى.

ئىرىپ كۆك مۇز، كەلدى تۇرنا تىزىلىپ،
بەزمە قۇردى گۈل شىخىدا ئىچىلىپ.

كۈلدى بوۋاي، كۈلدى موماي شادلاندى،
ئەر ـ يىگىتلەر قىزغا باقتى، ئاتلاندى.

لەلەڭلىمەي سەگەك، ھوشيار تۇرۇڭلار،
ياۋ يىغلىسۇن، ناخشا ئېيتىپ كۈلۈڭلار.

نورۇز كەلدى جۇرئەت بېرىپ ياشلارغا،
ئوسما قويۇپ نازلىق ئەگىم قاشلارغا.

يېڭىلايلى ئېڭىمىزنى بىلىكتىن،
كۈچلىنەيلى بىلىك دېگەن يىلىكتىن.

يولىمىسۇن ئىلىمىزگە ياۋ ھامان،
ياشايلى بىز قۇچۇپ زەپەر شاد ـ ئامان.

— ياشاپ كەت كىشى قارا!
— ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن كاتتا ئۇستاز!
— بېشىدىن تىللا چېچىڭلار، ئايىغىغا گۈل تاشلاڭلار! — چۇقان سېلىپ بارىكاللا ئېيتىشقان خالايىقنىڭ ئالدىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتكەن يۇسۇپ ئۇستازىنىڭ يېنىغا بېرىپ تىزلاندى.
— كىشى قارا، سىلى ئوقۇغان «نورۇزنامە»نى يادلىۋالسام بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ شېئىر يېزىشقا ئىشتىياق باغلاپ. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدىن ھەۋەس ئۇچقۇنلىرى چېچىلدى.
— بولىدۇ، يۇسۇپ. ئاۋۋال بىلىك ئۆگەن، پىكرىڭ ئېچىلسۇن. ئەرەب، ئەجەم، تۈركىي تىللارغا كامىل بولغىن، ئەقلىڭ يېتىلسۇن. ئاندىن نەزم يېزىشنى مەشىق قىلغىن. قارىغاندا، ئەشئار يېزىشقا ئىشقىڭ چۈشكەن ئوخشايدۇ، — مەخدۇم يۇسۇپنىڭ قوللىرىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى، ئۇستازلىق مېھرى بىلەن بېشىنى سىلىدى ۋە «نورۇزنامە»نى بەردى، — بارغىن، يادلىۋال، ئاندىن سەنمۇ بىر «نورۇزنامە» يازغىن.
يۇسۇپ «نورۇزنامە»نى كۆتۈرگىنىچە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر كۆزى مەيداندا، بىر كۆزى «نورۇزنامە» دە، پىچىرلاپ ئوقۇپ

بىر دەمدىلا يادقا ئېلىۋالدى.

رەيھاندىن ئۆيگە كەلگەندە داستىخان سېلىنىپ بولۇنغانىدى. داستىخان ئۈستىدە يۇسۇپلا يوق ئىدى. ئايتىمىش، قىزتۇرمىشمۇ ئۆز خانىلىرىدىن چىقىشمىغانىدى، ئەتە نىكاھى بولىدۇ ـ دە. ئايتولۇن، ئايسىلىگلەر، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرى، ئەرلىرى بىلەن نورۇز ئاخشىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى. يابىرانىڭ ئاتىسى بەگتاش ئابدۇللا داموللا تۆردىن، ئانىسى بۇۋى گۈلسۇم ئاغىچا زەمۇران ئانىنىڭ يېنىدىن جاي تۇتقانىدى.

بۇ چاغدا يۇسۇپ باغ ئىچىدە ئاداشلىرى بىلەن نورۇز كېچىسىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. گۈگۈم چۈشكەنىدى. ئۇلار بۇ كېچىنى قاپاق كۆيدۈرۈپ، «نورۇزنامە» ئوقۇپ كۈتۈۋالماقچى ئىدى.

يۇسۇپلەر ئۈچ تال ئۈزۈن ياغاچنىڭ ئۈچىغا ياغلىق قاپاقنى چىڭ باغلاپ تەييار قىلىپ، شاپتۇل دەرىخىگە يۆلەپ قويدى.

ـــ ئۇكام، سېنى ئابامالار چاقىرىدۇ، ـــ دېدى ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەن ئارچۇن، ـــ ئاداشلىرىڭ بىلەن نورۇز ئېشى ئىچىۋالغىن.

يۇسۇپ ئاداشلىرى بىلەن پېشايىۋاندا ئولتۇرۇپ نورۇز ئېشى كۆجىدىن ئىچىشتى. كۆكباشنى قىرىپ سۇتتە پىشۇرۇپ ئەتكەن بۇ تاماق باللارنى تەرگە چۆمۈلدۈردى. ئارقىدىن ئىككى لېگەندە ئېلىپ چىققان كۆك چۆچۈرىسىنى يېيىشتى. تۇغقانلىرى بىلەن نامازشامنى ئوقۇپ چىققان رەيھاندىن دۇئا قىلىپ بەردى:

ـــ بۇ قۇتلۇق يېڭى يىلدا ئاللا سىلەرنى ئەقىل ـ پاراسەتتە كامال تاپتۇرسۇن، ئامىن !

ـــ ئامىن !

ـــ ئەمدى چىقىپ ئويناڭلار.

باللار ھېلىقى ئۈزۈن ياغاچلارغا ئورنىتىلغان ياغلىق قاپاقلارغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا نورۇز كۈيىنى ياڭراتتى:

نورۇز كەلدى تۈيدۈڭلارمۇ؟
ئېتىزغا سۇ قۇيدۇڭلارمۇ؟
ئىچىڭ كۆجە، سۇمۇلەكنى،
بەلگە قۇيۇپ تۇگدۇڭلارمۇ؟

ھەربىر كوچا ـ مەھەللىلەردىكى باللار، ئۆسمۈرلەر، ھەتتا ياش يىگىتلەرمۇ نورۇز كېچىسىگە ئالاھىدە تەييارلىق قىلىشقانىدى. بەزىلەر ئۆيلىرىدىكى هارۋا ـ مەپىسىنىڭ چاق ـ ئوقلىرىنى ياغلايدىغان ياغلىق قاپاقلارنى، بەزىلەر يولدا توختىتىپ قويۇلغان ھارۋىلارنىڭ ياغلىق قاپاقلىرىنى ئوغرىلىۋېلىپ كۆيدۈرۈپ، بۇ قۇتلۇق كېچىگە ئوتلۇق گۈلدەستە سۇنماقتا ئىدى. ئۆي ـ ئۆيدىن چىققان باللار ئۇلارغا قوشۇلۇپ، نورۇز كۈيچىلىرى بارغانسېرى ئاۋۇپ باراتتى.

نورۇز كەلدى، كۆلكە كەلدى،
كۆك ياللىق بۆرە كەلدى.
خۇش بولۇڭلار بوشلار[1]، قۇللار،
ياۋغا يىغا تۈندە كەلدى.

لاۋۇلداپ ئۇچقۇن چاچرىتىپ كۆيۈۋاتقان بالاساغۇن كۆكىدىكى يۇزلىگەن ياغلىق قاپاقلار قۇتلۇق نورۇز كېچىسىدە گۈزەل مەنزىرە بەرپا قىلغانىدى. ئىشىك ئالدى، ئۆگزىلەرگە چىقىپ قاراپ تۇرۇشقان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەلبى خۇشلۇق ۋە ھاياجانغا تولدى. ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ لەرزان خۇشال ساداسىغا قۇلاق سالاتتى:

نورۇز كەلدى، بىلىك كەلدى،
كۆڭۈلگە ئايسىلىگ كەلدى.

---

① بوشلار ــ ئەركىن ئادەملەر.

قارا قورساق ئۆلدى يىغلاپ،
بۆگۈ بىلگە تىرىك كەلدى.

يىراقتىن ئىشتىلگەن بۇ نورۇز كۈيىگە قۇلاق سالغان رەيھاندىن: «ئى خۇدا، پەرزەنتلىرىمىزنى زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلاپ، ئارزۇسىغا يەتكۈزگىن!» دەپ ئىلتىجا قىلغان هالدا هويلىغا يېنىپ كىردى. ئۇ ئەتىكى توينىڭ تەييارلىقىنى كۆزدىن كەچۈرمىسە بولمايتتى.

## ئون بىرىنچى باب

# بۇغرا قاراخاننىڭ سوۋغىسى

### 1

نورۇز بايرىمىدىن باشلاپلا ھاۋا ئېچىلىپ، بوران - چاپقۇن پەسىيىپ قالدى. چۇ دەرياسىنىڭ دولقۇنلانغان سۈيى قىرغاقلارنى يالماپ ئۆركەشلىدى. گۈل - گىياھلار، دەل - دەرەخلەر يېشىل تۈس ئالدى. پادا - پادا ئات - كالىلار، قوي - ئۆچكىلەر، سۈتلۈك خۇشبۇي ئوتلار يەلپۈنگەن يايلاقنى قاپلىدى. قۇرت - قوڭغۇزلار تىرىلىپ ئۇۋىسىدىن چىقتى.

باھارنى كۈيلىگەن كاككۇك، بۇلبۇللارنىڭ يېقىملىق ئۈنى ھەممە تەرەپتىن ئاڭلىنىدىغان، مەھەللە - كوچىلاردىن توي نەغمىسى، ناغرا - سۇناي ئاۋازى ئىشىتىلىپ تۇرىدىغان، ساپان ھەيدىگەن دېھقانلارنىڭ ناخشىسى دالالارنى قاپلىغان ئىللىق كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. ئادەملەر ئاپتاپتىن قېچىپ سايە ئىزدەيدىغان ئىسسىق كۈنلەر كەلمەكتە ئىدى.

ھاۋادىكى توپا - توزان تۈگىگەن بولسىمۇ، نورۇز بايرىمىدا رەيھاندىنبەگ قىلغان قوش توي توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر تېخى تۈگىمىگەنىدى. بەزى زەردارلار:

— نورۇزدىكى چېلىشىشتا پالۋان بولۇپ كەدۈت ئالغان يارۇق دېگەن يىگىت ئەسلىدە ئاغىچى ئۇلۇغىنىڭ قۇلى ئىكەن، ئۇنى ئازاد قىلىپ ئۇچىنچى قىزىنى بېرىپتۇ، ئەجەب ئىش - ھە! — دېسە، بەزى سودىگەرلەر:

— ئادەم چىقمىغاندەك، قىزىنى ئۆزىنىڭ قۇلىغا بەرگىنىنى

دېمەمدىغان، ــــ دەپ ئىچى قارىلىق قىلىشتى.
ئوردىدىكى بەزى ئەربابلار:
ــــ ئات بەيگىسىدە ئوزۇپ چىقىپ كەدۇت ئالغان ئادار دېگەن يىگىتمۇ، ئۇ نىكاھىغا ئالغان قىزمۇ ئاغىچى ئۇلۇغىنىڭ قۇللىرى ئىكەن. ئۇلارنى ئازاد قىلىپ، ئۆز پەرزەنتى قاتارىدا توينى قىلىپ بەرگىنىدە نېمە سىر باردۇ؟ ــــ دېسە، بەزى يۇغرۇش، ھاجىپلار:
ــــ بۇنىڭدا قانداق سىر بولاتتى؟ رەيھاندىنبەگ كاتتا زەردار، مەرد، سېخىي زات. قۇللىرىنى ئازاد قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز پەرزەنتى قاتارىدا كۆرۈپ توينى قىلغانلىقى ــــ ئالىيجاناب، پەزىلەتلىك مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ ئاللا ئالدىدا قۇلدارمۇ، قۇلمۇ باراۋەر، ــــ دەپ رەيھاندىنغا ئاپىرىن ئېيتىشتى.
بالاساغۇندىكى ھۇنەرۋەن، كاسىپ، تىجارەتچىلەر:
ــــ رەيھاندىنبەگ ئاللانىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىپ بېيىغان زات. مېھىر ـ شەپقەتنىڭ، كۆيۈمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ چاغقىچە يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قۇللىرىنى ئازاد قىلىشى، پەرزەنت ئورنىدا كۆرۈپ توينى قىلىپ قويۇشى بەندىلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ، تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ــــ دېيىشسە، بەزى ئۆلىما ـ دانىشمەنلەر:
ــــ ئاللاتائالا رەيھاندىنبەگنى مەرد ـ سېخىي قىلىپ ياراتقان. قۇللىرىنى ئازاد قىلىپ توينى قىلىپ قويۇشى ئۆزىنىڭ نامىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، ئاللانىڭ رىزالىقى ئۈچۈندۇر، ــــ دەپ تەرىپىنى قىلىشتى.
رەيھاندىن مېنى كۆزگە ئىلمىدى، كەمسىتتى، دەپ رەيھاندىندىن ئاغرىنىپ يۈرگەن بولۇنبەگ زادى چىدىيالماي قالدى. ئۇ بۇگۈن ئەتىگەندە سىم ـ سىم يامغۇرغا قارىماي

ئوردىغا كېلىپ دىۋانخانىغا كىردى. ھېچكىم كەلمىگەنىدى. ئۇ بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، خاقانىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. دەسلەپ ئىشىكئاغىسى دوقاقبەگ كەلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يۇغرۇش باشى، نېمە ۋەجىدىن بۇنچە ئەتىگەن كېلىپ قالدىلا؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قاپۇغچى باشى، خاقان ئالىيلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار ئىدى.

— ئولتۇرسىلا جانابلىرى، خاقان بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولغان ئاشۇ مۇھىم ئىشتىن پېقىر ۋاقىپلىنىپ قالسا زىيىنى بولماس، — دېدى دوقاقبەگ مۇغەمبىرانە كۈلكە بىلەن.

— يوقسۇ، قاپۇغچى باشى، بۇ سىلىگىمۇ مەلۇم بولغان ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدىكى ئىش. تەييارلىق پۈتتى، ئەمدى كېچىكتۈرسەك بولماسمىكىن.

— ئىككىمىزنىڭ مۇددىئاسى بىر، يۇغرۇش جانابلىرى. ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىشقا مەنمۇ ئالدىراۋاتىمەن. قارلۇق قەبىلىسىدىكىلەر تەييارلىنىپ بولدى، باشقا قەبىلىلەرنىڭمۇ تەييارلىقى پۈتكەندەك قىلىدۇ. جانابلىرى، بۇ ھەقتە بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىغا قانداق مەسلىھەت بەرمەكچى بولۇۋاتىدىلا؟

— خاقان ئالىيلىرىغا، ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنىڭ پۈتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ چاپسانراق يولغا چىقىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرمەكچىمەن. قاپۇغچى باشى، سىلى كەمتەرلىك قىلىۋاتىدىلا. بۇ جەھەتتە سىلىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى مېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق. ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن تولاراق سىلى سۆزلەشتىلە.

— رەيھانىدىنبەگمۇ سۆزلەشتى، — گەپ قىستۇردى دوقاقبەگ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، جانابلىرى. بۇ قېتىم رەيھانىدىنبەگ ئۆز مۇددىئاسىغا قارشى بىزنى قوللاپ، قەبىلە

باشلىقلىرىنى ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىشقا دەۋەت قىلدى، بۇ بىزگە پايدىلىق. ئەمدى ئۆزلىرىمۇ خاقانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، تېزرەك ئاتلىنىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ قويسىلا، بولمىسا رەيھانىدىنبەگ سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ، يۈرۈش قىلىشنى ئارقىغا تارتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ... — بولۇنبەگ دىۋانخانىنىڭ ئىشىكىدىن جاندارلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلگەن مەنسۇرخاننى كۆرۈپ ئىتتىك قوپتى. مەنسۇرخان يېقىن كەلگەندە، دەرھال ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، تونىنىڭ پەشلىرىنى باستۇرۇپ تىزلاندى:

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، ئەزىز دەرگاھلىرىغا قۇللۇق قىلغىلى كەلدىم، — دېدى ئۇ يەرگە باش قويۇپ.

دوقاقبەگمۇ يەرگە باش قويدى:

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، پېقىر بوسۇغىلىرىدا جان پىدا قىلىشقا ھەرقاچان تەييار، — دوقاقبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ ئالتۇن ھالقىسىدىكى قۇلۇپنى ئېچىپ ئىشىكنى ئاچتى، — مەرھەمەت قىلغايلا، خاقانىم.

مەنسۇرخان بولۇنبەگنىڭ ئۆزىگە ئېيتىدىغان سۆزى بارلىقىنى پەملەپ، قول ئىشارىتى بىلەن كەينىدىن مېڭىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئاجايىپ كۆركەم ياسىلىپ، زىننەتلەنگەن سارايغا كىرىپ تەختكە چىقتى.

— ھە، يۇغرۇش، قانداق خۇش خەۋەر بار؟ مەن بىتاقەت بولۇۋاتىمەن، چاپسانراق سۆزلەڭ، — دېدى ئۇ بولۇنبەگنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ.

بولۇنبەگ تىك تۇرغىنىچە سەللە ئورالغان ئۇزۇنچاق بۆكىنى ئوڭلاپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى:

— ئاللا كەرىم، ئەزىز دەرگاھلىرىغا ھەمىشە خۇش خەۋەر بىلەن كېلىشىمگە نېسىپ قىلسۇن ئالىيلىرى.

— ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ، يۇغرۇش.

— رەھمەت ئالىيلىرى، — بولۇنبەگ كۈمۈش پايلىك

تەختىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىتا ئولتۇردى، — بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، تەييارلىق پۈتتى، ئالىيلىرى، مۇشۇ خەۋەرنى ھەزرەتلىرىگە يەتكۈزگىلى مۇبارەك سەلتەنەتخانىلىرىغا ئالدىرىدىم.

— بۇ راستمۇ؟ — شالاڭ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى سەل كۆتۈرۈلگەن مەنسۇرخان ئىشەنمىگەندەك قىلىپ سورىدى.

— راست، ئالىيلىرى، — بولۇنبەگ ئۇنىڭدىن چىقىر كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ جاۋاب بەردى، — خانلىقىمىزنىڭ ئۈچ تۈمەن لەشكىرىگە قوشۇلۇپ بارىدىغان بىر تۈمەن قارلۇق مەردلىرى ئاتلىنىشقا تەييار. بىر تۈمەن تۇلۇملۇغ ياغمىلار ئەمرلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئاخشام ئۆزكەنتتىن كەلگەن ئەشكىنچىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئىنىلىرى مۇھەممەد ئېلىكخان ئەۋەتكەن بىر تۈمەن لەشكەر بارسغانغا كېلىپ چۈشۈپتۇ، ئەتە - ئۆگۈن يېتىپ كېلىشى مۇمكىن.

— ئەشكىنچى كەلدى دەڭ، ئۇ قەيەردە؟

— شاھ تەكىيەخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلدى، ئالىيلىرى. قوبۇل ئېتىمەن دېسىلە ھازىر باشلاپ كىرەي.

— سىزنىڭ يەنە باشقا سۆزىڭىز يوقمۇ؟ — مەنسۇرخان كوچىلاپ سورىدى.

— نېمە دېسەم بولار، ئالىيلىرى. گېپىمغۇ بار ئىدى، قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى زايە قىلماي دەيمەن.

— سۆزلەڭ، يۇغرۇش.

بولۇنبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ تەخت ئالدىغا كەلدى - دە، تىزلاندى:

— خاقانىم، ئۇيغۇرمۇ، قارلۇقمۇ ئوخشاشلا تۇغقان، قانداش - قېرىنداش...

— نېمە دېمەكچى سىز يۇغرۇش؟ — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى مەنسۇرخان، — شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈۋاتقان ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن قارلۇقلارنىڭ كۆڭلىدە

ئۆچمەنلىك يوق دېگىلى بولمايدۇ.

— دېگەنلىرى بەرھەق، ئالىيلىرى، — بېشىنى ئەگدى بولۇنبەگ، — ئىلگىرى قارلۇقلار بۇ دىيارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، كېيىن ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. ئەلۋەتتە، ھەزرەتلىرى دېگەندەك، بەزى قارلۇقلارنىڭ كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك يوق دېگىلى بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، ئۆزىدىن ئەقىل - پاراسەتتە ئۈستۈن، باي ۋە جەسۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە قارلۇقلار زىنھار قارشىلىق قىلمايدۇ، بەلكى مەرد، ئەپۇچان قان - قېرىنداشلىرىغا ياردەملىشىشنى خالايدۇ. بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە تەييارلانغان ئىككى تۈمەن قارلۇق بۇنىڭ دەلىلى. ئالىيلىرىغا مەلۇملۇم، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى ئاقساقاللىرى تا ھازىرغىچە قارلۇقلاردىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارنى چەتكە قېقىپ كەلمەكتە. رەيھانىدىنبەگنىڭ پېقىر بىلەن قۇدا بولۇشقا مەيلىنىڭ يوقلۇقى قارلۇقلارغا ئۆچ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، ماڭا قاتتىق ئازار قىلدى. ئۇ ئالىيلىرىنىڭ جاندارلار ئەمىرى بولغان ئوغلۇمنى كەمسىتتى، خاقانىم. قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسى بۇزۇلمىسۇن دەپ، رەيھانىدىنبەگنىڭ دەككىسىنى بەرمىدىم، ئالىيلىرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇم، — بولۇنبەگ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ بېشىنى تەخت پايىسىگە قويدى. ئۇ مۇشۇ گەپنى دېيىش ئۈچۈن بۇغرا قاراخان ئالدىغا كىرگەنىدى. ئالدىدا ئېيتقانلىرى خۇشامەت سۆزلىرى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە قارلۇقلارنىڭ بەزى ئاقساقال، بەگلىرى يۈرۈش قىلىشقا قوشۇلمىغانىدى، تەييارلانغانلارمۇ ئىككى تۈمەنگە يەتمەيتتى. رەيھانىدىن كۆرۈنۈشتە قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشقا دالالەت قىلغان بىلەن، ئاستىرتىن ئۇلارنى توسۇپ، يۈرۈش قىلماسلىققا قايىل قىلغانىدى.

مەنسۇرخاننىڭ قاقاھلاپ كۈلۈشى بولۇنبەگنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى.

— يۇغرۇش، خاۋاتىرلەنمەڭ. رەيھانىدىنبەگ ئۆزكەنت،

بارسغان شەھەرلەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى يۇرۇش قىلىشقا ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن بەجانىدىل خىزمەت قىلدى، بۇ سىزگە مەلۇم. ئەمدى قۇدا بولۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، نىكاھ غايىب! بىر ئادەمنىڭ قىزىنى يەنە بىر ئادەمنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىش، بۇ ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش. رەيھانىدىنبەگ قارلۇقلارغا ئۆچ بولغىنىدىن ئەمەس، بەلكى قىزلىرى رازىلىق بەرمىگىنى ئۈچۈن ماقۇللۇق بىلدۈرمىگەن، يەنى ئوغلىڭىزنى كۆيۈئوغۇل قىلىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغان. يابغۇ، تارخانبەگلەرنىڭ قىزلىرى بارغۇ. بۇ يۇرۇش غەلىبىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەن بوزاغۇغا ئۇ خالىغان قىزنى ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىمەن، يۇغرۇش. بۇ جەھەتتە خاتىرجەم بولۇپ، پۈتۈن زېھنىڭىزنى زەپەر قازىنىشىمىز ئۈچۈن سەرپ قىلغايسىز، — مەنسۇرخان «ئەمدى قانائەت ھاسىل قىلغانسىز» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە جېنىم تەسەددۇق، — بولۇنبەگ يەنە پايىگە باش قويدى، — پېقىر قۇللىرى رەيھانىدىنبەگنىڭ كەنجى قىزىنى بالا قىلىۋېلىش ئارزۇسىدا مەن. ئۈچ قىزى قولدىن چىقىپ كەتتى، تۆتىنچى قىزى بويىغا يېتىپ قالدى. ئۇنى ئوغلۇم بوزاغۇغا ياتلىق قىلىشقا ئۇنىسا، ئىككى قەبىلە ئارىسىدىكى سوغۇقچىلىق تۈگەپ، ھەقىقىي ئاكا ـ ئۇكىلاردىن بولۇپ قالاتتى، خاقانىم، — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەيلا يېلىنغان نەزەر بىلەن مەنسۇرخانغا باقتى. بۇنىڭدىن بىر بېشارەت سەزگەن خاقان ئويلىنىپ قېلىپ دېدى:

— بولىدۇ، يۇغرۇش، ئوردۇكەنتتىن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىپلا، رەيھانىدىنبەگنى ئۆزۈم ماقۇل قىلاي، تويىنى دەبدەبە بىلەن ئۆتكۈزەيلى. سىز بۇ ھەقتىكى خىياللارنى كاللىڭىزدىن

چىقىرىۋېتىپ، ئۆگۈنلۈككە ئاتلىنىش توغرىسىدىكى پەرمانىمنى سۇباشىلارغا يەتكۈزۈڭ. ھازىر «دىۋانى ئارىز»[①]نىڭ كېڭىشى بولىدۇ. بارلىق يۇغرۇشلار، سۇباشىلار، ھاجىپلار، قاپۇغچى باشى، ئاغىچى ئۇلۇغىلار ئەزىز دەرگاھقا ھازىر بولسۇن!

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — بولۇنبەگ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

«دىۋانى ئارىز»نىڭ كېڭىشى چۈش ۋاقتىدا تۈگىدى. ئۆگۈنلۈككە سەھەر قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدىكى بۇغرا قاراخانىنىڭ پەرمانىنى ماقۇللاپ پەرمانبەردارلىق بىلدۈرگەن يۇغرۇش باشى، سۇباشى ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرىنى مەنسۇرجان «بەگ تەركىسى»[②] گە تەكلىپ قىلدى. پۈتۈن پېتى تونۇردا كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇلغان تاي، موزاي، قوزا ـ ئوغلاقلار، كاكچا، گىردە، قاتلىما نانلار «بۇغراخان تاماقخانىسى»نىڭ تال باراڭلىق سەيناسىغا راسلانغان داستىخانغا قويۇلدى. گۈللۈك ساپال خۇمىلاردا بوزا، مەيزاپ، مۇسەللەس، فۇقا[③] قاتارلىق ئىچىملىكلەر؛ قىمىز، شەربەت، جۇلاپ قاتارلىق ئۇسسۇزلۇقلار كەلتۈرۈلدى.

مەنسۇرخان كۈمۈش لېگەندە ئېلىپ كېلىنگەن تامغىلىقتا ئېغىز تەگكەندىن كېيىن، ئەربابلار نازۇ نېمەتلەرگە قول ئۇزارتىشتى.

رەيھانىدىن زىياپەتتىن كېيىن ئاتنى ئېلىپ كەلگەن بويانقار بىلەن ئۇچقاندەك مېڭىپ ئۆيىگە كەلدى. ئادار بىلەن يارۇقنى چاقىرىپ، يېزىپ قويغان مەكتۇپنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ تاپىلىدى:

— سىلەر بۈگۈن ئاخشام جاننى قولغا ئېلىپ ئوردۇكەنتكە قاراپ يولغا چىقىڭلار. چاقماق تېزلىكىدە مېڭىپ، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ ئالىيلىرىغا قەيەردە ئۇچرىسا شۇ يەردە بۇ

---

① دىۋانى ئارىز — ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسى.
② بەگ تەركىسى — پادىشاھ زىياپىتى.
③ فۇقا — كۈچلۈك شاراب.

مەكتۇپنى تاپشۇرۇڭلار. ئەگەر يولدا ئۇچرىمىسا، ئوردۇكەنتكە بېرىپ ئۆز قولىغا بېرىڭلار. بۇنى بىر ئاللادىن ۋە ئۇچىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن. قەيەرگە بېرىشىڭلارنى خوتۇنۇڭلارغىمۇ ئېيتماي ئاتلىنىڭلار، بالىلىرىم !

— باش ئۈستىگە، ئاتا ! — دېيىشتى ئادار بىلەن يارۇق تىزلىنىپ.

رەيھاندىن ئىككى غۇلامنى ئېلىپ ئاۋۋال قۇدىسى ئادامتوغرۇلنىڭ، ئاندىن قېيىنئاتىسى بەگتاش ئابدۇللا داموللىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر يەكىرگە كەلگەن، ئىشەنچى كۆچىيىپ، روھلىنىپ ئۆزىغان رەيھاندىن، قارلۇق، ياغما، چىگىل، ئوغراق، بايىرغۇ، قىپچاق... قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئارسلانخان، يابغۇ، چاغرىبەگ، تارخانبەگلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققۇچە ۋە يولغا چىققاندىن كېيىن، قىلماقچى بولغان ئىشلار توغرۇلۇق مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋېلىپ، يېرىم كېچىگە يېقىن ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.

يابىرا ئوخلىماي ئېرىنىڭ يولىغا قاراپ، ئوغلى بىلەن پېشايۋاندا ئولتۇراتتى. يۈسۈپ چىراغ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇۋاتاتتى.

— تېخىچە ئۇخلىمىدىڭلارمۇ؟ — رەيھاندىن تونىنى سالدۇرۇۋاتقان خوتۇنىغا مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن قاراپ، ئاندىن بېلىدىن قۇچاقلىۋالغان يۈسۈپنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— سەن كەلمىسەڭ، بىزنىڭ قانداقمۇ ئۇيقۇمىز كەلسۇن، ئابا، — دېدى يۈسۈپ ئەركىلەپ.

— سىلى يەنە بىر يەرگە بارمايدىغانلا ئاتىسى، بارسىغانغا كەتكەنلىرىدە، يۈسۈپ ھەر كۈنى «ئاتام قاچان كېلىدۇ؟» دەپ سوراپ، يوللىرىغا تەلمۈرگەنىدى، — دېدى يابىرا ئېغىر تىنىپ.

رەيھاندىن سەپەر قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. يۈسۈپنى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ، ئۇيقۇغا كەتكۈچە يېنىدا

ئولتۇردى. ئاندىن ماڭلىيىغا سۆيۈپ، شامنى پۈۋلەپ خاس ھۇجرىسىغا چىقتى.

## 2

رەيھاندىن يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال، مىڭ ئاتنى ئېگەر - جابدۇقلىرى، قورال - ياراغلىرى بىلەن مەنسۇرخانغا سوۋغا قىلىپ تۇتتى. لەشكەرلىرىگە ئات يېتىشتۇرەلمەيۋاتقان خاقاننى بۇ كاتتا سوۋغات ناھايىتى خۇش قىلىۋەتتى. ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچى كۈچىيىپ، رەيھاندىننى يېنىدىن ئايرىمىدى.

ئەڭ ئالدىدا توققۇز ھال رەڭ تۇغنى كۆتۈرگەن ئەلەمدارلار، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاق، قارا، كۆك، سېرىق بۆرە بېشى كەشتىلەنگەن تۇغلىرىنى كۆتۈرگەن تۇغچىلار ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ «قوۋۇقى كاشغەر»دىن چىقتى. ئۇلارغا ناغرا - سۇناي، بۇرغا - كاناي، دۇمباقلارنى چالغان شادىيانچىلار ئەگەشكەنىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن جەڭ كىيىمى كىيگەن مەنسۇرخان ئەكابىر - ئەشرەپلىرى بىلەن ماڭدى. خاقاننىڭ ئوڭ يېنىدا ئاق ئېتىنى دېۋىتىپ خىيالچان كېلىۋاتقان رەيھاندىننىڭ كۆزلىرى تۇمانلىق ئۇپۇققا تىكىلگەنىدى: «ئادار، يارۇقلار ئون - ئون بەش كۈندە ئوردۇكەنتكە يېتىپ بارىدۇ. يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپلا يولغا چىقىشى مۇمكىن. ئىنشائاللا، ئەلگە ئەمىنلىك ئاتا بولىدىغان كۈنلەرگە ئۇزاق قالمىدى...»

بولۇنبەگ تۆمۈر رەڭ بەقەسەمدىن تون كىيىپ بېلىگە خەنجەر، قىلىچ ئېسىۋالغان رەيھاندىننى، ئۆزىدەك جەڭ لىباسى كىيگەن دوقاقبەگكە كۆز ئىشارىتى بىلەن كۆرسىتىپ، مەنىستىمىگەن ھالدا ھىجايدى. ئۇ ئومۇت، نەيزە بىلەن قوراللانغانىدى، كۆرۈنۈشى سۇرلۇك، ئەلپازى قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان بوزاغۇ باشچىلىقىدىكى

جاندارلار، يەتتىدىن سەپ بولغان لەشكەرلەر سۇباشىلىرى، يابغۇ، چاغرىبەگلەر، تارخانبەگلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سەپ تارتقانىدى.

كۈن ئۆتكەنسېرى مەنسۇرخان جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئۇ يۇغرۇش، سۇباشىلارغا:

— بىزنىڭ ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ كېتىۋاتقىنىمىزنى ھېچكىم بىلمىسۇن! كىمدىكىم ئاۋامغا ئاشكارىلاپ قويسا دەرھال كاللىسى ئېلىنسۇن! — دەپ ئەمر قىلدى.

«مۇبادا بۇ يۇرۇش مەغلۇپ بولسا، بېشىمنىڭ ئامان قېلىشى ئۈچۈن، مەنسۇرخاننى يۇسۇپ قادىرخانغا تۇتۇپ بېرىشىم زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. غەلىبە قىلسا، مەنسۇرخاندىن ئوردۇكەنتنىڭ، ھېچبولمىسا بارسغاننىڭ ئەمىرلىكىنى سوراپ ئالىمەن. بۇنىڭغا مۇيەسسەر بولسام، كۆچ توپلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانلىرىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، قارلۇق ئارسلانخانى بولۇپ تەختكە چىقىمەن...» دەپ ئويلىغان بولۇنبەگنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، قەشقەرگە بۇرۇنراق باستۇرۇپ بېرىشقا ئالدىرايتتى.

«بۇ قېتىمقى يۇرۇش قىلىشنىڭ نۇسرەت تېپىشى ئىشەنچلىك ئەمەس. قارلۇقلاردىن مىڭ تەستە يىغقان لەشكەر بىر تۈمەندىن سەل ئاشىدۇ، ئۇنى ئىككى تۈمەن قىلىپ كۆرسەتتۇق. بۇ يۇرۇشكە شۇنچە قارشى بولغان رەيھانىدىنبەگنىڭ خاقان بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىشىدە چوقۇم بىر گەپ بار. بولۇنبەگ بۇنىڭغا سەل قاراۋاتىدۇ. رەيھانىدىنبەگ دۈشمەننىڭ قاپقىنىغا دەسسەيدىغان ئەخمەق ئەمەس. قاراخانىيلارنىڭ تاجى بولۇنبەگكە ئەمەس، ماڭا نېسىپ بولغۇسى...» دەپ ئويلايتتى دوقاقبەگ مەنسۇرخان بىلەن قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان رەيھانىدىنغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ.

مەنسۇرخان ئېغىزدا ئالتە تۈمەن دېيىلگەن بىلەن، ئىنچىكىلەپ سانىغاندا تۆت تۈمەنگىمۇ يەتمەيدىغان لەشكەر بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق كۆپ قوشۇننى باشلاپ يۇرۇش

قىلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىدى. ئۇ تۇرۇپ كۆرەڭلىسە، تۇرۇپ ئەندىشە قىلاتتى. يۇسۇپ قادىرخان بىلەن جەڭگاھتا تېزرەك ئۇچرىشىپ، ئۇنى ئەسىرگە ئېلىشنى، ئوردۇكەنتتە دارغا ئېسىشنى ئويلىغاندا، شالاڭ ساقاللىق، ئاق سېرىق يۈزىدە كۈلكە پەيدا بولاتتى؛ قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ، لەشكەرلىرىنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ قېچىۋاتقانلىقى، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ قىلىچ يالىڭاچلاپ كېلىۋاتقانلىقى خىيالىدىن كەچسە، بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ غەمگە پاتاتتى. «مىنىڭ قېنىم تۆكۈلۈشتىن بۇرۇن جاھاننى قانغا بويايمەن» دەيتتى ئۇ ئىچىدە غۇدۇراپ.

بۇ زور قوشۇن يىزا ـ قىشلاقلاردا چۈشكۈن قىلىپ، تاماق يەپ، ئاتلىرىنى سوۋۇتۇپ، بوغۇز بېرىپ ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە يولنى داۋاملاشتۇراتتى. سەككىزىنچى كۈنى يىراقتىن بىر داۋان كۆرۈندى.

— بەدەلئارت داۋىنى[①]غا كېلىپتۇق، — دېدى رەيھانىدىن تىزگىنىنى تارتىپ، ئۇ قولى بىلەن كۈن نۇرىنى توسۇپ سەپسالدى. چۇمۇلىدەك تىزىلىپ داۋان ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان ئادەملەرنى ئاران ئىلغا قىلىپ ئويلىدى: «بۇ لەشكەرلەرغۇ، يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ سىپاھلىرى بولمىغاي يەنە. نېمىدېگەن كۆپ، بىزنى كۆرگەنمىدۇ؟...» ئۇ ئۈن چىقمىدى، داۋانغا كۆز سالغانسېرى ھاياجانلاندى.

ھاۋا ئوچۇق، ياز قۇياشى قارامتۇل، سۇرلۇك داۋاننىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئاپتاپتا قاغجىراپ كەتكەن قامغاق، يۇلغۇنلارغا بوي سوزۇپ كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ ھېرىپ كەتكەنلىكى باش سېلىپ مېڭىشىدىن چىقىپ تۇراتتى. خاقاندىن تارتىپ نۆكەرلەرگىچە ھەممىسى ئاتلىرىغا ئوخشاشلا چارچىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇسسۇزلۇق قوشۇلۇپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىشكەنىدى. مەنسۇرخان بارگاھ قۇرۇپ

① بەدەلئارت داۋىنى — تورغات بىلەن بالاساغۇن ئارىلىقىدىكى داۋان.

ئوبدان ئارام ئېلىۋېلىشنى نەچچە سائەت بۇرۇن ــ داۋان غىل ـ پال كۆرۈنگەندىلا كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ داۋاندىن چۈشۈۋاتانلارغا تېخى زەن قويماي، شېرىن خىيالى بىلەن مۇگدەپ، تىزگىننى بوش قويۇۋەتكەنىدى. قارا بويۇن ئاق بوز ئېتى ئاندا ـ ساندا ئۇچرىغان شېكەر يانتىقى، كۆك تىكەنلەرنى يالماپ ئاستا قەدەم باساتتى.

ــ خاقان ئالىيلىرى، داۋاندىن ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر چۈشۈۋاتىدۇ، ــ دېدى باياتىن كۆز تىكىپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالغان بولۇنبەگ.

ــ نېمە؟ ــ مۇگدەپ قېلىپ ۋەزىرنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشىنەلمىگەن مەنسۇرخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، ــ گەپ قىلدىڭىزمۇ يۇغرۇش؟

بولۇنبەگ قولى بىلەن داۋاننى كۆرسىتىپ بايىقى سۆزىنى ئالدىراپ تەكرارلىدى.

مەنسۇرخان قولىنى پېشانىسىگە تۇتۇپ قاراپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ داۋاننىڭ ئايلانما يوللىرىنى بويلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېتىنى توختاتتى.

ــ يۇغرۇش، ئۇلار بوشلارمۇ، قۇللارمۇ؟ نېمانداق كۆپ ئادەم ئۇ؟

ــ ئۇلار لەشكەردەك قىلىدۇ، خاقان ئالىيلىرى، ــ جاۋاب بەردى دوقاقبەگ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالغان بولۇنبەگنىڭ ئورنىغا.

ــ قانداق لەشكەر ئۇ؟ ــ ئاچچىقلىنىپ سورىدى مەنسۇرخان گويا ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئىش قىلسا، يول يۇرسە بولمايدىغاندەك.

ــ خۇدا بىلىدۇ، ئالىيلىرى. قىتانلار بولمىغىيدى. يەنە باستۇرۇپ كەلگەن بولسا، تاقابىل تۇرماي ئىلاجىمىز يوق، ــ دېدى چىرايى تاتارغان دوقاقبەگ ئېتىنىڭ تىزگىننى تارتىپ.

ــ ئادەم ئەۋەتەيلى، بىلىپ كەلسۇن، ئالىيلىرى، ــ رەيھانىدىن ئەمدى قارىماقچى بولۇۋاتقاندەك ئاتتىن كۆتۈرۈلۈپ

داۋانغا كۆز تىكتى. سان ـ ساناقسىز كىشىلەرنىڭ بىر ئۇچى داۋان ئۈستىدە بولسا، بىر ئۇچى تۆۋەندە ئىدى.

مەنسۇرخاننىڭ پۈتۈن لەشكىرى توختىدى.

— سۇباشى !

— لەببەي، ئالىيلىرى، — تۆمۈربۇقا نەسرىدىنبەگ چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تارتىپ خاقانغا يېقىن كەلدى.

— داۋاندىن چۈشۈۋاتقانلارنىڭ كىملىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن دەرھال ئادەم ئەۋەتىڭ.

— خوپ، ئالىيلىرى.

— پۈتۈن لەشكەر سەپراس بولسۇن !

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى.

تۆمۈربۇقا چاپاۋۇل قىسمىنىڭ ئون نەپەر زەپەردەس نۆكىرىنى داۋان باغرىغا ماڭدۇرۇپ تۇرۇۋىدى، ئۇ تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن قوراللىق ئادەم كۆز يېتىم يەردە توختاپ، يادىن ئوق ئۈزدى. غۇيۇلداپ كەلگەن ئوق، جىددىيلىشىپ قالغان مەنسۇرخاننىڭ دەل بېشى ئۈستىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان تۇغقا تېگىپ يەرگە چۈشتى، ئۇ چۆچۈپ كېتىپ بېشىنى ئاتنىڭ بوينىغا قويۇۋالدى، سىلكىنىشتىن دۇبۇلغىغا قادالغان تاجى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بوزاغۇ توپىغا ملەنگەن تاجنى ئېلىپ، تىزلانغان هالدا مەنسۇرخانغا سۇندى. خاقان نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. بولۇنبەگ تاجنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىغا قاداپ قويدى. بۇ چاغدا ئوق ئۈزگەن ئاتلىق كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

تاشلىق يەرگە چۈشكەن يا ئوقىغا دىققەت قىلغان رەيهاندىن ئۇنىڭغا يۆگەلگەن قەغەزنى كۆردى. «بۇ خەت بولمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، يا ئوقىغا قول ئۇزارتتى.

— قالۋائىولۇن[1] ئىكەن، — دېدى رەيهاندىن يا ئوقىنى تۇتۇپ ۋە يۆگەلگەن قەغەزنى ئېلىپ ئاچتى. بۇ راستلا خەت ئىدى.

---

[1] قالۋائىولۇن — ئۇچىسىز ئوق.

رەيھاندىن خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ ئىچىدە ئوقۇدى:

«ئايغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يەرۇئاسمان ئاللانىڭدۇر، بەندىنىڭ ئەمەس. ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ پادىشاھى ئاللادۇر، بەندە ئەمەس. يەر يۈزىنىڭ ھەرقايسى زېمىنلىرىغا شاھ، خان، سۇلتان بولغانلار، ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئىگە بولغان سىناق ئۈستىدىكى ئاقىل بەندىلەردۇر. ئۇلار ئەل غېمىنى يەپ، ئەلنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ئۈچۈن ئادالەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرىدىكەن، قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىدىكەن، ئاللا مەدەتكار بولۇپ، يۈكسەك ھۆرمەت، شەرەپكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، خەلقنىڭ غېمىنى يېمەي، بايلىق، ئاتاق قوغلىشىپ زۇلۇم قىلىدىكەن، ناھەق قان تۆكۈشكە ئۇرۇنىدىكەن، ئاللا ئۇنى جازالايدۇ، تاجۇتەختىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

ئاگاھ بولۇڭكى، بۇغرا قاراخان ئىنىم، ئاللا كەرىم سىزگە ئاتا قىلغان تەڭداشسىز سەلتەنەتكە ناشۇكۇرلۇك قىلىپ، ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم، ناھەق قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كەلدىم. ئاللانىڭ ئەپۇ قىلىشىغا، شەپقىتىگە ئېرىشىمەن دېسىڭىز، ئەل بېشىغا چاپماقچى بولغان قىلىچىڭىزنى قىنىدىن سۇغارماي، پېقىر ئاكىڭىزغا تاپشۇرۇڭ! تۇۋا قىلىپ قىنىدىن سۇغارماي، پېقىر ئاكىڭىزغا تاپشۇرۇڭ! تۇۋا قىلىپ گۇناھىڭىزنى تەڭرىدىن تىلەڭ! ئەگەر بۇنىڭغا ماقۇل بولماي، قارا نىيەت بىلەن سۇغۇرۇلغان قىلىچىڭىزنى يالىڭاچلاپ يۇقىرى كۆتۈرىدىكەنسىز، بۇ قىلىچ ئۆز بېشىڭىزغا چۈشىدۇ. گەپ تامام، ۋەسسالام.

ھىجرىيە 415 ـ يىلى[1] ماھى رەبىيەلئاخىرنىڭ 23 ـ كۈنى. قەشقەر بۇغراخانى يۈسۈپ قادىرخان».

---

[1] مىلادىيە 1024 ـ يىلى 5 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

ئالاقزەدە بولۇپ تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمىگەن مەنسۇرخان رەيھانىدىن ئۇزارتقان خەتكە بىرھازا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇردى.

— خاقان ئالىيلىرى، بۇ قەشقەر بۇغراخاننىڭ سىزگە يازغان خېتى ئىكەن، ئوقۇپ بېرەيمۇ؟

— ياق! — مەنسۇرخان خەتنى يۇلۇپ ئالدى، كۆز يۇگۇرتۇپ چىقىپلا پارە - پارە قىلىپ يەرگە تاشلىدى.

— پەرمان! — قىلىچىنى قىنىدىن سۇغارغان مەنسۇرخان بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، — ھەممە قەبىلە سىپاھلىرى، چاپاۋۇل قىسىم، باسمىچىلار[1]، ئاقىنچىلار[2]، تۇتغاقلار[3]، جاندارلار، ياساۋۇللار، نۆكەرلەر جەڭگە تەييار بولسۇن! مەن قىلىچىمنى سۇغاردىم، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلمىغۇچە قىنىغا سالمايمەن. دەرھال خانتوي[4]نى راسلاپ، چەرگەشمەك[5] زۆرۈر. كىم قاچىدىكەن، دۈشمەنگە ئەل بولۇشقا ئۇرۇنىدىكەن، دەرھال كاللىسى ئېلىنسۇن! يۇغرۇشلار، سۇباشىلار، كۆك ئايىق، چاغرىبەگلەر، بۇ جەڭدە پىداكارلىق كۆرسەتكەيسىلەر!

بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەر قىلىچلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشتى:

— دۈشمەن قېنىنى سۇدەك ئاققۇزغايمىز.

رەيھانىدىن قىلىچىنى باش ئۈستىگە كۆتۈردى:

— ئەلنىڭ ئامانلىقى ۋە ئادالەت ئۈچۈن جان تەسەددۇق.

— سۇباشى! — توۋلىدى مەنسۇرخان.

— لەببەي، ئالىيلىرى، — تۆمۈربۇقا نەسرىدىنبەگ باشلىق تۆت سۇباشى خاقان ئالدىدا قول باغلاپ تۇردى.

— دىققەت بىلەن كۆزىتىڭلاركى، دۈشمەن ھۇجۇم قىلغۇدەك

---

① باسمىچىلار — پىداكارلار.

② ئاقىنچىلار — دۈشمەن قارارگاھلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىم.

③ تۇتغاقلار — دۈشمەن ئادەملىرىنى تۇتۇپ كېلىدىغان ئالاھىدە قىسىم.

④ خانتوي — بۇغرا قاراخان بارگاھى.

⑤ چەرگەشمەك — دۈشمەن قوشۇنلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇدۇل بارگاھ قۇرۇپ سەپ تۈزۈشى.

بولسا دەككىسىنى بېرىڭلار. تۇن تەڭ بولغاندا ئاقىنچىلار
ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يۇسۇپ قادىرخان بارگاھىغا باستۇرۇپ
كىرسۇن. ئۇنى تىرىك تۇتۇپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگەن ئالپىنى
ئوردۇكەنتكە بۇغراخان قىلىمەن، ئۇقتۇڭلارمۇ؟
— ئۇقتۇق، ئالىيلىرى.
— قېنى، بېرىڭلار!
سۇباشىلىرى كەينىچە مېڭىپ خاقاندىن يىراقلاشتى.
تۆمۈربۇقا رەيھانىدىن بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى.
كەچكى شەپەق داۋان باغرىدا ئالا ـ بۇلا شولىلارنى پەيدا
قىلىپ، قىلىچ، نەيزىلەردە چاقنىغانىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن
ياندۇرۇلغان ئوتقاشلار شەپەقنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن
قوشۇلۇپ، داۋاننىڭ ئۈستىدىن ئاستىغىچە ئاجايىپ گۈزەل ۋە
سىرلىق مەنزىرىنى ھاسىل قىلدى.
— مېنىڭ لەشكەرلىرىم نېمىشقا ئوتقاشلىرىنى
ياندۇرمايدۇ؟ — دەپ ئاچچىقلاندى مەنسۇرخان. يۇسۇپ
قادىرخاننىڭ ئوردۇكەنتتىكى ھەرىمىدە بەخىرامان ئولتۇرماي،
بۇنچە كۆپ لەشكەر بىلەن ئالدىغا باستۇرۇپ كېلىشى ئۇنىڭ
زەردىسىنى قايناتقانىدى، — كىم ئۇنىڭغا خەۋەر بەرگەندۇ؟
ئەستاغپۇرۇللا!...
— ياغنى ئايىغان بولسا كېرەك، ئالىيلىرى. ئەمدى
ياندۇرسىمۇ بولىدۇ، — دېدى رەيھانىدىن چېدىر شەكلىدە
قۇرۇلغان خانتويىغا قەدەم باسقان مەنسۇرخاننىڭ كەينىدىن
كىرىپ.
— مەن يۇسۇپ قادىرخاندىن گاداي ئەمەس، ئاغىچى ئۇلۇغى.
بۇيرۇڭ، لەشكەرلىرىم ئوتقاشلىرىنى ياندۇرسۇن! — مەنسۇرخان
ئاچچىقلانغان ھالدا گىلەم سېلىنغان خانتوينىڭ قاپ
ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان تەختتە ئولتۇردى. ئۇنىڭ قورسىقى
ئاچقانىدى، بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشنى خالىماي قالدى. دېمى
ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەر قانداق قىلىش

كىرەكلىكى توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ، تەختنى چۆرىدەپ جىم ئولتۇرۇشتى.

رەيھاندىن خانتويدىن چىقىپ، لەشكەر باشلىقلىرىغا سىپاھلارنى تاماقلاندۇرۇشنى ھەم ئوتقاشلارنى ياندۇرۇشنى بۇيرۇپ تۇرۇۋىدى، باياتىن كۈتۈپ تۇرۇشقان ئۇدمىش بىلەن بويانقار ئاستا يېنىغا كەلدى. ئۇ بوش ئاۋاز بىلەن بوگۈن كېچە قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇلارغا تاپىلىدى. دۇبۇلغا، ساۋۇت كىيىپ، ئومۇت، نەيزە بىلەن قوراللانغان بۇ ئىككى يىگىت ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتتى. كۆڭلى تىنغان رەيھاندىن ئاشچى باشنى چاقىرىپ، دەرھال تامغالىق تەييارلاشنى، يوغروش، جاندارلارغا تاماق ھازىرلاشنى ئۇقتۇردى. داۋان باغرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئەزان ئاۋازىغا قۇلاق سالغان ھالدا خانتويغا كىردى. قىلىچىنىڭ ئالتۇندىن قىلىنغان سېپىنى سىقىملاپ ئويغا چۆككەن مەنسۇرخان بېشىنى كۆتۈردى.

— شام بوپتۇ ئالىيلىرى، ناماز ئوقۇۋالىلى.

مەنسۇرخان چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقان بېشىنى لىڭشىتىپ تەختتىن چۈشتى، ئۇ ئاچچىقلانغان، غەزەپلەنگەن چاغلىرىدا گەپ قىلىشتىن قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇشنى، «جاللات !» دەپ توۋلاشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. لېكىن، ھازىر قىلىچىنى باش ئۇستىگە كۆتۈرۈشنىمۇ، جاللاتنى چاقىرىشنىمۇ بىلەلمەي، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، تەرەت ئېلىپ نامازغا تۇردى. تاماق يەۋاتقاندىمۇ، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىمۇ زۇۋان سۈرمىدى. بىر چاغدا يامان چۈش كۆرگەن ئادەمدەك ئۆندەرەپ تەختتىن چۈشۈپ:

— لەشكەرلەر دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتسۇن. يۈسۈپ قادىرخاننى تۇتۇپ ئالدىمغا كەلتۈرسۇن ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى ! — بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەر ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، شۇ زامان خانتويدىن چىقىپ كېتىشتى.

— شاراب ! — مەنسۇرخان ھېچكىمگە قارىمايلا قولىنى ئۇزارتتى.

رەيھانىدىن ئىدىشچى باشى ئارغۇن غىياسىدىن ئەكىرىپ قويغان خۇمرىدىكى شارابتىن جامغا قۇيۇپ بەردى.

مەنسۇرخان بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

— قۇيۇڭ ! — مەنسۇرخان تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

ئىككىنچى جاممۇ بوشىدى.

— يەنە قۇيۇڭ !

ئۈچىنچى جامنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىز، يەنە قۇيۇڭ.

— ئالىيلىرى، ھازىر شاراب ئىچىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا نېمە قىلىدىغان ۋاقىت؟ — مەنسۇرخان قولىدىكى جامنى يەرگە ئاتتى.

— ئەمدى ياخشى بولدى. ھازىر جامنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، ئەل غېمىنى يەيدىغان ۋاقىت.

مەنسۇرخان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئۈندىمىدى. بولۇنبەگ ھاساسلاپ كىرىپ كەلدى.

— ھەزرىتى خاقان ئالىيلىرى، سۇباشى چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل لەشكەرلىرى بىلەن يۇسۇپ قادىرخان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، — دېدى بولۇنبەگ تىزلىنىپ.

— نېمە دېدىڭ يۇغرۇش ! — چاچراپ تۇرغان مەنسۇرخان تەختتىن چۈشۈپ دېۋەيلەپ كەلدى.

بولۇنبەگ كېكەچلەپ بايىقى سۆزىنى تەكرارلىدى.

— ياق، بۇ يالغان ! ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتكەن گەپ.

— خاقان ئالىيلىرى، ئېيتقانلىرىم راست، چاغرىبەگنىڭ كەينىدىن سۇباشى تۆمۈربۇقا نەسرىدىنبەگمۇ بىر تۈمەن سىپاھ بىلەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم !...

مەنسۇرخاننىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ، خانتوينىڭ بۆرە

تېرىسىدىن قىلىنغان ئىشكىدىن ئېتىلىپ كىرگەن بوزاغۇ مەلۇم قىلدى:

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، جاندار ئۇدمىش ئوردا نۆكىرى بويانقار بىلەن بىرقانچە تۇتغاقلارنى باشلاپ، تۇننىڭ ئاۋۇلىدا كەتكەنچە قايتىپ كەلمەپتۇ.

— يەنە نېمە بولدى؟

— لەشكەرلەر توپ ـ توپ بولۇپ ئوردۇكەنت بۇغراخانى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلىمىز؟ بۇنىمۇ بىلمەمسەن؟! پەرمانىمنى سۇباشى، چاغرىبەگلەرگە يەتكۈز، قاچقانلار چېپىپ تاشلانسۇن!

— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى.

— جاندارلار باسمىچىلار بىلەن خانتويىنى مۇھاپىزەت قىلسۇن.

— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى! — ئالاقزەدە بولغان بوزاغۇ كەينىگە داجىپ ـ داجىپ چىقىپ كەتتى.

— ئاغىچى ئۇلۇغى، سىز چىقىپ تەكشۈرۈپ، يۇغرۇشنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ، يالغانمۇ، بىلىپ كىرىڭ، ئىككى كۈيۈئوغلىڭىز ھازىرغىچە كەلمىگەن بولسا، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاسىيلارنى ئۆز قولىڭىز بىلەن جازالاش ئۈچۈن مەن بىللە ئاتلىنىسىز.

— خوپ ئالىيلىرى، — رەيھانىدىن ئورنىدىن تۇردى.

## 3

تاشقىرىدا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتىكىن؟ بىلىشكە تەقەززا بولغان رەيھانىدىن خانتويىدىن چىقىپ ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆردى: پۈتۈن ئەتراپى ئوتقاشلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بىرقانچە ياساۋۇل، نۆكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا سىپاھلارنى ئارىلاپ، چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل، تۆمۈر بۇقىلارنىڭ

لەشكەرلەرنى باشلاپ، قەشقەر بۇغراخانى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىڭ راستلىقىنى بىلىپ، «ئەجرىم زايە كەتمەپتۇ، ئۇلار ئەھدىسىدىن چىقىپتۇ» دەپ ئويلىدى. دوقاقبەگنىڭمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، «بۇ ئادەمنى ئەجەبلەندۈردۇ، بولمىسا ئۇ يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھقا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى ئىدى» دېدى ئىچىدە، «ئۇدمىش بىلەن بويانقارمۇ ئىشنى ۋاقتىدا جۆندەپتۇ. مەنسۇرخاننىڭ پەيمانى توشتى...» ئۇ خىيال بىلەن خانتويغا يېقىنلاپ، بۇغرا قاراخاننىڭ بۇ بارگاھىنى قارلۇق لەشكەرلىرىنىڭ قورشىۋالغىنىنى كۆردى. ئۇ ئەجەبلىنىپ سىپاھلارنىڭ ئارىسىدىن يول ئېچىپ، خانتويىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇشىغا، قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغان بوزاغۇ:

— تۇتۇڭلار مەنسۇرخاننىڭ بۇ غالچىسىنى! — دەپ ۋارقىرىدى. بىرقانچە نۆكەر كېلىپ رەيھانىدىننىڭ قوللىرىنى قايرىپ زەنجىر بىلەن باغلىدى.

— خانتويغا ئېلىپ كىرىڭلار!

نۆكەرلەر رەيھانىدىننى خانتويغا ئېلىپ كىردى.

— ھە، ئاغىچى ئۇلۇغى، مەقسىتىڭىز ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولدى. مەن بۇغرا قاراخاننى ئەسىر قىلدىم. ئۇنى سىز بىلەن ئوردۇكەنت بۇغراخانغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. كۆيئوغۇللىرىڭىز سىزدىن ئەقىللىك ئىكەن، — دېدى تەختتە ئولتۇرۇۋالغان بولۇنبەگ زەھەرخەندىلىك بىلەن، — بايا سىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغلۇم بوزاغۇ قارلۇق لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، خاقاننى تەختتىن مەھرۇم قىلدى. بۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىۋاتامسىز؟

— ياق، ھەيران قېلىۋاتىمەن، يۇغرۇش باشى. شۇنچە يىللاردىن بېرى سىزنى ئەتىۋارلاپ كەلگەن بۇغرا قاراخانغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىڭىزدىن ھەيران قېلىۋاتىمەن، — ئۇ تەخت يېنىدا باغلاپ قويۇلغان مەنسۇرخاننىڭ بىچارىلەرچە ھالىتىدىن

نەپرەتلىنىپ دېدى، ــ خاقان ئالىيلىرى، سىزنىڭ بۇ كۇنگە قېلىشىڭىز، ناھەق قان تۆكۇشكە ئۇرۇنغانلىقىڭىزنىڭ، سادىق دوستلىرىڭىزنىڭ سەمىمىي مەسلىھەتىگە قۇلاق سالماي، ئاسىيلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىڭىزنىڭ، تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىڭىزنىڭ ئاقىۋىتى!

ــ بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا، سادىقلىق بىلەن ئاسىيلىق ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، ــ دېدى بولۇنبەگ ھاياسىزلارچە ھىجىيىپ.

ــ ياق، سادىقلىق ئاسىيلىققا يول قويمايدۇ. ئاسىيلاردا ساداقەت، ۋىجدان بولمايدۇ، يۇغرۇش.

ــ ئۇنداق بولسا سىز مەنسۇرخانغا سادىقمۇ؟

ــ بۇنى كېيىن بىلىپ قالىسىز.

مەنسۇرخان رەيھاندىنغا گۇمان بىلەن قاراپ قويدى، لېكىن ئېغىز ئاچمىدى. ئۇنىڭ سۆزلىگۇدەك ماجالى قالمىغانىدى.

ــ شۇنداقمۇ؟ ــ بولۇنبەگ خىرىلداپ كۇلدى. ئۇ بوزاغۇغا قاراپ، ــ ئوغلۇم، لەشكەرلەرگە بۇيرۇق، ئاق تۇغنى كۆتۇرۇپ يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھقا ئەل بولۇش ئۇچۇن ئاتلانسۇن!

ــ باش ئۇستىگە، ــ بوزاغۇ مەنسۇرخاننىڭ شاھلىق ھاسىسىنى ئېگىز كۆتۇرۇپ خانتويدىن چىقىپ كەتتى.

ــ قېنى مەنسۇرخان، رەيھاندىنبەگ تۇرۇڭلار، ــ بولۇنبەگ تەختتىن چۇشۇپ ياساۋۇللارغا بۇيرۇدى، ــ بۇلارنى ئېلىپ مېڭىڭلار!

رەيھاندىن بىلەن مەنسۇرخاننى خانتويدىن ئېلىپ چىققان ياساۋۇللار ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. بولۇنبەگ بىلەن بوزاغۇ ئاتقا مىنىشكەنىدى.

مەنسۇرخاننىڭ لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتكەنىدى. تۇمەنلىگەن لەشكەر بەدەلئارت داۋىنى تەرەپتىن قويرۇقى ئۇزۇلمەي چۇشۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۇپ ھاياجاندىن پۇتۇن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن رەيھاندىننىڭ كۆڭلى كەلكۇن كەلگەن

دەريادەك دولقۇنلاندى. ئۇ بېشىنى تىك تۇتۇپ قەدىمىنى تېزلەتتى. مەنسۇرخان بويىنىدىن باغلاپ سۆرىگەن ئىتتەك كەينىگە داجىپ پۇت يۆتكەيتتى.

قەشقەر بۇغراخانى لەشكەرلىرىنىڭ ئالدى يېقىنلاپ قالغانىدى. بولۇنبەگ:

— بارلىق سىپاھلار ئاتتىن چۈشۈپ تىزلىنىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. ئۆزىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ تىزلاندى. ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان كۆرەڭ مەنسۇرخان گەدىنى قويىمىدىمۇ، تىزلانغىلى ئۇنىمىدى، بوزاغۇ گەجگىسىدىن بېسىپ تىزلاندۇردى.

ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن يېتىپ كەلگەن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كۆزى قوللىرى زەنجىر بىلەن باغلىنىپ تىزلاندۇرۇپ قويۇلغان مەنسۇرخان بىلەن رەيھانىدىنغا چۈشتى. ئۇ كىچىكىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، سەمەرقەنت، ئۆزكەنتلەردە بىللە جەڭ قىلغان مەنسۇرخاننى تونۇدى، قېرىنداشلىق مېھرى يۈرىكىنى تىترەتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ قوللىرىنى باغلاقتىن بوشاتتى.

— تۇرۇڭ خاقان ئىنىم، سىزنى بۇ ھالدا كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم.

مەنسۇرخان يەردىن باش كۆتۈرمەي تىزلانغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

رەيھانىدىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يۈسۈپ قادىرخانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىلى بارغان ئۇدمىش بىلەن بويانقار تىز چۆكۈپ:

— ئەمىرۇل مۇئمىنىن، رەيھانىدىن بېگىم بىلەن كۆرۈشكەيلا، — دەپ ئۇنى كۆرسەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇغراخان ئالىيلىرى، مۇبارەك دىدارلىرىغا ئىنتىزار ئىدۇق، — دېدى رەيھانىدىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ زەنجىرلەنگەن قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە

مەنمۇ ئىنتىزار ئىدىم، — يۈسۈپ قادىرخان ئۇنىڭ قوللىرىنى زەنجىردىن بوشىتىپ قۇچاقلىدى، — ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئەلنى قىرغىنچىلىقتىن، بىزنى ناھەق قان تۆكۈشتىن ساقلاپ قالغىنىڭىز ئۈچۈن تەشەككۈر، رەيھانىدىنبەگ.

— رەھمەت ئالىيلىرى، مەن پەقەت بەندىلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. ئەلنى ئەمىنلىككە يەتكۈزگەن، خاقانلارنى ئىنساب، ئادالەتكە يۈزلەندۈرگەن تەڭرىمدىن مىننەتدارمەن.

تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىدىن بولۇنبەگ، بوزاغۇلارنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك يوغىناپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كەينىدە گىدىيىپ تۇرغان دوقاقبەگ ھەيران قېلىپ: «رەيھانىدىنبەگ يەنىلا بىزدىن ئەقىللىك چىقتى» دەپ ئەجەبلەندى.

يۇلتۇزلۇق ئاسماندا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئاينىڭ نۇرى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ دۇبۇلغىسىغا قادالغان ئالتۇن تاجدا چاقناپ، رەيھانىدىننىڭ چىرايىدىكى خۇش تەبەسسۇمغا قوشۇلۇپ كەتتى...

## 4

يۈسۈپ ئويغانغاندا چولپان تۇغقانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەھەر تۇرۇپ كەتكىنىدىن ئاجايىپ بىر تۇيغۇغا چۆمۈپ «ئاتام پات ئارىدا قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، جەڭ بولغاندىمۇ زادى؟ ياق، جەڭ بولمىدى، بولمىسۇن ئىلاھىم. ئاتام كەلگۈچە ‹نورۇزنامە›نى يېزىپ پۈتكۈزۈۋەتسەم بولاتتى...» دەپ ئويلاپ شامىنى يورۇتتى. ياستۇقى ئاستىغا باستۇرۇپ قويغان كىتابنى ئالدى. بۇ ئەرەب شائىرلىرىنىڭ ئالماناخى[①] ئىدى.

يۈسۈپ، تۆت - بەش يىلدىن بېرى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئەرەب ئەدەبىي تىلىنى خېلى پىششىق بىلىۋالغانىدى. ئەرەب شائىرلىرىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىندە يېزىلغان شېئىرلىرىنى

① ئالماناخ — بىرلەشمە توپلام.

چۈشىنەلەيدىغان، مەنىسىگە يېتەلەيدىغان بولغانىدى. ئۇستازىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن يادلاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرچە شېئىرلارغا ئەرەبچە يېزىلغان شېئىرلار قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل دەپتىرى توشۇپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ سەبىي دىلى شېئىرغا ئىشتىياق باغلىغانىدى. شۇدەم ئۇ ئالماناخ ئىچىدىكى ئەئشا ئىسىملىك ئەرەب شائىرىنىڭ تۆت قىز ھەققىدە يازغان تەسىرلىك قەسىدىسىنى ئاجايىپ زوق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى... كۆز ئالدىغا قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى كونا چېدىر كەلدى. ئەنە، چېدىر ئالدىدا بىر تۆگە يانپاشلاپ يېتىپ كۆشەۋاتىدۇ. چېدىر ئىچىدە بىر بوۋاي جايناماز‌دا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلماقتا. چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان ئانا تەڭنىدە ئارپا ئۇنىدا خېمىر يۇغۇرماقتا. بىر - بىرىدىن چىرايلىق تۆت ئاچا - سىڭىل تىزلىرىغا قويۇلغان ئاق شايى ياغلىقتا يۇرەككە ئوخشىتىپ كەشتە توقۇماقتا. ئۇلار بۇ ياغلىقلارنى ئۆزلىرىنى ياخشى كۆرگەن مەرد يىگىتلەرگە تەقدىم قىلماقچى. قېنى، قايسى ئەزىمەت ھەممىدىن بالدۇر ئۇ قىزلار توقۇغان ياغلىققا ئېرىشەلەيدۇ؟

قەسىدىدىكى سۆز دۇردانىلىرىدىن توقۇلغان ئاجايىپ نەپىس مىسرالار بەتلەردە قۇرلانغانىدى، تۆت قىزنىڭ ھۆسن - جامالى ھەرقانداق يىگىت ئاشىقى شەيدا بولغۇدەك سۈرەتلەنگەنىدى.

بۇ قەسىدە يېزىلىپ ئەرەب دىيارىغا تارقالغاندىن كېيىن، ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى چۆلدىكى ئاشۇ تۆت قىزغا مەپتۇن بولۇپ ئاتلىنىپتۇ. باشقىلاردىن بۇرۇن يېتىپ بارغان تۆت شاھزادە قىزلارنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى پەرزەنت غېمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئارزۇسىغا يەتكۈزۈپتۇ.

ئۇستاز ئەبۇ يۇتۇھ مەخدۇمنىڭ يۇسۇپكە ئېيتىپ بېرىشىچە، كەينى - كەينىدىن بالاغەتكە يېتىپلا لايىق چىقماي ئولتۇرۇپ قالغان تۆت قىزنى ئېلىپ، شەھەردىن چۆلگە چىقىپ كەتكەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ تۆككەن كۆز ياشلىرى قۇمغا سىڭىپ كېتىدىكەن. بىر كۈنى تۆگىگە مىنىپ ئۆتۈپ

كېتىۋاتقان شائىر ئەئشا ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋېلىپ ماڭماقچى بولۇپتۇ. قىزلارنىڭ ئاتىسى ئۇنى تونۇپ قېلىپ خۇشاللىق بىلەن چېدىرغا باشلاپتۇ. يالغۇز تۆگىسىنى سويۇپ شورپا سېلىپ، تاماق ئېتىپ قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن شائىر ئۇزاپ مېڭىش ئالدىدا:

— ئى پەدەر، يالغۇز تۆگىڭىزنى سويۇپ پېقىرنى مېهمان قىلدىڭىز، ئېيتىڭ، نېمە هاجىتىڭىز بار، ئېيتىڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي يىغلاپ تۇرۇپ، كۆرۈمسىز تۆت قىزىنىڭ بارلىقىنى، شۇلار ھەققىدە بىر قەسىدە يېزىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەئشا يۇقىرىقى قەسىدىنى يېزىپ چىققانىكەن.

يۇسۇپ شۇ تاپتا تىل بىلەن ئىزهار قىلىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ئاجايىپ كۈچلۈك تەسىرات ئىلكىدە قىزلارنىڭ نىداسىنى ئاڭلىغاندەك، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ياغلىقلارغا چېچىلغان ئەنبەرنىڭ خۇشبۇيىنى ھىدلىغاندەك بولۇپ تاقەتسىزلەندى. «ھەتتىگىنەي، شۇ چاغلاردا تۇغۇلۇپ قالغان بولسام، بۇ قەسىدىنى ئوقۇپ، كەنجى قىزنىڭ ۋاپادارلىق كەشتىلەنگەن ياغلىقىغا بىرىنچى بولۇپ ئېرىشكۈچى مەن بولۇپ قالاتتىكەنمەن. كاشكى، كاشكى...» دەپ ئويلىدى. بۇ تۇيغۇن بىر بالىنىڭ سەۋەبىي ھېسسىياتى بولۇپ، گۆدەكلەرچە شېرىن خىيالىنىڭ سەزگۈر قەلب دېرىزىسىنى چېكىشى ئىدى.

يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى، ئىككى موشتۇمىنى تۈگۈپ هويلىغا كۆز سالدى. ياز تېڭىنىڭ مەيىن شامىلى كۆل بويىدىكى مەجنۇنتاللارنى يەلپۈپ، ئېچىلىشقا يۈزلەنگەن گۈل - غۇنچىلىرىنى سۆيمەكتە ئىدى. تۆت قىز ھەققىدىكى قەسىدە ئۇنىڭ ئىلھامىنى قاناتلاندۇرغان، پىكرىنى راۋانلاشتۇرغانىدى. ئۇ دېرىزىنى قىيا ئېچىپ، چولپاننىڭ نۇرى چېچىلغان ساپ هاۋادىن نەپەسلىنىپ كەينىگە ياندى. ئۇستازىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېزىۋاتقان «نورۇزنامە»گە كۆز يۈگۈرتۈپ ئايىغىنى داۋاملاشتۇردى. سۈبھى يورۇپ، ئۇپۇق يۈزىدە ئوتقاشتەك

شەپەق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى يېزىپ بولدى. قايتا ـ قايتا ئوقۇپ تۈزىتىپ ئاققا كۆچۈردى ۋە ھەر كۈندىكىدىن بىرىم سائەت بۇرۇن قارىيخانىغا كېلىپ ئۇستازىغا ئوقۇپ بەردى.

كەلدى نورۇز، لەۋەن كەلدى،
جۇتنى سۈرەر تىمەن كەلدى.
بۇزۇپ قىرغاق ئوقچۇپ ئەگىز،
سۇ پەرسى بىلەن كەلدى.
تىلغاپ يەرنى نۇرغا قاقلاپ،
سىخىي باتۇر كەتمەن كەلدى.
يەڭنى تۇردى يىگىت قىردا،
قىزلار كۈلۈپ چېچەن كەلدى.
پەلپۇنۇپ كۆك مايسا ـ ئوتلار،
بۇ يىل ھاۋا بەلەن كەلدى.
تۇرنا ـ غازلار قىلىپ پەرۋاز،
ئاپپاق ماموق بەدەن كەلدى.
تاغدىن چۈشكەن كۆك بۆرىگە،
ئوتلاپ تويغان جەرەن كەلدى.
يىلقا چىقتى كەڭ يايلاققا،
چوپانلاردىن سۈرەن كەلدى.
كۈمۈش شاختا زۇمرەت ياپراق،
گۈل بەرگىدە تىكەن كەلدى.
كۈلۈپ غۇنچە سايراپ بۇلبۇل،
دالا ـ باغقا چىمەن كەلدى.
شادلان خەلقىم ــ بوشلار، قۇللار،
ساڭا ئۆز، ھۆر ۋەتەن كەلدى.

ــ بارىكاللا بالام، خاقاندىن تىللا ئىنئام ئالغان ئەنچى شائىردەكلا ھېسسىياتلىق يېزىۋېتىپسەنغۇ، ــ دېدى ھاياجاندىن

يۈرىكى ئويناپ كەتكەن ئەبۇ پۇتوھ مەخدۇم يۇسۇپنىڭ دولىسىغا قېقىپ. ئۇ بالىلار يىغىلغاندىن كېيىن يۇسۇپنى ئالدىغا چىقىرىپ «نورۇزنامە»نى ئوقۇتتى. ساۋاقداشلىرى:

— بەلەن يېزىپسەن يۇسۇپ، — دەپ سۈرەن سېلىپ ئالقىشلاشتى.

ئەبۇ پۇتوھ مەخدۇم ئۇنى سول ياندىكى دەرسخانىغا يۆتكەپ، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ پەنلىرىدىن دەرس بېرىشكە، ئەبجەد ھېسابى[1]نى ئۆگىتىشكە باشلىدى. يۇسۇپ ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. ئەستە تۇتۇشى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»نى يادلىۋالغانىدى. ئۇ ئەدەبىيات، تارىخ ئىلمىغا قىزىقىپ قېلىشۋاتاتتى، بۇ ھەقتە يېزىلغان فارابى، ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىنى، ئەرەب تىلىدىكى تارىخ، ئەدەبىياتقا دائىر ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىققانىدى. ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ئەقلى چوڭ بولغاچقا، ئاقىللار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولالايتتى. پىكرى راۋان، ئوچۇق، ئەدەپلىك بۇ شاگىرتىنى ئەبۇ پۇتوھ مەخدۇم ياخشى كۆرەتتى. ئىززىتىنى قىلاتتى. يۇسۇپنىڭمۇ تۆت - بەش يىلدىن بېرى بۇ ئۇستازىغا بولغان ھۆرمىتى، مېھرى - مۇھەببىتى كۈنسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ھەر قېتىم ئۆيىگە بارغاندا، ئۇستازى يېڭى - يېڭى كىتابلارنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلاتتى. سەمەرقەنتنىڭ پاتلىق لاتا قەغىزىگە كۆچۈرۈپ شىرازلاپ[2] مۇقاۋىسىغا ئالغان «مىڭ بىر كېچە»نى ئىمزاسىنى قويۇپ تەقدىم ئەتكەنىدى.

مەخدۇمنىڭ ئايالى ھاۋاخان ئاغىچا يۇسۇپنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ كۈتۈۋالاتتى. يەتتە ياشلارغا كىرىپ قالغان ئاقىبىرا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ كىتاب ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈنەتتى، يۇسۇپنىڭ

---

① ئەبجەد ھېسابى — سان بىلەن ئەمەس، ھەرپ بىلەن ھېسابلىنىدىغان قىزىقارلىق ھېساب ئىلمى.

② شىرازلاپ — تۈپلەپ.

لەرزان، جاراڭلىق ئاۋازىغا قولاق سالاتتى. بۇ ئائىلىنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرگەن يۈسۈپ زادىلا تارتىنمايتتى. ئۆتكەن يىلدىن بېرى ھاۋاخان ئاغىچا مەھەللىدىكى قىزلارنى ئۆيىدە ئوقۇتۇشقا باشلىغاندىن تارتىپلا يۈسۈپ بۇ ئۆيگە ئاز كېلىدىغان بولدى. ئۇ تېخى بالا ئىكەنلىكىگە قارىماي ئىشلارنى ئەنە شۇنداق ئىنچىكە ئويلايتتى.

يۈسۈپ بۈگۈن چۈشتە ئۆيگە كېلىپ، پېشايۋاندا بوۋىسى بەگتۆمۈر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بويانقارنى كۆردى. «ئاتام قايتىپ كەلدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. بويانقار بويى ئۆسۈپ چوڭلا بولۇپ قالغان يۈسۈپنى بىر كۆتۈرۈپ، يەرگە دەسسىتىپ قويدى، ئاتىسىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى يەتكۈزدى.

— ئوردۇكەنتكە باردىڭلارمۇ؟ — سورىدى يۈسۈپ.

— بارمىدۇق، — دېدى بويانقار مەغرۇرلانغان ھالدا.

— نېمىشقا؟

— قەشقەر بۇغراخانى ئالدىمىزغا كېلىپ قالدى.

— مەنسۇرخانچۇ، جەڭ بولمىدىمۇ؟

— جەڭ بولمىدى، ئۇكام، بولۇنبەگ مەنسۇرخاننى ئەسىر قىلىپ قەشقەر بۇغراخانىغا تۇتۇپ بەردى.

— ئاتامچۇ، قەشقەر بۇغراخانى بىلەن كۆرۈشكەندۇ؟

— كۆرۈشتى. مەن بۇ غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇرۇنراق كەلدىم.

— بولۇنبەگ قەشقەر بۇغراخانىغا ئۆچ ئىدىغۇ؟

— بۇنى مەنمۇ چۈشەنمىدىم، بەگ ئاتام كەلگەندە چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ، ئۇكام.

— بۇنى مەنلا چۈشەندۈرۈپ قوياي، بالام، — دېدى بەگتۆمۈر، — كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار.

بويانقار، يۈسۈپ ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇردى.

— بالىلىرىم، بولۇنبەگ ئۆزىنىڭلا كۆمچىگە چوغ تارتىدىغان

ئىككى يۈزلىمە، مەككار، پۇرسەتپەرەس ئادەم. ئەھۋالغا قاراپ ئۆز جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن قارا نىيىتىنى يوشۇرۇشقا، قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇستا. جەڭ قىلىپ زەپەر قازىنىشقا كۆزى يەتمىگەچكە، يۈزىنى بىرلا ئۆرۈپ مەنسۇرخانغا ئاسىيلىق قىلغان گەپ.

— راست دېدىلە، بوۋا، — دېدى يۈسۈپ، — ئاسىيلىق قىلىش مۇناپىقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى.

— بويانقار ئەمەس، سەن بىللە بارغانىدەكلا سۆزلەۋاتىسەنغۇ بالام، — بەگتۆمۈر نەۋرىسىنىڭ سۆزىدىن سۆيۈنگەن ھالدا بويانقارغا قاراپ دېدى، — قارىغاندا، بولۇنبەگ خىزمەت كۆرسەتكەن سەركەردە بولۇۋاپتۇ ـ دە.

— شۇنداق، بوۋا. لېكىن، رەيھانىدىنبەگ ئاتام بۇنى بىلىدۇ، تولكە قۇيرۇقىدىن ئىلىنماي قالمايدۇ.

— بويانقار ئاغامنىڭ دېگىنى بەك توغرا، ئەمدى قەشقەر بۇغراخانى بىلەن ئاتامنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن، بوۋا، مەن بەگتاش بوۋامغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزەي.

يۈسۈپ بەگتاش ئابدۇللا داموللا بوۋىسىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. بويانقار ئۇردا ۋە ھەرەمدىكىلەرنى ۋاقىپلاندۇردى. بالاساغۇندىكى ئاۋامۇ شۇ كۈنىلا بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، قىرغىنچىلىق بولمايدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، قەشقەر بۇغراخانىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى.

كوچا ـ كويلار سىپىرىپ سۈپۈرۈلۈپ، سۇ چېچىلدى، كۆللەرنىڭ سۈيى يېڭىلاندى، يول ياقىلىرى گۈل ـ گىياھلار بىلەن بېزەلدى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھال رەڭ قىزىل تۇغى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قادىلىپ، شەھەر ئاجايىپ كۆركەملىشىپ كەتتى. يەتتە دەرۋازا ئۈستىگە ناغرا ـ سۇناي، بۇغرا ـ كاناي ئېلىپ چىقىلىپ، چېلىشقا تەييار قىلىندى.

ھەرەم ۋە ئوردا ئىچىمۇ بېزىلىپ، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك چاقناپ كەتتى.

بويانقار كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى، قەشقەر بۇغراخاننىڭ بالاساغۇنغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كېلىپ ئوردا قوزغىلىپ كەتتى. بۇغرا قاراخان جەمەتى، چوڭ ـ كىچىك، ياش ـ قېرى ئەكابىر ـ ئەشرەپلەر، ياساۋۇل نۆكەرلەر قارشى ئېلىش ئۈچۈن دەبدەبە بىلەن يولغا چىقىشتى. شەھەردىكى ياغما، قارلۇق، ئوغراق، چىگىل، قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇزۇن سەپ ھاسىل قىلدى.

يولغا پاكلىق ۋە ئاقيوللۇقنىڭ بەلگىسى بولغان ئاق پاياندار سېلىنغانىدى. تېرەك بويى ئۆرلىگەن كۈن نۇرى يېڭى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرغان سانجاق ـ سانجاق ئادەملەر توپىغا چۈشۈپ، قىز ـ جۇۋانلارنىڭ چاچ تەڭگىلىرىدە، زىرە ـ ھالقىلىرىدا چاقناپ ۋاللىدايتتى. چۇ دەرياسىدىن ئەسكەن مەيىن شامال يول ياقىسىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ زۇمرەت يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئويناپ، يۈزلەرگە يېقىملىق ئۇرۇلاتتى. ھەممىنىڭ كۆزى يولدا ئىدى.

سەپنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدىن شەيخۇلئىسلام بەگتاش ئابدۇللا داموللا قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئورۇن ئالغانىدى. بۇلارنىڭ باشلىرىغا قارا كۆك، سارغۇچ كۈنلۈكلەر سايە چۈشۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەتتە بۇغرا تۆگە قۇيرۇق چۆرۈپ تۇرۇشاتتى. تۆگىلەرنىڭ بىرىگە چىرايلىق ياسالغان ئالتۇن توقا[1] ئورنىتىلغانىدى. تۆگىنىڭ قۇيرۇقىغا زەر چۇچىلىق قىزىل يىپەك لېنتا چىگىلگەن، قىزىل يىپەك شوينىغا يۆگەلگەن ئالتۇن زەنجىردىن ياسالغان نۇقتا تۇمشۇقىغا سېلىنغانىدى. بوينىغا ئارسلان تىرنىقى، بۆرە ئوشۇقى، يىلان مۈڭگۈزى قاتارلىق مۇنچۇق[2] ئېسىلغانىدى. قالغان تۆگىلەرگە كۈمۈش تۈش[3] ئورنىتىلغان بولۇپ، قەشقەر

① ئالتۇن توقا ـــ ئېگەرگە ئوخشايدىغان، ئۈستىگە ماموق يېپىلغان ئالتۇن تەخت.
② مۇنچۇق ـــ تۆگە، ئاتلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدىغان زىننەت بۇيۇمى.
③ تۈش ـــ ئېگەرسىمان تەخت.

بۇغراخانى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ھەمراھلىرىنىڭ مىنىپ قوزئوردۇغا كىرىشى ئۈچۈن تەييار قىلىنغانىدى. تۆگىلەرنىڭ چۇلۋۇرلىرىنى بويانقار، ئادار، ياروق قاتارلىق ئالىپلار تۇتقانىدى.

## 5

يۇسۇپ ئۇستازى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمنىڭ يېنىدا تاقىتى تاق بولغان ھالدا يولغا قاراۋاتاتتى. ئانىسى، ئاچىلىرىمۇ ئوردىدىن چىققان خانىش، مەلىكە، كېنىزەكلەرنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۇرۇشقانىدى.

— كەلدى، ئوردۇكەنت بۇغراخانى كەلدى، ئاتام كەلدى ! — ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان يۇسۇپ سەكرەپ كەتتى. ئۇ كۈمۈش جاملارغا مۇزدەك جۇلاپنى تولدۇرۇپ تۇردى.

ئالدىدا توققۇز ھال رەڭ تۇغنى كۆتۈرگەن تۇغچىلار، ناغرا ـ كاناىلىرىنى ياڭراتقان قىرىق نەپەر شادىيانىچىلار، ئاندىن ئالتۇن گۈرزە كۆتۈرگەن توقسان توققۇز ھۆرمەت قاراۋۇللى يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشتى ۋە ئىككى يانغا بۆلۈنۈپ ئارىلىقتىن يول ئېچىپ قويدى. قىزىل تورۇققا مىنگەن يۇسۇپ قادىرخان چوڭ ئىنىسى ئەھمەد بىننى ھەسەن، ئىككىنچى ئىنىسى ئەلى بىننى ھەسەن، ئوغۇللىرى سۇلايمان ئارسلانخان، مۇھەممەد ئارسلانخان، مەھمۇد ئارسلانخانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كەلدى ۋە ئېگىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن شەيخۇلئىسلام باشلىق دۆلەت ئەركانلىرىغا جاۋاب سالام قايتۇرۇپ ئاتتىن چۈشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قوزئوردۇلۇق قېرىنداشلىرىم. ئاللا سىلەرنى ئامان، يولۇڭلارنى راۋان قىلسۇن !

— ئوردۇكەنت بۇغراخانى — بىزنىڭ بۇغرا خانىمىز !

— غازى پادىشاھنى قارشى ئالىمىز !

گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك پەلەكنى قۇچقان ئاۋام ساداسى توختىماي ياڭرىدى.

مەڭزى ئاناردەك قىزارغان يۈسۈپ ئىتتىك بارغىنىچە يەكتىز بولۇپ قەشقەر بۇغراخانغا كۆمۈش جامنى سۇندى.

— بۇغراخان ئاتا، ھارمىغايلا، پەرزەنتلىرى ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ كەلدىم.

— تۇرغىن، بالام، — يۈسۈپ قادىرخان كۆلۈمسىرەپ ئۇنىڭ سەل تىترىگەن قوللىرىدىن جامنى ئالدى، مۇزدەك جۇلاپتىن بىر ئوتلىدى، — جۇرئەتلىك ئىكەنسەن، بارىكاللا، — ئۇ يەنە بىر ئوتلاپ سورىدى، — ئوقۇۋاتامسەن؟

— ئەلۋەتتە، بۇغراخان ئاتا.

— نېمىنى ئۈگىنىۋاتىسەن، بالام؟

— ئالەم ۋە ئادەم توغرىسىدىكى بىلىكنى.

— ئالەم دېگەن نېمە ئىكەن؟

— چەكسىز بوشلۇق ۋە سان ـ ساناقسىز جىسىم ئىكەن.

— ئادەم دېگەنچۇ؟

— سۆزلەيدىغان مەخلۇق ئىكەن.

— ھازىر نېمىنى كۆرۈۋاتىسەن؟

— پادىشاھ ۋە ئاۋامنى.

— بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلماقچى سەن؟

— زېمىننى دەسسەپ، ئادەمگە يۆلەك بولاي دەيمەن.

— غەيرىتىڭ چوڭ ئىكەن، يارايسەن، بالام. بۇ خىسلەتلىك ۋۇجۇد دەرىخىڭگە نېمە ئىسىم قويۇلغان؟

— يۈسۈپ ! — ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ چىقتى.

— ئىككىمىزنىڭ ئېتى ئوخشاش ئىكەن، — كۈلدى بۇغراخان جۇلاپنى يەنە بىر سۈمۈرۈپ.

— كىمنىڭ ئوغلى سەن؟

— رەيھانىدىنبەگنىڭ، شاھ ئاتا، — يۈسۈپ بۇغراخاننىڭ كەينىدىن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئاتىسىنى كۆرسەتتى.

يۈسۈپ قادىرخان باش لىڭشىتىپ بەكمۇ زوقلانغان ھالدا دېدى:

— بالام، ئاتاڭدەك خەلق غېمىنى يەيدىغان ئادالەتپەرۋەر ئادەم بولۇشنى خالامسەن؟

— خالايمەن، شاھ ئاتا، ئۇلۇغ ھاجىپ بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

— تەڭرىم تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن، بالام، — بۇغراخان ئېگىشىپ يۇسۇپنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن پېشانىسىگە سۆيدى ۋە نەزىرىنى رەيھانىدىنغا ئاغدۇردى، — بەگ، بۇ سۆيۈملۈك ئوغلىڭىزنى ئەتە ئوردىغا ئېلىپ بارغايسىز، ھەمسۆھبەت بولغۇم بار.

— يۇسۇپ قادىرخان جۇلاپىنى ئىچىپ، جامنى يۇسۇپكە بەردى.

— بۇغراخان ئالىيلىرى، ناندا مەرھەمەت قىلغايلا.

يۇسۇپ قادىرخان قاراپ، تىزلىنىپ نان سۇنغان بوۋاينى كۆردى. بوۋاينىڭ ساقىلىمۇ سەللىسىدەك ئاپپاق ئىدى. كۆك شايى بەلبېغىغا خەنجەر ئېسىقلىق تۇراتتى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئاتا، — بۇغراخان ئۇنىڭدىن تىنچلىق - ئامانلىق سوراپ، كۈمۈش تەلەڭگىدىكى چوغدەك قىزىرىپ پىشقان گىردە ناندىن ئوشتۇپ ئاغزىغا بىر پارچە سالدى، — ئەجەب مەززىلىك ئىكەن. ئىسمىڭىز نېمە، ئاتا؟

— ئاشانبۇقا، شاھىم.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— يەتمىشتىن ئاشتىم، شاھىم.

— قايسى قەبىلىدىن؟

— چىگىل قەبىلىسىدىن، شاھىم.

— بوشمۇسىز، قۇلمۇ؟

— رەيھانىدىنبەگكە قۇل ئىدىم، ئازاد قىلىنغۇەتتى. ئەمدى قۇلدار بولۇپ قالدىم، كاتتا بېغىممۇ بار.

— شۈكۈر قىلىڭ، ئاتا، تەڭرىم قۇللارنى ئازاد قىلغان بەندىسىنى دوست تۇتىدۇ. مەنمۇ قۇللارنى ئازاد قىلغان پۇقرانى

قەدىرلەپ دوست تۇتىمەن.

— پېقىرمۇ قۇللىرىمنى ئازاد قىلىۋېتىمەن، شاھىم.

— تەڭرىم سىزگە رەھمەت قىلسۇن، ئاتا.

— ئاژۇن ئەلچىسى[①] بولۇپ ئۆتكەيلا، شاھىم.

ئاشانبۇقا دۇئا قىلىپ كەينىگە ياندى.

يۈسۈپ جامغا تولدۇرۇلغان جۇلاپنى ئاتىسىغا سۇندى. رەيھانىدىن ئۇنى باغرىغا يېقىپ تۇرۇپ جۇلاپنى ئىچتى.

يۈسۈپ قايتىپ بېرىپ ئاچىلىرىغا ياساۋۇللار مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان ئېگىز چاقلىق بىرقانچە مەپىنى كۆرسەتتى. زەمۇران ئانا بىر تەلەڭگىدە نان، ئايتولۇن، ئايسىلىگلەر ئىككى جام شەربەتنى ئېلىپ مەپىنىڭ يېنىغا كېلىشتى. مەپە ھەيدىگۈچىدىن سوراپ بۇ چىرايلىق بېزەلگەن مەپىدە خانىشنىڭ بارلىقىنى بىلدى.

زەمۇران ئانا مەپىنىڭ ئالدىغا تارتىلغان گۈللۈك پەردىنى كۆتۈردى. يۈزىگە يېپىقلىق چۈمبەلنى قايرىپ تەزىم قىلدى.

— خانىش ئالىيلىرى، خۇش كېلىپلا، مۇبارەك قەدەملىرى دىيارىمىزغا بەرىكەت ئېلىپ كەلمىش...

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرمەي ئەجەبلەنگىنىچە داڭ قېتىپ قالدى. ئۇ خانىشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئالتۇن تارىم ئادىرا تۇركەن خاتۇننى كۆرگەندى. مەرھۇم ئەھمەد تۇغانخاننىڭ بۇ خوتۇنى تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتكەندىن بۇيان ئىز ـ دېرىكى بولمىغانىدى. «ھە، ئوردۇكەنتكە يوشۇرۇن قېچىپ بېرىۋاپتىكەن ـ دە. قۇزئوردۇغا نېمىشقا كەلدىكىن ؟...»

— زەمۇران ئاغىچىمۇ بۇ، مېنى تونۇۋالغان ئوخشىمامىلا؟ — دېدى ئالتۇن تارىم ئادىرا كۈلۈمسىرەپ.

— قانداقمۇ تونۇماي، قەسىرلىرىگە مېھمانغا چاقىرىپ تۇراتتىلە ئەمەسمۇ، — زەمۇران ئانا ئۇنىڭ بىلەن يۈز بېقىپ

① ئاژۇن ئەلچىسى — جاھان شاھى.

كۆرۈشتى.

— ئالتۇن تارىم ئەسىمابىكە بىلەن كۆرۈشسىلە، دېدى ئادىرا مۇڭلۇق كۆزلىرى بىلەن ئىما قىلىپ. ئاندىن ئۇنى خانىشقا تونۇشتۇردى، — قۇزئوردۇدىكى زەردار بەگتۇمۇرنىڭ رەپىقىسى بولىدۇ. قۇزئوردۇدىكى چېغىمدا دائىملىق مېھمىنىم ئىدى.

— كۆرۈشكىنىمدىن مەمنۇنمەن، — خانىش سەل سىگار يان بولۇپ مەگزىنى تۇتۇپ بەردى. زەمۇران ئانا ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ، جايىغا قايتىپ كەلدى.

شەيخۇلئىسلام بەگتاش ئابدۇللا داموللا ئوردا ياساۋۇلى قولىدىن ئالتۇن توقا ئورنىتىلغان بۇغرانىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئېلىپ، يېتىلىگىنىچە يۇسۇپ قادىرخانىنىڭ يېنىغا باردى:

— بۇغراخان ئالىيلىرى، ئاۋامنىڭ بۇ تارتۇقىنى قوبۇل قىلىپ، مىنىۋالغايلا، — دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— ئاۋامغا رەھمەت، — يۇسۇپ قادىرخان تىزلىنىپ چۆككەن بۇغراغا مىندى. بۇ ئۇنىڭ بۇغرا قاراخان بولىدىغانلىقىغا بېشارەت ئىدى. ئىككى ئىنىسى، ئوغۇللىرى باشقا بۇغرالارغا مىنىشتى. كۆپچىلىك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ:

— مۇبارەك، مۇبارەك! — دەپ ئالقىشلىدى.

ئەمدى ئادەم مىنمىگەن بىر بۇغرالا قالغانىدى. يۇسۇپ قادىرخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭغا رەيھاندىن مىندى.

«مېنى تەكلىپ قىلىدۇ» دەپ تەمە قىلىپ تۇرغان بولۇنبەگنىڭ چىرايى شۇ هامان ئۆڭدى. دوقابەگ بولسا «ئەمدى تۇگىشىپتۇق» دەپ يانغا قارىۋالدى.

— ئەلگە تىنچ - ئامانلىق ئېلىپ كەلگەن يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھقا شان - شەرەپلەر بولسۇن!

— يۇسۇپ قادىرخان بىزنىڭ بۇغرا قاراخانىمىز!

— بۇغرا قاراخان بىزنىڭ شاھىمىز، خاقانىمىز!

ئاۋامنىڭ ياڭراق ساداسى ئەڭ ئاخىرىدا باش سېلىپ كېلىۋاتقان مەنسۇرخاننى تېخىمۇ ئۇمىدسىزلەندۈردى.

تەرەپ ـ تەرەپتىن سوْنوْلغان ئوْسسوْزلوْق، نانغا قول ئوْزارتىپ، «هەشقاللا !» دەپ ئاق پاياندار ئوْستىدە كېتىۋاتقان يوْسوْپ قادىرخاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئوْ ناهايىتى تەسىرلەنگەنىدى. كەينىدىن سوقۇشۇپ كېلىۋاتقان سوْلايمان ئارسلانخاننىڭ هاياجاندىن قانلىرى ئوْرغوْپ، كۆڭلى شادىمانلىققا تولدى.

موْهەممەد ئارسلانخان ئوْسسوْزلوْق سوْنغان قىز ـ جوْۋانلارنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئاكىسىدىن خېلى كېيىن قالغانىدى. ئوْ كۆڭلى قالمىسوْن دەمدىكىن، هەممىسىگە قول ئوْزارتاتتى، جامنى ئالسىمۇ ئىچمەي، بوْغرانىڭ بويوْن ـ باشلىرىغا تۆكەتتى.

ــ شاهزادە، ئۆزلىرىنى ئىچسوْن، دەپ سوْندوْم. تۆكۈۋەتمەي بىر يوْتوْم بولسىمۇ ئىچكەيلا !

بىر قىزنىڭ ياڭراق ئاۋازى موْهەممەد ئارسلانخاننىڭ نەزىرىنى تارتتى. ئوْ قاراپ، يېشىل روملىنى قايرىپ، قىيا باققان بىر ساهىبجامالنى كۆردى، ئوْنىڭ قولىدا كوْموْش جام بار ئىدى، كۆك كۆزلىرىدىن جەلپكارانە نوْر تۆكوْلوْپ توْراتتى. ئوْ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. موْهەممەد ئارسلانخاننىڭ يوْرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. قول ئوْزارتىپ جامنى ئالدى ـ دە، كۆتوْروْپ ئىچىۋەتتى.

ــ ئوْسسوْزلوْقلىرى قانغاندوْ، شاهزادە؟ ــ دېدى قىز يىسىڭگىدە كوْلوْپ، ــ خوش، ئەمدى يوللىرىدىن قالمىغايلا، ــ قىز ئاي يوْزىنى بوْلوْتتەك قارا چوْمبەردە ئاستىغا ئالدى.

موْهەممەد ئارسلانخان پوْشقوْروْپ بىئارام بولوْۋاتقان بوْغرانىڭ چوْلوْكىنى تارتىپ ياتقوْزوْپ يەرگە چوْشتى.

ــ تېخى ئوْسسوْزلوْقوْم قانمىدى، بىكەچ، چاڭقاپ كېتىۋاتىمەن.

ــ مېنىڭ ئالىپ يىگىتلەرگە توْنجى ۋە ئاخىرقى قېتىم ئوْسسوْزلوْق سوْنوْشوْم، شاهزادە. ئەگەر تەشنالىقلىرى

بېسىلمىغان بولسا، ئۆيۈمگە ئەلچى كىرگۈزگەيلا، خوش، — قىز كەينىنى قىلدى، ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى ئىنچىكە بېلىگە يۆگىلىپ قالغانىدى.

— ئى قۇزئوردۇلۇق پەرى، مۇبارەك ئىسمىڭىزنى بىلىشكە بولامدۇ؟ — سورىدى شاھزادە.

قىز بۇرىلىپ چۈمپەردىنى سەل كۆتۈردى.

— ئىسمىم قۇمارىبىكە.

— سىزنى ئىزدەپ كىمنىڭ ئىشىكىگە دوقۇرىمەن؟

— يۇغرۇش باشى قارلۇق بولۇنبەگنىڭ بوسۇغىسىغا ئاياغ باسسىلا، تەلەيي قۇشى تاجلىرىغا قونغاي شاھزادە، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا چۈمپەردىنى يۈزىگە تاشلىدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان قۇمارىبىكەنىڭ سېھىرلىك نازى، خۇش چىرايىغا شەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئايرىلىشقا قىيىمىغان ھالدا، خىلىلا ئۇزاپ كەتكەن ئاتىسىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن بۇغراغا مىنىپ چۇلۇۋۇرىنى سىلكىدى.

سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مەنسۇرخاننىڭ قورالسىزلاندۇرۇلغان نۆكەرلىرى ئۆتتى. مەنسۇرخاننىڭ روھى چۈشكۈن بولۇپ، يەرگە قارىۋالغانىدى. ئاستىدىكى ئېتىمۇ ئىگىسىگە ئوخشاش سالپىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار يېقىنلىشىپ كەلگەندە يولغا سېلىنغان پاياندازمۇ يىغىۋېتىلدى.

كەچكى شەپەق دېرىزە ئەينىكىگە جۇلا تاشلىغاندا، يۇسۇپ ياروۇق بىلەن ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى خۇش ئىدى. بۇرۇنراق كەلگەن بەگتۆمۈر باشلىق ھەممىسى شۇنداق خۇش ئىدى. رەيھانىدىن جەڭ بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتىپ:

— ھەققانىيەت غەلىبە قىلدى، قارا نىيەتلەر مەغلۇپ بولدى، ئەل ئەمىن تاپتى، — دېدى.

بۇ كېچە بالاساغۇن ئەھلى ئۈچۈن شادىمان كېچە بولدى. يۇسۇپ كېچىچە قەشقەر بۇغراخانى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى، نېمىلەرنى دېسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كىرپىك قاقمىدى، كۆزى ئۇيقۇغا بېرىشىغا يابىرا ئويغىتىۋەتتى.

— تۇرغىن بالام، ئاتاڭ چاي ئىچىپلا ئوردىغا بارىمىز، دەپ سېنى ئايۋاندا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

يۈسۈپ ئىتتىك تۇرۇپ تەرەت ئالدى. بۈگۈن ئۆزى يالغۇز بامداتنى ئوقۇپ، خىجىل بولغان هالدا ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاتا، سىلىنى ساقلىتىپ قويدۇم.

— ئۇخلىيالمىغان ئوخشىمامسەن ئوغلۇم، كۆزۈڭ قىزىرىپ كېتىپتۇ، — دېدى رەيهانىدىن ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ.

— راست، ئۇيقۇم كەلمەي كېچىنى مىڭ تەستە ئۆتكۈزدۇم، ئاتا.

— ئۇيقۇسى كەلمىگەن ئادەمگە كېچە ئۇزاق تۇيۇلىدۇ. بولغىن ئوغلۇم، چاينى تېزرەك ئىچكىن.

ئۇلار ئوردىغا كەلگەندە، يېڭى چىققان كۈن بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ قوش راملىق دېرىزىلىرىدە هال رەڭ نۇر تالالىرىنى پەيدا قىلغانىدى.

يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاه ئالدى بىلەن رەيهانىدىن ۋە يۈسۈپنى ھەرەم ئىچىدىكى سارىيىدا قوبۇل قىلدى. ئۇ تەختتە كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى، كەيپى چاغ ئىدى.

— بۈگۈن خانلىقىمىزنىڭ قۇزئوردۇدىكى ئەربابلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئەھۋاللىشىشنى زۆرۈر تېپىپ، سىز بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى ئىدىم، ۋاقتىدا كەلدىڭىز رەيهانىدىنبەگ. ئاۋۋال بۇ كىچىك ئەزىمەت بىلەن سۆزلىشىۋالاي، — دېدى ئۇ. جەڭ لىباسىنى سېلىۋېتىپ، شاهانە تون، ئالتۇن تاج كىيگەن خان تۈنۈگۈن يۈسۈپكە سۈرلۈك، ئاچچىقى يامان كۆرۈنگەن بولسا، بۈگۈن ناهايىتى مۇلايىم، خۇشخۇي كۆرۈندى. ئۇ:

— ھە، شاكىچىك، ماڭا بېرىدىغان قانداق ياخشى مەسلىھەتىڭ بار، — دېۋىدى، يۈسۈپ:

— ئۈچ تۈرلۈك مەسلىھەتىم بار، شاه ئاتا، — دەپ جاۋاب بەردى.

— قۇلىقىم سەندە، ھە، قېنى ئېيتقىن.

— بىرىنچى، — دېدى يۇسۇپ، — جەڭ قىلىپ بىز باللارنىڭ ئوقۇشىغا دەخلى قىلمىغايلا، بۇغراخان ئاتا. بىز تىنچلىققا موھتاج.

— ماقۇل، بالام، بۇ مەسلىھەتىڭنى ئېسىمدە تۇتىمەن.

— ئىككىنچى، شەھەر - قىشلاقلاردا، مەدرىسە - قارىيخانىلارنى كۆپەيتكەيلا، شاھ ئاتا.

— شەھەر، قىشلاقلاردا مەدرىسە، قارىيخانىلار ئاز بولسا بولمامدىكەن؟

— ھەرگىز بولمايدۇ، شاھ ئاتا. شەھەر - قىشلاقلاردا مەدرىسە، قارىيخانىلار ئاز بولۇپ قالسا، مەملىكەتلىرى قۇدرەت تاپالمايدۇ، ئاۋام باياشات، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەيدۇ.

— بارىكاللا، بارىكاللا، بالام، بۇ مەسلىھەتىڭنى ئېسىمدىن چىقارمايمەن. ئەمدى ئۈچىنچى مەسلىھەتىڭنى ئېيتقىن.

— ماقۇل، شاھ ئاتا، — يۇسۇپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ دېدى، — ئۈچىنچى، مەن ئوقۇۋاتقان قارىيخانىنى خانلىق باشقۇرىدىغان مەدرىسە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا يارلىق چۈشۈرگەيلا.

— بولىدۇ، چوقۇم يارلىق چۈشۈرىمەن، بالام.

— بۇغراخان ئاتا، باشقا ئىش بولمىسا، ۋاقىتلىرىنى ئالماي، قايتىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا، — يۇسۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ كەتمەكچى بولدى.

— ياق، ئىجازەت بەرمەيمەن. ئاۋۋال سوۋغىتىمنى قوبۇل قىلغىن، — يۇسۇپ قادىرخان يېنىغا قويۇپ قويغان كىتاب ۋە خەنجەرنى ئېلىپ ئۇزارتتى.

— بۇ ئەبۇنەسىر فارابى ھەزرەتلىرىنىڭ «ئەقىل ھەققىدە» دېگەن كىتابى، ساڭا سىرداش بولۇپ ئەقلىڭگە ئەقىل قوشقاي، بۇ خەنجەر ساڭا ھەمراھ بولۇپ، دۈشمەنگە بوزەك قىلدۇرمىغاي.

— رەھمەت، بۇغراخان ئاتا، رەھمەت، — يۇسۇپ ئىككى قوللاپ كىتاب بىلەن خەنجەرنى ئېلىپ سۆيۈنگەن ھالدا ئورنىدىن چىقىپ مەكتىپىگە كەتتى.

# ئون ئىككىنچى باب

# بەختى كەلگەن نازىنىن

## 1

ھىجىرىيەنىڭ 424 ـ يىلى رەجەپ ئېيى. دۈشەنبە سەھەر بالاساغۇن ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، يامغۇر شارىلداپ قۇيۇۋەتتى. شەھەر كوچىلىرى ئۆستەڭگە ئايلاندى. دەل ـ دەرەخلەر راھەتلىنىپ يۇيۇنۇپ، تويا ـ چاڭدىن تازىلاندى. چۇ دەرياسىنىڭ سۈيى ئۆرلەپ قىرغاق بىلەن تەڭلىشىپ ئاقتى. تومۇزدا ياغقان بۇ يامغۇر ئادەم، ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلارغىمۇ ياققانىدى. زېمىن ياشناپ كەتكەنىدى.

ئاتىسى بىلەن ھويلىغا چىققان يۈسۈپ ئاسمانغا قارىدى. قارا بۇلۇتلار شالاڭلاپ قالغانىدى. ئۇ شىمىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈپ، جىلتىنى بوينىغا ئېسىپ ماڭماقچى بولدى.

— بالام، تېخى بالدۇر، يامغۇر پەسەيسۇن، — دېدى رەيھانىدىن.

— مەن يامغۇرنى ياخشى كۆرىمەن ئابا، كېچىپ كېتىۋېرىمەن. بۈگۈن كىشى قارا ئەپلاتون ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەكچىدى.

— ئۇنداق بولسا بارغىن، بالام.

رەيھانىدىن يولدا ئېقىۋاتقان يامغۇر سۈيىنى كېچىپ كېتىۋاتقان يۈسۈپكە قاراپ، يابىرانىڭ ئۆيدىن قاچان چىققانلىقىنى بىلمەي قالدى.

— بالدىن ئەنسىرەۋاتامسىز؟ ئۇنى ئاللا ئۆز پاناھىدا

ساقلايدۇ. ئەمدى مېنى كۈلۈپ ئۇزىتىپ قويۇڭ ئەزىزىم.

— يامغۇر توختىسۇن، ئاتىسى، — يامغۇر بايىقىدەك شارقىراپ قۇيۇلماي سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى، بەجايىكى ئاسماندىن مەرۋايىن تۆكۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— بۈگۈن ئوردىدا ئىنتايىن مۇھىم كېڭەش بار. بۇرۇنراق بېرىپ بەزى ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىشىم زۆرۈر. چۈشتە كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن، كەچتە بۇرۇنراق قايتىپ كېلىمەن.

— خۇدايىمغا ئامانەت، ئاتىسى!

رەيهاندىن ئوردىغا كۆڭلى چاغ هالدا كىرىپ كەلدى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ كەلگەن دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇ يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ كەينىدىن قاراخان سارىيىغا كىرگەندە، يامغۇر تامامەن توختاپ هاۋا ئېچىلىپ كەتكەنىدى. پەردىلىرى قايرىۋېتىلگەن دېرىزىدىن زۇمرەتتەك هاۋادا پەيدا بولغان هەسەن ـ هۈسەنگە كۆزى چۈشتى. رەڭگارەڭ نۇرلىنىپ كەتكەن هەسەن ـ هۈسەن خۇددى تۇز قانىتىدەك گۈزەل ئىدى. قاراخان سارىيىمۇ شۇنداق چىرايلىق بېزەلگەنىدى. يۇسۇپ قادىرخان ئىككى يېنىغا قاراخانىيلارنىڭ هال رەڭ تۇغى قادالغان ئالتۇن تەخت يېنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ بالاساغۇنغا ئاياغ باسقىنىغا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولغانىدى.

رەيهاندىن تايانغۇلار كېڭىشى بىلەن دىۋان ئارىزىنىڭ يۇسۇپ قادىرخان هارۇن بۇغراخان ئوغلىنى بۇغرا قاراخانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇش توغرىسىدىكى قارارىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ ئۆتتى. بەگتاش ئابدۇللا داموللا زەر ياقىلىق شاهانە تونىنى، قىزىل گۆهەر قادالغان ئالتۇن تاجنى كىيدۈردى.

— بۇغرا قاراخانغا مۇبارەك بولسۇن! — دېيىشتى دۆلەت ئەربابلىرى سۈرەن سېلىپ.

بۇغرا قاراخان غازى يۇسۇپ قادىرخان تەختكە چىقىپ، مەملىكەت ئەهلىگە، دۆلەت ئەركانلىرىغا، ئالىم ـ هۆكۈمالارغا، بارلىق سىپاهلارغا چىن قەلبىدىن تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇ چوڭ

ئىنىسى ئەھمەد بىننى ھەسەننى بالاساغۇنغا ئېلىكخان قىلىپ تەيىنلەپ، پەرغانىنىڭ شەرقى، سىر، تالاس دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى، ئىككى ئۆكۈز دىيارى[1] قاتارلىق يەرلەرنىڭ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، رەيھانىدىننى ئۇنىڭغا يۇغرۇش باشى قىلىپ بەردى.

ئىككىنچى ئىنىسى ئەلى بىننى ھەسەننى ماۋەرائىۇننەھرگە ئېلىكخان قىلىپ، خارەزىم ۋە سەمەرقەنت دىيارىنىڭ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، ئۇنىڭغا بولۇنبەگنى يۇغرۇش باشى قىلىپ بەردى.

ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد ئارسلانخاننى بارسغان دىيارىغا ئېلىكخان قىلىپ تەيىنلەپ، دوقاقبەگنى يۇغرۇش باشى قىلىپ بەردى. ئاندىن ئۈچ يارلىق چۈشۈردى:

بىرىنچى يارلىقتا بالاساغۇن دىيارىدىكى ئاھالىدىن ئۈچ يىلغىچە باج ـ سېلىق، ئالۋان ئالماسلىق، راپچات[2]نى بىكار قىلىش ئۇقتۇرۇلغانىدى.

ئىككىنچى يارلىقتا، ئىقتا دەپ ئاتىلىدىغان دۆلەت زېمىنلىرىنى بالۋاقىلىرى، يېقىنلىرىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن ئىبارەت خانلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش جاكارلانغانىدى.

ئۈچىنچى يارلىقتا، توغ ـ ئەلەم، تام، دەرۋازا، مۇنار، سېپىللارغا سىزىلغان، ئويۇلغان بۆرە، بۈغرا، ئەجدىھا، يولۋاس، ئۆكۈز، شىر، بۈركۈتنىڭ سۈرەتلىرىنى قويماي ئۆچۈرۈۋېتىش بۇيرۇلغانىدى. داخان، رەمچىلەرگە ئىشەنمەسلىك تەۋسىيە قىلىنغانىدى. «ئاللا پىكىر قىلغۇچى ئادەمنى ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە دانا قىلىپ ياراتقان. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارنى ئۇلۇغلىشى ئۆزىنى پەس كۆرگەنلىك، قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇمىغانلىقتۇر» دەپ كۆرسىتىلگەنىدى.

بۇ يارلىق ھەممىگە ماقۇل كەلدى.

---

① ئىككى ئۆكۈز دىيارى ـــ بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

② راپچات ـــ پۇقرالارنى ھەقسىز مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدۇرۇش.

يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن، تايانغۇلار كېڭىشى ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئاۋامغا يەتتە كۈن «زەپەر تويى» ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېلان چۈشۈردى. غەزنەۋىلەر خانلىقى، سەلجۇقىيلار سۇلتانلىقى، ئەرەب پادىشاھلىرى، باغدات خەلىپىسىگە يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ قاراخانىيلار مەملىكىتىگە بۇغرا قاراخان بولغانلىقى توغرۇلۇق نامە ئەۋەتىلدى.

بالاساغۇندا، بۇ يەتتە كۈنلۈك «زەپەر تويى» ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئاياللارغا ئەمىنلىك، خۇشاللىق بەخش ئەتتى. چېلىش، ئات بەيگىسى، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئوغلاق تارتىش، چەۋگەن ئويۇنلىرىدا ئوزۇپ چىققان پالۋان، ئالپلارغا ئات مىندۇرۇلدى، تون كىيدۇرۇلدى، بىر ھېجىردىن تىللا ئىنئام قىلىندى. ھەممىدىن يۈسۈپنىڭ ئۇستازىنىڭ دەۋىتى بىلەن يېزىپ چىققان قەسىدىسى بۇغرا قاراخاننىمۇ، كۆپچىلىكنىمۇ ھەيران قالدۇردى، يۈسۈپنىڭ نامىنى پۈتۈن ئەلگە بىراقلا تونۇتتى. يۈسۈپ قادىرخان ئۇنى بىر لېگەن تىللا بىلەن تارتۇقلىدى...

رەيھاندىن ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان يەتتە كۈنلۈك بۇ توي مەرىكىسىنىڭ ئاجايىپ قاينام ـ تاشقىنلىق ئىچىدە ئۆتكەنلىكىدىن سۆيۈنگەن، ئوغلىنىڭ ئەلگە تونۇلغانلىقىدىن ئېپتىخارلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بېشىدا يېڭى غەم پەيدا بولغانىدى: يۈسۈپ قادىرخاننىڭ بولۇنبەگنى ماۋەرائۇننەھرگە ئېلىكخان بولغان ئىنىسى ئەلى بىننى ھەسەنگە، دوقاقبەگنى بارسغان شەھىرىگە ئېلىكخان بولغان ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد ئارسلانخانغا يۇغرۇش باشى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى ئۇنى ئويلاندۇرۇپلا قالماي، ئەنسىزلىككە سېلىپ قويغانىدى. ئۇ «تەڭرىم گۇناھىمىزنى ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلىپ، تىنىچ ـ ئامان ياشىشىمىزغا نېسىپ قىلغىن. قارا نىيەت سۇيىقەستچىلەرنى

مەقسىتىگە ھەرگىز يەتكۈزمىگىن» دەپ ئىلتىجا قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

يۈسۈپ قادىرخان بولۇنبەگ، دوقاقبەگلەرنىڭ قىساسچىلاردىن ئىكەنلىكىگە شۈبھە قىلمىسىمۇ، چېكىدىن ئاشقان قارا نىيەت سۈيىقەستچىلەردىن ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى. شۇڭا، ئۇلارنى ھوقۇقى، ئىمتىيازى چوڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەپ، ناھايىتى چوڭ خاتالىققا يول قويغانىدى.

رەيھانىدىن بۇ توغرۇلۇق بۇغرا قاراخاننى ئاگاھلاندۇرماقچى بولاتتى ـ يۇ، يەنە يالتىيىپ قالاتتى. بۇغرا قاراخاننىڭ: «ئۇلار ئۆزلىرى ئالدىمغا كېلىپ ساداقەت بىلدۈرگەن، بوزاغۇ مەنسۇرخاننى تۇتۇپ ماڭا تاپشۇرۇپ گۇناھىنى يۇغان تۇرسا، تېگىشلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىمىسەم، ئاۋام خەلقنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويغان بولمامدىمەن. رەيھانىدىنبەگ، سىز يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئاقىل، پەزىلەتلىك ئەرباب. كۆكسى ـ قارنىمىزنى كەڭ تۇتۇپ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ باقايلى» دەيدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى. ئۇنىڭغا شۇنداق قىلماي باشقا چارىمۇ يوق ئىدى.

رەيھانىدىن ئاشۇ خىياللار بىلەن بېشى قېتىپ «دىۋانى يۇغرۇش»تا تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، ئىشىك ئاستا چېكىلدى.

— كىرىڭ.

ئۇنىڭ كاتىپى ھەسەن كىرىپ كەلدى.

— جانابلىرى، ھەرەمدىن بىر كېنىزەك كەلگەنىكەن، يۇغرۇش باشى بىلەن كۆرۈشىمەن، دەيدۇ.

— باشلاپ كىرىڭ.

ھەسەن چىقىپ كېتىپ قارا پەرەنجىلىك بىر ئايالنى باشلاپ كىردى.

— ئەسسالام، يۇغرۇش باشى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — رەيھانىدىن سوئال نەزىرى بىلەن

ئايالغا سەپسېلىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— رەھمەت يوغرۇش باشى، دەرھال ھەرەمگە قايتمىسام بولمايدۇ. پېقىرە قۇنچۇي ئادىرا تۇركەن خاتۇننىڭ كېنىزىكى بولىمەن، قۇنچۇي ئۆزلىرىنى بۇگۇن ئوردىدىن قايتقاندا، ماڭا بىر يولۇقسۇن، دېگەنىدى.

— قۇنچۇي ئالىيلىرىغا يوغرۇش باشى كېلىدىغان بولدى، دەڭ.

كېنىزەك تەزىم قىلغىنىچە خانىدىن چىقىپ كەتتى.

رەيھانىدىن ئوردىدىن قايتىدىغان مەھەلدە ھەرەمگە قاراپ ماڭدى. ياز قۇياشى ئۇنىڭغا ئوردىنىڭ غەربىدىكى ئېگىز سېپىل ئۈستىدە تۇرغاندەكلا يېقىن كۆرۈندى. ئىككى ياندىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ بىر - بىرىنى كېسىشكەن سايىلىرى، تالا - تالا شولىلار بىلەن قوشۇلۇپ، خىشلىق يولدا ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى.

رەيھانىدىن يېگىدىن ھەل بېرىپ، نەقىش چېكىلگەن دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، مەرھۇم ئەھمەد تۇغانخاننىڭ قەسرىگە كەلدى:

— تۇرغاق، قۇنچۇي تۇركەن خاتۇن ئالىيلىرىغا يوغرۇش باشى كېلىپتۇ، دەپ ئېيتىڭ.

ئايال نۆكەر توۋلىۋىدى، قەسىردىن بىر كېنىزەك چىقتى.

— يوغرۇش باشىنىڭ كەلگىنىدىن قۇنچۇي ئالىيلىرىنى خەۋەردار قىلىڭ!

كېنىزەك كىرىپ كېتىپ ھايال بولماي چىقتى.

— قۇنچۇي ئالىيلىرى كۈتۈپ قالدى، قەدەم تەشرىپ قىلغايلا.

رەيھانىدىن كېنىزەكنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، گۈل - گىياھلار خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان قەسىر ھويلىسىغا كىردى. ئۈچ پايىلىك پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ تام - تورۇسلىرىغا ئەگمە ناۋا چىقىرىلغان دەھلىزگە، ئاندىن ۋالىلداپ تۇرغان ئازادە مېھمان

كۆتۈش ئۆيىگە كىردى ۋە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سۈرە «مۇزەممىل»نى قىرائەت قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ تۆردە، قارا پەردە كەينىدە تەكيىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان قۇنچۇيغا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالتۇن تارىم تۈركەن خاتۇن ئالىيلىرى، چاقىرغان ئىكەنلا، كەلدىم.

— ئەسسالام يۇغرۇش باشى، ئولتۇرسىلا، ئولتۇرسىلا. ئۆزلىرى سالامەت، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تىنچ - ئامان تۇردىمىكىن؟

— ئاۋۇلەن خۇدا، ئاندىن قالسا ئالىيلىرىنىڭ دۇئالىرى بەركاتىدىن سالامەت تۇرۇپتىمىز. ئۆزلىرىنىڭ قوزئوردۇغا يەنە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرى، ئاۋامنى ھەيران، پېقىرنى غايەت خۇرسەن قىلدى، — رەيھاندىن ئۈچ قات سىپلىنغان كىمخاب يېكەندازدا ئولتۇردى، — تەگرىم ئالىيلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي.

— رەھمەت جانابلىرى. مېنىڭ تۇيۇقسىز شۇنچە ئۇزاق يوقاپ كېتىپ، يەنە ئۇشتۇمتۇت بالاساغۇنغا كېلىشىم، ئۆزلىرى قەيت قىلغاندەك ئاۋامنى ئەجەبلەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە. سىلى خانلىقىمىزغا سەممىي - سادىق بولۇپ كېلىۋاتقان دۆلەت ئەربابى. بەزى ئىشلار توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كۆرۈشەي دېۋىدىم، — مەلىكە ئادىرا داستىخان ئېلىپ كىرگەن كېنىزەكلەرنى كۆرۈپ سۆزىنى توختاتتى. بىر كېنىزەك رەيھاندىننىڭ قولىغا سۇ بەردى. يەنە بىر كېنىزەك، نان، گىزەك، يەل - يېمىشلەر بىلەن داستىخاننى تۈشقۇزۇۋەتتى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەلىكە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۆزلىرىگە مەلۇم، مەرھۇم ئىنىم ئەھمەد توغانخان ھاكاۋۇر، ئۆزۈمچىل بولغىنى بىلەن جاسارەتلىك ئىدى. مېنى ناھايىتى قەدىرلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، گېپىمگە كىرىپ نەچچە قېتىم قارارىنى ئۆزگەرتكەن، نىيىتىدىن يانغانىدى. بەختكە قارشى ئۇ

تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. بۇنىڭ بىلەن مەنسۇرخاننىڭ ئۇشۇقى ئالچۇ چۇشۇپ، بۇغرا قاراخانلىق تەختىگە ئولتۇرۇۋالدى.

— ئاكىلىرى يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ يىراقتا بولۇشىمۇ مەنسۇرخاننىڭ تەختنى ئاسانلا ئىگىلىۋېلىشىغا سەۋەب بولدى، قۇنچۇي ئالىيلىرى، — گەپ قىستۇردى رەيھاندىن زەپە سېلىنغان چايدىن ئوتلاپ.

— شۇنداق، يۇغرۇش جانابلىرى، ئاكام كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئەلنىڭ غېمىنىلا قىلىدىغان پادىشاھ. قۇزئوردۇغا لەشكەر تارتىپ كېلىشى مۇقەررەر ئىدى، ئەمما مېنى دەپ ئۇنداق قىلمىغانلىقىنى بۇ قېتىم ئوردۇكەنتكە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشكىنىمدىن كېيىن بىلدىم، — مەلىكە ئادىرا ئېغىر تىنىدى ۋە رەيھاندىننى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— پېقىرمۇ شۇنداق ئويلىۋىدىم. ئالىيلىرىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، قېيىنئاكىسىغا بۇغرا قاراخانلىق تەختىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنىدى. يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ بۇ مەردانىلىكى بىلەن ئاۋامنى سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغانىدى. بۇ قېتىم بولسا ئاقىلانە تەدبىرى بىلەن مەملىكەتنى پارچىلىنىشتىن، ئاۋامنى ئۇرۇش ئاپىتىدىن يەنە بىر قېتىم ساقلاپ قالدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئالىيلىرىنىڭ ئوردۇكەنتكە بارغانلىرىنىڭ خاسىيىتى، — دېدى رەيھاندىن.

— يۇغرۇش جانابلىرى، بۇ قېتىمقى قانلىق جەڭنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىلىرى ھەممىدىن ئارتۇق، بۇنىڭدىن شاھ ئاكام بەك رازى. ئەسلىدە مەن ئوردۇكەنتتىن يولغا چىقىشتا جەڭگە قاتنىششنى نىيەت قىلغانىدىم ۋە لېكىن جانابلىرى چارە ـ تەدبىر قوللىنىپ، بولۇشى مۇقەررەر بولغان جەڭنىڭ ئالدىنى ئالغاچقا، قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغارماي قۇزئوردۇ دەرۋازىسىدىن كىرىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. جەڭ بولغان بولسا ھايات قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى... — مەلىكە ئادىرانىڭ كۆزلىرى ياشلاندى، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى.

— بىزنى ئۇرۇش بالاسىدىن ساقلىغان تەڭرىدىن مىننەتدارمەن، ئالىيلىرى.

مەلىكە ئادىرا ئەھمەد تۇغانخان دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قاراخان بولغان مەنسۇرخان ۋاقتىدىكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر ئەسلەپ، ئۆز مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈشتىن بۇرۇن سورىدى:

— يۇغرۇش جانابلىرى، ئاكام بۇغرا قاراخانلىق تەختىگە ئولتۇرغانىنىڭ مابەينىدە، ئېلىمىزنى ئەمىنلىك، ئاسايىشلىقتا يۈزلەندى، دەپ ئېيتالامدىلا؟

رەيھانىدىن ئازغىنا چاي قالغان پىيالىنى داستىخانغا قويدى. مەلىكىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەپ سوراۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدى. چىمىڭ تارتىلغان قارا پەردە قايرىۋېتىلگەن بولسا، ئۆزىنىڭ جاۋابىغا تەقەززا بولغان مەلىكىنىڭ ئويچان چىرايىنى كۆرگەن بولاتتى. شۇنداقتىمۇ مەلىكىنىڭ بوش، ئەمما مۇڭلۇق ئاڭلانغان ئۈنىدىن سەمىمىي جاۋاب بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ دېدى:

— قۇنچۇي ئالىيلىرى، راست گېپىمنى ئېيتسام، يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ بۇغرا قاراخان بولغانلىقى مەملىكىتىمىزنىڭ ئادىل ۋە دانا خاقانغا يېتىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، بۇ ئەلنى پۈتۈنلەي ئەمىن تاپتى، ئاسايىشلىققا ئېرىشتى، دېگەنلىك ئەمەس.

— نېمىشقا، جانابلىرى؟

— بۇنىڭدا ئىككى سەۋەب بار، ئالىيلىرى. بىرىنچى سەۋەب: مەنسۇرخاننى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىشقا سايە قىلغانلار بىر دوملاپلا يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ، «خىزمەت كۆرسەتكەن» بولۇۋالدى. ئىككىنچى سەۋەب: بۇ يېڭى بۇغرا قاراخانىمىز ئادىل، دانا بولسىمۇ، ئەنە شۇنداق ئىككى يۈزلىمچى كاززاپلارنى ناھايىتى مۇھىم خىزمەتكە قويدى. مۇنداق ئەھۋالدا ئېلىمىزنى قانداقمۇ

ئەمىنلىك، ئاسايىشلىقتا ئىبرىشتى، دېيەلەيمىز؟

— يۇغرۇش جانابلىرى، توغرا ئېيتتىلا، پىكرىمىز بىر يەردىن چىقتى. ئاكام بۇغرا قاراخانلىق تەختىگە چىققان بولسىمۇ، ئاۋامنىڭ، ئۆزلىرىدەك پەزىلەتلىك زاتلارنىڭ ئىشەنچىدىن چىقالىغىنى يوق. بىر ئوچۇم ئىككى يۈزلىمە، قارا نىيەتلەرگە بۇغرانىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزۇپ ناھايىتى يامان قىلدى. ئاتقان ئوقنى، ئېيتقان سۆزنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، خان ئاكام ئىتتىپاقلىقنى، ئامانلىقنى كۆزدە تۇتۇپ بەزىلەرگە يول قويغان بولسىمۇ، يەنە بەزى خەلق غېمىنى يەيدىغان، ئەلگە جان كۆيدۈرىدىغان زاتلارغىمۇ يۇقىرى مەرتىۋە، ئورۇن بېرىپ، دۆلەت ئەربابلىرىنى تەڭشىدى. ئۆزلىرىنى چاقىرتىشىمنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ھەقتە پىكىرلىشىش ئىدى.

مەلىكىنىڭ ئوچۇق سۆزلۈكلۈكى رەيھانىدىننى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ دۆلەتكە، ئاۋامغا كۆڭۈل بۆلگىنىدىن تەسىرلىنىپ سورىدى:

— قۇنچۇي ئالىيلىرى، كۆڭۈل سۆزلىرىمنى ئاڭلىدىلا، ئەمدى پېقىرنى نېمە ئىشقا بۇيرۇماقچى بولۇۋاتىدىلا؟

— يۇغرۇش جانابلىرى، مەن ئۆزلىرىنى خىزمىتىمگە سالماقچى ئەمەس مەن ھەم ئۇنداق ھوقۇقىمۇ مەندە يوق. لېكىن، خانلىقىمىزنىڭ پارچىلىنىشىنى، زەئىپلىشىپ زاۋاللىقتا يۈز تۇتۇشىنى خالىمايمەن. ئۇلۇغ بوۋام سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسا ئىدى، دەپ غەم يەيمەن، — مەلىكە ئېسەدەپ سۆزلىيەلمەي قالدى. بىر كېنىزەك كەينىدە تۇرۇپ يەلپۈۋاتاتتى، قارا پەردە كۆپۈپ تىترىمەكتە ئىدى.

رەيھانىدىن مەلىكىنىڭ يىغلاۋاتقىنىدىن كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا دېدى:

— ئۈمىدسىزلەنمىسىلە، قۇنچۇي ئالىيلىرى. بۇغرا قاراخان غازى پادىشاھ يۈسۈپ قادىرخان ھاياتلا بولىدىكەن، مەملىكىتىمىز پارچىلانمايدۇ، بەلكى قۇدرەت تاپىدۇ. چۈنكى،

ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئاۋام ئاكىلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ. سەممىي، سادىق يۇغرۇش، سۇباشىلار، ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئارسلانخانلىرى، يابغۇلىرى ئۇنى قوللايدۇ. قارا نىيەتلەر رەزىل مەقسىتىگە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ.

— تەڭرىم ئىپتقانلىرىغا يەتكۈزسۇن، — مەلىكە ياشلىرىنى سۈرتۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ خاتىرجەم بولالمايۋاتقىنىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاكامنىڭ ئىككى ئىنىسى ئەھمەد تېگىن بىلەن ئەلى تېگىننىڭ سەلتەنەتكە ھېرىس بولۇپ، بۇغرا قاراخانغا ئاسىيلىق، خەلققە زۇلۇم قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن.

— پېقىرنىڭ بىلىشىگە بولامدىكىن، نېمىشقا ئۇلارنى ئاسىيلىق قىلىدۇ، دەپ گۇمانلىنىدىلا، ئالىيلىرى، بۇغرا قاراخاننىڭ ئىنىلىرىغۇ ئۇلار؟

— شۇنداق، جانابلىرى. ئەمدى گەپنى باشتىن سۆزلەي: ئاتام ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئۈچ ئوغلى ۋە بىر قىزى بارلىقى ئۆزلىرىگە مەلۇم. ئاتام ھامىسىنىڭ ئوغلى سىپىت ئەلى ئارسلانخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەھمەد تۇغانخان، مەنسۇر تېگىن، مۇھەممەد تېگىن قاتارلىق ئوغۇللىرىنى ئۆز تەربىيەسىگە ئالغانىدى. ئۇلارنى ئاكىلىرىم يۇسۇپ قادىرخان، ئەھمەد، ئەلى تېگىنلەر بىلەن ئوخشاش كۆرگەن ئاتام ئۇلارغا پۈتۈن مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ چوڭ قىلدى. ئەھمەد تۇغانخانغا مېنى ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا قۇزئوردۇنى، ناسىر تېگىنگە ماۋەرائۇننەھرنى، مەنسۇر تېگىنگە ئۆزكەنت دىيارىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. يۇسۇپ قادىرخان ئاكامنى ئوردۇكەنتكە تامغاچ بۇغراخان قىلدى. مەملىكەتنى تىنچ، خاتىرجەم، ئاۋات قىلىشتىن ئىبارەت ياخشى تىلەكى بىلەن تېگىنلەرگە ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ زېمىنلىرىنى بۆلۈپ بېرىش — ئۇلارنى مەغرۇرلاندۇرۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىگە قارا سانايدىغان قىلىپ قويىدىغانلىقى ئاتامنىڭ نەدىمۇ خىيالىغا كەلسۇن؟ — مەلىكە

سوكۇت قىلىپ جىم بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا يەنە سۆزلەش ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئۆز يارىسىنى ئېچىش دىلىنى ئاغرىتىۋاتاتتى. ئاچمىسا يارىغا داۋا تاپقىلى بولمايتتى. رەيھانىدىن بۇنى چۈشىنىپ، مەلىكىنىڭ سەمىمىيىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى.

مەلىكە سۆزىنى داۋام قىلدى.

— ئىبرىم ئەھمەد تۇغانخان ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى، تاجۇتەخت بىزگە مەنسۇپ دەپ بىلىپ، ئاكام يۈسۈپ قادىرخاننى چەتكە قېقىپلا قالماي، ئۇنىڭ يېيىنى قىرقىش كويىدا بولدى. مەنسۇرخاننى يېنىغا تارتتى. ئىلىمىزگە ھەمىشە تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان سامانىيلار خانلىقىنى ئاكام بىلەن بىرلىكتە مەغلۇپ قىلغان ناسىر ئىلىكخاننىڭ غەلىبىسىدىن كۆزى قىزارغان ئىبرىم ئۇنىمۇ كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى بىلەن يېقىنلىشىپ تىل بىرىكتۈردى. ئاكام بۇنداق قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇردى. مانا شۇ چاغدا ئۇدۇن پادىشاھى ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ كەلدى. ئاكام دەرھال سەمەرقەنتتىن قايتىپ، ئۇدۇن پادىشاھىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى ۋە ئۇلارنى قوغلاپ يول ـ يولدا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇدۇن شەھىرىدىمۇ قاراخانىيلارنىڭ ھال رەڭ تۇغلىرىنى لەپىلدەتتى. سېيىت ئەلى ئارسلانخان دەۋرىدىن باشلىنىپ، قىرىق يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان بولدى. ئىبرىم تۇغانخانمۇ باستۇرۇپ كەلگەن قىتانلارنى تارمار قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە سۈيىقەستچى، قارا نىيەت يوغرۇشلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئاكام يۈسۈپ قادىرخانغا قارشى قوزئوردۇغا لەشكەر تارتىپ بارماقچى بولدى. قالغان ئىشلار سىلىگە مەلۇملۇق، يوغرۇش. ئاكام ئەھمەد تېگىن بىلەن ئەلى تېگىنگە كەلسەك، — مەلىكە سۆزىنى توختىتىپ چايدىن بىر سومۇرۇپ خورسىنغان ھالدا ئېغىر تىنىدى، — مېنىڭ بۇ ئاكىلىرىم چوڭ ئاكام يۈسۈپ قادىرخانغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئات مىنىش، قىلىچۋازلىق قىلىش جەھەتتە ماھىر چەۋەندازلاردىن

ھېسابلانسىمۇ، چوڭ ئاكامدەك بوگۇ بىلگە بولالمىغانىدى. جەڭگە ـ جېدەلگە ھېرىس بولۇپ، تىنچ تۇرمۇشنى ياقتۇرمايتتى. ياخشى تەربىيە يۇقمىغاچقا ھاكاۋۇر، ئۆكتەم چوڭ بولغانىدى، قارام ئىدى. بىرقانچە قېتىملىق جەڭلەردىكى باتۇرلۇقلىرىنى ھېسابقا ئالدىمۇ ياكى ئەلنى سوراپ يول تېپىپ كېتەلەيدۇ، دەپ قارىدىمۇ، بىلمىدىم، ئاكامنىڭ بۇنداق ئىلتىپات كۆرسىتىشىدە قانداق غەرىزى بار ئىكىن، ئۇلارنى مۇنبەت، ئاۋات دىيارلارغا ئىلىكخان قىلىپلا قالماستىن، ئۆزىگە جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولۇنبەگ، دوقاقبەگدەك سۇيىقەستچىلەرنى يۇغرۇش باشى قىلىپ بەردى. ئۇلار ئىش كۆرمىگەن مەغرۇر ئاكىلىرىمنى ئۆز مەيلىگە قويارمۇ؟ ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتماسمۇ؟ مەن مانا شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن.

— ئالتۇن تارىم قۇنچۇي ئالىيلىرى، بۇغرا قاراخان يۇسۇپ قادىرخان ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى مەقسەتسىز بولمىسا كېرەك. ۋاھالەنكى، ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشىسىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. پېقىرنى بېسىۋالغان غەم تېخىمۇ ئەنە شۇ، بۇنى بايا دېگەنىدىم.

— يۇغرۇش جانابلىرى، ئەمدى چۈشەندىم. ئۆزلىرىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم: مەملىكىتىمىزنىڭ پارچىلىنىپ، خانلىقىمىزنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم پىداكارلىق كۆرسەتكەن بولسىلا، بۇ ئادا قىلىشلىرى زۆرۈر بولغان ۋە مەن تاپشۇرغان مۇھىم خىزمەت بولۇپ قالسۇن.

رەيھانىدىن دەس تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى:

— باش ئۈستىگە، ئالتۇن تارىم قۇنچۇي ئالىيلىرى. ئۆزلىرى تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا جان تىكىپ تىرىشقايمەن، خاتىرجەم بولسىلا.

— يۇغرۇش جانابلىرى، مەن ئاكامنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماقچى ئەمەسمەن ھەم ئۇنداق تەمەيىممۇ يوق. مەرھۇم ئېرىم ئەھمەد تۇغانخاندىن بولغان چولپان ئىسىملىك بىر قىزىم

بار. بۇ قىزىمنى ۋاپادار ئايال، مېھرىبان ئانا قىلىپ تەربىيەلەپ چىقالىسام تىلىكىمگە يەتكەن بولاتتىم. يات ئارىدا قۇزئوردۇدىن يىراقتا كېتىمەن، — مەلىكىنىڭ كۆزلىرى يەنە ياشلاندى.

— ئوردۇكەنتكە كېتەمدىلا ئالىيلىرى؟ نېمىشقا كەتمەكچى بولۇۋاتىدىلا؟ ئۆزلىرىدەك غەمگۇزار بۇزرۇكۋار ئانىغا قۇزئوردۇلۇقلار ناھايىتى موھتاج. كەتمىسىلە، ئالتۇن تارىم.

— مەن ئوردۇكەنتكە كەتمەيمەن، ئولتۇرسىلا، — رەيھانىدىن ئولتۇرغاندىن كېيىن مەلىكە سۆزىنى داۋام ئەتتى، — ئاتام يەتتە ياشقا كىرگىنىمدە «چولپان يۇلتۇزىدەك پاكلىق كۆكىدە نۇر چېچىپ ياشىغىن» دەپ يارۇغلۇ دېگەن ئىسىمنى قويۇپ قويغانىدى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە كىشىلەر بوۋاق چېغىمدا قويغان ئىسمىمنى ئاتىشىپ كەلمەكتە. «يارۇغلۇ» دېگەن ئىسمىم يۈرەك قېتىمدا ساقلىنىپ قالدى. ئاتامنىڭ ئۈمىدىدەك پاك ياشاپ ئۆتكۈم بار، يۇغرۇش جانابلىرى. ھازىر مەن بىر ئايال، بىر ئانا. دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقۇم يوق. قىزىمنى، مەھرەملىرىمنى ئېلىپ ئوردۇ ھىسار قەلئەسى①گە كەتمەكچىمەن.

— قۇنچۇي ئالىيلىرى، ھەزرىتى سېيىت ئەلى ئارسلانخان غازى پادىشاھىم، بۇرۇن ئۇدۇن پادىشاھى خالخالى ماچىن بىلەن، كېيىن نوقتى رىشىت، چوقتى رىشىت ئاتلىق پادىشاھلار بىلەن جەڭ قىلىپ جان تەسەددۇق قىلغاندىن تارتىپ، ئوردۇ ھىسار قەلئەسى تامامەن ۋەيران بولۇپ، قۇم بېسىپ كېتىپتىكەنغۇ؟

— بىلمىدىكەنسىز، يۇغرۇش جانابلىرى. ماڭىمۇ ئاتام دەپ بەرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ رىھلەت قىلغان چوڭ ئاتىمىزنىڭ چىرىغىنى يورۇتۇپ، ئاكىلىرىمغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمغا ئاللادىن ئىنساب تىلەپ ئىستىقامەت قىلاي

---

① ئوردۇ ھىسار قەلئەسى — قەدىمكى ئۇسسار بەگلىكىنىڭ مەركىزى — ئۇسسار شەھىرى. سېيىت ئەلى ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى قاراخانىيلار قوشۇنى بىلەن چوقتى رىشىت، نوقتى رىشىت باشچىلىقىدىكى ئۇدۇن خانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك جەڭلىرى ئاقىۋىتىدە ۋەيران بولۇپ قۇم بېسىپ كەتكەن.

دېيمەن. ئالتۇن تارىم قۇنچۇي ئادىرا ئەمەس، بۇۋى ئادىرا بولۇپ ئۆتكۈم بار. ئۆزلىرىنىڭمۇ پەرزەنتلىرى چوڭ بولۇپ قالغاندۇ؟
— چوڭ بولدى، ئالتۇن تارىم. تۆت قىزىمنىڭ ئۈچىنى ياتلىق قىلدىم، بىر قىزىم رەسىدە بولاي دەپ قالدى. ئوغلۇم تېخى كىچىك.
— ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — مەلىكە ئادىرا ئىختىيارسىز سورىدى. ئۇ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشكە شۇنچە ئىنتىزار ئىدى، ئەمما بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمىگەنىدى.
— يۇسۇپ.
— ئەجەب چىرايلىق ئىسىم قويۇپلا، ئۆزىمۇ شۇنداق چىرايلىقتۇ؟
— چىرايلىق ھەم ئەقىللىك.
— قانچە ياشقا كىردى؟
— بۇ يىل ئون بىر ياشقا.
— مەن يولغا چىققۇچە ئوغۇللىرى يۇسۇپ بىلەن بىر دىدارلاشقۇم بار. چاقىرتسام ئېلىپ كېلەلەمدىلا؟
— سىلى دېگەن مەھەلدە ئوغلۇمنى ئالدىلىرىغا ھازىر قىلىمەن، ئالىيلىرى.
— ئۇنىڭغا بۆرە تېگىننىڭ سەرگۈزەشتلىرىنى سۆزلەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ.
— ئوغلۇم «ئوغۇزنامە»نى ئاڭلاپ چوڭ بولغان، باتۇرلار قىسسىسىگە خۇشتار.
— يۇغرۇش جانابلىرى، قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئالدىم، كەچۈرگەيلا، — مەلىكە ئادىرا قارا پەردىنىڭ كەينىدە تەزىم قىلىپ رەيھاندىننى ئۇزىتىپ قويدى.

## 2

رەيھاندىن ھەرەم قەسرى ۋە ئوردىدىن چىقىپ ئۆيىگە قاراپ

ماڭغاندا، بولۇنبەگنىڭ دېرىزىلىرى باغقا قارايدىغان ئۆيىنى كاۋاپنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىغانىدى. ئۈچ كىشىنىڭ قولى داستىخانغا قويۇلغان مىس پەتنۇستىكى بۆدۈنە كاۋىپىغا كەينى ـ كەينىدىن ئۇزىتىلماقتا ئىدى.

— بولۇنبەگ جانابلىرى، ئامەت قۇشى باشلىرىغا قوندى. بۇغرا قاراخاننىڭ قۇدىسى بولۇشتەك كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدىلا، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە، شۇنداق، دوقاقبەگ جانابلىرى. مېنىڭ ماقۇل بولغىنىمنى مۇھەممەد ئارسلانخان ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈپ سۆيۈنچە ئالسىلا، بېشىم كۆككە يېتەتتى ھەم نېمە دېسىلە شۇنى ئۆزلىرىگە سوۋغا قىلاتتىم.

— جەمەتىمىزنىڭ يۈز تېپىشى مەن ئۈچۈن كاتتا سوۋغا، قارلۇقلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى مەن ئۈچۈن ئامەت، بولۇنبەگ جانابلىرى. قىزلىرىغا كۆزى چۈشكەن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ مېنى ئالدىلىرىغا ئەۋەتىشىمۇ ھېكمەتسىز ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتكەنلا. ئامەتنى ئۆيلىرىگە باشلاپ كەلگەنمەن. قىلىچ كۆتۈرمەيلا بۇغرا قاراخان جەمەتىگە بۆسۈپ كىرىدىغان بولدىلا، — دوقاقبەگ پۇشۇلداپ تىنىپ، سۆزىگە سەما بولۇپ ئولتۇرغان بولۇنبەگكە، ھە دەپ كاۋاپ يەۋاتقان بوزاغۇغا كۆز سېلىپ ھىجايدى، — ساھىبجامال قىزلىرى بىلەن مۇشۇ قارام ئوغۇللىرى بولمىسىكەن، باشلىرىغا قونغان ئامەت قۇشى ھەرگىز ئۇچۇپ كەتمەيدۇ.

— ياخشى تىلەكلىرى پېقىرغا ئۈمىد بېغىشلىدى، دوقاقبەگ جانابلىرى. لېكىن، سىلى بىلەن ئىككىمىز قۇزئوردۇدىن يىراققا كېتىدىغان بولدۇق. رەيھانىدىنبەگ يۇغرۇش باشى بولۇپ قالىدىغان بولدى، ئۇ ئامەت قۇشىنى بېشىمدىن ئۇچۇرۇۋەتمىسە بولاتتى.

— ئاتا، رەيھانىدىنبەگدىن نېمانچە قورقىسەن؟ ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن. ئۇ يۇغرۇش باشى بولسا، مەن ئېلىكخانغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدىغان جاندارلارنىڭ باشى مەن،

خاتىرجەم كېتىۋەرگىن، — دېدى بوزاغۇ زىخنى داستىخانغا زەردە بىلەن تاشلاپ.

— ئوغلۇم، رەيھانىدىنبەگنى بوش چاغلىما. ئۇ شۇنچە زور تەييارلىق بىلەن ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلغان مەنسۇرخاننى ئوڭدا قويدى ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئاشۇ چاغدا لېۋىنى چىشلەپ قالغان بولۇنبەگ.

— ئاتا، مەن بۇ تۈلكىنىڭ بېشىنى يانجىۋېتىمەن، — بوزاغۇ خۇمرىدىن جاملارغا شاراب قۇيۇپ دوقاقبەگكە سۇندى، — ئاغا، ئاتامنى خاتىرجەملەندۈرۈپ قويسىلا.

— بالام، رەيھانىدىنبەگنىڭ ئۈچىنچى قىزىنى ئەپقېچىپ كېلىپمۇ ئەمرىڭگە ئالالمىغىنىڭ ئېسىڭدىدۇ؟ — بولۇنبەگ ئوغلى سۇنغان شارابنى يۇلۇپ ئېلىپ ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئايتىمىش قىزنىڭ نومۇستىن قىزىرىپ كەتكەن يۈزى، بويانقار، ئۇدمىشلارنىڭ غەزەپلىك چىرايلىرى كەلدى...

— ئايتىمىش قىزنى ئالالماسلىقىمغا سېنىڭ قورققاقلىقىڭ سەۋەب بولغان، ئاتا. ئانامدىكى جۈرئەت سەندە بولغان بولسا، ئۇ نازىنىن قىزنى ئەمرىمگە ئېلىپلا قالماي، بىر زەردار جەمەتنى دېپىمغا ئۇسسۇل ئوينىتالايتتىم. مۇشۇ ئاتامزە، مەككار بولغان بىلەن بەك يۈرەكسىز.

— نېمە دەۋاتىسەن كاززاپ!... — بولۇنبەگ بوزاغۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈردى.

— توختاڭلار، ئاتا ـ بالا نېمە بولدۇڭلار؟ — دوقاقبەگ ئۇلارنىڭ مەيدىسىدىن ئىككى يانغا ئىتتىرىپ، سوقۇشقاق چۈجە ـ خورازلاردەك ھۈرپىيىشكەن ئاتا ـ بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈكۈندى، — رەيھانىدىنبەگدىن ئېھتىيات قىلمىساقمۇ بولمايدۇ، ئالىپ يىگىت. بەك ئېھتىيات قىلىپ ئۇنىڭغا يول قويساقمۇ بولمايدۇ. پەم بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم. بۇ گەپ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — دوقاقبەگ ئىككى جامغا تولدۇرۇپ شاراب قۇيۇپ ئاتا ـ بالىغا تۇتقۇزدى، — ئىچىپ ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار.

ئەمدىكى گەپ ئەھمەد بىننى ھەسەن ئېلىكخان بىلەن ئەلى بىننى ھەسەن ئىلىكخاننى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئاكىسىغا قانداق قارشى قويۇشتا تەدبىرلىك بولۇشىمىزدا قالدى. قېنى، ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى.

ئۈچەيلەن جاملارنى بوشاتتى.

— قاپۇغچى باشى، مەن ئەلى بىننى ھەسەن ئېلىكخاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، مەسلىھەتىمىز ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغان قىلىپ قويالىسام، ئوغلۇمنۇ ئەھمەد بىننى ھەسەن ئېلىكخاننى شۇنداق قىلالىسا، ئۇ چاغدا، بۇ ئىككىيلەننى ئاكىسىغا قارشى ئاتلاندۇرالايمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇپ، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالايمىز.

— ھەببەللى! — يۇغرۇش باشىدەك گەپ قىلدىلا بۇرادەر. تويدىن كېيىنلا كۈيۈئوغۇللىرى مۇھەممەد ئارسلانخان بارسغانغا كېتىدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ماڭىمەن. سىلى سەمەرقەنتكە ماڭىدىلا. ئوغۇللىرى قۇزئوردۇدا قالىدۇ. تەقدىرنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى ھېكمەت شۇكى، ھېلى سىلى ئېيتقاندەك قىلالىساق مەقسىتىمىزگە چوقۇم يېتىمىز. كۈيۈئوغۇللىرى مۇھەممەد ئارسلانخانغا كۈندە نەچچە قېتىم كۆرۈنۈش قىلىپ كۆڭلىنى ئۇتسىلا. توي جەريانىدا، تويدىن كېيىنمۇ توققۇز تارتۇق قىلىپ ھۆرمەت كۆرسەتسىلە، سىلىنى ھەرقاچان قوللايدىغان بولسۇن. تويىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە مەسلىھەتلىشەرمىز. ھازىر مېنىڭ خۇمارىم تۇتۇۋاتىدۇ. بۇ شاراب خۇمارىمنى باسالمىدى. بۇرادەر، ماڭا نەشە ئۇۋۇلاپ بەرگەن بولسىلا.

بولۇنبەگ قاپىقى تۈرۈلگەن بوزاغۇغا قارىدى.

— ئوغلۇم، چىلىمنى ئېلىپ چىق.

بوزاغۇ ئۇندىمەي بىر غولاچ نەيچىسى بىلەن ناھايىتى چىرايلىق ياسالغان چىلىمنى ئېلىپ چىقتى. بولۇنبەگ خالتىدىن

لاتا قەغەزگە ئورالغان نەشىنى ئالمىقىنىغا ئالدى، ئۇۋۇلاپ يىمىرىپ گۇلىدەك خېمىر قىلدى، چىلىمنىڭ ۋىلىلداپ تۇرغان چوغدىنىغا سىلىپ ئىچىگە تارتتى...

ئىككىسى تاكى نەشە كۆيۈپ تۈگىگىچە چېكىشتى، تەنلىرى بوشىشىپ سۇنايلىنىپ يېتىشتى. بوزاغۇ كاۋاپ يەپ، شاراب ئىچىپ ئۆزىگە غودۇڭشىدى:

ــ سىڭلىمنىڭمۇ تويى بولىدىغان بولدى، بۇ دۇنيادا ماڭىلا قىز چىقمايدىغان ئوخشايدۇ...

ئىشىك يېنىدا باياتىن ئۇلارنىڭ گېپىنى تىڭشاپ تۇرغان قۇماربىكە ئاڭلاپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى ــ دە، ھۇجرىسىغا كىرىپ يېشىنىپ ياتتى. «قاپۇغچى باشى مېنى سوراپ ئەلچى بولۇپ كەپتۇ. ۋاي خۇدايىم، ئەمدى مېنىڭ تويۇم بولىدۇ. ئويلىمىغان يەردە ماڭا تېگىنىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالغىنىنى قارىمامدىغان. ئۇ بۇغرا قاراخاننىڭ بالىسى ئىكەن. «ماڭا كۆزىڭىز چۈشكەن بولسا، يۇغرۇش باشى بولۇنبەگنىڭ ئىشىكىگە دوقۇرغايلا، دېگەن سۆزۈمنى ئۇنتۇماپتۇ. ماڭا ئىشقى چۈشۈپ تۇرالماي قاپتۇ ــ دە. ئالتۇن تارىم بولۇش ئارزۇيۇم گۈل ئاچىدىغان بولدى...» قۇماربىكە شېرىن خىيال ئىلكىدە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئويغانغاندا، ۋۇجۇدىنىڭ باشقىچە بولۇپ قالغىنىنى، ئاجايىپ بىر تاتلىق تۇيغۇدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ، بويۇن ــ بېشىنى، ئالمىدەك چىڭ كۆكسىنى، يۇمران تېقىملىرىنى سىلاۋېتىپ، قولىنى ئىنتىلىك تارتىۋالدى. قولى ئىشتىنىنىڭ ئېغىدىكى ھۆلگە تەگكەندى. «ۋاي خۇدايىم، مېنى شەيتان ئاتلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ھە راست، چۈشۈمدە ئاشۇ قوڭۇر بۇرۇتلۇق شاھزادە مېنى بېسىۋالغانىدى...» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كۈلۈپ كەتتى.

قۇماربىكە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاممامغا كىرىپ يۇيۇندى. غۇنچە بوي، ئاق سېرىق ئەتلىك بۇ قىز ھەقىقەتەن چىرايلىق

ئىدى. ئۇنىڭ ھەمىشە مەسخىرە كۈلكىسى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان يۇمىلاق يۈزىدىكى سۈزۈك ئاسماندەك كۆك كۆزلىرىدىن يېشىل ئۇچقۇن چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ھامامدىن دەھلىز ئۆيگە چىقىپ، قىپيالىڭاچ ھالدا ئەينەك ئالدىغا كەلدى، كىيىنىشكەن بەدىنىنى كۆرۈپ ئاجايىپ بىر زوق بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، سەكرەپ پىرقىراپ ئايلاندى، ئۆزۈن چاچلىرى ئىنچىكە بېلىگە يۆگىلىپ قالدى:

— قۇمارى، نەدە سەن؟ — ئانىسىنىڭ بۇ ئاۋازى ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

— نېمانداق قۇمارى، قۇمارى دەپ توۋلاۋېرىسەن؟ مەن ھامامدا يۇيۇنۇۋاتىمەن!

— بالام، چاپسانراق چىق، ساڭا ئېيتىدىغان خۇش خەۋىرىم بار.

«تايىنلىق ماڭا ئەلچى كەلگىنىنى ئېيتىدىغاندۇ، ئاخشاملا بىلىپ بولغان تۇرسام».

— مانا، ھازىر چىقىمەن.

قۇمارىبىكە ئالدىرىماي كىيىندى، ياساندى. تېقىمىغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان چاچلىرىنى تارىمايلا ئارقىسىغا تاشلاپ، پېشايۋاندا دېدەكلەرگە ئىش بۇيرۇۋاتقان ئانىسىنىڭ يېنىغا چىقتى:

— قانداق خۇش خەۋەر ئۇ؟ تېزرەك ئېيتقىنا، ئانا.

— پەرىزات بولۇپ كېتىپسەن، قىزىم. سېنىڭ مۇشۇنداق گۈزەل جامالىڭغا مەپتۇن بولغان بۇغرا قاراخانىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئارسلانخان تۇنۇگۈن كەچ ئەلچى كىرگۈزگەنىكەن. ئاتاڭنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ تۇن يېرىم بولغاندا كەتتى. بېشىڭغا تەلەي قۇشى قونىدىغان بولدى، بالام.

قۇمارىبىكە ئەقلىنى ئازدۇرغۇچى جاراڭلىق كۈلكىسى بىلەن پېشايۋان تۈۋرۈكىگە ئېسىقلىق قەپەستىكى مۇگدەپ قالغان شاتۇتنى چۆچۈتۈۋەتتى. بۇ شەرەنداز قۇش ئىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي دوراپ قاقاھلىغىلى تۇردى.

قۇمارىبىكە خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە پاتماي قالغانىدى. ئۇ باغقا كىرىپ كېپىنەك قوغلاپ ئوينىدى. تۇتۇۋالغان كېپىنەكلەرنى يەرگە ئۇرۇپ، ئايىغى بىلەن دەسسەپ يانجىيتتى، قاناتلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ ئېرىقتىكى سۇغا تاشلايتتى، مىجىپ ئۆلتۈرەتتى ياكى قاناتلىرىنى تىتىپ توزۇتۇۋېتەتتى. بۇ قىلىقىدىن قاقاھلاپ كۈلگىنىچە تاقلاپ ـ سەكرەپ ئۆيگە كىرىۋىدى، بۇلۇڭدا ياتقان ئاسلان مىياڭلاپ كېلىپ، كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تارتىپ ئوينىدى، قۇمارىبىكە ئاپپاق نازۇك قوللىرى بىلەن ئاسلاننى كۆتۈرۈۋېلىپ بىر بوغۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويدى. كۆزلىرى پۇلتىيىپ چىققان بىچارە ئاسلانغا قاراپ يەنە قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇردى. ئايبانۇ دېدەكلەرگە تاماق كۆتۈرتۈپ كىردى. تاش ئەينەك ئالدىدا غەلىتە قىلىقلارنى قىلىۋاتقان قىزىغا قاراپ:

— بالام، ساراڭدەك نېمىلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى. قۇمارىبىكە كۆكسىنى لىغىلدىتىپ، ئاسلاننىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرگەن پېتى پىرقىراپ كۈلۈۋەردى.

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ ئاسلاننى ئۆلتۈرۈپ قويىسەن، قويۇۋەت.

— مانا ئالە! — قۇمارىبىكە ئايلىنىپ كەلگىنىچە ئاسلاننى ئانىسىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ۋايجان، ئاسلاننى نېمە قىلدىڭ شۇم؟! — چىرقىراپ كەينىگە داجىغان ئايبانۇ ئۇرۇلۇپ كېتىپ، دېدەكنىڭ قولىدىكى پەتنۇس يەرگە چۈشۈپ كەتتى. قاقاھلاپ كۈلگەن قۇمارىبىكە گىلەم ئۈستىگە چۈشۈپ مۇرابىا، ھەسەللىرى تۆكۈلگەن قەندەللەرنى تېپىپ چېقىۋەتتى.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ، شۇم! قولۇڭغا چىنە ـ قاچا ئالساڭ سۇندۇرۇۋېتىسەن، رەخت چىققسا يىرتىۋېتىسەن، زىننەت بۇيۇملىرىنى بۇزۇۋېتىسەن، بۇنى ئاز دەپ ئاسلاننىمۇ ئۆلتۈرۈپ قويۇپسەن. قولۇڭ نېمىدېگەن قانلىق سېنىڭ جۇۋاينىمەك! ئالە

بۇ نېمەڭنى ! — ئايبانۇ ئۆلۈك ئاسلاننى قىزنىڭ كۆمۈش ئوتۇغات قىستۇرۇۋالغان بېشىغا ئاتتى. قۇماربىكە ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى. ئۆلۈك مۇشۇك دېرىزە ئەينىكىگە تېگىپ تەكچىگە چۈشتى، — بەتبەخت ! نېمىشقا چوڭ بولمايدىغانسەن. تەلەي قۇشى بېشىڭغا قونغىلىۋاتسا، قىلىپ يۈرگەن ئىشىڭنى قارا ! — ئايبانۇ چالۋاقاپ، دېدەكلەرنى چېقىلغان قەندەل بىلەن ئۆلۈك ئاسلاننى ئاچىقىۋېتىشكە بۇيرۇدى.

— ھە، مېنىڭ قولۇم شۇنداق قانلىق، سۇندۇرىمەن، يىرتىمەن، ئۆلتۇرىمەن، نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىپ كۆڭلۈمنى خۇش ئېتىمەن. قانداق قىلالايتتىڭ؟

— ماۋۇ بىغەرەزنىڭ شۇم ئېغىزلىقىنى ! — قۇماربىكە ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرگەن ئايبانۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ئانا، ئانىخان، بۇغرا قاراخاننىڭ ئوغلىغا ياتلىق بولغىلىۋاتقان نازىنىن قىزىڭنى ئۇرامسەن؟ بىرەر يېرىم زېدە بولۇپ قالسا، تېگىنگە نېمدەپ جاۋاب بېرىسەن؟ ئانا، ئانىخان، قىزىڭنى ئۇرىمەن دېمەي سۆيۈپ قوي، — قۇماربىكە ئانىسىنى بېلىدىن قامالالاپ ئايلاندۇردى، — تويۇم بولسۇن، مېنى شۇ چاغدا كۆرۈڭلار. سىلەرنى زەرگە كۆمۈۋېتىمەن. دۈشمىنىڭلارغا نەيزىدەك سانجىلىپ، قارلۇق قىزى ئىكەنلىكىمنى ئالەمگە بىلدۈرۈپ قويىمەن، ئانا !

ئايبانۇ ئىككى قولى بىلەن قىزىنىڭ كۆلكە يېغىپ تۇرغان يۈزلىرىدىن تۇتۇپ، سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— مېنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەك سەپسېلىپ كەتتىڭغۇ ئانا. گۈزەل رۇخسارىمدىن نېمىنى كۆرۈۋاتىسەن؟

— كەلگۈسىڭنى كۆرۈۋاتىمەن، قىزىم. قولۇڭغا ئالغان قىلىچتىن قان تېمىپ تۇرۇپتۇ، شۇنداق قورقۇنچلۇق...

قۇماربىكە ئىككى تىزىنى شاپىلاقلاپ كۈلدى.

— مېنى تەڭرىم ئۇسسۇل ئويناشقا ئەمەس، قىلىچ چېپىشقا،

نەيزە سانجىشقا، قان تۆكۈشكە ياراتقان، ئانا. مۇھەممەد ئارسلانخانغا تەگكىنىمدىن كېيىن كۆرسەن، مەن شۇنداق ئالتۇن تارىم بولمەنكى، مەن ـ مەن دېگەن ئالىپ تېگىنلەرنى چاترىقىمدىن ئۆملەپ ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىمەن تېخى...

— تەڭرىم كۆڭلۈڭگە ئىنساب بەرگەي، قىزىم...

— ئاكامغا ئىنساب تىله، ئانا. قولىغا چۈشكەن قىزغا ئىگە بولالماي هازىرغىچە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولالمىدى. ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالسام، شور پېشانە ئايتمىشنى بوغۇپ ئۆلتۇرۇۋېتەتتىم، — دېدى ئانىسىنى نېرى ئىتتىرىپ. ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. ئالدىغا چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى قاماللاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن ئەل سورايدىغان خانىش بولغاندا، ئۇ لاتىپۇرۇشنىڭ قىزىنى ئېگىنىمنى يۇغىلى سالىمەن، ئانا. هازىر قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، چاپسانراق تاماق يەيلى.

— تۇنۇگۇن ئەلچى بولۇپ كەلگەن دوقاقبەگنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن سويغان قوينىڭ ئۆپكە ـ هېسىپىنى قۇيغۇزغانىدىم، شۇنى يەمسەن ياكى ئاتاڭغا ئەتكەن پېتىرمانتىدىن يەمسەن؟

— هەر ئىككىلىسىدىن، يەنە كاۋاپمۇ يەيمەن ئانىخان.

— نەپسىڭ بار ـ دە، سېنىڭ قىزىم. يە، يېگىن. ئەتە كۈيۈئوغلۇمنى چاقىرىۋالماقچى بولۇۋاتىمىز. بۇغرا قاراخان ۋە ئۇنىڭ خانىشىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلىشى مۇمكىن. ئۆزۈڭنى ئوبدان تۇزەشتۇرۇپ، ئالتۇن تارىمغا يېقىملىقراق كۆرۈنۈشكە تىرىشقىن.

— مەن ئېرىمگە يېقىملىق كۆرۈنسەم بولدى، ئانا. مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇۋەت، بولامدۇ؟

— ماقۇل، ماقۇل، شەيتىنىم. ئەمىسە ئولتۇر. مېنى چارچىتىۋەتتىڭ، تاماق يەيلى. هەي، تاماقنى ئەكىرىڭلار.

«ئەتە مۇھەممەد ئارسلانخان كەلگۈدەك بولسا، ئۇنى پىراق ئوتىدا ئۆرتىۋېتەي، دىدارىمنى تېزرەك كۆرۈشكە ئىنتىزار

بولسۇن...» تاماق ۋاقتىدىمۇ، تاماقتىن كېيىنمۇ، ئاتىسى كەلگەندىمۇ، كەچ كىرگەندىمۇ بۇ خىيال قۇمارىبىكەنىڭ كاللىسىدىن كەتمىدى. ئۇ ئۇياققا ئۆرۈلۈپ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ، شامداندىكى شامنىمۇ ئۆچۈرمەي ئاخىرى ئۇخلاپ قالدى...

قۇمارىبىكە مۇھەممەد ئارسلانخان بىلەن چار باغدىكى كۆل بويىدا شاھ سۆيۈپسەندىكى ئالتۇن قۇببىلىك تەختتە كۆلۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن ئوتۇغاتنىڭ شولىسى سۇغا جۇلا تاشلىغانىدى. پەرىلەردەك ياسانغان كېنىزەكلەر ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

— توختاڭلار! ھازىر ئالتۇن تارىم ئۇسسۇل ئوينايدۇ، — دېدى شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ مۇھەممەد ئارسلانخان.

گۈللۈك يىپەك رەختتىن ئۇزۇن كۆڭلەك، تەتىللا جىلىتكە كىيىپ، ناۋات رەڭ ھىلھىلە رومال سالغان قۇمارىبىكە پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، قاناتلىرىنى كېرىگەن تۇزدەك قوللىرىنى يېيىپ، شۇنداق نازاكەت، جىلۋە بىلەن ئويىندىكى، مۇھەممەد ئارسلانخان ئولتۇرالماي تۇرۇپ كەتتى. بىر تەلەڭگە تىللا كەلتۇرۇپ قۇمارىبىكەنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چاچتى. شاھ سۆيۈپسىغا سېلىنغان رەڭدار ئىران گىلىمى ئوتقاشتەك پارىلداپ كەتتى. قۇمارىبىكەنىڭ جادۇ كىرپىكلىرى ئوراپ تۇرغان كۆك كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، كېپىنەك قانىتىدەك يەلپۈنگەن گۈللۈك كۆڭلىكى يېپىلىپ ـ ئېچىلغاندا، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ شەھۋانىي ھەۋىسى قوزغىلىپ قالدى. شۇ چاغدا پىرقىراپ ئايلىنىۋاتقان قۇمارىبىكە ئىككى قولىنىڭ يېڭىدىن ئىككى خەنجەرنى چىقىرىپ، نازلىنىپ بارغىنىچە مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ غەپلەتتە قالغان بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، ئوغلى ھۈسەيىن ئارسلانخاننىمۇ بوغۇزلىۋەتتى. كۈنداشلىرى بولغان خانىش، چۆرىلەرگە، ئۇلارنىڭ باللىرىغىمۇ خەنجەر ئۇرۇپ قانغا غەرق قىلدى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ قانغا چۆكۈپ

كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ دەھشەت ئىچىدە ۋارقىرىۋەتتى:
— ئاتا! ئابا!...

قۇمارىبىكە ئۆز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندا، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆكۈپ ياتاتتى. «ئاجايىپ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتىمەنا، توۋا خۇدايىم، توۋا...»

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ ئەجەب تولاپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى ھاساسلاپ كىرىپ كەلگەن ئايبانۇ.

چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، چىرايى تاتارغان قۇمارىبىكە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئېڭىشىپ تۇرغان ئانىسىغا قارىدى:

— مەن غەلىتە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، ئانا. شۇنداق قورقۇنچلۇق، شۇنداق دەھشەتلىك!...

— جېنىم بالام، ئېيت، قانداق چۈش كۆرۈپسەن؟ ئاڭلاپ باقاي.

— قۇمارىبىكە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا باش قويغان ھالدا كۆرگەن چۈشىنى دەپ بەردى.

— تۇف ـ تۇف... سېنى قارا بېسىپتۇ قىزىم، سەدىقە بېرىۋېتەيلى. كۈن چىققۇچە ئۇخلىغان بارمۇ، تۇرغىن، يا تويۇڭنى قىلمىساق بولارمىكىن.

— قۇمارىبىكە يۈت ئېتىپ قاقاھلاپ كۈلدى:

— مۇھەممەد ئارسلانخانغا تەگكىنىم تەگكەن، ئۇنىڭ، ئۆزۈمنىڭ نېمە بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، ئالتۇن تارىم بولىمەن. بۇ توينى ھېچكىم توسۇيالمايدۇ، بېشىمدىكى ئالتۇن دېدىم قۇزئوردۇ ئاياللىرىنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدۇ.

— بالام، تۇرغىن، مېھمانلار كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئاباڭ قوي سويدۇرۇۋاتىدۇ.

قۇمارىبىكە ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىدىغان كىيىملىرىنى، ئاسىدىغان، تاقايدىغان زىبۇزىننەتلىرىنى ئالدىراپ تاللاشقا كىرىشتى.

## 3

دۇنيادا كۈتۈلمىگەن ئىشلار كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا، كۈتۈلمىگەن جايدا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنى بەزىلەر خالىسا، بەزىلەر خالىمايدۇ. خالىغانلار پايدا ئالسا، خالىمىغانلار زىيان تارتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، خالىمىغانلار پايدىغا ئېرىشىپ، خالىغانلار زىيان تارتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

قۇماربىيكەنىڭ تۇيىمۇ ئەنە شۇنداق كۈتۈلمىگەن قىسمەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بالاساغۇن شەھىرىنى تەۋرىتىۋەتتى. بۇ توي قارلۇقلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ، مەغرۇرلاندۇرۇپ قويغان بولسا، ئەجەبسىنگەن كىشىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. بالاساغۇن ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى. بولۇنبەگنى ياقتۇرمايدىغانلار بۇ تويىنىڭ بولۇشىنى خالىمايتتى، ياقتۇرىدىغانلار خالايتتى. پۈتۈن ئەلنى بۇ توي توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر قاپلاپ كەتتى.

بۈگۈن كەچ ئوردىدىن قايتىپ كەلگەن رەيھانىدىن پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ، بايا تاپشۇرۇۋالغان باغاقنى ئوقۇدى:

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. جانابىي ھۆرمەتلىك يۇغرۇش باش رەيھانىدىنبەگ ھەزرەتلىرى: تەڭرىنىڭ خالىشى بىلەن، ئەتە شەنبە كۈنى يۈسۈپ قادىرخان بۇغرا قاراخان ۋە قارلۇق يابغۇسى يۇغرۇش بولۇنبەگ پەرزەنتلىرىنىڭ توي مەرىكىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلغايلا.

ھۆرمەت بىلەن: بۇغرا قاراخان غازى پادىشاھ يۈسۈپ قادىرخان

چۈشتىن بۇرۇن بولۇنبەگ قەسرىدە، چۈشتىن كېيىن چۇ دەرياسى بويىدىكى بۇغرا قاراخان مەيدانىدا توي

داۋاملىشىدۇ.

ھىجرىيە 415 ـ يىلى شەئباننىڭ 9 ـ كۈنى».

رەيھاندىن بولۇنبەگ نامىدا يېزىلغان يەنە بىر باغاقنىمۇ كۆز يۈگۈرتتى، مەزمۇنى ئوخشاش ئىدى.

ــ ئابا، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ ــ ئىشىكتىن جىلتىنى يۇلاڭلىتىپ يۈگۈرۈپ كىرگەن يۈسۈپ كەلگىنىچە، ئورنىدىن تۇرغان ئاتىسىنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى. ئۇ بادام دوپپا، ئاق كۆڭلەك، قارا ئىشتان كىيىۋالغانىدى، خۇش چېھرىدە كۈلكە ئوينايتتى.

ــ بالام، ماۋۇ باغاقلارنى بوۋاڭ بىلەن موماڭغا ئەكىرىپ بەرگىن.

ــ ماقۇل، ئابا، نېمە باغاق ئىكەن؟

ــ ھېلى دەپ بېرىمەن، ئاۋۋال باغاقنى بېرىپ چىق.

ــ ماقۇل، ــ يۈسۈپ ھايال بولماي ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ چىقتى، ــ ئەمدى دەپ بەرگىن.

ــ بۇ، مۇھەممەد ئارسلانخان بىلەن قۇمارىبىكەنىڭ توي باغىقى.

يۈسۈپ قولىغا ئېلىپ كۆردى، كەشمىرنىڭ پاتلىق قەغىزىگە ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغان قۇرلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

ــ ھە، بۇ بۇغراخان ئوغلىنىڭ تويى ئىكەنغۇ.

ــ شۇنداق بالام، ئولتۇرغىن.

يۈسۈپ رەيھاندىننىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ــ ئېيتىپ بەرگىنە ئابا، بۇغرا قاراخاننىڭ نەچچە ئوغلى بار؟

ــ سۇلايمان ئارسلانخان، مۇھەممەد ئارسلانخان، مەھمۇد ئارسلانخان ئاتلىق ئۈچ ئوغلى، ئوندىن ئارتۇق نەۋرىسى بار.

ــ يۈسۈپ قادىرخان بۇغرا قاراخان كىمنىڭ ئوغلى؟

ــ ھارۇن ھەسەن بۇغرا قاراخاننىڭ ئوغلى.

— ھارۇن ھەسەن بۇغرا قاراخاننىڭ قانچە ئوغلى بار، ئاتا؟ — يۇسۇپ توختىماي سورىغىلى تۇردى.

— سوراۋېرەمسەن، ئوغلۇم؟

— سورىسام بولمامدۇ، ئاتا؟ — يۇسۇپ بىلىش نەزىرى بىلەن قارىدى.

— سورىساڭ بولىدۇ، نېمىشقا بولمايدىكەن. ھە، سوراۋەرگىن.

— پادىشاھلىرىمىزنىڭ ئەجدادىنى، ئەۋلادىنى بىلىۋالاي دەيمەن، ئاتا.

— ماقۇل بالام، ياخشى ئويلاپسەن. سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي: ھارۇن ھەسەن بۇغرا قاراخاننىڭ يۇسۇپ قادىرخان، ئەھمەد، ئەلى ئاتلىق ئۈچ ئوغلى، ئادىرا ئاتلىق بىر قىزى بولغانىكەن.

— ئاتا، بۇ ئادىرا دېگىننىڭ مەرھۇم بۇغرا قاراخان ئەھمەد تۇغانخاننىڭ خانىشى ئەمەسمۇ؟ مەنسۇر بۇغرا قاراخان بولغاندا تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىپ، كېيىن يەنە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدىڭ. مېنىمۇ سوراپتىكەنغۇ.

رەيھانىدىن كۈلۈمسىرىدى:

— ئۆزۈڭ كىچىك بولغان بىلەن گېپىڭ پۇتۇن، ئوغلۇم. ئېسىڭدە تۇتۇپسەن. قۇنچۇي بىزنى چاقىرتىمەن دېگەنىدى، ۋاقتى يەتمەيۋاتقان بولسا كېرەك.

يۇسۇپ ئويلاپ قېلىپ سورىدى:

— مەرھۇم ھارۇن ھەسەن بۇغرا قاراخان ئوردۇكەنت بۇغراخانى سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغلىمۇ؟

— ياق، بالام. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى.

— ئۇنداق بولسا ئەھمەد تۇغانخانمۇ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلىمۇ؟

— ئۇنداق ئارىلاشتۇرۇپ قويما، بالام. ئەھمەد بىننى ئەلى تۇغانخان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ھەمشىرىسى ئالتۇن تارىم نۇر ئەلانۇر خېنىم تۇركەن خاتۇننىڭ ئوغلى سېيىت ئەلى

ئارسلانخاننىڭ بالىسى.

— ھە، بىلدىم ئابا، سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن قۇنچۇي نۇر ئەلانۇر خېنىم ئاكا ـ سىڭىل ئىكەن ـ دە. بۇلار سەن تولا تەرىپىنى قىلىدىغان ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىمۇ؟

— توغرا دېدىڭ، بالام. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تۆت ئوغۇل، ئۈچ قىزى بولغان. قوشكېزەك ھەسەن ـ ھۈسەن، بايتاش مۇسا، سۇلايمان ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، قىزلىرى نېسىپ تۇركەن خېنىم، نۇرئەلانۇر خېنىم، بۇد تۇركەن خېنىم نامى بىلەن مەشھۇر. نۇرئەلا نۇر خېنىم بىر ئوغۇل تۇغقان، ئېتى سېيىت ئەلى ئارسلانخان، ئوردۇكەنتنىڭ بۇغراخانى بولغان.

— سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئاتىسى كىم، ئابا؟

رەيھاندىن جاۋاب بەرمەي جىم بولۇۋالدى. يۇسۇپ قايتا سورىۋىدى، ئويلىنىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئوبۇلپەتتاھ بىننى ئەبۇ ناسىر سامانى، يەنى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇستازىنىڭ ئوغلى.

— چۈشەندىم، ئابا. ئەمدى ئېيتقىنا، بۇغرا قاراخانلىق تەختىدىن چۈشكەن مەنسۇر بۇغراخانچۇ، ئۇ كىمنىڭ ئوغلى؟

— سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەھمەد تۇغانخان، ناسىر ئېلىكخان، مۇھەممەدخان ئاتلىق ئوغۇللىرىمۇ بولغان. بۇلار ئىچىدە ناسىر ئېلىكخان ئەقىللىك، باتۇر، ئەل سۆيەر ئىدى. ئەپسۇس، ئۇ تازا دەۋر سۈرۈۋاتقان چاغدا كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

— بولدى، ئابا. ھازىر شۇنچىلىك بىلىپ تۇراي، بىلمەكچى بولغىنىم بەك كۆپ، بارا ـ بارا سوراپ بىلىۋالارمەن. ئەگەر قۇنچۇي ئادىرا چاقىرتىپ قالسا، مېنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالما، بولامدۇ؟

— ئۇنتۇپ قالمايمەن، بالام، چاقىرتىپلا قالسا چوقۇم ئېلىپ بارىمەن. ھازىر بوۋاڭ بىلەن بۇغرا قاراخاننىڭ قارارگاھىغا توي

پەتىسگە بېرىپ كېلەي.

— تاماق تەييار بولدى ئاتىسى، يەپ ماڭسىلا، — دېدى ئۆيدىن چىققان يابىرا.

— ماقۇل، ئاتا ـ ئانام بىلەن غىزالىنىپ ماڭاي. يۇر بالام، بوۋاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ تاماقنى شۇ يەردە يەيلى.

— بۇ تويغا قانداق سوۋغات تەييارلاپ قويدىلا يۇغرۇش باشى؟ — مەنىلىك قىلىپ سورىدى يابىرا.

— ھېچنېمە.

— نېمىشقا؟

— بۇنى كېيىن دەپ بېرەي.

رەيھاندىن توي كۈنى بۇغرا قاراخان يۇسۇپ قادىرخانغىمۇ، مۇھەممەد ئارسلانخانغىمۇ توي سوۋغىتى ئېلىپ بارمىدى. زەمۇران ئانا، يابىرالارنىمۇ تويغا بارغۇزمىدى. ئۆزى بولۇنبەگنىڭ قەسىرىگە بارغان بولسىمۇ، توي ئىشىغا داخىل بولمايلا ئۇزاپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ بۇ تويىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىزلىككە چۈشكەندى. كېرىلىپ يوغىناپ كەتكەن بولۇنبەگ، مۇز چىرايى بىلەن ئالىيىپ قارىغان بوزاغۇ، غادىيىۋالغان دوقاقبەگلەرنىڭ ئەلپازىدىن ھەزەر ئەيلىگەندى. «مەنغۇ بىر كىشى، بۇلاردىن خانلىققا ئاپەت، ئەلگە تالاپەت يەتمىسە ئىدى» دەپ ھەسرەت چېكىپ مەيۇسلىنىپ قالغاندى.

— ئابا، چۈشتىن كېيىن چۇ دەرياسى بويىدىكى بۇغرا قاراخان مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان توي مەرىكىسىگە بارمامسەن؟ — دەپ سورىدى قارىيخانىدىن تاماققا كەلگەن يۇسۇپ، — كىشى قارا، مەرىكىگە بېرىپ كېلىڭلار، دەپ بالىلارنى قويۇۋەتتى.

— مەن بارالمايمەن، بالام. سەن ئاناڭغا دەپ قويۇپ، يارۇق، ئادار ئاغىلىرىڭ بىلەن بېرىپ كەلگىن. تۇلپار ئېتىڭنى مىنمىۋال. ئۆسمۈرلەرنىڭمۇ بەيگىسى بولۇپ قالسا مەيدانغا چۈش. ئاشانبۇقا بوۋاڭنىمۇ ئېلىۋېلىڭلار، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ

قويسۇن.
— خوپ، ئاپا.
— خۇداغا ئامانەت، بالام.

يۇسۇپ نامازشامغا يېقىن ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى.
— بالام، ئەجەب يولۇڭغا تەلمۈرتۈۋەتتىڭغۇ؟ — رەيھانىدىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يابىرا قوپۇپ يۇسۇپنى باغرىغا ياقتى، — سۆزلەپ بەرگىنە، مەرىكە قانداقراق بولدى، قىزىدىمۇ؟
— يارۇق، ئادار ئاكاملارنىڭ تويىدىكىدەك قىزىمىدى.
— نېمىشقا؟ — رەيھانىدىن يۇسۇپنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.
— ئادەملەر بەك كۆپ چىقىپتىكەن. ئۆرىتۆپە بولۇپ دەۋرەپ كېتىۋىدى، ھېلىقى جاندارلار ئەمىرى بوزاغۇ دېگەن نۆكەرلىرى بىلەن ئۇرۇپ سۇر - توقاي قىلىپ مەيداننى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. بۇغرا قاراخان ۋە ئۇنىڭ ئەلەمدار - قەلەمدارلىرى خالايىقنى تەرتىپكە ئۇندەپ مىڭ تەسلىكتە سەپراس قىلىپ ئات بەيگىسىنى باشلىدى، ئاپا.
— بەيگىدە كىم ئۇزۇپ چىقتى، بالام؟
— يارۇق ئاكام.
— چېلىشتىچۇ؟
— چوڭلاردىن ئاشانبۇقا بوۋام.
— ئۇ كىم بىلەن چېلىشقا چۈشتى؟
— قاپۇغچى باشى بولغان دوقاقبەگ دېگەن ياۋا توڭگۇز بىلەن. ئۇ ناھايىتى ھەيۋە بىلەن مەيدانغا كىردى.
رەيھانىدىن ئوغلىنىڭ بۇ ئوخشىتىشىدىن زوقلىنىپ كۈلۈۋەتتى.
— سۆزلە، قايسىسى يىقىلدى؟
— دوقاقبەگ ئاشانبۇقا بوۋامنى كۆتۈرۈپ ئېتىپ يەرگە چاپلىۋەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۆزى يەرگە چاپلىشىپ قالدى.

— ھا ـ ھا ـ ھا !... رەسۋا بوپتۇ ـ دە، ئۇ قېرى تۈلكە، — يابىرامۇ كۈلۈپ كەتتى.

— ياشلاردىن ئۇدىمىش ئاكام بوزاغۇنى يەرگە ئېتىپ، ئاشانبۇقا بوۋامدەك ئاۋامنىڭ ئالقىشىغا، بۇغرا قاراخاننىڭ بىر لېگەن تىللا تارتۇق قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

— بوزاغۇ يەنە ئوسال بوپتۇ ـ دە، خوپ بوپتۇ، «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن مانا شۇ.

— نىيىتى يامانىنىڭ ئىشىنى تەڭرىمۇ ئوڭدىن كەلتۈرمەيدۇ، — دېدى يابىرا ئىبرىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ.

— توپىغا مىلەنگەن بوزاغۇ مەيداندىن چىقىپ كېتىپ ئىككىنچى كۆرۈنمىدى. خۇددى مۇشۇكنى كۆرۈپ كامارغا كىرىپ كەتكەن چاشقاندەك.

يۈسۈپنىڭ بۇ سۆزى ئاتا ـ ئانىسىنى يەنە بىر قېتىم كۈلدۈرۈۋەتتى.

چۇ دەرياسى بويىدىكى بۇغرا قاراخان مەيدانىدا مەرىكە داۋاملىشىۋاتاتتى. تويىنىڭ يەتتە ـ سەككىزىنچى كۈنلىرى قىلىچۋازلىق، نەيزە ئۇرۇش، ئوقيا ئېتىشىشتا ئۇدىمىش، بويانقارلار ئۇتۇپ چىقىپ، بۇغرا قاراخاندىن تارتۇق ئالدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەچقۇرۇن ئادامتوغرۇل، ئاشانبۇقا ئائىلىسىدىكىلەر بەگتۆمۈر قورۇسىغا كېلىپ يىگىتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە تەنتەنە قىلىشتى. ئايتولۇن، ئايسىلىگ، ئايتمىشلارمۇ ئەرلىرى بىلەن كېلىشكەنىدى. ئېغىرئاياغ بولۇپ قالغان قىزتۇرمىش ئادار بىلەن كېلىپ بۇ خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتى. ئارچۇن يۈسۈپ بىلەن باغدىن تېرىپ كىرگەن گۈللەرنى يىگىتلەرنىڭ مەيدىسىگە قاداپ قويىدى. ئەگەر مەلىكە ئادىرا ئەۋەتكەن كېنىزەك كەلمىگەن بولسا، يۈسۈپمۇ بۇ خاسىيەتلىك ئاخشامنى ئۇلار بىلەن بىللە تەنتەنە قىلىپ ئۆتكۈزگەن بولاتتى. مەلىكە بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئىستىكى ئۇنى ئاتىسى بىلەن ھەرەم قەسىرىگە بېرىشقا ئالدىراتتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

# بۆرە تېگىن

## 1

قارا پەرەنجە يېپىنغان مەلىكە ئادىرا كېنىزەكلىرى بىلەن ئۆلارنى قەسىر هويلىسىدا كۇتۇۋالدى. شام - چىراغلارنىڭ نۇرىدا چاقناپ تۇرغان خاس هۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كېنىزەكلەر داستىخان سالدى. مەزە - گېزەك قويۇپ، بۆدۇنە، قىرغاۋۇل كاۋاپلىرىنى كەلتۇردى، قارا پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئولتۇرغان مەلىكە:

— رەيھانىدىنبەگ، ئوغۇللىرى بىلەن كېلىپ پېقىرەنى كۆپ خۇرسەن قىلدىلا. ئاۋۋال تاماققا ئېغىز تېگىپ، ئاندىن پاراڭلىشايلى. قېنى بەگيۇسۇپ، كاۋاپتىن ئالسىلا، — دېدى.

— رەھمەت قۇنچۇي ئالىيلىرى. ئۆزلىرىنىڭ تەرىپىنى ئابام، موماملاردىن كۆپ ئاڭلاپ دىدارلىرىنى بىر كۆرۈشكە مۇشتاق بولغانىدىم. كۆرۈشۈپ بىلدىمكى، مېھرىبان، غەمخان ئانا ئىكەنلا، — دېدى يۇسۇپ.

— «نېمىدېگەن ئەدەپلىك، پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان بالا - ھە! سۆزلىرى شۇنداق ئورۇنلۇق، ياخشى تەربىيەلىنىۋېتىپتۇ. كەلگۇسىدە كاتتا بۆگۇ بىلگە بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىغان مەلىكە پەردە كەينىدىن يۇسۇپكە سەپسالدى. يۇسۇپ قاراخانىيلارنىڭ هال رەڭ توغىغا رەڭداش بۆك، ئۇچىسىغا يوللۇق شايى تون كىيىپ، كۇمۇش كەمەر باغلىۋالغانىدى. كۆڭلىكىنىڭ ئاپپاق ياقىسى ئاستىدىن باغلانغان چەكمە گۇللۇك بويۇندىق ئۇنى

سالاپەتلىك قىلىپ قويغانىدى.

— بالام، ئولتۇرۇپ كۆڭۈللىرى تارتقان يېمەكلىكتىن يېسىلە، — مەلىكىنىڭ تەكلىپى يۈسۈپنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋەتتى. ئۇ بۆدۆنە كاۋىپىدىن يەپ، خۇشبۇي چايدىن ئوتلىدى، ئاچچىق - چۈچۈك گىلاس شەربىتىدىن ئىچتى. ئاتا مەلىكىگە ئۆزىنى بالام دېگۈزگەن ئوغلىنىڭ پاساھىتىدىن سۆيۈنۈپ ئولتۇردى.

— يۇغرۇش باشى، سىلەر بىلىپ قېلىڭلار. مەن ئەمدى سۆزلەپ بېرەي، بۇ ئادەمنى ئەجەبلەندۇرىدىغان سەرگۈزەشت، — ئادىرا مەلىكە سۆزىنى باشلىدى، — ئېرىم ئەھمەد تۇغانخان تۇيۇقسىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا بۇغرا قاراخان بولۇپ تەختكە چىققان مەنسۇرخان ھالىمدىن خەۋەر ئالغان بولۇپ، قەسرىمگە تولا كېلىدىغان بولۇۋالدى. ئېرىمنىڭ ئىنىسى دەپ ھۆرمىتىنى قىلىپ كۈتۈۋالسام، ئۇ ئۆزىنى بىلمىگەن گالۋاڭ بىزەڭلىك قىلىپ: «قۇنچۇي، بۇنداق يالغۇز تۇرسىلا مەن خاتىرجەم بولالمايمەن، ئاكاممۇ قەبرىدە تىنچ ياتالمايدۇ، سىلىنى قەسرىمگە ئاچىقىۋالايمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن» دېمەسمۇ. تاپىنىمدىن كىرگەن ئوت مېڭەمدىن چىقىپ كەتتى. غەزەپ ئاچچىقىم بىلەن: «بۇغرا قاراخان، خاتا ئويلاپلا، مەن ئۇنداق شاللاق خوتۇنلاردىن ئەمەس مەن، بۇغرا قاراخاننىڭ قىزى — قۇنچۇي مەن. قېشىمدا كېنىزەكلىرىم بار، يالغۇز قالغىنىم يوق. ئاغزىلىرىنى ئۇنداق قويۇۋەتمىسىلە، ئەنسىرەپ ئاۋارىمۇ بولمىسىلا» دېدىم. ئۇ خاپا بولغاندەك خىڭىلداپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈۋىدى، يەنە كىردى. توغرىدىن توغرا ئېتىمنى ئاتاپ: «ئادىرا، راستىنى دېسەم سىلىگە ئاشىق بولۇپ قالدىم. ئىددەت[1] مەزگىلى توشقاندىن كېيىن ئەمرىمگە

[1] ئىددەت — شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئېرى ئۆلگەن ياكى ئاجراشقان ئايال يالغۇز ھالدا ئۆتكۈزىدىغان مۆھلەت «ئۈچ ئاي ئون كۈن». بۇ مۆھلەت ئۆتسە ئەرگە تېگىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئېلىش قارارىغا كەلدىم. رازى بولسىلىرىمۇ ـ بولمىسىلىرىمۇ سىلىنى ئالغىنىم ـ ئالغان» دېۋىدى، جان ـ پىنىم چىقىپ كەتتى. قولۇمغا چىققان نەرسىنى ئېتىپ قوغلاپ چىقاردىم. ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھار كېلىپ، بىر كېچە ـ كۈندۈز دوم يېتىپ يىغلىدىم. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، بېشىمدا يەنە شۇ مەنسۇرخان ھەجىيىپ تۇرۇپتۇ، «نېمە قىلغىلى كەلدىڭ ئەبلەخ!» دېدىم ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ. «ئەرلىكىمنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن، دەپ كەلدىم ئادىرا. سىلى بەك چىرايلىق، مېنى مەھلىيا قىلىۋالدىلا» دەپ تۇيۇقسىز مېنى قۇچاقلىۋالدى. كىچىك چېغىمدىن ئات مىنىپ، ئوقيا ئېتىپ چوڭ بولغىنىم ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمىدىم. غەزەپ ئاچچىقىم بىلەن بىر يۇلقۇنۇپ ئۇنىڭ ئىپلاس قولىدىن بوشىنىۋالدىم. تامغا ئېسىقلىق قىلىچنى قولۇمغا ئېلىپ: «مەنسۇرخان، ئۆزىڭىزنى بىلىپ چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا شۇم كاللىڭىزنى نجىس قولىڭىزغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن» دەپ ئالدىمغا بىر قەدەم بېسىۋىدىم، ئۇ: «مەلىكە، مەن چىقىپ كېتەي» دەپ ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى. مەن قەسىر ھويلىسىغا چىقىپ كېنىزەكلىرىمنىڭ باغلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. مەنسۇرخان جاندارلىرى بىلەن قەسىر ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، بىردىن كەينىگە بۇرالدى. «ئادىرا قۇنچۇي، شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، سەمىمىيەت بىلەن دېگىنىمگە ماقۇل بولمىسىڭىز، زەخمىگە خوتۇنلۇققا بېرىۋېتىمەن، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىسىز» دېدى ـ دە، ئىشىكنى پۇتى بىلەن تېپىپ يېپىۋەتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەلپازى بەك قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇنىڭ قارا نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى بىلىپ، قوزئوردۇدىن كېتىش قارارىغا كەلدىم.

— مۇنداق دېسىلە، قۇنچۇي ئالىيلىرى. تازا يوزسىزلىك قىپتىكەن ـ دە، مەنسۇرخان. قانداق قىلىپ ئوردىدىن ئايرىلدىلا؟

— قانداق غايىب بولۇپ كەتكەنتىلە قۇنچۇي ئالىيلىرى؟ — يۇسۇپ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ ئاتىسىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا سورىدى.

— مېنى خۇرسەن قىلىمەن دېسىلە، قۇنچۇي ئالىيلىرى دېمەي، ئابا دېسىلە، بالام. ئالتۇن تارىم قۇنچۇي، تۇركەن خاتۇن دېگەن مەرتىۋىلىك ناملاردىن، ئابا دېگەن بۇ سۆز ھەم ئۇلۇغ، ھەم يېقىملىقتۇر. مەن ئوردىدىن مەنسۇرخاننىڭ ئىجازىتى بىلەن چىقىپ كەتتىم.

— مەنسۇرخاننىڭ ئىجازىتى بىلەن دېدىلىمۇ، ئابا؟ — يۇسۇپنىڭ ھەيرانلىقتا ئاغزى ئېچىلىپ قالدى.

— ھەئە، بالام. مەن ئوردىدىن قانداق چىقىپ كېتىش توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندىم. ئاخىر ئامال تېپىلدى. پەرىزات ئىسىملىك بىر كېنىزىكىم بار ئىدى، ئۆزى نامرات دېھقان قىزى بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق ھەم ئەقىللىك قىز ئىدى. ئاكام يۇسۇپ قادىرخان ئۇدۇننى پەتھى قىلغاندا يەتتە ياشلىق بۇ قىزنى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تېپىۋېلىپ قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەنىكەن. مەن يالغۇز قىز بولغاچقا ماڭا ھەمراھ قىلىپ قويىدى، شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە مەندىن ئايرىلماي كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتىپ مەسلىھەت سورىسام: «ئوردۇكەنتكە كېتەيلى» دېدى. بۇ ئورۇنلۇق مەسلىھەت ئىدى. لېكىن، مەنسۇرخانغا بىلدۈرمەي يولغا چىقىش ئۇچۇن قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭغىمۇ پەرىزات يول كۆرسەتتى: «بۇ ۋاقىتقىچە ئۆزلىرىدىن مەخپىي تۇتقان بىر سىرىم بار ئالتۇن تارىم، بۇغرا قاراخان ئەھمەد تۇغانخان دەۋرىدە جاندارلارنىڭ، ھازىر ياتغاقلار[1]نىڭ سەردارى بولۇپ كېلىۋاتقان قابانقۇنان مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ بىزگە جان دەپ ياردەم قىلىدۇ». مەن ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ناھايىتى ئوبدان بولدى، پەرىزات. ئاۋۋال مەن مەنسۇرخاندىن

---

[1] ياتغاقلار — كېچىلىك قاراۋۇللار.

شىكارغا چىقىشقا رۇخسەت ئالاي. ئۇ رۇخسەت قىلمىسا، يولغا چىقىدىغان ۋاقتىمىزنى بەلگىلەپ قاباتقۇناننى خەۋەردار قىلايلى، بىزنى ئوردىدىن چىقىرىپ قويسۇن» دېدىم. پەرىزات ماقۇل بولدى. شىكارغا چىقىشىمىغا ئىجازەت بېرىشنى سوراپ، مەنسۇرخان قېشىغا پەرىزاتنى چىقاردىم.

— ماقۇل بولدىمۇ، ئاپا؟ — كۆزلىرىنى قارا پەردىگە تىككەن يۈسۈپ ئالدىراپ كېتىپ سورىدى.

— ماقۇل بولۇشىنىغۇ بولدى، بالام، پەرىزاتقا جاۋابىنى بەرمەي، ئۆزى قەسىرىمگە كېلىپ: «نېمىشقا شىكارغا چىقىدىلا قۇنچۇي؟» دەپ سورىدى. «كۆڭلۈمنى ئېچىپ كەلمەكچىمەن» دېدىم. «مەن بىللە چىقايمۇ؟» دېۋىدى، «بۇ دورەم كېنىزەكلىرىم بىلەن چىقاي. راستىلا كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالغۇدەك بولسا، يەنە بىر قېتىمدا سىلى بىلەن چىقارمەن، خاقانىم» دەپ سىلىق جاۋاب بەردىم. «ماقۇل، ئالتۇن تارىم. شىكارغا چىقىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچقاچ، دېگەنلىرىمنى باشقىدىن ئويلاپ كۆرەرلا، مەن سىلىگە موھتاج» دەپلا چىقىپ كەتتى. مەن دەرھال كېنىزەكلىرىم بىلەن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتىم. ئۈچ كۈندە تەييارلىق پۈتتى. قىرىق بىر كېنىزىكىم بار ئىدى. ئۇلاردىن ئون بىر مەرگەن چەۋەندازنى تاللىدىم. پەرىزاتقا: «بۇ كېچە تاڭ ئاتماستىن بۇرۇن شىكارغا ئاتلىنىدىغانلىقىمنى قاباتقۇنانغا بىلدۈرۈپ، ئوردا ئىشىكىدىن چىقىرىپ قويۇشقا ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ كېلىڭ» دەپ بۇيرۇدۇم. پەرىزات قايتىپ كېلىپ: «ماقۇل بولدى» دېدى. پەرىزاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون بىر كېنىزىكىم دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ، ئوقيا ئېسىپ، ئاتخانىدىن ئاتلارنى ئېلىپ كەلدى. يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئارتىپ يولغا چىقتۇق. قالغان كېنىزەكلەر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۇزىتىپ قېلىشتى. ئوردا ئىشىكلىرىدىن، قوزئوردۇ قوۋۇقىدىن توسقۇنلۇقسىز ئۆچرىماي چىقىپ كەتتۇق. چۇ دەرياسىمۇ كەينىمىزدە قالدى. ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ قالمىسۇن، دەپ، كەچ كىرگۈچە ئاتتىن چۈشمەي

ماڭدۇق. شام بولاي دېگەندە يول چېتىگە چۈشۈپ، چارچىغان ئاتلارنى بىردەم سوۋۇتۇپ بوغۇز بەردۇق. ئۆزىمىزمۇ ئىلىنۋالغان يېمەكلىكتىن يەپ يەنە يولغا چىقتۇق. مەن بىرقانچە رەت ماڭغانلىقىم ئۈچۈن، ئوردۇكەنتكە بارىدىغان يولنى ئوبدان بىلەتتىم، شۇڭا ئىزىپ قېلىشتىن قورقماي كېتىۋەردۇق. ئۈچ كۈن ئۆتتى، ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىشمىدى. تۆتىنچى كۈنىمۇ ئۆتتى. قورقۇش، خەۋپسىرەش، ئەنسىزلىك ئاستا ـ ئاستا كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپ روھلىنىپ قالدىم. بەشىنچى كۈنى چۈش مەھەلدە بىر توقايغا يېتىپ كەلدۇق. مەن ئاتتىن چۈشۈپ چېدىر بارگاھ قۇرۇشنى بۇيرۇدۇم. پەرىزات باشلىق كېنىزەكلىرىم توقاينىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئوچۇقچىلىققا چېدىر بارگاھنى تىكتى. ئەتراپ ياپيېشىل دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار بىلەن قاپلانغانىدى. ھەممە ياندىن بۇلبۇل ـ تورغايلارنىڭ يېقىملىق ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوچۇقچىلىقتىن سەل يەستىرەك بىر ئېقىن سۇنىڭ شەرقتىن غەربكە ئېقىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشكەندە، ناھايىتى سۆيۈنۈپ كەتتىم. يازنىڭ راھىتى ــ ئېقىن سۇ. ئېقىن سۇ بار يەردە بوستانلىق، خۇش ھاۋا بولىدۇ. كۆكسۈمگە ئۇرۇلۇپ تۇرغان مەيىن شامال مېنى ئىختىيارسىز كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا ئېلىپ باردى. كۆز سالسام، ئەتراپتا دەل ـ دەرەختىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى. كېنىزەكلىرىمگە تاماقنى ئېقىن بويىدا يېمەكچى بولۇۋاتقىنىمنى ئۇقتۇردۇم. تاماقتىن كېيىن ئالتە كېنىزەكنى قاراۋۇللۇق قىلىشقا بۇيرۇپ، بەش كېنىزىكىم بىلەن ئېقىن سۇغا چۈشتۇم. تەنلىرىم يايراپ كەتتى. بۇ سۇ خۇددى ئاستىغا ئوت قالاپ ئىسسىتىپ قويغاندەكلا ئىللىق ئىدى. بەك ھۇزۇرلاندىم، سۇدىن زادى چىققۇم كەلمىدى. بىر ـ بىرىمىزگە سۇ چېچىپ ئويناپ پەيزى قىلىۋاتساق، پەرىزات: «قۇنچۇي ئالىيلىرى، بىر توپ تۇلۇملۇق ئەرلەر بۇياققا كېلىۋاتىدۇ» دېمەسمۇ. «مەنسۇرخاننىڭ ئادەملىرى بولسا كېرەك، قوغلاپ

كەپتۇ ـ دە، مەلئۇنلار» دەپ ئاچچىقلىنىپ، ئالدىراشلىقتا تاشقى لىباسىمنى، ساۋۇت ـ دۇبۇلغامنى ئېتتىك كىيىپ، قولۇمغا قىلىچنى ئالدىم. كېنىزەكلىرىمنى جەڭگە تەييارلىنىشقا بۇيرۇدۇم. قورشاۋغا چۈشۈپ قالغىنىمىزنى تۇيدۇم. تۇلۇملۇق ئەرلەر تۆت تەرەپتىن يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. قالپاق كىيگەن قوش بۇرۇن بىرسى: «ئەي نازىنىن، سىز پادىشاھنىڭ خانىشىمۇ ياكى قىزى؟» دەپ سورىدى. «پادىشاھنىڭ قىزى مەن، ئېرىممۇ پادىشاھ» دەپ جاۋاب بەردىم. «بىز قاراقچى، مەلىكە. مەن سەردار. بىزگە سىز ئەمەس، مال ـ دۇنيايىڭىز كېرەك» دېدى. يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان بۇ نامەردلەر بىلەن ئېلىشىشنى مۇناسىپ كۆرمەي، ئۇلارنىڭ سورىغىنىنى بېرىپ يولغا راۋان بولۇشنى ئەۋزەل بىلدىم. ئېلىۋالغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ يېرىمىنى ئايرىپ: «مانا ئېلىڭلار، مەندە بارى مۇشۇ، بىز شىكارغا چىققانىدۇق، ئەگەر ئاز كۆرسەڭلار، قايتقاندا، ئوردىدىن يەنە ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە بېرەي. ئەگەر بىزگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنساڭلار، بۇغرا قاراخانىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايسىلەر. بۇ يەردىن دەرھال قايتىپ كېتىڭلار» دەپ تەھدىت سالدىم. «قۇنچۇي خېنىم، ئۇنداق بولسا، بويۇن ـ قۇلاقلىرىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ بىزگە بېرىۋەتسىلە» دېدى ھېلىقى قاراقچىلارنىڭ سەردارى ئاچ كۆزلۈك بىلەن قادىلىپ.

بوينۇمدىكى گۆھەر كۆزلۈك زۇننارنى، ئالتۇن ھالقامنى، ئالماس كۆز قويغان ئۈزۈكلىرىمنى ئېلىپ تاشلاپ بەردىم. ھېلىقى ئەبلەخ سەت ھىجىيىپ: «قۇنچۇي خېنىم، ئەمدى سىزدە ماڭا بېرىدىغان بىر ئېسىل نەرسە قالدى. ئاۋۇ دەرەخنىڭ دالدىسىدا يېرىم سائەت سىردىشىۋالايلى، ئاندىن يولغا سېلىپ قوياي، سەپەرلىرى بەختەر بولىدۇ» دەپ ئالدىغا قەدەم تاشلىدى. «توختا، ماڭا يېقىنلاشقۇچى بولما !» دەپ قىلىچىمنى كۆتۈردۈم. كېنىزەكلىرىممۇ مېنى قوغداشقا تەييارلىنىپ قىلىچلىرىنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈشتى. مەن قاراقچىلارنىڭ سەردارى بىلەن

قىلىچلىشىپ كەتتىم. ئىككى يېنىمدىن ئىككى قاراقچى ھۇجۇم قىلدى. «تەڭرىم، ماڭا ئۆزۈڭ مەدەتكار! گۈزەل ياراتقان تېنىمنى پاك ساقلىغايسەن» دەپ ئۇرغان قىلىچىم ئۇنىڭ ئومۇتىغا تېگىپ سۇندى. قاراقچىلار سەردارى: «بۇ قۇنچۇي خېنىمنى ئۆزۈمگە قويۇپ بېرىش» دەپ ئومۇتىنى ئوينىتىپ يېقىنلاپ كەلدى. كەينىمگە داجىپ ـ داجىپ يىقىلىپ ياتقان دەرەخكە پۇتلىشىپ ئوڭدامغا چۈشتۇم. «تەڭرىم، پاك پېتىم ئۇ دۇنياغا كەتكىلى نېسىپ ئەيلە» دەپ، قوللىرىمنى يەرگە تىرەپ قوپماقچى بولۇۋاتقىنىمدا، «تارت قولۇڭنى ئەبلەخ!» دېگەن سۈرلۈك ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى. قارىسام قابانقۇنان قاراقچىلارنىڭ سەردارىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. «قۇنچۇي ئالىيلىرى، زەخىملەنمىگەنلا، قاراقچىلار قېچىپ كېتىشتى. ئەمدى ئۇلار سىلىگە خەۋپ تۇغدۇرالمايدۇ» دېدى ئۇ تەزىم قىلىپ.

ئەتراپ قان بىلەن بويىلىپ كەتكەنىدى. بوغۇزلانغان، چېپىلغان كېنىزەكلىرىم قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. چېپىلىپ، نەيزە سانجىلىپ ئۆلگەن بىرقانچە قاراقچىنىڭ جەستى ئوڭدا ـ دۈم بولۇپ قالغانىدى. باغلاپ قويۇلغان ئاتلار يۇلقۇنۇپ ئەنسىز كىشنىشەتتى. مەن كېنىزەكلىرىمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ پەرياد ئۇردۇم. «قۇنچۇي خېنىم، مەن بۇ يەردە» دەپ، ئۆلگەن قاراقچىنىڭ يېنىدىن ئاستا تۇرغان پەرىزات يېنىمغا كەلدى. «ئاھ، تەڭرىم، بۇ نېمە بالا ـ قازا» دەپ يىغلاپ كەتتىم. «يىغلىمىسىلا قۇنچۇي خېنىم، ساق قالغانلىرىغا شۈكۈر قىلسىلا» دېدى قابانقۇنان. مەن: «بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟» دەپ سورىدىم. «ئالىيلىرىنى يولغا سېلىپلا، بۇغرا قاراخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەينىلىرىدىن ئىز بېسىپ ماڭغانىدىم» دېدى ئۇ. «ئۇنداق بولسا، قاراقچىلارنىڭ بىزنى قورشىۋالغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز ـ ھە» دېدىم. «كۆرۈپ تۇردۇم، قۇنچۇي ئالىيلىرى» دېدى. «قاراقچىلار كېنىزەكلىرىمنى ئۆلتۈرۈۋاتسا، نېمىدەپ قاراپ تۇردىڭىز؟» دەپ پەرىزاتقا قارىدىم.

چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەن قىز كۆكسۈمگە بېشىنى قويۇپ يىغلاپ كەتتى. «مېنى يالغۇز قالدۇرۇشتىكى مۇددىئايىڭىز نېمە؟» دەپ سورىدىم سوغۇق نەزەر تاشلاپ تۇرغان قاباتقۇناندىن. «ئالىيلىرىنى ئاسراش» دېدى ئۇ. مەن چۈشىنەلمىدىم. «مېنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن قاراقچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋاتقان كېنىزەكلىرىمۇ ئۆلۈشى زۆرۈرمىدى؟» دەپ سورىۋىدىم، قاباتقۇنان ھىجايدى: «سىلىنىڭ ساق قېلىشلىرى ئۈچۈن، دۇنيادىكى ھەممە ئاياللار ئۆلسە ئەرزىيدۇ، قونچۇي خېنىم. بۇنى چۈشىنەلمەيۋاتاملا؟ ماۋۇ ئۆلۈشكە تېگىشلىك بولغان قىزمۇ ساق قالدى، ئۇ سىلىگە ھەمراھ بولىدۇ» دەپ پەرىزاتقا شۇنداق بىر قارىۋىدى، ۋەھىمە ئىچىدە قىسىلغان يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى. «بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدە نېمە باردۇ؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدىم، ئۇ: «بۇ يەردىن تېز كېتەيلى قونچۇي ئالىيلىرى، قاچقان قاراقچىلار ئادەم يىغىپ يەنە كېلىشى مۇمكىن» دېدى ۋە قولىدىكى نەرسىلەرنى ماڭا تەڭلىدى: «بۇ زىبۇ زىننەتلىرىنى ئېلىۋالسىلا، يەنە لازىم بولىدۇ». قولۇمنى ئۇزارتقۇم كەلمىدى. «مەن كىشىگە بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇۋالمايمەن، سىزدە قالسۇن» دېدىم. «رەھمەت، ساقلاپ قوياي، ئەسقېتىپ قالار» دەپ ئېتىغا ئارتىۋالغان خۇرجۇنغا سېلىپ قويدى.

مەن: «بۇ كېنىزەكلەرنىڭ جەسىتىنى كۆمۈۋېتىپ ئاندىن ماڭايلى» دېدىم. «بۇ ئىشنى نۆكەرلەرگە تاپشۇرۇپ، تېز يولغا چىقايلى» دېدى ئۇ ئالدىرىتىپ. «نۆكەرلەر بىز بىلەن بىللە ماڭمامدۇ؟» دېۋىدىم، ئۇ: «ياق، ئادەم كۆپ بولسا، ئاۋارىچىلىك تولا بولىدۇ. نۆكەرلەر ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولدى، ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرى خالىغان جايغا كېتىدۇ» دېدى. مەن ئەجەبلەنگەن ھالدا ئېتىمغا مىندىم، ئۇنىڭدىن يەنە سوراشنى خالىمىدىم. پەرىزات بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدىم. قاباتقۇنان يۈك ئارتىلغان ئۈچ ئاتنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ئېلىپ ماڭدى. شۇ ماڭغانچە توختىماي كېچىچە يۈردۇق. مەنمۇ، قاباتقۇنانمۇ، پەرىزاتمۇ زۇۋان

سورۇشمىدۇق.
ئەتىسى زاۋال ۋاقتىدا بەدەلئارت داۋىنىغا يېتىپ كەلدۇق. ئالدىمىزدا ئېگىز تاغ، بىر ياندا جاڭگال، يەنە بىر ياندا كەڭ سايلىق، ئاجايىپ يەر ئىكەن. ئاتتىن چۈشتۇق. پەرىزات قاتتىق قورقۇپ كەتكەنمۇ، تېخىچە ئەسلىگە كېلەلمىگەنىدى، چۆچۈپ تۇراتتى، چىرايىدا قان يوق ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ، كۆرۈنۈپ تۇرغان تارام ئېقىنىنىڭ بويىغا ئېلىپ بېرىپ يۈز ـ قوللىرىمىزنى يۇدۇق. بىز كەلسەك قابانقۇنان ئوتۇن يىغىپ غۇلا سېلىپ ئىككى قىرغاۋۇل، بىر توشقاننىڭ گۆشىنى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇۋېتىپتۇ. «بۇلارنى باياتىن ئېتىۋالدىم، سىلەرنىڭ رىزقىڭلار» دېدى ئۇ مىننەت قىلغان هالدا. مەن گەپ قىلماي، يۈكلىرىنى چۈشۈرمەيلا باغلاپ سوۋۇتۇپ قويغان ئاتلارنىڭ يېنىغا باردىم. يېمەكلىكلەر قاچىلانغان خۇرجۇندىن نان، تالقان ۋە چاي قاينىتىدىغان چۆگۈن ئالدىم. كەينىمگە ئۆرۈلسەم پەرىزات لاغىلداپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ يالغۇز ئولتۇرغۇسى كەلمىگەن ئوخشايدۇ. چۆگۈننى بېرىپ: «سۇ ئېلىپ كەلگىن، چاي قاينىتىمىز» دېدىم ئۆزۈمنى قورقۇمسىز كۆرسىتىپ. ئاندىن ئوت يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. پەرىزات چۆگۈننى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتتا قويۇپ چاي قايناتتى، مەن ياغلىق ئۈستىگە ناننى ئوشتۇپ بىر پارچىنى ئاغزىمغا سالدىم. «ماۋۇ كاۋاپتىن يەڭلار» دېدى قابانقۇنان. مەن ئاڭلىمىغان بولۇپ ناندىن يەپ، چايدىن ئىچمۇەردىم. پەرىزاتقىمۇ جان كىرگەندەك بولدى. ئۇ: «سەردار، ئەگەر مېنى قاراقچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا قانداق قىلاتتىلە؟» دەپ سورىدى. بۇ قىزنىڭ هازىرغىچە ئاشۇ پاجىئەنى ئويلاپ كېلىۋاتقانلىقى، ئەندىشىسىنىڭ تېخىچە تۈگىمىگەنلىكىنى كۆرسىتەتتى. «ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا ئۆزۈم كۆمۈپ قوياتتىم». قابانقۇناننىڭ بۇ جاۋابى پەرىزاتنى سەسكەندۈرۈۋەتتى، مەنمۇ چۆچۈپ كەتتىم. «سىلى مېنى ياخشى كۆرەتتىلىغۇ؟» دېدى پەرىزات. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. «ياق، سىزنى

ئەمەس، قۇنچۇي ئالىيلىرىنى ياخشى كۆرەتتىم، شۇڭا سىز بىلەن يېقىنلاشقانىدىم» دېدى قابانقۇنان ماڭا كۆز قىرىدا قاراپ. «ھە، بىلدىم، سىلى نېمىدېگەن تاش يۈرەك! كېنىزەكلەرنى قاراقچىلار ئۆلتۈرۈۋاتقاندا، يوشۇرۇنۇپ قاراپ تۇرۇشلىرى سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن، بەك قارا نىيەت ئىكەنلا سەردار» دېدى پەرىزات ئەلەم بىلەن.

«ھۆ، ئۆزىنى بىلمىگەن ئەبلەخ! سەن تېخى ماڭا قانات سۆرەپ كېلىۋېتىپسەن ـ دە!» دېدىم غەزەپ بىلەن. قابانقۇنان چاچراپ تۇرۇپ قىلىچىنى شارت قىلىپ سۇغۇردى ـ دە، چاپتى. ئاھ! پەرىزاتنىڭ تېنىدىن جۇدا بولغان بېشى يەرگە چۈشۈپ توپىغا مىلەندى، قارا چاچلىرى قانغا چىلاندى... چىدىيالماي قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇردۇم. «تەڭرىم، پاك ھالدا ئۇ دۇنياغا كېتەي، ھەرگىزمۇ بۇ قانخورنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈرمە» دەپ ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا چاپتىم. ئۇ ئۆزىنى يانغا ئالدى، قىلىچىم بىر قىرلىق تاشقا تېگىپ ئوت چاچرىدى. قابانقۇنان قاقاھلاپ كۈلۈپ: «مېنى ئۆلتۈرەلەيدىغان قۇنچۇي تېخى دۇنياغا تۆرەلگىنى يوق» دېدى ـ دە، كاۋاپ بولغان قىرغاۋۇل گۆشىنى مالاچلىتىپ يېگىلى تۇردى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشنى نومۇس بىلىپ، قىلىچىمنى كۆتۈرگىنىمچە ئېقىن بويىغا كەلدىم. يېڭى چىققان ھىلال ئاينىڭ شولىسى سۇ يۈزىدە چاقنايتتى، پاقىلار مۇڭلۇق كورۇلدايتتى، قانداقتۇر ئۇچار قۇشلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ خىلمۇخىل سادالىرى ئىشتىلىپ تۇراتتى، تىترەك بېسىپ قورقۇنچ ئىچىدە قالدىم. بىردىنلا بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنى ئاڭلىنىپ، ۋۇجۇدۇمغا غەيرەت كىرگەندەك بولدى. «قولۇڭغا تىرىك چۈشكەندىن كۆرە، بۆرىگە يەم بولغىنىم مىڭ ياخشى» دەپ تەرەت ئالدىم. ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، قارىسام قابانقۇنان كېلىۋېتىپتۇ. دەرھال قىلىچنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم. «ھە، قۇنچۇي، ئويلىنىۋالدىلىمۇ؟ ئۆلگەندىن يەنىلا تىرىكلىك ئەلا. بۇ دەشتتە ئىككىمىزلا قالدۇق. جاھىللىق قىلماي، مەن بىلەن بۇ

كېچىنى بىللە ئۆتكۈزسىلە، ئوردۇكەنتكە سالامەت يەتكۈزۈپ، ئۆمۈر بويى قۇللىرى بولۇشقا ۋەدە بېرىمەن» دېدى قابانقۇنان. «جۆيلۈمە كاززاپ ! سېنىڭ خىلىڭ قانجۇق ئىت. تولا سۆزلىمەي چاپ قىلىچىڭنى !» دەپ ۋارقىرىدىم. قوتازدەك دېۋەڭ بۇ مەلئۇن خىرىلداپ كۈلدى: «ماقۇل، قۇنچۇي خېنىم، قاراڭغۇ چۈشسۇن، جانلىرىغا ئىچلىرى ئاغرىمىغان بىلەن مېنىڭ ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. سەل تەخىر قىلسىلا، يا مېنىڭ دېگىنىمچە بولار، يا سىلىنىڭ دېگەنلىرىچە بولار» ئۇ قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئاتلارنىڭ يېنىغا كەتتى.

ئەجەب ئىش، قابانقۇنان يېقىنلاپ كەلسە ۋۇجۇدۇمدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، يىراقلاپ كەتسە قورقۇنچ ئىچىمدە قالاتتىم. كۆك يۈزىنى بۇلۇت قاپلاپ هاۋا گۈلدۈرلەشكە باشلىدى، لېكىن يامغۇر ياغمىدى. قاراڭغۇلۇق باستى. ئوتقاشنى كۆتۈرگەن قابانقۇنان يېقىنلاپ كەلدى. مېنى ئورىۋالغان قورقۇنچ ۋۇجۇدۇمدىن كۆتۈرۈلدى. قىلىچنى كۆتۈردۈم. ئۇ نەيزىسىنى تەڭلەپ بارغانسېرى ماڭا يېقىنلىدى، نەيزىنىڭ ئۇچىنى كۆكسۈمگە تىرىدى، تۆمۈر ساۋۇت كىيىۋالمىغان بولسام نەيزە يۈرىكىمگە قادالغان بولاتتى. ئۇ نەيزىنى كۆكسۈمگە قاداپ تۇرىۋەردى. قىلىچ بىلەن بىرقانچىنى ئۇرۇپمۇ نەيزىنى سۇندۇرالمىدىم. ئۇ قاقاهلاپ كۈلۈپ: «قۇنچۇي خېنىم، قىلىچنى تاشلىسىلا، ئەمدى سىلىگە هېچكىم پاناه بولمايدۇ» دېدى ۋە نەيزىنى كۈچ بىلەن كۆكسۈمگە ئۇردى. سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدىم. قۇلىقىمغا بۆرىنىڭ هۇۋلىغىنى يەنە ئىشىتىلدى. قابانقۇنان مېنى بېسىۋالدى. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنى ئىتتىرەتتىم، ئۇ ئىككى تىزى بىلەن كۆكسۈمگە نىقتاپ تۇرۇپ گېلىمنى بوغۇۋالدى. دېمىم سىقىلىپ تىنالماي قالدىم. بىردىن ئۇنىڭ قوللىرى بوشاپ بىر يانغا پۇلاڭشىدە يىقىلدى. دەررۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم، قاراپ داڭ قېتىپ قاپتىمەن. كۆزلىرى چىراغتەك يانغان بۆرىلەر ئەتراپىمنى قاپلاپ كەتكەنىدى. چاچلىرى گەدىنىگە

چۈشكەن بىر يالىڭاچ بالا بىر قولىدا ئوتقاشنى، بىر قولىدا ئۈچلۈق قورام تاشنى تۇتۇپ ئالدىمدا تۇراتتى، تاش قانغا مىلەنگەنىدى. ئۇ بالا بۆرىدەك ئۇزاق هۇۋلىدى، بۆرىلەرمۇ تەڭ هۇۋلاپ كېتىشتى. قورققىنىمدىن پۇت ـ قولۇمدا جان قالماي ئولتۇرۇپ قالدىم. بالا تۆك باسقان قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ چىرقىرىۋىدى، بۆرىلەر كەينىگە يېنىپ جاڭگالغا كىرىپ كېتىشتى. ئۇ دۇم ياتقان قابانقۇناننىڭ بىقىن ـ باشلىرىغا بىر نەچچىنى تەپتى. ئۇ ئۆلگەنىدى. بالا ماڭا قاراپ غەلىتە بىر ئاۋاز چىقاردى ـ دە، بىرىپ قابانقۇنان بايا ياققان ئوت ئۈستىگە ئوتۇن تاشلاپ تۇتاشتۇردى. پاراسلاپ يانغان ئوتنىڭ قىزىل تىللىرى ئەتراپنى يورۇتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ جەسەت يېنىدا تۇرغىنىمنى بىلىپ، قورققىنىمدىن چىرقىرىغىنىمچە يۈگۈرۈپ ئوت يېنىغا بېرىۋالدىم. بالىنىڭ تۆك باسقان يۈزىدە كۈلكە پەيدا بولدى. كۆزۈم ئۇنىڭ بوينىدىكى ئېسىل تۇمارغا چۈشتى، نەچچە قېتىم قولۇمنى ئۇزارتىپ، تۇمارنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماي قايتۇرۇۋالدىم. بالا بۇنى سەزگەن بولسا كېرەك، بوينىدىن تۇمارنى ئېلىپ ماڭا بەردى. زەنجىرى ئالتۇن ئىكەن. تۇمارنى سۆكۈپ، ئىچىدىن ئايەت يېزىلغان سەمەرقەنتنىڭ پاتلىق قەغىزىنى ئالدىم. ئوتقا يېقىن ئاپىرىپ، يېزىلغان خەتلەرنىڭ قۇرئان ئايەتلىرى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. كۆزۈم ئەڭ ئاستىدىكى قۇرلارغا چۈشكەندە، بىردىن قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم: «ئىبراهىم تېگىن !» مەن بالىغا قاراپ: «ئىبراهىم تېگىن، جېنىم ئۇكام !» دەپ پىچىرلىدىم...

مەلىكە ئادىرا سۆزدىن توختاپ قالدى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتقان يۈسۈپ قارا پەردىدىن كۆزىنى ئالماي كۈتۈپ ئولتۇردى. ئۆيىنى جىمجىتلىق باستى. رەيهاندىن ئوغلىنىڭ بىتاقەت بولۇۋاتقىنىنى بىلىپ:

— قۇنچۇي ئالىيلىرى، ئىبراهىم تېگىن دېگەنلىرى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىغان بولسىمۇ جاۋاب بولمىدى. يۈسۈپ

ئاتسىغا قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قارا پەردىنى سەل قايرىپ، مەلىكىنىڭ چوڭقۇر سۇكۇت ئىچىدە ياش تۆكۈۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇنىڭغا قارىغان مەلىكە:

— بالام، كېلىپ ئولتۇرسىلا، — دېدى.

يۇسۇپ پەردىنى قويۇپ بېرىپ، مەلىكىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— ئابا، ئىبراھىم تېگىن دېگەنلەر ئاشۇ بۆرە بالىمۇ ـ ھە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە بالام. ئۇ مەرھۇم ئىبرىم ئەھمەد تۇغانخاننىڭ ئىنىسى ناسىر ئېلىكخاننىڭ ئوغلى بولىدۇ.

— ئۇ شاھزادە قانداق بولۇپ بۆرە توپىغا قېتىلىپ قاپتۇ، ئابا؟

— بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان، بالام، — مەلىكە ئادىرا كېنىزەك قويۇپ قويغان كۇمۇش جامدىكى چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى، — ناسىر ئېلىكخان ئاكام يۇسۇپ قادىرخان بىلەن سامانىيلار خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، خارەزىم پادىشاھىنىمۇ ئۆزلىرىگە ئەل قىلىپ، قاراخانىيلار زېمىنىنى ناھايىتى كېڭەيتكەن ھەم سەمەرقەنتتە تەختتە ئولتۇرغانىدى. ئۇ باتۇر، ئەقىللىك ھەم ئادىل پادىشاھ ئىدى. مەملىكەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ھىمايە قىلغاچقا، بۇغرا قاراخاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنغانىدى. لېكىن، ئىبرىم ئەھمەد تۇغانخان ئۇنىڭ ئابرۇيى قازىنىپ كەتكىنىنى كۆرەلمەي، لەشكەر ئەۋەتىپ ئۇنى يوقاتماقچى بولغان. بۇ ناسىر ئېلىكخانغا بەك ئەلەم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالغان. ئۇ ئىبرىم ئەۋەتكەن لەشكەرلەرنى نەچچە قېتىم مەغلۇپ قىلىپ چېكىندۈرگەن. يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ ۋاپات بولغاندا، ئىبراھىم تېگىن بىر ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئۈچ ياشقا كىرگەندە، غەزنەۋىلەر سۇلتانى خارەزىمگە بېسىپ كىرىپتۇ. ئىبراھىم تېگىننىڭ ئانىسى ئالتۇن تارىم بۇلاقئاي بىرقانچە كېنىزەكلىرى بىلەن

ئۈچ قۇل زەڭگىنىڭ مۇھاپىزىتىدە سەمەرقەنتتىن يولغا چىقىپتۇ، ئەمما ئوردۇكەنتكە بارالماپتۇ. كېتىۋاتقان كارۋان بۇ خانىشنىڭ جەسىتىنى چۆل بويىدا ئۇچرىتىپتۇ. مەن ئۇ چاغدا ئوردۇكەنتتە ئىدىم، ئىبراھىم تېگىننىڭ ئاكىسى مۇھەممەد تېگىنمۇ ئوردۇكەنتتە ئىدى. كارۋان ئەھلىدىن ئالتۇن تارىم بۇلاقئايىنىڭ چۆلدە قازا قىلغىنىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئېچىندۇق، ئەمما ئوغلى ئىبراھىم تېگىننىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشەلمىدۇق. مانا سەككىز يىل ئۆتۈپ ئۇنى بۆرىلەر توپى بىلەن ئۇچراتتىم. ئۇ ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، بۇنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ئەجەبلەنمەي قالمايدۇ.

— قۇنچۇي ئابا، شۇنداق قىلىپ ئىبراھىم تېگىننى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كەتتىلىمۇ؟

يۇسۇپنىڭ بۇ سوئالىنى ئاڭلاپ تۇرغان رەيھانىدىن كۈلۈمسىرەپ، مەلىكىنىڭ جاۋابىغا قۇلاق سالدى.

— بىللە باردى، لېكىن بۇ ئاسانغا چۈشمىدى، بالام. دەسلەپ مەن ئۇنىڭغا گېپىمنى زادىلا ئۇقتۇرالمىدىم. بىر ئاي ئاشۇ داۋان باغرىدا بۆرە بالا بىلەن بىللە ياشىدىم. ھەر كۈنى نەچچە قېتىم بۆرىلەر توپ ـ توپ بولۇپ كېلىپ، ئىبراھىم تېگىننى چۆرىدەپ زوڭ ئولتۇرۇشۇپ ھۇۋلىشاتتى، يەنە ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن كېتىشەتتى. بارا ـ بارا بۆرىلەردىن قورقمايدىغان بولۇپ قالدىم. ھەر سائەتتە نەچچە ئون قېتىم بۆرە بالىنىڭ ئىبراھىم تېگىن دېگەن ئىسمىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى ئەسلەتمەكچى بولدۇم. ئاخىرى ئەجرىم بىكارغا كەتمىدى، بالا ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى، بەزىدە ئۇزاقىچە ماڭا قاراپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى. مېھرىبانلىق، كۆيۈمىم بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزۈمگە نىسبەتەن بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت پەيدا قىلدىم. ئوردۇكەنتكە كېتىش توغرۇلۇق تولا سۆزلەپ ئاخىرى ئۇقتۇردۇم. ئۇمۇ ئاخىرى زۇۋان سۈردى. ئۇ باش چايقاپ مەن

بىلەن كىتىشكە ئۈنىمىدى. باش ـ كۆزىنى سىلاپ باغرىمغا باستىم، پىشانىسىگە سۆيدۇم، ئاندىن ئاتقا مىنىپ خوش ئېتىپ ماڭدىم، ئۇ قاراپ قالدى. بىر چاغدا «ئابا !» دەپ ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ ماڭا يېتىشىۋالدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن بىرىنچى سۆزمۇ «ئابا» دېگەن ئۇلۇغ سۆز ئىدى. بوينۇمغا گىرە سېلىپ مەن بىلەن كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خۇشال بولغىنىمدىن يىغلاپ تاشلىدىم. ئەتراپىمىزغا بۆرىلەر يىغىپ كەتتى. ئىبراھىم تېگىن كۆزلىرى ئوتتەك يانغان بىر بۆرىنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇچاقلاپ سۆيدى، ئېھتىمال، بىقىپ چوڭ قىلغان بۆرە شۇ بولۇشى مۇمكىن. باشقا بۆرىلەر بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. قولىنى پۇلاڭلىتىپ دەسلەپ كۆرۈشكەندە چىرقىرىغاندەك چىرقىرىۋىدى، بۆرىلەر جاڭگالغا كىرىپ كېتىشتى. بۆرە بالا ئاتقا مىندى. ئىككىمىز بەدەلئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئون كۈن يول يۈرۈپ ئوردۇكەنتكە يېتىپ كەلدۇق. مۇھەممەد تېگىن ئۇكىسىنىڭ كەلگىنىدىن چەكسىز خۇشال بولدى. ئاكام يۈسۈپ قادىرخان ئىبراھىم تېگىنىنىمۇ ئۆز تەربىيەسىگە ئالدى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ بۆرە تېگىن نامى بىلەن مەشھۇر بولدى. ھازىر ئوردۇكەنتتىكى ساچىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتىدۇ.

— ھە ! — يۈسۈپ ھەيرانلىقتىن كۈلۈمسىرىدى ۋە كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئارزۇسىنى پىچىرلاپ ئېيتتى، — خۇدا بۇيرۇسا ئوردۇكەنتكە بارسام بۆرە تېگىن بىلەن كۆرۈشمەي قويمايمەن.

مەلىكە ئادىرا يۈسۈپنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— بالام، بۆرە تېگىن سىلىدىن ئۈچ ياش چوڭ. ئۇ ئون تۆت ياشقا كىردى. سىلىدەك تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەۋاتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەقسىتى ئالىم بولۇش ئەمەس، ھۆكۈمران بولۇش، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە بۆرىلەرنىڭ خۇيى بار...

— بىلدىم، قۇنچۇي ئابا. مەن ئالىم بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۇنىڭ بۆرىلەر توپىغا قانداق بولۇپ قوشۇلۇپ قالغىنىنى

ئاڭلىغۇم بار، سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا.

— ماقۇل، سۆزلەپ بېرەي بالام. بۆرە تېگىن ئانا تىلىدا سۆزلەشنى راۋرۇس ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۈچ ياشتىن ئاشقان ۋاقتىدا يۈز بەرگەن پاجىئەنى ئېسىدە قالغىنى بويىچە دەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ماڭا مەلۇم بولغىنى مۇنداق... — مەلىكە ئادىرا تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. بۇ بالاغەتكە يەتمىگەن ئۆسمۈر گۆدەككە نومۇسلۇق پاجىئەنى قانداق بايان قىلىپ بېرىش توغرىسىدا ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن گېپىنى داۋام قىلدى، — خانىش بۇلاقئايىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭغان ئۈچ قۇلنىڭ يولدا نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇلار كېنىزەكلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، بىر ـ بىرىگە يول قويماي قىلىچلىشىپ كېتىپتۇ. كۈچتۈڭگۈر قارام بىرسى ئىككى بۇرادىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خانىشنى ئېلىپ قاچماقچى بوپتۇ. ئەمما، خانىش خەنجەر تەڭلەپ، ئۇنى يېنىغا يولاتماپتۇ. قارا نىيىتىگە يېتەلمىگەن ۋەھشىي قۇل خانىشنىڭ باغرىغا قىلىچ ئۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز كېلىپ قالغان بىر توپ بۆرە ئۇ قۇلنى يان ـ يېنىدىن چىشلەپ بىر دەمدىلا يەۋېتىپتۇ. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئانىسىنىڭ قانغا بويالغان باغرىدا يىغلاپ ياتقان ئىبراھىم تېگىننى بۆرىلەر ئېلىپ كېتىپتۇ. سەككىز يىل بۆرىلەر ئارىسىدا يۈرۈپ سۆزلەشنى ئۇنتۇپ كېتىپتىكەن، ھازىر راۋان سۆزلەيدىغان بولدى.

— ھە ! — يۈسۈپ ھەيرانلىقتىن جىم بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا كۆزلىرى ئوتتەك يانغان بۆرىلەر توپى ئارىسىدىكى ئىبراھىم تېگىن كۆرۈنگەندەك بولدى.

— مانا بالام، سىلىگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان سەرگۈزەشتەم شۇ. بۆرە تېگىن ھېكايىسىنى مەشەدە توختىتاي، قالغىنىنى سىلى بۆگۈ بىلگە بولغاندا ئىزدەپ ـ سوراپ ئاڭلىۋالارلا.

يۈسۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ مەلىكىگە باش ئەگدى:

— رەھمەت قۇنچۇي ئابا، مەن سىلىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، — كۆزلىرىگە ياش ئالغان يۇسۇپ مەلىكىنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرى تەگكەن پېشانىسىنى سىلىغان پېتى قارا پەردىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئاتىسىنىڭ باغرىغا تاشلاندى. ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى. مەلىكە ئادىرانىڭ مۇڭلۇق ئۈنى يەنە ئاڭلاندى:

— رەيھانىدىنبەگ، دىمەكچى بولغىنىمنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىلا، بايا ئېيتقىنىمدەك، قۇزئوردۇغا كېلىشتىكى مەقسىتىم جەڭدە جان تەسەددۇق قىلىش ئۈچۈن ئىدى، بۇ ئارزۇيۇمغا تەڭرىم يەتكۈزمىدى. جەڭدە قۇربان بولغان سېپىت ئەلى ئارسلانخان بوۋىمىزنىڭ ياتقان جايىغا بېرىپ، ئەۋلادىمغا ئىنساب، شىجائەت تىلەپ، قالغان ئۆمرۈمنى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزمەكچىمەن. بۇنى سىلى ئۆزلىرىلا بىلىپ قالسىلا، رەيھانىدىنبەگ. خانلىقىمىزنىڭ ناقابىل خاقان، قارا نىيەت يۇغرۇشلار ئىلكىدە زەئىپلىشىپ، پارچىلىنىپ كېتىشىگە ھەرگىزمۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىمەن. سىلىدىن، ئوغۇللىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم شۇ.

— باش ئۈستىگە، قۇنچۇي ئالىيلىرى. ئۆزلىرى بۇ نىيەتكە كەلگەنىكەنلا، پېقىر قانداقمۇ توسۇپ قالاي. تەڭرىمگە ئامانەت. ئاق يۇزلۇك، ئاقيوللۇق بولغايلا، — رەيھانىدىن قوپۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى.

— رەيھانىدىنبەگ، خوشلىشىش ۋاقتىمدا خانىدانلىقىمىزنىڭ توختاپ قالغان بىر ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۆزلىرىگە ھاۋالە قىلماقچىمەن. ئۇ بولسىمۇ، ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بوۋام زامانىدىن يولغا قويۇلغان — ھەر كۈنى توقسان توققۇز مېيىپ، يېتىم، مۇساپىرلارغا تاماق بېرىش. بۇ خاسىيەتلىك ئەنئەنە ئەھمەد تۇغانخان دەۋرىدە توختىتىپ قويۇلغانىدى، مەنسۇرخان ۋاقتىدا ھېچكىم تىلغا ئالمىدى. بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش — پادىشاھلارنى ئىنسابقا ئۈندەش

ئۇچۇندۇر.

— بۇ تەلەپلىرىنى ئورۇنلاشقا بەجانىدىل كۈچ چىقىرىمەن، قۇنچۇي ئالىيلىرى.

— قۇنچۇي ئابا، خۇدا بۇيرۇسا چوڭ بولغاندا يانلىرىغا بېرىپ هال سوراپ كېلىمەن، — يۈسۈپمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— بالام، ئەل - يۇرتقا خالىس خىزمەت قىلسىلا، قارا نىيەت كاززاپلاردىن پەخەس بولسىلا، بىلىكنى، ئاۋامنى دوست تۇتسىلا، خۇداغا ئامانەت، بالام.

رەيهانىدىن يۈسۈپ بىلەن ئارقىسىچە مېڭىپ ئۇزاپ چىقتى. توققۇز - ئون كۈنلۈك بولغان ئاي خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

— ئابا، قۇنچۇي ئابام ئېيتقان خاسىيەتلىك ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇغرا قاراخان، ئېلىكخانلارغا مەسلىھەت بېرەمدىلا؟ — سورىدى ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كېتىۋاتقان يۈسۈپ مەلىكە ئادىرانىڭ دېگەنلىرىنى ئويلاپ.

— ئەلۋەتتە، بالام. مەسلىھەت بېرىپلا قالماي، بۇ ئەنئەنىنى دەرهال جارى قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىمەن.

— ئابا.

— هە، بالام.

— بۇغرا قاراخان هەر كۈنى توقسان توققۇز مېيىپ، يېتىم، مۇساپىرلارغا تاماق بەرگەن يەردە، بىزمۇ بىرئىلاج - بىرئارام توققۇز كىشىگە تاماق بېرىشنى جەمەتىمىزنىڭ ئەنئەنىسى قىلساق بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئوغلۇم. بىز بۇ ئەنئەنىنى چوقۇم داۋاملاشتۇرۇپ، پادىشاھ ۋە بايلارنى ئىنسابقا ئۈندەيلى.

ئاتا - بالا تەڭلا بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

# ئون تۆتىنچى باب

# ئاسىيلىق

## 1

تومۇز ئايلىرى ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىسسىق بولۇۋاتاتتى. چۇ دەرياسىغا كەلگەن ئاخىرقى كەلكۈن كۆۋرۈكنى ئېقىتىپ كېتىپ، ئاندىن تىنچلاندى. بۇغرا قاراخان يۇسۇپ قادىرخان پۈختا، كۆركەم كۆۋرۈك ياساش ئۈچۈن بىر تۈمەن سەر ئالتۇن پۇل چىقىم قىلىشنى بۇيرۇپ، قۇزئوردۇ ئېلىكخانى بولغان ئەھمەد تېگىنگە يارلىق چۈشۈردى. ئەھمەد ئېلىكخان بۇ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا باشچىلىق قىلىشنى يۇغرۇش باشى رەيھانىدىنغا تاپشۇردى.

— بىر تەرەپتىن، ئاۋامنى ھەربىكەتلەندۇرۇپ دەريانىڭ يار ئېلىپ كەتكەن جايلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قىرلاش، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆۋرۈكنى تېز ياساپ پۈتكۈزۈش ئۈچۈن، ئىش بېشىغا قابىل باشلامچىلارنى قويغان رەيھانىدىن دۆلەت خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ باغدات خەلىپىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى. خەلىپە يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ بۇغرا قاراخانغا «مەلىكۇل مەشرىق» دەپ نام بېرىپ، ئالتۇن تاج، ئالتۇن ساپلىق زۇلپىقار ئەۋەتكەنىدى. بۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەللەرنىڭ خان، سۇلتانلىرى ئىچىدىن يۇسۇپ قادىرخاننى ئۈستۈن ئورۇندا قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. رەيھانىدىن ئوغلىغا باغدات ئەلچىسىنىڭ ئالتۇن تاجنى يۇسۇپ قادىرخانغا كىيگۈزۈپ، ئالتۇن ساپلىق قىلىچنى

سۇنۇپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ:
— بالام، مەلىكۇل مەشرىق بۇغرا قاراخان يۇسۇپ قادىرخان ئوردۇكەنتكە كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇزاتقىلى چىقارسەن؟ — دېدى.
— چىقىمەن، ئاپا، — دېدى يۇسۇپ خۇشاللىق بىلەن ۋە ئويلاپ قېلىپ سورىدى، — نېمىشقا قۇزئوردۇدا قالمايدىكەن؟
— ئوردۇكەنت قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ چوڭ پايتەختى. ئەلۋەتتە، بۇغرا قاراخان ئوردۇكەنتتە تۇرۇشى كېرەك، بالام.
— قۇزئوردۇمۇ پايتەختىقۇ. ئەھمەد تۇغانخان، مەنسۇرخان قاتارلىق قاراخانلار بۇ يەردە تۇرغانغۇ.
— ئارى ئوغلۇم، قۇزئوردۇمۇ گۈزەل پايتەخت، ئەمما ئوردۇكەنت ئاساسلىق پايتەخت. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار مەملىكىتىنى قۇرغان ئەزىزانە شەھەر.
— ھە، ئەمدى چۈشەندىم، ئاتا. مېنىڭ ئوردۇكەنتكە بارغۇم كېلىۋاتىدۇ، — يۇسۇپنىڭ كۆڭلىدە يېڭىدىن تۇغۇلغان بۇ ئارزۇ رەيھانىدىننىڭ ئېڭىدا بىر ئىستەك پەيدا قىلدى.
— سەل چوڭ بولغىن، ئوغلۇم. تەڭرىم نېسىپ قىلسا، سېنى ئوردۇكەنتكە ئېلىپ بېرىپ كاتتا ئۇستازلار بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرىمەن.
— تەڭرى تىلىكىڭنى بەرسۇن، ئاپا، — دېدى يۇسۇپ سۆيۈنگىنىدىن سەكرەپ.
يۇسۇپ قادىرخاندىن بۇرۇن مەلىكە ئادىرا يولغا چىقتى. بەگتۈمۈر، زەمۇران ئانا، رەيھانىدىن، يابىرالار يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدى. كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان يۇسۇپ مەلىكىنىڭ قارىسى يىتكۈچە ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.
يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ، يۇسۇپ قادىرخانمۇ ئوردۇكەنتكە قاراپ يولغا چىقتى. بالاساغۇندىكى بارچە خالايىق ئون بىر چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇزاتتى.
يۇسۇپ باشلىق ھەممە شاگىرتلىرىنى ئېلىپ چىققان ئەبۇ

پۇتۇھ مەخدۇم «تارىخىي كاشغەر» دېگەن كىتابنى يوللۇق تۇتتى:

— ئەل باشى مەلىكۇل مەشرىق بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، بۇ كىتابىمنى قوبۇل قىلغايلا، كەمىنە پېقىر ئاچقان قارىيخانىنى «بۇغراخان مەدرىسەسى» قىلىپ ئۆزگەرتىش توغرىسىدا چۇشۇرگەن مۇبارەك يارلىقلىرى بىلىك ئىخلاسمەنلىرىنى غايەت خۇرسەن قىلدى. ئالىيلىرى يولغا چىققان بۇ قۇتلۇق سائەتتە، بالاساغۇن ئەھلى نامىدىن سەممىي تەشەككۇر ئېيتىمەن.

— رەھمەت، كىشى قارا. «بۇغراخان مەدرىسەسى» ئەۋلادلار ئۈچۈن شۇنداق بىر مەرىپەت باغچىسى بولۇپ قالسۇنكى، ئۇنىڭدىن بۆگۈ بىلگەلەرنىڭ، پىداكار ئالىپلارنىڭ قەدىمى ھېچ ۋاقىت ئۈزۈلمەيدىغان بولسۇن.

— تىلەكلىرىنى كۆڭۈل كۆكسىمىزگە مەشئەل قىلغايمىز، ئالىيلىرى. ئاقيوللۇق بولسىلا، — دېدى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم ۋە قول باغلاپ تۇرغان يۇسۇپكە ئىشارەت قىلىپ قويدى.

چۆرىسىگە گۈل نەقىش چېكىلگەن، سەمەرقەنتنىڭ پاتلىق ئاق قەغەزىگە:

«ئەقىل قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا بۇيۇكلۇك تاپۇر.
ئەقىللىك ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىك تىلەككە يېتۇر.»

دېگەن مىسرالار ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغان يادىكارنامىنى باش ئۇستىگە كۆتۈرگەن يۇسۇپ بۇغرا قاراخانغا سۇنۇپ بەردى.

— ئەل باشى ئاتا، ئېسىل لىباسنى، زەر - جاۋاھىرنى چوڭلار يوللۇق تۇتتى. پېقىر پەرزەنتلىرى ئالىيلىرىغا كۆڭۈل سۆزۈمنى يوللۇق تۇتۇشنى ئەۋزەل بىلدىم، قوبۇل قىلغايلا.

يۇسۇپ قادىرخان سەل ئېگىلىپ يادىكارنامىنى قولىغا ئالدى ۋە ئىچىدە ئوقۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— يارايسەن بالام، سىنىڭ بۇ يوللۇقۇڭ ھەممە سوۋغىلاردىن ئۈستۈن ۋە قىممەتلىك ئىكەن. نېمىشقا ئىسمىڭنى يازمىدىڭ؟

— بۇ يالغۇز مېنىڭلا سوۋغام بولماستىن، سانسىز ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئارزۇ ـ تىلىكى. ئىسمىم يېزىش ھاجەتسىز، بۇغرا قاراخان ئاتا.

— ئوھۇي، مۇنداق دېگىن بالام، — يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئەگىم قارا قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بۆرىنىڭكىدەك ئوتلۇق كۆزلىرى يۈسۈپكە تىكىلدى، — مەن بۇ يادىكارنامىنى يادلىۋېلىپ كۆڭلۈمدە ساقلايمەن.

— رەھمەت ئەل باشى ئاتا، ئاقيوللۇق بولسىلا.

— سالامەت بولغىن يۈسۈپ، بىز يەنە كۆرۈشىمىز.

يۈسۈپ قادىرخان بالاساغۇن ئەھلى بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپ كەتتى.

يەنە بىر ھەپتە ئۆتتى. ئاي تولۇپ كىچىكلەشكە، تومۇز ئۆتۈپ ھاۋا سالقىنلاشقا باشلىدى. مۇھەممەد ئارسلانخانمۇ ئۈزۈلدى. بولۇنبەگ بۇ كۈيۈئوغلى بىلەن قىزى قۇمارىبىكەگە قارلۇق گۈزەللىرىدىن خىللىۋالغان قىرىق نەپەر كېنىزەكنى، قىساسكار قارلۇق يىگىتلىرىدىن تاللىۋالغان قىرىق نەپەر مەرگەننى سوۋغا ئورنىدا يوللۇق تۇتتى. ئۇلارنىڭ مىنگەن ئاتلىرى ئۇچقۇر، كىيگەن كىيىملىرى ئېسىل ئىدى.

بولۇنبەگ خوتۇن، بالىلىرى بىلەن ئون بىر چاقىرىم يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى. قۇمارىبىكە ئاتىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ:

— بۇزرۇكۋارىم، ئۆزلىرىنىڭ مەدىتى بىلەن قىزلىرى قارلۇق مەلىكىسى بەختىگە يەتتى. خۇشال ـ خۇرام قېلىڭلار، ھەرگىز ياش تۆكمەڭلار، — دەپ خوش ئېيتتى. ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن كۆلكە لەۋەن چىرايىنى ئېچىلغان گۈلدەك يېقىملىق قىلىۋەتتى. ئۇنىڭغا سەپسېلىپ تۇرغان مۇھەممەد ئارسلانخان خوتۇنىنىڭ سۇلكەت ـ نازاكىتىدىن زوقلانغان ھالدا

ئاتقا مىندى. بولۇنبەگ قىرىق تۆگە، قىرىق ئاتقا ئارتىلغان قىممەت باھالىق قىز مېلىنى، قىرىق نەپەر قۇل ـ دېدەكلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدۇردى.

رەيھاندىن ئۇلارنى ئۇزىتىشقا چىققان ئوردا ئەربابلىرى بىلەن يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ يانغاندى.

— بالام، زەن قويدىلىمىكىن، بولۇنبەگ كېرىلىپ تېرىسىگە پاتماي قالغاندەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى بەگتاش ئابدۇللا دامولـلا تىزگىنىنى بوش قويۇۋەتكەن كۇيۇئوغلىغا ياندىشىپ.

— شۇنداق، ئاتا. تولىمۇ توشقانىنى تۇتۇۋالسا كۆرەڭلەپ كېتىدۇ، — رەيھاندىن قېيىنئاتىسىنىڭ بۇ توغرۇلۇق ئوي ـ پىكرىنى بىلمەكچى بولۇپ ئېتىنى ئاستىلاتتى.

— ھېچ بىلمىدىم، بۇغرا قاراخان بولغان شۇنداق ئەقىللىك زات، قاراپ تۇرۇپ ئوغلىغا بىر سۇيىقەستچى قارا نىيەتنىڭ ھازازۇل قىزىنى ئېلىپ بەردى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن قۇدام؟ — رەيھاندىنغا يېتىشىۋالغان ئادامتوغرۇلمۇ كۆڭلىگە سىغدۇرالمايۋاتقان ئەندىشىسىنى بىلدۈردى.

— پېقىرمۇ تەقدىر ـ ئىرادىسىنىڭ بۇنداق بولۇشىدىن ئۇممىدۋار ئەمەس، — دېدى رەيھاندىن خىيالچان ھالدا، — ئەسلىدە، بۇغرا قاراخاننىڭ ئوغلىغا بولۇنبەگنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىش ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئىدى، ئىش ئۇنداق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ...

— توغرا دېدىلە، بالام، — قوشۇلدى بەگتاش ئابدۇللا دامولـلا ئۇھ تارتىپ، — ئىشلار بىز كۈتكەندەك بولمىدى.

كۇيۇئوغلى بىلەن قىزىنى يولغا سالغان بولۇنبەگ شەئبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئەلى تېگىن بىلەن يولغا چىقتى. ئۇ باللىۋاقىلىرىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ ماڭغانىدى. بالاساغۇندا قالغان چوڭ ئوغلى بوزاغۇدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، خېلى يەرگە بارغۇچە ئارقىسىغا قاراپ ئۈنىگە خوش ئېيتتى. لېكىن،

كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە، بۇ قېتىمقى ئايرىلىشتىن خۇش ئىدى. ماۋەرائۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خارەزىم دىيارىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتنىڭ ئېلىكخانى ئەلى تېگىننى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلالايدىغانلىقىدىن، ئوغلىنىڭ بالاغۇنىدا ئەھمەد تېگىننى مايىل قىلىپ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىگە ھەمدەم بولغۇزالايدىغانلىقىدىن نېمىشقا سۆيۈنمىسۇن؟

بولۇنبەگ سەمەرقەنتكە كەلگەندىن باشلاپلا ئەلى تېگىننىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلەشمەي تۇرۇپ بىر ئىشقا تۇتۇش قىلالمايدىغان، ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ جەڭگە ئاتلىنالمايدىغان ھالغا كەلتۈردى. ئوغلى بوزاغۇ ئۇنىڭ سىرداش بۇرادىرى دوقاقبەگلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇردى.

— ئەلى تېگىن ئالىيلىرى، پاساھەت، شىجائەت بابىدىن ئېيتقاندا، ئېلىكخان ئەمەس، بۇغرا قاراخان بولۇش ھەزرەتلىرىگە ئەڭ مۇناسىپ كېلىدۇ. ئاۋامۇ ئۆزلىرىنى «ئەلى تېگىن سانى»① دەپ ھۆرمەت بىلەن ئاتىماقتا. ئەلۋەتتە، ئۆز ئورۇنلىرىنى ئۆزلىرى ئىگىلىمىسىلە، باشقىلار ھەرگىز ئۆتۈنۈپ بەرمەيدۇ، — دېدى بولۇنبەگ قىشلىق سارايدا ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈۋاتقان ئەلى ئېلىكخاننى قۇترىتىپ.

— نېمە دېدىڭىز يۇغرۇش؟ — پۈتۈن دىققىتى نېپىز يىپەك كىيىملەر بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلاردا بولغان ئەلى تېگىن سىگار يان بولۇپ، بولۇنبەگكە قۇلىقىنى يېقىن قىلدى.

— ئالىيلىرى بىلەمدىلىكىن، دۇنيادا ئەڭ ساھىبجامال قىزلار ئوردۇكەنتتىن چىقىدۇ. ئەگەر ھەزرەتلىرى بۇغرا قاراخان بولسىلا، ئوردۇكەنت قىزلىرىنىڭ ئۇسسۇلىدىن ھوزۇرلىنىپ زادى قېرىمايتتىلە، — بولۇنبەگ مۇددىئاسىنى

---

① «ئەلى تېگىن سانى» — ئەلى تېگىن ئىككىنچى دېگەنلىك بولىدۇ.

ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىلدۈردى.

— ھا ـ ھا ـ ھا،... — تەختتە يانپاشلاپ ئولتۇرغان ئەلى تېگىن قاقاھلاپ كۈلدى.

— ئوردۇكەنت قىزلىرى سەمەرقەنت نازىنىنلىرىدىن گۈزەلمۇ؟

— گۈزەل، گۈزەل، ئالىيلىرى. يېقىملىق ئاۋازىدىن كۈيچى بۇلبۇلنى، لەۋەن چېھرىدىن قىزىلگۈلنى خىجىل قىلغۇدەك ساھىبجامال. كۆرسىلە بىلىدىلا، شۇنداق...

— كۆرگەن، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى ئەلى تېگىن، — تۇغقانلارنىڭ قىزلىرىنى، كوچا ـ كويلاردىكى قىزلارنى كۆرگەن، ماڭا ئۇنچىۋالا چىرايلىق كۆرۈنمىگەنىدى، يۇغرۇش.

بولۇنبەگ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلىپ ئالدىراپ دېدى:

— توغرا دېدىلە ئالىيلىرى، سىلى كۆرگەن قىزلار بۇغرا قاراخانغا تارتۇق قىلىنغان ئوردۇكەنت رەنالىرىدەك گۈزەل ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنداق ئۇز، دىلرەبا قىزلارغا بۇغرا قاراخان بولغاندىلا ئېرىشكىلى بولىدۇ، — بولۇنبەگ بۇ سۆزى بىلەن ئەلى تېگىننىڭ كۆڭلىگە بىر ئوت سالدى.

«بۇغرا قاراخان بولۇشۇم كېرەك. ئاكام ئەھمەد تېگىن بىلەن بىرلىشىپ، ئوردۇكەنتكە يۇرۇش قىلماي قويمايمەن» دەپ ئويلىغان ئېلىكخان ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كېنىزەكلەرگە، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا رۇخسەت بېرىپ ئورنىدىن قوپتى.

— يۇغرۇش باشى، سىز قېلىڭ.

— خوپ، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، ئالىيلىرى، — بولۇنبەگ تىزلاندى.

يۈزلىرىدە چېچەك ئىزى قالغان شالاڭ ساقاللىق ئەلى تېگىن يەنە تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

— توختاپ تۇرۇڭ يۇغرۇش، ئولتۇرۇڭ.

بولۇنبەگ قورقۇمسىراپ ئولتۇردى. ئەلى تېگىن سەل

ئېگىشىپ دېدى:

— سىز بايا، بۇغرا قاراخان بولۇش ئالىيلىرىغا مۇناسىپ دېدىڭىز. بۇ ئېيتىش ئاسان بولغان بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بولغان مۇشكۇلات. مەن بىلەن بىر ئانىدىن بولغان ئاكام ئەھمەد ئېلىكخان بىلەن بىرلىشىپ، يۈسۈپ قادىرخاننى تەختتىن چۈشۈرەيمىكىن دەيمەن.

— دانا ئىكەنلا، ئالىيلىرى، ئەمما ئالدى بىلەن بىرلىشىدىغان ئۇ ئاكىلىرى ئەمەس، سەلجۇق ئېلىنىڭ سۇلتانى توغرۇلبەگ بىننى مىكائىل بىننى سەلجۇقبەگ①دۇر، — يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەن بولۇنبەگ ئېلىكخاننىڭ ئۆزىگە مايىل بولغىنىدىن خۇش بولدى. قورقۇش ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھىجايدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — ئەلى تېگىن جاۋاب بەرمەستىن سوئال قويدى.

— ئالىيلىرى، سەلجۇقىيلارنىڭ سۇلتانى بولغان توغرۇلبەگ غەزنەۋىلەرنىڭ بىرمۇنچە يېرىنى تارتىۋالدى. رۇم پادىشاھىغا زەربە بەردى. پارسلارنى قورقۇتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىدىغان بولسىلىرى، يۈسۈپ قادىرخاننى تەختتىن چۈشۈرۈپلا قالماي، ئاكىلىرى ئەھمەد ئېلىكخاننى بۇغرا قاراخان بولۇش توغرىسىدا ئېغىز ئاچالمايدىغان قىلىپ قويغىلىمۇ بولىدۇ.

ئالتۇن تاج ۋالىلداپ تۇرغان بېشىنى ئاستا لىڭشىتقان ئەلى تېگىن بولۇنبەگنىڭ سۆزلىرىنى ئورۇنلۇق بىلىپ سورىدى:

— سەلجۇقىيلارنىڭ ئۇ سۇلتانى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت باغلايمەن؟

— بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرسىلا، ئالىيلىرى، — بولۇنبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ تىزلاندى.

— بولىدۇ، يۈگرۈش، سىزگە تاپشۇردۇم، — ئەلى تېگىن بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، بولۇنبەگكە كۆزلىرىنى تىكتى، —

① سەلجۇقبەگ — سەلجۇقىيلار سۇلتانلىقىنى قۇرغۇچى، سۇلتان توغرۇلبەگ ئۇنىڭ نەۋرىسى.

سەلجۇقىيلار ئېلىگە يالۋاچ بولۇپ بېرىپ كېلىڭ. سۇلتان توغرۇلبەگ ماڭا بەش تۈمەن لەشكەر بىلەن ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولسىلا، قاراخانىيلار مەملىكىتى ئۇنىڭ ھامىيلىقىدا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈڭ.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، بەك دانا ئىكەنلا...

بولۇنبەگ بۇ مەسلىھەت بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى تۈندە، ئۆزىنىڭ چاپارمىنى چاۋاربەگنى بارسغاندىكى قىزى قۇماربىكەنىڭ يېنىغا، خاس نۆكىرى قابانىنى بالاساغۇندىكى ئوغلى بوزاغۇنىڭ يېنىغا ماڭدۇردى. ئاندىن بىر ھەپتە تەييارلىق قىلىپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن سەلجۇقىيلار ئېلىنىڭ پايتەختى رەي① شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتى.

سوغۇق قىش ئۆتتى. ئىللىق كۆكلەم ئالەمگە قۇچاق يايدى. دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار كۆكىرىپ، ئالما - شاپتۇللارنىڭ چېچەكلىرى ئېچىلدى. سەمەرقەنت توي كۈنى ياسانغان قىزدەك ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. تاقىتى تاق بولغان ئەلى تېگىن بولۇنبەگنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. غورا ئالا بولغاندا ۋەزىر قايتىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن تاج بىلەن كۈمۈش ساپلىق زۇلپىقار سەپىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ جاۋابىغا تەقەززا بولغان ئەلى تېگىن كۆكلەم تۈسىنى ئالغان باغچە سارايدا قوبۇل قىلدى.

— سۇلتان توغرۇلبەگ لەشكەر بىلەن ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— سۇلتان توغرۇلبەگ بىننى مىكائىل بەگ ئالىيلىرى ناھايىتى كاتتا شاھىنشاھ ئىكەن. ئۇ مىكائىل بىننى سەلجۇقبەگنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى كۆرەڭ، رەھىمسىز بولۇپ، ئالىمەن دېگەن يەرنى ئالماي قويمايدىكەن. ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك تەختىگاھى ئالدىدا مېنى تىترەك باستى...

— بەس، ئۇنىڭ شۇنداق كاتتا سۇلتانلىقىنى بىلدىم،

---

① رەي — ئىراننىڭ شەرقىدىكى قەدىمكى شەھەر.

يۇغرۇش. زادى ماڭا ياردەم قىلغۇسى بارمىكەن، يوقمۇ؟ مۇشۇنى سۆزلەڭ.
— ئالىيلىرى، بار ئىكەن، بار ئىكەن، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى بولۇنبەگ، — ئەمما ناھايىتى تەستە ماقۇل كەلتۈردۇم.
— ماقۇل بولدىمۇ زادى؟
— ئۇ مەن ئۈچۈن بەش تۈمەن لەشكەر ھېچ گەپ ئەمەس. ئەلى تېگىن قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ مېنىڭ ھامىيلىقىمدا بولۇشىنى خالىسىلا، ئون تۈمەن لەشكەر بىلەن ياردەم بېرىشكە تەييارمەن، دەپ بۇ ئالتۇن تاج بىلەن قىلىچنى ئالىيلىرىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى.
— يۇغرۇش، سىزدىن بەك مىننەتدارمەن.
— ئالىيلىرى ئۈچۈن پەرمانبەردارمەن. سۇلتان توغرۇلبەگ ئالىيلىرىغا قايىل بولدۇم. ئۇ قورقۇمسىز باھادىر ئىكەن. پارس، ئىراق، خۇراسان ئەللىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئاپتۇ. غەزنەۋىلەر پادىشاھى سۇلتان مەھمۇدنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇ مىنىپ جەڭگە كىرگەن پىلنى ئولجا ئاپتۇ. زۆرۈر تېپىلسا ئۆزى مىنىپ جەڭگە كىرىدىكەن. ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئاشۇ پىلغا مېنى مىندۈردى. دۇنيادا تەڭدىشى يوق دانا يۇغرۇش باشى نىزامۇلمۇلك بىلەن بىللە سەير قىلدىم.
— سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ئوبدان قىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاكام يۈسۈپ قادىرخان قۇدا بولۇشۇپ يېقىنلىشىپ كەتكەنىدى.
— پاخشى بولغان تۇخۇم ئەسلىگە كەلمەيدۇ، ئالىيلىرى، زەربە يېگەن غەزنەۋىلەر ئاكىلىرى يۈسۈپ قادىرخانغا قايىش بولالمايدۇ. ئەمدىكى گەپ، بىر قورساقتىن چۈشكەن ئاكىلىرى ئەھمەد ئېلىكخاننى ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىشقا ئالدىرىتىش.
— ئالدىرىتىش؟ — ئەجەبلەنگەن ئەلى تېگىننىڭ قاشلىرى سەكرەپ كەتتى.

— ماقۇل قىلماي تۇرۇپ، قانداق ئالدىراتقىلى بولىدۇ دەپ، بۇ گېپىمدىن ھەيران قېلىشىۋاتىلىغۇ ـ ھە، ئالىيلىرى؟ دېمەكچى بولغىنىم، ئەھمەد ئېلىكخان چوقۇم ماقۇل بولىدۇ. ئۇنى ماقۇل قىلىپلا قالماي، ئالدىرىتىش پايدىلىقكى، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك؟

— قانداق قىلىپ يۇغرۇش؟

— بۇ ئىشىنىمۇ ماڭا قويۇپ بەرسىلە، كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلىمەن.

— ئۇنداقتا، قۇزئوردۇغا سىزنى ئەۋەتسەم بولغۇدەك.

— ئەلۋەتتە، ئۇ كۆرەڭ ئاكىلىرىنى مەنلا ئۇندەككە كەلتۈرەلەيمەن، تەدبىرىمدىن ھەيران قالىدىلا.

— قانداق تەدبىر ئۇ؟

— چەللىدە ئات چاپتۇرۇش تەدبىرى.

— ياخشى. قۇزئوردۇغا بېرىپ، ئاكامنى ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن يۇرۇش قىلىشقا كۆندۈرۈڭ ـ دە، ھايال بولماي سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىڭ.

— باش ئۈستىگە. ئاكىلىرىنىڭ سوۋغا ـ سالىمى بىلەن خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن، خاتىرجەم بولغايلا.

— سىز يېنىمدا بولمىسىڭىز، قانتى كېسىلگەن قۇشتەك تېپىرلاپ قالىدىكەنمەن، يۇغرۇش.

— تېز قايتىپ كېلىپ يانلىرىدا بولىمەن، ئالىيلىرى.

— ئەگەر مەقسىتىمىز ئەمەلگە ئېشىپ مەن بۇغرا قاراخان بولسام، سىزنى سەمەرقەنتكە ئېلىكخان قىلىمەن.

— مەن ھەممىدىن ئالىيلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى ئەۋزەل بىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا، يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىڭ.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — بولۇنبەگ كەينىچە مېڭىپ باغچە سارايدىن قايتىپ چىقتى. ئۇردا ئىچىدىكى قەسىرگە

كېلىپ خوتۇن ـ چۆرىلىرى، بالىلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئايبانۇ سەمەرقەنتتىكە كەلگەندىن بىرى بورداپ باققان قويدەك قۇيرۇق سېلىپ سەمرىپ كەتكەندى. بۇ خوتۇندىن رايى يېنىپ قالغان بولۇنبەگ خالمايراق ئۇنىڭ بىلەن كىچىنى بىللە ئۆتكۈزدى. بوزاغۇ بىلەن قۇماربىكەنىڭ ئانىسى بولغان ئايبانۇ خېلىلا ھال تارتىپ قالغانىدى. تاشقىرىدا مۈشۈكتەك بەز پۇراپ يۈرىدىغان ئېرىنى ئۆيدە بولسىلا كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي قالغان چاشقاندەك بىچارە قىلىپ قويىاتتى، ھەرنە قىلىپ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. تۈلكىدىنمۇ قۇۋ، مەككار بولغان بولۇنبەگ، قىزىل گۆھەر كۆزلۈك، ئالتۇن زەنجىرلىك زۇننارنى ئايبانۇنىڭ ياغ تولۇپ كەتكەن بوينىغا ئېسىپ:

— ئاغىچا خېنىم، گۈزەل رەي شەھىرىدىن ئېلىپ كەلدىم. شاھىنشاھ توغرۇلبەگ ئالىيلىرىنىڭ دانىشمەن ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك ئالاھىدە سىزگە سوۋغا قىلىپ بەردى، — دەپ بىشەم، كوت ـ كوت خوتۇننى پىلىكتەك يۇمشىتىۋەتتى. ئايبانۇ:

— رەھمەت ۋەزىر ئەزەم، سىلىنى خويمۇ سېغىنغانىدىم، كېلىپ مېنى سۆيۈندۈرۈۋەتتىلە، — دېدى لىغىلداپ تۇرغان كۆكسىنى يېقىپ. بىراق، ئېرىنىڭ بالاساغۇنغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ:

— سىلىدىن باشقا كىشى يوقمىكەن، ۋەزىر ئەزەم. قەيەرگە بۇيرۇسا بىر پارچە نانغا زار دېدەكتەك غۇيۇلداپ كېتىۋېرىدىكەنلا. تايىنلىق قۇزئوردۇدىكى سالپاسىياق جالاپلارنى سېغىنىپ قالغان بولغىيدىلە، — دېدى پەيلىنى بۇزۇپ.

— يوقسۇ خوتۇن، ئېلىكخان ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە زۆرۈر بىر ئىشنى بىجىرىش ئۈچۈن بارماقچى بولۇۋاتىمەن، بولمىسا ئوتلۇق قۇچىقىڭىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق، — ئۇ خوتۇننى ئالداپ ـ سىلاپ ئاخىرى ماقۇل قىلدى.

## 2

بولۇنبەگ بۇ قېتىم رەي شەھىرىگە بىللە بارغان نۆكەر ـ ياساۋۇللاردىن ئىككى ھەسسە كۆپ سىپاھ بىلەن ھەيۋەتلىك سەپ تۈزۈپ يولغا چىقتى. شۇ ماڭغان پېتى بارسغانغا باردى. خوتۇنىغا كۆندىن ـ كۈنگە ھېرىس بولۇپ كېتىۋاتقان مۇھەممەد ئارسلانخان بۇ ئۇشتۇمتۇت كەلگەن قېيىنئاتىسىنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. قۇمارىبىكە ئاتىسىنىڭ ئورغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن كەلگىنىدىن خۇشاللانغان بولسىمۇ، مۇددىئاسىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ جىددىي تۇستە:

— ئاتا، ئالدىراپ كەتكەندەك قىلىسەن. بۇ ئىشقا بىزنى ئارىلاشتۇرما، مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار. ساڭا يۈتلىكاشاڭ بولمايمەن، ئەگەشكۈممۇ يوق، — دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

بولۇنبەگ قىزىنىڭ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئارتۇقچە تالاش ـ تارتىش قىلماي، ئالدىراپ بالاساغۇنغا يول ئالدى.

ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە ئىسسىپ، چۇ دەرياسى ۋادىسىغا تېرىلغان بۇغداي مايسىلىرى باشاق تۇتقانىدى. ھەرياقتىن كاككۇك، بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇ سىپاھلارغا دەريا بويىدا توختاپ تۈرۈشنى بۇيرۇپ، ئاتتىن چۈشتى، زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.

بولۇنبەگ ئوقچۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا كۆز سالدى. بۇ دەرياغا چۆمۈلۈپ، قىرغىقىدا ئويناپ ئۆسكەنلىكى يادىدىن كەچتى. بۇ ياشقا كەلگۈچە ئېغىر كۈنلەرگە قالماي، ھۇزۇر ـ ھالۋەتتە ياشاپ كەلگەنىدى، ئۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلمايتتى.

كۈن پېتىپ قارا تۈن چۇ دەرياسى ۋادىسىغا چېدىرىنى يايدى. بولۇنبەگ سىپاھلارنى ئاتلاندۇرۇپ مېڭىپ، «قۇۋۋەقى سەمەرقەنت»تىن بالاساغۇن شەھىرىگە قەدەم قويدى.

«رەيھاندىنبەگ نېمە ئىشلارنى قىلىۋەتتىكىن؟ ئېلىكخاننى ئۆزىگە تارتىپ گېپىدىن چىقمايدىغان قىلىۋالدىمىكىن؟ مەيلى، قانچىلىك يۈز - ئابرۇي تاپقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ نۆۋەت ئۇنى قاپقانغا دەسسەتمەي قويمايمەن. بوزاغۇ قانداق تۇردىكىن؟ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقاي...» ئۇ خىيال بىلەن ئۆز قورۇسىنىڭ بوسۇغىسى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى، ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. بولۇنبەگ ئوتقاش يورۇقى چۈشكەن ئىشىكنىڭ تۆچ ھالقىسىنى قاقتى.

— كىم؟ — بىرسىنىڭ خىرىلدىغان ئۈنى ئاڭلاندى.

— بۇ مەن، ئادابۇ، ئىشىكنى تېز ئاچ؟

زەنجىر شاراقىدە ئېلىنىشى بىلەن ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلدى. چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر بوۋاي جىنچىراغنى بولۇنبەگنىڭ توپا - چاڭ باسقان يۈزىگە تۇتۇپ، ھاپىلا - شاپىلا تىزلاندى. ئۇ لاغىلداپ تىترىدى.

— يۇغرۇش باشى جانابلىرى بەگ غوجام، مۇبارەك قەدەملىرى قورۇيىمىزغا قۇت كەلتۈرگەي.

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، بوۋاي. تۇرغىن، ئوغلۇم ئۆيدىمۇ؟

— ئۆيدە، بەگ غوجام، — بوۋاي تەستە تۇردى.

بولۇنبەگ چاۋاربەگكە سىپاھلارنى ئارقا قورۇغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇپ، ھويلىغا ئاياغ باستى. كۈندۈزى بولغان بولسا پېشايۋاندىكى توپا - چاڭنى، تورۇسلاردىكى ساڭگىلاپ كەتكەن تورلارنى كۆرۈپ كايىغان بولاتتى. قاراڭغۇ تۈن قورۇدىكى مەينەتچىلىكنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمىدى. شام - چىراغلار يېنىپ تۇرغان مېھمانخانىغا كۆز سالغان بولۇنبەگنىڭ قۇلىقىغا شوخ پەدىگە چېلىنغان ئۇد، داپنىڭ ئۈنى كىردى. دېدەك - خىزمەتكارلار ئىچىدىغان، يەيدىغان نەرسىلەرنى توشۇۋاتاتتى. بولۇنبەگ تەزىم قىلىپ تۇرغان ئادابۇغا قارىدى:

— بۇ نېمە گەپ؟

— ئالىيلىرى، بوزاغۇ غوجامنىڭ مېھمانلىرى بار.

بولـۇنبەگ «ئوغـلۇم تېگـىن، چاغـرىبەگلـەرنـى چاقىـرغـان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ دەھلىزگە، ئاندىن مېھمانخانىغا كىـردى. بۇرنىغـا شارابنىـڭ ھىدى ئـۇرۇلـدى. يۈزى ئوچـۇق بـەتبەشىـرە چوكانلار بىلەن شاراب ئىچـىۋاتقان بـوزاغـۇ بولـۇنـبەگنى كـۆرۈپ دەررۇ ئورنىدىن تۇردى.

— ئاتا، كەلگىنىڭنى بىلمەپتىمەن.

— بۇ نىجىس قانجۇقلىرىڭنى دەرھال يولغا سېلىۋەت !

— ماقۇل، — بوزاغـۇ چوكانلارنـى تېز چىقىپ كېـتىشكـە بۇيرۇدى.

ئۇلار چىقىپ كـەتكەندىـن كېيىـن، كەيپـى ئـۇچقان بـوزاغـۇ دېدى:

— ئەجەب تۇيۇقسىز كېلىپ قالدىڭغۇ، ئاتا؟ بۇنـداق كېچـىدە كېلىشىڭدىكى سەۋەبنى ئېيتىپ بېرەرسەن؟

«نېمىدېگەن قوپـال مەخلۇق بـۇ؟ بىر ئوغـۇل بولۇپ قالـدى ـ دە، خـەيـر...» دەپ ئويلـىغان بولـۇنـبەگ ھۆرپـىيـىپ تـۇرغـان ئوغلىنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ ئولتـۇرغۇزۇپ، ئۆزىـمۇ كۆرپىگـە يۆكۈندى. كېلىش سەۋەبىنى يوشۇرماي ئېيتىپ بولۇپ دېدى.

— ئوغلۇم، ئەمدى گەپ ئەھمەد ئېلىكخاندا قالدى. بۇ تېگىـن مەرھۇم بۇغرا قاراخان تۇغانخاندەك قاراملىقى، شۆھرەتپەرەسلـىـكى بىلەن تۇغانخان سانى دەپ ئاتالغان. ئۇ نام قازانسىلا شۇنىڭغا مەغرۇرلىنىپ ئۆتىدىغان ئادەم. ئېيتقىنا، سەن قانداق قارايسەن؟

— ھەي ئاتا، سەن بۇ تېگىنگە قانداق قارىساڭ مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. بۇ تېگىن قاپاقباش، گول ئىكەن، كىم ماختىسا شۇنىڭ گېپىـنـى راست دەيدىـكـەن، ھازىـر رەيـھانـدىـنـبەگ بـىـلـەن يېقىنلىشىـپ كەتتـى. لېكىـن، سـەن ئۇنى ئـۆزۈڭگە مايىـل قىلالايسەن، سۆزدە ھەرگىز كەتكۈزۈپ قويما.

بولۇنـبەگ كۆڭلـىدە: «ئەقىـل كىرىـپ قـاپتۇغۇ بـۇ تەلۋىگـە» دەپ، بوزاغۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— جېنىم بالام، سەنچۇ، تۇغانخان سانى بىلەن يېقىنلىشىپ

كەتكەنسەن؟

— سەن مېنى بەك دۆت چاغلايسەن، ئاتا. مەن دۆت ئەمەس، سەندەكلا ئەقىللىك، سېنى دورىغانمەن. تۇغانخان سانى مېنىڭ ئالىقىنىمدا. گەرچە رەيھانىدىنبەگ بىلەن يېقىنلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ماڭا ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، جاندارلار ئەمىرى مەن ـ دە، ئۇ بۇنى ئېسىدىن چىقىرالامدۇ؟! — بوزاغۇ شىركەيىپ بولغىنى ئۇچۇن راسا پو ئاتتى.

— ئۇقتۇم بالام، ماڭا ھەممە نەرسە چۈشىنىشلىك بولدى. تۇغانخان سانىنى ئېيتقىنىمغا كۆندۈرىمەن، دېگىنىمنى قىلغۇزىمەن. قاراپ تۇر، سەنمۇ كاتتا سۇباشىلاردىن بولۇپ قالىسەن. ئەمما، شۇنى ئېيتىپ قوياي، زىناخورنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ. بۇزۇق خوتۇنلارنى ئۆيگە باشلاپ كېلىۋەرمە، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئاتا، بولىدۇ، ئاياللارنى باشلاپ كەلمەي. لېكىن، سەن ھازىرغىچە ياشاپ كېلىۋاتىسەنغۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، بەتبەخت ! — دېدى بولۇنبەگ ئاچچىقلىنىپ. ئۇ كېيىنكى سۆزنى قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى، — سەن ئۆيلەنمەي يۈرۈپ ئوساللىشىپ كېتىپسەن.

— ئۆيلەپ قويمىساڭ، خوتۇن سېغىنامدىمەن؟

— مەن دېگەنگە ئۇنىمىساڭ، يا ئۆزۈڭ تېپىپ ئۆيلەنمىسەڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟

— مەن رەيھانىدىنبەگنىڭ قىزىدىن باشقا قىزنى ئالمايمەن، ئاتا. ئۇنىڭ تۆتىنچى قىزى ياتلىق بولغىنى يوق.

— ئۇچ قىزىغا كۆز تىكىپ بىرسىنىمۇ قولغا چۈشۈرەلمىدىڭ. ھەي، قانداق بولاركىن؟

— قانداق بولاركىن دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئېلىپ بېرىسەن. ئەگەر ئۇ قىز بويۇنتاۋلىق قىلىدىكەن، بۇ نۆۋەت ئاچىلىرىدەك ساق قۇتۇلالمايدۇ، — بوزاغۇنىڭ شاراب تەپتىدىن قىزارغان كۆزلىرىگە قان قۇيۇلدى.

بولۇنبەگ قىزىشىپ كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ سەپرايىنى

ئۆرلەتمەسلىك ئۈچۈن، ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئۆيدىن ھويلىغا چىقتى. سىپاھىلار بىلەن تاماق يەپ، يېرىم كېچە بولغاندا ئۆزىنىڭ تاقاپ قويۇلغان ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئۆندەرەپ ئويغانغاندا، كۈن چىقىپ بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگەنىدى. بولۇنبەگ سىپاھىلارنى كەينىگە سېلىپ، ئىلگىرى بۇغرا قاراخاننىڭ ئوردىسى بولغان ئىلىكخان سارىيىغا كەلدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق كەلگەن بوزاغۇدىن بولۇنبەگنىڭ سەمەرقەنتتىن كەلگىنىنى ئاڭلىغان ئەھمەد ئىلىكخان ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلدى.

بولۇنبەگ تەخت ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ سالام بەردى، تىنچلىق - ئامانلىق سوراپ دېدى:

— ۋاپادار، دانا ئىنىلىرى ئالىيلىرىدىن ھال سوراپ كېلىش ئۈچۈن پېقىرنى ئەۋەتتى. ئېگەر - ئۈزەڭگىلىرى، يۈگەن - تارتمىلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن بولغان سەمەرقەنت ئارغىمىقىدىن توققۇزنى ئۆزلىرىنىڭ مىنىپ جەڭگاھلاردا جەۋلان قىلىشلىرى؛ خارەزىمنىڭ ساھىبجامال قىزلىرىدىن توققۇزنى خىزمەتلىرىدە بولۇشى؛ توققۇز تۆگىگە ئارتىلغان ئەنجان بەقەسەمى، بۇخارا ئەتلىسىنى خانىش - كېنىزەكلىرىنىڭ تىكتۈرۈپ كىيىشى؛ ئۈچ يېرىگە گۆھەر كۆز قويۇلغان ئالتۇن كەمەرنى شاھانە تون ئۈستىدىن باغلاپ دەۋران سۈرۈشلىرى ئۈچۈن ھەزرەتلىرىگە تارتۇق قىلىپ ئەۋەتتى، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلغايلا.

— قوبۇل قىلدىم. ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ يۇغرۇش. قەدىردان ئىنىم ۋە ئۇنىڭ باللىچاقىلىرى ئوبدان تۇرۇۋاتقاندۇ؟ مۇشۇ دەم ئۇلارنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سوۋغىلاردىن مەمنۇن بولغان تۇغانخان سانى.

— ئاللاتائالانىڭ پاناھىدا، ئالىيلىرىنىڭ دۇئالىرى بەرىكاتىدا ئامان - ئېسەن، ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، — ئۇ تۇغانخان سانىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدىن ئورۇن ئالغان شەيخۇلئىسلام، ئەمىر -

ئەركانلارغا تەۋەززۇ بىلەن ئېگىلدى، — ئەلى تېگىن ئالىيلىرى رەيھانىددىنبەگ باشلىق ۋەزىر - ۋۇزرالارغا بىردىن ئات ۋە تونىنى ئىچىگە ئالغان خىلئەت ئەۋەتتى، قوبۇل قىلىشقايلا.

— ئەلى تېگىن ئالىيلىرىغا ئاللا رەھمەت قىلسۇن، — دېيىشتى ۋەزىر - ۋۇزرالار ئورۇنلىرىدىن دۈررىدە تۇرۇپ. مۇشۇ تاپتا بولۇنبەگنىڭ ئابرۇيى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

رەيھانىددىن بۇ ۋەزىرنىڭ سەمەرقەنتتىن بالاساغۇنغا بىكار كەلمىگىنىنى، ئۇ سارايغا كىرگەندىلا نېمىشقىدۇر كۆزلىرىنى ئۆزىدىن قاچۇرغانلىقىغا قاراپلا بىلگەنىدى. شۇنچە كۆپ ۋە ئېسىل سوۋغاتلارنىڭمۇ غەرەزسىز ئەۋەتىلمىگەنلىكى ئۇنىڭ بۇ گۇمانىنى تەستىقلايتتى. رەيھانىددىننىڭ كۆڭلىدە شۇ هامان بىر پىلان تۈزۈلدى.

ئىنىسى ئەلى تېگىن ئېلىكخاندىن مىننەتدار بولغان ئەھمەد تۇغانخان سانى:

— جانابىلار، سەمەرقەنت ئېلىكخانى قەدىردان ئىنىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، يۇغرۇش باشى بولۇنبەگنىڭ مۇبارەك قەدىمىنى قۇتلۇقلاپ بەگ تەركىسى ئۆتكۈزمەكچىمەن، قەدەم تەشرىپ قىلغايسىلەر، — دېدى تەختتە گىدىيىپ ئولتۇرغىنىچە، ئۇ ئوڭ يېنىدىن تۆتىنچى ئورۇندا ئولتۇرغان ئاغىچى ئۇلۇغىغا كۆز تىكتى، — كەنچ لىيۇ[1] تەييارلانسۇن، ئالاھىدە ئىشكۇم[2]قويۇلسۇن، بوغۇز[3] خىلمۇخىل بولسۇن، فۇقا، مەيزاپ، مۇسەللەس، بوزا كۆپ كەلتۈرۈلسۇن. قىمىز، جۇلاپ، شەربەت ئۆكسۈپ قالمىسۇن. تاي، بوتىلاق، موزايلار سويۇلۇپ پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىنسۇن، تۇتغۇچ مول بولسۇن. بەگ تەركىسىدىن كېيىن چىش[4] كىراسى بېرىلسۇن!

---

① كەنچ لىيۇ — ئوتتۇز گەز ئېگىزلىكتە مۇنار شەكلىدە راسلانغان داستىخان.
② ئىشكۇم — پۇتسىز شىرە.
③ بوغۇز — تاماق.
④ چىش كىراسى — زىياپەتتىن كېيىن بېرىلىدىغان ھەدىيە، سوۋغات.

— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى، — ئاغىچى ئۇلۇغى ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى.
— ئەمدى بەگ تەركىسى باشلانغىچە ئارام ئېلىڭلار !
— ئېلىكخان ئالىيلىرىغا رەھمەت، — دۇررىدە قوپقان ۋەزىر - ۋۇزرالار سارايدىن چىقىشقا باشلىدى.
— سىز قېلىڭ، يۇغرۇش باشى.
خىيال بىلەن چىقىپ كېتىۋاتقان رەيھاندىن توختاپ قالدى.
— خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، ئالىيلىرى.
— بولۇنبەگ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا رايىڭىز باردۇ؟
— ئەلۋەتتە، ئالىيلىرى.
بولۇنبەگ تۇغانخان سانىنىڭ رەيھاندىننى ئېلىپ قالغىنىدىن كۆڭلى غەش بولسىمۇ، چاندۇرماي باش لىڭشىتىپ ھىجايدى.
تۇغانخان سانى ئۇلارنى باشلاپ سارايغا يانداش سېلىنغان ئىستىراھەت ئۆيىگە چىقتى.
— بەگ تەركىسى باشلانغىچە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى، — دېدى ئۇ بىر پايىلىك تەخت ئۇستىدىكى پەي ياستۇققا يۆلىنىپ، ئاندىن تېخىچە ئۆرە تۇرۇشقان رەيھاندىن بىلەن بولۇنبەگنى كىمخاب يېكەندازدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
رەيھاندىن بولۇنبەگنىڭ ئوغرى كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ زۇۋان سۇرمەي بوغنۇقۇپ ئولتۇرغىنىدىن ئۆزىدىن قورۇنۇپ قالغانلىقىغا جەزم قىلدى. «سەلجۇقىيلار پايتەختىگە بېرىپ كېلىپلا، ئالدىراپ - تېنەپ قۇزئوردۇغا كېلىشى ھەرگىز ھال سوراش ئۇچۇن ئەمەس. ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىش كېرەك» دەپ ئويلىدى رەيھاندىن سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ. ئۇ سەمەرقەنتتىكى ئادەملىرىنىڭ بەرگەن خەۋىرىدىن بولۇنبەگنىڭ سۇلتان توغرۇلبەگ ئالدىغا كەتكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلگەنىدى.
— بولۇنبەگ جانابلىرى، سەمەرقەنت ھاۋاسى ئۆزلىرىگە

ياقـانده‌ك قىلـىدۇ، سەمـرىـپ قاپتـىلا، ــــ دەپ گەپ تـەشـتـى رەيھانىدىن، ــــ سۆزلەپ بەرسىلە، شـەرقتىكـى بۇ سەلتـەنەتلىـك شەھـەر قانداق ئىكەن؟ ئەلى تـېگىن ھـەزرەتلىرىـنىڭ مـۇبـارەك كۆڭلىرى خۇشـۋاق، خۇش كۆڭۈل ئۆتۈۋاتقاندۇ؟

ــــ ئەلـۋەتتـە، ئەلـۋەتتـە، جانابـلىرى. سەمـەرقەندتكـە مېنـىڭ تۇنجـى قېتىـم بېرىشـىم بولغـاچقا، بۇ شـەھـەر ماڭـا نـاھايـىتـى كۆركەم، ئـاۋات كـۆرۈندى. نـەچـچـە قېـتـىـم بېـرىـپ راھـەت ـ پـاراغـەتـنـى كۆرگەن ھـەربـىرلـىـرىگە نـىسبـەتـەن تـەسىراتـىـم مۇكەممەل ئەمەس. ئەلى تېگىن ئـالىيلىرى ئەل غېمى بىلەن بەند، پېقىر تېخىمۇ شۇنداق. ئوردۇكەنتتىن خەۋەر كېلـىـپ تۇرغانـدۇ؟

ــــ بولۇنبەگنىڭ بۇ سوئالى ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى سەزگـەن رەيھانىدىن دەررۇ جاۋاب بەردى:

ــــ ئوردۇكەنتتىن خەۋەر كېلەمدۇ ـ كەلمەمدۇ، بىـزگە نېمـە پايدىسى بار دەيدىلا، خەۋەر كەلسە ئۇلپان ـ سېلىق ئـەۋەتىشنـى تەلەپ قىلغان يارلىق كېلىدۇ، شۇ. كەلگىنىدىن كەلمىگىنى بىـز ئۈچۈن پايدىلىق، بۇرادەر.

بـۇ سۆزنى ئـاڭـلىغـان بـولۇنبـەگـنىڭ ئـاغـزى بىـلـەن تـەڭ كۆزلىرىمۇ يوغان ئېچىلدى ۋە رەيھانىدىننىڭ خۇشخۇي چېھرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ــــ جانابلىرى، ئوردۇكەنتنىڭ يامان گېپىنى قىلمايتتىلـە. ئەجەبكى، بىزار بولۇۋاتقاندەك سۆزلەپ قالدىلىغۇ.

ــــ جانابلىرى، ئاقىل كىشى ئەتىگەن بىلەلمىگەنـنى چۈشتـە، چۈشتە بىلەلمىگەننى كەچتە بىلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. بـۇرۇن بىلەلمىگەنلىرىم كـۆپ ئىكەن، بىلگـەنـىـرى خـاتـا قىلـغـان، كەتكۈزۈپ قويغان ئىشلىرىم ئۈچۈن پۇشايمان يەپ قېلىۋاتىمەن. ھەي قويىسىلا، شۇ ئىشلارنى ئەسكە ئېلىشنىمۇ خالىمايمەن. ئەھمەد تۇغانخان سانى ئالىيلىرىنىڭ سايىسىدا كۈنۈم كـۆپ ياخشى، ئەلنىڭ كۈنىمۇ ئوبدان ئۆتۈۋاتىدۇ. ئەمما، بۇ كۈنگـە قەدەر قۇزئوردۇنىڭ باش پايتەخت بولمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىمەن.

بۇ گەپتىن بىر بېشارەت سەزگەن بولۇنبەگنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. «رەيھانىدىنبەگنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كېتىپ يۇغرۇش باشى قىلمىغىنىدىن خاپا بولغان بولۇشى ئېھتىمال...» دەپ ئويلاپ ئېغىز ئاچتى:

— ئەمدى ئەقىللىرىنى تېپىپىلا، بۇرادەر. راست دېدىلە، دانا ئادەم خاتاسىنى تونۇپ تۈزىتىدۇ... — بولۇنبەگ بىردىن سۆزىنى توختىتىۋالدى. ئۇ گەپكە سەما بولۇپ گىدىيىپ ئولتۇرغان تۇغانخان سانىغا قارىدى. چىرايى ئىنىسىغا ئوخشاش ئاق سېرىق، پالكۆز بۇ ئادەم ئىپادىسىز نەزىرى بىلەن گاھ رەيھانىدىنغا، گاھ بولۇنبەگكە قاراپ قويۇپ، خاس مەھرەم سۇنۇپ بەرگەن جامدىكى شارابنى ئىچەتتى. «ياق، رەيھانىدىن مەندىن گەپ ئالماقچى، كېيىن مەنسۇرخاننى ئوڭدا قويغاندەك، مېنىمۇ ئوڭدا قويماقچى...» دەپ ئويلىغان بولۇنبەگ رەيھانىدىننىڭ ئالدىدا مۇددىئادىن ئېغىز ئاچماسلىق قارارىغا كېلىپ جىم بولۇۋالدى.

— ئەگەر قۇزئوردۇ پايتەخت بولسا، ئاكام يۇسۇپ قادىرخان تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرالمايتتى، شۇڭا ئوردۇكەنتكە كەتتى. ئەگەر مەن بۇغرا قاراخان بولسام، ھەرگىز ئوردۇكەنتنى پايتەخت قىلمايتتىم. قۇزئوردۇنى پايتەخت، رەيھانىدىنبەگنى يۇغرۇش باشى قىلىپ دەۋران سۈرگەن بولاتتىم، ھا - ھا - ھا... — دەپ كۈلدى تۇغانخان سانى كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى ئوچۇقلا ئېيتىپ.

بولۇنبەگ «ئەمدى نېمە دەيسەنكىن؟» دېگەندەك رەيھانىدىنغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

— ئالىيلىرى، كۆڭۈللىرىدىكى گەپنى قىلىپ بىزگە بېشارەت بەردىلە. ئۆزلىرى بۇغرا قاراخان بولسىلا، ئىشلار باشقىچە بولىدۇ، ئەلۋەتتە، — رەيھانىدىنمۇ «ئىچىڭدىكىنى بىلمەيدۇ دېمە، بىلىمەن. ئەمما، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن دېگىنىڭ باشقا گەپ» دېگەن مەندە بولۇنبەگكە تىكىلدى.

بولۇنبەگ يەنە زوۋان سۇرمىدى. ئۇ دىلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى سۆزنى چىقىرىشتىن يەنىلا ئېھتىيات قىلىۋاتاتتى. بۇنى تۇغانخان سانى تېخى سەزمىگەنىدى. قاپۇغچى باشى كىرىپ بەگ تەركىسىنىڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئۈزۈپ قويدى.

پادىشاھ تەكىيخانىسىنىڭ زىياپەت زالىدا تۇغانخان سانىنىڭ سول يېقىنىدا ئولتۇرغان بولۇنبەگ ئۆزرە ئېيتىپ شارابتىن كۆپ ئىچمىدى، تۇغانخان سانى تۇتقان قەدەھتىنلا ئىچتى. ئۇنىڭ يېقىنىدا ئولتۇرغان رەيھانىدىن شاراب ئورنىغا ئانار شەربىتى ئىچىپ ئولتۇردى. بولۇنبەگ بوشىغان قەدەھكە شاراب قۇيۇپ رەيھانىدىنغا تۇتتى.

— قەدىردان بۇرادىرىم، ئېلىكخان ئالىيلىرى ئىچىپ پەيزى قىلىۋاتقان يەردە، سىلى نېمىشقا ئىچمەيدىلا. دوستلۇقىمىز ئۈچۈن بۇ بىر قەدەھنى كۆتۈرۈۋەتكەيلا.

— رەھمەت جانابلىرى، پېقىرنىڭ ئىچمەيدىغانلىقى ئېلىكخان ئالىيلىرىغا مەلۇم. مەن ئەزەلدىن شاراب ئىچمەيمەن، ئەپۇ قىلسىلا، — رەيھانىدىن كۆلۈپ تۇرۇپ رەت قىلدى.

بولۇنبەگ ئۇزارتقان قەدەھنى ياندۇرۇۋالماي زورلىدى:

— ئېلىكخان ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈنمۇ ئىچمەملا؟

— بولۇنبەگ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ يامان يەردىن قىستىدى. تۇغانخان سانى رەيھانىدىنغا قادالدى، ھەممە ئەمىر- ئەركانلار ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ئىچىمەن، شارابنى يېڭى قەدەھكە قۇيۇپ بەرگەيلا، — دېدى رەيھانىدىن ئەپتىنى بۇزماي.

ئىدىشچى باشى يېڭى كۈمۈش جامنى كەلتۈرۈپ بولۇنبەگكە بەردى. ئۇ لىپمۇلىق شاراب قۇيۇپ رەيھانىدىنغا ئۇزارتتى.

— مەرھەمەت!

رەيھانىدىن قولىغا ئالغان قەدەھنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

بۇ ۋاقىتتا قەدەر ھەرقانداق سورۇندا رەيھانىدىنىنىڭ شاراب ئىچكىنىنى كۆرمىگەن تۇغانخان سانى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرگىنىدىن غايەت خۇرسەن بولدى. ناۋادا ئۇ ئىچمىگەن بولسا كۆڭلىگە شەك چۈشكەن بولاتتى.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، تۇغانخان سانى رەيھانىدىنىنى خاس قەسرىگە چاقىرتتى. ئۇ كىرىشىگە:

— يۇغرۇش باشى، سىز ناھايىتى دانا ئىكەنسىز. سارايدا بولۇنبەگ بىلەن كۆرۈشكەن كۈنى دېگەن گېپىڭىز يادىڭىزدا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

رەيھانىدىن بۇ سوئالنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى سەزدى.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، ئېسىمدە.

— ئاشۇ ئارزۇيىڭىز ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى.

— قاچان، قانداقسىغا، ئالىيلىرى؟ — جىددىي سورىدى رەيھانىدىن قىزىققان بولۇپ.

— بولۇنبەگ شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەنىكەن. مىنى بۇغرا قاراخانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىپتۇ، — تۇغانخان سانى ئۆزىگە بولۇنبەگ دېگەن مەخپىيەتنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.

— ئىنىم مىنى بۇغرا قاراخان قىلىش ئۈچۈن بولۇنبەگنى سەلجۇقىيلار سۇلتانى توغرۇلبەگنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئون تۈمەن لەشكەر بىلەن يۇرۇش قىلىشىمىزغا ياردەم قىلماقچى بوپتۇ. بۇ يۇرۇشكە مەن ئۈچ تۈمەن، ئىنىم بەش تۈمەن لەشكەر قاتناشتۇرىدىكەنمىز.

— قەيەرگە يۇرۇش قىلىدىكەنمىز، ئالىيلىرى؟ — سورىدى رەيھانىدىن.

— ئوردۇكەنتكە.

— ئەگەر بولۇنبەگنىڭ ئېيتقانلىرى راستلا بولسا، ئارزۇيۇمنىڭ يەردە قالمىغانلىقىدىن گۇمانلانمايمەن ئالىيلىرى.

لېكىن...

— بولۇنبەگنىڭ ئېيتقانلىرى راست، — رەيھانىدىننىڭ سۆزىنى بۆلدى تۇغانخان سانى، — ئۇ ماڭا قەسەم ئىچىپ بەردى، ناھايىتى مەخپىي تۇتۇشۇمنى تاپىلىدى.

— ئىشەندىم ئالىيلىرى، ئوردۇكەنتكە قاچان يۈرۈش قىلىدىكەنمىز؟

— باش كۈزدە. ئۇنىڭغىچە پۇختا تەييارلىق قىلىدىكەنمىز. ئاكام يۈسۈپ قادىرخاننى تەختتىن چۈشۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك، يۇغرۇش باشى.

— ياخشى مەسلىھەت بوپتۇ، ئالىيلىرى، تەييارلىق قانچە پۇختا بولسا، غەلىبە شۇنچە ئاسان قولغا كېلىدۇ. بولۇنبەگنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى يوق ئوخشىمامدۇ، ئالىيلىرى؟

— نېمىشقا يوق بولسۇن؟ سىز مېنىڭ يۇغرۇش باشىم تۇرسىڭىز. ئەتە كەچ مۇشۇنداق ۋاقىتتا مېنىڭ قەسرىمدە يۈرۈش قىلىش پىلانىنى بىرلىكتە تۈزۈپ چىقىمىز.

— بۇ خاسىيەتلىك ئىشقا قاتنىشىدىغانلىقىمدىن خۇشالمەن، ئالىيلىرى.

رەيھانىدىن ئەتىسى شۇ ۋاقىتتا كېلىپ پىلان تۈزۈشكە قاتناشتى. تۈن تەڭ بولغاندا تۇغانخان سانىنىڭ قەسرىدىن چىقتى. بالاساغۇن ئاسمىنىنى بۇلۇت قاپلىغانىدى. ئۇ كۈتۈپ تۇرغان يارۇقنىڭ قولىدىكى تىزگىننى ئېلىپ ئاتقا مىندى ــ دە، چاپتى. ئۇ بالاساغۇن كوچىلىرىدا ھېچقاچان بوگۇنكىدەك ئات چاپتۇرۇپ باقمىغانىدى، ئارغىماق قارا تەرگە چۈمۈپ كەتتى.

ئۇنى ئىشىك ئالدىدا ئوتقاش كۆتۈرۈۋالغان يۈسۈپ كۈتۈۋالدى.

— ئاتا، كەچ قالدىڭىزغۇ؟ ئابام ئەنسىرەپ ئولتۇرىدۇ!

— ئىش چىقىپ قالدى، بالام، — دېدى رەيھانىدىن ئوغلىنىڭ ئۆسكىلەڭ بويىغا زوق بىلەن قاراپ.

رەيھانىدىن ھويلىغا كىرىپ ئالدىغا كەلگەن يابىراغا تون،

سەللىسىنى بەردى، يۈز ـ قولىنى يۇيۇپ، لۆڭگىنى بەرگەن يۈسۈپكە تاپىلىدى:

— ئادار بىلەن يارۇق تاماقلىرىنى يەپلا ئالدىمغا كەلسۇن، ئېيتىپ قوي. ئاندىن ھۇجرامغا قەلەم، قەغەز، سىياھ ئەكىرىپ بەرگىن.

— خوپ، ئاتا! — يۈسۈپ ئاۋۋال ئاتىسىنىڭ دېگەنلىرىنى ئەكىرىپ بېرىپ، ئادارلارنىڭ باغ ئىچىدىكى ئۆيىگە كەتتى.

رەيھاندىن يابىرا ئېلىپ كىرگەن خۇشبۇي چايدىن ئىچىپ راھەتلەندى. ئېلىكخان قەسرىدە تاماق يېگىنىنى ئېيتىپ يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خەت يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ ئۈچ ۋاراقتا يېزىلغان خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ لىپاپىغا سالدى. كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان يۈسۈپكە قاراپ:

— ئوغلۇم، نېمىشقا ياتمايسەن؟ يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندىمۇ ئۇخلىمىساڭ ئاغرىپ قالمامسەن؟ — دەپ كايىۋىدى، يۈسۈپ فارابىنىڭ «ئەقىل توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنى يېپىپ ئويۇققا ئېلىپ قويدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ۋاقتىدا يېتىپ ئۇخلايمەن. بۈگۈن ئوقۇشقا قىزىقىپ كېتىپ ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەي قاپتىمەن. ئابا، خاپا بولمىغىن، — يۈسۈپ ئاتىسىنىڭ بىلىدىن قامالللىۋالدى.

— ئادار، يارۇقلار كەلدىمۇ، بالام؟

— كەلگىلى نەۋاقىت. جەڭگە بارىدىغاندەك دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، قىلىچ، ساداقلىرىنى ئېسىپ ئاتلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇشۇپتۇ. ئابا، قارا ئەنە؟ يۈسۈپ قىيا ئوچۇق دېرىزىسىدىن كۆل بويىدا تۇرۇشقان يىگىتلەرنى كۆرسەتتى.

رەيھاندىن سەپسېلىپ، خەتنى تۇتقىنىچە ئىتتىك ھويلىغا چىقتى.

— بالىلىرىم، تەييارلىنىپ كەلدىڭلارمۇ؟
— ئاشۇ كۈنى ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، تەييارلىنىپ تۇرغىنىمىزغا بىر ھەپتە بولدى، ئاتا، — جاۋاب بەردى ئادار.
— ئۇنداق بولسا، يەنە ئۆيۈڭلارغا بېرىپ جەڭ لىباسىنى سېلىۋېتىپ تارىقچىبەگ①دەك كىيىۋېلىڭلار. خورازنىڭ بىرىنچى چىللىشى بىلەن تەڭ يولغا چىقىڭلار، بىركىم كۆرۈپ قالمىسۇن، يولغا چىقىپ تۆتىنچى كۈنى ساۋۇت ـ دۇبۇلغىنى كىيىۋېلىڭلار. پەخەس بولۇڭلار، تۇتۇلۇپ قالماڭلار. بۇ مەكتۇپنى بۇغرا قاراخان يۈسۈپ قادىرخان ئالىيلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئوردۇكەنتتە ئۇزاق تۇرۇپ قالماي تېزرەك قايتىپ كېلىڭلار. خەير، خۇداغا ئامانەت بالىلىرىم، — رەيھانىدىن ئادار، ياروق بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. يۈسۈپمۇ خوش ئېيتتى.
— يەنە ۋەقە چىققان ئوخشىمامدۇ، ئابا؟ — يۈسۈپ ئادار، ياروقلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان ئاتىسىنىڭ يېڭىدىن تارتتى.
— شۇنداق، بالام، تۇلكىلەر يەنە قۇيرۇق كۆتۈرۈشتى.
— پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا، ئەلنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلىدۇ، ئابا.
— نىيىتى بۇزۇلغان ئىككى ئېلىكخان، يۈسۈپ قادىرخان ئەمەس، بالام.
— ئۇلارغا بىرسى يول كۆرسەتكەندۇ، ھەرقاچان.
— كىم بولاتتى دەيسەن، ئوغلۇم، بۆرىنىڭ ئالدىدىكى گۆشنى تارتىۋالماقچى بولغان قېرى تۇلكە.
— بولۇنبەگ ئىكەن ـ دە، ئۇ قۇيرۇقىدىن ئىلىنماي قالمايدۇ، ئابا، — دېدى يۈسۈپ ئىشەنچ بىلەن.
— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، بالام، — دېدى رەيھانىدىن خورسىنىپ.

---

① تارىقچىبەگ — تېرىقچىلار غوجايىنى، باي دېھقان.

## 3

ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم ئۆيىدە ئاچقان، كېيىن مەسچىتكە كۆچۈرۈپ كېڭەيتىلگەن قارىيخانىنىڭ ئوردا ئىلكىدىكى كاتتا مەدرىسە بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىسا، يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىدىن ناھايىتى مىننەتدار بولاتتى. ئۇ زېرەك بالا شاگىرتىنىڭ بۇغرا قاراخانغا ئۇچ تۇرلۇك تەلەپ قويغانلىقىنى ئاڭلىغان شۇ كۈنى ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ رەھمەت ئېيتقانىدى. بۇ ئەللامە قارىيخانىنى مەدرىسە قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى بۇغرا قاراخانىنىڭ يارلىقىنى كۆرگەن چاغدىمۇ، مەدرىسە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىدىن بېرىلگەن بەش مىڭ سەر كۈمۈش بىلەن رەيھانىدىن ئىئانە قىلىغان ئىككى مىڭ سەر كۈمۈشنى تاپشۇرۇۋالغاندىمۇ، دەرسخانا، ھۇجرا ـ ئۆيلەرگە ئۇل قويۇلغان چاغدىمۇ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىغانىدى. يۇسۇپتەك ھوشيار، پاراسەتلىك، جۈرئەتلىك شاگىرتىنىڭ بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ۋەتەن، خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىدىن ناھايىتى ئۈمىدۋار بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگىتىش، ئالەمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بارلىق زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلاتتى.

ئاقىرا بوي تارتقانسېرى سەرۋى كۆچىتىدەك زىلۋالىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ شوخ كۈلكىسى، ناخشا ـ ئۇسسۇلى بىلەن چارچىغان ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىراتتى. ئۇلارنى سۆيۈندۈرەتتى. ئۇ يېزىق ساۋاتىنى چىقىرىپ بولۇپ، قۇرئان ساۋاتىنى چىقىرىۋاتاتتى، ئەرەبچە تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋاتاتتى، قىزلارنى ئوقۇتۇۋاتقان ئانىسىنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى ئىدى. ئۇ كىر ـ قاتلارنى يۇيۇشقا، تاماق ئېتىشكە ياردەملىشەتتى.

ئارىلاپ «بەگيۇسۇپ نېمىشقا ئاكام بولۇپ قالمىغاندۇ؟» دەپ ئارمان قىلاتتى. سەبىي كۆڭلىدىكى بۇ ئارزۇسى ئۇنى يۇسۇپكە تەلپۈندۈرەتتى. ئاقىۋىرا كىچىك چاغلىرىدىكىدەك، يۇسۇپ كەلگەندە يېنىغا بېرىۋالماي بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، سوغدىچە، ئۇيغۇرچە قەدىمكى يېزىقتا خەت يېزىشنى مەشىق قىلغاچ ياكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرىنى يادلىغاچ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يۇسۇپكە قاراپ قوياتتى. بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى ئېڭىدا پەيدا بولغان بالىلارچە ساددا خىيال، تارتىنىش، ئىزا تارتىش تۇيغۇسى ئۇنى يۇسۇپكە تېخىمۇ چىرايلىق، نازاكەتلىك، ئوماق كۆرسىتەتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ھايانىڭ كۆرۈنمەس نەپىس پەردىسى تارتىلغانىدى.

ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمنىڭ يۇسۇپنى ئوغۇل قىلىۋېلىش ئارزۇسى كۈنسېرى كۈچىيىپ باراتتى. بۇ ئارزۇ خوتۇنى بىلەن ئىككىسىگە ئورتاق ئىدى.

يۇسۇپ ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىپ بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دىن خەتمىگە ئۆتكەنىدى. كۆن ئارىلاپ ئەدەبىيات، تارىخ، ھېساب، ئىلمىي نۇجۇم، پەلسەپە پەنلىرىدىنمۇ دەرس ئالاتتى. زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، چېچەنلىكى، ناتىقلىقى بىلەن ئۇستازىنى ھەمىشە خۇش قىلاتتى.

ئاتىسىمۇ يۇسۇپتىن رازى ئىدى. كىچىكلىكىگە باقماي مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغانلىقى، توغرا مەسلىھەت بېرەلەيدىغانلىقى، سەمىمىي سىردىشالايدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئوردىدا بولغان ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا قالدۇرماي سۆزلەپ بېرەتتى، مەملىكەت ئەھۋالىدىنمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ھال يۇسۇپنىڭ جەمئىيەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىشلىرىغا بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرماقتا ئىدى. بولۇنبەگ بالاساغۇنغا كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، رەيھانىدىن بۇ زېرەك ئوغلىغا:

— بالام، ئاللا ئادەملەرنى پادىشاھتىن تارتىپ پۇقراغىچە

بىر ـ بىرىگە نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياراتقان، زىيان يەتكۈزۈش، زۇلۇم قىلىش ئۈچۈن ياراتقان ئەمەس. ۋاھالەنكى، بۇنى چۈشەنمىگەن، چۈشىنىشنى خالىمىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قارا نىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئەلنى قان دەرياسىغا غەرق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىر قارا قۇيۇن كۆتۈرۈلىدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇنىڭغا قاراپ تۇرالمايمەن، ئوغلۇم، — دېدى بولۇنبەگنىڭ سۆيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ بېرىپ.

— ئاتا، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەندەك، ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىك سۆيىقەستىنى ئەپچىل چارە ـ تەدبىر بىلەن بىتچىت قىلىش كېرەك، — بولۇنبەگدىن نەپرەتلەنگەن يۈسۈپ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. غەزەپتىن قاپىقى تۈرۈلدى.

— بولۇنبەگكە، ئاكا ـ ئۇكا ئېلىكخانلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى تۈزۈكلۈك، بالام. ئەڭ مۇھىمى، بۇغرا قاراخان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۇلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئوردۇكەنتتىن ئاتلىنىپ چىقىشى. ئادار، يارۇقلار تېزرەك كەلسە بولاتتى، كەتكىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى.

ئاتىسىنىڭ بۇ گېپىدىن ئۇنىڭ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەن يۈسۈپ تەسەللى ئېيتتى:

— كېلىدۇ، ئاتا، خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ. ھەقىقەتنىڭ قەدىمى ئاستا، ئەمما ئىشەنچلىك، ئاقىۋىتى غەلىبە! قارا نىيەتنىڭ قەدىمى تېز، بىراق ئىشەنچسىز، ئاقىۋىتى مەغلۇبىيەت بولىدۇ. بىتاقەت بولمىغايلا...

بۇ گەپ بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، كۆكتە يۇلتۇز كۆرۈنگەن مەھەلدە يارۇق بىلەن ئادار تۇيۇقسىز ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى. يۈسۈپ ئېيتقاندەك ئۇلار خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، كىشىگە جاسارەت، ئۈمىد بېغىشلايدىغان خەيرلىك خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدى. رەيھانىدىن ئادار بەرگەن

مەكتۇپنى باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ، بۆسە قىلىپ ئاندىن ئوقۇدى:

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ھۆرمەتلىك، ساداقەتمەن يۇغرۇش باشى رەيھانىدىنبەگ جانابلىرى، مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم. ئەلگە ۋە ئۆز بېشىمغا كېلىۋاتقان بالا ـ قازادىن ۋاقتىدا خەۋەرلەندۇرگىنىڭىز ئۈچۈن ئاللا رەھمەت قىلسۇن !

ھاسىلكالام سۆزىمىز شۇكى، تېخى يېقىنقى مەزگىللەردە، ئىدىقۇت ۋە ئۇدۇندا بويۇنتاۋلىق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنى ئەدەپلەپ، ئەلنى ئەمىن تاپتۇرۇپ، ئىككى ئىنىمنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەي بىخۇدلىشىپ قالغانىكەنمەن. مەكتۇپىڭىزنى ئوقۇپ سەگەكلەشتىم. ئۆسمۈر ئوغلىڭىز بەگيۇسۇپنىڭ بالىلارچە سەمىمىي، ئەلگە قۇت بەخش ئەتكۈچى تەلىپى بىلەن ئاسقۇغا ئېلىپ قويغان قىلىچىمنى قولۇمغا ئالدىم، خالاپ ئەمەس، مەجبۇر بولۇپ شۇنداق قىلغىنىمنى ئوغلىڭىزغا چۈشەندۈرۈپ قويغايسىز. ئەلھال، ئىككى ئىنىمنىڭ سۇيىقەستلىك توپىلىڭىغا، سەلجۇقىيلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن قېرىنداشىمىز غەزنەۋىلەر شاھى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن بىرلىشىپ، جازا يۈرۈشى قىلىش كويىدا جىددىي تەييارلىنىۋاتىمەن. زىنھار ئوردىدىن يىراقلاشقۇچى بولماڭ. ئاسىيلارنىڭ سۇيىقەستلىك ئىشلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرغايسىز. ئاللا سىزگە مەدەتكار بولسۇن.

مەلىكۇل مەشرىق يۇسۇپ قادىرخان بۇغرا قاراخان.

ھىجرىيە 416 ـ يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ 11 ـ كۈنى ئوردۇكەنت».

رەيھاندىن مەكتۇپنى ئوقۇغۇسى كېلىپ بويۇنداپ تۇرغان يۇسۇپكە بەردى.

— بۇغرا قاراخان مەكتۇپتا سىنى ئالاھىدە تىلغا ئاپتۇ، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ ئىپتىخارلانغان هالدا.

يۇسۇپ مەكتۇپقا تېز - تېز كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ دېدى:

— مەلىكۇل مەشرىق مېنىڭ تەلىپىمنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، ئابا. ھەقىقەتەن خەلقپەرۋەر پادىشاھ ئىكەن. مەن چۈشەندىم، بەزى هالدا ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئېتىش ئۈچۈن قىلىچ كۆتۈرمىسە بولمايدىكەن، بىخۇدلۇق بالا - قازاغا يول ئېچىپ بېرىدىكەن.

— يارايسەن بالام، توغرا دېدىڭ، — رەيھاندىن يان تەرەپتىن يۇسۇپنىڭ بېشىنى باغرىغا تېڭىپ، يارۇق بىلەن ئادارغا قارىدى:

— باللىرىم، سىلەرگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەي قالدىم. رەھمەتنى ئەتە ئۆز يارىشىقى بىلەن ئېيتاي. هازىر سىلەرنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان خوتۇن - باللىرىڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار. بىر ھەپتە ئوبدان ئارام ئېلىڭلار، ھېچكىم سىلەرنى ئاۋارە قىلمىسۇن. قېنى بېرىڭلار.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، رەيھاندىن ئويغا چۆمدى: «توغرا قىپتىمەن. ئەگەر بولۇنبەگ كەلگەندە، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالماي، ئاكا - ئىنى ئېلىكخانىنىڭ بىرلىشىپ ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلىش پىلانىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق قارشى چىققان بولسام، مەلىكۇل مەشرىقنى ئۇ خۇنىپەرلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن خەۋەردار قىلالماس ئىكەنمەن. ئۇ يەنە ئوردىدىن ئايرىلغۇچە بولماڭ، دەپ تاپىلاپتۇ. بۇ دېگىنى — ئىنىمگە كۆز - قۇلاق بولۇپ كۆزىتىڭ، دېگىنى. تېخىمۇ ھوشيار تۇرمىسام بولمىغۇدەك، ئۇلار بەك ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ...»

— ئابا، مەلىكۇل مەشرىق قۇزئوردۇغا كېلەمدۇ؟

يۇسۇپنىڭ سوئالى رەيھاندىننى ئۆزىگە كەلتۈردى.

— مېنىڭچە، كېلىدۇ، بالام.

— مەن خۇش خەۋەر كۈتىمەن، ئابا.

— مەلىكۇل مەشرىق قۇزئوردۇغا كەلگەندە، سەن كۆتكەن خۇش خەۋەرنى ئاڭلايسەن، بالام. خۇپتەننى ئۆتەپ بولۇپلا ئۇخلىغىن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ ئابا، — يۇسۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

رەيھانىدىن مەكتۇپنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدى، ئوقۇغانسېرى قارا نىيەتلەر ئۇستىدىن غەلىبە قازىنىشقا بولغان ئىشەنچى كۈچىيىپ، ئەندىشىسى ئازايدى.

كۈنلەر بىر خىلدا ئۆتۈۋاتقاندەك تۇرغىنى بىلەن، ھەركۈننىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆزگىچىلىكى بار ئىدى. بۈگۈن رەيھانىدىن ئۈچۈن يەنە كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بەرگەن كۈن بولىدى. ئۇ ئوردىغا بېرىپ، ئېلىكخانىنىڭ ھەرىمىدىن چىقىشىنى كۈتۈپ دىۋانخانىدا ئولتۇردى. ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر، چاغرىبەگ، تارخانبەگلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ كېلىشتى. ئەمىرى جاندار بوزاغۇ ھەممىدىن كېيىن كىرىپ كەلدى. ئۇ رەيھانىدىنغا تەتۈر قاراپ يۈرەتتى، ئۇچراپ قالسا يانغا قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتى، سورۇنلاردىمۇ رەيھانىدىن بىلەن سۆزلەشمەيتتى. بۇ ئۇنىڭ «قىزىقىنى بەرمىدىڭ» دەپ ئاددىيلا قېپىدىغىنى بولماستىن، بەلكى كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق، ئۆچەكىشىشتىن تۇغۇلغان يامان كۆرۈش ئىدى. رەيھانىدىننى كۆرسىلا چايناپ يۇركۇۋەتكۇسى كېلەتتى ۋە بۇ نىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن، پۈتۈن ھىيلە ـ مىكرىنى ئىشقا سېلىپ ئەھمەد تۇغانخان سانىغا يېقىنلىشىشقا ئىنتىلەتتى. ئاتقا مىنمەكچى بولسا تىزىنى تۇتۇپ بېرەتتى، ئاتتىن چۈشمەكچى بولسا قولتۇقىدىن يۆلەپ يەرگە دەسسىتەتتى، قىلمىغىنى قالمايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق يېقىنچىلىقىدىن مىننەتدار بولغان ئېلىكخان نەچچە قېتىم ئۇنى كەدۈت بىلەن تارتۇقلىغانىدى. بولۇنبەگ كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە، بوزاغۇنى سۇباشى قىلىپ پەرمان چۈشۈرگەنىدى. ئۇ ئېلىكخانغا بىۋاسىتە قاراشلىق بىر تۈمەن ئىككى مىڭ سىپاھقا سۇباشى بولغانىدى، شۇڭا كىرىلىپ

تېرىسىگە پاتماي قالغانىدى.

رەيھاندىن ئۈنىگغا نەزەر - كۆزىنى سالمىدى. ئېلىكخانغا ئەڭ يېقىن بولغان جاندارلار ئەمىرى بىلەن سالاملىشىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىلتىپات سانايدىغان يۇغىرۇش، سۇباشىلار ئېگىلىپ كۆرۈشۈشتى. چاشكا ۋاقتى بولغاندا، تۇغانخان سانى ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى، ھېچكىمگە قارىماي كېلىپ تەختتە ئولتۇردى. ئارقىسىدىن كىرگەن ۋەزىر - ۋۇزرالار ئۇنىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ ئۆرە تۇرۇشتى.

— پەرمان ! — ئەھمەد تۇغانخان سانى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن جاكارلىدى، — يۇغىرۇشلار، سۇباشىلار، يابغۇ، كۆك ئايىق، چاغرىبەگلەر، بۆرىبەگلەر، تارخانبەگلەر ئۈچ كۈنگىچە تەييارلىق قىلىپ، ئۈچ تۈمەن سىپاھنى ئاتلىنىشقا سەپراس قىلسۇن !

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — ئەمىرى جاندار بوزاغۇ تەخت ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى، — پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرگەيمىز.

بىرقانچە سۇباشى، يۇغىرۇشلار بوزاغۇغا ياندىشىپ تىزلاندى:

— پەرمانبەردارمىز !

ئوردا ئەمىرى ئىنالچۇق تېگىنىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان رەيھاندىن ھەممەيلەنگە بىرقۇر سەپسېلىپ چىقىپ، تىزلىنىپ پەرمان كۈتۈۋاتقان سۇباشىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى:

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، پېقىر ئاللىقاچان ئەمرلىرىگە پەرمانبەردار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرگەنىدىم. بۇ قېتىمقى ئوردۇكەنتكە قىلىدىغان يۈرۈشىمىزنىڭ زەپەر قازىنىشىدىن ئۈمىدۋارمەن.

— توختاڭ يۇغىرۇش باشى، بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ نىشانى ئۆزگەردى. ئوردۇكەنتكە ئەمەس، سەمەرقەنتكە بارىمىز.

رەيھاندىننىڭ غەمكىن چېھرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە پەيدا بولدى ۋە ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە ساقىلىنى سىيپاپ قويدى.

— ئالىيلىرى، سوراشقا بولامدىكىن، نېمىشقا ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلماي سەمەرقەنتكە بارىمىز؟

— پادىشاھىنىڭ قارارى ئۆزگەرمەس! نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سوراش ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىز، يۈغرۈش، — ئەھمەد تۇغانخان سانى تۈنۈگۈن كېچىدە سەمەرقەنتتىن كەلگەن ئەشكىنچى چاۋاربەگ توغرۇلۇق ئاغزىنىڭ ئۈچىغا كەلگەن گەپنى قايتۇرۇپ يۇتۇۋەتتى. ئاشكارىلىسا، ۋەزىر ـ ئەمىرلەردىلا ئەمەس، سىپاھلاردىمۇ گۇمان تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى بوشاشتۇرۇۋەتكەن بولاتتى.

— ئەلۋەتتە، ئالىيلىرى، كەچۈرگەيلا، — رەيھانىدىن بىلمىگەنگە سېلىپ يەنە سورىدى، — قۇزئوردۇدا كىم قالدۇ؟

— ئىنالچۇق تېگىن جانابلىرى نائىب ئېلىكخان بولۇپ قالىدۇ.

— ياخشى ئويلاپلا ئالىيلىرى، كۆڭلۈم تەسكىن تاپتى.

رەيھانىدىن ئۆزىنىڭ يېنىدا، تۇغانخان سانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان ئىنالچۇق تېگىنگە قارىدى. ئۇ بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، گەۋدىلىك ئادەم بولۇپ، ھەمىشە قارا كۆزلىرىدىن ھەسرەت ـ نادامەت ئۇچقۇنلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ ھازىرمۇ «مانا كۆردىڭىزمۇ، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ ھە؟!» دېگەن مەنىدە باش چايقاپ قويدى.

— تەييارلىق ياخشى ئىشلەنسۇن، ئاۋامغا داۋراڭ قىلىنمىسۇن، گەپ تامام ۋەسسالام، — دەپ تەختتىن چۈشكەن تۇغانخان سانى گۈرس ـ گۈس چامداپ ئىستىراھەت ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

سارايدىن دەسلەپ چىققان رەيھانىدىن يۈغرۈش باشى خانىسىغا كىرىپ ئويغا چۆكتى: «ئېلىكخاننىڭ ئوردۇكەنتكە يۈرۈش قىلماي، سەمەرقەنتكە بېرىشىدىكى سەۋەبىنى ئېيتمىغىنىغا قارىغاندا، بۇغرا قاراخان يۈسۈپ قادىرخان ماۋەرائۇننەھرگە باستۇرۇپ بارغان ئوخشايدۇ. ئىنىسىدىن

ئەشكىنچى كەپتۇ ـ دە...»
— يۇغرۇش باشى، بار ئىكەنسىز؟
رەيھاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالدىدا تۇرغان ئىنالچۇق تېگىننى كۆردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ دېدى:
— ئەمىر، خىزمەت بارمىدى؟
— يوقسۇ يۇغرۇش باشى. بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق مەسلىھەتىڭىزنى ئېلىش ئۈچۈن كىرىشىم، ۋاقتىڭىز چىقارمىكىن؟
— ئەلۋەتتە، ئەمىر جانابلىرى. پېقىرنىڭمۇ سىزدىن ئالىدىغان مەسلىھەتىم بار، — دېدى رەيھاندىن چاچلىرى ئاقارغان شاهزادىگە هۆرمەت بىلەن.
— سىز ئوردا ئەربابلىرى ئىچىدە مەن هۆرمەت قىلىدىغان بىردىنبىر كىشى، رەيھاندىنبەگ، — سۆز باشلىدى ئىنالچۇق تېگىن، — ئۇلۇغ بوۋام هەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار مەملىكىتىنى قۇرغاندا، ئەلنى تىنچ، پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان، هەرگىزمۇ قانغا غەرق قىلىشنى ئويلىمىغان. لېكىن، ئۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرى ئۆزلىرىنى ئەلدىن، ئاۋامدىن ئۈستۈن قويۇپ، بايلىق، شان ـ شۆھرەت، زېمىن تالىشىپ، خەلقنى قانغا غەرق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا هە دەپ قاراپ تۇرۇش — كەچۈرگۈسىز گۇناھ، يۇغرۇش باشى جانابلىرى. مەن بۇنداق ئەهۋالدا نائىب ئېلىكخانلىقنى قوبۇل قىلالمايمەن. سىزنىڭچە، مېنىڭ بۇ قارارىم توغرىمۇ؟
— توغرا ئەمەس، ئوردا ئەمىرى، قوبۇل قىلىشىڭىز زۆرۈر، — دېدى رەيھاندىن قەتئىي يوسۇندا.
— نېمە ئۈچۈن؟
— سىزمۇ ئۇلۇغ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان هەزرەتلىرىنىڭ ئەۋرىسى. بوۋىڭىزنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويماي، قان تۆكۈش

ئۇچۇن ئەمەس، ئەلنى سائادەتكە ئېرىشتۇرۇش ئۇچۇن قوزئوردۇغا ئېلىكخان بولۇڭ.

ئىنالچۇق تېگىن بېشىنى سىلىپ، چېكىسىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. رەيھاندىنمۇ زۇۋان سۇرمىدى.

— مەسلىھەتىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، رەيھاندىنبەگ، ماقۇل، — دېدى شاھزادە بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ئەمىر جانابلىرى، مېنىڭ سەمەرقەنتكە زادىلا بارغۇم يوق...

— ئوردۇكەنتكە يۇرۇش قىلغۇڭىز بار ئىكەن ـ دە، يۇغرۇش باشى؟ — ئىنالچۇق تېگىن سوئال قويۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— يوقسۇ ئەمىر، مېنىڭ ھېچ يەرگە بارغۇم يوق. خەلقنىڭ ئارامىنى بۇزغۇم يوق. سىزدىن مۇشۇ ھەقتە مەسلىھەت سورىماقچىمەن، جانابلىرى.

— ئەگەر پېقىردا شۇ دەرىجىدە پاراسەت بار، دەپ بىلگەن بولسىڭىز، ئارتۇقچە ئويلىغان بولسىز. قېرىپ قالدىم. بۇ ۋاقىتقىچە راستىمنى دېسەم، بۇغراخان ياكى ئېلىكخان بولۇشقا ئىنتىلمەي ياشاپ كەلدىم. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنىمۇ شۇنداق ئۆتكۈزمەكچىمەن. مېنىڭچە بولغاندا سەمەرقەنتكە بارغىنىڭىز تۈزۈك. مەيلى قايسى تەرەپتە تۇرۇڭ، سىز ئاۋامغا كۆيۈندىغان ۋاپادار ئەرباب. بۇ دۇنيادا ھايات بولۇشىڭىز ئەل ئۇچۇن ئامەت. سەمەرقەنتكە بېرىشىڭىز ئۆزىڭىز ئۇچۇنمۇ، ئەل ئۇچۇنمۇ پايدىلىق، — ئىنالچۇق تېگىننىڭ بۇ سۆزى سەممىمىي بولۇپ، رەيھاندىنغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. «بۇ ئادەمگە ئىشەنسەم بولىدىكەن، ئەمما سەمەرقەنتكە بېرىشقا دەۋەت قىلىشىدا، مېنىڭ ئامانلىقىمنىلا كۆزدە تۇتتىمىكىن...» ئۇ ئويلاپ قېلىپ دېدى:

— ئېلىكخاننىڭ سۆزىنى يىرالماي، سەمەرقەنتكە بارىدىغانلىقىمنى بىلدۈرگىنىم، كۈتكەن تىلەككە يېتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىم. ئەمىر، سىزمۇ شۇنى كۆزدە تۇتۇپ، بېرىڭ

دەۋاتامسىز؟

— بۇنىلا ئەمەس، يۇغرۇش باشى، ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتىمەن. بۇ ھەممىدىن مۇھىم، ئەلۋەتتە. بەرگەن ياخشى مەسلىھەتىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. ئاقىۋەتلىك بولۇڭ، ئاللا سالامەت دىدار كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلسۇن، خەير، ئىككىلەنمەي يولغا چىقىشقا تەرەددۇت قىلغايسىز.

ئىنالچۇق تېگىن ئورنىدىن تۇردى. رەيھاندىن ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە رەيھاندىن شۇنداق ئالدىراش بولۇپ كەتتىكى، چۇشلۇك تاماقنىمۇ ئورۇندا يېدى. ئۈچ كۈن ئىچىدە يول تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈش ئاسان ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

يۇسۇپ ھەر كۈنى كەچ خۇپتەندىن يانغان مەھەلدە، ھارغان - چارچىغان ئاتىسىنى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈۋالاتتى. يابىرا ئەتكەن مەززىلىك ئۇگرىنى ئىچىۋالغان رەيھاندىن يۇسۇپكە ئورۇندا بولغان ئىشلارنى دەپ بېرىپ ئاندىن ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇ ماڭىدىغان كۈنى ئائىلىدىكى ھەممەيلەن يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

— خۇداغا ئامانەت، ئاتا، — يۇسۇپ رەيھاندىننى قۇچاقلىدى، — غەلىبە قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلىرىدە يەنە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشىمىزگە ئاللا نېسىپ قىلسۇن، — يۇسۇپ ئاتلىق كېتىۋاتقان رەيھاندىننىڭ كەينىدىن يۇگۇردى.

— ئوغلۇم، بولدى قالغىن، خوش، خۇداغا ئامانەت !

— سالامەت قايتىپ كېلىشلىرىنى ئاللادىن تىلەيمىز، ئاتىسى، — دېدى يابىرامۇ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ.

سەپ تارتىپ شەھەردىن چىققان ئۈچ تۈمەن سىپاھ - لەشكەرنى قوۋم - قېرىنداشلىرى يىغا - زار بىلەن ئۇزىتىپ قالدى...

## 4

ئەھمەد تۇغانخان سانى ئاتلانغان كۈندىن باشلاپ بەگتۆمۈر ئائىلىسىنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. ئۇلارنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن بالاساغۇن ئەھلىنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلغانىدى. شۇ كۈنى بۇلۇت قاپلىغان ئاسماندىن شارىلداپ چۈشكەن يامغۇر بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا شارقىراپ ئاقتى.

بىر ئاي ئۆتتى. باش كۈزنىڭ مەيىن شامىلى دەل – دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ، دەرسخانىنىڭ دېرىزىلىرىگە تارتىلغان پەردىلەرنى يەلپۈندۈرەتتى. سالقىن چۈشكەنىدى. رەيھانىدىندىن خەۋەر بولمىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە بېرىلگەن يۈسۈپ «بۇغراخان مەدرىسەسى» دىن قايتىپ ئۆيگە كەلگەندە، مېھرى ئىسسىق، خۇشخۇي ئاتىسىنى كۆرگۈسى كېلىپ ئۇۋۇلىناتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئەسلەپ سېغىنىپ، ياش تۆكۈپ، ئەندىشە ئىچىدە قالغان بوۋا – مومىسىغا، ئانىسى، ئاچىلىرىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنىڭ قايغۇسىنى يېنىكلىتىشكە تىرىشاتتى، چوڭ ئادەمدەك ئېغىر – بېسىقلىق بىلەن ئۈمىد بەخش ئېتەتتى.

ئىككى ئاي ئۆتتى. سارغايغان يوپۇرماقلار تۆكۈلۈپ، چوپانلار پادىلىرىنى ھەيدەپ قىشلاققا كۆچتى. باھار، يازنى راھەت – پاراغەتتە ئۆتكۈزگەن قۇشلار قىش بولمايدىغان ئەللەرگە يول ئالدى. سوغۇق چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. رەيھانىدىندىن يەنىلا خەۋەر كەلمەيۋاتاتتى.

يۈسۈپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرىنى ئوقۇپ تۈگەتتى. ئۇ ھەرقانداق سورۇن – مەرىكىلەردە سۈرە، ئايەتلەرگە مەنە ئېيتالايدىغان بولغانىدى. ئاتىسى بۇنى بىلسە قانچىلىك سۆيۈنۈپ كېتەر – ھە!

يۈسۈپ ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ مەدرىسەگە باردى.

مەسچىت ئىچىدىكى قارىيخانىدىن كېيىن، مۇنارلىق، گۈمبەز ـ پەشتاقلىق مەدرىسە بولۇپ قالغان بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا، ئون توققۇز دەرسخانا، بىر يۈز توقسان ھۇجرا، يەنە كۆپ كىشىلىك، ئايرىم ئۆيلۈك ھامام، تەرەت ئالىدىغان مەرمەر سۇپا بار ئىدى. قەشقەر، سەمەرقەنت، بۇخارا، باغدات، شام شەھەرلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان مۇدەررىسلەر دەرس بېرەتتى. باش مۇدەررىس ــ ئەبۇ يۈتۈھ ئابدۇغوپۇر بىننى ھۇسەيىن ئەللامە ئىدى.

بۇ يېڭى قۇرۇلغان مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ئەڭ كىچىكى، شۇنداقلا ئەڭ زېرەك، ئەقىللىكى يۈسۈپ ئىدى. ھەممە مۇدەررىسلەر ئۇنى تونۇپ كەتكەنىدى.

يۈسۈپ چۈشكىچە ئەدەبىيات، تارىخ پەنلىرىدىن ئۆتۈلگەن دەرسنى تىڭشىدى، پېشىن نامىزىنى مەدرىسەنىڭ مەسچىتىدە ئوقۇدى. ئەبۇ يۈتۈھ مەخدۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە تاماقتا بارماقچى بولۇپ، مەدرىسە سەيناسىغا چىقىپ تۇرۇۋىدى، بويانقار كىرىپ كەلدى. پادىشاھ سەرۋازلىرىدەك كىيىنگەن بۇ يىگىت ناھايىتى سالاپەتلىك بولۇپ قالغانىدى. بېشىدا ئۈچ بۇرجەك قىزىل يۆپۈكلۈك قالپاق، ئۇچىسىدا مەللە كەمزۇل ـ ئىشتان، بېلىدە كۈمۈش ھالقىلىق كەمەر، يۈتىدا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك بار ئىدى. غىلاپىقا سېلىنغان ئەگرى قىلىچ ئېسىۋالغانىدى. يۈسۈپ ئۇنى تونۇپ يۈگۈرۈپ ئالدىغا باردى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇكام بەگيۈسۈپ.

ــ بويانقار ئاكا! ــ ئۇ يىگىتنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى، ــ ئاتاممۇ كەلدىمۇ؟

ــ كەلدى، ئۇكام، ئۆيدە قالدى. سەن چۈشتە كەلمىگەندىكىن بېرىپ باققىن، دەپ ئەۋەتكەنىدى.

يۈسۈپ دەرسخانىدىن چىققان ئۇستازىغا:

ــ ئاتام سەمەرقەنتتىن قايتىپ كەپتۇ، كىشى قارا، ــ دەپ بويانقارنى تونۇشتۇردى.

— ئۇنداق بولسا بارغىن، بالام. يۇغرۇش باشىغا سالىمىمنى يەتكۈزگىن. مەنمۇ مۇدەررىسلەرنى باشلاپ پەتە قىلىپ كېلەرمەن. بارغىن، ئاتاڭغا ھەمراھ بول.

يۇسۇپ ئۇستازى بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى.

— بۇغرا قاراخان يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ سەمەرقەنتكە باردىمۇ؟ — سورىدى ئۇ كېتىۋېتىپ.

— بىزدىن بۇرۇن بېرىپ بوپتىكەن ئۇكام، سەمەرقەنت شەھىرىنى قامال قىلىۋاپتىكەن.

— نېمىشقا شەھەرگە بېسىپ كىرمەپتۇ؟

— مەلىكۇل مەشرىقنىڭ قان تۆكۈشنى خالىمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

— سىلەر بېرىپ بۇغرا قاراخان لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدىڭلارمۇ؟

— ياق، ئۇكام، — بويانقار ئۇزمەي سوئال سوراۋاتقان يۇسۇپكە قاراپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى، — تۇغانخان سانى ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. غەزنەۋىلەر شاھى سۇلتان مەھمۇدخانمۇ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن كېلىپ سەمەرقەنتنىڭ شىمال تەرىپىدە بارگاھ قۇرغانىكەن. بۇ ئىككى كاتتا پادىشاھقا ئۇ قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن، يا ئارقىسىغا يانالماي، يا ئالدىغا ماڭالماي قالدى.

— خوپ بوپتۇ، «نىمىتى بۇزۇقنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن شۇ. قۇزئوردۇدىن مېڭىش ۋاقتىدا شۇنداق كۆرەڭلەپ كېتىپتىكەن، — يۇسۇپ ئاغزىنى پۇرۇپ قويدى، — شۇنداق قىلىپ جەڭ قىلمىدىڭلارمۇ؟

— قىلدۇق، ئەھمەد تۇغانخان سانىنىڭ ياردەمگە كەلگىنىنى بىلگەن ئەلى تېگىن سەمەرقەنت شەھىرىدىن چىقىپ بارگاھ قۇردى. بىزنىڭ ئېلىكخانمۇ ئىنىسىنىڭ بارگاھ قۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇمىدلەندى بولغاي، بارلىق لەشكىرى بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇلدى...

ئۇلار سۆزلىشىپ مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى

بىلمەي قېلىشتى. ھويلىغا كىرگەندە، ھەممە تۇغقانلار ساراي ئۆيدە چاي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. رەيھانىدىن ئوغلىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ ئىتتىك ھويلىغا چىقتى، چەكسىز مېھرى بىلەن يۇسۇپنى باغرىغا باستى.

— ئاللا تىلىكىڭگە يەتكۈزۈپتۇ، ئابا. مۇبارەك بولسۇن! — دېدى يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ بىلىدىن قامىلاپ. ئاتا ـ بالا قول تۇتۇشقىنىچە سارايغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

بەگتۆمۈر بوۋاي ئوغلىنىڭ شەرىپىگە ئىككى قوچقار، بىر تاي، بىر موزاي سويدۇرۇپ، كەچكىچە پەتىگە كەلگەنلەرنى مېھمان قىلدى. ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بەگتاش ئابدۇللا داموللىدىن باشقا ھەممە تۇغقانلار، قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى، بۇرادەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ، غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ خۇشال ـ خۇرام ئۇزاشتى. رەيھانىدىن يۇسۇپنى ئېلىپ، قېيىنئاتىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ قايتىپ كەلدى.

— ئابا، بويانقاردىن ئاڭلاپ ۋەقەدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولدۇم، تۇغانخان سانى بىلەن ئەلى تېگىننىڭ قوشۇلۇشىغا بۇغرا قاراخان نېمىشقا يول قويىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — سورىدى يۇسۇپ شام چىراغلار ياندۇرۇۋېتىلگەن سارايدا رەيھانىدىننىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغان تۇغقانلارغا كۆز سېلىپ. ئۇ يۇز بىرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىشنى خالايتتى.

— بىردەمدە سەمەرقەنتتە بولغان ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ بوپسەن ـ دە، بالام؟ — رەيھانىدىن يابىرا سۇنغان جامدىكى چايدىن بىر سۇمۇرۇپ گەپ باشلىدى، — يول قويغىنى راست. مەلىكۇل مەشرىق يۇسۇپ قادىرخان يەتتە تۇمەن بەش مىڭ لەشكەر بىلەن، غەزنەۋىلەر شاھى سۇلتان مەھمۇدخان ئون تۇمەن لەشكەر، يەتمىش پىل بىلەن كېلىپ سەمەرقەنت دىيارىدا قوشۇلۇپ، بۇ شەھەرنى قامال قىلغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ تۇغانخان سانى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان بولسىمۇ، خاتا قىلغىنىغا تەن بەرمىدى. ئەلى تېگىن ئۇنىڭ

قۇزئوردۇغا يېنىپ كەتمەي ئۆزىگە قوشۇلغىنىدىن خۇرسەن بولۇپ ئاكىسىنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. «سەلجۇقىيلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى، لەشكەر ئەۋەتمىدى. سىز ۋاقتىدا كېلىپ ماڭا ئۇمىد، ئىشەنچ بېغىشلىدىڭىز، بۇنىڭدىن غايەت خۇشال بولدۇم. ئەمما، كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، يۇسۇپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان بىرلىشىپ شەھىرىمىزنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ لەشكەر سانى ئون بەش تۇمەندىن كەم ئەمەس. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز سەككىز تۇمەنگە يەتمەيدۇ. بۇنداق ھالدا جەڭ قىلساق، مەغلۇپ بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، جېنىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالىمىز. شۇڭا...» دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇۋىدى، تۇغانخان سانى «بەس!» دەپ ۋارقىراپ توختىتىپ قويدى. «ئىنىم، سىزگە ئىشىنىپ، جاننى قولغا ئېلىپ كەلسەم، تەسلىم بولۇشقا ئالدىراۋاتىسىزغۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە جەڭدە ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر يەنە شۇنداق گەپنى قىلسىڭىز، ئەزىز كاللىڭىز تېنىڭىزدىن ئايرىلىپ توپىغا مىلىنىدۇ، دەرھال جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا ئەمر قىلىڭ» دېدى ئۇ غەزەپلىنىپ ۋە قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى. ئەلى تېگىن تاتىرىپ كەتتى. ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيگەن بولۇنبەگ: «قېنى، ئەمر قىلىڭ ئېلىكخان، سىزدىكى جاسارەت نەگە كەتتى؟ ئەگەر سىز ئەمر قىلمىسىڭىز، جەڭ دۇمبىقىنى ئۆزۈم چالدۇرىمەن» دەپ ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتتى. بۇ ھالقىلىق پەيت ئىدى. مەن ئەھمەد تۇغانخان سانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئىنىلىرى ئەلى تېگىن توغرا دېدى، ئەڭ ياخشى چارە بۇغرا قاراخاندىن ئەپۇ سوراش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش، جەڭ دۇمبىقىنى ئەمەس، بەلكى ئەمىنلىك شادىيانىسىنى چېلىش كېرەك» دېدىم قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي. كۆزلىرىگە قان تولغان بولۇنبەگ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ مېنى چاپماقچى بولۇۋىدى، كەينىمدە تۇرغان ئۇدىمىش گۇرزە بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ قىلىچىنى قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. ئېلىشىش باشلاندى. مۇھاپىزەت قىلىپ ئىككى

يېنىمدا تۇرۇشقان بويانقار، ئادار، يارۇقلار مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، قىلىچ، نەيزە بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن بوزاغۇنىڭ جاندارلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلدى. تۇغانخان سانى مېنى تۇتۇپ باغلاشقا ئەمر قىلدى. جاندارلار، جاللاتلار، ياساۋۇللار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ، كۇيۇئوغۇللىرىمنى باسماقداپ تۇتۇپ باغلىۋەتتى. مېنى باغلىماقچى بولۇۋىدى، تۇغانخان سانى: «بويىنىغا تاقاق سېلىڭلار، ئۇ بىزنىڭ غەلىبىمىزنى قول ـ پۇتى بوش هالدا كۆرۈپ تۇرسۇن» دېدى. بويىنۇمغا تاقاق سېلىنىشى بىلەن جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. بىرىنچى بولۇپ بوزاغۇ مەيدانغا كىردى. ئۇنىڭ بۇنداق قاپ يۈرەكلىك قىلىشى ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى. بوزاغۇ ئۆزىنى نەيزىۋازلىقتا، يادىن ئوق ئۈزۈشتە تەڭداشسىز سانايتتى. نەچچە يىلدىن بېرى هارماي مەشىق قىلىپ قىلىچۋازلىق ماهارىتىنى ئۆستۈرگەنلىكىمۇ ماڭا ئايان ئىدى. بوزاغۇ ئات ئۈستىدە نەيزە ئويىنىتىپ مەيداننى ئايلىنىپ رەقىبىنى جەڭگە چاقىردى. بۇغرا قاراخان تەرەپتىن مەيدانغا كىرگەن ئۈچ سەردارنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈردى.

بوزاغۇ كۆرەڭلەپ مەيداننى ئۈچ قېتىم ئايلاندى. ئۇنىڭ قان قۇيۇلغان كۆزلىرى بەقەمدەك قىزارغانىدى. بىر چاغدا بۇغرا قاراخان تەرەپتىن نىقابلىق بىر ئەزىمەت مەيدانغا كىردى. گۈرزىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئات چاپتۇرۇپ كەلگىنىچە، بوزاغۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ۋارقىرىدى: «نۆۋەتنى ساڭا بەردىم، نەيزەڭنى ئىشقا سال ! » بوزاغۇ ئېتىنى كەينىگە ياندۇرۇپ يىراقتىن چېپىپ كەلگىنىچە نىقابلىق ئەزىمەتكە نەيزە ئۇردى. نەيزە گۈرزىنىڭ زەربىسىدىن سۇنۇپ يەرگە چۈشتى. بوزاغۇ قولىغا قىلىچ ئالدى. ئۈچ قېتىم قىلىچ ئۇرۇپ نىقابلىق ئەزىمەتكە زىيان يەتكۈزەلمىدى. ئەمدى نۆۋەت نىقابلىق ئەزىمەتكە كەلگەنىدى. ئۇ نىقابىنى ئېلىۋېتىپ: «مېنى ئوبدان كۆرۈۋال، ئەگەر ئەل بولۇپ ئالدىمدا تىز پۈكسەڭ، بىر قوشۇپ قېنىڭدىن كېچىمەن» دېدى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن. مەن نىقابلىق ئەزىمەتنىڭ سۇلايمان

ئارسلانخان ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدىم. بۇغرا قاراخاننىڭ بۇ چوڭ ئوغلى بوزاغۇ بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئالاھازەل يېرىم سائەت قىلىچلاشقاندىن كېيىن، بوزاغۇنىڭ قىلىچى ئىككى پارە بولۇپ يەرگە چۈشتى. ئۇ ئېتىنى كەينىگە بۇراپ قاچتى. ئوغلىنىڭ بۇ شەرمەندە ھالىنى كۆرگەن بولۇنبەگ بارلىق سىپاھلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىنى ئاكا ـ ئۇكا ئېلىكخانلاردىن سوراپ پەرمان چۈشۈردى. نەچچە تۈمەنلىگەن سىپاھ ھۇجۇمغا ئۆتتى. يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ لەشكەرلىرىمۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى. قان دەريا بولۇپ ئاقتى، بالام. سۇلتان مەھمۇدخان يەتمىش يىلى بىلەن تۇغانخان سانىنىڭ سىپاھلىرىنى چەيلەپ، يانجىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. بۇغرا قاراخاننىڭ لەشكەرلىرى ئەلى تېگىنىنىڭ بارگاھىغا بېسىپ كىردى. ئۇنى ئەسىر ئېلىپ، بوينۇمدىكى تاقاقنى ئالدى، كۆيۈئوغۇللىرىمنى باغلاقتىن بوشاتتى. يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن بولۇنبەگنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ: «سىز مەكتۇپ ئەۋەتىپ، بۇ مۇناپىقنىڭ قۇتراتقۇلۇقى، ئىككى ئىنىمنىڭ قارا نىيىتىدىن مېنى ۋاقتىدا خەۋەرلەندۇرمىگەن بولسىڭىز، بىز سەمەرقەنتتە ئەمەس، ئوردۇكەنتتە كۆرۈشكەن بولاتتۇق. بەلكىم بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىز بۇنداق شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى» دەپ كۆڭلۈمنى بىر سۆيۈندۈردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەنتەنە ئىلكىدە شەرقتىكى كاتتا شەھەر ئەزىم سەمەرقەنتكە كىردىم. ئاۋام بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— ئەھمەد تۇغانخان سانچۇ، ئۇ تەسلىم بولدىمۇ؟ — سورىدى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان يۇسۇپ.

— سەنزە بالام، بىر ئىشنىڭ يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە ئاڭلىمىساڭ بولدى قىلمايسەن، ـ ھە، — رەيھانىدىن كۈلۈمسىرەپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەھمەد ئېلىكخاننىڭ ئازغىنا ئادەملىرى بىلەن قىزىلقۇم چۆللۈكىگە قاچقانلىقىنى

ئادامتوغرۇلدىن ئاڭلىدىم. ئۇ ئۆز سىپاھلىرى بىلەن ئەھمەد ئىلىكخاننى يېرىم كۈنگىچە ئارقىسىدىن قوغلاپ قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتىپتۇ.

— كېيىن ئەھمەد تۇغانخان سانىدىن دېرەك بولمىدىمۇ، سىلەر ئۇنى ئىزدىمىدىڭلارمۇ؟ — يۇسۇپ قانائەتلەنمىگەندەك يەنە سورىدى.

— دېرەك بولمىدى، بالام. قىزىلقۇم چۆللۈكى ئەجەل چۆللۈكى دەپ ئاتىلىدىغان چەكسىز قۇملۇق. بۇ قۇملۇققا كىرىپ قالغان ئادەمنىڭ ساق قايتىپ چىققانلىرى ناھايىتى ئاز، كۆپىنچىسى ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىراپ ئۆلۈپ، قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كېتىدىكەن.

— بوزاغۇ تۇتۇلغاندۇ، ئاتا؟ ئۇ مەلئۇننى قانداق جازاغا تارتماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ — ئايتىمىشنىڭ بۇ سوئالى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— بوزاغۇ تۇتۇلمىدى، قىزىم. ئۇ ئىبلىس جەڭ مەيدانىدا سۇلايمان ئارسلانخاندىن زەربە يەپ قاچقاندىن بۇيان بىزگە قارىسىنى كۆرسەتمىدى. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدىمۇ جەسىتى كۆرۈنمىدى. قارىغاندا، سەلجۇقىيلار ئېلىگە قاچقاندەك قىلىدۇ، بالىلىرىم. سىلەر ئەڭ قىزىقىدىغان يەنە بىر كىشى توغرۇلۇق سورىمىدىڭلارغۇ؟

— ئۇ كىم، ئاتا؟ — يۇسۇپ رەيھانىدىنغا يېقىن سۈرۈلۈپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— بولۇنبەگ، ئوغلۇم.

— ھە، بۇ مۇناپىق تۇتۇلغانىدىغۇ، قېچىپ كەتمىگەندۇ؟

— ياق، قېچىپ كېتەلمىدى، بالام. قۇزئوردۇغا ئېلىپ كەلدۇق، مەشەدە جازاغا تارتىلىدۇ.

— قانداق جازاغا تارتىلىدىكەن، ئاتا؟

— مەلىكۇل مەشرىق دارغا ئېسىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈردى، ئوغلۇم.

— قوۋ تۇلكە ئاخىر قۇيرۇقىدىن ئىلىنىپتۇ ـ دە. ھەممە ئاسىي، قارا دىللارنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ.

— توغرا دېدىڭ، بۇغرام، — باياتىن گەپكە ئارىلاشماي قىزىقىپ ئولتۇرغان بەگتۇمۇر ئاقارغان ساقاللىرىنى سىيپاپ لىڭشىتتى، — ئاسىيلارنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ، تەقدىرى ئەزەلدىن شۇنداق.

— ئەجەب ئوبدان بوپتۇ. ئۇ مەلئۇننى قىلىچ بىلەن چېپىۋەتكەن ياكى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بىز كۆرەلمەي ئارماندا قالاتتۇق. ئەمدى ئۇنىڭ جازا مەيدانىدىكى بىچارە قىياپىتىنى كۆرۈپ ئۇخادىن چىقىدىغان بولدۇق. قەبىلىلەر ئارا زىددىيەت سېلىپ، قىلمىغان شۇملۇقلىرى قالمىغاندى، ئەمدى جازاسىنى تارتسۇن، — زەمۇران ئانا توغرا دېدىمۇ دېگەندەك قىلىپ رەيھانىدىنغا قاراپ قويۇپ، يۈسۈپنىڭ بېشىنى سىلاپ قويىدى.

— بوزاغۇ تۇتۇلغان بولسا، ئاتا ـ بالا ئىككى ئىبلىسنى تەڭلا چالما ـ كېسەك قىلىغان بولساق، كۆڭلىمىز تەسكىن تاپاتتى. بوزاغۇنىڭ قېچىپ كەتكىنى يامان بوپتۇ، — دەپ قىزلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان يابىرا سۆز قىستۇردى.

— ئابا، خاتىرجەم بولغىن. چوڭ تادان تۇلكە قۇيرۇقىدىن ئىلىنىدىمۇ، بولدى. قالغان تۇلكىلەرمۇ قۇيرۇقىدىن ئىلىنماي قالمايدۇ، بۇ تارىخىي ھەقىقەت، — يۈسۈپنىڭ بۇ سۆزى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

— بۇغرا قاراخان دۆلەت ئەربابلىرى ۋە بارلىق سىپاھلارغا جەڭدە قولغا كەلتۈرگەن ئولجا ـ غەنىيمەتنى تارقىتىپ بېرىدۇ. بالاساغۇن، سەمەرقەنت ئېلىكخانلىرىنى تەيىنلەيدۇ. قاراخانىيلار مەملىكىتى ئەمدى روناق تاپىدۇ، باللىرىم، — دېدى رەيھانىدىن. ئۇنىڭ خۇشخۇي چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ھەممىنى داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن پولۇغا تەكلىپ قىلىپ، يۈسۈپكە قاراپ، — يەنە سوئالىڭ بارمۇ، ئوغلۇم؟ — دەپ

سوريدى.

— هايات ئادەمنىڭ بىلگىنىدىن بىلمىگىنى هامان كۆپ بولىدۇ، ئابا. مېنىڭ سوراپ بىلىدىغانلىرىم تېخى كۆپ.

يۈسۈپنىڭ سۆزى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

ئەتىسى مەلىكۇل مەشرىقنىڭ ئەمرى بىلەن سۇباشىلار بارلىق لەشكەر ـ سىپاھلارغا ئىنئام تارقىتىپ بەردى، ھەربىر نۆكەرگە بىردىن تىللا، بىر تونلۇق بەقەسەم تەگدى. يۈسۈپ قادىرخان ئۆز قولى بىلەن رەيھانىدىنغا تون كىيدۈرۈپ، ئات مىندۈردى. ئۇ پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۈدمىش، بويانقار، ئادار، يارۇقلارغا ئالىپ ئۇنۋانىنى بەردى، خىلئەت تەقدىم قىلدى. ئارقىدىن شەيخۇلئىسلامنىڭ ھۆكمى بويىچە، بولۇنبەگ جازا مەيدانىدا دارغا ئېسىلدى. ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تولغان بېشى سىرتماق ئۇستىدە گىلدىڭشىپ قالدى...

مەلىكۇل مەشرىق كەچتە بەگ تەركىسى ئۆتكۈزدى. بۇ ۋاقىتقىچە ئۆتكۈزۈلگەن بەگ تەركىسىنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق ھەشەمەتلىك، دەبدەبىلىك بولمىغانىدى. بۇ زىياپەتنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇ بولدىكى، بۇغرا قاراخان شاراب ئىچمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىدىشچى باشى شاراب ئورنىغا ئانار شەربىتى قۇيۇپ بەردى. رەيھانىدىن يېرىم كېچىگە يېقىن بەگ تەركىسىدىن يېنىپ ئۆيگە كەلدى. بۇرۇنقىدەكلا ئىشىك ئالدىدا ئۇنى يۈسۈپ كۈتۈۋالدى. يارۇق ئاتلارنى يېتىلەپ كەتتى.

— تېخىچە ئۇخلىمىدىڭمۇ، بالام؟ — دېدى رەيھانىدىن يۈسۈپنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ.

— ئابامۇ ئۇخلىمىدى، ئاتا. مەنمۇ يولۇڭغا قاراپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تۇردۇم.

— جازا مەيدانىغا بارمىدىڭلارمۇ، بالام؟

— باردۇق. مۇدەررىسلەر ئىبرەت ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ ھەممە تالىپلارنى ئېلىپ باردى، — يۈسۈپ جاۋاب بەرگەچ، ئاتىسىغا ياندىشىپ غازاڭ بولغان گۈللۈكنى ئايلىنىپ ئۆتتى.

— بولۇنبەگ دار ئالدىدا ئۆزىنى قانداقراق تۇتتى، بالام؟
— «بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار!» دەپ تىزلىنىپ تۇرۇۋالدى. جاللاتلار ئۇنى سۆرىگەنچە دار ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بوينىغا سىرتماق سالدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇدى. ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمىدى. جازا مەيدانىغا بارماپسەن - ھە، ئاتا؟
رەيھانىدىن ئۆيدىن چىقىپ ئالدىغا كېلىۋاتقان يابىراغا كۆز سېلىپ جاۋاب بەردى:
— بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان رەقىبىمگە ئۆزۈمنى كۆرسەتكۈم كەلمىدى. يېڭىلگەن دۈشمەن ئالدىدا كۆرەڭلەش مەردلىك ئىشى ئەمەس، ئوغلۇم.
— بىلدىم، ئابا. سەن ناھايىتى مەردانە ئىكەنسەن. سېنىڭ بۇ پەزىلىتىڭنى ئۆلگە قىلىمەن.
— سەنزە ئوغلۇم... — رەيھانىدىن ئۇنىڭ يەلكىسىگە قاقتى. دېدەك ئېلىپ كەلگەن بىر ئاپتۇۋا سۇدا يۈز - قولىنى يۇدى. پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىگە ئېسىلغان قەندىللەردە شام يېنىپ تۇراتتى، ھويلا سەيناسى غۇۋا يورۇق ئىدى. تېخى مۇز تۇتمىغان كۆلدىكى ئاينىڭ شولىسى ئالتۇن ئورغاقتەك پارىلدايتتى. رەيھانىدىن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، يابىرا سۇنۇپ بەرگەن لۆڭگىدە قول - يۈزلىرىنى ئېرتتى، ئاندىن ئۆزىگە مېھرى بىلەن قاراپ تۇرغان يۈسۈپنىڭ قولىدىن تارتتى.
— يۈر بالام، خانامغا كىر. ساڭا ئېيتىدىغان يەنە بىر خۇش خەۋەر بار.
يۈسۈپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئازادە خانىسىغا كىرىپ كۆرپە ئۈستىگە يۈكۈندى.
— سېنى مەلىكۈل مەشرىقنىڭ كۆرگۈسى بار ئىكەن. ئەتە ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا ئېلىپ بارىمەن. ئۇ يەردە بۆرە تېكىنىنىمۇ كۆرىسەن، — دېدى رەيھانىدىن يابىرا سۇنغا كۈمۈش جامدىكى چاينى قولىغا ئېلىپ.
— بۆرە تېكىنىنى؟! — يۈسۈپ ئويلاپ بىردىنلا ئېسىگە

ئالدى، — ھە، ھېلىقى مەلىكە ئانام گېپىنى قىلىپ بەرگەن بۆرە تېگىنىنىمۇ، ئۇ قۇزئوردۇغا كەپتىمۇ؟

— ھەئە، بالام. ئاشۇ ئالتۇن تارىم مەلىكە ئادىرا سۆزلەپ بەرگەن بۆرە تېگىن قۇزئوردۇغا كەلدى. ئۇنى بۇغرا قاراخان ئاكىسى بىلەن سەمەرقەنتكە ئېلىپ بارغانىكەن. جەڭگە قاتناشتى. بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمىگىنىمنى قارا. ئۆزى بالا بولسىمۇ، يادىن ئوق ئۈزۈش، نەيزە سانجىش، قىلىچۋازلىق، ئومۇت ئۇرۇش جەھەتلەردە كامالەتكە يېتىپتۇ. قورقۇمسىز، ئالىپ تېگىن بولۇپ يېتىلىپتۇ. سەندىن ئىككى - ئۈچ ياشلا چوڭ بولغىنىغا قارىماي، شۇنداق چېچەن، شۇنداق غەيرەتلىك.

— ئاتا، خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە سەن بىلەن بىرىپ مەلىكۇل مەشرىققە سالام بېرىمەن. بۆرە تېگىن بىلەن كۆرۈشىمەن، تامىر بولۇپ قالساق ئەجەب ئەمەس، — دېدى يۈسۈپ ۋە ئاتا - ئانىسىغا خوش ئېيتىپ ئۆز خانىسىغا چىقتى.

ئۇ راسلاپ قويۇلغان ئورۇندا يانتۇ بولۇپ دېرىزىگە قاراپ ياتتى. ئۇزاققىچە بۇغرا قاراخاننىڭ كىتاب ۋە خەنجەر سوۋغا قىلغانلىقىنى، بۇ قېتىم كۆرۈشكەندە نېمە سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇخلىيالمىدى. بۆرە تېگىنىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمۇ خىيالىغا كېلىۋېلىپ، تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە بۇغرا قاراخان يۈسۈپ قادىرخان ئۇنىڭغا ھېچنېمە سوۋغا قىلمىغانمىش. بۆرە تېگىن قىلىچ يالىڭاچلاپ ئۇنى چاپماقچى بولۇۋاتقانمىش ...

ئون بەشىنچى باب

# مەلىكۇل مەشرىق ھۇزۇرىدا

## 1

بامدات نامىزىنى مەسچىتتە ئوقۇپ چىققان رەيھانىدىن ئۆيدىكىلەر بىلەن چاينى ئىچتى - دە، كىيىملىرىنى يۆتكەپ ھويلىغا چىقتى. پېشايۋان ئالدىدا يۇسۇپ ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا قايرىما ياقىلىق كەمزۇل ئۈستىدىن سېرىق يوللۇق بەقەسەم تون كىيگەنىدى.

رەيھانىدىن بوي تارتىپ چوپچوڭلا بولۇپ قالغان ئوغلىغا قاراپ زوقلىنىپ تۇرۇۋېدى، يابىرا چىقىپ:

— ئەمدى يىگىت بولۇپ قالدىڭ، ئوغلۇم. بويۇڭدىكى ئىسىتۋالساڭ ھەم سالاپەتلىك كۆرۈنىسەن، ھەم سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىسەن، — دەپ ئىلىپ چىققان بويۇندىقنى ئېسىپ قويدى، — قارا، شۇنداق ياراشتى.

يۇسۇپنىڭ ئاق سۇزۇك چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— رەھمەت، ئابا.

— مەلىكۇل مەشرىققە مېنىڭدىنمۇ سالام ئېيتقىن، — دېدى زەمۇران ئانا بىلەن ھويلىغا چىققان بەگتۆمۈر. ئۇ نەۋرىسىنىڭ بوي - تۇرقىغا، بېلىگە ئېسىۋالغان كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىگە سەپسېلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— تەڭرىم بۇغرا قاراخان ئالدىدا سىلەرنى يەرگە قاراتمىغاي، مەرتىۋەڭلەرنى ئۈستۈن، ھۆرمىتىڭلارنى زىيادە قىلغاي. ئامىن!

— ئامىن! — ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى.

ئادار، يارۇقلار ئاتلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ماڭغاندا، قىزىرىپ گۈلخان بولغان ئۇپۇقتىن كۆنمۇ كۆتۈرۈلۈپ چىقتى.
بۇ يۇسۇپنىڭ ئوردىغا ئۇچىنچى قېتىم بېرىشى ئىدى. دەرۋازا، ئىشىكلەردىكى بۆرە، بۇغرا، ئۆكۈز، ئارسلان، قاپلان، ئەجدىھانىڭ سۈرەتلىرى تامامەن ئۆچۈرۈۋېتىلىپ، ئويما، كۆپتۈرمە نەقىشلەر چېكىلگەنىدى. بۇرۇنقى سۈر، ھەيۋەتتىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئەمما، بۇ كىشىلەرگە ئازادىلىك، ئەمىنلىك ھېس قىلدۇراتتى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقى يۇسۇپكە چۈشىنىشلىك بولغاچقا، «ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندىلا، ئاندىن ئاڭلىق ھېسابلىنىدۇ، ئىنسان ئاڭلىق بولمىسا، ھايۋاندىن پەرقى بولماي قالىدۇ. بۇغرا قاراخان بۇنى چۈشىنىشىمىزگە يول ئېچىپ بەردى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىشلا كۇپايە قىلمايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئاتىسى بىلەن ئوردىنىڭ خىشلىق يولىدا پىيادە كېتىۋاتاتتى، ئاتلارنى ئادار، يارۇقلار ئاتخانىغا ئېلىپ كېتىشكەنىدى.
ئۇلار دىۋانخانىغا كىرىپ، بۇغرا قاراخاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى. بۇ مەرمەر تۈۋرۈكلۈك كاتتا ئىشخانىدا ئوردا ئەربابلىرى دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرەتتى. رەيھانىدىن يۇغرۇش باشى بولغانلىقتىن ئۇلارنى نازارەت قىلاتتى. تۇغانخان سانى سەمەرقەنتكە كەتكەندە نائىب ئېلىكخان بولغان ئىنالچۇق تېگىن ھازىر دىۋانبېگى بولغانىدى. ئۇ دىۋاننىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، رەيھانىدىن بىلەن يېقىن ئىدى، ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوللاپ كەلگەنىدى. ئىنالچۇق تېگىن رەيھانىدىننىڭ بىر خۇش چىراي ئۆسمۈر بالا بىلەن كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا ئالدىغا كېلىپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتى. يۇسۇپنىڭ تەۋەززۇ بىلەن قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرغىنىغا مەستلىكى كېلىپ:
— بۇ ئەدەپلىك يىگىت كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئوغلۇم بولىدۇ، ھۆرمەتلىك دىۋانبېگى.
— قانىتىڭىز ئىكەن ـ دە، يۇغرۇش باشى.
— شۇنداق، دىۋانبېگى، ئۇ مېنىڭ تايانچىم، ئىمز باسارىم.
ئىنالچۇق تېگىننىڭ سوئال نەزىرى بىلەن قارىشىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن رەيھانىدىن كېلىش سەۋەبىنى ئاشكارىلىدى:
— بۇغرا قاراخان ھەزرەتلىرىنىڭ ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن، شۇڭا ئېلىپ كېلىۋىدىم. ئېتى يۈسۈپ.
— مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن، بۇ بالىنىڭ بۇغرا قاراخان بىلەن تونۇشلۇقى بار ئىكەن ـ دە. ياش تۇرۇپ، ئەجەب... چىرايىدىن كەلگۈسىدىكى بۆگۈ بىلگەنىڭ سىماسى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، مۇرادىغا يەتكۈزگەي !
— رەھمەت، ھۆرمەتلىك دىۋانبېگى.
شۇ چاغدا ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن بۇغرا قاراخان يۈسۈپ قادىرخان ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئۈزۈپ قويىدى.
ھەممەيلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈردى. رەيھانىدىن يۈسۈپنى يېتىلگەن ھالدا ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەلىكۇل مەشرىق. قۇتلۇق قەدەملىرى سائادەت ئاتا قىلغۇسى.
— بۇغرا قاراخان ئاتا، ئالىيلىرى بىلەن يەنە دىدار كۆرۈشتۈرگەن تەڭرىمدىن مىننەتدارمەن، — دېدى يۈسۈپمۇ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن.
يۇغرۇش، سۇباشىلار بۇ ئۆسمۈرنىڭ جۈرئىتىگە، پاساھىتىگە قايىل بولۇشۇپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويىدى.
— مەنمۇ تەڭرىمدىن مىننەتدارمەن، بالام، ئۆسۈپ كاتتا يىگىت بولۇپ قاپسەن، تەڭرىم بېشىڭنى ئاسمانغا يەتكۈزسۇن. قېنى، بۇ ئالىپ بىلەن كۆرۈشكىن. ئېتى ئىبراھىم تېگىن، جىيەن ئوغلۇم بولىدۇ، يەنە بىر ئېتى بۆرە تېگىن.
يۈسۈپ بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيىپ گۈرزە

كۆتۈرۈۋالغان بويلۇق يىگىتكە قول ئۇزاتتى.
— مەلىكە ئادىرا ئابامدىن تەرىپىڭىزنى ئاڭلاپ دىدار كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم.
— مەن سىز توغرۇلۇق ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن. ئىتىڭىز نىمە؟ — بۆرە تېگىن قولىنى بىرىپلا قايتۇرۇۋالدى.
— يۇسۇپ.
بۇغرا قاراخان ئۇلارنى ئىستىراھەتخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، مۇلازىملارغا شەربەت كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.
يۇسۇپ بۇغرا قاراخاننىڭ يىنىدا گۈرزە بىلەن قىلىچىنى تىزىغا توغرىسىغا قويۇپ ئولتۇرغان بۆرە تېگىنگە سەپسالدى: بۆرە تېگىننىڭ كۆزلىرى چوڭ، غەلىتە، قارىمۇ ئەمەس، چېقىرمۇ ئەمەس، قىزغۇچ كۆك بولۇپ، بىنەپشە رەڭ ئۇچقۇن چېچىلىپ تۇراتتى. ئەگىم قاشلىرى، خەت تارتقان بۇرۇتلىرى قۇندۇزدەك قارا ئىدى. ئېڭىكى ئۇچلۇق، يۈزى سوزۇنچاق بولۇپ، ساقال بىسىپ كەتكەنىدى، بۇ چاغقىچە تىغ تەگمىگەندەك قىلاتتى، تۇرقىدىن كۈچتۈڭگۈر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەلەتى سوغۇق ئىدى، قارىغان كىشىنى سۈر باساتتى. بۆرە تېگىن يۇسۇپكە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن شۇنداقلا قاراپ قويدى.
— بۆرە تېگىن دىگەن نامىڭىزغا يارىشا جاسارەتلىك ئىكەنسىز، قىياسىم توغرا چىقتى، — دىدى يۇسۇپ.
بۇغرا قاراخان بىلەن رەيھاندىن كۆز سوقۇشتۇرۇۋىلىپ، ئۇلارنىڭ پارىڭىغا سىما بولۇپ ئولتۇردى.
— سىز جەڭگە قاتناشقانمۇ، بەگيۇسۇپ؟
— ياق، مەدرىسەدە ئوقۇۋاتىمەن.
— تالىپ ئىكەنسىز ـ دە.
— شۇنداق، شاھزادە.
— مەنمۇ مەدرىسەدە ئىككى يىل ئوقۇغان، كىيىن ئوقۇغۇم

كەلمەي، شىكار قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتىم، جەڭ ماھارىتىنى ئىگىلىدىم، قىلىچۋازلىق، گۇرزە ئۇرۇشتا ماڭا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ.

— مېنىڭ ئوقۇپ بۆگۈ بىلگە بولغۇم بار، جەڭ قىلغۇم يوق.

بۆرە تېگىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، بۇ كۈلكە رازىمەنلىك كۈلكىسى بولماستىن، مەسخىرە كۈلكىسى ئىدى. ئۇنىڭ قىسىلغان كۆزلىرىدىن بىنەپشە رەڭ ئۇچقۇنلار چاچراپ، يۈز - بويۇنلىرىدىكى مويلار تىكەنلىشىپ كەتتى. چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى، بەجايىكى بۆرىگە ئوخشاپ قالدى.

— بۆگۈ بىلگە جەڭ قىلالمايدۇ، ئادەم ئۆلتۈرەلمەيدۇ، شەھەر ئالالمايدۇ، ھا - ھا - ھا ...

— بەس، ئىبراھىم ! — دېدى يۈسۈپ قادىرخان، — بۆگۈ بىلگە قان تۆكۈشنى، شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىشنى خالىمايدۇ. ئىنسانلارنى تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى خالايدۇ، بۇ جەھەتتە سەن يۈسۈپتىن ئۆگىنىشىڭ كېرەك.

— مېنىڭ ئارزۇيۇم بۆگۈ بىلگە بولۇش ئەمەس، بۇغرا قاراخان بولۇش ! — بۆرە تېگىن ئالدىدىكى بىر جام شەربەتنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

— بۇغرا قاراخان بولۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال بىلىملىك ئۆگىنىپ دۇنيانى بىلىش، ئۆزىنى بىلىش كېرەك، ئاۋامنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋېلىش زۆرۈر، شاھزادە. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، بۇغرا قاراخان بولغىلى بولمايدۇ، بولغان تەقدىردىمۇ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ.

— سىز ئۆگەتمەي قويۇڭ، قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن !

— بولدى، تالاشما ئىبراھىم ! يۈسۈپنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ كۆر ! — دېدى بۇغرا قاراخان. ئاندىن رەيھانىدىنغا قاراپ «مانا كۆردىڭىزمۇ، بۇ ئىككى ياش بىر - بىرىگە يول قويىدىغاندەك ئەمەس» دېگەن مەنىدە باش چايقاپ قويدى.

— ئالىيلىرى، مەلىكە ئادىرا خېنىم ئوردۇكەنتتىمۇ، يېڭى

ھىساردىمۇ؟ ــ سورىدى رەيھاندىن سۆز يۆتكەپ. ئۇنىڭ بۇ توغرۇلۇق بىلگۈسى، ئوغلىنىمۇ خەۋاردار قىلغۇسى بار ئىدى. يۇسۇپنىڭ قۇلاقلىرى دىڭ بولدى.

ــ ھەمشىرەم ھازىر يېڭى ھىساردا ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ. مەن سەمەرقەنتكە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئىبراھىم تېگىن بىرىپ كۆرۈشۈپ كەلگەنىدى، ئوبدان تۇرۇپتۇ. شۇنداقمۇ بالام؟ ــ بۇغرا قاراخان ئۇنىڭغا قارىدى.

ــ ناھايىتى ئوبدان تۇرۇپتۇ، قاراخان ئاتا، ــ دېدى بۆرە تېگىن. ئۇنىڭ سۆرۈن چېھرىدە كۈلكە پەيدا بولدى. بايىقى جىددىيلىك ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلۈپ مۇلايىملىشىپ قالدى، ــ مەلىكە ئابام پات ئارىدا دۇئا ـ تەلەپتىن پارىغ بولۇپ، بۇ ئەتراپتىكى چۆللۈكتە ماكانلىشىمەن، قوزئوردۇغا قايتمايمەن، دېدى. مەن ئىلاجىسىز يېنىپ كەلدىم. قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇرغان مازاردا قانداقمۇ تۇرغۇسى كېلىدىغاندۇ، بىلمىدىم.

ــ مەلىكە بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەن، بالام. ئۇ ئۆزىنى ئۇ دۇنياغا تەئەللۇق دەپ قارايدۇ، شۇڭا قۇملۇق چۆلدە ئۆزىنى تەڭرىگە يېقىن ھېسابلايدۇ، ــ بۇغرا قاراخان ئېغىر تىنىدى. ئۇ بۆرە تېگىنىنىڭ مەلىكە ئادىرانى ئانا ئورنىدا كۆرۈپ قەدىرلەيدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن تېخىمۇ ئېنىق بىلدى. بولمىسا، شۇنداق قوپال مىجەزلىك بۇ بالا ئۇنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپلا مۇلايىملىشىپ قالارمىدى؟

يۇسۇپ ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىنى شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ كۆڭلىگە ئالمىدى. «مەلىكە ئابام پادىشاھلارغا ئىنساب تىلەپ ئىستىقامەت قىلىۋېتىپتۇ، بۇنى بۆرە تېگىن چۈشىنەمدىكىن؟ نېمىلا دېگەنبىلەن قوپال، كۆرەڭ بولسىمۇ، ئوچۇق ـ يورۇق، كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمايدىغان قارام يىگىت ئىكەن. ھۆكۈمران بولۇشقىلا ئىنتىلىدىكەن. بۇنداق ئادەملەرنىڭ باغرى قاتتىق كېلىدۇ، دوستلاشماق قىيىن ...»

ــ «بۇغراخان مەدرىسەسى» دە ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى

قانداق كېتىۋاتىدۇ، بالام؟

يۈسۈپ قادىرخاننىڭ بۇ سوئالى يۈسۈپنى خىيالدىن ئۆزىگە كەلتۈردى. ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ جاۋاب بەردى:

— تالىپلار كۆپرەك بىلىك ئېگىلەشكە تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇستازلار دەرسنى ياخشى تەييارلاپ، بىلگىنىنى ئايىماي تەقدىم قىلىۋاتىدۇ. ئۇستازلارمۇ، تالىپلارمۇ ئالىيلىرىدىن ناھايىتى مىننەتدار، بۇغرا قاراخان ئاتا.

— مەندىن ئەمەس، سەندىن مىننەتدار بولۇشى كېرەك. ئەگەر سەن قارىيخانىنى مەدرىسە قىلىش توغرۇلۇق ماڭا تەلەپ قويمىغان بولساڭ «بۇغراخان مەدرىسەسى» دۇنيادا بەرپا بولمىغان بولاتتى.

— ياق، بۇغرا قاراخان ئاتا. مەدرىسە قۇرۇش بىرلا مېنىڭ تەلىپىم ئەمەس، مىڭلىغان بالىلارنىڭ تەلىپى. شۇڭا، بۇ تەلىپىمىزنى ئورۇنلىغان ئالىيلىرىدىن مىننەتدار بولغىنىمىز دۇرۇس.

— سېنى كىچىك بالا دېسە، كۆرمىگەن ئادەم ئىشەنمەيدۇ، يۈسۈپ. چوڭ كىشىدەك پىكىر قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسەن. سېنى تەربىيەلىگەن ئۇستازلارغا ئوردۇكەنتكە كەتكۈچە سالام يېرىپ كەلمىسەم ۋىجدانىم ئالدىدا ئىزا تارتىپ قالغۇدەكمەن.

چاقچاق ئارىلاش قىلىنغان بۇ گەپ يۈسۈپنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى:

— مەدرىسەگە قەدەم تەشرىپ ئەتسىلىرى، ئۇستازلارنىڭمۇ، تالىپلارنىڭمۇ بېشى ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى، بۇغرا قاراخان ئاتا.

— يەنە قانداق تەلىپىڭ بار، بالام؟

— مېنىڭ تەلىپىم — دۇنيادا جەڭ بولمىسا.

— تەڭرىم، بۇ تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن بالام.

بۆرە تېگىنىنىڭ گۆشلۈك قاپىقى تۈرۈلدى، چاچ - ساقاللىرى تىكەنلەشتى:

— ھەممە ئادەم بۆگۈ بىلگە بولۇپ، دۇنيادا جەڭ بولمىسا،

ئالىپ، قەھرىمانلار قانداق مەيدانغا كېلىدۇ؟ پادىشاھ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟

يۇسۇپ سۆزلەيمۇ، دېگەن مەنىدە بۇغرا قاراخانغا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن يۇسۇپ قادىرخان سۆزلە، دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىلدى. رەيھانىدىنمۇ باش لىڭشىتتى.

— ھەممە ئادەمنىڭ بۆگۈ بىلگە بولۇپ كېتىشى ناتايىن، شاھزادە، ھەم مەڭگۇ ئۇنداق بولمايدۇ. ئەمما، بىلسىرى بۆگۈ بىلگەلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ، نادانلارنىڭ سانى ئازىيىپ بارىدۇ. ئادەملەرنىڭ تىنچ - ئامانلىق ۋاقتى ئۈزىراپ، جەڭگە - جېدەل ۋاقتى قىسقىرايدۇ. قەھرىمان - ئالىپلار جەڭگاھلاردىلا بارلىققا كەلمەي، تىنچ شارائىتتىمۇ بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلار تۆھپىكارلار، خالىس خىزمەت قىلىشنى شەرەپ بىلىدىغانلاردۇر! ياخشىلىق قىلىشنى خۇشاللىقىم، سائادىتىم، دەپ قارىغۇچىلاردۇر! يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغۇچى، موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغۇچىلاردۇر! — دېدى يۇسۇپ تەمكىن ھالدا راۋان سۆزلەپ.

— بارىكاللا، بارىكاللا. بالام. بۇ قىممەتلىك سۆزلىرىڭ بىلەن قاراڭغۇ كۆڭلىمىزگە چىراغ يېقىۋەتتىڭغۇ! — بۇغرا قاراخان يۇسۇپنى ئۆزىگە تارتىپ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە بۆرە تېگىنگە نەزىرىنى يۆتكەپ، — سەن بەك ساددا ئىكەنسەن، ئارسلانىم. كىتاب ئوقۇشقا خوشۇڭنىڭ يوقلۇقى، گورزە، قىلىچقا ھېرىسلىقىڭنىڭ ئاقىۋىتى سېنى مەنمەنچى قىلىپ قويۇپتۇ. بۇنداق كېتىۋەرسەڭ بولمىغۇدەك. كىتابنى دوست تۇتقىن، يۇسۇپتىن ئۈلگە ئال، — دېدى.

بۆرە تېگىن كۈلۈۋەتتى.

— مەن مۇشۇ گۆدەك تالىپتىن ئۈلگە ئالامدىمەن؟ — ئۇ قولىدىكى شەربەت قۇيۇلغان جامنى مىجىپ داستىخانغا ئاتتى - دە، يۇسۇپكە تەتۇر قاراپ دومسىيىۋالدى.

— پېقىر دېگەنلىرىمنى ئويدۇرۇپ چىقارمىدىم. «قۇرئان

كەرىم» نىڭ تەپسىرىنى ئوقۇپ، دۇنيانى، ھاياتنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. يۇزدىن ئارتۇق ھەدىسنى يادلىۋالدىم ۋە مەنمەنلىك، كۆرەڭلىكنىڭ ئىنساننى ئۇچۇن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. فارابى ھەزرەتنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر كىشىلىرى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ، ئىرىشىش بىلىم ئىگىلەپ نادانلىقتىن قۇتۇلغاندىلا، پەزىلەتلىك، يارامىلىق شەھەر ئادىمى بولالايدىغانلىقىنى بىلدىم، بۇغرا قاراخان ئاتا. لېكىن، بۇ ئۆگەنگەنلىرىم ئۆگەنمەكچى بولغانلىرىمغا نىسبەتەن تامچە، بەك ئاز، بەك ئاز، — يۇسۇپ، توغرا دېدىمۇ دېگەندەك قىلىپ مېھرى بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغان ئاتىسىغا ئىللىق نەزەر تاشلىدى.

رەيھانىدىن بۇغرا قاراخان نېمە دەيدىكىن، دەپ زوۋان سۇرمەي باش لىڭشىتىپ، ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىنى تەستىقلىدى.

— توغرا دېدىڭ، بالام. يېشىڭغا باققاندا ئۆگەنگەنلىرىڭ ئاز ئەمەس ئىكەن. بۆرە تېگىن راستلا سېنى ئۈلگە قىلىپ ئۆگەنسە بولغۇدەك.

— نېمە دەۋاتىسىلا، بۇغرا قاراخان ئاتا. بىلمەكچى بولغانلىرىمنى ئاللا ماڭا بىلدۈرۈپ بولغان، بۇ تالىپ گۆدەكتىن ئۈلگە ئېلىپ ئۆمرۈمنى مەدرىسىدە ئۆتكۈزسەم قانداق بولىدۇ؟ مەن جەڭگاھتا تۇغۇلغان. بۆرىلەر ئارىسىدا ئۆسكەنمەن. مېنىڭ ئورنۇم مەدرىسە ئەمەس، ئوردا، ئالتۇن تەخت، — بۆرە تېگىن چاچراپ تۇرۇپ ئىستىراھەتخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ بالا ئەركە چوڭ بولۇپ قالدى، يۇغرۇش، ئاتا - ئانىسى يوق دەپ مەيلىگە قويۇپ بەرگىنىمنىڭ ئاقىۋىتى بۇ. بىراق، ئۇ ناھايىتى قەيسەر. سەمەرقەنتتىكى جەڭدە ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتكىنىنى ئېسىڭىزدىدۇ؟ ئۇ ھۆكۈمرانغا خاس جاسارەتكە ئىگە، مەن مۇشۇ جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاۋاتىمەن، پادىشاھ، قاراخان بولغۇچىلىكى بار، — يۇسۇپ قادىرخان ئەجەبلىنىپ قىلىشقان رەيھانىدىن بىلەن يۇسۇپنى مۇلازىملار يېڭى ئېلىپ كىرگەن قوغۇن - تاۋۇزنى يېيىشكە تەكلىپ

قىلدى. ئۇ بۆرە تېگىنىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى نۇقسانلارنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ئۆزگەرمەس يامان خۇيىنى تىلغا ئالمىدى. ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىدىغان كۆرەڭ مىجەزى يېقىپ قالغانمۇ ياكى قانداشلىق تەرەپتىن قانات ئاستىغا ئالغۇسى كەلدىمۇ، بۆرە تېگىنىنى ئەيىبلىمىدى. رەيھاندىنمۇ بۇ توغرۇلۇق سورىمىدى، يۇسۇپمۇ ئېغىز ئاچمىدى.

— بالام، يازغان ئەشئارلىرىڭنى ئاڭلاپ باققۇم بار، — بۇغرا قاراخاننىڭ بۇ سۆزى يۇسۇپنى ھاياجانلاندۇرۇپ قويدى. يۇسۇپ سەل تارتىنغاندەك بولۇپ ئاتىسىغا كۆز تىكتۇيدى، ئاتىسى:

— ئوقۇپ بەرگىن، بالام. يەتتە ياشتىن باشلاپ شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلىشقا كىرىشكەنىدىڭ. يازغانلىرىڭدىن ئەڭ ياخشى چىققانلىرىنى مەلىكۇل مەشرىققە ئوقۇپ بەرگىن. نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بەرسە، شېئىرىي تىلىڭ نەپىسلىشىپ، مەزمۇنى چوڭقۇرلاشسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى رەيھاندىن مەدەت بېرىپ.

يۇسۇپ بۇ ۋاقىتقىچە يازغانلىرىنى پىشىپ يېتىلگەن شېئىر، دەپ ھېسابلىمايتتى. باشقىلارغا ئوقۇپ بېرىپ ماختىنىشنى تېخىمۇ خالىمايتتى. مۇشۇ تاپتا ئىككى خىيال بولۇپ تارتىنىپ تۇرۇشىمۇ شۇ تۈپەيلى ئىدى. لېكىن، بۇغرا قاراخان ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈۋاتسا، ئاتىسى دەۋەت قىلىۋاتسا، قانداقمۇ ئوقۇپ بەرمەي تۇرالىسۇن. يۇسۇپنىڭ ماڭلاي تومۇرلىرى كۆپۈپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى. مەڭزىگە قان يۈگۈردى. كۆزلىرى قىسىلىپ، لەۋلىرى تىترىدى، مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى. يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپ، تېنى قىزىپ كەتتى ... ئۇ ئويغا غەرق بولغاندا، يېزىشقا باشلىغاندا ئەنە شۇنداق ھالغا كېلىپ قالاتتى. ئاخىرى پىشقان، مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتتىن ۋايىغا يەتكەن مىسرالار كۆڭۈل دەپتىرىدىن تاللىنىپ، سەل ئېچىلغان ئاغزىدىن راۋان بولدى:

بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككىسى يۈكسەلدۈرەر قۇلنىمۇ تولۇق..

بۇ سۆزگە گۇۋاھدۇر تۆۋەندىكى سۆز،
بۇ سۆزنى ئىشىتكىن، سۆزۈڭ بۇندا ئۇز.

ئەقىل قەيەردە بولسا، ئۇلۇغلۇقتا ئېرىشىدۇ،
بىلىم كىمدە بولسا، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئىگە بولىدۇ.

ئەقىللىك ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۈر،
بىلىملىك، ئەقىللىك تىلەككە يېتۈر.①

— بارىكاللا، بالام يۈسۈپ، بۇ مەسنەۋىلەرنى ئاڭلاپ بىلىمنىڭ قەدرىگە تېخى يەتمەيۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئىبراھىم تېگىنمۇ ئاڭلىسا بوپتىكەن، ئەپسۇس، چىقىپ كېتىپ قالدى.

رەيھانىدىن ئۇنىڭ ھەمىشە بۇ جىيەن ئوغلىنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى ئاتاپ گەپ قىلغىنىغا قاراپ، بۆرە تېگىن دېگەن نامنى ئانچە ياقتۇرمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. يۈسۈپمۇ بۇنى سەزدى.

— ئالىيلىرىنىڭ ئاڭلىغىنى — پۈتۈن ئاۋامنىڭ ئاڭلىغىنى. بۇ ئوغلۇم ئۈچۈن مەدەت ۋە ئىلھام، خاقانىم. ئىبراھىم تېگىن بۈگۈن ئاڭلىمىسا ئەتە ئاڭلاپ قالار، — دېدى رەيھانىدىن ئىچى تىتىلداپ قالغان بۇغراخاننىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ.

— ياق، ئۇنى چاقىرتىمەن، ياش بۆگۈ بىلگەنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئىشىتىپ باقسۇن.

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» 152 ـ، 153 ـ، 154 ـ، 155 ـ بېيىتلەر. بۇ ئەسەردىكى مەنبەسى كۆرسىتىلگەن بېيىتلەر ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىك» (نەزمىي يەشمىسى)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، «قۇتادغۇ بىلىك» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئوقۇلۇشى ۋە نەسرىي يەشمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2013 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرىدىن پايدىلىنىلدى.

يۈسۈپ قادىرخان ئىستىراھەتخانىنىڭ ئىشىكىدە تۇرغان ئەمىرى جاندارغا:

— ئىبراھىم تېگىننى دەرھال چاقىر! — دەپ بۇيرۇدى. ھايال بولماي ئىبراھىم تېگىن كىردى.

— بۇغرا قاراخان ئاتا، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

— ئولتۇرۇپ بۇ ئىنىڭنىڭ نەزملىرىنى ئاڭلىغىن.

— مەن نەزملەرنى ئوقۇپ زېرىككەن، ئاڭلىغۇم يوق.

— بۇ سەن ئوقۇغان ئىشقىي مۇھەببەت نەزملىرىگە ئوخشىمايدۇ. بىر ئاڭلاپ باق! — بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دېدى يۈسۈپ قادىرخان.

بۆرە تېگىن خۇشياقمىغان ھالدا ئولتۇردى.

— قېنى بالام، بايىقى مەسنەۋىلەرنى يەنە بىر ئوقۇغىن. يۈسۈپ لەرزان ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ بەردى.

— ئاڭلىدىڭمۇ، قانداق ئىكەن بالام؟ — يۈسۈپ قادىرخان جىم بولۇپ قالغان ئىبراھىم تېگىندىن سورىدى.

— ئاڭلىدىم، بىلىكنى مەدھىيەلەپتۇ، — ئىبراھىم تېگىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈسۈپكە قاراپ قويدى.

— بالام، يەنە ئوقۇغىن، ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— مەن كۆكلەم توغرىسىدا يازغان نەزملىرىمدىن ئوقۇپ بېرەي، — يۈسۈپنىڭ لەرزان تىترەڭگۈ ئۈنى ئىبراھىم تېگىننى ئۆزىگە قاراتتى:

كۆكىش[1]، تۇرنىلار كۆكتە ئۈنىنى ياڭرىتىپ،
تۆگە كارۋىنىدەك تىزىلىپ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچىشىدۇ.

ئۇلار قۇشى خۇددى ئىپپەتلىك قىز ئۆز سۆيگۈنىنى
چاقىرغىنىدەك
يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ھەمراھىنى ئۈندىمەكتە.

---

① كۆكىش — بىر خىل قۇشنىڭ نامى.

كەكلىك قاقاھلاپ كۈلگەندەك ئۈنلۈك سايرىدى،
ئۇنىڭ ئاغزى قاندەك قىزىل، قېشى قاپقارا.

قارا قۇشقاچ نەيزىدەك تۇمشۇقىنى سوزۇپ سايرىدى،
ئۇنىڭ ئۈنى ئەركە قىز ئۈنىدەك يېقىملىقتۇر.

ئېلىك، تاغ ئۆچكىسى چېچەكلەر ئۈستىدە ئويناشماقتا،
بۇغا، مارال ئېغىنىپ، قىيىغىتىپ، كېزىپ يۈرمەكتە.

ئاسمان قاپقىنى تۈرۈپ، كۆزىدىن ياش تۆكتى،
ئەنە، چېچەكلەر يۈز ئېچىپ، قاقاھلاپ كۈلدى.

بۇ پەيتتە دۇنيا ئۆز ـ ئۆزىگە بېقىپ،
مەغرۇرلىنىپ، سۆيۈنۈپ ياسىداق ئەڭنىگە قاراپ.

دۇنيا سۆز ئېچىپ، ماڭا يەتكۈزۈپ،
دېدىكى، بۇ خاقاننىڭ يۈزىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ئۇخلاپ قالغان بوساڭ، تۇر، ئەمدى كۆز ئاچ،
ئاڭلىمىغان بولساڭ، ئەمدى مەندىن سۆز ئاڭلا.

تۈمەن يىلدىن بېرى سولغۇن قۇل ئىدىم،
ئەمدى قۇللۇق تونى يېشىلىپ، ئاق سۆسەردىن كىيىملەر كىيدىم.

بېزەندىم، چۈنكى ئۇلۇغ خاقان بېگىم بولدى،
ئۇ تىلىسە جېنىم قۇربان بولسۇن، دەپ ئۆتۈندۈم.[1]

① «قۇتادغۇ بىلىك» 74 ـ، 75 ـ، 76 ـ، 77 ـ، 79 ـ، 80 ـ، 81 ـ، 82 ـ، 83 ـ، 84 ـ، 85 ـ بېيىتلەر.

— نېمىدېگەن پاساھەتلىك نەزم بۇ. دۇنيا باھارى شۇنداق نەپىس سۇرەتلىنىپتۇ. شىكارغا چىققان ۋاقىتتىكى تەبىئەتنىڭ ھاياتبەخش قۇچىقىغا تاشلانغاندەك بولدۇم. سەنچۇ بالام؟ — ھاياجانلىنىپ قالغان يۇسۇپ قادىرخان بېشىنى سىگار يان قىلىپ بۆرە تېگىنىدىن جاۋاب كۈتتى.

— بالا چېغىمدا بۆرىلەر بىلەن يۈرگەن جاڭگالنىڭ سېھىرلىك مەنزىرىسى كۆز ئالدىمغا كەلدى، بۇغرا قاراخان ئاتا، — بۆرە تېگىن خىيالچان ئولتۇرغان يۇسۇپكە كۆز تىكىپ قويۇپ قويدى، — بۇ نەزمنىڭ مېنى ئەجەبلەندۈرگەن يەنە بىر يېرى — دۇنيا باھارى قاراخانلار، بۇغراخانلار ئۈچۈن جامال ئاچىدىكەن ئەمەسمۇ. ئاجايىپ كېلىشتۈرۈپ يېزىپتۇ. يۇسۇپ كىچىك بولسىمۇ، تەپەككۇرى كۈچلۈك ئىكەن.

يۇسۇپ قادىرخان كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— سەن زېرەك ھەم باتۇر، بۇنىڭدا گەپ يوق. ئەمما، بىلىمىڭ كەملىك قىلىدۇ، بالام. ئۆگەنمىسەڭ بۇغرا قاراخان بولالمايسەن. بۇ توغرۇلۇق يۇسۇپ نەزمىسىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەن، سەنمۇ بۇنى چۈشەنگەندەك تۇرىسەن. ئوغلۇم، سۇباشى تۆمۈربۇقا نەسىرىدىنبەگ بىلەن سەمەرقەنتكە بارغىنىڭدىن كېيىن، بىر مەزگىل بىلىم تەھسىل قىل، ماقۇلمۇ؟

— زېرەك، باتۇر بولغىنىم يەتمەمدۇ، بۇغرا قاراخان ئاتا؟ يەنە ئۆگىنىشىم زۆرۈر بولسا، سەمەرقەنتكە بارغاندا مەدرىسەدە ئوقۇپ بىلىم ئالاي. بىراق، ھەر ھەپتىسى بىر نۆۋەت شىكارغا چىقىشىمغا ياردەمدە بولۇشنى سۇباشى تۆمۈر بۇقا نەسىرىدىنبەگكە تاپىلاپ قويسىلا.

— ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، بالام، — يۇسۇپ قادىرخان بۆرە تېگىنىنىڭ مۈرىسىگە قاقتى، — ئوغلۇم، مۇھەممەد ئارسلانخان قۇزئوردۇغا كېلىشى بىلەنلا، سىلەرنى سەمەرقەنتكە ئۇزىتىپ ئوردۇكەنتكە قايتىمەن. تەمكىنرەك بولغىن، بالام.

— تەمكىن بولىمەن، دەپ ئوردىدىن چىقماي ئولتۇرالمايمەن،

ئاتا. بەگيۇسۇپ بىلەن شىكارغا چىقىپ كېلەي. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ۋەز ـ نەسىھەتنى تولا ئاڭلاپ بەك زېرىكىپ قالدىم.

بۇغرا قاراخان يۇسۇپكە سىنچى نەزىرى بىلەن باقتى.

ــ مەنمۇ شىكار قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن، ــ يۇسۇپ ئوچۇق چىراي بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ ئات مىنەلەمسىز؟ ــ سورىدى بۆرە تېگىن تازا مەنسىتمىگەندەك قىلىپ.

ــ مەن ئالتە يېشىمدىلا ئات مىنىشنى ئۆگەنگەن.

ــ ئوقيا ئاتالامسىز؟

ــ ئوغلۇم ئوقيا ئېتىشنى، قىلىچۋازلىقنى، گۇرزە ئۇرۇشنى ياخشى بىلىدۇ، شاھزادەم. شىكارغىمۇ كۆپ چىققان، ــ دېدى رەيھاندىن تارتىنىپ قالغان يۇسۇپنىڭ ئورنىغا جاۋاب بېرىپ، ــ شىكاردا ئالىيلىرىغا ئوبدان ھەمراھ بولالايدۇ.

كىتاب ئوقۇشتىن باشقا ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ، دەپ قارىغان شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

## 2

كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئۆتمەكتە ئىدى. بۈگۈن سەھەردىن باشلاپلا بالاساغۇن ئاسمىنىنى قويۇق تۇمان قاپلىۋالدى. ئاقۇچ ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چۇ دەرياسىدىن ئەسكەن سوغۇق شامال ئۇششۇك تەگكەن گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەرنى شىلدىرلىتىپ، «قۇۋۇقى كاشغەر» دىن غۇرقىراپ كىرىشكە باشلىغاندا، رەيھاندىن باشلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئوردا ياساۋۇللىرى بالاساغۇن شەھىرىدىن چىقتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئۆدمىش، بويانقار بار ئىدى. ئۆز نۆكەرلىرى بىلەن ئايرىم سەپ تۈزگەن بۆرە تېگىن ئېتىنى دېۋىتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە شۇ ماڭغانچە يەتتە چاقىرىم يول بېسىپ ئاچا يول ئېغىزىدا توختىدى.

سىم ـ سىم يامغۇر ياغقىلى تۇردى. غۇلاملار بۆرە تېگىن ۋە يۇغرۇشلارنىڭ باشلىرىغا كۈنلۈك تۇتۇشتى. يامغۇر بىردەم توختاپ، بىردەم يېغىپ، يول ئۈستىنى سۇ سەپكەندەك كۆك مۇز قىلىۋەتتى. پات ـ پات گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقاتتى. يېرىم سائەت ئۆتمەي سول ياندىكى يولدىن كېلىۋاتقان سىپاھلارغا كۆزى چۈشكەن ئۈدىمش توۋلىۋەتتى:

— كەلدى ! مۇھەممەد ئارسلانخان ئالىيلىرى كەلدى !

بۆرە تېگىن بويۇنداپ، خېلىلا يېقىن كېلىپ قالغان تورۇق ئات ئۈستىدىكى مۇھەممەد ئارسلانخاننى كۆردى.

رەيھاندىن ھەمراھلىرى بىلەن ئون بىر قەدەم ماڭغاندا، مۇھەممەد ئارسلانخان تىزگىنىنى تارتىپ ئاتنى توختاتتى. ئاۋۋال بۆرە تېگىن قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەردى، ئاندىن رەيھاندىن باشلىق ۋەزىر، ئەمىرلەر، ياساۋۇللار تەزىم قىلىپ تىزلاندى.

— قۇزئوردۇغا كەلگەنلىرىنى بەجاندىل قارشى ئالىمىز ئالىيلىرى ! قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن !

— بۇغرا قاراخان ئاتامدىن مىننەتدارمەن، — مۇھەممەد ئارسلانخان ئېتىنى يورغىلىتىپ قارشى ئېلىشقا چىققۇچىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بۆرە تېگىن قامچا ئۇردى. دوقاقبەگمۇ ئارقىدىن ئەگەشتى.

مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ خانىش ـ توقاللىرى چۈشكەن ئېگىز چاقلىق، ئۈستى يېپىق ھارۋىلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا رەيھاندىن ئېتىغا مىندى. ئۇ ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ كېلىۋاتقان سىپاھلاردىن كېيىن قېلىشنى خالىماي، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بىلەن ياندى. ئىككىنچى ھارۋىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېتىۋاتقان ئاغۋات ئۇنىڭغا تونۇشتەك بىلىندى، ئەمما ئېنىق تونۇيالمىدى. ئاق يوسىملىق، پاكار، پالكۆز بۇ ئادەمنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى ـ يۇ، بىر چاغلاردا كۆرگىنىنى ئاغۋات بولمىغىنى ئۈچۈن ئېسىگە ئالالمىدى. «بولۇنبەگكە ئەجەب

ئوخشايدىكەن، بىر ـ بىرىگە مۇنداق ئوخشايدىغان ئادەمنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، توۋا خۇدايىم ...» دەپ ئويلىدى ئۇ ئاغزاتنىڭ كەينىدىن قاراپ. يۇسۇپ قادىرخان ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن بۆرە تېگىندىن ئوغلىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، ئوردا ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ تۇرغانىدى. مۇھەممەد ئارسلانخان يىراقتىن ئاتىسىنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى. ئارقىسىدىكى دوقاقبەگ باشلىق ئاكابىر ـ ئەشرەپلىرىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ قول باغلاپ مېڭىشتى. ئاتىسىغا ئۈچ قەدەم قالغاندا مۇھەممەد ئارسلانخان سېلىپ قويغان پاياندار ئۈستىدە تىزلىنىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇزرۇكۋارىم، دىدارلىرىغا يەتكۈزگەن تەڭرىمدىن مىننەتدارمەن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، كەلگىنىڭدىن مەنلا ئەمەس پۈتۈن قۇزئوردۇ خەلقى سۆيۈنمەكتە. ئاۋامنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىغايسەن، — يۇسۇپ قادىرخان ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— خىزمەتلىرىنى جان پىدالىق بىلەن ئادا قىلىمەن، بۇزرۇكۋارىم.

— قۇزئوردۇغا ئېلىكخان بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى، ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىناق ـ ئىجىل، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن كۈچ ۋە پاراسىتىڭنى ئايىمىغايسەن، ئوغلۇم.

— باش ئۈستىگە، بۇزرۇكۋارىم.

يۇسۇپ قادىرخان ئوغلىنى بۇغراخان تەكىيخانىسىغا باشلاپ، بەگ تەركىسى ئۆتكۈزۈپ تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن يۇسۇپ قادىرخان قاراخانىيلارنىڭ غەربىي يۇرت ـ شەھەرلىرىگە ئىككى ئېلىكخان قويۇش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇ جايلارنىڭ ئىككىنچى ئوغلى — تېگىن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈردى.

ئوغلىنىڭ ئوتتۇرنىشى بىلەن دوقاقبەگنى يۇغرۇش باشى، رەيھانىدىننى ئۇلۇغ ھاجىپ قىلىپ تەيىنلىدى. ئىبراھىم تېگىننى سەمەرقەنت دىيارىغا باش ھاكىم، تۆمۈربۇقا نەسرىدىنبەگنى ئۇنىڭغا سۇباشى قىلىپ بەلگىلىدى.

ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن ئىبراھىم تېگىن سەمەرقەنتكە يۇرۇپ كەتتى. ئاتىسى بىلەن ئۇزاتقىلى چىققان يۇسۇپ شىكار داۋامىدا خېلى يېقىنلىشىپ قالغان بۆرە تېگىنگە فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنى يوللۇق تۇتتى. بۆرە تېگىنمۇ ئۇنىڭغا كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

## 3

يۇغرۇش باشى ۋە ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ تەيىنلەنگەنلىكى توغرۇلۇق يارلىق ئوردا ئەربابلىرىنى، جۈملىدىن رەيھانىدىننى سەل ئەجەبلەندۈرگەن بولسىمۇ، ھېچكىم بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. يۇسۇپ قادىرخان كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى بالاساغۇندىن يولغا چىقتى. مۇھەممەد ئارسلانخان ئوردا ئەربابلىرى بىلەن ئون بىر چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. بالاساغۇن ئەھلىمۇ بۇ قۇدرەتلىك خاقاننى يەتتە چاقىرىم كېلىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن ئۇزاتتى.

— ئۇلۇغ بۇغرا قاراخانغا ئاقىيول تىلەيمىز.

— يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھىمىزنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

— ئاللا سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن! — دەپ ئىككى يېنىغا قاراپ باش لىڭشىتىپ كېتىۋاتقان يۇسۇپ قادىرخانىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ ئاۋام ئارىسىدىن چىقىپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان يۇسۇپ بىلەن ئۇستازىنى كۆرۈپ ئېتىنى توختاتتى.

— مەلىكۇل مەشرىق ئالىيلىرى، «بۇغرا قاراخان مەدرىسەسى» دىكى تالىپلارنىڭ ئۆزلىرىگە بىر سوۋغىسى بار ئىكەن، قوبۇل قىلغايلا، — دېدى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ.

— دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ، باي - زەردارلارنىڭ ھەرقانداق سوۋغىسىنى بۇ قېتىم قوبۇل قىلمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرگەنىدىم، كىشى قارا. سىلەرنىڭ شۇنچە يول يۈرۈپ ئۈزىتىشقا چىققىنىڭلار مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلماس سوۋغا ، مەن سىلەردىن مىننەتدار.

— ئەپۇ قىلسىلا، ئالىيلىرى، بىزنىڭ ئېلىپ كەلگىنىمىز زەر، جاۋاھىر ئەمەس، تالىپلارنىڭ كۆڭۈل ئىزھارى، — ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم يۈسۈپكە قاراپ، — قېنى بالام، سوۋغىنى خاقان ھەزرەتلىرىگە سۇنۇپ بەرگىن، — دېدى.

يۈسۈپ ناھايىتى چىرايلىق خۇش خەت بىلەن سەمەرقەنتنىڭ پاتلىق قەغىزىگە يېزىلغان «يوللۇقنامە»نى ئۇزارتتى.

— بۇغرا قاراخان ئاتا، بۇ ھەممە تالىپلارنىڭ سەممىي تىلىكى.

— رەھمەت، بالام، مانا بۇ سوۋغا نەپىسانىيەتچىلىكتىن، غەرەزدىن خالىي كۆڭۈل ئىزھارى ئىكەن، قوبۇل قىلدىم، — يۈسۈپ قادىرخان قولىغا ئېلىپ ئوقۇدى:

ئېسىل، خۇلقى كەمتەر، دىلى مېھرىبان —
كىشى كىم؟ دېسەڭ، كەل، ئۇنى كۆر بۇئان.
ئەي، خۇيى گۈزەل، پاك نەسەپ، پاك ئۇرۇق،
جاھان قالمىسۇن سەندىن ھەرگىز قۇرۇق①.

— «بۇ يوللۇقنامە»نىڭ مۇئەللىپى كىم؟ — ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن سورىدى بۇغرا قاراخان سۆيۈنۈپ.

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» 107 ـ، 108 ـ بېيىتلەر.

يۈسۈپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ جىم تۇردى. ئەبۇ پۈتۈھ مەخدۇم ئېھتىرام بىلەن جاۋاب بەردى:

— شاگىرتىم يۈسۈپ، رەيھانىدىنبەگنىڭ ئوغلى.

— سەن ئىكەنسەنغۇ، بالام. ئاللا سېنى كامال تاپتۇرسۇن.

يۈسۈپ قادىرخان «يوللۇقنامە» نى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇغرا قاراخان ئۆزىغان شۇ كۈندىن باشلاپ، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ رەيھانىدىنغا قارىتا مۇئامىلىسى سوغۇقلىشىپ قالدى. بۇنىڭدىن سىقىلغان رەيھانىدىن ئېلىكخان چاقىرمىغۇچە يېنىغا كىرمەيدىغان بولدى. ئۇلۇغ ھاجىپ خانىسىدا جايلاردىن كەلگەن ئەرزنامە، شىكايەتنامە، ئىلتىماسلارنى كۆرۈپ، ئېلىكخانغا مۇناسىۋەتلىكلىرىنى ئۇنىڭغا؛ يۇغرۇش، سۇباشىلارغا مۇناسىۋەتلىكلىرىنى ئۇلارغا يوللاپ بېرەتتى. دەرد ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ زارىنى ئاڭلاپ، ئېلىكخان ۋە يۇغرۇش باشى بىلەن كۆرۈشتۈرەتتى. لېكىن، ئۆزىنى تۇتۇپ، ئارتۇقچە گەپ قىلمايتتى. ئېلىكخان مەسلىھەت سورىمىسا، ئۇ نېمىدەپ ئېغىز ئاچسۇن. ئارىدىكى بۇ سوغۇقچىلىق قاچانغىچە داۋاملىشاركىن؟

مۇھەممەت ئارسلانخاننىڭ رەيھانىدىنغا بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى خوتۇنى بۇغراخانلار جەمەتىدىن بولغان ئەردەنى خاتۇن بولۇپ، ئۇ ھۆسەيىن ئارسلانخاننىڭ ئانىسى ئىدى. ئىككىنچى خوتۇنى چىگىل ئارسلانخاننىڭ قىزى سۆسەر ئايىبىكە ئىدى. ئۈچىنچى خوتۇنى سامانىيلار پادىشاھى نۇھ سانى بىننى مەنسۇرنىڭ قىزى قىلىچخان بولۇپ، قىلىچخان ئەسىر ئېلىنغانىدى. تۆتىنچى خوتۇنى بولسا، ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇملۇق قارلۇق يابغۇسى، يۇغرۇش بولۇنبەگنىڭ قىزى قۇماربىكە ئىدى. ئۇ مۇھەممەت ئارسلانخانغا ياتلىق بولغاندىن بېرى، ناز ـ كەرەشمىسى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. مانا شۇ نازىنىن خوتۇن ئاتىسى بولۇنبەگنىڭ قۇزئوردۇدا دارغا ئېسىلغانلىقىنى ئاڭلىغان

كۆندىن تارتىپ، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ بۇغراخانلىرىدىن قىساس ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئېرىنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي رام قىلىۋېلىش ئۈچۈن بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئاتىسى ئۈچۈن ئاشكارا ياش تۆكمىگەن، مۇھەممەد ئارسلانخانغا بىر ئېغىز گەپنى قىلمىغان بولسىمۇ، ئىشىدا كۈلۈپ، ئىچىدە قان يىغلايتتى. سەمەرقەنتتىكى جەڭدە يارىلىنىپ قاچقان بوزاغۇ ئايالچە كىيىنىپ بارسغان شەھىرىگە بارغاندا، قۇمارىيىكە ئاكىسىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىر مەزگىل قەسرىدە يوشۇرۇپ ساقلىغاندىن كېيىن، ئاختا قىلىنغان قۇللار قاتارىدا ھەرەمنىڭ ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئاغۋات قىلىۋالغانىدى. ئۇلار ۋاقىت تاپسىلا بىر - بىرىگە ئىچ - قارىنى تۆكۈپ، يۈسۈپ قادىرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن قەسەمياد قىلىشاتتى.

مۇھەممەد ئارسلانخان بۇ شەرەنداز خوتۇنىنىڭ ناز - كەرەشمىسىگە مەھلىيا ئىدى، ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسە تۇرالماي قالاتتى. قۇمارىيىكە بۇغراخانلار جەمەتىگە مەنسۇپ بولمىسىمۇ، ئۇنى «گۈزەللىك شاھى ئابىنچۇ خاتۇن①» دەپ باشقا خانىشلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئەزىزلەپ كېلىۋاتاتتى. نېمە دېسە شۇنى تەييار قىلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئاتىسى يۇغرۇش باشى قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولغان رەيھانىدىنىنى ئۇلۇغ ھاجىپ قىلىپ تەيىنلەتكۈزگەنىدى. قۇمارىيىكەنىڭ مەقسىتى رەيھانىدىنىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشتىن چەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ بۇ مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، رەيھانىدىنىنى ھە دەپ قارىلاپ، يوق ئەيىبلەرنى ئارتىپ، ئۇنىڭدىن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ رايىنى ياندۇرۇشقا كىرىشتى. ئەڭ يېقىن، سۆيگەن ئادىمىدىن يامان گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلى قالغان ئېلىكخان

① ئابىنچۇ خاتۇن ــ جەلپكار مەلىكە، كۆڭۈلنى ئالغۇچى گۈزەل ئايال.

رەيھانىدىنىدىن مەسلىھەت سورىمايدىغان، ئۇنى كىچىكەشلەرگە چاقىرمايدىغان بولدى. ئالدى ـ كەينىگە ئۆتۈپ تەزىم قىلىپ، كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ تۇرىدىغان دوقاقىبەگنى يېنىغا تارتىپ، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالىدىغان بولدى.

رەيھانىدىن بۇنى تۇيغانىدى. ھەرەم قەسىرىدىن سارايغا ھەر كۈنى كىچىكىپ چىقىۋاتقان، ئاۋامنى، ئەلنى ئۇنتۇپ ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىۋاتقان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن غەم يەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئېلىكخانلىق بۇرچىنى ئادا قىلمايۋاتقانلىقىدىن ئاچچىقلانسىمۇ، بۇ ھەقتە گەپ قىلىشنىڭ ۋاقتى ئەمەسلىكىنى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ھېس قىلاتتى. ئوردۇكەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ بۇغرا قاراخانغا مەلۇم قىلىشنىمۇ توغرا تاپمايتتى. ئۆزى ئېلىكخان قىلىپ تەيىنلىگەن ئوغلىنىڭ ئۈستىدىن مەلۇمات بېرىشنى رەيھانىدىن قانداقىمۇ خالىسۇن؟! سەۋر قىلىپ تۇرسا ئاقىۋىتى بىر يەردىن چىقار.

ئەھمەد تۇغانخان سانى بىلەن ئەلى تېگىننىڭ سۈيىقەستلىك تۇيلىكى مەغلۇپ بولغاندا، ئۇمىد ـ ئىشەنچكە تولغان رەيھانىدىننىڭ كۆڭلى مۇھەممەد ئارسلانخان ئېلىكخانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندا يەنە يېرىم بولۇپ قالغانىدى. جەڭگاھلاردا ھېچكىمگە بوي بەرمەيدىغان ئالىپ، مەردانە شاھزادىنىڭ بۇنچە بىپەرۋالىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئېزىتقۇلار توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزەتتى.

ئىنساننى ئىككى نەرسە ئازدۇرىدۇ: بىرى، گۈزەل نازىنىن ئايال، يەنە بىرى، پۇل ـ بايلىق.

نازىنىن ئايالنىڭ دامىغا چۈشكەن ئەرنىڭ ئۆمرى كوتا، ئېچىنىشلىق بولىدۇ. پۇل ـ بايلىقنىڭ دامىغا چۈشكەن كىشىنىڭ ئۆمرى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ، خاتىرجەم بولالمايدۇ. رەيھانىدىن مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىكخاندىن ئەنسىرەيتتى، تەشۋىشلىنەتتى. ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ھاجىپلىق

ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلالمايۋاتقانلىقىدىن ئازابلىناتتى. بۇ ئەمەلدىن كېچەي دېسە، مەلىكۇل مەشرىق شۇ ۋەزىپىگە قويغان، ئوغلىغا ھەم مەسلىھەتچى، ھەم يول كۆرسەتكۈچى بولۇشنى تاپىلىغانىدى. كەچمەي دېسە، مەسلىھەتچىمۇ، يول كۆرسەتكۈچىمۇ بولالمايۋاتاتتى.

رەيھانىدىنغا سەۋر قىلىشتىن باشقا يول قالمىغانىدى.

# ئون ئالتىنچى باب

# ئوردۇكەنت

## 1

رەيھاندىن ئوردىدىن قايتقاندا، ئىشىك ئالدىدا ئۇنى ھەرقاچانقىدەك يۈسۈپ ساقلاپ تۇرغان بولاتتى. ئاتا بۇ يالغۇز ئوغلىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، قەدىرلەيتتى. بەگتۆمۈر قېرىپ، گەپ ـ سۆز خۇشياقماس بولۇپ قالغاندىن بېرى، يۈسۈپ ئاتىسىنىڭ سىر تۆتمايدىغان سۆھبەتدىشىغا ئايلىنىپ قالغاندى. ئۇ ساۋاقداشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھاكىمە، مۇنازىرىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، يازغان شېئىر ـ نەزمىلىرىنى ئوقۇپ ئۇمىدلەندۇرەتتى. بۇ يىل ئەنە شۇنداق تېپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى.

يۈسۈپ ئون تۆتكە كىردى، تىنىم تاپماس ياشلىقنىڭ ئالتۇن بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى، بويى ئۆسۈپ، بۇرۇتى خەت تارتىشقا باشلىغانىدى، تىلىكىگە تىلەك، ئويىغا ئوي قوشۇلغانىدى. ئوقۇيدىغان كىتابلىرى ئاۋۇپ، يازىدىغان بېيىت ـ نەزمىلىرىمۇ كۆپەيگەنىدى. يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپ، ئۇ بويىلۇق يىگىت بولۇپ قالدى.

ئەبۇ يۇتۇھ مەخدۇم بۇ شاگىرتىنى نورۇز ئاخشىمى ئۆيىگە كۆچە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. يۈسۈپ چۈشتە ئۆيىگە كەلگەندە ئانىسىغا بۇگۈن كەچرەك كېلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

— نورۇز ئېشىنى بۈگۈن كەچ بىز بىللەن بىللە يېمەيدىكەنسەن ـ دە، بالام؟ — دېدى يابىرا ئۆكۈنگەن قىياپەتتە، چىرايلىق كىيىنىپ، بويۇندىق باغلاپ چىققان ئوغلىغا زوقلىنىپ

قاراپ.

— كىشى قارا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى، ئابا. بارمىسام ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولمامدىمەن؟ ئاتامغا بۇ ئۆزرەمنى ئېيتىپ قويغىن.

يۇسۇپنىڭ ئاپتاپتەك خۇش چىرايىدا چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرىنىڭ مېھرلىك بولۇقىغا چۆمۈلگەن ئانا، ياق، دېيەلمىدى.

— ماقۇل، بالام. قۇشناچىمغا سالىمىمنى يەتكۈزگىن، يېڭى يىلنى مۇبارەكلەيمەن. كەچ قالماي قايتىپ كېلەرسەن. ئاتاڭ نورۇز شەرىپىگە كالا — قوي سويدۇرماقچى. ھەممە تۇغقانلار — ئاچىلىرىڭ، قېيىنئاكىلىرىڭ، ھەتتا ئاغرىق ئاتامۇ، ئاشانبۇقا، بۇدراچ موماپلارمۇ كەلمەكچى. ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ تونۇگۇنلا تەكلىپ قىلىپ قويغانىدىم. سېنىڭ يوقلۇقىڭنى بىلىپ ئۇلار نېمىدەپ قالاركىن؟ خەيرىيەت، يولۇڭغا قارايمەن، ئوغلۇم.

— كەچ قالمايمەن، ئابا، خوش، — يۇسۇپ ئىتتىك قورۇدىن چىقىپ مەدرىسەگە كەلدى. ئۇ ئىككى مۇدەررىستىن تارىخ، ئىلمىي نۇجۇم دەرسلىرىنى ئوقۇدى. نامازدىگەرنى مەدرىسەدە ئوقۇپ، ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ئىشىكتىن كىرىشىگە ھويلىغا سۇ سېپىۋاتقان ئاقبىرا يۇسۇپكە شۇنداق بىر قاراپ قويۇپلا ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆتكەن يىلدىن بېرى يۇسۇپ كەلسىلا ئەنە شۇنداق قاچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ قىزلىق تۇيغۇسىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا كۈچىيىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمەسمىكىن؟

— قىزىم، نېمىشقا قاچىسەن، بۇ ئاكاڭ يۇسۇپقۇ؟ قولىغا سۇ قويۇپ بەرگىن، — دېدى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم يۇسۇپنى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان كۇتۇپخانىسىغا باشلاپ. ئۇ يۇسۇپ كەلسىلا مېھمانخانىسىغا باشلىماي، مانا شۇ خىلۋەت ئۆيىگە باشلايتتى. تۆت تېمىدىكى ئويۇق ـ تەكچىلەر كىتاب بىلەن تولغان بۇ ئۆي يۇسۇپ ئۈچۈن بەجايىدىكى سېھرلىك قەسىر ئىدى.

ئاپتوۋا ـ چىلاپچا كۆتۈرگەن ئاقبىرا كىرىپ ئۇنىڭ قولىغا سۇ بەردى. يۇسۇپ ئاقبىرانىڭ بوي تارتىپ ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكىنىنى كۆردى. ئۇ ئۇن تۆت ياشقا كىرگەنىدى. رەسىدە بولۇپ قالغاچقا، ھايادىن قىزىرىپلا تۇراتتى. ئاقبىرا شۇ ئان ئاقۇچ يۇزلىرى شاپتۇل چىچىكىدەك رەڭ ئېلىپ يەرگە قارىۋالغانىدى. يۇسۇپ قولىنى يۇيۇۋېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. قىزنىڭ ئۇياتچان كۆزلىرى بىلەن يۇسۇپنىڭ ئويچان كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. ئىزا تارتقان قىز كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. يۇسۇپ ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىغا تىكىلىپلا قالغانىدى. قولىغا شارىلداپ سۇ قۇيۇلۇۋەردى. ئۇ بىردىن ئېسىگە كېلىپ قولىنى تارتىۋېلىپ، لۆڭگە بىلەن ئېرتتى. بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ، ئۇستازى كۆرسەتكەن يېكەندازدا ئولتۇردى.

كۆچە بەكمۇ ئوخشىغانىدى. چامغۇر، يۇمغاقسۇت، توشقان گۆشى سېلىنغان بۇ نورۇز ئېشى شۇنداق ئىچىشلىك، مەززىلىك بولغانىدىكى، يۇسۇپنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ھوزۇرلىنىشتىن يايراپ كەتتى. شۇ چاغدا ھويلىغا ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ كەلگەن قىز ـ جۇۋانلارنى قۇشناچىم چوڭ مېھمانخانىغا باشلاپ ئولتۇرغۇزدى.

— قىزىمنىڭ ئانىسى بۇ نورۇز كېچىسىنى ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن تۈنەپ ئۆتكۈزمەكچى، — دېدى ئەبۇ پۈتۈھ مەخدۇم، چىقىپ كېتىۋاتقان ئاقبىرانىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان يۇسۇپكە. ئۇ ۋىلىلدە قىزىرىپ دېدى:

— بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ ئۆيگىمۇ بارلىق تۇغقانلار يىغىلىپ، نورۇز كېچىسى ئۆتكۈزمەكچى. ئۇلار مېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان بولسا كېرەك. ئەمدى قايتاي، ئۇستازىم.

— ماقۇل، بالام. كېلەر يىلىمۇ بىزگە نورۇز كۆجىسىنى بىللە ئىچىشكە تەڭرىم نېسىپ قىلسۇن.

ئەبۇ پۈتۈھ مەخدۇم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يۇسۇپنى ئۇزىتىپ

قويدى.

مۇشۇ تاپتا كوچا ـ كوچىدىن مەشئەل كۆتۈرۈپ چىققان ئۆسمۈرلەر، ياشلار «قوۋۇقى باشا» غا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. بادرا باغاچىنىڭ ئۇچىغا باغلاپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويغان ياغلىق قاپاق لاۋۇلداپ كۆيۈپ، بالاساغۇن كېچىسىنى سىرلىق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. يۈسۈپ ئۆيىگە قاراپ قەدىمىنى تېزلەتتى. «بەگبۇقا مەھەللىسى» دىكى بالىلار، يىگىتلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى ...

كېلەر يىلى يۈسۈپكە ئۇستازىنىڭ ئۆيىدە كۆجە ئىچىشكە نېسىپ بولمىدى. ئۇ كۆجىنى شەرقنىڭ مەدەنىيەت بۆشۈكى، مەرىپەت بۇلىقى بولغان قەشقەردە ئىچتى. بۇ گۈزەل ئاستانىنىڭ ئوت يۈرەك ئەزىمەتلىرى بىلەن بىللە نورۇز كېچىسىنى ئۆتكۈزدى ...

يۈسۈپنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىشنى ئۇزاقتىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان رەيھانىدىن ھەر يىلى بىر ئېلىپ بارغۇسى، بۇغرا قاراخان ۋە مەشھۇر ئۇستازلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرغۇسى، ئىلھاملاندۇرۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ كامال تاپتۇرغۇسى كېلەتتى. ئەمما، ئىشنىڭ كۆپلۈكى، ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر ئۇنى بۇ ئارزۇسىغا يەتكۈزمەيۋاتاتتى. بوسۇغا داۋاندىن ئاتلاپ چىقماقمۇ تەس بولۇۋاتاتتى...

قۇمارىبىكەنىڭ ناز ـ كەرەشمىلىرىگە ئەسىر بولغان مۇھەممەد ئارسلانخان بارغانسېرى ئاۋامدىن يىراقلىشىپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىۋاتاتتى. سەمەرقەنت، ئۆزكەنت، دەشتى قىپچاق، خارەزمدىن ئىبارەت كەڭ زېمىننىڭ ئېلىكخانى بولغان بۇ شاھزادە ئۇ جايلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى. قۇمارىبىكەنىڭ دەۋىتى، دوقاقبەگنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۇ جايلارغا كۆپرەك قارلۇق، قىپچاقلاردىن سۇباشى، ھاكىم، ئەمىرلەرنى بەلگىلەپ، ئۆزىچە ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن بولدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان ئېلىكخان بولۇپ يەتتىنچى يىلى رەيھانىدىن قەشقەرگە بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا ئۈچ ئاي ئىستىقامەت قىلىپ كېلىشنى سەۋەب قىلىپ، مۇھەممەد ئېلىكخاندىن رۇخسەت سورىدى.

— بېرىڭ، ئۇلۇغ بوۋامىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ، ماڭا ئامەت تىلەپ كېلىڭ، — دېدى ئۇ تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن. لېكىن، بۇغرا قاراخان ئاتامغا سالىمىنى يەتكۈزۈڭ دېگەن سۆزنىمۇ قىلمىدى.

ئېلىكخانىنىڭ رۇخسەت قىلماسلىقىدىن خەۋپسىرىگەن رەيھانىدىن ئۇنىڭ بۇنچە بىپەرۋالىقىدىن ھەيران قالغان ھالدا سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى. يۇسۇپ ناھايىتى خۇشال ئىدى. بويانقار بىلەن ئادار باشلىق ئون كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان رەيھانىدىن سەيشەنبە ئەتىگەندە يولغا چىقتى. ھاۋا تېخى سوغۇق ئىدى. ھۆت ئېيى بولغاچقا، بەدەلئارت داۋىنىدىكى قارلار ئېرىمىگەنىدى. بۇ يۇسۇپنىڭ ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان داۋاندىن تۇنجى قېتىم ئۆتۈشى ئىدى.

## 2

قەشقەر ئۇ چاغلاردا ئوردۇكەنت، كاشغەر دېگەن ئىككى خىل نام بىلەن ئاتىلاتتى.

چاسىدىكى قىشلىق ئوردىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئەلچىخانا دەپ ئاتىلىدىغان يەردە، باشقا ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرى ئولتۇراقلاشقان ئازادە كوچا بار ئىدى. ئوردا ئالدىدىكى بۇ كوچىدىن ئۆتسىلا ھېيتگاھ دەپ ئاتىلىدىغان گۈلزارلىق مەيدانغا چىققىلى بولاتتى.

ئوردۇكەنتنىڭ شىمالىنى بويلاپ ئاقىدىغان تۇمەن دەرياسىدىن ئېلىنغان ئۆستەڭ ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ غەربىدىن ئۆتۈپ، يەنە تۇمەن دەرياسىنىڭ شەرقتىكى ئېقىنىغا قوشۇلاتتى.

ئەسكى ھىسار① قىزىل دەرياسىغا ھەر يىلى كېلىدىغان كەلكۈننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن چۆللىشىپ، چاسىنى مەركەز قىلغان يېڭى شەھەر ـــ ئوردۇكەنت يىلىپىرى ئاۋاتلاشماقتا ئىدى ...

رەيھانىدىن ئورداخالىدىكى كۆل ياقىسىغا سېلىنغان قېيىنئاتىسى بەگتاش ئابدۇللا داموللىنىڭ باغلىق قورۇسىغا چۈشتى. ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، ئىسسىق چىراي كىشى ئۇلارنى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈۋالدى. بۇ بەگتاش ئابدۇللا دامولىنىڭ ئىنىسى بەگتاش جالالىدىن ئىدى. رەيھانىدىننىڭ قەشقەردىكى تىجارىتىنى مۇشۇ قېيىنئىنىسى باشقۇراتتى. رەيھانىدىن خەۋەر تېپىپ پەتىگە كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلەر بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئەھۋاللاشتى. گەپ ئارىسىدا بۇغرا قاراخاننىڭ بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ غەم ـ ئەندىشىدە قالدى. قەشقەرگە كەلگىنىگە شۇنچە خۇشال بولغان يۈسۈپمۇ مەيۈسلىنىپ تازا ئېچىلالمىدى. كېچىچە بۇغرا قاراخاننىڭ بالاساغۇنغا بارغان ۋاقتىدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىنى، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشقان دەملەرنى ئويلاپ چىقتى. «ئاجايىپ مەردانە، بىلىملىك پادىشاھ ئىدى. كىچىكلىكىمگە قارىماي، مەن بىلەن سۆزلىشىپ، تەلەپلىرىمگە ئېتىبار بىلەن قارىغانىدى. قانداق كېسەل بولۇپ قالغاندۇ؟ ...»

ناماز بامداتقا ئېيتىلغان ئەزان ئەمدىلا كۆزلىرى يۇمۇلغان يۈسۈپنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇلار دېرىزىلىرى گۈلزارلىق ھويلىغا قارايدىغان مېھمانخانا ئۆيدە ياتقانىدى. رەيھانىدىن ھويلىدىكى ئەۋرەزدە② تەرەت ئېلىۋاتاتتى.

قەشقەرنىڭ كۆكلەم ۋاقتىدىكى سەھىرى غۇر ـ غۇر شاماللىق

---

① ئەسكى ھىسار ـــ كونا شەھەر، كونا بازار.

② ئەۋرەز ـــ يۇز ـ قولنى يۇيىدىغان، چوڭقۇر كولاپ ياسالغان تازىلىق ئورنى.

بولىدۇ. قىيا ئېچىپ قويۇلغان دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان يۈسۈپ ساپ ھاۋانى سۈمۈرۈپ ـ سۈمۈرۈپ دەم ئالدى. ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ناماز بامداتنى مەسچىتتە ئوقۇپ كىرىپ، ئەتىگەنلىك چاينى ئىچتى ـ دە، ئوردىغا قاراپ ماڭدى. ئوردا ئىشىكى پارقىراپ كۆرۈنگەندە، يۈسۈپنىڭ ۋۇجۇدىنى ھاياجان چۇلغىۋالدى. يېقىنلاپ كەلگەنسېرى، ئىشىكتىكى ئويما، كۆپتۈرمە نەقىشلەر، سىرلىق تۇچ ھالقىلار ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە، ئېگىزلىكى ئون توققۇز غۇلاچ كېلىدىغان ئىككى خىش مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مۇنارنىڭ ھەر ئۈچ غۇلاچ يېرىگە بىردىن كۆزنەك قويۇلغانىدى. بۇ كۆزنەكتىن بىر قاراۋۇل دەرۋازىدىن كىرگەن ـ چىققانلارغا قاراپ تۇراتتى. مۇنارنىڭ ئۈستى سالاسۇنلۇق بولۇپ، دۈگىلەك شەكىلدە ئىدى. بۇ مۇناردا قاراۋۇللۇق قىلىدىغانلارنىڭ كۆزى ئىنتايىن روشەن، يىراق ـ يىراقلارنى كۆرەلەيدىغان، تاللانغان نۆكەرلەر ئىدى. بالاساغۇندا بۇنداق مۇنار ئوردا ئىشىكى يېنىغا ئەمەس، شەھەرنىڭ دۆڭرەك يېرىگە ياسىلىپ «قارغۇي» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى يۈسۈپ ئېسىگە ئالدى. ئۇ مۇناردىن كۆزىنى ئېلىپ ماڭغاچ، ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدىكى قاراۋۇللارغا سەپسالدى. ئوردا ئىشىكىنىڭ ئوڭ قانىتى تەرەپتە ئۈچ قاراۋۇل گۈرزىنى تۇتۇپ تۇراتتى. سول قانىتى تەرەپتىكى ئۈچ قاراۋۇل ئۇچلۇق نەيزە كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇلار قەشقەر چەكمىنىدىن شىم ـ كەمزۇل، بېشىغا ئاق سەللە ئورالغان سىيدام بۆك كىيگەنىدى. پۇتىدا كۆن ئۆتۈك، بېلىدىكى كەمەرگە قىلىچ ئېسىۋالغانىدى.

رەيھانىدىن يېقىنلاپ كېلىپ قاراۋۇللارغا سالام بەردى ۋە مەلىكۇل مەشرىق ئۇلۇغ بۇغرا قاراخانىنىڭ ئەزىز دەرگاھىغا بالاساغۇندىن سالامغا كەلگىنىنى بىلدۈردى.

باشتىكى قاراۋۇل «بىر پەس ساقلاپ تۇرۇڭ» دېگەن مەنىدە ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ئوردىغا كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئوردا قاراۋۇللار بېگى چىقىپ، ئۇلارنى مەرمەر

تۇۋرۇكلۇك كاتتا دىۋانخانىغا باشلاپ كىردى. ئىشىك ئاغىسى تۇردىئاخۇن ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. بالاساغۇندىن كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
— مەلىكۇل مەشرىق ئالىيلىرى پادىشاھ ئەمچىخانىسىدا داۋالىنىۋاتىدۇ. سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى نائىب بۇغرا قاراخان بولۇپ ئەلنى سوراۋاتىدۇ، تەقسىر.
— بىز ئاۋۋال مەلىكۇل مەشرىق ئالىيلىرىغا سالام بېرىپ، ئاندىن نائىب بۇغرا قاراخاننىڭ خىزمىتىدە بولايلى، — رەيھانىدىن ئولتۇرمايلا، يۇسۇپ بىلەن ئوردىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەمچىخانىغا كەلدى.
گۈمبەز شەكلىدە سېلىنغان يېشىل كاھىشلىق بىنا ئىچى جىمجىت ئىدى. ئەمچى باشى:
— بۇغراقاراخان ئالىيلىرىنىڭ ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس، كىرىشكە بولمايدۇ، — دەپ ئۇلارنى توسۇپ قويدى.
— قۇز ئوردۇدىن ھاجىبۇل ھۇججاب ئوغلى بىلەن سالام بەرگىلى كەپتۇ، دەپ كەلگىنىمىزنى ئالىيلىرىغا خەۋەر قىلغان بولسىلا، — دېدى يۇسۇپ بىتاقەت بولۇپ.
— ماقۇل، ساقلاپ تۇرۇشقايلا.
رەيھانىدىن ئەمچىخانىنىڭ بىر ئۆيىدە خېلى ئۇزاق ساقلىدى. بىر چاغدا ئەمچى باشى ئىشىكتىن كىرىپ:
— قېنى مېڭىشسىلا، خاقان ئالىيلىرى كۈتۈپ قالدى، — دېدى.
رەيھانىدىن بىلەن يۇسۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار بۇغراخانلار جەمەتى داۋالىنىدىغان خاس ئۆينىڭ خىشلىق پايىسىنى بېسىپ دەھلىزگە، ئاندىن تىمتاس ياتاق ئۆيگە كىرىشتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەلىكۇل مەشرىق ئالىيلىرى، ئاللا ئۆزلىرىگە سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، رەيھانىدىنبەگ، بالام يۇسۇپ،

ئۇلتۇرۇڭلار، — يۇسۇپ قادىرخان ئىككى قولىنى تىرەپ بېشىنى سەل كۆتۈردى. چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن بۇغرا قاراخاننىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ياڭاق سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققاندى، چىرايى سارغىيىپ قالغاندى. «خاقان ئەجەب ياداپ كېتىپتۇ، كېسىلى خېلى ئېغىر ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان رەيھاندىنىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، باش سىلىپ ئولتۇرغىنىچە زۇۋان سۈرەلمىدى. ئۇنىڭ تىلىكىنى يۇسۇپ ئىزھار قىلدى:

— بۇغرا قاراخان ئاتا، ئالىيلىرى بىلەن دىدارلاشقىلى خېلى بۇرۇنلا كەلمەكچىدۇق. تۇرلۇك - تۇمەن ئىشلار ئاتامنىڭ يولىنى توسۇپ قويۇپ كېچىكىپ قالدۇق. مۇبارەك دىدارلىرىغا شۇنچە تەشنا بولۇپ كەلگىنىمىزدە كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتىلا، شۇنداقتىمۇ مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز ئورنىغا چۈشتى. ئەلنىڭ بەختىگە شىپالىق تېپىپ، ئاۋامنى ئادالەت ۋە شەپقەتلىرىدىن مەمنۇن قىلغايلا، — يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى. بۇغرا قاراخان «ئولتۇرۇڭ» دېگەن مەنىدە قولى بىلەن ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن، يىگىت تۆمۈر رەڭ بەقەسەم تونىنىڭ پەشلىرىنى تىزىغا باستۇرۇپ يۈكۈندى.

— بەللى، بەللى بالام، چوڭلا ئالىپ يىگىت بولۇپ قاپسىز، ئاتىڭىز بىلەن مېنى كۆرگىلى كەلگىنىڭىزدىن غايەت خۇش بولدۇم، — يۇسۇپ قادىرخان ئوچۇق پىكىرلىك ، ئويچان نەزەرلىك يۇسۇپنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەكرەك پاراسەتلىك ئىكەنلىكىگە قايىل بولغان هالدا، سەل هاسىراپ سۆزىنى ئاستا داۋام قىلدى، — بۇ دۇنياغا تۆرەلگەن ئىنسان ئەجەل شارابىنى ئىچمەي قالمايدۇ، ئەجەل شارابىنى ئىچىش ئەسلىگە قايتىش دېگەنلىكتۇر. مەنمۇ ياشانغانسېرى ئەجەل شارابىنى سېغىنىپ قالغاندىم. بۇنى بىلگەن ياراتقۇچى ئىگەم ئاللا مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، كېسەلگە مۇپتىلا قىلىپ، ئۇ دۇنياغا كېتىشىمنىڭ يېقىنلاشقىنىدىن بېشارەت بەردى. بۇنىڭدىن هەرگىز نارازى ئەمەسمەن. ئاللا ئاتا قىلغان ئۆمرۈمدە، ئاۋامغا زۇلۇم قىلمىدىم،

بارلىق تىرىشچانلىقىم بىلەن ياخشىلىق قىلدىم، ئېغىر يۈكنى يېنىكلەتتىم، قارا كۆڭلىنى ئاقارتتىم. ئەسلىم ـ پەخرىم بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىر دىن ئاستىدا ئىتتىپاقلاشتۇردۇم. شەھەرلەرنى ئاۋات قىلدىم. جەڭگى ـ جېدەلنى توسۇپ، ناھەق قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالدىم. مەسلىھەتسىز، كېڭەشسىز ئىش قىلمىدىم. ئەلگە ۋە ماڭا دۈشمەنلىك قىلغان، ئارىنى بۇزغانلارغىمۇ كەڭ قورساقلىق قىلدىم. بۇنىڭدىن قىلچە ئەپسۇسلانمايمەن. ئەمما، مېنىڭ بۇنداق ياخشى نىيەت، ياخشى ئارزۇدا كەڭ قورساقلىق قىلىشىم بىر قىسىم قارا نىيەتلەرنىڭ مۇناپىقلىق بىلەن يۇقىرى ئەمەل، كاتتا ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرىنىڭ جازاسىنى تارتىشقا لايىقمەن، مېنى يىقىتقان بۇ كېسەلمۇ ئەنە شۇ جازانىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەن بۇنىڭغا سەۋر قىلىمەن، ئەلۋەتتە.

سۈكۈتتە ئولتۇرغان رەيھاندىن قول قوۋۇشتۇرۇپ دېدى:

— مەلىكۇل مەشرىق ئالىيلىرى، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، ئادىل، جاسارەتلىك، جۇرئەتلىك خاقانلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىز بېسىپ تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن بۈگۈنكى كۈندىكىدەك كۈچ ـ قۇدرەتكە، كەڭ زېمىنغا، باياشات تۇرمۇشقا ئىگە بولغاندۇر. ئاللا بەندىلىرىگە شۇنىمۇ ئىرادە قىلدىكى، پادىشاھقا ئاسىينى؛ بايغا ئوغرى ـ قاراقچىنى؛ سېخىي، مەردانىلەرگە بېخىل، تەمەخورنى؛ ئادىل، ھەققانىيەتچىلەرگە قارا نىيەت، نامەردلەرنى كۈشەندە قىلىپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ خىلمۇخىل مەنزىرىسىنى بەرپا قىلغاندۇر. ئالىيلىرى ئەلگە مېھىر ـ شەپقەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، بۇ مەنزىرىلەرگە گۈزەل كۆرۈنۈش بەردىلە. قانخورلار باشلىماقچى بولغان ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاۋامغا ئامانلىق بەخش ئەتتىلە. بۇ ھەرگىز گۇناھ ياكى سەۋەنلىك ئەمەس، بەلكى ساۋابلىق، ئەلگە مەنپەئەتلىك بۈيۈك ئىشلاردۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن،

تـوققۇز ئوغـۇز، ئۇيغۇر قـەبىلـىلـىرى ئـۆزلـىرىدىـن ناھايىتـى مىـنـنـەتدار.

ـــ يوقسۇ، رەيـھانـىدىـنبەگ. مەن ئـەل مىنـنـەتدار بولـغـۇدەك نـېمە ئـىش قىلـىـپ بېرەلـىدىم؟ ـــ بېشـىنى چايـقىدى يۇسـۇپ قادىرخان. ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىنى ھەسرەت ـ نادامەت بۇلۇتـى قاپلىدى، ـــ قىلغانلىرىم ـــ شاھلىق بۇرچۇمنىڭ يېرىم ـ يارتا ئادا بولۇشـى، خالاس. بۇ توغـرۇلۇق گەپ قـىلىساق، گـېپىمـىـز ئۇزىراپ ئاخىـرىغا چىـقالماي قـالىمـىـز. كۆز ئالـدىمىزدىكـى ئەھۋاللار توغرۇلۇق پاراڭلىشـايلى، سىلـەرنى كۆرۈپ سـاقىيىـپ قـېلىۋاتـىمەن. قۇزئـوردۇ، سـەمەرقەنـت تـوغرۇلـۇق سـۆزلـەپ بېرىڭلار. ئىبراھىم تېگىنىدىن خەۋەر ئاڭلىدىڭلارمـۇ؟ كۆڭۈلنـى خـۇرسەن قـىلـىدىـغـان نـېمـە گـەپ ـ سـۆزۈڭلار بـار؟ ئـاڭـلاپ كېسىلىمگە داۋا قىلاي.

رەيھانىدىن بۇغرا قاراخانىنىڭ سوئاللىرىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي ئويلىنىپ قالدى: «نېمە دېسەم بولار؟ مۇھەممەد ئارسلانخانىنىڭ بېپەرۋالىقىنى دەيمۇ يا ئۇنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ دۆلـەت خەزىنىسىنى بۇزۇپ ـ چېچىۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپلاندۇرايمۇ ياكى لاتىپۇرۇش①، تارىقچىلاردىن ئېلىنىدىغان سېلىقنى كۆپەيتىپ، ئەلدە نارازىلىق تۇغدۇرغانلىقىغا دىققەت ـ نەزىرىنى تارتايمۇ؟ زالىم، خىيانەتچى، كاززاپ، كۆرەڭ ئادەملەرنى مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇپ، ياخشى نىيەتلىك ساداقەتمەن ئەمەلدارلارنى چەتكە قېقىۋاتقانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرايمۇ ۋە ياكى خانىش قۇماربىكەگە ئاتىنىڭ چۈلۋۈرىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئەل بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلايمۇ؟ ناھايەتكى، بۇ دېمەكچى بولغانلىرىم بۇغرا قاراخانىنىڭ كېسىلىگە شىپا بولسا! ياق، ياق، بۇلارنى دېسەم ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، ساقايغىچە كۈتەي».

① لاتىپۇرۇش ـــ سودىگەر (تىجارەتچى).

رەيھاندىن مىنۇت ئىچىدە ئەلەملىك خىيال دېڭىزىدىن ئۈمىد قىرغىقىغا چىقتى. «دېمەكچى بولغانلىرىم چوقۇم بۇغرا قاراخاننى خۇش قىلىشى، كېيىلىنى يېنىكلىتىشى كېرەك» دەپ ئويلاپ:

— مەلىكۇل مەشرىق ئالىيلىرى، پەرزەنتلىرى مۇھەممەد ئارسلانخان كۆك بۆرە كۆردى، — دېدى.

— ئوغۇل پەرزەنت كۆردىمۇ؟ ئەمدى بۆرىسى ئىككى بوپتۇ ـ دە. بىر ـ بىرىگە قانات بولۇپ ئۆتكەي، ئىلاھىم. مېنىڭ ئۇ نەۋرەمنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ، — يۈسۈپ قادىرخاننىڭ سولغۇن چېھرىدە ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ يەنە ئىككى قولىنى تىرەك قىلىپ بېشىنى كۆتۈردى، — بۇ ئوغلۇمنىڭ نەۋرىسى مېنىڭ قېشىمدا. ئۆزىمۇ ئون ئالتە يېشىدا پەرزەنتلىك بولغانىدى، تەڭرىنىڭ ھېكمەتلىرى نېمىدېگەن قىزىقارلىق ـ ھە! مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ يېڭى كۆرگەن پەرزەنتى ئۆز نەۋرىسىدىن توققۇز ياش كىچىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. بۇنىڭدىن بەك خۇش بولدۇم.

— بۇغرا قاراخان ئاتا، ئۇ ئەۋرىلىرى ئوقۇۋاتامدۇ؟ — سورىدى پاراڭغا سەما بولۇپ ئولتۇرغان يۈسۈپ.

— ھەر جەھەتتىن تەربىيەلىنىۋاتىدۇ، بالام.

— بىز كۆرۈشەلەك بولامدۇ؟

— بولىدۇ، لېكىن ھازىر ئۇ خانلىقىمىزنىڭ يازلىق ئارامگاھى بولغان ئوپالدىكى چارباغدا چەۋەندازلىقنى ئۆگىنىۋاتىدۇ.

— چەۋەندازلىقنى؟ — يۈسۈپنىڭ ئەگىم قاشلىرى سەل كۆتۈرۈلدى، — ئىسمىشەرىپىنى بىلىشكە بولامدۇ؟

— مەھمۇد، بالام، — يۈسۈپ قادىرخان ئۇنىڭ نېمىشقا ئەجەبلەنگىنىنى بىلىپ دېدى، — ئەۋرەم ساڭا ئوخشاشلا بىلىك ئاشىقى. كۈز، قىش مەزگىللىرىدە ئوردۇكەنتتىكى ساچ مەدرىسەدە بىلىك ئۆگىنىدۇ. يازدا ئوپالغا بېرىپ چەۋەندازلىقنى

مەشىق قىلىدۇ. ناھايىتى چىچەن. بۇ يىل ئەتىيازدىلا، ئوپالدا سىپاھلىرى بىلەن تۇرۇۋاتقان ئاتىسى ئېلىپ كەتكەندى. ئانىسىنى سېغىنىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— نەۋرىلىرى ھۈسەيىن تېگىنمۇ يانلىرىدا تۇرۇۋېتىپتۇ - دە، ئالىيلىرى، مەن قەشقەرگە دەسلەپ كەلگىنىمدە چەۋەندازلىقنى ئۆگىنىۋاتقان بالا ئىكەن. ھازىر بالىلىق بوپتۇ، — سۆز قاتتى رەيھانىدىن. ئۇ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ پەرزەنت - نەۋرىلىرى توغرۇلۇق گەپ بولسا، كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ شۇنداق دېدى.

— ئوغلۇم مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئارزۇلۇق بالىسى بولغان ھۈسەيىن تېگىن كىچىكىدىن مېنىڭ يېنىمدا تەربىيە تاپقان، — روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان بۇغرا قاراخان ھەۋەسلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — ئۇنى ئۆيلەپ قويغاندىن كېيىن ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىگەنىدىم، پەرمانبەردارلىق بىلەن خىزمەت قىلدى. بولۇپمۇ، ئۇدۇن شاھلىرى چوقتى رىشىت، نوقتى رىشتىلەر ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ كەلگەندە، پىداكارلىق كۆرسىتىپ تەڭداشسىز چەۋەنداز، قابىل سەركەردە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. نەۋرەمنىڭ قورقۇمسىز، جاسارەتلىك سەركەردە بولۇپ يېتىشكەنلىكىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم. «چاغرى تېگىن» دەپ نام قازانغان بۇ نەۋرەمنى «تايانغۇلار كېڭەشى»نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سۇباشى قىلىپ تەيىنلىدىم. ئۇ بىر تۈمەن ئىككى مىڭ نۆكىرى بىلەن يازلىق ئارامگاھىمىز ئوپالدا تۇرۇپ كەلمەكتە. ئەۋرەم مەھمۇدمۇ ئوپالنىڭ ئازىق كەنتىدىكى چار باغدا تۇغۇلغان. مەنمۇ ھەر يىلى يازدا ئوپالغا بېرىپ سەير قىلىپ كېلىمەن. تولىمۇ خۇش ھاۋا، مەنزىرىلىك ئارامگاھ ئۇ.

بۇغرا قاراخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يۈسۈپنىڭ ئوپالغا بارغۇسى، مەھمۇد تېگىن بىلەن كۆرۈشكۈسى كېلىپ قالدى.

يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كېسىلىدىن ئەنسىرەپ قېلىشقان

تېۋىپلار ئۇنىڭ مېھمان ئاتا ـ بالا بىلەن كۆرۈشۈپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانلىقىغا زەن قويۇشتى، ئۇن چىقماي كۆزىتىپ تۇرۇشتى.

رەيھانىدىن بۇغرا قاراخاننى چارچىتىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ خوشلىشىپ ماڭماقچى بولدى.

ـــ مەلىكۇل مەشرىق ئالىيلىرى، مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرۈپ، قىممەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، تەشنا يۈرىكىمىزنىڭ چاڭقىغى قاندى. ئەمدى رۇخسەت قىلغان بولسىلا، ئارام ئېلىشلىرىغا دەخلى قىلمىساق، ـــ رەيھانىدىن يۇسۇپكە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ يېنىدىكى بىر جۈپ گۈللۈك خۇمرىنى ئېلىپ تەۋەززۇ بىلەن:

ـــ بۇغرا قاراخان ئاتا، ئالىيلىرىغا بوۋام ئۆزى سالغان گۈلقەنتتىن ئېلىپ كېلىۋىدۇق، ـــ دەپ ئۇنى ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويدى.

يۇسۇپ بۇغرا قاراخان يەنە ئىككى قولىنى تىرەپ بېشىنى كۆتۈردى:

ـــ رەھمەت، بالام، رەھمەت، سىلەرنى كۆرۈپ خېلى ياخشىلىنىپ قالدىم. ئوردۇكەنتتىن كەتكۈچە يات ـ يات كېلىپ تۇرۇڭلار، ـــ ئۇ قول باغلاپ تۇرغان يۇسۇپكە مېھرى بىلەن نەزەر سېلىپ، رەيھانىدىنغا تاپىلىدى، ـــ ئۆز ئىشلىرىڭىز بىلەن بولۇپ كەتمەي، ئوغلىڭىزنى ئوردوكەنتنى ئوبدان سەير قىلدۇرۇڭ. مەدرىسەلەرگە، مازارلارغا ئېلىپ بېرىپ ئەجدادلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا، روھىدىن ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇڭ.

ـــ بولىدۇ، ئالىيلىرى. مەن ئوغلۇمنى دەسلەپ ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىگە ئېلىپ چىقماقچى.

ـــ ياخشى ئويلاپسىز. ئۇلۇغ بوۋامنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ماڭا دۇئا قىلىپ قويۇڭلار. ئاندىن ئوپالغا بېرىپ ئەۋرەم بىلەن كۆرۈشۈپ، سەير قىلىپ كېلىڭلار.

— ماقۇل، بۇغرا قاراخان ئاتا، — يۇسۇپ مەمنۇن بولۇپ بېشىنى ئەگدى.

## 3

يۇسۇپ ئاتىسى بىلەن پادىشاھ ئەمچىخانىسىدىن چىققاندا كۈن قىيام بولغانىدى. ئۇلار بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ بەگتاش ئابدۇللا دامولللىنىڭ ئورداﺋالدى كۆل بويىدىكى قورۇسىغا كەلدى. تۇغقانلار، پەتىگە كەلگەن كاتتا تىجارەتچىلەر ساراي ئۆيگە يىغىلغانىدى. ھەممەيلەن بۇغرا قاراخاننىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى سوراشتى.

رەيھانىدىن مېھمانلارغا بۇغرا قاراخاننىڭ سالامەتلىكىنىڭ خېلى ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرى بىلەن ئۇزاق ھال ـ مۇڭ بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن يۇسۇپ ئاتىسى بىلەن مەنزەر ئۆيگە چىقىپ ئارام ئالدى.

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. كەچكى شەپەق ئوردا ئالدىدىكى كۆل سۈيىدە قىزىل ھال رەڭ شولىلارنى پەيدا قىلغانىدى. يۇسۇپ مەنزەر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن كۆز سېلىپ، سۇ ئېلىۋاتقان قىز ـ ئوغۇل بالىلارنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قۇزئوردۇدىكى قورۇسى كەلدى. ياز كۈنلىرى قورۇ ھويلىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى بوستانلىق كۆل بويىدا ئاتا ـ ئانىسى، ئاچىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى، سەگىدەيتتى. ئۇ ئانىسىنى بەكرەك سېغىنغانىدى. ئۇستازى، ساۋاقداشلىرىنى كۆرگۈسى كەلگەنىدى. ئاقىبىرا قىز خىيالىدىن كېچىپ ئىختىيارسىز ئېغىر تىندى. ئۇ نورۇز كۈنى نورۇز ئېشىنى ئىچىشتىن ئاۋۋال يۇسۇپىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەرگۈسى كېلىپ، ئىشىككە تەلمۈرۈپ قالارمىكىن؟ يۇسۇپ بۇنى ئويلىسا دەرھال كەتكۈسى كېلەتتى. ئەمما، بۇ ئەلۋەك، مېھرى ئىسسىق شەھەردىن

ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى.

رەيھاندىن ئوغلىنىڭ خىيالى قۇزئوردۇدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— بالام ئوردۇكەنت قانداق ئىكەن، ساڭا ياقتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياقتى، ئاپا. ئوردۇكەنت «كاشغەر» دېگەن ئىسمىغا لايىق ئىمارەتلىرى ئۆز، باغۇبوستانلىق شەھەر ئىكەن، ماڭا ياردى. چوڭ پايتەخت بولغۇچىلىكى بار ئىكەن.

— قۇز ئوردۇنى سېغىنىپ قالمىغانسەن؟

— ئاپامنى، ئاچىلىرىمنى سېغىندىم.

— ئۇستازىڭنىچۇ؟

— ئۇستازىمنى، ساۋاقداشلىرىمنى شۇنداق كۆرگۈم كەلدى. ئەمما تېخى ئوردۇكەنتنىڭ بازار - رەستىلىرىنى، مەكتەپ مەدرىسەلىرىنى كۆرگىنىم، ئالىم - ئۆلىمالىرى بىلەن ئۇچراشقىنىم يوق، ئاپا.

— سېنى بۇ يەرگە ئوردۇكەنتنى كۆرسىتىش، كاتتا ئالىملاردىن تەلىم ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم. بەختىمىزگە قارشى بۇغرا قاراخان كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇنى بەزى ئەھۋاللاردىن خەۋەرلەندۇرەلمەي كۆڭلۈم يېرىم. شۇنداق بولسىمۇ، خۇدا بۇيرۇسا سېنى ئەتە ئاتۇشقا ئېلىپ بېرىپ ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق مازارىنى زىيارەت قىلدۇرىمەن. ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن ئىستىقامەت قىلىپ، نورۇز بايرىمىغا ئۈلگۈرۈپ ئوردۇكەنتكە قايتىپ كېلىمىز، ئاندىن «مەدرىسە ساچىيە» گە ئېلىپ بېرىپ پىر - ئۇستازلار بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرىمەن.

— بۇغرا قاراخانلارنىڭ سەيلىگاھى ئوپالغا بارمامدۇق، ئاپا؟

— ئەلۋەتتە، بالام، — رەيھاندىن شام نامىزىغا تەرەت ئېلىش ئۈچۈن قوپتى. يۇسۇپ قەندىلدىكى شامنى يورۇتتى.

ئاتا - بالا ئىككىسى ئۇزاق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ يېتىپ قېلىشتى. ئەتىسى بامداتتىن يېنىپ چاينى ئىچىپلا يولغا

چىقىشتى.

ئۇلار ئىككى تەرىپى ۋادەكلىك ياغاچ كۆۋرۈكتىن مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان تۇمەن دەرياسىغا كۆز سېلىپ ئۆتتى.

— بۇ يەر قورغان يېزىسىغا قاراشلىق باغئېرىق قىشلىقى، — دېدى رەيھانىدىن ئىككى تەرەپتىكى قورۇ - جايلارنى قولىدىكى قامچا بىلەن كۆرسىتىپ، — ئالدىمىزدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ چاپاۋۇل قىسىملىرى تۇرىدىغان كاتتا قورغان بار. بۇ يېزا ئاشۇ قورغاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

يۇسۇپ شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېرىقنى بويلاپ كەتكەن باغۇبوستانلىق كوچىلىم مەھەللىگە سەپسېلىپ ماڭدى. يول ياقىسىدىكى پوتلا تاشلاۋاتقان تېرەك، سۆگەتلەردىن، باغلىق هويلىلاردىكى ئاق، قىزىل مونچاق باغلىغان مېۋىلىك دەرەخلەردىن كۆز ئۈزمەي كېتىۋېتىپ، نەزىرى داغدام ئېچىلغان قارا هالقىلىق چوڭ دەرۋازىغا چۈشتى.

— ئابا، چاپاۋۇل قىسىم تۇرىدىغان قورغان مۇشۇمۇ؟ — سورىدى يۈسۈپ كۆڭۈلىك ئېگىز تېمى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان قورۇققا بېقىپ. قورۇقتا ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر قىلىچۋازلىق، نەيزە ئېتىش، ئومۇت ئۇرۇشنى مەشىق قىلىۋاتاتتى. دەرۋازا ئۈستىدە قارىغاي - ئارچا رەسىمى چۈشۈرۈلگەن توققۇز قىزىل تۇغ لەپىلدەپ تۇراتتى.

— ھەئە، بالام. بۇ بۇغرا قاراخانغا بىۋاسىتە قاراشلىق قوشۇن. بىز تۇنۇگۈن بارغان ئوردا يېنىدا جانقورغان دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر لەشكەر تۇراسى بار، ئۇلار بۇغرا قاراخان ئوردىسىنى قوغدايدۇ. ئوپالدىكى قورغاندا مەھمۇد تېگىنىنىڭ ئاتىسى هۈسەيىن ئارسلان تېگىنىنىڭ چاپاۋۇل قىسىملىرى تۇرىدۇ. بۇنداق لەشكەرلەر تۇراسى قاراخانىيلار ئېلىنىڭ ھەممە يۇرت - شەھەرلىرىدە بار.

رەيھانىدىن ئوغلىغا يول ئۈستىدىكى يېزا - قىشلاق، بازارلار ھەققىدە سۆزلەپ ماڭدى. تاشلىق سايلاردىن ئۆتۈپ، چۈشكە

قالماي ئاتۇشنىڭ مەشھەد قىشلىقىغا كەلدى. بۇ ناھايىتى كۆجۈم مەھەللە بولۇپ، ئەنجۈرلۈك باغلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بىر ئۆستەڭ تاغ سۈيى قاپىبەلدىن ئۆتەتتى. قىشلاقنىڭ مەركىزىدە كاتتا بازار بار ئىدى.

— سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى مۇشۇ يەردە، بالام. ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان گۇمبەز شۇ، — ئىبنىنى ئاستىلاتىقان رەيھانىدىن قامچىسىنى ئالدىغا ئۇزىتىپ كۆرسەتتى. ياپيېشىل كاھىشلىق ھەيۋەتلىك گۇمبەزگە قاراپ، ئىبنىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

ھاۋا ئوچۇق، ئاپتاپنىڭ خېلى تەپتى بولسىمۇ، ئەتىيازنىڭ غۇر - غۇر سەلكىنى يۇزگە سوغۇق ئۇرۇلۇپ، ئاتلىرىنىڭ يالىلىرىنى يەلپۈندۈرەتتى.

ئۇلار ئىككى تەرىپىدە ئىككى مۇنارى بار چوڭ دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندا ئاتتىن چۈشتى.

رەيھانىدىن خىزمەتكارلارغا ئاتلارنى دەڭگە ئەكىرىپ قويۇشنى بۇيرۇپ، يۇسۇپ بىلەن ئادەملەر توپىنى ئارىلاپ ماڭدى. بازار تازا قىزىغانىدى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن چار بازارچىلار بازار سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپ يايما ئاچقانىدى. بازار سەيناسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدىكى رەستە دۇكانلىرىدا رەڭگارەڭ رەختلەر چاقناپ تۇراتتى. رۇمنىڭ يىپەك رەختلىرى، چاڭئەننىڭ كىمخاب تاۋارلىرى، مىسىرنىڭ يوللۇق شايىلىرى، سەمەرقەنت، بۇخارانىڭ بەقەسەملىرى، ئىران گىلەملىرى، خوتەننىڭ زىلچىلىرى، قەشقەرنىڭ چەكمەن، شاتاۋارلىرى تاي - تېيى بىلەن دۇكانلارغا قويۇلغانىدى. ھەممە دۇكاننىڭ ئالدىدا خېرىدار بار ئىدى. «بۇ يەردىمۇ بىر چوڭ دۇكان ئاچسام بولغۇدەك. بەگتاش جالالىدىن بىلەن بۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشىپ باقاي» دەپ ئويلىغان رەيھانىدىن توختاپ، ئەتراپقا قىزىقىپ قاراپ كېلىۋاتقان يۇسۇپنىڭ قولىنى تۇتتى.

— بالام، بۇ بازارنى كۆرىمىز دېسەك بىر كۈندىمۇ ئارىلاپ

بولالمايمىز. بىز سودا ـ سېتىق قىلغىلى كەلمىگەندىكەن، ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىپ مەقبەرىنىڭ ئېتىكاپخانىسىغا كىرىپ كېتەيلى.

— ماقۇل، ئابا، بۇ يەردە توخۇ سۇتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىكەن.

باش ئۇستىگە قارا كۇنلۇكنى سايە قىلىپ تۇتقان بىر سالاپەتلىك كىشىنىڭ قامەتلىك ياش يىگىت بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن ساماۋارخانا غوجايىنى «ئوردۇكەنتتىن كەلگەن يۇغرۇش بولمىسۇن يەنە» دەپ پايپاسلاپ كېلىپ:

— مەرھابا، مەرھابا، جانابلىرى، — دەپ قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنى گۈللۈك گىلەم ئۇستىگە يېكەنداز سېلىنغان يېرىم پەنجىرىلىك سۇپىغا باشلىدى. ئىككى ياستۇقنى رەيھاندىننىڭ بىقىنىغا قويۇپ بەردى.

يۇسۇپ چوڭ ئوچاق ئالدىدىكى ۋىلىلداپ تۇرغان چوغ ئۇستىدە قايناپ تۇرغان چۆگۈنلەرگە قاراپ قالدى. ئۇ بۇ ۋاقىتقىچە چايخانىغا كىرىپ باقمىغانىدى.

— چاي ئىچىشەملا، شورپىمۇ، گۆشگىردە يېيىشەملا، پولۇمۇ؟ بۆدۈنە كاۋىپى يېيىشەملا، توشقان گۆشىنىڭكىنىمۇ؟

— ئادەملىرىم كېلىپ بولسۇن، ئاندىن گۆشگىردە بىلەن چاي كەلتۈرۈڭ.

— باش ئۇستىگە، جانابلىرى.

ئاتلارنى دەڭنىڭ ئاتخانىسىغا قويۇپ، مازارغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن كالا ـ قويلارنى چايخانا سىرتىدا قالدۇرۇپ كىرگەن غۇلاملار بىر ـ بىرلەپ كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

چايخانىچى گۈللۈك ھېجىرلاردا چاي، ئارقىدىن گۆشگىردە ئېلىپ كەلدى.

رەيھاندىن يۇسۇپنىڭ چايخانا ئۇدۇلىدىكى باققالنىڭ دۇكىنىغا قاراپ قالغىنىدىن مېۋە ـ چىۋە يېگۈسى بارلىقىنى سېزىپ، تاۋۇز ـ قوغۇن، بەش ـ ئالتە ساپاق ئۈزۈم ئەكەلدۈردى.

تەكتىن يېڭى ئۈزگەندەك ئۇيۇل، چىلىڭ تۇرغان ئۈزۈم شۇنداق شېرىن ئىدى. ئاتىسى قوغۇن - تاۋۇز پىچقۇچە، يۇسۇپ ئۈزۈم يەپ ئولتۇردى.

— قۇزئوردۇ تەرەپتە كىشىلەر مېۋىلەرنى ساقلاپ يېيىشكە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ - ھە، ئابا؟ — دېدى يۇسۇپ.

— شۇنداق، بالام، قۇزئوردۇلۇقلار مېۋىدىن گۆشنى ياخشى كۆرۈشىدۇ، باغۋەنچىلىك قىلىشتىن شىكار قىلىشقا خۇشتار. ئوردۇكەنتلىكلەر شىكارغا چىقىشتىن باغقا ئىشلەشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. بۇ يەردە قىشچە قوغۇن - تاۋۇز ئۈزۈلمەيدۇ. ئۈزۈم، ئامۇت، ئالما، ئانار قاتارلىق مېۋىلەرنىمۇ يىل بويى ساقلاپ يېيىشىدۇ. بۇ يەردە باغ قىلمىغان تارىقچى ھەقىقىي تارىقچى ھېسابلانمايدۇ، ئوغلۇم.

ئۇلار قورسىقىنى تويدۇرۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا چۈش بولۇپ قالغانىدى. مىڭ - مىڭ ئادەملەر توپىنى ئارىلاپ، مىس ھالقىلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ كەتكەن چوڭ دەرۋازىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنىڭ ئالدىدىكى گۈل - چىمەنلىك سەيناغا قەدەم قويۇشتى.

ھۇجرا پەنجىرىسىدىن كالا - قويلارنى يېتىلەپ كىرگەن بىر توپ ئادەمنى كۆرگەن شەيخ ئاخۇن بىرقانچە مۇلازىملىرى بىلەن ئالدىغا چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تەقسىر. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغىلى كەلدۇق. جانابلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارىنى يەنە كۆرگىنىمدىن خۇرسەنمەن، — دېدى رەيھانىدىن مەللە تون كىيگەن چار ساقال، ئۆسكىلەڭ قاشلىق كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، يۇسۇپمۇ سەل تارتىنىپ كۆرۈشتى.

— ئېسىم قۇرۇسۇن، جانابلىرى. ئۆزلىرى ھالىمىزدىن ھەمىشە خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتقان رەيھانىدىن بېگىم ئەمەسمۇ؟ دەررۇ تونۇمىغىنىمنى قارىمامدىغان. مەرھابا، مەرھابا. يىراق

يەردىن كېلىپ تازا چارچىغانلا. بىزنىڭ دىدارلاشمىغىنىمىزغا ئالاھازەل يىگىرمە يىل بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن. ئۆزلىرىنى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇردۇق. مەرھابا، مەرھابا، — شەيخ ئاخۇن ھال ـ ئەھۋال سوراپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

— ئۆزلىرىمۇ تىمەن تۇرۇپلا، تەقسىر. بۇ ئەزىز دەرگاھقا نەچچە قېتىم كەلمەكچى بولۇپ، تۈرلۈك قىسمەتلەر تۇپەيلى، بوسۇغا داۋاندىن چىقالمىدىم. خەيرىيەت، بۇ قېتىم ئاللا نېسىپ ئەيلەپ مانا بۇ ئوغلۇم بىلەن كېلىشىم.

— مەرھابا، مەرھابا، بۇ ئوغۇل پەرزەنتلىرىنىڭ ئىككىنچىسىمۇ؟ ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ روھى خۇش بولىدىغان بولدى. دەسلەپ كەلگەنلىرىدىمۇ بىر ئوغۇللىرى ھەمراھ ئىدى. ئەلھال، باللىق بولۇپ قالغاندۇ؟ — شەيخ ئاخۇن بەگتۇرمىشنى رەيھاندىننىڭ ئىسگە چۈشۈردى.

— چوڭ ئوغلۇم ئورخۇن دەرياسى بويىدا، قىتانلار بىلەن بولغان جەڭدە جان تەسەددۇق قىلغان، تەقسىر، — دېدى كۆڭلى بۇزۇلغان رەيھاندىن.

— مۇنداق دېسىلە، بىگىم. ئاللا ئىگەم جانابلىرىنى نائۇمىد قويماپتۇ. يەنە ئالتۇندەك بىر ئوغۇل بېرىپتۇ. كۆڭۈللىرىنى ھەرگىز يېرىم قىلمىغايلا، — شەيخ ئاخۇن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ سورىدى، — جانابلىرى خالاملىكىن، ھۇجرىغا كىرىپ چاي ئىچكەچ بىرئاز ئارام ئېلىشۋالسىلا؟

— رەھمەت، تەقسىر، ھازىر ھامامغا كىرىپ غۇسۇل قىلىشۋالايلى، ئاۋۋال ھەزرىتى سۇلتانىمىنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىشۋالايلى، بىزنى ھامامغا باشلاپ قويسىلا، غۇسۇل قىلىشۋالساق. بۇ كالا ـ قويلارنى ھەزرىتى سۇلتانىمىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنىدۇق، ئۆزلىرىگە تاپشۇرىمىز.

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن، رەيھاندىنبەگ! بۇ چاغقىچە

جانابلىرى زىيارەتكە كېلەلمىگەن بىلەن، نەزىرىگە ئاتاپ ئەۋەتكەن نەرسىلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى.

شەيخ ئاخۇن رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارنى يېنىك چايقىلىپ تۇرغان كۆلنىڭ سول تەرىپىدىكى ئاپپاق ئاقارتىلغان پاكىز ھاممامغا باشلاپ قويدى.

كۆل سۈيى بۇلۇتسىز ئاسماندەك تىنىق ئىدى. مەقبەرىنىڭ يېشىل كاھىشتىن قىلىنغان ھەيۋەتلىك گۈمبىزىنىڭ كۆلەڭگىسى كۆلنىڭ ئەينەكتەك يۈزىدە ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنەتتى. چۆرىسىدە ئەمدىلا پوتلا تاشلىغان تېرەك، سۆگەتلەر شىلدىرلايتتى.

ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق مازىرىنى قەشقەرلىكلەر «ھەز سۇلتۇنۇم»① دەپ قەدىرلەيتتى ۋە زىيارەت ئۈچۈن پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى.

«ھەز سۇلتۇنۇم» نىڭ يەتتە شەيخى بولۇپ، شەيخ ئاخۇن باش شەيخ ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «نۇرىدىن داموللام» دېگەن ئىسمى شەرىپى بىلەن ئاتىماي، «شەيخ ئاخۇنۇم» دەپ ھۆرمەتلىشەتتى. شەيخلەر بالىچاقىلىرى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى مازارغا ۋەخپە قىلىنغان ئەنجۈرلۈك باغلاردا تۇرۇشاتتى. باش شەيخ بولغان نۇرىدىن داموللىلا ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، خىزمەتكار ـ غۇلاملىرى بىلەن مەقبەرىنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ قورۇدا تۇراتتى.

مەقبەرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مەسچىت، ئۇنىڭغا يانداش مەدرىسە بار ئىدى. يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن نەچچە يۈز بىلىم تەشنالىرى بۇ مەدرىسەدە ئوقۇيتتى. نۇرىدىن داموللا يەنە باش مۇدەررىس ھېسابلىناتتى. ئۇ قەشقەر، بۇخارادا بىلىم ئىگىلىگەنىدى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى. قۇرئاننى تەپسىر قىلىشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان مۇدەررىسلەر ئاز ئىدى. خۇش

---

① ھەز سۇلتۇنۇم ــ ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى.

پېئىل، چىقىشقاق بولغاچقا، شاگىرتلىرىلا ئەمەس، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن يات قوۋم كىشىلىرىمۇ ئۇستاز ئورنىدا كۆرۈپ ئىززىتىنى قىلاتتى.

رەيھانىدىنىڭ يۇغرۇش باشى، ھاجىپ بولغانلىقىنى بىلگەنلىكى، ئۇنىڭ قاراخانىيلار ئېلى بويىچە كاتتا زەردار ئاتالغىنى ئۇچۇن، كەلگىنىدىن شەيخ ئاخۇن غايەت خۇرسەن بولغانىدى. ئۇلار ھامامدىن چىققۇچە ئېتىكاپخانىنىڭ ھۇجرىلىرىنى مۇلازىملارغا پاكىز تازىلىتىپ، بىساتلىرىنى يەڭگۈشلەپ، تەييارلاپ قويىدى.

غۇلاملىرى بىلەن ھامامدىن چىققان رەيھانىدىن ۋە يۇسۇپ قارلىق تاغ چوققىسىدەك ھەيۋەتلىك گۈمبەز ئىچىگە كىردى. پارقىراپ تۇرغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىگە سالام بېرىپ، ئىككى رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇشتى. ئاتىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن يۇسۇپ سۇرە «ياسىن» نى تىلاۋەت قىلدى، ساۋابىنى ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، مەقبەرىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يانداپ سېلىنغان يەنە بىر چوڭ گۈمبەز ئىچىگە سالام بېرىپ كىرىشتى.

— بۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇستازى ئەبۇ ناسىر سامانىي ھەزرەتلىرىنىڭ مەقبەرىسى، — دېدى رەيھانىدىن سوئال نەزىرىنى تىككەن ئوغلىغا.

— ھە، ئۇستازىم ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم ئەبۇ ناسىر سامانىي ھەزرەتلىرىنىڭ كىملىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەمما، ئۇنىڭ مەقبەرىسىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن.

— ئۇستازىڭ نېمىلەرنى دەپ بەرگەنىدى، بالام؟ — ئاتا ئوغلىنىڭ بۇ توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى ئۇقماقچى بولدى.

— ئۇستازىمنىڭ ئېيتىشىچە، — دەپ سۆز باشلىدى يۇسۇپ چىرايلىق قوپۇرۇلغان چوڭ قەبرىنىڭ چاقناپ تۇرغان

كاھىشلىرىغا قاراپ، — ھىجرىيە 212 ـ يىللىرى[1]سامانىي ئاتلىق تاجىكلارنىڭ ئاقساقىلى ئون قوۋمى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ، خۇراسان دىيارىغا ھۆكۈمران بوپتۇ. شۇ چاغدىكى ئەرەب ئاباسسىيلار خەلىپىسى ئۇنى قوللاپ، نائىب[2] قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئۇ ۋاپات بولۇپ، ھىجرىيە 257 ـ يىلى[3]غا كەلگەندە، ئۇنىڭ نائىب بولغان ئوغۇللىرى ناسىر بىننى سامانىي بىلەن ئىسمائىل بىننى سامانىي ماۋەرائۇننەھر، جورجان دىيارلىرىنى ئىگىلەپ، ئۆز مەملىكىتىنىڭ نامىنى، ئاساس سالغۇچى ئاتىسىنىڭ نامى بىلەن «سامانىي خانلىقى» دەپ ئاتاپتۇ ۋە بۇخارا شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، ئاباسسىيلار خەلىپىلىكىگە نائىب بولۇشتىن باش تارتىپ، مۇستەقىل خانلىق تىكلەپتۇ.

— ئەبۇ ناسىر سامانىي قانداق بولۇپ ئوردۇكەنتكە كېلىپ قالغان؟ ئۇستازىڭ بۇ توغرۇلۇقمۇ دەپ بەرگەندۇ، بالام؟

— دەپ بەرگەن، ئابا. بۇ بىر ئۇزاق تارىخ ئىكەن، — يۈسۈپ ئۇستازىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ جاۋاب بەردى، — ئىسمائىل بىننى سامانىي ۋاپات بولۇپ ئوغلى ئەھمەد بىننى ئىسمائىل سامانىي تەختكە چىقىپتۇ. ئۇ ئىككى پەرزەنت كۆرۈپتۇ. چوڭ ئوغلىغا تاغىسى ناسىر بىننى سامانىينىڭ، كىچىك ئوغلىغا ئاتىسى ئىسمائىل بىننى سامانىينىڭ ئېتىنى قويۇپتۇ. بۇ ئاكا ـ ئۇكا سامانىيلار بىزنىڭ غەربىي دىيارىمىزغا ئۇزۇكسىز ھۇجۇم قىلىپ، زەربە يەپ ھالسىراپ قالغانىكەن. ئاۋامغا ئېغىر سېلىق سالغاچقا، ئېلىدە نارازىلىق قوزغىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇ خاپىچىلىقتا كېسەل بولۇپ قالغان ناسىر بىننى ئەھمەد ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئىنىسى ئىسمائىل بىننى ئەھمەد سامانىيلار خانلىقىنىڭ تەختىدە

① ھىجرىيە 212 ـ يىلى — مىلادىيە 825 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

② نائىب — ئورۇنباسار مەنىسىدە بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئاباسسىيلار خەلىپىسى مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ شاھ ـ سۇلتانلىرىنى ئۆزىنىڭ نائىبى دەپ قارايتتى.

③ ھىجرىيە 257 ـ يىلى — مىلادىيە 870 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئېلىدە قوزغالغان نەۋرە ئاكا ـ ئىنىلىرىنىڭ، ئاۋامنىڭ توپىلاڭلىرىنى بېسىقتۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. مانا شۇنداق چاغدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پەرزەنت كۆرۈپتۇ. چوڭىغا ئەبۇ ھەسەن ناسىر، كىچىكىگە ئەبۇ ناسىر دەپ ئات قويۇپتۇ. قوزغىلاڭلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، يەنە قاراخانىيلار ئېلىگە ھۇجۇم قىپتۇ. تالاس شەھىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئوغۇلچاق قادىرخاننى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ خانىشى ۋە بىر تۈمەن بەش مىڭ سىپاھنى ئەسىر قىلىپتۇ. ئوغۇلچاق قادىرخان ئوردۇكەنتكە كېلىپ قايتۇرما زەربە بېرىشكە تەييارلىنىپتۇ. بالاساغۇندا تۇرۇۋاتقان بۇغرا قاراخان بازىر ئارسلانخان ۋاپات بولۇپ، تېخىمۇ ئېغىر پاجىئە يۈز بېرىپتۇ.

— سامانىيلار بالاساغۇنغا باستۇرۇپ كېلىپتىمۇ، بالام؟

— يوقسۇ، ئابا، مۇنقەرز بولغان قارلۇق خانلىقىنىڭ ھايات قالغان ھۆكۈمرانلىرى قايغۇلۇق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، بالاساغۇندىكى قاراخان جەمەتىنى قىرغىن قىپتۇ. بازىر ئارسلانخاننىڭ تېخى بوۋاق بولغان ئوغلى سالۇر تېگىن①نى تۇغقانلىرى قۇتۇلدۇرۇپ ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنلەردە سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ سۇلتانى ئىسمائىل بىننى ئەھمەدمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ ۋاپاتىدىن بۇرۇن ئەقىللىك، بىلىملىك بولغان كىچىك ئوغلى ئەبۇ ناسىرنى ئوردۇكەنتكە تەخت ۋارىسى قىلىپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىكەن. ئەمما، چوڭ ئوغلى ئەبۇ ھەسەن ناسىر سامانىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئىنىسىدىن تەختنى تارتىۋاپتۇ. يېڭىلگەن ئەبۇ ناسىر سامانىي سۇلالىغا قېچىپ كېلىپتۇ. كىچىك سالۇر تېگىننىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق بۇغرا قاراخان بولۇپ تۇرغان ئوغۇلچاق قادىرخان سامانىيلار خانلىقىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەبۇ ناسىر سامانىيغا پاناھلىق بېرىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ

① سالۇر تېگىن — سۇتۇق تېگىن (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان).

ھەم قاراخانىيلار جەمەتىنىڭ يەنە بىر ئارامگاھى بولغان ئاتۇش مەشھەدتە ماكانلىششىغا شارائىت يارىتىپ بېرىپتۇ. ئەبۇ ناسىر سامانىي ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالغانىكەن.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىگە قايتماپتىمۇ، بالام؟ — رەيھانىدىن ئوغلىنىڭ بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرى ئۆزىنىڭكىدىن كۆپلۈكىگە قايىل بولغان ھالدا سورىدى.

— قايتالماپتۇ، ئابا، — يۈسۈپ مەقبەرىگە خىيالچان نەزەر تاشلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىسلام دىنىنىڭ سادىق مۇخلىسى بولغان ئەبۇ ناسىر سامانىي ئوردىكەنتتە سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىنى تەرغىب قىلىپ يىللارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئون ئىككى ياشلىق سالۇر تېگىن شىكار قىلىپ ئاتۇشقا بارغاندا، ئەبۇ ناسىر سامانىي بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇسۇلمان بوپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ تونۇشلىرىنى ئىسلام دىنىغا يوشۇرۇن دەۋەت قىلىشقا باشلاپتۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ سانى يىلسېرى كۆپىيىپتۇ. سالۇر تېگىن ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ تاغىسى ئوغۇلچاق قادىرخان تەختنى بەرمەپتۇ. ئەلدە نارازىلىق، غۇلغۇلا پەيدا بوپتۇ. سالۇر تېگىن يىگىرمە ياشقا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ تۇنجى بالىسى بايتاش تېگىن ئۈچ ياشقا، قىزى نۇرئەلانۇر قۇنچۇيىمكە بىر ياشقا كىرگەن يىلى، ئۇستازى ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ، ئوردىكەنتتىكى مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئۆزىنىڭ غەيۇر سىپاھلىرى بىلەن ئوردىغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ، جاھىل، ئىنسابسىز تاغىسى ئوغۇلچاق قادىرخان ۋە ئۇنىڭ يولىدىن چىققان، پاسىق ھەمتاۋاقلىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاخىرى تەختنى ئىگىلەپ بۇغرا قاراخان بوپتۇ. ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئەبۇ ناسىر سامانىيمۇ داۋاملىق قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن دۇشمەنلىشىپ كېلىۋاتقان

سامانىيلار ئېلىگە قايتماي ئۆمۈر بويى بۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ.
— مۇنداق دېگىن. مەنمۇ ئاڭلىغان، لېكىن سەن ئېيتقاندەك تەپسىلىي ئەمەس. بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى، سامانىيلار خانلىقىنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئەمدى تولۇق بىلدىم. ئەبۇ ناسىر سامانىي ئىسلامنىڭ نۇرىنى ئوردۇكەنت دىيارىغا ئېلىپ كەلگەن باشلامچى ئىكەن. قېنى، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ تىلاۋەت قىلىغىن بالام، — كۆڭلى يورۇپ قالغان رەيھانىدىن ئوغلىدىن مىننەتدار بولغان ھالدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. يۈسۈپمۇ ئۇنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ «تابارەك» سۈرىسىنى ئوقۇدى، ئاندىن دۇئا قىلىپ قايتىپ چىقىشتى.
ئۇلار ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق مازىرىدا يەتتە كۈن ئىستىقامەت قىلىپ، نورۇز بايرىمى ھارپىسىدا قەشقەرگە قايتىپ كېلىشتى.
بۇ يىلقى نورۇز بايرىمى ھىجرىيە 425 ـ يىلى رەببىيەل ئاخىرنىڭ بەشىنچى كۈنىگە① توغرا كەلگەنىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە رەيھانىدىن يۈسۈپ بىلەن بۇغرا قاراخانىنى يوقلاپ ئەمچىخانىغا باردى.
يۈسۈپ قادىرخان قىبيا ئۈچۈق دېرىزىدىن باھار تۈسىنى ئالغان باغقا كۆز سېلىپ ياتاتتى. كۆكىرىشكە باشلىغان دەل ـ دەرەخلەر، ئەمدىلەتىن ئىككى ـ ئۈچ قۇلاق بولغان گۈل ـ گىياھلار مەيلىنى تارتقان بولسا كېرەك، رەيھانىدىن بىلەن يۈسۈپ كىرگەندە، ئۇ دېرىزىدىن كۆزىنى ئالماي يانتۇ ياتاتتى. «كېسەل بۇ پادىشاھ، بۇ پۈقرا دېمەي ھەر باشقا كېلىۋېرىدىكەن. تەڭرى ئادەمنىڭ ئەسلىدە ئوخشاش يارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېسەلنى بېرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان يۈسۈپ ئاتىسى بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەردى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى

① مىلادىيە 1033 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

بۇغرا قاراخان ساقال باسقان يۈزىنى ئۇلار تەرەپكە قىلىپ، — بۇۋامنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىپ كەلدىڭلارمۇ؟

— بېرىپ كەلدۇق، يەنە تۇرغۇمىز بار ئىدى، ئالىيلىرىنى سېغىنىپ كۆپ تۇرالمىدۇق، — جاۋاب بەردى رەيھاندىن.

— ئوغلۇم، سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن تېخى كۆرۈشمىگەن ئوخشىمامسىلە؟ ئۇ كەلگىنىڭلارنى ئاڭلاپ كۆپ خۇرسەن بولدى.

— ئاتۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئوردىغا سالامغا كىرمەكچى بولغاندۇق. ئاڭلىساق سۇلايمان ئارسلانخان غەزنەۋىلەرنىڭ يالۋاچلىرى بىلەن سۆھبەتتە ئىكەن، شۇڭا كېتىپ قالدۇق. خۇدا بۇيرۇسا بۈگۈن پېشىندىن يېنىپلا ئوردىغا سالامغا بارىمىز، ئالىيلىرى.

— سۇلايمان بىلىملىك ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا خۇشتار. ئۆزىمۇ كۆپ ئوقۇغان، شەھەر كۆرگەن، جەڭلەردە زەپەر قۇچقان. سىلەرنىڭ دىدارىڭلارنى كۆرسە ئەلۋەتتە خۇرسەن بولىدۇ.

رەيھاندىن خىجىل بولغان ھالدا «سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن ئاتۇشقا بارساق بوپتىكەن ...» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، يۇسۇپ قادىرخان بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— ئەلھال خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، مەن ساقايغىچە ئوردىكەنتتىن كېتىپ قالماڭلار. مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلار كۆپ.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، ئۆزلىرىدىن ئىجازەت ئالماي يولغا چىقمايمىز.

## 4

يۇسۇپ چولپان تۇغقان مەھەلدە ئويغىنىپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— بالام، تېخى بالدۇر. كېيىنرەك قوپساڭمۇ نامازغا

ئۆلگۈرسەن، ــ دېدى قاق سەھەردە تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئاتا ئوغلىنىڭ يەنە بىرئاز ئۇخلىۋېلىشىنى خالاپ.

ــ تۇرۇپ كېتەي، ئاتا. بۈگۈن بىزنىڭ يېڭى يىلىمىز نورۇز بايرىمى كۈنى تۇرسا، قانداقمۇ ئۇيقۇم كەلسۇن، ــ دېدى يۇسۇپ ۋە كىيىنىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

ــ بەگتاش جالالىدىن ئاغاڭ ھاممامغا ئوت ياقتۇرۇپ قويۇپتۇ، يۇيۇنۇپ كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلىۋالغىن.

ــ ماقۇل، ئاتا، ــ يۇسۇپ مەنزەردىن پەسكە چۈشۈپ چوڭ ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى ھاممامغا كىردى. يۇيۇنۇپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ تۇرۇشىغا ئەزان چىقتى. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، ئاتىسى بىلەن مەسچىتتىن يانغان يۇسۇپ كۆل بويىغا يىغىلغان جامائەت بىلەن ئوردىدىن بۇغرا تۆگىگە مىنىپ چىققان سۇلايمان ئارسلانخانغا سالام بەردى. تۇنۇگۈن ئوردىغا بىرىپ ئۇنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. سۇلايمان ئارسلانخان ئاتا ـ بالىنى نورۇز ئېشىغا ئىغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلدى.

قاراخانىيلار خاندانلىقى قۇرۇلغان بىر يۈز توقسان يىلدىن بېرى، بۇغرا قاراخانلار نورۇز بايرىمىنى ئاۋام بىللە بىللە ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلىپ كېلىشكەنىدى. ئۇلار نورۇز ئېشىغا دەسلەپ ئىغىز تېگىپ بېرەتتى.

بۈگۈنمۇ ئەتىگەندىن باشلاپ كۆچە، سومۇلەك، كۆك چۆچۈرىسى، پولۇ قاتارلىق تاماقلارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنلىغان داش قازانلار مەدرىسە، جامائە سەينالىرىغا، پائالىيەت مەيدانلىرىغا ئېسىلغانىدى. يۈزلىگەن قوي، كالا، تاي، بوتىلاقلار سويۇلغانىدى. چېلىشىش، ئات بەيگىسى، قىلىچۋازلىق ـ نەيزىۋازلىق، ئوقيا ئېتىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق قۇتلۇقلاش ئويۇنلىرى تومەن، قىزىل دەريا بويىدىكى مەيدانلاردا ئۆتكۈزۈلەتتى. مۇشائىرە، شېئىر ئوقۇش، مەدداھلىق، سۆز ئويۇنى، ئۇسسۇل، ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىش كەبى

ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى ئوردا ئالدى، بۇلاقبېشى، ھېيتگاھ، ئۆستەڭبويىدىكى چىمەنگاھ، بوستانلىقلاردا ئەۋجگە كۆتۈرۈلەتتى.

ئالتۇن لېگەندەك پارىلدىغان كۈن قىزارغان ئۈپۈق يۈزىدە چاقنىدى. ھەشەمەتلىك ئوردا دەرۋازىسىنىڭ توققۇز غولاچ ئېگىزلىكتىكى كۆركەم پەشتىقىدا بۇغرا ـ كانايلار، ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىشقا باشلىدى. كۆل بويىغا قىلىنغان چەللە ـ باراڭ ئاستىدىكى ئوچاقلارغا ئېسىلغان داش قازانلاردا كۆجە، سۇمۇلەك ۋاراقشىپ قايناۋاتاتتى.

يۈسۈپ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ سول يېقىنىدا، جامائەتكە ئۇيچان نەزىرىنى تىكىپ تۇرغان ئون ـ ئون بىر ياش چامىسىدىكى قارا كۆز ئۆسمۈرگە قاراپ ـ قاراپ قويىدى. ئۇ ئاتىسىنى ئارىغا ئېلىۋالغان دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن بىللە، بۇغرا تۆگىدىن چۈشكەن سۇلايمان ئارسلانخان كەينىدىن ئاستا قەدەم بېسىپ، كۆل بويىدىكى ئازادە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان چەللە ـ باراڭ ئالدىغا كەلدى.

سۇلايمان ئارسلانخان «شاھ سۇپىسى» غا قويۇلغان تەختكە چىقىپ تۇرغىنىچە ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم جامائەت، نورۇز بايرىمىڭلار مۇبارەك بولسۇن !

ئۇنىڭ بوم، كۈچلۈك ئاۋازى ئاۋامنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى.

— سۇلايمان ئارسلانخانغا تەڭرى مەدەتكار بولسۇن ! — دەپ چۇقان سالدى خالايىق.

— تەڭرى سىلەرگە مەدەتكار بولسۇن ! — سۇلايمان ئارسلانخان قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈردى، — نورۇز بايرىمى خانلىقىمىزنىڭ شەرىپى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىپتىخارى، ئەلنىڭ سۆيۈندىغان بايرىمىدۇر. تەڭرى ئاتا قىلغان نورۇز ئېشى — خانلىقىمىزغا، ئېلىمىزگە شۇنداق بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇنكى، ھېچقانداق ياۋۇز ياۋ ئېلىمىزگە ئاياغ باسالمىسۇن !

ئىناق ـ ئىجىل قەبىلىلىرىمىز ئىتتىپاقىنى بۇزالمىسۇن، ئامىن !
— ئامىن ! — كۆپچىلىكنىڭ بوراندەك ساداسى دەرەخ شاخلىرىدىكى قۇشلارنى ئۈچۈرۈۋەتتى.
ئاشچى باشى كۆجە، سومۇلەك ئۇسۇلغان ئىككى كۈمۈش ھېجىرنى ئالتۇن لېگەنگە سېلىپ، تەختتە ئولتۇرغان سۇلايمان ئارسلانخانغا سۇندى:
— ئالىيلىرى، نورۇز ئىشىغا ئىغىز تېگىپ بەرگەيلا.
— بۇ ئاش ئەمچىخانىدىكى بۇغرا قاراخان ئاتامغا ئېلىپ بېرىلسۇن!
— خوپ، ئالىيلىرى.
ئىتتىك تەخت ئالدىغا كەلگەن يۇسۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ دېدى:
— ئالىيلىرى، رۇخسەت قىلسىلا، نورۇز ئىشىنى ئەمچىخانىغا مەن ئېلىپ باراي.
سۇلايمان ئارسلانخان كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:
— ماقۇل، ئاشچى باشى، نورۇز ئىشىنى بۇ بىلگە يىگىتكە بېرىڭ، — دېدى.
يۇسۇپ ئاشنى قولىغا ئالدى.
— مەنمۇ بىللە بارىمەن، — قارا كۆز ئۆسمۈر بېلىدىكى ئالتۇن كەمەرگە ئىسىلغان جەنجەرنىڭ كۈمۈش سېپىنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ يۇسۇپكە ياندىشتى.
— بارغىن، ئۇلۇغ بوۋاڭنى خۇش قىلىپ كەلگىن، — دېدى سۇلايمان ئارسلانخان.
يۇسۇپ ئالتۇن لېگەندىكى نورۇز ئىشىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرگىنىچە قارا كۆز ئۆسمۈرنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ، ئوردا ئىچىدىكى پادىشاھ ئەمچىخانىسىغا باردى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، يۇسۇپ قادىرخان دېرىزىدىن تاشقىرىغا كۆز سېلىپ تۇراتتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇغرا قاراخان بوۋا، بىز نورۇز

بايراملىرىنى قۇتلۇقلاپ، نورۇز ئېشى ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى قارا كۆز بالا قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان هالدا تىزلىنىپ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇغرا قاراخان ئاتا، نورۇز بايراملىرى قۇتلۇق بولسۇن، — يۇسۇپ تىزلىنىپ، نورۇز ئېشىنى سۇندى.

— رەھمەت بالىلىرىم، رەھمەت، كامال تېپىڭلار، — يۇسۇپ قادىرخان ھېجىرنى قولىغا ئېلىپ سورىدى، — سىلەر قاچان تونۇشۇپ قالدىڭلار؟

— بابا، كۆل بويىدا كۆرۈشتۇق. ئەمما، تېخى تونۇشقۇدەك بولمىدۇق، — دېدى قارا كۆز بالا.

— ئۇنداق بولسا تونۇشۇپ قېلىڭلار، — بۇغرا قاراخان ئاشنى شىرەگە قويۇپ ئىككىيلەنگە خۇشال ھالدا كۆز سالدى، — بۇ مەن ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن قۇزئوردۇلۇق بۆگۈ بىلگە يىگىت يۇسۇپ بولىدۇ. بۇ بولسا، مېنىڭ ئەۋرەم مەھمۇد تېگىن. ئوپالدىن تۈنۈگۈن كەچ كەلدى.

— نورۇز بايراملىرى مۇبارەك بولسۇن، مەھمۇد تېگىن.

— ئۆزلىرىنىڭمۇ نورۇز بايرىمى قۇتلۇق بولسۇن، يۇسۇپ ئاغا.

يۇسۇپ، بىلەن مەھمۇد تېگىن بىر - بىرىگە ئىللىق نەزەردە قارىشىپ، قول بېرىپ كۆرۈشتى.

— مەن بۇ يىل نورۇز ئېشىغا ئېغىز تېگەلمەسمەنمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ كۈنگە يەتكۈزگەن تەڭرىمگە شۈكۈر. خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. مۇشۇ ھالدا بىر خىل تۇرسام نورۇز ئاخشىمىدا ئاۋام بىلەن بىللە سەيلە قىلغۇم بار. سىلەر چىقىڭلار، بالىلىرىم، كۆپچىلىك يولۇڭلارغا قاراپ قالمىسۇن، سالىمىمنى يەتكۈزۈڭلار.

— باش ئۈستىگە، — دېدى يۇسۇپ.

ئۇلار قايتىپ كېلىپ نورۇز ئېشىنى ئىچىۋاتقان سۇلايمان ئارسلانخان ۋە جامائەتكە بۇغرا قاراخاننىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى.

— ئاللاكەرىم بۇغرا قاراخاننىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت بەرسۇن،

— دەپ دۇئا قىلىشتى كۆپچىلىك.

سۇلايمان ئارسلانخان چۆكتۈرۈلگەن بۇغرا تۆگىگە مىندى. ھۈسەيىن ئارسلانخان، ئوغلى مەھمۇد تېگىنمۇ بىردىن تۆگىگە مىنىشتى. ئۇلاردىن كېيىن رەيھانىدىن، يۈسۈپلەر ئوردا خىزمەتچىلىرى ئېلىپ كەلگەن بۇغرالارغا سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ تەكلىپى بىلەن مىنىشىپ، تۇمەن دەرياسى بويىغا بېرىپ، بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئات بەيگىسىنى كۆردى. چەۋەندازلارنىڭ چېلىشىش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلدى. ھېيتگاھ مەيدانىدىكى توققۇزاق دەرۋازىسى ئالدىدا، ئېيتىلىۋاتقان ناخشا، غەزەل، ئوينىلىۋاتقان ئۇسسۇلدىن ھۇزۇرلاندى. ناماز پېشىننى قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ جامائە بولغان چاسا مەسچىتىدە ئوقۇپ، بۇلاقبېشىغا كېلىشتى. بۇ سەيلىگاھتا يېڭىدىن كۆكىرىشكە باشلىغان مەجنۇنتاللار ئارىسىدىكى مارجانبۇلاق، ئايبۇلاق، كۈمۈشبۇلاقلار چۆرىسىگە توپلانغان شائىر ـ ئەدىبلەرنىڭ مۇشائىرىسىگە داخىل بولۇشتى.

سۇلايمان ئارسلانخان ئوردىغا قايتتى. يۈسۈپ مەھمۇد تېگىن بىلەن خوشلىشىپ، ئاتىسى بىەن بەگتاش جالالىدىننىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.

ئۇ بىر ساھىبجامال قىزنىڭ ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئايۋان دېرىزىسىدىن تىكىلىپ قاراپ ئۇھ تارتقانلىقىنى كۆرمەي، ئاتىسى بىلەن مەنزەر ئۆيگە چىقىپ كەتتى. بۇ قىز بەگتاش جالالىدىننىڭ يالغۇز قىزى دىلدار ئىدى. يۈسۈپ قەشقەرگە كەلگەن كۈنى، ئۆزى دېمەتلىك دېدىكى بىلەن ھويلىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتقان بۇ قىز ئۇنى كۆرۈپلا قاراپ قالغانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەنزەر ئۆيگە ئورۇنلاشقان يۈسۈپ تاشقىرىغا چىققاندا ـ كىرگەندە، دىلدار دېرىزىدىن ماراپ ئۇنىڭغا كۆز سالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئادەتتىكى قاراش بولماستىن، شەيدا بولغان قىزنىڭ تەلمۈرۈشى ئىدى.

بۇنىڭدىن قىلچە خەۋەرسىز بولغان يۈسۈپ قەشقەر

تەسىراتلىرىدىن تۇغۇلغان جۇشقۇن ھېسسىيات، ئوتلۇق تۇيغۇلار ئىلكىدە كۆنلەرنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

رەيھانىدىنمۇ، يۈسۈپىمۇ بۈگۈن ناھايىتى خۇشال ئىدى. بەگتاش جاللادىن داستىخانغا قويغان ئىككى تەخسە چۆچۈرىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ بولۇشتى، يۈسۈپ بەش قۇلاق چىقىرىپ تولىمۇ چىرايلىق تۈگۈلگەن چۆچۈرە قوشۇقىغا چىققاندا، ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

— تەلەي چۆچۈرىسى ئىكەن، بالام. يېگىن، تەلىيىڭ ئوڭدىن كەلسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى رەيھانىدىن غەرەزسىزلا.

— ئوھوي، قىزىم تۈگكەن تەلەي چۆچۈرىسى بەگيۈسۈپ بالامغا چىقىپتۇ ـ دە، — دەپ كۈلدى بەگتاش جاللادىن.

ئۇنىڭ گېپىدىن بىر بېشارەتنى سەزگەن رەيھانىدىن يۈسۈپكە مەنىلىك قاراپ قويۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

تۆمۈر رەڭ بەقەسەم تون، چىمەن دوپپا كىيگەن يۈسۈپ ئاتىسى بىلەن مەنزەردىن چۈشۈپ دېرىزە ئالدىدىن ئۆتكەندە، بىر ئاق يىپەك ياغلىق ئايىغى ئاستىغا چۈشتى. يۈسۈپ ئېگىشىپ ياغلىقنى ئېلىپلا يانچۇقىغا سالدى. نامازشامنى ئوقۇپ كىرگەندە، ئايۋان دېرىزىسىدىن قاراپ تۇرغان قىزغا كۆزى چۈشتى. ھاۋا رەڭ رومىلىنى ئاي يۈزىگە دالدا قىلىپ قىيا باققان دىلدار «ئاشۇ يىپەك ياغلىقنى مەن تاشلىغان» دېگەندەك قىلىپ پىسىڭىدە كۈلدى. ئەجەبلەنگەن يۈسۈپ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ، مەنزەر ئۆينىڭ پايىسىگە قەدەم قويۇشىغا، بەگتاش جاللادىنىنىڭ ئوغلى بەگتاش خېلىل ئۇچىغا ياغلىق قاپاق مىخلانغان ئۇزۇن بادرىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ:

— بەگيۈسۈپ، بۈگۈن ئاخشام قاپاق كۆيدۈرگىلى چىقامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، چىقىمەن، — يۈسۈپ بادرىنى قولىغا ئالدى. ئۇ قاپاق كۆيدۈرۈپ نورۇز كېچىسىنى كۈتۈۋالىدىغانلىقىدىن شۇنچە شادلاندى. ئاتىسىغا دەپ قويۇپ، بەگتاش جاللادىنىنىڭ ئوغلى

بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

مەھەللە ـ مەھەللىدىن سەپ تارتىپ كەلگەن ئۆسمۈرلەر، ياشلار، ئۇچىغا ياغلىق قاپاق ئورنىتىلغان ئۇزۇن بادرىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ ئوردا ئالدىغا يىغىلماقتا ئىدى.

ئالەم قارايغانسېرى، كۆكتىكى يۇلتۇزلار شۇنچە چاقناشقا باشلىدى. نورۇز كېچىسى نۇرلۇق ئېتىكىنى قەشقەر ئۇستىگە يايدى. ئوردا ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى.

— بۇغرا قاراخان چىقتى ! — تۇۋلاشتى كۆل بويىنى چۆرىدەپ تۇرۇشقان ياشلار.

— مەلىكۇل مەشرىققە ئامانلىق تىلەيمىز! — كۆپچىلىك دەۋرەپ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈردى.

يۈسۈپمۇ ئاق بۇغرا تۆگىگە مىنىپ ئوردىدىن چىققان يۈسۈپ قادىرخاننى كۆردى. بۇغراخان يېشىل سەللە ئورالغان ئالتۇن تاجنى كىيىپ تۇش ئۇستىدە مەزمۇت ئولتۇراتتى. ئارقىسىدا سۇلايمان ئارسلانخان، ھۈسەيىن تېگىن قاتارلىق پەرزەنتلىرى، نەۋرە ـ ئەۋرىلىرى، دۆلەت ئەربابلىرى بار ئىدى. يۈسۈپنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېشىل شايى تون كىيىپ، بېلىگە خەنجەر ئاسقان مەھمۇد تېگىنگە كۆزى چۈشۈپ كۆرۈشكۈسى كەلدىمۇ، ئالدىراق سىلجىدى. بۇ قارا كۆز شاھزادىنىڭ بېشىدا ئالتۇن ئوتۇغات، قولىدا قىزىل ياغلىق قاپاق مىخلانغان بادرا بار ئىدى.

جاندارلار ئەمرى تۆگىنى تىز چۆكتۈرگەندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان ئاق پاياندازغا دەسسەپ ئاۋامغا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالىپ ئەرتوڭا ئەۋلادى بولغان قېرىنداشلىرىم. ھەربىرىڭلار بىلەن قۇتلۇق نورۇز ئاخشىمىدا يەنە يۈز كۆرۈشتۈرگەن تەڭرىمدىن مىننەتدارمەن. ئامان بولۇڭلار!

— مەلىكۇل مەشرىققە سالامەتلىك تىلەيمىز!

— بۇغرا قاراخانىمىز ئامان بولسۇن ! — دەپ تۇۋلاشتى

كۆپچىلىك.

— رەھمەت، قېرىنداشلىرىم، ھەربىرىڭلارنىمۇ ئاللا ئامان - ئېسەن قىلغاي، — دېدى يۈسۈپ قادىرخان كۈلۈمسىرەپ، — ئەمدى نورۇز مەشئىلىنى ياندۇرۇپ بېرەي.

ئۇ ياغلىق قاپاق ئورنىتىلغان ئۇزۇن بادىرىلارنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇشقان باللارغا، يىگىتلەرگە كۆز سالدى.

ئون قەدەم نېرىدا بويۇنداپ قاراپ تۇرغان يۈسۈپنى كۆرگەندە، چىرايىدا يېقىملىق تەبەسسۇم پەيدا بولۇپ، قولى بىلەن شەرەتلەپ ئۇنى چاقىردى.

ئىتتىك كەلگەن يۈسۈپ بادرىنى تىكلەپ تۇتۇپ تىزلاندى.

— بۇغرا قاراخان ئاتا، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

— نورۇز بايرىمىنى ئوردۇكەنتتە ئۆتكۈزگەنلىكىڭدىن مەمنۇنمۇ سەن، بالام؟

— ئىنتايىن مەمنۇن مەن، ئالىيلىرى، نورۇز بايرىمى — ئەلنىڭ بايرىمى، پېقىر ئېلىمنىڭ قەيىرىدە بولاي، بۇ خاسىيەتلىك بايرامنى شۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىم بىلەن بىللە ئۆتكۈزسەم، ئۆزۈمنى قۇت ئىگىسى سانايمەن. بۇ بايرامدا ئالىيلىرىنى ئاۋام ئارىسىدا كۆرگىنىمدىن قۇت ئىگىسى بولغانلىقىمنى ھېس قىلىپ سۆيۈنۈۋاتىمەن.

يۈسۈپنىڭ بۇ يۈرەك سۆزلىرى بۇغرا قاراخانغا مەنزۇر كېلىپ، كۆزلىرى ياشلاندى.

سۇلايمان ئارسلانخان بەرگەن ئوتقاشنى قولىغا ئالغان بۇغرا قاراخان:

— كېلىڭلار باللىرىم، مەشئىلىڭلارنى ياندۇرۇپ بېرەي، — دېدى.

مەھمۇد تېگىن بىلەن يۈسۈپ بادرىنى تۆۋەن قىلىپ تۇتۇپ بەردى، بۇغرا قاراخان مەھمۇد تېگىن بىلەن يۈسۈپنىڭ ياغ تەپچىپ قىزىرىپ كەتكەن ياغلىق قاپاقلىرىنى ئوتقاش بىلەن ياندۇردى. ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكەن ئۆسمۈرلەر - ياشلارنىڭ

ياغلىق قاپاقلىرىغىمۇ ئوت توتاشتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ دەۋتى بىلەن سۇلايمان ئارسلانخان باشلىق شاھزادىلەر، دۆلەت ئەربابلىرى، ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ياغلىق قاپاقلارغا ئوت توتاشتۇرۇشقا كىرىشتى.

ئېگىز كۆتۈرۈلگەن يوزلىگەن ياغلىق قاپاقلار ۋە بالىلارنىڭ قوللىرىدىكى ئوتقاشلار ھاۋادا يالقۇنجاپ كۆيۈپ، ئۇچقۇنلىرى زەردەك چېچىلاتتى. قىزغۇچ ھال رەڭ شولىلىرى كۆلنىڭ تىنىق سۈيىدە ئۈزىراپ ـ قىسقىراپ، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. سۇر يىلاندەك يۆگىلىپ كۆتۈرۈلگەن تۈتۈنلىرى يۇلتۇزلۇق ئاسمان بوشلۇقىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. قىز ـ چوكانلارنىڭ كۆزلىرى ئەنە شۇ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ياغلىق قاپاقلاردا ئىدى... مەنزەر ئۆزىنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ، يۈسۈپكە كۆزى چۈشكەن دىلدارنىڭ جىغىلدىغان يۈرىكى ياغلىق قاپاقتەك يالقۇنجاپ كەتتى. «قۇزئوردۇلۇق بۇ يىگىت ئىشقىدا كۆيۈۋاتقانلىقىمنى بىلەمدىكىن، يا باشقا بىر قىزنىڭ پىراقىدا پۈچىلىنىۋاتامدىكىن؟ شۇنچە تەلمۈرۈشلىرىمگە ئىلتىپات نەزىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى. ياغلىقنى ئېلىپمۇ پېقىرنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپمىغانمىدۇ؟ ئاھ، تەڭرىم ...» دېدى ئۇ ئىچىدە كۆزلىرىدىن سۆيگۈ ياشلىرىنى تامچىلىتىپ.

يۈسۈپ ئۆزى كۆتۈرۈۋالغان ياغلىق قاپاقتىن كۆز ئۈزمەي ئوتلۇق تۇيغۇلارغا چۆمۈلگەنىدى ...

ئۇ بۇلتۇر مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۇستازىنىڭ ئۆيىدە نورۇز ئېشىنى ئىچىپ بولۇپ ئۈزراپ چىققان ۋە بالاساغۇن ياشلىرىغا قوشۇلۇپ نورۇز قوشىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يېقىملىق نەزىرى بىلەن ئۇنىسىز ئۈزىتىپ قالغان سۆيۈملۈك قىز ئاقىپرا كەلدى. ئۇنىڭ بېشىدا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىدا ئەتلەس كۆڭلەك، كىمخاب جىلىتكە بار ئىدى ... يۈسۈپنىڭ ۋۇجۇدىمۇ ياغلىق قاپاقتەك كۆيۈشكە باشلىدى ...

يۈسۈپ قادىرخان ئاۋام بىلەن خوشلىشىپ تۆگىگە مىندى. ئۇ

بايا يېنىغا كەلگەن رەيھاندىنىنى نورۇز بايرىمىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان «بەگ تەركىسى» گە تەكلىپ قىلىپ، دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئوردىغا كىرىپ كەتتى.

يۇسۇپ، مەھمۇد تېگىنلەر ئۆسمۈرلەر ـ ياشلار بىلەن بىللە، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ياغلىق قاپاقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ۋەششەمسى» توۋلاپ قەشقەر كوچىلىرىنى ئايلانغىلى تۇردى ...

ئون يەتتىنچى باب

# قان تامچىلىغان يۈرەك

## 1

بەگتاش جالالىدىن قەشقەر سودىگەرلىرى ئىچىدە مەردانىلىكى، سېخىيلىقى بىلەن نام چىقارغانىدى. كېپى ئوچۇق، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان بۇ ئادەم كىشىنىڭ ھەققىگە زادى قارا سانىمايتتى. ئۆشرە ـ زاكاتنى ۋاقتىدا بېرەتتى. باج ـ سېلىقنى كېچىكتۈرمەي ئىمگا① غا تاپشۇراتتى، ھەرقانداق بىر جايدا قول تەڭلىگەن سائىلنى قۇرۇق قايتۇرمايتتى.

ئۇ مەرھۇم ئەھمەد تۇغانخان زامانىدا، تىجارەت ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن رەيھانىدىن بىلەن شېرىكلەشكەندىن باشلاپ تىجارىتى تېخىمۇ يۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. چاڭئەندىن ئىككى قېتىم نەچچە يۈز تاي ئېسىل كىمخاب ـ تاۋارلارنى، گۈللۈك چىنە ـ قاچىلارنى ئېلىپ كېلىپ ناھايىتى كۆپ پايدا ئالغانىدى. ئالغان پايدىنىڭ يېرىمىنى رەيھانىدىننىڭ ھېسابىغا كىرگۈزۈپ، سەرمايىسىنى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيتتى. سودىسىنى يەكەن، خوتەن، ئەردەۋىل، ئۈچتۇرپان، بەشبالىق، ئالمالىق، مىڭلاق دىيارىغىچە كېڭەيتتى. ھەر يىلى رامىزاندا مىڭلىغان يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غۇرۋالارغا زاكات بېرەتتى. موھتاجلارغا، دەردمەن كىشىلەرگە ئۆزىنى بىلدۈرمەستىن ياردەم قولىنى سۇناتتى. بۇ تەرىپى رەيھانىدىنغا ئوخشايتتى.

بەگتاش جالالىدىننىڭ ئۈچ ئوغلى، بىر قىزى بار ئىدى.

---

① ئىمگا ـــ باج ئالغۇچى، باجخانا.

ئوغۇللىرى ساچ مەدرىسەدە ئوقۇيتتى. قىزى دىلدار قەشقەردىكى ئاتاقلىق قوشناچىم بىبىخەدىچە موللا خېنىمدا ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەنىدى. ئوتتۇز پارە «قۇرئان» نى تولۇق يادقا ئالغانىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىلىم ئىگىلەشكە بېرىلگەن بۇ قىزنىڭ كۆڭۈل ئارامى قاچانكى يۇسۇپ قەشقەرگە كېلىپ، بەگتاش جالالىدىنىنىڭ ئۆيىگە قەدەم قويغان ئاشۇ كۈندىن بېرى بۇزۇلغانىدى. ئۇن ئالتە ياشقا كىرگەن بۇ نازىنىنىنىڭ كۆزلىرى كىتابتىن هويلىغا قارايدىغان ئايۋان دېرىزىسىگە يۆتكەلگەنىدى. ئۇ ھەرقانداق قىلىپمۇ قوزئوردۇلۇق تەمكىن يىگىتنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيۋاتاتتى. يۇسۇپ بۇنى بىلگەن، مېھرى بىلەن بىر قاراپ قويغان بولسىچۇ كاشكى...

يۇسۇپنىڭ ئويلايدىغان دىلدارى بار ئىدى. ئۇ قوزئوردۇدا قالغانىدى. گەرچە بۇ ۋاقىتقىچە ئاغزى بىلەن ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزهار قىلمىغان بولسىمۇ، ئويچان كۆزلىرى بىلەن ئۇ لەۋەن قىزنىڭ گۈل مەڭزىگە سۆيگۈ شېئىرلىرىنى يازغانىدى. بۇ باشقا بىر ساھىبجامال بولماستىن، ئۇستازى ئەبۇ پۈتۈه مەخدۇمنىڭ يالغۇز قىزى ئاقىرا ئىدى. ئەمدىلا ئون تۆتكە كىرگەن بۇ رەنانىڭ نازۇك كۆڭلىدە يۇسۇپ بارمىدۇ؟ يۇسۇپ تېخى بۇنى بىلمەيتتى. ئەمما، قىزنىڭ يۇسۇپنىڭ سەبىي چېغىدىن كۆڭۈل دېرىزىسىگە شولىسى چۈشۈپ، سۆيگۈ يىپلىرىغا باغلىنىپ قالغان رۇخسارى يۇسۇپ قەشقەرگە كەلگەندىن بېرى كۆز ئالدىدىن دەقىقە نېرى بولمايتتى. بۇ هالدا قانداقمۇ باشقا بىر قىزغا نەزەر سالالىسۇن؟ يۇسۇپ شۇ تۇپەيلى، ياغلىقنى ئالغاندىن كېيىنمۇ ئايۋان دېرىزىسىگە قاراپ قويمىدى. ياغلىققا قان ئېقىپ تۇرغان يۈرەك كەشتە قىلىنغانىدى. قىز پىنهان تۇرۇپ ئۇنىڭغا بەرگەنىكەن، ئۇمۇ قىزنىڭ بۇ نازۇك سىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەي، ياغلىقنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك ... مۇشۇ قارارغا كەلگەن يۇسۇپ، ئۆزى خالىمىي بولالماي، قىزنىمۇ خالىيدا ئۇچرىتالماي، ياغلىقنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى.

بەگتاش جالالىدىن يۈسۈپنى كۆرۈپلا ئۇنى كۈيۈئوغۇل قىلىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. قىزىنىڭ ئانىسى خانىكىش ئاغىچا بولسا قىزىنى قەشقەردىكى تاغىسىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىش ئارزۇسىدا ئىدى. بەگتاش جالالىدىن ئۆز تىلىكىنى بىرقانچە قېتىم پۇرىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، رەيھانىدىن جاۋاب قايتۇرمىدى. رەيھانىدىن شېرىكىنىڭ بەرگەن ھېساباتىدىن ناھايىتى رازى بولۇپ، «ھالال، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بىلەن شېرىك بوپتىمەن» دەپ چىن قەلبىدىن سۆيۈندى. ئۇنىڭ بىر تۈمەن سەر ئالتۇن قىممىتىدىكى مەبلىغى ئون يىللاردىن بېرى بەگتاش جالالىدىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۈچ ھەسسە كۆپەيگەنىدى. شۇڭا، ئۇ قەشقەر شەھىرىدىكى چىغايلار①غا ئۈچ كالا، يەتتە قوي سويۇپ كاتتا نەزىر قىلىپ بەردى. ئۆلىما، ئەدىب، بىلىم ئەھلىنى بەگتاش جالالىدىنىڭ دۆلەتباغ قىشلىقىدىكى بېغىغا چاقىرىپ زىياپەت ئۆتكۈزدى. زىياپەتنىڭ ئاخىرى ئالىملارنىڭ مۇھاكىمىسىگە، شائىر - ئەدىبلەرنىڭ مۇشائىرىسىگە ئايلىنىپ كەتتى. گۈل - چېچەكلەر بىلەن قاپلانغان باغ ئىچىدىن كاككۇك - تورغايلارنىڭ ئۇنى كېلىپ تۇراتتى. يۈسۈپ بۇ باغدا قەشقەر ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ، مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەري قاتارلىق ئالىم - ئۆلىمالار بىلەن تونۇشتى. باغدا ئۆتكەن بۇ كۈن يۈسۈپ ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز كۈن بولدى، ئۇ ئۆمرىدە بۇگۈنكىدەك ھاياجانلانمىغانىدى. ئۇنىڭ قانلىرى ئۇقچۇپ، روھى ئۇرغۇپ، كۆڭۈل دەپتىرىگە ھاياتقا، ئەلگە بولغان مۇھەببىتى مىسرا بولۇپ يېزىلىپ قالدى.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندا، ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ رەيھانىدىنغا:

— بۇ ئالىپ ئوغلىڭىزنى ساچىيە مەدرىسەسىگە ئېلىپ

① چىغايلار — كەمبەغەللەر، نامراتلار.

بارغايسىز. بۇ بىلىم گۈلزارىدا ئەقىل تىلسىملىرى ئېچىلىپ، بىلىم نۇرلىرى بىلەن كۆڭۈل غارى يورۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى ئىللىق نەزىرى بىلەن يۈسۈپنىڭ ئىشتىياقىنى قوزغاپ.

رەيھاندىن ئەتىسى ئەتىگەندىلا يۈسۈپنى بۇغرا قاراخان ئوردىسىنىڭ ئوڭ يېنىدىكى ساچىيە مەدرىسەگە ئېلىپ باردى. نامى جايلارغا تارالغان بۇ مەدرىسەنىڭ تېرەك ياغىچىدىن نەپىس ياسالغان پەنجىرىلىك دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدا كاھىشتىن قىلىنغان ئىككى مۇنار ۋاللىداپ تۇراتتى. كۈنگۈرىلىك پەشتاق، هاۋا رەڭ گۈمبەز بۇ دەرۋازىنى ھەيۋەتلىك كۆرسىتەتتى. ئۇلار ھەدىيە قىلىنىدىغان سوۋغىلارنى كۆتۈرگەن خىزمەتكارلىرى بىلەن مەدرىسەگە كىرگەندە، بىلىم تەشنالىرى بولغان تالىپلار دەرس ئېلىۋاتاتتى.

رەيھاندىن بىلەن يۈسۈپ ئېرىق قىرىغا تىكىلگەن ئارچا دەرەخلىرى ئىككى ياندىن سايە تاشلىغان خىشلىق يولدا ئاستا مېڭىپ، مەدرىسە سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆل بويىغا كېلىشتى. بىر جۈپ ئاق قۇ كۈن نۇرى چۈشكەن تىنىق سۇدا بىمالال ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇلار كۆلنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، باراقسان ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە توختاپ قېلىشتى. باشلىرى ئۈستىدىكى يېشىل ياپراقلاردا قىزغۇچ شوللار چاقنايتتى. ئەتراپ تىمتاس بولۇپ، ئادەملەرنىڭ تىۋىشى ئاڭلانمايتتى. يۈسۈپنىڭ نەزەر قۇشى كەڭ - كۈشادە پاكىز تازىلانغان مەدرىسەنى بىر ئايلىنىپ چىقتى.

مەدرىسە سەيناسىنىڭ شىمالىدىكى سۇپىلىق، تال باراڭلىق چوڭ - چوڭ يورۇق ئۆيلەر — دەرسخانا، جەنۇبىدىكى پېشايۋانلىق ئازادە ئۆيلەر — مۇدەررىسلەرنىڭ ياتاقلىرى، ھاممام، ھاجەتخانىلاردىن ئىبارەت ئىدى. غەربىدىكى ۋاسا جۈپ قىلىنغان تورۇسلىرىنى ئويۇلغان گۈلدار تۈۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇرغان بىنا مەسچىت، كايىۋان، ئېتىكاپخانا، قىرائەتخانا بولۇپ، دېرىزە

ئورنىغا ياغاچ، تۆمۈردىن قىلىنغان ئويما پەنجىرىلەر بېكىتىلگەنىدى. ئۆگزىلىرىگە تۈگىلۈك قويۇلغانىدى. شەرق تەرەپتىكى دېرىزىلىرى پەردىلىك، چىرايلىق ئىمارەت — مېھمانخانا، ئۇنىڭغا يانداپ قاتار سېلىنغان ئىشىكى بىر قاناتلىق پەنجىرىلىك ئۆيلەر — تالىپلارنىڭ يېتىپ - قوپىدىغان ھۇجرىلىرى ئىدى. مەدرىسەنىڭ شىمال تەرىپى ئوردا بىلەن پاسىل تام، ئۇنىڭ يان تەرىپى خانلىق مەدرىسە بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئېرىقلاردا كىچە - كۈندۈز ئېقىپ تۇرغان سۇ كۆلگە ۋە ئۇنىڭ ئايىغىدىن چىقىپ گۈللۈكلەرگە قۇيۇلاتتى.

«بالاساغۇنىدىكى مەن ئوقۇغان مەدرىسەدىن چوڭ ۋە ئازادە ئىكەن. تالىپلارمۇ كۆپ بولسا كېرەك، بۇنداق مەدرىسەدە ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئارمىنى قالمايدۇ» دەپ ئويلىدى يۈسۈپ.

رەيھانىدىن باش مۇدەررىسنىڭ دەرسخانىدا ياكى ھۇجرىدا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي كۆز سېلىپ تۇرۇۋىدى، مەدرىسەنىڭ مۇتەۋەللىسى① كېلىپ سالاملاشتى.

— تەقسىر، بىز باش مۇدەررىس ئۇستاز ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدۇق.

— تولا ياخشى، باش مۇدەررىس چاشكا ۋاقتىدا دەرستىن چۈشىدۇ. ھۇجرىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشقان بولسىلا.

مۇتەۋەللى ئۇلارنى باشلاپ بىرقانچە گۈللۈكلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دەھلىزلىك ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى. تەكچە - ئويۇقلىرىغا لىق كىتاب تىزىلغان بۇ ھۇجرا ئادەمگە يېقىشلىق ئىدى. ئىككى دېرىزىسى مەدرىسە سەيناسىغا قارايتتى.

رەيھانىدىن ۋە يۈسۈپ خىزمەتكارلىرى بىلەن ھۇجرىنىڭ گىلەم سېلىنغان سۇپىسىدا ئولتۇرۇشتى.

— مەنزىرىلىك، خۇش ھاۋا مەدرىسە ئىكەن - ھە، ئابا، — دېدى يۈسۈپ دېرىزىدىن گۈللۈكلەرگە، تام - تاۋالاردىكى گۈللۈك نەقىشلەرگە كۆز سېلىپ.

---

① مۇتەۋەللى — مەدرىسەنىڭ ئىقتىساد - تۇرمۇش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

— ھەئە، ئوغلۇم، بۇ قاراخانىيلار ئېلىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن، مەشھۇر ئالىم. ئەدىبلەر يېتىشىپ چىققان كاتتا مەدرىسە. بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان نەچچە يۈز تالىپلىرى بار.

— مەملىكىتىمىزدىكى ئىلىم ـ ھېكمەت مۇجەسسەملەشكەن ئەڭ كاتتا «باغى بىلىك»① ئىكەن ـ دە، ئاتا. پېقىر پەرزەنتلىرىنىڭ بۇ باغى بىلىكتە بىلىم تەھسىل قىلغۇسى كېلىۋاتىدۇ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كەلدىم، ئوغلۇم، — رەيھانىدىن كۈلۈمسىرەپ يۈسۈپنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

ئاتا ـ بالا مانا شۇنداق گەپلىشىپ ئولتۇرۇۋىدى، باش مۇدەررىس ھۈسەيىن پەزلۇللا ئىبنى خەلەپ كىرىپ كەلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھاجىبۇل ھۇجاپ جانابلىرى، غېرىب خانامغا ئۆزلىرىنى قەدەم تەشرىپ قىلغۇزغان ئاللادىن مىننەتدار مەن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەۋلانا. ھەزرەتلىرى بىلەن يەنە كۆرۈشتۈرگەن خۇداغا مىڭ شۈكۈر، بۇزرۇكۋارلىرىم بەگتۆمۈر، بەگتاش ئابدۇللا داموللا ئۆزلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ دۇئايى سالام يوللىدى.

رەيھانىدىن سۇپىدىن چۈشۈپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى. يۈسۈپ تىزلىنىپ سالام بەردى:

— مەۋلانا، قۇزئوردۇدىكى «مەدرىسە بۇغراخان» نىڭ باش مۇدەررىسى، ئۇستازىم ئەبۇ يۇتۇھ ئابدۇغوپۇر بىننى ھۈسەيىن ئەلئالمائىنىڭ سالىمىنى ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ھەزرەتلىرىگە يەتكۈزگەنلىكىمدىن شەرەپ ھېس قىلىمەن.

— رەھمەت، رەھمەت، بۇزرۇكۋارلار ئامان بولغاي، — ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ يۈسۈپنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، — قارىغاندا، سىلى ھاجىبۇل ھۇجاپنىڭ ئوغلى

---

① باغى بىلىك — بىلىم بېغى.

ئوخشىمامىلا، بالام؟

— ئارى، مەۋلانا. ھەزرەتلىرىگە شاگىرت بولۇشنى نىيەت قىلىپ، ئاتام بىلەن ئوردۇكەنتكە كېلىشىم.

— بەھۇزۇر ئولتۇرۇشسىلا. پېقىرنى يوقلاپ كېلىشكەنلىرىدىن زىيادە خۇرسەن بولدۇم. ئاللا ھەربىرلىرىگە رەھمەت قىلغاي، — دېدى باش مۇدەررىس، ئاندىن يوللۇق شايى تونىنى سېلىپ، سەللىسى بىلەن تامدىكى ئىلغۇغا ئېسىپ قويدى.

رەيھانىدىنمۇ تونى، سەللىسىنى قول ئۇزارتقان ساھىبخانىغا بەرمەي، ئۆزى ئىلغۇغا ئېسىپ قويۇپ ئولتۇردى.

ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ جارىپ① ئېلىپ كىرگەن قوغۇننى كاسىلاپ پىچىپ ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئەجەب تاتلىق ئىكەن، — دېدى قوغۇننى ھۇزۇرلىنىپ يېگەن يۇسۇپ، — كۆكلەم پەسلى يېرىملىشىپ قالغان بولسىمۇ، پىلىكىدىن يېڭى ئۈزگەندەكلا تۇرۇپتۇ.

ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ بىر ئانارنى پارىلاپ يۇسۇپكە ئۇزارتتى:

— بۇنىڭغىمۇ ئېغىز تەگسىلە، يازغىچە قوغۇننىلا ئەمەس، ئۈزۈم، ئانار، ئالما، ئامۇتلارنىمۇ ساقلاپ يەيمىز، بالام، ئاللاكەرىم خاقانىيە دىيارىنى مانا شۇنداق خىسلەتلىك قىلغان.

— رەھمەت، مەۋلانا. ئوردۇكەنتنىڭ مېۋىلىرى بەكمۇ شېرىن ئىكەن، — يۇسۇپ باش مۇدەررىسنىڭ ئىلتىپاتىدىن خۇشال بولۇپ، ئانارنى دانىلاپ يېيىشكە كىرىشتى.

ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، كەكە ساقاللىق كىشى بولۇپ، تەلەتى سۈرۈن كۆرۈنگىنى بىلەن، راستچىللىقى، چوڭقۇر مەنىلىك گەپ ـ سۆزلىرى بىلەن باشقىلارنى تېزلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى. مۇنازىرە ـ مۇھاكىمىدە خاتاغا قىلچە يول قويمايتتى. تەكەببۇر، كۆرەڭلەرگە

① جارىپ — مەدرىسەنىڭ يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلغۇچى خادىم.

زادى رىئايە قىلمايتتى. مۇشۇ تۇپەيلى «مجەزى چۇس، ئاچچىقى يامان» دېگەن ئاتاقتا ئەگە بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، سورۇن — مەرىكىلەردە كەمتەرلىكى، مۇلايىملىقى بىلەن ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى.

يۇسۇپ باش مۇدەررىستىن كۆزىنى ئېلىپ، رەيھانىدىنغا قارىدى. بۇ قاراشتا نۇرغۇن سوئال بار ئىدى، ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپتىن سوراشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. بۇنى تۇيغان ئالىم كۈلۈمسىرىدى:

— ھاجىپ، بۇ ئوغۇللىرى زېرەك بولسىمۇ تارتىنچاق ئىكەن. كىچىك چېغىمدا مەنمۇ شۇنداق ئىدىم. تارتىنىش — بىلىم ئېلىشنىڭ كۈشەندىسى، ئىنتىلىشنىڭ توسالغۇسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكىنىمدىن كېيىن، تارتىنماي، بىلمىگەنلىرىمنى سوراپ ئۆگىنىشكە كىرىشتىم، ھېلىھەم ئۆگىنىۋاتىمەن. مۇراد مەنزىلىگە تېخى يېتەلىگىنىم يوق. پادىشاھ ئادىللىقى بىلەن، دانا بىلىمى بىلەن، شەھەرلەر ئۆز باغرىدا قۇرۇلغان بىلىم يۇرتلىرى بىلەن ئالەمگە تونۇلىدۇ. «ئوردۇكەنت» دەپ ئاتالغان كاشغەر شەھىرىنىڭ نامى ساچىيە، خانلىق مەدرىسەلىرى بىلەن مەشرىقتىن مەغرىبكىچە تارالغان. ساچىيە مەدرىسەدە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق بۆگۈ بىلگە، مىڭدىن ئارتۇق ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى بار، بالام. خانلىق مەدرىسەدىمۇ شۇنداق.

بىلىم — ئاللاتائالا بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان بايلىقلار ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ ھۆر، ئەڭ قىممەتلىك بايلىق. ئۇنىڭ راۋاجى ھەممە شەيئىلەر ئۇچۇن پايدىلىقكى، ئىنسانلارنىڭ جاپا — مۇشەققەت دەشتىدىن راھەت — پاراغەت بوستانىغا ئۆتۈشىدە كۆزگە كۆرۈنمەس كۆۋرۈك بولۇشى بىلەن قەدىرلىكتۇر. مەدرىسە بولسا، ئاشۇ كۆۋرۈكنى سېلىشنىڭ قائىدە — قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىتىدىغان خاسىيەتلىك قەسىر. بۇ قەسىرگە قەدەم قويغان ئىنسان بالىسى يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولاپ سۇ چىقىرىپ، كۆڭۈل دەشتىنىڭ چاڭقىغىنى قاندۇرۇشى ھەر نەپەس زۆرۈر.

— يىگنە بىلەن قۇدۇق كولاش كەلىمىسىنى قانداق مەزمۇندا چۈشىنىش كېرەك، ئۇستاز؟ — يۈسۈپ ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ بىلىم ۋە مەكتەپ ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ، ئىشتىياقى تارتىپ سورىدى.

— قۇدۇقنى كەتمەن، گۈرجەك بىلەن كولاشمۇ ئاسان ئەمەس، بۇ بىر ئاددىي ساۋات، — دېدى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قويۇق قارا ساقىلىنى سىيپاپ. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى نەزىرىنى ئۇزمەي ئولتۇرغان يۈسۈپكە تىكىلدى، — ئېيتقىنا يىگىت، يىگنە بىلەن قۇدۇق قازغىلى بولامدۇ؟

— بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ — يۈسۈپ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن راستىنى ئېيتتى.

— توغرا دېدىڭىز بالام، لېكىن بۇ مۇمكىن.

— ئەجەب - ھە، «مۇمكىن ئەمەس» بىلەن «مۇمكىن» نىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراققۇ، — يۈسۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە سوغۇق ئانار شەربىتىنى ئىچمەي دەپ، قىزىق چاينى ئۇتلاپ ئاغزىنى كۆيدۈرۈۋالدى.

ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ قوشۇمىسىدىكى تۈرۈلگەن ئىپادە يوقاپ، چېھرىدە ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى:

— چىدام ۋە غەيرەت بولسىلا يىگنە بىلەن قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقارغىلى، سۇغىرىپ چۆلنى بوستان قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر چىدام ۋە غەيرەت بولمىسا، يىگنە بىلەن ئەمەس، كەتمەن، گۈرجەك بىلەنمۇ قۇدۇق قازالمايدۇ كىشى. خۇددى شۇنىڭدەك بىلىم ئىگىلەشمۇ يىگنە بىلەن قۇدۇق قازماقتەك ئىنتايىن - ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئىش. چىدامسىز، غەيرەتسىز ئادەملەر بىردەملىك ئارام، راھەتنى دەپ بوشاپ كېتىدۇ - دە، پۇرسەتنى، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نادانلىقتا جەبىر - جاپادىن، كۈلپەتتىن قۇتۇلالماي خارلىنىپ دۇنيادىن پۇشايمان يەپ ئۆتىدۇ. يىگنە بىلەن قۇدۇق قېزىش دېگەن سۆزۈمنىڭ ئەسلىي مەنىسى شۇ، بالام.

— چۈشەندىم، ئۇستاز. پېقىر شاگىرتلىرى مۇشۇ دەمدىن باشلاپ يىگىنە بىلەن قۇدۇق قېزىشقا ئىرادە باغلايمەن.

— قارىغاندا، قۇدۇق قېزىشقا خېلى بۇرۇنلا كىرىشكەندەك قىلىسىز، ئويچان كۆزلىرىڭىز بۇنى ماڭا ئېيتىپ تۇرۇپتۇ، ئەمدىكى گەپ، بوشاشماي ئالغا ئىلگىرىلەشتە.

— ھەرقانداق قىيىن شارائىتتىمۇ ئۆگىنىپ بىلىم ئىگىلەش ئىرادەمدىن يانمايمەن، ئارقىغا ھەرگىز چېكىنمەيمەن!

رەيھانىدىن يۇسۇپنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ «ئوغلۇمنى ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كېلىپ ياخشى قىلغانىكەنمەن، ئۇنىڭ كۆزىمۇ، زېھنىمۇ ئېچىلىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى.

## 2

بىلىمنىڭ ئەل ئۈچۈن ھاۋادەكلا زۆرۈرلۈكى، ئادالەت، ئىنساب، ئىتتىپاقلىق توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆز قىزغىن داۋاملىشىۋاتقاندا، بىرىنچى قېتىملىق دەرس تۈگەپ، تالىپلار ھۇجرىلىرىغا قايتتى.

— ئەمدى مەن سىزنى بىرقانچە شاگىرتىم بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى دەرسخانىدىن چىقىۋاتقان تالىپلارنى دېرىزىدىن كۆرگەن ئالىم ئىشىككە قاراپ مېڭىپ.

يۇسۇپ بۇ ئۇستازىنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىنىڭ كەلگىنىدىن ھاياجانغا چۆمۈپ ئولتۇرۇۋۇدى، ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ بەش نەپەر تالىپنى باشلاپ كىردى.

ئاۋۋال سالام قىلىپ كىرگىنى زەر ياقىلىق شايى تون كىيىپ، كۈمۈش ھالقىلىق كەمىرىگە خەنجەر ئېسىۋالغان قامەتلىك، چىرايى ئاققا مايىل، گۆھەر قادالغان سەللىسىگە پەي قىستۇرۇۋالغان بۇرۇتلۇق يىگىت ئىدى.

— بۇ ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى، بۇغرا قاراخاننىڭ نەۋرىسى، — دەپ تونۇشتۇردى.

يىگىت سالاپەتلىك، مەغرۇر كۆرۈنگىنى بىلەن، چىرايىدىن خۇشخۇيلۇق چىقىپ تۇراتتى.

ئىككىنچى بولۇپ كىرگىنى — ئون ياش چامىسىدىكى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان قوي كۆز ئۆسمۈر ئىدى. بېشىدا نەپىس تىكىلگەن بادام دوپپا، ئۈچىسىدا ئالتۇن تۈگمىلىك كەمزۇل بولۇپ، بېلىنى قىسىپ تۇرغان كۈمۈش توقلىق كەمەرگە كىچىك خەنجەر ئېسىۋالغانىدى. ئويچان چىرايىدىن زېرەكلىك بىلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ ھۈسەيىن تېگىننىڭ ئوغلى مەھمۇد تېگىن، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ نەۋرىسى، بۇغرا قاراخاننىڭ ئەۋرىسى بولىدۇ.

بۇ شاھزادە ھۇجرىدىكىلەرگە ئىنتىلىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئۆزىگە قىزىقىپ قاراپ تۇرغان يۈسۈپكە باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاندىن ئاق سەللە ئورىغان، چەكمەن توننىڭ ئۈستىدىن شايى بەلباغ باغلاپ، پىچاق ئېسىۋالغان قوڭۇر بۇرۇتلۇق يىگىت كىردى. ئۇ قولتۇقىغا كىتاب قىستۇرۇۋالغانىدى. ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ:

— بۇ قەشقەردىكى قازى قۇززات نۇرىدىن مەخدۇم ھاجىمنىڭ ئوغلى ئاخۇنبەگ مەخدۇم. ئۆزى قارىي قۇرئان، دەقىقىنىمۇ بوش ئۆتكۈزمەي بېرىلىپ ئۆگىنىۋاتقان شاگىرتلارنىڭ بىرسى، — دەپ تەرىپىنى قىلدى.

ئاخۇنبەگ مەخدۇم ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، ئاق سېرىق، كەمزۇل - شىم كىيىپ، سارغۇچ شايى سەللە ئورىغان، كۆك كۆز، بىر قاراشتا ئاچچىقى ياماندەك كۆرۈنىدىغان ئېگىز بويلۇق يىگىت بىلەن ساقاللىق، قىزىل يۈزلۈك، مىسىرنىڭ يوللۇق شايىسىدىن تون كىيگەن، بېشىغا رومال سېلىپ قارا چەمبەر قويۇۋالغان يىگىت كىرىپ سالاملاشتى.

— ماۋۇ، — دېدى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ كۆك كۆز يىگىتنى تونۇشتۇرۇپ، — ئىراندىن كەلگەن شىرازلىق تالىپ، ئېتى سۇلايمان شىرازى. شەرق تارىخىنى، ئۇيغۇر تىلىنى

ئۆگەنگىلى كەلگەن، — ئاندىن ئۇ بېشىغا رومال سېلىپ چەمبەر قويۇۋالغان يەنە بىر يىگىتكە كۆز سېلىپ دېدى، — مەككىدىن شەرق ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگىلى كەلگەن مەزىنئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى ئوسمان. شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىدۇ، خاقانىيە تىلى①نى ئوبدان ئىگىلىدى.

يۈسۈپ ئالىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن بىلدىكى، ساچىيە مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرگەنلەر ئىچىدە رۇم، مەككە ـ مەدىنە، مىسىر، ئىراق، ئىران، ئافغان، بۇخارا، سەمەرقەنت، شاش، بالاساغۇن، مىڭلاق، بەشبالىق، ئۇچ قاتارلىق مەملىكەت ۋە شەھەرلەردىن كەلگەن ئوقۇرمەنلەر بار ئىكەن. ئۇلار ئاز دېگەندە بەش يىل، كۆپ بولغاندا يىگىرمە يىل ئوقۇپ بىلىم تەھسىل قىلىدىكەن، ئوقۇرمەنلەر باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇمات ئېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق جەرياندا، شەرت ـ شارائىتى يار بەرگەن ۋاقىتقىچە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن.

باشلانغۇچ مەلۇمات ئېلىش ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولىدىكەن، بۇ جەرياندا سوغدى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدىن ساۋات چىقىرىش، «قۇرئان كەرىم» نى راۋان ئوقۇيالايدىغان بولۇش ئاساس قىلىنىدىكەن. قوشۇمچە ئەخلاق دەرسى، ئىملا ـ خۇش خەت دەرسى، دۇنيانى، ئۆزىنى تونۇشنى چۈرىدىگەن ھالدا دىنىي دەرس ئوقۇلىدىكەن. باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولغانلارغا شاھادەتنامە بېرىلىدىكەن. خالىغانلار ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. شارائىتى يار بەرمىگەنلەر ھۈنەر، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن مەدرىسەدىن ئايرىلىدىكەن.

ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغانلار ئەرەب تىلىنى داۋاملىق پىششىقلاپ، پارس تىلى، ئەدەبىيات، مۇزىكا، تارىخ، ھېساب، مەنتىقە، كىمياگەرلىك، فىزىكا، ئىلمىي نۇجۇم، پەلسەپە، تېبابەت ئىلمى قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىدىكەن، ياخشى ئوقۇغانلار بەش يىلدا، ئادەتتىكىچە ئوقۇغانلار يەتتە ـ سەككىز يىلدا ئىككىنچى

① خاقانىيە تىلى — قەشقەرنى ئاساس قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى.

باسقۇچلۇق ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقى ھەققىدە شاھادەتنامە ئالىدىكەن. خالىغانلار، بىلىملىك ئادەم بولۇشقا بەل باغلىغانلار ئۈچىنچى باسقۇچلۇق بىلىم ئىگىلەشنى باشلايدىكەن. «قۇرئان كەرىم» نى تەپسىر قىلىش، ھەدىس ئۆگىنىشنى ئاساس قىلغان ئىسلام پەلسەپىسى ۋە خالىغان پەننى ئوقۇشقا كىرىشىدىكەن. ئىخلاس بىلەن تىرىشىپ ئوقۇغانلار بەش يىلدا، ئادەتتىكىچە ئوقۇغانلار يەتتە ـ سەككىز يىلدا ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ئوقۇشنى تاماملاپ، بۇخرا قاراخانىنىڭ خاس مۆھرى، ئۇلۇغ ھاجىپ، باش ۋەزىر، شەيخۇلئىسلام، باش مۇدەررىس، مۇددەرىسلەرنىڭ مۆھرى بېسىلغان ئالىي مەلۇماتقا ئېرىشكەنلىكى ـــ داموللا بولغانلىقى توغرۇلۇق گۇۋاھنامە ئالىدىكەن.

ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ مەدرىسە ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن دېدى:

ـــ ئوردۇكەنت ئەتراپىدىكى يېزىلاردا مەدرىسەيىمىز ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان مىڭ چارەكتىن ئارتۇق ۋەخپە يەر، ئۈچ جايدا باغ، جۇۋازخانىمىز بار. ئاشلىق، خىراجەتتىن قىسىلمايمىز. دۆلەت خەزىنىسىدىنمۇ پۇل، نەرسە ـ كېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. تالىپ، مۇددەرىسلەرنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە. ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى باي، كەمبەغەل، چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىلماستىن مەدرىسەيىمىزگە ھەقسىز قوبۇل قىلىنىدۇ...

ئالىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ «قۇزئوردۇدىكى مەدرىسەلەرگە ئوخشايدىكەن، لېكىن بۇ يەردە مۇدەررىسلەرمۇ، تالىپلارمۇ كۆپرەك ئىكەن، چوڭ پايتەخت ـ دە ...» دەپ ئويلىغان رەيھانىدىن ئوغلىنىڭ بىلىمگە بولغان ئىشتىياقىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئوتتەك چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىلدى.

يۈسۈپ ئەبۇ ھەسەن تېگىن، مەھمۇد تېگىن ۋە ئۇلارنىڭ

ساۋاقداشلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. سوقراتنىڭ قەتئىيلىكى، ئەپلاتوننىڭ پەزىلىتى، ئارىستوتېلنىڭ بىلەرمەنلىكى، لوقمان ھېكىمنىڭ تاپقۇرلۇقى، فارابىنىڭ شېرىن سۆخەنلىكى توغرىسىدا؛ ھۆججاجنىڭ① زالىملىقى، نۇشىرۋاننىڭ ئادىللىقى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ باھادىرلىقى ھەققىدە شۇنداق قىزغىن سۆھبەت بولدىكى، گويا قەلب كۆكىدە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ چېقىلغان چېقىندا سوغۇقتىن توڭلاشقا باشلىغان تەنلەر ئىسسىدى، شارقىراپ ياغقان يامغۇردىن قاغجىراپ كەتكەن قاقاس يەرلەر كۆكەردى ...

سەما بولۇپ كۆڭلى يايراپ قالغان ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپ ئۇلارنىڭ پاساھىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى، رەيھانىدىننىڭ چىرايىدە قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى. «نېمىدېگەن پاساھەتلىك يىگىتلەر ـ ھە! ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوغلۇم مات بولۇپ قالمىدى، بەلكىم ھەممەيلەننى ئاغزىغا قارىتىۋالدى. مەھمۇد تېگىن ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ناھايىتى ئەقىللىك ئىكەن. گەپ ـ سۆزلىرى شۇنداق ئورۇنلۇق، ئولتۇرۇش ـ قوپۇشى شۇنداق قائىدىلىك، ئاجايىپ چېچەن بالا ئىكەن» دېدى ئىچىدە.

يۇسۇپ ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپكىمۇ، شاھزادىلەرگىمۇ يېقىپ قالغانىدى. يۇسۇپكە ھەممىدىن يېقىپ قالغىنى مەھمۇد تېگىن ئىدى. بۇ بالا شاھزادە يۇسۇپنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلۇپلا قالماي، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قوللىغانىدى.

داستىخان بىر قېتىم يىغىشتۇرۇلۇپ قايتىدىن سېلىندى. ھەربىر كىشىگە ئايرىم ـ ئايرىم پولۇ قويۇلدى، پولۇغا توشقان، قىرغاۋۇل گۆشلىرى بىلەن بېھى سېلىنغانىدى.

ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپ شاگىرتلىرى بىلەن يۇسۇپكە سەپسېلىپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپات بولغان ئىككى ئوغلى يادىدىن كەچكەنىدى. ئۇ زورىغا

---

① ھۆججاج ـــ زالىم پادىشاھ.

كۆلۈمسىرەپ مېھمانلارنى تاماقتىن كېيىن دەرس ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلدى.

## 3

يېپەك ئىچ كۆڭلەككە كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان دىلدار دېرىزىدىن ھويلىغا پات ـ پات كۆز سالاتتى ۋە خورسىنىپ قوياتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مەيلىنى تارتىۋاتقان نەرسە شىلدىرلاپ يەلپۈنگەن يېشىل ئارچا، پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۇل ياكى ئەمدىگىنە ياپراق چىقارغان ئۈزۈم تېلى ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولسا ئۇنى قىزىقتۇرغان پېشايۋان ناۋاسىدىكى ئۇۋىسىدا ئۈچۈرما بولغان باچكىلىرىغا يەم بېرىۋاتقان كەپتەرمىدۇ، يا دەرەخ شېخىدىكى يېقىملىق ئۇنى بىلەن كۆكلەم پەسلىگە مەدھىيە ئوقۇۋاتقان كاككۇكمىدۇ؟ ...

دىلدارنىڭ تال ـ تال كىرپىكلىرى ئوراپ تۇرغان مۆڭلۈق كۆزلىرى يەنە ھويلىغا تاشلاندى. ئۇنىڭ نەزەر قۇشى ھويلىدىكى گۈل ـ دەرەخلەرگە ئەمەس، قاراڭغۇ دالاندىن ئۆتۈپ، قورۇ دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسىغا قونغانىدى. ئەجەبا ...

قىيا ئوچۇق دېرىزىدىن كىرگەن مەيىن شامال ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ كۆزلىرىنى توسۇۋالسا، بېشىنى شۇنداق بىر قىيغىتىپ كەينىگە تاشلايتتى. ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، قوللىرى ئىشتىن توختاپ قالاتتى، ھەسرەتلىك كۆزلىرى قايتىدىن ھويلىغا تەلمۈرەتتى ...

ئۇلۇغ تەڭرى ئادەمنى ياراتقاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۇھەببەت ئاتلىق ئوتلۇق سېھىرنى يوشۇرۇپ قويغانىكەن. شۇڭا، ئادەم ھاۋانى كۆرۈپلا ئاشىقى شەيدا بوپتۇ. شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن شېرىن مېۋىنى يەپ قويۇپ جەننەتتىن قوغلىنىپتۇ. ھالبۇكى، رەھىمدىل تەڭرى ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، بالىلىق بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دۇنيا

مۇھەببەت بىلەن ئاۋاتلىشىپ، مۇھەببەت بىلەن گۈللەنگەنىكەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھەببەت ئىنسان ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان سېھىرلىك تۈيغۇدۇر. مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن، مۇھەببەتكە گىرىپتار بولسا، كۆپىنچە ھالدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىقتىن ئىبارەت شېرىن ئازابقا دۇچار بولىدۇ، بۇ كۆيۈك دەپ ئاتىلىدۇ. دىلدارمۇ يۈسۈپ كەلگەندىن بېرى ئەنە شۇنداق ئوتى ئۆچمەس كۆيۈك بىلەن پۇچىلىنىپ، كۈندىن ـ كۈنگە تارتىلىپ زىلۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى. دەردى بىر تەڭرىگە مەلۇم ئىدى، ئانىسىمۇ بىلمەيتتى.

ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن يۈسۈپ ئاتىسى بىلەن ساچىيە مەدرىسەگە ماڭغاندا دېرىزە كەينىدىن تەلمۈرۈپ قالغانىدى. يۈسۈپ شۇ كەتكەنچە چۈشتىمۇ قايتمىدى. غىققىدە بولۇپ قالغان دىلدارنىڭ گېلىدىن چۈشلۈك تاماقمۇ ئۆتمىدى.

ــ نېمە بولدۇڭ، قىزىم، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ نېمىشقا يىلىكتەك شېرىن نېرىن چۆپىنىمۇ يېگۈڭ كەلمەيدۇ، بالام؟ ــ دەپ سورىدى يېنىغا كەلگەن خانىش ئاغىچا ئەنسىرەپ.

ــ ياق، ئانا. بىر يېرىم ئاغرىغىنى يوق. بىلمەيمەن، كۆڭلۈم ھېچ نەرسىنى تارتمايدۇ، يېگۈم يوق، ــ دىلدار بېشىنى چايقىغىنىچە ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا باش قويۇپ يىغلاپ كەتتى.

ــ بۇرۇن بۇنداق ئەمەس ئىدىڭ، قىزىم، نېمە بولغانسەن؟ ــ دېدى ئانا قىزىنىڭ ئۇچىسىغا يېيىلغان قوڭۇر چاچلىرىنى سىلاپ، ــ ئېيتقىن قىزىم، زادى نېمە بولدۇڭ؟

ــ مەن ... ــ قىز ئانىسىنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلاپ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان يۈرەك سۆزلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

ــ ئېيتالمايمەن، ئانا، سورىما، خۇش بولۇپ كېتەي، سورىما ... سورىما، ئانا ...

خانىش ئاغىچا قىزىنىڭ ئىزا تارتىپ كېتىۋاتقىنىدىن دەردىنى بىلگەندەك بولدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز خانىسىغا

چىقىپ كەتتى. «خۇدايىم يالغۇز قىزىمنى مۇرادىغا يەتكۈزگىن» دېدى ئىچىدە.

«بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلىماي، بىر قېتىممۇ نەزىرىگە مۇيەسسەر بولالماي، بۇ يەردە يىغلاپ قالارمەنمۇ، ئۇ شۇنداقلا كېتەرمۇ؟» بۇ سوئال دىلدارنىڭ يۈرىكىنى قوغۇننى تىلغاندەك تىلىۋەتتى. يۈسۈپ بوگۈنلا كېتىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ باغرى ئېچىشتى. پېشىن نامىزىنى ئۆتىگەندىمۇ، نامازدىگەرنى ئوقۇغاندىمۇ: «تەڭرىم، ئاجىزە قولۇڭنى بەختسىز قىلىپ قويما» دەپ ئىلتىجا قىلدى. جايىنامازدا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقاندا، ئىشىك هالقىسىنىڭ قېقىلغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ، دۇئا قىلىۋېتىپلا ئىتتىك دېرىزە ئالدىغا كەلدى. دېگەندەك، رەيهاندىن بىلەن يۈسۈپ خىزمەتكارلىرى بىلەن هويلىغا كىرىپ كەلدى. ئالدىغا چىققان بەگتاش جالالىدىن ئۇلارنى باشلاپ مېهمانخانىغا كىرىپ كەتتى. «يەنە قاراپمۇ قويمىدى، دۇنيادا يولىغا قاراپ بىتاقەت بولغان مەندەك بىر ساپ دىل مەشۇقنىڭ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان دىلدارنىڭ كۆزىدىن ئاققان يېشى ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى هۆل قىلىۋەتتى. «كەچلىك تاماقمۇ تەييار بولغان ئوخشايدۇ. بىچارە ئابام مېنى ئۆز هالىمغا قويۇپ ياردەملىشىشكىمۇ چاقىرماپتۇ. ئۆپكە - هېسسىپنى قويۇپ پىشۇرغۇچە تازا قىينالغاندۇ؟ ئاھ تەڭرىم، هىجران ئازابىدىن مەن ئاجىزەنى قۇتقۇزغىن» دېدى ئۇ ئىچىدە نالە قىلىپ.

مېهمانخانا ئايۋانغا يانداش سېلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئىككى ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىر سائەتلەردىن كېيىن بەگتاش جالالىدىن رەيهاندىن بىلەن سىرتقا، يۈسۈپ مەنزەر ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ دىلدار ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ، ئاخىر بالاساغۇنلۇق «هاكاۋۇر» يىگىت بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدى. ئۇ مەنزەرگە چىقىپ - چۈشكەندە بىرەر قېتىممۇ

دېرىزىگە قاراپ قويمىغان، ھەتتا ئايىغى ئاستىغا تاشلانغان سۆيگۈ ياغلىقىنى ئېلىپ تۇرۇپمۇ، ئىگىسىنى ئىزدەپ باقمىغان يىگىتنى «ناھايىتى ھاكاۋۇر بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

زاۋال ۋاقتى ئۆتۈپ، كەچكى شەپەقنىڭ ئالتۇن شولىسى دېرىزىدىن يىتكەندە، دىلدار شام نامىزىنى ئۆتەپ بولغانىدى. «تەڭرىم، ھاۋائانامغا ئادەمئاتامنى مەپتۇن قىلىپ ھۆر تۇرمۇشنى بەرپا قىلغان سەن ئۆزۈڭ، مەجنۇن بىلەن لەيلىنى بىر ـ بىرىگە شەيدا قىلىپ، ئايرىۋەتكەنمۇ سەن ئۆزۈڭ. ئاجىزە قۇلۇڭنى جۇرئەتلىك، ئىرادىلىك قىلغىن. ئۆزۈڭ تەقدىر ئەتكەن قىسمەتنى ھېچكىم ئۆزگەتەلمەيدۇ» دەپ مۇناجات قىلىپ جاينامازنى يىغدى. قەندىلدىكى چىراغنى يورۇتۇپ كۆتۈرگىنىچە ھويلىغا چىقتى. كۆڭلىدىن «ئانام ئاشخانىدا ئىكەن، قاچا ـ قۇمۇچلارنى يىغىشتۇرۇۋاتسا كېرەك» دېگەن ئوي كېچىپ سۇپۇرگىنى ئالدى ـ دە، تامغا يانداپ ياغاچتىن كۆركەم ياسالغان توققۇز پايىلىك پەلەمپەيگە پۇت قويدى.

ئەمدى كۆتۈرۈلگەن ھىلال ئاينىڭ كۈمۈش نۇرى چۈشكەن مەنزەر ئۆيگە چىراغ يېقىلمىغاندەك قىلاتتى. دىلدار مەنزەر ئۆينىڭ چىرايلىق ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىپ كېتىۋاتاتتى. سۈرە «ۋاقىئە» نى تىلاۋەت قىلىۋاتقان يۈسۈپنىڭ دەريا سۈيىنىڭ شارقىرىشىدەك يېقىملىق ئۈنى ئىشتىلدى. ئاۋازى شۈنچىلىك لەرزان، شۈنچىلىك جەلپكار ئىدى. «ئابام بۇلارنى بالىخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ياخشى قىلغانىكەن، ئەتراپ بەش قولدەك ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن» دېدى قىز ئىچىدە ھەر تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ. ئۇنىڭ كۆيۈپ يالقۇنجاۋاتقان ۋۇجۇدى غەلىتە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. قىز ئىشىكنى چەكمەكچى بولۇپ ئۇزارتقان قولىنى يىغىۋالدى. چۈشۈپ كەتمەكچى بولدى ـ يۇ، غۇنچىدەك لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى.

شەيدالىق شۇنداق بىر نازۇك تۇيغۇ بولسا كېرەك. ئادەمنىڭ شۇنچە كۆرۈشكۈسى كېلىپ تۇرۇقلۇقمۇ كۆرۈشەلمەي پۇرسەتنى كۈتكۈزۈپ قويىدىغان، سۆزلىشىشكە تەقەززا بولسىمۇ، كۆڭلىدىكىنى ئىزهار قىلالمايدىغان هالەتنى ئەنە شۇ تۇيغۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ نىمىدېگەن ئۆز - ئۆزىنى قىيناش - هە!

جىسمانى ئازابنىڭ ئەڭ دەهشەتلىكى ئاچ قويۇپ قىيناش. روهى ئازابنىڭ ئەڭ هەسرەتلىكى ئىنتىزارلىق. ئاچلىقتىن قىينالغان كىشى جاننى قولغا ئېلىپ بىسىمدارغا ئېتىلغاندەك، ئىنتىزارلىق دەردىنى تارتقان ئاشىقمۇ جاندىن كېچىپ جانانىغا يېتىشكە ئىنتىلىدۇ. بۇ ئىنتىلىش يا مۇراد بېغىدا ۋىسال تاپتۇرىدۇ، يا جۇدالىق دەشتىدە هالاك بولغۇزىدۇ. بۇنداق ئىرادىگە كېلەلمىگەنلەر ئاشىق - مەشۇق هېسابلانمايدۇ.

دىلدار ئەنە شۇنداق سېھىرلىك تۇيغۇنىڭ دەۋتى بىلەن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرىپ ئۆيگە كىردى. بىهى، ئالمىنىڭ خۇشبۇيى دىمىقىغا گۈپپىدە ئۇرۇلدى.

هويلىنىڭ غەربىدىكى سالاسۇنلۇق ساراي ئۆينىڭ ئۇستىگە كىچىك پېشايۋان چىقىرىپ سېلىنغان بۇ ئۆينى ئائىلىدىكى هەممەيلەن ئاددىيلا «بالىخانا» دېيىشسىمۇ، مېھمانلار ئالدىدا «مەنزەر» دەپ ئاتاپ ئەتىۋارلىشاتتى. دېمىسىمۇ قەشقەر شەهىرىدە بۇنداق ئازادە بالىخانىسى بار ئائىلىلەر ساناقلىق ئىدى. بەگتاش جالالىدىن ئاتىسىدىن قالغان بۇ قەدىم جاينى كېڭەيتىپ ياسىغاندا، بالىخانا سېلىشقا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. بىدە، سامان قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، ياز كۈنلىرى هاۋالىنىش، قاراپ نەزەر سەيلىسى قىلىش ئۈچۈن، قىش كۈنى قازىنىقىدا مېۋىلەرنى شاختىن ئۈزۈلگەن پېتى ساقلاش ئۈچۈن چوڭ، كۆركەم ئىككى ئېغىز قىلىپ سالدۇرغانىدى. بالىخانىنىڭ هويلىغا قارايدىغان تېمىغا ئىككى دېرىزە قويۇلغانىدى. قالغان تاملىرىغا چىرايلىق

نەقىشلەنگەن ئويۇق، تەكچىلەر چىقىرىلغان بولۇپ، تەتىللادىن زەدىۋال تۇتۇلغانىدى. يەرگە سېلىنغان گۈللۈك، رەڭدار گىلەم ئۆينى بۆلەكچە چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى. ئويۇق ـ تەكچىلەرگە تىزىۋېتىلگەن ئالما، ئانار، بېھىلەر بەجايىكى زىننەت بۇيۇملىرىدەك ياراشقانىدى.

دىلدار چىراغنى تەكچىگە قويدى. سۇپۇرگىنى تۇتقىنىچە، جايناماز ئۇستىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان يۇسۇپكە ئارقىسىدىن قاراپ، تاڭ شامىلىدا ئىرغاڭشىغان ئالمىنىڭ ياپرىقىدەك تىترەپ كەتتى ...

بىرسىنىڭ كىرگىنىنى تۇيغان يۇسۇپ دۇئا قىلىپ قويتى. ئۆرۈلۈپ، دەقىقە داۋام قىلغان تىكىلىش ئۇنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئالدىدا زىلۋا قامىتىنى يېشىل رومال يوشۇرغان بىر قىز تۇراتتى. «بەگتاش جالالىدىن ئاغامنىڭ قىزى ئوخشىمامدۇ، ماڭا ياغلىق تاشلىغان مۇشۇ رەنا ئىكەن ـ دە، شۇ ئىكەن، كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ ...» دەپ ئويلىغان يۇسۇپ:

ــ ئولتۇرسىلا خان قىز، ئۆيدە تەنھا قېلىشىمنى ئەدەپسىزلىك دەپ قارىمىغايلا، ــ دېدى نەزىرىنى ئۇنىڭدىن يۆتكەپ.

ــ يوقسۇ، ئۇنداق قارامدىغان. بۇ مەنزەر ئۆينى سۇپۇرۇۋېتەي دەپ چىقىۋىدىم. سىلىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەپتىمەن، ــ دىلدارنىڭ ئۇنى ناھايىتى ھەسرەتلىك چىقتى، ــ ئۆزلىرىگە مالال كەلمىسە ئولتۇرسام بولامدۇ؟

بۇنى كۈتمىگەن يۇسۇپ ئارىسالدى بولۇپ قېلىپ:

ــ ئولتۇرسىلا خان قىز، بۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىغۇ، ــ دېدى.

ــ رەھمەت، ــ دىلدار سېلىقلىق مەخمەل كۆرپىنىڭ چېتىگە تىزىنى قويدى، ــ بۈگۈن تەڭرى نېسىپ قىلىپ سىلى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، ــ ئۇنىڭ ئۈنى ئاران ئاڭلىغۇدەك بوش ئىدى، ئىزادىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن چىرايىنى رومال سىرتىدىن يۇسۇپ كۆرەلمەي قالدى. قىز يۇسۇپنىڭمۇ ئىزادىن

قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ دادىللىشىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تەڭرىم پېقىرەنى ئۆيلىمىغان چاغدا، كۈتمىگەن جايدىن ئىشق بالاسىغا گىرىپتار قىلدى. بۇنىڭدىن شۇنىڭ ئۈچۈن مىنىنەتدارمەنكى، كۈتۈش، ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمدىن سىلىنىڭ قىلچە خەۋەرلىرى يوق. بۇ هاياتىمدا ئەڭ مەنىلىك ئۆتكەن كۈنلەر بولدى. هالبۇكى، ئىسمىشەرىپىلىرىنى ماڭا بىلدۈرۈشنى خالاش ـ خالىماسلىقلىرىنى تېخى بىلمەيمەن.

— ئىسمىمنى بىلمەكچى بولسىلا، ئېيتىپ بېرەي. ئىسمىم يۈسۈپ، رەيھاندىنبەگنىڭ ئوغلى بولىمەن، — ئۆز تۈيغۇسىنىڭ توغرا چىققىنىدىن چۆچۈگەن يۈسۈپ جىم بولۇپ قالدى.

— پېقىرەنىڭ ئىسمىنى بىلىشنى خالامدىلا؟

يۈسۈپ دەرهال جاۋاب بەرمىدى. «خالايمەن» دېسە ئۇنىڭغا مايىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولاتتى. «خالىمايمەن» دېسە قىزنى رەنجىتىپ قوياتتى. شۇڭا:

— ئىسملىرى گۈزەل مەنىلىك بولسا كېرەك، خان قىز، — دەپ قويدى.

— دىلدار ...

— راستىلا گۈزەل هەم مەنىلىك ئىكەن.

دىلدار تېخىمۇ جىددىيلىشىپ سورىدى:

— ئوردۇكەنتكە كېلىشتىكى مۇددىئالىرى نېمىكىن؟

— دوستلار بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ۋە ئۆگىنىش.

— مۇددىئالىرىغا يەتكەنلا، يۈسۈپ؟

بۇ چاغقىچە ئۇنى ئاقىىرالا «بەگ» نى قوشماي ئىسمىنىلا ئاتاپ چاقىراتتى. دىلدارنىڭمۇ بەگنى قوشماي ئىسمىنىلا ئاتىغانلىقى ئۇنى تەسىرلەندۈردى. «سەمىمىي، راستچىل، پەزىلەتلىك قىز ئىكەن، ئۇنى هەرگىز رەنجىتىپ قويماي ...» دەپ ئويلىدى يۈسۈپ.

— مۇددىئايىمغا تەڭرىم يەتكۈزۈۋاتىدۇ، خان قىز.

دىلدارنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.
— ئىسمىمنى تىللىرىغا ئېلىشنى خالىمامدىلا، يۇسۇپ؟
— ياق، ئۇنداق ئەمەس، دىلدار، — دەرھال جاۋاب قايتۇردى يۇسۇپ، — ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن دەپ ئىسمىلىرىنى ئاتىمىغانىدىم.

يۇسۇپ ئەقلىگە كەلگەندىن بىرى تۇنجى قېتىم يالغان سۆزلىدى. بۇ ئىختىيارسىز بولدى، قىزنى رەنجىتىپ قويماي دەپلا شۇنداق قىلدى. ئەسلىدە بولسا ئىسمىنى ئاتىغۇسى كەلمىگەنىدى. ئىسمىنى ئاتىسا ئۇمىدلەندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، چوڭ كىشىلەرگە ئوخشاش سىپايە ئاتالمىنى قوللانغانىدى. قىزنىڭ خاپا بولغانلىقىنى ئۇنىدىن بىلىپلا، رەنجىپ قالمىسۇن دەپ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولغانىدى.
— ھە، بىلدىم، سىلى بەك ئەدەپلىك ئىكەنلا، يۇسۇپ. مەن يۈزى ئېچىلمىغان بىر قىز بولسامۇ، كۆڭلۈمدىكىنى سىلىگە ئېيتىشتىن بۇرۇن، بىرقانچە سوئالىمغا جاۋاب بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دىلدار سىنچى كۆزلىرى بىلەن يىگىتكە سەپسالدى. يۇسۇپنىڭ قىزغۇچ ئاق چىرايىدا ئەجەبلەنگەنلىك ئالامىتىدىن باشقا ئۆزگىرىش يوق ئىدى. «ئۆزىگە بىر دىلرەبا قىزنىڭ تەلمۈرگىنىنى سەزمىگەندەك ئولتۇرغىنىغا قارىغاندا، مەن سىغقۇدەك جاي ئۇنىڭ كۆڭلىدە يوق ئىكەن. ئىلاھىم، بۇ ئويۇم يوققا چىققاي...»
— بولىدۇ، دىلدار، سورىسىلا، جاۋابىمدىن قانائەتلەندۇرەلىسەم خۇش بولاتتىم، — دېدى يۇسۇپ سەگەكلىشىپ.
خىيال يىپى ئۈزۈلگەن قىز مۇڭلىنىپ سورىدى:
— بۇ بىۋاپا دۇنيادا سىلىنى ئەڭ قىزىقتۇرغان نەرسە نېمە؟
— بىلىك.
— ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىچۇ؟
— بىلىك.
— سىلىنى ئۆزىگە ئەڭ مەپتۇن قىلغان، سىلىمۇ بەجانىدىل

سۆيگەن نەرسە نېمە؟

— يەنىلا بىلىك.

— هە ... — دىلدار قاتتىق سىلىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىنى بىر ئاز تىڭشاپ، ئاندىن دېدى:

— بىلىككە مەنمۇ ئەسىر، بىلىك مېنىڭ مەشۇقۇم، خۇددى سىلىدەكلا بىلىكنى سۆيىمەن.

يۈسۈپنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— بىلىك مېنىڭمۇ مەشۇقۇم. ئۇنى ئالەمدىكى ئەڭ ساھىبجامال، ئەڭ خۇشخۇي، پەزىلەتلىك، لاتاپەتلىك پەرىگە ئوخشىتىپ ئىشقىدا كۆيىمەن. تېخى ۋىسالىغا يەتكىنىم يوق.

دىلدار ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. ھىلھىلە رومال كۆپكەندەك بولدى. جىلىتكە قىسىپ تۇرغان كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسلەيتتى. يۈسۈپ قىزغا بىرەر قېتىممۇ تىكىلىپ قارىمىدى.

قىزنىڭ گۈل بەرگىدەك لەۋلىرى تىترەپ ـ تىترەپ ئېچىلدى.

— پېقىرەمۇ بىلىكنى ناھايىتى كېلىشكەن، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان مەرد ـ مەردانە بىر يىگىتكە ئوخشىتىمەن. يۈزلىگەن كىتابلارنى كۆرگەن بولساممۇ، دىدارىغا قانغىنىم يوق. «نېمىشقا بىلىكنى گۈزەل قىزغا ئوخشىتىپ ئۇنداق تەرىپلەپ كەتكەندىمەن؟ دىلدارمۇ بىلىكنى يىگىتكە ئوخشىتىپ مېنى لال قىلىپ قويدى. بوش قىز ئەمەس ئىكەن ...»

— ئىككىمىزنىڭ قىزىقىدىغىنىمىز، ياخشى كۆرىدىغىنىمىز، سۆيگۈنىمىز ئوخشاش ئىكەن، يۈسۈپ. ئېيتسىلا، بىلىك ۋىسالىغا يېتىشتىن مۇرادلىرى نېمە؟ — دىلدارنىڭ بۇ سوئالى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئەلگە ئاسايىشلىق بەخش ئېتىش.

— ئائىلىلىرىگىچۇ؟

— ئەل ئاسايىشلىق تاپسا، ئائىلەم ئەمىنلىككە ئېرىشمەمدۇ ئەمەسمۇ؟

دىلدار جىمىپ كەتتى. يۈسۈپ «بۇ قىز يەنە قانداق سوئاللارنى سورار؟» دەپ كۆزلىرىنى يەردىن ئالماي سۈكۈت قىلدى. قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتالماي، باشقا نەرسىلەرگە ئىما قىلىش ئارقىلىق بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇ بىلگەنىدى.

يۈسۈپ زۇۋان سۈرمىگەندىن كېيىن دىلدار ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— سىلى ئەتىگەن ساچىيە مەدرىسەسىگە ماڭغاندا دېرىزىدىن قاراپ قالغانىدىم. خۇشال كېتىپ ئويغا چۆمگەن هالدا يېنىپ كەلدىلە. سىلىنى نېمە مەيۈسلەندۈرۈپ قويدى، كۆڭۈللىرىگە كەلگۈدەك بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەبنى بىلىشكە تەقەززا بولغان قىزغا تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا.

قىزنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشىدىن بىلدىكى، ياغلىقنى تاشلىغان قىز باشقا بىرسى ئەمەس، دىلدار. بۇ خىيال ئىلكىدە جىددىيلەشكەن يۈسۈپ دېدى:

— مەدرىسەدە مەيۈسلىنىدىغان، كۆڭلۈمگە كېلىدىغان ئىش سادىر بولمىدى، دىلدار. لېكىن، ئويلىنىپ قالغىنىم راست. قۇزئوردۇدىكى چېغىمدا، ساچىيە مەدرىسەسى ۋە ئۇنىڭ ئاتاقلىق مۇددەرىسلىرى توغرىسىدا ئۇستازىمدىن ئاڭلاپ، بېرىپ بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىغانىدىم. بۈگۈن تەڭرىم تىلىكىمگە يەتكۈزدى، بۇنىڭ ئۈچۈن نېمىشقا مەيۈسلىنەي.

— ئۇستازلار، تالىپلار بىلەن هەمسۆهبەت بولغانلا؟

— ئەلۋەتتە، ئارزۇيۇمۇ شۇ تۇرسا، — يۈسۈپ ئېچىلىپ سۆزلىدى، — بىلىم بۇلىقى بولغان ساچىيە مەدرىسەسىنى كۆردۈم. ئۇستازلار، تالىپلار بىلەن دىدار كۆرۈشۈپلا قالماي، ئەبۇ هەسەن تېگىن، مەهمۇد تېگىن قاتارلىق بىلىم تەهسىل قىلىۋاتقان تېگىنلەر بىلەنمۇ تونۇشتۇم. ئۇستاز هۈسەيىن ئىبنى خەلەپ، مۇهەممەد بىننى ئەل كاشغەرىي قاتارلىق ئالىملار بىلەن هەمسۆهبەتتە بولۇشقا، ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پەلسەپە دەرسىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم.

ئۇستاز ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ: «جاھان چوڭ بولغان بىلەن، ئىزدەنگەن ئادەم ئۈچۈن ئۇنى بىلمەك تەس ئەمەس. ئادەم كىچىك بولغان بىلەن، ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇماق، بىر ـ بىرىنى چۈشەنمەك ئاسان ئەمەس» دېگەن سۆزى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى. بۇ ھەقتىكى بىلىمىمنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى ھېس قىلدىم. مۇشۇ ئوي بىلەن يېنىپ كەلگەنىدىم. سىلى كۆرۈپلا، لېكىن خاپا ئەمەس ئىدىم.

— ئەمدى بىلدىم. بۈگۈن سىلى ئۈچۈن مەنىلىك ئۆتكەن بىر كۈن بوپتۇ. ماڭىمۇ ھەسرەتلىك بىر كۈن بولدى، — دىلدار ئۇھ تارتتى، كۆز يېشىنى سۈرتۈپ سورىدى، — جانپىدا غوجام بىلەن ئىلمى ئاتايى غوجام توغرۇلۇقمۇ پاراڭ بولغاندۇ؟

— ياق.

— ئوردۇكەنتتە بولغان ھەرقانداق سورۇندا، بۇ ئىككى ئەزىمەتنىڭ گېپى بولماي قالمايتتى، بۈگۈن ئەجەب گېپى بولماپتىغۇ؟

— بۇنى بىلمىدىم، بەلكى ۋاقىت يار بەرمىگەن بولسا كېرەك. قايتىدىغان ۋاقتىمىزدا ئۇستاز ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپ ئەسكى ھىساردىكى بېغىغا چايغا تەكلىپ قىلدى، جۈمە كۈنى چىقىدىغان بولدۇق.

— تازا ياخشى بوپتۇ، يۈسۈپ، سىلى بۇ ئىككى ئەزىمەتنىڭ قەبرىسىنى كۆرىدىغان بوپتىلا.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، دىلدار، بۇ ئىككى ئەزىمەت زادى كىم؟ — يۈسۈپنىڭ كۆزلىرى يېشىل رومالغا ئورالغان قىزغا تىكىلدى.

— بۇ ئىككى ئەزىمەت ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپ ھەزرەتلىرىنىڭ ئوغۇللىرى. ئۇلارنىڭ جەسىتى باغقا دەپنە قىلىنغان. چىققان كۈنى بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشنى ئۇستازدىن ئۆتۈنسىلە. ئۇلارنىڭ شانلىق ھاياتىنى ئۇلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىزگىمۇ ئۇستاز ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن.

— ھە، چۈشەندىم، دىلدار. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى ئەزىمەت توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنىمەن. ئەجەبكى، سىلىمۇ ئۇستازدىن ئاڭلىغانمۇ؟

يۈسۈپ تەئەججۇپ ئىلكىدە قىزغا ئىككىنچى قېتىم باقتى. ئەپسۇس، رومال ئىچىدىن رەنانىڭ چىرايىنى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، دىلدار يۈسۈپنىڭ ئۆزىگە قارىغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈزىنى ئاچمىغان بىلەن كۆڭۈل دېرىزىسىنى ئېچىۋەتتى. نازۇك ئۈنى شامالدا يەلپۈنگەن پەردىدەك تىترەپ چىقتى:

— پېقىر يەتتە ييشىمدىن ئون تۆت ييشىمغىچە مەۋلانا ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپتە ئوقۇغانىدىم. نۇرغۇن قىزلارنى بىغىدا ئوقۇتاتتى. ئۇ چاغدا چوڭ ئوغلىنىڭلا قەبرىسى بار ئىدى، كېيىن بۇ قەبرە ئىككى بولدى. بىزگە ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن. ئاڭلاپ نەچچە كۈنگىچە كۆز يېشىم قۇرۇمىغان، نامىزىمىزدا ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىمەن.

قىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆز يېشى قىلدى.

— يىغلىمىسىلا، دىلدار، ئۇلارنىڭ روھى ئازابلانمىسۇن، — يۈسۈپ تەسەللى بەردى. ئىككى ئەزىمەتنىڭ قانداق ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق سورىغۇسى كەلدى - يۇ، قىزنىڭ ھەسرىتىنى كۈچەيتىۋەتمەي، دەپ ئېغىز ئاچمىدى.

ئۆينى جىمجىتلىق باستى. دىلدار ئۈنسىز ئۇزاق يىغلىدى. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى ئەزىمەت ئۈچۈن يىغلاپلا قالماي ئۆزى ئۈچۈنمۇ، يۈسۈپ ئۈچۈنمۇ يىغلىدى. ئۇنىڭغا كۆڭلىنى قانداق ئىزھار قىلسا بولاركىن؟ يۈسۈپ بىرەر ئېغىز گېپىدىمۇ دىلدارغا مايىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ باقمىسا، قىز قانداقمۇ «مەن سىلىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم» دېيەلىسۇن؟

يۈسۈپ قىزنىڭ ئۆز ئىشقىدا پۇچىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭ ئېغىز ئاچماسلىقىنى ئارزۇ قىلىپ ئولتۇراتتى. ئاللىبۇرۇن بىر قارارغا كېلىپ بولغان

دىلدار كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ يەنە سورىدى:

— سىلى بالىچاقىلىق بولغانمۇ، يۈسۈپ؟

— ياق، تېخى ...

— ئادەمئاتا - ھاۋائانىغا، يۈسۈپ - زۇلەيخاغا، لەيلى - مەجنۇنغا تەڭرى ئاتا قىلغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمدىلا؟

— ئۇ مۇھەببەت، — دېدى يۈسۈپ تەمكىن ھالدا، — ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان سېھىرلىك ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى — مۇھەببەت.

— مۇھەببەت نېمىشقا ئىرادىگە بويسۇنمايدۇ؟

— ئەگەر تەڭرى مۇھەببەتنى بەندىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدىغان قىلىپ ئاتا قىلغان بولسا، نىكاھنىڭ قەدىر - قىممىتى، ھاياتنىڭ ھالاۋىتى بولمايتتى.

— توغرا دېدىلە، يۈسۈپ. سىلىدىمۇ مۇھەببەت بولغانمۇ؟

يىگىت مەڭدەپ قالدى. ئۇ بۇ چاغقىچە ئۇستازىنىڭ ئالدىدىمۇ سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي بۇنداق ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالمىغانىدى.

— بولدى، خىجىل بولمىسىلا يۈسۈپ، سوئالىمنى قايتۇرۇۋالدىم.

يۈسۈپ ئاي يورۇقى چۈشكەن دېرىزىدىن كۆزىنى ئېلىپ قىزغا قارىدى:

— سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىمەن، دىلدار. تەڭرىم ماڭىمۇ مۇھەببەت ئاتا قىلغان.

دىلدار رومال ئىچىدىن يۈسۈپكە تەلمۈردى:

— كۆڭۈل سارايلىرىدىكى مۇھەببەتنى كىمگە بېغىشلىغانلىرىنى پېقىرەگە ئېيتىپ بېرەمدىلا؟

— نېمىشقا بۇنى بىلگۈلىرى كېلىپ قالدى؟

— سىلىگە بەخت تىلەش ئۈچۈن، — قىزنىڭ يىغلامسىرىغان ئۈنى ناھايىتى ھەسرەتلىك چىقتى.

ئەمدى گەپنى ئوچۇق قىلمىسا، قىزنى ئازابلاپ قويىدىغانلىقىنى بىلگەن يۈسۈپ كۆڭۈل قېتىدىكى سىرىنى ئاشكارىلىدى:

— مەن پاك مۇھەببىتىمنى قۇزئوردۇلۇق بىر قىزغا بېغىشلىغان.

بېشىغا تۇيۇقسىز مۆلدۈر چۈشكەندەك ئەندىكىپ كەتكەن دىلدار گەپ قىلماي جىمىپ كەتتى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ قىزنىڭ ۋاپادار ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالامدىلا؟

— ئىشەنچىم كامىل.

— شۇنچە چىرايلىقمۇ؟

— جامالىلا ئەمەس، كۆڭلىمۇ شۇنچىلىك.

— زۆھرە يۇلتۇزدەكمۇ؟

— يۇلتۇز ئاسماندا، ئىنسان يەردە تۇرسا، قانداقمۇ ئارىسىدا ئوخشاشلىق بولسۇن؟

— زۆھرە يۇلتۇزنىڭ ئەسلىدە بىر قىز ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىلا، يۈسۈپ؟

— نېمە؟ زۆھرە يۇلتۇزنى قىز دەمدىلا؟ — يىگىت ھەيرانلىق ئىلكىدە قىزغا قارىدى. قارىدى - يۇ، ئۇنىڭ جامالىنى توسۇۋالغان يېشىل رومالغا كەشتىلەنگەن قىزىلگۈلنى كۆردى...

— زۆھرە يۇلتۇز راستىلا بىر قىز ئىكەن، — قىزنىڭ ئۈنىدىكى ھەسرەتلىك سادا يوقىلىپ، كاككۇك ئاۋازىدەك يېقىملىق ياڭرىدى، — بۇ رىۋايەتنى مەۋلانا ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ ھەزرەتلىرىنىڭ رەپىقىسى ئۇستازىم خەيرىنىسا ئاغىچا ئېيتىپ بەرگەن، — دىلدار ئۆزىنىڭ بىر نامەھرەم يىگىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى، كۇندۇز ئەمەس، كېچە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك سۆز باشلىدى، — زۆھرە سودىگەرنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەن. بىر كۈنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر شاھزادە ئۆگزىدە چاچ تاراۋاتقان زۆھرەنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ۋۇجۇدىغا

ئىشىق ئوتى تۇتىشىپ تۇرالماي ھويلىغا كىرىپتۇ. قىزمۇ بۇ تەمەن، چىرايلىق شاھزادىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. شاھزادە كۈندە بىر لېگەن تىللا ئېلىپ كەپتۇ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تېزلا بېيىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى كەچتە شاھزادە ئىككى لېگەن تىللا ئېلىپ كەپتۇ ۋە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، قونۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئاتا ـ ئانا ماقۇل بولۇپ، قىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. زۆھرە ئۆزلىرىنىڭ نىكاھى بولماي تۇرۇپ بىر ئۆيدە تۇرسا گۇناھ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شاھزادىنى دەرھال چىقىپ كېتىشكە ئۈندەپتۇ. شاھزادە ئىشىكنى چىڭ تاقاپ قويۇپ، ئەمدى ئايرىلسا چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، بۇگۈن كېچە ۋەسلىدىن بەھرىمەن قىلىشنى ئۆتۈنۈپ يېقىنلاپ كەپتۇ.

«پېقىرەنى قىز قىلىپ ياراتقان ئۇلۇغ تەڭرىم، مەن شاھزادىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن. ئۇ ناھايىتى مەرد ۋە سۆيۈملۈك. لېكىن، نىكاھ بولماي تۇرۇپ بىر ئۆيدە تۇرۇشنى خالىمايمەن. سېنىڭ رىزالىقىڭنى تىلەپ بۇ ئىرادىگە كەلدىم. گۇناھ قىلىشتىن ئۆزۈڭ ساقلاپ ماڭا نىجاتلىق بەرگىن ...» دەپ نىدا قىلغان ساپ دىل قىزنىڭ دۇئاسىنى خۇدا ئىجابەت قىپتۇ. پەرىشتە ئەۋەتىپ، ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن قىزنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە يۇلتۇز قىلىپ قويۇپتۇ. بۇ زۆھرە يۇلتۇز پاك ۋۇجۇدىدىن ھەر كېچىسى دۇنياغا سۆيگۈ نۇرلىرىنى چاچىدىكەن. باياتىن بۇ رىۋايەت ئېسىمگە چۈشۈپ، ھەربىرلىرى ئوردۇكەنتكە كەلمەستىن بۇرۇنقى ھالىتىمگە كېلىپ قالدىم. ئەمدى سىلگە ئەرزىمىگەن چېھرىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دىلدار رومالنى قايرىدى.

يۈسۈپ تىزىغا قويۇۋالغان قوللىرىدىن كۆزىنى ئالالمىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە، دىلدار ئىشىك سىرتىغا چىقىپ بولغانىدى. پەقەت قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خەير ـ خوش يۈسۈپ، ئەلۋىدا ...

# ئون سەككىزىنچى باب

# باغدىكى قوش قەبرە

## 1

يۈسۈپ كېچىچە ئۇخلىمىدى. تۈن يېرىم بولغاندا قايتىپ كەلگەن رەيھانىدىن ئوغلىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى تۇيغان بولسىمۇ، ئارامىنى بۇزۇپ قويماي، دەپ قەشقەردىكى بىر قىسىم دەۋكار تىجارەتچىلەر بىلەن تۈزگەن سودا توختاملىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى.

«دىلدار ئاجايىپ ئەقىللىك، سەزگۈر قىز ئىكەن. ئۇ ئۈمىدسىزلەنمىدى، مېنىمۇ تەڭلىكتە قويمىدى، تەقدىرگە تەن بېرىپ ھىجران ئازابىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزدى. مۇبادا مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ، يۈزىنى ئاچقاندا جامالىغا قارىغان بولسام، پاك سۆيگۈمگە داغ چۈشۈرگەن بولاتتىم. جامالىغا قارىمىغانلىقىم كۆڭلىنى زېدە قىلىپ، ئۇنى ئىشق بالاسىدىن، پىقىرنىمۇ ھاۋايى ھەۋەسنىڭ كەيىپ - ساپاسىدىن قۇتۇلدۇردى. ئەمدى مەڭگۈ يۈز كۆرۈشمەسلىكىمىز مۇمكىن، ياغلىقىمۇ مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالغۇسى ...»

يۈسۈپنىڭ بۇ خىيالى توغرا چىقتى. ئۇ ئەتىگەندە ئاتىسى بىلەن چاي ئىچىپ ھويلىغا چۈشكەندە، ئايۋان دېرىزىسىدىن ھەر كۈنى تەلمۈرىدىغان دىلدارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. يۈسۈپ ئىشىكتىن چىققۇچە دېرىزىگە كۆز سېلىپ ماڭدى:

«دىلدار زۆھرەدەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ يۇلتۇزغا ئايلىنىپ قالغانمىدۇ؟ ...»

ئۇ يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتمىگەنىدى. ئۆز ھۆجرىسىدا ئىبنى سىنانىڭ «كىتابۇل ھىدايەت»① دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى ...

رەيھانىدىن ئوغلىنى تاۋار، كىمخاب، ئەتلەس كەبى يىپەك رەختلەرنى ساتىدىغان رەستىنى ئايلاندۇردى. مىسىر شايىسى، سەمەرقەنت، بۇخارا بەقەسەملىرى، چاڭئەن كىمخابلىرى، ئىران گىلەملىرى، رىمنىڭ يىپەك رەختلىرى، قەشقەر شايىلىرى تولۇپ كەتكەن كاتتا رەستىدە خېرىدار ئاز ئەمەس ئىدى. يۈسۈپ قەشقەرلىك سودىگەرلەرنىڭ سىپايە، تەۋەززۇلۇق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدى ۋە ئاتىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىرقانچە مەشھۇر زەردار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى. ئۇ يەردىن زەرگەر بازىرىغا كەلدى. خىلمۇخىل شەكىلدە نەپىس ياسالغان زىرە، سۆكە، ھالقا، زەنجىرلىك زۇننار، ئۈزۈك، بىلەزۈك قاتارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ زىننەتلەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. يۈسۈپ ئاتىسى ئاجايىپ چىرايلىق ياسالغان بىر كۈمۈش رىھلىنى كۆرۈۋاتقاندا، ياقۇت كۆز قويۇلغان زۇننار سېتىۋېلىپ، شايى يەكتەكنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

ۋاڭ ـ چۇڭ، سۇرەنلىك بولغان مىسكەر بازىرىمۇ يۈسۈپنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى تارتتى. ساپ مىستىن ياسالغان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، چەينەكلەر ھەممە دۇكانلارنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا تىزد- ۋېتىلگەنىدى. قۇيما چۆگۈن ـ قازان، ئۈچ پۇتلۇق داڭقان، چوڭ داشلارمۇ بۇ بازارنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئىدى. رەيھانىدىن بىر- قانچە جۈپ ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، چۆگۈن ئېلىپ خىزمەتچىلىرىدىن بەگتاش جالالىدىننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتۇەتتى.

پىچاق بازىرى قەشقەر بازارلىرى ئىچىدە خېرىدارلىق ئاۋات بازار ئىدى. بولقا، بازغانلارنىڭ ساداسى ئاڭلىنىپ تۇرغان پىچاق بازىرىغا قەدەم قويغان يۈسۈپنىڭ نەزىرى دۇكاندىكى ئىلغۇچلارغا

---

① «كىتابۇل ھىدايەت» ــ «توغرا يول كۆرسىتىدىغان كىتاب».

ئېسسىپ قويۇلغان بىر بىسلىق، ئىككى بىسلىق قىلىچ، خەنجەرلەر، ئۇزۇن ساپلىق شەمشەر قادالغان نەيزىلەر، بەش قىرلىق، ئۈچ قىرلىق تۆمۈر ئومۇتلار، چويۇندىن ياسالغان تىكەن چوماقلىق گۈرزىلەر، ئەگرى، تۈز بىسلىق خىلمۇخىل شەكىلدىكى پىچاقلار، يا ئوقلىرى، جادۇ، پالتا، كەكىلەر، ئارا شەكىللىك جەڭ قورالى، ساداق، قالقانلارغا چۈشكەندە يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ قەشقەرنىڭ ھۈنەرۋەن ــ كاسىپلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، بىرقانچە خەنجەر، پىچاق، ياقۇت كۆز قويۇلغان كۈمۈش ساپلىق قەلەمتىراچ سېتىۋالدى. رەيھانىدىن مىڭ جۈپ قىلىچ، خەنجەر، بىر تۈمەن تال يا ئوقى ۋە يەنە خېلى كۆپ ساندا گۈرزە، ئومۇتلارنى بۇيرۇتتى. تۆمۈر، پولات دۇبۇلغا، سىم تورلۇق، زەنجىرلىك، پولات تاختىلىق قالقان ــ ساۋۇتلارمۇ بۇ بازاردا سېتىلاتتى. رەيھانىدىن ئوغلىغا پولات تاختىلىق ساۋۇت ــ قالقان سېتىۋالدى.

ئۇلار چۈشتىمۇ ئۆيگە قايتمىدى. كۈن قىيام بولغاندا دوپپا بازىرىدىكى ئاشخانىدا تاماق يېدى، شۇ يەردىكى مەسچىتتە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى.

بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، گىلەم دوپپا، مەنچۇ دوپپا، مەرۋايىت دوپپا، مارجان دوپپا، جىيەك قاداق ئاق دوپپا، شاپاق دوپپىلار ئۇستىت ــ ئۇستىگە دەستىلەپ قويۇلغان دۇكانلاردىن كۆزىنى ئالماي كېتىۋاتقان يۇسۇپ ئاتىسىغا دەپ ئائىلىدىكى ھەممەيلەنگەن بىردىن دوپپا ئالدۇردى. ئۇ ئۇستازىمىنىڭ قىزىغا ئالغاچ بارىمەن، دەپ يەنە بىر مەرۋايىت دوپپا ئالدى. ئالغان نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەۋەتىۋېتىپ، نەپىس ئەسۋابلار بازىرىغا كېلىشتى. چىرايلىق ياسالغان ئۇد، تەمبۇر، نەي، ساتار، داپ، دۇمباق، ناغرا ــ سۇناي، بۇغرا ــ كانايلار خېرىدارلارنى جەلپ قىلغانىدى. يۇسۇپ بىر نەي ئالدى. ئۇ ئۇد، تەمبۇر چېلىشنىمۇ بىلەتتى.

ئۇلار قاسقان بازىرىدىكى مەسچىتتە نامازدىگەرنى ئوقۇپ

ئۆيگە قايتمىشتى.

— ئوھوي، نېمانداق ئېسىل چالغۇ ئەسۋابلىرى بۇ، جانابلىرى بازاردىن ئېلىپ ئەۋەتكەن نەرسىلەر بىلەن ئامبار توشۇپ كەتتى. قارىغاندا، كېتىشكە تەرەددۇت قىلىشىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى بەگتاش جالالىدىن رەيھانىدىننىڭ قولىدىن تەمبۇرنى ئېلىپ.

— ئوردۇكەنتكە كەلگىنىمىزگە ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. دېگەنلىرى توغرا، بىز قايتماقچى بولۇۋاتىمىز، — رەيھانىدىن جاۋاب بېرىپ، بەگتاش جالالىدىننىڭ باشلىشى بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇردى.

— سوۋغاتلارنى سىلى ئالمىسىلىرىمۇ بىز ئېلىپ بېرەتتۇق. شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەن يەردە، بۇنچىلىك سوۋغا - سالام بىلەن ئۇزاتمىساق بولامدۇ؟ يەنە بىر - ئىككى ئاي تۇرۇشسىلا بولاتتى. يۈسۈپ بالام، سىلى تۇرۇشنى خالىمامدىلا؟

— مېنىڭ كەتكۈم يوق، بەگتاش ئاغا. ئەمما، ئانامنى سېغىندىم. بوۋام، مومىلارمۇ ياشىنىپ قالغاچقا، يېنىدا بولۇشىمىزنى ئىستەيدۇ، — دېدى يۈسۈپ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— ئەتە ئۇستاز ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ ھەزرەتلىرىنىڭ بېغىغا چىقىپ كىرىپ، بۇغرا قاراخان بىلەن خوشلىشىۋالساق، ھايال بولماي يولغا چىقىمىز. ھېلىمۇ ئۆزلىرىنى كۆپ ئاۋارە قىلدۇق، ئۇكا.

— بۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلەيمەن. جانابلىرىنى بەگيۈسۈپ بىلەن ئاران بىر كەلگەندە ئۇزاقراق تۇرار، دەپ ئويلىغانىدىم، — بەگتاش جالالىدىن مەيۈسلەنگەندەك بولۇپ ساقىلىنى سىيپاپ قويدى.

رەيھانىدىن ئەتىسى ئەتىگەندىلا يۈسۈپ بىلەن ئاتقا مىنىپ ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ بېغىغا چىقتى. ئالىم خۇشال كۈتۈۋالدى. تۇنۇگۇن كەچ ياتار چاغدا ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىدە تۇتقان رەيھانىدىن ئىشىكتىن كىرگىنىچە، ئالىما دەرەخلىرى سايە تاشلىغان خىلۋەت يول بىلەن ئۆيلەرنى يانداپ

مېڭىپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان قوش قەبرە يېنىغا كېلىپ توختىدى. گىلەم جايناماز ئۈستىدە ئىككى رەكەتتىن نەپلە ناماز ئوقۇشتى. يۈسۈپ سۈرە «تابارەك» نى تىلاۋەت قىلدى. رەيھاندىن دۇئاغا قول كۆتۈردى. شۇ چاغدا ئىشىكتىن كىرگەن ئەبۇ ھەسەن تېگىن بىلەن مەھمۇد تېگىنمۇ ئۇدۇل كېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇشتى.

«باغقا چىققان ھەممىلا ئادەم ئاۋۋال بۇ قەبرىلەرنىڭ ئالدىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىكەن ـ دە، دىلدار قىز شۇڭا تاپىلاپتىكەن. بۇ ئىككى ئەزىمەتنىڭ ياشلا كېتىپ قېلىشىدا نېمە ھېكمەت باردۇ؟» يۈسۈپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، مەھمۇد تېگىن:

— يۈسۈپ ئاكا، تۈنۈگۈن مەدرىسەگە كەلمىدىڭىزغۇ؟ ئۇستاز ھەزرىتى فارابىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى توغرىسىدا ناھايىتى قىزغىن مۇنازىرە بولدى، — دېدى. «شاھزادە مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، سەممىمىي ئىكەن» دەپ ئويلىغان يۈسۈپنىڭ روھى بىردىن كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئەمما، تۈنۈگۈن مەدرىسەگە بارالمىغىنى ئۈچۈن بەك ئەپسۇسلاندى.

— ئىنىم، پېقىرنى غەپلەت بېسىپ، ئاتام بىلەن بازارغا چىقىپ كېتىپتىمەن. مۇنازىرىگە قاتناشقان بولسام زېھنىم ئېچىلىپ قالاتتىكەن.

— مەدرىسەدە مۇنازىرە بولۇشىنى ئۇقمىغانلىقىمدىن، قەشقەر بازارلىرىنى ئوغلۇمغا كۆرسەتكەچ، سوۋغا ـ سالاملىق ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە شەھەر ئايلاندۇق، شاھزادە، — سۆز قاتتى رەيھاندىن ئوغلىغا ھېسداشلىق قىلىپ.

— بۇنداق ئالدىراپ قايتىپ كەتسىلە، يۈسۈپ ئاكىنى ئارماندا قويىدىلا، ھاجىپ ئاغا. يەنە بىر ـ ئىككى ئاي تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئاندىن يولغا چىقسىلا بىز خۇرسەن بولاتتۇق.

كىچىكىدىن كەم سۆز بولغان ئەبۇ ھەسەن تېگىن

كۆلۈمسىرىگەن هالدا باش لىڭشىتىپ، مەھمۇد تېگىنىنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى.

— مەھمۇد تېگىنىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق بولدى، رەيھانىدىن جانابلىرى، بەگيۈسۈپنىڭ چاغقىنى بىسلىماي تۇرۇپ كېتىشكە قانداقمۇ رايىلىرى بارىدۇ ـ ھە! — دېدى ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالغان ئاتا ـ بالىغا نەزەر سېلىپ.

يۈسۈپ ئۇستازىنىڭ بۇ سۆزىدىن «كېتىشكە ئالدىرىماڭلار» دېگەن مەنىنى ئۇقتى.

— ھەربىرلىرى ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈۋاتقان يەردە، كېتىمىز دېيىشكە قانداقمۇ ئاغزىمىز بارسۇن؟ — يۈسۈپ توغرا دېدىمۇ، دېگەندەك قىلىپ ئاتىسىغا باقتى. رەيھانىدىن باش لىڭشىتىپ قويۇپ ئالىمغا جاۋاب بەردى:

— ئوردۇكەنتكە كېلىشتىكى مەقسىتىمىز: ھەرزىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلىش، مەلىكۇل مەشرىق بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىغا سالام بېرىش، ھەزرەتلىرىدىن تەلىم ئېلىش ئىدى. بۇ مەقسىتىمىزگە تەڭرى يەتكۈزدى، ئۇستاز، — رەيھانىدىن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەيلا، قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— ھاجىپ ئاغا، تۆت يىلدىن بېرى ئاكام ئەبۇ ھەسەن تېگىن بىلەن ئۇستازدىن تەلىم ئېلىۋاتىمىز، تېخىچە مۇراد قىرغىقىغا يەتكىنىمىز يوق. سىلى ئىككى قېتىم كۆرۈشۈپلا مەقسىتىمىزگە يەتتۇق دەۋاتىدىلا، ھەيران قالدىم، — دېدى مەھمۇد تېگىن ۋە يۈسۈپكە «بۇ گېپىم توغرىمۇ، قانداق؟» دېگەن مەنىدە كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويدى.

— ئۇستازىم ئەبۇ پۇتۇھ ئابدۇغۇپۇر بىنىنى ھۇسەيىن ئەلئالمائى ھەزرەتلىرى: «بىلىم تەكتى يوق بىر دېڭىز، ئۇنىڭدىن ئىچكەنسېرى ئادەمنىڭ تەشنالىقى شۇنچە كۈچىيىدۇ» دەپ ھەۋىسىمنى قوزغىغانىدى. جانابلىرى: «بىلىم ئىگىلەش يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغانغا ئوخشاش» دەپ ئىرادەمنى چىڭىتتىلا.

ئىجازەت بەرمىسىلە قەشقەردىن كېتەلمەيدىغان ئوخشايمىز، ئۇستاز، ئىجازەتلىرىنى كۈتۈپ تۇرىمىز، ئەلۋەتتە.
— ھە، مانا، مانا، كۈتكەن جاۋابقا ئېرىشكىنىم ئۈچۈن ئاتىلىرىغا رەھمەت ئېيتىمەن، — ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ رەيھانىدىنغا «شۇنداق بولسۇن» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى، كۆل بويىدا چوڭ بىر قوچقارنى تۇتۇپ تۇرۇشقان خىزمەتكارلارنى كېلىڭلار دېگەندەك قىلىپ قول پۇلاڭلاتتى.
— ھاجىپ جانابلىرى، ئاللانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ بەرسىلە، — دېدى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ خىزمەتكارلار ئېلىپ كەلگەن ئاق بويۇن قارا قوچقارنى ئىما قىلىپ.
رەيھانىدىن دۇئاغا قول كۆتۈردى:
— تەڭرىم ئەلگە ئەمىنلىك، ئائىلىلىرىگە قۇت، ئۆمۈرلىرىگە بەرىكەت بەرگەي، ئامىن!
— ئامىن!
— تەڭرىنىڭ بۇ نېمىتىگە بىللە ئېغىز تېگىشىمىزگە نېسىپ بولىۋاتقاندا، ھەزرەتلىرى ۋە شاھزادىلەر بىلەن ئوغلۇمنىڭ كۆپرەك مۇلاقاتتە بولۇپ تۇرۇشىنى تىلەيمەن، — دېدى رەيھانىدىن ئالىم سۇنغان پىچاقنى يۈسۈپكە بېرىپ، — ئوغلۇم، بۇ قوينى بوغۇزلاپ بۆگۈ بىلىگە رەھمەت ئېيتقىن.
يۈسۈپ تۆت پۇتى باغلانغان قوينىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ، «ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ پىچاق سۈردى. قوچقارنىڭ يۇڭلۇق بوغۇزىدىن ئېتىلىپ چىققان قان بېھى دەرىخىنىڭ تۈۋىگە قۇيۇلدى.
رەيھانىدىنىنىڭ ئۆتۈنۈشى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپنى خۇشال قىلىۋەتتى.
— ئوردۇكەنتتە يەنە بىر مەزگىل تۇرىدىغان بولۇپلا ـ دە، ھاجىپ. يالغۇز ئوغۇللىرىنى دەپ بولسىمۇ كېتىشكە ئالدىرىمىسىلا. قېنى، ئەمدى داستىخانغا مەرھەمەت قىلىشسىلا.
ئۇ مېھمانلىرىنى پېشايۋانلىق ساراي ئۆيگە باشلاپ، يېڭى

سويۇلغان قوينىڭ گۆشىدە قىلىنغان كاۋاپ بىلەن چاي، ئارقىدىن شورپىغا سېلىنغان ئۇگرە ئېلىپ كىرىپ گۆش تارتتى، ئاندىن كۆل بويىغا راسلانغان جايغا ئېلىپ چىقتى. باغنىڭ خۇش ھاۋاسىدىن نەپەس ئالغان مېھمانلار قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

باھار قۇياشىنىڭ قىزغۇچ نۇرى تىنىق كۆلدە ئالتۇن شارچىلارنى پەيدا قىلغانىدى. بىلىنەر ـ بىلىنمەس يەلپۈنۈپ تۇرغان مەجنۇنتاللار ئېرىق بويىدا چاچ تاراۋاتقان قىزنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىدەك سۇغا چىلىشىپ قالغانىدى.

## 2

قىزىل دەريا بويىدىكى بۇ باغ كەڭ، ئازادە ئىدى. ئېگىز قوپۇرۇلغان تاملىرىنى بويلاپ ئۆسكەن جىگدە ـ چىلاننىڭ شاخلىرى خۇددى قاشادەك بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ تۇراتتى. يەر بېغىرلاپ ماڭغان يىلاندەك باغنى ئايلىنىپ ئاققان ئېرىقتىكى سۇ شاپتۇل، ئۆرۈكلەرنىڭ پىرىلداپ چۈشكەن غازاڭلىرىنى ئېقىتىپ، كۆلگە، گۈللەرگە، بېدىلىك، كۆكتاتلىقلارغا قۇيۇلاتتى. ئانار، ئەنجۈر، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما، گىلاس، ئەينۇلا ۋە ئامۇت دەرەخلىرى باغنىڭ چىغىر يوللىرىغا ئاپتاپ چۈشۈرمەيتتى. جىنەستە، ئالۇچىلار باغ ھويلىسى ۋە كۆركەم ياسالغان ئايۋان، ساراي، ھۇجرىلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆستۈرۈلگەنىدى. باغنىڭ غەربىدىن شەرقىگە سوزۇلغان ئۇزۇم تاللىرى ئېلىنغان بىدىش ئاستى خىلۋەت ئارامگاھ ئىدى. قوش قەبرىنىڭ چۆرىسى خىلمۇخىل گۈل ـ گىياھلار، دەل ـ دەرەخلەر بىلەن، باغ ئىچى قىزىلگۈلنىڭ خۇشبۇي ھىدى بىلەن قاپلانغانىدى ...

يۇسۇپنىڭ نەزەر قۇشى باغنى بىر ئايلىنىپ، قاناتلىرىنى كېرىگىنىچە قوش قەبرە ئۈستىدە توختاپ قالدى ...

رەيھاندىن ئويلىنىپ قالغان يۇسۇپكە كۆز سېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك بولدى ـ دە، ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپتىن ئۆتۈندى.

— ئوغلۇمنىڭ ئەس ـ يادى ئاشۇ قەبرىلەردە بولۇپ قالدى، ئۇستاز. ئۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا.

— سۆزلەپ بەرسىلە، ئۇستاز، — مەھمۇد تېگىنمۇ ئۆتۈندى ۋە يۇسۇپكە ھېسداشلىق قىلىپ قاراپ قويىدى.

— سۆزلەپ بەرسىلە، ئۇستاز، — ئەبۇ ھەسەن تېگىنمۇ ئۆتۈندى ۋە يۇسۇپكە ھېسداشلىق قىلىپ قاراپ قويىدى.

— سۆزلەپ بەرسىلە، ئۇستاز. بۇ ئىككى پەرزەنتلىرى ياش تۇرۇپ نېمە سەۋەبتىن ۋاپات بولغان، نېمىشقا ئۇلارنى باغقا دەپنە قىلىدىلا؟ — يۇسۇپ ئۇستازىنىڭ جاۋابىغا ئىنتىزار بولۇپ تەلپۈندى.

— شاھزادىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنىدىم. شۇنچە يىراق يەردىن كەلگەن بەگيۇسۇپنىڭ تەلىپىنى يەردە قويسام بولماس. ئاۋۋال بىخىمغا چىققىنىڭلارغا لايىق گەمىدە ساقلىغان قوغۇنۇمنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈڭلار، ئاندىن سۆزلەپ بېرەي. قېنى مەرھەمەت.

ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ شاگىرتلىرى بولسا كېرەك، يۇسۇپ بىلەن تەڭتۇش بىرقانچە يىگىت گەمىدىن ئېلىپ چىققان قوغۇن ـ تاۋۇز، ئالما، ئانار، ئۈزۈملەرنى داستىخانغا تۇشتۇرۇۋەتتى. قوغۇن شۇنچىلىك تاتلىق ئىدىكى، رەيھاندىن بىلەن يۇسۇپ ئىككى كاسا قوغۇننى يەۋەتكىنىنى بىلمەيلا قالدى.

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى. ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ ئېغىر تىنىۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

— ماڭا تەڭرىم ئىككى پەرزەنت بەرگەنىدى. چوڭىنىڭ ئىسمىنى ئابدۇجاپپار، كىچىكىنىڭ ئىسمىنى ئابدۇغاپپار قويغانىدۇق، بىر ـ بىرىدىن ئىككى ياشلا پەرقلىنەتتى. چوڭىنىڭ

ساۋاتى يەتتە ياشتا، كىچىكىنىڭ ساۋاتى بەش ياشتا چىققانىدى. سىلەر كىچىك ئوغلۇمنىڭ شۇنچە زېرەكلىكىنى بۇنىڭدىن بىلىۋالالايسىلەر. ئۇ يەتتە يېشىدا «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا ئېلىپ بولدى ۋە «بۇلبۇل قارىم» دەپ ئاتالدى. ئون يېشىدا قۇرئاننى تەپسىر قىلالايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە مەنمۇ ھەيران ئىدىم. ئەپلاتون، ئارىستوتېل، فارابى، ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىغاندا، ئاكىسى ئەرەب، پارس تىللىرىنى تېخى ئۆگىنىپ بولالمىغانىدى. ئۇ ئۇكىسىدەك زېرەك، ھازىر جاۋاب بولمىسىمۇ، ناھايىتى ئىشچان ئىدى. ئۆگىنىشتىن بىكار بولسىلا باغقا كىرىپ ئىشلەيتتى. باھار، ياز كۈنلىرى گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەرنى، كۆكتاتلارنى سۇغىراتتى، تۇۋىنى بوشىتاتتى، ئوغۇتلايتتى. كۈز ئايلىرى مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلايتتى، گۈل كۆچۈرەتتى، زىرائەت تېرىيتتى. قىشتا قار سۈپۈرۈپ يول ئاچاتتى، ھاردىم ـ تالدىم دېمەيتتى. چوڭ ئوغلۇمنىڭ بۇ باغقا كۆپ ئەجرى سىڭگەن. ئۇ تېرىغان گۈللەر نەچچە تۈزۈپ، نەچچە قېتىم كۆكلىدى. ئۇ قويغان كۆچەتلەر چوڭ دەرەخ بولۇپ باراقسانلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قەدەم ئىزلىرىدا يول پەيدا بولدى. ئۇ شۇنداق ئاجايىپ ئەمگەكچان ئىدى. چوڭ ئوغلۇمنى باغۋەن، كىچىك ئوغلۇمنى ئالىم بولىدۇ، دەپ قارايتتىم.

— ھەر ئىككى ئوغلۇمنى ئون ئالتە يېشىدا ئۆيلەپ قويدۇم. چوڭ ئوغلۇمغا سىرداش دوستۇم بولغان بىر دېھقاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردىم. كىچىكىگە بولسا، ئۇنىڭ پاساھىتىگە قايىل بولغان ھازىرقى بۇغرا قاراخانىمىز يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ قىزىنى بەرگەنىدى. بۇ ئوغلۇمنىڭ تويى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىر يىلى يازدا ئۇدۇننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان ئاكا ـ ئۇكا خانلىرى نوقتى رىشىت، چوقتى رىشتىلار نۇرغۇن لەشكەر بىلەن يېڭى ھىسارغا باستۇرۇپ كېلىپ قالدى.

ئۇ چاغدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ قىزى نۇرئەلانۇر خېنىمنىڭ ئوغلى سېيىت ئەلى ئارسلانخان يېڭى ھىسار دىيارىغا خان ئىدى. ئۇ ناھايىتى قەيسەر، باھادىر بولۇپ، بوراندەك باستۇرۇپ كەلگەن خوتەن لەشكەرلىرىنى ئوردۇكەنت تەرەپكە ئۆتكۈزمەي توسۇپ قالدى. بىر يىل شىددەتلىك جەڭ قىلىپمۇ يېڭى ھىسارنى ئالالمىغان ئاكا ـ ئۇكا خانلار قايتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ سىپاھلىرى قېرى بىر دەللىنى تۇتۇپ كەپتۇ. بۇ دەللە خانلارغا قاراپ: «خانلىرىم، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بۇتقا چوقۇنىمەن. ئېرىم پادىشاھ سۇباشلىرىدىن ئىدى. ئوردۇكەنت دىيارىغا يۈرۈش قىلغاندا، ئېرىم مەن بىلەن ئىككى ئوغلۇمنىمۇ ئېلىپ ماڭغانىدى. يېڭى ھىساردا بولغان جەڭدە ئىككى ئوغلۇم بىلەن ئېرىم ئۆلدى، مەن ئەسىر چۈشۈپ قالدىم. يالغاندىن ئىمان ئېيتقان بولۇۋېلىپ تاكى ھازىرغىچە جان ساقلاپ كەلدىم. ئېرىم، باللىرىم ئۆلگەن بۇ يۇرتتا، قىساس ئوتىدا پۇچىلىنىپ، سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارغا قانچىلىك ئىنتىزار بولغىنىمنى بىلەمسىلەر؟ شۇنچە كۆپ لەشكەر بىلەن كېلىپ، نومۇس قىلماي يېنىپ كېتەمسىلەر؟» دەپتۇ. دەللىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان نوقتى رىشىت لەشكەرلىرىنى توختاشقا بۇيرۇپ: «كۆردۈڭمۇ، لەشكەرلىرىم توختىدى، بىز سېيىت ئارسلانخاننى يېڭىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدۇق، سېنىڭ قانداق مەسلىھەتىڭ بار؟» دەپ سوراپتۇ. قېرى دەللە: «بۇ يەردە تۇرغان ئون نەچچە يىلدىن بېرى شۇنى چۈشەندىمكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى مۇستەھكەم، ئۆز دىنىغا بولغان ئەقىدىسى بەك كۈچلۈك ئىكەن. بىزنىڭ بولسا ئۇنچىلىك كۈچلۈك ئەمەس» دەپتۇ. نوقتى رىشىت ئاچچىقلاپ: «ئۇنداق بولسا نېمىشقا يولىمىزنى توسۇيسەن؟» دېگەنىكەن، دەللە خالتىلىشىپ كەتكەن كۆكسىنى ئېچىپتۇ. پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن بۇتنى ئاكا ـ ئۇكا خانلار كۆرۈپتۇ. «بۇت بىزگە نېمە قىلىپ بېرەلەيدۇ؟» دەپ چوقتى رىشىت لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ماڭماقچى بوپتۇ. «ئالىيلىرى، توختىسىلا»

دەپتۇ دەللە بۇتنى كۆكسىگە يوشۇرۇپ، «مەندە چارە ـ ئامال بار» دەپتۇ. نوقتى رىشىت: «ئېيت، قانداق چارە ـ ئامالىڭ بار؟» دەپ سوراپتۇ. دەللە: «مۇسۇلمانلارنىڭ خانى سېيىت ئەلى ئارسلانخان ناھايىتى تەقۋادار پادىشاھ، بەش ۋاخ نامازنى زادى قازا قىلمايدۇ. ئۇ نامازغا تۇرغاندا، سىپاھلىرىنىڭ يېرىمى ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. يېرىمى كۆزەتتە تۇرۇپ، ئۇلار ئوقۇپ بولغاندا ئاندىن نامازغا تۇرىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقاندا سىلەر ھۇجۇم قىلساڭلار، ھەرگىز مەغلۇپ بولمايسىلەر. چۈنكى، سېيىت ئەلى ئارسلانخان نامازغا تۇرغاندا، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ خۇداسى بولغان ئاللاغا يۈزلىنىدىكەن. پۈتۈن ۋۇجۇدى ئېرىپ سۇدەك بولۇپ كېتىدىكەن، ھېچنېمىنى تۇيمايدىكەن. شۇ چاغدا قول سالساڭلار، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ زەپەر قۇچىسىلەر» دەپ، ئاكا ـ ئۇكا خانلارنى ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نوقتى رىشىت، چوقتى رىشىت ئاكا ـ ئۇكا خانلار بارلىق سىپاھلىرى بىلەن سېيىت ئەلى ئارسلانخان ئىمام بولۇپ بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇۋاتقاندا ھۇجۇم قىپتۇ. ناماز ئوقۇۋاتقانلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان مۇسۇلمان سىپاھلار تۇيۇقسىز بۇ ھۇجۇمدىن گاڭگىراپ قالغان بولسىمۇ، جان تىكىپ ئېلىشىپتۇ. نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان ئۇدۇن قوشۇنلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، قىلىچتا چېپىپ، نەيزە بىلەن سانجىپ، ئومۇت بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ناماز ئوقۇۋاتقانلار سېپىگە بېسىپ كىرىپتۇ. ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئاللاغا بېرىلىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلارنى سەپ بويىچە قەتل قىپتۇ. سېيىت ئەلى ئارسلانخان سەجدىگە بارغاندا، نوقتى رىشىت ئۇنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇپ، تېنىدىن جۇدا قىلىنغان بېشىنى نەيزىگە سانجىپ كۆتۈرۈۋاپتۇ. دەل شۇ چاغدا، يۈزلىرىگە نىقاب تارتقان بىر توپ غەيۇر سىپاھلار يېتىپ كېلىپ، مەغرۇر ھالدا گىدىيىپ كېتىۋاتقان نوقتى رىشىتنى

ئورنۋاپتۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى دۇبۇلغىسىغا ئالتۇن تاج قادالغان بەستلىك بىرسى نوقتى رىشىتقا قىلىچ ئۇرۇپ، بىر قولىنى يەلكىسىدىن چىپىپ تاشلاپتۇ. سىيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشىنى نەيزىدىن ئاجرىتىپ رومال بىلەن ئوراپتۇ. زار ـ زار يىغلاپ باغرىغا باسقىنىچە ھەمراھلىرى بىلەن ئۇدۇن قوشۇنلىرى ئارىسىدىن شامالدەك تېز چىقىپ قەشقەرگە راۋان بوپتۇ. بۇ نىقابلىق سىپاھلار سىيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ رەپىقىسى تۇركەن خاتۇن بىبى مەريەم ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى ئىكەن.

خۇشاللىقىدا ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ خۇدىنى يوقىتىۋاتقان ئۇدۇن قوشۇنلىرى بىر چاغدا دۇم ياتقۇزۇپ ئۇستىگە شاخ ـ شۇمبا تاشلاپ قويغان نوقتى رىشىتنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ قېلىشىپتۇ. قارىسا، سىيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشىمۇ يوق ئىمىش. ناماز ئوقۇغان جايغا قاراپ ئۇنىڭ تېنىنىمۇ تاپالماپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن چوقتى رىشىت: «سىيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلەلمىسەم، لات ـ مانات ① ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ كېتەي» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. ئۈچ كۈن تەييارلىق قىلىپ، بارلىق قوشۇنلىرى بىلەن ئوردۇكەنتكە قاراپ يول ئاپتۇ.

بۇ چاغدا قەشقەر بۇغراخانى يۈسۈپ قادىرخان سەمەرقەنتتە، سىيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغۇللىرى ئەھمەد تۇغانخان②، ناسىر ئېلىكخان، مەنسۇرخانلار بالاساغۇندا ئىدى.

بىبى مەريەم تۇركەن خاتۇن سىيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشىنى ئوردۇكەنتكە ئېلىپ كېلىپ، دۆلەتباغ يېزىسىدىكى قېيىنئانىسى نۇرئەلانۇر خېنىم مەقبەرىسى يېنىغا دەپنە قىلغاندا، مەنمۇ، ئىككى ئوغلۇممۇ قاتناشقانىدۇق. ناھايىتى كاتتا مۇسىبەت بولغانىدى، — ھەسرەتلىك ئۇنى پەسەيگەن ھۈسەيىن

---

① لات ـ مانات — بۇتنىڭ ئىسمى.

② ئەھمەد تۇغانخان — ئەھمەد ئارسلانخان، ئۇ بۇغرا قاراخان بولۇپ تۇغانخان ئەۋۋەل دەپ ئاتالغان.

ئىبنى خەلەپ، گۈل ـ چىمەنلەرگە پۈركەنگەن قوش قەبرىگە بىر نەچچە دەقىقە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بالاساغۇن، سەمەرقەنتلەرگە چاپارمەن ماڭدۇرۇلغانىدى، ئۇ تەرەپلەردىن خەۋەر بولغۇچە، چوقتى رىشىت ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدىكى قاراخانىيلار خاقانى بولغان ھارۇن ھەسەن بۇغرا قاراخان دەرۋازىلارنى تاقاپ دۈشمەن لەشكەرلىرىنى شەھەرگە يېقىن كەلتۈرمەسلىك توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى، دەرۋازىلار تاقالدى، خەندەكلەرگە سۇ توشقۇزۇلدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سىپاھلار بىلەن بىرلىكتە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، يا ئوقىغا يۆگەپ ئېتىلغان خەت سېپىل ئۈستىگە چۈشۈپ، بۇغرا قاراخاندىن تارتىپ ئاۋامغىچە ھەممىيلەننىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان مۈشكۈل ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«قاراخانىيلار خاقانى، ئاگاھ بولغىنكى، نەۋرە ئىنىڭ سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ تېنىدىن جۇدا قىلىنغان بېشىنى ئادەملىرىڭ ئېلىپ كېتىپتۇ. مەن ئاشۇ باش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ پايتەختىڭگە كەلدىم. ئۈچ كۈنگىچە باشنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەرسەڭ قايتىپ كېتىمەن. ئەگەر باشنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلساڭ، ئاكامنىڭ قىساسى ئۈچۈن، لەشكەرلىرىڭ بىلەن ئوردۇكەنت ئاھالىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، پايتەختىڭنى تۈزلىۋېتىمەن.

ئۇدۇن پادىشاھى: چوقتى رىشىت»

ھارۇن بۇغراخان بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى لەشكەرلىرى بىلەن ئوردۇكەنت ئەھلىگە ئاشكارىلاپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشقا تەييار تۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى.

يەتتە تۇمەندىن ئۇشۇق ئۇدۇن قوشۇنلىرى تۆت تەرەپتىن شەھەرنى قاتتىق قامال قىلىۋالغانىدى. پايتەختتە ئاران بىر

تۇمەنگە يېقىن ياساۋۇل ـ نۆكەرلەر بولۇپ، ئاساسلىق قوشۇن يۈسۈپ قادىرخان باشچىلىقىدا سامانىيلار ۋە غەزنەۋىيلەر خانلىقىغا تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى. خەتەر ئىچىدە قالغان پايتەختنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگۈچە بىر ـ ئىككى ئاي ۋاقىت كېتەتتى. بۇ جەرياندا سانى كۆپ دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ پايتەختنى ساقلاپ قېلىش ناھايىتى قىيىن ئىدى. كۆپ قۇربان بېرىشكە توغرا كېلەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ قەشقەردىكى پۈتۈن لەشكەر ۋە ئاۋامنىڭ كاللىسىنى بۇ سوئال تاشتەك قاتۇرغانىدى.

مانا شۇنداق جىددىي پەيتتە، ساچىيە مەدرىسەسىدىكى بارلىق مۇدەررىس ۋە تالىپلار يىغىلىپ، قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق. ئاتاقلىق مۇدەررىس مۇھەممەد بىننى ئەل كاشغەرىي: «قولىمىزغا قىلىچ ئېلىپ، دۈشمەن باستۇرۇپ كىرىشتىن ئىلگىرى، بۇغرا قاراخان سىپاھلىرى بىلەن بىللە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۇلارنى چېكىندۇرەيلى» دەپ مۇراجىئەت قىلدى. مۇدەررىسلەر ۋە تالىپلارنىڭ بىر قىسمى قوللىدى. بىر قىسمى «ھۇجۇم قىلىپ دەرۋازىدىن چىقىش قارامىلىق بولىدۇ، سانى كۆپ، دەرۋازىنىڭ ئىچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ پايتەختكە بېسىپ كىرسە قانداق قىلغۇلۇق؟ شۇڭا سېپىل ئۈستىگە چىقىپ يادىن ئوق ئۈزۈپ، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ كەلگۈچە دۈشمەنلەرنى پايتەختكە كىرگۈزمەسلىكىمىز ئەڭ ئاقىلانە چارە» دېيىشتى. شۇ چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان ئوغلۇم ئابدۇجاپپار: «پەقەت ئۇنۇملۇك بىرلا چارە بار» دېدى. «بۇ قانداق چارە؟» دەپ ئاغزىغا قاراپ قالدۇق. «قېنى، ئاللا دىلىڭغا سالغان چارىنى بىزگە بىلدۈر، ئوغلۇم» دېدىم مەن. «پېقىر، سىبىت ئەلى ئارسلانخان ھەزرەتلىرىگە چىراي جەھەتتىن ناھايىتى ئوخشايمەن، شۇڭا تەۋەككۇل قىلىپ كاللامنى چوقتى رىشتىقا تاپشۇرۇشۇڭلارنى ئۆتۈنىمەن» دېمەسمۇ، «ھە !؟» دېگەن سادا چوڭ ـ

كىچىكىنىڭ ئەجەبلەنگەن كۆڭلىدىن ئېتىلىپ چىقتى. هاياجان بىلەن چاقنىغان كۆزلەر ھەر تەرەپتىن ماڭا تىكىلدى. دەرھال جاۋاب بېرىشىم زۆرۈر ئىدى. ئوغلۇمنىڭ چىراغدەك نۇرلانغان نەزىرىمۇ جاۋاب بېرىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. قانىتىم، ئۈمىدىم بولغان ئوغلۇمدىن ھەققانىيەت، ئەلنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ۋاز كېچىشىم كېرەكمۇ ياكى ئوغلۇمنى دەپ ھەققانىيەت ۋە ئەلنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى بىلەن كارىم بولماسلىقى كېرەكمۇ؟ دەرمەھەل بىر قارارغا كەلمىسەم، پايتەختتىكە، ئەلگە تالاپەت يەتكۈزىدىغانلىقىم كۆڭلۈمگە ئايان بولغاچقا، ئىككىلىنىپ تۇرۇشقا ۋىجدانىم يول قويمىدى. «ئۇيغۇر پەرزەنتىدەك گەپ قىلدىڭ بالام، يارايسەن، مەن رازى! بۇ تەلىپىڭنى شۇ ئان بۇغرا قاراخانغا يەتكۈزۈپ، ئىجازىتىنى ئېلىپ بېرەي، يۈرگىن» دېدىم. كۆپچىلىكنىڭ نەزىرى بىزگە ئەگەشتى. يۈرىكىم پىژ ـ پىژ قىلغان ھالدا ئوغلۇم بىلەن ئوردىغا باردىم. ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقارغان ھارۇن بۇغراخان ئالتۇن تەختتە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغانىكەن. سالام بېرىپ، ئوغلۇمنىڭ تەلىپىنى بىلدۈردۈم. «بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن، سىز قوشۇلدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى. «ئەڭ ياخشى چارە ئىكەنلىكىدىن ئۈمىدلىنىپ قوشۇلدۇم، ئالىيلىرى، ئىجازەت قىلىپ دۇئا بەرگەيلا» دېدىم. «ئوغلۇم، سىزنىڭ بۇ روھىڭىز ـــ ئاللادىن ئىلتىجا قىلىپ كېلىۋاتقان تىلىكىم ئىدى. ھالا ھاياتلىقىمدا بۇ تىلىكىمگە يەتكۈزگەن پەرۋەردىگارىمدىن نېمىشقا مىننەتدار بولماي! ئەتە ئەتىگەن ئوردا ئالدىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ سىزنى ئۇزىتىپ قويايلى» دەپ دۇئا بەردى بۇغراخان، ئاندىن تەختتىن چۈشۈپ مېھرى بىلەن ئوغلۇمنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. ئوغلۇمنىڭ چېھرىدە، سۈبھى قۇياشى كۈلۈپ چىققاندەك ئاجايىپ بىر خۇش تەبەسسۇم پەيدا بولدى. «ئاتا، مۇرادىمغا يېتىدىغان بولدۇم» دېدى ئۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. ئانىسىدىن مىڭ تەستە رازىلىق ئالدۇق. ئوغلۇم خوتۇنى بىلەن ئۆز خانىسىدا كېچىنى ئۆتكۈزدى.

تاڭ ئېتىپ بۇغرا ـ كانايىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندا، داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. مەن نان چىلاپ قويغان قاچىغا ئانىسى سۈت قۇيۇپ ئوغلۇمغا بەردى. ئۇ شۇنداق تېز يېدى. ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ، رەپىقىسى بىلەن تەلمۈرۈشۈپ خوشلاشتى. ئۇلار «شەھەر دەرۋازىسىغىچە بىللە چىقىمىز» دېيىشىۋىدى، «ئاتام مېنى ئۇزىتىپ قويىدۇ، ھەربىرلىرى چىقىشمىسىلا. كۆز ياشلىرىغا، نالە ـ پەريادلىرىغا چىدىيالماي تىلىكىمگە ئاسىيلىق قىلغۇم يوق» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ئانىسى پېشانىسىگە ئۈچ مەرتەم سۆيدى، خوتۇنى بېلىگە بەلباغ باغلاپ قويدى. ئوغلۇم چىرايلىق توقۇلغان گۈل سېۋىتىنى قولىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۆكسى ئىشىك ئالدىغىچە قۇچاقلاپ چىقىپ ئۇزىتىپ قالدى.

ئوردا ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئاق سەللىسىگە ئالتۇن تاج قادالغان ھارۇن بۇغراخان ئاق بۇغرا تۆگىگە مىنىپ ئوردىدىن چىققانىكەن. ئۇ بىزنى كۆرۈپ يەرگە چۈشتى: «ھېلىھەم بولسىمۇ بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ، بىز ئامال قىلىمىز» دېدى كۆرۈشۈپ. ئوغلۇم بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ: «خاقانىم، ھەرقانداق چارە پايتەختنى ۋەيران بولۇشتىن، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن توسۇپ قالالمايدۇ. ئىجازەت بەرسىلە، پېقىر بۇ يالغۇز بېشىمنى ئەلنىڭ سائادىتى ئۈچۈن ئاتىۋەتتىم» دەپ ئۈنلۈك جاۋاب بېرىپ ماڭا قارىدى. «ئەلنىڭ ئوغلى ئىكەنسەن، ئۇيغۇر بالىسىغا لايىق گەپ قىلدىڭ، ھىممىتىڭگە بارىكاللا!» دېگەن ئاۋامنىڭ ساداسىغا رازىلىق بېرىپ قىلغان سۆزلىرىم قوشۇلۇپ كەتتى. يەرۇئاسمان لەرزىگە كەلگەندەك بولدى. بۇغرا قاراخان: «ئىجازەت بەردىم !» دېدى ۋە ئاۋامغا قاراپ: «ئاللانىڭ رىزالىقىنى ئىستەپ، كىم بۇ مەردنىڭ ئەزىز بېشىنى مۇبارەك تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ؟» دەپ نىدا قىلدى. دەسلەپ ئۈچ ئالىپ يىگىت قىلىچ يالىڭاچلاپ كەلدى، لېكىن قوللىرى تىترەپ چاپالمىدى. ئاندىن ئۈچ سەركەردە كەلدى، بىر ـ بىرلەپ كېلىپ قىلىچ كۆتۈرۈپ چاپالماي، قىلىچنى ئوغلۇمنىڭ ئاياغ ئاستىغا

تاشلاپ قايتتشتى. «ئاللانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن، ئوغلۇمنىڭ بېشىنى تېنىدىن مەن جۇدا قىلاي» دەپ قىلىچنى قولۇمغا ئېلىپ چاپتىم. «تاراڭ ...» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىككى پارە بولغان قىلىچ قولۇمدىن چۈشتى. جۇدالىق ھەسرىتىدىن يۇمۇلغان كۆزۈم ئېچىلىپ كۆردۈمكى، ئوغلۇم ساق تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى چاپتىم دەپ، يېنىدا تۇرغان تاشقا ئۇرۇپتىمەن.

«ئاتا، بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلىش سىلىنىڭ، قېرىنداشلىرىمنىڭ قولىدىن كەلمىدى. ئاللانىڭ رىزالىقى، ئەلنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ بېشىنى ئۆزۈم كېسەي» دېدى ــ دە، بېلىگە ئېسىقلىق خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ماڭا باقتى، «ئاتا، پېقىر ئوغۇللىرىنى كەچۈرسىلە، ئاللاھۇئەكبەر!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىمدا كۆزۈمنى ئىختىيارسىز يۇمۇۋالدىم. «يارەببىم ! ئۆزىنى ئۆزى شېھىت قىلدى» دېگەن نىدانى ئاڭلاپ كۆزۈمنى ئاچسام، ئوغلۇم باشسىز، قانغا غەرق بولۇپ يېتىپتۇ، تېنىدىن جۇدا قىلىنغان بېشىنى باغرىغا بېسىۋاپتۇ ... «جانپىدا غوجامغا بارىكاللا! جانپىدا غوجام جەننەتكە راۋان بولدى !» دېگەن ئاۋامنىڭ چۇقانى ماڭا كۈچ ــ چىدام بەخت ئەتتى. پۈتۈن سەۋر ــ تاقىتىم بىلەن ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇپ، ئوغلۇمنىڭ ئەزىز بېشىنى گۈل سېۋىتىگە ئالدىم، ئۇنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرى ئالەمگە كۈلۈپ باقىنىچە قېتىپ قالغانىدى. قىڭغىيىپ قالغان سەللىسىنى ئوڭلاپ كىيدۈرۈپ، پەتلىسىنى تاشلاپ قويدۇم.

ھارۇن بۇغراخان كۆپچىلىك بىلەن بىللە «ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىپ بىزنى ئۇزاتتى. مەن ئوغلۇمنىڭ گۈل سېۋىتىگە قويۇلغان بېشىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرگىنىمچە شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ بارگاھىغا قاراپ ماڭدىم. نېمىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلمىگەن سىپاھلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مېنى ئورىۋالدى ــ دە، سېۋەتكە شۇنداق بىر قاراپلا كەينىگە داجىشتى، بەزىلىرى قورققىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى. چوقتى رىشتىنىڭ قارارگاھىغا كەلگىنىمدىلا

توختىدىم. بۇ چېدىر ـ بارگاھنىڭ ئىشىكىگە بۆرە بېشى، يىلان مۈڭگۈزى ئېسىقلىق ئىدى. بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن ئاق، قارا تۇغلار قاداپ قويۇلغانىدى. مەن ئالىيىپ قارىغان قاراۋۇلنى پىسەنتىمگە ئالماي بارگاھ ئىچىگە ئۇسۇپ كىردىم. تەختتە ئولتۇرغان چوقتى رىشىت چۆچۈپ كەتتى. تاجىغا يىلان مۈڭگۈزىنى قاداپ، ئالتۇن زەنجىرگە بېكىتىلگەن بۇتنى بويىنىغا ئېسىۋالغانىدى. ئۇ ماڭا چەكچىيىپ: «ئېلىپ كەلگىنىڭ نېمە؟» دەپ سورىدى. «سەن تەلەپ قىلغان سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشى» دېدىم. «راستمۇ؟» دېدى ئىشەنمىگەندەك قىلىپ. «راست، قاراپ باققىن» دەپ ئالدىمغا بىر قەدەم باستىم، «كەلگىن، كۆرەي» دېدى. «تەختتىن چۈشۈپ تاپشۇرۇۋال» دەپ ئورنۇمدىن مىدىرلىمىدىم. ئۇ تەختتىن چۈشۈپ سېۋەتكە ئېڭىشتى ۋە تاتىرىپ ئارقىغا داجىغىنىچە تىترەپ كەتتى. «مەيەردە قويۇپ قايتقىن» دېدى. «دەرھال چېكىنىپ كېتىشكە ۋەدە بەرمىسەڭ، قايتمايمەن» دېدىم. «مەن ئۇدۇنلۇق، بىرنى بىر دەيمەن، سۆزۈمدە تۇرىمەن» دەپ ۋەدە بەردى. مەن ئوغلۇم ئابدۇجاپپارنىڭ ئەزىز بېشىنى يەردە ئەمەس، تەخت ئۈستىگە قويۇپ ئارقىمغا ياندىم.

ئەتىسى سەھەر قارغۇي①غا چىقىپ قارىسام، شەھەرنى قورشىۋالغان ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇلار چېكىنىپ كەتكەنىدى. ئوغلۇمنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ «جانپىدا غوجام» دېگەن نامى قالدى، ئانىسى ۋە خوتۇنىنىڭ تەلىپى بىلەن تېنىنى باغقا دەپنە قىلدىم.

ھۆسەيىن ئىبنى خەلەپ ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ يۈسۈپكە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىككى ھەپتە ئۆتمەي، بەش تۈمەن لەشكەر بىلەن يۈسۈپ قادىرخان ھەم سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغۇللىرى يېتىپ كېلىشتى. ئۈچ كۈنلا ئارام ئېلىۋېلىپ، ئۆز قوشۇنىغا

① قارغۇي — كۆزىتىش مۇنارى.

ئوردۇكەنتتىكى ئاھالىلەردىن قوشۇلغان ئىككى تۇمەن پىدائىيلار بىلەن بىللە ئاتلاندى. شۇ ماڭغانچە يېڭى ھىسار قەلئەسىنى بېسىپ ياتقان ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى سۇر ـ توقاي قىلىپ قاغىلىققا يېتىپ بېرىپتۇ. جەڭ قىلىپ ـ قىلىپ قاراقاش دەرياسىدىن ئۆتۈپتۇ. ئوغلۇم ئابدۇجاپپارنىڭ ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغان خوتۇنى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئۇدۇننى ئالغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلگەندە قوشكېزەك ـــ بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغقاندى. باللار دۇنياغا كۆز ئېچىپلا يېتىم بولۇپ قالدى. خوش، چوقتى رىشت دارغا ئېسىلىپ، ئۇدۇن خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. مۇسا بەگتاش بۇغراخان زامانىدىن باشلىنىپ، قىرىق يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان خوتەن ئۇرۇشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى ... ـــ ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ سۆزىنى توختاتتى.

## 3

ھەممەيلەن جىم ـ جىم ئولتۇرۇپ كېتىشتى. گويا دەل ـ دەرەخلەر ئىرغاڭشىپ شىلدىرلىمايۋاتقاندەك، قۇشلار سايرىمايۋاتقاندەك، يۈرەكلەر سوقمايۋاتقاندەك، كۆلدىكى بېلىجانلارمۇ پىلتىڭلاپ ئوينىماي سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەندەك ئىدى ... ھېچكىممۇ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ۋەقە، ھادىسىلەر كىشىگە قاتتىق تەسىر قىلسا ئەنە شۇنداق سۈكۈت پەيدا بولىدۇ. بۇنداق خىيالچان سۈكۈت كۆڭۈلدە يېڭى ئارزۇ ـ تىلەك پەيدا قىلىپلا قالماي، تۇيغۇ، ھېسسىياتنىمۇ يېڭىلايدۇ. تەپەككۇرنى، ئەقىل ـ ئىدراكنى ئۆزگەرتىدۇ. ئەقىلنىڭ بىرىنچى، يا ئىككىنچى ۋە ياكى ئۈچىنچى دەرۋازىسى ئېچىلىپ، كۈتمىگەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ.

ئەقىلنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسى ھەمىشە ئوچۇق بولۇپ،

كۆندىلىك تۇرمۇشنى باشقۇرىدۇ، ھەممە سۆز ـ ھەرىكەت ئاشكارا، تەبىئىي بولىدۇ.

ئەقىلنىڭ ئىككىنچى دەرۋازىسى گاھىدا يېرىم ئوچۇق، گاھىدا يېپىق بولۇپ، ئوچۇق بولىدىغان چاغلىرى كەمدىن ـ كەم بولىدۇ. ياخشىلىق، يامانلىق ئىككىنچى دەرۋازىدىن چىقىدۇ. بۇ دەرۋازا يېپىق ۋاقىتتا تۇرمۇش ئادەتتىكىچە ئۆتۈۋېرىدۇ. يېرىم ئېچىلغان پەيتلەردە ياخشى نىيەتتىن يۈكسىلىش، يامان نىيەتتىن تۆۋەنلەش بولىدۇ. بۇ چاغدا كىشى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدۇ ياكى يامانلىق قىلىدۇ، ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

ئەقىلنىڭ ئۈچىنچى دەرۋازىسى ئاسان ئېچىلمايدىغان سېھىرلىك دەرۋازىدۇر. كۆپ ئادەملەر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەقىلنىڭ ئۈچىنچى دەرۋازىسى ئېچىلماي ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئۆمرىدە بىرنەچچە قېتىم يېرىم ئېچىلىپ ياكى پۈتۈن ئېچىلىپ، جەمئىيەتتە بىردىنلا كۆزگە كۆرۈنىدۇ، تالانتى نامايان بولىدۇ، ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ ۋە ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنى، باشقىلارنى كۈتۈلمىگەن بالا ـ قازالارغا گىرىپتار قىلىدۇ. ئەقىلنىڭ ئۈچىنچى دەرۋازىسى پۈتۈن ئېچىلغان بەزى ئەھۋاللاردا كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان قابىلىيەت ئاشكارىلىنىشى، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق كەشپىياتلار ئوتتۇرىغا چىقىشى، پەۋقۇلئاددە ئەھۋال، پەۋقۇلئاددە شارائىت مەيدانغا كېلىپ، زامان ـ ماكاندا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. ئابدۇجاپپارنىڭ جان پىدالىق روھى ئەقىلنىڭ ئۈچىنچى دەرۋازىسى ئېچىلىش بىلەن پەيدا بولغان پىداكارلىق روھىدۇر.

يۈسۈپ سۆكۈتتىن باش كۆتۈردى. ئۇنىڭ قايىنغان قانلىرى تومۇرلىرىدا ئۆركەش ياسىغانىدى، قوش قەبرىگە تىكىلگەن كۆزلىرىدە چەكسىز ئىپتىخار، ھۆرمەت نۇرلانماقتا ئىدى.

ــ ئۇستاز، ــ دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا، ــ جاسارەتلىك ئابدۇجاپپار ئاكىمنىڭ ئۆلۈمى دۇنيادىكى

بارچە شەرەپلىك ئۆلۈملەردىنمۇ ئۇلۇغ ئۆلۈم بوپتۇ. بۇنداق قازا قىلغان ئادەم ئۇ دۇنيادا جەننەتتە، بۇ دۇنيادا سانسىز قەلب سارىيىدا ياشايدۇ. بۇ چاغقىچە ئوقۇغان بارلىق كىتاب، ئاڭلىغان ھەممە گەپ ـ سۆزدىن بۇگۈنكىدەك چوڭقۇر تەسىرلەنمىگەنىدىم. ئوردۇكەنتكە كېلىپ روھىمغا روھ، ئەقلىمگە ئەقىل قوشۇلدى. ئەمدى ئىككىنچى ئوغۇللىرى ئابدۇغاپپار ئاكىنىڭ ۋاپاتى توغرۇلۇقمۇ سۆزلەپ بەرسىلە، يېڭى ساۋاق، يېڭى ھېكمەتتىن كۆڭۈل دەشتىمنى ئاۋات قىلاي.

— بىز، مەرھۇم ئىككى ئاغىمىز ھەققىدە ئۆزلىرى ۋە باشقىلاردىن كۆپ ئاڭلىغان بولساقمۇ، ئىنسانىنىڭ خىسلەت ـ پەزىلىتى، ئالەمنىڭ سىر ـ ھېكمىتىگە بولغان قىزىقىشىمىز پەسەيگىنى يوق، بەلكى ئاڭلىغانسېرى كۈچەيمەكتە. يۇسۇپ ئاكىمىزنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشى — بىزنىڭمۇ تەلىپىمىز، ئۇستاز، سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا، — ئۆتۈندى مەھمۇد تېگىنمۇ يۇسۇپتەك قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— سۆزلەپ بەرسىلە، ئۇستاز. پېقىر شاگىرتلىرى بۇ قوش قەبرە ئارىسىدا بىر يېڭى يولنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن، — دېدى مىڭ ئېغىز گەپ ئورنىغا بىر ئېغىز سۆز قىلىدىغان ھەسەن تېگىن ئالتۇن ئوتۇغات ۋالىلداپ تۇرغان بېشىنى ئېگىپ.

ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ غەم ـ قايغۇ تولغان بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

— ماقۇل بالىلىرىم، سۆزلەپ بېرەي، — ئۇ ئىككىنچى ئوغلى توغرۇلۇق گېپىنى باشلىدى، — بايا دېگىنىمدەك، ئوغلۇمنىڭ كىچىكى بولغان ئابدۇغاپپار تىرىشچانلىقى، ئىگىلىگەن بىلىمىنىڭ كۆپلۈكى، پەزىلىتى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. ئاكىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىلىم ئىگىلەشكە تېخىمۇ بېرىلىپ كەتتى. مۇدەررىسلەر، جۇملىدىن پېقىرمۇ ئۇنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇنى بىلگەن تۇيغۇن ئوغلۇمنىڭ بىلىمگەن،

چۈشەنمىگەنلىرىنى بىزدىن سورىماي كىتابلاردىن ئۆگىنىشكە، پىكىر قىلىپ سىر ـ ھېكمەتلەرنى يېشىشكە كىرىشكەنلىكىنى سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن بىلىپ سۆيۈنىدۇم. ئاۋامنىڭ تەلىپى، بوغرا قاراخانىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۇنى مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلدۇق. ئوغلۇم ئون ئالتە يېشىدا مۇدەررىس بولدى. بارلىق تالىپلار ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى. ئۇنىڭدىن كىشىگە بىلىم يۇقاتتى، سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئېرىنمەيتتى. دەرسلەرنى ئېنىق، روشەن ئىبارىلەر، ئوخشىتىش، كىنايىلەر بىلەن تالىپلارنى قىزىقتۇرۇپ جانلىق چۈشەندۈرەتتى. ھاردىم ـ چارچىدىم دېمەي كېچە ـ كۈندۈز دەرس تەييارلايتتى. «ئەقىل ئىشىكىنى ئېچىش»، «ئادەم ۋە ئالەم»، «ئوقيا كىرىچىدىن دۇنياغا نەزەر» دېگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقىپ، پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، شەيئىلەرگە بەرگەن باھاسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقى، قىلغان ھۆكمىنىڭ توغرىلىقىدىن بۇ ئوغلۇمغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىم، ئىشەنچىم شۇنچە كۈچەيگەندى.

ئۇ شۇنداق شېرىن سۆخەن ئىدىكى، سۆزىنى بىر ئاڭلىغان ئادەم قايتا ـ قايتا ئاڭلاشقا تەشنا بولاتتى.

«ئاتا» دېدى ئۇ بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئاكىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا، «مەن ئۆزۈمنى چۈشەندىم، بەك چولتا ئىكەنمەن»، «بۇ دەمگىچە ئۆزۈڭنى چۈشەنمىگەنمىدىڭ، ئوغلۇم؟» دېۋىدىم، «تەڭرىنىڭ ئادەمنى ئۈستۈن قىلىپ ياراتقىنىغا لايىق تونۇشتا بولمىغان ئىكەنمەن» دېدى. «ئەمدىچۇ بالام؟» دېسەم، مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

مەنمۇ بىر ئالەم ئىكەنمەن چېتىگە يەتكىلى بولماس،
بەلكى بىر ئادەم ئىكەنمەن، ئالەمنى بەرسىمۇ تويماس.

شۇ ياڭلىغ ئالىم، زالىممۇ، شۇ ياڭلىغ شاھمۇ، گادايمۇ،
تۇتۇلۇپ قالار ئىكەن كۈن، يوشۇرالماي داغنى ئايمۇ ...

دەپ يىغلاپ كەتتى، كېيىن بىردىن يىغىسىنى توختىتىپ: «ئادەم دېگەن ئۆمۈرۋايەت كىيىنىپ بولالمايدىكەن، يۇيۇنۇپمۇ پاكلىنالمايدىكەن. ئەمما، ئاكام بۇنىڭ سىرتىدا» دېدى. «نېمىشقا ئوغلۇم؟» دەپ سورىسام، «ئاكام دىلىنىمۇ، جىسمىنىمۇ پاك تۇتۇپ، تەڭرىنى ئۆزىگە ئاشىق قىلغان مەرد، بۇنداق غۇبارسىز، بىجىرىم ئادەملەردىن يۈز يىل، مىڭ يىلدا بىرقانچىسى تۇغۇلۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇلار جاھان تەڭشىكىنى توغرىلاپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئۇنتۇلغۇسىز سۆھبەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سىردىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن. ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئائىلە بويىچە — ئابدۇغاپپار، ئىككى كېلىنىم، ئىككى نەۋرەم، ئىككى خىزمەتكار، بالىلىرىمنىڭ غەمگۇزار ئانىسى ۋە مەن شىكارغا چىقتۇق.

چوڭ ئوغلۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قوللىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىۋەتكەنىدىم. ئىككى خىزمەتكارىم ھۆر ئادەملەردىن بولۇپ، ئىككى نەۋرەمنى باقاتتى. ئۇلارنى ئۆيدە قالدۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. تۇمەن دەريا ساھىلىنى بويلاپ ئاتلىق ئىككى سائەت غەربكە مېڭىپ بىر چىمەنزار توقايلىققا كەلدۇق. قۇش ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىغان بالىلىرىمنىڭ ئانىسى كېلىنلىرى بىلەن يالىرىنى بەتلەپ بىر ياققا ماڭدى. ھايۋان ئوۋلاشقا خۇشتار بولغىنىم ئۈچۈن، كېيىك، توشقان ئۇچراپ قالار، دېگەن ئويدا مەن بىر ياققا ماڭدىم. ئوغلۇم ئابدۇغاپپار شىكار قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، تەبىئەتنىڭ سېھىرلىك مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىپ، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قۇشلار بىلەن سىردىشىشنى مەقسەت قىلىپ چىققانلىقىدىن، كىتابىنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە توقايلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كەچ كىرىپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپتىمەن. ھەممىمىز دېيىشىۋالغان قاپاقتېرەك تۈۋىگە يىغىلدۇق. كېلىنلىرىم قېيىنئانىسى بىلەن ئىككى قىرغاۋۇل،

بىر كەكلىك، ئىككى غازنى ئېتىۋاپتۇ. خىزمەتكارلار بىرقانچە توشقان، بىر كېيىك ۋە قۇشلارنى ئوۋلىشىپتۇ. مەنمۇ بىر كېيىك، ئىككى توشقاننى ئېتىۋالغانىدىم. قارىسام، ئابدۇغاپپار يوق. ئەرۋاھىم ئۇچتى. ئانىسى ئەنسىرىگىنىدىن ئولتۇرالماي قالدى. ھەممىمىز توقاي ئىچىگە قايتا ئاياغ باستۇق. ئۇزاق ئۆتمەي، بىر تۈپ باراقسان دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرغان ئابدۇغاپپارغا كۆزۈم چۈشتى. «بالام!» دەپ تۈۋلىدىم، جاۋاب بولمىدى. يۈرىكىم قارتىتىدە قىلىپ، بارغىنىمچە مۈرىسىدىن تۇتۇپ تارتىۋىدىم، يىقىلىپ چۈشتى. «جېنىم ئوغلۇم!...» دەپ ئانىسى ئۆزىنى ئۇستىگە تاشلىدى. قارىسام، يەلكىسىگە يا ئوقى سانجىقلىق تۇرۇپتۇ. يۈرىكىنى تىگىشىسام توختاپ قالغانىكەن. ئانىسى: «ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كۆرگۈلۈك!» دەپ يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. چوڭ ئوغلۇمنىڭ ئۆلۈمى ئۆزۈمنىڭ، ئەلنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغاچقا چىداپ كۆزۈمدىن ياش چىقارمىغانىدىم. قۇرت - قوڭغۇزغىمۇ ئازارى تەگمەيدىغان كىچىك ئوغلۇمنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز قازا بولۇشى كۆزلىرىمدە تاشقىن پەيدا قىلىپ، بىر دەقىقە ئىچىدە ئۈمىد - ئىشەنچىمنى، ئارزۇ - تىلەكلىرىمنى ئېقىتىپ كەتتى. «ئاھ تايانچىم!» دەپ ئالدىمغا ئۇچرىغان دەرەخنى قۇچاقلاپ زار - زار يىغلىغىنىم ھازىرمۇ ئېسىمدە. كېچىچە يىغلاپ يول يۈرۈپ تاڭغا يېقىن ئۆيگە كەلدۇق. بۇ تۇيۇقسىز مۇسىبەتتىن خەۋەر تاپقان ئوغلۇمنىڭ قېيىنئاتىسى يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھ جىنازا ئالدىدا باش سېلىپ ماڭدى. يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە بولغان قەشقەر خەلقى چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە نامىزىنى چۈشۈردى. ئاكىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدۇق ...—

ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغانىدەك خىرىلداپ چىقتى، كۆز ياشلىرى ئاپپاق ساقىلىغا ئېقىپ چۈشتى.

قەبرىلەرگە قارىغىنىچە ئاھ چېكىپ دېدى، — ئادەم بالىسى ئوقۇپ - ئۆگىنىپ پۈتۈن دۇنيانى بىلگەن بىلەنمۇ ئۆزىنى

قوغداشنى بىلمىسە، ئەنە شۇنداق ھاياتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.
شۇنداق ئەمەسمۇيا بالىلىرىم؟ — ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ شۇنداق دەپ جاۋاب كۈتۈپ، ئاۋۋال رەيھانىدىنغا، شاھزادىلەرگە، ئاندىن يۇسۇپكە قارىدى.

— شۇنداق، ئۇستاز، ئۆزىنى قوغداشنى بىلمىگەن ئادەم ئانا ۋەتىنىنى، قوۋمىنىمۇ قوغدىيالمايدۇ. تەڭرىم بەندىسىنى ھەرگىز بۇنداق ئەلەملىك كۈنگە قالدۇرمىغاي. ئۇستاز، مېنىڭچە، ئابدۇغاپپار ئاكا يوشۇرۇنغان قاتىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئەگەر ئۇ بىلگەن بولسا قارشىلىق كۆرسەتكەن، تاقابىل تۇرغان، ئۆزىنى قوغدىغان بولاتتى.

ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ يۇسۇپنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ باش لىڭشىتتى ۋە ياشلىرىنى سۈرتۈپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى:

— بۇ سۆزلىرى ماڭا تەسەللى بەردى، بالام. سىلەردىن ئۆتۈنىدىغىنىم، بىلىكىنىلا ئۆگىنىپ قالماي، ئۆزۈڭلارنى قوغداشنىمۇ ئۆگىنىڭلار، نەسىل قالدۇرۇڭلار. بۇ ئوغلۇمنىڭمۇ خوتۇنى ئېغىرئاياغ، تىلىكىمگە يارىشا ئىككى ئوغۇل تەۋەللۇت قىلدى. خۇدايىم بىرىنى ئەكېتىپ ئىككىنى بەردى. قازاغا رىزا بولۇپ كۆز يېشىمنى توختاتتىم. يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ ئوردىدىكى ئەڭ چېۋەر تۇتغاق①، ئىزچىلارنى ئىشقا سېلىپمۇ قاتىلنى تۇتالمىدى، بالىلىرىم. باغدىكى بۇ ئىككى قەبرە ئەنە شۇنداق پەيدا بولغان. ئۆيىمىزگە چىققان ئادەمنىڭ بۇ توغرۇلۇق سورىمايدىغىنى يوق. بەزىلەر بىر قېتىم، بەزىلەر نەچچە قېتىم ئاڭلاپمۇ يەنە سورايدۇ. مەنمۇ ئېرىنمەي دەپ بېرىپ كەلدىم ... شۇنچە يىللاردىن بېرى نەۋرىلىرىممۇ قاتارغا قېتىلىپ ئۆي — ئوچاقلىق بولۇشتى. بىراق، ئىقتىدار، قابىلىيەتتە تەڭتۇشلىرىدىن ئۇستۇن تۇرسىمۇ، ئېخى ئاتىلىرىدەك كامال تاپقىنى يوق، — ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ نەزىرىنى قەبرىلەردىن

---

① تۇتغاق — تۇتقۇچى، ساقچى.

يۇسۇپكە يۆتكىدى، — بالام، سىلى بىلەن دىدارلىشىپ، چوڭ ئوغلۇمنىمۇ، كىچىكىنىمۇ كۆرگەندەك بولدۇم، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى. كېتىشكە ئالدىرىماي ئوردۇكەنتتە بىر مەزگىل تۇرۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئۇستاز، پېقىرمۇ ئۆزلىرىدىن كۆپرەك تەلىم ئېلىشنى ئارزۇ قىلىمەنكى، ئۈمىدلىرىنى ھەرگىزمۇ يەردە قويمايمەن، — يۇسۇپ قول باغلاپ تۇردى.

كەچ كىرگۈچە پاراڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلدى. يۇسۇپ ھەسەن تېگىن، مەھمۇد تېگىنلەر بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالدى. كەچكى شەپەق قەبرىلەر ئۈستىگە جۇلا تاشلىغاندا، ئۇلار باغدىن ئۇزاپ چىقتى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# ئەلنى يىغلاتقان مۇسىبەت

## 1

ئىنساندا ئىرادە بولمىسا تىلەككە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ. بۇنى بىلگەن يۇسۇپ قەشقەردە ئاز تۇرسۇن، كۆپ تۇرسۇن، تىرىشىپ ئۆگىنىپ كۆپرەك بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئىرادە تىكلىدى، بۇ ئويىنى ئاتىسىغا ئېيتىپ ماقۇل قىلدى. رەيھانىدىن ئوغلىنىڭ ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ بېغىغا چىقىپ كىرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن بىلىم ئىگىلەشكە كىرىشىپ كەتكىنىدىن خۇرسەن ئىدى. ئۇ يەنە بىر مەزگىل تۇرۇش قارارىغا كەلدى. بۇنىڭدىن ۋاقىپلاندۇرۇلغان بۇغرا قاراخانمۇ مەمنۇنلۇق بىلەن ئۇنى قوللىدى:

— ئۇلۇغ ھاجىپ، ئوردۇكەنت خاسىيەتلىك شەھەر. يەنە بىر نەچچە ئاي تۇرۇڭ، چاڭئەندىن كېلىدىغان ماللىرىڭىز كەلسۇن. يۇسۇپمۇ ساچىيە مەدرىسەسىدە بىلىك بۇلىقىدىن چاڭقىقىنى قاندۇرۇۋالسۇن. نېمىگە شۇنچە ئالدىرايسىز؟ ئوغلۇم مۇھەممەد ئارسلانخاندىن غەم يېمەڭ، ئۇ ئەلنى تىنچ باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

رەيھانىدىن دەررۇ جاۋاب بەرمىدى، «شۇنداق» دەي دېسە يالغانچىلىق قىلغان بولاتتى. ئەل تىنچ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئېدىل①نىڭ

① ئېدىل — ۋولگا دەرياسى.

جەنۇبىدىن ئالاتاۋغىچە①، مىڭلاقتىن ئامۇ، سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان كاتتا زېمىننى سوراۋاتقان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئەل بىلەن كارى بولمايۋاتاتتى. ئېتىنىڭ ئىزگىننى ئۆزلىرىنى ساداقەتمەن كۆرسىتىپ كۆز بوياپچىلىق قىلىۋاتقان رەقىبلىرىگە تۇتقۇزۇپ قويۇۋاتانلىقىنى ئېيتسا، بۇغرا قاراخان ئىشىنەرمىكىن، بۇنى قەشقەرگە كېلىپلا ئېيتماقچىدى، بىراق كېسەل بولغاچقا ئېھتىيات قىلىپ ئارقىغا تارتقانىدى، مانا ئەمدى ئۇ ساقايدى، ئەھۋالدىن ۋاقىپلاندۇرسا كۆڭلىمۇ ئارامىغا چۈشەتتى.

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ ھاجىپ، قۇزئوردۇ تىنچ ئەمەسمۇيا؟ كېلىشىڭىزدىكى مۇددىئا مەن بىلەن دىدار كۆرۈشۈش، سودا ئىشى ۋە يۈسۈپنى سەير قىلدۇرۇشلا بولمىسا كېرەك. راستىمنى دېسەم، سىلەرنىڭ دىدارىڭلار شىپالىق دورىغا ئوخشاش كۈچ ۋە روھ بەخش ئېتىپ بىر ئوبدان بولۇپ قالدىم. ئەگەر مېنى ۋاقىپلاندۇرۇشقا تېگىشلىك مەسىلە بار بولسا كېچىكتۈرمەي ئېيتىڭ، — يۈسۈپ قادىرخان تەڭدىن تولىسى ئاقارغان ئۇزۇن ساقىلىنى سىقىملاپ تۇرۇپ جاۋاب كۈتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى مەمنۇنلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— ئابا، پەيتى كەلگەندە ئەھۋالنى ئاشكارىلىماسلىق — پادىشاھقىمۇ، ئەلگىمۇ زىيان كەلتۈرىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالدىن مەلىكۇل مەشرىق ئالىيلىرىنى خەۋەرلەندۈرسىلە، — يۈسۈپ ئاتىسىنىڭ ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقىنىنى بىلىپ، ئەھۋالنى يەنە كېچىكتۈرمەي ئېيتىشقا دەۋەت قىلدى.

— چاپسان دەڭ ھاجىپ، سىز بۇنداق ئەمەس ئىدىڭىزغۇ، مېنى بىئارام قىلماڭ، — دېدى بۇغرا قاراخان جىددىيلىشىپ.

ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلمايدىغان رەيھاندىن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتكىنىدىن دەرگۇمانىدا

① ئالاتاۋ — شىنجاڭ بىلەن قازاقىستان چېگراسىدىكى تاغ.

ئىدى. يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم قىل چاغلىق كۆڭۈلسىزلىكنى كۆتۈرەلمەيدۇ، ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقسا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ رەيھانىدىن شۇڭا ئىككىلىنىپ قالغانىدى، ئەمدى ئېيتمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئالىيلىرى، پىقىرنىڭ سودا ئۇچۇن ياكى ئوغلۇمنى سەير قىلدۇرۇش ئۇچۇنلا كەلمىگىنىم راست. لېكىن، بىتاپ بولۇپ قالغانلىقلىرىنى كۆرۈپ، كېلىشىمدىكى ئەسلىي مۇددىئانى ئېيتىشقا پېتىنالمىغانىدىم ...

رەيھانىدىن مۇھەممەد ئارسلانخان قۇزئوردۇغا كەلگەندىن بېرىقى ئەھۋاللارنى تولۇق مەلۇم قىلدى. يۈسۈپ قادىرخان جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى، گەپ قىلمىغان بىلەن، بۇرۇت - ساقاللىرى ئارىسىدىكى لەۋلىرى قىمىرلاپ، ماڭلاي تومۇرلىرى لوقۇلداپ كەتتى، تاتارغان يۈزلىرى بارا - بارا سارغىيىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان يۈسۈپ ئاتىسىنىڭمۇ ئەندىشە قىلىۋاتقىنىنى ئۇنىڭ بۇغرا قاراخانغا تىكىلگەن ئەنسىز كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان تەشۋىشتىن بىلدى. يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالمىسا ئىدى، دەپ ئويلاپ ئۆزىمۇ ئەنسىرەپ قالدى.

بۇغرا قاراخان ئاخىر زۇۋان سۈردى:

— مەن ئۇنى ناھايىتى باتۇر، قولىدىن ئىش كېلىدۇ، دەپ بىلەتتىم، مەرەز خوتۇننىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ - دە، بەچچىغەر ... ۋاي، ۋاي ... — يۈسۈپ قادىرخان تەختنىڭ يۆلەنچۈكىگە باش قويۇپ قاتتىيىپ قالدى.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى! — رەيھانىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەخت يېنىغا باردى. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ بېشىنى يۆلەپ تۇرۇشىغا، سۇلايمان ئارسلانخان سارايغا كىردى.

— ئاتامغا نېمە بولدى؟ — سۇلايمان ئارسلانخان ئۆندەرىگەندەك ئالدىراپ كېلىپ سورىدى ۋە بۇغرا قاراخاننىڭ تونىنىڭ پەشلىرىنى قايرىپ يۈرىكىنى تىڭشىدى، يۈرەك شىددەت بىلەن ناھايىتى تېز سوقۇۋاتاتتى.

— سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى، دەرھال ئاتاساغۇننى چاقىرتىش كېرەك، — دېدى رەيھاندىن. يۇسۇپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. بۇغرا قاراخان قول - پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ قالغاندەك تۈگۈلۈپ، كۆز چاناقلىرى يوغىناپ، بەدىنى سىلكىنىپ - سىلكىنىپ بىردىن تىترەشكە باشلىدى.

قورقۇپ كەتكەن رەيھاندىن دېمىسەم بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلدى.

يۇسۇپ باش تېۋىپ ئەبۇ ھارىس كاشغەرىينى باشلاپ كىرگەندە، رەيھاندىن بۇغرا قاراخاننىڭ پۇت - قوللىرىنى ئۇۋۇلاۋاتاتتى.

— ئابا، قانداقراق؟

— ئاللا بىلىدۇ، بالام، بايىقىدىن ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، — رەيھاندىن ئوغلىغا جاۋاب بېرىپ تېۋىپقا قارىدى، — ئاتاساغۇن جانابلىرى، بىر ئوبدان ئولتۇرغان خاقانىمىز كۆز تەگكەندەك ئۆزگىرىپ قالدى، ئەنسىرەپ يۈرىكىمىز قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى، كۆرۈپ كۆڭلىمىزنى ئارامىغا چۈشۈرگەن بولسىلا ...

ئەبۇ ھارىس كاشغەرىي يۇسۇپ قادىرخاننىڭ تومۇرىنى تىڭشاپ تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. ئالاھازەل ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، كۆز ئۇزمەي سەپسېلىپ تۇرغان سۇلايمان ئارسلانخانغا قاراپ باش چايقىدى:

— ئەھۋالى ئېغىر، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى پەۋقۇلئاددە تېز، سوقۇشىمۇ رېتىمسىز، بىر ئىش قاتتىق تەسىر قىلغاندەك تۇرىدۇ، يۆتكەشكە، گەپ سوراشقا، ھەرىكەتلەندۈرۈشكە بولمايدۇ، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈرۈپ تۇرۇشىسىلا. قان باش تەرەپكە تەپكەندەك تۇرىدۇ، پېشانە تومۇرىدىن بىرئاز قان ئالسىمەن، ئاللا شىپالىق بەرسە ئەجەب ئەمەس.

ئەبۇ ھارىس كاشغەرىي تېزلىكتە بۇغرا قاراخاننىڭ پېشانىسىدىن بىرئاز قان ئالدى. يۇسۇپ ئېڭىشىپ پىيالىدىكى

قارامتۇل، قويۇق قاننى كۆردى.

— ئىنساننى قان تۇتۇپ تۇرىدۇ، قان سۈيۈلۈپ كەتسە بەدەن ئاجىزلىشىدۇ، قويۇلۇپ كەتسە سەپرا ئۆرلەپ ئادەم تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىدۇ ـ دە، قان تومۇر يېرىلىش، مېڭىگە قان چۈشۈشتەك خەتەرلىك كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خاقانىمىزنىڭ قېنى قويۇقلىشىپ، يۈرەك، مېڭە قان تومۇرلىرى تارىيىپ كەتكەنلىكىدىن، قان يېتىشمەي يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى تېزلەشتۈرۈۋەتكەن، سەپراسىنى ئۆرلىتىپ، مېڭىنىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتىشى بىلەن ھوشىنى يوقاتقان. ئەھۋال خەتەرلىك، قان ئالدىم، يەنە بىر ئاز كۈتەيلى. سىز بالام، خاقان ئالىيلىرىنىڭ پۇتىنى ئۇۋۇلاڭ، مەن چېكىسىنى تۇتاي، — دېدى ئەبۇ ھارىس كاشغەرىي كېسەل ئەھۋالىنى سۇلايمان ئارسلانخانغا مەلۇم قىلىپ. ئۇ تونىنى سېلىۋېتىپ يۇسۇپ قادىرخان ئالىيلىرىنىڭ چېكىسىنى يېنىك ئۇۋۇلاشقا كىرىشتى، يۇسۇپ پۇتىنى ئۇۋۇلاشقا تۇتۇندى. شۇ چاغدا ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلگەن ھەسەن تېگىن بىلەن مەھمۇد تېگىن:

— خاقان بوۋامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سوراشتى.

— قارىغاندا، ئۇزاققا قالماي ھوشىغا كېلىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، شاھزادىلىرىم، — دېدى ئەبۇ ھارىس كاشغەرىي خاقانىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايىغا قان يۈگۈرۈۋاتقانلىقىغا زەن قويۇپ.

— تەڭرىم، بوۋامنىڭ كېسىلىگە ئۆزۈڭ شىپالىق بەرگەيسەن، سەن ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ھاكىم سەن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى مەھمۇد تېگىن ۋە بوۋىسىنىڭ تومۇرلىرى كۆپكەن قوللىرىنى ئۇۋۇلاشقا كىرىشتى. ھەسەن تېگىننىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى، ئۇمۇ بوۋىسىنىڭ بىر پۇتىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. سۇلايمان ئارسلانخان ئوغلىنىڭ كۆزىگە ياش ئالغىنىنى كۆرۈپ: «بوۋىسىغا بەك ئامراق بۇ بالامنى يۆلەنچۈكىدىن ئايرىمىغىن خۇدايىم» دەپ ئىچىدە ئىلتىجا قىلدى. بۇ ۋەلىئەھدىمۇ ئاتىسىغا ناھايىتى ھېرىس ئىدى. ئۇنىڭ

تەشۈنشى كۈچەيمەكتە ئىدى، ئۇ نەزىرىنى ئاتىسىدىن ئۈزمەي تەخت يېنىدا تۇردى.

يۇسۇپ قادىرخان كۆزلىرىنى ئاستا ئاچتى، چىرايىدىكى سېرىقلىق يوقىلىپ ئەسلىگە كەلگەنىدى. ئەبۇ هارىس كاشغەرىي تۇتۇپ كۆرۈپ، تومۇرىنىڭمۇ ئاستىلىغانلىقىنى بىلدى، ئۈستىدىن ئېغىر يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىك تىن ئالدى.

— ياخشى بولۇپ قالدىلىمۇ، ئالىيلىرى؟ — سورىدى ئۇ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ.

— ئەلھەمدۇلىللا، ھەكىم، — بۇغرا قاراخان بېشىنى كۆتۈرۈپ تەختتە رۇسلىنىپ ئولتۇردى، — نېمە ئىش يۈز بەردى، ھەممىڭلار جەم بولۇپ قاپسىلەرغۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى بوش ئىدى.

— سۆزلەۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىپ قالدىلا، شۇنىڭ بىلەن ...

— توختاڭ، هاجىپ، — بۇغرا قاراخان رەيھانىدىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، ئاۋازىمۇ چىڭراق چىقتى، — ھە، شۇنداق ... بايا مەن سۆزلەۋاتاتتىم، ئەمدى يادىمغا كەلدى.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، ئەمدى ياخشى بولۇپ قالدىلا، ئىلاھىم ئۆمۈرلىرىگە ئۆمۈر قوشقاي، — دېدى رەيھانىدىن خاقانىنىڭ خىيالچان چېھرىگە بېقىپ، — ئۆزلىرىنى بىئارام قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن كەچۈرگەيلا.

— سىز مېنى بىئارام قىلغان بىلەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاۋامنى بىئارامچىلىقتىن ساقلاپ قالماقچى بولدىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە كاتتا ئىنئام بەرسەم ئەرزىيدۇ، — يۇسۇپ قادىرخان سەل توختىۋېلىپ ئېغىر تىن ئالدى ـ دە، سۆزىنى ئاستا داۋاملاشتۇردى، — ئوغلۇم توغرۇلۇق دېگەنلىرىڭىز مېنى نېمىشقا ئەندىشىگە سالمىسۇن؟

— شاھ ئاتا، قايسى ئوغۇللىرى ئۇ سىلىنى مۇنچە بىئارام قىلغان؟ — سۇلايمان ئارسلانخان چۆچۈگەندەك ئىختىيارسىز

سورىدى قولـلـىرىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— مۇھەممەد ئارسلانخان!

— ئىنىم سۆزلىرىنى ئاڭلايدۇ، شاھ ئاتا.

— سۇلايمان! — يۈسۈپ قادىرخان ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— لەببەي، شاھ ئاتا.

— ئۈچ كۈن ياخشى تەييارلىق قىلىپ قۇزئوردۇغا قاراپ يولغا چىقسىلا!

— ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، شاھ ئاتا.

— سىلى مېنىڭ تەخت ۋارىسىم، يارلىقىمنى قۇزئوردۇغا ئېلىپ بېرىپ، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئورنىغا ئېلىكخان بولۇپ، ئۇنى ئوردۇكەنتكە قايتۇرۇۋەتسىلە. ئۇنىڭ يېنىمدا تۇرغىنى ياخشىدەك قىلىدۇ، بولمىسا خاتىرجەم بولالمىغۇدەكمەن.

— پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، شاھ ئاتا.

— سىلىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، بالام. بەش مىڭ سىپاھ بىلەن يولغا چىقسىلا.

— خۇداغا ئامانەت، ئاتا، ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا.

سۇلايمان ئارسلانخان يارلىقنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

يۈسۈپ قادىرخان ئوغلىنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە كۆكرىكىنى تۇتۇپ قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى سانجىلىپ ئاغرىپ كەتكەندى.

— ئالىيلىرى، نېمە بولدىلا، يۈرەكلىرى سېلىپ كېتىۋاتامدۇ؟ — ئەبۇ ھارىس كاشغەري خاقاندىكى ئۆزگىرىشنى بايقاپ سورىدى.

— ھېچنېمە بولمىدىم، ئەمچى باشى، بىردەم ئۆز ھالىمغا قويۇڭلار، — دېدى يۈسۈپ قادىرخان تەختكە يۆلىنىپ.

بۇغراخان سارىيىنى جىمجىتلىق باستى. ۋاقىت قىيام بولغانىدى. رەيھاندىن ئوردا سارىيىغا كىرگىنىگە تۆت سائەت بولغىنىنى قىياس قىلدى. بۇ ۋاقىت تەشۋىش ـ ئەندىشە بىلەن

ئۆتتى. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن كېسەل كەينىگە يانغاندەك بولدى. يۇسۇپ قادىرخان قوللىرىنى كۆكسىگە باسقىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. چىرايى يەنە سارغىيىپ، چېكىلىرىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. گەرچە بايىقىدەك بېشى قوشۇلۇپ ئاغرىمىغان بولسىمۇ، يۈرىكى قىسىلغاندەك مۇجۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

«خاقانغا يەنە نېمە بولغاندۇ؟ مېنى سۇلايمان ئارسلانخانغا ھەمراھ بولۇپ بىللە يولغا چىقىڭ دەمدىكىن دېسەم، بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمايلا ئۆزگىرىپ قالدى. تەخت ۋارىسى بىلەن قۇزئوردۇغا بىللە بارسام ياخشى بولاتتى ...»

— ھاجىپ، سىز ئوغلۇم بىلەن بىللە كېتىپ قالماڭ، يەنە مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار، — دېدى بۇغرا قاراخان كۆزىنى بىردىن ئېچىپ.

— ئالىيلىرى، ئىجازەتلىرىسىز يانلىرىدىن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن.

بۇغرا قاراخان يەنە جىم بولۇپ قالدى.

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنى قانداق سېزىۋاتىدىلا؟ — سورىدى ئەبۇ ھارىس كاشغەريي ئېڭىشىپ.

كۆزىنى ئاچقان بۇغرا قاراخان:

— باياتىن يۈرىكىمگە بىر نەرسە سانجىلغاندەك بولۇپ ئاغرىپ كېتىۋىدى، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، ئەمچى باشى.

— ئالىيلىرى، ئەمچىخانىدا يەنە بىر مەزگىل داۋالانمىسىلا بولمايدۇ، ئەل بەختىگە سالامەت بولۇشلىرى زۆرۈر، — دەپ ئۆتۈندى ئەبۇ ھارىس كاشغەريي.

— ماقۇل، بىر مەزگىل ئەمەس، بىرنەچچە كۈن داۋالىناي.

— تېز ئەسلىگە كېلىشلىرىنى ئاللادىن تىلەيمىز، — دېدى رەيھانىدىن خاقاننىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە ياردەملىشىپ.

يۇسۇپ قادىرخان مېڭىپ سارايدىن چىقتى، پادىشاھ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئەمچىخانىغا باردى، كېسەلى بولسا

كۆنىدىن ـ كۆنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى. تايانغۇلار كېڭىشى بالاساغۇن، بارسغان، سەمەرقەنتلەرگە چاپارمەن ماڭدۇردى. يۇسۇپ ئاتىسى بىلەن قەشقەردە يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى.

## 2

قەشقەرنىڭ ئىسسىق ياز ئايلىرى باشلىنىپ ئۈجمە ئىككىنچى قېتىم مەي بولدى. گىلاس، ئۆرۈك، چىلگە، شاپتۇل، توغاچ، ئاق كۆكچى ئارقا ـ ئارقىدىن بازارغا كىردى. ھەر خىل مېۋىلەر كوچا ـ كويلارغا تولۇپ كەتكەندەك، رەستە ـ دۇكانلارغا ھەر ياندىن كەلگەن يۇڭ، يىپەك، يىپ رەختلەر توشۇپ كەتتى. رەيھانىدىنىڭ چاڭئەن، ھىندىستان، پارس، ئەرەب دىيارلىرىدىن كېلىدىغان ماللىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ قەشقەر بازارلىرىنى قىزىتىۋەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن يۇسۇپ بىلەن ئوردا ئەمچىخانىسىغا بېرىپ يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنى يوقلاپ دىۋانخانىغا كىرەتتى ۋە نائىب بۇغرا قاراخان يېنىدا بولاتتى. يۇسۇپ ساچىيە مەدرىسەسىگە بېرىپ ئۇستازلاردىن دەرس ئالاتتى.

ئىككى ئاكىسى بولمىغاچقا، كەنجى ئوغۇل مەھمۇد ئارسلانخان نائىب خان بولۇپ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتاتتى. مىجەزى چۇس بولغان بۇ شاھزادە بەزى ئىشلارنى يېنىكلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋېتەتتى. شۇڭا، يۇسۇپ قادىرخان سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگۈچە رەيھانىدىنىڭ كەتمەي تۇرۇشىنى، باش مۆھۈردار بولۇپ ئوردىدا خىزمەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بالاساغۇنغا قايتىپ كېتىشى تېخىمۇ ئارقىغا سۈرۈلدى.

يۇسۇپ چۇش ۋە كەچقۇرۇنلۇقى ئاتىسى بىلەن بىللە بولاتتى، قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى، كۈندىن ـ كۈنگە بىلگەنلىرى، تونۇشلىرى كۆپىيىپ نەزەر دائىرىسى كېڭەيمەكتە ئىدى.

ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپتىن تىل ـ ئەدەبىيات، مەنتىقە، مۇھەممەد ئەل كاشغەرىيدىن تارىخ، پەلسەپە، باشقا مۇدەررىسلەردىن ئىلمىي نۇجۇم، تىبابەت، ھېسابات، مۇزىكىغا ئائىت بىلىملەر بويىچە دەرس ئالاتتى، سەيلە ـ ساياھەتكە، شىكارغا چىقىشقىمۇ ۋاقتى يەتمەيتتى. پەقەت ئاتىسى بىلەن كۇندە دېگۇدەك ئەمچىخانىغا بېرىپ بۇغرا قاراخاننى يوقلاپ تۇراتتى، خالاس.

يەنە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئەنجۇر پىشتى. قارا كۆكچىنىڭ شاپىقى يەرگە چۈشتى. سايە ـ سالقىنى ھۇزۇرلۇق تۇمۇز كىردى.

يۇسۇپ بۈگۈن مەدرىسەدىن كەچرەك ياندى. تۆۋرۈكلىرىگە ئەگمە چىقىرىلغان سالاسۇنلۇق پېشايۋاندا، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان رەيھانىدىن بىلەن بەگتاش جالالىدىن كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلگەن يۇسۇپنى يانلىرىدا ئولتۇرغۇزۇشتى.

— ئوغلۇم، سىلى بەك خۇشالغۇ؟ — دېدى رەيھانىدىن يۇسۇپنىڭ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىغا زەن سېلىپ.

— ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتۈپ، ئۇستازلارنىڭ مەدھىيەلىشىگە، ساۋاقداشلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتىم، ئابا.

— قايسى دەرسلەردىن ئىمتىھان بەردىلە، بۆگۈ بىلگە يىگىت؟ — سورىدى بەگتاش جالالىدىن غۇلامى ئېلىپ چىققان داستىخاننى ئۆزى سېلىپ.

— تىل ـ ئەدەبىيات، پەلسەپە دەرسلىرىدىن. ئۇستازىم ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ ھەزرەتلىرى باشقىلار بىر يىلدىمۇ ئۆگىنىپ بولالمايدىغان بىلىمنى بىر ئايدا ئۆگىنىلەپ بولغانلىقىمنى ئېيتىپ، يەنە «ئەرەب، پارس تىللىرىنى مەندىنمۇ ياخشى بىلىدىكەنلا» دەپ ماختىدى. مەن تېخى ساۋاقداشلىرىمدىن ئارقىدا قالدىمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم، — يۇسۇپ سۆزىدىن توختاپ، ئاتىسىنىڭ غەمكىن ھالدا گېپىگىمۇ سەما بولماي يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىدىن ئەجەبلىنىپ

سورىدى، — ئاپا، گېپىم سىلىگە ياقمىدىمۇ نېمە؟ ئاڭلىغۇلىرى كەلمىگەندەك تۇرىدۇ، دىتلىرىغا ياقمايدىغان سۆزلەرنى دەپ سالدىممۇيا؟

رەيھاندىن ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن تىكىلىپ باش چايقىدى:

— يوقسۇ بالام، ئېيتقانلىرى پېقىرنى مەمنۇن قىلغان بولسىمۇ، مۇشۇ تاپتا كۈلەلمەيمەن، تەبەسسۇم بىلەن سۆيۈنگەنلىكىمنى ئىزهار قىلالمايمەن، كۆڭلۈم ئارامىدا ئەمەس.

— نېمىشقا، نېمە ئىش بولدى، ئاپا؟

— بۇغرا قاراخانىمىز يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ سۆزدىن قالدى. چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدا بولدۇم، بالام. ئوغۇللىرىغا تارتىشتىمۇ، كۆزىنى ئىشىكتىن ئالماي ياتىدۇ. بارلىق خان جەمەتى، ۋەزىر، ئەمىرلىرى، ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ يابغۇ، ئارسلانخانلىرى، چاغرىبەگ، تارخانبەگلىرى ئەمچىخانا قورۇسىغا پاتماي قالدى. مەن بەگتاش جالالدىن بىلەن سىلىنى خەۋەرلەندۇرۇپ، تونۇمنى يۆتكىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىم.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئولتۇرىمىز، ماڭايلى ئاپا، — يۈسۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

يۈسۈپ ئالدىراپ تامىقىنى يەپ ئەمچىخانىغا بارغىنىچە كېچىچە شۇ يەردە بولدى. ئەتىگەنلىك تاماقنى ئوردا ئاشخانىسىدا نۆۋەت بىلەن چىقىپ يەپ كىرىشتى. بۇغرا قاراخان ئىشىكتىن كۆزىنى ئالماي پۈشۈلداپ ياتاتتى، گەپ قىلمايتتى، چىرايى سارغىيىپ، بۇرۇت ـ ساقاللىرى تىكەنلىشىپ قالغانىدى، كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق ئىدى. باش تەرىپىدە توققۇز نەپەر قارىي سۈرە «ياسىن»نى بوش، لەرزان ئاۋاز بىلەن تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. مەھمۇد تېگىن، ھەسەن تېگىنلەر ئىككى يېنىدا قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇغرا قاراخاننىڭ يېتىپ داۋالىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان بۇ ياتاقنى سۈرلۈك جىمجىتلىق قاپلىغانىدى.

يۈسۈپ ئاتىسى بىلەن چۈشتىمۇ ئۆيگە قايتمىدى. كۈن غەربكە قىيسايغان چاغدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن مۇھەممەد ئارسلانخان، ھۈسەيىن تېگىنلەر كىرىپ كېلىشتى.

— خان ئاتا! — دەپ تەلمۈرۈپ قاراشتى ئۇلار. يېرىم يۇمۇق كۆزلىرى ئاستا ئېچىلغان يۈسۈپ قادىرخان پەرزەنتلىرىگە، نەۋرىلىرىگە مۆلدۈرلەپ ئۇزاق تەلمۈردى، ئۇ «پەرزەنتلىرىمنى بىر كۆرۈۋالسام» دېگەن ئارزۇسىغا يەتكەنىدى. خان بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى قىمىرلاتتى، لېكىن ئۇنى چىقمىدى، شۇ قارىغىنىچە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالماي ئۇ دۇنياغا جىممىدە كېتىپ قالدى ...

رەھىمسىز ئۆلۈم شۇنچە كاتتا پادىشاھنى بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ ئامالسىز قالدۇرۇپ ئېلىپ كەتتى!

— خان ئاتا!

سۇلايمان ئارسلانخان «ئاتام بىزگە تارتىشقان ئىكەن - دە» دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىدى، يۈرىكىدىن سىرغىغان ھەسرەت تامچىلىرى كۆزىدىن قۇيۇلدى ...

مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمۈلگەن رەيھانىدىن ئۆزىنى تۇتقان ھالدا ئاستا كېلىپ، بۇغرا قاراخانىنىڭ شاھزادىلىرىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغان كۆزىنى سىيپاپ يۇمدۇرۇپ قويدى.

ھەسەن تېگىن، مەھمۇد تېگىنلەر ئامراق بوۋىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن زار - زار يىغلاشتى.

مۇھەممەد ئارسلانخان خان ئاتىسىنىڭ ۋەلىئەھدى بولغان ئاكىسىنى بالاساغۇنغا ئەۋەتىپ ئۆزىنى چاقىرتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېخى ئېنىق بىلمىگەچكە، ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىنى بولسىمۇ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىيالمىغىنى ئۈچۈن ھەسرەت - نادامەت چېكىپ قالغانىدى.

بارسغاندىن كەلگەن ھۈسەيىن ئارسلانخان، بوۋىسى تەربىيەت قىلغان ئوغلى مەھمۇد تېگىنىنىڭ يامغۇردەك ياش

تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نېمىشقا بۇرۇنراق كەلمىگەندىمەن، دەپ ھەسرەت چېكىپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

شاھزادىلەر، ۋەزىر - ئەمىرلەر ۋەلىئەھدى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئەمرى بىلەن، مەلىكۇل مەشرىق يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنى ئوردىغا يۆتكەپ، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئادا قىلىشقا كىرىشتى.

خانىش ئالتۇن تارىم ئەسما ئاغىچا بىركە بۇ ئېغىر مۇسىبەتنىڭ زەربىسىدە نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ، يەنە ھوشىغا كەلدى. ئۇ خان جەمەتىدىكى ئاياللارغا باشچىلىق قىلىپ، ھەرەمنىڭ ئايۋان سارىيىدا ھازا تۇتۇپ يىغا - زار قىلىۋاتاتتى. جان ئۈزۈش ئالدىدا ئېرىدىن رازىلىق ئېلىۋالالمىغىنى ئۈچۈن ھەسرەت چېكەتتى. كېچىچە ئوردىدا ھېچكىم ئۇخلىمىدى. ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ باشچىلىقىدا قىرىق قارىي خاس ھۇجرىدىكى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ مېيىتى يېنىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇسۇپمۇ بار ئىدى.

چولپان تۇغىدىغان مەھەلدە، ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ دۇئا قىلىپ، ئوردىدىكى ئالاھىدە ياسالغان مېيىت يۇيۇش ئۆيىگە بۇغرا قاراخاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ چىقتى. رەيھانىدىن، شەيخۇلئىسلام نۇرىدىن مەخدۇم، خانلىق مەدرىسەنىڭ باش مۇدەررىسى جالالىدىن باغدادىلار تۈمەن دەرياسىنىڭ ئىسسىتىلغان ئىللىق سۈيى بىلەن مېيىتنى يۇيۇپ كېپەنگە ئالدى.

بامدات نامىزىغا ئەزان چىقتى.

مېيىت ئاپپاق يوپۇق يېپىلغان جىنازىغا سېلىنغاندا، ئوردا، ھەرەمدە كۆتۈرۈلگەن يىغا - زاردىن ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەلدى.

جىنازىنىڭ ئالدىدا قارا تون كىيىپ، ئاق سەللە ئورىغان سۇلايمان ئارسلانخان، مۇھەممەد ئارسلانخان، مەھمۇد ئارسلانخان، ھۈسەيىن تېگىن، ھەسەن تېگىن، مەھمۇد تېگىن قاتارلىق

شاھزادىلەر، بۇغرا قاراخاننىڭ جەمەتلىرى ماڭغاندى، ھېچقايسىسى تاج كىيمىگەنىدى. بۇغرا قاراخان تاج - دۆلىتىنى تاشلاپ كېتىۋاتسا، بۇ مۇسىبەت كۈنىدە كىممۇ ئاللاغا يېقىن بولۇشنى خالىمىسۇن؟!

جىنازىنىڭ ئىككى يېنىدا قىرىقتىن سەكسەن نەپەر قارىي لەرزان ئاۋاز بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلماقتا. سۇباشى، سانغۇنلار، كۆكئايىق، چاغرىبەگلەر، يابغۇ - تارخانبەگلەر ئېغىر مۇسىبەت ئىچىدە ئاياغ باسماقتا. جىنازىنىڭ ئارقىسىدا دۆلەت ئەربابلىرى، ئالىم - ئەدىبلەر، ھۆكۈما - تېۋىپلار، ياساۋۇل - نۆكەرلەر، ئوردا، ھەرەمنىڭ ئەر خىزمەتچىلىرى كەلمەكتە.

ئوردا ئالدىدىكى ئادەم دېڭىزى ئىچىدە جىنازا گويا ئاق يەلكەندەك ئۈزۈپ، قولدىن - قولغا ئۆتەتتى. يۈرەكلەرنى لەرزىگە سېلىپ، كۆزلەردىن ياش ئاققۇزاتتى.

ئاسمانمۇ قارا لىباس كىيىپ ئالەمنى مۇڭغا چۆمدۈرگەنىدى. دەل - دەرەخلەر، گۈل - گىياھلارمۇ شىۋىرلاپ يىغلىماقتا ئىدى ...

قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ جامائە —— ئازنا مەسچىتتە بۇغرا قاراخاننىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى چار باغقا دەپنە قىلىندى.

سۇلايمان ئارسلانخان:

—— بۇغرا قاراخان ئاتام ۋاپاتىنىڭ ئۈچىنچى، يەتتىنچى، قىرىقىنچى كۈنلىرى كالا - قوي سويۇپ يۇغ① بېرىلسۇن. قىرىق كۈن توشقۇچە ھەر پەيشەنبە كۈنى يېتىم - يېسىرلەرنى چاقىرىپ خەتمىقۇرئان قىلىنسۇن، يىل توشقاندا يەنە يۇغ بېرىلسۇن، —— دەپ يارلىق چۈشۈردى.

رەيھانىدىن ئوغلى بىلەن بۇغرا قاراخاننىڭ قىرىق نەزىرىسى

---

① يۇغ —— كەمبەغەل، نامراتلارغىلا بېرىلىدىغان نەزىر. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆ- لۈم ئۈچۈن بېرىلگەن يۇغلارغا بايلارلا ئەمەس، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارمۇ قاتناشمايت- تى، نامراتلارغا بېرىلگەن يۇغنى ئۆزلىرىگە نامۇناسىپ، دەپ قارايتتى.

ئۆتكۈچە تۇرۇشنى، ئاندىن بالاساغۇنغا كېتىشنى مەسلىھەتلىشىپ، دىققەت ـ نەزىرىنى نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىغا قاراتتى.

يۈز بەرگەن بىرىنچى ئىش: تايانغۇلار كېڭىشى، دىۋانى ئارىز، توغرائى دىۋانى① بىرلىكتە چىقارغان قارار بويىچە ۋەلىئەھدى سۇلايمان ئارسلانخان ئالتۇن ئېگەر توقۇلغان بۇغرا تۆگىگە مىنىپ بۇغرا قاراخانلىق تاجىنى كىيدى. ئۇ يارلىق چۈشۈرۈپ ئىنىسى مەھمۇد ئارسلانخاننى قەشقەر دىيارىغا ئېلىكخان قىلىپ تەيىنلىدى. بۇغرا قاراخانىنىڭ قىرىق نەزىرىسىگە ئۇلگۈرۈپ كەلگەن بۆرە تېگىننى ئامۇ، سىر دەريا ۋادىسى، شاش، پەرغانە ۋىلايەتلىرىنىڭ ئېلىكخانلىقىغا تەيىنلەپ، بۇغرا قاراخانىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۆرە تېگىن ئەتىسىلا ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي سەمەرقەنتكە كەتتى.

ئىككىنچى ئىش: سۇلايمان ئارسلانخان قەشقەردە تۇرماي، بالاساغۇندا تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇ كۈنى بۇغرا قاراخان سارىيىغا ۋەزىر، ھاجىپ، ئەمىرلەردىن باشقا، خان جەمەتىنىڭ چوڭ ـ كىچىك شاھزادىلىرى، ئىنال تېگىن②، تارخانبەگ، چاغرىبەگ، كۆكئايىقلىرىمۇ يىغىلغانىدى. رەيھانىدىنمۇ يۇسۇپنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

«ئەمدى بارسغانغا كىمنى قوياركىن؟» دەپ ئاكىسىنىڭ ئاغزىغا قارىغان مۇھەممەد ئارسلانخان ئەبۇ ھەسەن تېگىننىڭ نامىنى ئاڭلاپلا، قوشۇلمايدىغانلىقىنى سۆز بىلەن ئەمەس، تۇتۇلغان چىرايى بىلەن بىلدۈردى. «مېنى تالاسقا ھەيدىۋېتىپ، ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرىدىغان ئوغلىغا بارسغاننىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشى مۇددىئاسىز ئەمەس، ئارسلانخان ئۇنىۋانىنى بېرىپ ھەممىمىزنىڭ ئۈستىگە قويماقچى. قۇزئوردۇغا

① توغرائى دىۋانى ـــ ئىچكى ـ تاشقى كاتىبات ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىشخانا.

② ئىنال تېگىن ـــ ئاتىسى خان جەمەتىدىن، ئانىسى ئاۋامدىن بولغانلارغا ياكى خان جەمەتىگە يېقىن ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە بېرىلىدىغان نام.

كەتمەكچى بولۇشمۇ مېنى چەتكە قېقىش ئۈچۈن ...»

— ئارسلانخان ئىنىم، بۇ پەرمانىمىغا قارىتا قانداق مەسلىھەتلىرى بار. كۆڭۈللىرىدىكىنى ئېيتىپ، پېقىرنى خاتىرجەم قىلغايلا، — دەپ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى سۇلايمان ئارسلانخان.

خۇيى تۇتقان مۇھەممەد ئارسلانخان بېشىنى كۆتۈردى:

— پەرمانلىرى ئېلان قىلىنىپ بولغان تۇرسا، مېنىڭ يەنە قانداق مەسلىھەتىم بولسۇن، بۇغرا قاراخان ئاكا، ئىجازەت بەرسىلە يولغا چىقسام ... — مۇھەممەد ئارسلانخان ئورنىدىن تۇردى.

— ئىنىم، مەنمۇ ماڭىمەن ئەمەسمۇ. ئاتىمىزنىڭ دۇئاسىنى ئالالماي قالدۇق، ئەمدى ئانىمىزنىڭ دۇئاسىنى بىللە ئېلىپ، ئوردۇكەنت خەلقى بىلەن خوشلىشىپ ئاندىن يولغا چىقايلى، — دېدى سۇلايمان ئارسلانخان سەمىمىي ھالدا بوش ئاۋاز بىلەن.

مۇھەممەد ئارسلانخان سۈكۈت قىلىپ جاۋاب بەرمىدى.

— بۇغرا قاراخان ئاغام توغرا دېدى، ئاكا. سىلى ئالدىراپ كېتىپ قالسىلا بولمايدۇ، مەسلىھەتلىرى بىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك، — ئەبۇ ھەسەن تېگىن تەۋەززۇ بىلەن مۇھەممەد ئارسلانخاننى قەشقەردە ئۇزاقراق تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى، — ئاكا، ئۆزلىرى كۆپ يەرلەرگە بارغان، كۆپنى كۆرگەن. پېقىر ئىنىلىرى ئەلنى باشقۇرۇشتا تەجرىبىسىز، ئاتام دېگەندەك ئۇستاز بولۇپ مەدەت بەرگەيلا.

«شۇنچە ياش تۇرۇپ بارسغانغا ئېلىكخان بولسا ئەلنى باشقۇرۇپ كېتەلەرمۇ؟» دەپ ئويلاپ قالغان رەيھاندىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پاساھەتىگە تېخىمۇ قايىل بولدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن مەدرىسە ۋە باشقا جايلاردا ئۇچراشقاندا كەم سۆز، سالماق، جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ئاشقاندى. يوسۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىپ قالغاندى. «كەمتەرلىك، سەمىمىيلىك بىلەن قىلغان سۆزلىرى

ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈردى، يېشىغا نىسبەتەن ئەقلى چوڭ ئىكەن، كەلگۈسىدە بۇغرا قاراخان بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس» دەپ ئىچىدە بارىكاللا ئوقۇغان يۈسۈپ بولۇۋاتقان گەپلەرنى زېھنىنى قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق دۆلەت ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان كاتتا كېڭەشكە قاتنىشىشى بىرىنچى قېتىملىق ئىدى.

— بوۋا، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ سۇلايمان ئارسلانخان بوۋام بىلەن ھەسەن تېگىن ئاغامنىڭ يۈزىنى قىلساڭچۇ. ئوردۇكەنتتە ئۇزاقراق تۇرساڭ كاتتا موماممۇ خۇرسەن بولىدۇ، — مەھمۇد تېگىن خىيال سۈرۈپ قالغان ئاتىسى ھۈسەيىن تېگىنگە قاراپ قويۇپ، مۇھەممەد ئارسلانخاندىن جاۋاب كۈتتى.

شاھزادىنىڭ بۇ سۆزىمۇ يۈسۈپكە مەنزۇر كەلدى. «مەھمۇد تېگىن ئەجەب چېچەن ئىكەن، تازا جايىدا گەپ قىلدى، بوۋىسى ئەمدى نېمە دەركىن؟» دېدى يۈسۈپ ئىچىدە. بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ تەختى يېنىدىكى كۇرسىتا خىيالغا چۆككەن مۇھەممەد ئارسلانخان كۆز سېلىپ:

— سەن مەن بىلەن كەتمەمسەن، قوزام؟ — دېدى جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— بوۋا، بۇنداق پەش قېقىپ كېتىپ قالىدىغان بولساڭ ھەممەيلەننى رەنجىتىپ قويىسەن. ئويلاپراق ئىش قىلغىن. راستىمنى ئېيتسام، كەتكۈم يوق، كاتتا مومامنىڭ يېنىدا قالىمەن، — دېدى مەھمۇد تېگىن.

— بالام، بىز بىلەن كەتمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى ھۈسەيىن تېگىن.

— مەن ساچىيە مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتىمەن، ئاتا. ئوقۇشۇمنى تاشلاپ كېتەمدىمەن؟ كاتتا بوۋام تۈگەپ كەتكەن بىلەن كاتتا مومام بارغۇ. پېقىرنى تەربىيەلەۋاتقان ئەزىز ئۇستازلىرىم مەن كەتسەم نېمىدەپ قالار؟

— بالام، ئوغلۇڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن

تالاشما، قالسا قالمامدۇ؟ يەنە بىر ئاز تۇرساق تۇرايلى، بۇغرا قاراخان ئاكام رۇخسەت قىلغاندا يولغا چىقارمىز، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى مۇھەممەد ئارسلانخان.

ۋەزىر، ھاجىپلار بۇغرا قاراخاننىڭ ئەمر - پەرمانلىرى بىلەن ئىش كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. كېڭەش توگىدى.

رەيھانىدىن بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن بىللە يولغا چىقىش قارارىغا كېلىپ، يۇسۇپ بىلەن ئوردىدىن قايتتى.

## 3

قارىياغاچ، ئەرمۇدۇن دەرەخلىرىنىڭ بالدۇر سارغايغان يوپۇرماقلىرى يېنىك شامالدىن ئۈزۈلۈپ، قۇمساڭغۇ قىرغاققا، ئۇ يەردىن پىلدىرلاپ ئۇچۇپ سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ كېتەتتى. قىرغاقتىكى دەرەخ تۈۋىنى ماكان ئەتكەن چۈمۈلىلەر ئوزۇق ئىزدەپ پىتىراپ كېتىشكەنىدى. تاقلاپ - سەكرەپ كېلىشكەن بىر توپ كېيىك غازاڭ، چۈمۈلىلەرنى دەسسەپ - چەيلەپ دەريا بويىغا چۈشۈشتى، ئۇياق - بۇياققا بويۇنداپ قارىشىپ، شەپە سەزمىگەندىن كېيىن سۈزۈك سۇغا تۇمشۇقىنى چۆكۈرۈپ سۇ ئىچكىلى تۇردى، شۇنداقتىمۇ پات - پات باش كۆتۈرۈپ پۇرقۇپ، يەنە باش چۆكۈرۈپ سۇمۇرۇشەتتى. قارا بويۇن چىرايلىق بىر كېيىك دىڭگىدە چۆچۈپ، سەكرەپ قىرغاق ئۈستىگە چىقتى - دە، يىقىلدى، بىقىنىغا يا ئوقى سانجىلغانىدى.

چۆچۈگەن كېيىكلەر ئۈركۈپ قېچىشتى، يەنە ئىككى كېيىكمۇ ئوق تېگىپ يىقىلدى.

چۇقان سېلىشىپ كەلگەن بىر توپ نىقابلىق ئادەم قۇمساڭغۇ قىرغاقتا توختىدى. زەر چۇچىلىق قىزىل يىپەك يېپىنغان غۇنچە بوي بىرسى:

— ئاتتىن چۈشۈڭلار، بۇ جاي خىلۋەت ئىكەن، — دېدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا. ئۆزى يەرگە پۇت قويۇپ يۈزىدىكى قارا تور

نىقابنى كۆتۈردى. ئەگىم قاشلىق، چېھرى ئاق سېرىق، چىرايلىق بىر نازىنىن پەيدا بولدى، ئۇنىڭ بېشىدا ئالتۇن تاج ۋاللىداپ تۇراتتى، ئەرەنچە كىيىمى ئانچە ياراشمىغاندەك قىلاتتى. باشقىلارمۇ ئاتتىن چۈشۈپ يۈزىدىن نىقابنى ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئايال زاتىدىن ئىدى، ئاتلىرىنى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئاچىماقلىرىغا باغلاپ قويۇشتى.

— كۆردۈڭلارمۇ، مەن يادىن ئۆزگەن ئۈچ ئوقنىڭ بىرىمۇ زايە كەتمەپتۇ، — دېدى غۇنچە بوي پەرى كۆرەڭلەپ.

— كۆردۇق، ئالتۇن تارىم ئالىيلىرى مەرگەن ئەمەسمۇ، — دېيىشتى ھەمراھلىرى قىزىقىپ قاراپ.

— قويىق، توقىش ئىككىڭلار بۇ كېيىكلەرنى سويۇپ كاۋاپ قىلىڭلار.

— باش ئۇستىگە، ئالتۇن تارىم.

— گۈلەم!

— لەببەي، ئالتۇن تارىم، — ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ بىر قىز قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ كەلدى.

— سىز ئۈچ كېنىزەك بىلەن ئەتراپنى كۆزەت قىلىڭ، ئادەم زاتى بۇ يەرگە ئاياغ باسمىسۇن. مەن قالغان كېنىزەكلىرىم بىلەن دەريادا يۇيۇنىمەن.

— خوپ، ئالتۇن تارىم ئالىيلىرى، — گۈلەم ئۆزىدەك بويلۇق ئۈچ كېنىزەك بىلەن كۆزەت قىلىشقا تەرەددۇتلاندى.

— ئايچېچەك!

— لەببەي، خانىش، — ئوتتۇرا بويلۇق، قارىقۇمچاق بىر قىز قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ كەلدى.

— يۇيۇنۇشقا تەييارلىنىڭلار !

— باش ئۇستىگە، ئالتۇن تارىم، — كەينىگە يانماقچى بولغان ئايچېچەك قايرىلىپ توختىدى، — خانىش، سۇ سوغۇق، نازۇك تەنلىرىنى توڭدۇرۇپ قويارمىكىن.

— سوغۇق سۇ ئادەمنى ئەندىكتۇرۇپ غەيرەتلىك قىلىۋېتىدۇ.

ئوت بولۇپ يېنىپ تۇرغان تېنىمگە بۇ سۇ ياقىدۇ. بېرىڭ، كېنىزەكلەرگە ئېيتىڭ، دەرياغا چۆمۈلۈپ ئوينايمىز.

— خوپ، خانىش ئالىيلىرى.

بۇ خانىش باشقا بىرسى ئەمەس، دارغا ئېسىلغان قارلۇق بولۇنبەگنىڭ يالغۇز قىزى، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ كىچىك خوتۇنى ئالتۇن تارىم قۇماربىكە ئىدى. ئاتىسى جازالانغاندىن كېيىن ئۇ ئېرىگە سادىقلىقىنى قايتا - قايتا بىلدۈرۈپ، گۇماندىن خالىي قىلىپ، ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغانىدى.

ئۇ بارسغاندىن بالاساغۇنغا كەلگەندىن بېرى، ئاكىسى بوزاغۇنى قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن جايلاردىكى قارلۇق قىساسچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا كىرىشكەنىدى. سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانمىسا تۇرالمايدىغان دوقاقبەگ ئۇلارنىڭ يانتايىقى ئىدى.

تۇيۇقسىز ئوردۇكەنتتىن كەلگەن سۇلايمان ئارسلانخان مۇھەممەد ئارسلانخانغا بۇغرا قاراخاننىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدى. بۇنى ئۇققان قۇماربىكە دەسلەپ ناھايىتى قورقتى ۋە ئېرىنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتىنى يالغاندىن كېسەل بولۇپ يېتىۋېلىپ ئارقىغا سۈردى. چاپارمەن كېلىپ بۇغرا قاراخاننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى يەتكۈزگەندە، ئېرىنى سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن بىللە يولغا چىقىشقا ئالدىرىتىپ، يىغا - زار بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. بۇغرا قاراخان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ۋاپاتى ھەققىدە خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، بوزاغۇ بىلەن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، تېشىدا يىغلاپ، ئىچىدە كۈلدى. ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولدى. ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قارلۇق قىزلىرىدىن تەركىب تاپقان چەۋەنداز كېنىزەكلەر بىلەن كۈندە قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلاتتى، بەزىدە شىكارغا چىقاتتى.

بۈگۈنمۇ ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا كېنىزەكلىرى بىلەن يۈزىگە نىقاب تارتىپ شىكارغا ئاتلانغان قۇماربىكە ئايلىنىپ

يۈرۈپ چۆ دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ توختىغانىدى. ئۇ ئىككى تەرىپىدە ئىككى كېنىزەك تۇتۇپ تۇرغان زەر چۇچىلىق قىزىل كۇنلۇكنىڭ دالدىسىدا كىيىملىرىنى سالدى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنى گۈللۈك شايى باغىرداق يۇشۇرۇپ تۇرسىمۇ، كالتە يېپەك تامبال بىلەنلا قالغان بۇ خانىش ئاجايىپ جەلپكار ئىدى. بولۇق چاچلىرىنى لىغىلداپ تۇرغان كۆكسىگە تاشلاپ قاقاھلاپ كۇلگىنىچە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا كۆز سېلىپ:

— كىم ئاۋۋال سۇغا سەكرىسە بەش تىللا بېرىمەن، — دېۋىدى، ئىسسىقكۆل بويىدىن تاللىۋېلىنغان قىپچاق قىز ئايچېچەك:

— مانا مەن سەكرەيمەن، ئالىيلىرى، — دەپ سۇغا ئاستا كىردى، كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۇ قارا چاچلىرى تېگىپ تۇرغان تېقىمىغا، ئىنچىكە بېلىگە، ئاندىن كۆكسىگە چىققاندا، قىز بىر ئەندىكىپ باش چۆكۈردى، بىردەمدىلا تېنىدىكى ئەندىكىش تۈگەپ، سوغۇق سۇغا كۆنۈپ قالدى، كەينى ـ كەينىدىن باش چۆكۈرۈپ پىلتىڭ ئېتىپ ئۈزدى.

— سوغۇقمىكەن ئايچېچەك؟ — دەپ توۋلىدى قۇمارىبىكە دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ.

— ياق، ئانچە ئەمەس، ئىسسىق تەنگە خۇش ياقىدىكەن.

قۇمارىبىكە مەجنۇنتاللىرى سۇغا چىلىشىپ قالغان سۆگەتنىڭ شېخىغا ئېسىلىپ ئاۋۋال بىر پۇتىنى، ئاندىن يەنە بىر پۇتىنى سۇغا تىقتى. زوڭ ئولتۇرۇپ يانپاشلىرى سۇغا چىلاشقاندا ئەندىكىپ كەتتى، بىردەم شۇنداق تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن سوزۇلۇپ سۇدا ياتتى ـ دە، پاقىچىلاپ ئۈزۈپ ئويناشقا باشلىدى.

كېنىزەكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سۇغا چۈشۈشتى، بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىپ، پاقىچىلاپ ئۈزۈپ، كۈلۈشۈپ، چۇرقىرىشىپ، شوخلۇق قىلىشتى.

— قويىق، تامبىلىڭنى پەسكە چۈشۈرە، غۇنچە پورىكىڭنى كۆرۈپ باقاي، تىكىنى بارمىكىن، — دېدى ئايچېچەك بوتا

كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— ساراڭلىق قىلمىغىنا ئايچېچەك، مەن ئۇ يەرنى كۆرستىدىغان سەن ئەمەس، — كۈلۈپ باش چايقىدى قويىق. ئۇ ھەمراھلىرىغا نىسبەتەن سېمىزرەك بولغاچقا يانپېشىمۇ چوڭ، كۆكسىمۇ يوغان ئىدى. قوللىرى بىلەن تومپىيىپ تۇرغان ئالدىنى تۇتۇۋالدى، — ساڭا كۆرسىتىپ قويسام ئېسىلىۋالارسەنمىكىن.

— ۋاي ئانامەي، ساڭا ئېسىلىپ نېمە تاپارمەن؟ يا ساقال ـ بۇرۇتلۇق يىگىت بولمىساڭ.

ھەممەيلەن سۇنى چاۋاكلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. قۇماربىكە كۈلكىسىنى توختىتالماي، تېلىقىپ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. چاچراپ چىققان تامچىلار خۇددى مەرۋايىتتەك كېنىزەكلەرنىڭ ئۇستىبېشىغا تۆكۈلدى. ئايچېچەك ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويۇۋىدى، يەنە قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— كۆرىمىز، تامبىلىڭنى سال، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— كۆرەي دېسەڭلار، بۇ نەرسە ھەممىڭلاردا بار، مانا، — قويىق تېقىملىرىغا چاپلىشىپ تۇرغان ھۆل تامبىلىنى سېلىۋەتتى، — كۆرۈڭلار!

— ۋاي ئۇيالمايدىغان داپشاق، — دېدى قۇماربىكە قوللىرى بىلەن كۆرستىپ، — ياپراق ـ تىكەنلىرى ئاز ئەمەس ئىكەن، ئوت بېسىپ كېتىپتۇ، ھا ـ ھا ـ ھا ...

كېنىزەكلەر قويىقنى چۆرىدەپ تۇرۇپ سۇ چېچىپ ئۇنى باش كۆتۈرگۈزمىدى.

— خانىش ئالىيلىرى، چاپارمەن كەلدى! — قىرغاقتا تۇرۇپ توۋلىدى گۈلەم.

قۇماربىكە ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئايچېچەكنىڭمۇ تامبىلىنى سالدۇرۇپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ ھە دەپ سۇ چېچىشىۋاتاتتى.

گۈلەم يەسكە چۈشۈپ چاپارمەن كەلگىنىنى ئېيتتى.

گۈلەمنىڭ جىددىيلەشكەن قىياپىتىنى كۆرگەن ئالتۇن تارىم:
— نېمە دېدىڭ؟ ئوچۇقراق ئېيتقىن، — دېدى.
— ئوردا چاپارمىنى ئالىيلىرىغا خەۋەر يەتكۈزگىلى كەپتۇ.
— نېمە خەۋەر ئىكەن؟
— ئالتۇن تارىمنىڭ ئۆزىگە ئېيتىمەن، دەپ دېگىلى ئۇنىمىدى، خانىش.
— نېمە، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقامدىكەنمەن؟ پوق يەپتۇ. نېمە خەۋەر ئىكەنلىكىنى سەن ئۇقۇپ ئالدىمغا كەل. ئۇ ئەبلەخنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويمىسام ئۆلەي!
— خوپ، ئالىيلىرى، — گۈلەم كەينىگە ياندى.
قۇمارىبىكە «نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلگەندۇ، شۇم خەۋەر بولمىسۇن يەنە، ئادەمنىڭ ئارامىنى بۇزۇۋەتتى» دەپ ئويلاپ بىتاقەت بولدى.
— بۇ چاغقىچە يۇغرۇش، ھاجىپلارمۇ ماڭا يۈزتۇرا تۇرۇپ گەپ قىلىپ باققىنى يوق. نېمانداق بېشى چوڭ نېمىدۇ ئۇ؟ ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام، — سەپرايى ئۆرلىگەن قۇمارىبىكە كېنىزەكلىرى بىلەن سۇدىن چىقتى. سۆگەتنىڭ مەجنۇنتاللىرى ئاستىدا ئايچېچەك سۇنۇپ بەرگەن كىيىملىرىنى كىيدى، يۈزىگە نىقابىنى تارتتى. ئۇ قىرغاق تۆپىسىگە قەدەم قويغاندا، گۈلەمگە گەپ قىلىۋاتقان چاپارمەننى كۆردى.
— ئايچېچەك، ئۇنى ئېلىپ كەل، — دېدى قۇمارىبىكە قولىغا قىلىچنى ئېلىپ.
ئايچېچەك خانىشقا بىرنېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئەلپازىغا قاراپ:
— خوپ، ئالىيلىرى، — دېدى ـ دە، يۈگۈرۈپ چاپارمەننىڭ يېنىغا باردى.
— خانىش سىزنى چاقىرىدۇ.
ئېگىز بوي، تەمبەل كەلگەن ئوردا چاپارمىنى كۆز تىكىپ

تۇرغان قۇمارىبىكەنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى.
— خانىش، ئۆزلىرىگە خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدىم.
— قايسى قەبىلىدىن سەن؟
— چىگىل قەبىلىسىدىن.
— ئېتىڭ نېمە؟
— قىيات.
— خەۋەرنى كېنىزەكىمگە ئېيتتىڭمۇ؟
— ئېيتتىم، ئالىيلىرى.
— سېنى كىم ئەۋەتتى؟
— نائىب ئېلىكخان ئىنالچۇق تېگىن.
— ئۇنداق بولسا، ئالدىڭنى ئۇ تەرەپكە قىلىپ تىزلان.
ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن قىيات تۇرۇپ قالدى. قۇمارىبىكە ئاچچىقلاندى:
— گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ، تىزلان!
يىگىت ھەيران بولغان ھالدا كەينىنى قىلىپ تىزلاندى. قۇمارىبىكە پارقىراپ تۇرغان قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن شارتتىدە ئۇنىڭ قۇلىقىنى كېسىۋەتتى.
— ۋاي! ... — دەپ زارلىغان چاپارمەن بىر قولى بىلەن قان سىرغىۋاتقان قۇلاق تۈۋىنى بېسىپ ئورنىدىن تۇردى، — بۇ نېمە گۇناھىم ئۈچۈن؟ ئېيتسىلا خانىش، ئېلىپ كەلگىنىم شۇم خەۋەر ئەمەسقۇ.
— نېمىدەپ مېنى ئالدىڭغا كەلتۈرمەكچى بولىسەن، نېمىشقا تىزلانمايسەن؟ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ خانىشى ئىكەنلىكىمنى بىلمەمتىڭ يا؟ — قۇمارىبىكە غەزەپ بىلەن سورىدى.
— بىلەتتىم ئالىيلىرى، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگىنىم ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە بىۋاستە ئېيتىپ سۆيۈنچە ئالماقچىدىم. ئەجەب قان چىقىپ كېتىۋاتىدۇيا ... — قىيات قان بولۇپ كەتكەن يەلكە، يەڭلىرىگە قاراپ سۆزىنى توختاتتى.
— ھە، خۇش خەۋىرىڭنى ئېيت!

— بۇغرا قاراخان بىلەن مۇھەممەد ئارسلانخان قوزئوردۇغا كېلىۋېتىپتۇ.
— نېمە!؟ ئېرىم بىلەن كېلىۋاتقان بۇغرا قاراخان كىم ئىكەن؟ — قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ سورىدى قۇمارىبىكە.
— سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى ئىكەن، — چاپارمەن توختىماي ئېقىۋاتقان قاننى يەڭلىرى بىلەن ئېرتتى.
— سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى؟ — قۇمارىبىكەنىڭ گۈزەل چىرايى تاتاردى، كۆك كۆزلىرىدىن ئۇچقۇندىغان كۆكۈچ نۇر ئۆنى سۇرلۇك قىلىۋەتتى. كېنىزەكلەرنىڭ بايىقى خۇشلۇقىدىن ئەسەر قالمىدى.
— ھە، مۇنداق دېگىن. ئەدەپسىزلىك قىلغىنىڭ ئۈچۈن بىر قولىقىڭنى كېسىپ تاشلىدىم، ھايات قالدۇرغىنىم ساڭا بېرىلگەن سۆيۈنچە. ماڭ، دەرھال ئوردىغا قايت!
ئازار يېگەن، خورلانغان چاپارمەن توپىغا مىلەنگەن قۇلاقنى ئېلىپ، ياغلىقىغا ئوراپ يانچۇقىغا سالدى. ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ، كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقان كېنىزەك توقىشىنىڭ يېنىغا باردى. گەپمۇ قىلماي، يالقۇنجىغان چوغ ئۈستىدە پىژىلداپ پىشىۋاتقان بىر زىخ كاۋاپنى ئالدى ـ دە، قان چىقىپ تۇرغان يەرگە باستى ...
— ئاتلىنىڭلار! — قۇمارىبىكە ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ قامچا ئۇردى. قورقۇپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن كېنىزەكلەر كاۋاپنىمۇ يېيەلمەي، ئاچ قورساق ھالدا خانىشىنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى دېۋىتىپ ماڭدى. زاۋال ۋاقتىدا «قوۋۇقى قۇت» تىن كىرىپ ئوردىغا بېرىشتى.

## 4

بالاساغۇنغا يېقىنلاشقانسېرى يۇسۇپنىڭ سەزگۈلىرى جىددىيلىشىپ، ئىنتىزارلىقى كۈچەيدى. بۇنداق بىتاقەتلىك،

سىغىنىش ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببەتنىڭ ئىختىيارسىز قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا چاڭ توزۇتۇپ كېتىۋاتقان ئاتلار ئاستا مېڭىۋاتقاندەك، يول ئاۋۇمايۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، پات ـ پات ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ، قامچىسىنى شىلتىپ قوياتتى.

قۇياش غەربكە قىيسىيىپ، سايە ئۇزىراشقا باشلىغاندا، ئالدىدا كېتىۋاتقانلار ئاستىلاپ، يۇسۇپ مىنگەن قىزىل تورۇق «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەندەك پۇشقۇرۇپ قويدى. ئۇلار قارشى ئېلىشقا چىققان بالاساغۇن ئەھلىگە يېقىنلاپ قالغانىدى.

بۇغرا ـ كاناي، ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى، ئەمما مىڭلىغان ئادەملەر بىرلىكتە ئېيتىۋاتقان تەكبىر ساداسى گۈلدۈرمامىدەك يەر ـ زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، زىلزىلىگە كەلگەن قەلب سارايلىرىنىڭ دېرىزىلىرىنىمۇ ئېچىۋەتتى. بۇ ئاۋامنىڭ مەلىكۇل مەشرىق يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ۋاپاتىغا بولغان ھەسرەت ـ نادامىتى ۋە قازاغا رىزالىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىلتىجاسى، يېڭى بۇغرا قاراخانغا بولغان بەيئەت، ساداقىتىنىڭ نامايان قىلىنىشى ئىدى.

يۇسۇپ بويۇنداپ قاراپ، سۇلايمان ئارسلانخان، مۇھەممەد ئارسلانخان ۋە ئاتىسىنىڭ ئاتتىن چۈشكىنىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ يەرگە ئاياغ باستى.

ئالتۇن گۈرزە كۆتۈرگەن توقسان توققۇز ھۆرمەت قاراۋۇللى ۋە توققۇز تۇغنى كۆتۈرگەن تۇغچىلار كەينىدىن قەدەم باسقان سۇلايمان ئارسلانخان ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن نائىب ئېلىكخان ئىنالچۇق تېگىن، شەيخۇلئىسلام بەگتاش ئابدۇللا داموللا، ھەرەمبېگى بەگتۇتۇق، چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل، سۇباشى، ۋەزىر، ھاجىپ قاتارلىق ئەمىر ـ ئەركانلار ۋە بەگتۆمۈر، ئاشانبۇقا باشلىق بالاساغۇن ئەھلىنىڭ چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قۇزئوردۇلۇق قېرىنداشلىرىم! پېقىر بۇغرا قاراخان بولۇپ، ئالدىڭلارغا خۇش خەۋەر بىلەن

كېلەلمىدىم. مەلىكۇل مەشرىق بۇغرا قاراخان ئاتام قۇزئوردۇلۇق قېرىنداشلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما، ئەجەل يېتىپ، ھەربىرىڭلار بىلەن قايتا دىدار كۆرۈشەلمىدى. ۋەلىئەھدى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ تەختىدە كاشغەردە ئەمەس، بالاساغۇندا ئولتۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدىمكى، بۇ شەھەر مەملىكىتىمىز زېمىنىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا. قەيەردە قانداق ئىش يۈز بەردى، قانداق يېڭىلىقلار پەيدا بولدى؟ ۋاقتىدا خەۋەر تاپالايمەن، شۇنداقلا شەرق بىلەن غەربنى ئىككىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىش بۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. پېقىر ئارسلانخاننىڭ باشقۇرۇشىدا ئىلىمىز قۇدرەت تاپقۇسى ...

— بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخانغا ئامانلىق تىلەيمىز!

— سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قۇزئوردۇدا تەختكە ئولتۇرۇشىنى بەجانىدىل قارشى ئالىمىز!

ئاۋامنىڭ ساداسى بېسىلماي تۇرۇپ، ئالتۇن تۇش ئورنىتىلغان بۇغرا تۆگە ئۇنىڭ ئالدىدا چۆكتۈرۈلدى. بۇغرا تۆگىگە مىنگەن سۇلايمان ئارسلانخان ئاق پاياندار ئۈستىدە يۈرۈپ كەتتى.

باشتىن ـ ئاياغ قارا پۈركەنجىگە ئورالغان قۇمارىبىكە ۋە تۆت ياشلىق ئوغلى ئىبراھىم تېگىن بىلەن كۆرۈشكەن مۇھەممەد ئارسلانخان بۇ كىچىك ئوغلىنى كۆتۈرۈپ بۇغرا تۆگىنىڭ ئالدىغا ئالدى. چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن تېگىن ئانىسى ۋە باشقا خانىشلار بىلەن چوڭقۇر تەزىم قىلغان كىچىك خانىش قۇمارىبىكەنى كۆرمىگەنگە سېلىپ، بۇغرا تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتقان ھالدا ئاتىسىنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

رەيھانىدىنمۇ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ تەكلىپى بىلەن بۇغرا تۆگىگە مىنگەندى. ئىچى ئاداپ كەتكەن دوقاقبەگ «كۆردۇڭمۇ؟» دېگەندەك قىلىپ، قۇمارىبىكەنىڭ يېنىدا ئاغۋاتلار قاتارىدا تۇرغان بوزاغۇغا ئىشارەت قىلىپ قويۇپ لەۋلىرىنى چىشلىدى.

سۇلايمان ئارسلانخان بىرقانچە يەردە توختاپ، ئاۋام سۇنغان

ئۇسسۇزلۇق — دوغ، جۇلاپتىن ئىچتى، گىردە، شىرمەنانلارغا ئېغىز تەگدى. شاگىرتلىرى بىلەن چىققان ئەبۇ پۇتۇھ ئابدۇغوپۇر مەخدۇم سۇنغان شەربەتنى ئىچىپ، ئۇنىڭدىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى، مۇھەممەد ئارسلانخان ئۆزىگە سۇنغان شەربەتلەرگە كۆز قىرىنىمۇ سالمىدى. ئۇ ئىبراھىم تېگىننى بېلىدىن قاماللاپ ئولتۇراتتى، ئۆزىنىڭ تالاسقا بارىدىغان بولغىنىدىن خاپا ئىدى. ھۇسەيىن تېگىن ئاتىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن خاپا بولغىنىنى بىلگەچكە، ئۈن چىقماي ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ ماڭدى. ئۇنىڭمۇ ئاتىسىنىڭ قارلۇق خوتۇنىدىن بولغان ئوغلىغا شۇنچە مېھرىبانلىق قىلغىنىغا ئاچچىقى كېلىپ قالغانىدى.

رەيھانىدىن يابىرا ھەم قىزلىرى تۇرغان يەرگە كەلگەندە، ئاتىسى بەگتۆمۈر، ئانىسى زەمۇران ئاغىچىنىڭمۇ چىققانلىقىنى كۆرۈپ تۆگىدىن چۈشتى. ھەممەيلەننىڭ قولىدىن ئۇسسۇزلۇق ئىچتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىنىڭ ئوتلۇق تەپتى ۋۇجۇدىغا تارىغاندا، باللىق مېھرى كۆزلىرىدىن تېشىپ چىقتى. كۈيئوغۇللىرى ئۇدمىش، بويانقار، ئادار، يارۇقلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئاشانبۇقا بىلەن ئەھۋال سوراشتى. قىزىل تورۇقنى يېتىلىگىنىچە ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن يۇسۇپ بۇۋا - مومىسىنىڭ باغرىدىن چىقىپ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاندى. ئۇ تۇغقانلارغا تېگىشمەي قالدى.

يۇسۇپ ئاتىسى بىلەن بىللە كېلىپ، ئۇستازى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم، ساۋاقداشلىرى ئەربۇقا، ھوشۇر بىلەن قىزغىن قۇچاقلاشتى، ئەھۋال سوراشتى. يۇسۇپنىڭ يۈرىكى تېپچەكلەپ، يۈز - بويۇنلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بىرمۇنچە قىزلار بىلەن قەشقەردىن بۇغرا قاراخانغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن سىپاھلارغا ئۇسسۇزلۇق بېرىۋاتقان ئاقىبىرانى كۆردى. ئۇنىڭ يۈزىدە چۈمبەل بار ئىدى. قولىغا تور پەلەي سېلىپ، سەمەرقەنتنىڭ ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈكىنى كىيگەنىدى. يۇسۇپ تەلمۈرۈپ قاراپ،

ئاقىمرانىڭ بوي ـ بەستىدىن باشقا ھېچ يېرىنى كۆرەلمىدى.
— سالامەت كەلدىلىمۇ يۇسۇپ؟ چارچىغانلا، ئۇسسۇزلۇق ئىچسىلە، — دېدى قىز سەل ئېگىلگەن پېتى كۈمۈش جامنى سۇنۇپ. ئاقىمرانىڭ بوش، ئەمما سېھىرلىك ئۈنى يۇسۇپنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى.
— رەھمەت، — يۇسۇپ جامنى ئالدى، — ئامان ـ ئېسەن تۇردىلىمۇ، قوشناچىم ئاپام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار تىنچلىقمۇ؟
— ئابام ئوبدان تۇردى، ھەر كۈنى كەچتە گەپلىرىنى قىلىدۇ، — ئاقىمرا سۆزلەۋاتقاندا، چوغ رەڭگە كىرگەن يۈزى بىردىن ئوت ئېلىپ كەتتى.
— ئەتە بېرىپ، ئوردۇكەنتتىن ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلارنى ئالدىڭلاردا قويۇپ، ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېلىمەن. ھازىر مەن ماڭاي، خوش ئاقىمرا.
يۇسۇپ كەينىگە قاراپ ـ قاراپ ماڭدى.
— خوش! — ئاقىمرانىڭ كۆزلىرىگە توشقان ياش مەڭزىگە سىرغىدى ...
شۇ تاپتا قەسىرگە كىرگەن قۇمارىبىكە خاس ھۇجرىنى بېزەپ سەرەمجانلاشتۇرۇشنى ئاغۋات، كېنىزەكلەرگە بۇيرۇپ، پەرداز ئۈيمدە چاچلىرىنى تاراشقا ئولتۇردى. ئايچېچەك، قويىق ئۇنىڭ چاچلىرىنى تاراپ كىيىنىشىگە ياردەملەشتى.
— بولدى، چىقىپ كېتىڭلار! — قۇمارىبىكە ئورنىدىن تۇرۇپ بۇلۇڭدىكى تاش ئەينەك ئالدىغا كەلدى.
كېنىزەكلەر چىقىپ كېتىشىگە، ئاغۋاتلاردەك يوللۇق شايىدىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان بوزاغۇ ھجايغىنىچە كىرىپ تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇردى.
— سىڭلىم، ئېرىڭ مۇھەممەد ئارسلانخانغا ئۇسسۇزلۇق بەرگەنسەن؟
— ئاكا، مېنىڭ ئۆيۈمگە بۇنداق ئۇسۇپ كىرىپ، ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋەرمە، بولامدۇ؟ — ئارقىسىغا ئۆرۈلگەن قۇمارىبىكە

ئاچچىقلانغان تەرزدە بوزاغۇغا ئالايدى.

— ھە! مەن سىنىڭ ئالتۇن تارىم ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپتىمەن، خۇددى ئاكا ئىكەنلىكىمنى سەن ئېسىڭدىن چىقىرىۋەتكەندەك، — بوزاغۇ مۇھەممەد ئارسلانخان يۆلىنىدىغان شاھانە ياستۇققا جەينىكىنى تىرىدى. قوي كۆزلىرىنى ئۆزىنى ياساۋاتقان سىڭلىسىغا تىكىپ، سىيدام ئېڭىكىنى ئالىقىنىغا ئالدى.

— ئاكا، ئادەمنى نېمانداق زاڭلىق قىلىسەن؟ باشقىلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قويساڭ، ئۆزۈڭنىڭمۇ، مېنىڭمۇ بېشىمىزغا چىقىدىغانلىقىڭنى بىلمەمسەن؟ — قۇمارىبىكە ئەينەك ئالدىدىن قوپۇپ، بوزاغۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. قارا قاشلىرى قوشۇلغان قوشۇمىسىدا بىر تۈرۈلۈش پەيدا بولۇپ، چىرايى سۆرۈن تۈس ئالغان بولسىمۇ، ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. پەرداز قىلغان يۈزى قاشتېشىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ قولىنى ئاكىسىنىڭ تىزىغا قويدى، — سەن مېنىڭ تاغدەك يۆلەنچۈكۈم، سەن بولغاچقىلا كۆڭلۈم توق، يۈرىكىم پۈتۈن. بىراق، ئاكا، بىز قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمىز. ئۆزۈڭنى ئوبدان نىقابلاپ، ئاغۋاتلىقىڭنى قىلچە چاندۇرۇپ قويما. مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ كەلگىنىنى كۆردۈڭ. ھازىر ئاكىسى بولمىش بۇغرا قاراخان ھۇزۇرىدا تاماقلىنىۋاتسا كېرەك، توساتتىن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ...

— ئالتۇن تارىم ئالىيلىرى، چىقىپ كەت دېمەكچىمۇ سىلى؟ — بوزاغۇنىڭ چېھرىدە مەسخىرە كۈلكىسى پەيدا بولدى.

— ھەئە. دەرھال چىقىپ كەتكىن، ئاكا. ئەتە ساڭا ئېرىم بىلەن قىلىشقان گەپ - سۆزلەرنى يەتكۈزىمەن، قانداق قىلىشىمىز توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىمىز، — قۇمارىبىكە ئاكىسىنىڭ مازاق قىلىۋاتقىنىنى بىلمىگەنگە سېلىپ ئەنسىز نەزىرى بىلەن يېلىنىپ قارىدى.

بوزاغۇنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

— مەن قاچانغىچە بوٴنداق يا ئايال، يا ئەر ئەمەس، ئاغۋات بولۇپ يۈرىمەن، سىڭلىم؟ چىديالماي قالدىم.

— چىدىمىساڭ جاندىن ئايرىلىپ قالىسەن، ئاكا، — قۇمارىبىكەنىڭ كۆك كۆزلىرىدىن يېشىل ئۇچقۇن چاقنىدى، ئەگىم قاشلىرىنى سەل كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تاپىلىدى، — ئاكا، سەن ھەقىقىي ئەركەك، ئايالنى سېغىنىسەن، بۇ ماڭا مەلۇم. لېكىن، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالمىساڭ ئاشكارىلىنىپ قالىسەن. ئاڭلىسام، بەزى قىچىقى بار كېنىزەكلەر بىلەن ئىچ پەش تارتىپ يۈرۈپسەن، بۇ ئىشىڭ بىلىنىپ قالسا تۈگەشمەمدۇق؟ ئاتامنىڭ قىساسىنى ئالالمايلا قالماستىن، ئۆزىمىزنىمۇ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەمدۇق؟! سەن چىداپ سەۋر قىلىپ تۇر، تالاسقا بارغاندىن كېيىن، ئاشكارا يۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇرىمەن. ئۇ چاغدا خالىغىنىڭنى قىلالايسەن.

بوزاغۇ ئورنىدىن دەس قوپتى.

— مەن قىساس ئالماي قويمايمەن، سىڭلىم. بۇنىڭ ئۇچۇن ھەممە مەنپەئەتىمدىن، ھەتتا نازىنىن پەرىلەردىن كېچىشكە رازىمەن، — بوزاغۇ مۇشتۇملىرىنى تۇگۇپ شىلتىپ قويىدى - دە، چىقىپ كەتتى.

«بىچارە ئاكام، تازا دۆلەت كۆرىدىغان چاغدا ئاتام بالا - قازاغا ئۇچراپ بەختسىز بولۇپ قالدى. تالاسقا بارغاندا ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلىمەن ...»

— خاس ھوجرا تەييار بولدى، خانىش، — دېدى ئايچېچەك كىرىپ، — يەنە قانداق ئىش بار؟ بۇيرۇسىلا، بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمىز.

خىيالى بۆلۈنگەن قۇمارىبىكە شاھانە ياستۇقنى تۈزەپ قويۇپ دېدى:

— ئاشچى باشىغا چىقىپ ئېيتقىن، يېگەنسېرى ئادەمنىڭ يېگۈسىنى كەلتۈرىدىغان مەززىلىك تائاملارنى تەييارلىسۇن! ئەگەر ئېرىم يېمەي قايتۇرۇۋېتىدىغان بولسا، ئاشچى باشىنىڭ

تاماق راسلىغان قولللىرىنى كىسىپ تاشلايمەن.

— باش ئۈستىگە، خانىش ئالىيلىرى، — ئايچىچەك چىقىپ كېتىپ، هايال ئۆتمەي قايتىپ كىردى، — ئالتۇن تارىم، مۇھەممەد ئارسلانخان ئالىيلىرى ھەرەمگە قەدەم تەشرىپ قىپتۇ، قەسرىگە كېلىۋاتقۇدەك.

— چىقىپ چىراغچى دېدەكلەرگە تاپشۇر، بارلىق خانىلارنىڭ شام - چىراغلىرى ياندۇرۇلسۇن، كېنىزەكلەر كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىشقا تەييارلانسۇن!

— باش ئۈستىگە، خانىش ئالىيلىرى، — ئايچىچەك تېز چىقىپ كەتتى.

قۇماربىكە ئەينەككە يەنە بىر قارىۋېلىپ قەسىر ھويلىسىغا چىققاندا، مۇھەممەد ئارسلانخان ئىشىكتىن كىرىپ بولغانىدى.

— ئەسسالام ئارسلانخانىم، قۇتلۇق قەدەملىرى قەسرىمگە شادلىق ئاتا قىلغاي، — يەرگىچە ئېگىلدى قۇماربىكە، — ئۇدۇل قەسرىمگە كېلەرمىكىن دەپ، ئىشىك ئالدىدا ئۇزاق كۈتۈپ تاقىتىم تاق بولدى. ئاكىلىرىنىڭ يېنىدا ئىككەنلىكلىرىنى بىلىپ، خاس ھۇجرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا كىرىشىپ ئالدىلىرىغا چىقالماي قالدىم، كەچۈرگەيلا، — خانىشنىڭ يېشىل ئۈچقۇن چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى لەۋەن چېھرىنى ئاپتاپتەك نۇرلاندۇرۇۋەتتى.

شەھۋانىي ھەۋىسى كۈچلۈك ئادەملەر گۈزەل خوتۇن - قىزلار ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ.

نارازىلىق، ئاچچىقلىنىش سۈرۈنلەشتۈرۈۋەتكەن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ سوغۇق چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ تۆت ئىلىك ئۆسكەن قاپقارا ساقلىنى سىيپاپ قويۇپ بىرنېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، ئۇن چىقماي خاس ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى. باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى مالال قىلغان ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشنى ئۇ قانداقمۇ خالىسۇن؟!

قۇماربىكە ئۆزگە ئەگەشكەن كېنىزەكلەرنى «تۇرۇپ

تۇرۇڭلار» دېگەن مەنىدە قولىنى شىلتىپ قويۇپ، ئېرىنىڭ كەينىدىن گۇپۇلدەپ ئەنبەر پۇرىقى كېلىپ تۇرغان خاس ھۇجرىغا كىردى. ياندۇرۇلغان يەتتە قەندىلدىكى شام يورۇقىدا نۇرلانغان ئۆينىڭ ئىچى شۇنچە ئارامبەخش ئىدى. ئۇ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ پەشلىرىگە زەر قىياق تۇتۇلغان تونىنى سالدۇرۇپ، خەنجىرىنى كەمىرى بىلەن بىللە ئېلىپ، ناۋات سۇيىدە پات بىرىپ جۇلالىتىۋەتكەن تامدىكى ئىلغۇچقا ئاستى. ئاق سەللە ئورالغان تاجىنى قاپارتما نەقىش چېكىلگەن كۇنگۇرىلىك ئويۇقتا قويدى. ئېرى تۆرگە سېلىنغان ئۈچ قات كىمخاب كۆرپىدە قىڭغىيىپ، ماموق ياستۇققا يۆلەنگەندىن كېيىن، ئايىغىدا زوڭزىيىپ، ۋالىلداپ تۇرغان ئۆتۈكىنى سالدۇردى. بۇ لەۋەن خوتۇننى ھەرقاچان كۆرسە گەپدان بولۇپ كېتىدىغان مۇھەممەد ئارسلانخان زۇۋان سۈرمەي جىمجىتلا ياتتى.

ئۆي ناھايىتى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. لىققىدە كەلگەن ئىران گىلىمى ئوتتاشتەك چاقناپ تۇراتتى. ئويما نەقىش چېكىلگەن كۆركەم ياملارغا ئېلىنغان تاجىگۈل، ئانارگۈل، رەيھانگۈللەر قوش راملىق دېرىزە تەكچىلىرىگە قويۇلغانىدى. ھاۋا رەڭ يوللۇق ئاق يىپەك پەردىلەرنىڭ زەر چۇچىلىرى مەيىن يەلپۈنۈپ، كىشىنى ئازادىلىك ھېس قىلدۇراتتى. تورۇس، ناۋاغا سىزىلغان يايلاق، تاغ - دەريالارنىڭ سۈرەتلىرى شاملارنىڭ يورۇقىدا خىيالىي دۇنيادەك سېھىرلىك كۆرۈنەتتى.

مۇھەممەد ئارسلانخان ھېچ ياققا كۆز قىرىنى سالماي، خامۇش ھالدا كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى. قۇمارىبىكەمۇ ئۇن چىقماي، ئۇنىڭ مەخمەل كەمزۇلىنى سالدۇرۇپ ئۈچىسىنى تۇتۇشقا كىرىشتى.

— ئارسلانخانىم، مەيۇس كۆرۈنىدىلىغۇ، يا مەندىن خاپا بولۇپ قالدىلىمۇ؟ — سورىدى قول - مۇرىلىرىنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرىنى ئۇۋۇلاپ سىلاپ.

مۇھەممەد ئارسلانخان بىردىنلا رۇسلىنىپ ئولتۇردى:

— مەن سىزدىن خاپا ئەمەسمەن بىكەم، قۇزئوردۇدىن تالاسقا كېتەر بولغىنىمدىن خاپىمەن. ئاكامنىڭ قەدرىمگە يەتمىگەنلىكىدىن خاپىمەن.

— مۇنداق دېسىلە، ئارسلانخانىم. ئۇلۇغ مەلىكۇل مەشرىق ئاتام، خۇدا جايىنى جەننەتتە قىلسۇن، تالىپ مىجەز ئاكىلىرىنى ۋەلىئەھدى قىلماي، جەڭ قەھرىمانى بولغان سىلىدەك ئالىپ سەركەردىنى ۋەلىئەھدى قىلىشى لازىم ئىدى. مانا، ئاكىلىرى سۇلايمان ئارسلانخان تەختتە ئولتۇرۇپلا سىلىنى تالاسقا ھەيدەپ، ئۆزى قۇزئوردۇغا كېلىۋالدى. ئوردۇكەنتتە تۇرسىلىمۇ مەيلى ئىدى، — خانىش ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىغا تۇز سەپتى.

— توغرا دېدىڭىز، قەدىرلىكىم، — مۇھەممەد ئارسلانخان چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، — ئاكامنىڭ كۆڭلىدە جىن بار. ئۇ مېنى چۈشەنمەيدۇ، مېنى كۆزىگە قادالغان مىخ، دەپ بىلىدۇ. سىز بۇنى چۈشىنىپسىز، مەيۈس كۆڭلۈمنى سىزلا مەمنۇن قىلالايسىز، — ئۇ سۆزدىن توختاپ خانىشنىڭ كۆكسىگە يېيىلىپ تۇرغان چاچلىرىنى سىلاپ بىگىز بارمىقىنى پېشانىسىگە تەگكۈزدى، — سىز دېگەندەك، مەن قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش، كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئاشۇرۇشتا جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ قان كېچىپ جەڭ قىلغان، باھادىرلىق كۆرسەتكەنىدىم. ھالبۇكى، ئاتام ۋەلىئەھدى تاللاشتا خاتالاشتى. دائىم دېگۈدەك ئۆزىنىڭ يېنىدا بولغان تالىپ مىجەز ئاكامنى ۋەلىئەھدى قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئاكام مېنى ئوردۇكەنتتىمۇ تۇرغۇزمايدىغان بولدى. ئىناۋىتىمنى چۈشۈرۈپ، ئابرۇيۇمنى تۆكتى. بۇنىڭ ئۈچۈن خاپا بولماي، داپ چالايمۇ، بىكەم؟

قۇمارىبىكە ئېرىنىڭ پېشانىسىگە تىرەكلىك قولىنى ئۈستىدىن سىلاپ غەمزە قىلدى.

— ياق، ئۇنداق بولامدىغان، ئاليلىرىنىڭ مېھرىمۇ،

قەھرىمۇ ئەل ئۈچۈن قىممەتلىك. قەھرى يوق پادىشاھ — مۈڭگۈزى يوق قوچقارغا، زەھىرى يوق يىلانغا ئوخشايدۇ. ئالىيلىرىنىڭ ھەرقانداق دۈشمەننى يەكسان قىلغۇدەك قەھرلىرى بولغاچقا، جاھان شاھلىرى ئىچىدە ئۆزلىرىدەك مەردانە، باھادىر، جۇرئەتلىك خان ئاز. تالاسقا بېرىشلىرى بەلكىم خەيرلىك، ھېكمەتلىك بولۇشى مۇمكىن. كاج پەلەكنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا سىلىگە ئاتا قىلىدىغان يەنە قانداق كاتتا ئىنئاملىرى بار، بۇ ئاللاغا مەلۇم. ئالىيلىرىدەك شىر سۈپەت باھادىرغا قىلىچنى غىلاپقا سېلىپ قويۇپ قايغۇرۇش، ئۈمىدسىزلىك ھەرگىز ياراشمايدۇ، بەلكى خۇشال بولۇش، تەختتە مەغرۇر ئولتۇرۇش، ئات ئۈستىدە غالىبانە قىلىچ ئوينىتىش يارىشىدۇ. مەيۈسلەنمىسىلە ئارسلانىم، — قۇمارىبىكە ئېرىنىڭ تۈكلۈك مەيدىسىنى سىلاپ، ساقاللىق مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى.

مۇھەممەد ئارسلانخان ئامراق خوتۇنىنىڭ بۇ شېرىن سۆزلىرىدىن تەسەللى تېپىپ سۆيۈندى. ئۇ خانىشىنىڭ بىر تۇتام كېلىدىغان بېلىدىن قاماللاپ ئۆزىگە تارتتى ـ يۇ، قۇچاقلىماي يېقىن ئولتۇرغۇزدى.

— مەن قايغۇنى، ئۈمىدسىزلىكنى يامان كۆرەتتىم. ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئۆزۈم بىلمىگەن ھالدا ھەسرەتلىنىدىغان، كەلگۈسۈمدىن ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، بىكەم.

قۇمارىبىكە ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئېسىلىپ پىچىرلىدى:

— ئالىيلىرىدەك غەيۇر شاھقا ئەندىشە قىلىش تېخىمۇ ياراشمايدۇ. چىدام، غەيرەت كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ، ھەرقانداق دۈشمەنگە، مەيلى ئۇ يات ياكى ئۆز بولسۇن، تاقابىل تۇرۇپ قازانغان نۇسرەت شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ. كۆڭۈللىرىنى توق تۇتقايلا، ئارسلانىم.

مۇھەممەد ئارسلانخان قاقاھلاپ كۈلۈپ خوتۇنىنىڭ گۈل پورەكلىدەك لەۋلىرىگە سۆيدى. نازلىنىپ تولغانغان قۇمارىبىكە

خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئۇينىتىپ دېدى:

— ئارسلانىم، بۇنداق شېرىن دىدار سائىتىدە، جاھان غەملىرىدىن ئۆزلىرىنى يىراق قىلغايلا، يا مەن كۆڭۈللىرىنى ئالالمىدىممۇ؟

— ھە، بۇ گېپىڭىز بولدى، پەلەك چاقىنىڭ بۇ ئايلىنىشىدىن ئازار يېگەن كۆڭلۈمنى سىز قانداق خۇشال قىلماقچىسىز، بىكەم؟

— مانا مۇنداق، — قۇماربىكە لىغىلداپ تۇرغان كۆكسىنى ئېرىنىڭ مەيدىسىگە ياقتى، — ھاردىلا، چارچىدىلا ئارسلانىم، ھاردۇق چىپىي، ھاردۇق ئېشى تەييارلىتىپ قويدۇم، ئاۋۋال داستىخانغا داخىل بولغايلا. بوش تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ ئەمەسمۇ؟ — سۆزنىڭ ئاخىرىنى مەنىلىك چۈشۈرگەن خانىش ئېرىنىڭ قاقاھلاپ كۈلگىنىگە سۆيۈنۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بۇنداق سۆيۈنگەن چاغلىرىدا «ئارسلانىم» دەپ ئاتاپ، ئۇنى خۇش قىلىۋېتەتتى.

— بايا، بۇغرا قاراخان ئاكام سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ «بەگ تەركىسى» دە كۆڭلۈم تارتماي، مەي - شارابلىرىغىمۇ ئېغىز تەگكۈزمىگەنىدىم. داستىخىنىڭىزنى كەلتۈرۈڭ.

قۇماربىكە كۈمۈش ھالقىلىق ئىشىككە قاراپ:

— گۈلەم ! — دەپ چاقىردى.

— لەببەي، — ھەمىشە ئىشىك ئالدىدا ئىشقا بۇيرۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان كېنىزەك ئىشىكنى قىيا ئېچىپ سورىدى، — نېمە كېرەك، خانىش ئالىيلىرى؟

— ئاپتۇۋا - چىلاپچىنى كەلتۈرۈڭ.

— خوپ.

گۈلەم ئىشىك تۈۋىدە كۈمۈش ئاپتۇۋا - چىلاپچىنى خانىشقا سۇنۇپ بەردى.

قۇماربىكە ياتلىق بولغاندىن تارتىپ، ئېرى خاس ھۇجرىغا كىرىپ - چىقىپ كەتكەنگە قەدەر ھەممە ئىشنى ئۆزى قىلىپ،

ئېرىنى تېخىمۇ رام قىلىۋالغانىدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان قۇمارىبىكە قويۇپ بەرگەن ئىللىق سۇدا يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. داستىخان سېلىنىپ، مەزە ـ گېزەك قويۇلدى. ئۇ خۇشبۇي ھىدى ئۆيىنى قاپلىغان بىر ھېجىر چۆچۈرىنى ئىچىپ، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە كاۋاپلىرىغا قول ئۇزارتتى. ئۇلار، توشقان گۆشى بېسىلغان بىر تەخسە پولۇنىڭ يېرىمىنى يېدى، ئىككى تىلىم تاۋۇز يەپ، زەپە سېلىپ دەملەنگەن چاينى «كېيىنرەك ئىچەي» دەپ، لىق مەي تولدۇرۇلغان جامنى قولىغا ئالدى.

مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ پېشانە ـ بويۇنلىرىدا مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.

— ئالىيلىرىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىش ئۈچۈن كېنىزەكلىرىمگە ناخشا ـ ئۇسسۇل تەييارلاتقانىدىم. ئارامگاھ سارايغا چىقىپ بىر پەس ھۇزۇرلىنىپ كۆرۈپ باقاملا؟ — دېدى قۇمارىبىكە ئېرىنىڭ بويۇن ـ باشلىرىدىكى تەرنى ئېرتىپ.

— كېنىزەكلەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلىغا زوقۇم يوق، بىكەم، سىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلىڭىزنى كۆرگۈم بار، — مۇھەممەد ئارسلانخان مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتقان خانىشقا قارىدى.

قۇمارىبىكە قەندىلدىكى شاملارنى ئۆچۈردى، كۆزنەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ھىلال ئايمۇ بۇلۇت قېتىغا يوشۇرۇندى.

# يىگىرمىنچى باب

## چىن مۇھەببەت

### 1

يۇسۇپنىڭ قەشقەردىن قايتىپ كەلگىنىگە تۆت كۈن بولدى. ئۇست - ئۇستىلەپ ھال سوراپ كەلگەن پەتىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندەك قىلاتتى. رەيھاندىن پەتىچىلەرنى كۈتۈشنى ئوغلىغا تاپىلاپ، بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئوردىغا كەتتى. يۇسۇپ چۈشكىچە يولغا قارىغان بولسىمۇ، ئوغراق، قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن باشقا پەتىچىلەر كەلمىدى.

يۇسۇپ كۆل بويىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان سۇپىدا، مەرھۇم بۇغرا قاراخان يۇسۇپ قادىرخان تەقدىم قىلغان ھەزرىتى فارابىنىڭ «ئەقىل ھەققىدە» دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى:

... ئەقىل ئاللاتائالا بەندىلەرگە ئاتا قىلغان ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ھەرىكەتچان پىكىر قىلغۇچى قۇرۇلمىدۇر. ئىنساننىڭ ھەممە شەيئىدىن ئۈستۈن تۇرۇشىمۇ پىكىر قىلىپ ياشايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلىشىمۇ ئەقىللىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ھېچقانداق شەيئى ئەقىل - پاراسەتتە ئىنسان بىلەن تەڭلىشەلمەيدۇ. مانا شۇنداق تۇرۇقلۇق، نەپسىنى دەپ ئەقلىدىن ئاداشقانلار دۇنيادا گۇناھقا پېتىپ، خائىن، ئاسىي، ئوغرى، خىيانەتچى، زالىم، كاززاپ، باسقۇنچى، قاتىل، سۇخەنچى، ئالدامچى جىنايەتچىلەردىن بولۇپ قالماقتا. ھەممىگە قادىر بولغان ئەقىلنىڭ بۇنداق ئايىنىپ

كىتىشى ــ نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ كەتكەنلىك تۈپەيلىدىندۇر. نەپسى خاھىشىغا بېرىلگەن ئادەمدە ئەقىل ئايىنىپ كېتىدۇ، پىكىر قىلىش ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ، ياخشى نىيەت ئورنىنى قارا نىيەت ئىگىلەيدۇ. ئىنساب كۆڭۈل قەسرىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئەمەل، ھوقۇققا ئىنتىلىش كۈچىيىدۇ، كۆنلەرنى ئاچ كۆزلۈك، تەمە بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ياخشىلارنى ئورنىغا ئىتتىرىش، دانا، قابىل كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش، پىتنە ـ پاسات تېرىپ باشقىلارغا قارا چاپلاش ئەقلى ئاينىغان كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇپ قىلىدىغان ئىشى بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە، گۇناھ سادىر قىلىدۇ، جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ، ئەقلىنى يوقاتقاندەك ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ. بۇنداق ئەقلىدىن ئايىنىش ئىنساننى ھېچقاچان روناق تاپتۇرمايدۇ، نابۇت قىلىدۇ، خورلۇق ـ كۆلپەت دەشتىگە تاشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز ئاللا دېگەندەك ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ ...

ــ بالام، كىتاب ئوقۇپ چارچىغانلا، ئۆيگە كىرىپ ئارام ئېلىۋالسىلا. ئاتىلىرىنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

يۈسۈپ ئىخلاس بىلەن ئوقۇۋاتقان كىتابىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، پېشايۋان پەلەمپىيىدە مېھرى بىلەن قاراپ تۇرغان ئانىسىنى كۆرۈپ قوپتى.

ــ ئابا، چارچىمىدىم، كىتاب ئوقۇسام ھاردۇقىم چىقىپ ئارام ئېلىپ قالىمەن.

ــ شۇنداقتىمۇ بالام، ئارام ئالماي ئوقۇۋەرسىلە چارچاپ قالىدىلا، ــ دېدى يابىرا يېقىنلاپ كەلگەن ئوغلىنىڭ چىمەن دوپپىسىنى ئوڭلاپ كىيدۈرۈپ، ــ ئاتىلىرى بىلەن قەشقەردىن قايتىپ كەلگۈچە كۆزۈم يوللىرىدا بولدى، بالام، سىلىنى بەك سېغىنىپ كەتكەنىكەنمەن، كۆرگۈم كېلىپلا تۇرىدۇ. سىلى كېلىپ تۆت كۈندىن بېرى پەتىگە كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، قانغۇدەك ئەھۋاللىشالمىدىم. بۈگۈن مېھمانلارمۇ سېلىكىپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئىككىمىز ئاتىلىرى كەلگۈچە بىر

پەس مۇڭدىشايلى، بولامدۇ، بالام؟

ئانىسىنىڭ كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىنى كۆرگەن يۇسۇپ سۆزىگە قۇلاق سالغىنىچە ئايۋانغا كىردى.

— ئابا، مەنمۇ سىلىنى ناھايىتى سېغىنىدىم. ئوردۇكەنتتە بولغان كۈنلىرىمدە سىلى زادى ئېسىمدىن چىقمىدىلا، — يۇسۇپ قەشقەرگە بارغاندىن تارتىپ قايتقۇچە كۆرگەن - ئۇققانلىرىنى قويماي سۆزلەپ بەردى. بولۇپمۇ جانپىدا غوجامنىڭ پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ئۆز ھاياتىنى ئاۋامنىڭ بەختى - ئامانلىقى ئۈچۈن قۇربان قىلغانلىقىنى سۆزلىگەندە، ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن نەچچە قېتىم تۇرۇپ كەتتى. ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، سۆزلىرىمۇ تىترەپ چىقتى، كۆزلىرىدىن ياش ئاقتى، ئانىسىنىمۇ يىغلىتىۋەتتى. پەقەت دىلدارىبىكە توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى.

— ئوردۇكەنت — مېنىڭ تۇغۇلغان ئانا يۇرتۇم، بالام. كۆرگۈم كېلىدۇ، باغۇبوستانلىرىدا سەيىر قىلغۇم كېلىدۇ. قۇزئوردۇغا كەلگەن يىگىرمە يىلدىن بېرى ئۈچ قېتىم ئاتىلىرى بىلەن بېرىپ كەلدىم، بەزى چاغلاردا دىلىم كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئاشۇ دىيارنى تارتىپ قالىدۇ.

— ئابا، تاماق تەييار بولدى، — ئاشخانىدىن چىققان ئارچۇن ئانىسىنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — داستىخاننى ئاتام كەلگەندە سالامدىمەن، ھازىرمۇ؟

— ئاتام كەلگەندە سالغىن ئاچا، يەنە بىر ئاز كۈتەيلى، — دېدى يۇسۇپ ۋە غەمگە چۆمۈپ قالغان ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئارچۇننىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى ياقىدا، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەنلىكىگە دىققەت قىلدى، — نېمە بولدىلا ئابا، يىغلاۋاتىدىلىغۇ؟

ئېغىر تىن ئالغان يابىرا بىر قولىنى يۇسۇپنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ دېدى:

— مېنىڭ بۇ يىغام سىلەر ئۈچۈن، بالام، سىلەرنىڭ

غېمــــگلارنى يــەيمەن شۇ، ـــ ئــانا سۆزىنىــڭ ئاخىــرىنى دېمــەي ئىشىككە قارىدى. ئىرىنىڭ كەلمەيۋاتقىنىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى تەلمۈرگەن كۆزلىرى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىككە تىكىلىپ قالغان نەزىرىنى دېرىزىدىن ئايىۋان ئۆيىنىڭ سۇپىسىغا چۈشكەن كۈن شولىسىغا يۆتكەپ دېدى، ـــ بالىلىرىم، ئاتاڭلار كېلىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ ...

دۇنيادا ئەندىشىدىن خالىي بولالمايدىغان ئانىلارنىڭ دەردىگە يېتىدىغان بالىلار ئاز. ئانىسىنىڭ ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىنى، ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بىلمەسلىككە سېلىپ كارى بولمايدىغان پەرزەنتلەرنىڭ كۆكرەك قەپىسىدىكى يۈرەك بولماي تاشمىدۇ؟

يۈسۈپ گەرچە ئىپتىمىغان بولسىمۇ، ئانىسىنىڭ غېمى، دەردىنى بىلەتتى. يابىرا ئون سەككىزدىن ئاشقان، تېخىچە ياتلىق بولمىغان قىزى ئارچۈننىڭ تويىنى تېزرەك قىلىۋېلىش كويىدا باش قاتۇرۇپلا كۈنلەرنى ئۆتكۈزەتتى.

قىزى ئون ئۈچكە كىرىشىگىلا ياتلىق قىلىشقا، ئوغلى ئون تۆتتىن ئاشسىلا ئۆيلەشكە ئالدىرايدىغان ئاتا ـ ئانىلار قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. قىزى ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشقا كىرىپمۇ لايىق چىقماي ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالسا، بۇ ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن نومۇس ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئىلاجى بار بالدۇرراق تويىنى قىلىش كويىدا بولاتتى. ئون يەتتە ـ ئون سەككىزگە كىرگۈچە لايىق تاپالماي، ئوغلىنىڭ تويىنى قىلالماسلىقىمۇ، ئاتا ـ ئانىغا باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇيات بىلىنەتتى.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىسلام دىنىغا كىرمەستە قىز چىقىرىش، ئوغۇل ئۆيلەشنىڭ ياش چېكىگە ئانچە ئېتىبار قىلمايتتى. ئۇ چاغلاردا يىگىرمە، ئوتتۇزغا كىرىپ توي قىلماي ئۆتتۈۋەرسىمۇ ئەيىب بىلىنمەيتتى. شۇڭا، شەھۋانىيلىققا بېرىلىش، ئەيش ـ ئىشرەت ئەۋج ئالغان بولۇپ، ياش ـ قىرانلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى

ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

قاراخانىيلار مەملىكىتىدە دىن ئومۇملاشقاندىن بېرى، شەھۋانىيلىق، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىش چەكلىنىپ، ئوغۇل ـ قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ كۈچەيدى. ئەدەپ ـ ئەخلاق سالاھىيەت ئۆلچىمى قىلىنغاچقا، يىگىت ـ قىزلارنىڭ ساپاسى يىلسېرى ئۆسۈپ باردى. ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدىغان، ئۆزىنى تۇتالايدىغان ئەدەپلىك ياشلار ھەممە جايدا مەيدانغا كەلدى. لېكىن، قىزلارنى كىچىك ياتلىق قىلىش ئادەتكە ئايلانغانسېرى ئانىلارنىڭ غېمى كۆپىيىپ، ئاتىلارنىڭ تەلپىي قاتتىقلىشىپ كەتتى.

ئون سەككىزگە كىرگەندىمۇ، كۆڭۈلدىكىدەك لايىق چىقماي ئولتۇرۇپ قالغان قىزى ئارچۈن ئۈچۈن يابىرا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆۋۈلىناتتى. بۇ قىزنى ياتلىق قىلىۋەتسە، يۈسۈپنى ئۆيلەشكە يول ئېچىلاتتى. بۇ رەيھانىدىنىمۇ ئايان ئىدى. ئوغلىنى ئۆيلەۋېرەي دېسە، ئاچىسىنى چىقارماي تۇرۇپ ئوغلىمىزنىڭ تويىنى قىلىشىمىز جەمەتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە توغرا كەلمەيدۇ، دەپ يابىرا قوشۇلماي تۇرۇۋالغانىدى.

ئارچۈنغا بىرقانچە يەردىن لايىق چىققانىدى. باشقا قەبىلىدىن ئىكەن ... سەردار بولسىمۇ، زەردار ئەمەس ئىكەن ... ھۈنەرۋەن بولسىمۇ، نام ـ ئاتىقى چىقمىغانىكەن ... مىجەزى قىزىمىزنىڭ مىجەزىگە نامۇناسىپ ئىكەن ... دەپ قارىغان ئاتا ـ ئانا بۇ تويىنىڭ ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. يۈسۈپ «چوڭ ئاچىلىرىمنى ئۆزىنىڭ قۇللىرىغا ياتلىق قىلغان ئاتام ئەجەب كەنجى قىزىغا كەلگەندە، بۇۋام ـ موماملارنىڭ سۆزىگە كىرىپ، نەسەب سۈرۈشتۈرىدىغان بولۇپ قالدى» دەپ ئويلاپ، بۇنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولاتتى. كۆپ ئويلاپ، مۇلاھىزە قىلىپ ئاخىرى بۇنىڭ تېگىگە يەتتى: زەردار، بايلارنىڭ يۇقىرىغا ئىنتىلىشى ــ بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىي تاللىشىدۇر. بەزى ھاللاردا تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشى، ئۇلارنىڭ

بىشنى سىلىشى ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت، كۆيۈم ـ شەپقەتنىڭ ئاڭدىكى غەلىبىسى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال ھەرقانداق زاماندا، ھەرقانداق پۇلدار ئائىلىدە سادىر بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۆمۈرۋايەت داۋاملىشىشى ناتايىن ...

مۇشۇ ئۆيگە كەلگەن يۈسۈپ «ئاللانىڭ ئىرادىسى ھەممىدىن غالىبتۇر، شۇڭا نىكاھ غايىب، رىزقى غايىب، ئەجەل غايىب، بۇنى بەندە ئۆزگەرتەلمەيدۇ» دېگەن نەتىجىنى چىقاردى. ئۇنىڭچە بولغاندا، كۆيۈئوغۇل بولغۇچىنىڭ نەسەبىنى ئانچە سۈرۈشتە قىلماي تويىنى قىلىۋەتسە بولىۋېرەتتى، لېكىن بۇنداق دېيىشكە پېتىنالمايتتى. رەيھانىدىننىڭ ئاتىلىق ھۆرمىتى ۋە ھوقۇقى پۈتۈن ئائىلىنى، جۈملىدىن يۈسۈپنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنىمۇ غايىبتىن تىزگىنلەپ تۇراتتى.

يۈسۈپ بويى ئۆسكەنسېرى زىلۋالىشىپ كەتكەن ئاچىسىنىڭ مۇڭلۇق چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئانىسىغا كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتماقچى بولۇپ يەنە يالتىيىپ قالدى. ئۇنداق دېسە، «ئوغلۇم جىگدە پۇراپ قاپتۇ، قانداق قىلارمەن؟» دەپ غېمى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتمىسۇن دېدىمۇ، بېشىنى سالغىنىچە خىيالغا پاتتى: «چۈشتىن كېيىن ئۇستازىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي. ئاقىبىراغا ئەتە بارىمەن، دەپ قويۇۋېدىم، تۆت كۈن بولدى، بارالمايۋاتىمەن. ئۇستازىمنىڭ ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە پەتىگە كېلىپ ـ كەتكىنىگىمۇ ئىككى كۈن بولدى. ئوردۇكەنتتىن ئېلىپ كەلگەن سوۋغامنى بېرىشنى يەنە كېچىكتۈرسەم، ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ ...»

ـــ ئاتام كەلدى! ـــ ئورنىدىن تۇرغان ئارچۇن يۈسۈپنى نوقۇپ قويۇپ سۇپىدىن يەرگە چۈشتى.

ھاجىبۇل ھۇججاپ مەنسىپىنىڭ زەر ياقىلىق تونىنى كىيىپ، بۆكىگە ئورالغان سەللىگە كۈمۈش ئوتتۇغات قادىغان رەيھانىدىن ئايۋان ئىشىكىدىن كۈلۈمسىرىگىنىچە كىردى.

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئانىسى، باللىرىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاتا! — يۇسۇپ سۇپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى.
— ئەسسالام، ئاتىسى، چۈشتە كېلەلمىگەنلىكلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم، يېڭى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپىلا، مۇبارەك بولسۇن، — ئىتتىك كەلگەن يابىرا ئېرىدىن ھال سورىغاچ، تونىنى سالدۇرۇپ، سەللىسى بىلەن ئىلغۇچقا ئاستى. ئارچۇن ئاتىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، ئەركىلەپ يۆلەندى.
— قوللىرىغا سۇ بېرەي، يۇيۇۋالسىلا، ئاتا.
— ھويلىدا قىزتۇرمىش قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بەردى، بالام، — رەيھانىدىن سۇپىغا چىقىپ ئولتۇردى، — بۈگۈن تازا كۈتكۈزۈپ قويۇپتىمەن - ھە! بۇغرا قاراخان يېقىندىن يۇغرۇش، ھاجىپ، سۇباشىلارنى تەيىنلىدى. چۈشتە بارلىق دۆلەت ئەربابلىرىغا «بەگ تەركىسى» ئۆتكۈزۈپ خەيرخاھلىق قىلدى، شۇڭا ۋاقتىدا كېلەلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەد ئارسلانخان ئالىيلىرىمۇ خانىشلىرى بىلەن تالاسقا يۈرۈپ كەتتى.
— مۇبارەك بولسۇن! — يۇسۇپ، ئارچۇنلارمۇ ئاتىسىنى مۇبارەكلەپ چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولغىنىنى بىلدۈرۈشتى.
— بۈگۈن پەتىگە كەلگەنلەر بولدىمۇ؟
— ئۇغراق، قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى كەلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم كەلمىدى. قارىغاندا پەتىچىلەر تۈگىگەن ئوخشايدۇ، ئابا.
— ھېلىمۇ ئون ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن كەلگەنلەر ئاز ئەمەس، مېھمان كۈتۈپ ھارغانلا، بالام.
— باغدا كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ كۆچەت تىككەن بولسامۇ بۇنچە ھارمايتتىم. راست ئابا، بەك ھېرىپ كەتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە زېرىكىپ كەتكىنىمنى دېمەيلا قوياي، — يۇسۇپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ، رەيھانىدىنىنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.
— ئۇنداق دېمە، بالام. ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم، ۋەتەنداش،

قېرىنداشلىرىمىزنى قانچە ھۆرمەتلىسەك ئەرزىيدۇ.

يۇسۇپ ئاتىسىغا لەپپىدە قاراپ دېدى:

— توغرا دېدىلە، ئابا، — يۇسۇپ چوڭ بولغانسېرى ئاتىسىنى «سىلى، ئۆزلىرى» دەپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، — ۋەتەنداش، قېرىنداشلارنى كۈتۈش، مېھمان قىلىش خاسىيەتلىك ئىش. ئەمما، كۈتۈش، مېھمان قىلىش لايىقىدا بولمىسا، ساھىبخانا ئۈچۈن جاپا بولۇپ قالىدىكەن. مېھمان كۈتۈش بىلەن مەملىكىتىمىزنى قۇدرەت تاپتۇرغىلى، خەلقنى بېيىتقىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكىنىمدە، بەكمۇ ئەپسۇسلىنىپ قالدىم. ئوقۇش، ھۈنەر ئۆگىنىش، ئىش - ھەرىكەتكە كۆپرەك ۋاقىت بېرىپ، مېھمان كۈتۈشنى لايىقىدا ئىختىچاملاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ ھېس قىلدىم. ئادەملەرنىڭ كۈنى مېھمان كۈتۈش، مېھمانغا بېرىش بىلەنلا ئۆتسە ئاللا راۋا كۆرەرمۇ؟

رەيھانىدىن ئويلىنىپ بىرئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، يۇسۇپنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى:

— بۇ گەپلىرىڭمۇ ئورۇنلۇق، بالام. ئادەم بۇ دۇنياغا مېھمان، شۇنداقلا ئادەم ئادەمگە مېھمان. ئادەملەر بىر - بىرىگە نەپ يەتكۈزۈپ، بىر - بىرىگە باغلىنىپ ياشايدۇ.

— دېگەنلىرى ياشاش ئۈچۈن زۆرۈرىيەتتۇر، ئابا. بىر - بىرىگە نەپ يەتكۈزۈش، بىر - بىرىنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت قىلىشى، ئۆگىنىشى، ئىشلىشى، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئىختىرا، كەشىپ قىلىشى زۆرۈر ئەمەسمۇ، ئابا؟

— سەنزە بالام ... — رەيھانىدىن كۈلۈمسىرىدى، ئۇ ئوغلىنىڭ سۆزىگە قوشۇلغان، قايىل بولغان چاغلىرىدا ئۇن چىقماي كۈلۈمسىرەپ قوياتتى.

ئارچۇن داستىخان سالدى. يۇسۇپ بەگتۆمۈر، زەمۇران ئانىنى ئىچكىرى ھويلىدىن چاقىرىپ چىقتى. رەيھانىدىن بۇ ياشنىپ قالغان ئاتا - ئانىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ، بىقىنىغا ياستۇق يۆلەپ

بەردى. يابىرا ئېلىپ كىرگەن قايماق چۆپنى قېينئاتا، قېينئانىسى ۋە ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى.

يۈسۈپكە بۇ ئاش بەك تېتىدى. لىغىرلاپ تۇرغان چۆپ ئۈستىگە قۇيۇلغان قايماق ئاشنى شۇنداق تاتلىق قىلىۋەتكەنىدى. ئاش يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن بەگتۆمۈر دۇئا قىلدى.

— ئاللا، يەتكۈزۈپ بەرگەن رىزقىڭغا رەھمەت. ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى ئۆزۈڭ، ئۇ دۇنياغا پاك ھالدا مۇسۇلمان پېتى كېتىشىمىزگە نېسىپ قىلغايسەن. بالىلىرىمىزغا، نەۋرىلىرىمىزگە بەخت ئاتا قىلغايسەن، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر!

## 2

يۈسۈپ ئانىسىغا ئۇستازىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلارنى كۆتۈرگىنىچە ئاق تورۇققا مىندى. ئات سۈپسۈزۈك سۇ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭنى بويلاپ يورغىلىدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سارغىيىشقا باشلىغان يوپۇرماقلىرى كۆزنىڭ غۇر ـ غۇر شامالدا شىلدىرلايتتى. ئۇنى ئىشىكنى قىيا ئاچقان ئاقىرا ھودۇققان ھالدا كۈتۈۋالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستاز قىزى، بۇۋاقىت كېلىپ مالال قىلمىغاندىمەن؟ — يۈسۈپ بىر قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام قىلدى.

روملىنى سەلگىنە قايرىپ قارىغان قىز ۋىللىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

— ئەسسالام، گېپىڭىزدە تۇرماس يىگىت، كەلسىلە. ئاتام نەچچە كۈندىن بېرى يوللىرىغا كۆپ قارىدى ...

ئاتنى يېتىلەپ كىرگەن يۈسۈپ ھويلىنىڭ سول تەرەپ بۇلۇڭىدىكى ئېغىلغا ئەكىرىپ باغلاپ قويۇپ چىقتى.

— ئۇستاز تېخى كەلمىدىمۇ؟

— ئاتام نامازدىگەرنى مەدرىسەدە ئوقۇپ ئاندىن كېلىدۇ، ئەسلىرىدىن چىقىپ قاپتۇ - ھە؟! — دېدى قىز پىچىرلاپ، — ئاباممۇ تېخى قىز - جۇۋانلارغا دەرس ئۆتۈۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا كەچتىرەك كېلەي، — يۇسۇپ ھويلا ئىچىگە سەپسالدى. ئاتا - ئانىسى يېنىدا بولمىغان بىر قىز بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرۇش تازا مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. ئۇ قىز - چوكانلار دەرس ئوقۇۋاتقان پەنجىرىلىك چوڭ ئۆيدىن كۆزىنى ئېلىپ ئارقىسىغا ياندى.

— نەگە بارىدىلا يۇسۇپ؟ — ئاقىۋرانىڭ يېقىملىق ئۈنى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن تىللادەك جاراڭلىدى. ئۇ: «يۇسۇپ گېپىمنى چۈشىنەلمەپتۇ، ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ ئوردۇكەنتنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەرمىكىن دېسەم، كەتكىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى، خۇيى تۇتۇپ يۇسۇپكە قارىماي:

— ئولتۇرغىلىرى كەلمىگەن بولسا كېتىۋەرسىلە، ئىشىك ئوچۇق، — دېدى يىغلامسىراپ.

يۇسۇپ توختاپ ئاقىۋراغا ئەجەبسىنىپ قارىدى. «بۇ ۋاقىتقىچە قەدەر ماڭا بۇنداق ئاچچىقلىنىپ گەپ قىلمىغانىدى، بۈگۈن ئەجەبا ...» ئۇ خىيالچان نەزىرى بىلەن چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن قىزنى كۆزەتتى.

ئاقىۋرا ئۇنىڭغا ئاچچىقلانمىغانىدى، كۆڭلىدىكىنى بىلدۇرەلمىگىنى ئۈچۈن ئۆزىگە ئاچچىقلاپ يۇسۇپكە قېيىداپ قالغانىدى. بۇنداق قېيىداش قەلبىگە سۆيگۈ ئوتى تۇتاشقان، ئەمما ئۇنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلەلمىگەن ياش قىزلاردىلا بولىدۇ.

ئاقىۋراغا تۇتاشقان سۆيگۈ ئوتى يۇسۇپ قەشقەرگە ماڭغاندا بىردىنلا يالقۇنجاپ كەتكەنىدى ...

قىز كىچىكىدىن ئۆز ئاكىسىدەك كۆرۈپ يۇسۇپكە ئىچەركەپ قالغاچقا، ھېچقانداق غەرەز، مەقسەتسىز ئامراقلىق قىلاتتى. چوڭ

بولغانسىرى بۇ ئامراقلىق تەبىئىي ھالدا كۈچىيىپ، ئۆزۈلمەس رىشتىگە ئايلاندى. رەسىدە بولغان قىز غەرەزلىك ھالدا يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە كېلىشىگە ئىنتىزار بولىدىغان، ئوغرىلىقچە يەر ئاستىدىن تىكىلىپ قارايدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ سەپەر قىلىشى قىزنى پىراق ئوتىغا تاشلىدى ۋە ئۇنى كۆرۈشكە شۇنچە تەقەززا قىلدى ...

ئاقىبىرا يۈسۈپكە ئاتاپ بىر بادام دوپپا، بىر چىمەن دوپپا، بىر ئاق دوپپا تىكتى. ئۈچ ياغلىققا ياپراقنىڭ، شاختىكى قوش ئالمىنىڭ، گۈل شېخىغا قونغان بۇلبۇلنىڭ سۈرەتلىرىنى كەشتىلىدى، ئاندىن ئىخمۇ كۆرسەتمەي ساندۇقىغا سېلىپ قويدى. ئۇ كۆپ ۋاقتىنى تاشقىرىقى ھويلىدا قىز - چوكانلارنى ئوقۇتۇۋاتقان ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆتكۈزەتتى، ئەرەب، پارس تىلىنى پىششىقلاپ ئۆگىنەتتى، شېئىر يادلايتتى، ئاتىسى مەدرىسەدىن كەلگەندە قۇرئان تەپسىرىدىن دەرس ئالاتتى. ۋاقىت تېز ئۆتۈۋاتسىمۇ، يۈسۈپتىن ئايرىلغان كۆڭلەرنى ساناپ، ئاينى توشتۇرماق ئۇنىڭغا شۇنچە تەسكە توختايتتى. ئاقىبىرا ئۆزىدىن: «يۈسۈپنىڭ كۆڭلىدە مەن بارمۇ؟» دەپ سوراپ قوياتتى، «مەن ئۇنى ئويلىغاندەك، ئۇ مېنى ئويلامدىغاندۇ؟» مۇنداق سوئال ئۇنىڭ لەۋەن چېھرىدە مۇڭ پەيدا قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن كەم سۆز، خىيالچان بولۇپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەتتى.

ئالتە ئايدىن كۆپرەك داۋام قىلغان جۇدالىق ئاقىبىرانى تېخىمۇ نازۇكلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. بۇغرا قاراخاننى قارشى ئېلىشقا چىققان كۈنى يۈسۈپنى كۆرۈشكە شۇنچە ئىنتىزار بولدىكى، يولغا تىكىلگەن كۆزلىرى ئېقىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئاخىرى يۈسۈپ ئالدىغا كېلىپ، «ئەتە بارىمەن» دەپ خوشلاشقاندا، ھوشىدىن كەتمىگەن بولسىمۇ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. يۈسۈپ تۈت كۈنگىچە كەلمەي ئاقىبىرانى يەنە ئۈمىدسىزلەندۈردى، بىچارە قىز بىرلىك ئېتىدىن ئايرىلىپ يادايلا كەتتى ...

يۈسۈپنىڭ كېلىپلا كەتمەكچى بولغىنىدىن «ماڭا كۆڭلى يوق ئوخشايدۇ» دەپ قالغان ئاقىرانىڭ قېيىداپ ئېيتقان سۆزى كۆتمىگەن نەتىجە بەردى: يۈسۈپ ئارقىسىغا ياندى، ئۆيگە كىرىپ قىز سېلىپ بەرگەن كۆرپىدە ئولتۇردى.

— مەندىن رەنجىپ قالدىڭمۇ ئاقىرا؟ — سورىدى ئۇ ۋە كۆڭلىگە كەلگەننى ئوچۇق ئېيتتى، — ئۇستازىم تېخى كەلمەپتۇ، سىلىنى ئوڭايسىزلىنىپ قالمىسۇن دەپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تۇرماقچىدىم.

قىز بىر هازاغىچە زۇۋان سۈرمەي بېشىنى سالغىنىچە تۇردى. ئاقىرا مېنى چۈشەنسە بولاتتى، دەپ ئويلىغان يۈسۈپ پەس ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ئاقىرا، خاپا بولمىسىلا، پەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلەلمىدىم. بۈگۈن ئۇستازىمدىن ئەپۇ سوراپ، ھەربىرلىرىگە ئېلىپ كەلگەن ئەرزىمەس سوۋغامنى قويۇپ، سېغىنىش، ھۆرمىتىنى بىلدۈرمەكچىدىم، ئەمما سىلىنى رەنجىتىپ قويۇشنى ھەرگىزمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم، كەچۈرسىلە.

يۈسۈپ سۆزىنى توختاتتى. قىزنىڭ ئېغىز ئاچمىغىنىدىن ئوڭايسىزلىنىپ، ئىختىيارسىز قول ئۇزىتىپ، ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ «بەخت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى ئويۇقتىن ئالدى. بىرىنچى بېتىگە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ ئاقىراغا قارىدى، قىزنىڭ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. بىرنەچچە دەقىقە داۋام قىلغان بۇ ئاشىقانە تەلمۈرۈش، ئېغىزلىرىدا ئېيتالمىغان يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزهار قىلىپ، كۆڭۈللىرىدىكى گۇمانىنى تارقىتىۋەتتى. قىزنىڭ مۇڭلۇق چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، قېيىداش پەيدا قىلغان سۆرۈنلۈك غايىب بولدى.

— مەن چاي دەملەپ كىرەي، سىلى بەھۇزۇر ئولتۇرسىلا، سىلى كېلىپ باقمىغان ئۆي ئەمەسقۇ بۇ.

يۈسۈپ «مەن بۇ ئۆيگە كېلىپلا نېمىشقا قورۇنۇپ قالدىم؟ نېمىشقا ئىلگىرىكىدەك ئوچۇق - يورۇق بولالمايمەن؟ ...» دەپ

ئويلاۋاتقاندا، ئاقىپرا ئاشخانىدا چاي دەملەۋاتاتتى. ئۇ يىگىتنىڭ قايتىپ كىرگىنىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى، چاي بىلەن داستىخاننى ئېلىپ كىرگەندە، چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلغان يۈسۈپ بىمالال كىتاب كۆرۈۋاتاتتى.

— چاي ئىچسىلە، يۈسۈپ، — ئاقىپرا ھىلھىلە رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن قوللىرىنى ئوراپ قىزىرىپ پىشقان يۈزىدە ياغ تەپچىرەپ تۇرغان قاتلىمىنى ئۇشتۇدى.

— ھويلا، ئۆينىڭ ئىچى گۈل بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. خۇددى بۇ ئۆيگە ئىلگىرى كەلمىگەندەك ھەيران قېلىۋاتىمەن، ئاجايىپ كۆركەم، خۇش ھاۋا قەسىرگە ئايلىنىپتۇ.

ئالتە ئايدىن بېرى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان يۈسۈپكە ئاقىپرامۇ ۋە ئۇ ھاياتىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ ئۆيمۇ شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

— بۇ ئابامنىڭ ئەجرى، كۈندۈزى شاگىرتلىرى بىلەن بولسا، ئەتىگەن - كەچلەردە دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ بىلەن بولىدۇ.

— ھە! — دېدى يۈسۈپ قايىل بولمىغان تەرزدە، — ئاتىسىغا ياردەملىشىدىغان، ئۆي ئىچىگە كۆيۈنىدىغان يەنە بىر ئىشچان قىزمۇ باردەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ نازۇك قولىدا قۇيۇلغان سۇ گۈل - گىياھلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرمىغان بولسا، بۇنداق چىرايلىق پورەكلەپ ئېچىلمىغان بولاتتى ...

«يۈسۈپ ئاكا» دەپ ئەركىلەپ سۆز قىلىدىغان ئاقىپرا ئەمدى «ئاكا» دېيىشنى تازا مۇناسىپ كۆرمەي، ناھايىتى تارتىنىپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. يۈسۈپ قەشقەردە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. بارغانسېرى قىزنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋادەك ئېچىلىپ، خۇشخۇيلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، دىلدارىكە توغرۇلۇقمۇ سۆزلەپ بەردى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چاي قۇيۇشنىمۇ ئۇنتۇپ تىڭشاۋاتقان ئاقىپرا سورىدى:

— دىلدارىكە ياخشى قىز ئىكەنغۇ، ئەجەب باغرى تاشلىق

قىپتىلا، ئىچىلىرى ئاغرىمىدىمۇ؟ — ئۇنىڭ ئۇنى ئاستا چېكىلگەن تەمبۇردەك تىترەپ چىقتى.

بۇنداق سوئالنى كۈتمىگەن يۇسۇپ شۇ چاغدا ئۈيلىغانلىرىنى يوشۇرماي ئېيتىپ، ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ئىچىمنى ئاغرىتىدىغان قىز ئۇ ئەمەس ـ دە. ئىچ ئاغرىتىش — مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. دىلدارىنىڭ مېنى ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ قالارمىكىن، دەپ بالىخاندىن تېز چۈشۈپ كەتتى. ئۇ پاك مۇھەببىتىنى خورلىماسلىق مەقسىتىدە شۇنداق قىلدى.

— ئەجەب ـ ھە، — ئاقىبىرانىڭ قەلەم قېشى ھىمىرلىدى، — نېمە ئۈچۈن سىلى ئۇ بەرنا قىزنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلدىلا؟

بۇ سوئالدىن يۇسۇپنىڭ يۈرىكى تېپچەكلەپ، ئاقىبىراغا ئاشىقانە نەزىرىنى تىكتى:

— چۈنكى، مېنىڭ ئىشقىم چۈشكەن قىز يىراقتا ئىدى ...

— ۋاي خۇدايىمەي، سىلى نېمىلەرنى دەۋاتىدىلا، يۇسۇپ؟

— مەشۇقۇم بار، دەۋاتىمەن.

— مەشۇقۇم بار؟ — ئاقىبىرانىڭ ئۇنى پىچىرلىغاندەك ناھايىتى بوش چىقتى، — ئەجەب ـ ھە، بۇ ۋاقىتتىقا قەدەر بىلمەپتىمەنغۇ؟ ...

— سىلى سورىمىسىلا، مەن دېمىسەم، قانداق بىلىدىلا ئاقىبىرا؟

— مەن نىمىشقا سورىغۇدەكمەن، يا سىلىنىڭ ئوغۇل دوستلىرى بولمىسام ...

— سىلىگە ئېيتماسلىقىمدىكى سەۋەبمۇ شۇ.

ئاقىبىرانىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى. «يالغان دەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ماڭا ئېيتقۇسى يوق، كۆڭلى باشقا قىزدا ...»

ئاقىبىرانىڭ قىزارغان چېھرى ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىشقا باشلىدى.

— بولدى، ئىيتمىسىلا، ئاڭلىغۇم يوق، — يۇسۇپكە ئۇدۇل ئولتۇرغان ئاقىىرا يانتۇ بولۇپ، ئېتىكىگە تاشلانغان چاچلىرىنى غىجىملىدى. يۇسۇپنىڭ ئاغزىدىن باشقا بىر قىزنىڭ ئىيتىنى ئاڭلاشنى ئۇ قانداقمۇ خالىسۇن؟

يۇسۇپ قىزنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران بولدى. «ئەگەر كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام ئاقىىرا نېمدەپ جاۋاب بېرەر؟ رازىلىق بېرەرمۇ ياكى بۇ ئۆيگە ئىككىنچى ئاياغ باسماس قىلىۋېتەرمۇ؟ بايا كەتمەكچى بولغىنىمدىن مەيۇسلەندى، قايتىپ كىرسەم تۇتۇلغان چىھرى ئېچىلدى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ يا كۆڭلىدە مەن بارمۇ؟ ...»

يۇسۇپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلارنى چىرايلىق ئورالغان بوپىدىن ئېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا قويدى:

— لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، ئوردۇكەنتتىن سىلىگە ئەكېلىۋىدىم.

چاچلىرىنى تىزىغا ئۇرۇپ ئولتۇرغان قىز لەپپىدە قارىدى. مەرۋايىت دوپپا، يېشىل ياقۇت كۆزلۈك سۆكە، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن زەنجىرلىك زۇننار، قىزىل ئەتىرگۈللۈك يېشىل يىپەك رەختتىن ئىبارەت بۇ سوۋغىلار قىزنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

— نېمىشقا ماڭا ئېلىپ كەلدىلە؟ — پىچىرلىدى قىز، — بۇ بىر قىزنىڭ تويلۇقىغۇ، مەن ئۆزۈم قانداق قوبۇل قىلالايمەن؟

— سىلىگىلا ئېلىپ كەلدىم، ئاقىىرا، سىلىگىلا، يۇسۇپمۇ تەلمۈرگەن ھالدا پىچىرلىدى، — قوبۇل قىلسىلا، بۇ بىر ئەرزىمەس سوۋغا ... قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن ئاقىىرا ... ئۆتۈنىمەن...

«ئۇنىڭ ئىشقى چۈشكەن يىراقتىكى قىز مەنمۇ يا؟» دەپ ئويلىدى يۇسۇپنىڭ سۆزلىرىنى ئىشىتكەن قىزنىڭ دىلى ئېرىپ، «شۇنچە نەرسىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ، ئالمىسام رايى يېنىپ قالمىسۇن يەنە ...»

ئاقىىرا يۇسۇپكە قايرىلىپ قاراپ ئورنىدىن تۇردى:

— دوپپا بىلەن ئۈزۈكنىلا ئالاي، يۈسۈپ، قالغان نەرسىلەرنى ئاتا ـ ئانام بار چاغدا ئالدىمغا قويۇپ قويسىلا.

يۈسۈپ ئاقبىرانىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دېگەنلىكىنى چۈشەندى.

— سىلى نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل، نېمىدېگەن سەمىمىي. ئاسماندىكى ھەممە يۇلتۇز مەرۋايىت بولغان بولسا، بىردىن ئۈزۈپ ئېلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىپ قوياتتىم، ئاقبىرا.

مەرۋايىت دوپپا بىلەن ئالتۇن ئۈزۈكنى قولىغا ئالغان قىز يۈسۈپنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ يەنە قىزىرىپ كەتتى. گەپ قىلماي ئىتتىك ئۆز خانىسىغا چىقىپ، دوپپا، ئۈزۈكنى ساندۇقىغا سېلىپ قويدى ـ دە، ئىچكىرى ھويلىنىڭ ئوڭ تەرەپ بۇلۇڭىدىكى ئاشخانىغا يېقىنلاپ كېلىپ توختاپ قالدى. ئۇ ئاشخانا سۇپىسىدا ئاش يېيىۋاتقان ئانىسىنى كۆرگەندى. «ئانام ئوقۇغۇچىلىرىنى قويۇپ بېرىپ، تاشقىرىقى ھويلىدىن قاچان يېنىپ كىرگەندۇ؟ مېنىڭ يۈسۈپ بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرگەنمىدۇ ياكى ئۇدۇل ئاشخانىغا كىرىپ تاماققا تۇتۇش قىلغانمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ ئاستا ئاشخانىغا قەدەم قويدى.

— ئابا، قاچان كىردىڭ، مېنى چاقىرمايلا ئاشقا تۇتۇش قىپسەنغۇ.

— مەن ئوقۇغۇچىلارنى قويۇپ بېرىپ ھېلىلا كىردىم. قارىسام بەگيۈسۈپ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپسەن، دىققىتىڭلارنى بۆلمەي، دەپ تاماققا قوپتۇم. بالام. ئاتاڭنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، سەن سەۋزىنى توغراپ، گۇرۇچنى يۇيۇپ قويغىن. مەن كىرىپ بەگيۈسۈپ بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي، — ھاۋاخان ئاغىچا چاچتەك كېسىلگەن ئۇگرىنى لېگەنگە ئالدى. پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازاندىكى ئاش سۈيىنىڭ تۇز ـ تەمىنى تېتىپ كۆردى، روملىنى ئوڭلاپ سېلىپ يۈسۈپنىڭ قېشىغا چىقتى.

— ئەسسالام بالام، هارمىغايلا؟

كىتابنى قويۇپ ئىتتىك ئورنىدىن قوپقان يۇسۇپ، هاۋاخان ئاغىچىغا سالام بېرىپ قول باغلاپ تۇردى.

— ئولتۇرسىلا، بالام ئوردۇكەنتتە ئۇزاق تۇرۇپ قالدىلىغۇ؟

يۇسۇپ يۇكۇنۇپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇردى. هاۋاخان ئاغىچىمۇ يېشىل تاۋار ئىچىسىنىڭ پەشلىرىنى تىزىغا بېسىپ يۇكۇندى. قوشۇما قاشلىرىغىچە چۇشۇپ تۇرغان ئاق يىپەك رومىلى يۇمىلاق يۇزىنىلا ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۇچىسىغا يېپىلغانىدى. يۇسۇپ ئۇستازىدىن كۆرە بۇ قۇشناچ ئاغىچىدىن بەكرەك ئەيمىنەتتى.

— قۇشناچ ئابا، ئوردۇكەنتتە كۆرىدىغان، ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇغرا قاراخان كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى، شۇڭا ئۇزاقراق تۇرۇپ قالدۇق ... — يۇسۇپ سۆزلەۋېتىپ ئىختىيارسىز تۇرۇپ كەتتى، ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن ئەبۇ پۇتۇه مەخدۇمنى كۆرگەنىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستاز.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، ئولتۇرسىلا، ئولتۇرسىلا، — ئەبۇ پۇتۇه مەخدۇم تونىنى، سەللىسىنى ئېلىپ ئاقىبىراغا بەردى، ئاندىن ئىچىچە قول باغلاپ تۇرغان شاگىرتىغا مۇلايىم نەزىرىنى تاشلاپ كۆرپىگە يۇكۇندى. يۇسۇپ شۇنىڭدىن كېيىنلا ئولتۇردى.

— ئوردۇكەنتتە ئۇزاق تۇرۇپ قالدىلىغۇ، بالام؟ — يۇسۇپ ئۆزىنىڭ كېلىشىگە تەقەززا بولغان قەلب ئىگىلىرىنىڭ بۇ سوئالىغا يەنە شۇ جاۋابنى بېرىپ دېدى:

— مەۋلانا ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ، مەۋلانا مۇھەممەد ئەل كاشغەري قاتارلىق بىلىمگە ھۆددىگەر پىرلار ئۆزلىرىگە سالام يوللىدى.

— ئاللا ئۇلارنى سالامەت قىلغاي. ئۇ بۇزرۇكۋارلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆھبەتلىرىدە بوپتۇلا ـ دە، بالام؟ — مەخدۇم چىرايلىق قىرقىلغان قارا ساقىلىنى سىيپاپ قويدى.

— شۇنداق، ئۇستاز، ساچىيە مەدرىسەسىدە ئۇچ ئاي بىلىم

تەھسىل قىلدىم، ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشىمىزدىكى يەنە بىر سەۋەبمۇ شۇ. ئۇ بۇزرۇكۋارلار ئۆزلىرىنى بەك چوڭ بىلىدىكەن. «ساچىيە مەدرىسەسىدە بىللە بىلىم تەھسىل قىلغانىدۇق، بۇخارا، باغداتلارغىمۇ بىللە بارغانىدۇق. مەخدۇم ھەزرەتلىرى بىلىمگە ھۆددىگەر پىرلارنىڭ بىرسى، ئۇنىڭدىن ئەلگە، ئەۋلادلارغا بىلىم يۇقىدۇ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كامال تاپماي قالمايدۇ ...» دەپ تەرىپلىرىنى قىلىشتى.

— شۇنداقمۇ، بۇزرۇكۋارلار شۇنداق دېيىشتىمۇ؟ ياق، ياق، ئۇلارنىڭ ئالدىدا پېقىر ئاددىي بىر بوشىغۇتمەن، خالاس، — ھاياجانلانغان ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم ئىككى قولىنى ئۇزارتىپ يۇسۇپنى قۇچاقلىدى، — ئۇلار بىلەن بىللە ئوقۇغانلىقىم راست. دۇنيادىكى ھەممە ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، ئەمما ساۋاقداشلار بىر - بىرىنى ئۇنتۇيالمايدۇ. ئۈلۈشكۈن ھەربىرلىرىدىن ھال سوراش ئۈچۈن پەتىگە بارغىنىمدا، بۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىشكە ۋاقىت يار بەرمىدى. رەيھانىدىنبەگ جانابلىرى ئوردۇكەنتتە تىكتۇرۇپ كەلگەن بەقەسەم تونىنى كىيدۈرۈپ قويۇۋىدى، شۇ قەدىناس بۇرادەرلىرىمنى كۆرگەندەك بولدۇم، بالام.

— ئۇستاز، — يۇسۇپ ئورنىدىن قوپتى، — ئوردۇكەنتتىن كېلىپلا ئالدىلىرىغا سالامغا كېلەلمەي قالدىم. نەچچە كۈندىن بېرى پەتىچىلەرنى كۈتۈش، ئۈزىتىش بىلەن بولۇپ، سوۋغىلارنىمۇ ۋاقتىدا تاپشۇرالمىدىم، بۇ مەۋلانا ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ مەنتىقە توغرىسىدىكى ئەسىرى، بۇ مەۋلانا مۇھەممەد ئەل كاشغەرىينىڭ تارىخىي ئەسىرى، ئۆزلىرىگە يادىكار قىلىپ پېقىردىن ئەۋەتتى، — ئىككى جىلتىغا سېلىنغان كىتابلارنى ئۇستازى ئالدىغا قويدى.

ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم جىلتىدىن چىرايلىق شىرازلانغان كىتابلارنى ئېلىپ يۈزلىرىگە سۈردى.

— ئاللا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن. مەنتىقە، تارىخ بابىدا كۆڭلۈمدىكى بوشلۇقنى بۇ ئەسەرلەر تولۇقلايدىغان بولدى،

دۇئايىم ئىجابەت بوپتۇ.

— بۇنىڭ بىلەن بىز بوشىغۇتلارنىڭ كۆڭلىمىزدىكى بوشلۇقمۇ تولۇپ، ئادەم، ئالەمنى تونۇشمىز چوڭقۇرلىشىدۇ، ئۇستازىم.

يۇسۇپ بوپىنىڭ ئىچىدىن بىر تۇگۈنچەكنى ئېلىپ ھاۋاخان ئاغىچىنىڭ، يەنە بىر تۇگۈنچەكنى ئېلىپ، يانتۇ قاراپ ئولتۇرغان ئاقىبىرانىڭ ئالدىغا قويدى:

— پېقىرنىڭ ئەرزىمەس سوۋغىسىنى قوبۇل قىلغايلا، قۇشناچ ئابا.

— رەھمەت، بالام، — ھاۋاخان ئاغىچا ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى، — رەھمەت، ئاللا ئۆمۈر يوللىرىنى ئۇزۇن، بىخەتەر قىلسۇن، — ئۇ يەرگە قارىغىنىچە قىزىرىپ ئولتۇرغان ئاقىبىراغا دېدى، — بالام، تۇرۇپ رەھمەت دېگىن، شۇنچە ئېسىل نەرسىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ ...

ئاقىبىرا قوپۇپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان يۇسۇپكە لەپپىدە بىر قارىدى - دە، يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. يۇسۇپكە ئاتاپ تىككەن دوپپا، كەشتىلىگەن يىپەك ياغلىقلار شۇ بىر قىلىق بىلەن ۋاقتىدا بېرىلمەي قالدى.

## 3

پېشايۋان ئۆگزىسىنىڭ قىرىغا قونغان كەپتەر ئۇياق - بۇياققا بويۇنداپ پۇررىدە ئۇچتى - دە، پەسلەپ كېلىپ، كۆل بويىدا يورغىلاپ يۈرگەن چىشى كەپتەرنىڭ يېنىغا قوندى ۋە بۇقۇلداپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلاندى. شىلدىر قىلىپ شېخىدىن ئايرىلىپ چۈشكەن غازاڭ كەپتەرلەرنى چۆچۈتۈپ ئۇچۇرۇۋەتتى. ئىشىكتىن چىلان تورۇقنى يېتىلەپ كىرگەن يۇسۇپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كەپتەرلەرگە قاراپ قويۇپ پېشايۋاننىڭ يېنىغا كېلىشىگە، ئىچكىرى ھويلىدىن قولتۇقلىشىپ، بىر - بىرىگە

سۆيۈنۈپ چىقىۋاتقان بوۋاي بىلەن مومايغا كۆزى چۈشتى ـ دە، ئىتتىك ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— بالام، ئاتاڭ كەلدىمۇ؟ — سورىدى بەگتۆمۈر سالام بەرگەن نەۋرىسىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن بېقىپ. ئۇ تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان ياغاق قوللىرىنى يۈسۈپنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ھاسىراپ تىنىدى.

— مەدرىسەدىن ھازىر كەلدىم، بوۋا. ئابام ئوردىدىن تېخى كەلمىگەندەك قىلىدۇ. مىجەزلىرى يوقمۇ، بوۋا؟ — دېدى يۈسۈپ بوۋىسىغا كۆز سېلىپ.

— قېرىلىق، بالام، قېرىلىق، — بەگتۆمۈر ئاپپاق ساقىلىنى سىيپاپ قويدى، ئۇ ياداپ قالغانىدى، زەمۇران ئانا ئۇنىڭغا قارىغاندا خېلى تېمەن ئىدى. بوۋاي مومىيىغا قاراپ قويۇپ سورىدى، — نېمىشقا كەلمىگەندۇ، بالام؟ — ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى.

— گەپ بارمىدى، بوۋا؟

— گەپ بولمامدىغان، بالام، — يەنە زەمۇران ئانىنىڭ قورۇق باسقان چىرايىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قېرىغان ۋاقتىمىزدا ئاتاڭ بىزگە ئېتىبار قىلمايدىغان بولۇۋالدى، — بەگتۆمۈر بوغۇلۇپ قېقىلىپ كەتتى. مۈكچىيىپ بويى پاكارلاپ كەتكەن بۇ بوۋاي تېرىككەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ «ئاتاڭ بىزگە ئېتىبار قىلمايدىغان بولۇۋالدى» دېگىنىدە، رەيھانىدىنىنىڭ يالغۇز ئوغلىنىڭ توينى تېزرەك قىلمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقانىدى. ئۇ ئالىمادىس بىزگە قازا يېتىپ قالسا، يۈسۈپنىڭ توينى كۆرەلمەي قالارمىزمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلاتتى. بۇ ھەقتە نەچچە قېتىم رەيھانىدىنغا ئېيتقان بولسىمۇ، توي توغرۇلۇق تېخىچە گەپ ـ سۆز بولمايۋاتاتتى. يۈسۈپ بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى.

بوۋاي بىلەن موماي بىر ئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يۈسۈپ ئۇلارنى يېتىلەپ ئۆزىنىڭ خانىسىغا ئېلىپ كىرىپ ئالما

شەربىتىنى قويۇپ بەردى.

— بالام، ئاتاڭ كەلسە كۈتۈۋاتقىنىمنى دەپ قويغىن، گېپىمنى قىلىۋالمىغۇچە تاماق يېمەيمەن. گېپىمنى بۈگۈنمۇ ئىلمىك ئالمىسا، بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىلەن بىللە تاماق يېگۈچى بولمىسۇن. يۈگۈر، ئاتاڭ كېلىشى بىلەن بۇ ئۆيگە باشلاپ كىر، ئاناڭ داستىخان سالماي تۇرسۇن، — دېدى بەگتۆمۈر زورۇقۇپ سۆزلەپ.

هويلىغا چىققان يۈسۈپ، داستىخان كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئانىسىغا ئۆز خانىسىنى ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. بوسۇغىدا ئاتىنى يېتىلەپ كىرىۋاتقان ئاتىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بويانقار، ئادارمۇ بار ئىدى.

— بالام، بۇ يەردە تۇرۇپتىلىغۇ؟ — دېدى رەيھانىدىن سالام بەرگەن ئوغلىغا مېھرى بىلەن تىكىلىپ.

— ئابا مۇشۇ تاپتا ئۆزلىرىنى بوۋام، مومام ھۇجرامدا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

رەيھانىدىن «ئاتام، ئابام ئوغلۇمنىڭ توي ئىشىنى سۆيلىگىلى مېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ - دە. ئاچىسىنىڭ توينى قىلماي تۇرۇپ ئۆيلەپ قويساق ئەل - يۇرت نېمە دەر؟» دەپ ئويلىدى - يۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ، ئاتنى بويانقارغا بەردى. يۈسۈپ بىلەن چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ، هويلىنىڭ ئوڭ يان تەرىپىدىكى دېرىزىلىرى باغقا قارايدىغان دەھلىزلىك ئۆيگە كىردى.

— بۇزرۇكۋارلىرىم بۇ يەردە ئىكەنغۇ، ھەربىرلىرىنىڭ خىزمىتىگە ۋاقتىدا هازىر بولالمىغىنىمدىن خىجىلمەن.

— كەل، ئولتۇر، ئوغلۇم! — دېدى بەگتۆمۈر قول باغلاپ تۇرغان رەيھانىدىنغا چىڭ - چىڭ سۆزلەپ. ئۇ خاپا بولۇپ قالغان چاغلىرىدىلا سەنلەپ گەپ قىلاتتى، — سەن هازىر دۆلەتنىڭ كاتتا ئەربابى، دېگىنىڭ دېگەن، قىلغىنىڭ قىلغان، بىز بىلەن كارىڭ يوق، شۇنداقمۇ؟

رەيھانىدىن ھېچقاچان ئۆزىگە بۇنداق زەردە قىلمىغان ئاتىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە كايىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ كۆلۈمسىرىدى:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئاتا، ئابا. پېقىر — سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلار، سىلەر پېقىر ئۈچۈن ئەل، ۋەتەن. نېمىشقا كارىم بولمىسۇن، بۇزرۇكۋارلىرىم. ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كارى بولمايدىغان قارا يۈز، نامەردلەر قاتارىدا تۇرۇش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر، — دېدى رەيھانىدىن قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا.

بەگتۆمۈر ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى.

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟

— راستلىقىغا ئاللا گۇۋاھ، ئاتا.

— ئۇنداق بولسا تەلىپىمى رەت قىلمايسەن ـ ھە!

— ئەلۋەتتە.

بەگتۆمۈر زەمۇران ئانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يۇسۇپكە قاراپ دېدى.

— بالام، قويقىن، سەن دەرھال بېرىپ ئاشانبۇقا، بۇدراچ مومايلارنى چاقىرىپ كەل، مۇھىم ئىش بار، ھايال بولۇپ قالمىغىن.

— ماقۇل، بوۋا، — ئورنىدىن تۇرغان يۇسۇپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

— بەگتۆمۈر رەيھانىدىنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— ئوغلۇم، سىلى مېنىڭ قابىل، دانا پەرزەنتىم، — ئۇنىڭ يۈرىكىدىن تىترەپ چىققان ئۈنى شۇنچە مۇلايىم ئىدى، — دۇئايىمىزنىڭ خاسىيىتى، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن زور بايلىققا، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتىلە، بۇنىڭدىن ئانىلىرى ئىككىمىز پەخىرلىنىمىز. ئاللا ھەممە تىلەك ـ ئارزۇلىرىغا يەتكۈزدى. ئەمما، ئوغۇل نەۋرەم بەگيۇسۇپنىڭ ئاللىبۇرۇن بالاغەت

يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى سىلىگە مەلۇم، شۇنداق تۇرۇقلۇق سىلى توي توغرىسىدا باش قاتۇرمىدىلا. نەچچە قېتىم ئانىلىرى بىلەن بۇ توغرۇلۇق تىلىكىمىزنى ئېيتساق، ئاچىسىنى تالالىق قىلىپ، ئاندىن ئىنىسىنى ئۆيلىمىسەك جەمەتىمىزنىڭ داۋاملىشىۋاتقان ئەنئەنىسىنى بۇزغان بولىمىز، دەپ ئۇنىمىدىلا. نەۋرىمىز ئارچۇننىڭ تويىمۇ ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتتى. بىز قېرىپ قالدۇق، بالام، ئەتىلىكىمىز بارمۇ - يوق؟ ئاللا ئىگەم بىلىدۇ. چوڭ نەۋرەم بەگتۇرمىش باقىيغا كېتىپ تويىنى قىلالمىغان بولساقمۇ، ئۈچ قىز نەۋرەمنىڭ تويىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇقكى، كەنجى نەۋرىمىز بەگيۇسۇپنىڭ تويىنى كۆرەلمەي جان ئۈزسەك، قانداقمۇ كۆزىمىز يۇمۇلىدۇ؟ بۈگۈن يەنە سىلىنىڭ يانلىرىغا كېلىپ بۇ نىيىتىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز سىلىگە ئازار بېرىش ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئۆز پۇشتىمىزنىڭ سائادىتىنى تېنىمىزگە دەرمان، ئاغرىقىمىزغا شىپا قىلىش، ئاتا - ئانىلىق مېھرىمىزدىن سىلىنى روھلاندۇرۇش، غەيرەتلىرىگە غەيرەت قوشۇش. بىز مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بەگيۇسۇپنىڭ ھۇجرىسىدا سىلىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇق، بالام.

بەگتۆمۈر سۆزىنى تۈگىتىپ، زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىغان بېلىگە ئاستا مۇشتلىدى. رەيھانىدىن ئۆزىگە يۆلەنگەن ئاتىسىنىڭ بېلىنى تۇتۇپ دېدى:

— ئاللا ھەربىرلىرىگە رەھمەت قىلسۇن، بۇزرۇكۋارلىرىم. ياخشى نىيەت يېرىم دۆلەت. بۇ ۋاقىتقىچە ئاچىسىنىڭ تويىدىن كېيىن ئۆيلەيمىز، دەپ ئارقىغا تارتىپ كەلگىنىم راست. ئەگەر ھەربىرلىرىنىڭ تەلىپى شۇ بولىدىغان بولسا، ھازىردىن باشلاپ ئوغلۇمنىڭ تويىنى قىلىش كويىدا بولىمەن.

— ئىنشائاللا بالام، نەۋرىمىز بەگيۇسۇپنىڭ تويى، ئاچىسىنىڭ ياتلىق بولۇشىغا يول ئېچىپ بەرگەي.

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن، ئاتا.

— ئاشانبۇقا، بۇدراچ مومايلار بىلەن بەگيۇسۇپكە كىمنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئوبدان مەسلىھەتلىشەيلى. قۇدام بەگتاش داموللا كېسەل، ئەتە بېرىپ سەمىگە سېلىپ مەسلىھەتنى ئېلىپ كېلەي، قۇدىلىرى چاقىرىبەگ ئادامتوغرۇل بىلەنمۇ كېڭىشىپ باقسىلا، ھەر جەھەتتىن بىز بىلەن تەڭ كەلگۇدەك جەمەت بىلەن قۇدا بولۇشىمىز لازىم.

— ماقۇل، ئاتا.

— بالام، بىزنى ماقۇل بىلەن ئالداپ قويمىسىلا، ئوغۇل نەۋرىمىزنىڭ توينى كۆرەلمەي ئارماندا كەتمەيلى.

باياتىن ئېرىنىڭ سۆزلىرىنى باش لىڭشىتىپ ماقۇللاپ ئولتۇرغان زەمۇران ئانا سۆز قاتتى:

— خۇدا بۇيرۇسا توينى ئەمدى كېچىكتۇرمەسمىز.

يۇسۇپ ئاشانبۇقا بىلەن بۇدراچ مومىينى چاقىرىپ كەلگەندە، رەيھانىدىن ئاتا - ئانىسى بىلەن قىلىشۋاتقان پارىڭنى توختىتىۋالدى.

— بالام، تامىقىڭنى يەپ ئوقۇشۇڭغا كېتىۋەرگىن، بىزنىڭ قىلىشىدىغان مەسلىھەتىمىز بار، — دېدى بەگتۆمۈر. ئۇ بايىقىدەك چىرايى تۈتۈلغان ھالدا ئەمەس، خۇشال ئولتۇراتتى.

— ماقۇل، بوۋا، — يۇسۇپ غىزالىنىدىغان ئۆيدە گۆشناندىن بىرنى يەپ قېتىق ئىچتى - دە، ئالدىراپ مەدرىسەگە كەتتى. «بوۋاملار نېمە ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋاتقاندۇ؟ كىرسەم گېپىنى توختىتىۋالدى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ يا مېنىڭ توي ئىشىم توغرۇلۇق باش قاتۇرۇشۇۋاتامدىغاندۇ؟ ئاچامنىڭ توينى قىلماي تۇرۇپ، مېنىڭكىنى قىلماس ...» بۇ خىيال ئۇ مەدرىسەدىن قايتقاندىمۇ كاللىسىدىن نېرى بولمىدى. ئۇنىڭ بالاغەت يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى چوڭلار بىلگەن بىلەن، ئاقىپىراغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۆنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلمەيتتى.

«راستلا مېنىڭ توي ئىشىم توغرۇلۇق باش قاتۇرۇۋاتقان بولسا، ماڭا قايسى جەمەتتىن قىز ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدىكىن؟ ئاقىپىراغا كۆڭلۈم بارلىقىنى قانداق بىلدۈرسەم

بولار؟ ...» يۈسۈپ بۇ خىيال بىلەن تۇزۇك ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئورۇندىن تۇرۇپ تامغا ئورنىتىپ قويۇلغان قەندىلدىكى شامنى ياقتى، چاپان ـ شىمىنى كىيدى. ھويلىغا چىقىپ، كۆل بويىدىكى ئىشۇرىققا سۇ توشتۇرۇپ تەرەت ئالدى. تۈن شامىلى دەرەخلەرنى ئىرغاڭلىتىپ، غازاڭ بولغان ياپراقلارنى تۆكەتتى. يۈسۈپ ئىشۇرىقنى قويۇپ، غۇلىچىنى يېيىپ كېرىلدى. ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن كۆل بويىنى ئۈچ قېتىم ئايلاندى. توختاپ ھال رەڭ تۈس ئالغان كۆلگە باقتى. ئون ئۈچ ـ ئون تۆت كۈنلۈك بولغان ئاي شولىسى كۈمۈش لېگەندەك پارىلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاق يۈزلۈك ئاقىېرا كەلدى. ئۆزىنى جۈرئەتسىز، دەپ ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ بىر قىسما بولۇپ قالدى. «نېمىشقا ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئوچۇق ئېيتالمىدىم؟ نېمىشقا كۆڭۈللىرىدە مەن بارمۇ ـ يوق دەپ سورىيالمىدىم؟ نېمىشقا ئۇنى سۆيىدىغانلىقىمنى ئاتامغا ئېيتالمايمەن؟ ئۇلار ماڭا باشقا يەردىن قىز تاپسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن؟ ...» ئويلىغانسېرى سوئال تۇغۇلۇپ، ئاقىېرانىڭ گۈزەل رۇخسارى ئۇنى شۇنچە شەيدا قىلاتتى. يۈسۈپنى مۇشۇدەم ئاجايىپ بىر ئوتلۇق سېزىم چۇلغىۋالدى. شولىدەك تۇتۇق بەرمەس سىرلىق تۇيغۇدىن ھاياجانلانغان يۈرىكى تېپچەكلىدى. ئاقىېرانىڭ ئۇياتچان نىگاھى، شىكارغا چىققىنى، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىنى، چاي قۇيۇپ بېرىۋېتىپ قىزىرىپ كەتكىنى تەسەۋۋۇر ئەينىكىدە كۆرۈنۇپ، ئۆيگە يېنىپ كىردى ـ دە، دېرىزىنى قىيا ئېچىپ قويدى. ئاينىڭ ئاق شولىسى ئۇنىڭ يېزىق شىرەسى ئۈستىگە چۈشتى. زەڭگەر رەڭلىك سالقىن كۈز كېچىسى يۈسۈپكە شۇنچە گۈزەل، شۇنچە جىمجىت تۇيۇلدى. ئۇ بۆرە تېرىسى سېلىنغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قولىغا پولات ئۇچلۇق قەلەم ئالدى. پەلەكتىن تۆكۈلگەن ئاي نۇرىدەك قەلبىدىن ئېقىپ چىققان گۈزەل تۇيغۇ ـ ھېسسىياتلىرى ئاق بەتكە تۆكۈلۈپ مىسرا بولۇپ قۇرلاندى:

قىزىل يۈزى بولدى پەلەكنىڭ سىرىغ،
جاھان بولدى ئالتۇن رەڭدەك ئىرىغ.

قۇياش سۇرتتى يۈزگە سىرىق زەپىران،
ھاۋا رەڭ شىشىگە پۈركەندى جاھان.

مەشۇقلار قىشىدەك بولۇپ ئاسمان،
ھەبەش – زەڭگى تۇسىگە كىردى جاھان.

يىدى، ئىچتى، يۇيۇندى، قىلدى ناماز،
تۆشەك سالدۇردى، ياتتى ئۇخلاپ بىرئاز.

سىرىق بۇلبۇل ئۈنلۈك گۈزەل سايرىدى،
چۆچۈپ ئويغاندى ئۇ، ئۇيقۇ كەلمىدى.

ئويغاق ياتتى بىرئاز قۇلاقنى سىلىپ،
ئەجەبلەندى بۇ ئۈنگە ھەيران قىلىپ.

قىچىپ ئۇيقۇسى بەك ئۇزاردى كىچە،
تەقەززا بولدى تاڭغا يورۇپ بولغۇچە.

پەلەك يىرتتى كىيگەن قارا كۆڭلەگىن،
كۆتۈرۈپ پەرەنجە، ئۇ ئاچتى يۈزىن.

كۈلۈپ باقتى ئۆرلەپ گۈزەل قىز يۈزى،
يورۇدى جاھاننىڭ ھەر ئىككى كۆزى.

قۇياش چىقتى ئۆرلەپ، كۆرسەتتى ئۆزىن،
يورۇتتى ۋادا ھەم دەريالار يۈزىن.

يەنە قوپتى، يۇيۇندى، كىيىندى تۈگەل،
ناماز قىلدى، ئۆزگە جورۇپ ياخشى پال①...

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» 4959 ~ 4969 ـ بېيىتلەر.

يۈسۈپ قەلەمنى قويدى، يازغانلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدى. ھاياجىنى بىرئاز بېسىلىپ، ناماز بامداتقا ئېيتىلغان ئەزانغا قۇلاق سالدى.

— ئاللاھۇئەكبەر ... ئاللاھۇئەكبەر! ...

ئۇ ئاتىسى، بوۋىسى بىلەن مەسچىتكە چىقتى. نامازدىن يېنىپ ئۆيگە كەلگۈچە ئاقبىرادىن باشقا قىزغا ئۆيلەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتماقچى بولۇپ، نەچچە قېتىم ئاغزىنى ئۆمەللەپمۇ گېپىنى تېشىغا چىقىرالمىدى. قانداقتۇر بىر سېزىم ئېغىز ئاچۇرمايۋاتاتتى. يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى.

بۈگۈنمۇ يۈسۈپ كۆڭلىدىكى گېپىنى دېيەلمەي ئىچى تىتىلدىغان پېتى مەدرىسەگە كەتتى.

ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئۇستازى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن ئۇ ئۆسمۈر تالىپلارغا ئەرەب، پارس تىلىدىن، ئەدەبىيات، مەنتىقە ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. نۇتقى راۋان، پىكرى چوڭقۇر، ھازىر جاۋاب بۇ شاگىرتىدىن ئۇستازلىرى ناھايىتى رازى ئىدى.

يۈسۈپ ئوقۇپ بىلگەنلىرىگە زادى قانائەت قىلمايتتى. ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلگەچكە ئوقۇيدىغان، مۇتالىئە قىلىدىغان كىتابلىرىمۇ شۇنچە كۆپ ئىدى، دەقىقىنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەيتتى. بۇنداق تىرىشچانلىق روھى مەدرىسەدىكى تالىپلارغا كۈچلۈك تەسىر قىلغانىدى. مۇزاكىرە، مۇھاكىمە بولغان چاغلاردا، ئۆتكۈر پىكىرلىك بايانلىرىنى ئاڭلاشقا ھەممەيلەن خۇشتار ئىدى.

يۈسۈپ ئەپلاتون، سوقرات، ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى ساۋاقداشلىرى بىلەن مۇھاكىمە قىلىشنى مۇستەقىل كۆزقاراش يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسى دەپ بىلگەچكە، ئۆز كۆزقاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇاتتى، مۇنازىرىلىشەتتى. «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشتا، ھەدىسلەرنى شەرھلەشتە، تالىپلار ئارىسىدا ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى

يوق ئىدى. ئەرەب ئالىمى ئالجىبىرنىڭ ھېساب ئىلمى توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنى، ئىلمى نۇجۇم، كىمياگەرلىك، تەبىئەتشۇناسلىق بابىدىكى بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە كىرىشكەندى. بىلىمگىنىنى سوراشتىن ئىزا تارتمايتتى، بىلگىنىنى بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىشتىن زېرىكمەيتتى. بولۇپمۇ، ئۆزى بەكرەك قىزىقىدىغان پەلسەپە، ئەدەبىيات، تارىخ پەنلىرىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئۆگىنىپلا قالماي، جەمئىيەتنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى، كەلگۈسى بىلەن باغلاپ پىكىر يۈرگۈزەتتى، مۇھاكىمە قىلاتتى، «نېمە ئۈچۈن؟»، «نېمە سەۋەبتىن؟» دېگەن سوئاللار ئۇنىڭ كاللىسىغا ئارام بەرمەيتتى. ھەربىر سوئالغا جاۋاب تاپقاندا، بىر سىر يېشىلگەندەك، ھېكمەت بېغىدىن بىر ئىشىك ئېچىلغاندەك بىلىنەتتى. كۆپ سوئاللارغا جاۋاب تاپقان يۈسۈپ سۆيگەن يارىنىڭ ۋىسالىغا قانداق يېتىشنىڭ جاۋابىنى تاپالماي قىينالماقتا ئىدى.

ئۇ بۈگۈن كەچ مەدرىسەدىن يېنىپ ئۆي ئالدىغا كەلگەندە، ئۇزاپ چىقمۇۋاتقان قارا پەرەنجىلىك ئايال بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. يۈسۈپ ئاتتىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا، چۈمبىلىنى قايرىغان ئايال كۈلۈمسىرەپ سالام بەردى.

— ھارمىغايلا، بالام، ئوقۇشتىن يانغان ئوخشىمامىلا؟

يۈسۈپ ئۇنىڭ بۇدراچ موماي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ كىمنىدىك ئانىسىغا قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم موما، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ ئاشانبۇقا بوۋام تىمەنمۇ؟

— ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز، ئاشان بوۋىلىرى قېرىغان چېغىدا باغدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدى، تىنىم تاپمايدۇ، — موماي ئۆزىنى ئۆزىتىپ چىققان يابىرا بىلەن كۆز سوقۇشتۇرۇۋېلىپ، يۈسۈپكە قاراپ باش لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى - دە، — ئاللا سىلىنى تىلىگەن بەختلىرىگە يەتكۈزىدىغان بولدى بالام، — دەپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# كەچ كۈز ئاخشىمىدا ئوقۇلغان نىكاھ

## 1

بۇدراچ موماينىڭ يۇسۇپكە قاراپ كۆلۈشى مەنىسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ مەسلىھەت بويىچە، يۇسۇپكە ۋاپادار قىز، رەيھانىدىن، يابىرالارغا مۇناسىپ كېلىن تېپىش غەرىزىدە، نەچچە كۈندىن بېرى چاچ تارىغۇچى ئايال سىياقىدا كوچىمۇكوچا كېزىپ، بارمىغان مەھەللە، كىرمىگەن ئۆي قالمىغانىدى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، بەگبۇقا مەھەللىسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى بالاۋېشىغا ئەگمە چىقىرىلغان تۈچ ھالقىلىق دەرۋازىغا كۆزى چۈشۈپ توختاپ قالدى. «بۇ كىمنىڭ ئۆيىدۇ؟ ئەجەب بۇ چاغقىچە كىرىپ باقمىغان ئىكەنمەن» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچتى. كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ بۇ مەھەللىدە تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭ كىرمىگەن ئۆيى قالمىغاندەك ئىدى. قايسى ئۆيدە قانچە ئوغۇل ـ قىز بار؟ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلەتتى. بەلكىم بۇ ئۆيگىمۇ كىرگەندۇ، ئۇ شۇنچە ئويلاپمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. قول چېغىدىن باشلاپ يۇسۇپكە ھەم ئېمىكئانا، ھەم باققۇچى بولغاچقا يۇسۇپنى ئۆز ئوغلىدىن چارە كۆرەتتى. قوللۇقتىن ئازاد قىلىنغاندىن بۇيان، ئۇنىڭغا ئاتاپ تىككەن دوپپا، كېيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى كىيدۈرۈپ قوياتتى. يات ـ ياتېغا ئېلىپ بېرىپ سەير قىلدۇراتتى. يۇسۇپمۇ بۇ ئېمىكئانىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتى، ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئالاھىدە بېرىپ

يوقلاپ كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇدراچ موماي «بەگيۇسۇپكە لايىق لەۋەن قىزنى تاپماي قويمايمەن» دېگەن ئىشەنچ بىلەن، نەچچە كۈندىن بېرى نۇرغۇن ئۆيلەرگە كىرىپ ـ چىققان بولسىمۇ، ئۆزى ئويلىغاندەك قىزنى تېخى يولۇقتۇرمىغانىدى، مۇشۇ تۇپەيلى كۆڭلى يېرىم ئىدى.

بۇدراچ موماي «بۇ ئۆيدىمۇ تايىنلىق مەن ئىزدەۋاتقان ساھىبجامال يوق» دەپ، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ يەنە قايرىلىپ ئاشۇ ئىشىككە باقتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئاشۇ ئۆي ئۇنى ئۆزىگە تارتىپلا تۇراتتى. ئاخىرى ئۇ «بەخت بۇ ئۆيگە يوشۇرۇنغان بولمىسۇن يەنە» دەپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى ـ دە، تۈچ ھالقىنى قاقتى. ئىشىك ئاستا ئېچىلدى. سۇمبۇل چاچ قىز ئۇنىڭ ئالدىدا نامايان بولدى ...

بۇدراچ موماي بۇ ئۆيدىن چىققاندا، جامائەت ناماز پېشىندىن يانغانىدى. ئۇنىڭغا پۈتۈن جاھان كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، ناھايىتى خۇشال ھالدا، بەگتۆمۈر قورۇسىغا كىرىپ كەلدى.

— تاپتىم، جاھان رەنالىرى ئىچىدىكى رەنانى تاپتىم، — دېدى ئۇ ئالدىغا كەلگەن يابىراغا، — تاپتىم، ئۇ شۇنداق لەۋەنكى ...

— توختىسىلا بۇدراچ ئابا، ئۇ كىمنىڭ قىزى ئىكەن، ساۋاتلىقمىكەن، تۆشۈكى① قانداقراق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى يابىرا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

بۇدراچ موماي ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى:

— بۇ قىزنى جەننەتتىن چىققان ھۆرمىدۇ، دەپ قالدىم، يابىرا خېنىم. بويى پۈتاقسىز ئۆسكەن ئارچا كۆچىتىنىڭ ئۆزى، شۇنداق نازۇك، كۆزلىرى چولپان يۇلتۇزنىڭ شولىسى چۈشكەن قوش بۇلاق. يۈزىنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك، ئاقلىقىغا يارىشا، بوستان چاچلىرى شۇنچە قارىكى، ئۇنىڭ زىبا بەستىدە

① تۆشۈكى — ئۆي تۇتۇش ۋە تاماق ئېتىشنى بىلدۈرىدۇ.

كۆندۈزنىڭ يورۇقى بىلەن كېچىنىڭ سىرلىق قاراڭغۇسى ھەمىشە بىقارار ئىكەن. كىيگەن كىيىمى كېلىشكەن قامىتىگە شۇنداق ماس كەلگەنكى، قىلچە ئېۋەن يوق. پەي قىستۇرۇلغان چىمەن دوپپىسى قارا چاچلىق بېشىغا تىوزنىڭ تاجىدەك يارىشىپتۇ. قايرىما چوڭ ياقىلىق ئەتلەس كۆڭلىكى، زىبا قامىتىنى چىچەكلىگەن ئالما دەرىخىدەك گۈزەللەشتۈرۈۋېتىپتۇ. يېشىل مەخمەل جىلىتكىسى كۆتۈرۈلگەن كۆكسىنى يوشۇرۇپ، ئەۋرىشىم بېلىنى بىر تۇتاملا قىلىپ قويۇپتۇ. ساغرىسى، تېقىمى، ئاياغلىرىنى دېمەيلا قوياي، ئاغىچا خېنىم. ھايا قىلىپ ئۆزىنى ئاپتاپقىمۇ كۆرسەتمەيدىكەن. نۇرلۇق چېھرى ئۇپۇق يۈزىدەك قىزىرىپ تۇرىدىكەن. بۇنداق خۇش پىچىم نازىنىن قىزنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. شۇنداق مېھرى ئىسسىق، كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدىم ...

— بىلدىم، بۇدراچ ئابا، چىرايلىق ئىكەنلىكىگە قايىل بولدۇم، — دەپ يابىرا ئۇنى سۆزىدىن توختاتمىغان بولسا موماي گېپىنى قىلىۋەرگەن بولاتتى، يابىرا ئۇنى ئايۋانغا باشلاپ كۆرپىدە ئولتۇرغۇزدى، يېڭى قايناتقان شاتۇت شەربىتىنى قۇيۇپ بېرىپ سورىدى، — ساۋاتى بارمىكەن، بۇنى بىلەلىدىلىمۇ؟

— بىلدىم، ئاغىچا خېنىم. ئانىسى ناھايىتى نازاكەتلىك قۇشناچىم ئىكەن. «ئەجەب ئوبدان چاغدا كېلىپلا، قىزىمنىڭ چېچىنى تاراپ قويسىلا، بىرنەچچە كۈندىن بېرى بالا ئوقۇتۇش بىلەن بولۇپ چولام تەگمىدى» دەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىغا كىرىپ كەتتى. قورۇسى چوڭ بولۇپ، ئىچكىرى - تاشقىرى ھويلىسى بار ئىكەن. مەن ئىچكىرى ھويلىنىڭ تال باراڭلىق سۇپىسىدا قىزنىڭ چېچىنى تاراپ، ئون بىر ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ قويدۇم. قىز ئۇنىمىغىنىمغا قويماي، بىردەمدىلا ئۇگرە چۆپ ئېتىپ چىقتى. ۋاي - ۋاي، شۇنداق يېيىشلىك، شۇنداق لەززەتلىك بوپتۇكى، قانداق يەپ بولغىنىمنى بىلمەي قالدىم. تۆشۈك ئىشلىرىدا پىشىقان، قولى تاتلىق قىز ئىكەن. دەملىگەن

شىرىن چىيىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ سوراپ بىلدىمكى: ئاتىسى ئوردۇكەنتلىك ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىدىن ئىكەن، ئانىسى ئوردۇكەنتلىك باينىڭ قىزى ئىكەن. ئاتا ـ ئانىسىدىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي، ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بېرىۋېتىپتۇ. قانداق ئىكەن ئاغىچا خېنىم؟ ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز دېگەندەك، بەگيۈسۈپ بالامغا بۇ قىزدەك خىل كېلىدىغىنى يوق ...

يابىرا بۇدراچ مومايىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ قىزغا غايىبانە ئامراق بولۇپ قالدى، رەيھانىدىنمۇ ناھايىتى خۇش بولدى. ئاتا ـ ئانىسى، قۇدىلىرىمۇ ئۇ قىزنى يۈسۈپكە مۇناسىپ دەپ قاراپ، توي قىلىشقا ماقۇل بولۇشتى ...

بۇدراچ مومايىنىڭ يۈسۈپكە قاراپ كۈلۈمسىرىشى ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى.

ئانىسى بىلەن ھويلىغا قايتىپ كىرگەن يۈسۈپ سورىدى:

ــ بۇدراچ موماي بەك خۇشالغۇ، ئابا. بويانقار ئاكام يەنە پەرزەنتلىك بولغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ ھېلىمۇ بويانقار ئاكاڭ ئۈچ پەرزەنتلىك بولدى، بالام، مومايىنىڭ خۇشاللىقى ئۇ ئەمەس، باشقا بىر خاسىيەتلىك ئىشقا خۇش بولۇۋاتىدۇ.

ــ ئۇ قانداق خاسىيەتلىك ئىش، ئابا؟

ــ توي ئىشى، بالام.

ــ ئاچامنىڭ توي ئىشىمۇ؟

ــ ياق، سىلىنىڭ ئوغلۇم.

يۈسۈپ ۋىللىدە قىزىرىپ، زوۋان سۈرمەي ھوجىرىسىغا كىردى. «ماڭا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان قايسى قىزدۇ؟» بۇ سوئال ئۇنى كىچىچە ئۇخلاتمىدى، سەھەرگە يېقىن كۆزى ئىلىنىپلا چۈش كۆردى: يۈسۈپ كۆل بويىدا تۇرغانىمىش، يېشىل روماللىق بىر پەرى ئۇچۇپ كېلىگىنىچە يېنىغا چۈشكەنىمىش. ھەيران بولغان يۈسۈپ پەرىنىڭ يۈزىنى توسۇپ تۇرغان رومالنى قايرىپ:

«ئاھ، سىلى ئاقىىرا ئىكەنلىغۇ، مېنى ئىزدەپ كەلدىلىمۇ؟» دەپ سوراپتۇدەك. قىز يىغلامسىراپ: «بىر ھەپتىدىن كېيىن تويۇم بولىدۇ، سىلىنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويااي دەپ كەلدىم» دېگەنمىش. «بۇ راستمۇ ـ ھە، كىمگە ياتلىق بولغۇدەكلا؟» دەپ سورىغان يۈسۈپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ ئويغىنىپ كەتتى.

«ئەجەب چۈش كۆرۈپتىمەنا» دەپ ئەجەبلەندى يۈسۈپ ۋە ئەنسىرەپ قالدى، «ئاقىىرا كىمگە ياتلىق قىلىنار، تويۇم بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمىدۇ؟» ئۇ دېرىزىدىن كۆكتە چاقناپ تۇرغان چولپانغا كۆز سالدى. كۆكنى قاپلىغان يۇلتۇزلار ئۇنى مازاق قىلغاندەك جىمىرلايتتى، بىردىنلا يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك بولۇپ زىڭىلداپ كەتتى. «ماڭا زادى كىمنى ئېلىپ بەرمەكچىسىلەر؟» دەپ ئاتا ـ ئانىسىدىن سورىغۇسى كەلدى ئۇنىڭ، بىراق ئېغىز ئاچماق ئەپسىز ئىدى.

رەيھانىدىن ئوغلىنىڭ شۈكلىشىپ قالغىنىنى كۆرۈپ: «ئۇياتچان بالا ـ دە، بۇ ئوغلۇم. ئۇياتسىز پەرزەنتكە ئاتا بولۇپ قېلىشتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن. ئۇياتسىزدا ھايا، نومۇس، ئىرادە، ياخشى نىيەتمۇ بولمايدۇ. ئوغلۇم نومۇسچان، ئىرادىلىك يىگىت بولدى، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بىلىم تەھسىل قىلماقتا، ئاللا ئۇنى زامانىنىڭ داناسى قىلغايسەن! تويىنى خەيرلىك قىلىپ، ۋاپادار مەھبۇبقا يار قىلغايسەن !» دەپ ئىلتىجا قىلدى.

يابىرا ئوغلى ئۇچۇن ئاتاپ سالدۇرغان باغدىكى ئايۋان، دەھلىزلىك ئۆينىڭ سۇۋاق، گەجلىرىنىڭ تېزرەك تاماملىنىشى ئۇچۇن، ئوردىدىن كېلىپلا ئۇستىلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇۋاتقان ئېرى ۋە قورۇدىكىلەرنىڭ تامىقىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش ھەلەكچىلىكىدە ئاشخانا، ئىككى ھويلا ئارىلىقىدا قاتراپ، كۆنلەرنى سەۋرسىزلىك بىلەن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

زەمۇران ئانا بۈگۈن ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا، ئادامتوغرۇلنىڭ رەپىقىسى ئارازان ئاغىچا، ئاچىسى سەمىچە ئاغىچىلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، بۇدراچ موماي بىلەن بىللە ئەبۇ

يۈتۈھ مەخدۇمنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ماڭدۇردى. ئۇلار بىر چوڭ پەتنۇسقا ئېلىنغان توقاچ ئۈستىگە ئاق ھىلھىلە رومالنى قويۇپ يۆگەپ، دېدەك ئايالغا كۆتۈرتۈپ چىققىنىچە، ئېگىز چاقلىق ھارۋىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

يابىرانىڭ ئۇلارنىڭ يولىغا تولا قاراپ كۆزلىرى تۆت بولدى. زەمۇران ئانا بەگتۆمۈر بىلەن ئىچكىرى ھويلىدىكى ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتمەي، كۆل بويىدىكى سۇپىدا كۆز ئاپتىپىغا قاقلىنىپ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. چۈشتە كەلگەن رەيھانىنىدىمۇ ئۇلار ئېلىپ كەلگەن جاۋابنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ خېلى كۈتكەن بولسىمۇ، كەلمىگەندىن كېيىن ئوردىغا كەتتى. يۇسۇپ خامۇش ھالدا كېلىپ، چۈشلۈك تامىقىنى تۈزۈكمۇ يېمەي، خامۇش ھالدا مەدرىسەگە ماڭدى.

«بۇ بالا ئەجەب شۈكلىشىپ كەتتى، كۆڭلىدە بىرەر قىز بولسا بىزگە ئېيتالماي ئازابلىنىۋاتامدىكىن؟ كەچتە بىر سۆزلىشىپ كۆرەي» دەپ ئويلىغان يابىرا يەنە ھويلا ئىشىكىگە قارىدى. كۈن نۇرى قىيا ئوچۇق ئىشىكنىڭ تۈج ھالقىلىرىنى چاقنىتىپ، ئالما دەرىخىنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان تامغا ياماشقانىدى. ئۇ ياشلانغان كۆزىنى ئىشىكتىن ئېلىپ، يوغان بىر قوغۇننى كۆتۈرۈپ باغدىن چىققان قىزتۇرمۇشقا باقتى.

— ئارچۇن نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، قىزىم؟

— دېدەكلەر بىلەن بەگيۇسۇپ ئۇكامنىڭ ئۆيىنى تازىلاۋاتىدۇ، — قىزتۇرمىش قوغۇننى سۇپىدا قويدى.

— ئۆي سۈۋىلىپ بولدىمۇ؟

— ھەئە، گەجھاكمۇ قىلىنىپ بولدى. مەن بوۋاملار چاڭقاپ قالدىمىكىن دەپ بۇ قوغۇننى گەمىدىن ئەكەلدىم.

بەگتۆمۈر يېنىدىن ئايرىمايدىغان قەلەمتىرىچىنى غىلىپىدىن ئېلىپ، قوغۇننى پىچىپ تۇرۇشىغا، بۇدراچ موماي ئاغىچىلار بىلەن كىرىپ كەلدى.

— سۆيۈنچە بەرسىلە يابىرا خېنىم! — دەپ يۆگەكلىك

پەتنۇسنى سۇپىدا قويۇپ ئاچتى. ئىگىشىپ قارىغان بەگتۆمۈر، زەمۇران ئانا پەتنۇسقا سەپسېلىپ، يابىراغا قارىدى:

— قىزىم، بۇ ئۇچەيلەنگە ئىسسىل سۆيۈنچە بەرسىلە، ماقۇل جاۋابىنى ئېلىپ كەپتۇ.

— ماقۇل، ئاتا، — پەتنۇسنى يۆگەپ كۆتۈرگەن يابىرا ئاغىچىلار بىلەن بۇدراچ موماينى مېھمانخانىغا باشلىدى، داستىخان سېلىپ چاي قۇيدى.

بۇ ئۈچ خوتۇن ئېلىپ بارغان بىر پەتنۇس توقاچ تويغا چاقىرىلىدىغان مېھمانلارنىڭ يۈزىنى بىلدۈرەتتى. ئاق ھىلھىلە رومال بولسا، قىزنىڭ تويدىن كېيىن مەستۈرە بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت ئىدى. ئەگەر قىزلىق تەرەپ ئوغۇللۇق تەرەپنى قوبۇل كۆرمىسە، ئەلچىلەردىن داستىخاننى شۇ پېتى قايتۇرۇۋېتەتتى، قوبۇل كۆرسە، رومال، نانلارنى ئېلىپ قېلىپ، ئالاھىدە ئېتىپ تونۇردا تاۋلاپ پىشۇرغان بىر شىرمەننان بىلەن ئاق شايى بەلباغنى داستىخانغا سېلىپ بېرەتتى.

يابىرا يۆگەكلىك پەتنۇسنى ئېلىپ تەكچىگە قويۇپ قويدى. ئۈستىدە بىر يوغان شىرمەننان بىلەن ئاق شايى بەلباغ بار ئىدى.

«بېشى باغلاقلىق» دەپ داستىخاننى قايتۇرۇۋەتسە قانداق قىلاتتۇق؟» دەپ قىزىرىپ پىشقان شىرمەننان بىلەن ئاپپاق ھىلھىلە رومالدىن كۆزىنى ئالالمىغان يابىرا پىچىرلىدى:

— رەھمەت ھەربىرلىرىگە، قۇتلۇق قەدەملىرى زايە كەتمەپتۇ.

— ھاجىبۇل ھۇججاپ رەيھانىدىنبەگنىڭ ئوغلى بولغان بەگيۇسۇپتىن، ئالىم، زەردار، يابغۇلار تۇگۇل، قاراخانمۇ قىزىنى ئايىماس، يابىرا خېنىم. بىزنى بۇنداق ساۋابلىق ئىشقا جورىغانلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە تەشەككۇر، — دېدى ئارازان ئاغىچا كۈلۈمسىرەپ.

— تەشەككۇر، تەشەككۇر، — دېيىشتى سەمىچە ئاغىچا بىلەن بۇدراچ موماي.

— توي تەييارلىنىۋاتقان ئىكەنمىزكى، نىلۈپەرگە يارىشا، ماقۇل جاۋابىنى ئېلىپ كېلىشكەنلىرى مېنى غايەت خۇشال قىلدى، — يابىرا يەنە بىر قېتىم ھەشقاللا ـ رەھمەت ئېيتتى. سۆيۈنچىگە تەييارلاپ قويغان ئۈچ قاما تۇماقنى خانىسىدىن ئېلىپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بەگيۇسۇپنىڭ ئاتىسى كاشغەردىن ئېلىپ كەپتىكەن، سۆيۈنچىگە ئەرزىمىسىمۇ قوبۇل قىلىشقايلا.

— ھەشقاللا، بەك جوۋاپ كېتىپتىلا، — بۇدراچ موماي ئورنىدىن تۇردى، ئىككى ئاغىچىمۇ دۇئا قىلىپ كېتىشكە تەمشەلدى.

— ئولتۇرۇشسىلا ئاغىچىلىرىم، تاماق پىشاي دەپ قالدى، — يابىرا ئۇلاردىن رەيھانىدىن ئورنىدىن كەلگۈچە ئولتۇرۇپ تۇرۇشنى ئۆتۈندى.

— قۇشناچىم ھاۋاخان ئاغىچا ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي، ئارقا ـ ئارقىدىن تاماق قىلدى، قورسىقىمىز توق. ئەتىگەن ـ كەچلەردە كېلىپ توي ئىشىنى قىلىشىپ بېرىمىز، رۇخسەت قىلسىلا، — دەپ ئورنىدىن قوپقان ئاغىچىلار ئۇزاپ ماڭدى، بۇدراچ موماي قالدى.

«ئەمدى ئوغلۇم كەلسە، ئۇنىڭ خامۇش بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبنى بىلىپ باقاي. ئاتىسى سورىسا، تارتىنىپ كۆڭلىدىكى گېپىنى دېيەلمەسلىكى مۇمكىن، ماڭا بىلدۈرسە ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىغان يابىرا باغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى يۇسۇپكە ئاتاپ سېلىنغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي مېۋىلىك دەرەخلەر ئىچىدە ئاقىرىپ تۇراتتى.

ئۇ ۋاللىداپ تۇرغان دېرىزە تۈۋىدە چاكۇم ئويناۋاتقان ئارچۇن، قىزتۇرمىش بىلەن ئىككى دېدەكنى كۆرۈپ مەستلىكى كەلدى.

— باللىرىم، ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرىمىز دەپ چاكۇم ئوينىغىلى تۇرۇپسىلەرغۇ، — دېدى يابىرا يېقىنلاپ كېلىپ.

دۇررىدە تۇرۇشقان قىزلار ئېگىلىپ سالام بېرىشتى.
— ئاپا، قارىسىلا، تازىلاپ چىنىدەك قىلىۋەتتۇق، ئەمدى بىسات سېلىپ بېزىسەك شاھزادىنىڭ قەسرىدەك كۆركەم بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى ئارچۇن بوتا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ. ئۇ سۇپۇرۇپ سۇ چېچىپ كۆك موز قىلىۋەتكەن ئۆي ئىچىنى كۆرسەتتى، — پەردىلەرنىمۇ تارتىۋەتتۇق، ئۇكامغا يارىسا بولاتتىغۇ.

يەلپۈنۈپ تۇرغان ھاۋا رەڭ پەردىلەر ئۆيلەرگە خويمۇ ياراشقانىدى.

— ئۇكىلىرىغا يارايدۇ، قىزىم، يارىمامدىغان، — يابىرا ئارچۈننىڭ قولىدىن تارتىپ «تويۇڭنى قىلىۋەتسەك بولاتتى قىزىم» دېگەن مەنىدە باغرىغا باستى. ئارچۈننىڭ روھىي ھالىتىدە «مېنىڭ تويۇم بالدۇر بولۇشى كېرەك ئىدى» دەيدىغان ئاچچىقلىنىش، خۇيلىنىش كۆرۈنمەيتتى. تويىنىڭ ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقىنىدىن غەم يېمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ توي قىلىشقا ئالدىرىماسلىقى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى.

ئاچىسى ئايتەمىشنى دەريا بويىدىن بوزاغۇ تۇيۇقسىز بۇلاپ كەتكەندە، ئۇ ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنىدى. نارەسىدىنىڭ سەبىي قەلبىدە شۇ كۈندىن باشلا ئەر زاتىغا بىر ئۆچمەنلىك پەيدا بولغانىدى. «ئەرلەر شۇنداق ياۋۇز بولىدىغان بولسا، ھەرگىز ياتلىق بولمايمەن» دېگەن ئوي كۆڭلىگە ئورناپ قالغانىدى. يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئاشۇ ئوي كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. شۇڭا، نورۇز مەرىكىلىرىدە، ھېيت ـ ئايەملەردىكى سورۇنلاردا ئوزۇپ چىققان يىگىتلەرگىمۇ ياغلىق تاشلىمىدى، گۈلمۇ تۇتۇپ بەرمىدى. كىتاب ئوقۇشقا، شىكارغا بېرىلگەن بۇ قىز ئات چاپتۇرۇش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق قىلىش، نەيزە سانجىش، سالما تاشلاشنى مەشىق قىلىپ شۇنداق ماھىر چەۋەنداز بولۇپ كەتتىكى، ئوق ئۈزسىلا، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇش ئامان قالمايتتى، ئاتلىق قوغلاپ يۈرۈپ قاۋان ـ تۈلكىلەرنى پارە ـ

پاره قىلىۋېتەتتى، ھەتتا يىراقتىن نەيزە ئېتىپ ئېيىقنىمۇ يىقىتاتتى. شۇڭا، يۈسۈپتىن ئەيمەنمەيدىغان دېدەكلەر ئارچۈندىن تەپ تارتاتتى.

يابىرا قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەتتى، ئۇنى بۆگۈ بىلگە، ئالىپ يىگىتكىلا مۇناسىپ دەپ قارايتتى. بۇ ۋاقىتقىچە ئۇنى سوراپ كەلگەن جەمەتلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى، ئوغۇلنىڭ قابىلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ھېچقايسىسىنى قىزىغا مۇناسىپ كۆرمىگەنىدى. ئارچۈنمۇ بىرەر سۆز ـ ھەرىكىتىدە تويىنى قىلىش توغرۇلۇق بېشارەت بەرمەي كېلىۋاتاتتى.

رەيھاندىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورى بىلەن يۈسۈپنىڭ تويىنى قىلىۋەتمەكچى بولغاندا، بۇنىڭدىن ئارچۈن ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە تەشەببۇسكار ھالەتتە ئىنىسىنىڭ ئۆيىنى تازىلاپ بېزەشكە كىرىشكەنىدى.

— قورسىقىڭلار ئاچقاندۇ، باللىرىم، تاماق تەييار بولدى، يەۋېلىڭلار، — دېدى يابىرا قىزلارغا، — توي بۈگۈن بولمىغاندىكىن، قالغان ئىشنى ئەتە ـ ئۆگۈن قىلساڭلارمۇ ئۈلگۈرىسىلەر.

— ماقۇل، ئابا، بىزمۇ ھېرىپ قالدۇق، — ئارچۈن قىزتۇرمىشنىڭ قولىدىن تارتتى، — يۈرگىن ئاچا، ئابامنى ساقلىتىپ قويمايلى.

— باللىرىمدىن خەۋەر ئېلىپ ئاندىن باراي، — دېدى قىزتۇرمىش ۋە باغنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ بىر قىز، ئىككى ئوغلى بار ئىدى.

— قىزىم، باللارنىمۇ ئېلىپ چىقسىلا، نەۋرىلىرىمنى كۆرگۈم كەلدى.

يۈسۈپ نامازدىگەردىن يانغان مەھەلدە كەلدى. ئۇ ئاتىسى، ئانىسىنىڭ ناھايىتى خۇشال ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، سالام بېرىپلا ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

— بالام، تاماق يەۋالسىلا، — دېدى كەينىدىن كىرگەن يابىرا.

— يېگۈم يوق، ئابا.
— نېمىشقا، بالام؟
— كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ.
— ئاغرىپ قالمىغانلا ـ ھە، بالام؟
— ياق، ئابا.
يابىرا يۈسۈپنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.
— بالام، تويلىرىنى قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلگەنلىرىدىن كېيىن كەم سۆز، خامۇش بولۇپ قالدىلا. نېمە بولدىلا، كۆڭۈللىرىدىكىنى دەپ باقسىلا؟
— ئابا، ئۆيلەنگۈم يوق، — پىچىرلىدى يۈسۈپ.
يابىرا چۆچۈپ كەتتى.
— نېمىشقا، بالام؟
يۈسۈپ زۇۋان سۈرمىدى. «مەن ئاقبىراني ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا قىزغا ئۆيلەنگۈم يوق» دېسىلا ھەممە ئىش ئايدىڭلىشاتتى. لېكىن، ئۇ:
— مېنىڭ سىلەر تاپقان ئۇ قىزغا ئۆيلەنگۈم يوق، — دېدى.
— بۇنداق دېمىسىلە، بالام. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بولغاندا يېنىۋالساق قانداق بولىدۇ. ئۇ كاتتا بۆگۈ بىلگەنىڭ قىزى ئىكەن.
يۈسۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانىسىغا ئەجەبلەنگەن ھالدا قارىدى.
— ئېتى نېمە ئىكەن ئۇ قىزنىڭ؟
— مۇرادىمە.
يۈسۈپنىڭ غەمكىن چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈردى، ئۇ بالا چېغىدىكىدەك بېشىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا قويدى.

## 2

بالاساغۇن ئاسمىنىغا قۇياش كۆتۈرۈلدى، بەگتۆمۈر قورۇسىغا

ئاپتاپ چۈشتى.

رەيھانىدىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل، ئاشانبۇقا ئەتىگەندىلا ئەبۇ يۇتۇھ مەخدۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تويلۇق توغرىسىدا يۇتۇشتى، توي كۈننى بېكىتتى ۋە چۈشكە يېقىن قايتىپ كەلدى. تويلۇققا ئىككى ياشلىق كۆندۈرۈلگەن تاي، توققۇز تال ئۇقى بىلەن يا، دېدىم، يىپ، يۇڭ، يىپەك رەختتىن ئۈچ قۇر كىيىم، بىر تىزىق مارجان، بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك، بىر جۈپ ئۈزۈك، ئالتۇن زىرە، ھالقا، ئۆتۈك قاتارلىق نەرسىلەر سېلىنىپ، ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەرەمگە ئېلىپ بېرىش، ئوردۇكەنتنى سەيلە ـ ساياھەت قىلدۇرۇش، دەپ يېزىلغاندى.

بەگتۆمۈر، رەيھانىدىنلار بۇ تويلۇقنى قوبۇل كۆرۈشتى.

توي يىغىم ـ تېرىم تۈگىگەن كەچ كۈزنىڭ ئاي بېشى — دۈشەنبە كۈنى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى، بۇنىڭغا يەنە يەتتە ـ سەككىز كۈن بار ئىدى.

توي تەييارلىقى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. يۈسۈپ ئوقۇشىغا بېرىۋەرگەن بولسىمۇ، توي كۈنىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىگە شۇنچىلىك تەقەززا بولدىكى، بىر كۈن بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ، يەتتە كۈننى تەستە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاقىبىرا تويى بولىدىغانلىقىنى ئانىسىدىن ئاڭلىغان كۈندىن بېرى ئىشىق ـ پىراقتا يۇچىلىنىپ، ئاپتاپتەك نۇرلۇق چىرايىنى غەم بۇلۇتى قاپلىدى. يۈسۈپنىڭ كېلىشىنى شۇنچىلىك خالىدىكى، ھويلا ئىشىكى غىچ قىلسا، چاچراپ تۇرۇپ كېتەتتى، چىقىپ باشقا كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، مەيۈسلىنىپ قايتىپ كىرەتتى. «توي بولۇشتىن بۇرۇن مېنى ئېلىپ قېچىڭ، ئوردۇكەنتكە كېتەيلى» دېمەكچى بولۇپ شۇنچە كۈتسىمۇ، يۈسۈپ قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. كېلىپ قالار، دەپ كۈتكەنسېرى، كۈنلەر شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتىكى، ئاقىبىراغا بىر سائەتچىلىكمۇ بىلىنمىدى. غەم بېسىپ شۈكلىشىپ قالغان قىز مىجەزىم يوق، دەپ

خانىسىدىن چىقمىدى، ئاتا ـ ئانىسى ھەرقانچە قىلىپمۇ قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىدى. تېۋىپلىقتىن خەۋىرى بولغان ئەبۇ يۈتۈھ مەخدۇم قىزىنىڭ سارغايغان چېھرىگە زەن سېلىپ، سۇس، ئەمما تېز سوقۇۋاتقان تومۇرىنى تۇتتى، «ئىشق كېسىلى» ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ ئۇن چىقمىدى، خانىسىغا قايتىپ چىقىپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ھاۋاخان ئاغىچىغا ئاستا دېدى:

— خوتۇن، قىزىمىزغا مۇھەببەت شامىلى دارىغاندەك قىلىدۇ. سوراپ باقتىلىمۇ، ئۇنىڭ ئىشقى كىمگە چۈشكەنىكەن؟

— قىزىمدىن سورىغۇدەك بولمىدىم. مەنغۇ بەگىيۇسۇپكە كۆڭلى بارمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن. باشقا كېسەل ئەمەستۇ ـ ھە؟ — ھاۋاخان ئاغىچا ئېرى بېشىنى چايقىغاندىن كېيىن ئۇھ تارتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قىزىم بەك ھايالىق. كىمگە ياتلىق بولۇشنى مەندىن سوراشتىنمۇ تارتىنىپ كېسەل بولۇپ كەتكەن گەپ، ئاتىسى. ئەمدى ئېيتمىسام بولمىغۇدەك.

— ئۇ ئۆزىنىڭ بەگىيۇسۇپكە ياتلىق قىلىنىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتۇ ـ دە؟

— ھەئە. يۈزى قېتىپ قالمىسۇن دەپ ئېيتمىغۇدىم، ئاتىسى، ئەمدى ئېيتاي.

— ياق، ئانىسى، ئېيتماي تۇرسىلا، بىر كۈن قالدى، مۇھەببەت قانچە يوشۇرۇن بولسا شۇنچە مۇستەھكەم بولىدۇ. كۆز بىلەن ئىزھار قىلىنغان ساپ مۇھەببەتنى ئېغىز بىلەن ئاشكارىلاپ چاكىنىلاشتۇرۇۋەتمەيلى. نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ يىگىت ـ قىزغا ھەقىقىي مۇھەببەتنى بەخش ئېتىدۇ، خۇددى بىزگە بەخش ئەتكەندەك. يامغۇردىن كېيىن ھەسەن ـ ھۈسەن پارلىغاندەك، قىزىمىزنىڭ مۇھەببىتىنىڭ نىكاھتىن كېيىن ئاشكارىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئەگەر قىزىمىزنىڭ كۆڭلىدىكى يىگىت بەگىيۇسۇپ بولماي قالسىچۇ؟ — ھاۋاخان ئاغىچا ئېرىگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ ئېغىر تىندى.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئانىسى. قىزىمىز بەگيۇسۇپنى ياخشى كۆرىدۇ، بەگيۇسۇپ ئۇنىڭغا ئاشىق. قارىغاندا، بۇ يىگىت قىزىمىزغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۈلگۈرمىگەن ئوخشايدۇ. بىرنەچچە كۈندىن بېرى مېنى كۆرسە ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ يەرگە قارىۋالىدىغان بولدى. قىزىمىز بولسا ئۆزى ياتلىق بولىدىغان يىگىتنى بىلەلمەي ئازابلانماقتا. ئۇنىڭمۇ ئازابىنى ھازىرلا يېنىكلىتىش مۇمكىن، لېكىن نىكاھ بولغۇچە سەۋر قىلىشى، ھىجران ئازابىغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك، ئانىسى. سىلى ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى بولمىسىلا، نىكاھ ئوقۇلغۇچە ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسۇن. قىز بالا ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرىدۇ، تولا يىغلاپ ئۆزىنى ئازابلىماسلىقىغا كۆندۈرسىلە.

— ماقۇل، ئاتىسى، مەن قىزىمىزنىڭ يېنىغا چىقاي، — دەپ ماڭغان ھاۋاخان ئاغىچا تاشقىرىقى ھويلىدا دەرس تەكرارلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنى قويۇپ بېرىپ ئاشخانىغا كىردى ۋە بايا تۆكۈپ قويغان چۆچۈرىنى پىشۇردى، ھېجىرغا ئېلىپ قىزىنىڭ خانىسىغا ئاياغ باستى. ئاقىرا كىتاب ئوقۇۋاتاتتى، مۆڭلۈق كۆزلىرىدىن تامچىغان ياش كىتاب بەتلىرىدە سارغۇچ داغلارنى پەيدا قىلغانىدى.

— جېنىم بالام، تاماق يەۋالسىلا، — ھاۋاخان ئاغىچا يۇمشاقسۇت، زىرىنىڭ خۇشبۇيى تارىلىپ تۇرغان ھېجىرنى قىزىنىڭ ئالدىغا قويدى، — بىرنېمە يېمەي بۇنداق يىغلاۋەرسىلە كېسەل بولۇپ قالىدىلا، يەۋالسىلا، بالام.

ئاقىرا كىتابنى يېپىپ قويدى، ھەسرەت ياشلىرى قۇيۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرغىنىچە زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ كۆڭلىدىكىنى قانداقمۇ دېيەلىسۇن؟

— جېنىم قىزىم، بىزنى ئۇنداق قىينىمىسىلا. بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ ياتلىق بولۇشى ئەزەلدىن بار ئىش، بۇ ئاللانىڭ تەقدىرى. بىلىمەن، بىزدىن ئايرىلىشقا قىيماي يىغلاۋاتىدىلا،

مەنمۇ تويۇم بولىدىغان چاغدا يىغلىغان، لېكىن سىلىدەك بۇنداق ھەسرەتلىنىپ كەتمىگەن. بالام، سىلى ئارتۇقچە غەم يەپ كېتىۋاتىدىلا، بۇ توي سىلىگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ.

— ئابا ... — ئاقبىرا ئانىسىنىڭ بېلىدىن قاماللاپ تۇتۇپ يۇم - يۇم يىغلىدى.

— نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىم ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن، بىر ئەنسىزلىك ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. مېنىڭ زادىلا تۇرمۇشقا چىققۇم يوق، ئابا. توينى توختىتىپ قويساڭلار.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، قىزىم؟ باغاق تارقىتىلىپ بولدى. بۈگۈن ئاش سۈيىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاتىلىرىنىڭ يۈزىنى قىلمامدىلا، بالام؟

— مەن ئۆلۈپ كەتسەم بوپتىكەن، ئابا.

— سىلى ئەمەس، مەن ئۆلەي، بالام، مەن ئۆلەي، — ھاۋاخان ئاغىچا ئاقبىرانىڭ بېشىنى سىلاپ ئۆكسۈپ يىغلىدى، — بۇ تويغا ماقۇل بولمىسىلا، ئۆلۈپ كەتسەم بولىدۇ. ئۆتۈنۈپ قالاي، بالام، بىزنى يەرگە قاراتمىسىلا، ماقۇلمۇ؟

ئانىسىنىڭ يالۋۇرۇپ ئېيتقان بۇ سۆزى ئاقبىرانىڭ غەمكىن كۆڭلىدە بىر خىيال پەيدا قىلدى: «توي بولىۋەرسۇن، نىكاھ باشلانغاندا رەت قىلسام بولىدىغۇ ...»

— ماقۇل، ئابا، ئاللانىڭ ئىرادىسىنى مەن توسۇپ قالالمايمەن.

— جېنىم بالام، ئالتۇن قىزىم، ئەمدى ئەقىللىرىگە كەلدىلە، بۇ توي سىلىگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ.

بۇ سۆزنى ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىغان ئاقبىرا: «يۈسۈپتىن باشقا ئەر زاتى ماڭا بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ» دەپ پىچىرلىدى.

— نېمە دېدىلە، قىزىم؟

— ئاللا خالىغان ئىش بولماي قالمايدۇ، دەۋاتىمەن، — جاۋاب

بەردى ئاقىۋرا چۆچۈرىنى يېيىشكە باشلاپ. باياتىن نېمە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغاچقا، قورسىقى ئاچقاندەك قىلغانىدى.

— ئانىسى، تويىنىڭ ئاش سۇيىنى ئىلىپ كەلدى، — دەھلىزدىن ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مېھمانلارنى سارايغا باشلىسىلا، ئاتىسى. مەن داستىخاننى ھازىر چىقارتىمەن، — ھاۋاخان ئاغىچا ئالدىراپ ئاشخانىغا چىقتى.

ئۇردا ئەمىرى بەگتۇتۇق، چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل، بەگبۇقا مەھەللىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاشانبۇقا، ئۇدمىش، بويانقارلار بىر بوغرا تۆگە، بىر تاي، ئۈچ قوتاز، توققۇز قوي، قىرىق چارەك گۈرۈچ، يۈز چارەك ئۇن ۋە تۇز قاتارلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئىلىپ كېلىشكەنىدى. قۇللۇق قىلىپ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالغان ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم ئۇلارنى تون كىيدۈرۈپ ئۇزاتتى.

كىچىكە ھېچكىم كىرىپىك قاقمىدى. ئۆزىنى شۇنچە تۇتسىمۇ، ئاقىۋرانىڭ يىغلىغۇسىلا كېلەتتى. «مېنى ئالماقچى بولغان يىگىت يۇسۇپ بولۇپ قالسا ئىدى كاشكى، ئاھ خۇدا! شۇنداق بولۇشقا نېسىپ قىلغىن» بۇ ئوي دىلىغا چۈشۈپ، ئۆزىچە تىنچلىنىپ قالدى. «ئەگەر يۇسۇپ بولمىسا، نىكاھ ۋاقتىدا قەتئىي رەت قىلىمەن. ئۇ چاغدا ئاتا ـ ئانام نېمە بولۇپ كېتەر ـ ھە، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن؟ خۇدا، ئاھ تەڭرى! مېنى دەرگاھىڭغا ئىلىپ كەتكىن ...» دەپ نالە قىلدى بېشىنى سەجدىگە قويۇپ.

مەشرىق سەھنىتى ئاقىرىپ تاڭ ئاتتى، ئالتۇن شەپەق ئاقىۋرانىڭ ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىگە جۇلا تاشلىدى. ئۇ جايىنامازدا ئىلتىجا قىلىپ تېخىچە يىغلاۋاتاتتى. ئىشىك ئېچىلدى. كىمدۇ بۇ؟ ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قىز دوستلىرىنى كۆردى. «نېمىشقا ئۇلار كىرىدۇ؟ چاقىرمىغان تۇرسام، چىقىپ كېتىڭلار، چىقىپ كېتىڭلار!» ئۇ ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئاۋازى

تۇزۇك چىقمىدى. ياق، ئۇ ۋارقىرىمىغانىدى، شۇنداق ئويلىغانىدى، جان دوستلىرىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا قانداقمۇ كۆڭلى ئۇنىسۇن؟

— قاراڭلار، كېلىنچەك قىز بەختىنى تىلەپ دۇئا قىلىۋېتىپتۇ.

— تېگىدىغان يىگىتكە ئىنساب تىلەۋاتقاندۇ تايىنلىق.

— ئاقبىرا يىگىتنىڭ لاچىندەك پەرۋاز قىلىشىنى خالايدۇ ...

— كىم خالىمايدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئاقبىرادەك ئۇز قىزغا ئۆيلەنگەن يىگىت شۇنداق بولۇشى كېرەك.

قىزلار چاقچاق قىلىشىپ ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

— مۇشۇ تاپتا تاشقىرىقى ھويلىدا توي تازا قىزىپ كەتتى، — دېدى بويلۇق، چىرايى ئاق سېرىق، قەلەم قاش قىز، — مېھمانلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ توي ئېشىغا ئېغىز تېگىۋاتقاندۇ، ھەرقاچان؟

— توي قىزىپ كەتمەي، يىغا - زار بولسا ئوبدانمىدى؟ ئۇنى قويۇپ كۆيۈئوغۇل توغرۇلۇق گەپ قىلغىنا گۈلنار، قارا قاش، قارا بۇرۇت يىگىتتۇ، بەلكىم. ئېيتقىنا ئاقبىرا، سەن كۆرگەن بولغىيدىڭ؟ — دېدى يەنە بىر قىز ئۇنىڭ ئۆرۈم - ئۆرۈم قارا چاچلىرىنى چۇۋۇپ.

— ئوھوش، نېمە دەۋاتىسەن نەرگىز؟ چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەن، — ئاچچىقلاپ دومسىيىۋالدى ئاقبىرا.

— كەچتە كۆرسەن خېنىم، ئېچىلىپ ئولتۇرغىنا.

— كۆرمەسمەن، ئىلاھىم.

— نېمە دەۋاتىسەن، كەچتە كۆرمىسەڭ قاچان كۆرىسەن؟

— ھېچقاچان.

قىزلار قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— تۇرغىن ئاقبىرا، تېزرەك يېشىنگىن، يۇيۇندۇرۇپ تويلۇق كىيىمىڭنى كىيدۈرىمىز، — نەرگىز ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى.

— يۇيۇنمايمەن، تويلۇق كىيىمىنىمۇ كىيمەيمەن! — ئاقبىرا

يۇلقۇنۇپ قويقىلى ئۇنىمىدى.
— كىيىسەن خېنىم، كىيىمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى گۈلنار. ئۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئىشارەت قىلىۋىدى، قىزلار ئاقبىراننىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتتى. ئىزا تارتىپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان قىز، قوللىرى بىلەن خاس يېرىنى يوشۇردى، ئۇنى قولمۇقول كۆتۈرۈپ قازناققا ئېلىپ كىردى.
چوڭقۇر قېزىلىپ، ساپال نوكەش ئورنىتىلغان خىش ئەۋرەز قازناقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، سۇ كىرىپ كېتىدىغان يۇمىلاق تۆشۈكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
نەرگىز، گۈلنارلار ئاقبىراننىڭ بويۇن - باشلىرىغا ئىللىق سۇ قۇيۇپ، سوپۇنلاپ يۇيۇشقا تۇتۇندى.
— نېمە قىلىۋاتىسىلەر جومباقلار؟ قويۇپ بېرىڭلار، كىيىمىمنى كىيىۋالاي، — دەپ تېپىرلاپ سىلكىشلىسىمۇ، قىزلار ئارقا - ئارقىدىن سۇ قۇيۇپ يۇيۇۋەردى.
— تولا ناز قىلمىغىنا خېنىم، ئىچىڭدە تازا خۇش بولۇۋاتقانسەن، — دېدى گۈلنار ئۇنىڭ قارا چاچلىرىنى يۇيۇپ، — ئورنىڭدا مەن بولسام خۇشاللىقىمدىن ئۇسسۇل ئويناپ كېتەتتىم.
— جۇۋاينىمەك! — ئاچچىقلىدى ئاقبىرا، — مېنىڭ ئۆلگۈم كېلىۋاتىدۇ ...
ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەي، نەرگىز يەنە بىر مىس چۆگۈندىكى ئەنبەر ئارىلاشتۇرۇلغان ئىللىق سۇنى ئۇنىڭ بېشىغا قۇيدى. خۇش پۇراق ئىللىق سۇدىن ھۇزۇرلانغان قىزنىڭ بۇلۇتتەك يۇمران بەدىنى شىشىدەك پارقىراپ كەتتى. قىزلار ئاق شىلدىرشاپنى ئۇنىڭ ئۇچىسىغا يېپىپ قازناقتىن ئېلىپ چىقىشتى، يەتتە قات ئىشتان، يەتتە قات كۆڭلەك كىيدۈرۈشتى. ئۇ يا كۈلمەي، يا يىغلىماي، كۈمۈش ھەيكەلدەك جىم تۇرۇپ بەردى.
گۈلنار ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ چاچ تەڭگىسىنى دۈمبىسىگە

ياپتى. نەرگىز دەريا دولقۇنىدەك ئۆركەشلىنىپ تۇرغان چاچلارنى تاراپ قىرىق بىر ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈدى. قىزىل، ئاق، قارا، يېشىل مارجانلارنى، تىللا، كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئۆرۈم - ئۆرۈم چاچلارغا ئاستى، ئوڭ قول بارماقلىرىغا ئۈچ، سول قولىنىڭكىگە ئىككى ئۈزۈك سالدى. ئاقىرىپ تۇرغان بويىنىغا ئالتۇن زۇننار، گۈل پورىكىدەك قۇلىقىغا قىزىل ياقۇت كۆزلۈك سۆكە ئاستى. قارا قاشلىرىغا ئوسما قويۇپ، كۆزلىرىگە سۈرمە تارتتى. نەرگىز تەكچىدىكى ئەينەكنى ئېلىپ كېلىپ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇتۇپ بەردى. شۇنداق قارىغان ئاقبىرا قاش - كىرپىكلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ تۇرغىنىدىن، چىرايىنىڭ سۈزۈلۈپ ئون بەش كۈنلۈك ئايدەك نۇرلىنىپ كەتكىنىدىن ئەمەس، باغىرداق تاقاپ قويغاچقا كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۆكسىگە نەزىرى ئېغىپ ۋىللىدە قىزاردى. ئۇ بىردىن ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇلۇڭغا قويۇقلۇق ساندۇقنىڭ يېنىغا باردى، ئېچىپ يۇسۇپ بەرگەن سوۋغىلارنى ئالدى. ئوڭ ۋە سول بارمىقىدىكى ئۈزۈكلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ساندۇقتىن ئالغان ئىككى ئۈزۈكنى، قۇلىقىدىكى سۆكىنى ئېلىۋېتىپ زىرىنى سالدى. بويىنىدىكى ئالتۇن زۇننارنى ئېلىۋېتىپ مارجاننى ئاستى. بېشىدىكى ۋالىلداپ تۇرغان دېدىمىنى تەكچىگە قويۇپ، مەرۋايىت دوپپىنى كىيدى، ئاق ھىلھىلە رومالنى ئارتتى.

— ئەمدى بولدى، — دېدى ئۇ ھاڭۋېقىپ قالغان دوستلىرىغا كۆز سېلىپ، — مېنى مەيلىمگە قويۇڭلار.

— سەن بۇ تۇرقۇڭ بىلەن تويى بولغان قىزغا ئوخشىماي قالدىڭ، ھېچبولمىسا دېدىمىنى كىيىۋال، — دېدى نەرگىز ئاقىرانى ئەيىبلىگەن تەرزدە قاراپ.

— كىيمەيمەن! — ئۇ بويىنىنى شۇنداق سولكەت بىلەن تولغىدىكى، بەش تال ئۆرۈم چېچى قۇچىقىغا تاشلاندى، — كارىڭ بولمىسۇن.

نەرگىز ئاداشلىرىغا كۆز قىسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەگىم قېشىغا ئوسما قويۇشقا كىرىشتى.

# 3

سۈبھىدەمدىن تارتىپ رەيھانىدىن، بەگتۆمۈرلەر ئەبۇ پۈتۈھ مەخدۇمنىڭ ھال رەڭ قىزغۇچ تۇغ ئېسىپ قويۇلغان دەرۋازىسى ئالدىدا، كەلگەن مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ، قايتقانلارنى ئۇزىتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بالاساغۇندا تۇرۇشلۇق ئارسلانخان، يابغۇلىرى، چاغرىبەگ، تارخانبەگلىرى، ئالىم، ھۆكۈما، ئەدىب، شائىرلىرى، ھۈنەرۋەن، كاسىپ، تىجارەتچىلىرى، دېھقان، مالچىلىرى تويغا كېلىۋاتاتتى.

بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخانمۇ يوغرۇش، ھاجىب، سۇباشىلار بىلەن كېلىپ خېلى ئولتۇرۇپ يانغانىدى.

ئوتتۇز قوي، يەتتە قوتاز، ئۈچ تاي، بىر بۇغرا تۆگىنىڭ گۆشى سېلىنغان توققۇز داش قازاننىڭ پولۇسى تۈگىدى. ئۈچ تۈمەن نان ئۈلەشتۈرۈلدى. ئايۋان، ساراي پېشايۋاندىن باشقا، باغ سەيناسىغا سېلىنغان ئوتتۇز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى داستىخان ئوتتۇز قېتىم توشتى. مېھمانلارنىڭ ئالدى ـ كەينى چۈشكە يېقىن ئۈزاپ بولدى.

رەيھانىدىن بىلەن بەگتۆمۈر قۇدىسىدىن رازى بولغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

پېشىنىدىن كېيىن، بۇغراغا مىنگەن يۇسۇپنىڭ خەنجەر، قىلىچ ئاسقان يۈزدىن ئارتۇق دوست ۋە قولداشلىرى ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ «ئاللا! ئاللا!» دەپ توۋلاپ يولغا چىققاندا، قىزلار ئاقبىرانى ياساپ جابدۇپ بولغانىدى. دېرىزىدىن قارىغان گۈلنار:

— كۈيئوغۇل كەلگەن ئوخشايدۇ، قاراپ باقاي، — دەپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

ئاقبىرا «كەلسە كەلمەمدۇ» دېگەندەك قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، لەۋلىرىنى پۈرۈپ قويدى.

— تاشقىرىقى ھويلا، پېشايۋان، ئۆيلەر مېھمانلار بىلەن تولۇپ

كېتىپتۇ، كۈيۈئوغۇلنى كۆرەلمەي قالدىم، ــ دېدى قايتىپ كىرگەن گۈلنار ھاياجىنىنى باسالماي.

ــ كېلىنچەكنىڭ ئەندىشىسى توغەپ، چىرايى ئېچىلماي تۇرۇپلا كېلىۋاتقىنى بۇ كۈيۈئوغۇل، ــ دېدى بايا ئاقىىرانىڭ ئاچچىقلاپ قىلغان سۆزىگە جاۋاب ئىزدەپ تۇرغان نەرگىز تەنە قىلىپ.

ــ بالدۇر دەمسەن ئاداش؟ چىقىپ كۆنگە قاراپ باق، مەغرىبكە قاراپ كېتىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئەمدى نەرە تارتىپ، قىلچۇۋازلىق قىلىپ قىزنىڭ كۆڭۈل شەھرىنى ئالالمىسا، توي قانداق قىزىيدۇ؟ يۇرۇڭلار، بالىخانىغا چىقىپ ناخشا توۋلاپ يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋېتەيلى، قوللىرىدىن قىلىچى، باشلىرىدىن بۆكى چۈشۈپ كەتسۇن، يۇرۇڭلار، ــ گۈلنار قىزلار بىلەن ئاقىىرانى ئارىغا ئېلىپ، دېرىزىلىرى تاشقىرىقى ھويلىغا قارايدىغان بالىخانىغا چىقتى. غۇر ـ غۇر كۆز شامىلىدا پەردىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان بالىخانا ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەنىدى. ئوتقاشتەك قىزىل زىلچا سېلىنىپ، تېمىغا تاۋار زەدىۋال تارتىلغانىدى. ۋاسا جۈپ قىلىنغان تورۇسىغا خىلمۇخىل نەقىش چېكىلگەنىدى. ئايلانما ناۋاسىغا چىقىرىلغان چەكمە گۈللەر دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا چاقناپ كەتكەنىدى. تەكچىلىرىگە يامغا ئېلىنغان گۈللەر قويۇلۇپ، كۆنگۈرىلىك ئويۇقلارغا كىتاب تىزىلغان، ئۇد، تەمبۇر، داپ قاتارلىق چالغۇلارمۇ يۆلەپ قويۇلغانىدى.

گۈلنار داپ چېلىپ ناخشا باشلىدى:

باراقسان سۆگەتكە قۇش قونار،
چىرايلىق قىزلارغا سۆز كېلەر.

قىزلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قوشۇلدى:

بەخت بەرسە تەڭرىم قۇلىغا،
ئىشى ئۇڭدىن كېلىپ يۈكسىلەر①.

ھويلا سەيناسىدا قىلىچۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقان ئىككى يىگىت تەڭلا يۇقىرىغا قاراشتى. يۈرەكلىرى جىغىلداپ، قوللىرىدىكى قىلىچ يەرگە چۈشتى، بۆكلىرى ئۇچۇپ كەتتى ... قىزلارنىڭ لەرزان ناخشىسى قىيا ئوچۇق دېرىزىدىن تاشقىرىغا شامالدەك تارايتتى. يىگىتلەرنىڭ تۇيغۇن نەزىرى ئاشۇ دېرىزىگە چۈشتى. ئۆگزە، ھۇجرا، ئۆيلەردىكى قىزلارنىڭ ئوتلۇق نىگاھىمۇ يىگىتلەرگە تاشلاندى. ئۆزلىرىگە ياراپ كۆڭلى چۈشكەن يىگىتلەرگە ياغلىق، گۈل تاشلاشتى. گۈل تاشلىمىغان ئاقىبرادىن باشقا بىرلا قىز قالدى، ئۇ يۇسۇپنىڭ ئاچىسى ئارچۇن ئىدى. ناھايىتى چىرايلىق كىيىنگەن ئارچۇن ئوغۇللۇق تەرەپتىن ئېيتىلغان قىزلارنى باشلاپ كەلگەنىدى. ئاقىبرانى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەل چىرايىغا قانچە زوقلانغان بولسا، مەيۈس، غەمكىن ئولتۇرغىنىدىن شۇنچە ئەجەبلەندى. «ئەجەبا، بۇ قىز ئىنىمنى ياقتۇرمىسا ـ ھە؟! ئاپتاپتەك ئېچىلىپ ئولتۇرماي، بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتكىنى نېمىسى ...» ئۇ خىيالچان نەزىرىنى ھويلىغا يۆتكىدى. گۈل، ياغلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشمەكتە ئىدى. ئىككى يىگىت ـــ يۇسۇپ بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا خەنجىرىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ تۇرغان قولدىشىلا ئۆزلىرىگە تاشلانغان ياغلىق، گۈللەرگە نەزەر كۆزىنىمۇ سالماي ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلارغا قىزىل چاقماق بويۇندىق ناھايىتى ياراشقانىدى.

«ئىنىمنىڭ ئۆزىگە تاشلانغان ياغلىقنى تۇتۇۋالمىغىنى، ئەمىرگە ئالماقچى بولغان قىزغا سادىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما،

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تېكىست)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 245 ـ، 246 ـ بەتلەر.

يېنىدىكى ئالىپ يىگىت نىمىشقا ئۆزىگە تاشلانغان ياغلىقنىڭ بىرەرىنىمۇ تۇتۇۋالمايدىغاندۇ، يا ئۇنىڭ ياخشى كۆرگىنى بۇ قىزلار ئىچىدە يوقمۇ؟ ...» دەپ ئويلىغان ئارچۇن ئاشۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ، روملىنى يۈزىگە چۈشۈرۈۋالدى.

قىزلار ناخشا ئېيتىپ، ياغلىق تاشلاپ، يىگىتلەر چېلىشىپ، نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قىلىشىپ كەچ كىرىپ كەتكەننى بىلمەيلا قالدى. پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىگە، تاملارغا، دەرەخ شاخلىرىغا ئورنىتىلغان قەندىللەردىكى شاملار ياندۇرۇلدى، هويلا، ئۆيىنىڭ ئىچى كۈندۈزدەك نۇرلىنىپ كەتتى. شام نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن نىكاھ باشلاندى.

قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ شەيخۇلئىسلامى بەگتاش ئابدۇللا داموللا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاچقا نەۋرىسىنىڭ تويىغا كېلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا شەيخۇلئىسلام بولغان ئابدۇلھاپىز دامولla پېشايۋان تۆرىدە ئولتۇرغىنىچە ساقىلىنى سىيپاپ، هويلىغا لىق توشقان توي ئەھلىگە كۆز يۈگۈرۈتۈپ نىكاھنى باشلىدى. ئاۋۋال ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتتى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرىپىنى قىلدى، چاهاريارلارنىڭ ئادالەت ۋە شاپائەت بابىدىكى ساداقىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى، ئاندىن گۇۋاهچىلارنى بەلگىلەپ قىزنى چاقىرتتى.

ئاق پەرەنجە ئارتىپ، يۈزىگە قارا چۈمبەل تارتقان ئاقىسرانى ئىككى يەڭگە، قىز قولداشلىرى بالىخانىدىن ئېلىپ چۈشۈپ، ئىچكىرى هويلىدىن تاشقىرى هويلىغا چىقىدىغان ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ تۇرۇشتى.

— قىز كەلدىمۇ؟ — سورىدى بويۇنداپ قارىغان ئابدۇلھاپىز دامولla.

— كەلدى، جانابلىرى، — دېدى گۇۋاهچى ئادامتوغرۇل.

— يۈسۈپ رەيھانىدىنبەگ ئوغلى، مۇرادىمە ئەبۇ پۇتۇھ ئابدۇغوپۇر مەخدۇم قىزىنى ئەمرىلىرىگە ئالدىلىمۇ؟ ئۇنىلۈك

جاۋاب بەرسىلە.

ئاقىىرا ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتى. يۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن قارىغان بولسىمۇ، پېشايۋاندا تۇرغان يۇسۇپنى كۆرەلمىدى. قىز يۈرىكى تېپچەكلەپ قولىقىنى دىڭ قىلىپ تۇرۇۋېدى:

— ئالدىم، — دېگەن تونۇش ئۈننى ئاڭلاپ ۋۇجۇدى شۈررىدە ئېرىدى. «يۇسۇپمۇ نېمە، ئۇنىڭ ئاۋازىغۇ بۇ. ئاھ خۇدا، بۇ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ؟ ...» دەپ پىچىرلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— مۇرادىمە ئەبۇ يۇتۇھ ئابدۇغوپۇر مەخدۇم قىزى، يۇسۇپ رەيھانىدىنبەگ ئوغلىنى ئۆزلىرىگە قوبۇل قىلدىلىمۇ؟

— ...

داموللا سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى.

— ...

«بۇنداق مەنىلىك، گۈزەل يەنە بىر ئىسمنىڭ بارلىقىنى ماڭا دېمىگەن بولسا، بۇ نىكاھنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى تېزرەك جاۋاب بەرسە بولاتتى ...» دەپ يۇسۇپمۇ تاقەتسىزلەندى.

— قوبۇل قىلدىم دېسىلە، خان قىز. شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى جاۋابلىرىغا قاراپ قالدى، — دېدى يەڭگە بولغۇچى ئايال بىقىنىغا نوقۇپ.

ئاقىىرا ئاستا تۇردى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق قارا كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر ئۇچقۇن يالت ئېتىپ چاقنىغاندەك بولدى ـ دە، ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى.

— قوبۇل قىلدىم ...

ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئەكس ئەتكەن قېيداش، نازۇكلۇق قوشۇلۇپ، يۇسۇپنىڭ قۇلىقىغا ناھايىتى يېقىملىق ئىشىتىلدى.

قىزنىڭ رەت قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئاتا ـ ئانىنىڭمۇ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

كۇيۇئوغۇل بىلەن كېلىنگە ئاتاپ ئالاھىدە پىشۇرغان كىچىك

توقاچنى ھېجىردىكى تۈزغا چىلىغان شەيخۇلئىسلام گۇۋاھچى ئادامتوغرۇل ئۇزاتقان پەتنۇسقا قويۇپ دېدى:

— بىر ناننى تەڭ يەپ، تەڭ قېرىڭلار، كۆپ بالىلىق بولۇپ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈڭلار، ئاللامۇ، ۋەتەنداشلارمۇ سىلەردىن رازى بولسۇن !

ئادامتوغرۇل پېشايۋاننىڭ ئوڭ تەرىپىدا قۇرداشلىرى بىلەن ئولتۇرغان يۈسۈپكە «نىكاھ نېنى»نى سۇندى. ئۇ ئېلىپ ئوتتۇرىدىن تەڭ بۆلدى، يېرىمىنى ئېلىپ قېلىپ، يېرىمىنى پەتنۇسقا قويدى. ئادامتوغرۇل پېشايۋان سۇپىسىدىن قىرى ئەرمۇدۇن دەرىخىنىڭ كۆلەڭگىسى چۈشكەن ئىچكىرى ھويلىنىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كېلىپ پەتنۇسنى قىزغا تەڭلىدى. رومال بىلەن ئورالغان بىر قول ناننى ئالدى. ھەر ئىككىسىلەن ئۆز ئورۇنلىرىدا تۈزغا چىلانغان مۇقەددەس «نىكاھ نېنى»نى ئاشۇرماي يېدى.

يۈسۈپ بىلەن ئاقبىرانىڭ ۋۇجۇدى بىر - بىرىگە ئۆمۈرلۈك باغلاندى. جىسمى بىر - بىرىگە ھالال بولدى. يېڭى كۆتۈرۈلگەن ئاي خۇددى مۇرادىغا يەتكەن قىزنىڭ لېۋىدەك تاتلىق كۈلۈمسىرەپ ئۇلارنى قۇتلۇقلىدى. يۇلتۇزلارمۇ ئۇلارنى مۇبارەكلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن كۆك يۈزىدە جىلۋە قىلدى. قىزنى يۆتكەيدىغان ۋاقىت بولغانىدى.

بويانقار بوينىغا گۈلچەمبىرەك، مارجان، قۇيرۇقىغا قىزىل يىپەك ياغلىق، يىلان مۇڭگۈزى ئېسىلغان، ئۇستىگە بۆرە تېرىسى يېپىلغان بۇغرانى ھويلىغا ئېلىپ كىردى. بۇ بايا يۈسۈپ مىنىپ كەلگەن بوز تۆگە ئىدى.

تۆت يەڭگە ئارىغا ئالغان ئاقبىرا ئانىسى، قولداشلىرى بىلەن بۇغراغا يېقىنلاپ كەلدى. سۆيۈنگەن يۈسۈپ قولىنى ئۇزارتىپ ئۇنى ئالدىغا ئالدى. قىز ئۆكسۈپ يىغلىدى، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىشقا قىيماي ۋاتاتتى.

ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم قىزىغا رازىلىق دۇئاسى بەردى:

— بويۇڭلارنى قوش قىلغان تەڭرىم، ئويۇڭلارنى قوش

قىلسۇن. ئىمانىڭلارنى كامىل قىلغان تەڭرىم، ئىنسابىڭلارنى ئادىل قىلسۇن. سىلەرنى قوشۇپ شاد قىلغان تەڭرىم، بەختىڭلارنى بەرسۇن. سىلەرنى قوشۇپ شاد قىلغان تەڭرىم، پەرزەنتلەر بىلەن ئۆيۈڭلارنى ئاۋات قىلسۇن. ئۆمۈرۋايەت بىر جان، بىر تەن بولۇپ ئۆتكەيسىلەر، ئامىن!

— ئامىن! — توي ئەھلىنىڭ ئاۋازى ھويلىنى كۆتۈرۈۋەتتى. يۈسۈپ چۆلۈۋرنى تارتىپ بۇغرانى تۇرغۇزدى.

— خۇداغا تاپشۇردۇم قىزىم، بەگيۈسۈپ بالام بىلەن بەختلىك بولغايلا، — دېدى ھاۋاخان ئاغىچا. ئۇ كۇلۇمسىرىگەندەك قىلغان بىلەن، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى.

— خوش ئاتا، خوش ئابا! — ئاستا ماڭغان بۇغرا تۆگىنىڭ لوككىسىنى قاماللاپ تۇتقان ئاقبىرا ئۇلارغا تەلپۈنۈپ ئېگىلدى.

تاشقىرىدا ئاتلىرىغا مىنىپ تۇرۇشقان كۈيئوغۇلنىڭ قولداش، دوستلىرى، بۇغرا تۆگە ئىشىكتىن چىقىشى بىلەن ناغرا - سۇنايلىرىنى ياڭرىتىپ، ئوتقاشلىرىنى ياندۇرۇپ يولغا چۈشتى. ئۈچ ھارۋىغا ئولتۇرغان يەڭگىلەر، قىزلار يار - يار ئېيتىپ بۇغرا تۆگىنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى.

بەگتۆمۈر قورۇسىنىڭ ئالدىغا ئۈچ يەردە گۈلخان يېقىلغانىدى. يۈزلىگەن گۆدەك باللار «چاچالمايدۇ، چاچالمايدۇ» دېيىشىپ، يېتىپ كەلگەن بۇغرا تۆگىنى ئورىۋالدى. يۈسۈپ خالتىغا ئېلىۋالغان كۈمۈش، مىس تەڭگىلەرنى باللارغا چاچتى، ئاندىن تۆگىنى چۆكتۈرۈپ يەرگە چۈشتى، ئاقبىرانى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ يەرگە دەسسەتتى. بۇ كېلىن ئادەت بويىچە، ئۈچتىن توققۇز تىللا توگۈلگەن ئۈچ شايى بەلباغنى گۈلخان سالغۇچى ئۈچ يىگىتكە تاشلاپ بەردى.

ئايتولۇن، ئايسىلىگ، ئايتمىش، ئارچۈن تۆت ئاچا - سىڭىل كۆتۈرۈپ كېلىشكەن يىپەك گىلەمگە ئاقبىرانى ئولتۇرغۇزدى. ئۇنى كۆتۈرۈپ گۈركىرەپ يېنىۋاتقان گۈلخانلارنى ئايلىنىپ ئۆتتى - دە، مىس ھالقىلىق ھىم ئېتىلگەن چوڭ ئىشىكنىڭ

يىنىغا كېلىپ توختاشتى. يەڭگىلەر ئالدىغا ئۆتۈپ:

ئىشىكنى ئىلدام ئېچىڭلار،
كېلىن كەلدى، قۇت كەلدى.
بېشىغا گۈل چېچىڭلار،
كۆيۈئوغۇلغا بۇد① كەلدى!

دەپ ئىلتىجا قىلىشتى. ئىشىك كەينىدىن:

ئىشىك ئېچىلماس بوگۇنچە،
بىرىلمىسە سۆيۈنچە.

دېگەن تەلەپ قويۇلدى.

يەڭگىلەر ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئىككى تونلۇق بەقەسەم بىلەن كۆمۈش ساپلىق ئىككى خەنجەرنى ئىشىكنى تاقىۋالغان يارۇق، ئادارلارغا تارتۇق قىلدى. ئۇلار ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. ئاچا ـ سىڭىللار قىزىل پاياندار ئۈستىدە سىلىق مېڭىپ ساراي ئۆيگە كىرىشتى ۋە ئاقبىرانى گىلەمدىن يەتتە قات يېكەندازغا ئېلىپ ئولتۇرغۇزدى. قىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولداشلىرىمۇ ئورۇن ئالدى. داستىخان سېلىنىپ تويلۇق ئېشى تارتىلدى. ئارقىدىن تونۇردا پۈتۈن پىشى كاۋاپ قىلىنغان ئۇلار، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە گۆشلىرى تارتىلدى.

قىزنى قۇدىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئاقبىرانىڭ ئىككى تاغىسىنى رەيھاندىن مېھمانخانىدا كۈتۈۋېلىپ ئۇلارغا تون ياپتى.

پولۇ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىزلىق تەرەپتىن كەلگەنلەر ئۇزاپ، تۆت يەڭگە قالدى. ئۇلار ئايتولۇننىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقبىرانى باغ ئىچىدىكى يوسۇپنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. يېڭى ئايىنىڭ شولىسى دېرىزىلەردە جۇلالاپ تۇراتتى.

---

① بۇد ـــ تاج.

پاقىنىڭ كۈركىرىغان ئاۋازى، ئىزغىرىن شامالدا ئىرغاڭشىغان دەرەخلەرنىڭ شىلدىرلىشى، ئىتلارنىڭ قاۋىشى بۇ ئاسايىشلىق كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

يۇسۇپ قولداشلىرىنى ئۇزىتىپ خانىسىغا كىرىشى بىلەن تەڭ يەڭگىلەر يۇزلىرىنى رومىلى بىلەن توسۇشۇپ يان ئۆيگە چىقىپ كېتىشتى...

بىر قات ئىچكى كىيىمى بىلەنلا ئەنبەرنىڭ خۇشبۇيى كېلىپ تۇرغان كىمخاب تۆشەك ئىچىدە ياتقان ئاقىرا نېمىشقىدۇر سەل قورققاندەك قىلىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قارىدى. يۇسۇپنىڭ مەڭزى توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. كەيپىياتى چاغ بولسىمۇ، نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى، ئۇ شۇ ھالىچە گەپ قىلمايلا يېشىنىشكە كىرىشتى. بادام دوپپىسىنى بېشىدىن ئالدى، بويۇندىق، بەقەسەم تونىنى كەمەر، خەنجىرى بىلەن ئاسقۇغا ئىلدى، ئۆتۈكىنى سېلىپ بۇلۇڭغا قويدى. بۇ ئىشلارنى ئالدىرىماي قىلغاندەك تۇرسىمۇ، ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. يەنە نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇ قايرىلىپ قىزغا قارىدى. كۆزلەر ئۇچراشتى. سۆيگۈ ئاسمىنىدا چېقىن چېقىلدى، ئەمما ھەر ئىككىسىلەن ئۈن چىقمىدى. يۇسۇپنىڭ پۈتلىرى ئىختىيارسىز يۆتكىلىپ ئاستا يوتقانغا كىردى. ئاقىرا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. يۇمران ئىسسىق تەنگە ئۆرۈلگەن يۇسۇپنىڭ تېنى تىترىدى، ۋۇجۇدى تونۇر ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك قىزىپ كەتتى. ئۇ غەيرىتىنى يىغىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئاقىرا ...

— ...

— مۇرادىمە ...

— ...

— مەن سىلىنى نېمىدەپ چاقىرىشنى بىلەلمەي قالدىم، رەنجىتىپ قويدۇممۇيا؟

— رەنجىمىدىم، — قىز ئاخىرى زۇۋان سۈردى.

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيلا؟ — يۈسۈپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، ئىزا تارتىدىكەنمەن، — پىچىرلىدى قىز ئۆرۈلۈپ.

— سىلىنى نېمىدەپ چاقىراي؟ — يۈسۈپ ئۇنىڭ چوغدەك مەڭزىگە سۆيدى.

— قايسى ئىسمىم يېقىملىق تۇيۇلغان بولسا، شۇ ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرسىلا.

— بۇرۇن ئاقىدا دېگەن ئىسمىلىرى يېقىملىق تۇيۇلاتتى، نىكاھتىن كېيىن مۇرادىمە دېگەن ئىسمىلىرى يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان بولدى، سىلى تاللاپ بەرسىلە، — يۈسۈپ ئۇنىڭ ئالتۇن زىرە ۋالىلداپ تۇرغان قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ئاقىدا، دەپ چاقىرسىلا، مەن بۇ ئىسمىمنى ياخشى كۆرىمەن.

— ئاقىدا، — يۈسۈپ ئۇنى قۇچاقلىدى ...

ئەتىسى ئاقىدا يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ قوپتى. ئاتىسى سەمەرقەنتتىن ئەكەلدۈرۈپ بەرگەن — ئاخشام ئېلىپ كەلگەن ساندۇقىدىن يۈسۈپكە ئاتاپ تىككەن دوپپا، ياغلىقلارنى ئېلىپ بەردى. سۆيۈنگەن يىگىت دوپپىنى كىيىپ، ياغلىقنى يانچۇقىغا سالدى، ئاقىدانىڭ قولىغا ئۆزۈك سېلىپ مەڭزىگە سۆيدى.

قىز مېلى ئۇچۇن ئون ئات، قىرىق تىللا، بىر تاي كىمخاب، بىر تاي ئەتلەس، تۆت قور مەرۋايىت ھەم ناشتىلىق ئېلىپ يۈز ئاچقۇغا كەلگەن ھاۋاخان ئاغىچا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى يابىدا مېھمانخانىغا باشلىدى. ھاۋاخان ئاغىچا ئالدىغا چىققان قىزى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تۆردە ئولتۇردى. پېشايۋان، ئايۋان، سارايمۇ مېھمانلار بىلەن توشتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى يۈزى يېپىق ئاقىدادا ئىدى. ئايتولۇننىڭ ئون ئۈچ ياشلىق قىزى ئايتېگىن ئۇسسۇل ئويناپ كەلگىنىچە ئاقىدانىڭ يۈزىنى

ئېچىۋەتتى. بۇلۇت يېرىپ چىققان تولۇن ئاينى كۆرۈپ، يۈز ئاچقۇغا كەلگەن ئاياللار ھەيران قېلىشتى.

تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنىدىن باشلاپ، «بۇغراخان مەسچىتى»دە، بەگتۆمۈرنىڭ بېغىدا، چۇ دەرياسى بويىدا توي يەتتە كۈن داۋاملاشتى. مەدرىسەدە مۇشائىرە، ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب، تېپىشماق ئېيتىش، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى قىزىپ كەتتى. بەگتۆمۈرنىڭ بېغىدىكى چىمەنلىك سەينادا يادىن ئوق ئۈزۈپ بىلەزۈك، ئۈزۈك ھالقىسىدىن ئۆتكۈزۈش، چېلىشىش، قىلىچۋازلىق، مۇشتلىششتا بەسلەشكەن يىگىتلەر قىزلارنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى. چۇ دەرياسى بويىدا ئوغلاق تارتىش، بەيگە، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، گۆرزە ئۇرۇش، نەيزە ئېتىشمۇ يەتتە كۈن داۋام قىلدى. كاۋاپ، پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى ئەتراپقا تارىلىپ تۇردى.

رەيھانىدىن ئۈچ ئورۇندىكى بەسلىشىشتە ئوزۇپ چىققان ماھىر، چەۋەنداز، مەرگەن، ئەدىبلەرگە تون كىيدۈرۈپ، ئات مىندۈردى، تىللا تارتۇق قىلدى.

بۇ توي ئارچۇنغىمۇ بەخت ئېلىپ كەلدى.

توي كۈنى قىزلار تاشلىغان ياغلىق، گۈللەرگە قاراپمۇ قويمىغان ئاشۇ مەغرۇر يىگىت ئۇنىڭ سۆيگۈ نەزىرىنى تارتتى. ھېچكىمگە گۈل ياكى ياغلىق تاشلىمىغان ئۇياتچان قىز ئارچۇننىڭ خىيالچان سىيماسى ئۇ يىگىتنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىگە چۈشتى.

يۈسۈپكە قولداش بولغان ئۇ يىگىت — سۇباشى تۆمۈربۇقا نەسرىدىننىڭ ئوغلى ئەربۇقا پەتھىدىن ئىدى، ئۆزى «بۇغراخان مەدرىسەسى» دە ئوقۇيتتى، يۈسۈپنىڭ جان دوستى، ساۋاقدىشى ئىدى. سىڭلىسى راتنا① ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئات باققۇچى يىگىت بىلەن قېچىپ كەتكەندىن بۇيان، ئۇ قىزلاردىن

① راتنا — گۆھەر.

نەپرەتلىنىپ يۈرەتتى، ئايال زاتىدىن رايى يېنىپ قالغانىدى.

دۇنيادىكى ھەممە ئىش مەڭگۈلۈك بولمىغاندەك، يۈسۈپنىڭ تويى بولۇۋاتقان كۈنلەردە ئۇ بىردىن ئۆزگەردى، ئارچۈنگا كۆزى چۈشكەندىن كېيىن، «مۇھەببەتنىڭ كۆزى قارىغۇ ئىكەن، قىزلار ئۆز قىلمىشىدا ئەيىبلىك بولىۋەرمەيدىكەن ...» دېگەن ئويغا كېلىپ سىڭلىسىنى كەچۈرۈۋەتتى.

تويىنىڭ تۆتىنچى كۈنى بەگتۆمۈر قورۇسىغا ئەتىگەندىلا كەلگەن ئەربۇقا باغقا كىرىپ، ئۆزىدىن بۇرۇنراق كەلگەنلەرنىڭ ھە دەپ ئوق ئۈزۈپ مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. چاشكا ۋاقتىدا بەسلىشىش باشلاندى. كۆپ يىگىتلەر بىلەزۈك ھالقىسىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۈزۈك ھالقىسىدىن ئۆتكۈزەلمىدى. مەيدانغا كىرگەن ئەربۇقا ئارچۈن تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندا يادىن ئوق ئۈزۈپ ئۈزۈك ھالقىسىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ تاشلىغان گۈلنى مەيدىسىگە تاقاپ، ياغلىقنى قويۇن يانچۇقىغا سالدى ...

بۇنى كۆرۈپ تۇرغان يۈسۈپ، يېنىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئاقىبىرانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— قەدىرلىكىم، ئۇزاققا قالماي ئاچامنىڭ تويى بولىدىغاندەك قىلىدۇ. بىزنىڭ نىكاھىمىز ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بەردى. «ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بار، نىكاھ غايىب» دېگەن بۇ ھەقىقەتنىڭ ھېكمىتىگە قايىل بولدۇم.

— ۋاقتى ـ سائىتى كەلگۈچە ئادەم بەكمۇ تەقەززا بولۇپ كېتىدىكەن، — دېدى ئاقىبىرا كۆز ئىشارىتى بىلەن ئارچۈننى كۆرسىتىپ.

يۈسۈپ ئاچىسىغا سەپسالدى. ئۇنىڭ ياش لىغىلدىغان قوي كۆزلىرى ئوقيانى تۇتۇپ تۇرغان ئەربۇقىغا تىكىلگەنىدى ...

«مۇھەببەت بولمىسا ھايات بولمايدىكەن، دۇنيامۇ ئاۋات بولمايدىكەن» دەپ ئويلىدى يۈسۈپ.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# بۇغرا قاراخان نامىدىن يېزىلغان مەكتۇپ

## 1

ھاۋا ھەمىشە بىر خىل ــ يا ئوچۇق، يا تۇتۇق تۇرمىغانىدەك، ئىنسان ھاياتىمۇ داۋاملىق شاد ـ خۇراملىقتا ياكى ھەسرەت ـ نادامەتتە ئۆتىدۇ. كىشى بەزى چاغلاردا كۈتكەن خۇشاللىقتا ئېرىشسە، بەزى چاغلاردا غەم ـ قايغۇدا ئېسەنگىرەيدۇ؛ بەزىدە دەرد تارتسا، بەزىدە راھەت كۆرىدۇ، بەزى كۈنلىرى تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ كۈتمىگەن پايدىغا ئېرىشسە، بەزى كۈنلىرى تەلىيى كاج كېلىپ زىيان تارتىدۇ؛ بەزى ھاللاردا تىنچ، خاتىرجەملىك بەخش ئەتسە، بەزى ھاللاردا غەم ـ ئەندىشە، قورقۇنچ ئارامىنى بۇزىدۇ؛ بەزى يىللاردا قىلىنغان توي ئائىلىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرسە، بەزى يىللاردا بىر كەلگەن مۇسىبەت كۆزلەردىن ياش ئاققۇزىدۇ. بۇ جاھان ئەنە شۇنداق تەڭشىلىپ تۇرسا كېرەك. بەگتۆمۈر ئائىلىسىدىمۇ ھايات شۇنداق داۋام قىلىۋاتاتتى. يۈسۈپنىڭ تويى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي تۇنجى قار ياغقاندا ئارچۇنىنىڭمۇ تويى بولدى. ئۇ سۈباشى تۆمۈربۇقا نەسرىدىنىنىڭ ئوغلى ئەربۇقا پەتھىدىنگە ياتلىق قىلىندى. بۇ توي بەگتۆمۈر جەمەتىنى چوڭ غەمدىن خالاس قىلدى. رەيھانىدىن شۇنىڭ بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىپ بولدى. ئۇنىڭغا ئوخشاشلا چېكىسىدىكى ئاق كۆپەيگەن يابىرامۇ ئېغىر يۈك يەلكىسىدىن ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىكلەپ قالدى. ئۇ كېلىنى ئاقبىرادىن ناھايىتى رازى ئىدى، چاپسانراق قورساق

كۆتۈرۈشنى تىلەيتتى. ئۇلار قىشنى ئەنە شۇنداق خۇرسەنلىكتە ئۆتكۈزۈشتى. تۇمۇربۇقا نەسرىدىن بىلەرمەن، كۆرەڭ بۆرە تېگىن بىلەن چىقىشالماي سەمەرقەنتتىن بالاساغۇنغا يېنىپ كەلدى.

كۆكلەم شاملى ھەيدەپ كەلگەن قارا بۇلۇتلار بالاساغۇن ئاسمىنىنى قاپلاپ، نەچچە كۈنگىچە توختىماي يامغۇر ياغدى. ئەگىز سۈيى چۇ دەرياسىغا پاتماي قىرغاقنى بۇزۇپ ئاقتى، ئەمما چوڭ كەلكۈن بولمىدى. يامغۇر توختاپ كۈن چىقىۋىدى، يەرنىڭ يېشىل مايسا بىلەن قاپلانغىنىنى ھەممە كۆرۈشۈپ، گويا بۇرۇن شۇنداق بولمىغاندەك ھەيران قېلىشتى. يابىرا كۆك چۆچۈرىسى ئەتتى. ئاقىبىرا بىرىنچى قېتىم بۇ ئائىلىدە ئىشتىياق بىلەن كۆكلەم چۆچۈرىسى تۈگدى.

ھاجىبۇل ھۇججاب رەيھانىدىن دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، سودا ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي كېلىۋاتاتتى. گەرچە ئىشەنچلىك خىزمەتچىلىرى تىجارەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى باشقۇرالايدىغان بىر ـ ئىككى قابىل ئادەم بولۇشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، ئوردا نۆكىرى بولغان يارۇق بىلەن ئۆي ئىشلىرىغا قاراۋاتقان ئادارنى ئۆتكەن يىلىلا پۈتۈن سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغانىدى. رەيھانىدىن شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىدىن سېتىۋالغان ئىككى قورۇغا ئۇلارنى كۆچۈرۈپ، مۇستەقىل ياشاش شارائىتىنى يارىتىپ بەرگەنىدى. بۇ ئىككى كۈيۇئوغلى ئۇنىڭ ئېيتقان يېرىدىن چىقىپ سودا قايىنىمىغا كىرىپ كەتتى. يالغۇز بالاساغۇندىكى تىجارەتنى يۈرگۈزۈپ قالماي، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى سودا ئىشلىرىنىمۇ باشقۇرۇشقا كىرىشتى.

يۈسۈپ يەنىلا ئۆگىنىش، ئۆگىنىش بىلەن بولۇۋاتاتتى. ئىلگىرى ئۆگەنگەندە چۈشىنىشنى ئاساس قىلغان بولسا، ھازىر ئۆگەنگەن، چۈشەنگەنلىرىنى ھاياتقا، شەيئىلەرگە باغلاپ مۇلاھىزە قىلىشنى، يېڭى ئۇقۇم ھاسىل قىلىشنى، پىكرىنى يېتىلاشنى،

پىكىر، چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئاساس قىلاتتى. دەرس ئۆتكەندىمۇ تالىپلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى، مۇستەقىل كۆزقاراش يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن كىتاب كۆرەتتى، ئويلىناتتى، مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى.

ئۇ دەرسنى راۋان، مەزمۇنلۇق سۆزلىگەچكە، تالىپلىرىمۇ ئايمۇئاي كۆپىيەتتە ئىدى. كۈنلۈكى ئاز بولغاندا تۆت سائەت، بولمىسا يەتتە ـ سەككىز سائەت دەرس ئۆتەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن زادىلا زارلانمايتتى. چارچاپ، سالپىيىپ ئۆيگە كەلگەندە، شېرىن سۆخەن خوتۇنىنىڭ خۇش مۇئامىلىسىدىن دىلى يايراپ، ۋۇجۇدىدىكى ھارغىنلىق كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. كېچىسى كىتاب كۆرۈۋاتقاندا، ئاقىرا ئارقىسىدىن قۇچاقلاپ:

ــ كىشى قارا، تۈن يېرىم بولدى، ماۋۇ بىر پىيالە ئۇسسۇزلۇقنى ئىچىۋېلىپ ياتسىلا بولامدىكىن، ــ دەيتتى ھەزىل قىلىپ. ئۇچىسىغا ئوتلۇق ھارارەت تارقىلىپ ئورنىدىن تۇرغان يۈسۈپ خوتۇنى غەمزە قىلىپ سۇنغان خۇشبۇي چاينى قولىغا ئالاتتى. سۈمۈرۈپ ـ سۈمۈرۈپ ئىچىپ يوتقانغا كىرىپ ياتاتتى، شېرىن كېچە ئۆتۈپ يەنە تاڭ ئاتاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن بەختلىك ياشاپ، ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

يۈسۈپ بەزى كۈنلىرى مېكىتىپنى دەم ئالدۇرغاچ، ئادار ئېچىۋاتقان جاۋاھىرات دۇكىنىغا، يارۇق باشقۇرۇۋاتقان تىللا سارىيىغا باراتتى. تىجارەتچى، خېرىدارلار بىلەن ئەھۋاللىشاتتى، قىزىق گەپلەرنى ئاڭلايتتى، قىزىق ئىشلارنى كۆرەتتى. تۈرلۈك ـ تۈمەن ئادەملەر كۆز ئالدىدىن ئۆتەتتى، قاراپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ ئادەملەر ھەققىدە، ياخشىلىق، يامانلىق توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزەتتى. «تۇرمۇش كەچۈرۈش ئاسان ئەمەس ئىكەن، ئەقىل، بىلىم بولمىسا ھايات روناق تاپمايدىكەن، ئادەم بولماقمۇ تەس ئىكەن ...» دەيتتى ئىچىدە.

كۈنلەر مانا شۇنداق ئاسايىشلىقتا ئۆتۈۋاتقاندا، ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بەگتاش ئابدۇللا داموللا ۋاپات

بولدى. شەيخۇلئىسلامنىڭ ۋاپاتى پۈتۈن مەملىكەتنى قايغۇغا سالدى. بالاساغۇن ئەھلى دەۋرەپ كەتتى. مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەن يابىرا ئاتىسىنىڭ جەستى سېلىنغان جىنازىنى جامائەت كۆتۈرۈپ ماڭغاندا ھوشىدىن كەتتى. بىرىنچى بولۇپ جىنازىنى كۆتۈرگەن تۆت ئادەمنىڭ ئىككىسى — رەيھانىدىن، يۇسۇپ ئاتا - بالا بولدى. بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بۇ زاتنىڭ نامىزىغا داخىل بولۇشتى.

قىرىق مېڭىش - تۇرۇشى تەسلىشىپ قالغان بولسىمۇ تېخى ساق تۇرغان زەمۇران ئانا ئېرى بەگتۆمۈرنىڭ ئۆچىسىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، يۆتەل تۇتۇپلا تىنىقتىن قالدى. تېخى ئاتىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا يېشى قۇرۇمىغان يابىرا تىلى دىلىدەكلا يۇمشاق قېيىنئانىسىغا تولا يىغلاپ ئۇنلىرى پۈتۈپ كەتتى. يۇسۇپمۇ ئامراق مومىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا چىدالماي قالدى. ھەرەمگە ئېلىپ بارىمەن، دېگەن ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن رەيھانىدىن ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلىمىغان بولسىمۇ يۈرىكى چاك - چاك بولۇپ ئېچىشتى. بەگتۆمۈر تۇگىشىپلا كەتتى. بوۋاينىڭ ئاپپاق ساقىلى يامغۇردەك تۆكۈلگەن يېشىدا يۇيۇلدى، ئىچ ئاغرىقىدا تاماقمۇ يېمەي كېسەللى ئېغىرلىشىپ كەتتى ۋە دەپنە قىلىنغان قەدىناسىنىڭ تېخى تېنى سوۋۇماي تۇرۇپلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن بۇ مۇسىبەت رەيھانىدىننى قايغۇ - ھەسرەتكە غەرق قىلىۋەتتى.

سۇيىدە ئاققان، ئوتىدا كۆيگەن ئاتا - ئانا ئۇچۇن پەرزەنتلەر قانچە يىغلىسا ئەرزىيدۇ. ۋاھالەنكى، قازاغا رىزا بولۇش — ھاياتلارغا كۈچ، غەيرەت بەخش ئېتىدۇ، لېكىن كۆپ كىشىلەر مۇسىبەت بولغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالىدۇ.

ئۆلۈمنىڭ ماھىيىتى ئادەمگە ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تونۇتۇش دەپ چۈشەنگەن يۇسۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندى. ئۇ ئۆگىنىش، ئۆگىتىشكە شۇنداق بېرىلىپ كەتتىكى، باشقىلار ئۇنىڭغا گەپ قىلمىغۇچە كىتابتىن باش كۆتۈرمەيتتى، ھەتتا

ئاقىۋىرا ئۇنى چاقىرمىسا، ئۆزلۈكىدىن داستىخانغا كېلەي دېمەيتتى.

رەيھانىدىنمۇ تۇگىمەيدىغان دۆلەت ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، كۆنلەرنى يەنە ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئەتىگەندە ئوردىغا كەتسە چۈشتە كېلەتتى، بەزى كۈنلىرى چۈشتىمۇ كېلەلمەيتتى.

سۇلايمان ئارسلانخان بالاساغۇنغا كەلگەندىن بۇيان، مەملىكەت قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇۋەتكەندەك جىمىپ قالغانىدى. ئەلگە بولغان پايدا - زىيانىنى ئويلاپ ئىش كۆرىدىغان سۇلايمان ئارسلانخان قوشنا مەملىكەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرىكىدىن ياخشىلاپ، ئەلگە مەڭگۈلۈك تىنچلىق، ئامانلىق بەخش ئېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ رەيھانىدىنى كۆپ سوۋغا - سالاملار بىلەن غەزنەۋىلەر مەملىكىتىگە، سەلجۇقىيلار ئېلىگە ئەۋەتتى.

رەيھانىدىن غەزنەۋىلەر پايتەختى غەزنەيىن ① شەھىرىگە بېرىپ، سۇلتان مەسئۇدخان ھۇزۇرىدا بولدى. ئىككى مەملىكەت سودىگەرلىرىنىڭ چېگرادىن ئەركىن كىرىپ - چىقىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش توغرۇلۇق كېلىشىم ئىمزالىدى. رازى بولۇپ ئۇزىغان رەيھانىدىن ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يېڭىكەنت شەھىرىگە بېرىپ، سەلجۇقىيلارنىڭ يابغۇسى توغرۇلبەگ مىكائىل ئوغلى بىلەن كۆرۈشتى، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ سالىمىنى ۋە ئۇنىڭ دوستانە ئۆتۈش تىلىكىنى يەتكۈزدى. توغرۇلبەگ قاراخانىيلار ئېلىنىڭ غەزنەۋىلەر ئېلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇزۇش ھېسابىغا سەلجۇقىيلار بىلەن دوستانە ئۆتۈش ئارزۇسىغا يېتەلەيدىغانلىقىنى، بولمىسا بۇ مەقسەتنىڭ

① غەزنەيىن — پاكىستاندىكى قەدىمكى شەھەر.

ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى ئوچۇقلا بىلدۈردى:
— سەلجۇقىيلار قېرىنىدىشىغا قىلىچ كۆتۈرمەيدۇ، لېكىن غەزنەۋىلەر ئۇنداق ئەمەس، ھاجىپ. سىلەر سۇلتان مەسئۇدخانغا ئىشەنمەڭلار. مەن ئىزىدىن قايتمايدىغان يولۋاس. ئەلھال، ھىندىلارغا قارشى يۈرۈش قىلماقچىمەن، سىلەر بىلەن ئاكا ـ ئۇكىدەك يېقىن ئۆتۈشنى خالايمەن. شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، ئېتىم مەنزىلگە يەتمىگۈچە توختىمايدۇ.
رەيھانىدىن غۇرۇرلۇق ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭغا يېلىنمىدى. ئۇ شاپ بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى تولغاپ تەختتە مەغرۇر ئولتۇرغان توغرۇلبەگكە ئۇدۇل قاراپ دېدى:
— سۇلتان ئالىيلىرى، ئوچۇق سۆزلۈك ئىكەنلا، مۇددىئالىرى چۈشىنىشلىك بولدى. ئەلۋەتتە، ئۆزلىرىنىڭ قاراخانىيلار ئېلى بىلەن قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقلىرىنى بۇغرا قاراخانىمغا يەتكۈزىمەن.
نېمىشقىدۇر توغرۇلبەگكە رەيھانىدىن يېقىپ قالدى، ئۇنىڭغا سۇلتان مەسئۇدخاندەك زەر ياقىلىق تون كىيدۈردى ۋە ئالاھىدە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.
كۆزلۈك يىغىم ئاخىرلىشىپ قالغاندا رەيھانىدىن قايتىپ كەلدى. يۈسۈپ ئادار، يارۇق، چاغرىبەك ئادامتوغرۇل، ئاشانبۇقا، ئۇدمىش قاتارلىق تۇغقانلار ۋە ئاتىسىنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن يەتتە چاقىرىم يەرگە ئالدىغا بېرىپ ئۇسسۇزلۇق سۇنۇپ كۈتۈۋالدى. بىر قىسىم دۆلەت ئەربابلىرىمۇ چىققانىدى.
رەيھانىدىن ئالدىغا چىققان يۇغرۇش، سۇباشى، ھاجىپلار بىلەن ئۇدۇل ئوردىغا كەلدى، ئوردا ئىشىكى ئالدىدا سۇلايمان ئارسلانخان ئۆزى كۈتۈۋالدى ۋە ئارامگاھ سارىيىغا باشلىدى.
— كۆزىمىز يولىڭىزدا بولۇپ قالغانىدى، ھاجىپ، سالامەت يېتىپ كېلىپ بىزنى خۇشال قىلىۋەتتىڭىز، — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ.
رەيھانىدىن بۇغرا قاراخان تەختىنىڭ سول تەرىپىدىكى

يۈلەنچۈكلۈك كۈرستا ئولتۇرۇۋېتىپ، يۇغرۇش باشى ئورنىدا گىدىيىپ قىڭغايغان ئىنانچۇبەگكە دىققەت قىلدى. «باش پۈتۈكچى يۇغرۇش باشى بوپتۇ ـ دە. سىلىق ـ سىپايە، گەپدان بۇ ئادەم سۇلايمان ئارسلانخانغا يېقىپ قالغان ئوخشايدۇ ...» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى، قوللىرىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، غەزنەۋىلەر سۇلتانى ۋە سەلجۇقىيلار باش بۇغى بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. ئۇلار ئەۋەتكەن سوۋغىلارنى مۇلازىملارغا كۆتۈرگۈزۈپ كىرىپ تەخت ئالدىدا قويدى.

سۇلتان مەسئۇدخان سۇلايمان ئارسلانخانغا چىرايلىق شىرازلىتىپ ئەۋەتكەن «شاھنامە» دېگەن كىتاب ناھايىتى مەنزۇر كەلدى. كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بېرىلگەنىدى. ئۇ توغرۇلبەگ سوۋغا قىلغان ئالتۇن ساپلىق قىلىچقا شۇنداق بىر قاراپ قويۇپ قوشۇمىسىنى تۈردى. يېڭىدىن ئاغىچى ئۇلۇغلىققا تەيىنلەنگەن بەگتۇتۇققا:

— بۇ قىلىچنى خەزىنىدە ساقلاپ قويۇڭ، — دەپ باشقا سوۋغىلار بىلەن تاپشۇرۇپ رەيھانىدىنغا قارىدى، — ھاجىپ، ئۆزلىرىگە مەلۇم، بۇغرا قاراخان بولغان ئادەمنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئېتىشتۇر. «يىراقتىكى دۇشمەندىن يېنىڭدىكى دوست خەۋپلىك» دېگەن ھېكمەت بار. مەن يىراقتىكى دۇشمەن ئەللەردىن خەۋپسىرەپ كەتمەيمەن. ئەمما، بىقىنىمىزدا قىلىچنى بىلەۋاتقان دوست ئەللەردىن پەخەس بولۇشۇم زۆرۈر، دەپ قاراپ سىزنى ئۇ ئەللەرگە ئەۋەتكىنىم ياخشى بولغانىكەن. قېرىنداشلىق سالىمى بىلەن، ئىناق ئۆتۈش توغرىسىدا ۋەدە ئېلىپ كەپسىز، ناھايىتى خۇش بولدۇم، بۇنىڭدىن پۈتۈن مەملىكەت ئەھلىمۇ چوقۇم خۇرسەن بولىدۇ.

سۇلايمان ئارسلانخان مەمنۇنىيەت بىلەن سۆزىنى تۈگىتىپ رەيھانىدىنغا تون ياپتى. ئىنانچۇبەگنىڭ چىرايى بىر تۈتۈلۈپ ئەسلىگە كەلدى.

بۇغرا قاراخان غەزنەۋىلەر، سەلجۇقىيلار ئېلىدىن مال ئېلىپ كەلگەن سودىگەرلەردىن باج ـ سېلىق ئالماسلىق توغرىسىدا پەرمان ئېلان قىلىپ، خانلىق، ئوردا ئەربابلىرىنى بەگ تەركىسىگە تەكلىپ قىلدى.

رەيھانىدىن ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان يۇسۇپ، يارۇق، ئادارلار بىلەن ئوردىدىن كەچ كىرىپ قالغاندا قايتتى. ئىشىك ئالدىدا كۆز تىكىپ يابىرا تۆت قىزى، كېلىنلىرى بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ قولىلىرىنى كۆكرىكىگە قويغان ئېرىگە تەۋەززۇ بىلەن ئېگىلىپ سالام بەردى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چېھرىگە كۆز بۇلاقلىرىدىن سۇ قۇيۇلدى.

ــ يىغلىمىسىلا ئەزىزىم، مەن كەلدىمغۇ، ــ دېدى رەيھانىدىن ھويلىغا كىرىپ.

ياقۇتتەك جۇلالانغان كەچكى شەپەق تىنىق كۆل يۈزىدە ئالتۇن شارچىلارنى پەيدا قىلغانىدى. كۆزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى دەرەخلەرنى ئىرغاڭشىتىپ، غازاڭ بولغان ياپراقلارنى تۆكمەكتە ئىدى.

رەيھانىدىن كۆل بويىدا كېتىۋېتىپ، كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك قىلىپ سۇپىغا، ئۇياق ـ بۇياققا تەلمۈرۈپ قارىدى، ئۇنىڭ يادىغا ئاتا ـ ئانىسى چۈشكەنىدى. ئۇلار ئاشۇ سۇپىدا ئولتۇرۇپ كۈتەتتى، بىللە غىزالىناتتى. قەشقەردىن كەلگەندە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان، ئاشۇ سۇپىدا ئولتۇرۇپ مۇڭداشقانىدى، ئەمدى بولسا ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. كۆزلىرى ياشلانغان رەيھانىدىن ساراي ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. قۇدىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يىرىم كېچىگىچە ئەھۋاللىشىپ قايتىشتى.

ــ بالام، سىلەرمۇ ئۆيۈڭلارغا كىرىپ ھاردۇق ئېلىڭلار، ــ دېدى رەيھانىدىن ئوغلى بىلەن كېلىنىگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن.

يۇسۇپ، ئاقىبىرا ئامانلىق تىلىشىپ، تولۇن ئاينىڭ كۈمۈش نۇرىغا چۈمۈلگەن باغقا كىرىپ كېتىشتى.

ئايدىڭ كېچە شۇنچە جىمجىت، گۈزەل ئىدى. رەيھانىدىن

يابىرا بىلەن ھۇجرىسىغا چىقىشتى.

— ياشىنىپ قالغاندا پۈتۈن يازنى سىلىسىز ئۆتكۈزۈش ماڭا تولىمۇ ئېغىر تويۇلدى، ئاتىسى. ئەمدى ئايرىلىساق چىدالمىغۇدەكمەن، — يابىرا پىچىرلاپ ئېرىنىڭ بويۇن - بېشىنى سىلىدى.

— خۇدايىم ئايرىماس، ئانىسى. قىزلىرىمىز بالىلىق بولۇشتى، ئوغلىمىزمۇ بالىلىق بولسا بولاتتى، — رەيھاندىنىڭ يۈرەك قېتىدىن چىققان بۇ تىلىكى يابىرانىڭ كۆڭۈل تارىنى چەكتى.

— كېلىنىمىز ئېغىرئاياغ، ئاتىسى. مەن بۇ خۇش خەۋەرنى بايىلا ئېيتماقچىدىم، ئادەم كۆپ بولغاچقا دېگۈم كەلمىدى.

— بۇ راستمۇ ئانىسى؟ — بېشىنى كۆتۈرگەن رەيھاندىن شامنى ئۆچۈرۈپ قەدىناسىنى باغرىغا باستى.

## 2

بالاساغۇندا يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى باشلاندى. بۇغدايلار ئورۇلۇپ، ئورنىغا قوناق، چامغۇر تېرىلىپ بولدى. قەشقەر ئوردامغا تاۋاپ - سەيلىگە كەتكەن دېھقان، كاسىپ، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەنلەرمۇ توپ - توپ بولۇپ قايتىپ كەلگىلى تۇردى. غۇلام - دېدەكلىرى بىلەن قەشقەرگە كەتكەن يابىرا ۋە يۈسۈپ، ئاقىبىرالارمۇ يېنىپ كەلدى.

— خەۋەرمۇ قىلماي نېمانچە تېز يېنىپ كېلىشتىڭلە ئانىسى، مەن تېخى كۈزگىچە تۇرار دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى ئۇلار ئىشىكتىن تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەندە، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالغان رەيھاندىن پايپاسلاپ ئالدىغا بېرىپ.

— ھېلىمۇ بالاساغۇندىن ئايرىلغىنىمىزغا ئىككى ئايدىن ئاشتى، ئاتىسى. سىلىنى سېغىنىپ تۇرالماي قالدۇق. ئەتىگەن - كەچلەردە سىلىنى قىينىلىپ قالارمىكىن دەپ غەملىرىنى يەپ

بالدۇرراق كەلدۇق.

رەيھانىدىنىڭ ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ يۇسۇپنى باغرىغا باستى، قورسىقى يوغىناپ قالغان ئاقبىرادىن هال سورىدى. ئاشخانىدىن چىققان ئايتىمش يۇگۇرۇپ كەلگىنىچە ئانىسىنى قۇچاقلىدى.

— جېنىم ئابا، يېنىپ كەلدىڭمۇ؟ سېغىنىپ ئۆلەي دېدىم.

— يېنىپ كەلدىم قىزىم، سىڭىل - ئاچىلىرىڭ ئامان تۇرغاندۇ؟ ئارچۇن كېلىپ تۇردىمۇ؟

— ئاچىلىرىم هەپتىدە بىر كېلىپ ئاتامنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئارچۇن ئىككى هەپتىدە بىر كەلدى. قىزتۇرمىش ئىككىمىز سىنىڭ ئورنۇڭدا ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولدۇق.

— هەرنېمە بولسا ئاتاڭلار ئوبدان تۇرۇپتۇ، — يابىرا بۇ قىزى بىلەن ئەھۋاللاشقاچ، قول - يۈزىنى يۇيۇپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ چىقتى.

ئۇلار باراقسان سۆگەتنىڭ مەجنۇنتاللىرى سايە تاشلاپ تۇرغان كۆل بويىدىكى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئايتىمش دەررۇ داستىخان سالدى، قىزتۇرمىش گەمىدىن مۇزدەك ئانار شەربىتى، ئىككى تاۋۇز ئېلىپ چىقتى.

— مەلىكە ئادىرا ئائىلىرى بىلەن كۆرۈشتىلىمۇ ئانىسى؟ ئوغلۇمنىڭ ئوردامغا بەكمۇ بارغۇسى بار ئىدى، — دېدى رەيھانىدىن كاسا قىلىپ قويغان تاۋۇزنى قەلەمتىراچ بىلەن ئويۇپ يەپ.

— ئەجەب مەلىكىنى سوراپ قالدىلىغۇ ئاتىسى، ئوردۇكەنتتىكى تۇغقانلار ئەسلىرىدىن چىقىپ قالمىغاندۇ؟ ئۇلار توغرۇلۇق گەپ قىلىشنى خالىمامدىلايا؟ — يابىرانىڭ كۆڭلىگە كېلىپ سورىدى.

— ياق، قەدىرلىكىم، — دېدى رەيھانىدىن، — چۈنكى تاغىلىرى بەگتاش جالالىدىن ۋە تۇغقانلارنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى توغرۇلۇق تېخى كەڭتاشا سۆزلىشىۋالمىز. مەلىكە ئادىرا بىر

ئۇلۇغ ئانا، ئۇنىڭ ئامانلىقىغا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنى دەسلەپتىلا سورىشىم ھەرگىزمۇ تۇغقانلارنى ئۇنتۇپ قالغىنىمدىن ئەمەس، ئانىسى.

يابىرا دىدار كۆرۈشۈش خۇشاللىقىدىن مەڭزىگە تامغان ياشنى سۈرتۈپ دېدى:

— كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا، مۇنداقلا دەپ قويدۇم. بىز ئوردۇكەنتكە بېرىپ ئاتامنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئوغلۇم، كېلىنىم بىلەن يېڭى ھىساردىكى ئوردامغا بېرىپ كەلدى، مەن تۇغقانلار قويۇپ بەرمەي بارالمىدىم، — يابىرا ھاياجانلىنىپ ئولتۇرغان يۈسۈپكە نەزىرىنى يۆتكىدى، — بالام، مەلىكە ئادىرانىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىلە.

ئاتىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن يۈسۈپ گېپىنى باشلىدى:

— ئاپام تۇغقانلاردىن ئايرىلالماي بىزنى يېڭى ھىسارغا ئۇزىتىپ قويدى. بەگتاش جالالىدىن ئاغامنىڭ بىر قىز، بىر ئوغلىمۇ بىزگە ھەمراھ بولۇپ بىللە ئوردامغا باردى. مەشرىق، مەغرىبتىن، جابۇلقا①، جابۇلسادىن ② بۇ قۇملۇق دەشتكە كەلگەنلەر ھېسابسىز كۆپ ئىدى. قاتمۇقات قوم بارخانلىرى ئوراپ تۇرغان سېيىت ئەلى ئارسلانخان بوۋىمىزنىڭ مەقبەرىسىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلدۇق، ئاندىن ھەرەمخانىغا بېرىپ مەلىكە ئادىرا ئانىغا سالام بەردۇق، ئۆزلىرىنىڭ سوۋغا ـ سالىمىنى تاپشۇردۇق. مېنى تونۇپ ناھايىتى خۇش بولدى. «پېقىرە مەلىكە بولۇپ ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇشتىن كۆرە، مەرھۇم بوۋام سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ مەقبەرىسى ئالدىدا جەمەتىمىزگە ئىنساب، ئاۋامغا ئامانلىق، قۇت تىلەپ ئۆتۈۋاتقىنىمدىن قىلچە ئەپسۇسلانمايمەن، بالام. يوقلاپ كەلگىنىڭلاردىن ئالەمچە سۆيۈندۇم» دەپ خۇشال بولغىنىنى

---

① جابۇلقا — شىمال.

② جابۇلسا — جەنۇب.

ئىزھار قىلدى ۋە بىزنى ئالاھىدە ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئىستىقامەت، ئىبادەت قىلىپ يەتتە كۈن ئالتۇن داش①تىن ئاش يېدۇق، خاسىيەتلىك «دوست بولىقىم»② دىن سۇ ئىچتۇق، «ئاللا!» دەپ داپ چېلىپ تۇغ سوقۇشتۇرغان نەچچە مىڭ ئاۋامنىڭ ئېتىقاد - ئىخلاسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن ۋۇجۇد - قەلبىمىز سۆدەك ئېرىدى. توققۇزىنچى كۈنى مەلىكە ئانىمىز مېنى ئالتۇن داش ئورنىتىلغان ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. گويا كىچىك بىر كۆلدەك چوڭلۇقتىكى قازان پىتىقلاپ قايناۋاتاتتى. تونچە ئاق كۆڭلەك، شاپاق دوپپا كىيگەن قارىقۇمچاق بىر يىگىت ئوچاققا ئوتۇن تاشلاۋاتاتتى. مەلىكە ئانا: «ئىنىم قىيات، بۇ يىگىت قۇزئوردۇدىن كېلىپتۇ، ئېيتىدىغان سۆزىڭىز بارمۇ؟» دېۋىدى، يىگىت قولىدىكى كۆسەي بىلەن گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى چۇقچىلىۋېتىپ ماڭا تىكىلدى: «مېنىڭ دەيدىغان سۆزۈممۇ يوق ئەمەس، سىز كىم بولىسىز ئۇكام؟» دەپ سوراپ ئېغىر تىنىدى، چىرايى قايغۇلۇق تۈس ئالدى. مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ: «قانداق گېپىڭىز بولسا ئېيتىڭ، يەتكۈزىمەن» دېدىم. ئۇ بېشىنى سىگار يان قىلىپ «بەگىيۇسۇپ، قاراڭ» دەپ قولىقىنى كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەجەبلىنىپ «نېمە بولغان؟» دەپ سورىدىم. «بىر خوتۇن كېسىۋەتكەن» دېدى ئۇ. «ئۇ كىم؟» دەپ سورىدىم. «بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە ئېيتمايمەن دەپ، بۇ قۇملۇق دەشتكە كېلىۋالغانىدىم. دۇنيادا ياشاي دېگەن ئادەم ئەمگەك قىلماي، جان تىكىپ كۈرەش قىلماي ئامانلىق تاپالمايدىكەن، نەچچە كۈن تاماق يېمەي ھالسىزلىنىپ مەقبەرە يېنىدا يېتىپ قاپتىمەن. مەلىكە ئانىمىز ھوشۇمغا كەلتۈرۈپ، ئۇسسۇزلۇق، تاماق بەردى، دەرمان تاپتىم. مەلىكە

---

① ئالتۇن داش — ئاشلىقنىڭ ھەممە تۈرىدىن سېلىپ ئاش ئېتىدىغان كاتتا قازان.

② «دوست بولىقىم» كىشىلەر «ئاللا - ئاللا دوست - دوست !» دەپ ھالقا بولۇپ سەكرىسە ئۇقچۇپ سۇ چىقىدىغان سىرلىق بۇلاق.

ئانىمىز: ‹سەن ياخشى ئىش قىلىشنى خالامسەن؟› دېدى. ‹كۆپكە پايدىلىق ئىش بولسىلا قىلاي› دېدىم. ‹بۇ جاھاندا نەچچە مىڭ ئادەم تاماقلىنىدىغان قازاننى قايىنىتىشتىن ئۇلۇغ ئىش يوق› دەپ، مېنى مۇشۇ ئالتۇن داشنىڭ تۇۋىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ داشقا كىشىلەر نېمە ئېلىپ كەلسە شۇنى سالىدىكەن. ‹سىز ئوچاققا ئوت قالاپ بۇ كاتتا داشنى قايىنىتىسىز، توختاپ قالسا بولمايدۇ› دېدى. ‹خوپ، مەلىكە ئانا› دەپ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئالتۇن داشنى قايىنىتىشقا كىرىشتىم. تاۋاپ، ئىستىقامەت ئۈچۈن ھەر يىلى مانا شۇنداق چاغدا كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى يوق، ھەممىسى ئالتۇن داشنىڭ ئېشىغا ئېغىز تېگىدۇ. بۇ ئىشىمدىن قانچە خۇشال بولسام، قولىقىمنى رەھىمسىزلىك بىلەن كېسىۋەتكەن ئاشۇ باغرى تاش خوتۇندىن شۇنچە نەپرەتلىنىمەن. چاچلىرىدىن قاماللاپ سۆرەپ كېلىپ، مۇشۇ ئوچاققا تاشلىغۇم كېلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ نەپرەتلىك نامىنى تىلغا ئالغۇم يوق، ئىنىم» دېدى. مەن: «قارىغاندا، ئاددىي ئايالاردىن ئەمەس ئوخشايدۇ، يۇقىرى مەرتىۋە، ئىمتىيازغا ئىگە بولسا كېرەك» دېدىم. «شۇنداق ئۇكا، ئۇ بىر خانىش، ھەرقانچە قىلسامۇ ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالالمايمەن» دېدى ھەسرەتلىنىپ. ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. «سىزگە زۇلۇم قىلغان ئۇ خانىش زادى كىم؟ نېمىشقا ئاشكارىلاشنى خالىمايسىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ «ئاشكارىلىسام ماڭا نېمە پايدا، ئۇنىڭغا نېمە زىيان؟» دېدى. «ئۇنىڭ ئېتىنى ئاشكارىلىسىڭىز دەردىڭىز يېنىكلەپ قالار، بەلكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ خەيرخاھلىق قىلىشىغا ئېرىشىپمۇ قالارسىز. مېنىڭچە، چوقۇم ئۇ باغرى تاشتىن ئەنتىڭىزنى ئالالايسىز» دېدىم. قىيات لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوچاققا قارىغىنىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. قارىغاندا، قولىقى كېسىلگەندىن بۇيان بەك قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، خانىشنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشقا ئىككىلىنىپ قېلىۋاتاتتى. «ئادەم ئادەمدىن قورققانسېرى توخۇ يۈرەك بولۇپ

كېتىدۇ، زىنھار قورقماسلىق كېرەك، قىيات ئاكا. قورقمىغان مۇراد ـ مەنزىلىگە يېتىپ بارالايدۇ» دېدىم. «راست دېدىڭىز ئۇكا، قورقۇپ تۇرۇۋاتقىنىمنى بىلىۋالدىڭىز» دېدى قىيات زۇۋان سۈرۈپ، «توغرا مەسلىھەت بەردىڭىز. بۇ چاغقىچە مەلىكە ئانىدىن باشقا ھېكچىم مېنىڭدىن سىزدەك ھال سوراپ باقمىغان ۋە تەقدىرىمگە كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغانىدى. ماقۇل، سىز خالىسىڭىز مەن ئېيتاي. ئۇ باغرى تاش خوتۇن ئالتۇن تارىم قۇمارىبىكە !» دېدى ۋە ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇن تىللا بەردىم، ئابا. بىز ئۇزاپ ئوردۇكەنتكە كەلدۇق. ئانام بىلەن ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا چىقىپ يەتتە كۈن ئىستىقامەت قىلدۇق. قايتىپ كېلىپ دۆلەتباغ ۋە ئارتۇچتىكى سەيلىگاھلاردا بولدۇق. مەن بۆگۈ بىلگە ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ ۋە مۇھەممەد ئەل كاشغەرىي قاتارلىق ئۇستازلارنى زىيارەت قىلدىم. قەشقەر بۇغراخانى مەھمۇد ئارسلانخان ھۇزۇرىدا بولدۇم. مەھمۇد تېگىن بىلەن ئوپالغا بېرىپ بىللە شىكار قىلدۇق. ئومۇمەن، ئوردۇكەنتتىكى كۈنلىرىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك، مەنىلىك بولدى. مەلىكە ئانىنىڭ پېقىرنى قىياتقا يولۇقتۇرغىنىدا ھېكمەت بار دەپ قارايمەن، ئابا.

— قانداق ھېكمەت بار دەپ قارايلا، ئوغلۇم؟

— ھېكمەت شۇكى، بۇغرا قاراخانلار ئوردىسىغا بىر زەھەرلىك يىلان يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.

— ئالتۇن تارىم قۇمارىبىكەنى دېمەكچىمۇ، ئوغلۇم؟

— شۇنداق، ئابا، ئۇ دارغا ئېسىلغان ئاسىي بولۇنبەگنىڭ قىزى.

— ئۇ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ خوتۇنى، ئوغلۇم.

— گەپ شۇنىڭدا، ئابا. ۋاپادار ئايال سىياقىغا كىرىۋالغانىدەك تۇرىدۇ.

رەيھانىدىن ئويلىنىپ قېلىپ جىددىي تۇستە دېدى:

— ھازىر تېخى بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ، ئوغلۇم.

سۇلايمان ئارسلانخان ئاقىللارنى دوست تۇتۇپ، مەملىكەتنى ئادىل سوراۋاتقان بولسىمۇ، ئۆز جەمەتىگە، ئۆزىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ كاۋىكىغا كىرىۋالغانلارغا ئىشىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ «بۇغراخان مەدرىسەسى» دە بىلىم تەھسىل قىلىپ يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشكەن تالىپلاردىن ئون ـ يىگىرمىنى تاللاپ، ئىمتىھان ئېلىپ ئوردىغا ئەكىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ماڭا ئېيتتى. يەنە سىلىنىڭ ئوردۇكەنتتىن كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكلىرىنى سوراپ، كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. سىلىنىڭ بۇ ئىمتىھانغا ئۈلگۈرۈپ كەلگەنلىرى تولىمۇ ياخشى بولدى، بالام.

— مېنىڭ ئىمتىھان بېرىپ ئوردىغا كىرگۈم يوق، ئاتا.

رەيھانىدىننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، بالام، بىر ئۆمۈر مەدرىسەدىن چىقماي ئۆتمەكچىمۇ؟ — سورىدى زەردە قىلىپ. ئۇنىڭ ئوغلىغا ئاچچىقلاپ گەپ قىلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى.

يۇسۇپ قولىنى كۆكسىگە ئالدى:

— پېقىر ئوغۇللىرىنى كەچۈرسىله، ئاتا. بۇغرا قاراخان بىلەن كۆرۈشكۈم يوق دېمەكچى ئەمەس مەن، قاچان بولسا مەن كۆرۈشۈشكە تەييار.

رەيھانىدىن كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— سىلى ئاللاھنىڭ ئىقتىدارىغا ئىگە، ئوغلۇم، سىلىدەك پەرزەنتىم بولغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن، — رەيھانىدىننىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى، — ئىككى ـ ئۈچ كۈن دەم ئېلىۋالسىلا، مەدرىسەگە بېرىپ ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كەلسىلە، كېيىنكى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى بۇغرا قاراخان ھۇزۇرىغا بارايلى، بولامدۇ، بالام؟

— بولىدۇ، ئاتا.

بۇ چاغقىچە ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ سۆز تالاشقىنىنى كۆرمىگەن يابىرانىڭ سەل پەرىشان بولغان كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. باياتىن ئېرى بىلەن قېيىنئاتىسىغا سەپسېلىپ، گەپنىڭ

نەتىجىسىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولغان ئاقىبىرامۇ سۆيۈندى.

يۈسۈپ ئاتىسى بىلەن دۈشەنبە ئەتىگەندە ئوردىغا باردى. مەرھۇم مەلىكۇل مەشرىق يۈسۈپ قادىرخان باسالاغۇنغا كېلىپ كەتكەندىن بۇيان ئوردىغا كېلىپ باقمىغان يۈسۈپ چوڭقايتىلىپ ھەشەمەتلىك ياسالغان چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندە ھاياجانلانغاندەك بولدى. توققۇزدىن قاتار بولغان قوشۇن بۇ دەرۋازىدىن سىپىنى بۇزماي چىقىپ كىرەلەيتتى. خىشلىق يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوردا نۆكەرلىرىنىڭ مەشىق مەيدانى، سول تەرىپىدە گۈل ـ چىمەنلىك ۋە يېڭىدىن سېلىنغان كاتتا قەسىر، چىپىلغان چوڭ كۆل بار ئىدى. يۈسۈپ ئاتىسى بىلەن كېتىۋېتىپ «بۇ ئوردا بارغانسېرى كېڭىيىپ، باغۇبوستانلىق بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇلار دىۋانخانىغا كىرگەندە، دىۋانبېگى بەگتۇتۇق بۇغرا قاراخاننىڭ ھەرەمدىن چىققانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

رەيھانىدىن دىۋانخانىدىكى باشقا ئەربابلار بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشۈپ، ئۇدۇلدىكى بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كۆركەم ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى.

يۈسۈپ بۇ كاتتا ئازادە زالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يۇغرۇش باشى، ھاجىبۇل ھۇججاب، دىۋانى ئارىز، توغرائى دىۋان، ئاغىچى ئۇلۇغى، سۇباشى خانىلىرىنىڭ رەڭگارەڭ نەقىش چېكىلگەن ئىشىكلىرىگە كۆز سالغىنىچە ئاتىسىنىڭ كەينىدىن قەدەم بېسىپ، بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا باردى، ئىشىكئاغىسى ئىنالچۇق تېگىن بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى يۇغرۇش باشى بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ، ھەربىرلىرىنىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلايمۇ؟ — سورىدى ئىشىكئاغىسى تەۋەززۇ بىلەن.

— سەل تەخىر قىلسىلا، جانابلىرى، كۈتۈپ تۇرايلى، — رەيھانىدىن ئۇ كۆرسەتكەن كۇرسىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ كەيپىياتى قانداقراق؟ — بىلگۈسى كېلىپ سورىدى رەيھاندىن.

— ناھايىتى ياخشى، ھاجىبۇل ھۇججاپ، — باش لىڭشىتىپ جاۋاب بەردى ئىنالچۇق تېگىن.

مەرھۇم يۇسۇپ قادىرخان ۋاقتىدىن باشلاپ باسالاغۇندا ۋەزىر بولۇپ كەلگەن بۇ ئادەم سۇلايمان ئارسلانخان بالاساغۇنغا كەلگەندىن بېرى ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمىتىنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇغرا قاراخانغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشنى قەتئىي مەخپىي تۇتاتتى. ئۇنىڭ ھازىر ئەھۋالنى ئوچۇق دېيىشكە تىلى بارمىدى. چۈنكى، بۇغرا قاراخان نەچچە كۈندىن بېرى نېمىشقىدۇر خاپا كۆرۈنەتتى. خېلىدىن كېيىن ئىنانچۇبەگ چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھاجىبۇل ھۇججاپ، ئەتىگەندە بۇ ئەزىز دەرگاھتا ئۇچراشقىنىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، — ئالدىن سالام بەردى ھىجىيىپ. ئۇنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەندى، — بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىغا سالام بەرگىلى كېلىپتىلا - دە، — ئۇ يۇسۇپكە قول ئۇزارتتى، — يىغىلىشمىسام بۇ يىگىت ئۆتكەن يىلى تويى بولغان ئوغۇللىرىغۇ دەيمەن؟ قالتىس يىگىت بوپتۇ، كۆز تەگمىسۇن.

— رەھمەت، يۇغرۇش باشى، — دېدى رەيھاندىن، — بۇغرا قاراخانغا سالام بېرىش — بىزنىڭ سائادىتىمىز. ئۆزلىرىنىڭ يۇغرۇش باشى بولغانلىرىدىن كۆپ خۇرسەن بولدۇم. ئىنسابلىق، سەمىمىي، ئادىل، ئەل سۆيەر يولباشچىغا خەلق ھەر زامان موھتاج، جانابلىرى، — رەيھاندىن ئىنانچۇبەگنىڭ ئۆڭگەن چىرىگە كۆز سېلىپ، بۇغرا قاراخان سارىيىغا كىرىپ كەتكەن ئىشىكئاغىسىنىڭ چىقىقانلىقىنى كۆرمەي قالدى. يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ قولىنى تارتىپ قويدى. رەيھاندىن ئىشىكئاغىسىنىڭ كۆز ئىشارىتىدىن بۇغرا قاراخاننىڭ كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدى.

ئىنانچۇبەگ بۇغرا قاراخان سارىيىغا كىرىپ كېتىۋاتقان رەيھانىدىن بىلەن يۇسۇپكە كۆز تىكىپ، سارغۇچ ساقىلىنى «خەپ» دېگەندەك سىيپاپ قويدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، دىدارلىرىغا مۇشەررەپ قىلغان ئاللادىن ھەزرەتلىرىگە ئامان - ئېسەنلىك تىلەيمىز، — دېدى رەيھانىدىن سۇلايمان ئارسلانخان خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان تەختكە يېقىنلاپ.

ئويغا غەرق بولغان بۇغرا قاراخان خېلىدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ خاپا كۆرۈنەتتى.

— ھاجىپ، ۋاقتىدا كەلدىڭىز. ئوغلىڭىزنى ئېلىپ كەلگىنىڭىزدىن خۇش بولدۇم، كۆرۈشكۈم بار ئىدى، — بۇغرا قاراخان ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئېلىكخانلىرى ئالىپ تېگىن①، بۆرە تېگىنلەرنىڭ قاراخانىيلار ئېلىدىن بۆلۈنۈپ چىقماقچى بولۇۋاتقىنى توغرۇلۇق ئالدىنقى ھەپتە ماڭا سۇنغان مەلۇماتىڭىز راست ئىكەن، ھاجىپ. بۇنى يۇغرۇش باشى ئىنانچۇبەگمۇ ئىسپاتلىدى. بۇ ھەقتە يېڭى خەۋەر بارمۇ؟ سىزنىڭ قانداق مەسلىھەتىڭىز بار، بىلمەكچىمەن.

بۇغرا قاراخاننىڭ سۆزىگە سەما بولۇپ ئولتۇرغان يۇسۇپ «ئالىپ تېگىن، بۆرە تېگىنلەرنى ئوردىدىن يىراقلاشتۇرماسلىق كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ياش ئىكەنلىكىگە قارىماي ماۋەرائۇننەھردەك كاتتا دىيارنى تۇتقۇزۇپ قويغان بۇغرا قاراخاننى ئاتامۇ ئەيىبلىيەلمەيدۇ ...» دەپ ئويلاپ قالدى.

رەيھانىدىن ئېغىز ئاچتى:

— ئالىيلىرى، ئۇلۇشكۇن سەمەرقەنتتىن يەنە چاپارمەن كەلدى. ئالىپ تېگىن، بۆرە تېگىنلەر ماۋەرائۇننەھرگە قاراشلىق شەھەر، قەلئەلەرنىڭ سۇباشى، ھاكىملىرىنى زورلۇق بىلەن

① ئالىپ تېگىن — مۇھەممەد تېگىن، بۆرە تېگىننىڭ ئاكىسى.

ئۆزلىرىگە بەيئەت قىلدۇرغاندىن كېيىن، غەزنەۋىلەر
ھۆكۈمرانلىقىدىكى خوراسانغا ھۇجۇم قىپتۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە
ئۇلارنى ئوبدان ئۇچۇقداپ قويۇش زۆرۈر، دەپ ھېسابلايمەن.
— بۇ ئىشەنچلىك خەۋەرمۇ، ھاجىپ؟
— ئىشەنچلىك، ئالىيلىرى، سەمەرقەنت ئېلىكخان
ئوردىسىدىكى ھاجىپ رەھمىتۇللا بالاساغۇنى ئەۋەتكەن چاپارمەن
ئۇلۇشكۈن بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەلۋەتتە، دەرھال قوشۇن
ئەۋەتىپ، ئۇ ھەددىدىن ئاشقان شاھزادىلەرنى ئۇچۇقداپ قويۇش
زۆرۈر.
— ئۇچۇقداپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ھاجىپ، ئىككىنچى
باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش كېرەك، — سۇلايمان ئارسلانخان
نەزىرىنى سۆكۈت قىلىپ ئولتۇرغان يۈسۈپكە يۆتكىدى، —
يۈسۈپ، سىز بىلەن ئەركىن - ئازادە پاراڭلاشقۇم بار ئىدى.
قارىمامسىز، مەملىكەت ئىشى بېشىمىزنى قاتۇرماقتا.
ئاڭلىدىڭىز، بۇ ھەقتىكى قارىشىڭىزنى ئېيتىپ باقسىڭىز، بىر
ياخشى مەسلىھەت چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.
يۈسۈپ قويۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى:
— خاقان ئالىيلىرى، قاراخانىيلار مەملىكىتىنى سۇلتان
سۇتۇق بۇغراخان ھەزرەتلىرى بەرپا قىلغان. بۇ بىر نېمەتكە
توشقان باھاسىز ئالتۇن تاۋاقكى، ئۇنى پارچىلاشقا، باشقىلارغا
بۆلۈپ بېرىشكە، باشقىلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويۇشقا
زىنھار بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇغرا قاراخان بولۇپ كەلگەن
سۇتۇق بۇغراخان ئەۋلادى بۇ ئالتۇن تاۋاقنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ
قويماي، چوڭايتىپ، مۇستەھكەملەپ كەلدى. ئالىيلىرىنىڭمۇ بۇ
خىسلەتلىك ئالتۇن تاۋاقنى تارتىۋېلىشقا ياكى پارچىلاشقا
ئۇرۇنغۇچىلارنى قارا نىيىتىگە ھەرگىز يەتكۈزمەيدىغانلىقلىرىغا
ئىشەنچىم كامىل. ئىككى شاھزادىنىڭ بويۇنتاۋلۇق
قىلىۋاتقىنىغا كەلسەك، قاتتىق ئۇچۇقداپ قويۇش ياكى باش
كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىش — ئۇلارنى نىيىتىدىن ۋاز

كەچتۇرەلمەيدۇ، — يۇسۇپنىڭ ئاۋازى بوش چىققان بىلەن پىكرى كەسكىن ئىدى. ئۇ سۆزىگە دىققەت - ئېتىبارىنى بەرگەن خاقان بىلەن ئاتىسىغا كۆز يۇگۇرتۇپ ئۇنىنى سەل كۆتۈردى، — ئۇلار ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ سانىغاچقا، بۇغرا قاراخانلىق تەختىنى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ دەپ بىلىدۇ. ئۇلارنى بۇ تونۇشتىن ۋاز كەچتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، قىلىچ كۆتۈرۈپ قان تۆكۈش ئارقىلىق ئەمەس، مەردلىك، كەڭ قورساقلىق، كۆيۈمچانلىق بىلەن قايىل قىلىش، كۆندۈرۈش مۇمكىن. لېكىن، بۇ ۋاقىت ھەم سەۋر - چىدام تەلەپ قىلىدۇ.

سۇلايمان ئارسلانخانمۇ، رەيھانىدىنمۇ جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. ھەر ئىككىلەن يۇسۇپنىڭ پىكرىنى مۇلاھىزە قىلماقتا ئىدى.

«بۇ يىگىتنىڭ گېپىدە بىر ياخشى مەسلىھەت بار. ئالدىراپ قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغاندا، بىھۇدە قان تۆكۈلىدۇ، خانلىقىمىزغىمۇ، ئاۋامغىمۇ زىيان بولىدۇ، شاھزادىلەرنىڭ جەھلى قاتىدۇ، قارشىلىقى كۈچىيىدۇ. ياخشىسى، كۆكسى - قارنىمنى كەڭ تۇتۇپ، ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي» دەپ ئويلىغان سۇلايمان ئارسلانخان قەتئىي نىيەتكە كەلدى.

— ھاجىپ، ئوغلىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپ قىلدى. ئىنانچۇبەگنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، ئۇنى ئۆز ئورنۇمدا باش قىلىپ، بەش تۈمەن سىپاھ بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلدۇرماقچى بولغانىدىم. ئۇ شۇ دەم بۇ قارارىمدىن ياندىم. ھازىرچە لەشكەر ئورنىغا مەكتۇپ ئەۋەتەي، ھاجىپ، سىز سەمەرقەنتكە بىر بېرىپ كېلىڭ. مەن قاراخانىيلار ئېلىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەممە بايلىقىمدىن كېچىشكە، جاندىن جۇدا بولۇشقا رازىمەن.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، پېقىرمۇ شۇ ئارزۇدا.

ئەمرلىرىنى ئادا قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارمەن، — رەيھانىدىن قوپۇپ تەزىم قىلدى.

سۇلايمان ئارسلانخان ئورنىدىن تۇرۇپ تەختتىن چۈشتى، يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يۇسۇپ ئىنىم، سىز بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا قاتنىشىڭ، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىز، — دېدى.

رەيھانىدىن دەرھال جاۋاب قايتۇر، دېگەن مەنىدە ئوغلىغا ئىللىق نەزەر تاشلىدى.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، ماڭا مۆھلەت بەرسىلە، ئۆگىنىدىغانلىرىم تېخى كۆپ. ئىككىنچى يا ئۈچىنچى قېتىم ئىمتىھانغا قاتناشسام، — ئۆتۈندى يۇسۇپ قول باغلاپ تۇرۇپ.

سۇلايمان ئارسلانخان تۇرۇپ قېلىپ باش لىڭشىتتى.

— ماقۇل يىگىت، ئىككىنچى قېتىملىق ئىمتىھانغا قاتنىشىڭ، — بۇغرا قاراخاننىڭ چېھرىدە ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى، — ئەمما ماڭا بىر ئىش قىلىپ بېرىشىڭىز كېرەك.

— باش ئۈستىگە، بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، — يۇسۇپنىڭ قارا كۆزلىرىدىن بىر ئۇچقۇن چاقنىدى، — بۇيرۇسىلا، جان دەپ ئادا قىلىمەن.

سۇلايمان ئارسلانخان جىددىي تۇستە دېدى:

— سىزگە تاپشۇرىدىغان خىزمەت شۇكى، ئاكا ـ ئۇكا ئېلىكخانلارغا مېنىڭ نامىمدىن بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

— باش ئۈستىگە، بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، — يۇسۇپ يەكتىز بولۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى.

— چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەيلى، قېنى، مەرھەمەت، — سۇلايمان ئارسلانخان ئۇلارنى باشلاپ خاقان تاماقخانىسىغا چىقتى.

## 3

سەرمەنت شەھىرىنى گۈگۈم قويىنىغا ئالدى. قاندەك قىزارغان ئۈپۈق يۈزىدە ئالتۇن تاۋاق كەبى پارقىرىغان كۈن بارا ـ بارا كىچىكلەپ غايىب بولدى. تۈن قارا پەرەنجىسىنى يېپىندى.

يىراقتىن ئىگىز كۆتۈرۈلگەن ئوتقاشلار كۆرۈنۈپ، ئاتلارنىڭ ئۈپۈر ـ توپۈرى ئاڭلانغاندا، قاراۋۇللار گورزىلىرىنى تىك تۇتۇپ قېتىپ تۇرۇشتى. ئاتلىقلار يېقىنلاپ، ئوتقاشلارنىڭ يالقۇنلىرىدا كۈمۈش رەڭدە تاۋلانغان ئەتلىسلار، قىممەتباھا تاشلار بىلەن پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرى كۆرۈنمەكتە ئىدى.

قاپقارا ساقال ـ بۇرۇتلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن، كۆزلىرى ئوتتەك يانغان، پولات دۇبۇلغىسىغا ئالتۇن ئوتۇغات قادالغان، بويلۇق، تەمبەل بىر سەركەردە دەرۋازىدىن بىرىنچى بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ كىردى. بۇ شىكاردىن يانغان ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئىدى. ئۇ بوستانلىق كوچىلاردىن، شام چىراغلار يۇلتۇزدەك يېقىلىپ كەتكەن گۈزەرلەردىن ئۆتۈپ، قارغۇي دەپ ئاتىلىدىغان كۆزىتىش مۇنارىسىنىڭ كۆلەڭگىسى چۈشۈپ تۇرغان ئوردا ئالدىغا كەلدى.

بۆرە تېگىن ھەرقاچان شىكاردىن يانغاندا ۋەزىر ـ ۋۇزرالار كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى. بۇ كەچمۇ ئۇنى ئوردا ئەمىرى كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئوتتۇرا بويلۇق، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان خۇش چىراي بىر ئادەممۇ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەردى. ئۇ يوللۇق شايى تون كىيىپ، بېشىغا سەللە ئورىغانىدى.

بۆرە تېگىن ئوتقاش يورۇقىدا ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ ئاتتىن چۈشتى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خۇش كېلىپسىز رەيھانىدىنبەگ ئاغا، ــ ئۇ قول بېرىپ كۆرۈشتى.

— سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى ئۆزلىرىگە سالام يوللىدى، شاهزادە.
— تەڭرى بۇغرا قاراخان ئاغامنى ئامان قىلغاي، قاچان كەلدىڭىز، هاجىپ ئاغا؟
— بۈگۈن پېشىندىن يانغان مەھەلدە، ئالىيلىرى.
— مەن يوق بولۇپ قاپتىمەن، — بۆرە تېگىن ئېتىغا غانجۇغىلاپ قويغان تۈلكە تېرىسىنى سىلاپ قويدى، — مەن يات - يات شىكارغا چىقىپ، بىرنەچچە كۈن تاغ - دالالارنى ئايلىنىپ كېلىمەن. شىكار قىلمىغان چاغلاردا غەزنەۋىلەر ياكى سەلجۇقىيلار بىلەن جەڭ قىلىپمۇ تۇرىمەن. بۇ دورەم شىكارىمىز ئولجىلىق بولدى. مەن ئۈچ تۈلكە، يەتتە جەرەن، ئىككى ئارقار ئۆۋلىدىم، ئېتىۋالغان قۇشلارمۇ ئاز ئەمەس، قۇتلۇق دەمدە كېلىپسىز، بەگ تەركىسىگە قاتنىشىپ بەرگەيسىز.
— رەھمەت، ئالىيلىرى، ئەلۋەتتە قاتنىشىمەن.
— بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە بىرقانچە يىل بوپتۇ، بەگيۈسۈپ يەنىلا مەدرىسەدىمۇ؟
— شۇنداق، ئالىيلىرى، مەلىكۇل مەشرىقنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوردۇكەنتتە كۆرۈشكەنىدۇق. ئوغلۇم مەدرىسەدە ھەم ئۆگىنىپ، ھەم ئۆگىتىۋاتىدۇ.
ئۇلار سۆزلەشكەچ ئوردىغا قەدەم باستى. رەيھانىدىن «بۆرە تېگىن ياش بولسىمۇ، ھۆكۈمرانغا خاس ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش، مەنسىتمەسلىك، مەغرۇرلۇق، كەسكىنلىك، ئالدىراڭغۇلۇق، بىپەرۋالىق ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈپتۇ. هوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ ئۆزىنى ھۆرمەت قىلدۇرالاپتۇ. لېكىن، ياۋايىلارچە قاراملىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، ساددىلىقى يەنىلا بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى.
بۆرە تېگىنگە بەگ ئەتكەسى بولغان تاجىلمۇلىك رۇمدا ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئەل كەزگەن، كۆپنى كۆرگەن ئوقۇمۇشلۇق زات ئىدى. بۆرە تېگىن ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن پادىشاھلارچە يۇرت

سوراشنى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالغانىدى. ئاكىسى مۇھەممەد ئالىپ تېگىن ئۇنىڭغا قارىغاندا ئېغىر ـ بېسىق، مۇلايىم بولسىمۇ، ئىچى كۈچلۈك، ھەسەتخور ئىدى، ھەمىشە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، بولۇپمۇ ھارۇن بۇغراخان ئەۋلادىنىڭ بۇغرا قاراخان بولۇشىغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن قارشى ئىكەنلىكىنى ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئىپادىلەپ تۇراتتى. بۇ بۆرە تېگىنگە تەسىر قىلغانىدى. لېكىن، بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۇن چىقماي كېلىۋاتاتتى. ئۆتكەن يىلى خارەزىم شاھى مەئمۇننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، جەڭنى توختاتقان بولسىمۇ، غەزنەۋىلەرنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىش نىيىتىدىن يانمىغانىدى ... ئۇ رەيھانىدىننىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىنى چوقۇم بىر مۇددىئا بار، دەپ تونۇغاچقا ئۇنى ياخشى كۈتۈۋالدى.

بەگ تەركىسى ئېلىكخان سارىيىنىڭ زىياپەت زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. رەيھانىدىن ۋەزىر تاجىلمۇلىك بىلەن بۆرە تېگىن ئوتتۇرىسىدا ئولتۇردى. داستىخان ئۈستىدە پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىنغان كەكلىك، قىرغاۋۇل، ئۆردەك ـ غازلار ئاز ئەمەس ئىدى. جەرەن، كېيىك، توشقان، ئارقار، بۇغا ـ ماراللارمۇ پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىنغانىدى. زىياپەت تۈن نىسپىغىچە داۋام قىلدى. نەچچە ئون خۇمرا شاراب ئىچىلىپ بولدى. تاجىلمۇلىك ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شاراب تۇتقان بولسىمۇ، رەيھانىدىننىڭ ئۆزرىسىنى ئاڭلاپ زورلاپ تۇرۇۋالمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئادەمنىڭ قەدىرگە يېتىدىغان ئاقىللاردىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بەگ تەركىسى ئاخىرلاشقاندا، بۆرە تېگىن شىكار ئولجىلىرىنى ئوردا ئەھلىگە تەقسىملەپ بەرگۈزدى. ئۆزى تۈلكە تېرىسىدىن ئىككىنى تاللاپ:

ـــ ھاجىپ ئاغا، شىكار ئولجىلىرى ئىچىدە ئەڭ ئېسىلى مۇشۇلار ئىكەن، قوبۇل قىلغايسىز، ـــ دېدى.

ـــ ھەشقاللا، شاھزادە، ـــ رەيھانىدىن ئىككى قوللاپ، مويى پارقىراپ تۇرغان تېرىلەرنى ئالدى.

رەيھانىدىن بامدات نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازىنى ئىشىتىپ ئويغىنىپ كەتتى، چالا ئۇيقۇلۇقتا كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى. ئۇ ئۆيدىكىلەرنى چۆشەپ قالغانىدى: ئاقىرا يەڭگىگەن ئىمىش... يۇسۇپ چىرايلىق بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپ تۇرارىمىش... يابىرا «ئاتىسى، نەۋرىلىرىنى كۆرگۈلىرى كەلمىدىمۇ؟» دەۋاتقۇدەك...

بۇ خاسىيەتلىك چۈش رەيھانىدىننىڭ ئۇيقۇسىنى پۈتۈنلەي قاچۇرۇۋەتتى. تەرەت ئېلىۋېتىپمۇ، ناماز ئۆتەۋېتىپمۇ بولغۇسى نەۋرىسىنى خىيالىدىن چىقىرالمىدى. تاجىلمۇلىك كېلىپ، بۆرە تېگىننىڭ ئەتىگەنلىك تاماقتا تەكلىپ قىلغىنىنى ئېيتتى. رەيھانىدىن پادىشاھ ئاشخانىسىدا بۆرە تېگىن بىلەن كۆرۈشتى، ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى.

— ئاكام مۇھەممەد ئالىپ تېگىن خارەزىمدە. قىپىنئاتامنى غەزنەۋىلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا ئۇناتسىلا، خۇراسانغا يۈرۈش قىلىمەن. بىزنىڭ غەزنەۋىلەرگە بويسۇنغۇمىز يوق. بەلكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەۋلادى بولغان بىزگە بويسۇنۇشى كېرەك. توغرىمۇ، ھاجىپ ئاغا؟

رەيھانىدىن بۇ مەغرۇر شاھزادىگە دەرھال جاۋاب قايتۇرمىدى. چىنىدىكى سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت چاينى ئىچكەن بولۇپ ئويلىنىۋالدى، ئاندىن:

— ئالىيلىرى، ئاكىلىرى بىلەن سىلى بۇغرا قاراخانلار جەمەتىنىڭ ئىككى تۈۋرۈكى، ھەربىرلىرىنىڭ مانا شۇنداق مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشۇۋاتقانلىرىدىن بۇغرا قاراخان ئاغىلىرى ناھايىتى مەمنۇن. ئەمما، غەزنەۋىلەر بىلەن ئالدىراپ جەڭ قىلىشقا ئۇ قوشۇلماسمىكىن؟ — دېدى.

— نېمىشقا؟ — بۇ سوئالنى بۆرە تېگىن ئەمەس، تاجىلمۇلىك قويدى.

— غەزنەۋىلەرنىڭ ھازىر تازا كۈچەيگەن ۋاقتى. ئۇلار ھىندىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىشقا كىرىشتى، پىل بىلەن جەڭ

قىلغۇچى سىپاھلىرىمۇ بار.

— ئىپتىقانلىرى راست، ھاجىبۇل ھوجاپ، ھازىر غەزنەۋىلەرنىڭ تازا كۆچەيگەن ۋاقتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھىندىلار ئېلىگە يۈرۈش قىلىۋاتقان ۋاقتىدا شاھزادىلىرىم باستۇرۇپ كىرسە نۇسرەت قازىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پىللىرىغا قارشى بىزنىڭ كەركىدان①لىرىمىز بار، — تاجىلمۇلىك كۈلۈمسىرەپ رەيھانىدىنغا چاي سۇندى.

— ئەگەر سۇلتان مەسئۇد پىل مىنىپ جەڭگە كىرسە، مەن كەركىدانىنى مىنىپ كىرىپ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىمەن، — دېدى بۆرە تېگىن ئىشەنچ بىلەن ۋە قوشۇپ قويدى، — ئاكام ئالىپ تېگىن ئىككىمىز سۇلتان مەسئۇدقا ھەرگىز بويۇن ئەگمەيمىز.

— شاھزادەم، سۇلتان مەسئۇد ھەربىرلىرىگە بويۇن ئېگىدۇ، — تاجىلمۇلىك سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغان رەيھانىدىندىن سورىدى، — شۇنداق ئەمەسمۇ، ھاجىبۇل ھوجاپ.

— شۇنداق، يۇغرۇش باشى، — ئويغا چۆمگەن رەيھانىدىن باش لىڭشىتتى، — مۇھەممەد ئالىپ تېگىن، ئىبراھىم بۆرە تېگىن ئالىيلىرى بولغاچقا غەزنەۋىلەر ئېلىمىزگە باستۇرۇپ كىرەلمەيلا قالماستىن، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان جەندە شەھىرىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان سەلجۇقىيلارمۇ كۆز ئالايتالمىدى. لېكىن، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە خەلقىمىز ئۇرۇشقا ئەمەس، تىنچلىققا موھتاج، بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى مۇشۇ ئارزۇسىنى ھەربىرلىرىگە يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن پېقىرنى سەمەرقەنتكە ئەۋەتكەن، — رەيھانىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قويۇن يانچۇقىدىن مەكتۇپنى ئېلىپ بۆرە تېگىنگە سۇندى، — بۇ ئاكىلىرى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ھەربىرلىرىگە يازغان خېتى.

① كەركىدان — بۇ مۈڭگۈزلۈك ھايۋاننى بۇرۇنلاردا باتۇرلار مىنىپ جەڭگە كىرگەن.

بۆرە تېگىن خەتنى ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتى:

«ئايغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. جەڭگاھتا غالىب، تەخت ئۈستىدە شەۋكەتلىك ئىنىلىرىم مۇھەممەد ئالىپ تېگىن بىلەن ئىبراھىم بۆرە تېگىنگە:

پۈتۈن ئالەمنى ياراتقۇچى تەڭرىتائالا ، موھتاجلىق، ياردەم، ياخشىلىق، يامانلىق ... ھەممە نەرسىدىن بىھاجەتتۇر، لېكىن بەندىلەر — مەيلى، ئۇ شاھ، پۇقرا بولسۇن، مەيلى باي، گاداي بولسۇن، ئالىم، نادان بولسۇن، ھامان ھەممىسىنىڭ بىر - بىرىگە ھاجىتى چۈشىدۇ، بىر - بىرىگە موھتاج بولىدۇ، بىر - بىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ، بىر - بىرىگە ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلىدۇ. ھايات شۇنداق داۋاملىشىدۇ ۋە شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ.

بۇغرا قاراخانلار جەمەتىنىڭ ھاياتىمۇ ئەنە شۇنداق داۋام قىلىۋاتىدۇ. قاراخانىيلار ئېلىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، سېيىت ئەلى ئارسلانخان، ھارۇن بۇغراخان بوۋىلىرىمىز ئالەمدىن ئۆتتى. ئالىپ ئەھمەد تۇغانخان، مەلىكۇل مەشرىق يۈسۈپ قادىرخان ئاتىلىرىمىز قاراخانىيلار ئېلىنىڭ تاجۇتەختىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. شەرقتە كۆسەن دىيارىغىچە، شىمالدا تەڭرىتاغلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلى، ئېدىل بويلىرىغىچە، غەربتە خارەزىم، خۇراسان دىيارىغىچە ئوردۇكەنت، قۇزئوردۇنى ئاستانە قىلغان قاراخانىيلار ئېلىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى، بۇ كاتتا ئەل بۇغرا قاراخان بولغان پېقىرنىڭ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى، بۇ ئەلنىڭ بىر غېرىچ يېرىدىن ئايرىلىش — يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسى كېسىلىپ كەتكەن بىلەن باراۋەر. سىلەر مېنىڭ يۈرەك پارىلىرىم، سىلەردىن ئايرىلىپ قېلىشنى زىنھار خالىمايمەن. سىلەرنى قەدىرلەيمەن، ھۆرمەتلەيمەن، دائىم سېغىنىمەن، قېرىنداشلىرىم.

پېقىر ئاكاڭلارغا بۇ كاتتا ئەلۇەك مەملىكەتنىڭ شاھلىقىنى

تەڭرىم بەرگەنىكەن، ئادالەت بىلەن ئەلنى سورىشىم، قوشنا ئەللەر بىلەن دوستانە ئۆتۈشۈم، كۆز ئالايتقان، باستۇرۇپ كەلگەن ياۋغا رەھىمسىز بولۇشۇم زۆرۈر، ئەلۋەتتە. مەملىكىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، خەلقىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، سىلەردەك ئەزىز قېرىنداشلىرىمغا يېقىن تۇرۇش ئۈچۈن ئوردۇكەنتتىن قۇزئوردۇغا كەلدىم، ئىككىلىرىنى باي ـ باياشات خارەزىم، ماۋەرائۇننەھر دىيارلىرىنىڭ ئېلىكخانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدۇم. كۈتكەنگە يارىشا مەملىكەت زېمىنىنى قوغداپ ۋە مۇھاپىزەت قىلىپ خەلقنى روناق تاپتۇرۇشتىلا، ئىشەنچىمنى يەردە قويماي ئۈمىدىمدىن چىقىشتىلا، يېقىن بۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن. ھالبۇكى، كەڭ، باياشات ئېلىمىزگە يېقىن ـ يىراقتىكى يەر ۋە بايلىققا تويمايدىغان شاھ، سۇلتانلار كۆز تىكمەكتە.

پادىشاھ سەگەك بولمىسا، ئوردىنى غەپلەت، ئەلنى پالاكەت باسىدۇ. بىز ئاكا ـ ئۇكا بۇغراخان، ئارسلانخان، ئېلىكخانلار ھەرقاچان ھوشيار تۇرۇشىمىز، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى مەغلۇبىيەتكە گىرىپتار قىلىشىمىز كېرەك. ئاسىي، خائىنلارغا رەھىم قىلماي جازا بېرىشىمىز، بىزگە چىقىلمىغان ئەللەرگە چېقىلماسلىقىمىز، ئالدىراپ باشقا مەملىكەت تۇپرىقىغا بېسىپ كىرمەسلىكىمىز لازىم.

ئالىپ تېگىن، بۆرە تېگىن قېرىنداشلىرىم، سىلەرنى سېغىنىپ كۆرگۈم كېلىپ، بۇ مەكتۇپنى ھاجىبۇل ھۇججاپ رەيھاندىنبەگدىن ئەۋەتتىم. قانداق تەلەپ ـ تىلەكلەر بولسا يېقىرنى ۋاقىپلاندۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، جاۋاب مەكتۇپ يېزىپ يېقىرنى مەمنۇن قىلغايسىلەر.

تۈگىمەس سالام، كامالىي ئېھتىرام ئىلە:
قاراخانىيلار ئېلىنىڭ بۇغرا قاراخانى
سۇلايمان ئارسلانخان.

ھىجرىيە 425 ـ يىلى جامادىيەس سانىنىڭ① 17 ـ كۈنى، قوزئوردۇ.»

بۆرە تېگىن مەكتۇپنى ئىچىدە ئوقۇپ چىقىپ تاجىلمۇلىككە بەردى. ئورنىدىن تۇرۇپ مەكتۇپنى باش ئۈستىگە كۆتۈردى، ئاندىن بۆسە قىلدى.

«بۆرە تېگىن بۇ مەكتۇپقا ئادەتتىكى مەكتۇپقا ئوخشاش قارىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنى بۇغرا قاراخان بىلەن تەڭ ئورۇندا قويسا كېرەك» دەپ ئويلىغان رەيھانىدىن، سوئال نەزىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ قويۇپ چايدىن سۇمۇردى.

ئويلىنىپ قالغان بۆرە تېگىن ئېغىز ئاچتى.

— بۇغرا قاراخان ئاغامنىڭ بۇ مەكتۇپى مېنى سەگىتتى، ئۇنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن. ئەمما، غەزنەۋىلەر، سەلجۇقىيلار بىلەن جەڭ قىلامدۇق، دوست بولۇپ ئۆتەمدۇق، بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى. ئاغام بۇنىڭغا ئارىلاشمىسا بولاتتى. مەكتۇپتا بۇ توغرۇلۇق ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشىشىمنى ئۆتۈنۈپتۇ. رەيھانىدىنبەگ ئاغا، قاراخانىيلار ئېلىنى كېڭەيتىش، قۇدرەت تاپتۇرۇش بىزنىڭمۇ ئارزۇيىمىز ئىكەنلىكىنى، بۇغرا قاراخان جەمەتىنىڭ داڭقىنى چىقىرىدىغانلىقىمىزنى بۇغرا قاراخان ئاغامغا ئېيتىپ خاتىرجەم قىلىپ قويۇڭ، — بۆرە تېگىننىڭ ساقال باسقان قارامتۇل يۈزىدە مەسخىرە كۈلكىسى پەيدا بولدى. قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ۋەھىمىلىك ئۇچقۇن چاقنىدى.

چېچىنى ئالدۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ ۋاقىتقىچە ساقال ـ بۇرۇتىغا تىغ تەگكۈزمىگەن ئىبراھىم بۆرە تېگىن سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە بۆرىنىڭ غەيۇرلۇقى بىلەن قارامىلىقى مەۋجۇت ئىدى. ساددىلىق، كۆرەڭلىك مىجەزىدىكى

① مىلادىيە 1034 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

خاسلىق ئىدى. ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالغان مېھىر ـ شەپقەتمۇ قەھىر ـ غەزەپ بىلەن ئالمىشىپ تۇراتتى. ئۇ جىق ئىشلارنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن ئەقىل ـ پاراستى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىگە ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزگەن مەلىكە ئادىرانى ئۇنتۇمىغانىدى. ھەر يىلى سوۋغا ـ سالام يوللاپ ھال سوراپ تۇراتتى. مانا بۇ مېھىر ئۇنى ئادەملىك تەبىئىتىگە ئىگە قىلغانىدى. ئەمما، بەزى ھاللاردا، ئاچ قالغان بۆرىدەك قۇتراپ پۈتۈن دۇنيانى ۋەيران قىلىپ قايتىدىن بىنا قىلغۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۆزگىرىشچان خاراكتېرىنى تاجىلمۇلىك تىزگىنلەپ تۇراتتى. بەزى چاغدا ئۇمۇ تىزگىنىنى تارتالماي قالاتتى، مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. بۆرە تېگىن بۇ دانا، ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ئادەمنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەت قىلاتتى، يېنىدىن نېرى قىلمايتتى.

تاجىلمۇلىك ئۇنىڭ بۇغرا قاراخان مەكتۇپىغا ئۇدۇللا جاۋاب بەرگىنىدىن ئوڭايسىزلاندى.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ بۇ مەكتۇپى قاراڭغۇ دىلىمىزنى يورۇتقان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن بالا ـ قازاغا ئۇچراشتىن ساقلايدۇ. شاھزادەمنىڭ ئارىلاشمىسا بولاتتى، دېگىنى — بۇغرا قاراخاننىڭ يۈكسەك ئىززەت ـ ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزمەيمەن دېگىنى، ھاجىبۇل ھۇججاپ، باشقىچە ئويدا بولمىغايسىز.

بۆرە تېگىن تاجىلمۇلىككە ئالىيىپ قاراپ قويدى ـ يۇ، گەپ قىلمىدى.

— تۇغرا دېيىلە يۇغرۇش باشى، پېقىرمۇ شۇنداق چۈشەندىم، — رەيھانىدىن باشقا گەپ قىلىشنى لايىق كۆرمەي قولىنى لۆڭگە بىلەن ئېرتتى. ئۇ تاماقتىن كېيىن ھال رەڭ گۆھەر كۆز قويۇلغان ئالتۇن تاج بىلەن ئالتۇن ساپقا ئورنىتىلغان قىزغۇچ ھال رەڭ تۇغنى بۆرە تېگىنگە تاپشۇردى.

— تاج ۋە قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ تۇغىنى ئالىيلىرىغا

سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەن سۇلايمان ئارسلانخان ئۆزلىرىگە سالامەتلىك، ماۋەرائۇننەھر خەلقىگە تىنچ ـ ئامانلىق تىلەيدۇ، ھۆرمەتلىك تېگىن!

بۆرە تېگىن تاج ۋە تۇغنى ئېلىپ رەھمەت ئېيتتى، تۇغنى تاجىلمۇلىككە بەردى:

ــ خەزىنىدە ساقلاپ قويۇلسۇن!

رەيھانىدىن ئەپسۇسلانغان ھالدا باش چايقاپ قويدى. ئۇ سەمەرقەنتتە ئون بەش كۈن تۇردى، ئەتىگەن ـ كەچلەردە تاجىلمۇلىك، بۆرە تېگىنلەر بىلەن تاماقتا بىللە بولدى، سەيلە ـ ساياھەتكە، شىكارغا بىللە چىقتى، مۇڭداشتى، سىرداشتى. بۆرە تېگىن ئۇنىڭغا خېلى مايىل بولغاندەك قىلسىمۇ، نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقى ئايان ئىدى. رەيھانىدىن سەمەرقەنتتىكى جاۋاھىرات دۇكىنىغا، تىللا سارىيىغا بېرىپ، خىزمەتچىلىرىدىن تىجارەت ئەھۋالىنى ئۇقتى، ياخشى تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئېلىپ كېتىدىغان سوۋغىلارنى تەييارلىدى. ئۇ يولغا چىقىدىغان كۈنى ئەتىگەن مەسچىتتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، كۆل بويىدا دوقاقبەگ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھەر ئىككىيلەننىڭ مىيىقىدا تەبەسسۇم پەيدا بولۇپ، قاشلىرى تەڭلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ساقاللىرىنى سىيپاپ، بىردەم بىر ـ بىرىگە قاراپ قېلىشىپ، ئاندىن سالاملاشتى.

ــ ھە، رەيھاندىنبەگ جانابلىرى، كۈن مەغرىبتىن چىققاندەك، قەدەملىرى سەمەرقەنتكە يېتىپ قاپتىغۇ؟ ــ دېدى دوقاقبەگ قول ئۇزارتىپ.

ــ خۇددى سىلىدەك، دوقاقبەگ جانابلىرى. ئۆزلىرى تالاستىن قاچان كەلدىلىكىن؟ ــ رەيھانىدىن شۇنداقلا قول ئۇزارتتى.

ــ ئاخشام، ــ زورۇقۇپ كۈلدى دوقاقبەگ. ئۇ سەمرىپ، بويىنى تۇۋرۇكتەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە سەمەرقەنتكە كەلگىنىگە ئۈچ كۈن بولغانىدى.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلگىنىمگە ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى، يۇغرۇش. ئۆزلىرى نېمە ئىش بىلەن كەلدىلىكىن؟

— پېقىرمۇ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلدىم. كېلىشتىكى مۇددىئايىمىز بىر ئىكەن، قاچان كەتمەكچى بولۇۋاتىدىلا؟

— بۈگۈن.

— بۈگۈن؟! كۆرۈشۈپلا خوشلىشامدۇق، ئەپسۇس، بىرنەچچە كۈن بىللە بولساق كۆڭۈللىرىمىز ئېچىلىپ قالاتتى.

— رەھمەت، يۇغرۇش جانابلىرى، قايتمىسام بولمايدۇ. خەير، سالامەت بولسىلا، يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، — دېدى رەيھانىدىن.

دوقاقبەگ ئۇنىڭ تېزرەك كېتىشىنى خالاپ تۇرغاچقا قول بېرىپ خوشلاشتى.

رەيھانىدىن تەكىنخانىدىكى ياتاق ئۆيگە كېلىپ تۇرۇشىغا، تاجىلمۇلىك كىرىپ، بۆرە تېگىننىڭ ئارامگاھ سارايدا ساقلاۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى.

شاھزادە ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بەردى. توققۇز جۈپ سەمەرقەنت ئارغىمىقىنى بۇغرا قاراخانغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. رەيھانىدىنغا تون يېپىپ ئات مىندۈردى. رەيھانىدىن بىلەن كەلگەن خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردىن ئات يوللۇق تۇتتى. بۆرە تېگىنمۇ، تاجىلمۇلىكمۇ دوقاقبەگنىڭ كەلگىنىدىن ئېغىز ئاچمىدى، رەيھانىدىنمۇ ئۇچرىشىپ قالغىنىنى دېمىدى. ئۇ چاشكا ۋاقتىدا ئۇزاتقۇچىلار بىلەن خوشلاشتى، بۆرە تېگىن ئۇنىڭغا بىر مەكتۇپنى ئۇزارتىپ:

— بۇغرا قاراخان ئاغام بۇ مەكتۇپنى ئوقۇسا جەزمەن خۇشال بولىدۇ، — دېدى. رەيھانىدىن تەۋەززۇ بىلەن تەزىم قىلدى ـ دە، ئاتقا مىندى.

— جاۋاب مەكتۇپتا: «ئالىيلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى ئادا قىلىمىز، خاتىرجەم بولسىلا» دەپ يېزىپسىز. بۇ مېنىڭ

ئىرادەمگە خىلاپقۇ، ــ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بۆرە تېگىن تاجىلمۇلىككە دوق قىلدى.

ــ تەلەپلىرىنى ئادا قىلالمايمىز، دەپ يازسام، ئۇستىمىزگە لەشكەر تارتىپ كەلسە ئوبدان بولاتتىمۇ، شاھىم؟! ئەمدى ئۇنداق قىلمايدۇ، ئالىيلىرىمۇ جەڭگە كىرىۋېرىدىلا ! ــ دېدى تاجىلمۇلىك كۈسۈرلاپ.

بۆرە تېگىن ئۇنىڭغا قاراپ خېلى ۋاقىت زۇۋان سۈرمەي تۇردى، ئاندىن:

ــ بۇ ئالدامچىلىق بولمامدۇ، يۇغرۇش باشى؟ ــ دېدى كەسكىنلىك بىلەن.

ــ شۇنداق، ئالىيلىرى، بۇ جاھان ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت.

ــ مەن ئۇنداق قىلالمايمەن! ــ بۆرە تېگىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ھەرەم قەسرىگە كىرىپ كەتتى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئەل غېمىدە ئۆتكەن ئۆمۈر

### 1

باش كۈز. ئاشانبۇقىنىڭ بېغىدىكى ئەنجۈر ئىككىنچى قېتىم پىشتى. ئانارمۇ قىزىرىپ، ئۈزسە بولىدىغان ھالغا كەلدى. بۇۋاي تۆت يىل ئىلگىرى، بۇ ئىككى مېۋىلىك دەرەخنىڭ كۆچەتلىرىنى قەشقەردىن مىڭ تەستە ئەكېلىپ بېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىككەنىدى، مانا بۇ يىل مېۋىگە كىردى. بالاساغۇندىكى باشقا باغلاردا تېخى ئانار، ئەنجۈر يوق ئىدى، ئەمدى بار بولىدىغان بولدى.

ئاشانبۇقا ئارسلان، ئەرئاتان ئىسىملىك ئىككى نەۋرىسىنى كەينىگە سېلىپ باغقا كىرگەندە، ئۈپۈق يۈزى ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداۋاتاتتى. ئۇ قاتار باراقسانلاپ ئۆسكەن ئەنجۈر دەرەخلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى، «شاخ مانتىسى» دەپ پىچىرلىدى چوڭ - چوڭ ياپراقلار ئارىسىدىن مارىشىپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ ئەنجۈرلەرگە كۆزى چۈشۈپ.

ئون بەش ياشلىق ئارسلان بىلەن ئون ئۈچ ياشلىق ئەرئاتانىنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز شاخلارغا سوزۇلدى.

— توختاڭلار، بالىلىرىم، — ئاشانبۇقا نەۋرىلىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدى، — مەن سىلەرنى نېمە ئۈچۈن باغقا ئېلىپ كىردىم، بىلەمسىلەر؟

— بىلىمىز، ئەنجۈر يېيىش ئۈچۈن.

— ياق! — بوۋاي بېشىدىكى ئاق شاپاق دوپپىسىنى ئېلىپ،

نەۋرىلىرىنىڭ بېشىغا ئەركىلىتىپ ئۇردى، ـــ ياق، ئەنجۈر يېيىش ئۇچۇن بولسا، ئۆتكەنكىدەك ئۆزۈڭلار يەپ چىقىڭلار، دەيتتىم.

ـــ ئۇنداق بولسا ئىشلەش ئۇچۇنمۇ؟

ـــ ياق، ياق، ئىشلەش ئۈچۈن بولسا، قولۇڭلارغا كەتمەن تۇتقۇزۇپ قوياتتىم.

ـــ ئۆزۈڭ دېگىنە بوۋا، نېمە قىل دېسەڭ بىز تەييار.

ـــ هە، جىگەر پارىلىرىم، بىلىپ قېلىڭلار، ـــ دېدى بوۋاي، ـــ بۇگۈن ئۈزگەن ئەنجۈر، ئانارنى يېمەيمىز.

ـــ نېمىشقا؟ ـــ باللار ئەجەبلىنىپ بوۋىسىغا قاراشتى.

ـــ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەنجۈرنىڭ ئىككىنچى پىششىقى ئەڭ شېرىن، قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ باش بۇرنىنى بىزگە شېرىن، مەنىلىك هاياتبەخش ئەتكەن مەرد كىشىگە ۋە ئۇنىڭ باللىچاقىلىرىغا ئېغىز تەگكۈزمەكچىمەن. ئۇ كىشى كىم؟ بىلەمسىلەر؟

نەۋرىلەر تەڭلا بوۋىسىدىن نۇرغۇن قېتىم تەرىپىنى ئاڭلىغان مەردانە كىشىنىڭ نامىنى ئېيتتى:

ـــ رەيهانىدىنبەگ جانابلىرى!

ـــ تاپتىڭلار، ئارسلانلىرىم، شۇڭا ئەنجۈرنىڭ مەي باغلاپ پىشقانلىرىدىن تەخسىگە، ئانارنىڭ قىزارغان چوڭلىرىدىن لېگەنگە تولدۇرۇپ ئېلىڭلار. بېرىپ ئۇ بۇزرۇكۋاردىن هال سوراپ كېلەيلى.

ـــ كىشى قارا بەگيۇسۇپكىمۇ ئېلىپ بارامدۇق؟ ـــ سورىدى ئارسلان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئۇستازى يادىدىن كېچىپ. ئۇ يۇسۇپنىڭ ئۇلۇغ هاجىپنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، «بۇغراخان مەدرىسەسى» دە ئوقۇشقا باشلىغاندىن بېرى، ئۇنىڭ بۇ ياش، ئىستىبداتلىق مۇدەررىس يىگىتكە ئىخلاسى كۈچىيىپ كەتكەنىدى.

ـــ ئېلىپ بارىمىز، پىشقانلىرىنى تالLاپ ئۈزۈڭلار.

ئارسلان، ئەرئاتانلار ئۇزۇشكە كىرىشتى. ئاشانبۇقا كۆرسىتىپ تۇردى.

— بوۋاي، — ئارسلان توۋلىدى.

— ھە، نېمە دەيسەن، بەڭباش؟

— كىشىلەر ئەنجۇرنى «جازالانغان دەرەخ» دەيدىكەن، بۇ راستمۇ؟

— جازالانغان بولسا، نېمىشقا يەنە خاسىيەتلىك دەرەخ بولۇپ قالىدۇ؟ — سورىدى ئەرئاتانمۇ.

بوۋاي شىرنە باغلاپ پىشقان ئەنجۇرلەرنى تەخسىگە سېلىپ سۆزگە كىرىشتى:

— باللىرىم، بۇ ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك تەقدىري ھېكمەت. ئالالتائالا ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئادەمنى يارىتىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالتە كۈندە بىر كائىناتتا ئالەمنى بەرپا قىلغان. ئادەمنىڭ ياشىشى ئۈچۈن بۇ دۇنيانى، ئۆلگەندىن كېيىن يەنە تىرىلىپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇ دۇنيانىمۇ ياراتقان. ئۇ دۇنيادا سەككىز جەننەت، يەتتە دوزاخ بار. ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز ئالال ھەر ئىككىلا دۇنيانى ھەممىدىن ئەقىللىك، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ئادەم ئۈچۈن ياراتقان. بۇنى كۆرەلمەي ھەسەت قىلغان ئىبلىس ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ئادەمگە سەجدە قىلىشقا ئۇنىماي، ئالالنىڭ ئەمرىگە بويۇنتاۋلۇق قىلغىنى ئۈچۈن شەيتان بولۇپ كەتكەن. ئالال بەندىلىرىنى سىناش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بەرگەن، — بوۋاي قىزىقىپ ئاڭلاپ، ئاغزىغا قاراپ قالغان نەۋرىلىرىگە «ئۇزگەچ تىڭشاڭلار» دەپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئادەمئاتىمىز ئەسلىدە جەننەتتە ئىدى. ئۇ ئايال قىلىپ يارىتىلغان ھاۋائانىمىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، شەيتان ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ئالال يېيىشنى مەنئى قىلغان شىرىن مېۋىنى يېگۈزۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يالىڭاچلىنىپ قاپتۇ. ئادەم ئۈچۈن ئەۋرىتى ئېچىلىپ قېلىشتىنمۇ چوڭ شەرمەندىلىك يوق. شۇڭا، ئۇلار ئەۋرىتىنى

دەرھال يوشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن دەرەخلەردىن ياردەم سوراپتۇ. بىرلا ئەنجۈر ئىچ ئاغرىتىپ، ھەممە دەرەخلەرنىڭكىدىن چوڭ بولغان يوپۇرمىقىنى بېرىپتۇ. ئادەمئاتىمىز بىلەن ھاۋائانىمىز ئەۋرەتلىرىنى شۇ ئان يوشۇرۇۋاپتۇ. لېكىن، بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئاللا ئۇلارنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغىنى ئۈچۈن جازالاپ جەننەتتىن بۇ دۇنياغا ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. ئۇلار قىلمىشلىرىغا تووۋا قىلىپ، ئاللادىن مەغپىرەت قىلىشنى تىلەپتۇ. ئاللا ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىپ بالىچاقىلىق بولۇشىنى تەقدىر قىپتۇ ھەم بۇغداي، گۈرۈچ قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى، ئەنجۈر، ئانار كەبى مېۋىلىك دەرەخلەرنى بۇ دۇنياغا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ رىزقىنى مول قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋرىتىنى يېپىش ئۈچۈن يوپۇرمىقىنى بەرگەن ئەنجۈر دەرىخىنى ئۈچ قېتىم پىشىدىغان، مېۋىسى شېرىن، خاسىيەتلىك دەرەخكە ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇ.

— بىلدۇق، بوۋا، بۇگۇ بىلگە كىشى قارادەكلا سۆزلىدىڭ، — دېدى ئەرئاتان ئاكىسىغا قاراپ قويۇپ، — بۇ ئىلمى ھېكمەتنى كىمدىن ئۆگەنگەنىدىڭ؟

ئاشانبۇقا تېزلا جاۋاب بەردى:

— ھاجىبۇل ھۇججاپ مەۋلانا رەيھانىدىنبەگ جانابلىرىدىن، بالام. ئەنجۈر دەرىخىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يېپىشىنى، خالىس ياردەم قىلىشىنى ھاياتىڭلارنىڭ مەقسىتى قىلىڭلار، بالىلىرىم.

— ماقۇل، بوۋا.

— ئەمدى ئانارنى ئۇزەيلى.

ئەنجۈرلۈكتە مېۋىگە كىرگەن بەش تۈپ ئەنجۈر بولغىنىدەك، ئانارلىقتىمۇ بەش تۈپ ئانار بار ئىدى. ئەرئاتان كۆز يۈگۈرتۈپ سورىدى:

— ئانارىدىمۇ خىسلەت بارمۇ، بوۋا؟

— دۇنيادا خىسلەتسىز نەرسە يوق، بالىلىرىم. ئەنجۈر

مېۋىلەر ئىچىدە ئەڭ چوڭ يوپيۇرماقلىق دەرەخ، مېۋىلىرىنى يوپيۇرماقلىرى يوشۇرۇپ تۇرىدۇ. ئانار بولسا ئەڭ كىچىك يوپيۇرماقلىق دەرەخ، مېۋىلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەنجۈرگە ئوخشاشلا خاسىيەتلىك، ئاغرىققا شىپا، يۈرەككە داۋا. ئۇنىڭ بىر تېلىنىمۇ يەرگە چۈشۈرۈۋەتمەسلىك زۆرۈر. چۈنكى، ئانارنىڭ خاسىيىتى بىر تال دېنىدا بولۇپ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن دان خاسىيەتلىك دان بولۇپ قېلىشى ئېهتىمالغا يېقىن. ئاشۇ خاسىيەتلىك داندىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن ئانارنىڭ ھەممە دانلىرىنى قالدۇرماي يېيىش شەرت. ئەمدى چۈشەنگەن بولساڭلار خىللاپ چوڭلىرىنى ئۈزۈڭلار.

— ماقۇل، بوۋا، — دېيىشتى بالىلار ئانارنى ئۈزۈشكە كىرىشىپ.

— ئاتا! ... ئاتا!

ئاشانبۇقا ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى. ئايتىمىش ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى. «كېلىنىم نېمىگە بۇنچە ئالدىراپ كەتتىكىنە؟» دەپ جىددىيلىشىپ قالدى ئۇ. ئۇنىڭغىچە ئايتىمىش يېتىپ كەلدى.

— ئاتا، يەڭگەمنىڭ تولغىقى تۇتقانىكەن، ئابامنى چاقىرغىلى قىز تۇرمىش كەپتۇ.

— بۇ خۇش خەۋەر ئىكەنغۇ، بالام، ئانىلىرى جابدۇندىمۇ؟ مانا مەن ھازىرلا بالىلار بىلەن چىقىمەن.

ئۇ نەۋرىلىرى بىلەن ئەنجۈر، ئانارلارنى ئېلىپ باغدىن چىققاندا، بۇدراچ موماي كېلىنى بىلەن تەييار بولۇپ تۇرغانىدى.

— قىز بولۇپ كېتىپسىلىغۇ، خوتۇن، — چاقچاق قىلدى ئاشانبۇقا، ھۆر دېدەكلەر ئاتخانىدىن ئېلىپ چىققان مەپىنى ئىشارەت قىلىپ.

— ئوھۇش، قېرىغىنىنى تۇيمايدىغان. ئەر كىشى قېرىپ كۆزلىرى خىرەلەشكەندە مومايمۇ قىز كۆرۈنۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — بۇدراچ موماي جاۋۇلداپ نەۋرىلىرى بىلەن مەپىگە چىقتى. قاقاھلاپ كۈلگەن ئاشانبۇقا قامچىنى تۇتۇپ مەپە ئالدىغا

ئولتۇردى.

ئۇ ئۆتكەن يىلى بەگتۆمۈر، زەمۇران ئانا ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولغاندا، ئاخىرقى ئىككى قۇلىنىمۇ ئازاد قىلىۋەتكەنىدى. پۈتۈن باغىۋارانلىق، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى ھۆر دېدەكلەرگە قىلغۇزۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۆزىمۇ نەۋرىلىرى بىلەن بىكار تۇرماي تەڭ ئىشلەيتتى. ئۇچ ئات قوشۇلىدىغان مەپىنى تولا چاغلاردا ئۆزى ھەيدەيتتى، بوگۇنمۇ قامچىسىدىن قاس چىقىرىپ ئۆزى ھەيدەپ ماڭدى. ئايتىمىش چوڭ ئىككى ئوغلى بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاتلىق يولغا چىقتى. بالاساغۇن شەھىرىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئاۋاتلىشىپ كېتىۋاتقان كوچا ـ مەھەللىلىرىدىن كۆز ئۈزمەي كېلىۋاتقان ئاشانبۇقىنىڭ كۆزلىرى ياشلاندى. «قوزئوردۇ، قۇزئوردۇ، گۈزەللىشىپ كېتىپسەن. ھاياتىمنىڭ پەيزىنى تازا سۈرىدىغان ۋاقتىمدا قېرىپ پۈتلىرىم گۆرگە ساڭگىلىدى ...»

ئۇلار شەھەرنىڭ غەربىگە جايلاشقان بەگبۇقا مەھەللىسىگە چاشكا ۋاقتىدا يېتىپ كېلىشتى. ئالدىغا چىققان خىزمەتچى غۇلاملار ئۇنىڭ قولىدىن قامچا، چۇلۇۋۇرىنى ئالدى. ئايتىمىش، ئوغۇللىرىنىڭ ئاتلىرىنىمۇ ئېغىلغا ئېلىپ كېتىشتى. ئارسلان، ئەرئاتانلار ئانار ۋە ئەنجۈر سىپلىنغان لېگەن ـ تەخسىلەرنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرىشىگە، ئىچكىرى ھويلىدىن چىققان رەيھانىدىن، يابىرالار كېلىپ كۆرۈشتى.

— چاقىرغىلى ئادەم بارمىسا كەلمەيدىغان بولۇپ كېتىشتىلە، بۇدراچ ئانا. قىزىم ھەربىرلىرىنى دەپ كەلمىگەن بىلەن كويۇئوغلۇم بويانقار كونده دېگۇدەك كېلىپ بىزنى خوش قىلىپ تۇرىدۇ. كېلىنىمنىڭ تولغىقى تۇيۇقسىز تۇتۇپ قېلىپ بالا ئەۋەتكەنىدىم. ياخشى كېلىشىپلا، — دېدى يابىرا ئاغرىنغاندەك قىلىپ.

— كەلمەمدىغان ئاغىچا خېنىم. ئۆي ئىشى قىلغانغا تۈگىمەيدىكەن، نەۋرىلەر كۆپىيىپ، بوسۇغا داۋاندىن

چىقمىقىمىز تەس بولۇپ قالدى. بىز ئۇچۇن ھەر كۈنى بىر پ ھال سوراپ قويغىن، دەپ ئوغلۇمغا تاپىلاپ تۇردۇم. تېخى بۆگۈن باللارنىڭ ئاتىسى بارماقچى بولۇپ تۇراتتى، — بۇدراچ موماي ئۆزرە قويۇپ ئاندىن دېدى، — ئەمدى مەن كېلىن خېنىمنىڭ يېنىغا كىرەي.

بۇدراچ موماي، يابىرا، ئايتمىشلار ئاقبىرانىڭ خانىسىغا كىرىپ كەتتى. رەيھانىدىن ئاشانبۇقا، نەۋرىلىرىنى ئايۋانغا باشلىدى.

قائىدە — يوسۇن بويىچە ئاقبىرانىڭ بىرىنچى تۇغۇتى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ۋاقتىنى ئېنىق مۆلچەرلىيەلمىگەچكە، تېخى يۆتكەپ كېتىلمىگەنىدى. شۇڭا، ئانىسى ھاۋاخان ئاغىچا چوش بولاي دېگەندە مەيە ئېلىپ كەلدى. ئاقبىرانىڭ تولغىقىمۇ پەسلەپ قالغانىدى. ھاۋاخان ئاغىچا يابىرانىڭ «بومۇ ئۆز ئۆيى، مەشەدە تۇغسىمۇ ئوخشاش» دېگىنىگە ئۇنىماي، بۇدراچ موماي بىلەن قىزىنى ئېلىپ كەتتى.

يۇسۇپ مەدرىسەدىن چوشلۇك تاماقتا كەلگەندە ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ھەم خۇشال بولدى، ھەم ئەنسىرەپ قالدى. ئاشانبۇقا ئېلىپ كەلگەن ئەنجۇرگە ئېغىز تەگدى.

يۇسۇپ قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ ئورنىدىن قوپتى — دە، جىددىيلىشىپ تۇرۇپ قالدى، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئاتىسىنىڭ سولغۇن چېھرىگە كۆزى چۈشكەنىدى. «نېمە بولغاندۇ؟ چىرايى باشقىچە تۇرىدىغۇ. بىرەر يېرى ئاغرىمدۇ ياكى ئوردىدا بىر ئىش يۈز بەرگەنمىدۇ؟» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئاتا، ئەھۋاللىرى قانداقراق، مەيۈس كۆرۈنىدىلىغۇ؟

رەيھانىدىنىڭ سولغۇن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى:

— ئەھۋالىم ياخشى، بالام. نەۋرەمنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇۋاتىمەن.

— بەگ غوجام، ئاتاساغۇنغا كۆرۈنۈپ باقسىلا بوپتىكەن.

بەگيوسوپ بالام ئىپتىقاندەك چىرايلىرى باشقىچە تۇرىدۇ، — دېدى ئاشانبۇقا زەن سېلىپ قاراپ.

رەيھانىدىنىڭ چېھرىدە سېرىقلىق بولمىسىمۇ، ئىلگىرىكىدەك خۇشخۇيلۇق يوق ئىدى، غەمكىن، سولغۇن كۆرۈنەتتى. قارا كۆزلىرىدە دائىم چاقناپ تۇرىدىغان نۇر غايىب بولغانىدى.

— ياق، سىلەرگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتقان ئوخشايمەن. ھېچ ئىش يوق، چارچاپ قالغان بولسام كېرەك.

— ئاتا، ئاتاساغۇنغا بىر كۆرۈنۈپ باقسىلا.

رەيھانىدىن يۇسۇپنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— ماقۇل، بالام، ئوردا ئەمچىخانىسىغا بېرىپ كۆرۈنۈپ باقاي، ئەمما ئەنسىرىگۈدەك كېسەل مەندە يوق، — ئۇ ئاشانبۇقىغا قارىدى، — بوۋاي، مەن ئوردىدىن كەلگۈچە كەتمەڭ، بولامدۇ؟ كەچتە سىز بىلەن تازا بىر مۇڭداشقۇم بار. نەۋرىلىرىمنىمۇ كەتكۈزۈۋەتمەڭ، ئۇلارغا بېرىدىغان سوۋغام بار.

— ماقۇل، ماقۇل، بەگ غوجام، ئۆزلىرىنى كۈتىمەن.

رەيھانىدىن ئىككى خىزمەتچىسى بىلەن ئوردىغا كەتتى. يۇسۇپ ئىشىك ئالدىدا ئاتىسىنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى، ئۇ ئەنسىرەپ قالغانىدى. ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئانىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدى ـ دە، قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۇ ھويلىغا قەدەم قويغاندا، ئوقۇۋاتقان قىزلارنىڭ ئاۋازىنى ئەمەس، تولغاق قىيناۋاتقان ئاقبىرانىڭ نالىسىنى ئىشىتىپ، تۇرغان يېرىدە چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى: «خۇدا، ئۆزۈڭ ئاسان قىلغىن، تولغاق ئازابىنى ئۆزۈڭ راھەتكە ئايلاندۇرغىن. مۈشكۈلنى ئاسان قىلغۇچى، ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى سېنىڭدىن باشقا مەدەتكار يوق ...» دەپ چىن قەلبىدىن ئىلتىجا قىلدى.

ئاقبىرا ئۈچ كۈن تولغاق ئازابىنى تارتىپ، تۆتىنچى كۈنى چولپان تۇغقان تىمتاس سەھەردە كۆزى يورۇدى. ئۇ قىز تۇغقان ئىدى. يۇسۇپنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى. داۋاملىشىۋاتقان ئادەت

بويىچە ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمنىڭ ئىشىكىگە تولكە تېرىسى ئېسىلدى. سۇلايمان ئارسلانخان ئۆلۈك هايۋانلارنىڭ بېشىنى ئېسىشنى مەنئى قىلغانىدى.

ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇممۇ، هاۋاخان ئاغىچىمۇ خۇشال بولغىنىدىن سۆيۈنۈپ ئىككى قوي، بىر كالىنى سويدۇرۇپ، گۆشىنى يېتىم ـ يېسىرلارغا خامتالاش قىلىپ بەردى. يۇسۇپ ئېلىپ كەلگەن ئىككى قوچقارنى سويدۇرۇپ، تېرىسىگە ئاقىبىرانى ئالدى.

رەيهانىدىن، يابىرامۇ نەۋرىسىنى كۆرگىلى كېلىشتى. بىر قارىسا ئاتىسىغا، بىر قارىسا ئانىسىغا ئوخشىغان بوۋاق كۆزىنى يۇمۇپ ئاق يۆگەك ئىچىدە يىغلاپ ياتاتتى. ئۇ كۆزىنى پاللىدە ئېچىۋىدى، خۇشاللىقىدىن لەرزىگە كەلگەن رەيهانىدىننىڭ يۈرىكى تېپچەكلەپ، قىسىلغاندەك بولۇپ ئاغرىپ كەتتى. كۆزلىرى بوۋاقتا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىغا هېچكىم زەن قويمىدى. پەقەت بوۋاق يېنىدا سۆيۈنۈپ ياتقان ئاقىبىرالا كۆرۈپ قالدى. «قېيىنئاتامنىڭ چېهرى غەلىتە بولۇپ كەتتى يا، نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئەنسىرىگەن بولسىمۇ ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. رەيهانىدىننىڭ چىرايى ئۇزاق ئۆتمەي ئوڭشىلىپ قالدى. نېمە بولغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالغانىدى. قايتىدىغان چاغدا كېلىنىگە، بوۋاققا دۇئا قىلدى.

رەيهانىدىن تۇغۇتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بىر قوچقارنى ئېلىپ كېلىپ، نەۋرىسىگە «بۇۋىسىئايىشە» دەپ ئات قويۇپ بەردى ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئارقىدىن مۇبارەكلەپ ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم، يۇسۇپ، ئاندىن ئاقىبىرا، قويىق ئاغىچىلار سۆيدى.

— مۇبارەك بولسۇن، ئوغلۇم. سىلى ئاتا بولدىلا، — دېدى رەيهانىدىن يۇسۇپنىڭمۇ پېشانىسىگە سۆيۈپ، — ئاتا بولۇش هەربىر ئىنسان ئۈچۈن شەرەپ، هېچ كىشىنى ئاللا بۇ شەرەپتىن مەهرۇم قىلمىسۇن، — ئۇ كۆز تىكىپ تۇرغان يابىراغا مىننەتدارلىق نەزىرىنى تاشلىدى.

يۇسۇپ نامازدىگەردىن كېيىن ئاتىسى بىلەن بىللە ئۆيگە

قايتىپ كەلدى. رەيھانىدىن:

— بالام، مەن بىر ئاز ئارام ئېلىۋالاي، شامغا يېقىن مېنى تۇۋلاپ قويسىلا، نامازنى بىللە ئوقۇيلى، — دەپ خانىسىغا كىرىپ كەتتى.

يابىرا، ئايتىمىشلارمۇ يېنىپ كەلدى. يۈسۈپ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان قىزنى يەنە كۆرگۈسى كېلىپ، قولىغا قەلەم ئالدى:

تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

ئېرىغ ياخشىنى ئال ئىنىگە قىلىپ،
ئوغۇل ـ قىز ئۆسەر پاك ۋە ساغلام بولۇپ.

ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ،
بېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ.①

يابىرا ئاشخانىدا چاي دەملەپ چىقتى، ئۇ ھەرقاچان ئېرىگە ئۆزى چاي دەملەپ بېرەتتى. ئۆيگە كىرىپ، رېھىلغا باش قويۇپ ئولتۇرغان رەيھانىدىنغا خۇشبۇي تاراپ تۇرغان چاينى تەڭلىدى:

— ئاتىسى، چاي ئىچسىلە.

رەيھانىدىن زۇۋان سۈرمىدى.

«ھېرىپ ـ چارچاپ ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان يابىرا ئۇنىڭ يېنىدىن تارتتى:

— ئاتىسى، چاي ئىچىۋالسىلا.

يەنە جاۋاب بولمىدى.

— ئاتىسى، ئاتىسى! — دەپ تۇۋلىدى يۈرىكى قارتتىدە قىلغان يابىرا رەيھانىدىننىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ. ئۇنىڭ خىيالچان تىكىلگەن نۇرسىز كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قالغانىدى. يابىرا:

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» 4504 ~ 4506 ـ بېيىتلەر.

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش؟ يۇسۇپ بالام، ئاتىلىرى... — دەپ تۈۋلاپ ھوشىدىن كەتتى.

يۈگۈرۈپ چىققان يۇسۇپ ئوڭدىسىغا ياتقان ئانىسىنىڭ باغرىغا باش قويغان ئاتىسىنى كۆردى، ئۇنىڭ چىرايى سەبدەردەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

دۆلەت ئىشى، ئەلنىڭ غېمى بىلەن قاتتىق ھېرىپ ـ چارچاپ، ھالسىزلىنىشتىن يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئۇلۇغ ھاجىپ بالىچاقىلىرى بىلەنمۇ ۋىدالىشىۋالالماي ئۇ دۇنياغا ئەنە شۇنداق جىمجىت كېتىپ قالدى.

— ئاتا ! ئابا ! — يۈگۈنۈپ ئولتۇرغان يۇسۇپ تۈۋلاپ رەيھانىدىنىڭ بېشىنى كۆتۈردى، تېنى سوۋۇپ كەتكەنىدى.

— ئاتا ! — ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان پىغانلىق ياش كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تارامىلىدى. جەسەتنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، دېرىزە ئالدىغا سېلىقلىق يېكەنداز ئۈستىدە ياتقۇزۇپ، ئېڭىكىنى تېڭىپ قويدى. ئانىسىنىڭ تىنىقىنى تىڭشاپ نەپەس ئېلىۋاتقىنىنى بىلدى، يۈرىكى ناھايىتى تېز سېلىۋاتاتتى.

— ئابا ! ئابا ! كۆزلىرىنى ئاچسىلا ئابا! — نالە قىلغان يۇسۇپ، يابىرانى بۆشۈكتەك تەۋرەتتى. ئانا ئۆندەرەپ كۆزىنى ئاچتى.

— بالام، جېنىم ئوغلۇم، ئاتىلىرى ... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي يەنە ھوشىدىن كەتتى.

شۇ چاغدا ئايتىمىش كىردى، دەسلەپ نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ قالدى، يۇسۇپتىن ئۇقۇپ ئۆزىنى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

— ئاتا! ئاتا! نېمىشقا گەپ قىلمايلا، ئاتا ...

— ئاچا، ئەمدى بېشىمىزنى تاشقا ئۇرساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. سىلى ئاتام، ئانامغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا. مەن چىقىپ غۇلام ـ دېدەكلەرگە ئېيتىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان،

قولۇم ـ قوشنىلارغا مۇسىبەت خەۋىرىنى دەرھال يەتكۈزەي، ـــ يۇسۇپ ئىچكىرى ـ تاشقىرى ھويلىدىكى دېدەك ـ غۇلاملارنى، باغقا قاراۋاتقان خىزمەتچى، ئىشلەمچىلەرنى تەرەپ ـ تەرەپكە ماڭدۇردى.

## 2

كۆن پاتتى. بۇغرا قاراخان ۋە پۈتۈن بالاساغۇن ئەھلى ھاجىبۇل ھۇجاپنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇزۇلمەي كەلگەن پەتىچىلەر بىلەن ئىككى ھويلا، ئايۋان ـ ساراي، ھۇجرا، مېھمانخانىلار، باغ سەينالىرى توشۇپ كەتتى، ھەر ياندىن قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى.

بۇ ئۆلۈم ناھايىتى تۇيۇقسىز بولغاچقا، پادىشاھتىن تارتىپ ئاۋامغىچە بولغان ھەممەيلەننى چۆچۈتۈۋەتتى.

ئاق سەللە ئوراپ، قارا تون كىيگەن يۇسۇپ، ئادامتوغرۇل، ئاشانبۇقا، ئۇدمىش، ئادار، يارۇق، ئەربۇقىلار مەرھۇمنىڭ يۈزلىگەن دوست ـ بۇرادەرلىرىگە سەللە يۆگەپ قويىدى.

شەيخۇلئىسلام ئابدۇلھاپىز داموللا باشلىق تۆت نەپەر كىشى رەيھانىددىننىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ كېپەنگە ئالدى. جىنازىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭغاندا، قارا پەرەنجىگە پۈركەنگەن يابىرا، ئايتولۇن، ئايسىلىگ، ئايتمىش، ئارچۈن، قىزتۇرمىشلار زار ـ زار يىغلىشىپ ئىشىك ئالدىدا قېلىشتى.

بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان ئىنانچۇبەگ، تۆمۈر بۇقا نەسرىددىنبەگ قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن جىنازىنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. جىنازا ئالدىدا يۇسۇپ، ئادامتوغرۇل، ئاشانبۇقا، بويانقار، ئۇدمىش، ئادار، يارۇق، ئەربۇقا قاتارلىق تۇغقان، كۈيئوغۇللار باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا تەكبىر ئېيتىپ ئۈنسىز يىغلاپ كېتىۋاتاتتى. جىنازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەبۇ پۈتۈھ مەخدۇم باشلىق «بۇغراخان مەدرىسەسى» نىڭ مۇددەرىس، تالىپلىرى سۈرە ئوقۇپ ماڭدى. جىنازىنىڭ

ئارقىسىدىكى سەپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدى. ئەھلى بىلىملەر، تىجارەتچى ـ سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، ياساۋۇل، سىپاھلار سۈكۈت ئىچىدە ماڭماقتا ئىدى. كوچا ـ كوچىدىن چىققان جامائەت قوشۇلۇپ، ئازنا مەسچىت ئالدىدىكى «ئارسلانخان مەيدانى» ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى.

تاڭ ئاتقان بولسىمۇ، ئاسماننى قاپلىغان بۇلۇتلار يورۇقنى توسۇۋالغانىدى. ناماز بامداتقا ئېيتىلغان ئەزان ئۈنى ئاڭلانغاندا، جىنازا مەسچىت سەيناسىغا ئېلىپ كىرىلدى. مەرھۇمنىڭ نامىزىنى شەيخۇلئىسلام ئابدۇلھاپىز داموللا چۈشۈردى. جىنازىنى يەنە شۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، چۇ دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى دۆڭلۈككە ئورۇنلاشقان قەدىمكى قەبرىستانلىققا ئېلىپ چىقتى.

شەيخۇلئىسلام تۇپراق بېشىغا چىققان خالايىققا كۆز يۈگۈرتۈپ:

— جامائەت، رەيھانىدىنبەگ بىز بىلەن خوشلاشمايلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى، روھى ئاللا دەرگاھىغا قايتتى. ئۇنىڭ ئازابلانماسلىقى، جازاغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن قەرزى بولسا، بالىلىرى مۇشۇ سائەتتە مەرھۇمنىڭ تەئەللۇقاتىدىن قايتۇرۇۋەتسە بولىدۇ. كىمنىڭ رەيھانىدىنبەگدە ئېلىشى بار، قانچىلىك؟ دېيىلە قىلىنماستىن بۇرۇن كۆپچىلىك ئالدىدا ئاشكارىلىنسا، مەرھۇمنىڭ ۋارىسلىرى قەرز قايتۇرۇشنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

— مەرھۇمدىن ئېلىشىمىز يوق، بىز ئۇنىڭغا قەرزدار، — توۋلىدى كۆپچىلىك.

— ئۇنداق بولسا مەرھۇمنى ئارامگاھىغا ياتقۇزۇپ قويايلى، — شەيخۇلئىسلام جىنازىنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى. مەرھۇمنىڭ ئاق كىگىزگە ئورالغان جەسىتىنى ئادامتوغرول، تۆمۈربۇقا نەسرىدىنبەگ قاتارلىق مويسىپىتلار تاش گۆردە تۇرغان ئاشانبۇقا، بويانقار ئاتا ـ بالىغا سۇنۇپ بەردى. ئۇلار ئىچ گۆردە ياشلىق كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغان يۇسۇپكە سۇندى. ئۇ پۈتۈن

مېھىر ـ مۇھەببەتتى بىلەن ئاتىسىنىڭ بەل ۋە تېقىملىرىدىن قامالللاپ تۇتۇپ، شاھادەت ئېيتقان ھالدا ياتقۇزدى. كېپەننىڭ بوغقۇچلىرىنى يېشىپ، مەرھۇمنىڭ قاشتېشىدەك سۇزۇلۇپ كەتكەن يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ قويدى. ئۇ گويا تۇغۇلۇپلا ئاق يۆگەككە ئېلىنغان بوۋاقتەك شۇنداق مۇلايىم ياتاتتى.

— خەير ـ خوش، ئەلۋىدا، ئاتا! خىزمەتلىرىدە بولالمىدىم، ھېرىپ ـ چارچىغان ۋاقىتلىرىدا ئۇچىلىرىنى تۇتۇپ قويالمىدىم. بىر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلماي، بىر كاچات ئۇرماي، ئوتتۇمىدا كۆيۈپ، سۆيۈمدە ئېقىپ ئۆتكەنلىرىنى ئويلىسام، ئۆزۈمنىڭ بىر يارامسىز ئوغۇل ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن، بۇنى يۈزۈمگە سالماي كېتىپ قالدىلا، بۇنى بىلدىم، ئاتا. ئەمدى بىخۇدلۇق قىلمايمەن، ئەل خىزمىتىنى قىلىمەن، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ، يوقسۇللارنىڭ بېشىنى سىلايمەن! پېقىر پەرزەنتلىرىنى ئەپۇ قىلسىلا، رازى بولسىلا، خەير، ئەلۋىدا، ئالللاغا تاپشۇردۇم! ... — دېدى يۇسۇپ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ. ئۇ گۆردىن چىققاندا تونىنىڭ پېشىگە جامائەت بەرگەن ئىخلاس تۇپىسىنى ئالغان ئۈدمىش ئالدىغا كەلدى. يۇسۇپ ئۆز قولى بىلەن بۇ تۇپىنى ئاتىسىنىڭ جەسىتى ئۈستىگە تۆكتى.

قۇرئان ئوقۇلۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن شەيخۇلئىسلام:

— ئى ياراتقۇچى ئالللا، مەرھۇمنىڭ جايىنى جەننەتتە قىلغىن! بۇ دۇنيادا قالغان بىز بەندىلىرىڭنى ئاسىي مۇرتەتلەردىن قىلىپ قويمىغىن، ئۇ دۇنياغا پاك ھالدا ئىمانىمىز بىلەن كەتكىلى نېسىپ قىلغىن، ئامىن! — دەپ دۇئا قىلدى.

— ئاتام قانداق كىشى ئىدى، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ قول باغلاپ تۇرۇپ.

— ئىمانى كامىل، ئىرادىسى مۇستەھكەم، ئەلگە غەمخان، مۇسۇلمانى كەمتەر ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى شەيخۇلئىسلام.

دۇنيادا يەر ئاستىغا كىرمەيدىغان شاھمۇ يوق، پۇقرامۇ يوق؛ ئالىممۇ يوق، نادانمۇ يوق؛ زالىممۇ يوق، غەمخارمۇ يوق. ھەممە

ئادەم قاراڭغۇ گۆرگە كۆمۈلىدۇ. ياشىغان ئىكەنسەن، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈپ ياشا. ياخشى نامىڭ ئەل ئارىسىدا قالسۇن.

يۈسۈپ قائىدە - يوسۇن بويىچە ئاللانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ نامراتلارغا، قۇللارغا، يېتىم - يېسىرلارغا كاتتا نەزىر بەردى. رەيھانىدىن هايات ۋاقتىدا قۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئازد قىلىۋەتكىنى ئۈچۈن، يۈسۈپ قىرىق قۇل سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئازاد قىلىۋەتتى، پۇل - مال بېرىپ ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مۇسىبەت بولغاندا قۇل ئازاد قىلىش زەردار بايلار ئۈچۈن ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالدى.

يابىرا بۇ ئېغىر جۇدالىقنى كۆتۈرەلمەي ئاغرىپ، خېلى كۈنلەرگىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. قىزلىرى ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، يۈسۈپمۇ يېنىدىن نېرى بولمىدى.

مۇسىبەتنىڭ توققۇزىنچى كۈنى، ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم باشلىق «بۇغراخان مەدرىسەسى» نىڭ بىرقانچە مۇددەرىس، تالىپلىرى، باش ۋەزىر ئىنانچۇبەگ باشلىق بىرقانچە دۆلەت ئەركانلىرى كەينى - كەينىدىن ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى. يۈسۈپ، ئاشانبۇقا، ئادامتوغرۇللار ئۇلارنى ساراي ئۆيگە باشلىدى. خەتمىقۇرئاندىن كېيىن، ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى.

— ئۇلۇغ ھاجىپ رەيھانىدىنبەگ ئەل بېگى بولمىسىمۇ ئەل ئاتىسى ئىدى، ئۆمرىدە ئەلگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەنىدى. ئاللا بۇنداق سېخىي، ئالىم بەندىسىنى دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىش بىلەن بەندىلىرىنى سىنايدۇ، يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆلۈم — ھەم مەڭگۈلۈك ئايرىلىش، ھەم مەڭگۈلۈك ئېرىشىشتۇر. بالام بەگيۈسۈپ، ھازىدار بولۇپ قايغۇرۇۋېرىش ئاقىل بەندىنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەمدى مەدرىسەگە بېرىپ، دىدارلىرىغا، مۇلاھىزە - پىكىرلىرىگە تەشنا ئۇستاز -

شاگىرتلار بىلەن بىللە بولۇشلىرى ھاياتلىرىنىڭ مەنىسىدۇر. سىلىنى ئىلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدۇق ...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ ئىنانچۇبەگ بوم ئاۋازى بىلەن:

— بەگيۇسۇپ، رەيھانىدىنبەگنىڭ ۋاپاتى سىزگە ھەم قايغۇ، ھەم خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. قايغۇ ئۆتۈپ كەتتى، خۇشاللىق ئالدىڭىزدا تۇرۇپتۇ. بىز مۇ سىزنى ئوردىغا ئېلىپ كەتكىلى كەلدۇق، — دېدى.

يۇسۇپ ئۇستازىنىڭ سۆزىدىن تەسەللى تېپىپ مەدرىسەگە بېرىش قارارىغا كەلگەچكە، ۋەزىرگە ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— يۇغرۇش باشى جانابلىرى، ئەل سۆيەر ئاتامدىن ئايرىلىش مېنى ئۆمۈرۋايەت ئارماندا قويدى، ماڭا زادىلا خۇشاللىق بەخش ئەتكىنى يوق، بۇ ھالدا ئوردىغا بارالمايمەن، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىرىگە رەھمەت.

ئىنانچۇبەگ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ دېدى:

— سىزنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىش سۇباشى، يۇغرۇش ياكى ھاجىپلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەس، بەلكى بۇغرا قاراخاننىڭ تەلىپى، بەگيۇسۇپ. بۇ خۇشاللىق ئەمەسمۇ؟

— خۇشاللىق ئەلگە، ئاۋامغا نېسىپ بولسۇن، يۇغرۇش باشى. ئەگەر ئوردىغا بېرىشىمنى بۇغرا قاراخان تەلەپ قىلغان بولسا، پېشىن نامىزىنى «بۇغراخان مەدرىسەسى» نىڭ مەسچىتىدە ئوقۇۋېلىپ، ئاندىن جەزمەن بارىمەن. بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ ئەمرىگە بويۇنتاۋلىق قىلىش ئويۇم يوق، — يۇسۇپ بۇرۇت يېپىۋالغان كالپۇكلىرى ئېچىلىپ، كۈلۈپ كەتكەن باش ۋەزىرگە چاي سۇندى.

— يۇغرۇش باشى، بەگيۇسۇپ سۆزلىرىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ، — دېدى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم.

— ئاۋۋال ئوردىغا بېرىشىڭىز زۆرۈر ئىدى. خەيرىيەت، جاۋابىڭىزنى بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىغا يەتكۈزىمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان ئىنانچۇبەگ ھەمراھلىرى بىلەن ئىتتىك

چىقىپ كەتتى. ئۇلارنى ئادامتوغرۇل بىلەن ئاشانبۇقا ئۇزىتىپ قويدى.

يۇسۇپ ئۇستازى بىلەن مەدرىسەگە كەلدى، مۇدەررىس ۋە تالىپلار ناھايىتى سۆيۈنۈش ئىچىدە كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭ پىغانلىق كۆڭلى بىرئاز ئېچىلدى. ئۈچ ـ تۆت سائەت ۋاقىت ئۈچ ـ تۆت مىنۇتتەكلا تېز ئۆتۈپ كەتتى. پېشىن نامىزىدىن كېيىن:

ــ ئوردىغا بارسىلا، بالام، بۇغرا قاراخان كۈتۈپ قالمىسۇن، ــ دېدى ئەبۇ يۇتۇھ مەخدۇم ئالدىرىتىپ، ــ سىلى ئەقىللىك، سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن قانداق سۆزلىشىشنى بىلىدىلا. ھەرھالدا تەمكىن بولغانلىرى تۈزۈك، تەكلىپىنى رەت قىلمىسىلا، بالام.

ــ تەگرىم ماڭا نېمىنى ئىرادە قىلغان بولسا شۇنىڭغا ئېرىشىمەن، ئاتا، خاتىرجەم بولغايلا، ــ يۇسۇپ ئۇستازى بولغان قېرىنئاتىسىنى بىرىنچى قېتىم «ئاتا» دەپ ئاتىدى. يۈرەك قېتىدىن چىققان بۇ سادا ئەبۇ يۇتۇھ مەخدۇمنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇ ھەقىقەتەن ھايات تۇرۇۋاتقان ئاتىسى ئىدى.

يۇسۇپ ئوردىغا كېتىۋېتىپ، بۇغرا قاراخان ئالدىدا نېمىلەرنى دېيىش، نېمىلەرنى دېمەسلىكنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇنى سۇلايمان ئارسلانخان دەرھال قوبۇل قىلدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالىيلىرى، پېقىر ۋاقتىمدا كېلەلمىگىنىم ئۈچۈن جازاغا لايىقمەن، ــ دېدى ئۇ يەكتىز بولۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا.

«بۇغرا قاراخان، دەرھال كەلمىگىنى ئۈچۈن يۇسۇپكە كايىيدۇ، ئۇنى ھاجىپلىققىمۇ تەيىنلىمەيدۇ» دەپ ئويلىغان باش ۋەزىر ئىنانچۇبەگ ئۇنىڭ جاسارەت ـ جۈرئىتىگە قايىل بولغان ھالدا لېۋىنى چىشلىدى.

سۇلايمان ئارسلانخان يۇسۇپكە قىزىقىش بىلەن نەزەر سالدى: نەۋقىران يىگىتلىك مەزگىلىگە قەدەم قويغان، قارا مەخمەل تون

كىيىپ، دوپپىسىغا ئاق سەللە ئورىغان يۈسۈپ شۇنچە تەمكىن ئىدى، تۇرقىدىن ياشلىقنىڭ كۈچ ـ غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

— ئولتۇرۇڭ، بەگيۈسۈپ، — دېدى بۇغرا قاراخان باش ۋەزىرنى داغدا قويۇپ. ئىنانچۇبەگ كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ تۇرسىمۇ، يۈرىكى ئىچىشىپ كېتىۋاتاتتى. بايا يۈسۈپنىڭ كۆتكەندىنمۇ ئارتۇق شجائەتلىك ئىكەنلىكىگە ھەسەت قىلىپ لېۋىنى چىشلىگەن بولسا، ھازىر بۇغرا قاراخاننىڭ غەزەپ قىلماي شەپقەت قىلىۋاتقىنىغا چىدىيالماي لېۋىنى چىشلىدى. ئۇ ھجىيىپ ئولتۇرغىنىچە زادى زۇۋان سۈرمىدى. سۇلايمان ئارسلانخان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— كىچىككىپ كەلگەن بولسىڭىزمۇ، ئۈمىدىمنى يەردە قويمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن خۇرسەن بولدۇم. مەن يۇغىرۇش باشىغا بەرگەن جاۋابىڭىزدىن، شۇ تاپتىكى قىياپىتىڭىزدىن ئەل سۆيەر ئاتىڭىزنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن. مۇبادا يۇغرۇش باشىنى باشقا بىر كىشىنى چاقىرغىلى ئەۋەتكەن بولسام، ئۇ ئادەم شۇ ھامان ئالدىمدا ھازىر بولۇپ تىزلىناتتى. ۋاھالەنكى، سىز ئەمرىمدىن ئۇستازىڭىزنىڭ تەكلىپىنى ئەلا كۆردىڭىز. شۇنداقمۇ، بەگيۈسۈپ؟

— دانا ئىكەنلا، ئالىيلىرى. پېقىرغا بىلىم بەرگەن ئۇستازىمنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتۇم، خالاس. ناۋادا، مەدرىسەگە بارمىغان بولسام، ئاللا كەرىمنىڭ «ئىلىم تەلەپ قىلىش پەرز» دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان بولاتتىم. ئەلۋەتتە، ۋاجىپنى ئادا قىلىشتىن پەرزنى ئادا قىلىش مۇھىم، پەرز ئادا بولسىلا، ۋاجىپنى ئادا قىلىشقا يول ئېچىلىدۇ، شۇڭا ئەزىز خانىلىرىغا كىچىككىپرەك كەلدىم.

— توغرا دېدىڭىز، بەگيۈسۈپ، مەن خاتا تاللىماپتىمەن. چاقىرتىشىمنىڭ سەۋەبى سىزنى ھاجىپلىققا تەيىنلەش ئىدى.

— مەن تېخى ئىمتىھان بەرمىگەن تۇرسام، — دېدى يۈسۈپ ئويغا چۆمگەن ھالدا.

— سىز ئىمتىھادىن ئۆتۈپ بولغان، بەگيۈسۈپ.

— قاچان، ئالىيلىرى؟

— مەرھۇم ئاتىڭىز رەيھانىدىنبەگ بۆرە تېگىنگە ئېلىپ كەتكەن مەكتۇپنى يېزىپ بەرگەنلىكىڭىز ئېسىڭىزدىدۇ؟

— ئېسىمگە كەلدى، ئالىيلىرى. ئاتامنىڭ كۆز ئالدىمغا كەلدى، — يۇسۇپنىڭ ئوچۇق چىرايى قايغۇلۇق تۈس ئالدى.

— ئاشۇ مەكتۇپ ئىمتىھان سوئالى ئىدى. سىز ئەلا جاۋاب بېرىپ، شۇ چاغدىلا ئىمتىھاندىن ئۆتكەنىدىڭىز. ئۇستازىڭىزنىڭ سىنىقىدىنمۇ ئۆتتۈپسىز. مەن سىزنى ھاجىپلىققا تەيىنلىدىم، — سۇلايمان ئارسلانخان ئورنىدىن تۇرغان يۇسۇپنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئىنانچۇبەگكە بۇيرۇدى.

— يۇغرۇش باشى، ھاجىپ يۇسۇپكە تون، ئوتۇغات كەلتۈرۈڭ!

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى. بۇ بەك ئوبدان بولدى، ئوبدان بولدى، — ئىنانچۇبەگ چىقىپ كەتتى.

— پېقىر مەدرىسەدىن ئايرىلالمايمەن، ئالىيلىرى، — يەنە ئورنىدىن تۇردى يۇسۇپ.

سۇلايمان ئارسلانخان يۇسۇپكە قاراپ كېتىپ جاۋاب بەرمىدى.

— كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى، ئەمرلىرىنى رەت قىلماقچى ئەمەسمەن، ئەمما ...

— چۈشەندىم، بەگيۇسۇپ، مەدرىسەگە بېرىپ دەرس ئۆتۈشىڭىزنى ھەرگىز توسۇمايمەن. ھەم ئوردىدا ھاجىپ، ھەم مەدرىسەدە مۇدەررىس بولۇشىڭىزغا تىلەكداشمەن، — دېدى سۇلايمان ئارسلانخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— قەلبىمنى چۈشەنگەنلىرىگە رەھمەت، بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، پېقىرغا شەرەپ ئاتا قىلدىلا، — يۇسۇپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى.

سۇلايمان ئارسلانخان يۇسۇپكە ئىنانچۇبەگ ئېلىپ كىرگەن زەر ياقىلىق توننى كىيدۈرۈپ، كۈمۈش ئوتۇغاتنى سەللىسىگە قاداپ قويدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن يۇسۇپ ئوردىدا ئەڭ ياش ھاجىپ بولۇپ قالدى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

# ھەي، ئادەملەرنىڭ نىيىتى

## 1

بالاساغۇن دىيارىدا كۆكلەم باشلانغاندىن بۇيان، ھاۋا بۈگۈنكىدەك سۈزۈلۈپ ئېچىلمىغانىدى. كۆك دېڭىزدا يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنگەن يەلكەنلەردەك ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپپاق بۇلۇتلار ھاۋا بوشلۇقىنىڭ ئۇيەر ـ بۇيېرىدە كۆزگە تاشلىناتتى. ئىسسىق ياقلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر توپ تۇرنا ئوردا ئۈستىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىسى باغدىكى كۆلگە چۈشۈپ، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل بولدى، ھال رەڭ ئۇپۇق باغرىدىن بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگەن كۈن، ئالتۇن تاۋاقتەك جۇلالاپ، بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ پارقىراپ تۇرغان تاملىرىدا ئالا ـ ئالا شولا پەيدا قىلدى.

شۇ تاپتا، ئوردىنىڭ ھەشەمەتلىك سارىيىدا تايانغۇلار كېڭىشى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. قىزىل گۆھەر كۆز قويۇلغان ئالتۇن تاج كىيگەن سۇلايمان ئارسلانخان كۈمۈش پايىلىك تەخت ئۈستىدە كۆپچىلىككە غەمكىن نەزەر تاشلاپ ئولتۇراتتى. زەر تۇگمىلىك شاھانە تون ئۇنىڭدا ھۆكۈمرانغا خاس سالاپەت ۋە سۈر پەيدا قىلغانىدى. تەخت چۆرىسىگە توققۇز تۇغ قادالغان بولۇپ، گۈرزە تۇتقان جاندارلار قېتىپ تۇرۇشاتتى.

تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كۇرسىلاردا ئېلىكخان، ئارسلانخان، يابغۇ، كۆل تېگىن[1]لەر، باش ۋەزىر، شەيخۇلئىسلام،

① يابغۇ، كۆل تېگىن ــ ئېلىكخاندىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئالىي ئۇنۋانلار.

ئۇلۇغ ھاجىپ قاتارلىق دۆلەتنىڭ مەرتىۋىلىك ئەربابلىرى ئولتۇرغانىدى. سول تەرىپىدە ۋەزىر، ھاجىپ، ئىشىكئاغىسى، ئاغىچى ئۇلۇغى، دىۋانبېگى، سۇباشى ـ سانغۇنلار، مۇنەججىم، ھېكىملەر جاي ئېلىشقانىدى.

يۇسۇپ ھاجىپلار، پۈتۈكچىلەر، ئاغىچىلار، سەردار ـ بەگلەر بىلەن تەختنىڭ ئۇدۇلىدىن ئورۇن تۇتقانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئالىي كېڭەشكە قاتنىشىشى تۇنجى قېتىم بولغاچقا ھاياجانلىنىپ قالغانىدى.

سۇلايمان ئارسلانخان كۆپچىلىككە كۆز يۈگۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— ماختىنىش ـ ماختاش ئاللاغا خاستۇر، ھەرگىزمۇ پادىشاھ، سۇلتانلارغا ئەمەس! پادىشاھ، سۇلتانلار ئوخشاشلا بەندە. ئۇلار ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ئەل بىلەن كارى بولماي نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلسە، قانخورلۇق قىلسا، ئاۋامغا زۇلۇم سالسا، ئۆزىگە شۇنداق مەرتىۋە ئاتا قىلغان ئاللاغا ئاسىيلىق قىلغان بولمامدۇ؟ جانابلار، بۇنى ئويلاپ كۆرۈڭلار، — سۇلايمان ئارسلانخان ئولتۇردى. بۇغرا قاراخان سارىيىنى جىمجىتلىق باستى.

— بەرھەق، بەرھەق، ئاللاغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ، ئەبۇ شۇجائى① ئالىيلىرى، — دېدى قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تىزلانغان ئىنانچۇبەگ، — زامانلىرىدا ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئاۋام راھەت ـ پاراغەتتە ياشىماقتا، ئۇلۇغ قاراخانىيلار ئېلى كۈندىن ـ كۈنگە روناق تاپماقتا. مانا شۇنداق قۇتلۇق دەمدە تۆزكورلۇق قىلىپ ئالىيلىرىغا كۆز ئالايتقانىنىڭ كۆزى قۇيۇلسۇن! تىل تەگكۈزگەنلەرنىڭ تىلى كېسىلسۇن! پېقىرنىڭ ھېلىغۇ بىر جېنى بار، مىڭ جېنى بولغان بولسا بارىنى ئالىيلىرىنى قوغداش، ئەل بەختىنى قوغداش يولىدا قۇربان

① ئەبۇ شۇجائى — شىجائەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان.

قىلاتتىم. ئىلھامبەخش سۆزلىرى ئاجىز ۋۇجۇدۇمغا كۈچ ئاتا قىلدى. بۇيرۇسىلا خاقانىم، ھەرقانداق خىزمەت بولسا جان تىكىپ ئادا قىلىمەن!

— يۇغرۇش باشى توغرا ئېيتتى، ئالىيلىرى، ئەمرلىرىنى جان تىكىپ ئادا قىلىمىز، — دېيىشتى كۆپچىلىك قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— ئالىيلىرىنىڭ ئېيتقىنى ھەقىقەت، بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ ئەلنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش مېنىڭ بۇرچۇم. دىلى بىلەن تىلى ئوخشىماس مۇناپىقلاردىن ھەزەر ئەيلەيمەن، — يەكتىمىز بولۇپ تەخت ئالدىدا يۈكۈنگەن يۈسۈپنىڭ بۇ لەۋزى ئىنانچۇنبەگنىڭ يۈرىكىگە ئاتقان خەنجەردەك تەگدى. ئۇ لاپپىدە قىزىرىپ، يەنە شۇ ھامان ئەسلىگە كەلدى. يۈسۈپكە قاراپ باش لىڭشىتىپ قويدى.

ئوردا ئەمەلدارلىرى، ھاجىپلار ئىچىدە ئەڭ ياش بولغان يۈسۈپنىڭ سۆزى دۆلەت ئەربابلىرىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان مۇھەممەد ئارسلانخان: «بۇ يىگىتنىڭ شۇنچە ياش تۇرۇپ ھاجىپ بولۇشى ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئۈتكۈرلۈكىدىن ئىكەن ـ دە، گېپىنىڭ تېگىدە گەپ باردەك قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ، يېنىدا پۈشۈلداپ مۆگدەپ ئولتۇرغان دوقاقبەگكە قاراپ قويدى. ئۇ بۇ كېڭەشكە قاتنىشىش، ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش نىيىتىدە ۋەزىر بىلەن ئۇلۇشكۇن كەچ بالاساغۇنغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ھوسەيىن تېگىنمۇ تونۇگۇن چۈش مەھەلدە يېتىپ كېلىپ، تاغىسى سۇلايمان ئارسلانخانغا ئاتىسى بىلەن بىللە كۆرۈنۈش قىلغانىدى. ئۇ يۈسۈپكە قىزىقىش نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى: «ئوغلۇم مەھمۇدنىڭ ئۇ ئوردۇكەنتكە كەلگەنىدە يېقىنلىشىپ كېتىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن ـ دە، قالتىس جۇرئەتلىك يىگىت ئىكەن، سۆزىنى كىمگە قاراتتىكىنە؟ ...»

— ئۇلتۇرۇڭلار جانابلار، — دېدى سۇلايمان ئارسلانخان ۋە

ئەڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغان يۈسۈپكە مەنىلىك نەزەر تاشلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ جانابلار، ئاتامنىڭ ۋاپات بولغىنىغا بەش يىلدىن ئاشتى، ئۇنىڭ ئارزۇسىغا يارىشا ئىلىمىز تىنچلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى. ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىناق ئۆتۈۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن ناھايىتى رازىمەن. خانىدانلىقىمىزغا، ئاۋامغا مەنپەئەتلىك بولغان بۇنداق ياخشى ھالەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىشى، تېخىمۇ كامال تېپىشىمىز ئۈچۈن يىراق ـ يېقىندىكى قوشنا، دوست مەملىكەتلەر بىلەن قارشىلاشماي، بېرىش ـ كېلىشنى كۈچەيتىشىمىز مۇھىم، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق قەبىلىلەر ئارا ئىناقلىقىمىزنى مۇستەھكەملىشىمىز زۆرۈر. ئىلىمىزنى بۆلۈشكە، پارچىلاشقا ئۇرۇنغان ھەرقانداق كىشىگە يول قويماسلىقىمىز، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم. ناۋادا، سۇلتان سۇتۇق جەمەتىدىن پېقىرىدىنمۇ قابىل، ئەل سۆيەر پەزىلەتلىك يولباشچى چىقىدىكەن، تاجۇتەختنى بېرىشكە ھەرقاچان تەييارمەن. ئەمما، ئاچ كۆز قانخورلارغا، زالىملارغا، ئادالەت، ھۆرلۈكنى دەپسەندە قىلغۇچى ھاكاۋۇرلارغا ھەرگىزمۇ ئورۇن بوشىتىپ بەرمەيمەن! بۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويۇشۇم ئەركىن پىكىر قىلىشىڭلار ۋە سەمىمىي بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر. قېنى، يۇغرۇش باشى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن جانابلارنى خەۋەردار قىلىڭ.

ئىنانچۇبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋۋال سۇلايمان ئارسلانخانغا، ئاندىن ئىلىكخان، يابغۇلارغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرىغىمۇ سەل ئېگىلىپ كۆلۈمسىرەپ قويدى. قوللىرىنى جۇلالاپ تۇرغان يىپەك تونى ئۇستىدىن قوۋۇشتۇرۇپ سۆزىنى ئۇنلۈك باشلىدى:

ــ ئاللا ھەممە يەردە ھازىر ۋە نازىردۇر، ياخشى ـ يامانىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلۇغ بۇغرا قاراخانىمىز سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى ئاللا نېسىپ ئەتكەن مۇبارەك تەختتە ئولتۇرغاندىن بېرى، مەملىكىتىمىزنىڭ تېخىمۇ روناق

تاپقانلىقىدىن كۆزى قىزارغان ئەلەۋىيلەر يەنە باش كۆتۈردى، — ئىنانچۇبەگنىڭ تەكشى قىرقىلغان بۇرۇت ـ ساقاللىرى يېپيېپ تۇرغان كالپۇكلىرى جۇپلەشتى. ئۇ سۆزدىن توختاپ سۇلايمان ئارسلانخانغا يەنە بىر تەزىم قىلدى. ئىنانچۇبەگ ناتىق، مەمەدانلىقى بىلەن ئوردا ئەھلى ۋە جامائەتچىلىك ئىچىدە نام قازانغان ئىدى. ئۇ توغرۇلۇق لەۋزىنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن مۇزنى ئېرىتەلەيدۇ، سۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن تاشنى يۇمشىتالايدۇ، دېگەن نەقىلمۇ چىققانىدى. باش ۋەزىرلىككىمۇ شۇ تۇپەيلى تەيىنلەنگەنىدى. ئۇ ناتىقلا بولۇپ قالماستىن، كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا تولىمۇ ماھىر ئىدى، ھەرقانداق ئادەمدە ياخشى تەسىرات قالدۇرالايتتى. ئۆزىمۇ كېلىشكەن، خۇش پىچىم بولۇپ، ھەمىشە قۇياشقا باققان ئاپتاپپەرەستەك يۇمىلاق يۈزىدىن كۈلكە كەتمەيتتى. مۇشۇ تاپتا كۆپچىلىكنى ئۆزىگە جەلپ قىلغىنىدىن روھلىنىپ، سۆزىنى ۋەزمىن داۋام قىلدى، — تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاللا شاھىنشاھلىققا تاللىغان بۇغرا قاراخان جەمەتىدە، ئوغۇل پەرزەنت داۋاملىق تەخت ۋارىسى بولۇپ كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ئەمما، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەزرەتلىرىنىڭ قىزىدىن بولغان نەۋرىسى سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ئەھمەد تۇغانخان تەختنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، دەسلەپ سۇكۇت قىلىپ قارشىلاشماسلىق پوزىتسىيەسىنى تۇتقان ھەقىقىي تەخت ۋارىسى بولمىش مەرھۇم يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھ كېيىن ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەلدە ناھەق قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغانىدى. ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختنى ئىگىلىگەن مەنسۇر ئىلىكخان يۇسۇپ قادىرخاننى يوقىتىش كويىدا بولۇپ، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپتى. تەختنى مەلىكۇل مەشرىق ئىگىلىدى ۋە ئىنىلىرى تۇغانخان سانى بىلەن ئەلى تېگىن سانىنىڭ قوزغىلىشىنى، ئۇدۇن قاتارلىق دىيارلاردا يۈز بەرگەن توپىلاڭنى تىنچىتىپ، مەملىكىتىمىزنى روناق تاپتۇردى. مەرھۇم

ناسىر ئىلىكخاننىڭ يېتىم ئوغۇللىرىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ تەربىيەلەپ كامال تاپتۇردى، ئۇلارنى ماۋەرائۇننەھر دىيارىغا ئىلىكخان قىلدى، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شەپقەت بولماس! لېكىن مۇھەممەد ئالىپ تېگىن، ئىبراھىم بۆرە تېگىن ۋە باشقا شەپقەت كۆرگەنلەر رەھمەت ئوقۇشنىڭ ئورنىغا بويۇنتاۋلىق قىلدى. بۆرە تېگىن خارەزىم پادىشاھى مەئمۇن ئالىيلىرىنىڭ قىزى مەلىكە ساراغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، مەئمۇن شاھنىڭ سۇباشى ئالتۇنتاشنىڭ ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولۇش، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش نىيىتى بەربات بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نىقابلانغان نۆكەرلىرى بىلەن كېچىسى ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ مەئمۇن شاھنى ئۆلتۈردى، ئۆزىنى خارەزىمنىڭ شاھى دەپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بۆرە تېگىن بۇغرا قاراخانىمىزغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ياردەم سورىغاندا، چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل سانغۇنى سۇباشى قىلىپ ئۈچ تۈمەن سىپاھ ئەۋەتكەنىدى، بۆرە تېگىن ئاكىسى ئالىپ تېگىن، چاغرىبەگ ئادامتوغرۇلنىڭ سىپاھلىرى بىلەن جەمئىي بەش تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ، ئالتۇنتاش ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى، ئۇنى ئەسىر قىلىپ سەمەرقەنتتە دارغا ئاستى. بۆرە تېگىن بۇغرا قاراخانىمىزدىن مىننەتدار بولۇپ، سەمەرقەنت ئاتلىرىنىڭ سەرخىلىدىن يۈزنى سوۋغا قىلىپ، چاغرىبەگ ئادامتوغرۇلنى ئۈزىتىپ قويدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە، سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى غايەت خۇرسەن بولغانىدى. بەختكە قارشى غەزنەۋىلەر بىلەن جەڭ قىلغاندا، مۇھەممەد ئالىپ تېگىن يارىلىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى. پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر دىيارىغا ئىبراھىم بۆرە تېگىننى ئىلىكخان قىلىپ يارلىق چۈشۈرگەن بۇغرا قاراخانىمىز ئۇنىڭدىن زور ئۈمىد كۈتكەنىدى. ئەمما، بۆرە تېگىن ئۆزگەنت، بۇخارا شەھەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. يېقىن قوشنىمىز بولغان غەزنەۋىلەر بىلەن ھە دەپ تىركىشىپ، زېمىننى كېڭەيتىش كويىغا چۈشتى. ئۆتكەن يىلدىن بېرى قۇزئوردۇغا ئەۋەتىدىغان سېلىق،

تارتۇقلارنىمۇ ئەۋەتمەدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ...

— توختاڭ، يۇغرۇش باشى، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى سۇلايمان ئارسلانخان، — ئۇزاقى يىلى مەرھۇم ھاجىبۇل ھۇججاپ رەيھانىدىنبەگ مېنىڭ نامىمدىن يېزىلغان مەكتۇپنى ئېلىپ سەمەرقەنتكە بارغانلىقى كۆپچىلىككە ئايان. ئىنىم بۆرە تېگىن قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ، كۆڭۈلدىكى سۆزلىرىنى ئېيتىپ يازغان جاۋاب مەكتۇپىدا قاراخانىيلار ئېلىنىڭ شان - شەرىپىنى ساقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاكىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئېلىكخانلىقىغا تەيىنلىگەنىدىم. ئەلھال، كۆپ ۋاقىت ئۆتمىدى. كەلگەن خەۋەرگە قارىغاندا، غەزنەۋىلەر بىلەنمۇ، سەلجۇقىيلار بىلەنمۇ ياخشى ئۆتۈۋېتىپتۇ، مەن بۇنىڭدىن خۇرسەن بولدۇم، — سۇلايمان ئارسلانخان «ھە، قېنى ئەمدى سۆزلەڭ» دېگەن مەنىدە ئىنانچۇبەگكە باش لىڭشىتىپ قويىدى.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى ھەق - راست، پېقىرمۇ شۇنداق دېمەكچىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى تايانغۇلار كېڭىشىگە كەلمىگىنىگە قاراپ بويۇنتاۋلىق قىلماقچى بولۇۋاتامدىغاندۇ؟ دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم، جانابلار، — دېدى ئىنانچۇبەگ ئېگىلىپ.

سۇلايمان ئارسلانخان ئويلىنىپ قالدى: «ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، كەلمىگىنى بويۇنتاۋلىق قىلغىنىغۇ ...»

ئېلىكخان، ئارسلانخان، يابغۇ، كۆل تېگىنلەر، ۋەزىر، ئەمىر، ھاجىپلار پىكىر بايان قىلىپ، قاراخانىيلار ئېلىنىڭ يىلدىن - يىلغا قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىنى، ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىناق - ئىتتىپاق ياشاۋاتقانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتۈشتى. بەزى شاھزادە، ۋەزىر، سانغۇنلارنىڭ باشقا قەبىلىلەرنى كۆزگە ئىلماي، پەس كۆرۈپ چەتكە قېقىۋاتقانلىقى، ئەھۋال شۇنداق كېتىۋەرسە، ئىتتىپاقلىق بۇزۇلۇپ، ئۇرۇش،

توپىلاڭدىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىشتى. بۇ
گەپلەرنى ئىنانچۇبەگ قۇۋۋەتلەپ، بۆرە تېگىننى ئېلىكخانلىقتىن
قالدۇرۇۋېتىشنى كۈچەپ تەكلىپ قىلدى. بولۇۋاتقان سۆزلەرگە
دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان يۈسۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ،
مەسلىھەتلەر ئوخشاشتەك قىلغان بىلەن، مۇددىئا ـ غەرەزنىڭ
ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئەپسۇسلىنىپ قالدى. ئەسلىدە
ئۇ تەكلىپ، مەسلىھەت بېرىشكە يېشىنىڭ كىچىكلىك
قىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، سۆزلىمەي، دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما
ئەھۋالنى كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر،
ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ
قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى:
— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، جانابلار، پېقىر ھەربىرلىرىنىڭ
ئالدىدا سۆز يورغىلىتىپ، مەمەدانلىق قىلماقچى ئەمەسمەن، بايا
ساداقىتىمنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەنلىكىم ئۈچۈن كۆپايىلەنسەم
بولاتتى. ئەمما، دېمەكچى بولغان ھەقىقەتنى چۈشەنگىنىم بويىچە
ئوتتۇرىغا قويۇشنى زۆرۈر، دەپ قارايمەن. ۋاھالەنكى، بەزى
ئارسلانخان، ئېلىكخان، يۇغرۇش، ھاجىپ، سانغۇنلار ئارىسىدا،
ئۆزىنىڭلا كۆمسىگە چوغ تارتىپ، مەملىكەتنى، ئاۋامنى كۆزدە
تۇتمايدىغان، قازانغان غەلىبە ـ نەتىجىلەرنى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ
دەپ بىلىدىغان خاھىش ساقلىنىۋېتىپتۇ. شۇنداقلا باشقا
قەبىلىلەردىمۇ بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان،
ئۆچەكىشىشنىلا ئويلايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىكەن. ئىككىلا
تەرەپنى چۈشىنىپ، سەۋەنلىك، خاتالىقلارنى تۈزىتىش،
قارشىلاشقاننى جازالاش، قايىل قىلىش، يېتەكلەش بىلەن
ئېلىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش مەشەدە ئولتۇرغان
دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ بۇرچى. ئېلىكخان ئىبراھىم بۆرە
تېگىننىڭ بويۇنتاۋلۇق قىلىۋاتقىنىغا كەلسەك، — يۈسۈپ
كۆپچىلىككە سالماقلىق بىلەن نەزەر تاشلىدى، — ئۇنى ئالدىراپ
ئېلىكخانلىقتىن قالدۇرۇش توغرا چارە بولمايدۇ. ئۇ باتۇرلۇقى،

قەيسەرلىكى، شۇنداقلا سەمىمىي ـ ساددىلىقى بىلەن ئەل ئىچىدە چوڭ ئابرۇي قازانغان، ئون تۇمەندىن ئارتۇق قوشۇن ئۇنىڭغا پەرمانبەردار. شۇ تاپتا ئۇ سەلجۇقىيلار خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپتۇ. ئىلىكخانلىقتىن ئىلىنۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ماۋەرائۇننەھر، خارەزىم دىيارلىرىدىن ئۇنى ئايرىۋېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۆرە تېگىن بىلەن جەڭ قىلىش ــ ئەلنى قانغا غەرق قىلىش دېمەكتۇر! بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، ــ يۇسۇپ سۇلايمان ئارسلانخانغا قارىدى، ــ ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە سۆزلىشىپ، بارلىق ئامال بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ــ قاراخانىيلار ئېلىگە تىنچلىق، ئاۋامغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، بۇنى ئويلىشىپ كۆرۈشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، ــ يۇسۇپ ئارقىسىچە بىرقانچە قەدەم مېڭىپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئىنانچۇبەگ بۆرە تېگىننى ئىلىكخانلىقتىن قالدۇرۇشتا چىڭ تۇردى، ئۇنى مۇھەممەد ئارسلانخان، دوقاقبەگلەر قوللىدى. يۇسۇپنى مەھمۇد ئىلىكخان باشلىق ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن يابغۇلار، كۆل تېگىنلەر، ۋەزىر، سانغۇنلار، ئالىملار قوللىدى. بولۇپمۇ رەيھانىدىنبەگنىڭ ئورنىغا ئۇلۇغ ھاجىپ بولغان چىگىل ئارسلانى، شەيخۇلئىسلام ئابدۇلھاپىز داموللا، ئوردا ئەمىرى بەگتۇتۇق، سۇباشى بەگبۇقا، ئادامتوغرۇللار ئۇنى قوللاپ بۇغرا قاراخانغا مەسلىھەت بېرىشتى. ئاخىرىدا سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۈچ تۈرلۈك قارار ماقۇللاندى:

بىرىنچى، ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداش، ئارىنى بۇزۇۋاتقانلارنى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاسىيلار قاتارىدا جازالاش؛

ئىككىنچى، زالىم، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، شەرىئەت ھۆكمى بويىچە جازاغا تارتىش؛

ئۈچىنچى، بۆرە تېگىن بىلەن يارىشىش، قارشىلاشماسلىق، قانلىق توقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بۇ قارارنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئاندىن سۇلايمان ئارسلانخان يارلىق جاكارلاپ، ئىلگىرى قەشقەر دىيارىنىڭ بۇغرا خانلىقىغا تەيىنلەنگەن مەھمۇد ئارسلانخاننى پەرغانە دىيارىنىڭ ئېلىكخانلىقىغا، تالاس دىيارىنىڭ ئېلىكخانى مۇھەممەد ئارسلانخاننى تالاس ۋە ئىسپىجاپ دىيارىنىڭ ئېلىكخانلىقىغا، قەشقەر دىيارىدىكى سىپاھلارنىڭ سۇباشى ئەبۇ ھەسەن تېگىننى قەشقەر دىيارىنىڭ ئېلىكخانلىقىغا، ھۈسەيىن تېگىننى بارسغان دىيارىنىڭ ئىلىكخانلىقىغا تەيىنلىدى. ئەبۇ ھەسەن تېگىن بىلەن ھۈسەيىن تېگىنگە ئارسلانخان ئۇنۋانىنى بەردى. بۇ ۋاقىتتا قەدەر ئۇستىدىن كۆپ قېتىم بۇغرا قاراخانغا ئەرز - شىكايەتنامە كەلگەن ئۇدۇن دىيارىنىڭ ئېلىكخانى ئەلىشاھ، سۇياپ شەھىرىنىڭ ھاكىمى چاغرىبەگ ئۆتەمىش، قەشقەر بۇغراخانىنىڭ ۋەزىرى تۇرمىش ئىنال تېگىن، بۇغرا قاراخان سارىيىنىڭ ئىشىكئاغىسى ئىنالچۇق تېگىن، ئىدىشچى باشى ئارغۇن جالالىدىن قاتارلىق بىر يۈز قىرىق كىشىنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، شەيخۇلئىسلام ۋە باش قازى ئابدۇلھاپىز داموللىنىڭ شەرىئەت نىزامى بويىچە جازا ھۆكۈم چىقىرىشىنى بۇيرۇدى. بۇغرا قاراخان سارىيىنى يەنە بىر قېتىم ئەندىشىلىك سۈكۈت باستى.

قەشقەرگە بۇغراخان بولۇپ تەيىنلەنمەي تالاسقا ئېلىكخان بولغىنىدىن نارازى بولغان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ قاپىقى ساڭگىلاپ، بەگ تەركىسىگىمۇ قاتناشمىدى. ياساۋۇللىرى بىلەن ئوردىدىن چىقىپ، ئۆزى بىلەن كەلگەن خوتۇنى قۇمارىبىكە تۇرۇۋاتقان بولۇنبەگ قورۇسىغا ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

خىيانەتچى، زالىم ئەمەلدار قاتارىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغانلىقىدىن سۆيۈنگەن دوقاقبەگ «ئەمدى بۇزاغۇ ئىككىمىزنىڭ كۈنىمىز تۇغىلىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ ئېتىغا قامچا ئۇردى.

كۆكنى يۇلتۇز قاپلىغان گۈزەل ئاخشامدا، يۇسۇپ بەگ تەركىسىدىن خۇشال قايتتى. ئۇ ياش ھاجىپ بولسىمۇ، ياشانغان دۆلەت ئەربابلىرى ئېرىشەلمىگەن ھۆرمەتكە بۈگۈن سازاۋەر بولغانىدى.

شام ـ چىراغلار يورۇتۇپ تۇرغان ھويلىدا، ئۇنى ئاقبىرا بىر ياشتىن ئەمدىلا ئاشقان قىزى بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

## 2

— بەگيۇسۇپ، ھاجىبۇل ھۇججاپنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئوبدان ئىشلەۋېتىپسىز، ھەممىيلەن تەرىپىڭىزنى قىلىۋاتىدۇ. يۇغرۇش باشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سىزنى سەمەرقەنتكە ئەۋەتمەكچى بولدۇق. مەرھۇم ئاتىڭىز رەيھانىدىنبەگمۇ مەكتۈپىمنى ئېلىپ بېرىپ، بۆرە تېگىن بىلەن ئەھۋاللىشىپ، ئۇنى يۇمشىتىپ كەلگەنىدى. ياش بولسىڭىزمۇ ئاتىنىڭ بالىسى، ئەقىل ـ پاراسەتتە ھېچكىمدىن قېلىشمايسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۆرە تېگىن بىلەن ئوبدان تونۇش ئىكەنسىز، بېرىپ زادى ئۇنىڭ مۇددىئاسى، غەرىزى نېمە؟ بىلىپ كەلسىڭىز، ناۋادا ئۇ بويۇنتاۋلىق قىلماقچى بولسا، بۇ پەيلىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ بېقىڭ. ئەمدى مېڭىشقا تەييارلىق قىلسىڭىز بولىدۇ.

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى، — يۇسۇپ تەخت ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغىنىچە بۇغرا قاراخانغا تەزىم قىلدى، — ئۈچ كۈن ئىچىدە يول تەييارلىقىنى تۈگىتىپ سەپەرگە ئاتلىنىمەن، ئالىيلىرى. بۈگۈن «بۇغراخان مەدرىسەسى» گە بېرىپ، بىر ئاي ئىچىدە مەن ئۆتمەكچى بولغان دەرسلەرنى باشقا مۇدەررىسلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشۇم كېرەك. يەنە تاپشۇرۇقلىرى بارمىكىن؟

— بەگيۇسۇپ، سىزدىن خۇرسەنمەن. سوۋغا ـ سالاملارنى يۇغرۇش باشى تەخ قىلىپ بېرىدۇ. مېنىڭ نامىمدىن بۆرە تېگىنگە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. يولغا

چىققان كۈنى ئۆزۈم ئۇزىتىپ قويىمەن. ماقۇل، يول تەييارلىقىغا كىرىشىڭ.

— رەھمەت، ئالىيلىرى.

يۇسۇپ ئۇدۇل «بۇغراخان مەدرىسەسى» گە كەلدى، ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇمغا سەمەرقەنتكە بارماقچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزى ئۆتمەكچى بولغان بىر ئايلىق دەرسىنى باشقا مۇدەررىسلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. خوشلىشىپ ئۆيگە كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشكەندى. تاماقتىن كېيىن ئانىسىنىڭ خانىسىغا كىرىپ سەپەرگە چىقماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئانىسى دەرھال جاۋاب بەرمەي، يۇسۇپنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئاتىلىرى ۋاپات بولۇپ غېرىبسىنىپ قالدىم، بالام. تۆت ئاچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە، سىلى يېنىمدا بولغاچقا كۆڭلۈم توق تۇراتتى. بۇغرا قاراخاننىڭ ئەمرى بىلەن سەمەرقەنتكە بارىدىكەنلا، قوشۇلماي نېمە ئىلاجىم. بارسىلا، بالام، بارسىلا. خۇدايىم سەپەرلىرىنى بىخەتەر، ئاقىۋۇللۇق قىلسۇن. ياخشى نىيەت، ياخشى تىلەكلىرى بىلەن سالامەت بېرىپ، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەيلا، — دېدى يۈزىگە سىرغىپ چۈشكەن ياشلىرىنى ئېرتىپ.

— غەم قىلمىسىلا ئانا. ئىنشائاللا، تېزرەك قايتىپ كېلىپ خىزمەتلىرىدە بولىمەن.

يۇسۇپ ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغان بولسىمۇ، ئۇزاپ ماڭغۇچە ئاقىبىرانى ماقۇل قىلالماي ناھايىتى جىلە بولدى. ئاقىبىرا يامغۇردەك ياش تۆكۈپ:

— مېنىڭغۇ دېمىسىلە، مۇشۇ سەبىي قىزلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە قانداقمۇ قىيالا؟ — دەپ بۇۋۇئايىشەنى كۆتۈرتۈپ قويۇپ، ماقۇللۇق بەرمەي جىم تۇرۇۋالدى.

— مەن سەيلە ـ ساياھەتكە كېتىۋاتمايمەن، قەدىرلىكىم، دۆلەت ئىشى بىلەن كېتىۋاتىمەن، بىر ئايغا قالماي يېنىپ

كىلىمەن ئەمەسمۇ.

— يىنىپ كېلەلمىسىلىچۇ؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا يىنىپ كېلىمەن.

— ماڭىا كەلـــمەيدىغاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدىلا، ياق، ياق بارمايدىلا، — ئاقبىرا ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. ئانىسىنىڭ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بۇۋىئايىشەمۇ قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى. يۇسۇپ قىزىنى سۆيۈپ ئاقبىراغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ دېدى:

— سەمەرقەنتكە بېرىشىمغا زادى قوشۇلمامسەن؟

— قوشۇلمايمەن، بارمايدىلا.

— كېتىۋەرسەمچۇ؟

— مەنمۇ ئابامنىڭ قېشىغا كېتىمەن.

يۇسۇپنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ياخشى كۆرۈپ ئالغان خوتۇنى بىلەن بۇنداق ياماللىشىپ قېلىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەچكە، نېمە دېيىشىنى بىلمەي پەرىشان بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنى هويلىدا ئانىسى، ئاچىلىرى، خىزمەتچىلەر كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ شايى تونىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تۇرغان ئاقبىرانىڭ قولىنى ئاستا ئىتتىرىپ:

— مەن بارمىسام بولمايدۇ. ماقۇل، ئاتا - ئاناڭنىڭ قېشىغا كېتىپ تۇرغىن، كەلگىنىمدە بىر گەپ بولار، — يۇسۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولدى.

— ئاتا ! ئاتا ! — دەپ يۇلقۇنۇپ توۋلىغان بۇۋىئايىشە ئىككى قولىنى سوزۇپ يىغلىدى.

— ئاتىسى، — دېدى ئاقبىرا، — مەن كەتمەيمەن، — ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — سىلىنى خاپا قىلىپ قويدۇم. بارمىسىلا زادى بولمايدىغان زۆرۈر ئىش بولسا بېرىۋەرسىلە، مەنمۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋېرەي، ئاپامنى يالغۇز قويۇپ كېتىشكە كۆڭلۈم قانداقمۇ ئۇنىسۇن؟

يۇسۇپ ئارقىسىغا يېنىپ بۇۋىئايىشەنى يەنە قولىغا ئالدى،

كۆتۈرگىنىچە ھويلىغا چىقتى. ئانىسى، ئاچىلىرى، قېيىنئاغىلىرى، غۇلام ـ دېدەكلەر شەھەر سىرتىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويماقچى بولغانىدى.

— ئابا، تۇغقانلار، مەشەدىلا ئۇزىتىپ قويۇشىسىلا، يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇزىتىمىز دېيىشمىسىلە، مېنى يەتمىش قېتىم تەڭلىكتە قويۇشىدىلا، مەشەدىلا خوشلىشايلى، — يەكتىمىز بولغان يۇسۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى. ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزغان يابىرا ئىشىك ئالدىغا ئۇزىتىپ چىقتى.

— سىلىنى تەڭلىكتە قويۇشنى خالىمايمەن، بالام، ئاقىۋاللۇق بولسىلا، — دەپ قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيدى.

يۇسۇپ ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ، يۇم ـ يۇم يىغلىغىنىچە ياغلىقىنى پۇلاڭلاتقان ئاقىراغىمۇ، ئۇ باغرىغا تېڭىۋالغان ئوماق قىزىغىمۇ ئىچىدە خوش ئېيتتى.

يۇسۇپ ئوردىغا بېرىپ سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن كۆرۈشتى. بۇغرا قاراخان مەكتۇپنى ئوقۇپ چىقىپ قول قويۇپ، مۆھۈرىنى بېسىپ بەردى.

— مەكتۇپ ئىچىدە، مەزمۇنلۇق يېزىلىپتۇ، ئاقىۋاللۇق بولۇڭ بەگيۇسۇپ، خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىشىڭىزنى كۈتىمەن.

— دىدار كۆرۈشكۈچە خۇشۋاق بولسىلا، ئالىيلىرى.

— ھاجىپ، بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويمىغايلا، — دېدى تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قول باغلاپ تۇرغان ئىنانچۇبەگ، — سىلى ناھايىتى ئەقىللىك، پاراسەت ئارقىنى بىلەن چىلبۆرىنى باغلاپ قويمىغۇچە قايتىپ كەلمىگەيلا.

— بۆرىسىز يايلاقتا مال ئاۋۇمايدۇ، جانابلىرى، — دېدى يۇسۇپ، — مەن چىلبۆرىنى باغلاپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلۇغ بوۋىمىز ئوغۇزخانغا يول باشلىغان كۆك بۆرىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى سەمىگە سېلىپ قويۇش ئۈچۈن بارماقچىمەن.

ئىنانچۇبەگنىڭ كۆلكە كەتمەيدىغان چىرايى بىر ئۆكۈپ، شۇ ھامان ئەسلىگە كەلدى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ:

— ئۆيلىغان يېرىمدىن چىقتىڭىز، مەنمۇ شۇنداق دېمەكچىدىم. خەير، ئامان بولۇڭ، — دېدى. كۆڭلىدە «سەندەك بىر كىتاب مەستانىسى تالىپقا جەڭگە خۇمار بۆرە تېگىن ھەرگىز يول قويمايدۇ» دەپ ئويلاپ، خالىمىغان ھالدا سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن ئورداغا ئالدىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

بىر ئاي ئۆتتى. «نېمە خەۋەر ئېلىپ كېلەركىن» دەپ كۈتكەن سۇلايمان ئارسلانخانغا بۇ ئاي تولىمۇ ئاستا ئۆتكەندەك بىلىندى. دېرىزىدىن ئىشىككە تولا قاراپ كۆزلىرى تېشىلگەن يابىرا ئانىغا بۇ ئاي ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى. كۈندە دېگۈدەك ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يولغا تەلمۈرۈپ قارايدىغان ئاقبىراغا بولسا بىر يىلدەك بىلىنىپ تاقىتى تاق بولدى. يۇسۇپ دەل بىر ئايدا — ئۇجمە ئاخىرلىشىپ، ئۆرۈك پىشقاندا تۇيۇقسىز ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— كۆل بويىدىكى سۇپىدا قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان يابىرا ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان يۇسۇپنى قۇچاقلىغان ھالدا، ئاۋۋال كۈلۈپ، كېيىن يىغلىۋەتتى.

— جېنىم بالام، كۆز قارىچۇقۇم، يۈرەكلىرىم سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. كەلدىڭ، جېنىم بالام، ئوغلۇم، مادارىم.

— بۇۋىئايىشە «ئاتا !» دەپ سىلىنى تولا توۋلاپ بەكمۇ سېغىندى. قارىسىلا، چوڭ بولۇپ قاپتىمۇ؟ — دېدى ئاقبىرا قېيىنئانىسىنىڭ كۆزىچە ھال سوراشتىن ئىزا تارتىپ.

يۇسۇپ بۇدرۇق قوللىرىنى ئۇزارتىپ تاشلانغان ئوماق قىزىنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى. سېغىنغان نەزىرى بىلەن مۆڭلانغان كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغان ئاقبىرادىن ئۈنسىز ھال سوراپ قىزىغا باقتى:

— بۇۋىئايىشە جىگەر پارەم، سېنى بەك سېغىندىم، چوڭ بولۇپ قاپسەن قىزىم، — دېدى قىزىنىڭ پېشانىسىگە، مەڭزىگە سۆيۈپ.

— ئەمدى ماڭا كەلگىن قىزىم، ئاتاڭ چارچاپ - ھېرىپ قالغاندۇ، — دەپ بۇۋىئايىشەنى ئاقبىرا قولىغا ئالدى.

— كىچە - كۈندۈز مېڭىپ، بۈگۈن ئەتىگەن چاشكا ۋاقتىدا قۇزئوردۇغا يېتىپ كەلگەنىدۇق. بۇنداق تۇيۇقسىز كەلگىنىمدىن بۇغرا قاراخانمۇ خۇش بولدى. ئۆيگە باراي دېسەم ئۇنىماي، چۈشتە بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ مانا هازىر كېلىشىم، — يۈسۈپ گەپ قىلغاچ يابىرانىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ سۇپىدا ئولتۇرغۇزدى، — موماممۇ ئوبدان تۇرغاندۇ؟ ئاچاملارمۇ كېلىپ تۇرغاندۇ؟

— مومىلىرى ياشىنىپ قالدى، بالام، بىر كۈن ساق تۇرسا، بىر كۈن مىجەزى يوق بولۇپ قالىدۇ، كۈن ئاشۇرۇپ بېرىپ هال سوراپ تۇردۇم، ئەمدى بۇ ئۆيگە ئەكېلىپ تۇرغۇزارمىز. قىزلىرىم كېلىپ تۇردى، هەر كەلگەندە سىلىنى سورايدۇ، گەپلىرىنى قىلىشتۇق، بالام.

يۈسۈپ مۇزدەك سوغۇق ئانار شەربىتىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ سەمەرقەنتنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان ئۇرۇق - تۇغقانلار، قولۇم - قوشنىلار، تونۇش - بىلىشلەر كەچكىچە ئۆزلۈكسىز كېلىپ هال سوراپ كېتىشتى ...

### 3

ساراي ئۆيىنىڭ داغدام ئىچمۇيتىلگەن دېرىزىلىرىدىن كىرگەن غۇر - غۇر شامال ئەبۇ يۈتۈھ مەخدۇمىنىڭ ئۇزۇن ساقىلىنى يەلپۈندۈرۈپ، تەرلەپ - پىشىپ ئولتۇرغان ئاشانىۇقىنىڭ يۈڭلۈق مەيدىسىگە سىلىق ئۇرۇلاتتى.

— هە، ئوكا، سۆزلىگىن، بۆرە تېگىن قانداق تۇرۇپتۇ؟ — سورىدى تۆمۈربۇقا نەسرىدىن لېگەنلەرگە كاسا قىلىپ قويۇلغان تاۋۇزنى پىچاق بىلەن يونۇپ.

— بۆرە تېگىن غەزنەۋىلەر بىلەن جەڭ قىپتىمۇ؟ ئۇنىڭ مۇددىئا - مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەلگەندىلا يۈسۈپ؟ — ئادامتوغرۇلمۇ سۆز كۈتۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— بۆرە تېگىن بۇغرا قاراخانىمىزغا بويسۇنمامدىكەن؟
— بۆرە تېگىن بالاساغۇنغا باستۇرۇپ كېلەمدىكەن؟
— بۆرە تېگىننىڭ مۇڭگۇزى بارمىكەن؟
— كۈندۈزى ئادەم سىياقىدا يۈرگەن بىلەن كېچىسى بۆرىگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقى راستمىكەن؟

ئۆدمىش، يارۇق، ئادار، ئەربۇقىلار قويغان بۇ سوئاللاردىن ئىبراھىم بۆرە تېگىن توغرىسىدا ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان يۈسۈپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا جاۋاب بەردى:

— پېقىر بۆرە تېگىن بىلەن ئالتە ـ يەتتە يىل ئىلگىرى كۆرۈشكەنىدىم، ئەلھال، بويى ئۆسۈپ كۈچتۈڭگۈر ئەزىمەتكە ئايلىنىپتۇ. ئاكىسى ئالىپ تېگىن ئۆتكەن يىلى قازا قىلغاندىن بۇيان، ماۋەرائۇننەھر، خارەزىم دىيارىنى يالغۇز سوراۋېتىپتۇ. يېنىدا تاجىلمۇلىك ئاتلىق دانا ۋەزىرىمۇ بار ئىكەن، مېنى ئوبدان كۈتۈۋالدى. بۆرە تېگىننىڭ بۇرۇنمۇ مۇڭگۇزى يوق ئىدى، ھازىرمۇ يوق. كۆكۈچ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى تىكەنلىشىپ تۇرغاچقا سۈرلۈك، بەھەيۋەت كۆرۈنىدۇ، كېچىسى بۆرىگىمۇ ئايلىنىپ قالمايدۇ.

— بەگيۈسۈپ، كېچىلىرى بۆرە تېگىنگە ھەمراھ بولۇپ باقتىڭىزمۇ؟

— نەچچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن زىياپەت، سۆھبەتلەردە بىللە بولدۇم، ئۇ ئۆزگەرمىدى، — يۈسۈپ كۈلۈمسىرەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىبراھىم بۆرە تېگىننىڭ «مەن مەشرىقتىكى بىردىنبىر غالىب پادشاھ، ماڭا تەڭ كېلىدىغان خان ـ سۇلتانلار دۇنياغا تېخى تۆرەلگىنى يوق. مەن بويسۇنغۇچى ئەمەس، بويسۇندۇرغۇچى» دېگەن سۆزلىرىدىن بۇغرا قاراخان بولۇش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. پايتەخت قۇزئوردۇغا باستۇرۇپ كېلىش ئويى بولسىمۇ، بۇ تېخى

مۇددىئا، غەرەزگە ئايلانمىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ ھازىر پۈتۈن كۈچى بىلەن غەزنەۋىلەرگە قارشى تۇرۇۋېتىپتۇ، سەلجۇقىيلار بىلەن يېقىنلىشىۋېتىپتۇ.

— توختاڭ، بالام، — تۆمۈربۇقا نەسىرىدىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدى، — ئىبراھىم تېگىننىڭغۇ شۇنداق يېرىم ياۋايى ئادەم، سىز بولسىڭىز ناھايىتى پاراسەتلىك. ئۇنى بۇغرا قاراخانىمىز بىلەن ئەپ ئۆتۈشكە، قىلىچ كۆتۈرمەسلىككە كۆندۈرەلىدىڭىزمۇ؟ مۇشۇ ھەقتە ئاڭلىغۇم بار.

يۇسۇپ كۈلۈمسىرەپ ئېغىز ئاچتى:

— ئىبراھىم تېگىننى گۆدەك چېغىدا بۆرە باققان بولسىمۇ، ئۇ ھەقىقىي ئادەم، ناھايىتى سەزگۈر، ئۆزىگە بەك ئىشىنىدۇ. بۆرە باققانلىقى ئۇچۇنلا ئەمەس، قورقۇمسىزلىقى، بوي ئەگمەيدىغان، بوي بەرمەيدىغان ئىرادىسى، مىجەزىنىڭ چۇسلۇقى ئۇنىڭ بۆرە تېگىن دەپ ئاتىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى بۇ قېتىم تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندىم، ئاللا ئۇنى شۇنداق ئۆزگىچە مىجەزلىك قىلغانىكەن. ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋرىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئېلىپ كەلگەن مەلىكە ئادىرا ئانىنى، جۇملىدىن پېقىرنىمۇ ئۇنتۇمىغان. ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرغان مانا مۇشۇ ئەقىدە بولسا كېرەك. بۇنى بىلىپ يېتىپ ، ئۇنىڭغا سۇلايمان ئارسلانخان بۇغرا قاراخان بولغان مەملىكەت مۇبادا پارچىلىنىپ كەتسە، مەۋجۇت بولالمايدىغانلىقىنى گەپ ئارىسىدا ئەسكەرتىپ ئۆتتۈم، ئۇ دەرھال «قاراخانىيلار مەملىكىتىنى قۇدرەت تاپتۇرۇشنى ھاياتىمنىڭ مەقسىتى قىلىپ ياشاۋاتىمەن، سۇلايمان ئارسلانخان ئاغام بۇنىڭدىن غەم يېمىسۇن. پارچىلاش ئۇچۇن ئەمەس، ئېلىمىزنىڭ زېمىنىغا زېمىن قوشۇش ئۇچۇن كۆتۈرگەن قىلىچىمنى ھەرگىز قىنىغا سالمايمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ جاۋابىنى ئېلىپ كەلدىم. بۇغرا قاراخان ئاڭلاپ، خاتىرجەملىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

— بۇ تېخى ھېساب ئەمەس، — ئادامتوغرۇل يۇسۇپنىڭ يېگىدىن تارتىپ ئۇنى سۆزدىن توختاتتى، — ئۈچ يىلدىن بېرى ئاستانىگە ئەۋەتمەي كېلىۋاتقان سېلىق، تارتۇقلار توغرۇلۇق گەپ قىلىپ باقتىڭىزمۇ، بالام؟ مانا بۇ مۇھىم مەسىلە، — دېدى ئادامتوغرۇل، — بويۇنتاۋلۇق قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىغا ئىسپات بولىدىغان بۇ مەجبۇرىيەتنىڭ قانداق ھەل قىلىنغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ.

— پېقىر سەمەرقەنتكە بېرىپ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ بىلەن مەملىكەت ۋە دۇنيا ئىشلىرى توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشكەن بولساقمۇ، بۆرە تېگىن بۇ ھەقتە زادى ئېغىز ئاچمىدى. ئاخىرى مەن «قاراخانىيلار ئېلىگە قاراشلىق ھەرقايسى دىيارلاردىن ئاستانىگە ۋە بۇغرا قاراخانغا ئەۋەتىلىدىغان سېلىق، تارتۇقلار قاراخانىيلار ئېلىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان، كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان بايلىق ھېسابلىنىدۇ. ئالىيلىرى، نېمە ۋەجىدىنكىن، ئۈچ يىلدىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشلىرىدىكى ماۋەرائۇننەھر، خارەزىم دىيارىدىن سېلىق، تارتۇق ئاستانىمىزگە كەلمىدى؟ بۇنىڭدىن بۇغرا قاراخان خاتىرجەمسىزلەنمەكتە» دېگەنىدىم، بۆرە تېگىن دەرھال: «مەن ئاستانىگە ئەۋەتىلىدىغان سېلىق ۋە تارتۇقنى سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا، لەشكەرلىرىمنىڭ تەمىناتىغا ئىشلەتتىم، نامراتلارغا بەردىم، ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلگىنىم يوق، بەگيۇسۇپ. بۇغرا قاراخان ئاغام بۇنىڭدىن خاتىرجەمسىزلەنمىسۇن» دەپ بۇ ھەقتىكى گەپنى تۈگەتمەكچى بولۇۋىدى، مەن: «ئىبراھىم تېگىن ئالىيلىرى، قۇرۇق قول قايتىپ بارسام بولماس، ھېچ بولمىسا بۇ يىلقى سېلىق ۋە تارتۇقنى ئېلىپ كېتەي» دېدىم. ئۇ ياق دېيەلمىدى. مىڭ سەر ئالتۇن، ئون تۈمەن سەر كۈمۈش، بەش تۈمەن دانە تىللا بىلەن سەمەرقەنتنىڭ چاپقۇر ئاتلىرىدىن يۈزنى بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

— ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، بالام، بۇنىڭ بىلەن ئىلىمىز جەڭگى - جېدەلدىن خالىي بولۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس.

ئادامتوغرۇلنىڭ بۇ سۆزىنى ئاشانبۇقا، تۆمۈربۇقا نەسرىدىن، ئۇدمىشلار ماقۇللاپ باش لىڭشىتىشتى.

— ئېيتقانلىرى توغرا، چاغرىبەگ ئاتا. ئەمما، بۆرە تېگىن قېشىدىمۇ، بۇغرا قاراخانىمىز يېنىدىمۇ ئىش بۇزار، دىلى بىلەن تىلى باشقا ئالا كۆڭۈل ئادەملەر يوق ئەمەس، مانا شۇلار ھەر زامان ئەلگە ئاپەت تېرىيدۇ، بۇنىڭدىن ھوشيار بولمىساق بارمىقىمىزنى چىشلەپ قالىمىز، ھەممىدىن بۇرۇن بۇغرا قاراخان بارمىقىنى چىشلەپ قالىدۇ.

يۇسۇپنىڭ بۇ سۆزى ھەممەيلەننى ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇلار ئاۋۋال ھاردۇق ئېشى بولغان ئۇگرىنى ئىچىشىپ، ئاندىن قىرغاۋۇل گۆشى بېسىلغان پولۇنى يەپ قايتماقچى بولۇشتى. يۇسۇپ ئەرلەرگە سەمەرقەنت بەقەسەمىدىن تونلۇق، ئاياللارغا بۇخارا ئەتلىسىدىن كۆڭلەكلىك قويۇپ ئۇزىتىپ قويدى، ئۇ خاس ھۇجرىسىغا كىرگەندە، ئاقىىرا بۇۋىئايىشەنى يېشىندۇرۇۋاتاتتى.

— ئاتا! ئاتا! سەبىي قىز قوللىرىنى ئۇزارتىپ، پىلتىڭلاپ مېڭىپ يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بالام، يۇرەك پارەم، — يۇسۇپ قىزىنى كۆتۈرۈۋالدى.

— ئولتۇرسىلا، بېگىم، — دېدى ئاقىىرا ئېرىنىڭ تونىنى سالدۇرۇپ.

يۇسۇپ بۇۋىئايىشەنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇچ قات يىپكەندازغا ئولتۇردى. تەكچىدىكى ئۇچ كۆزلۈك شامدانىدا شام يېنىپ تۇراتتى. ئۇ تامغا ئېسىپ قويۇلغان مىسىرنىڭ يوللۇق شايىسىدىن تىكىلگەن تون ۋە ئاق سەللىگە قاراپ ئاتىسىنى ئەسلەپ قالدى.

رەيھانىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۇسۇپ باغدىكى ئۆيىدىن تاشقىرىقى ھويلىدىكى ئاتىسىنىڭ بۇ ھۇجرىسىغا كۆچۈپ چىققانىدى. يابىرا بولسا ئىچكىرى ھويلىدىكى زەمۇران ئانىنىڭ

ئۆيگە كۆچۈۋالغانىدى. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا، بالىلار بولسا ئۆز پەرزەنتلىرىغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىپ دۇنيانى ئاۋات قىلىدۇ، يېڭىلايدۇ، مانا بۇ تەقدىر.

— قىزلىرىنى سېغىنماپىلا ـ ھە؟ سىلىنى ساقلاپ ئولتۇرغىلى نەۋاق، سېغىنغان بولسىلىرى گەپلىشىپ ئولتۇرۇۋەرمەي، ئۆيلىرىگە بۇرۇنراق كىرگەن بولاتتىلە، — دېدى ئاقىرا ئۇنىڭغا بىر پىيالە ناۋات سالغان چاينى سۇنۇپ.

— سېغىنمىغاندەك تۇرامدىمەن، بىكەم، — يۇسۇپ چاينى ئېلىپ ئوتلىدى. ئۇ خوتۇنىنى سۆيۈندۈرۈپ ئەركىلىتىپ «بىكەم» دەپ ئەزىزلىسە، ئاقىرامۇ ئۇنى قەدىرلەپ، ھۆرمەتلەپ «بېگىم» دەپ ئەتىۋارلايتتى. مۇشۇ تاپتا يۇسۇپ خوتۇنىنىڭ نازۇك تۈيغۇ ـ ھېسسىياتىنى چۈشىنىپ، مۇگدەپ قالغان قىزىنى يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يولدىمۇ، سەمەرقەنتتىمۇ قىزىمنى زادى ئۇنتۇمىدىم، كۆرگۈم كېلىپ شۇنچە بىتاقەت بولدۇمكى، قانىتىم بولسا نەچچە قېتىم ئۇچۇپ كېلىپ كۆرۈپ كەتكەن بولاتتىم، بىكەم. كەلگەن چېغىمدا مۇنداق خۇيلىنىۋالسىڭىز، قانداق چىدايمەن؟ مېھمانلارنى ئۇزاتماي تۇرۇپ...

— سەمەرقەنت توغرۇلۇق بىزگىمۇ سۆزلەپ بەرمەمدىلا ئەمىسە، — دېدى ئاقىرا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بىزنىڭمۇ ئاڭلىغۇمىز بار، بېگىم.

— ئاتا! ئاتا! — كۆزىنى ئاچقان قىز بۇدرۇق قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىدى.

— ئاۋۋال سوۋغىلارنى بېرەي، ئاندىن سۆزلەپ بېرەي.

— بايا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلارنى بەرگەنىدىلىغۇ، يەنە نېمە سوۋغا بۇ، بېگىم؟

— قاراڭ بۇنىڭغا، — يۇسۇپ قويۇن يانچۇقىدىن ئالغان ئالتۇن سائەتنى ئۇنىڭغا بەردى، — بۇنى سەمەرقەنت بازىرىدىن سېتىۋالغانىدىم.

ئاقىۋىرا سوۋغاتنى ئېلىپ قاراپ، سۆيۈنگىنىدىن ئېرىنىنىڭ مۈرىسىگە بىر قولىنى قويدى.

— رەھمەت بېگىم، — ئۇنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرى تويى ئاخشىمىدىكىدەك چاقناپ كەتتى. بۇۋىئايىشە قوللىرىنى سائەتكە ئۇزارتتى.

— قىزىم، ساڭىمۇ بار، — يۈسۈپ گۈل چېكىلگەن سېپىغا كىچىك كولدۇرمىلار بېكىتىلگەن ئويۇنچۇقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى. خۇش بولۇپ كەتكەن بۇۋىئايىشە كولدۇرمىنى جىرىڭلىتىپ ئوينىغىلى تۇردى.

— قىزلىرى ئەمدى كىچىچە ئۇخلىمايدىغان بولدى، — دېدى ئاقىۋىرا، — تۇنەپ چىقىدىغان بولدۇق. بۆرە تېگىنىنىڭ ئاتىسى شاھزادە، ئانىسى بۆرە ئىكەن دەپ ئاڭلىغۇدىم، راستىمىكەن، بېگىم؟

يۈسۈپ كۈلۈپ كېتىپ، كىچىك چېغىدا مەلىكە ئادىرادىن ئاڭلىغانلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.

— ھازىر بۆرە تېگىنىنىڭ بالىلىرى بارمىكەن، كۆردىلىمۇ؟

— خارەزىم پادىشاھىنىڭ شىكارغا چىققان ئون تۆت ياشلىق قىزىنى ئېلىپ قېچىپ شۇنىڭغا ئۆيلەنگەنىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا، توقال، چۆرىلىرىمۇ بار ئوخشايدۇ، بىكەم.

— بۆرە مىجەز بولغاندىكىن ئۆيلەنمىگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغۇدىم، ئۇنداق ئەمەس ئىكەن ـ دە.

— گەرچە بۆرە يىرتقۇچ گۆشخور ھايۋان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئۆزىگە خاس قەھر ـ غەزەپ بىلەن بىللە، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇھەببەتمۇ بار. ئەركەك بۆرە چىشىسىغا ھەرگىز زۇلۇم قىلمايدۇ. ئىبراھىم تېگىنىنى ۋەھشىي ئادەملەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بۆرە ئىكەنلىكىنى بىلدىلە. بۇ بۇگۇ بىلگەلەرنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈپ، يېڭى تونۇش ھاسىل قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان سىرلىق ۋەقە، — يۈسۈپ سۆزىنى توختىتىپ ئويلىنىپ قالدى، بىر ئىش ئېسىگە

كەلگەندەك قىلىپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — مەن بۇ قېتىم سەمەرقەنتتىكە بېرىپ بۆرە تېگىنىنى چۈشىنىپلا قالماي، ئىنسانلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنىڭ چەكلىمىسىدە بولمايدىغانلىقىنى، چىرايى، مىجەزى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغاندەك، نىيەت، تىلەكلىرىمىزمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، بىكەم. ئاتامنىڭ ۋاپاتىنى پۇرسەت دەپ بىلگەن بەزى يېقىن كىشىلىرىمىز نۇرغۇن مال - مۈلكىمىزنى يۇتۇۋېلىشقا باشلاپتۇ.

— كىم ئىكەن ئۇ؟ — ئاقبىرا ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— بىكەم، قىزىمىز ئۇخلاپ قاپتۇ. كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلىپ، بۇ گۈزەل كېچىنى ئىسراپ قىلغۇم يوق. ئەمدى ياتساق بولارمىكىن.

ئاقبىرا قىزىنى مامۇق كۆرپىگە ياتقۇزۇپ، ئۈستىنى يېپىپ قويدى. شامنى ئۆچۈردى.

— يۇرسىلە بېگىم، ھۇجرىمىزغا چىقايلى، — سەل ئېگىلىپ خوتۇنىنىڭ سۇنۇلغان قولىنى تۇتقان يۇسۇپ ئىچكىرى ئۆيگە كىردى. كىيىملىرىنى سېلىپ ئەنبەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرغان يوتقانغا كىردى. ئاقبىرا باغرىداقنى كۆكسىدىن ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ يېنىدا باش قويدى ...

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# نادامەتلىك پۇشايمان

### 1

بۇ دۇنيادا گۈل ـ گىياھتىن تارتىپ قۇرت ـ قوڭغۇزغىچە ھەممە جانلىق تىنچ مۇھىتقا، يورۇقلۇققا موھتاج، ئىنسانلار تېخىمۇ شۇنداق. تىنچ تۇرمۇشتا خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈۋاتقانلارمۇ، جەڭ ـ ئۇرۇشنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلارمۇ خۇدادىن ئوخشاشلا تىنچلىق ـ ئامانلىق تىلىشىدۇ. تىنچلىق، خاتىرجەملىكنى ئۈمىد قىلمايدىغان كىشى دۇنيادا يوق. ھەتتا ئوغرى ـ قاراقچىلارمۇ، زالىم ـ زوراۋانلارمۇ تىنچلىق، خاتىرجەملىكنى بۇزۇپ تۇرۇپ ئۇنى تىلىشىدۇ. بۇ جاھاننىڭ ئاجايىپلىقى، ھاياتنىڭ غەلىتە يېرى، تەقدىرنىڭ سىرلىقلىقى مۇشۇ بولسا كېرەك.

بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخانمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تىنچ ھايات كەچۈرۈشىنى، ئۆزىنىڭمۇ تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرۇشىنى ئاللادىن تىلەپ، بۇ تىلىكىگە يەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ يۇسۇپ سەمەرقەنتكە بېرىپ كەلگەندىن بۇيان، مەملىكەتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىدىن خاتىرجەملىنىپ قالغانىدى. ئۇ ھەرقايسى ئېلىكخانلىق، بەگلىكلەرنىڭ شەھەر ـ بازارلىرىدا، يېزا ـ قىشلاقلىرىدا مەدرىسە، مەكتەپ بىنا قىلىش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن يارلىق چۈشۈردى. قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەنت، بۇخارا، شاش، ئۇدۇن، كىنكىت شەھەرلىرىدە مەدرىسە، مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرى باشلىنىپ كەتتى. يۇسۇپ ئۆزى

پۇل ـ مال سەرپ قىلىپ «رەيھانىيە مەدرىسەسى»نى ياسىتىشقا كىرىشتى. ئىش باشلانغان كۈنى كالا، قوي سويۇپ، ئاللانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن چىغايلارغا نەزىر بەردى. سۇلايمان ئارسلانخان ئۆزى كېلىپ ئۇل قويۇپ بەردى. ئەبۇ يۇتۇھ مەخدۇممۇ مەدرىسە تېمىغا بىرىنچى خىشنى قويۇپ بەردى. يۇسۇپ مەدرىسە دەرۋازىسى ئورنىتىلىدىغان ئالدىنقى تامنىڭ بىرىنچى قاتارىنى ئۆزى ئەتتى. بۇ ئىمارەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىر يىلدا تاماملاندى. يۇسۇپ بۇ مەدرىسەنىڭ باش مۇدەررىسلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇغرا قاراخان «رەيھانىيە مەدرىسەسى» ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچىنى ئاۋام ئالدىدا ئۇنىڭغا تاپشۇردى، يەنە ئۇنى ھاجىپلىقتىن قالدۇرۇپ، «توغرائى دىۋانى»نىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ، دۆلەت تامغىسىنىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇردى. بۇنىڭ بىلەن يۇسۇپنىڭ قىلىدىغان خىزمىتى كۆپىيىپ، ئېغىر مەسئۇلىيەت زىممىسىگە يۈكلەندى. شۇنداقتىمۇ «رەيھانىيە مەدرىسەسى» گە ھەپتىدە ئىككى قېتىم كېلىپ دەرس ئۆتۈشنى داۋاملاشتۇردى. ئاتىسى قالدۇرۇپ كەتكەن تىجارەت ئىشىنىمۇ تاشلاپ قويمىدى. ئىككى ھەپتە ياكى ئايدا بىر قېتىم بويانقار، ئادارلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، سودا ـ سېتىق ئەھۋالىنى سوراپ بىلىپ تۇردى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلىپ، سودا دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ھېسابات ئىشلىرىدا چوڭ چاتاق بارلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەن بولسىمۇ، بۇ توغرۇلۇق ئۇن چىقماي كېلىۋاتاتتى. ئالدىنقى يىلى سەمەرقەنتكە بارغاندا، ئۇ يەردىكى تىجارەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىنىڭ ئەھۋال مەلۇم قىلىشىدىن، بۇ يەرگە پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغان بويانقارنىڭ يەنە بىر تىللا سارىيىنى ئاچقانلىقىنى، شەھەر ئىچىدىن باغلىق قورۇ ئېلىپ، بىر باينىڭ قىزىغا ئۆيلىنىۋالغىنىنى ئۇققان ئىدى.

«قانداق قىلىش كېرەك؟ مەيلىگە قويۇۋېتىش كېرەكمۇ؟ شۇنداق كېتىۋەرسە بويانقار قانداق ئاقىۋەتكە قالار؟ ئايسىلىگ

ئاڭلىسا نىمىدەپ قالار ـ ھە؟ ئۇنى بۇنداق نەپسانىيەتچىلىك يولىدىن توسۇپ قىلمىش زۆرۈر» دەپ ئويلىغان يۇسۇپ، ئورنىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئېتىنى «بوستانكۆل» مەھەللىسىگە بۇرىدى.

ئاشانبۇقا ئون بەش يىل بۇرۇن مەھەللىدىن باغلىق يەر ئېلىپ قورۇ ـ جاي سالغانىدى. قۇللىرى، دېدەك ـ خىزمەتكارلىرى يىلىسېرى كۆپىيىپ، ئۆي، ھويلىلىرىمۇ كېڭىيىپ كەتكەنىدى. مەرھۇم رەيھانىدىنبەگنىڭ ياردىمى بىلەن بىر دېۋەڭ قۇلدىن مال ـ مۈلۈكلۈك بايغا ئايلانغىنىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان بۇ بوۋاي ئەمدىلىكتە قۇللارنى ئازاد قىلىپ، ھۆر دېدەك ـ خىزمەتكارلار بىلەن قالغانىدى.

يۇسۇپ ئىككى قاناتلىق چوڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مۇھاپىزەتچى نۆكەر ئادىنى قايتۇرۇۋېتىپ تۇچ ھالقىغا قول ئۇزارتتى. بىرقانچە قېتىم شاراقشىتىۋىدى، ئىشىك ئېچىلدى.

— كەلسىلە، ئەمىر، كەلسىلە، — دېدى خىزمەتكار تەزىم قىلىپ، — ئاشان بېگىمگە خەۋەر قىلاي، جانابلىرى ئۆيگە كىرىپ تۇرسىلا.

يۇسۇپ كەڭ ـ ئازادە ھويلىغا كىردى. «بىزنىڭ قورۇغا ئوخشىتىپ ياساپتۇ، ئەقىللىك، ئىشچان بوۋاي ـ دە، بۇ. ئوغلىنىڭ ئىشلىرىنى بىلسە نېمە دەر ...» ئۇ خىيال بىلەن رەتلىك تىكىلگەن دەل ـ دەرەخ، گۈللەرنىڭ ئەمدىلەتىن كۆكىرىشكە باشلىغىنىغا زەن قويۇپ ئاستا ماڭدى. بىر توپ باللار ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە «قارا ـ قارا قۇشلارىم» ئويۇنىنى ئويناۋاتاتتى. خىزمەتكار چىرايلىق ياسالغان ۋادەك ئايرىپ تۇرغان باغقا كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي كەتمەن كۆتۈرگەن ئاشانبۇقا باغدىن چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاشان بوۋا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەمىر بالام، مۇبارەك قەدەملىرى غېرىب خانىمىزغا قۇت كەلتۈرگەي، — ئاشانبۇقا كەتمەننى

خىزمەتكارغا بېرىپ كۆرۈشتى، — كەلسىلە، كەلسىلە بالام، مومىلىرى گەپلىرىنى تولا قىلىدۇ.

ئاشانبۇقا يۇسۇپنى ئايۋانغا باشلاپ تۆردە ئولتۇرغۇزدى. ئۆيدىن سوگۇغاقلاپ چىققان بۇدراچ موماي يۇسۇپنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ كۆز يېشى قىلدى.

— قېرىپ قالدىم بالام، پات ـ پات بارالمىغاچقا، كۆرگۈم كېلىپ سېغىنىپ كېتىمەن.

— ئوبدان تۇرۇپتىلا موما، ئاتام ۋاپات بولۇپ ھەممە ئىش ماڭا قالغاچقا بىكار بولالماي يوقلاپ كېلەلمىدىم.

قامىتى تولغان بىر جۇۋان چىقىپ داستىخان سالدى. يەنە بىر غۇنچە بوي چوكان مەزە ـ گېزەك قويۇپ چاي سۇندى.

— بەگيۇسۇپ گەرچە ئەمىر بولسىمۇ ئۆز بالامدەك، يۇزۇڭلارنى يېپىۋالماي ئولتۇرۇڭلار خانىلىرىم، — دېدى ئاشانبۇقا روماللىرى بىلەن چېھرىنى يوشۇرۇۋالغان جۇۋان بىلەن چوكانغا. ئۇلار تارتىنغان ھالدا يۇزلىرىنى ئېچىۋېتىپ ئولتۇرۇشتى. بۇدراچ موماي يۇسۇپنىڭ ئۇلارغا ئەجەبسىنىپ قارىغىنىنى سېزىپ دېدى:

— سىلىدىن يوشۇرمايلى، بالام، بۇ ئىككىيلەن مېنىڭ كۇنداشلىرىم. قېرىغان چېغىمدا ئاشان بوۋىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئادا قىلالمىدىم. بۇ باغقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپ ئۆز رازىلىقىم بىلەن بۇ زىۋەرخاننى ئېلىپ بەردىم، — بۇدراچ موماي يەرگە قاراپ ئولتۇرغان قوي كۆزلۈك تەمبەل جۇۋاننى كۆرسەتتى، — كېيىن، بازاردىن سېتىۋالدىم دەپ بۇ ئاينىساخاننى ئېلىپ كىرىپتىكەن، ئۇنىمۇ ئۆزىگە نىكاھلاندۇرۇپ قويدۇم. ئۆي ئىشلىرىنى بۇلار قىلىپ، مەن ئارام ئېلىپ قالدىم. ھازىر زىۋەرخاندىن يەتتە، ئاينىساخاندىن بەش باللىق بولدى، ئۆزىمۇ شۇنداق تىمەن تۇردى.

يۇسۇپ موماينىڭ سۆزلىرىدە ھېچقانداق كۆڭۈل ئاغرىقى يوقلۇقىدىن ھەيران بولدى: «مۇنداقمۇ ئائىلە بولىدىكەن ـ ھە!

ئاللا بەندىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى نېمانچە ئاجايىپ، خىلمۇخىل ئورۇنلاشتۇرغان ـ ھە ! ...»

ئاشانبۇقا ئىككى خوتۇنىغا كۆز ئىشارىتى قىلىۋىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا چىقىپ كېتىشتى. يۈسۈپ سەمەرقەنتتە ئاڭلىغانلىرىنى دەپ بېرىپ دېدى:

— ئاشان بوۋا، بۇدراچ موما، مەن بويانقارنىڭ خوتۇن ئالغىنىغا ھەرگىز نارازى ئەمەسمەن، شەرىئىتىمىزدە شارائىتى يار بەرسە تۆت خوتۇنلۇق بولۇشقا ئىجازەت قىلىنغان. ئەمما، سودا ئەھۋالىنى يالغان مەلۇم قىلىپ، مىڭ سەر ئالتۇن، بىر تۈمەن تىللا قىممىتىدىكى مال ـ مۈلۈك، جاۋاھىراتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپلا قالماي، دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان باج ـ سېلىقنىمۇ نەچچە يىلدىن بېرى كەم تاپشۇرۇپتۇ. دەسمايىسى ئاز سودىگەرلەرگە يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىپ، جازانىخورلۇق قىلىۋېتىپتۇ. ھەممىدىن يامان بولغىنى زاكات بەرمەي، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىپتۇ. يالغۇز ئوغۇل بولغان بويانقارنىڭ بۇ قىلمىشىدىن ھەربىر سىڭلارنى ۋاقىپلاندۇرۇشنى ۋىجدانىي بۇرچۇم دەپ تونۇغان بولسامۇ، بۇ يەرگە ناھايىتى خىجىلچىلىقتا كەلدىم ...

ئاشانبۇقا سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى:

— مۇنداق دېسىلە غوجام بالام، سىلىدىن باشقا ئادەمدىن ئاڭلىغان بولسام زادىلا ئىشەنمەيتتىم، — ئۇ لاغ ـ لاغ تىترەپ چىرايى بوزىرىپ كەتتى، — خوتۇن ئالغىنىنىمۇ بىزگە دېمەپتۇ دېسىلە، ئۇ ئالا كۆڭۈل. ئۇ دۆيۈز تۇزكورلۇق قىپتۇ، ئەسلىنى ئۇنتۇغان بەتبەخت! بېشىنى چۈجىنىڭ بېشىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋەتمەيدىغان بولسام ! ... كاززاپ، هارامزادە! شۇڭا بۇ ئۆيگىمۇ ئاز كېلىدىغان بولۇپ قاپتىكەن ـ دە، ئېلىپ كەلگەن تىللا، ماللىرىغا ئالدىنىپ، بالام روناق تېپىۋېتىپتۇ دەپ خۇش بولۇپ يۈرۈپتىمەن تېخى. ھۇ ئىماندىن چىققان ئەبلەخ ! ئىلگىرى بىر بالام بار ئىدى، ھازىر ئون ئىككى ئوغۇل ـ قىزىم بار،

كەچتىم ئۇنداق بالايى بەتتەردىن! ئۇنى نېمە قىلسىلا مەيلى بەگ بالام، ئۇ شۇم پېشانىنى كۆزدىن يوقاتسىلا.
— ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم! ... — دەپ پىچىرلىدى بۇدراچ موماي ۋە قىڭغىيىپ يىقىلدى، ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى، يۈسۈپ ئۇنى يۆلىدى. شىردەك ھۆركىرەپ ساقاللىرىنى يۇلۇۋاتقان ئاشانبۇقا بۇدراچ مومايىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى.
«ئاپلا، دېمەي تۇرسام بوپتىكەن، بۇلارنى ھەسرەت ـ نادامەتكە غەرق قىلىۋەتتىمغۇ. ئېيتماي، شەرىئەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغان بولسام تېخىمۇ ئازابلىنىپ تۇگىشىپ كېتەر ئىكەن ...» دەپ ئويلىغان يۈسۈپ:
— ئاشان بوۋا، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا. بۇ چىگىچ مەسىلىنى بالىدىن ۋاز كېچىش بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. سىلى بويانقارنى چاقىرىپ كېلىپ، غەزەپلەنمەي، ئاچچىقلانماي، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزلىشىپ باقسىلا. سەمىمىي بولسا، قىلمىشىنى تونۇسا ئاللا گۇناھىدىن ئۆتۈپ، ئۇنى توغرا يولغا باشلايدۇ. مەن بويانقارنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىغا ئىشىنىمەن.
چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئاشانبۇقا كۆزىنى ئاستا ئاچقان بۇدراچ مومايغا قاراپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. قەدىناسىنىڭ چېكىسىنى سىلاپ، پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈردى. موماي يۇم ـ يۇم يىغلاپ:
— ئەمدى ئايسىلىگ خان قىزىمغا نېمە دەرمەن. ئۇ شۇمنى مۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلار، دەپ كىممۇ ئويلىغان ئاتىسى، ئاھ، خۇدايىم ... — دېدى لەۋلىرىنى چىشلەپ.
— موما، يىغلىمىسىلا، بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق جىنايەتلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بىز ياخشى نىيەت، ياخشى تىلىكىمىز بىلەن بويانقارنىڭ يامان يولدىن قايتىشىغا ياردەم بېرەيلى، — دېدى يۈسۈپ.
— مەن ئۇ بەتبەختنى چاقىرتىپ، دەرقەمتە سۆزلىشىپ

باقسام بولغۇدەك، — دېدى ئاشانبۇقا بوغۇلۇپ.

— بوۋا، شۇنداق بولسۇن، سىلى سۆزلىشىپ باقسىلا، ئاندىن مەن كۆرۈشەي، — دېدى يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — لېكىن ھەرگىز ئاچچىقلانمىسىلا.

يۇسۇپ تەييار بولۇپ قالغان غىزاغىمۇ ئولتۇرماي قايتىپ كەتتى.

ئاشانبۇقا ئىككى دېدىكىنى بويانقارنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

— ئەمدى بالام قانداق تەقدىرگە دۇچ كېلەر ئاتىسى؟ ئوغۇللىرىنى قۇتقۇزۇپ قالسىلا، مېنىڭ دۇنيادا شۇ بالامدىن باشقا خۇشاللىقىم يوق، — بۇدراچ موماي يىغلاپ ئېرىگە يالۋۇردى.

يۇسۇپتىن ئاڭلىغانلىرىنى ئويلىغانسېرى ئاشانبۇقنىڭ چاچ - ساقاللىرى تىكەنلىشىپ تۇرالماي قېلىۋاتاتتى.

— ئاتىسى، بەگيۇسۇپ بالامنىڭ گېپىنى يادىلىرىدا تۇتسىلا، بالىغا قاتتىق تەگسىلە جەھلىنى قاتۇرۇپ قويىدىلا.

— بولدى، جاۋۇلدىما! ئۇرماي - تىللىماي ئارزۇلاپ چوڭ قىلغان بالاڭنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنە شۇنداق دەمسەن قېرى جادۇ؟ — ئاشانبۇقا مومايىنى قاتتىق سىلكىۋەتتى. بۇ چاغقىچە ئۇ قەدىناسىغا قاتتىق گەپ قىلىش تۇگۇل «سەن» لەپ باقمىغانىدى.

ئىشىكتىن كىرگەن بويانقار سالام قىلىپ قول بەردى.

— پاسكىنا قولۇڭنى يىغىشتۇر بەتبەخت! — دېدى ئاشانبۇقا غەزەپلىنىك، ئەمما بوش ئاۋاز بىلەن.

ئېبىل شايى تونىنى سىلىشقا تەمشەلگەن بويانقار مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

— ئاتا، نېمە بولدىلا؟ بۇنچىۋالا ئاچچىقلاپ كېتىشلىرىگە نېمە سەۋەب بولدى؟ — ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي يىغلاپ تۇرغان ئانىسىغا قارىدى، — ئابا، دېسىلە، مەن ئاتامغا نېمە يامانلىق

قىپتىمەن؟
— نىمە قىپتىمەن دەيسەنغۇ بەدرەك؟! بالام بەگيۇسۇپ ھەممە قىلمىشىڭنى بىلىپ بوپتۇ.
— ئاتا، بەگيۇسۇپ كەلگەنمىدى؟
— كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولدۇم، ئەمدى بىلگەنسەن؟ ! — ئاشانبۇقا كەينىگە داجىغان بايۋەچچە ئوغلىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى، — ئىيت بىغەرەز، سە بۇرۇن قۇلمىدىڭ، ھۆر؟
— قۇل ئىدىم.
— سىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلغان كىم؟
— مەرھۇم ئاتىمىز رەيھانىدىنبەگ جانابلىرى.
— ئوقۇتۇپ، تەربىيەلەپ، كۈيۈئوغۇل قىلىپ تىجارەتكە سالغان، يۈز تاپتۇرغان كىم؟
— مەرھۇم ئاتىمىز ...
— ساڭا ئىشىنىپ شۇنچە نۇرغۇن دەسمايە، مال ـ مۈلۈك بىلەن، جاۋاھىرات، تىللا سارايلىرىغا غوجايىن قىلغان كىم؟
— مەرھۇم ئاتىمىز ...
— بىلىدىكەنسەن ـ ھە! ئۇنتۇپ قالماپسەن دۆيۈز، — ئاشانبۇقا بارمىقىنى بىگىز قىلىپ، بويانقارنىڭ تەر تەپچىگەن پېشانىسىگە نوقۇدى، — سەن ئاشۇ غەمخان ئاتىمىزغا سادىق بولدۇڭمۇ؟
— مەن ... مەن ...
— تىلىڭنى چاينىما كاززاپ ! سىنىڭ ھەممە ھارامزادىلىكلىرىڭنى بىلىپ بولدۇم. ئەمدى ئاناڭ ئىككىمىزگە يوشۇرماي دەپ بەر، بولمىسا ئادەم تونۇمايدىغان كۆزلىرىڭنى ئويۇۋالىمەن.
— سادىق بولالمىدىم ...
— قاچاندىن بېرى خىيانەت، ئوغرىلىق قىلىشقا كىرىشتىڭ، دۆيۈز؟

— ئاتىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن.
— بەگيۇسۇپ بالامنى ياش، گومۇش كۆرۈپسەن ـ دە، قاپاق باش.
— ياق، ئۇ ناھايىتى زېرەك، چېچەن.
— بۇ دېگىنىڭ راستمۇ، كازراپ؟
— راست.
— قەسەم ئىچ!
بويانقارنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى:
— ئاللا ئۆمرۈمنى كوتا قىلسۇن.
— ئېيت، سەن خىيانەت قىلغان ئالتۇن ـ تىللا زادى قانچىلىك؟
قوللىرى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتكەن بويانقار ئويلىنىۋېلىپ دېدى.
— مىڭ سەر ئالتۇن، تۈمەن تىللادىن ئاشىدۇ.
— ئەگەر يالغان سۆزلىگەن بولساڭ، ئىچكەن قەسىمىڭ بويىچە ئاللا سېنى جازالايدۇ.
— راستىمنى دەۋاتىمەن، ئاتا.
— سەن قانچە قورۇ ـ جاي قىلدىڭ؟
— تۆت.
— ھەممىسى بالاساغۇندىمۇ؟
— ئىككىسى سەمەرقەنتتە، ئىككىسى بالاساغۇندا.
— ئۇ قورۇلاردا كىم تۇرىدۇ؟
— خوتۇنلىرىم تۇرىدۇ.
— نېمىشقا بۇنى ماڭا دېمىدىڭ؟
— ئۇيىلىپ ...
— سەن ئۇيات ـ نومۇسنى بىلەمسەن، كازراپ؟ قىلچىلىك ئۇيات ـ نومۇس سەندە بولسا بۇنداق ئىنسابسىزلىق قىلمايتتىڭ. يەنە بىر قېتىم راستىڭنى دەپ باقە، كىملەرنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەندىڭ؟

— بۇنى سورىمىسىلا، ئاتا، ئۆيلىنىش گۇناھ ئەمەسقۇ؟ — بويانقار تەرىنى تۇرۇپ جاۋاب بېرىشنى رەت قىلدى.

— شۇنداق، بۇنى بىلىدىكەنسەن. خىيانەت قىلغان ھارام پۇلنى خەجلەپ ئۆيلىنىش كەچۈرگۈسىز گۇناھ، ئالغان خوتۇنۇڭمۇ ساڭا ھارام! يەنە دەيدىغىنىڭ بارمۇ؟

چىرايى ئۆڭۈپ غەلىتە بولۇپ كەتكەن بويانقار ئۈجۈقۈپ كەتتى.

— دۆلەتكە، بۇغرا قاراخانغا ئاسىيلىق قىلغان بولساڭ قالدۇرماي ئېيت!

— ھەممىنى دېدىم، مەن گۇناھكار؟

— دېگىنىڭ راست ـ ھە؟! — ئاشانبۇقا ئوغلىنى تېپىپ يىقىتىپ دەسسەپ چەيلىۋەتمەكچى بولدى ـ يۇ، يۈسۈپنىڭ ئېيتقانلىرى ئېسىدە بولغاچقا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىپ يىغقان ھەممە مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ تىللالارنى بەگيۈسۈپ بالامغا تولۇقى بىلەن تاپشۇر، تاپشۇرمىغان باجنىمۇ تولۇق تاپشۇر! قەرز بەرگەن پۇل ۋە قەرزدارلارنىڭ تىزىملىكىنى ماڭا ئەكېلىپ بەر، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم.

— كېلىنىم ئايسىلىگ خان قىزغا ۋاپاسىزلىقلىرىڭ، خىيانەتلىرىڭنى قالدۇرماي ئېيتىپ، تىزلىنىپ كەچۈرۈم سورا! ئۇ خان قىز ساڭا زايە كېتىپتۇ، ئاجرىشىمەن دېسە دەرھال خېتىنىمۇ، ھەققى ـ مېھرىنىمۇ بەر، ئۇقتۇڭمۇ؟

دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بويانقارنىڭ ئۈنى چىقماي قالدى، سېرىق بۇرۇتلىرى يېپىپ تۇرغان قېلىن كالپۇكلىرى قىمىرلىغاندەك قىلسىمۇ، ئۈنى چىقمىدى .

— ئۇقتۇڭمۇ دەيمەن، جاۋاب بەر !

— ئۇقتۇم، — بويانقارنىڭ ئۈنى پىچىرلىغاندەك بوش چىقتى.

— ئاڭلاپ تۇر، يەنە سېنىڭ قىلىشىڭغا تېگىشلىك بىر ئىش

بار، — ئاشانبۇقا مۇشتۇمنى تەڭلىدى، — يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمنى بىجىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ باغلاپ قازىكالان ئالدىغا بار، جازا ھۆكۈم قىلسۇن. ماڭ، ئەمدى كەت بەتبەخت!

بىر چېلەك مۇز سۈيىنى بېشىدىن قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتكەن بويانقار ئېغىرلىشىپ قالغان پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمىدى.

— بالام، — دېدى يىغلامسىراپ بۇدراچ موماي، — ئاتاڭنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنتۇماي بىجىرگىن، گۇناھىنى تونۇغان بەندىسىنى ئاللا كەچۈرىدۇ. بارغىن بالام، نەپسىڭنى ئىتتىك قىلماي، قەدىمىڭنى ئىتتىك قىل!

بېشى تۈگمەن تېشىدەك پىرقىراۋاتقان بويانقار لالمىدەك سالپىيىپ تاشقىرىغا چىقتى. ئازادە، چىرايلىق كۆرۈنىدىغان كوچا ـ مەھەللىلەر مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭغا توپا ـ چاڭ باسقاندەك غۇۋا، غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنى غەپلەتتە قويغان كۆڭلىدىكى خۇشلۇق كۆتۈرۈلۈپ، ۋۇجۇدىنى غەم بېسىۋالغانىدى. رەيھانىدىن ھايات ۋاقتىدىلا كۆزى قىزىرىپ خىيانەت، ئوغرىلىق قىلىشقا تۇتۇنغان بويانقار ھەرقايسى جايلار ھەم بالاساغۇندىكى دۇكان ـ سارايلارنى باشقۇرۇش، سودا ـ سېتىقنى يۇرۇشتۇرۇش جەريانىدا تويلىغان بايلىقىنىڭ مۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

نەپسى خاھىشىغا بېرىلگەن ئادەمگە كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ھەممە رەزىللىك، پەسكەشلىكلەر چىرايلىق كۆرۈنۈپ، ماڭغانسېرى پاتقاققا بەكرەك پاتىدۇ، ئۆزىنىڭ ھالاكەت يولىغا ماڭغانلىقىنى تۇيماي قالىدۇ. كۆزلىرى ئالتۇن ـ تىللادا، ناز ـ كەرەشمىدە بولغان بويانقارمۇ خۇددى شۇنداق بولغانىدى.

ئۇ ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋېتىپ «بەگيۇسۇپ بۇ چاغقىچە گېپىمنىلا ئاڭلاپ، ماقۇللاپ كەلگەنىدى، قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ ئادار ئېيتىپ قويغانمىدۇ يا؟ ئۇنىڭغا زادى بىلدۈرمىگەنىدىم. سەرمەقەنتكە بارغاندا ئۇقۇپ قالغانمىدۇ؟ قايتىپ كەلگەندىن بۇيان

سودا ئىشلىرىنى زىغىرلاپ سورايدىغان بولۇپ قېلىشىدا گەپ بار ئىكەن ـ دە، ھەي ... بىلدۇرمەي تەكشۈرۈپتىكەن ـ دە. يۇغىرۇش باشىنىڭ قىزىغا مەخپىي ئۆيلەنگىنىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى، خوتۇنۇم سۇھەيلەنى قېيىنئاتامنىڭ دەۋىتى بىلەن سەمەرقەنتكە ئاپىرىپ قويۇپتىكەنمەن ...» دەپ ئويلاپ قامچىنى شىلتىدى. ئۇ ئۆز ئۆيىگە ئەمەس، يۇغىرۇش باشى ئىنانچۇبەگنىڭ قورۇسىغا كەلدى. كۈن پاتقانىدى. ئىشىكتە تۇرغان دەرۋازىۋەنگە مۇھىم ئىش بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگىنىنى ۋەزىرگە يەتكۈزۈشنى ئېيتتى. دەرۋازىۋەن كىرىپ كېتىپ شۇ ھامان چىقتى. ئۇنى باشلاپ ۋەزىرنىڭ مېھمان كۈتىدىغان ئازادە ئۆيىگە ئېلىپ كىردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كىمكىن دېسەم، بايۋەچچە كۈيئوغلۇم ئىكەنغۇ! — ئىنانچۇبەگ چىراغ يورۇقىدا سەپسىلىپ چۆچۈگەن ھالدا سورىدى، — نېمە بولدىڭىز؟ چىرايىڭىز ئەجەب ئۆزگىرىپ كېتىپتۇغۇ. بۆرە تېگىنگە سىزدىن ئەۋەتكەن خېتىم ئاشكارىلىنىپ قالمىغاندۇ؟

بويانقار تىزلاندى.

— ياق، ۋەزىر ئاتا. بەگيۇسۇپ مېنىڭ قۇزئوردۇدا ئىككى، سەمەرقەنتتە ئىككى قورۇ ـ جايىم بارلىقىنى، دۆلەتكە باجنى كەم تاپشۇرغىنىمنى بىلىپ قاپتۇ. بۇنى بايا ئاتامدىن ئۇقتۇم.

ئىنانچۇبەگنىڭ كۈلكە كەتمەيدىغان چېھرى تۇتۇلدى.

— يەنە نۇرغۇن مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇۋالغىنىڭىزنىمۇ بىلىۋالغاندۇ؟

— بىلىۋاپتۇ، ۋەزىر ئاتا.

ئىنانچۇبەگنىڭ قويۇق قاشلىرى تىكەنلەشتى. ئۇ مەيدىسىگە يېيىلىپ تۇرغان ئۇزۇن ساقىلىنى سىيپاپ تۇرۇپ دېدى:

— بويانقار، مەن ئۇزاق مۇددەت كۆزىتىپ، ئاقىۋەت سىزنى كۈيئوغۇللۇققا تاللىغانىدىم. بۇنىڭدىن مەقسەت، مەرھۇم رەيھانىدىنبەگنىڭ مال ـ مۈلكىنى قولۇمغا كەلتۈرۈش ئىدى.

قاقتى ـ سوقتى قىلىپ كەلگىنىڭىز ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ، ئەمدى قۇزئوردۇدا تۇرسىڭىز بولمايدۇ، دەرھال سەمەرقەنتكە ـــ قىزىمنىڭ يېنىغا كېتىڭ. بولمىسا بەگيۇسۇپ شەرئەت ھۆكمى بويىچە كاللىڭىزنى تېنىڭىزدىن جۇدا قىلدۇرۇۋەتمىسىمۇ، قولىڭىزنى كەستۈرۈۋېتىدۇ ... شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە يولغا چىقىڭ.

بويانقار ئىنانچۇبەگنىڭ قورۇسىدىن چىقىپ، ئىككى دېدەك بىلەن سەمەرقەنتكە ماڭغاندا، بالاساغۇن ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىغانىدى. ئىنانچۇبەگ بويانقارنىڭ كەينىدىن يەنە بىر خىزمەتچىسىنى يولغا سالدى. ئۇنىڭ قويۇن يانچۇقىدىكى خەتتە «قىزىم سۇھەيلە، بويانقار يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، بۇ خەت بىلەن ئەۋەتكەن قۇتىدىكى دورىنى شاراب بىلەن ئىچۈرۈۋەت، جەسىتىنى سىر دەرياسىغا تاشلاتقۇزۇۋېتىپ ئۆزۈڭ يېنىپ كەل» دەپ يېزىلغانىدى.

## 2

ـــ بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، پېقىر ھەزرەتلىرىگە مەسلىھەت بەرگۈدەك لاياقەتكە ئىگە ئەمەس مەن، ئەمما زامان شائىرى:

تولا كۆردۇم ياخشى ئاتانغان كىشى ـــ
قوشۇلغاچ يامانغا، بۇزۇلدى ئىشى.

يامان ئىش تۇپەيلى تولا ياخشى ئەر،
قىلىپ تۆھمەتكە كۆپ، يۈزىن كەتكۈزەر.①

دېگەندەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقمىسۇن ئۈچۈن ئالدىلىرىدا ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلدىم، كەچۈرگەيلا.

① «قۇتادغۇ بىلىك» 4244 ـ، 4245 ـ بېيىتلەر.

— توغرائى دىۋان باشى، ئاتىڭىزغا بەك ئوخشايدىكەنسىز. گەرچە ياش بولسىڭىزمۇ، مەن ئەڭ ئىشىنىدىغان ئوردا ئەمەلدارى سىز. مەسلىھەت بېرىشكە ئۆزىڭىزنى نېمىشقا لاياقەتسىز ھېسابلايسىز؟ سىز مىسال كەلتۈرگەن شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئېيتىدىغان مۇھىم گېپىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— بار ئىدى، — دېدى قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان يۈسۈپ، — شۇڭا ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ، باشقا ئەربابلار بىلەن بىللە چىقىپ كەتمەي ھۇزۇرلىرىدا قېلىۋىدىم.

— سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە، — سۇلايمان ئارسلانخان كېلىپ تەختىدە ئولتۇردى، — مەنمۇ قېلىپ قالغىنىڭىزدىن زۆرۈر گېپى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىۋىدىم. ياش بولسىڭىزمۇ پاراسەتتە ئۈستۈن سىز، قانداق مەسلىھەتىڭىز بولسا دەۋېرىڭ.

— ئالىيلىرى، بايا يۇغرۇش باشى ئىنانچۇبەگنىڭ ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردىلە. قاراخانىيلار ئېلىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن بۇ پەرمان ئەلنى ئەمىن تاپتۇرىدىغان چارىدۇر. ئەمما، بۇ ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى ئىنانچۇبەگ ئەمەس، كۆپ جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن سۇباشى تۆمۈربۇقا نەسرىدىن ياكى چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل باشلاپ بارسا، ئالىيلىرىنىڭ تەلىپى، ئاۋامنىڭ ئۈمىدى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشاتتى، دېگەن ئىشەنچتە مەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، — دېدى يۈسۈپ دادىللىق بىلەن، — سۇباشى تۆمۈربۇقا نەسرىدىنبەگ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، باھادىر، تەدبىرلىك سەركەردە. ئۇنىڭ قىتانلارنى مەغلۇپ قىلىشتا، ئۇدۇن شاھلىرىنى يوقىتىشتا، سامانىيلار خانلىقىنى ئەل قىلىشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرى ئەل ئىچىگە تارالغان. چاغرىبەگ ئادامتوغرۇلمۇ بۇ ۋاقىتقىچە مەغلۇپ بولمىغان ئالىپ سەركەردە. ئۇ بۆرە تېگىن بىلەن يېقىندىن تونۇشىدۇ. ئەسلىرىدە

بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل بۇرۇن، ئېلىمىزگە تەۋە خارەزىم دىيارىنىڭ پادىشاھى ئالتۇنتاش بويۇنتاۋلىق بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلغاندا، بۆرە تېگىننىڭ تەلىپى بويىچە چاغرىبەگ ئادامتوغرۇلنى ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن سەمەرقەنتكە ئەۋەتكەن ئىدىلە.

— ئارى، ئېسىمدە. چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل زەپەر قۇچۇپ، بۆرە تېگىننىڭ سوۋغا - سالاملىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنىدى.

— مانا شۇنداق قابىل سۇباشىلار تۇرغاندا، ئۆمرىدە جەڭگە قاتناشمىغان سىلىق - سىپايە بەگنى ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن ئەۋەتمەكچى بولغانلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي قالدىم. خاتا سۆزلەپ قويغان بولسام كەچۈرگەيلا، ئالىيلىرى.

— توغرائى دىۋان باشى، خاتا سۆزلىمىدىڭىز. تۆمۈربۇقا نەسرىدىن، چاغرىبەگ ئادامتوغرۇللار جاسارەتلىك، زەپەر قازانغۇچى سانغۇن، بۇ ماڭا مەلۇم. ئۇلارنى ئەمەس، ئىنانچۇبەگنى ئەۋەتمەكچى بولغىنىمدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ پاراسەتلىك، چارە - تەدبىرلىك ئەرباب. سانغۇنلار لەشكەر بىلەن شەھەر ئالسا، ئۇ قىلىچ چاپماي، قان تۆكمەي شەھەر ئالالايدۇ، دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرالايدۇ. ئۆزىمۇ ماڭا «بۆرە تېگىننى ئەمرىلىرىگە بويسۇندۇرىدىغان قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەردى. بەگسىۇسۇپ، خاۋاتىرلەنمەڭ، — سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۇرۇپ قويدى. گەپ قىلماي چىقىپ كەتمەكچى بولدى - يۇ، قاراخانىيلار ئېلىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىيىتىگە كەلگىنى ئۈچۈن، قەتئىيلىك بىلەن يەكتىز بولۇپ دېدى:

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، تىلى يۇمشاق كىشىنىڭ دىلى قاتتىق كېلىدۇ، تىلىنى ھەر تامانغا يورغىتالايدۇ، ئاسىي، مۇناپىقلار ئەنە شۇنداق تىلى يۇمشاق، سىلىق - سىپايە ئادەملەردىن چىقىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئاسراش، باشقىلارغا زىيان

يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىلىنى ئىشقا سالىدۇ، پىتنە ـ پاسات تېرىيدۇ، ئالدامچىلىق قىلىپ، خاقانىنىمۇ، ئاۋامنىمۇ ئورىغا ئىتتىرىدۇ. سۆزۈمنى باشلىغانىكەنمەن، ئاخىرىنىمۇ دەۋېتەي، خاقانىم. تىلى يۇمشاق، يۈرۈش ـ تۇرۇشى سىلىق ئىناننچۇبەگ بىر بالا تېرىمىسا ئىدى، دەپ ئەندىشە قىلىمەن. نېمىشقىكىن ئۇنىڭ تەبەسسۇمىغا بىر شۇملۇق يوشۇرۇنغاندەك قىلىدۇ، ئالىيلىرى. نادامەتلىك پۇشايمانغا قالماسلىق ئۈچۈن، ئىنانچۇبەگنىڭ ئورنىغا باھادىر سانغۇنلاردىن بىرىنى باش قىلىپ، ئاندىن لەشكەرنى يولغا سالغايلا. بۇ پېقىر غۇلاملىرىنىڭ سەمىمىي مەسلىھەتى.

سۇلايمان ئارسلانخان بىر قولى بىلەن چېكىسىنى تىرەپ ئۇزاق ئويلاندى، بېشىنى كۆتۈرۈپ يەكتىز بولۇپ جاۋاب كۈتۈۋاتقان يۇسۇپكە تىكىلدى:

— توغرائى دىۋان باشى، مەسلىھەتىڭىز قىممەتلىك بولسىمۇ، گۇماندىن خالىي ئەمەس. سانغۇنلارنى ئەۋەتىشتىن كۆرە، دانىشمەن ۋەزىرىمنى ئاتلاندۇرۇشۇم بىھۇدە قان تۆكۈشنى خالىمىغانلىقىمدىن بولغان. پەرمان چۈشۈرۈپ بولدۇم، ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇپ بولماس، بۇ يۈرۈشنىڭ غەلىبىلىك بولۇشىدىن ئۈمىدۋارمەن. سىز توغرائى دىۋان باشى بولۇپلا قالماي، بۇگۈندىن باشلاپ ماڭا ئىلىمگا①، دەبىرى بولۇپمۇ خىزمەت قىلىسىز. ئەمدى چىقىپ ئارام ئېلىڭ.

— خوپ، ئالىيلىرى، — يۇسۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇنىڭدىن بۆلەك ئىلتىماسىڭىز بارمۇ؟ ئېيتىڭ، راستچىللارنى ھۆرمەت قىلىمەن.

— ئەمرلىرىنى ئادا قىلىشتىن باشقا پىكرىم يوق، ئاقىۋەت خەيرلىك بولغاي، — يۇسۇپ ئەپسۇسلانغان ھالدا مېڭىشقا تەمشەلدى.

① ئىلىمگا — خاقانلارنىڭ يارلىق، مەكتۇپلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا يازىدىغان كاتىپ.

— توختاڭ، باياتىن سوراش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. سىز دەرياسىدىن سۇزۇۋېلىنغان جەسەت توغرۇلۇق سىزمۇ ئاڭلىغانسىز. بۇ توغرۇلۇق قۇزئوردۇدا گەپ ئاۋۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، يۇغرۇش باشىدىن ئاڭلاپ مەنمۇ ھەيرەتتە قالدىم. ئۇ «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ، دېگەن گەپ بار، بۇنى توغرائى دىۋان باشىدىن ئۇقۇشۇپ كۆرگەيلا» دەپ مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. سىز قانداق خەۋەرلەرنى ئاڭلىدىڭىز؟ بىلگۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سۇلايمان ئارسلانخان.

يۇسۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ دېدى:

— ئاڭلىدىم، ئالىيلىرى، ئۇ مەرھۇم ئاتامنىڭ كۇيۇئوغلى بويانقار. مەرھۇم ئاتام بۇ كۇيۇئوغلىنى تىجارەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغانىدى، پات ـ پات سەمەرقەنتكە بېرىپ تۇراتتى. ئۆتكەن قېتىم ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن سەمەرقەنتكە بارغىنىمدا، بويانقارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويماي ئۆز نامىدا يەنە بىر تىللا سارىيى ئاچقانلىقىنى، ئىككى باغلىق قورۇ سېتىۋالغىنىنى بىلگەنىدىم. قۇزئوردۇغا كەلگىنىمدىن كېيىن، ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي تەكشۇرۇش ئېلىپ باردىم. نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ جاۋاھىراتقا خىيانەت قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. دەسلەپ بۇنى ئاتىسى ئاشانبۇقىغا ئېيتتىم. ئۇ ئوغلىنى چاقىرتىپ، ھەممە قىلمىشلىرىنى يۈزىگە سېلىپ، ئۆز قولىنى ئۆزى باغلاپ، ئالدىمغا ئېرىشقا بۇيرۇپتۇ. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ بويانقار ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغانىكەن. مەنمۇ جەسىتىنىڭ سىر دەرياسىدىن سۇزۇۋېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئېچىندىم. بويانقار بىلەن كىچىكىمدىن بىر قورۇدا ئۆسكەنلىكىم ئۈچۈنمۇ، ئاتامنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىپ، ئىناۋەت قازىنىپ، تىجارەتتە نۇرغۇن پايدا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ بۇ سىرلىق ئۆلۈمى مېنى ھەسرەتتە قويدى. ئىنساننىڭ ئازمايدىغىنى يوق، ئالىيلىرى، ئۇنى شەخسىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك ھاياتىدىن ئايرىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر ماقۇل كۆرسىلە،

سەمەرقەنتكە بېرىپ، بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىنى بىر ئېنىقلاپ كۆرسەم. ئەسلىدە بۇ ئىلتىماسىمنى ئالىيلىرىغا خەت ئارقىلىق يەتكۈزمەكچىدىم.

— سىز ئوردىدىن ئايرىلسىڭىز بولمايدۇ، بەگيۈسۈپ، ھەرقايسى جايلاردىن، مەملىكەتلەردىن كېلىدىغان مەلۇماتنامىلەر، خەت ـ چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، يارلىق، پەرمانلارنى يېزىش مەسئۇلىيىتى سۇرۇشتۇرۇلىدىغان ئىنچىكە خىزمەت. سىز بارماڭ، ئىنانچۇبەگكە تاپىلاي، ئۇ بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ كەلسۇن. سىز قۇزئوردۇدىكى بويانقارنىڭ يېقىن بۇرادەر ـ تونۇشلىرىدىن سوراپ ئېنىقلاڭ، بەگيۈسۈپ.

— خوپ ئالىيلىرى، ئىجازەت بەرسىلە.

يۈسۈپ ئوردىدىن چىققاندا كۈن قىيام بولغانىدى. تومۇزنىڭ قايناق ئىسسىقى بالاساغۇننى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى.

ئىنانچۇبەگ ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن سەمەرقەنتكە يۈرۈپ كەتتى.

تىنچ ئۆتىۋاتقان قاراخانىيلار ئېلىنىڭ ئارامىنى بۇ يىل قىشتا ئىنانچۇبەگ بويانقاردىن بۆرە تېگىنگە ئەۋەتكەن بىر پارچە خەتنىڭ بۇزۇۋەتكەنلىكىنى بىر خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ خەتتە سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بەش تۈمەن سىپاھ بىلەن يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى، بۆرە تېگىننى تۇتقان كىشىگە بىر تۈمەن تىللا، بېشىنى كېسىپ كەلگەنلەرگە مىڭ تىللا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغانلىقى، ئۇنىڭ دەرھال بۇغرا قاراخانغا بەيئەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن سەمەرقەنتكە بېرىپ بۆرە تېگىننىڭ خىزمىتىدە بولىدىغانلىقى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە كۈچلۈك ئىبارىلەر بىلەن يېزىلغانىدى. بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان بۆرە تېگىن بويانقارغا ئات مىندۈرۈپ، تون كىيدۈرۈپ، يۈز تىللا ئىنئام قىلدى ۋە دەرھال ئۆزىنىڭ بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخاننى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى

ئىپادىلەپ ئۆزىنى «تامغاچ بۇغراخان» دەپ جاكارلىدى. بۇ ھىجرىيە 433 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 11 ـ كۈنى① بولۇپ، بالاساغۇننى ئاپپاق قار باسقان قىش مەزگىلى ئىدى. بويانقار تامغاچ بۇغراخان بولغان بۆرە تېگىنىنىڭ تەختكە ئولتۇرغان كۈندىكى تەنتەنىلىك مۇراسىمغا قاتناشقاندىن كېيىن، باش ئەتىيازدا بالاساغۇنغا قايتىپ كەلدى ۋە ئاتىسىدىن قىلمىشىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىشتىن ئىنانچۇبەگنىڭ مەسلىھەتى بىلەن سەمەرقەنتكە قېچىپ كېتىشنى ئەۋزەل كۆردى. ئەمما، ئۇ قېيىنئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئامراق خوتۇنىنىڭ قولىدا ئۆلىدىغانلىقىنى ۋە جەسىتىنىڭ سىر دەرياسىغا تاشلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

## 3

بۇ ئىشلار يۇسۇپكە قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ دەسلەپ ئادار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ بويانقارنىڭ قىلمىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ۋەزىر ئىنانچۇبەگنىڭ تىللا سارىيىغا بىرنەچچە قېتىم كەلگىنىنى، بويانقارنىڭ ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالغىنىنى ئېيتىپ بەردى. بىرقانچە تىجارەتچىلەرمۇ ئىنانچۇبەگ بىلەن بويانقارنىڭ قويۇق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلاشتى. يۇسۇپ بۇ مۇھىم يىپ ئۇچىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىزدەپ سوراپ، بويانقارنىڭ بالاساغۇندىكى ئىككىنچى قورۇسىنى تاپتى، قورۇ ئىشىكىگە يوغان قارا قۇلۇپ سېلىقلىق ئىدى. قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن سۈرۈشتە قىلىپ، بۇ قورۇدا بويانقارنىڭ خوتۇنى بىلەن تۇرغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ بۇ خوتۇنى كىم؟ ئويلا ـ ئويلا بويانقارنىڭ تۇنجى خوتۇنى بولغان ئاچىسى ئايسىلىگەدىن سوراپ كۆرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. لېكىن، نەچچە قېتىم

① مىلادىيە 1042 ـ يىلى 1 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ.

ئايسىلىگنىڭ قېشىغا بارماقچى بولۇپ تەمشىلىپ، ئاچىسىنى ئاياپ بارمىدى. ئايسىلىگمۇ كېلىپ ئانىسى ياكى ئىنىسىغا بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. يۇسۇپ بۈگۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاچىسىنىڭ قورۇسىغا كەلدى. مۇھاپىزەتچى نۆكەر ئادىنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئاتنى يېتىلەپ ئىشىكتىن كىردى. ئىككى ئۆسمۈر قىلىچۋازلىق قىلىۋاتاتتى، يۇسۇپنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى، ئاتنىڭ تىزگىنىنى قوللىرىغا ئېلىشىپ:

— بەگ ئاكا، كەلسىلە، — دەپ سالام بېرىشتى.

— ئوھۇي، چوپچوڭلا بولۇپ كېتىپسىلەرغۇ، ئاباڭلار ئۆيدىمۇ؟ — دېدى يۇسۇپ ئۇلارنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ.

— ئابام ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتىدۇ، — باللارنىڭ چوڭراقى جاۋاب بېرىپ، ئىككى قولىنى كاناي قىلىپ، ئابا ! دەپ توۋلىدى.

ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىققان ئايسىلىگ:

— يۇسۇپ، ئۇكام، — دەپ ھاياجانلانغىنىدىن گەپ قىلالماي قالدى. ئۇست ـ ئۇستىگە كەلگەن دەرد ئۇنىڭ زىل، ياڭراق ئاۋازىنىمۇ بوغۇۋەتكەنىدى. يۇسۇپ:

— ساق تۇرۇۋاتاملا، ئاچا، يېقىندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ ئەھۋال سوراپ كېلەلمىدىم، — دېيىشىگە ئايسىلىگ يىغلاپ كەتتى.

ئاتنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويۇپ چىققان باللار ئانىسىنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈشۈپ سوراشتى:

— ئابا، نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا يىغلايسەن؟

— ھېچنېمە بولمىدىم، باللىرىم، ئۇكامنى سېغىنىپ كېتىپتىكەنمەن، يىغلاپ قالدىم. سىلەر تاماق پىشقۇچە باغقا كىرىپ مەشىق قىلىپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئايسىلىگ ياشلىرىنى ئېرتىپ.

«باللار تېخى ئۇقمايدىكەن ـ دە، ئاچام بىلىپ بوپتۇ ...» دەپ ئويلىغان يۇسۇپ ئۇنىڭدىن سۆز كۈتۈپ جىم تۇردى.

— ئۇكام، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى.

ئايسىلىڭ يۇسۇپنى خانىسىغا ئېلىپ كىرىپ داستىخان سالدى، خىزمەتكار تەخسىدە ئۇگرە چۆپ ئېلىپ كىردى.

— ئۇكام، كېلىشلىرىنى بىلەتتىم، كۈتكەنىدىم. بويانقارنىڭ ئۆلۈمى مېنى قاتتىق ئازابلاۋاتىدۇ، تېخى بالىلىرىمغا ئېيتمىدىم، — ئايسىلىڭ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنى جۇرئەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان سەممىمىي ئادەم، دەپ ياخشى كۆرگەنىدىم، ئۇنداق بولماي چىقتى. ئۇ پۇل تېپىشقا، قىز - چوكانلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە جۇرئەتلىك ئىكەن، ئۇكام، ھەتتا دېدەكلىرىمگىمۇ كۆز بەرمىدى. ئەسىر چۈشۈپ سېتىلغان پەرەڭ قىزلىرىدىن ئىككىنى ئېلىپ چۆرە خوتۇن قىلىپ بېرەي، دەپ ئويلىۋىدىم، ئاڭغىچە ئۆيلىنىۋالدى.

— كىمنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگىنىنى بىلدىلىمۇ، ئاچا؟

— بىلدىم، ئالتە ئايدىن كېيىن بىلدىم. ئىككى كۈن ئۆيگە كەلسە، ئۈچ كۈن يوقىلىپ كېتىدىغان بولدى، ئاخىرى بىر قورۇغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇردۇم.

— كىمنىڭ قورۇسى ئىكەن؟

— مەھەللىمىزدىكى ئۆيمۇئۆي كىرىپ پال سالىدىغان داخان ئايال گۇلبانۇغا ئون تىللا بېرىپ، ئۇ قورۇدا كىم تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتىم.

— بىلىپ كەپتىمۇ، ئاچا؟

— بىلىپ كەپتۇ، ئۇكام، ئۇ قورۇدا بويانقارنىڭ خوتۇنى سۈھەيلەبىكە تۇرىدىكەن.

— كىمنىڭ قىزى ئىكەن؟

— يۇغۇرۇش باشى ئىنانچۇبەگنىڭ قىزى ئىكەن، ئۇنى بىرنەچچە ئايدىن كېيىن سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېتىپتىكەن.

— ئەمدى بىلدىم، بويانقارنى باشقا بىرسى ئەمەس، ئىنانچۇبەگ ئۆزى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.

— نېمىشقا كۈيئوغلىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ؟ — ئايسىلىڭنىڭ ئەگىم قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، چىرايلىق

چېھرىدە ھەيران قېلىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.
— گەپ مانا شۇنىڭدا، ئاچا، بەلكىم قىلمىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر، بۇنى بۇغرا قاراخانغا يەتكۈزۈشۈم كېرەك. مەن كېلىپ تۇرىمەن ئاچا، تولا ھەسرەت چېكىپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويمىسىلا، سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا، تەقدىرنىڭ بۇ قىسمىتى ھېكمەتسىز ئەمەس، — دېدى يۈسۈپ خوشلىشىپ.
ئۇ ئوردىغا كەلگەندە،، سۇلايمان ئارسلانخان ھەرەمدىن چىقمىغانىدى. ئۇ توغرائى دىۋانخانىغا كىرىپ، جايلاردىن كەلگەن مەلۇماتنامىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كىرىشتى. بىر سائەت چامىسىدا مەلۇماتنامىلەرنى كۆرۈپ، ئەۋەتىلگەن باج - سېلىق، تارتۇقلارنى تىزىملىدى. پەقەت ماۋەرائۇننەھر ۋە خارازىم دىيارىدىن مەلۇماتنامىلەر كەلمىگەنىدى. يۈسۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ دىۋانخانىغا چىقتى، بۇغرا قاراخاننىڭ سارايىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئىشىكئاغىسى قۇلۇنبەگ يېنىغا كەلدى.
— خاقاننىڭ قېشىدا ئادەم يوقتۇ؟ پېقىرنى ھۇزۇرى ئالىيلىرىغا كىرىشكە ئىجازەت سوراۋاتىدۇ، دەپ قويسىڭىز، جانابلىرى.
— ئوبدان، توغرائى دىۋان باشى، — ئىشىكئاغىسى كىرىپ كېتىپ ھايال بولماي چىقتى.
— مەرھەمەت.
يۈسۈپ كۈمۈشتىن قىلىنغان بوسۇغىدىن ئاتلاپ، قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان سارايغا كىرگەندە، تەختتە يانتۇ ئولتۇرغان سۇلايمان ئارسلانخان سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالىيلىرى ! قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئالغىنىمنى كەچۈرگەيلا. مەن بويانقارنىڭ سىرلىق ئۆلۈمى يۇغرۇش باشى ئىناچۇبەگ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەلدىم.

— نېمە دېدىڭىز بەگيۇسۇپ؟

يۇسۇپ سۆزىنى تەكرارلىدى.

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئىگىچەمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، بويانقار ئىنانچۇبەگنىڭ سۇھەيلە ئىسىملىك قىزىنى ئەمرىگە ئالغانىكەن.

— بويانقارنى ئىنانچۇبەگنىڭ كۈيئوغلى دېمەكچىمۇسىز؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى. بويانقار سۇھەيلەگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئۇستىلەپ خوتۇن ئالغىنىنى بىزگىلا ئەمەس، ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ بىلدۇرمىگەن. سەمەرقەنتتىن قورۇ ـ جاي سېتىۋېلىپ، خوتۇنىنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كەتكەن.

— مۇنداق دەڭ، بەگيۇسۇپ، ئەجەب ئىش ـ ھە! شەرىئەت ھۆكمى بويىچە شارائىتى يار بەرگەن ئادەمنىڭ ئاشكارا تۆت خوتۇنىنى نىكاھلاپ ئېلىشىغا بولىدىغۇ. يوشۇرۇن توي قىلىپ، ئۇنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېتىشىدە بىرەر سەۋەبنىڭ بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدىڭىز، توغرائى دىۋان باشى. بۇ ئۆلۈم بىلەن ئىنانچۇبەگنىڭ مۇناسىۋىتى بارمۇ ـ يوق؟ دەرھال ئېنىقلاش زۆرۈر، — دېدى سۇلايمان ئارسلانخان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بۇنى يۇغرۇش باشىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ئېنىقلاپ كۆرسەك بولارمىكىن؟ — ئېھتىيات بىلەن سورىدى يۇسۇپ.

سۇلايمان ئارسلانخان مۇرىسىنى بىرسى باسقاندەك ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنى بىرسى ئەمەس، غەم باسقانىدى. ئۇ قولى بىلەن يۇسۇپنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، ئۆزى كۆرسىدىن جاي ئالغاندىن كېيىن، يەنە ئورنىدىن تۇردى:

— ئەمدى قاراپ تۇرالمايمەن. يۇغرۇش باشىنىڭ قورۇسىغا دەرھال ياساۋۇل ئەۋەتكۈزۈڭ، ئىنانچۇبەگنىڭ خوتۇنلىرى، بالىچاقىلىرىنى ئالدىمغا ھازىر قىلسۇن!

— خوپ ئالىيلىرى، — يۇسۇپ ئىتتىك تۇرۇپ سارايدىن چىقتى. ئۇردا ئەمىرىگە ئېيتىپ، ئىنانچۇبەگنىڭ ئۆيىگە

ياساۋۇللارنى ئەۋەتكۈزدى. ئۇلار ئۇزاق ھايال بولماي قايتىپ كېلىشتى.

— يۈغرۈش باشنىڭ قورۇسى ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنغان ئىكەن. ھەقەمسايىلىرىدىن سورىساق، «ئىككى ھەپتىدىن بېرى قۇلۇپلاقلىق، بىر كىمنىڭ كىرىپ - چىققىنىنى كۆرمىدۇق» دېيىشتى، قۇرۇق قول قايتىپ كەلدۇق.

يۇسۇپ ياساۋۇل باشلىقنىڭ سۆزىنى سۇلايمان ئارسلانخانغا يەتكۈزدى.

— يۈغرۈش باشى بالىچاقىلىرىنى مەقسەتلىك ئېلىپ كېتىپتۇ، ئالىيلىرى.

سۇلايمان ئارسلانخان چۆچۈپ تەختتىن چۈشتى:

— ئىنانچۇبەگنى ئاسىيلىق يولىغا ماڭغان دېمەكچىمۇسىز، بەگيۇسۇپ؟

— ئالىيلىرى، ئەگەر ئۇنىڭدا ئاشۇنداق قارا نىيەت بولمىسا، بالىچاقىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتمەس ئىدى.

— مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن، توغرائى دىۋان باشى، — سۇلايمان ئارسلانخان قول باغلاپ تۇرغان يۇسۇپنىڭ يېنىغا كەلدى، — ئىنانچۇبەگ ئۇيغۇر نەسلىدىن، قاراخانىيلار جەمەتىگە سادىق، بۇنداق تۇزكورلۇقنى قىلمايدۇ. ئالدى - كەينىنى ئويلاپ ئىش كۆرىدىغان بۇ دانا يۈغرۈش باشنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى قانداقمۇ ئەقىلگە سىغسۇن؟ ياق، ياق، مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن!

— بەندە ئاللاغىلا ئىشىنىشى كېرەك، ئارتۇقچە ئىشىنىپ كېتىش بەزى ھاللاردا كىشىنى غەپلەتتە قالدۇرىدۇ، ئالىيلىرى. بىز سەمەرقەنتكە چاپارمەن ئەۋەتەيلى، ئۇقۇپ كەلسۇن.

— سەن ئاسىيلىق قىلدىڭمۇ؟ دەپ سوراش ئۈچۈن چاپارمەن ئەۋەتەمدۇق؟ — دېدى بېشى قاتقان سۇلايمان ئارسلانخان. لېكىن، ئۇ يۇسۇپنىڭ سۆزىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز ئىدى.

— ئالىيلىرى، ئۇنداق بولسا كۈتەيلى، چوقۇم پات ئارىدا خەۋەر كېلىدۇ.

زىھنى چىچىلغان، گۇمانى كۈچەيگەن سۇلايمان ئارسلانخان گەپ قىلماي، سارايدىن چىقىپ كەتتى.

«ئەھۋال روشەن بولدى، ئىنانچۇبەگ بۇغرا قاراخاندىن يۈز ئۆرۈپتۇ ...» دەپ ئويلاپ ئوردىدىن چىققان يۇسۇپ تەقەززالىق ئىلكىدە تۆت كۆزى بىلەن خەۋەر كۈتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئىنانچۇبەگنىڭ ئاسىيلىق قىلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى، ئەمما يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئاسىيلىقتىن بىشارەت بەرگەنىدى. ئاقىۋەت بۆرە تېگىندىن كەلگەن مەكتۇپ ۋە «سوۋغا» ئىنانچۇبەگنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئاشكارىلىدى. يۇسۇپ مەكتۇپ بىلەن «سوۋغا» يۆگەلگەن بوپىنى كۆتۈرۈپ، ئون بەش كۈندىن بېرى سارايغا چىقماي، ھەرەمدىكى ئارامگاھىدا ئىچى تىت - تىت بولۇپ، ئاغرىپ يېتىپ قالغان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ يېنىغا كىردى.

— بۆرە تېگىندىن مەكتۇپ ۋە «سوۋغا» كەلدى، ئالىيلىرى.

— مەكتۇپ كەلدىمۇ؟ — غەم بېسىپ ياتقان بۇغرا قاراخان ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ رۇسلىنىپ ئولتۇردى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ياداپ قالغانىدى.

— ئوقۇڭ، توغرائى دىۋان باشى.

يۇسۇپ يىپكەندازغا يۆگۈلۈپ مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى:

«ئايىغچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. سۇلايمان ئارسلانخان ئاغا، ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن. مەلۇم بولسۇنكى، مېنى كۆزدىن يوقىتىش قارارىڭىزنى يۇغرۇش باشىڭىز ئىنانچۇبەگ مەكتۇپ ئارقىلىق ماڭا بىلدۇرگەندىن كېيىن، بۇغرا قاراخان بولغان سىزگە بەيئەت قىلمايدىغانلىقىمنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدۇم، ئىنانچۇبەگمۇ ئۈچ تۈمەن سىپاھ بىلەن كېلىپ ماڭا ئەل بولدى. پېقىر ئىنىڭىز بىلەن تۇغقانلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاي دېسىڭىز، شەرقىي ئۆلكىلەرگە بۇغرا قاراخان بولۇپ تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ناۋادا، تەقدىرگە تەن بەرمەي لەشكەر تارتىپ باستۇرۇپ كەلسە-

كىز، قىلىچ بىلەن قارشى ئالىمەن، بېشىڭىز تېنىڭىزدىن جۇدا قىلىنىدۇ. يەنە شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، مەن ئاسىي ـ مۇناپىقلار ـ نىڭ پادىشاھقا، ئەلگە ھەرقاچان ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. سىزگە ئاسىيلىق قىلغان ئىنانچۇبەگ ماڭا ۋاپا قىلارمۇ؟ ئۆز كۇ ـ يۇئوغلىنى ئۆلتۈرگەن مۇناپىق ماڭا قىر كۆرسەتمەي قالارمۇ؟ ئۇ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۇچۇن خارەزىمنىڭ شاھلىقىنى سورىغا ـ نىدى، ساڭا ئەمەلنى بۇغرا قاراخان ئاغام بەرسۇن دەپ ئالدىڭىزغا ئەۋەتتىم. ئېرىگە زەھەر بەرگەن قىزى بولسا سىر دەرياسىغا ما ـ كانلاشتى. گەپ تامام، ۋەسسالام.

ھىجرىيە 433 ـ يىلى ماھى رەجەپنىڭ 17 ـ كۈنى①
غەربىي قاراخانىيلار ئېلىنىڭ تامغاچ بۇغراخانى:
ئىبراھىم ئارسلانخان بۆرە تېگىن.»

سۇلايمان ئارسلانخان چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى، لەۋلىرى قىمىرلىسىمۇ ئۈنى چىقمىدى، غەمكىن چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلدى. «ۋادەرىخ، ۋادەرىخ! قوينىغا پىچاق يوشۇرغان مەلئۇننى تونۇيالماي قاپتىمەن، ئىسىت ـ ئىسىت ... ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرى مېنى غەپلەتتە قويۇپتۇ، دەرىخا ...»

ئۇ ئورنىدىن شۇنداق تېز قوپتىكى، گەۋدىسىنى تۇتالماي يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى، يۇسۇپ يۆلىۋالدى.

— سۇباشىلارغا يارلىقىمنى يەتكۈزۈڭ، ئۈچ كۈن ئىچىدە بەش تۈمەن لەشكەرنى سەپراس قىلسۇن، ئاتلىنىمەن! ئىنىم مۇھەممەد ئارسلانخانغا مېنىڭ نامىمدىن ئۈچ تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا يارلىق ئەۋەتىڭ، ئۇنىڭ بىلەن سىر دەرياسى بويىدا ئۇچرىشىمەن، — دېدى سۇلايمان ئارسلانخان غەزەپ بىلەن.

يۇسۇپ تىزلاندى:

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، غەزەپلىرىنى بېسىپ

---

① مىلادىيە 1042 ـ يىلى 7 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ.

ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا. بۆرە تېگىنىنىڭ مەكتۇپىنى ئاڭلىدىلا. ئۇ ھازىر تولۇق تەييارلىق بىلەن سىلىنىڭ باستۇرۇپ كېلىشلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. لەشكەر تارتىپ بارسىلىرى زەربىگە ئۇچرايدىلا، سىر دەرياسى قانغا بويىلىدۇ، ئەمما مەسىلە ھەل بولمايدۇ. مۇبادا مەغلۇپ بولساق تاجۇتەخت قولدىن كېتىدۇ، ئەل قانغا غەرق بولىدۇ، ئوبدان ئويلىنىپ باقسىلا، خاقانىم.

— سىزنىڭچە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ — سۇلايمان ئارسلانخان ئۆسۈپ قالغان ساقىلىنى سىقىملىدى - دە، تەكچىدە يالتىراپ تۇرغان تاجنى قاراپ قويدى.

— سەگەك بولۇپ، بۆرە تېگىنىنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىغا قاراش كېرەك، ئالىيلىرى. ئۇ قولىغا قىلىچ ئالسا، بىزمۇ ئېلىشىمىز، ئۇ جىم تۇرسا بىزمۇ جىم تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قىلغان پۇشايمان باشقا چوماق بولىدۇ. پۇشايمان قىلىش ئورنىغا سەۋر قىلىشىمىز، پەيت كۈتۈشىمىز لازىم.

نادامەتلىك پۇشايمان يۈرىكىنى زەرداب قىلىۋەتكەن سۇلايمان ئارسلانخان يۈسۈپكە قاراپ كېتىپ، ئۇنىڭ يەلكىسىدىن قاماللاپ قۇچاقلىدى.

— ئاسىي - مۇناپىقنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىپ كەچۈرگۈسىز خاتا قىلدىم، سىزگىمۇ ئازار بەردىم، ئىنىم.

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، دۇنيادا يېڭىلىشمەيدىغان ئادەم يوق. ئەتىدىن باشلاپ قاراخان سارىيىغا چىققايلا، — ئورنىدىن تۇرغان يۈسۈپ بوپىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولدى.

سۇلايمان ئارسلانخان ئۇنى توختىتىپ بوپىنى كۆرسەتتى:

— ئېچىڭ، بەگيۈسۈپ، كۆرۈپ باقاي.

— كۆرمىسىلە بولاتتى، خاقانىم، خەيرىيەت ... — يۈسۈپ بوپىنى ئاچتى.

ئىنانچۇبەگنىڭ بەتبۇي كېلىپ تۇرغان بېشىنى كۆرگەن بۇغرا قاراخان سەسكىنىپ كەتتى. ئۇ مەلئۇننىڭ چىرايى قارىداپ، چاچ - ساقاللىرىدا قان ئۇيۇپ قالغانىدى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

# ئابىنچۇ خاتۇننىڭ قەستى

## 1

كېچىچە ياغقان يامغۇر تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا توختىدى. بالاساغۇن ئاسمىنىدا ھەسەن - ھۈسەن پارلىدى. سۇلايمان ئارسلانخان بامدات نامىزىنى ئۆتەپلا بۇغرا قاراخان سارىيىغا چىقىپ تەختتە ئولتۇردى. پەردىلىرى قايرىپ قويۇلغان دېرىزىدىن رەڭگارەڭ چاقناپ تۇرغان ھەسەن - ھۈسەنگە سەپسالدى. «ئوردۇكەنتكە كېتىشىم كېرەك، شۇنداق قىلسام بۆرە تېگىنمۇ، مەنمۇ ئەمىن تاپىمەن، ئەلمۇ تەسكىن تاپىدۇ، جەڭنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ ...» شۇ ئوي بىلەن نەزىرىنى ئۆز مەرتىۋىلىرى بويىچە كۇرسىلاردا ئولتۇرۇشقان دۆلەت ئەربابلىرىغا يۆتكىدى:

— جانابلار، ئىبراھىم تامغاچ بۇغراخاننىڭ سەمەرقەنتنى ئاستانە قىلىپ، قاراخانىيلار ئېلىدىن ئايرىلىپ چىققىنىغا بىر نەچچە ئاي بولدى. ئېلىمىزدە چوڭ ئۇرۇش باشلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ بارمىدىم، ئاۋام تىنچ - ئامان ياشاۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىز كۆرۈنۈشتە ئىككىگە ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تاغ - دەريالىرى، يەر - زېمىنلىرى تۇتاش، يىلتىزىمىز بىر، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئۇلۇغ ئېلىمىزنى يەنە بىرلىككە كەلتۈرىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن چىدام بىلەن كۈتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، سەۋر - تاقەتلىك بولۇشۇڭلارنى، پۈتۈن كۈچ، ئەقىل - پاراسىتىڭلار بىلەن جەڭگە ئەمەس، ئېلىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە

ئاتلىنىشقىلارغا ئىشەنچ بىلدۈرۈپ، بۇ تايانغۇلار كېڭىشىنى چاقىرىشنى زۆرۈر تاپتىم. بۇ كېڭەشتە ئوردۇكەنتنى ئاستانە قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ قارار چىقىرىمىز. قېنى، پىكىر بايان قىلىڭلار.

— ئوردۇكەنتنى ئاستانە قىلىش دېگەن سۆز، بۆرە تېگىنىدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىش دېگەن سۆز.

— ئۇنداق ئەمەس، سانغۇن جانابلىرى. ئوردۇكەنتنى ئاستانە قىلىپ يۆتكىلىش، كۈچ - قۇدرىتىمىزنى ئاشۇرۇش، شارائىتنى پىشۇرۇپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

— ئىشىكئاغىسىنىڭ بۇ پىكرى ئورۇنلۇق.

— سانغۇننىڭ دېگىنىمۇ خاتا ئەمەس.

— پېقىر يۇغرۇش بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇغرا قاراخاننىڭ ئوردۇكەنتنى ئاستانە قىلىپ يۆتكىلىش قارارىغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن.

— بۇغرا قاراخان ئوردۇكەنتكە كەتسە، قۇزئوردۇنى دۈشمەنگە تاشلاپ بەرگەنلىك بولمامدۇ؟

— ئالىيلىرى، جانابلار، ئىلگىرى خانلىقنىڭ يۈرىكى بولغان قۇزئوردۇ شەرقىي قاراخانىيلار ئېلىگە نىسبەتەن چەتتىرەك بولۇپ قالدى، ئوردۇكەنت بولسا تازا ئوتتۇرىدا. بۇنى نەزەردە تۇتقاندا، ئاستانىنى يۆتكەش پايدىلىق، بۇ ئاقىلانە قارار.

يۈسۈپنىڭ بۇ پىكرى ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالغان يۇغرۇش، سانغۇنلارنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. بۇ كېڭەشكە تالاستىن كەلگەن مۇھەممەد ئارسلانخان ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئاتىسىغا قاراپ ئۇن چىقماي ئولتۇرغان ھۈسەيىن ئارسلانخاننىڭ ئوردۇكەنتنى ئاستانە قىلىشقا قوشۇلغۇسى بار ئىدى. بۇنى پەرغانىدىن كەلگەن مەھمۇد ئارسلانخان بىلەن قەشقەردىن كەلگەن ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان قىزغىن قوللىدى. ئاخىرىدا ھەممەيلەن ئوردۇكەنتنى ئاستانە قىلىپ، شۇ يەرگە يۆتكىلىشكە قوشۇلدى.

— جانابلار، ھەممىڭلارنىڭ پىكرىدە ياخشى تىلەك بار،

كۆكلۈكلارنى چۈشەندىم، ئەمدى يارلىقىمغا قۇلاق سېلىڭلار. زۇلقەئىدەنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى، ئىسمى ئېلان قىلىنغان ئارسلانخان، ئېلىكخانلار، سۇباشى، سانغۇنلار، يابغۇ، چاغرىبەگ، تارخانبەگلەر يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلغايسىلەر!

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بۇ يارلىقى — غەربىي قاراخانىيلار ئېلىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىناتتى. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇغرا قاراخاننىڭ يارلىقىنى بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. يۈسۈپ تىزىملىككە قاراپ بىر يۈز ئون بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى. ياشىنىپ قالغان، سالامەتلىكى ناچار، ئىقتىدارسىز ئوردا ئەربابلىرى بالاساغۇندا قالدۇرۇلدى. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان بالاساغۇندا ئېلىكخان بولۇپ قالدى.

يۈسۈپ ئانىسى، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇلارغا قوشۇلۇپ يەنە چوڭ ئاچىسى ئايتولۇن ئېرى ئۇدمىش بىلەن، ئايسىلىق بالىلىرى بىلەن كېلىشكەندى. ئۇلار دەسلەپ بەگتاش جالالىدىن ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئوردا ئالدىدىكى قەدىمكى جايغا چۈشكەندى، كېيىن يۈسۈپ بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىن مىڭ تىللاغا بىر قورۇ سېتىۋالدى. بەگتاش جالالىدىن قەدىمكى جايدا ئولتۇرۇۋەردى. يېڭى سېتىۋالغان قورۇنىڭ ئىچكىرى ھويلىسىغا يابىرا، ئايسىلىق دېدەكلىرى بىلەن، تاشقىرىدىكى ھويلىسىغا يۈسۈپ خوتۇن ـ بالىلىرى، خىزمەتچىلىرى بىلەن ئورۇنلاشتى. پەتىگە كەلگەن تۇغقانلارنىڭ بىر ھەپتىگىچە ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بەگتاش جالالىدىننىڭ قىزى دىلدارىبىكەمۇ كېلىپ مېھمانلارنى ئۇزىتىشقا ياردەملەشتى، ئۇ ئاقىبىرا بىلەن ئوبدانلا ھال ـ مۇڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ئاقىبىرانى كۆرگەندىلا «راست، تەڭدىشى يوق ساھىبجامال، خۇش پېئىل، مۇلايىم ئىكەن، يۈسۈپ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى شۇڭا قوبۇل قىلماپتىكەن، جۈرئىتىم بولغان بىلەن ئۇنىڭچىلىك نازاكىتىم يوق ...» دەپ ئويلىدى.

دىلدارىكە يۈسۈپلەر قەشقەرگە كېلىپ قەدىمكى جايدا تۇرغاندىمۇ، يېڭى قورۇغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، تونۇشلۇق بەرمەسلىك ئۈچۈن يۈزىنى يېپىپ تۇرغان قارا چۈمبەلنى ئېلىۋەتمىدى، ئاياللار بىلەن خالىي قالغاندا ئېلىۋېتەتتى، يۈسۈپ كىرسە يۈزىگە تارتىۋېلىپ چىرايىنى كۆرسەتمەيتتى. ئاقبىرا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى.

دىلدارىكە يابىرانىڭ يۈرەك كېسىلى ئېغىر ئىكەنلىكىنى تېۋىپلىق سېزىمى بىلەن ھېس قىلىپ، تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىۋىدى، سوقۇشى ئېگىز - پەس، ئاجىز ئىكەنلىكى ئايان بولۇپ، جىددىي داۋالىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى بىلىندى. ئۆزى ئۆيىگە بېرىپ دورا ئېلىپ كېلىپ يابىراغا ئىچۈردى. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن، يابىرانىڭ يۈرىكىنىڭ سېلىشى تەڭپۇڭلىشىپ، روھى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن يۈسۈپ ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇ پات - پاتلا، قەشقەرگە بىرىنچى قېتىم كەلگىنى، ئاياغ ئاستىغا تاشلانغان ياغلىق، دىلدارىكەنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىقىنى ئەسلەپ «تۇرمۇشلۇق بولغانمىدۇ؟ ئىرادىلىك، پەزىلەتلىك قىز ئىدى ...» دەپ ئويلاپ قالاتتى.

دىلدارىكە تۇرمۇشلۇق بولمىغانىدى. ئۇ يۈسۈپنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالمىغاندىن كېيىن، ئۆمۈرۋايەت ئەرگە تەگمەي، تېۋىپ بولۇشقا بەل باغلىغانىدى. ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپتىن تېبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىپ، ھەزرىتى ئىبنى سىنانىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، قەشقەردىكى بىردىنبىر ئايال تېۋىپ بولۇپ قالغانىدى. دورىنى ئۆزى ياساپ، ھەر كۈنى ئونلىغان كېسەللەرنى داۋالايتتى. ئۇنىڭ «ئەمچى دىلدارىكە» دېگەن نامى ئەل ئىچىگە تارالغانىدى. يۈسۈپنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈسى كېلەتتى. دىلدارىكە ئۆزىنى كۆرسەتمىگەچكە، گەپلىشىش ئىمكانىيىتى بولمايۋاتاتتى. يۈسۈپنىڭ سەككىز ياشقا كىرىپ قالغان قىزى بۇۋىئايىشە

دىلدارىبكەگە ئامراق بولۇپ قالغانىدى.

— ئاچا، مەنمۇ سىزدەك ئەمچى بولۇپ كېسەل داۋالىسام دەيمەن، شاگىرتلىققا قوبۇل قىلامسىز؟ — دەپ ھەممەيلەننى زوقلاندۇراتتى. ئۇ ناھايىتى ئەركە، شوخ چوڭ بولۇۋاتاتتى، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىۋالغاچ، شىكار خەقىشىنى تولا قىلاتتى...

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندا، يۇسۇپنى يۇغرۇش باشى قىلىۋالماقچىدى. ئەمما، بۇ چاغقىچە ئېقىۋاتقان قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ نىزامى بويىچە، قىرىق ياشقا توشمىغان ھەرقانداق ئىقتىدارلىق دانىشمەن كىشى يۇغرۇش باشى بولالمايتتى. شۇ تۈپەيلى ئۇ تۇغرائى دىۋان باشى، ئىلىمگا، دەبىرى بولۇپ قېلىۋەردى. ئەمما، ئۇ يۇغرۇش باشىدىنمۇ كۆپرەك خاقاننىڭ خىزمىتىدە بولاتتى.

قىش ئۆتۈپ كۆكلەم كېلىش بىلەن تەڭ، سۇلايمان ئارسلانخان يۇسۇپنى غەزنەۋىلەر ئېلىگە ئەۋەتتى. يۇسۇپنىڭ بۇ ئىككىنچى قېتىم بېرىشى ئىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرگىلى كەلگەن زۆھرەبىكەگە ھەمراھ بولۇپ يولغا چىققانىدى.

سۇلتان مەسئۇدخان ھايات چېغىدا، ئۇنىڭ ئوغلى شاھزادە مەۋدۇدغا ياتلىق قىلىنغان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بۇ قىزى غەزنەۋىلەر بىلەن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ دوستلۇق رىشتىنى باغلاپ تۇرغۇچى ئىدى. زۆھرەبىكەنىڭ يېڭى تويى بولغاندا، جەڭ قىلغۇچى ئۈچ يۈز پىلى، ئون بەش تۈمەن ئاتلىق لەشكىرى بولغان غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى تازا كۈچەيگەنىدى. تەخت ۋارىسى بولغان ئاكىسى شاھزادە مۇھەممەدنى كور قىلىپ ئۆلتۈرۈپ ئۆزى تەختنى ئىگىلىۋالغان مەسئۇد ئاتىسى سۇلتان مەھمۇدخاندەك ئۇزاق دەۋران سۈرەلمىدى. ئوغلى شاھزادە مەۋدۇدنى ئۆيلەپ بىرنەچچە يىل ئۆتمەي، ھىندىستاندا ئىگىلىگەن يەرلىرىنى تالاڭ قۇياشىدەك يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سەلجۇقىيلار سۇلتانى توغرۇلبەگ بېسىۋالدى، ئارقىدىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەلۋەك

خۇراسان دىيارىنىمۇ ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويدى. شىددەتلىك جەڭدە كۆزىگە نەيزە سانجىلدى، «ئاكا، مېنى كەچۈرگىن ... مېنى كەچۈرگىن ...» دەپ ئىككى تەرەپكە تاشلىنىپ، قوللىرى بىلەن يۈز - كۆزىنى تىتىپ جان ئۈزدى. بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان شاھزادە مەۋدۇ قورقۇمسىز، قەيسەر ئاتىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق پۇشايمان بىلەن داغى ھەسرەتتە ئۆلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى كېيىن ۋەزىرلەردىن ئۇقۇپ قاتتىق ئۆكۈندى. «ئاتامنى قىساس تۇتۇپتۇ، مەن ئۇنىڭدەك نىيىتىمنى بۇزمايمەن، قېرىنداشلىرىم بىلەن ياخشى ئۆتىمەن، شەرقىي قاراخانىيلار بىلەن بىرلىشىپ قولدىن كەتكەن ۋەتەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋالىمەن» دەپ ئەھدە قىلدى، خوتۇننى قايتا پايتەخت بولغان ئوردۇكەنتكە ئۇزاتتى.

مەلىكە زۆھرەدىن ئەھۋالنى ئۇققان ئاتا كۈيۈئوغلىغا شاھانە تون، ئالتۇن تاج ۋە نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى يۇسۇپتىن ئەۋەتتى. قايتىشىدا سەمەرقەنتكە چۈشۈپ، تامغاچ بۇغراخان بۆرە تېگىن بىلەن سۆھبەتلىشىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭغا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەۋەررۇك شاھانە تونىنى، مىڭ تاي تەتىللا كىمخاب، تاۋار - دۇردۇن بىلەن قوشۇپ سوۋغا قىلىپ يوللىدى ...

يۇسۇپ ئۈجمە پىششىقىدا قايتىپ كەلدى.

— كۈيۈئوغلۇمنىڭ روھىي كەيپىياتى قانداقراق ئىكەن؟ — سورىدى ئۇنىڭ كېلىشىگە تەقەززا بولغان سۇلايمان ئارسلانخان يازلىق سارايىنىڭ كۆل بويىدىكى سۇپىسىدا بىر ئۆزى كۈتۈۋېلىپ، — ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ.

— بىز بارغاندىن كېيىن روھى كۆتۈرۈلدى، ئالىيلىرى، — دېدى يۇسۇپ مامۇق كۆرپىگە يېپىلغان بۆرە تېرىسىدە ئولتۇرۇپ، — خۇراسان قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالغانىكەن. ئالىيلىرىنىڭ بىز ھەرقاچان غەزنەۋىلەر تەرەپتە تۇرىمىز، دېگەن سۆزلىرىنى ۋە سوۋغا -

سالامـلارنـى يەتكـۈزگـىنـمـدىن كېيـىن روھلـىنـىپ قـالـدى.
كۈيئوغۇللۇق سۈپىتىم بىلەنلا ئەمەس، غەزنەۋىلەرنىڭ سۇلتانـى
بولۇشۇم سـالاھـىيـىتـىمـدىـنمۇ ھـەرقـاچـان بۇغـرا قـاراخـان
ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە تەييارمەن، دەپ ھەزرەتلىرىگە ئالتـۇن
ساپلىق قىلىچنى ساداقەتنىڭ نىشانىسى قىلىپ ئەۋەتتى، — ئۇ
قـىلىچـنى غـىلاپـى بىلـەن ئـىككـى قـوللاپ ئۇزارتـتـى. قىلـىچ
ھەقىقەتەن ياخشى سوقۇلغانىدى، سېپىگە نەقىش چېكىلگەنـىدى.
مىستىن نـەپىس ياسـالغان چىـرايلىق غـىلاپمۇ ئـادەمنى ھەيـران
قالدۇراتتى. سۇلايمان ئارسلانخان مەنسىتمىگەن تەرزدە قىلىچنـى
قويۇپ قويدى، خاپىلىق قاپلىغان چىرايى سۈرۈنلەشتى.
— مەن كۈيئوغلۇمنـىڭ ياردەم تەلـەپ قىلـىپ ئەۋەتكەن بـۇ
سوۋغىسىدىن خۇش بولمىدىم، بـەگيۇسۇپ، ئـۇ نىمـىشقا كۆچـى
يەتمىگەن سەلجۇقىيلار بىلەن قېرىشىدۇ؟
— بۇنىڭدا تارىخىي سەۋەب بار، ئالىيلىرى.
— سەۋەب، قانداق سەۋەب بار؟
— ئالىيلىرى، تارىخىي سەۋەب بار دېيىشىمدە، سەلجۇقىيـلار
بىلـەن غەزنەۋىلـەر ئوتتۇرىـسىدىـكى قانلـىق ئاداۋەتنـى كـۆزدە
تۇتۇۋاتـىمەن، — دېدى يۈسـۈپ سۆز باشـلاپ، — مـەلۇماتـلارغـا
قارىغانـدا، ئوغۇزلارنىـڭ يابغۇسـى بولغان دەقـاقخانـنىـڭ ئوغـلى
سەلجۇقبەگ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، سىـر دەرياسـىنىـڭ ئاياغ
ئېقىنىدىكى جەندە شەھىرىگە كېلىپ مۇسۇلمان بـولغان ھەم ئـۇ
يەردە ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرغان، بىر يۈز ئون بـەش يىل ئۆمـۈر
كۆرۈپ ۋاپـات بولغان. ئـۇنىڭ ئـىسرائـىلـبەگ، مـىكـائىلـبـەگ،
ئىنانچبەگ، يۈسۈپ ئىنـالبەگ ئاتـلىق تۆت ئـوغلى بولـغانىكـەن.
تۇنجى ئوغلى ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ ئاتىسى ئورنـىغا باش بـوغ
بوپتۇ. بـۇ چاغدا كۆچـىيىپ خـۇراسان، ئافغـانىستـاننى پـۈتـۈن
ئـىگىلـەپ، ھىنـدىـستاننـىڭ شىمـالىنى، ئـىراننـىڭ شەرقـىنـى
بېسىۋالغان سۇلتان مەھـمۇد غەزنەۋى سـەلجۇقىـيلار خانلىـقىغـا
كۆز تـىكىپـتۇ. ئۇ ئـىسرائىل ئـارسلان يابغـۇغا «جانـابـلىرىـنى

غەزنەيىنىگە تەكلىپ قىلىمەن، كېلىپ سەيلە ـ ساياھەتتە بولۇپ كەتكەيسىز. مەنمۇ جەندە شەھىرىگە بارىمەن، بىز ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ ئۆتەيلى» دەپ مەكتۇپ يوللاپتۇ. ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ بۇنىڭ بىر قىلتاق ئىكەنلىكىنى بىلمەي غەزنەيىن شەھىرىگە كەلگەندە، ئۇنى باسماقداپ تۇتۇپ، ھىندىستاننىڭ كالانچىر دېگەن قورغىنىغا ئېلىپ بېرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. ھىجرىيە 416 ـ يىلى① ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ زىنداندا ۋاپات بوپتۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ سەلجۇقىيلار ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، غەزنەۋىلەرگە پۇرسەت تاپسىلا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. غەزنەۋىلەر بولسا، سەلجۇقىيلار خانلىقىنى يوقىتىش كويىدا بولۇپ كەلگەن. ئاداۋەت بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ. سەلجۇقىيلارغا چاغرىبەگ بىلەن توغرۇلبەگ باش بوغ بولغاندا، ئۇلار كۈچىيىپ قۇدرەت تېپىپ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىدىن ئالالمىغان ئۆچىنى ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىدىن ئالغان. ھىجرىيە 429 ـ يىلى② چاغرىبەگ لەشكەر تارتىپ كېلىپ خۇراساننىڭ ئەڭ مەشھۇر شەھىرى مەرۋە شاھجاھاننى بېسىۋالغان، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەلخ شەھىرىنىمۇ ئىگىلىگەن. توغرۇلبەگ نىشاپۇر شەھىرىنى تەسەررۇپىغا ئالغان. ھىجرىيە 431 ـ يىلى③ سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى بەش تۇمەن ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇن ۋە ئۈچ يۈز پىلدىن تەركىب تاپقان زور كۈچ بىلەن دەندالقان دالاسىغا يېتىپ كەلگەن. توغرۇلبەگمۇ بىر تۇمەن ئاتلىق ۋە پىيادە سىپاھ بىلەن كېلىپ جەڭ قىلىشقا ھازىرلانغان. جەڭ ئەتىسى سەھەردە باشلىنىپتۇ. سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى شۇنچە كۆپ لەشكىرى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ، ئاران قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. توغرۇلبەگ غەلىبە قىلىپ ئۆزىنى خۇراساننىڭ پادىشاھى دەپ ئېلان قىپتۇ. جەڭدە تېنى ھەم دىلى يارىلانغان سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى

① مىلادىيە 1025 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
② مىلادىيە 1307 ـ، 1038 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
③ مىلادىيە 1040 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

مېڭىسىگە قان چۈشۈپ دۇنيادىن ئۆتكەنىكەن. خاقانىم، كۆيۈئوغۇللىرى شاھزادە مەۋدۇ ئەنە شۇنداق ئۇرۇشلاردا ئەلگە سۇلتان بولۇپ تۇرماقتا. لېكىن، ئۇ ھېچكىمدىن ياردەم تەلەپ قىلمايدىكەن.

— ئۇ شۇنداق دېدىمۇ؟ — ئەجەبلەندى بۇغرا قاراخان.

— قېيىنئاتامغا ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىمنى ئېيتمالىڭ دېدى، — يۇسۇپ ئەينەن سۆزىنى يەتكۈزدى.

— راست گېپىنى قىلماپتۇ، بەگيۇسۇپ، سۇلتان مەۋدۇنى بۇ قېيىن ئەھۋالدىن پەرۋەردىگار ئالەملا قۇتۇلدۇرالايدۇ. خۇدا بۇيرۇسا، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە مەنمۇ ياردەم قولۇمنى سۇنىمەن، — سۇلايمان ئارسلانخان كۆيۈئوغلىغا ئىچ ئاغرىتقان تەرزدە ئېغىر تىنىدى.

— سۇلتان مەۋدۇ غەزنەۋىنى قىيىن ئەھۋالدىن ياردەملا قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ، ئالىيلىرى. ۋەتىنىگە بولغان پىداكارانە روھ، ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىدامچانلىق، سالماقلىق، ھېچكىمدىن قورقمايدىغان قەيسەر ئىرادە بىلەن دۈشمەنگە قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقالىغاندىلا، تەڭرىم غەلىبىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ.

يۇسۇپنىڭ بۇ گېپى سۇلايمان ئارسلانخانغا ماقۇل كەلدى.

— سىز كۆيۈئوغلۇمغا بۇ قارىشىڭىزنى ئېيتتىڭىزمۇ؟

— ئېيتتىم، ئالىيلىرى.

— كۆيۈئوغلۇم نېمە دېدى؟

— ئۇ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «سىز يېنىمدا بولسىڭىز، يېڭىلمەس لەشكىرىم باردەك غەيرەتلىنىپ كېتىدىكەنمەن، سىز ماڭا ئۈمىد بەخش ئەتتىڭىز» دېدى.

— بۇ ئۇنىڭ چىن سۆزىمىدۇ؟

— مەن ئەمدى قارامىلىق قىلمايمەن، ئالدىن جەڭ ئېلان قىلمايمەن. ئەگەر سەلجۇقىيلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگۈدەك بولسا، ئاللا ئاتا قىلغان بارلىق كۈچۈم بىلەن تاقابىل تۇرىمەن، مەغلۇپ

بولسام پېشانەمدىن كۆرىمەن. بوۋام ئۆتكۈزگەن خاتالىق بىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، بۇ ساۋاقنى قېيىنئاتامغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، دېدى. بۇ سۇلتان مەۋدۇدنىڭ راست سۆزىدەك قىلىدۇ.

— قىزىم بىر نېمە دېمىدىمۇ؟

— دېدى، ئالىيلىرى. ئۇزاپ ماڭىدىغان چېغىمدا، ئاتامغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇرۇش قىلغىنىمىزدىن مادارا قىلغىنىمىز، سەلجۇقىيلار خانلىقى بىلەن يارىشقىنىمىز ئەلگە پايدىلىق. بۇ توغرۇلۇق ئىبرىمگە مەكتۇپ يازسۇن، دېدى.

— قىزىم زۆھرە توغرا ئويلاپتۇ، بەگيۇسۇپ، ئۆزىدىن كۈچلۈك دۇشمەنگە چېقىلىش — ھالاكەتكە يۈزلىنىش دېگەنلىك. سىز مېنىڭ نامىمدىن كويۇئوغلۇمغا مادارا قىلىش، سەلجۇقىيلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىش توغرۇلۇق مەكتۇپ يېزىڭ، ئۇلارمۇ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزغۇ.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى.

— ئەمدى بۆرە تېگىن توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ. ئۇ قېرىنداشىم نېمە كويدا بولۇۋېتىپتۇ؟

— بۆرە تېگىن تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى مېنى ئىلگىرىكىدەك ياخشى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئورنىنى مۇستەھكەملەش، قۇدرەت تېپىپ نام قازىنىش كويىدا بولۇۋېتىپتۇ.

— خوش، ئۇ نېمىلەرنى دېدى؟

— ئۇنىڭ دېگەنلىرى كۆپ، بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، مەزمۇننى دەپ بېرەي، — يۇسۇپنىڭ قارا كۆزلىرى جىمىرلاپ تۇرغان كۆلگە ئىككىلىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۆرە تېگىننىڭ بۆرە تېرىسى سېلىنغان تەخت ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان قىياپىتى كېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن ئۇنىڭغا ئىناچۇبەگنى جازالىغانلىقىڭىزدىن ھەم ئەجەبلەندىم، ھەم خۇرسەن بولدۇم دېسەم، «ئاسىي - مۇناپىقلارنى جازالىمىغان شاھلار خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئاسان ئاغدۇرۇلۇپ

كېتىدۇ. مەن ئىناچۇبەگنىڭ ئاغزىدىن كوۋۇئوغلىنى قىزىنىڭ زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگىنىنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ ئىنتايىن رەھىمسىز، قارا كۆڭۈل، نامەرد ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۆزىنى ماڭا سادىق كۆرستىمەن دەپ ئېيتقان گەپلىرى، بۇغرا قاراخان ئاغامنى قارىلاپ يازغان مەكتۇپلىرى مېنى شۇنچە نەپرەتلەندۇردى. ئۇ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن مەندىن خارەزىم دىيارىنىڭ شاھلىقىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ بېشىنى كەستىم، قىزىنى سىر دەرياسىغا تاشلاتقۇزدۇم. ئۇ باشلاپ كەلگەن ئۈچ تۈمەن سىپاھنى قورالسىزلاندۇرۇپ، يۇرتىغا قايتىدىغانلارنى ئاز ـ تولا نەرسە بېرىپ قايتۇردۇم، قالىدىغانلارغا ماكانلىشىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردىم، ياخشى قىپتىمەنمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن «ناھايىتى ئوبدان قىپتىلا، تامغاچ بۇغراخان، ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا؟» دېۋىدىم، «دۆلىتىمنى قۇدرەت تاپتۇرۇپ سەلجۇقىيلار بىلەن مۇناسىۋىتىمنى ياخشىلىماقچىمەن» دېدى. «غەزنەۋىلەرگە يەنە ھۇجۇم قىلامدىلا؟» دەپ سورىۋىدىم، «ياق، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش نامەردنىڭ ئىشى» دېدى. «سەلجۇقىيلار غەزنەۋىلەرگە ھۇجۇم قىلارمۇ؟» دەپ سورىسام، «مېنىڭچە، ئەمدى ھۇجۇم قىلسا، مەن غەزنەۋىلەرگە ياردەم قىلىمەن» دەپ مېنى ئەجەبلەندۈرۈپ قويدى. مەن «قاراخانىيلارمۇ، غەزنەۋىلەرمۇ، سەلجۇقىيلارمۇ بىر ئاتىنىڭ باللىرى ــ ئوغۇزخان قوۋمىلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ پۇشتى، تامغاچ بۇغراخان ئالىيلىرى، بىز ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇشىمىز كېرەككى، بىر ـ بىرىمىزگە تىغ كۆتۈرمەسلىكىمىز لازىم. تىغ كۆتۈرسەك، ئاقىۋەتتە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ھالاك قىلىمىز، ھالىمىز خارابلىشىپ كېتىدۇ» دېۋىدىم، بۆرە تېگىنىنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى تىكەنلىشىپ، كۆزلىرىدىن كۆكۈچ نۇر چاقنىدى. ماڭا تازا قادىلىپ قاراپ، تەختىنىڭ يان يۆلەنچۈكىگە پاققىدە بىرنى ئۇردى، چاچراپ قوپۇپ تەختتىن چۈشكىنىچە ئالدىمغا

كەلدى. ئۇنىڭ ئەلىپازىدىن چۆچۈپ كەتتىم. بۇ ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم ئادەم زاتىدىن قورقۇشۇم ئىدى. «سىز تېخى مېنى چۈشەنمەيسىز تۇغرىلى دىۋان باشى، مەقسىتىم، قان كېچىپ جەڭ قىلىش ئەمەس، ئەلنى ئىناق، ئىتتىپاق، باياشات ياشاشقا يېتەكلەش، پۈتۈن قاراخانىيلار ئېلىنى قۇدرەتلىك ئەلگە ئايلاندۇرۇش. بۇ ئاللا خالىسا مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ. باشقا ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇغرا قاراخان ئاغام ئەۋەتكەن مەرھۇم بوۋامنىڭ تەۋەررۈك تونىنى ھەر يىلقى نورۇز بايرىمىدا، ئىككى ھېيتتا كىيىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىمەن» دەپ كەينىگە ياندى. يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى، خاقانىم. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدىن پەيت كۈتۈۋاتقانلىقىنى، بۇغرا قاراخان بولۇش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنىڭغا ئىشەنسىلە بولىدۇكى، تامغاچ بۇغراخان ئالدىراپ ئوردۇكەنتكە لەشكەر تارتىپ كەلمەيدۇ. ماڭىدىغان چېغىدا، ئۆمۈرۋايەت ئۇنداق نىيەتتە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويدى.

— ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، بەگيۈسۈپ، ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن. ئەتە تايانغۇلار كېڭشى چاقىرىپ ئەلگە ئەمىنلىك جاكارلايمەن.

— ئاللا ياخشى نىيەتلىرىگە يەتكۈزسۇن، — دېدى ئۆيگە قايتىشقا ئالدىراپ تۇرغان يۈسۈپ. ئۇ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ تەكلىپىنى يىرالماي، كەچلىك تاماقتا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ئوردىدا قالدى.

يۈسۈپنىڭ كەلگىنىنى خەۋەرچىدىن ئۇققان ئاقبىرانىڭ باغ ئىچىدىكى راۋاقتا داستىخان سېلىپ، قېيىنئانىسى، قىزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغىنىغا بىر ئاش پىشىم بولغانىدى. ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرى ئىشىكتە ئىدى. بۇۋىئايىشە چىدىيالماي ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئاتىسىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

## 2

بوران ـ چاپقۇنلۇق جۇت كۇنلەردىن كېيىن، پەسىلنىڭ ئىللىق چاغلىرى باشلانغىنىدەك، ئىككى قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ ئەنسىز، غەم ـ ئەندىشىلىك ئايلىرى ئۆتۈپ، يەنە تىنچ ـ پاراۋان يىللىرى باشلاندى. شەرقىي قاراخانىيلار ئېلىمۇ ئۆز يولى بىلەن، غەربىي قاراخانىيلار ئېلىمۇ ئۆز يولى بىلەن ھايات مۇساپىسىدە ئىلگىرىلەۋاتاتتى. بۇ يىللاردا، يېزا ـ قىشلاق، شەھەر ـ بازارلارغا نۇرغۇن يېڭى مەدرىسە، مەكتەپلەر سېلىندى، يوللار ياسالدى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆللەر چېپىلدى. يېڭى شەھەر، بازارلارمۇ مەيدانغا كەلدى.

بەگتاش جالالىدىن يۇسۇپنىڭ دەۋتى بىلەن چاڭئەن، كەيفېڭلارغا يىپەك، گىلەم، كېپەك ئالتۇن، قۇرۇق يەل ـ يېمىش ئېلىپ بېرىپ، تەتىللا، كىمخاب، تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىق ماللارنى ئىككى قېتىم ئەكەلدى. ئاندىن يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۈچ، كۇچا قاتارلىق يۇرتلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتتى، نەچچە ھەسسە پايدا ئېلىپ يەنە چاڭئەنگە يۈرۈپ كەتتى. بالاساغۇندا قالغان ئادار، يارۇقلار باغدات، رۇم قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەرگە ئەتلەس، شايى، پىچاق، قىلىچ، خەنجەر، ساپ ئالتۇن ـ كۇمۇشلەرنى ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، ئۇ يەردىن خىلمۇخىل رەخت، سائەت، زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كەلدى. تالاس، بارسغان، ئىسپىجاپ، سەمەرقەنت، بۇخارا، مەرۋى شاھ جاھان قاتارلىق شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ ساتتى، ئۇلار پايدىسى نەچچە قاتلانغان بۇ تىجارەتنى بارغانسېرى كېڭەيتتى.

ئوردا ئىشلىرى بىلەن ھەمىشە ئالدىراش بولغان يۇسۇپ ھەرقايسى جايلاردىكى تىجارەت ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇراتتى. كىرىم ـ چىقىمنى ھېسابلىتىپ زاكاتنى ئايرىپ، ئۇنى يۈزلىگەن يېتىم ـ يېسىر، مۇساپىر ـ مېيىپلەرگە، موھتاجلىقتا

غىرىبىسىنىپ قالغانلارغا بىرەتتى. يەنە مىڭ سەر ئالتۇن قىممىتىدە پۇل چىقىم قىلىپ، دۆلەتباغ يېزىسىغا بىر ئۆستەڭ چاپتۇردى. سىيىت ئەلى ئارسلانخان ۋە ئۇنىڭ ئانىسى نۇرئەلانۇر خېنىم مەقبەرىلىرىنى گۈمبەز، پەشتاقلىق قىلىپ ياساتتى، ئەتراپىتىن بەش يۈز چارەك يەر سېتىۋېلىپ بۇ مازارغا ۋەخپە قىلىپ بەردى. بۇغرا قاراخانلارنىڭ خاس بارگاھى بولغان خانئۆي يېنىدا ئانارلىق باغ بىنا قىلدۇردى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا بىر ھامام سالدۇردى. يۈز چارەكتىن ئارتۇقراق كېلىدىغان يەرگە ئەنجۈرلۈك باغ ئەھيا قىلدۇردى. بۇ ئارىلىقتا خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بالاساغۇنغا ئىككى قېتىم باردى. ھەر قېتىمدا قەدىمكى جايغا چۈشتى، بۇ قورۇدا ئاچىسى ئايتىمىش بىلەن يارۇق تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئاۋۇپ كەتكەندى، ئىككى بالىسى «بۇغراخان مەدرىسەسى» نى پۈتكۈزۈپ، ئاتىسى بىلەن تىجارەت قىلىشقا كىرىشكەندى. قالغان ئالتە بالىسىنىڭ ئۈچى «رەيھانىيە» مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتاتتى. يارۇقتەك بالىلىرى كۆپىيىپ قالغان ئادار بالاساغۇندىكى تىللا سارىيىنى باشقۇراتتى. بۇ ئىككى باجا پۈتۈن تىجارەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. قىزتۇرمىش پات ـ پات ئايتىمىشنىڭكىگە كېلەتتى، ئارچۇنمۇ ئۆزى چوڭ بولغان بۇ باغلىق قورۇغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. ئېرى ئەربۇقا پەتھىدىن ئاتىسىدەك سەركەردە بولماي «رەيھانىيە مەدرىسەسى» دە مۇدەررىس بولغانىدى، يۇسۇپ بىلەن ئۇزۇلدۇرمەي خەت يېزىشىپ تۇراتتى، ئىككى بالىلىق بولغانىدى.

يۇسۇپ يۈز ياشتىن ھالقىغان ئاشان بوۋايىنى يوقلاپ تۇردى. بۇدراچ موماي ئىككى كۈندىشى بىلەن ئالدىغا چىقىپ خۇشال كۈتۈۋالاتتى. ئاشانبۇقا مەرھۇم رەيھانىسىنىبەگنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلاتتى، ئۇ يەنىلا مۇڭگۈزدەك تۇرغانىدى، پەرزەنتلىرى ئون ئىككىگە يەتكەنىدى.

يۇسۇپ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ھاۋاخان ئاغىچا كۈيئوغلى، قىزى، نەۋرىلىرىنى كۆرۈپ

خۇش بولغىنىدىن ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئەبۇ پۇتۇھ ئابدۇغوپۇر مەخدۇم:

— خەۋەر بەرمەيلا ئۇشتۇمتۇت كەلگەنلىرىدىن يىغلىشىمنىمۇ، كۈلۈشۈمنىمۇ بىلمەي قالدىم، بالام. نەۋرەم بۇۋىئايىشە شۇنچە چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ. ئوغۇل نەۋرەممۇ بار ئىكەن تېخى، كەل قوزام، باغرىمغا بىر بېسىۋالاي، — دەپ بەگتۇرمىشنى كۆتۈرۈۋالدى. ئاقىرا بۇ بالىنى ئالدىنقى يىلى تۇغقانىدى. يۇسۇپ ئۇستازىغا يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەردى.

— ئەجەب ياخشى شېئىرلارنى يېزىپتىلا، بالام. بۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپى، ئادەمنىڭ ھەممە قاتلىمى سۈرەتلىنىپتۇ، مەنىسى چوڭقۇر، ئەمما دىلغا يېقىملىق ھۇزۇرلۇق ئىكەن، ئاڭلىغانسېرى تەشنالىقىم كۆچەيمەكتە، — دېدى ئەبۇ پۇتۇھ مەخدۇم ھاياجانلىنىپ.

يۇسۇپ ئىككىنچى قېتىم كېلىپ - كېتىشىدە، بەگتۇرمىشنى قېيىنئاتىسىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ قويدى.

— خۇدا پېقىرغا بىرلا قىز ئاتا قىلغانىدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ بەكمۇ غېرىبسىنىپ قالدۇق، بالام. نەۋرىمىز بەگتۇرمىش ياشانغان چېغىمىزدا بىزگە ھەمراھ بولسا، — دەپ ئۇتۇنگەن قېيىنئاتا، قېيىنئانىسى غايەت خۇش بولۇشۇپ قالدى.

بۇۋىئايىشە ئۆسكەنسېرى سەرۋى كۆچەتتەك زىلۋالىشىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندى. قاش - كۆزى يۇسۇپكە، ئېغىز - بۇرنى ئاقىراغا تارتقانىدى. ئەرەبچە، پارسچە تىلنى پىششىق ئۆگەنگەندى. خاقانىيە تىلىدا يېزىلغان كىتابلارنىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر، سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىمۇ ئوقۇپ بەھرە ئالالايتتى. ھەر جايدىن ئەلچىلەر كېلىپ باش ئاغرىقى قىلىشقا باشلىغانىدى. ئايتولۇننىڭ چوڭ ئوغلى ئېلبەگ ئۆتكەن يىلىدىن بېرى ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ يۈرەتتى، ئىشتىياق بىلەن يازغان شېئىرلىرىنى تاغىسىغا كۆرسىتىشنى باھانەت قىلىپ، كۈن

ئاتلاپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كەلسىلا، بۇۋىئايىشە يامىلاردىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇشقا باشلايتتى، ھويلىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بولدۇقلاپ تۇرغان ئايىۇلاقتىن سۇ ئېلىپ يەرگە چاچاتتى، نەزىرى پەردىسى قايرىپ قويۇلغان دېرىزىگە ئاغاتتى ... لېكىن، ئۇلار تېخى بىر - بىرىگە سۆيگۈ ئىزھار قىلىشمىغانىدى، ئاقىرا بۇنى سەزگەن بولسىمۇ، يۈسۈپكە تېخى ئېيتمىغانىدى.

بۇغرا قاراخاننىڭ جاندارلار ئەمىرى بولغان ئوغلى ئۇدمىشنى پاناھ تارتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قەشقەرگە كېلىشكەن ئادامتوغرۇل، ئارازان ئاغىچا نەۋرىسى ئېلبەگنىڭ توينى پاتراق قىلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. يەتمىشتىن ھالقىغان ئادامتوغرۇل قەشقەرگە كېلىپلا دەم ئېلىشقا چىقىۋالغان ۋە بۇغرا قاراخان خانلىق زېمىندىن ئىنئام قىلغان دۆلەتباغدىكى ئەللىك چارەك يەرگە ئۇدمىشنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن باغلىق قورۇ ياسىتىۋالغانىدى. ئۇ نەۋرىسى ئېلبەگنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. كەچكىچە ئۇنى دالادا، باغدا مەشىق قىلدۇراتتى، شىكارغا ئېلىپ چىقاتتى. نەۋرىسى «ساچىيە مەدرىسەسى» دە ئوقۇشقا باشلىغاندىن بۇيانمۇ، ھەر جۈمە دەم ئالغاندا ئېلبەگ بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن «ساچىيە مەدرىسەسى» دە دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتقان يۈسۈپكە زېرەكلىكى، ئەدەپلىكلىكى بىلەن تالىپلار ئارىسىدا كۆزگە تاشلانغان ئېلبەگ يېقىپ قالغانىدى. چەۋەندازلىقتا ساۋاقداشلىرىدىن ھېچبىرى ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى. نەزم - شېئىرنىمۇ ياخشى يازاتتى، ئات مىنىشكىمۇ ماھىر ئىدى. ئىككى قېتىم ئات بەيگىسىدە ئوزۇپ چىقىپ، بۇغرا قاراخان تەرىپىدىن تارتۇقلانغان، نۇرغۇن قىزلار تاشلىغان ياغلىقلار ئىچىدىن بۇۋىئايىشە تاشلىغان ياغلىقنى تۇتۇۋېلىپ باغرىغا تاڭغانىدى.

ئاخىرى ئېرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغان ئارازان ئاغىچا

قىزى قوْمبا بىلەن بىر پەتنۇس توقاچقا قىزىل ھىلھىلە رومالنى يېپىپ دېدەك ئايالغا كۆتۈرتتى. مەپىگە چۈشۈپ دۆلەتباغدىكى قورۇسىدىن بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىكى يۈسۈپنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە، بۇلدۇقلاپ تۇرغان ئابىۇلاق بويىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان بۇۋئايىشە مېھمانلارنى كۆرۈپلا خانىسىغا ئىتتىك كىرىپ كەتتى. يابىرا، ئاقبىرالار ئۆيدىن چىقىپ كۆرۈشتى. ئېلىپ كەلگەن داستىخاننى قوبۇل قىلىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئارازان ئاغىچا ئىككى ئائىلىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ياخشى ئۆتۈپ كېلىۋاتقىنىنى سۆزلەپ كېلىپ، بۇۋئايىشەنى قىز قىلىۋالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى. يابىرا يۈسۈپ ئوردىدىن چۈشلۈك تاماققا كەلگەندە، ئاقبىرا بىلەن ئۇنى ئۆز خانىسىغا چاقىرىپ، ئارازان ئاغىچىنىڭ ئارزۇسىنى يەتكۈزدى. يۈسۈپ ئاقبىراغا قارىدى، ئاقبىرا قىزىنىڭ ئېلىبەگنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى ئېرىگە ئاشكارىلىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئېلىبەگنى كۈيئوغۇل قىلىشقا قوشۇلدى. ئارازان ئاغىچىنىڭ داستىخىنىغا بىر بەلباغ، بىر خەنجەرنى سېلىپ قويدى. بۇ ماقۇللۇق بىلدۈرگىنى ئىدى. توي كۈنىنى ئادامتوغرۇل بەلگىلەپ بەردى، لېكىن تويغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە بالاساغۇندىن كەلگەن ئادار بۇ توينى توختىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا قارا ھازا كىيىمى بار ئىدى. ئۇ يارۇقنىڭ توققۇز ياشلىق ئوغلى بىلەن يەتتە ياشلىق، تۆت ياشلىق ئىككى قىزىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. بالىلارنىڭ روھى چۈشكۈن، چىرايى سولغۇن بولۇپ، ماتەم لىباسىنى كىيگەنىدى. يۈسۈپ، يابىرا بۇلارنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— ئادار بالام، نېمە بولدى، نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى يۈرىكى ئېغىپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغان يابىرا.

ئادارنى يىغا تۇتۇپ گەپ قىلالماي قالدى، بىردەم تۇرۇۋېلىپ يارۇق بىلەن ئايىتمىشنىڭ نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن تۈن

كېچىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى.

ــ مەن بامدات نامىزىغا چىقاي دەپ تۇرۇۋىدىم. يارۇقنىڭ مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان ئۇچىنچى ئوغلى مەردانىبەگ ھاسىراپ ـ ھۆمىۈدەپ ئالدىمغا كېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆز خانىسىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى. بېشىمغا ئاسمان كۆمتۈرۈلگەندەك بولۇپ، قىزتۇرمىش بىلەن چوڭ قوروغا باردىم. دېگەندەك، يارۇق، ئايتمىش يوتقان ئىچىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۆيدىكى زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، ساندۇقتىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ئېلىپ كېتىلىپتۇ، ئۆي ئىچىدىكى بىساتلار ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىلىپتۇ. ئۇ يەردىكى تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئېلىكخانىنىڭ كۇتۇۋالبېگى①گە مەلۇم قىلىپ قويۇپ، مېيىتلەرنى يەرلىكىدە قويدۇق ...

بۇ خەۋەر يۇسۇپكىمۇ چاقماق سوقتاندەك تەسىر قىلدى، ئۇلار دەرھال بالاساغۇنغا بېرىشقا جابدۇندى.

يۇسۇپ ئەھۋالنى سۇلايمان ئارسلانخانغا ئېيتىپ رۇخسەت سورىدى. بۇ پاجىئەدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن بۇغرا قاراخان قاتىلنى تۇتۇپ جازالاش توغرىسىدا بالاساغۇن دىيارىنىڭ ئېلىكخانى بولغان ئوغلى ئەبۇ ھەسەن تېگىنگە يارلىق يېزىپ بەردى. يۇسۇپ ئانىسى يابىرا، ئاچىسى ئايسىلىگ ۋە ئادارلار بىلەن يولغا چىقتى. ئۆتەڭ ـ ئۆتەڭدە ئات يۆتكەپ يىگىرمە بەش كۈن يولغا بالاساغۇنغا يېتىپ بېرىپ قەدىمكى جايغا چۈشۈشتى ...

يۇسۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە ئوردىغا بېرىپ ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان بىلەن كۆرۈشۈپ، يارلىقنى ئىككى قوللاپ سۇندى. ئەبۇ ھەسەن ئارسلانخان يارلىقنى باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، بۆسە قىلىپ ئوقۇدى:

«ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئوغلۇم ئەبۇ ئەلى ھەسەن تېگىن، مەن سىزنى ئەلنى قانۇن ـ

---

① كۇتۇۋالبېگى ــ ساقچى باشلىقى.

نىزام بىلەن باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ، دەپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئاستانە شەھىرى بولغان قۇزئوردۇغا ئېلىكخان قىلىغان ۋە ئارسلانخان ئۇنۋانىنى بەرگەنىدىم. ۋاھالەنكى، ئۇ يەر تېخىچە تىنچ ئەمەس ئىكەن. مەرھۇم ھاجىبۇل ھوجىجاپ رەيھانىدىنبەگنىڭ كۈيئوغلى، قىزى ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلۈپ، قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلىرى ئوغرىلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ قانلىق پاجىئە ئۇيقۇمنى ئاچتى، بالام. بۇنى دەرھال ئېنىقلاپ قاتىلنى تۇتۇپ جازالىمىغاندا، ئاۋامنى خاتىرجەم قىلغىلى بولمايدۇ، توغرائى دىۋان باشى بۇ يارلىقىمنى ئېلىپ كەتتى. مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغان ھامان، قاتىل تۇتۇلغان بولسا، دارغا ئېسىپ ئىبرەت قىلىڭ. تۇتۇلمىغان بولسا، بارلىق چارە ـ ئامالار بىلەن تېز تۇتۇپ، يىلتىزى بىلەن قۇرۇتۇپ تاشلىغايسىز.

بۇغرا قاراخان ئەبۇ شۇجائى سۇلايمان ئارسلانخان

ھىجرىيە 435 ـ يىلى ماھى رەجەپنىڭ 11 ـ كۈنى ①»

ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان يۇسۇپنى كۆرستا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىمۇ تەختتە ئولتۇردى.

— توغرائى دىۋان باشى، ئەپسۇس، ئەپسۇس. مەن بىر ئاي ئىلگىرىلا بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تېپىپ، كۆتۈۋالبەگكە قاتىلنى تۇتۇش توغرۇلۇق جىددىي بۇيرۇق بەرگەنىدىم. ھازىرغىچە قاتىلنىڭ تۇتۇلغىنى توغرىسىدا خەۋەر بولمىدى. قۇزئوردۇدا تەكشۈرۈلمىگەن ئائىلىلەر قالمىدى. باشقا جايلاردىن كەلگەن تىجارەتچى، ساياھەتچىلەرمۇ، مۇساپىرلارمۇ تەكشۈرۈلۈپ سۈرۈشتۈرۈلدى، ئەمما قاتىلنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدۇق، ئاچچىقىمدا كۆتۈۋالبەگنى ئەمىلىدىن ئېلىۋېتىپ، ئۆزۈم تەدبىرلىك دەپ قارىغان ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ ئەمىرى

① مىلادىيە 1044 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بۆربەگنى قويدۇم. ئۇ جىددىي تەكشۈرۈۋاتىدۇ.

— ۋادەرىخا ... — دېدى يۈسۈپ ھەسرەت بىلەن، يارۇق ۋە ئاچىسى ئايتىمىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — ئۇلارنىڭ پاشىغىمۇ ئازارى يوق ئىدى، ئېلىكخان ئالىيلىرى. بۇ پاجىئەدىن كېيىن قۇزئوردۇدا ئەنسىزلىك پەيدا بولۇپ قاپتۇ، قاتىلنى تېپىپ جازالاپ، ئاۋامنى خاتىرجەم قىلىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە. بۇ چاغقىچە قاتىل تۇتۇلۇق بەرمەپتۇ، ئەمدى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىش كېرەك. تۇتۇپ مەلۇم قىلغان ئادەمگە پېقىر مىڭ سەر كۈمۈشنى ئاتاپ قويدۇم.

— جىنايەتچىنى تۇتۇش، جازالاش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، تۇتۇپ مەلۇم قىلغان ئادەمگە سۆيۈنچە بېرىشمۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىز، تۇغرائى دىۋان باشى، — ئەبۇ ھەسەن ئېلىكخان ئورنىدىن تۇردى. يۈسۈپ رەھمەت ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

«قاتىل زادى كىم؟ ئوغرىمۇ، قاراقچىمۇ ۋە ياكى ئۆچ ساقلاپ يۈرگەن سۆيىقەستچىمۇ؟ ...» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئوردىدىن چىققان مەھەلدە، قارا پەرەنجىگە پۈركۈنۈپ چۈمبەل ئارتقان تۆت خوتۇن بالاساغۇندىن تالاس شەھىرىگە بارىدىغان توپىلىق يولدا، ئۆچ ئات قوشۇلغان مەپىدە مۆگدەپ كېتىۋاتاتتى.

مەپىكەش قارا ساقال، بوغداي ئۆڭ، تەمبەل ئادەم بولۇپ، بادام دوپپا، ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن چوتا كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، بەلبېغىغا ناس قاپىقى ئېسىقلىق ئىدى، پات - پات قامچىسىنى شىلتىپ قاس چىقىرىپ ئاتلارنى ئىتتىكلىتەتتى. مەپىدە يانتۇ ئولتۇرغان بىر خوتۇنىنىڭ كاسىسى ئۇنىڭ يانپېشىغا تېگىپ قالغانىدى. مەپىكەش «ئەجەب سېمىز ئاغىچا ئىكەن، قورسىقىنىڭ يوغىناپ كەتكىنىگە قارىغاندا ئېغىرئاياغەك قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ قورسىقىغا جىن كىردى، سەل سۈرۈلۈپ نىقتاپ ئولتۇردى، تېنىگە ئىسسىق تارىدى. ئۇ قامچىنى سول قولىغا ئېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئۇ خېنىمنىڭ تىقىمىنى سىلاپ باقتى، خېنىم بىئارام بولدىمۇ، ئۇنىڭ قولىنى ئاستا ئىتتىرىۋەتتى، يەنە

سىلىقۋىدى، يەنە ئىتتىرىۋەتتى. مەپىكەش «قىچىقى بار جۇۋان ئوخشايدۇ» دەپ شوخلۇق قىلىپ كاسىسىنى چىمدىۋالدى. «ۋايجان!» دېگەن قوپال ئاۋاز مەپىكەشنى ھەم قورقۇتۇۋەتتى، ھەم ھەيران قالدۇردى. بۇ ئاۋاز ئايالنىڭكىگە ئەمەس، ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى. «ئەجەب ئېيىققا ئۇچراپ قالغان ئوتۇنچىدەك ۋارقىرىدى. ئاۋازى نېمىدېگەن سەت خوتۇن بۇ؟ !» دەپ قالغان ھارۋىكەش شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ قويدى.

— تالاسقا يەنە قانچىلىك يول قالدى؟ — دەپ سورىدى چۈمبىلىنى قايرىپ ئاسمانغا باققان ئايال. ئۇنىڭ ئۈنىمۇ ئەرلەرنىڭكىدەك بوم چىقتى. كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى.

— سەككىز - ئون چاقىرىمچە يول قالدى، خېنىم، — دەپ جاۋاب بەردى مەپىكەش تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، سورىدى، — خېنىم، ھەربىرلىرىنىڭ ئاۋازى ئەرلەرنىڭكىگە ئەجەب ئوخشايدىغۇ، قەيەرلىك بولۇشىلا؟

قاقاھلىغان ئاۋاز مەپىكەشنى راستلا چۆچۈتۈۋەتتى.

— ئالۋاستىمۇ نېمە بولار؟ — پىچىرلىدى تېنىگە تىترەك ئولاشقان مەپىكەش.

— راست دېدىڭ ئەبگار، مەپىنى توختات! — يېنىمدا ئولتۇرغان يوغان قورساق مەپىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قالغانلارمۇ يەرگە ئاياغ بېسىپ يۈزىدىكى چۈمبەل بىلەن قارا پەرەنجىنى ئېلىۋېتىشتى.

مەپىكەش يولغا ئېگىلىپ قالغان قېرى دۈمچەك جىگدە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە مەپىنى توختاتتى ۋە قاراپ ساقال - بۇرۇتلۇق تۆت ئەر كىشىنى كۆرگەندە داڭ قېتىپ قالدى، ئاغزى گەپكىمۇ كەلمىدى.

— چاۋار، قابان، مەپىدىن تاغارنى چۈشۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى قورساق سىلىپ سەمرىپ كەتكىنى.

— خوپ، بوزاغۇ بېگىم، — دېدى پاكار، چوقۇر يۈز چاۋار. ئۇ بويلۇق، قارىمۇتۇق كەلگەن قابان بىلەن مەپىدىن يوغان بىر

تاغارنى ئالدى.

— ئېچىڭلار!

قابان تاغارنىڭ ئىزمىلىكىنى يېشىپ ئاچتى، ئىچىدە كىيىم ـ كېچەك، نەيزە ـ قىلىچ، قالقان كەبى نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇلار كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، بەللىرىنى كەمەر بىلەن باغلاپ، قىلىچنى ئاستى، قوللىرىغا قالقان، نەيزىنى ئالدى.

— ھە، ئەمدى بوزاغۇبەگنىڭ ھەقىقىي ياساۋۇللىرى بولدۇڭلار، — دېدى بوزاغۇ نەيزىنى مەپىكەشكە قارىتىپ، — مەقسەت يولىدا ئاتلىنىپ، بىرىنچى قەدەمنى غەلىبىلىك باستىم. رەيھانىدىنبەگنىڭ ماڭا تەگكىلى ئۇنىمىغان قىزىنى ئېرى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ پۇخادىن بىر چىقتىم. تالاس قەلئەسىگە بارغاندىن كېيىن قۇماربىكەگە دەپ، ھەربىرىڭلارغا ئەللىك سەر كۈمۈش بەرگۈزىمەن. ئەمدى ماڭا مەپىنىڭمۇ، مەپىكەشنىڭمۇ كېرىكى قالمىدى. ئاتلارنى ئېگەرلەڭلار، بىز شىكاردىن قايتقان قىياپەتتە تالاس شەھىرىگە كىرىمىز.

ئۇ بار كۈچى بىلەن نەيزىنى مەپىكەشنىڭ كۆكسىگە تىقتى ...

## 3

قاراخانىيلارنىڭ يەتتەسۇ دىيارىدىكى تالاس شەھىرى ئەتراپى باغۇبوستان بىلەن ئورالغان ناھايىتى گۈزەل شەھەر ئىدى. چاڭئەن، ئىدىقۇت، قەشقەر، بالاساغۇن، ئۆزكەنت، سەمەرقەنت، باغدات، رۇم شەھەرلىرىدىن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى يىل بويى ئۈزۈلمەيتتى. باج ـ سېلىقتىن ئېلىنغان تىللا ـ كۈمۈشلەر ئون نەچچە يىلدىن بېرى تالاس ۋە ئىسپىجاپ شەھەرلىرىگە ئېلىكخان بولۇپ كېلىۋاتقان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ خەزىنىسىگە تۈگمەنگە چۈشكەن ئۇگۇتتەك قۇيۇلۇپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ تازا رازى ئەمەس ئىدى. ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخاننى ئىقتىدارسىز، مۇدەررىس بولۇشقا

لايىق، بۇغرا قاراخان بولۇشقا لايىق ئەمەس، دەپ ھېسابلايتتى. بۇ كىچىك خوتۇنى ئالتۇن تارىم قۇمارىبىكەنىڭ ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن قارىشى ئىدى.

شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئۆزىگە خاس ھۆسن ـ جامالغا ئىگە، پەزىلەتلىك خانىش ئەردەنى تۇركەن مەلىكىدىنمۇ، ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇدەك گۈزەل خۇلققا ئىگە سۆسەرئايىمكەدىنمۇ، قەيسەر، نازاكەتلىك قىلىقچاندىنمۇ كۆڭلى قېلىپ، ئۇلارغا ئېتىبار قىلمايدىغان، يوقلاپ تۇرمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئېرىنىڭ قۇمارىبىكەگە بېرىلىپ كەتكىنىدىن ئاچچىقلانغان ئالتۇن تارىم ئەردەنى خاتۇن قەشقەر ئوپالدىكى چار بېغىغا چىقىۋېلىپ، شۇ يەردە تۇرۇۋاتاتتى. نەۋرىسى مەھمۇد تېگىن پات ـ پات چىقىپ مومىسىنى يوقلاپ تۇراتتى. مۇھەممەد ئارسلانخان قالغان ئىككى خوتۇنى يېنىدا بولسىمۇ، ئۇلارغا ئانچە ئېتىبار قىلمايتتى، ھەممىدىن ياش، چىرايلىق بولغان قۇمارىبىكەنى ئەتىۋارلايتتى، نىكاھلاپ ئەمرىگە ئالغان يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭغا بولغان ئىشقى سۇسلىشىپ قالماستىن، بەلكى بارغانچە كۈچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن بولغان ئوغلى ئىبراھىم تېگىن ئون يەتتە ياشقا كىرىپ قالغانىدى، ئۇنىڭغا دوقاقبەگنىڭ ئەپرۇزە ئىسىملىك قىزىنى ئېلىپ بەرگەنىدى. قۇمارىبىكە بۇ ئوغلىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىسىلا، مۇھەممەد ئارسلانخانغا شۇنچە يېقىنچىلىق قىلاتتى. ئېرى خاپا بولۇپ قالسا، ناز ـ كەرەشمىسى بىلەن خۇشال قىلاتتى. ئاچچىقى كېلىپ قالسا، شېرىن سۆزلىرى، گۈل بەرگىدەك تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى، لىغىلداپ تۇرغان كۆكسى بىلەن ئاچچىقىنى ياندۇراتتى. يا ئۇد، يا تەمبۇر ياكى قوبۇز چېلىپ سۆيگۈ شامىلى چىقىراتتى، غەمزە بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ ھەۋىسىنى قوزغايتتى، ئەنبەر پۇراپ تۇرغان يوتقان ئىچىدە جەننەت ھۇزۇرىنى بېرەتتى. مۇھەممەد ئارسلانخانغا بۇ خانىشى كۆلسە كۈن چىققاندەك، يىغلىسا يامغۇر

ياغقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ نىمە قىلىمەن دىسە يول قويىاتتى. گاھى تۈنلىرى ئۇنى باغرىغا بېسىپ:

— ئابىنچۇ خاتۇن، ئابىنچۇ خاتۇن، سىزنى خۇدايىم مەن ئۈچۈنلا شۇنداق لەۋەن، نازاكەتلىك قىلىپ يارىتىپتىكەن. جامالىڭىزغا قاراپ تويمايمەن، سىز بولمىسىڭىز قانداق قىلاتتىم، — دەيتتى.

— راست، خۇدايىم ئالىيلىرىدەك خانزادىنى قىرىتماي، دۇنيانىڭ راھىتىدىن ھۇزۇرلاندۇرسۇن دەپ مىنى سىلىگە قوشقان، سىلى مەندىن ئايرىلمىسىلا ھەرگىز قىرىمايلا، — دەپ ئېرىنى باغرىغا تارتاتتى.

ئۇ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە باغلىۋېلىپلا قالماستىن، كۆزىنىمۇ باغلىۋالغانىدى. قۇمارىبىكەگە ياققان ئادەم ۋە نەرسىلەر ئۇنىڭغىمۇ ياخشى كۆرۈنەتتى، ئۇ ياقتۇرمىغاننى ياقتۇرمايتتى.

ئۇزاق ۋاقىت قېچىپ - تېنەپ يۈرگەن بوزاغۇ سىڭلىسى قۇمارىبىكەنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن «ئاغۋات» بولۇپ، ئوردا ھەرىمىدە بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى، سىېزىلىپ قالمىدى، مۇھەممەد ئارسلانخان بوزاغۇنى تونۇيالماي قالدى. «ئۆلدى» گە چىقىرىۋېتىلگەن بوزاغۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ھەرەمدىكى كېنىزەكلەرنى بۇزۇپ، شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەن بوزاغۇنى قۇمارىبىكە تىزگىنلەپ تۇرمىغان بولسا ئاللىقاچان ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. خانىش ئۆز ئادىمى بولغان دوقاقبەگكە ئېيتىپ، ئاۋۋال ئۇنى ئوردا ياساۋۇللۇقىغا قوبۇل قىلغۇزدى، كېيىن ئېلىكخاننى مۇھاپىزەت قىلغۇچى جاندارلىققا تاللاتقۇزدى. بوزاغۇ بۇ ھەمشىرىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ بۇرنىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقىپ يۈرۈپ جاندارلارنىڭ بېشى بولۇپ قالدى. ئۇ ھوقۇقىقا، كۈچكە ئىگە بولغانىدى.

— ئاكا، — دىدى قۇمارىبىكە بىر كۈنى خاس ھۇجرىسىغا

بوزاغۇنى چاقىرتىپ، — ئۆزۈڭنى بىر سىناپ كۆرگۈڭ بارمۇ؟ ئاتامنىڭ بېشىغا چىققان، سەندىن بىر قۇلنى ئارتۇق كۆرگەن رەيھانىدىنبەگنىڭ ئۇرۇق - پۇشتىدىن ئۆچ ئالىدىغان پەيت كەلدى. ئۆزى بولسىغۇ بېشىنى كەستۇرۇپ ئەكېلىپ، كۆزلىرىنى ئويۇۋالغان بولاتتىم. ئەپسۇس، بۇنى سەزگەندەك بۇرۇن كېتىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، نەۋرىلىرى بار، ئۇلاردىن بىر - بىرلەپ ئۆچىمىزنى ئالالايمىز. ئادەملىرىمىزدىن ئىگىلىشىمگە قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا ساڭا تېگىشنى خالىمىغان قىز ئايتىمىش ئېرى بىلەن بالاساغۇندىكى قەدىمكى جايدا تۇرۇۋېتىپتۇ. ئېرى يارۇق ئادار دېگەن يەنە بىر قۇل بىلەن تىجارەت قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ تىللا سارىيى، جاۋاھىرات دۇكىنى بار ئىكەن. سەن يارامىلىق، سىناقتىن ئۆتكەن ئۇچ - تۆت ئادىمىڭ بىلەن قوزئوردۇغا بېرىپ يارۇق، ئايتىمىشنى ئۆلتۈرگىن، قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلىرىنى قولغا چۈشۈرگىن، ئىز قالدۇرماي، شەپە چىقارماي قايتىپ كەلگىن. شۇنداق قىلالىغان بولساڭ، بىز ئوردۇكەنتتە كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقان يۇسۇپكە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن بولاتتۇق. بۇغرا قاراخان جەمەتىنى ھىمايە قىلىدىغانلارنىڭ كۆڭلىگە ئەسەبىي قورقۇنچ چۈشەتتى. بۇ ئىشىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسىلا، پاراسەتلىك قارلۇق قەبىلىسى يەنە باش كۆتۈرۈپ، بۇغرا قاراخاننىڭ قولىدىن تاجۇتەختىنى تارتىۋېلىشقا ئىمكانىيەتمۇ تۇغۇلاتتى. قانداق، بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالامسەن، ئاكا؟ — قۇماربېكە كۆكۈچ كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ جاۋاب كۈتتى.

— بۇنداق پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقىنىمغا نەچچە يىل بولدى، ھەمشىرەم، بۇ ئىشنى ئورۇنلاشقا ۋاقىت كېتىدۇ، ئېلىكخاندىن رۇخسەت سورىمىسام بولماس، — دېدى بوزاغۇ.

— رۇخسەتنى دوقاقبەگ ئاغام ئېلىپ بېرىدۇ، يا بولمىسا ئۆزۈڭ بىۋاسىتە سورىساڭمۇ بولىدۇ، ئاكا.

— نېمىدەپ سورايمەن؟

— بۇ ئاسان. ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئوردىغا چىقمايسەن. ئېلىكخان سوراشتە قىلسا، دوقاقبەگ ئاغام سېنى كېسەل بولۇپ قاپتۇ، داۋالانمىسا بولمىغۇدەك، دەپ بىر ئايلىق رۇخسەت ئېلىپ بېرىدۇ، قۇزئوردۇغا غىپپىدە كېتىسەن.

— دېگىنىڭدەك قىلاي، سىڭلىم، تولىمۇ ئەقىللىك ـ دە، سەن، بۇ ئىشقا ھازىردىن باشلاپ كىرىشتىم ئەمىسە.

— سېنى خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، — قۇمارىبىكە ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئىچى تىت ـ تىت بولغان قۇمارىبىكە ئوردىدىن كەچ قايتقان ئېرىنىڭ تونىنى سالدۇرۇۋېتىپ:

— شاھىم، يانلىرىدىن ئايرىلمايدىغان جاندارلار باشى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ چىرايى تاتىرىپ غەلىتە بولۇپ كەتتى.

— ئەجەب ئۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ، جاندارلار باشىنى نېمە قىلاتتىڭىز؟

بۇ چاغقىچە بىر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ باقمىغان ئېرىنىڭ بۇنداق بوزىرىپ غەزەپلەنگىنىدىن كۈنداشلىق قىلىۋاتقىنىنى بىلگەن قۇمارىبىكە لېۋىنى چىشلىدى. «توغرىدىن توغرا سورىغىنىم بولماپتۇ، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدۇم، كۆڭلىنى ئېلىشىم كېرەك».

— شاھىم، نېمە بولدىلا؟ نەچچە كۈندىن بېرى جاندارلار باشى يانلىرىدا يوق. ئۆزۈمچە، بىر يەرگە ئىش بىلەن كەتكەنمىدۇ دەپ سوراپ سايتىمەن. ئۇ بادالڭ قورساق تومپايىنى نېمە قىلاتتىم، مەندىن گۇمانلىنىۋاتامدىلا؟ بولدى، بۇ جېنىمدىن جاق تويدۇم، بۇنداق ئاھانەتكە قېلىپ ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئىكەن! — قۇمارىبىكە چاچلىرىنى يۇلۇپ ئۆكسۈپ يىغلىدى. مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ قاتتىق دىلى يۇمشاپ، ئۇنى باغرىغا باستى:

— خاپا بولماڭ، ئابىنچۇ خاتۇن، سىزگە زادى قىيالمايمەن.

مۇبادا ئۆلۈپ كەتسەم، كۈنداشلىقىم كېلىپ گۆرۈمدىمۇ تىنچ ياتالمىغۇدەكمەن، خاپا بولماڭ، جاندارلار باشى كېسەل بولۇپ قاپتۇ.

— ئۇنداق تولكە مىجەز ھىيلىگەرنى ھەيدىۋېتىپ، ئۆزىنى توختاتقان، باتۇرراق سەركەردىدىن بىرنى تاللاپ جاندار باشى قىلىۋالسىلا بولۇپتىكەن، شاھىم.

قۇماربىكە ھەر قېتىم «شاھىم» دېگەندە، مۇھەممەد ئارسلانخان ئۆزىنى بۇغرا قاراخانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇ دەمدىمۇ كۆڭۈل ئاسمىنىدا بىر چاقماق چېقىپ، خوتۇنىنىڭ قويۇق چاچلىرى يېپىپ تۇرغان گەدىنىنى سىلىدى.

— ئۇنداق دېمەڭ مەلىكەم. قەيسەربەگ ئىنتايىن كۈچتۈڭگۈر ھەم ئەقىللىك، سادىقلىق بىلەن خىزمىتىمنى قىلىۋاتىدۇ، ئوردىدا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان سەردار يوق. مەن دوقاقبەگكە تاپىلاپ قويدۇم، داۋالىنىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن كۈنىلا يېنىمغا قايتىپ كېلىدۇ.

باش ۋەزىرى دوقاقبەگ تونۇشتۇرغاندەك، بوزاغۇنىڭ سادىق ياساۋۇل، ئىسمىنىڭ قەيسەربەگ ئىكەنلىكىنىلا بىلىدىغان بۇ ئېلىكخان ئۇنى ئوبدانلا ماختاپ قۇماربىكەنى خۇش قىلىۋەتتى. «ھە، بىلدىم، ئېرىم ئاكامنى ئۆزىگە سادىق دەپ تونۇيدىكەن. بوزاغۇ قۇزئوردۇغا كېتىپتۇ. ئىشى ئوڭدىن كېلىپ قايتىپ كەلسە، ھەرقايسى جايلاردىكى قىساسكار قارلۇقلارنىڭ ۋە بۇغرا قاراخاندىن نارازى بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە كىرىشىمىز. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ تەختىدىن چۈشۈشكە ئۇزاق قالمىدى ...» دەپ ئويلىغان قۇماربىكە سەدەپتەك ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى.

— ئاڭلىسام، بۆرە تېگىن ئۆزىنى «تامغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتاپ، ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغاندىن بۇيان، خارەزىم دىيارلىرىنىڭ ئېلىكخان، ئارسلانخانلىرىمۇ قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى جاكارلىغانىمىش. سۇلايمان ئارسلانخان بوشاڭ،

قورقۇنچاق بولغاچقا، ئۇلارغا يول قويۇپ چارە قوللانمىدى. ئەگەر سىلى بۇغرا قاراخان بولسىلا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتىلە. ئەھۋالنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ، ئېغىر - بېسىق ھالدا تەختتە ئولتۇرغان ئۇ ئاكىلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويسىلا بولاتتى.

— مەلىكەم، — مۇھەممەد ئارسلانخان قۇمارىبىكەنىڭ شاھ قىزى ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، شېرىن سۆزلىرى يېقىپ كەتكەن، ناز - كەرەشمىسى كۆڭلىنى ئويغاتقان چاغلاردا «مەلىكەم» دەپ ئاتاپ ئامراقلىق قىلاتتى، — ئېيتقانلىرىڭىز راست. ئاكام ياشانغان چېغىدا ئۇلۇغ قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ تۆتكە بۆلۈنۈپ كېتىشىگە يول قويدى، بۇنىڭغا ئىچىم ئېچىشىدۇ.

— بۇنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، شاھىم. سىلى ناھايىتى باتۇر، غەيرەتلىك، سەۋر - تاقەتلىك. ئەمدى سەۋر - تاقەتنىڭ ھۇزۇرلۇق كۈرسىدىن تۇرۇپ، جاسارەت تۇلپارىغا مىنىپ جەڭگە كىرىدىغان ۋاقىتلىرى كەلدى. سۇلايمان ئارسلانخان تەختتە ئولتۇرۇۋېرىدىغان بولسا، قاراخانىيلار مەملىكىتى ئۇزاققا بارماي بەربات بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى ئوت ئۇستىگە ياغ چېچىپ، ئارقىدىن قوشۇپ قويدى، — سىلى ئەقىللىك، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى مەندىن ئوبدانراق بىلىدىلا.

— مەلىكەم، خاۋاتىرلەنمەڭ، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، قاراخانىيلار ئېلى بەربات بولمايدۇ.

— شاھىم، قاراخانىيلار ئېلى سىلى بىلەنلا قۇدرەت تاپىدۇ. ئوغۇللىرى ئىبراھىم تېگىنگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ قويسىلا، — قۇمارىبىكە كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، سۆزىنى بىردىن ئارزۇلۇق ئوغلىغا يۆتكىدى.

— نېمىشقا كۆڭۈل بۆلمىگۇدەكمەن؟

— كۆڭۈل بۆلمىدىلە دېمىدىم، شاھىم. بالا يىگىت بولۇپ قالدى، ئىككى خوتۇنلۇقمۇ بولدى، تېخىچە كۈنى شىكار، تاماشا بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ، بىر مىسرا شېئىر يېزىپ باققىنى يوق. ئۇمۇ

تۇرمۇشنى چۈشەنسە، يۇرت سوراشنى ئۆگەنسە بولاتتى.

مۇھەممەد ئارسلانخان مەجۇن ئارىلاشتۇرۇلغان شەربەتتىن ئوتلىدى.

— ھە، بۇ گېپىڭىز ئورۇنلۇق، مەلىكەم. ئەلھال، بالىمىز بەگ ئەتكەلىرى بىلەن شىكار قىلىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلەۋاتىدۇ. قولىدا يا بىلەن قىلىچ، كىتابقا قاراپ قويمايدۇ. سىز دېگەندەك، ئۇ يۇرت سوراشنى ئۆگىنىشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى سوراشنى بىلىۋېلىشى لازىم. شۇڭا، ئىش كۆرگەن قەيسەرنى ئۇنىڭغا يەنە بىر بەگ ئەتكەسى قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولۇۋاتىمەن. ئوغلىمىز بەك مەغرۇر، مەمەدان. سىز نەسىھەت قىلىپ قويۇڭ. ئىككى خوتۇنى، چۆرىلىرى بولغاندىكىن، خەقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا كۆز سالمىسۇن. بۇ توغرۇلۇق ئوردىدا مىش - مىش گەپ بەك تولا، كىمنى دورىدىكىن بۇ ئوغلۇم؟

«سىلىنى دورىغان» دەۋېتىشكە تاس قالغان قۇمارىبىكە ئاغزىنى شېشىدەك نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ قالغاندى. بوزاغۇنىڭ ئوغلىغا بەگ ئەتكەسى بولىدىغانلىقىدىن ئۇ نېمىشقا سۆيۈنمىسۇن؟

قۇمارىبىكە بوزاغۇنى ناھايىتى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

قىرىق ئۈچ كۈن بولغاندا بوزاغۇ قايتىپ كېلىپ، ساقىيىپ قالغانلىقىنى، باش ۋەزىر ھەم قېيىنئاتىسى بولغان دوقاقبەگنىڭ ھەركۈنى كەچتە كېلىپ ھال سوراپ، ئېلىكخان ئالىيلىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ تۇرغانلىقىنى دەپ، تەخت ئالدىدا تىزلىنىپ قۇللۇق قىلدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ دېدى:

— مەن ناھايىتى خۇشال، جاندارلار باشى، ئاللا سىزنى سالامەت قىلغاي، ئوغلۇم ئىبراھىم ئەر يېتىپ قالغان بولسىمۇ بەڭباشلىقتىن قالمىدى. ئالدىنقى بەگ ئەتكەلىرى جەڭ

ماھارىتىنى ئۆگەتكەن بىلەن، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى، يۇرت سوراشنى ئۆگىتەلمىدى. سىز كۆپنى كۆرگەن، شۇڭا ئوغلۇمغا بەگ ئەتكەسى بولۇپ سائادەت مەنزىلىگە يېتەكلىگەيسىز !

— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى !

مانا شۇ سائەتتىن باشلاپ ئىبراھىم تېگىنگە بەگ ئەتكەسى بولۇپ قالغان بوزاغۇ بىر ئەڭگۈشتەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولدى. ئۈچىنچى كۈنى ھەرەمگە ئاياغ باستى ۋە ھەمىشە سىڭلىسى بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىدىغان ئىستىراھەت ئۆيىدە قۇماربىكە بىلەن كۆرۈشتى.

— قۇزئوردۇدىن كەلگىنىڭگە ئۈچ كۈن بوپتۇ، دوقاقبەگدىن ئۇقتۇم. ئەجەب مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارقىغا سۈردۈڭا ! ئەنسىرەپ كېچىلىرىمۇ ئۇيقۇم كەلمىدى، — دېدى قۇماربىكە ئورغاقتەك ئەگىم قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش چىقىپ كەتتى.

— سىڭلىم، قەدىرلىك سىڭلىم، يىغلىما. مەن ئىشلارنى سەن دېگەندەك شەپىمۇ چىقارماي بېجىرىپ كەلدىم. ئەمما، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئېلىكخاننىڭ ئەتىۋارلىق خانىشى بولغان سەن بىلەن كۆرۈشۈش مەن ئۈچۈن ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس. سېنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئايىمىسام بولمايدۇ. مانا بۈگۈن ھۆرمەتلىك ئېرىڭنىڭ بۆرە تېگىن ئەۋەتكەن يالۋاچ بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ يېنىڭغا كىرىشىم.

— سۆزلىگىن، ئايتمىش بىلەن ئېرىنى قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟

— كېچىدە بوغۇپ ئۆلتۈردۈم.

— باللىرىنىچۇ؟

— ئۇلار باشقا ـ باشقا ئۆيلەردە يېتىپتىكەن، تۇيۇپ قالمىسۇن دەپ چېقىلمىدىم. ئۆيدىكى قىممەت باھالىق جاۋاھىرات، تىللا، ئالتۇنلارنى ئېلىپلا چىقىپ كەتتۇق، ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىدۇق.

— ھەي ئىست، باللىرىنى ئۇجۇقتۇرالماپسەن ـ دە، ئۇنداق

بولسا نېمىشقا قايتىپ كەلمەي، تۇرۇپ قالدىڭلار؟ — قۇمارىبىكەنىڭ قاشتېشىدەك ئاق چېھرىدە ئەپسۇسلىنىش ئالامىتى پەيدا بولدى، لەۋلىرىنى چىشلىدى.

— يارۇقنىڭ بۇرادىرى ئادارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمىز، دەپ كېچىكىپ قالدىم.

— ئۇجۇقتۇرالماپسەنغۇ.

— شۇنداق، ئۇجۇقتۇرالمىدىم، — بوزاغۇ «خەپ» دېگەندەك سېرىق چاڭگا ساقىلىنى سىيپاپ قويدى، — ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئەتىسىلا ئاشكارا بولۇپ، قۇزئوردۇنى تىترىتىۋەتتى. ئەبۇ ھەسەن ئىلىكخان كۇتۇۋالبەگلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۆيمۇئۆي قىدىرىپ تەكشۈردى. بىزنى ئوردىدا باجگىر بەگ بولۇپ ئىشلەۋاتقان يېقىنىمىز پەرمانبەگ ئۆيىدە ساقلىدى.

— پەرمانبەگ؟ قۇمارىبىكەنىڭ ئەگىم قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن يېشىل ئۇچقۇن چاچرىدى، — ھە، بىلدىم. ئۇ بىزگە شىرەم توغقان، ئاتام ھايات ۋاقتىدا ئوردىغا ئەكىرىپ ياساۋۇل قىلىپ قويغانىدى. باجگىربەگ بولۇپ قاپتۇ ـ دە، ئۇ ئىشەنچلىك ئادەم.

— ئۇ بەگ ئاچ كۆز ئىكەن، يارۇقنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن جاۋاھىراتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئېلىپ قالدى، ئەبلەخ! — بوزاغۇ ئاغزىنى بۇزدى، بېشىدىكى قارا بۆكىنى ئېلىپ يېنىغا قويدى، ئۇ چاچلىرى چۈشۈپ پايىنەكباش بولۇپ قالغانىدى. قويۇن يانچۇقىدىن گۆھەر كۆز قادالغان ئالتۇن زەنجىرلىك زۇننارنى ئېلىپ قۇمارىبىكەگە سۇندى، — بۇنى ساڭا ئېلىپ كەلدىم، قالغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنى يوشۇرۇپ قويدۇم.

— ۋاھ، ئەجەب چىرايلىقكىنە، — ئۇ كۆلگىنىچە زۇننارنى ئېلىپ بوينىغا ئېسىۋالدى، — قۇزئوردۇدىن قانداق قېچىپ چىقتىڭلار؟

— سىڭلىم، تەكشۈرۈش ئاياغلاشقىچە سىرتقا چىقالمىدۇق،

ھېلىقى شۇملارنىمۇ ئۇچۇقتۇرالىمىدىم. پەيت كۈتۈپ تۇرسام، توغرائى دىۋان باشى بەگيۇسۇپنىڭ يارلىق ئېلىپ ئوردۇكەنتتىن كەلگىنىنى پەرمانبەگدىن ئۇقتۇم. بېشىمغا بىر قاپاق سۇ قۇيۇلدى. يارۇق، ئادارلارنىڭ قورۇلىرىنىڭ مۇھاپىزىتى كۈچەيتىلگەنلىكىدىنمۇ خەۋەر تاپتىم. دەرھال كېتىشىمىز زۆرۈر بولۇپ قالدى. بىر بىچارە مەپىكەشكە ئەللىك تىللا بېرىپ كىرا قىلدۇق، پەرمانبەگنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئايالچە ياسىنىپ مەپىدە شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىۋالدۇق ...

بوزاغۇ مەپىكەشنى ئۆلتۈرۈپ، ئەللىك تىللانى يانچۇقىدىن ئېلىۋالغىنىنى، ئىككى كونا جاڭگالدا شىكار قىلىپ ئاندىن تالاس شەھىرىگە قەدەم باسقانلىقىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.

— ناھايىتى ئوبدان قىلىپسەن، ئاكا. ئەمدى قۇزئوردۇ، تالاس، بارسغان، سۇياپ شەھەرلىرىدىكى غۇرۇرىنى يوقاتمىغان قىساسكار قارلۇقلارنى ۋە بۇغرا قاراخاندىن نارازى قەبىلە باشلىقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سۇلايمان ئارسلانخاننى تەختتىن چۈشۈرۈشكە تەييارلىنىشىمىز كېرەك، — دېدى قۇماربىكە.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمىز، سىڭلىم، — دېدى بوزاغۇ، — سۇلايمان ئارسلانخاننى تەختتىن قانداق چۈشۈرىمىز؟

— مۇھەممەد ئارسلانخاننى ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندۇرۇپ تەختتىن چۈشۈرىمىز.

— ئۇ چاغدا بۇغرا قاراخان تەختكە كىم چىقىدۇ.

— ئېرىم مۇھەممەد ئارسلانخان.

— تاجۇتەخت يەنە بۇغراخان جەمەتىنىڭ قولىدا قالىدىكەنغۇ، بۇنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى؟ — ئۇمىدسىزلەنگەن بوزاغۇ ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئولتۇرغىن، ئاكا، — قۇماربىكە ئۇنى چاپىنىنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى، — ئالدىرىما، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلا. مۇھەممەد ئارسلانخاننى ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخانغا قارشى قويماي تاجۇتەختنى تارتىۋالالمايمىز. تاجۇتەخت مۇھەممەد

ئارسلانخاننىڭ ئىلكىگە ئۆتتى دېگەن سۆز، قارلۇقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى دېگەن سۆز، — قۇمارىسىكەنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك نۇرلىنىپ بوزاغۇنى ھەيران قالدۇردى.

— مۇھەممەد ئارسلانخان بۇغرا قاراخان بولسا، تاجۇتەخت قانداقمۇ بىز قارلۇقلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولىدۇ؟ — بوزاغۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەي يەنە سورىدى.

— مۇھەممەد ئارسلانخان ياشاندى. ئۇ بۇغرا قاراخان بولغاندىن كېيىن تەختنى ئوغلۇم ئىبراھىم تېگىنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، تەختكە ئوغلۇمنىڭ چىققىنى — مېنىڭ چىققىنىم، جۇملىدىن سىزنىڭمۇ چىققىنىڭ.

— ئەمدى چۈشەندىم. ئەگەر بۇ ئارزۇيىمىزغا يەتسەك، مەن ئالدى بىلەن ئاتام ئېسىلغان دارغا بەگيۇسۇپنى ئاسىمەن. خوتۇننى خانىشىمنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بېرىمەن، — بوزاغۇ ئورنىدىن تۇردى، — مەن چىقاي، يەنە ئېرىڭ ئۈستىمىزگە كىرىپ قالمىسۇن.

— شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، يۇسۇپ بىلەن بىللە ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ دارغا ئېسىلىدۇ، — قۇمارىسكە كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ ئاكىسىنى ئۇزىتىپ قويدى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

# قانغا بويالغان دەشت

## 1

ھېچكىمگە يۈز ـ خاتىر قىلماي، ئۆز يوسۇنى بىلەن ئۆتۈۋاتقان كۈن ـ ئايلارنى پادىشاھ ـ خاقانلارمۇ، ئالىم ـ دانىشمەنلەرمۇ، ئەۋلىيا ـ ماشايىخلارمۇ ئۆز قەسىر ـ كەپىلىرىدە توختىتىپ قالالمايدۇ. خۇدا ۋاقىتقا ئەنە شۇنداق ئەركىنلىك، خىسلەت ۋە ھېكمەتنى بېرىۋەتكەن.

كۈن ـ ئايلارنى يۇدۇپ ماڭغان يىللار كارۋىنى ئۆمۈر مەنزىلىنى ئىتتىك بېسىپ ئۆتىدۇ، ۋۇجۇد دەرىخىنىڭ سارغايغان ياپراقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تۆكىدۇ. ھەرقانداق كىشى مەغرۇر ياشلىقىدا ئۆمۈرۋايەت تۇرىۋەرمەيدۇ، قېرىلىقنىڭ جاپاسىنى تارتمايدىغان ئىنسان يوق.

بەگيۇسۇپ بۇ يىل ئۆمۈر شوتىسىنىڭ قىرىقىنچى بالدىقىغا دەسسەپ تۆۋەنگە قارىدى: ئوتتۇز ئالتىنچى بالداقتا چاي سۇنۇپ تۇرغان ئاقبىرانى، يىگىرمىنچى بالداقتا بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان بۇۋىئايىشەنى، ئون ئىككىنچى بالداقتا كىتاب ئوقۇۋاتقان بەگتۇرمىشنى كۆردى. يۇقىرىغا قاراپ ئاتمىشىنچى بالداقتا غەمگە چۆككەن سۇلايمان ئارسلانخاننى، يەتمىش ئىككىنچى بالداقتا دۇئا قىلىۋاتقان ئانىسى يابىرا ئاغىچىنى كۆردى. ئۇ يۇقىرى ـ تۆۋەن قاراپ، يەنە نۇرغۇن ياش ـ قېرىلارنى كۆردى. بەزىلەردىن سۆيۈنۈپ ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمدى، بەزىلەردىن يىرگىنىپ ۋۇجۇدى تىكەنلەشتى، بەزىلەردىن پەخىرلەندى،

بەزلەردىن نەپرەتلەندى. ئۇ ئۆمۈر دەپتىرىنى ۋاراقلاپ، تۆۋەندىكى مىسرالارغا كۆزى چۈشتى:

قوشۇلما يىتىنخورغا، بارما يېقىن،
ئۇنىڭكىم، تىلىدىن چىقار ئوت ـ چېقىن.

جاھان يىتىنىسىنى تىرەر يىتىنچى،
ئۇنىڭ سەن بېشىن كەس، ئايا مەرد ـ سېخىي①.

يەنە بىرنەچچە ۋاراقنى ئۆرۈپ بۇ مىسرالارنى ئوقۇدى:

كىشى ئەسلىگە ئىش ـ ھەرىكىتى گۇۋا،
ئىش ـ ھەرىكەت نەق ئولسا، ئەسلىي شۇ بولا.

كىم ئۇ ئەسلىي ياخشى، ئىش ـ ھەرىكىتى ئۇز؟
يامانىنىڭ ئەسلىيگە ئۆز خۇلقى گۇۋا ...②

ئوردا ئىشىكىدىن خىيالغا چۆمۈپ چىققان بەگيۇسۇپ بۇلاقبېشى مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى. كەينىدىن قارا كۇنلۇكنى ئۇنىڭ بېشىغا تۇتۇپ قەدەم باسقان مۇھاپىزەتچى خادىم ئادای «شۇنچە ئوچۇق ـ يورۇق يۇرىدىغان يۇغرۇش باشى بۇگۇن نېمە بولغاندۇ؟ ئەجەب غەمكىن كۆرۈنىدىغۇ، بىرەر ئىش بولدىمۇ يا؟» دەپ ئويلاپ سوراپ باقماقچى بولدى ـ يۇ، ھۆرمەتسىزلىك بولمىسۇن دەپ يالتىيىپ قالدى.

بەگيۇسۇپ ھىجرىيە 448 ـ يىلىنىڭ باش ئەتىيازدا③ بۇغرا قاراخاننىڭ پەرمانى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يۇغرۇش باشى بولغانىدى، يۇغرۇش باشى بولۇپ كېلىۋاتقان ئابدۇلۋاھىدبەگنى كىنگىتقا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

---

① ② «قۇتادغۇ بىلىك» 4212 ـ، 4213 ـ، 5810 ـ، 5811 ـ بېيىتلەر.
③ مىلادىيە 1056 ـ يىلى 2 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ.

ئۆچرىغانلىكى ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋال سوراپ، چاقچاقلىشىپ ماڭدىغان بەگيۈسۈپ مۆشۈ دەم يەردىن باش كۆتۈرمەي ئىتتىك كېتىۋاتاتتى. باھارنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلىدا بەقەسەم تونىنىڭ پەشلىرى قايرىلاتتى. ئوردا بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى يىقىن بولغاچقا ئاتلىق ياكى مەپىدە ماڭماي، پىيادە بېرىپ ـ كېلىشكە ئادەتلەنگەنىدى. ئوردا ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تار كوچىدىن ئۆتۈپ، كۆپ باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن چۈشۈپلا بۇلاقبېشى مەھەللىسىگە قەدەم باستى. تال دەرەخلىرى سايە تاشلىغان چوڭ ـ چوڭ بۇلاقلار، چۆرىسىنى يېشىل لەش باسقان كىچىك ـ كىچىك بۇلاقلار ماڭدامدا بىر ئۇچرايتتى. سۆگەت شاخلىرى بىخ چىقىرىشقا باشلىغانىدى.

كەچكى شەپەق نۇرىدا ھال رەڭگە كىرىپ بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاق كۆزلىرىگە زەن سېلىپ كېتىۋاتقان بەگيۈسۈپ: «قانداق قىلىش كېرەك؟ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقان مۇھەممەد ئارسلانخانغا قارشى چىقىش كېرەكمۇ ياكى سۇلايمان ئارسلانخانغا تەختنى بوشىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش كېرەكمۇ؟ خۇدا بىزنى ئۆزۈڭ توغرا يولغا باشلىغىن، ئەلدە قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىشىمىزغا نېسىپ قىلغىن» دەپ كۆڭلىدە ئىلتىجا قىلغان ھالدا، قورۇسىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ، شام ـ چىراغلار يېقىلغان ھويلىغا كىردى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەرھابا ئاتا، ــ قولىدىكى قىلىچنى دەرەخكە يۆلەپ قويۇپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن بەگتۇرمىش قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىلدى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، مەدرىسەدىن قاچان كەلدىڭ؟ ــ بەگيۈسۈپ ئوغلىنى باغرىغا تارتىپ بېشىنى سىلىدى.

شەمشادتەك بوي تارتىپ ئۆسۈۋاتقان بەگتۇرمىش ئورۇقلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بېشىدا بادام دوپپا، ئۇچىسىدا ئاق شايى كەمزۇل، پۇتىدا سەندەل كەش بار ئىدى. قارا كۆزلىرى، ئاقۇچ

چېھرى ئاتىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.
— ھېلى كېلىۋېدىم، سىلىنى ساقلىغاچ ھويلىدا قىلىچ ئۇرۇشنى، خەنجەر ئېتىشنى مەشىق قىلدىم.
— موماڭ ئىچكىرى ھويلىدىمۇ؟
— ھەئە ئاتا، سۇتۇق بۇغرانى بېقىپ ئولتۇرىدۇ.
— مەن موماڭنىڭ يېنىغا كىرەي. ئاپاڭغا ئېيتقىن، تاماقنى شۇ يەرگە ئېلىپ كىرسۇن.
— ماقۇل، ئاتا، — بەگتۇرمىش ھويلىنىڭ ئوڭ بۇلۇڭىدىكى چەللە - باراڭلىق ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.
بەگيۇسۇپ سەيناسىغا يازلىق گۈل تېرىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان دەل - دەرەخلىك ئىچكىرى ھويلىغا كىردى. دېرىزىدىن قاراپ، مومىسىنىڭ قۇچىقىدا تېپىرلاپ ئولتۇرغان ئوغۇل نەۋرىسىنى كۆردى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاپا، سىلىنى بۇ بەڭباش نەۋرەم ھارغۇزۇپ قويمىغاندۇ؟ مەن ئالاي، — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ ۋە قولىنى ئۇزارتىپ ئۇمتۇلگەن سۇتۇق بۇغرانى ئالدى.
— يامان بولۇپ كېتىپسەنغۇ، ساقلىمنى يۇلما، — سۇتۇق بۇغرا ساقالنى قويۇۋېتىپ ئۇنىڭ سەللىسىگە ئېسىلدى.
— ئاتا، ئات - تا ... — تىلى ئەمدىلەتىن چىقىشقا باشلىغان سۇتۇق بۇغرا بوۋىسىنىڭ سەللىسىنى تارتىپ چۇۋۇۋەتتى.
— بالام، كىيىملىرىنى مەينەت قىلىپ قويمىسۇن، ماڭا بەرسىلە، — يابىرا ئاغىچا ئەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئالدى، — چۈشتىن كېيىن ئوردىغا كېتىپ تۇرۇشلىرىغا بۇۋئايىشە ئېرى بىلەن كەپتىكەن. كۆيۈئوغلىمىز تاماقنى يەپلا ساچىيە مەدرىسەسىگە كەتتى.
— كۆيۈئوغلىمىز كېلىپتىكەنمۇ؟ — دېدى بەگيۇسۇپ ئويچان ھالدا، — كۆرۈشسەم بولۇپتىكەن، خەيرىيەت، يەنە پۇرسەت چىقار. بۇ كۆيۈئوغلۇمنىڭ پۈتۈن ئىشتىياقى ئاتىسىدەك ئالىپ سانغۇن بولۇشتا. قىزىم تاشقىرى ھويلىدىمۇ؟

— ئانىسىنىڭ قېشىدا تاماقتا قارىشىۋاتىدۇ، ئەتىمالىم.
— كۈيۈئوغلىمىز بوۋىسى بىلەن مومىسىغا ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ بۇزرۇكۋارلىرى ئۈچۈن قورغاندا كاتتا باغ ئەھيا قىلدى، ئابا. قۇدىمىز ئادامتوغرۇل، ئارازان ئانا قېرىغان چېغىدا ئاشۇ باغقا كۆچۈپ چىقىپ راھەتتە ئۆتۈۋاتىدۇ. سىلىنى بىر سەيلە قىلدۇرۇپ كىرگۈم بار ئىدى، ئەمما ... — بەگيۇسۇپ سۆزىنى توختىتىۋالدى. ئاندىن «شام نامىزىنى ئوقۇۋالاي» دەپ يان ئۆيگە چىقىپ كەتتى.
«بالام يۇسۇپكە نېمە بولغاندۇ؟ ھەرقاچان ئوردىدىن قايتىپ كەلسە قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈپ، ئۆي ئىچىنى خۇشاللىققا تولدۇرۇۋېتەتتى. بۈگۈن ئوماق نەۋرىسىنى ئەركىلىتىپمۇ قويمىدى، بىر ۋەقە بولغان چېغى ...» دەپ ئويلاپ سۈتتۇق بۇغرانى كۆرپىدە ياتقۇزۇپ قويغان يابىرا ئاغىچا جايناماز سېلىپ نامازغا تۇردى. سۈتتۇق بۇغرا «ئات ـ تا ... ـ تا ...» دېگىنىچە ئۆمىلەپ بېرىپ تەكچىگە ئېسىلىپلا قوپۇۋالدى، شام يېنىپ تۇرغان شامداننى كۆتۈرۈۋېلىپ ئوينىغىلى تۇرغاندا، بەگيۇسۇپ كىرىپ قولىدىن ئېلىۋالدى.
— يەنە شوخلۇق قىلغىلى تۇردۇڭمۇ قوزام، موماڭنىڭ نامىزىنى بۇزۇۋېتەي دەپسەن ـ ھە؟!
بەگيۇسۇپ ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت ـ سائادەت تىلەپ دۇئا قىلغان ئانا:
— بالام، كۆڭۈللىرى ئارامىدا ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟ غەمكىن كۆرۈنىدىلا، چىرايلىرىمۇ تۇتۇلۇپ قاپتۇ، — دېدى زەن سېلىپ قاراپ.
بەگيۇسۇپ ئانىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈندى.
— پېقىر ئوغۇللىرى يۇغرۇش باشى بولغان بۇ ئىككى يىلدىن بېرى مەملىكىتىمىز تىنچ كېلىۋاتاتتى، ئابا. ھېچ كۈتمىگەندە مۇھەممەد ئارسلانخان بويۇنتاۋلىق قىلىپ، بۇغرا قاراخانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئون تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ

ئوردۇكەنتكە كېلىشىپتۇ، بۇ خەۋەرنى چۈشتىن كېيىن ئوردىغا بېرىشىمىزغا، ئۈچتا تۇرۇشلۇق لەشكەرلىرىمىزنىڭ سۇباشى جەۋلانبەگ يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بەدەلئارت داۋىنىدىن ئېشىپ چۈشكەن مۇھەممەد ئارسلانخان لەشكەرلىرى بىلەن ئۈچ شەھرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆزىگە بەيئەت قىلغانلارنى ئامان قالدۇرۇپ، بەيئەت قىلمىغانلارنى قىرغىن قىپتۇ. جەۋلانبەگ سانغۇن ئازغىنا سىپاھلىرى بىلەن قېچىپ ئوردۇكەنتكە كېلىپتۇ. بۇغرا قاراخان ئىنىسىنىڭ بۇ ئاسىيلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ دەرھال تايانغۇلار ھەم دىۋانى ئارىزنىڭ كېڭىشىنى چاقىردى. مەن شۇ كېڭەشتىن كېلىشىم، شۇڭا كەچ قالدىم، ئابا. بۇغرا قاراخانىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى، يەلكەمگە تاغ يىقىلدى. مەن قانداقمۇ ئارامخۇدا ئولتۇرالاي!

— «يېغا كەلسە ياندىن، بالا كەلسە قېرىنداشتىن» دېگەن شۇ — دە. مۇھەممەد ئارسلانخانىنىڭ ئاكىسىغا قول كۆتۈرگىنى — ئەلگە مۇشت ئاتقىنى ئەمەسمۇ، بالام. خۇدايىم بۇغرا قاراخانىمىزغا كۈچ — قۇدرەت، خەلققە ئامانلىق ئاتا قىلغاي.

يابىرا ئاغىچا كۆز يېشى قىلىپ، سۇلايمان ئارسلانخان قۇزئوردۇغا بۇغرا قاراخان بولۇپ بارغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەسلىدى: ئۇ چاغدا رەيھانىدىنبەگ بار ئىدى. كېيىن قېينئاتا، قېيىنئانىسى، ئاندىن ئاتىسى، ئانىسى ئارقا — ئارقىدىن ۋاپات بولدى. ياتلىق قىلغان قىزلىرى بالىلىق بولدى. يىللار تېز ئۆتمەكتە، ئەل ئامان ياشىماقتا ئىدى. رەيھانىدىنبەگ ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتكەندە، چىرايىغا تۇزۇك قورۇق چۈشمىگەن يابىرانىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتتى. بەگتۇرمىش تۇغۇلۇپ بەگيۇسۇپ ئوغۇللۇق بولدى. يابىرا ئاغىچا چوڭ ئوغلى قايتا تۆرەلگەندەك شادلىققا چۆمدى. شادلىقنىڭ قايغۇسى، ۋىسالنىڭ ھىجرانى بار دېگەندەك، ئىنسابىتىن چىققان بويانقارنىڭ جەسىتى سىر دەرياسىدىن سۈزۈۋېلىندى. ئايسىلىگ يەتتە بالىسى

بىلەن تۇل قالدى. بۆرە تېگىن ئۆزىنى «تامغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتاپ، غەربىي قاراخانىيلار ئېلىنىڭ ئايرىلىپ چىققانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، بۇغرا قاراخانىنىڭ قەشقەرگە يۆتكىلىشى بىلەن ئۇلارمۇ قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىشتى. ياروق، ئايتمىشنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، كۆز يېشى ئەمدىلا توختىغان يابىرانى يەنە قايغۇغا غەرق قىلىۋەتتى. بۇۋىئايىشە ئېلىبەگكە ياتلىق بولغاندىن كېيىنمۇ كۆز يېشى توختىمىدى. قىز ئەۋرىسى نادىرە، ئوغۇل ئەۋرىسى جانپىدا تۇغۇلۇپ ئاندىن كۆز يېشى توختىدى. سۇتۇق بۇغرا تۇغۇلغاندا كېلىنى ئاقبىرانى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «قىزىم، ئوغۇل نەۋرەم تاق بولىسىمۇ، ئوغۇل ئەۋرەم قوش بولدى. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش. ئىلاھىم بىزنىڭ ئەۋلادىمىزنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەي» دەپ دۇئا قىلدى. تۇغۇلۇق ياتقان نەۋرىسى بۇۋىئايىشەگە ئالتۇن بىلەزۈكنى، كۆيۈئوغلى ئېلىبەگكە مەرھۇم ئېرىنىڭ كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى تەقدىم قىلدى. يىللار ئۆتمەكتە، ھايات شۇنداق داۋام قىلماقتا ئىدى ...

يابىرا ئاغىچا خىيالچان نەزىرىنى سۇتۇق بۇغرادىن يۈسۈپكە يۆتكىدى.

— كېڭەشتە نېمە گەپ - سۆزلەر بولۇندى، بالام؟

— بولۇنغان گەپ - سۆزلەر ناھايىتى كۆپ، ئابا، — يۈسۈپ ھە دەپ مومىسىنىڭ رومىلىغا ئېسىلىپ قوپماقچى بولغان سۇتۇق بۇغرانىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بەزى يۇغرۇش، ھاجىپ، سۇباشىلار: بىز ئاق كۆڭۈل، خەلقپەرۋەر بۇغرا قاراخانىمىزنى ھىمايە قىلىمىز، ئەمرىگە بويسۇنىمىز، تاجۇتەختنى مۇھەممەد ئارسلانخانغا تارتقۇزۇپ قويمايمىز، ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمىز، دېيىشتى. بەزىلىرى: تاجۇتەختنى دەپ قان تۆكۈش گۇناھ! مۇھەممەد ئارسلانخان بىلەن جەڭ قىلىش ئورنىغا سۆھبەتلىشىپ يارىشىپ ئۆتەيلى، دېيىشتى. يەنە بەزى دۆلەت ئەربابلىرى: مۇھەممەد ئارسلانخان ئون تۈمەن لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ،

هازىر ئوردۇكەنتتە ئاران ئۈچ تۈمەنلا سىپاھ بار، باشقا جايلاردىن سىپاھ يۆتكەپ كېلىشكە ئۈلگۈرەلمەيمىز. بۇنى بۇغرا قاراخانىمىز ئويلاپ كۆرۈپ ئاندىن پەرمان چۈشۈرسە، دېيىشتى.

بۇ دېگەنلىك — بۇغرا قاراخان تاجۇتەختىنى مۇھەممەد ئارسلانخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك، دېگەنلىك ئىدى. باشقا كۈن چۈشكەندە دوست - دۈشمەننى ھەقىقىي پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇغرا قاراخانىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئۇنىڭ دوست - دۈشمەنلىرى ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. مەن ئادەملەر توغرىسىدا يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم، ئاپا.

يابىرا ئاغىچا ئوغلىغا قاراپ كېتىپ ئۇھ تارتتى:

— رەھمەتلىك ئاتىلىرىمۇ ھەر قېتىم بىر مۈشكۈللۈككە دۇچ كەلگەندە، ئادەملەر توغرىسىدا يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم، دەيتتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئادەملەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى يېڭىلىنىۋەردى، ئەمما بىر خۇلاسىگە كېلەلمەيلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئادەمنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە، چۈشەنمەك راستلا تەس.

يۇسۇپ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن ئانىسىنىڭ قورۇق باسقان يۈزىگە سىرغىپ چۈشكەن ياشنى قولى بىلەن ئېرتىپ دېدى:

— دېگەنلىرى راست، ئاپا، ئادەمنى بىلمەك ئالەمنى بىلمەكتىنمۇ تەس. بىراق، بىر ئۇسۇل باركى، ئۇنىڭ بىلەن ئادەمنى بىلىش، چۈشىنىش، باھا بېرىش مۇمكىن. ماڭا بۇ ئۇسۇلنى ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئۆگەتتى، — يۇسۇپ قىرقىراپ يىغلىغان سۈتۈق بۇغرانى بەزلىدى، — قورسىقىڭ ئاچتىمۇ - ھە قوزام، سەل چىدا. قارا، ئاكاڭ كىردى، — ئۇ ئىشىكتىن كىرگەن بەگتۇرمىشقا سۈتۈق بۇغرانى بەردى، — بالام، ئۇكاڭنى ئانىسىغا ئاچىقىپ بەرگىن، — ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاپا، مەن دېگەن ئۇسۇل ئادەملەرنىڭ سۆزىگە، سالاپىتىگە ئەمەس، ھەرىكىتىگە قاراشتىن ئىبارەت.

— توغرا دېدىلە، بالام. ئاللاتائالا بەندىلىرىنى توۋا قىلىشقا،

راستچىل، سەممىسى بولۇشقا، پىكىر قىلىپ توغرا يولدا مېڭىشقا ئۈندىگەن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

— شۇنداق، ئابا. ئەمەل ـ ھەرىكەت ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى، قانداق نىيەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدۇرىدىغان ئەينەك. زالىملار ياۋۇزلۇقىنى چىرايلىق سۆز، يالغان كۆلكىسى بىلەن يوشۇرىدۇ. ئاسىيلار ئۆزىنىڭ مۇناپىقلىقىنى ھەممىشە ساداقىتىنى پەش قىلىش، قولتۇقتا كىرىۋېلىش بىلەن يوشۇرىدۇ. بۇنى بىر قاراپلا بىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇزاق ۋاقىت ئەستايىدىل كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرى ئەقىلنىڭ ئىككىنچى، ئۇچىنچى قاتلىمىغا يوشۇرۇقلۇق. ھالقىلىق پەيتلەردە، پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى يۈز بەرگەندە ئەقىلنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۇچىنچى قاتلىمىدىكى نىيەت ئاشكارىلىنىدۇ. مانا بۈگۈن بۇغرا قاراخان ۋە پۈتۈن ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈۋىدى، ساداقەتمەنلەرنىڭمۇ، ئاسىي ـ مۇناپىقلارنىڭمۇ نىيىتى ئاشكارىلاندى.

— بۇغرا قاراخان بۇنى بىلگەنمىدۇ، ئۇ قانداق قارار چىقاردى، بالام؟ — سورىدى ئەل غېمىدە قالغان يابىرا ئاغىچا بىلگۈسى كېلىپ.

— بۇغرا قاراخان، قارارىمنى ئەتە ئاڭلاڭلار، — دەپ تەختتىن چۈشۈپ، ھېچكىمگە قارىماي چىقىپ كەتتى. بۇرۇن بىلمىگەن بولسىمۇ، بۇ كېڭەشتە ئۆز يېنىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ نىيەت ـ مۇددىئاسىنى، قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىر ئاز چۈشەندى، دەپ قارايمەن. قارىغاندا، تاجۇتەختنى ئىنىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىغا كەلگەندەك قىلىدۇ، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشنى خالىمىغانلىقىدىن شۇنداق قارارغا كېلىشى مۇمكىن. بۇغرا قاراخانىمىز ھازىر ئېغىر بېسىم ئاستىدا، تەڭلىكتە قالدى.

— بالام، سىلى نېمە دېدىلە؟

— مەن، بۇغرا قاراخانىمىز ئادىل ۋە ئىنسابلىق پادىشاھ،

ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ ساداقەتمەن دوستى، دىنىنىڭ تەقۋا تەرغىباتچىسى، قوغدىغۇچىسى، مەرد ـ سېخىي، دانا پادىشاھ. مەملىكىتىمىز ئۇنىڭ ئادالىتىدە روناق تاپتى، ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقلاشتى. بىز ئۇنىڭغا سەمىمىي ـ سادىق بولۇپ، ئوردۇكەنتتىكى ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك ھەممىنى ئاستانىنى، سۇلايمان ئارسلانخاننى قوغداشقا، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشقا پەرمانبەردار قىلىشىمىز زۆرۈر، دېدىم.

ـــ ئوبدان دەپسىلە، بالام، ـــ يابىرا ئاغىچا داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەن كېلىنى، نەۋرىسىنى كۆرۈپ سۆزىنى توختىتىۋالدى.

ئاقىرا مۇھەببەت يالقۇنجاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن يۈسۈپكە تىكىلىپ، ئۇنىسىز سالام بەردى. سۈتۇق بۇغرانى كۆتۈرۈۋالغان بۇۋىئايىشە:

ـــ ئەسسالام ئاتا، بۈگۈن ئوردىدىن ئەجەب كەچ قايتتىلىغۇ، يوللىرىغا قاراپ كۆزۈم تۆت بولدى. سىلىنى بەك سېغىنىپ كەتكەندىم، ئاتا، سىلىمۇ نەۋرىلىرىنى سېغىنغانلا؟ ـــ دەپ كەلگىنىچە سۈتۇق بۇغرانى تۇتقۇزۇپ قويۇپ يېنىدا ئولتۇردى.

ـــ سېغىنىدىم، سېغىنمامدىغان قىزىم، بالىسىنى سېغىنمايدىغان ئاتا دۇنيادا يوق. نادىرە، جانىپىدا غوجام بالامنىمۇ شۇنداق كۆرگۈم كەلدى.

يۈسۈپ سۈتۇق بۇغرانى يېنىشلاپ سۆيۈپ گەپ باشلاي دەپ تۇرۇۋىدى، بەگتۇرمىش، نادىرە، جانىپىدا غوجام كىرىپ، داستىخاننى چۆرىدەپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشتى.

بەگيۈسۈپ سۆيۈنۈپ خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇشقان خوتۇنى، قىزى، ئوغلى، نەۋرىلىرىگە قاراپ «مۇشۇ تاپتا تۈمەنلىگەن ئائىلىلەردە ئاتا ـ ئانىلار بالىۋاقىلىرى بىلەن خۇددى مانا شۇنداق خۇرسەن ئولتۇرۇشقاندۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلمىسا بولاتتى. مۇھەممەد ئارسلانخان باستۇرۇپ كەلسە ئۇلار نېمە كۈنگە قالار؟ ...» دەپ ئويلاپ گېپى غىمقىدە بولدى. داستىخانغا قويۇلغان مەزە ـ گېزەكلەرگە ئېغىز تەگمەي چايلا

ئىچتى.

نەۋرىلىرى كەلسە مەمنۇن بولغىنىدىن مەسەل ـ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ، ھەممەيلەننى كۇلدۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ئېرىنىڭ شۇكلىشىپ قالغىنىغا ئاقىبىرا چىدالماي دېدى:

ـــ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلا بېگىم؟ سىلىنى دەپ قىزىم باللىرىنى ئېلىپ كەلگەندە خۇشال ئولتۇرسىلىچۇ، نېمە بولدى سىلىگە؟

يۇسۇپ جاۋاب بەرمەي خوتۇنىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ئەمما چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرمىدى، نەۋرىلىرىنى ئەركىلىتىپ قويۇپ جىمىپ قالدى.

مەيۈسلىنىپ قالغان ئاقىبىرا ئاشخانىغا چىقىپ، ئۆزى راسلىغان لەڭمەن①نى ئېلىپ كىردى.

يۇسۇپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئاشنىمۇ تۈزۈك يېمىدى. ئەل غېمى، جەڭ ۋەھىمىسى بىلەن بىئارام بولۇۋاتقان يۇسۇپنىڭ كۆڭلى تارتمىدى.

ـــ ئوردىدا تاماق يەپ كەلگەنىدىم، ـــ دەپ قويدى.

يابىرا ئانىلا ئوغلىنىڭ نېمە ئۈچۈن تاماق يېمىگەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ باللارنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلغۇسى يوق ئىدى.

داستىخان يىغىلدى. چوڭلار خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋالدى. قېيىنئانىسى، بالا ـ نەۋرىلىرى ئۆز خانىلىرىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاقىبىرا ئېرى بىلەن ئۆز ھۇجرىسىغا كىردى. ھەمىشە خۇشبۇي كېلىپ تۇرىدىغان راھەتبەخش بۇ ئۆيمۇ يۇسۇپنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىيالمىدى. زۇۋان سۈرمەي جىمىدە يېتىۋالدى. يوتقانغا كىرگەن ئاقىبىرا ئېرىنىڭ ئۈچىسىنى سىلىدى.

ـــ يۇغرۇش باشى، بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى ئۆزلىرىنى

---

① لەڭمەن ـــ قەدىمكى ئۇيغۇر تائامى. قاراخانىيلار دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار بۇ ئاشنى دەريا دولقۇنىغا ئوخشىتىپ «لەڭمەن» دەپ ئاتىغان.

ئوردىغا دەرھال كەلسۇن، دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ، — دېگەن ئادايىنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا كىرگەن بەگىيۇسۇپ ئۆندەرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كەمزۇل تونىنىڭ ئورنىغا دۇبۇلغا ــ ساۋۇت كىيىپ قىلىچىنى ئاستى، قولىغا شەمشىرىنى ئالدى.

— ئانىسى، ئەتىگىچە كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن، ئابامغا، باللارغا ئوبدان قاراڭ، — دەپ ئۆيدىن چىققىشىغا چېقىن چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يۇزىگە سوغۇق شامال ئۇرۇلدى.

## 2

يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئارامگاھ سارايىنىڭ دېرىزىلىرىگە تاراسلاپ ئۇرۇلاتتى. ئوردىدىن ھەرەمگە قايتماي ئۇدۇل مۇشۇ سارايغا كەلگەن سۇلايمان ئارسلانخان گىلەم ئۈستىدە ئۇياقتىن ــ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. روھى چۈشۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى.

«ۋادەرىخا، مەن ئىنىم مۇھەممەد ئارسلانخانغا نېمە يامانلىق قىلدىم ــ ھە! ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئورنىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنىدىمغۇ. لەشكەر تارتىپ ئۈستۈمگە باستۇرۇپ كەلگىنىدە قارا نىيەت بار، ئۇنى ئازدۇرغان ئادەممۇ بار! قارشىلاشسام قان تۆكۈلىدۇ، يۇرت ۋەيران بولىدۇ. قاراپ تۇرۇپ شۇنداق بولۇشقا يول قويسام ئاللا ئالدىدا گۇناھكار بولمامدىمەن؟ ... مېنىڭ جېنىمىز بولسا بىرىنىمۇ ئايىمايمىز، دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان بىرنەچچە ھاجىپ، يۇغرۇش، سۇباشىلار تۇنۇگۈنكى كېڭەشتە تەختنى بوشىتىپ بېرىشىمنى سايە قىلىشتى، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئون تۈمەن لەشكەر بىلەن كېلىۋاتقىنىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ مېنى قورقۇتماقچى بولۇشتى. لەنەت ئۇلارغا! قورقۇپ ئەمەس، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەختنى بوشىتىپ بېرىش قارارىغا كەلگىنىمنى بىلدۇرسەممۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئويلىغان خۇلاسىگە كېلىدۇ. بەگىيۇسۇپلا مېنى

چۈشىنىمدۇ. تەختنى بوشىتىپ بېرىشىمگە ئۇنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقى تونۇگۇنكى كېچىدىلا ئاشكارا بولدى. كەلسە نىمىدەپ مەسلىھەت بېرىدۇ، ئاڭلاپ ئاندىن بىر قارارغا كېلەي ...»

ئۇ تەختتىن چۈشۈپ، ئىشىك يېنىغا بېرىپ، يەنە ئارقىسىغا ياندى. كۈچىيىۋاتقان شامال يامغۇر تامچىلىرىنى دېرىزىگە تاراسلىتىپ ئۇراتتى. ئىشىكئاغىسى قۇلۇنبەگ ئاستا كىرىپ، بىر قانچە يۇغرۇش، سۇباشى، سانغۇنلارنىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلدى.

— كۈتۈپ تۇرسۇن، — دېدى سۇلايمان ئارسلانخان ئۇلارنىڭ ئاغزىغا كەلگەننى دەپ، كاللىسىنى قوچۇۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ.

«كەلگەنلەر كىملەردۇ؟ مېنى قورقۇتۇپ تەختنى تېزرەك بوشىتىپ بېرىشىمگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنمىدۇ؟ يا تەسەللى بېرىپ مېنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ ئالداش ئۈچۈن كەلگەنمىدۇ؟ زادى نېمە مۇددىئا ـ مەقسەت بىلەن كەلگەندۇ؟ ...»

ئىشىكئاغىسى قۇلۇنبەگ يەنە كىردى:

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، يۇغرۇش باشى كەلدى.

— كىرسۇن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى. چاقىرتقان ئىكەنلا، ھۇزۇرى ئالىيگە كېلىپ ئۆزلىرىنى مالال قىلمىغاندىمەن؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، يۇغرۇش باشى. بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتقان چاغدا، سىزدەك سەممىمي ـ ساداقەتمەن بىر ئادەمنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى خالاپ چاقىرتقانىدىم، ئولتۇرۇڭ.

بەگيۇسۇپ كۆرستا ئولتۇردى.

— ئالىيلىرى، تېخىچە ئۇخلىماپتىلا، ئۇيقۇ — تائاملار ئىچىدە ئېغىز بىلەن يېيىلمەيدىغان، تەن ھەممە تەرەپتىن قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ شېرىن تائام. باشقا تائاملارنى يېمەيمۇ ئادەم ئۆزرە

بولالايدۇ. ئەمما، ئۇيقۇدىن ئىبارەت بۇ لەززەت تائامنى يېمەي ئۆزە بولالمايدۇ. كىچىككىنە ئۇخلىۋالغان بولسىلا.

— يۇغرۇش باشى، ئىنىم قىلىچ يالىڭاچلاپ نەچچە تۈمەن لەشكەر بىلەن ئۇستۇمگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندا قانداقمۇ ئۇيقۇم كەلسۇن؟

ئۇنداق بولسا بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ، ئالىيلىرى؟ — بەگيۇسۇپ ئورنىدىن قوپۇپ سورىدى.

— ئولتۇرۇڭ، يۇغرۇش باشى، — بەگيۇسۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، سۇلايمان ئارسلانخان جاۋاب بەردى، — مەن بىر قارارغا كەلدىم.

— ئاڭلاشقا تەقەززامەن، ئالىيلىرى، — بەگيۇسۇپ قول قوۋۇشتۇردى.

— مەملىكەتنىڭ قانغا غەرق بولماسلىقى ئۈچۈن، تاجۇتەختىمنى ئىنىم مۇھەممەد ئارسلانخانغا بوشىتىپ بېرىش قارارىغا كەلدىم، يۇغرۇش باشى.

— بۇ قارارنى ئەھلى ۋەتەن قوللىمايدۇ، ئالىيلىرى.

— نېمىشقا؟

— بىر ئىشرەتخور نامەردنىڭ قولىدا ئازابلىنىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن.

— مېنىڭ ئىنىم نامەرد ئەمەس، ئالىپ سەركەردە، ئارسلانخان، — ئاچچىقلانغىنىدىن بۇغرا قاراخان تەختتىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئالىيلىرىدەك خەلقنىڭ دوستى، ئادالەتنىڭ ھامىيسى بولغان پەزىلەتلىك خاقان ئاكىسىغا قىلىچ كۆتۈرگىنى ئۈچۈن ئەھلى ۋەتەن ئۇنى نامەرد ھېسابلايدۇ.

سۇلايمان ئارسلانخان تەختتىن چۈشۈپ بەگيۇسۇپنىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى.

— دېمەك، بۇ قارارىمنى ئاقىلانە ئەمەس، دەپ بىلەمسىز؟

— شۇنداق ئالىيلىرى، بۇ قارار باھادىر بۇغرا قاراخاننىڭ

قارارى بولماي قاپتۇ، ئەلنىڭ كۈتكىنى بۇ ئەمەس ئىدى.
سۇلايمان ئارسلانخان قولىنى بىلىدىكى ئالتۇن كەمىرىگە ئۇزىتىپ بىردىن توختىۋالدى.
— ھە، بىلدىم. سىز شۇنچە نۇرغۇن لەشكەر باشلاپ كەلگەن ئىنىم بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ كەلگەن ئىكەنسىز ـ دە؟
— شۇنداق، ئالىيلىرى، تاجۇتەختلىرىنى تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن.
سۇلايمان ئارسلانخان تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.
— ئولتۇرۇڭ، يۇغرۇش باشى.
— ئالىيلىرى، قارارلىرىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئولتۇرۇش پىقىر ئۈچۈن نومۇس!
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، يۇغرۇش باشى؟ — تاتىرىپ كەتكەن سۇلايمان ئارسلانخان چاچراپ قوپتى.
بەگيۇسۇپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تەخت ئالدىغا كەلدى، يەكتىز بولۇپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى.
— ئالىيلىرى، بۇ شۇنداق دېگىنىمكى: مەملىكەتنى بىر نائىنساب زالىم ئىگىلىۋالسا، باج، ئالۋان ـ ياساقنى يىلسېرى كۆپەيتىپ، خەلقنى نامراتلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە ھەمىشە تەلۋىلىك بىلەن ئۆزى نەپ ئالىدىغان، كۆپكە زىيىنى تېگىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئاۋامنى مەجبۇرلايدۇ. راست گەپ قىلماي، ئۆزىنى ئاقىل، دانا كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى قارىغۇلارچە چوقۇنۇشقا زورلايدۇ. نەتىجىدە، مەملىكەت پۇقرالىرىنى قورقۇتۇپ، بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر ـ بىرى بىلەن ئۆچەكىشىدىغان، خۇشامەكچى، كاززاپ، يۈرەكسىز قىلىۋېتىدۇ. ئاياللارنى داپشاق، ئەرلەرنى قاششاق نادانلارغا، بىيىغانلارنى بېخىلغا، يوقسۇللارنى تەمەخور، قورقۇنچاقلا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بۇ تارىختا تەكرارلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئېچىنىشلىق ساۋاق! تاجۇتەختلىرىنى دۈشمەنگە تاشلاپ بەرسىلە، خەلقنىڭ ئۈمىد ـ ئىشەنچىنى يەرگە

ئۇرغان، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان بولمامدىلا؟
سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بېشى چۇشۇپ كەتتى.
ئىشىكئاغىسى يەنە كىرىپ:
— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، دىۋانخانىدا كۈتۈپ تۇرغانلار، ئۆزلىرىنىڭ تېزرەك قوبۇل قىلىشىنى بەجانىدىل ئۆتۈنۈۋاتىدۇ، — دېدى تېز چۆكۈپ.
— نېمە! دىۋانخانىدىكى كىم ئىكەن ئۇلار؟ — سۇلايمان ئارسلانخان ئاقارغان چېكىسىنى چاڭگاللاپ سورىدى.
ئىشىكئاغىسى ئورنىغا بەگيۇسۇپ جاۋاب بەردى:
— ئۇلۇغ ھاجىپ مۇھەممەد بارسغانى، شەيخۇلئىسلام نۇرىدىن داموللاھاجى، دىۋانبېگى ئىنالچۇق تېگىن، ئوردا بېگى بەگتۇتۇق، ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ كاشغەرىي، سۇباشى تۆمۈربۇقا نەسرىدىن، دەم ئېلىشقا چىققان چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل، جاندارلار باشى ئۇدمىش سانغۇن قاتارلىق خانلىق ۋە جامائەت ئەربابلىرى، خاقانىم.
— سىزمۇ بىلمىدىكەنسىزغۇ، ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئېيتمىدىڭىز؟ ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆزلەڭ.
بەگيۇسۇپ يەكتىز بولغىنىچە ئورنىدىن تۇرماستىن جاۋاب بەردى:
— قارارلىرىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەرلەندۇرمەكچى ئىدىم.
— ھىم ... مەن قارارىمنى ئۆزگەرتىشىم كېرەكمۇ زادى!؟ — سۇلايمان ئارسلانخان يامغۇر تامچىلىرى تاراسلاپ ئۇرۇلۇۋاتقان دېرىزىگە يېقىنلاپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. چېكىسىدىكى تومۇر كۆپۈپ چىقتى. بەگيۇسۇپ قەتئىي ھالدا دېدى:
— ئۆزگەرتىش كېرەكلا ئەمەس، ئىنتايىن زۆرۈر، ئالىيلىرى.
— خوش، مەن قارارىمنى قارشى تۇرۇشقا، جەڭ قىلىشقا ئۆزگەرتسەم، ئاقىۋىتى مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىشىچۇ؟ —

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ چىرايى ھەسرەتلىك تۇس ئالدى.

— تاجۇتەختنى ئىككى قوللاپ رەقىبىگە تۇتۇپ بېرىپ خورلانغاندىن مىڭ ياخشى، ئالىيلىرى. ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنىڭ كۈچىنى پەقەت قارشىلىق قىلىش، قۇربان بېرىش بىلەنلا نامايان قىلغىلى، ئەۋلادلارغا ئۈلگە تىكلىگىلى بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۇلارنى چاقىرىڭ، مەن قارارىمنى ئۆزگەرتتىم! — دېدى ئېغىر يۈكنى يەلكىسىدىن ئىرغىتىپ تاشلىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ قالغان سۇلايمان ئارسلانخان.

يۇسۇپ ئىتتىك چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، ئامان بولغايلا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — سۇلايمان ئارسلانخان ئادىتىنى بۇزۇپ بىر - بىرلەپ قول بېرىپ كۆرۈشتى، — ئولتۇرۇڭلار تەقسىرلەر.

— ئەمرلىرىنى ئادا قىلىشقا تەييارمىز، ئالىيلىرى! — ھەممىيلەن تەختنىڭ ئىككى يېنىدىكى كۇرسىلاردىن ئورۇن ئالدى. ئۇلار ئىچىدە چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل بىلەن سۇباشى تۆمۇربۇقا نەسرىدىننىڭ يېشى سەكسەندىن ئاشقان بولۇپ، چاچ - ساقاللىرى ئۇچىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. مەۋلانا ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ سەكسەنگە يېقىنلىشىپ قالغان، چاچ - ساقاللىرىغا ئاق سانجىلغان بولسىمۇ، ئۆزى ناھايىتى تىمەن ئىدى. ئۇ بۇرادىرى شەيخۇلئىسلامدىن كېيىنكى ئوردىدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ بۇغرا قاراخانغا مەدەت بەرگىلى كەلگەنىدى.

سۇلايمان ئارسلانخان تەختكە چىقىپ ئۆرە تۇرغىنىچە قارارىنى ئېلان قىلدى:

— تالاس، ئىسپىجاپ دىيارىنىڭ ئېلىكخانى مۇھەممەد ئارسلانخان ئون تۈمەن لەشكەر بىلەن ئوردۇكەنتكە باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ. مەن قاراخانىيلار ئېلىنىڭ بۇغرا قاراخانى سادادقەتمەن دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ،

ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى قوغداش ئۈچۈن، بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش قارارىغا كەلدىم !

— بۇغرا خانىمىزنىڭ قارارى دانادۇر !

— ھەققانىيەت، ئادالەت ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

— قاراخانىيلار ئېلىنىڭ تاجۇتەختىنى جان تىكىپ قوغدايمىز! — دەپ گۇرۇلدەپ كەتتى ۋەزىر - ۋۇزرالار.

— بۇ زۇلمەتلىك كېچىدە شېرىن ئۇيقۇدىن كېچىپ ماڭا ھەمنەپەس بولغىلى كەلگەنلەر كېڭەشتە مېنى ۋە تاجۇتەختىمنى قوغداش ئۈچۈن قەسەمياد قىلغانلار ئىكەن. تاجۇتەختتىن ۋاز كېچىشكە ئۈندىگەنلەرنىڭ بىرسىمۇ كەلمەپتۇ. بەلكىم چۈشىدە مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىۋاتقاندۇ. مەن قارارىمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاسىيلىق قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلارنى زىندانغا تاشلاشنى بۇغرۇش باشىغا بۇيرۇيمەن.

— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى ! — بەگيۇسۇپ ئورنىدىن تۇردى، — ئەمرلىرىنى دەرھال ئادا قىلىمەن !

— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، — دېدى ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، — ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى قوغداپ جەڭ قىلىش — بىھۇدە قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. جەڭدە كۆپ قان تۆكۈلىدۇ، جەڭ ئاخىرلاشسا قان تۆكۈلۈشمۇ توختايدۇ. ھالبۇكى، ھەققانىيەت ۋە ئادالەت تەقىب قىلىنغان مەملىكەتتە ھەر سائەت، ھەر كۈن قان تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. مەن بارلىق شاگىرتلىرىم بىلەن سىزگە نۆكەر بولۇپ، ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى قوغدىغۇچى جەڭگە ئاتلىناقچىمەن. مەغلۇپ بولساقمۇ ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى قوغدىغۇچى پىداكارلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، غەلىبە قىلغان دۈشمەنلىرىمىزنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويىمىز.

— بۆگۈ بىلگە ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزى بەرھەق، مەن ئۇدۇن

شاھلىرىنى يوقىتىش جېڭىگە قاتناشقان. ئالىيلىرىدەك ئادىل شاھنى قوغداشقا بۇ قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، — ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيگەن تۆمۈربۇقا نەسرىدىن گۈرزىنى چىڭ تۇتۇپ بۇغرا قاراخانغا ساداقىتىنى بىلدۈردى.

— پېقىر مەرھۇم ئاتىلىرى مەلىكۇل مەشرىقنىڭ مىڭبېگى مەن، بىللە جەڭ قىلىپ سامانىيلار شاھى مەئمۇن سۇلتاننى ئەسىر ئالغان چاغرىبېگى مەن، ھېلىمۇ جەڭ قىلىپ مۇھەممەد ئارسلانخانغا ئۆزۈمنى تونۇتۇپ قويالايمەن، — ئادامتوغرۇل ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، بۇغرا قاراخانغا باش ئەگدى.

ئۇلۇغ ھاجىپ مۇھەممەد بارسغانى تەزىم قىلىپ دېدى:

— ئالىيلىرى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت پادىشاھنىڭ ئىككى قانىتى. بۇ قاناتتىن ئايرىلغان پادىشاھ خەلقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، خەلقتىن ئايرىلغان پادىشاھ جاندىنمۇ ئايرىلىدۇ. ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى قوغداشتا بىز سىلى بىلەن بىللە، سىلىدىن ئايرىلمايمىز.

— ئادالەت بىزنىڭ زۇلپىقارىمىز، جاندىن ئايرىلسامۇ، بۇ زۇلپىقاردىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن جەڭ قىلىمەن! — دېدى شەيخۇلئىسلام نۇرىدىن داموللا ھاجى، — بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى پېقىرنى لەشكىرىي قازى قىلىپ بەلگىلەشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

سۇلايمان ئارسلانخان ياشانغان بۇ دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ سەمىمىيىتىدىن، پىداكار روھىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى، روھلاندى، ئىشەنچى كۈچەيدى. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن پەرمان جاكارلاپ، يەتتە سەركەردىنى يېڭىدىن سۇباشى قىلىپ تەيىنلىدى. ئوغلى — بالاساغۇن ئېلىكخانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخانغا، ئىنىسى پەرغانە دىيارىنىڭ ئېلىكخانى توغرۇل تېگىن مەھمۇد ئارسلانخانغا، كىنگىت، بارچۇق، ئالتاي، ئىدىقۇت دىيارلىرىنىڭ يابغۇ، ئارسلانخانلىرىغا چاپارمەن ماڭدۇردى. ئاستانىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشكە سۇباشى

تۆمۈربۇقا نەسرىدىنىنى، توسۇپ زەربە بەرگۈچى قىسىمغا چاغرىبەگ ئادامتوغرۇل سانغۇنىنى بەلگىلىدى. دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ جەڭ قىلىدىغان ئاساسلىق قىسىمغا ئۆزى بەگيۈسۈپ بىلەن قوماندانلىق قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۈدمىشنى چاپاۋۇل قىسىمنىڭ سۇباشى قىلىپ، دەرھال ئاتلىنىشقا ئەمر قىلدى.

## 3

قەشقەردە ئۈچ تۈمەن لەشكەر بار ئىدى. بۇنىڭ بىر تۈمەنى دۆلەتباغ ۋە ئەسكى ھىساردىكى قورغانلاردا، بىر تۈمەنى ئاتۇش ۋە مورتۇم① يېزىسىدىكى قورغانلاردا، بەش مىڭى ئوپالدىكى قورغاندا، بەش مىڭى ئوردا يېنىدىكى جانقورغاندا تۇراتتى.

بۇغرا قاراخانىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەرقايسى قورغانلاردىكى ئاساسلىق لەشكىرىي قىسىملار ئاتۇش مەشھەدكە بامدات نامىزىدىن يانغۇچە يىغىلىپ بولدى. ئۇلار مۇھەممەد ئارسلانخان قوشۇنلىرى قەيەردە ئۇچرىسا، شۇ يەردە توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندى. ئەڭ ئالدىدا قاراگىرغا مىنگەن ئۈدمىش سانغۇننىڭ چاپاۋۇل قىسمى، ئۇنىڭ كەينىدىن توقۇز قىزغۇچ ھال رەڭ تۇغنى كۆتۈرگەن ئەلەمدار بەگيۈسۈپ باشچىلىقىدىكى ۋەزىر، سۇباشىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇلايمان ئارسلانخان ماڭدى. لەشكەرلەرنىڭ باش ـ ئايىغى ئۈچ چاقىرىم يەرگە سوزۇلغانىدى. مارالبېشىنىڭ ئاچىلىغا ئاز قالغاندا، ئالدىدا كېتىۋاتقان ئۈدمىش سانغۇننىڭ ئۈچ مىڭ كىشىلىك چاپاۋۇل قىسمىغا مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ بىر تۈمەن كىشىلىك چاپاۋۇل قىسمى دۇچ كەلدى. ئۈدمىش سۇلايمان ئارسلانخان يېتىپ

① مورتۇم — قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى كەنت. بۇ كەنتنىڭ جەنۇبىغا قاراخانىيلار دەۋرىدە بىر قورغان سېلىنغان بولۇپ، قورغاندا لەشكەر تۇرغان، كېيىن بۇ ئەتراپ قورغان دەپ ئاتالغان.

كەلگۈچە ئۈلارنى مۈشۈ يەردە توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولدى. ئۇ پۈتۈن قوشۇنى بىلەن تۈيۈقسىز چىققان بوراندەك شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى.

ئۇدمىش سانغۇن قولىغا گاھىدا قىلىچ، گاھىدا ئومۇت، گاھىدا نەيزە ئېلىپ، ئالدىدىن، ياندىن، كەينىدىن كەلگەن دۈشمەنلەرنى ئۇجۇقتۇرۇپ، يارىلاندۇرۇپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ چاپاۋۇللىرىمۇ ئاجايىپ پىداكارلىق بىلەن رەقىبلىرىگە ئېتىلدى. دۈشمەن چاپاۋۇل قىسمى بىردىن ئاتلىرىنى كەينىگە بۇراپ قاچتى.

— قوغلاڭلار! — ئۇدمىش قامچىسىنى شىلتىدى، تاشقا تەگكەن تۈياقلاردىن ئۇچقۇن چاچرىدى.

مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ بۇ چاپاۋۇللىرىغا ئاشانتۇتۇق ئىسىملىك ئۇيغۇر ئوغراق قەبىلىسىنىڭ چاۋلى بېگى① باشچىلىق قىلاتتى. ئۇ ناھايىتى قەيسەر، پاراسەتلىك سەركەردە بولۇپ، جەڭ قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئاز قوشۇن بىلەن كۆپ قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، ئالدام خالتىغا چۈشۈرۈپ مەغلۇپ قىلىش، قورشاپ ئەسىر ئېلىش، ھەيۋە بىلەن ئەل قىلىش قاتارلىق جەڭ ئۇسۇللىرى بىلەن كۆپ قېتىم غەلىبە قىلغان، قىتانلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئالىپ بولغانىدى.

رەقىبلىرىنى سۈر - توقاي قىلىپ قوغلاپ كېتىۋاتقان ئۇدمىشنىڭ ئۈچ مىڭ لەشكىرى ئۈچ تاغ② ئېغىزىغا قاپسىلىپ قورشاۋدا قالدى. دەھشەتلىك جەڭ گۈگۈم چۈشكۈچە داۋام قىلدى. ھەر تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلگەن ئاشانتۇتۇقنىڭ چاپاۋۇل قىسمىدىن مىڭ، ئۇدمىش قوشۇنىدىن بەش يۈز لەشكەر ئۆلدى. بىر توپ دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا قالغان ئۇدمىش قىلىچ ئۇرۇپ نەچچىسىنى ئاتتىن يىقىتتى، نەچچىسىنىڭ قۇلاق، قوللىرىنى چېپىپ تاشلىدى. ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىپ قالغان ئاشانتۇتۇق بىر

① چاۋلى بېگى — ھاكىمبەگ.

② ئۈچ تاغ — مارالبېشى ئاچىلىدىكى ئۈچ تاغ.

زەربە بىلەن ئۇنىڭ سول قولىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇدمىش بوينىغا گۈرزە تەگكەن ئىتى بىلەن تەڭلا يىقىلدى.

— ئۇنى ئۆلتۈرمەي، تۇتۇپ يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ئاشانتۇتۇق.

ئۇدمىشنىڭ بىر پۇتى ئۆلگەن ئات ئاستىدا قالغانىدى. بىرقانچە سىپاھ ئۇنى تارتىپ ئات ئاستىدىن چىقاردى.

— نېرى تۇرۇش ! — ئۇدمىش ئۇلارنى ئىتتىرىۋېتىپ دەس تۇردى. مۇرىسىدىن چېپىپ تاشلانغان قولى ئۆلۈك ئات يېنىدا قانغا مىلىنىپ تۇراتتى.

— داغلاڭلار! — ئاشانتۇتۇق سىپاھلىرىغا ئەمىر قىلدى. ئىككى نۆكەر كۆيۈپ چوغ بولغان توغراق ئوتۇنىنى ئېلىپ كەلدى. ئاشانتۇتۇق ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ۋىلىلداپ تۇرغان ئوتۇننى ئالدى.

— ماڭا بەر، ئۆزۈم داغلايمەن! — ئۇدمىش قول ئۇزارتتى، ئاشانتۇتۇق سەل تۇرۇۋېلىپ بەردى.

ئۇدمىش كۆزىنى يۇمۇپ چوغنى قان ئېقىپ تۇرغان يەرگە باستى. ئاغرىقتىن بېشى پىرىلداپ ئايلىنىپ، لېۋىنى شۇنداق قاتتىق چىشلىدىكى، مۇرىسىدىكى قان توختاپ، ئاغزىدىن ئېقىشقا باشلىدى. «خۇدا، دۈشمىنىم ئالدىدا يىقىتمىغىن» دەپ، ئۆزىگە قادالغان ئاشانتۇتۇققا ئەمەس، جەڭ قىلىۋاتقان لەشكەرلىرىگە قارىدى. ئوتتەك يانغان كۆزلىرى توساتتىن ئوغلى ئېلبەگكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئونلىغان دۈشمەن ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ قىلىچلاشماقتا ئىدى. ئۇدمىش بار ئاۋازى بىلەن:

— چاپ بالام ! ... ئايىماي چاپ! بېشىغا چاپ! بوينىغا ئۇر! ... چاپ! ئايىماي چاپ ! — دەپ توۋلىدى.

ئاتىسىنىڭ ئۇنىنى ئاڭلىغان ئېلبەگ ئۇنىڭغا قارايمەن دەپ بېشىنى بۇرىشىغا يەلكىسىگە قىلىچ تەگدى.

— ئوغلۇم، قەددىڭنى تىك تۇت! دۈشمەنگە بوي بەرمە! — دەپ

ۋارقىرىدى ئۇدمىش.

سەنتۇرۇلۇپ ئورنىدىن تۇرغان ئېلبەگ غولىدىن ئېقىۋاتقان قانغا قارىماي، يەنە ئىككى سىپاھىنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى، ئۆزىنىڭمۇ ئوڭ قولى چېپىپ تاشلاندى. ئۇ يىقىلىۋېتىپ قىلىچىنى يەنە بىر دۈشمەننىڭ قارنىغا تىقىۋەتتى.

ـــ رەھمەت، ئوغلۇم! ... ئاللا ساڭا جەننەت ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەي! ـــ دەپ توۋلىدى ئۇدمىش.

باياتىن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ئاشانتۇتۇق قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇدمىشنىڭ يۈزىدىكى سىم تورنى قايرىدى، سىنچىلاپ قاراپ:

ـــ سانغۇن، سىز كىم بولىسىز؟ تونۇغاندەك قىلدىم، لېكىن ئىسمىڭىزنى يادىمغا كەلتۈرەلمەيۋاتىمەن، ـــ دېدى.

ـــ سىزمۇ نىقابىڭىزنى ئېلىۋېتىڭ، ـــ دېدى ئۇدمىش ئاغرىقتىن پۈتۈن بەدىنى قىزىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوڭدىسىغا ياتقان ئېلبەگدە ئىدى.

ئاشانتۇتۇق سىم تورنى يۈزىدىن ئېلىۋەتتى. ئۇدمىش چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن بۇ سۇرلۇك ئادەمگە بىر پەس قاراپ ئاخىرى تونۇۋالدى:

ـــ سىز ئالىپ ئاشانتۇتۇققۇ، قىتانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا زەپەر قازىنىپ بىللە ئالىپ بولغانىدۇق.

ـــ ئۇنىڭغا قىرىق يىلدىن ئاشتى. ئۇ چاغلاردا يادىن ئاتقان ئوقنى يۈلتۈزغا تەگكۈزەلەيدىغان ياش يىگىت ئىدۇق. شۇدەم سىزنى ھېچ تونۇيالمايۋاتىمەن، چاچ ـ ساقاللىرىڭىز ئاقىرىپ قاپتۇ.

ـــ مەن ئۇدمىش، ئوبدان قاراڭ. قىتانلارنى يېڭىپ يىگىرمە يىلدىن كېيىن، بۇغرا قاراخانغا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەن ياباقۇلارنى تىنچىتىشقا مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ باشچىلىقىدا بىللە بارغان ئەمەسمىدۇق. ياباقۇلارنىڭ باش بۇغى بۆكە بۇدراچنى ئەسىر ئېلىپ كەلسەم، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ

بۇيرۇقى بىلەن سىز كاللىسىنى ئالغانىدىڭىزغۇ !

— ھە، راست، شۇنداق، ئەمدى تونۇدۇم. سىز چاغرىبەگ ئادامتوغرۇلنىڭ ئوغلى ئۇدمىش. توغرا، ئالىپ ئاتىلىپ بۇغرا قاراخانغا جاندار بولغانىدىڭىز، ماۋۇ تەقدىرنى كۆرۈڭ. بۇرۇن جەڭلەردە تەقدىرداش بولغان ئالىپلار، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىر - بىرىمىزگە قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپ جەڭگاھتا ئۇچرىشىپ قالدۇق، خۇدايا توۋا ... — دېدى ئاشانتۇتۇق.

— ئەمدى تونۇدىڭىز، سانغۇن، ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز، ئاۋۇ ئوغلۇمنىڭ جەسىتى ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىپ كەتمىسۇن. سىپاھلىرىڭىزغا بۇيرۇغان بولسىڭىز، ماۋۇ دۆمبەل ئۈستىگە ئاچىقىپ قويسا ئىكەن، — باغرى ئېچىشىپ كەتكەن ئاتا ئۈنىگدىن ئۆتۈندى.

ئاشانتۇتۇق سىپاھلىرىغا بۇيرۇپ ئېلبەگىنىڭ جەسىتىنى دۆمبەل ئۈستىگە قويدۇردى. ئۇدمىش كۆكسىگە نەيزە سانجىلىپ ئۆلگەن ئەلەمدارنىڭ قولىدىكى قاراخانىيلار ئېلىنىڭ توغىنى ئەكېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ياپتى.

— مەن «بۆرە ئويۇنى» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قاچقان بولۇپ سىزنى ئالدام خالتامغا چۈشۈردۈم.

— بۇنى بىلدىم، نامەرد ئىكەنسىز، — ئوغلىنىڭ جەسىتىگە قاراپ ئولتۇرغان ئۇدمىش زەردە قىلدى.

— مەن مەردلىك قىلىۋاتىمەن. سىزنىمۇ مەيلىڭىزگە قويۇپ بەردىم، ھايات قېلىشنى خالىمامسىز؟ — سورىدى ئاشانتۇتۇق قىلىچىنىڭ بىسىدىكى قاننى يالاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايىدا مەسخىرە كۈلكىسى بار ئىدى.

— كۆردىڭىز، ئوغلۇم ئەسىرگە چۈشۈشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپ، پېقىر ئاتىسىنى يەرگە قاراتمىدى، شۇڭا ياش تۆكمىدىم، سانغۇن. مەن ھەققانىيەت، ئادالەت ئۈچۈن، بۇغرا قاراخان ئۈچۈن، خەلقنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئۈچۈن نامەردلەر بىلەن جەڭ قىلدىم !

— شۇنداقمۇ، ئۇدمىش سانغۇن، — ئاشانتۇتۇق قىلىچىنى ئۇياق - بۇياققا ھەيۋە قىلىپ شىلتىدى، — قانخورلۇق قىلالىغان پادىشاھ، سانغۇنلار داڭق چىقىرالايدۇ. مەن شۇنىڭ ئۇچۇن جەڭگە ئامراق. مۇھەممەد ئارسلانخان ئالىيلىرى قاراخانىيلار ئېلىگە بۇغرا قاراخان بولسا بىزدەك سانغۇنلارنىڭ ئامىتى كېلىدۇ، جەڭگاھتا ياغ چاينايمىز، خوتۇنلىرىمىزنى يېڭىلايمىز. سىز ئەل بولۇڭ، گۇناھىڭىزنى ئارسلانخانىمىزدىن تىلەپ مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزەي.

— جۆيلۈمەڭ! سىز يوتقاندا ئەمەس، جەڭگاھتا ... — ئۇدمىش غەزەپلەنگىنىدىن چاچراپ تۇردى. ئاغرىق كۈچىيىپ «ۋاي ...» دەپ تولغاپ سالماسلىقى ئۇچۇن لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى.

— ئۇدمىش سانغۇن، — دېدى ئاشانتۇتۇق مۇلايىملىق بىلەن قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، — مۇھەممەد ئارسلانخان ئالىيلىرى ئاكىسى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان ماۋەرائۇننەھر، خارەزىم ئېلىنى، ئىدىقۇت دىيارىنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقچى. ئۇ غەيۇر، قولى ئۇچۇق، مەرد پادىشاھ، قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدۇ، سىزنى كەچۈرىدۇ. جەڭ قىلىشقان قوشۇنىڭىزغا بۇيرۇق بېرىڭ، قورالىنى تاشلاپ ئەل بولسۇن!

ئۇدمىش قىلىچىنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتقان ئوڭ قولىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

— مۇھەممەد ئارسلانخان بۇغرا قاراخانغا ئاسىيلىق قىلدى، ئادالەت، ھەققانىيەتتىن يۈز ئۆرۈدى! ئۇنىڭ قاراخانىيلار ئېلىنى بىرلىككە كەلتۈرىمەن دېگىنى يالغان، بۇغرا قاراخانلىق تەختىنى تارتىۋېلىپ، نامەرد، قانخور سانغۇنلارغا ئامەت كەلتۈرىدىغىنى راست! ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىمەن دەپ ئەھدە قىلغانمەن. سول قولۇمدىن، ئوغلۇمدىن، نۇرغۇن سىپاھلىرىمدىن ئايرىلدىم. ئوڭ قولۇمدىنمۇ، جېنىمدىنمۇ ئايرىلىشقا رازىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئۇ

ئاسىيغا ئەل بولۇپ، ساڭا ئوخشاش قارا يۈز بولۇپ ياشاشنى خالىمايمەن! — ئۇدمىش نەزىرىنى جەڭ قىلىۋاتقان قوشۇنلىرىغا قارىتىپ، — ئەزىمەتلەر، ئاسىي سىپاھلارغا ھەرگىز تەسلىم بولماڭلار! جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى.

— توختات سۆزۈڭنى! — قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى ئاشانتۇتۇق قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە سۇغۇرۇپ، — بىللە جەڭ قىلغان قېرىندىشىم ئىكەن، دەپ رەھىم قىلسام، ھەددىڭدىن ئېشىۋاتىسەنغۇ. ئاللىبۇرۇن ئەسىرگە چۈشكەن سانغۇن سەن. مۇشۇ تاپ قىلىچىمنى بىر شىلتىسام، بېشىڭ تېنىڭدىن جۇدا بولىدۇ. ياشاشنى خالىساڭ تىزلىنىپ مەندىن كەچۈرۈم سورا، قېنى تىزلان!

ئۇدمىش كۈلدى.

— قارا نىيەتلەر ھېچقاچان ئالىيجاناب، مەردانە بولالمىغان ئەمەس. سەنمۇ بىر نامەرد، تولا كۆرەڭلىمەي مەيدانغا چۈش!

ئاشانتۇتۇق قاقاھلاپ كۈلدى:

— كەل، ئارماندا قالما، تەلىيىڭنىڭ كاجلىقىنى ئۆزۈڭدىن كۆر، — ئۇ كۈچەپ قىلىچ ئۇردى، ئۇدمىش چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى. يۇلغۇن شېخىنى كېسىپ چۈشكەن قىلىچ يەرگە قادالدى.

— تەلىيىڭ ئانچە كاج ئەمەس ئوخشايدۇ، ساق قالدىڭ، ئەمدى نۆۋەت ساڭا، — ئىككى پۇتىنى كېرىپ بىر قولىدا قالقان، بىر قولىدا قىلىچ تۇتقان ئاشانتۇتۇق پىسەنت قىلمىغان ھالدا ھىجايدى.

ئۇدمىش قىلىچنى باش ئۇستىگە كۆتۈردى. ئاشانتۇتۇقنىڭ سول قولىغا چاپماقچى بولۇپ، بىر ئۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ قولىنى جەينىكىدىن ئۇزۇۋەتتى. ئاشانتۇتۇق ۋارقىرىمىدى. مۇھاپىزەتچىلىرى قىلىچ ـ نەيزىلىرى بىلەن ئۇدمىشنى قىيما ـ

چىيما قىلىۋەتمەكچى بولۇپ يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە:

— ئارقاڭغا قايتىش، بۇنىڭغا ئۆزۈم تېتىيمەن! — دەپ توسۇۋالدى.

مۇھاپىزەتچىلەر ئارقىغا يېنىشتى.

— دەرھال جەڭگە كىرىپ، سۇلايمان ئارسلانخان چاپاۋۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەسىرگە ئېلىش! قارشىلىق قىلغانلارنىڭ زۇۋانىنى ئۆچۈرۈش!

— خوپ، سانغۇن جانابلىرى! — ئۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ جەڭگاھقا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى.

ئاغرىقىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يۈزلىرى پۈرۈلۈپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەن ئاشانتۇتۇق چەتتىرەك يىقىپ قويۇلغان گۆلخاندىن ئوتۇن چوغىنى ئېلىپ، قان تامچىلاۋاتقان جەينىكىگە باستى. ۋارقىراپ سالماي دەپ لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. پىژىلداپ كۆيگەن جەينەك قارايدى، ئېقىۋاتقان قان توختىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بويۇن - بېشىدىن سۇدەك قۇيۇلۇۋاتقان تەر توختىمىدى.

— ئەمدى تەڭلەشتۇق، ئاشانتۇتۇق. جەڭدە چېپىۋەتكەن قانچە - قانچە ئادەملەرنىڭ ئاغرىق ئازابىنى قانداق تارتقانلىقىنى خۇدا بىزگە كۆرسەتتى. بۇ بىر بېشارەت، جەڭدىن قول ئۈزەي دېسەڭ — سىپاھىلىرىڭغا بۇيرۇق قىل، جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقسۇن!

ئۇدمىشنىڭ سۆزى تۈگىمەي، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قىلىچىنى قولىغا ئالغان ئاشانتۇتۇق ئۇنى چاپماقچى بولدى. ئۇدمىش ئۆزىنى قاچۇردى. ئاشانتۇتۇق بار كۈچى بىلەن قىلىچنى شىلتىپ، سەنتۈرۈلگىنىچە يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئەتراپتىكى سىپاھلار يوپۇرۇلۇپ كەلگىنىچە نەيزە سانجىپ، قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇدمىشنىڭ تېنىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى.

جەڭمۇ توختىدى. ئۇمۇ چاپاۋۇللىرىنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تىرىكلىرى ئەسىر چۈشتى.

## 4

كۈن پاتتى. كەچكى شەپەق چۆلدىكى يۇلغۇنلارنى قىزارتتى. قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتلەر تۈنىنىڭ غۇر - غۇر شامىلىدا قۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا يېتىپ كەلگەن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ لەشكەرلىرى قانغا بويالغان سايلىقتا توختىدى.

چاپاۋۇللاردىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشكىنىچە مۇھەممەد ئارسلانخان ئالدىدا تىزلانغان بوزاغۇ:

— ئۇلۇغ شاھىم، دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپتۇق، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلىپ بەر ئۆپتى، — غەلىبە قىپتۇق. ئاشانتۇتۇق سانىغۇن سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ چاپاۋۇل قىسىملىرىنى پۈتۈنلەي ئەسىر ئاپتۇ. ئەمدى ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ جەسەتلىرىنى جەڭگاھتىن ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلغاچ، سىپاھلىرىمىز ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالسۇن. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ سىپاھلىرىمۇ دەرمەھەل يېتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئۇلار ساي تېشىدىكى ياتقان ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتسۇن، كۈچ - قۇدرىتىمىزدىن تىترىسۇن، روھلىرى چۈشۈپ ئۇمىدى ئۈزۈلسۇن.

— دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيىپ، يۈزىگە سىم تور تارتقان بوزاغۇنىڭ كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك ئىدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان ئەھۋالنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بوزاغۇنىڭ تەلىپى بويىچە پەرمان چۈشۈردى. سىپاھلار جەڭگاھتىكى ئۆز ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرىنى يۇلغۇن، توغراقلىق ئىچىگە دەپنە قىلىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان بارگاھ قۇرغۇزمىدى، ۋەزىر -

ۋۇزرالىرى، جاندارلىرى بىلەن تـوغراقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە يوشۇرۇندى.
سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ لەشكەرلىرى خۇپتەندىن يانغان مەھەلدە يېتىپ كەلدى. ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا جەڭگاھتىكى جەسەتلەرنى كۆرۈشتى. بەزىلەرنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى، بەزىلەر ئېچىنىشىپ يىغلاشتى، بەزىلەر غەزەپكە كەلدى.
غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرى تىكىلەشكەن يۇسۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:
— بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى، قايغۇرۇپ ھەسرەت چېكىش بىلەن زىياننى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. قارىغاندا، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ سىپاھلىرى مۇشۇ ئەتراپتا يوشۇرۇنۇۋالغاندەك تۇرىدۇ. بىز دۈشمەن قورشىۋالغۇچە دەرھال چېكىنەيلى، بولمىسا تۇزاققا چۈشۈپ قالىمىز، — دېدى.
سۇلايمان ئارسلانخان باش ۋەزىرنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ دەررۇ بۇيرۇق بەردى.
— سۇباشىلار، سىپاھلىرىمىز ياردار ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ئېلىپ چاپسان ئارقىغا قايتسۇن!
سىپاھلار ئالدىراشلىق بىلەن ئارقىغا قايتىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ يوشۇرۇنغان لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپتىن قايساپ كېلىپ ئۇر - چاپ قىلىشقا كىرىشتى. قارا قۇيۇن كۆتۈرۈلگەندەك شىددەتلىك جەڭ باشلاندى.
تۇمەنلىگەن ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ جاراقشىغان ئاۋازى، ئوموت، گۈرزىلەرنىڭ تاراڭ - تۇرۇڭلىرى، يەر تېپىپ كىشنىگەن ئاتلارنىڭ ئاۋازلىرى، يارىلانغان، ئاتتىن يىقىلغانلارنىڭ قىيا - چىيالىرى قوشۇلۇپ، يەرۇئاسمان نالە قىلغاندەك گۈرۈلدەيتتى، زېمىن قانغا بويالدى.
بەگيۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ نۆكەرلىرىمۇ، چۇمۇلىدەك يامراپ كەتكەن دۈشمەن لەشكەرلىرى بىلەن قىلىچلىشىپ،

نەيزىلىشىپ، سەھەرگىچە بۇغرا قاراخانغا ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمىدى. نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ لەشكەرلىرى تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قورشاۋدا قالغان سىپاھلىرىنى توپ ـ توپى بىلەن ئەسىر ئېلىپ، تېخىمۇ غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇمنى كۈچەيتتى.

بەگيۈسۈپ بىر يۇلغۇن تۈۋىدە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان ئادامتوغرۇلنى كۆرۈپ «يارىلانغان بولسا كېرەك» دەپ ئېتىنى شۇ تەرەپكە چاپتۇردى. بىرقانچە مۇھاپىزەتچى نۆكەرلەرمۇ بىللە ئات سالدى. ئۇلار كەلگەندە تاغىقىغا نەيزە سانجىلغان بۇ قېرى سانغۇن قوللىرىنى سوزغىنىچە جىم ياتاتتى. بەگيۈسۈپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ تىنىقىنى تىڭشاپ، قۇربان بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئاپپاق ساقىلى قانغا مىلەنگەنىدى.

بەگيۈسۈپنىڭ ھەرياقتا تىكىلگەن كۆزى سەل نېرىدا پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىلگەن بىر جەسەتكە چۈشتى، بېرىپ سەپسېلىپ جەسەتنى تونۇدى. «ئۇدمىش ئاغام ...» دەپ نالە قىلدى ئۇ. ئاندىن يۈزىگە تۇغ يېپىلغان جەسەتنىڭ يېنىغا كەلدى، تۇغنى قايرىپ چۆچۈپ كەتتى، كۈيۈئوغلى ئېلبەگنى تونۇغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئاق مەشۇتتەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. بۇ ياش يىگىت ئۇخلاۋاتقاندەك شۇنداق چىرايلىق ياتاتتى. بەگيۈسۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «ئادامتوغرۇل بوۋام ئوغلى ۋە نەۋرىسىنىڭ يېنىغا كېلىۋېتىپ جان ئۈزۈپتىكەن ـ دە ... ئاھ، خۇدا! سەن كۆرۈپ تۇرغانسەن! ...» دەپ نالە قىلىپ ئۆزىنى زادىلا تۇتالماي قالدى. ئىككى كۆزى ئوقچۇپ تۇرغان بۇلاقتا ئايلاندى، يېشى يامغۇردەك تۆكۈلدى ...

ــــ مانا بۇ بۇغرا قاراخاننىڭ يۇغرۇش باشى بەگيۈسۈپ، تۇتۇۋالا! ــــ دېگەن قوپال ئاۋاز قۇلىقىغا كىرگەندە، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. كۆك چېقىر كۆز، سېرىق ساقال بىر ئادەم بېشىدا قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشىغا بېشىغا گۈرزە تېگىپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇنى ئۇرغان بوزاغۇ

ئىدى.

مۇھاپىزەتچىلەر بەگيۇسۇپنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشقان بولسىمۇ، ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمىدى. بەزىلىرى ئېغىر يارىلاندى، بەزىلىرى جېنىدىن ئايرىلدى.

يانپىشىغا نەيزە تېگىپ ئاتتىن يىقىلغان سۇلايمان ئارسلانخانمۇ ئەسىر چۈشتى.

بەگيۇسۇپ ھوشىغا كەلگەندە چەمبەرچاس باغلىنىۋېتىلگەنىدى. ئۇ سۇلايمان ئارسلانخاننى، لەشكىرىي قازى نۇرىدىن داموللا ھاجىنى، باشقا ۋەزىر ـ سەركەردىلەرنىمۇ باغلىنىۋېتىلگەن ھالدا كۆرۈپ ئىچىدە مۇناجات قىلدى:

«ۋادەرىخا ... بۇ بالا ـ قازا نېمە ئۈچۈن؟ ئادالەت، ھەققانىيەت ئۈستىدىن زالالەت ۋە جاھالەت غەلىبە قىلىپ كېتەرمۇ؟ خۇدا ئۆزۈڭ كۆرۈپ ـ بىلىپ تۇرۇپسەن، سەن ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى، زالىمنىڭ زۇلمىدىن خەلققە پاناھ تىلەيمەن ! ...»

## 5

قۇمارىبىكە تالاسقا كېلىپ، جاندارلار باشى بولغان ئاكىسى ۋە دوقاقبەگنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ھەرقايسى دىيار، ئايماقلاردىكى قىسماسكار قارلۇقلارنى ئۇيۇشتۇرۇشقا كىرىشكەنىدى. بىرنەچچە يىل ئىچىدە بىر زور يوشۇرۇن قورallىق كۈچنى بارلىققا كەلتۈردى. سۇلايمان ئارسلانخاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، مۇھەممەد ئارسلانخاننى تەختكە چىقىرىش ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئىدى. مۇشۇ تۈپەيلىدىن قۇمارىبىكەگە ئالدانغان مۇھەممەد ئارسلانخان ئۇلارنى قوللىدى، مەدەت بەردى. سىپاھلىرى ئون تۈمەنگە يەتكەندە قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەنىدى.

قۇمارىبىكەمۇ يۈزدىن ئارتۇق كېنىزەك ـ دېدەكلىرىنى

كەينىگە سىلىپ، بۇ زور قوشۇن بىلەن بىللە يولغا چىقتى. دۆبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ، چىلان تورۇقتا مىنگەن قۇمارىبىكە ناھايىتى روھلۇق بولۇپ، غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ چوڭ خوتۇنى ئالتۇن تارىم ئەردەنى خاتۇنمۇ بۇ لەشكەرلەر بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ نەچچە يىلدىن بېرى ئوغلى ھۈسەيىن ئارسلانخاننىڭ يېنىدا كۈتۈنۈپ كېلىۋاتاتتى، كېلىنى بۇۋىرابىيەدىن تولىمۇ رازى ئىدى. ئېرىنى رام قىلىۋالغان قۇمارىبىكەنى كۆرۈشكە كۆزى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭدىن نېرى تۇراي دەپ، بۇ ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىۋالغانىدى. بۇ قېتىم بويىدىن باغلاپ ئېلىپ ماڭغان كالىدەك ئىلاجسىز يولغا چىقتى. كۈندىشى قۇمارىبىكە بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى خالىماي، كېنىزەك، مۇلازىملىرى بىلەن چۈشكەن مەپىنى ئاستا ھەيدىتىپ ئارقىدىراق قالغانىدى. قارا بويۇنغا مىنگەن نەۋرىسى مەھمۇد تېگىن ئۇنىڭ يېنىدا كېلىۋاتاتتى. بۇ شاھزادە دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيمەستىن ئادەتتىكىچە كىيىنگەنىدى. شۇنچە كۆپ لەشكەر بىلەن قەشقەرگە كېتىۋاتقان بوۋىسىنى ئۇ ئانچە ياقتۇرمايتتى. تاغىسى بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخاننى بولسا خېلى ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنى ئىلىمنىڭ، ئىلىم ئەھلىنىڭ دوستى، ھىمايىچىسى دەپ بىلەتتى. قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشقا قوشۇلماي، بۇ توغرۇلۇق ئاتىسى ھۈسەيىن ئارسلانخانغا دەپمۇ كېيىنى يېگۈزەلمىگەنىدى. بوۋىسى ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن، «ئاكام بوشاڭ، ئەلەۋىيلەر①گە مەملىكىتىمىزنىڭ يېرىمىنى تارتقۇزۇپ قويدى. مەن تارتقۇزۇپ قويغان يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، ھەسەنىيلەر②نى قۇدرەت

---

① ئەلەۋىيلەر ــ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى نۇرئەلانۇر خېنىمنىڭ ئوغلى سېيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىنى سەئىد ئەۋلادى ۋە ھەقىقىي تەخت ۋارىسى دەپ ھېسابلايتتى.

② ھەسەنىيلەر ــ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ھارۇن ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، بۇلارمۇ ئۆزلىرىنى تەخت ۋارىسى دەپ بىلەتتى.

تاپتۇرمەن» دەپ مەھمۇد تېگىننى ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. «ئەگەر بوۋام ئەلۋىيلەر بىلەن ھەسەنىيلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرەلىسە ياخشى بولاتتى. بوۋام مەغرۇر، ئالدىراڭغۇ ئادەم، بۇ يۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن؟ جەڭ بولۇپ قالسا ھەرگىز جەڭگە كىرمەيمەن» دېگەن ئىرادىگە كېلىپ، مومىسى بىلەن ئانىسىنىڭ مەيلىرى ئارىلىقىدا يازماقچى بولۇۋاتقان كىتابى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۈچ تاغ ئېتىكىدە بولغان قانلىق جەڭگە قاتناشمىدى. قۇمارىبىكە ئۇنىڭ جەڭدە ئۆلۈشىنى ئارزۇ قىلىپ، بوزاغۇدىن پات – پات سوراپ تۇردى. مەھمۇد تېگىن جەڭگە قاتناشمىغىنى بىلەن، قېرىنداشلىرىنىڭ بىھۇدە ئۆلۈمىگە چىدىماي، پارىلانغان يۈرىكى نەيزە، قىلىچ تېگىپ يارىلانغانلاردىنمۇ بەكرەك ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان ۋە بەگيۈسۈپ، نۇرىدىن داموللا ھاجى قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، پەقەت چىداپ تۇرالمىدى. بۇ چاغقىچە تىزلىنىپ باقمىغان مەھمۇد تېگىن ئاتىسى ھۈسەيىن ئارسلانخاننىڭ ئالدىدا تىزلاندى:

— ئاتا، بۇ ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ بۇغرا قاراخاننى باغلاۋاتسا، بوۋام گەپ قىلماي قاراپ تۇرىدىغۇ. يۇغرۇش باشى بەگيۈسۈپ مەرىپەت كۆكىنىڭ چىراغى بۆگۈ بىلگە تۇرسا، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلساق خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ ئەلنىڭ ئىمامى شەيخۇلئىسلام نۇرىدىن داموللىغا يەتكەن ئازار بىزگە يەتمەسمۇ؟ ئاتا، ئۆتۈنۈپ قالاي، بوۋامغا دەپ ئۇلارنى باغلاقتىن خالاس قىلغايلا.

— بالام، ئوغلۇڭنىڭ تىزلىنىپ تەلەپ قىلىۋاتقىنى جەڭ قورالىمۇ ياكى بۇغرا قاراخاننىڭ گۇناھىنى تىلەشمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاق باش جەدە ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان مۇھەممەد ئارسلانخان.

ھۆسەيىن ئارسلانخان ئوغلىنىڭ تەلپىنى يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالغان بوزاغۇ مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ:

— ئۇلۇغ شاھىم، ھەزرەتلىرى نۇسرەت قازاندىلا. بۇغرا قاراخانلىق تەختىگە چىقمىۋالغان سۇلايمان ئارسلانخان مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭ يۇغرۇش باشى، سۇباشىلىرى، شەيخۇلئىسلامى، سانغۇنلىرى ئۆزى بىلەن بىللە ئەسىر ئېلىندى. بۇلار قەتل قىلىنمىسا، ئۇلۇغ مەقسەتلىرىگە يېتەلمەيدىلا. يىلاننىڭ بېشى ئۈزۈلمىسە، قۇيرۇقى جىم ياتمايدۇ. ئۇلار ھايات قالدۇرۇلسا، جايلاردىكى ۋە سىپاھلار ئارىسىدىكى ھەمنەپەسلىرى ئەلگە ئاراملىق بەرمەيدۇ. شاھىنشاھىم، ئوردۇكەنت دەرۋازىسىدىن كىرىشتىن بۇرۇن ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى زۆرۈر، دېدى ئەلتىجا قىلىپ.

— ئۇلۇغ ئەل باشى، مەملىكەت بېگى خاقانىم، — جەڭ لىباسى كىيىپ، يۈزىگە سىم تور تارتقان دوقاقبەگ بوزاغۇنىڭ يېنىدا تىز چۆكتى، — قەيسەر بەگ جانابلىرى ھەق گەپنى قىلدى. ئالىيلىرىنىڭ شۇنچە داغدۇغا بىلەن كېلىۋاتقانلىرىنى ئاڭلىغان سۇلايمان ئارسلانخان قىلىچىنى بويىنىغا ئېسىپ ئالدىلىرىغا چىقسا، تىزلىنىپ گۇناھىنى تىلىسە، سىلى ئەپۇ قىلسىلا، تاجۇتەختىنى تىنچ ـ ئامان ئۆتكۈزۈۋالسىلا بولاتتى. ئەمما، ئۇ لەشكەر تارتىپ چىقىپ يوللىرىنى توستى، نۇرغۇن سىپاھلىرىنى ئۆلتۈردى. ئۇنى قانداقمۇ كەچۈرگىلى بولسۇن! بۆگۈ بىلگە بولغان يۇغرۇش باشى بەگيۇسۇپنىڭ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئالىيلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا جۈرئەت قىلىشى ھەرگىز باش ئەگمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولساق ئالللىبۇرۇن قىيما ـ چىيما قىلىنۇەتكەن بولاتتى. شاھىم، بۇ توغرۇلۇق ئىككىلەنمىسىلە، دەرھال قەتل قىلىپ ئوردۇكەنتكە قاراپ يولغا چىقىشقا ئەمر قىلغايلا.

مۇھەممەد ئارسلانخان بىردەم ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخانغا،

بىردەم بوزاغۇ بىلەن دوقاقبەگكە كۆز يۇگۇرتۇپ، ئىغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، مەھمۇد تېگىن دەس تۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتتى.

— بوۋا، سەۋر قىلسىلا، ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ئاقىۋىتى باشقا چوماق بولىدىغان نادامەتلىك پۇشايمان بولىدۇ. ئالدىرىلىرىدىكى بۇ باغلانغان كىشى — سىلىنىڭ ئاكىلىرى، مەملىكەتنىڭ ئۇلۇغ خاقانى، بىزگە قانات يېيىپ كېلىۋاتقان بۇغرا قاراخان! ئېيتسىلا، باغرىلىرى تارتىشماي ئۆلتۈرۈشكە ئەمر قىلامدىلا؟ ئۇلۇغ تەڭرى كۆرۈپ تۇرسا، ئۇنىڭ قەھرىدىن قورقماي كىشى قارا بۆگۈ بىلگەنى ئۆلۈمگە بۇيرۇمدىلا؟ ئۆلارنى قەتل قىلىپ مەملىكەت ئەھلىگە، بۇغرا قاراخان جەمەتىگە قانداق جاۋاب بېرىدىلا؟

مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ قىزارغان كۆزلىرى، ئاق يوللۇق شايى تون كىيىپ، قارا جىيەكلىك سەككىز تالا بۆكىگە سەللە ئورالغان مەھمۇد تېگىنگە قادالدى - يۇ، ئاقىرىشقا باشلىغان ساقىلىنى سىقىملاپ تۇرۇپ قالدى.

— ئېلىكخان ئالىيلىرى، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، قارا نىيەت نامەردلەردىن ئەلگە زىيىنى تېگىدىغان شۇملۇق چىقىدۇكى، ئەلگە پايدىسى تېگىدىغان مەسلىھەت چىقمايدۇ. ئاكىلىرى بۇغرا قاراخان سۇلايمان ئارسلانخان ئالىيلىرى پەزىلەتلىك خاقان، نادانلىق - جاھالەتنىڭ دۈشمىنى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ دوستى! قاراخانىيلار ئېلى يىگىرمە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ شاھىنشاھلىقىدا ھەر جەھەتتىن روناق تاپتى. مانا شۇنداق بەرىكەتلىك تۇرمۇشتا ئېجىل - ئىناق ياشاۋاتقان خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىنى لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ بۇزۇۋەتتىلە، مەقسەتلىرى قان تۆكۈپ تەختكە چىقىش بولسا، مانا مېنى ئۆلتۈرسىلە. ئادىل، رەھىمدىل بۇغرا قاراخانىمىزغا بۇنداق زۇلۇم قىلمىسىلا. بوينۇم قىلىدا باغلاقلىق، ئاللادىن قورقمەنكى، ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، — دېدى بەگيۇسۇپ

كۆكرىكىنى كېرىگەن هالدا ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ. ئۇ مەھمۇد تېگىنگە بېشىنى ئېگىپ ئۈنسىز سالام بەردى.

— بەس ! يۇغرۇش باشى، مەن تىلىكىڭىزگە يەتكۈزەي، جاللات ! — ۋارقىرىدى مۇھەممەد ئارسلانخان ئاتتىن سەل كۆتۈرۈلۈپ.

— لەببەي، — يۈزلىرىگە قارا نىقاب تارتىپ، قىزىل تون كىيگەن ئىككى جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تىزلاندى.

— قايسى گۇناھكارنىڭ بېشىنى كېسىمىز؟

مەپىنىڭ پەردىسىنى سەل قايرىپ كۆز سالغان قۇمارىبىكەنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. بوزاغۇ، دوقاقبەگ بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى.

— بوۋا! — مەھمۇد تېگىن ئىلتىجا قىلىپ، مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ جاللاتلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈشىگە ئىمكانىيەت بەرمىدى، — بۆگۈ بىلگە يۇغرۇش باشى ھەق گەپنى قىلسا ئۆلۈمگە بۇيرۇمدىلا؟ ئاكىلىرى بۇغرا قاراخاندىن تەختنى تارتىۋېلىش ئۈچۈنلا ئۇنى ئۆلتۈرەمدىلا؟ «ئەلقىساسۇ مىنەلھەق» ئىكەنلىكى ئەسلىرىدىن چىقتىمۇ، بوۋا؟ قانغا بويالغان قىلىچلىرىنى ئەمدى قىنىغا سالسىلا! ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ، پاشىغىمۇ ئازارى يەتمەيدىغان ئالىملارنىڭ قاتىلى بولۇپ قالمىسىلا! راستىلا ئۆلتۈرمەكچى بولسىلا، ئاۋۋال پېقىرنىڭ بېشىنى تېنىمدىن جۇدا قىلسىلا! — بۆگۈ بىلگە مەھمۇد تېگىن بېشىنى يەرگە قويدى.

مۇھەممەد ئارسلانخان ئۇجۇقۇپ كەتتى. مەڭىز گۆشلىرى تارتىشىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. چىرايى قارىداپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى. ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلىدىغان باشقا بىر كىشىمۇ چىقمىدى.

— بۇلار ئوردۇكەنتكە ئېلىپ بېرىلىپ زىندانغا تاشلانسۇن ! — دەپ ئەمر قىلدى مۇھەممەد ئارسلانخان ئاخىرى زۇۋان سۈرۈپ.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — دوقاقبەگ، بوزاغۇ تەڭلا

پەرمانبەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تىزلاندى.

— دوقاقبەگ، قەيسەربەگ، سىلەر بەش تۈمەن لەشكەر بىلەن دەرھال ئاتلىنىپ، مەن بارغۇچە ئوردۇكەنتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ تۇرۇڭلار!

— ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرىمىز، ئالىيلىرى.

ئۇلار كەينىچە بىرقانچە قەدەم مېڭىپ، يەنە بىر قېتىم باش ئەگدى ـ دە، سۇلايمان ئارسلانخان، بەگيۈسۈپلەرنى ھارنۇغا سېلىپ مېڭىپ كېتىشتى.

مۇبادا، مەھمۇد تېگىن جاندىن كېچىپ خۇنخور پادىشاھنى توسۇمىغان بولسا، ئالەم بىر ئۇلۇغ ئالىمدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى.

مەھمۇد تېگىن:

— بوۋا، بېشى كېسىلگەن بىلەنمۇ ئەل قەلبىدە ئالىم ئۆلمەيدۇ. پۇت ـ قوللىرىنى باغلاش مۇمكىنكى، ئالىمنىڭ قاناتلانغان پىكرىنى باغلاش مۇمكىن ئەمەس! — دېدى ـ دە، بىرنەچچە قەدەم نېرىدا تىزگىن سىيرىپ تۇرغان قىزىل تورۇقنى مىنىپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

مۇھەممەد ئارسلانخان ئېغىز ئاچالماي، قاقىقان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. قۇمارىسىكە، بوزاغۇ باشچىلىقىدىكى مۇناپىقلار، رەزىل كۈچلەر خۇپىيانە پىلانلىغان سۇيىقەستلىك ئويۇننىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ جان تەسەددۇق قىلغان سان ـ ساناقسىز ئالىپ ـ سەركەردە، لەشكەرلەرنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولغان، قانغا بويالغان كەڭ دەشت ـ باياۋان ئاجايىپ ۋەھىمىلىك، سىرلىق تۇسكە كىرگەندى.

# يۇسۇپ خاس ھاجىپ (1) (رومان)

ئاپتورى: ھاجى مىرزاھىد كېرىمى
مەسئۇل مۇھەررىرى: بارىجان زەپەر
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت
رەسىمنى سىزغۇچى: ئابدۇكېرىم نەسىردىن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 24.75
نەشرى: 2015 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2015 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 17304 - 4
باھاسى: 67.00 يۈەن

رەسىمنى سىزغۇچى: ئابدۇكېرىم نەسىردىن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-17304-4
9 787228 173044 >
定价:67.00元